
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى


# چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى

چاقىلىق ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ۋاششەرى مەسچىتى



بازار



هۈنەر ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتقان
كەشتىچىلەر



مەشرەپ

# كىرىش سۆز I

سۈن يۈنشۈەن، سىدىق قادىر

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تارىخىدىكى تۇنجى تەزكىرە كىتابى — «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» بارلىققا كەلدى، بۇ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئەرزىيدىغان زور خۇشاللىق ئىش.

جايلار تەزكىرىسى — بىر جاينىڭ يۇرتنى ئىدارە قىلىشىدا ئەسقاتىدىغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ھۆججەت. سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە تۈزۈش — ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە ئىلھام بېرىدىغان، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەينەك قىلىپ، كېيىنكى ئىشلاردا ئىبرەت ئالىدىغان، ئەۋلادلارغا پايدا يەتكۈزۈدىغان بىر مۇھىم خىزمەت. چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقىدا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر ساھەدىكى سەرخىل قەلەمكەشلەرنىڭ بىرلىكتە ئەقىل - تەدبىر كۆرسىتىشى ۋە كۈچ چىقىرىشى، ئىرىشىپ ھەمكارلىشىشى، بىر نەچچە يىل جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى ئارقىسىدا ئاخىر خۇشاللىنارلىق نەتىجىگە ئېرىشتى. «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ نەشردىن چىقىشى ناھىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى زور نەتىجە. ئۇ، چاقىلىقنى تەتقىق قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىنى تەپسىلىي، ئەتراپلىق ماتېرىياللار بىلەن، يۇنىڭدىن كېيىنكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، سىياسەت - تەدبىر بەلگىلەش ئىشىنى ئىشەنچلىك تارىخىي ئۆرنەكلەر بىلەن، ھەر مىللەت ئاممىسىغا ئەنئەنە تەربىيىسى، سوتسىيالىزم تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش تەربىيىسى بېرىش ئىشىنى ياخشى دەرسلىك بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇ چاقىلىق رايونى ئېچىلىكنىڭ تېز يۈكسىلىشىدە ۋە سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغۇسى.

چاقىلىق تەكلىماكان چولڭ قۇملۇقىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، تارىخىي ئۇزۇن، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان تۈگۈن بولۇپ، تارىختىن بۇيان ھەربىي سەركەردىلەر جىددىي تالىشىپ كەلگەن ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي. مىلادىيىدىن 2000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا، «خۇاڭدى كۇئېنلۇن تېغىغا چىقتى»، «ياۋ كۆچمە قۇملۇقنى كەزدى، سەنمياۋ قەۋمىنى سەنۋېيگە كۆچۈرۈپ، غەربىي روڭلارنى ئۆزگەرتتى» دېگەن رىۋايەتلەر بولغان. چاقىلىق دائىرىسىدىكى قەدىمكى كىروران خارابىسى، قەدىمكى يىپەك يولى، لوپنۇر كۆلى، يارداڭلىق، ئالتۇنتاغ بىلەن كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرى ئارىلىقىدىكى ئېگىزلىك ئويمانلىقى قاتارلىقلار مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى جەلپ قىلىپ كەلگەن. ئەمما، كونا جۇڭگودا بۇ جايدا ياشىغان ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن كەمبەغەل، ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرگەندى، بوران - قۇم، قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن،

ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ۋە يوقسۇللۇق كېسەللىك قاتارلىق تەبىئىي ئاپەت ۋە بالا - قازالار ھەر مىللەت ئاممىسىنى چوڭقۇر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالدۇرغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چاقىلىقتا ئاسمان - زېمىن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، ھەر مىللەت ئاممىسى ئازادلىققا ئېرىشتى، شۇنىڭدىن كېيىنلا چاقىلىق زېمىنىدا كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان گۈزەل مەنزىرىلەر بارلىققا كەلدى. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىگىلىك تىكلەش كويى، كۈرەش كويى، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كويىنى ياڭرىتىپ، چاقىلىق تارىخىدا پارلاق يېڭى سەھىپە ئاچتى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چاقىلىقنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى، تۈرلۈك ئىشلار مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ قىياپىتى تۈپتىن ئۆزگەردى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يىلدىن - يىلغا ئۆستى، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا مول نەتىجىلەر يارىتىلدى. «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچى قىلىنىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرى تەتبىقلىنىپ، چاقىلىقنىڭ تارىخى ۋە رېئال قىياپىتى ئوبيېكتىپ ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلدى، ئۇ روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگومۇ بولمايتتى، جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ، دېگەن ھەقىقەت جانلىق ھەم توغرا بايانلار ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىلدى.

بىز چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسىنى تۈزۈش داۋامىدا ئاپتونوم رايون، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە چاقىلىق ناھىيىسىدىكى نۇرغۇن يولداشلارنىڭ ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ كۆپلىگەن ياردىمىگە مۇيەسسەر بولدۇق. «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ نەشردىن چىقىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلارغا ئېھتىرام بىلەن چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

1992 - يىل 5 - ئاي

---

ئىزاھ: بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورلىرى: سۇن يۇنشۇەن ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى؛ سىدىق قادىر چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى.

# كىرىش سۆز II

## سۇ بېيخەي

چاقىلىق ناھىيىسى ئاجايىپ بىر جاي، بۇ يەردە جۇڭگو تارىخى ۋە دۇنيا تارىخىنىڭ ئاجايىپ ئىزلىرى، كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك نۇرغۇن تەبىئىي مەنزىرىلەر بولۇپ، كىشىنى ئۆزىگە بەكمۇ جەلپ قىلىدۇ، ھەيران قالدۇرىدۇ ۋە تەلپۈندۈرىدۇ ھەم كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ، ھەم چەكسىز ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ سىرلىرى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى، ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ۋە ساياھەتچىلىرىنى بارغانسېرى قىزىقتۇرماقتا.

چاقىلىق ناھىيىسى ئاجايىپ چوڭ، ئۇ شەرقىي مېرىدىئان 45°86′ — 45°93′، شىمالىي پاراللېل 05°36′ — 23°41′ ئارىلىقىغا جايلاشقان، ناھىيە زېمىنىنىڭ شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 570 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 580 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 202 مىڭ 298.78 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 2 جىبجياڭ ئۆلكىسى ياكى 5 تىن ئارتۇق تەيۋەن ئۆلكىسى، 2 ۋېنگىرىيە دۆلىتى، 5 تىن ئارتۇق گوللاندىيە دۆلىتىنىڭ يەر كۆلىمىگە تەڭ كېلىدۇ. ناھىيىنىڭ 1985 - يىلدىكى نوپۇسى 26 مىڭ 852 كىشى بولۇپ، ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.13 ئادەم توغرا كېلىدۇ. چاقىلىق ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە يەر مەيدانى ئەڭ كەڭ، نوپۇس زىچلىقى ئەڭ تۆۋەن ناھىيە.

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان، شەرقتە گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى بىلەن، جەنۇبتا كۇئېنلۇن تېغى تىزمىلىرى ئارقىلىق شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربتە چەرچەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالدا لوپنۇر ناھىيىسى ۋە تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئالتۇنتاغ ناھىيە زېمىنىنى قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ناھىيىنى جەنۇبى بىلەن شىمالى ناھايىتى زور پەرقلىنىدىغان تۈزلەڭ رايون ۋە تاغلىق رايونغا بۆلۈۋەتكەن: شىمالىي قىسمى تارىم ۋادىسى، شەرقىي قىسمى لوپنۇر كۆلى ئويمانلىق قۇملۇقى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئومۇمەن 846 — 1200 مېتىر ئېگىز، ئەڭ تۆۋەن يېرى دېڭىز يۈزىدىن 780 مېتىر ئېگىز؛ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايون ئالتۇنتاغ بىلەن كۇئېنلۇن تېغى ھەم بۇ 2 تاغ ئارىلىقىدىكى بېكىنمە خاراكتېرلىك ئويمانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 4000 مېتىر كېلىدۇ. ئەڭ ئېگىز نۇقتىسى ناھىيە تەۋەسىدىكى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇز تاغ چوققىسى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 6973 مېتىر ئېگىز (7723 مېتىر ئېگىز دېگەن گەپمۇ بار). جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايون شىمالىي شىزاڭ ئېگىزلىكى بىلەن تۇتىشىپ، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى — ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى شەكىللەندۈرگەن.

چاقىلىق ناھىيىسى يەنە يىپەك يولىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيىتى پارلاق، دۇنياغا

مەشھۇر دۇنخۋاڭ مىڭ ئۆيلىرى، ئەنشى يۈلىن مىڭ ئۆيلىرى چاقىلىقنىڭ شەرقىي چېگرىسى بىلەن تۇتاشقان. قەدىمكى دۇنخۋاڭ جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ گۈللەنگەن، ئەڭ ئاۋات سودا شەھەرلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا مەدەنىيىتى ئەڭ پارلاق بىر مەرۋايىت ئىدى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ مەشھۇر 2 يىپەك يولى يەنى قاشقوۋۇقتىن غەربكە مېڭىپ، لوپنۇر كۆلى ئارقىلىق كۇسەندىن ئۆتىدىغان يول ۋە ياڭگۇەن (كونا قوۋۇق) قوۋۇقىدىن چىقىپ، پىشامشان (ھازىرقى چاقىلىق ناھىيە بازىرى) دىن ئۆتۈپ، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ غەربكە بارىدىغان يول چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ دائىرىسىدىن ئۆتەتتى. قەدىمكى زاماندا جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە دۇنيا ئەللىرى خەلقى يىپەكنى ئاساس قىلغان تۈرلۈك تاۋارلارنى ئايرىۋاشلاش ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر قانداق جاپا-مۇشەققەتلەرگە قارىماي، بۇ ئاجايىپ سېھىرلىك چاقىلىق زېمىنىنى تۆگىلىك كېزىشەتتى.

تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر ۋاڭ ۋېينىڭ «ياڭگۇەندىن چىقىپ غەربكە بارسام يوق ئىكەن قەدىناسلىرىم» («ۋېيچېڭ نەزمىسى») دېگەن مىسراسىدا دەل دۇنخۋاڭدىكى ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن چىقىپ غەربتىكى چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىگە، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرى ئاساس قىلىنغان رايونغا قەدەم قويغان چاغدىكى ئەھۋال ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قەدىمكى زاماندىكى چاقىلىقتا ساكلار، چاڭلار، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى، سوغدىلار كۆپ بولغان، ئەلۋەتتە خەنزۇلارمۇ خېلى بۇرۇنلا بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە يىپەك يولىدا قاتناشقان، بولۇپمۇ خەن دەۋرىدە نۇرغۇن خەنزۇلار چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى مىرەن، كىروران قاتارلىق جايلارغا كېلىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. شۇڭا بۇ يەردە خەنزۇ-زاڭزۇ تىل سىستېمىسى، ئالتاي تىل سىستېمىسى ۋە ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ھەر خىل مەدەنىيەت ئۆز ئارا سىڭىشىپ كەتكەن قەدىمكى مەدەنىيەت رايونى شەكىللەنگەن. كىروران، دۈرال، مىرەن، ۋاششەرى ۋە قوقەن قاتارلىق مەشھۇر قەدىمكى قەلئەلەرنىڭ تېپىلىشى، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4000 يىل بۇرۇنقى كىرورانلىق ئايالنىڭ قۇرۇق جەسىدىنىڭ قېزىۋېلىنىشى، كارۋشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر، قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر، قەدىمكى تىبەت يېزىقىدا بۇددا نوملىرى ئويۇلغان مىخلىغان تاش پارچىلىرىنىڭ تېپىلىشى چاقىلىقتا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، دىنى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشنى ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى، بۇ، دۇنيا ئىلىم-پەن ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. XX ئەسىرگە كەلگەندە، چاقىلىق ناھىيىسى دائىرىسىدە يەنىلا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ كەلدى. 1985-يىلى، پۈتۈن ناھىيىدىكى 26 مىڭ 852 كىشى ئىچىدە ئۇيغۇرلار 10 مىڭ 130 بولۇپ، %37.72نى، خەنزۇلار 16 مىڭ 189 بولۇپ، %60.29نى، خۇيزۇلار 449 بولۇپ، %1.67نى، باشقا مىللەتلەر 84 بولۇپ، %0.3نى ئىگىلىدى، ھازىر، چاقىلىق ناھىيىسىدە خەنزۇلار ئاساسەن مىرەندىكى 36-تۇەن ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانىغا مەركەزلەشكەن، كەڭ يېزىلاردا بولسا، يەنىلا ئۇيغۇرلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

چاقىلىقنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسىگە كەلسەك، ئۇ يەردىكى دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان نۇرغۇن ئاجايىپ تەبىئەت مەنزىرىلىرى ھەر قايسى ئەللەر ئالىملىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە، مەسىلەن، قۇملۇقتىكى دۇنياغا مەشھۇر لوپنۇر كۆلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تىلسىماتتەك ياردائىلىق، ئۆزگىرىشچان چەرچەن دەرياسىنىڭ ئايىقىدىكى تېتىما كۆلى، مەنزىرىسى ئاجايىپ چىرايلىق ۋە ھەرخىل ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان يالماۋۇز جىلغىسى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە ئاز ئۇچرايدىغان ئېگىز تاغ قوشماق كۆلى — كىت كۆلى، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000

مىتىردىن ئاشىدىغان دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز قۇمكۆل قۇملۇقى، تاغلىق رايوندىكى خىلمۇ خىل شەكىللەرنى ھاسىل قىلغان كارىستالىق يەر شەكلى، شۇنىڭدەك ئۈچ بۇلاق قاتار بىر سىزىقتا جايلاشقان ئېگىز تاغدىكى قۇمبۇلاق قاتارلىقلار. قۇملۇق، كۆل، بوستانلىق، ئېگىز تاغ ۋە ئوتلاقتىن تەركىپ تاپقان بۇ گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرى جۇڭگونىڭ ۋە دۇنيانىڭ تەبىئىي جۇغراپىيە غەزىنىسىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى. بۇ يەر جەزمەن دۇنيادا ئەڭ جەلپكار ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغۇسى.

لوپنۇر چۆلىدە، ئالتۇنتاغ بىلەن كوئېنلۇن تېغى ئارىلىقىدىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا توپ - توپ ياۋا تۆگە، ياۋا قوتاز، ياۋا ئېشەك، قوڭۇر ئېيىق، تىبەت بۆكىنى، ئارقار، تاغ تېكىسى، غاز بويۇن بۆكەنلەر چېپىپ يۈرىدۇ، كۆكتە نۇرغۇن ئەتىۋارلىق ئۇچار قاناتلار — قارا تۇرنا، قارا بويۇن تۇرنا، تىبەت ئۇلارى، پايپاقلىق ساتاز، سېرىق بۇركۈت، تاپ قۇشى، قارا گىرىق قارچۇغا، قارلىغاچسىمان لاچىن قاتارلىقلار پەرۋاز قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن قىممەتلىك ياۋا ئۆسۈملۈكلەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە سىلو ئائىلىسى، تېرىسكەن ئائىلىسى، قامراق ئائىلىسى، ئوبىرىزىيە ئوتى ئائىلىسى، مۇخ ئائىلىسى، غاز تاپان ئائىلىسى، لەيلە ئائىلىسى ۋە سېغىن چېچىكى ئائىلىسى قاتارلىقلارغا كىرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈملۈك توپلىرى ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا چاقىلىق ناھىيىسىنى «ھايۋاناتلار - ئۆسۈملۈكلەر پادىشاھلىقى، ئۇچار قاناتلارنىڭ جەننىتى» دېيىشكىمۇ بولىدۇ، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭلا مۇھىم بايلىقى بولۇپ قالماي، دۇنيادىكى ئىنسانىيەتنىڭمۇ مۇھىم بايلىقى بولۇپ، مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يەر - زېمىنى كەڭ، نوپۇسى ئاز، بولۇپمۇ ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىدىكى لوپنۇر دالىسى چۆلگە چۆل، قۇملۇقتا قۇملۇق تۇتىشىپ كەتكەندەك ئىنتايىن قاقاس بىر جاي. ئەمما، ئەمەلىيەتتە، ئۇ چەكسىز جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە تارىخىي چولڭ سەھنە ۋە تەبىئەت مۆزېيى، باشقا ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلاردا ۋە باشقا مەملىكەتلەردە بولمىغان ئەتىۋارلىق گۆھەر زېمىن.

بۇ جاي گۆھەر زېمىن بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا، باشقىلار ئۇنىڭغا قاراپ شۆلگەيلىرىنى ئاققۇزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر بىر جۇڭگولۇق پەرزەنتى ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدىشى لازىم.

كىشىنى ئەلپۇندۇرىدىغان بۇ گۆھەر زېمىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلدىلا جۇڭگو زېمىنىغا قوشۇلغانىدى، بىراق تارىختىكى بۆلگۈنچىلەر، بولۇپمۇ يېقىنقى زاماندىكى جاھانگىر تاجاۋۇزچىلار ھامان ئۇنىڭغا بۆزغۇنچىلىق قىلىشقا، تاجاۋۇز قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى.

بىز تارىخىي ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، بۇ گۆھەر زېمىننى قوغدىشىمىز ۋە ئېچىشىمىز لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، چاقىلىق يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگو تارىخىدا غەربىي يۇرتنى باشقۇرغان يىراقنى كۆرەر سىياسەتچى، ھەربىي ئالىملار چاقىلىقتىن ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىننى باشقۇرۇشقا ھەمىشە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلدىن بۇرۇن، غەربىي يۇرت تېخى جۇڭگو زېمىنىغا قوشۇلمىغان چاغدا، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇدى ھون ئاقسۆڭەكلىرىدىن غەربىي يۇرتتىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىننى تارتىۋېلىش ئۈچۈن (ئەينى ۋاقىتتا تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىنى ھونلار ئىگىلىۋالغانىدى، غەربىي تەرەپتە غەربىي يۇرتقا پەقەت قۇرۇقتاغ بىلەن ئالتۇنتاغ ئارىلىقىدىكى لوپنۇر كۆلى ۋە ئېتىما كۆلىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى يولدىنلا كىرگىلى بولاتتى)،

دۇنخۇاڭنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئاق ئەجدىھا قۇملۇقىنىڭ خەتەرلىك، مۇشەققەتلىك تەبىئىي مۇھىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالاھىدە ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر قوللانغان، «دۇنخۇاڭدىن غەربتىكى لوپنۇر كۆلىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئارىلاپ لەنگەر قۇرغان، بۇگۇر، چېدىرلاردا بىر نەچچە يۈز ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوزيەر ئاچتۇرغان، ئۇلارنى باشقۇرۇشقا ئەلچى چېرىكچى قويغان، شۇنىڭ بىلەن كېلىپ - كەتكۈچى ئەلچىلەرنى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلىگەن» («خەننامە» 96 - جىلدنىڭ 1 - قىسمى، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»نىڭ 1 - قىسمى). بۇ تەدبىرنى قوللىنىشتىكى مەقسەت مەلۇم ئارىلىقتا بىردىن ھەربىي قاراۋۇلخانا، ئىستىھكام قۇرۇپ، چۆل- باياۋاندا ترانسپورتنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. كىروراندىن غەربكە ئىلگىرىلەپ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدىغان بۇگۇر، چېدىر قاتارلىق جايلارنى تاللاپ بوزيەر ئۆزلەشتۈرگەندە، ھەم ئارمىيىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى تولۇقلىغىلى، ھەم ھەربىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرغىلى بولاتتى. كىروراننىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى يوللار راۋان بولسا ھەم ھەربىي تەمىنات بازىسى قۇرۇلسا، ھونلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئۈزلۈكسىز غەلىبە قازانغىلى بولاتتى. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىشتىكى بۇ بازىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، جاۋدى زامانىسىنىڭ يۈەنفېڭ 4 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى) فۇجيېزىنى ئەۋەتىپ، ھونلارغا مايىل بولغان كىروران پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىنىسى ۋېتوگىتىنى تەختكە چىقاردى، پادىشاھلىقنىڭ نامىنى پىشامشان دەپ ئۆزگەرتتى. ۋېتوگىت ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، خەن سۇلالىسىغا: «پادىشاھلىقىمىزدا مىرەن دېگەن شەھەر بار، ئۇنىڭ يەرلىرى مۇنبەت، مەنزىرىسى گۈزەل، خەن ئوردىسىنىڭ لەشكەر ئەۋەتىپ بوزيەر ئېچىپ ئاشلىق جۇغلىشىنى، بىزنى خەن سەلتەنەتىنىڭ ھىمايىتىگە سازاۋەر قىلىشىنى خالايمىز» دەپ تەكلىپ بەردى. «خەن سۇلالىسى بىر ئەمىرلەشكەر، 40 چېرىك ئەۋەتىپ، مىرەندە بوز يەر ئېچىپ، ئۇ يەرنى ساقلىدى، كېيىن ئۇ يەرگە كاھبەگ قويدى» («خەننامە» 96 - جىلدنىڭ 1 - قىسمى، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»نىڭ 1 -قىسمى). بۇنىڭدىن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچى قوشۇن كۆپەيگەندىلا، ئاندىن ئۇلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كاھبەگ قويۇلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

2 خەن سۇلالىسىنىڭ بىر نەچچە يۈز يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، كىروران، پىشامشان رايونلىرىدىكى لوپنۇر كۆلى، چاقىلىق دەرياسى، مىرەن دەرياسى، ۋاشئەرى دەرياسى ۋە چەرچەن دەرياسى ئەتراپىدىكى جايلار يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى، نوپۇس كۆپەيدى، ۋېي، جىن دەۋرلىرىگە كەلگەندە، پىشامشان ئەندىرە، نىيە قاتارلىق كىچىك بەگلىكلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، غەربىي يۇرتتىكى مۇھىم بېقىندى بەگلىككە ئايلاندى. يۈچۈەن يازغان «ۋېي پادىشاھلىقى تەدبىرلىرى. غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى»دە: «دۇنخۇاڭدىكى قاشقوۋۇقتىن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يول بۇرۇن 2 ئىدى، ھازىر 3 بولدى. قاشقوۋۇقتىن چىقىپ غەربكە مېڭىپ چاقىلىققا بارىدىغان، چاقىلىقتىن غەربكە بۇرۇلۇپ، پامىردىن ئۆتۈپ، شۇنىڭدۇ ئارقىلىق توخرىلار يۇرتىغا بارىدىغان يول جەنۇبىي يولدۇر. . . جەنۇبىي يول بىلەن غەربكە ماڭغاندا بارىدىغان چەرچەن، ئەندىرە، نىيە، كىروران بەگلىكلىرىنىڭ ھەممىسى پىشامشانغا بېقىناتتى» («ئۇچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» 30 - جىلد، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى نەشر قىلغان، تىنىش بەلگىلىرى قويۇلغان نۇسخىسى، 859 - بەت) دېيىلگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، يەرلەرنىڭ ئېچىلىشى، ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، چاقىلىق دەرياسى ۋادىسىدىكى پىشامشان بەگلىكىمۇ قۇدرەت تاپقان، ئاخىرى لوپنۇر كۆلىدىن مىرەن، ئەندىرە، نىيە ئەتراپىغىچە بولغان جايلاردىكى شەھەر

ۋە بەگلىكلەرنى يەنى بۈگۈنكى چاقىلىق دائىرىسىدىكى لوپنۇر كۆلى، مىرەن، چاقىلىق، ۋاششەرنى ھەم چەرچەن، نىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايوننى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، غەربىي يۇرتتا بىر چوڭ بەگلىك بولۇپ قالغان.

بىراق مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن لوپنۇر كۆلىنىڭ سۈيى كۆپلەپ ئازىيىپ كېتىپ، ئاخىرىدا كىروران شەھىرىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن، لوپنۇردىن ئۆتىدىغان ئوتتۇرا يىپەك يولىمۇ ئۈزۈلۈپ قالغان. بۇ ئاق ئەجدىھا قۇملۇقى دائىرىسىنىڭ كېڭىيىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن V ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن VI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئېفتالىتلار، جورجانلار ۋە قاڭقىللار ئوتتۇرا يىپەك يولىنى تالاشقاندا، ئاساسەن، تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن ئاراتۇرۇك رايوننى تالاشقان. شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى شۆەنۋۇدى — يۈەن كېنىڭ پەرمانىدا: «جۇرجانلار، ئېفتالىتلار ۋە تۇيغۇنلاردىن قاتنىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى قۇجۇدىن يول ئالغاي» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن لوپنۇر تەرەپتىكى يىپەك يولىنىڭ شۇ چاغدا توسۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

ئاق ئەجدىھا قۇملۇقى كېڭىيىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارىدىغان قاتناش قىيىن بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بىر ئۇچۇم بۆلگۈنچىلەرگە پايدىلىنىدىغان پۇرسەت تۇغۇلغان. تاڭ تەيزۇڭ (تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ خانى) زامانىسىنىڭ جېنگۈەن يىللىرىدا، قۇجۇ پادىشاھى كۈۋېنتاي بىر مەزگىل گۈللەنگەن كىروران يولىنىڭ توسۇلۇپ قالغانلىقىنى، جەنۇبىي يولنىمۇ كۆچمە قۇم بېسىۋېلىپ، قاتناش قىيىن بولۇپ قالغانلىقىنى، تۇرپان ئارقىلىق ماڭىدىغان يوللا ئەڭ ئاسان يول بولۇپ قالغانلىقىنى، بىراق قۇجۇدىن ئاراتۇرۇك، گۇاجۇ، جيۇچۈەن تەرەپلەرگە بارىدىغان يولنىڭ چۆل ۋە بىپايان قۇملۇقتىن ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، قاتناش شۇنچە قىيىن ئەھۋالدا تاڭ سۇلالىسى مېنى نېمە قىلالايتتى دەپ ھېسابلاپ، توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ. تاڭ تەيزۇڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال لەشكەر چىقىرىپ، بۆلگۈنچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىدۇ، خۇجۇنجى باشچىلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تۇرپان ئويمانلىقىغا يېتىپ كېلىپ، قۇجۇ سېپىلىگە تەھدىت سالىدۇ. كۈۋېنتاي «ئالاقزادە بولۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قالىدۇ ـ دە، كېسەللى قوزغىلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ» («كونا تاڭنامە» 198 ـ جىلد «غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى»).

بۇ تارىخىي ساۋاق كۈۋېنتاينىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھەدەپ بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا پېتىنالىشىغا قاتناشنىڭ توسۇلۇپ قالغانلىقى بىر مۇھىم سەۋەب بولغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تاڭ تەيزۇڭ ـ لى شىمىن كۈۋېنتاينىڭ بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، قۇجۇ دائىرىسىدە ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىپ، ئەمەلدارلارنى بىۋاستە تەيىنلەپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى يۈرگۈزگەن. تاڭ دەۋرىدە، غەربىي يۇرتتىن ئىچكى جايلارغا بارىدىغان چوڭ يولنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قۇجۇ، ئاراتۇرۇك رايونلىرىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي مۇئەسسەسلىرىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلىپلا قالماي، پىشامشان (ھازىرقى چاقىلىق) دائىرىسىدىكى شەھەر ـ بازارلارنىڭ قاتناش قۇرۇلۇشىغىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلگەن. چۈنكى كىروراندىكى يىپەك يولى توسۇلۇپ قالغاندىن كېيىن، دۇنخۇاڭدىكى ياڭگۈەن قوۋۇقىدىن پىشامشان (ھازىرقى چاقىلىق) غا بارىدىغان يىپەك يولى بەكمۇ مۇھىم بولۇپ، ئۇنىڭ راۋانلىقىنى ساقلاش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان.

سۇي دەۋرىدە، بۈگۈنكى چاقىلىق رايونىدا پىشامشان قورغىنى تەسىس قىلىنغان، كېيىن

سۇيى سۇلالىسىدا قالايمىقانچىلىق تۇغۇلغاچقا، شەھەر - قورغانلارمۇ خارابلاشقان، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خەلقمۇ تارقىلىپ كەتكەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 9 - يىلى (635 - يىلى) تۇيغۇنلار يىراققا كۆچۈپ كېتىپ، پىشامشان قۇرۇق قالغان. تاڭ تەيزۇڭ پىشامشان رايونىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن كاڭ يەندىيەننى بىر قىسىم سۇغدى ۋە ئۇيغۇرلارنى باشلاپ پىشامشان رايونىغا بېرىشقا بۇيرىغان. ئۇلار ئالدى بىلەن ۋاشەرى دەرياسى ۋادىسىدا ئورۇن تاللاپ، ۋاشەرى شەھىرىنى قۇرغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ شەھەر يېڭى شەھەر دەپ ئاتالغان، كېيىن ئۇلار كوناشەھەر ئەتراپىدا بىر نەچچە يېڭى شەھەر قۇرغان. كاڭ يەندىيەن بۇ يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تاش قەلئە باسقاق بېگى دەپ نام بېرىلگەن. يېڭى قۇرۇلغان شەھەر - قەلئەلەر شاجۇ ئايمىقىنىڭ قارمىقىدا بولغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى تاڭ تەيزۇڭنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشتا سىياسىي جەھەتتە يىراقنى كۆرەلىگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، ئۇ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان پەۋقۇلئاددە ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، باشتىن - ئاخىر پىشامشان، قۇجۇ ۋە ئۇۋىرغول قاتارلىق جايلاردا مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلغاندا، ئىچكى جايلارنىڭكىگە ئوخشاش ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىپ، ئەمەلدارلارنى ئۆزى بىۋاسىتە تەيىنلەپ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، بۇ يەرنى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم بازا قىلغان.

ئەمەلىيەتتە، تارىختا ئۆتكەن يىراقنى كۆرەر ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى نەزىرىنى ئالدى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى (يەنى چاقىلىق رايونى) ۋە تۇرپان، قۇمۇل ئويمانلىقلىرىنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشكە قاراتماي قالمىغان. بۇ رايونلاردىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلار مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلسا، قۇرۇلۇش تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، يوللار راۋان بولۇپ، ئاھالە مەلۇم ساندا مۇقىم بولسىلا، غەربىي يۇرتتىكى ھەر قانداق بۆلگۈنچىلىكنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمايتتى.

مىلادىيە X ئەسىردە، گۇاجۇ ۋە شاجۇ ئايماقلىرىدىكى ساۋ يىجىن باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمرانلار ئۇدۇن خانى ۋىسارا تەڭرىخان (لى شېڭتيەن) بىلەن قۇدىلىشىپ، ئۇدۇندىن پىشامشان ئارقىلىق شاجۇغا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇرغان. كېيىن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇن ھاكىمىيىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇمۇ چاقىلىق رايونىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارىدىغان يوللارغا ۋە شۇ يەرلەردىكى شەھەر - قەلئەلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ھازىرمۇ ۋاشەرى شەھىرى خارابىسىدىن قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تاپقىلى بولىدۇ.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، غەربىي يۇرتنى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىر تۇتاش باشقۇرغان. كېيىن قۇبلاي تەختكە چىققاندىن كېيىن، قايدۇ، باراق - دۇۋالار مەركەزنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىپ، ئۇزاق ۋاقىت توپىلاڭ قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇبلاي مۇناسىپ تەدبىر قوللانغان، بولۇپمۇ تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتكەن، سىياسىي ئەسلىھەلەرنى ياخشىلىغان، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بەرگەن ھەمدە ئۆتەڭ - راباتلارنى كۆپەيتىپ قۇرغان، مەسىلەن، يۈەن شىزۇ (يۈەن سۇلالىسىنىڭ شىزۇ خانى) زامانىسىنىڭ جىيۈەن 11 - يىلى (1274 - يىلى) خوتەن ۋە يەكەندە 12 دەريا ئۆتىڭى، شاجۇ ئايمىقىنىڭ شىمالىدا ئىككى قۇرۇقلۇق ئۆتىڭى قۇرغان، جىيۈەن 23 - يىلى (1286 - يىلى) يەنە لوپ، كەتەك، چەرچەن

ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئۆتەڭ قۇرغان، جىيۈەن 24 ـ يىلى (1287 ـ يىلى) «چەرچەندە بوزيەر ئېچىشنى يولغا قويغان». قۇبلاي مۇشۇ مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللانغانلىقى، ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، قايدۇ، دۇۋالارنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنلىرى سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان. يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ دادې 6 ـ يىلى (1302 ـ يىلى) توپىلاڭچى قوشۇنلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان، قايدۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن. يۈەن چېڭزۇڭ زامانىسىنىڭ دادې 10 ـ يىلى (1306ـ يىلى) چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن دۇۋا يۈەن سۇلالىسىغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغان. ناھايىتى روشەنكى، قۇبلاينىڭ غەربىي يۇرتتىكى تۈرلۈك ھەربىي، مەمۇرىي ئەسلىھەلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بولۇپ كەلگەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، دۇنخۇاڭدىن چاقىلىقچە ۋە كورلىدىن چاقىلىقچە بولغان يېشىل كارىدورنى ئېچىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى ھازىرقى تىكەنلىك ئەتراپىدا پىچان شەھىرىنى قۇرغان، ئۇ يەردە بوزيەر ئۆزلەشتۈرگەن ۋە ئەسكەر تۇرغۇزغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 25 ـ يىلى (1889 ـ يىلى) شىنپىڭ ناھىيىسىنى قۇرغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 29 ـ يىلى (1903 ـ يىلى) چاقىلىقنىڭ نايىب ھاكىمىنى ھاكىملىق دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە كورلىدىن چاقىلىققا بارىدىغان لىنىيىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 13 ئۆتەڭ قۇرغان، ئارغاندا ئۇياق بۇياققا ئۆتىدىغان يولۇچىلارنى توشۇيدىغان كېمىلەرنى تەييارلىغان.

مىنگو دەۋرىگە كەلگەندە، مىنگونىڭ 9 ـ يىلى (1920 ـ يىلى)، چاقىلىققا كېلىپ ـ كېتىدىغان يولۇچىلارنىڭ تولىسى سۇ يولى بىلەن كورلا، لوپنۇر ئارقىلىق چاقىلىققا بارغان. مىنگونىڭ 10 ـ يىلى (1921 ـ يىلى) (بەزىلەر مىنگونىڭ 14 ـ، 16 ـ يىللىرى دەيدۇ)، تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا سۇ ئۇلغىيىپ، كۆپلىگەن قۇم ـ لاتقىلار ئوتتۇرا ئېقىمغا تىنىپ، دەريا قىنىنى ئېگىزلىتىۋەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەريانىڭ 23 يېرىگە سۈنئىي توسما سېلىنغانلىقىدىن، تارىم دەرياسى يېڭى مەھەللە كەنتىگە كەلگەندە شىمالغا بۇرۇلۇپ كەتكەن، نەتىجىدە دەريا سۈيىنىڭ كۆپ قىسمى لاي دەرياسى ئارقىلىق كۆنچى دەرياسىغا قوشۇلۇپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلغان، ئازغىنا قىسمى چوڭ كۆل ئارقىلىق تىكەنلىك دەرياسىغا قۇيۇلغان. مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) چېن زۇڭچى ئەپەندى لوپنۇر كۆلىنىڭ كۆلىمىنىڭ 1900 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغانلىقىنى ئەمەلىي ئۆلچەپ چىققان (چېن زۇڭچى: «لوپنۇردىكى لوپ چۆلى ھەققىدە»، «جۇغراپىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 3 ـ جىلد 1 ـ سان، 1936 ـ يىل). شۇ چاغدا تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسىنىڭ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئېغىزىدىكى يىللىق سىرغىم مىقدارى تەخمىنەن 5 مىليارد كۇب مېتىر بولغان. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى سۇنىڭ كۆپ قىسمى لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلغاندىن كېيىن، تۆۋەن ئېقىمدىن چاقىلىققا بارىدىغان يېشىل كارىدوردا سۇ قىسلاپ، ئېغىر قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن، نۇرغۇن ئېتىزلار ئاق تاشلاپ قويۇلغان، نۇرغۇن چارۋا ماللار ئۆلۈپ كەتكەن، كۆپلىگەن كىشىلەر سەرگەردان بولۇپ باشقا يۇرتقا چىقىپ كەتكەن.

1949 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا سۇ ئېغىر دەرىجىدە قىس بولۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 1952 ـ يىلدىن ئېتىبارەن، لوپنۇر ناھىيىسى خەلقىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا

ئېقىمىدا بۇگۇر توغىنىنى ياساپ، تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى بۇرۇنقى ئىزىغا چۈشۈرۈپ، تىكەنلىكتىن ئۆتۈپ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئارغان دېگەن يېرىدىن تېتىما كۆلىگە قۇيۇلىدىغان قىلدى. شۇڭا 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1972 - يىلغىچە، داشىكۆل سۇ ئامبىرىنىڭ تۆۋىنىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى يەنە بىر قېتىم ئۈزۈلۈپ قالغىچە بولغان مەزگىل تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ياخشىلانغان مەزگىل (تەخمىنەن 20 يىلغا يېقىن) ئىدى. بۇ چاغدا، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا! كۆنچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسى تىنىما تۈزلەڭلىكلىرى قىسمەن شەكىللەنگەن، ئىككى دەريا ئوتتۇرىسىدا كەڭلىكى 20 — 40 كىلومېتىر كېلىدىغان كۆچمە ۋە يېرىم كۆچمە قۇم بارخانلىقلىرى پەيدا بولغان، چارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئاستىغا ئېروزىيىلەشكەن دەريا ئېقىمى شەكىللىنىپ، شەرقىي جەنۇبىي تەرەپكە قاراپ تار، ئۇزۇن كەتكەن تۈزلەڭلىك پەيدا بولغان، بۇ يەرنىڭ تۈزۈلۈشى تۈپتۈز بولۇپ، ئەگرى - بۈگرى ئېقىنلار، بويۇنتورۇقسىمان كۆللەر كۆپ بولغان. 1963 - يىلدىن بۇيان، تارىم دەرياسىدىن چارىغا ئاقىدىغان سۇنىڭ سىرغىم مىقدارى 1 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكەن. شۇ چاغدا چارا، تىكەنلىك سۇغىرىش رايونلىرىغا جەمئىي 210 — 350 مىليون كۇب مېتىر سۇ باشلىناتتى، تارىم دەرياسىنىڭ قالغان سۈيى ئارغان، لوپچاڭزىدىن ئۆتۈپ، يولبويى پارلانغان ۋە يەرگە سىڭگەندىن كېيىنمۇ يەنە تەخمىنەن 400 — 500 مىليون كۇب مېتىر سۇ تېتىما كۆلىگە قۇيۇلاتتى، لوپچاڭزا ئەتراپىدا يەنە سۇدىن كېمە بىلەن ئۆتكۈزۈش ئىشى يولغا قويۇلغانىدى. 60 - يىللاردا، ئارغان ئەتراپىدا دائىم ئون نەچچە قورۇ (جەمئىي 3000 دىن ئارتۇق) قوي بېقىلاتتى. تارىم دەرياسى بويىدىكى بەزى جايلاردا بىنەم يەرلەرمۇ بار ئىدى. يېشىل كارىدوردىكى توغراقلىق بۈك - باراقسان ئۆسكەن بولۇپ، گۈللەپ - ياشناپ تۇرغان مەنزىرە بارلىققا كەلگەنىدى.

تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى دېگىنىمىز، تارىم درياسىنىڭ چارا دېگەن يەردىن لوپچاڭزا ئەتراپىدىكى تارىم دەرياسى قۇيۇلىدىغان تېتىما كۆلىگىچە بولغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ يەردىكى ئاساسىي دەريا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 425 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسىي دەريا يولىدىن باشقا يەنە ناشىن دەرياسى، ئالا تارىم دەرياسى (چىۋىنكۆل دەرياسى، ئارغان دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بار، بۇ دەريالار ئارغانغا كەلگەندە بىر دەريا بولۇپ قوشۇلۇپ، تېتىما كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى يېشىل كارىدور دېيىلگەن يەر يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى تىنىما تۈزلەڭلىك رايونىغا ياتىدۇ، ئۇنىڭ يەر كۆلىمى 4240 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يېشىل كارىدورنىڭ شەرقىي قىسمى قۇرۇق قۇم تىنىمىسى — كۆل تىنىمىسىدىن تۈزۈلگەن تۈزلەڭ رايون بولۇپ، دائىرىسى 18 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇق قۇم قۇملۇقىنىڭ دائىرىسى 7340 كۋادرات كىلومېتىر. بۇ قۇملۇقنىڭ ئەتراپىدا يېرىم كۆچمە قۇملۇقلار، قۇم دۆۋىلىرى، قۇملۇق ئېدىرلار بار، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېگىزلىكى 15 — 20 مېتىر كېلىدىغان ھىلال ئاي شەكىللىك زەنجىرسىمان قۇملۇق ئېدىرلار زىچ جايلاشقان. قۇملۇقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى لوپنۇر كۆلى رايونى شامالدا يېمىرىلگەن كەڭ يارداڭلىق. يېشىل كارىدورنىڭ غەربىي قىسمى قۇم ئېدىرلىرىنىڭ تېگىدە قالغان قەدىمكى تارىم دەرياسىنىڭ تىنىما تۈزلەڭلىك رايونى بولۇپ، دائىرىسى 1480 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ جاي تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي كىچىك رايونى بولۇپ، ئېگىزلىكى 10 — 100 مېتىر كېلىدىغان ھىلال ئاي شەكىللىك زەنجىرسىمان قۇم ئېدىرلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان. چوڭ قۇم ئىدىرلىرى ئەتراپىغا يېرىم كۆچمە قۇم دۆۋىلىرى، قۇملۇق ئېدىرلار جايلاشقان. كارىدورنىڭ ئىچىدىمۇ كىچىك قۇملۇقلار بار. ھازىر بۇ يېشىل كارىدورنىڭ يۇقىرى قىسمى ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ 5 دېھقانچىلىق بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن-مەيدانىنى مەركەز قىلغان بوستانلىق رايون بولۇپ، ئورنى لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە. يېشىل

كارىدورىنىڭ چاقىلىق تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمى تەبىئىي توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق ۋە شورلۇق ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى ئۆسكەن تېتىما كۆلى شورتاڭ تۈزلەڭلىكىدىن ئىبارەت.

1950 ـ يىلدىن كېيىن، تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا تېرىقچىلىق ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەچكە، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى تېز ناچارلىشىپ كەتتى. بۇ، ئاساسەن، سۇ مەنبەسى ئازىيىپ كېتىش، بولۇپمۇ چاقىلىق ناھىيىسىگە قارايدىغان ئارغاننىڭ تۆۋىنىدە 1972 ـ يىلدىن كېيىن دەريا قۇرۇپ كېتىش، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ كېتىش، سۇنىڭ سۈپىتى ناچارلىشىپ، ئورمان ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى قۇرۇپ كېتىش، يەرلەرنىڭ قۇملىشىش دەرىجىسى ئېغىرلىشىپ كېتىشتە ئىپادىلەندى. چارا ۋە داشكۆلنىڭ سۇ رايى ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، تارىم دەرياسىنىڭ چارىغا ئاقىدىغان ئوتتۇرىچە سىرغىم مىقدارى 1963 ـ يىلدىن بۇرۇن 1 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر بولغان بولسا، 1974 ـ يىلى 500 مىليون كۇب مېتىرغا تۆۋەنلەپ، %59.24 ئازىيىپ كەتكەن، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا يەنىمۇ تۆۋەنلەپ، تەخمىنەن 350 مىليون كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالغان. داشكۆل سۇ ئامبىرىدىن 1964 ـ يىلدىن 1973 ـ يىلغىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 254 مىليون كۇب مېتىر سۇ چۈشۈرۈلگەن بولسا، 1974 ـ يىلغا كەلگەندە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن چۈشۈرۈلگەن سۇنىڭ مىقدارى 46 مىليون كۇب مېتىرغا تۆۋەنلەپ، %82 ئازىيىپ كەتكەن، تىكەنلىكنىڭ ئايىغىدىكى دەريا سۈيى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ، تۆۋەن ئېقىم رايونىدىكى چاقىلىق ناھىيىسى دائىرىسىدە يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، 50 ـ يىللاردىكى 3 — 5 مېتىردىن 6 — 11 مېتىرغا پەسلىگەن. توغراق، يۇلغۇن قاتارلىق تەبىئىي ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى زەئىپلىشىپ ۋە قۇرۇپ كەتكەن. كۆچلۈك شامالنىڭ يالىشى ئارقىسىدا، قۇم بېسىۋالغان يەر يۈزى تېز كېڭەيگەن. ئارغان رايونىدا، بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى كۆچمە قۇمنىڭ ھەرىكىتى ئاساسىي جەھەتتىن يوق ئىدى، 40 يىل ئىلگىرى بۇ يەر ياخشى ئوتلاق ئىدى، 1972 ـ يىلدىن كېيىن، يەرنىڭ قۇملىشىپ كېتىشى تېز كېڭەيگەن. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە، پاكار قۇم بارىخانلىرى يىلىغا 10 مېتىر سۈرئەتتە ئالغا سىلجىغان. لەنجۇ قۇم تەتقىقات ئورنىنىڭ ئارغاننىڭ جەنۇبىدىكى تېپىك رايونلاردا تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە، 1958 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە بولغان 20 يىلدا، چاتقاللىق قۇم دۆۋىلىرى بىلەن تۈز قۇملۇقنىڭ دائىرىسى %1.57تىن تارىيىپ %44گە چۈشۈپ قالغان، كۆچمە قۇم بارىخانلىرىنىڭ نىسبىتى بولسا %42.9 تىن كېڭىيىپ %56گە يەتكەن (لەنجۇ قۇملۇق تەتقىقات ئورنى: «جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرىنىڭ قۇملىشىش جەريانى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى رايونلاشتۇرۇش»، خەنزۇچە نەشرى 70 ـ بەت). بۇنىڭدىن قۇملىشىش ئەھۋالىنىڭ كۈچلۈك تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھازىر كورلا ـ چاقىلىق تاشيولىنىڭ چوڭ كۆلدىن لوپچاڭزىغىچە بولغان قىسمىدا، شامال سوقىدىغان تەرەپتىكى يول ياقىسى ۋە يول يۈزىنىڭ 110 يېرىدە تىلسىمان قۇم دۆۋىسى پەيدا بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئارغاننىڭ تۆۋىنىدىكى 95 يەردە قۇم دۆۋىلىنىپ قالغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر نەچچە مېتىر، بەزىلىرى نەچچە 10 مېتىر كېلىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىردىن ئاشىدۇ، بۇ، قۇمنىڭ يېشىل كارىدورغا ئېغىر تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. (سۈن رۇڭجاڭ، شيې شياڭفاڭ: «تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى يېشىل كارىدورنى قوغدايلى»، «شىنجاڭ جۇغراپىيىسى»نىڭ 1983 ـ يىل 1 ـ سانى).

مەن 1987 ـ يىل 9 ـ ئايدا، لوپچاڭزا، تېتىما كۆلى قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرگىلى باردىم. لوپچاڭزىدا ئادەم قالماپتۇ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تاملار ۋە قۇرۇپ كەتكەن چوڭ بىر پارچە توغراقلىقنىلا كۆردۈم. ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تېتىما كۆلىنىڭ سۈيىمۇ پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىپتۇ، كۆزۈمگە تۇتىشىپ كەتكەن قۇم ئېدىرلىرى ۋە كۆلنىڭ قىرغىقىدا ناھايىتى ئاز قالغان، قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان شالاڭ توغراقلارلا چېلىقتى. بۇ رېئاللىقنى كۆرۈپ، قاتتىق

بىئارام بولۇپ، خىيال سۈرۈپ كەتتىم، چۈنكى بۇ، تارىختا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇيان، تېتىما كۆلىنىڭ سۈيى قۇرۇپ باقمىغان، شىمالىي پاراللېل 40 — 41 ئارىلىقىغا جايلاشقان لوپنۇر كۆلىنىڭ سۈيى بىر نەچچە مىڭ يىللىق تارىختا بەزىدە كۆپەيگەن، بەزىدە ئازايغان بولسىمۇ ئەمما پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتمىگەن. بۈگۈنكى كۈندىچۇ، بۇ ئىككى ئاتاقلىق كۆل پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىپتۇ، يەنى مىرەن دەرياسى ۋادىسىدىكى كىچىككىنە بىر پارچە بوستانلىقتىن باشقا، لوپنۇردىن چاقىلىققىچە بولغان 400 كىلومېتىر يولنىڭ شەرقىي تەرىپى پۈتۈنلەي قۇملۇق چۆلگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ، ئەگەر جىددىي تەدبىر كۆرۈلمىسە، قۇرۇق قۇم قۇملۇقى ناھايىتى تېز لا تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، يېشىل كارىدورنىڭ راۋانلىقىنى ساقلاش ۋە تۆۋەن ئېقىمىدىكى بوستانلىقنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش بىر تەخىرسىز ۋەزىپە، سەل قاراشقا بولمايدىغان جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى.

2000 نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان، يەر كۆلىمى 200 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان چاقىلىق ناھىيىسى تارىختا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەنىدى، بۇ ئارىلىقتا چاقىلىقتىن كورلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يېشىل كارىدور مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ھازىر سوتسىيالىستىك يېڭى چاقىلىق قۇرۇش جەريانىدىمۇ يېشىل كارىدورنىڭ راۋانلىقىنى ساقلاش يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. ئەمما تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ سۇ مەنبەسىنى بىرلا چاقىلىق ناھىيىسىگە تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇش، يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئورۇنلار سۇنى پىلانلىق ئىشلىتىش، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى سۇ مىقدارىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى خالىغانچە كېڭەيتمەسلىك، تۆۋەن ئېقىمىدىكى يېشىل كارىدورنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى ئىمكانقەدەر قاندۇرۇش كېرەك.

«چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى يېزىش خىزمىتى چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى باش مۇھەررىر لى شۈاڭچېڭ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر سۇڭ جيەنۋېي ۋە ئۇلارنىڭ باشقا خىزمەتداشلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ناھايىتى زور نەتىجىگە ئېرىشتى، بىر نەچچە يىل جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىسىدا، «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئاخىر كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى، بۇ خۇشاللىنارلىق ئىش. ئۇلار يېزىش جەريانىدا، بۇ كەڭ زېمىندا كۆپ تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. كۆپ جاپا چەكتى. تەزكىرە كىتابىدا چاقىلىق رايونىنىڭ تارىخى ۋە رېئال ئەھۋالى، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن بايان قىلىنىدى، ئۇنىڭغا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا تېپىلغان ۋە يېڭىدىن بايقالغان ھەرخىل ماتېرىياللارمۇ كىرگۈزۈلدى. ئادەم قىس ئەھۋالدا، 700 مىڭ خەتلىك چوڭ ئەسەرنى يېزىپ چىقىپ، جۇڭخۇا ئېلىنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىگە يېڭى ھۆسن قوشۇش، ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس. چاقىلىق ناھىيىسى دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرى تىكىلگەن گۆھەر جاي، «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ نەشر قىلىنىشى چاقىلىقنى ئېچىش، تەتقىق قىلىش ئىشىنى ناھايىتى ئىلمىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى، ئۇ چوقۇم چاقىلىق خەلقىنىڭ ۋە چاقىلىقنىڭ گۈللىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان يولداشلارنىڭ ئالقىشىغا، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا سازاۋەر بولىدۇ.

1992 - يىل 5 - ئاي

---

ئىزاھ: بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى: سۇ بېيخەي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى

# كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئۆلچەم قىلىنىپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەنگەن ھالدا خاتىرىلەندى.

2. «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، جۇغراپىيە، پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش، خەلق ئىشلىرى، ئەمگەك - كادىرلار، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە، ھەربىي ئىشلار، يېزا ئىگىلىكى، سۇچىلىق، سانائەت - قاتناش، پوچتا - تېلېگراف، شەھەر قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش، سودا، ئاشلىق - ياغ، ئىگىلىك باشقۇرۇش، مالىيە - باج، پۇل مۇئامىلە، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە، تەنتەربىيە، مەدەنىيەت - سەنئەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مەنزىرىلىك جايلار، نوپۇس، خەلق تۇرمۇشى، مىللەت، دىن، شىۋە، يېڭى ئىجتىمائىي كەيپىيات، شەخسلەر، قوشۇمچە ماتېرىيال قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە، جەمئىي 21 قىسىم، 68 باب، 217 پاراگرافقا بۆلۈندى ھەمدە 9 پارچە ماقالە قوشۇمچە قىلىندى.

3. «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە ژانىر جەھەتتە، ئاساسەن، بايان، خاتىرە، تەزكىرە، تەرجىمىھال، خەرىتە، جەدۋەل، قوشۇمچە ماتېرىيالدىن ئىبارەت 7 خىل شەكىل قوللىنىلدى، قۇرۇلما جەھەتتە قىسىم، باب، پاراگراف، تارماقلارغا بۆلۈندى. باياندا ئاساسىي ئەھۋاللار ئومۇمىي جەھەتتىن بايان قىلىنىپ، مۇھىم مەزمۇنلار كۆرسىتىپ بېرىلدى؛ خاتىرىدە يىلنامە شەكلى ئاساس قىلىندى، ۋەقەنىڭ جەريانىنى تولۇق يېزىش شەكلى قوشۇمچە قىلىندى؛ تەزكىرىدە قەدىمكىسى بىلەن ھازىرقىسى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىلدى، تۈرلەر توغرا لىنىيە بويىچە تىزىلدى، تارىخىي ۋەقەلەر ئۇزۇن لىنىيە بويىچە يېزىلدى، توغرا لىنىيە بويىچە يېزىش ئاساس قىلىنىپ، ئۇزۇن لىنىيە بويىچە يېزىش بىلەن توغرا لىنىيە بويىچە يېزىش بىرلەشتۈرۈلدى؛ تەرجىمىھالدا تارىخىي ئەسىرلەردىكى ئومۇمىي ئادەت بويىچە، ھازىر ھايات شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى بېرىلمىدى، جەمئىيەتتە تەسىرى بار چاقىلىقلىق كىشىلەر ۋە چاقىلىقتا ئۇزاق ۋاقىت ئىشلەپ، بىر قەدەر چوڭ تۆھپە قوشقان باشقا يۇرتلۇق مەشھۇر زاتلارنىڭ تەرجىمىھالى بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى سەلبىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالىمۇ مۇۋاپىق ھالدا بېرىلدى. خەرىتە، جەدۋەل ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللار ھەر قايسى قىسىملارغا بۆلۈپ كىرگۈزۈلدى. قەدىمكى زاماندىكى چوڭ ئىشلارغا دائىر خاتىرىلەردىكى ئايرىم تارماقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كىتابتا پۈتۈنلەي ئاممىباب ئەدەبىي تىل قوللىنىلدى.

4. ۋەقەلەرنىڭ ۋاقىت چېكى جەھەتتە، ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، تەشكىلىي تۈزۈلمە، تەبىئىي شارائىت قاتارلىق قىسىملارنىڭ ئاز ساندىكى باب - پاراگرافلىرى قەدىمكى زاماندىن باشلاپ يېزىلغاندىن باشقا، قالغان قىسىم، باب، پاراگرافلار 1903 - يىل (ناھىيە قۇرۇلغان

يىلى) دىن باشلاپ 1985 - يىلغىچە، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مەزمۇنلار 1987 - يىلغىچە يېزىلدى. كىتابتا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى، قەدىمكى زاماندىكىسى قىسقا، ھازىرقى زاماندىكىسى تەپسىلىي خاتىرىلەندى، مەۋقە ھازىرقى زامانغا قارىتىلىپ، دەۋر ئالاھىدىلىكى، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك تىرىشىپ گەۋدىلەندۈرۈلدى، ئىدىيۋىلىك، ئىلمىيلىك ۋە ماتېرىيال خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى.

5. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن سىياسىي ھەرىكەت ۋە چوڭ ۋەقەلەر «چوڭ ئىشلار» دا ۋە ئالاقىدار باب، پاراگرافلاردا بايان قىلىندى، بىرەر تۈرگە كىرگۈزگىلى بولمايدىغانلىرى پارتىيە - ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلار قىسمىدىكى «زور سىياسىي ۋەقەلەر» دېگەن مەخسۇس بابتا بايان قىلىندى.

6. كەسىپلەر تەزكىرىسى شەيئىلەر خاراكتېرىگە قاراپ قىسىم، بابلارغا ئايرىلدى، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىدى، ئوخشاش شەيئىلەر، قايسى تارماققا تەۋە ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك بىر قىسىمغا، بىر بابقا كىرگۈزۈلدى.

7. مەمۇرىي رايون ۋە ئورگانلارنىڭ نامى شۇ چاغدىكى نامى بويىچە بېرىلدى. يەر ناملىرى جەھەتتە، زۆرۈر تېپىلغاندا تارىختىكى يەر ناملىرى قوللىنىلغاندىن باشقا، پۈتۈنلەي ھازىر قوللىنىلىۋاتقان ئۆلچەملىك يەر ناملىرى قوللىنىلدى.

8. تەزكىرىدە پايدىلانغان ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللار ھەر دەرىجىلىك ئارخىپخانىلاردىكى ئارخىپلار، كۇتۇپخانىلاردا ساقلانغان كىتابلار، ئالاقىدار گېزىت - ژۇرناللار، تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك بايقالمىلاردىن شۇنىڭدەك ئالاقىدار تارماقلار ياكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر، ئەھۋالنى بىلىدىغان كىشىلەر بەرگەن يازما ياكى ئاغزاكى ماتېرىياللاردىن ئېلىندى. كىتابنى تۈزۈش ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ قەيەردىن ئېلىنغانلىقى بىردەك ئىزاھلانمىدى.

9. ھەرخىل سانلىق مەلۇماتلاردا، ستاتىستىكا تارماقلىرى يۇقىرىغا يوللىغان ماتېرىياللاردىكى قانۇنىي سانلار ئۆلچەم قىلىندى. بىر يەرنىڭ قەدىمكى نامى بىلەن ھازىرقى نامى پەرقلىق بولۇپ، ئۇنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىغىلى بولمىغاندا، ئۇ يەرنىڭ ھەر ئىككى خىل ئاتىلىشى تەڭ قوللىنىلدى.

10. قىسقارتىلما سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن» دېگەن سۆز قىسقارتىلىپ «دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن» دېيىلدى؛ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن» دېگەن سۆز «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن» دېيىلدى. «ئازادلىقتىن ئىلگىرى» دېگەن سۆز 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولۇشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتنى، «ئازادلىقتىن كېيىن» دېگەن سۆز 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن كېيىنكى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز I
كىرىش سۆز II
كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە
ئومۇمىي بايان ........................ 3
چوڭ ئىشلار ........................ 17

بىرىنچى قىسىم

## جۇغراپىيىسى

I باب زېمىن دائىرىسى، رايونلارغا ئايرىلىشى ........ 79

§ 1 . زېمىن دائىرىسى ........................ 79
§ 2 . تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ........ 80
§ 3 . ناھىيە بازىرى ........................ 81
§ 4 . يېزا، رايون، بازار ........................ 83
قوشۇمچە: يەر نامىغا ئىزاھات ........................ 89

II باب تەبىئىي مۇھىت ........................ 90

§ 1 . گېئولوگىيە ........................ 90
§ 2 . يەر تۈزۈلۈشى ........................ 93
§ 3 . ئىقلىمى ........................ 98
§ 4 . گىدرولوگىيىلىك ئەھۋالى ........................ 100

5 § . تۇپراق ........................................ 103
6 § . يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ........................................ 105
7 § . ياۋايى هايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە قېزىلما بايلىق ........ 108
8 § . تەبىئىي ئاپەتلەر ........................................ 110

III باب لوپنۇر كۆلى ........................................ 118

ئىككىنچى قىسىم

# پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار

I باب ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ........................................ 127
1 § . تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ........................................ 127
2 § . قۇرۇلتاي ........................................ 132
3 § . تەشۋىقات ـ تەربىيە ........................................ 136
4 § . بىرلىك سەپ خىزمىتى ........................................ 139
5 § . ئىنتىزام تەكشۈرۈش ........................................ 143

II باب جۇڭگو گومىنداڭى چاقىلىق ناھىيىلىك پىرقىسى ........ 146

1 § . تەشكىلىي تەرەققىياتى ........................................ 146
2 § . ئاساسىي پائالىيەتلىرى ........................................ 147

III باب ئاممىۋى تەشكىلاتلار ........................................ 148

1 § . ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى ........................................ 148
2 § . دېھقانلار تەشكىلاتلىرى ........................................ 150
3 § . كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ........................................ 151

§ 4 . ئاياللار بىرلەشمىسى ........................................ 153
§ 5 . سودا ـ سانائەتچىلەر تەشكىلاتى ................................ 155
§ 6 . مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى.......................................... 156
قوشۇمچە: باڭ ـ خۇي تەشكىلاتلىرى .................................... 157

IV باب زور سىياسىي ۋەقەلەر ...................................... 158

§ 1 . ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ـ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ... 159
§ 2 . ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ..................................... 160
§ 3 . «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ، «بەشكە قارشى تۇرۇش»............... 161
§ 4 . ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش ...... 162
§ 5 . ئىستىل تۈزىتىش، ئوڭچىللارغا قارشى تۇرۇش كۆرىشى ...... 163
§ 6 . «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»......................................... 164
§ 7 . سوتسىيالىستىك تەربىيە............................................. 166
§ 8 . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ........................................ 167
§ 9 . پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش ......................... 169
§ 10 . ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش.............................. 170

### ئۈچىنچى قىسىم

# ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش

I باب خەلق قۇرۇلتىيى ................................................ 173

§ 1 . ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ............... 173
§ 2 . خەلق قۇرۇلتىيى ................................................... 176
§ 3 . ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ................. 179
§ 4 . ۋەكىل سايلاش ...................................................... 181

II باب خەلق ھۆكۈمىتى ........................................ 182

1 § . ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ........................ 182

2 § . رايونلۇق، يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ............ 188

III باب چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە مىنگو دەۋ-
رىدىكى ھۆكۈمەتلەر ........................................ 190

1 § . يارىمچى ئامبال، ناھىيىلىك مەھكىمە ........................ 190

2 § . ناھىيىلىك مەمۇرىي مەھكىمە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ......... 191

قوشۇمچە 1: مىنگو دەۋرىدىكى كېڭەش .............................. 194

قوشۇمچە 2: گومىنداڭ قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاش ...... 194

IV باب خەلق سىياسىي كېڭىشى ...................................... 195

1 § . ھەر نۆۋەتلىك كومىتېتلارنىڭ يىغىنلىرى ........................ 195

2 § . ئاساسلىق پائالىيەتلىرى ........................................ 196


تۆتىنچى قىسىم

# خەلق ئىشلىرى، ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى


I باب خەلق ئىشلىرى ........................................ 201

1 § . قۇتقۇزۇش ........................................ 202

2 § . يېزىلاردا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ........................ 204

3 § . ئېتىبار بېرىش - نەپىقە ........................................ 205

§ 4 . ئىجتىمائىي ئورۇنلاشتۇرۇش ........................ 208

II باب ئەمگەك ........................ 209

§ 1 . ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ........................ 209
§ 2 . ئەمگەك باشقۇرۇش ........................ 209
§ 3 . ئىش ھەققى ........................ 210
§ 4 . ئەمگەك مۇھاپىزىتى ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرى ........................ 212

III باب كادىرلار ئىشلىرى ........................ 214

§ 1 . خادىملار شتاتى ........................ 215
§ 2 . كادىرلار ئەھۋالى ........................ 215
§ 3 . كادىرلارنىڭ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش ئەھۋالى ...... 216

بەشىنچى قىسىم

# جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە

I باب جامائەت خەۋپسىزلىكى ........................ 221

§ 1 . جامائەت خەۋپسىزلىكى ئاپپاراتلىرى ........................ 221
قوشۇمچە: مىنگو دەۋرىدىكى ساقچى ئاپپاراتى ........................ 222
§ 2 . جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ........................ 222
§ 3 . قوغداش خىزمىتى ........................ 226

II باب تەپتىش ........................ 227

§ 1 . تەپتىش ئاپپاراتلىرى ........................ 227
§ 2 . جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى ........................ 229

§ 3 . قانۇن - ئىنتىزام تەپتىشلىكى ........................... 230
§ 4 . تۈرمە - سولاقخانىلارنى نازارەت قىلىش ........................... 231
§ 5 . ئىقتىسادىي ئىشلار تەپتىشلىكى ........................... 231

III باب سوت قىلىش ........................... 232

§ 1 . سوت قىلىش ئاپپاراتى ........................... 233
§ 2 . جىنايى ئىشلار سوتى ........................... 234
§ 3 . ھەق تەلەپ ئىشلىرى سوتى ........................... 236
§ 4 . ئىقتىسادىي ئىشلار سوتى ........................... 236
§ 5 . بېسىلىپ قالغان دېلولارنى ئېنىقلاش ........................... 237
§ 6 . سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى تۈزىتىش ........................... 237

IV باب ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ........................... 238

§ 1 . ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى مۇرەسسە قىلىش ........................... 238
§ 2 . قانۇن مەسلىھەتچىلىكى ........................... 239
§ 3 . ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ........................... 239
§ 4 . قانۇن تۈزۈم تەربىيىسى ........................... 240

ئالتىنچى قىسىم

## ھەربىي ئىشلار

I باب ھەربىي ئىشلاردىكى مۇھىم جايلار تەزكىرىسى ... 245

§ 1 . ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ........................... 245
§ 2 . ھەربىي ئىشلاردىكى مۇھىم جايلار ........................... 245

II باب ئەسكەر تۇرغۇزۇش ........................ 246

§ 1 . مىنگودىن ئىلگىرىكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى .......... 246
§ 2 . مىنگو دەۋرىدىكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى .................. 247
§ 3 . ناھىيىدە تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى .......... 248

III باب ھەربىي ئاپپاراتلار ........................ 249

IV باب ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ........................ 250

§ 1 . ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى ........................ 251
§ 2 . ئەسكەر قوبۇل قىلىش ۋە ھەربىي سەپتىن قايتىش ........ 251

V باب خەلق ئەسكىرى ........................ 253

§ 1 . خەلق ئەسكىرى تەشكىلاتى ........................ 253
§ 2 . مۇھىم پائالىيەتلەر ........................ 255
§ 3 . خەلق ئەسكەرلىرى مەشقى ........................ 256
قوشۇمچە: مىنتۇەن، قوغدىنىش ئەترەتلىرى ........................ 256

VI باب باندىت تازىلاش ........................ 257

§ 1 . ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە چاقىلىقنىڭ جەنۇبىي تاغ رايونىدا ئىبلىس
بىرلىغان باندىت تازىلاش ........................ 257
§ 2 . 1961 - يىلى شىزاڭدىن قېچىپ چىققان توپىلاڭچى باندىتلارنى
قورشاپ يوقىتىش ........................ 261

يەتتىنچى قىسىم

# يېزا ئىگىلىكى، سۇچىلىق

I باب دېھقانچىلىق ........................ 265

§ 1 . دېھقانچىلىق ئاپپاراتلىرى ........................ 267

2 § . يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ........................ 269
3 § . تېرىقچىلىق........................ 276
4 § . دېھقانچىلىق تېخنىكىسى........................ 281
5 § . ئۆسۈملۈك ئاسراش ........................ 285

II باب چارۋىچىلىق ........................ 291

1 § . چارۋىچىلىق تۈزۈلمىسى........................ 294
2 § . چارۋا مال قۇرۇلمىسى، نەسىل ياخشىلاش، كۆپەيتىش ئەھۋالى ...... 297
3 § . كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ........... 302
4 § . تەبىئىي ئوتلاق ........................ 307

III باب ئورمانچىلىق........................ 311

1 § . ئورمان بايلىقى ........................ 311
2 § . كۆچەت تىكىپ، ئورمان بەرپا قىلىش ........................ 314
3 § . ئورمان كېسىش ........................ 316
4 § . ئورمان باشقۇرۇش ........................ 317

IV باب باغۋەنچىلىك ........................ 320

1 § . ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ........................ 320
2 § . ئاساسلىق سورتلار ........................ 321
3 § . كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ........................ 323

V باب دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى ...... 324

1 § . ماشىنا ـ سايمانلارنىڭ تەرەققىياتى ........................ 324
2 § . ئاپپارات، قوشۇن ........................ 328

VI باب سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى ........................ 333

§ 1 . سۇ ئامبارلىرى ............................................ 334
§ 2 . ئۆستەڭ بېشى سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ........................ 335
§ 3 . ئېرىق - ئۆستەڭ ............................................ 337
§ 4 . ماشىنىلاشقان قۇدۇق ........................................ 339
§ 5 . كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى .............................. 340
§ 6 . ئاپپارات، قوشۇن ............................................ 342

VII باب بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ........................................ 343

§ 1 . بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ھەققىدە قىسقىچە بايان .............. 343
§ 2 . يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 36 - تۈەن - مەيدانى ............ 345

سەككىزىنچى قىسىم

# سانائەت، قاتناش، پوچتا - تېلېگراف

I باب سانائەت ................................................ 355

§ 1 . ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالى .............................. 355
§ 2 . سانائەت تۈرلىرى ............................................ 360
§ 3 . تاشپاختا كېنى ................................................ 365

II باب قاتناش ...................................................... 367

§ 1 . قەدىمكى يىپەك يولى ........................................ 367
§ 2 . ئۆتەڭ يولى، توپا يول ...................................... 368
§ 3 . تاشيول ...................................................... 369

§ 4 . كۆۋرۈك، سۆڭگۆچ ........................................ 374
§ 5 . ترانسپورت ........................................ 375
§ 6 . قاتناش باشقۇرۇش ........................................ 377

III باب پوچتا ـ تېلېگراف ........................................ 379

§ 1 . پوچتا ـ تېلېگراف ئاپپاراتلىرى ........................................ 379
§ 2 . تېلېگراف ........................................ 381
§ 3 . پوچتا ........................................ 384
§ 4 . ئىگىلىك باشقۇرۇش ........................................ 388

توققۇزىنچى قىسىم

# شەھەر قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش

I باب شەھەر قۇرۇلۇشى ........................................ 393

§ 1 . باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ........................................ 393
§ 2 . ناھىيە بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ........................................ 394
§ 3 . بازار قۇرۇلۇشى ........................................ 406
§ 4 . يېزا، كەنتلەر قۇرۇلۇشى ........................................ 407
§ 5 . بىناكارلىق ........................................ 409

II باب مۇھىت ئاسراش ........................................ 415

§ 1 . ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ........................................ 415
§ 2 . مۇھىتنى ياخشىلاش ........................................ 418

III باب تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى ........................................ 422

§ 1 . ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ........................................ 422

§ 2 . ئالتۇنتاغ ياۋا تۆگە مۇھاپىزەت رايونى ...................... 427
قوشۇمچە: ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى هايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامى ...................... 428

ئونىنچى قىسىم

# سودا، ئاشلىق

I باب سودا ...................... 439

§ 1 . تىجارەت تۈزۈلمىسى ...................... 440
§ 2 . تاۋار سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ...................... 446

II باب ئاشلىق، ياغ ...................... 452

§ 1 . ئاشلىق، ياغ ئاپپاراتلىرى ...................... 453
§ 2 . ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ...................... 453
§ 3 . ئاشلىق، ياغ ساقلاش ۋە توشۇش ...................... 458
§ 4 . ئاشلىق، ياغ باھاسى ...................... 459

ئون بىرىنچى قىسىم

# ئىگىلىك باشقۇرۇش

I باب پىلانلىق باشقۇرۇش ...................... 465

§ 1 . ئىگىلىك پىلانى ...................... 465
§ 2 . ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش ...................... 469

II باب ستاتىستىكا باشقۇرۇش ........................ 472

III باب باھا باشقۇرۇش ........................ 473

1 § . باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ........................ 473
2 § . باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ........................ 473
3 § . باھا تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش ........................ 474
4 § . باھادىكى ئۆزگىرىشلەر ........................ 477
5 § . يەرلىك مەھسۇلاتلار باھاسىنى بەلگىلەش چارىسى ........................ 478

IV باب سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ........................ 479

1 § . باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ........................ 479
2 § . بازار باشقۇرۇش ........................ 479
3 § . سودا سانائەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ........................ 481
4 § . ئىقتىسادىي توختاملارنى باشقۇرۇش ........................ 484

ئون ئىككىنچى قىسىم

# مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە

I باب مالىيە ........................ 487

1 § . باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ........................ 487
2 § . مالىيە كىرىمى ........................ 489
3 § . مالىيە چىقىمى ........................ 492
4 § . مالىيە باشقۇرۇش ........................ 494
5 § . مۇپەتتىشلىك ........................ 496

II باب باج ........................ 497

1 § . باج باشقۇرۇش ........................ 497
2 § . دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى ........................ 499
3 § . سودا سانائەت بېجى ........................ 502

III باب پۇل مۇئامىلە ........................ 504

1 § . پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ........................ 504
2 § . پۇل ۋە كاسسىرلىق ........................ 505
3 § . ئامانەت پۇل، كرېدىت ........................ 508
4 § . پېرېۋوت قىلىش ۋە راسچوت قىلىش ........................ 510
5 § . قەرز چېكى ........................ 511
6 § . يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى ........................ 512
7 § . سۇغۇرتا كەسپى ........................ 513


ئون ئۈچىنچى قىسىم

# مائارىپ، پەن - تېخنىكا


I باب مائارىپ ........................ 517

1 § . مائارىپ ئاپپاراتلىرى ........................ 518
2 § . بالىلار مائارىپى ........................ 518
3 § . باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ........................ 520
4 § . ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ........................ 523
5 § . كەسپىي مائارىپ ........................ 525
6 § . ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپى ........................ 525
7 § . ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ........................ 526

§ 8 . مائارىپ خىراجىتى ۋە ئۇسكۇنىلىرى ........ 528

II باب پەن - تېخنىكا ........ 529

§ 1 . پەن - تېخنىكا تەشكىلاتلىرى ........ 529
§ 2 . پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى ........ 532
§ 3 . پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش ........ 536

ئون تۆتىنچى قىسىم

## سەھىيە، تەنتەربىيە

I باب سەھىيە ........ 541

§ 1 . تېبىبىي داۋالاش ........ 542
§ 2 . يۇقۇمدىن ساقلىنىش ........ 547
§ 3 . ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ........ 554
§ 4 . ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ........ 555
§ 5 . خىراجەت ........ 555

II باب تەنتەربىيە ........ 556

§ 1 . مەكتەپ تەنتەربىيىسى ........ 557
§ 2 . ئاممىۋى تەنتەربىيە ........ 557
§ 3 . تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ........ 558

ئون بەشىنچى قىسىم

## مەدەنىيەت، سەنئەت

I باب ئەدەبىيات، سەنئەت ........ 567

§ 1 . ئاپپارات ۋە تەشكىلاتلار ........ 568

§ 2 . ئاممىۋى مەدەنىيەت ........................................ 569

II باب رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ........................................ 575
§ 1 . رادىئو ........................................ 575
§ 2 . كىنو ........................................ 577
§ 3 . تېلېۋىزىيە ........................................ 578

III باب كىتاب، ئارخىپ ........................................ 579

§ 1 . كىتاب ........................................ 579
§ 2 . ئارخىپ ........................................ 580

IV باب ماقالىلار، رىۋايەتلەر ........................................ 581

§ 1 . ماقالىلار ........................................ 581
§ 2 . رىۋايەتلەر ........................................ 585

ئون ئالتىنچى قىسىم

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مەشھۇر مەنزىرىلىك جايلار

I باب مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ........................................ 593

§ 1 . مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ........................................ 593
§ 2 . خارابىلەر ........................................ 600

II باب مەشھۇر مەنزىرىلىك جايلار ........................................ 605

§ 1 . لوپنۇر كۆلىدىكى ئاجايىپ يارداڭ مەنزىرىسى ........................................ 605

§ 2 . ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى مەنزىرىلەر ......... 606

III باب كىرووران قەدىمكى شەھىرى خارابىسى ................ 610

§ 1 . كىرووران ھەققىدە قىسقىچە بايان ......................... 610
§ 2 . كىرووران قەدىمكى شەھىرى ۋە قەدىمكى قەبرىلەر .............. 619
§ 3 . كىرووراندىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ............... 623
قوشۇمچە: كىرووران قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى تەكشۈرۈش ۋە سىناق تەرىقىسىدە قېزىش ھەققىدىكى قىسقىچە مەلۇمات ... 625

ئون بەشىنچى قىسىم

## ئاھالە، خەلق تۇرمۇشى

I باب ئاھالە ........................................ 643

§ 1 . ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى .................................. 643
§ 2 . ئاھالىنىڭ جايلىشىشى ................................ 645
§ 3 . نوپۇس قۇرۇلمىسى .................................... 645
§ 4 . پىلانلىق تۇغۇت ...................................... 649

II باب خەلق تۇرمۇشى .................................. 653

§ 1 . دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى ......................... 653
§ 2 . ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى ........................ 656

ئون سەككىزىنچى قىسىم

## مىللەت، دىن

I باب مىللەتلەر ...................................... 661

§ 1 . ئۇيغۇرلار ........................................... 662

§ 2 . خەنزۇلار ........................................ 671
§ 3 . خۇيزۇلار ........................................ 673

II باب دىن ........................................ 675

§ 1 . بۇددا دىنى ........................................ 675
§ 2 . ئىسلام دىنى ........................................ 677
§ 3 . باشقا دىنلار ........................................ 679

III باب دىئالېكت ........................................ 680

§ 1 . لوپنۇر دىئالېكتى ........................................ 681
§ 2 . خوتەن دىئالېكتى ........................................ 688

ئون توققۇزىنچى قىسىم

## ئىجتىمائىي يېڭى كەيپىيات

I باب ئارمىيە ـ خەلق مۇناسىۋىتى ........................................ 696

§ 1 . ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلى-
قىنى كۈچەيتىش ........................................ 697
§ 2 . بىلىق بىلەن سۇدەك يېقىنلىق ........................................ 698
§ 3 . قۇملۇققا باغلانغان مۇھەببەت رىشتىسى ........................................ 699

II باب مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ........................................ 701

قوشۇمچە: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە يېڭى ئادەم، يېڭى ئىش-
لاردىن قىسقىچە خاتىرىلەر ........................................ 705

Ⅲ باب لبي فېڭدىن ئۆگىنىپ، يېڭى كەيپىيات يارىتىش......... 707
Ⅳ باب مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇش ........................ 711

يىگىرمىنچى قىسىم

## شەخسلەر

I باب شەخسلەر تەرجىمىھالى.............................. 717
Ⅱ باب قەھرىمان، نەمۇنىچىلار ئىسىملىكى.................. 740

يىگىرمە بىرىنچى قىسىم

## قوشۇمچە

1. چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 1986 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ............................................ 745
2. توپلام قىلىپ ساقلاپ قويۇلغان يەرلىك ھۆججەتلەر ...... 755
3. قەدىمكى شېئىرلاردىن تاللانما............................ 758
4. «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ تۈزۈلۈش جەريانى ...... 762
ئاخىرقى سۆز ................................................. 766
«چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش - تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ۋە تۈزگۈچى خادىملار ........................................ 769
ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز .............................. 771
«چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى ...................................................... 772

# ئومۇمىي بايان

# ئومۇمىي بايان

چاقىلىق ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدۇ. ئۇنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 86°45′ — 93°45′ ۋە شىمالىي پاراللېل 36°05′ — 41°23′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 846 ـ 4500 مېتىر ئېگىز. شەرقىي تەرىپى گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىگە، جەنۇب تەرىپى كوئېنلۇن تاغ تىزمىلىرى ۋە شىزاڭ ئاپتونوم رايونىغا تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى چەرچەن ناھىيىسى بىلەن، شىمال تەرىپى لوپنۇر ناھىيىسى ۋە تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى بىلەن چېگرىداش، شەرقىدىن غەربىگىچە بولغان كەڭلىكى تەخمىنەن 570 كىلومېتىر، جەنۇبىدىن شىمالىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 580 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 202 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 2 جىيجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ياكى ئاز كەم 6 تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ يەر كۆلىمىگە تەڭ كېلىدۇ، ئۇ مەملىكەت بويىچە يەركۆلىمى ئەڭ كەڭ ناھىيە. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر كۆلىمىدا تاغلىق رايون 29.25%نى، چۆل 29.78%نى، بوزيەر 12.61%نى، قۇملۇق 27.8%نى، كۆل 0.54%نى، تېرىلغۇ يەر 0.02%نى ئىگىلەيدۇ. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېرىنىڭ جەنۇب تەرىپى ئېگىز، شىمال تەرىپى پەس بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا يانتۇ جايلاشقان. پۈتكۈل يەر شەكلىنى ئومۇمەن 4 قىسىمغا ئايرىشقا بولىدۇ: جەنۇب تەرىپى تاغلىق رايون بولۇپ، بۇ يەردە دۆلەت تەرىپىدىن ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ئايرىلغان، بۇ يەر ناھىيىنىڭ ئاساسىي چارۋىچىلىق بازىسى؛ ئوتتۇرا قىسمى تىنما تۈزلەڭلىك بولۇپ، ۋاششەرى، چاقىلىق ناھىيە بازىرى، مىرەن دېگەن 3 پارچە بوستانلىققا ئايرىلغان، بۇ يەر دېھقانچىلىق ـ تېرىقچىلىق رايونى؛ شەرقىي شىمالىي قىسمى لوپنۇر كۆلىنىڭ شامال يالاپ كەتكەن كۆل تىنما تۈزلەڭلىكى ۋە قۇم تاغ قۇملۇقى؛ غەربىي شىمالىي قىسمى تەكلىماكان تىنما قۇملۇق تۈزلەڭلىكى. تارىم دەرياسى بويىدىكى ۋە چەرچەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى دەريا ساھىلى ۋە دەريا پەلەمپەيى شەكىللىك كەڭ يەردە تەبىئىي توغراق، يۇلغۇن، قارا سۆكسۆك، قۇمۇش قاتارلىق غوللۇق دەل-دەرەخلەر، چاتقاللار، ئوت ـ چۆپ ۋە چۆل ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى ئۆسكەن، بۇ يەر چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تۈزلەڭلىكتىكى ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 160 كىلومېتىر كېلىدىغان، كەڭلىكى تەخمىنەن 5 — 10 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاتاقلىق تەبىئىي قۇملۇق يېشىل كارىدورى بولۇپ شەكىللەنگەن، ئۇ تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن قۇم تاغ قۇملۇقىنىڭ تۇتىشىپ كېتىشىنى توسۇپ، تارىمنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى قاتناش لىنىيىسىنىڭ راۋان بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى ئەڭ ئېگىز جاي شەرقىي كوئېنلۇن تېغىنىڭ مۇزتاغ چوققىسى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 6973 مېتىر ئېگىز، ئەڭ پەس جاي لوپنۇر كۆلى ئويمانلىقى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 780 مېتىر ئېگىز. ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ، 4 پەسىل ئېنىق بولىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 17.4 مىللىمېتىر، سۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1400 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.5°C، قىروسىز مەزگىل 193 كۈن

بولىدۇ، يىلبويى شەرقىي شىمال شاملى كۆپ چىقىدۇ، بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 36.9 كۈن 8 بالدىن كۈچلۈك بوران چىقىدۇ.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 5 يېزا، بىر رايون، 2 بازار، يەنى تىكەنلىك يېزىسى، ئۆتام يېزىسى، ۋاششەرى يېزىسى، تۆمۈرلۈك يېزىسى، چىمەنتاغ يېزىسى ۋە چىمەن رايونى، يېتىمبۇلاق بازىرى ۋە چاقىلىق بازىرى تەسىس قىلىنىدى. ناھىيە تەۋەسىدە يەنە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ مىرەن 36 - تۇەن - مەيدانى بار. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، چاقىلىق رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 26 مىڭ 852 كىشىگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 0.13 ئادەم توغرا كەلدى، دېمەك چاقىلىق ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە يەركۆلىمى ئەڭ چوڭ، نوپۇس زىچلىقى ئەڭ تۆۋەن ناھىيە. ناھىيىگە قاراشلىق نوپۇس ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا خەنزۇلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ناھىيە تەۋەسىدە يەنە خۇيزۇ، دۇڭشياڭ، مانجۇ، تاتار، قازاق، زاڭزۇ، لىزۇ، ياۋزۇ بولۇپ، جەمئىي 11 مىللەت بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 10 مىڭ 130 بولۇپ، %72.37نى، خەنزۇلار 16 مىڭ 189 بولۇپ، %29.60نى، خۇيزۇلار 449 بولۇپ، %67.1نى، باشقا مىللەتلەر 84 بولۇپ، جەمئىي %3.0نى تەشكىل قىلىدۇ.

ناھىيە بازىرى بولغان چاقىلىق بازىرى ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ يەر كۆلىمى 4.2 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، 1985 - يىلى ئۇنىڭدىكى ئائىلە 1272گە، نوپۇس 5263 ئادەمگە يەتتى. ئۇ پۈتۈن ناھىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە قاتناش مەركىزى.

چاقىلىقنىڭ يېرى كەڭ، ئۇنىڭدا ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتقا ئىگە 840 مىڭ مو چۆل غوللۇق ئۆسۈملۈكى، چاتقاللىق ۋە توغراقلىق، 17 مىليون مو ھەرخىل تەبىئىي ئوتلاق، 1 مىليون 918 مىڭ 200 مو پايدىلىنىشقا بولىدىغان بوزيەر، دېھقانچىلىق رايونىدا 72 مىڭ مو تېرىغىلى بولىدىغان يەر بار. ناھىيە تەۋەسىدە 2 چوڭ سۇ سىستېمىسى، 14 چوڭ، كىچىك دەريا ئېقىن بار. يەر يۈزىدىكى سۇنىڭ ئومۇمىي سىرغىم مىقدارى 1 مىليارد 176 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، ھازىر پايدىلىنىلىۋاتقان دەريا چاقىلىق دەرياسى، ۋاششەرى دەرياسى، مىرەن دەرياسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چاقىلىق دەرياسى بىلەن ۋاششەرى دەرياسىدىن چاقىلىق ناھىيىسى پايدىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 133 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

قېزىلما بايلىقى مول، تاشپاختا، قاشتېشى، گەج، خرۇستال، ئالتۇن، چىرىمتال، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، سىنك، خروم، بېرىللىي، لىتىي، كۆمۈر، كالىي تۇزى، شور، تەبىئىي ئىشقار ۋە سېرپېنتىنىت قاتارلىق 40 نەچچە خىل قېزىلما بايلىقى تېپىلدى. بايلىقلار ئىچىدە تاشپاختا ئەڭ داڭلىق بولۇپ، زاپاس مىقدارى كۆپ، ئاچماق ئاسان، ئۇ مەملىكەت ئىچىدىكى كان ھاسىل بولغان ئەڭ مۇھىم بەلۋاغلارنىڭ بىرى، ھازىر تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ قېزىلىۋاتقان كان ياتىمىسىنىڭ زاپىسىلا 40 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭ سورتى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدىكى خېرىدارلارنىڭ چوڭقۇر ئالقىشىغا ئېرىشتى. ياۋايى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى كۆپ، ھايۋانلارنىڭ ياۋا قوتاز، ياۋا تۆگە، قۇلان، تىبەت بۆكىنى، تايغان بۆغا، تاغ تېكىسى ۋە ئارقار قاتارلىق 49 خىلى؛ قۇشلارنىڭ قارا بويۇن تۇرنا، قارا لەيلەك، سېرىق بۈركۈت، تىبەت ئۇلارى، يايلاق بۈركۈتى، قىرغاۋۇل، سېرىق قاپاق كەپتەر، قىزىل قىلىيۇرغا قاتارلىق 92 خىلى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەلۇم ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە قۇشلار

52 خىلغا يېتىدۇ. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن چاكاندا، ياۋا ئەپيون گۈل، قار لەيلىسى، قىياق، باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەردىن، سىلو، قومۇش، لوپنۇر كەندىرى، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق 250 نەچچە خىل ئۆسۈملۈك بار، زىرائەتلەرنىڭ تۈرىمۇ بىر قەدەر كۆپ، ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن، ئاساسەن، بۇغداي، قوناق، شال قاتارلىقلار بار؛ ياغلىق دان زىرائەتلىرىدىن كەندىر، ماي گازىر، زاراڭزا، قىچا قاتارلىقلار بار؛ ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن كېۋەز، سويا، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، كۆكتات قاتارلىقلار بار. باقمىچىلىق جەھەتتە ئاساسەن كالا، ئات، قوي، تۆگە، ئېشەك، چوشقا، توشقان، توخۇ قاتارلىقلار بېقىلىدۇ. يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن قۇرۇق مېۋە، خۇرۇم، يۇڭ، ماتا، كىگىز - گىلەم، مىللىيچە قول ھۈنەر بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بار.

چاقىلىق تارىخى ئۇزۇن، كۆپ خىل مەدەنىيەت ئالماشقان، بىرى بىرىگە سىڭگەن ۋە تارقالغان جاي ھەم بىر مەھەل ئەڭ بۇرۇن سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن جاي. قەدىمكى ئەسىرلەردە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيدىن ئىلگىرىكى غەربىي خەن دەۋرىدىن باشلاپ بۇ «قاشتېشى يولى» ۋە «يىپەك يولى»دا تۆگە كارۋانلىرى نەچچە مىڭ يىل قاتنىغان. بۇددا دىنى تارىخىدىن ئالىماق، ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق راھىبلىرىدىن فا شيەن، سۈڭ يۈن، خۇي شېڭ، شۈەن زاڭ قاتارلىق كىشىلەر جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ، غەربكە قاراپ ھىندىستانغا بېرىش ۋە شەرققە قاراپ ئۆز يۇرتىغا قايتىش سەپەرلىرىدە بۇ مۇقەددەس زېمىندا كىتابخانىلىق قىلغان ۋە بۇددىغا چوقۇنغان. چاقىلىق قەدىمكى زاماندا شەرق بىلەن غەربنىڭ ئۇزاق داۋام قىلغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىدا، بۇ قەدىمكى «يىپەك يولى»دا يالتىراپ تۇرغان مەرۋايىتتەك نۇر چېچىپ تۇرغان. چاقىلىق تەۋەسىدىكى كىروران 5 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى كېلىپ سودا قىلىپ كېتىدىغان يەر بولغان. لوپنۇر كۆلى ياقىلىرىدىكى جايلار لوپلۇقلارنى يېتىلدۈرگەن بۆشۈك ئىدى ...... تارىختا بۇ يەردە ساك، چاڭ، ھون، توخرى، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى، خەنزۇ، تۇبۇت قاتارلىق بىرمۇنچە قەدىمكى مىللەتلەر ياشىغان، كۆپەيگەن، جاپالىق ئەمگەك قىلىپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ غەربىي چېگرا رايونىدىكى بۇ گۈزەل گۆھەر زېمىننى بىرلىكتە ئېچىپ گۈللەندۈرگەن ۋە پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان. نۇرغۇن ئەدىب - قەلەمكەشلەر بۇ جايغا ئاتاپ كۆپلىگەن قەدىمكى نادىر مىسرالارنى ۋە ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ يەر غەربىي يۇرت بويىچە ئەڭ بالدۇر ۋە ئەڭ كەڭ دائىرىدە بوزيەر ئېچىلىپ، دېھقانچىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلغان رايونلارنىڭ بىرى. مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 77 - يىلى كىروراننىڭ نامى پىشامشان دەپ ئۆزگەرتىلىپ جەنۇبقا كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى كىروران پادىشاھىنىڭ ئاستانىسى پەيدىنپەي خەن دەۋرىدىكى مۇھىم بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش - ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئورنى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، خەن سۇلالىسى ۋېيتوگېتىنىڭ ئېلتىماسىغا ئاساسەن بىر ئەمىرلەشكەر، 40 خىزمەتچى ئەۋەتىپ، مىرەندە بوزيەر ئاچتۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ يەردە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش كۆلىمى پەيدىنپەي كېڭىيىپ 45 مىڭ مودىن ئاشقان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 53 - يىلى، خەن سۇلالىسىنىڭ شۇەندى خانى باش سانغۇن شىن ۋۇشيەننى 15 مىڭ كىشىنى باشلاپ بەيلۇڭتەن دېگەن جايدا «قۇدۇق قېزىپ، ئۆستەڭ چېپىپ، ئاشلىق تېرىشقا ئەۋەتكەن». «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى»دا: دۇنخۇاڭدىكى سۇ جەمەتىدىن سولى كىروران رايونىغا جيۇچۈەن، دۇنخۇاڭدىن 1000 ئەسكەر يۆتكەپ بوزيەر ئۆزلەشتۈرگەن، ئۇي - جاي سالغان؛ پىشامشان، كىنگىت، كۈسەن پادىشاھلىقلىرىنىڭ ھەربىرىدىن 1000 دىن ئەسكەر ئېلىپ، «جۇبىن دەرياسىنى توسۇپ، بىپايان يەرنى سۇغارغان .... 3 يىل تېرىقچىلىق قىلىپ، مىليون دەن ئاشلىق توپلىغان، قۇدرىتى باشقا ئەللەرنى فايىل

قىلغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇ كەڭ ھەم سىرلىق جاي ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ۋە تارىخ بوران - چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ھەيران قالغىدەك ئۆزگىرىپ كەتكەن، بىر مەزگىل داڭقى چىققان كىرورەن بوستانلىقى بارا - بارا يوقىلىپ كەتكەن. مىلادىيىنىڭ 609 - يىلى، سۇي سۇلالىسى ئارمىيىسى تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ناھىيە دائىرىسىدە پىشامشان ۋىلايىتى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا شيەنۋۇ، جىيوەن دېگەن ئىككى ناھىيە تەسىس قىلغان، گۇناھكارلارنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، پىشامشاندا بوزيەر ئاچتۇرغان. كېيىن ۋىلايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پىشامشان قورغىنى قۇرۇلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، سوغدىيانلىق كاڭ يەندىيەننىڭ يېتەكچىلىكىدە لوپنۇر كۆلى رايونىدا شاجۇ ئايمىقى (دۇنخۇاڭ) غا قارايدىغان 9 يېڭى شەھەر قۇرۇلغان. دىيەنخې شەھىرى تاشلىق شەھەر (ھازىرقى چاقىلىق) دەپ ئۆزگەرتىلگەن، ئۇنىڭ شىمالى قويمال شەھىرى بىلەن تاشقان، شەرقىي شىمالىدا مىران شەھىرى بولغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، چاقىلىق دائىرىسىدە قاتناش راۋان، تۇرمۇش تىنچ بولۇپ، سودىگەر ۋە يولۇچىلار ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئىتالىيىلىك ئاتاقلىق ساياھەتچى ماركوپولو ئۆز سەپىرىدە لوپ بازىرىدا توختاپ، دەم ئېلىپ ئۆتكەن، ئۇ لوپ قۇملۇقىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان چوڭ شەھەر ئىكەن، بۈيۈك خەنگە تەۋە ئىكەن، ئاھالىسى مۇھەممەتكە چوقۇنىدىكەن. بۇ يەردىكى قۇملۇقتىن ئۆتمەكچى بولغانلىكى كىشىلەر مۇشۇ شەھەردە بىر ھەپتە دەم ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئۇلاغلىرىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىۋالىدىكەن، ئاندىن بىر ئايلىق ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ، بۇ شەھەردىن چىقىپ قۇملۇققا كىرىدىكەن، دەپ خاتىرىلىگەن. يۈەن سۇلالىسى زامانىسىنىڭ جىيۈەن 23 - يىلى (1286 - يىلى) ياردەمچى ئەمىر لەشكىرى بامىدەيىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ناھىيە دائىرىسىدىكى لوپ، كەتەك قاتارلىق جايلاردا رابات قۇرۇلغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، چاقىلىق رايونى خارابىلىشىپ كەتكەن. چىڭگىزىدىكى چۇشيەنۋى قەبىلىسىدىكىلەر مۇشۇ ئەتراپقا كېلىپ تارقاق ئولتۇراقلاشقان ۋە پادىچىلىق قىلغان. خۇڭۋۇ 9 - يىلى (1376 - يىلى) چۇشيەنۋى قەبىلىسىنى تۇبۇتلەردىن دورزىبا قاتتىق مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەۋمى تارقىلىپ ئەندىڭۋى قەبىلىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې يىللىرىدا ئەندىڭۋى قەبىلىسى ئاخىرى ھالاك بولغان، چاقىلىق رايونى شۇنىڭدىن باشلاپ چۆللىشىپ كەتكەن، پەقەت لوپنۇر كۆلىنىڭ ياقىلىرىدا ئاز ساندىكى لوپلۇقلار ۋە سەرگەردانلارلا ساقلىنىپ قېلىپ، بېلىقچىلىق قىلىپ ئىپتىدائىي تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، كېرىيىدىن كەلگەن بىر نەچچە ئۆۋچى چاقىلىق دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى قەدىمكى «يىپەك يولى»نىڭ يېنىدا، كىشىلەرگە تېخى ئايان بولمىغان ئوتوگۆشخان قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سۈيى، ئوت - چۆپى مول چوڭ بىر پارچە بوستانلىقنى كۆرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن كېرىيە ۋە خوتەندىن ئارقا - ئارقىدىن بوزيەر ئاچقۇچىلار كېلىپ بۇ يەردە ماكانلاشقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 2 - يىلى (1876 - يىلى) روسىيىلىك پرژېۋالسكى باشقىلارغا دېگىلى بولمايدىغان مەقسىتى بىلەن تەكرىتاغدىن ئۆتۈپ لوپنۇر رايونىغا، چاقىلىق كونا شەھىرىگە كەلگەن. شۇ چاغدا بۇ شەھەردە ئاران 21 ئائىلە بار ئىدى. ئۇ چاقىلىقتا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە تېخىمۇ قەدىمىي، كۆلىمى تېخىمۇ كەڭ بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 15 - يىلى (1889 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى چاقىلىقتا ساخاۋەتخانا قۇرغان، ئىككىنچى يىلى خەيرىخاھلىق - دالالەت ئىدارىسى قۇرۇپ، بۇ يەرگە ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىپ بوزيەر ئاچتۇرغان،

سۈ ئىنشائاتلىرىنى قۇرغان ھەمدە تۇرپان ۋە كېرىيەدىن 300 نەچچە ئائىلىنى كۆچۈرۈپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 25 - يىلى (1899 - يىلى) ساخاۋەتخانا تارقىتىۋېتىلىپ، چاقىلىق نايىب ھاكىمى تەسىس قىلىنغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 29 - يىلى (1903 - يىلى) يازدا چاقىلىقنىڭ ئورنى رەسمىي ناھىيىگە ئۆستۈرۈلگەن.

يېقىنقى زاماندا، جاھانگىر دۆلەتلەر چاقىلىقتىن ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىنغە ئۇزۇندىن بۇيان كۆز تىكىپ كەلدى. XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، روسىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا، شۋېتسىيە، ئاۋستىرىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەر ئارقا - ئارقىدىن ئادەم ياكى «ساياھەتچىلەر ئەترىتى»، «ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى» ۋە «سودا ئەترىتى» ئەۋەتىپ، تارىمنىڭ شەرقىي جەنۇبىي رايونلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئىشپىيونلۇق، جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئەسەبىيلەرچە ئېلىپ باردى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تالان-تاراج يۈرگۈزدى، ئۇلار يەر شەكلى، سۇ دائىرىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ، خەرىتىلەرنى سىزدى، ئاخبارات توپلىدى. ياۋا ئات، ياۋا تۆگە قاتارلىق قىممەتلىك ھايۋان ۋە قۇشلارنى خالىغىنىچە تۇتۇپ، ئۆلتۈرۈپ، ئەۋرىشكە ياسىدى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ھەدەپ قېزىپ، ئوغرىلاپ، قىممەتلىك نەرسىلەرنى تالان - تاراج قىلىپ، دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان سانسىز قىممەتلىك بۇيۇملارنى ۋە قەدىمكى خارابىلارنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بۇلاپ كەتتى ۋە ۋەيران قىلدى. مەسىلەن، روسىيىدىن پرژېۋالىسكى، رېگىر، بېۋزوۋ، روبورونوۋسكىي، ئاۋستىرىيىدىن سەيشىنەيىن، كىلەيتىنالوس، شۋېتسىيىدىن سۋېن ھېدىن، بوگمان، ئەنگلىيىدىن كىللېر، لېتېدىر ئەر - خوتۇن، ستەيىن، فرانسىيىدىن دۇتلىبى، باننىن، ئامېرىكىدىن خېنتىنتون، ياپونىيىنىڭ داگۇگۇاڭرۇي «ئېكسپېدىتسىيە» ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىدىن جورۇيچاۋ، يېسۇنرۇڭسەنلاڭ قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ، بۇ چوڭ مەدەنىيەت بۇلاڭچىلىقىغا قاتناشتى. بولۇپمۇ سۋېن ھېدىن، ستەيىنلار چاقىلىق تەۋەسىگە بىر نەچچە قېتىم كېلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى غالجىرانە بۇلىدى ۋە ئوغرىلىدى، نۇرغۇن قەدىمكى خارابىلارنى پۈتۈنلەي بۇزۇۋەتتى، نۇرغۇن قىممەتلىك بۇيۇملارنى قالدۇرماي ئېلىپ كەتتى.

ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار، بايلار ۋە بەگلەرنىڭ ۋەھشىيانە زۇلۇمى، ئېغىر ئالۋان - سېلىق سېلىشى تۈپەيلىدىن شۇنىڭدەك بوران - قۇم ۋە دەريا يولىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق تەبىئىي شارائىتلارنىڭ تەسىرىدىن چاقىلىقنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ كەلدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىنەم يەرلەرنى تېرىش، ئوۋ ئوۋلاش، سۇ، ئوت - چۆپ بار يەرگە كۆچۈپ يۈرۈپ مال بېقىشتەك ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەتلەر يۈز بەرگەندە، پۇقرالار تەرەپ - تەرەپكە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىپ تىلەمچىلىك قىلاتتى. كونا زاماندا، توختىماي يۈز بېرىپ تۇرغان باندىتلار پاراكەندىچىلىكى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر خەلقنى قاتتىق ئازاپ - ئوقۇبەتتە قالدۇرغانىدى. خاتىرىلىنىشىچە XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، قۇسايىن قاتارلىق ئاتلىق باندىتلار شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىنىڭ چېگرىسىغا كېلىپ ئۆز ئالدىغا بەگ بولىۋالغان، چاقىلىقنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تۆمۈرلۈكنى بېسىۋېلىپ شۇ جايدا مال باقىدىغان ئاگيان ۋە تاڭگىتۇل قاتارلىق قەبىلىلەردىكى 4000 دىن ئارتۇق چارۋىچىنى قوغلاپ قىرغان ھەمدە ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋامىدا دائىم توپلىشىپ تاغدىن چۈشۈپ، مىرەن، چاقىلىق، ۋاشەرى قاتارلىق جايلاردا بۇلاڭچىلىق قىلىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان. نۇرغۇن ھەققانىي كىشىلەر ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلار بۇ مۇقەددەس

زېمىننى قوغداش ئۈچۈن قان تۆكۈپ، قۇربان بولۇپ، ئالتۇنتاغ قوينىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن. ئۇلار چاقىلىقنىڭ باياۋانلىرىدا پارلاق ئىزلىرىنى، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قالدۇرغان. ئۆتمۈشتە چاقىلىق رايونىدا ۋابا تارقالغانلىقتىن، لوپلۇقلار كۆپلەر كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، شۇ سەۋەبتىن بۇ يەرنىڭ نوپۇسى تېز ئازىيىپ كەتكەن. بۇ يەردە تارقالغان بىر قوشاقتا: «قۇتۇلساقمۇ ‹دوزاق ئوتى ماكانى› دىن، قۇتۇلمىدۇق شۇم كېسەل ئازابىدىن، قاچان تۈگەر بۇ چۆلدىكى سەپىرىمىز، قۇرۇپ كەتتى تولا يىغلاپ كۆز يېشىمىز» دېيىلگەن. ئازادلىقتىن بۇرۇن، چاقىلىق ناھىيىسى بازىرىدا چوڭراق سودا دۇكانلىرى يوق ئىدى. سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى قوشۇمچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. تار كەتكەن كوچىدا چوڭراق بىر مەسچىتتىن باشقا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاددىي، پاكار، سوقما تام ئۆيلەر بولۇپ، بىرەر تۈزەكرەك دۇكان ۋە ئىمارەت يوق ئىدى. ناھىيە بازىرىدىكى ئاز ساندىكى سانائەت كارخانىسى، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، تىككۈچىلىك دۇكانلىرى، كۆنچىلىك دۇكىنى، ناۋايخانا، ئاشخانا ۋە يايمىچىلاردىن كونا ناھىيە بازىرىنىڭ قىياپىتى شەكىللەنگەنىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاسمان - زېمىن ئۆزگىرىشلەر بولدى، ناھىيە بازىرىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان ئاسفالت يوللار ۋە يېزىلاردىكى تەرەپ - تەرەپكە تۇتاشقان تاش يوللار چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان توپا يوللارنىڭ ئورنىغا دەسسىدى، دېھقانلارنىڭ يېڭى، ئازادە قورۇ - جايلىرى ۋە شەھەر- بازارلاردا سېلىنغان بىنالار پاكار سوقما تام ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى، چاقىلىقنى ھەممە گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان باھار مەنزىرىسى قاپلىدى.

قۇرغاقچىلىق — چاقىلىق رايونىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى. شىنجاڭدىكى جۇغراپىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، «چاقىلىق دۇنيا بويىچە ئوخشاش پاراللېلدىكى كەڭ رايونلار ئىچىدە ئەڭ قۇرغاق جايلارنىڭ بىرى» ئىكەن. ئاتاقلىق تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى بىلەن قۇمتاغ قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى بۇ يەردە تۇتىشىدۇ. دۇنيادا بىر ھېسابلىنىدىغان، شامالنىڭ يېمىرىشىدىن ھاسىل بولغان يارداڭلىقلار ۋە قەدىمكى كىشىلەر تەرىپىدىن «ئەجدىھا شەھىرى»، «ئاق ئەجدىھا دۆۋىسى» دەپ ئاتالغان كۆركەم مەنزىرىلەر ناھىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى لوپنۇر كۆلى بويىدىكى كەڭ رايونلارغا جايلاشقان. ھەيۋەتلىك ئالتۇنتاغ ناھىيىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، چاقىلىقنى بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان تۈزلەڭلىك ۋە تاغلىق رايونغا ئايرىپ تۇرىدۇ. كەڭ كەتكەن بۇ يېپىق رايوندا چۆل، قۇملۇق، قارلىق تاغ ۋە قاقاس باياۋاندىن ئىبارەت ئىپتىدائىي تەبىئەت مەنزىرىلىرى ناھايىتى كەڭ دائىرىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ سۈرلۈك قىياپىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. تەبىئەت شەپقەتسىزلىك بىلەن تىركىشىپ ھەم قىستاپ، كىشىلەرگە ھەر ۋاقىت خىرىس قىلىپ تۇرىدۇ، خەتەرلىك مۇھىت، ناچار ھاۋا كىلىماتى، چەت جۇغراپىيىلىك ئورنى، راۋان بولمىغان قاتنىشى چاقىلىقتىكى ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرگەن. ھاكىم سىدىق قادىر مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا بىر جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 10 كەتمەن چېپىشقا توغرا كەلسە، چاقىلىقتا 20 كەتمەن چېپىشقا توغرا كېلىدۇ». بۇ يەر چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ قۇرغاق رايونىغا تەۋە بولۇپ، بۇ يەردە سۇ جان تومۇر ھېسابلىنىدۇ. سۇ بولمىسا ھېچ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپ كېلىپ، قۇرغاقچىلىقنى تىزگىنلەش بۇ يەردە ئەزەلدىن ئەڭ چوڭ ئىش بولۇپ كەلدى. قەدىمكى كىروران بوستانلىقىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەر كۆپ بولسىمۇ، لېكىن سۇ- ئېقىنلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى ئەڭ تۈپ سەۋەب ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان چاقىلىقتا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە توپتوغرا بىر ئەۋلاد ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قان تەرى سىڭگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە ئەقىل - پاراستى ئارقىلىق گۈللەندۈرگۈچىلەرنىڭ تۆھپە مۇنارىنى تىكلىدى. بۈگۈنكى كۈندە، چاقىلىقنىڭ سۇ ئىنشائاتى دەسلەپكى كۆلەمگە كىردى. پولات چىۋىقلىق بېتوندىن ياسالغان ھەيۋەتلىك سۇ باشلاش توگىنى قۇرۇلۇشى ۋە ئېلېكتر ئىستانسىسى چاقىلىق دەرياسى ۋە ۋاشەرى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا قەد كۆتەردى، ئۇزۇنلۇقى 187.44 كىلومېتىر كېلىدىغان، تاش ياتقۇزۇلغان سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ۋە 931 ئورۇندىكى سۇ ئىنشائاتى چاقىلىق بوستانلىقىدىكى مۇنبەت يەرلەرنى ئېرىگەن قار - مۇز سۇلىرى بىلەن كۆكەرتمەكتە. ناھىيە بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن يەر كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %94.4 ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن سۇنىڭ ئۆستەڭ سىستېمىسىدا پايدىلىنىش نىسبىتى ئاز كەم بىر ھەسسە ئۆستى. 1985 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيىدىكى يېزىلاردا ئورمانلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ دەل - دەرەخ بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %21.8كە، شەھەر - بازارلاردا كۆكەرتىش دائىرىسى %18گە يەتتى. سۇ ئىنشائاتى ۋە ئېتىز- ئېرىق قۇرۇلۇشى تەرەققىياتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. 1949 - يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، چاقىلىقتا 22 مىڭ 900 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1 مىليون 562 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 19 مىڭ جىڭ ياغلىق دان، 4000 جىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىلغان، چارۋا 24 مىڭ 700 تۇياققا يەتكەنىدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر 33 مىڭ موغا يېتىپ، 13 مىليون 779 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 790 مىڭ 700 جىڭ ياغلىق دان، 58 مىڭ 900 جىڭ ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى، يىل ئاخىرىدا قوتاندا قالغان چارۋا مال 106 مىڭ تۇياققا يەتتى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 281 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى قىسقىغىنە 5 يىل ئىچىدە، چاقىلىق ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە مەھسۇلاتنى بىر قاتلىغان 112 ناھىيە قاتارىغا قوشۇلدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە، يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 1977 - يىلدىكى 87 يۈەندىن كۆپىيىپ 494 يۈەنگە يەتتى. پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغىدى، ئىلمىي ئۇسۇلدا يەر تېرىشمۇ چاقىلىق دېھقانچىلىقىنىڭ يۈكسىلىشىگە قانات بېغىشلىدى، ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ يىلدا بىر قېتىم ھوسۇل ئېلىپ كەلگەن دېھقانلار تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، «بالدۇر پىشىدىغان 2 خىل زىرائەتنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ تېرىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يىلدا 2 قېتىم ھوسۇل ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۆزلۈكسىز يېتىلىنىپ تۇرغان ئېسىل سورتلار ھەمدە خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلارنىڭ كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇشى 80 - يىللاردا دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلەتتى، ناھىيە بويىچە ھەرخىل دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ھەسسىلەپ ئاشتى، ئاشلىقنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 70 - يىللاردىكى 195.6 جىڭدىن كۆپىيىپ، 1985 - يىلى 367.4 جىڭغا يەتتى. ساپ پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتىمۇ 70 - يىللاردىكى 23.9 جىڭدىن تېز كۆپىيىپ، 1985 - يىلى 98.3 جىڭغا يەتتى. باشقا زىرائەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى. چارۋا ماللارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىش تەبىئەتكە تايىنىپ بېقىشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنىڭ ئورنىغا پەيدىنپەي دەسسىتىلدى. قوتاز بېقىش، كالا نەسلىنى

ياخشىلاش، يەرلىك يېڭىسۇ كالىسى، لوپ قويى ئەلا نەسىللىرىنى ساپلاشتۇرۇش، شىرپىلڭ قويى، خوتەن قويى، موڭغۇل قويى، قاراكۆل - ئەلتىبىر قويىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتە دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

يېڭىدىن راۋاجلانغان تاشپاختا سانائىتى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى باشلامچى كەسىپ، شۇنداقلا پۈتۈن ناھىيە ئىگىلىكىنىڭ تۈۋرۈكى. 1985 - يىلى تاشپاختىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 10 مىڭ توننىدىن ئاشتى، ئوخشىمىغان ئۆلچەمدىكى 11 خىل تاشپاختا مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولدى، بۇ مەھسۇلاتلار مەملىكەتتىكى 23 ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايوندا بازار تاپتى. چاقىلىقنىڭ تاشپاختا كېنى رايونى مەملىكەتتىكى 8 چوڭ كان رايونىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. دۆلەت قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىدارىسىنىڭ تاشپاختا كانلىرى ۋە ناھىيە، يېزا، كەنتلەرنىڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىنىڭ كانلىرى ناھىيە تەۋەسىدىكى ئالتۇنتاغنىڭ شەرقىي قىسمىغا شاھمات ئۇرۇقلىرىدەك جايلاشقان. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ يەر قاقاس ئېگىز تاغ ئويمانلىقى ئىدى، تۇنجى قېتىم تاغقا چىقىپ كان ئىزدەپ تاشپاختا قازغان ناھىيىلىك تاشپاختا كېنى ئەينى ۋاقىتتا بىر نەچچە 10 كىشىدىنلا تەركىپ تاپقان قوشۇمچە كەسىپ گۇرۇپپىسى ئىدى، ھازىر ئۇ 985 ئىشچى - خىزمەتچىسى، 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قىممەتتىكى مۇقىم مەبلىغى بار ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىغا ئايلاندى. چاقىلىقنىڭ سانائىتى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى، ھازىر 13 سانائەت كارخانىسى بار، بۇلار ئېلېكتر، كان مەھسۇلاتلىرى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ماشىنىسازلىق، يېمەكلىك، كىيىم-كېچەك، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلغان. 1985 - يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 348 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى، بۇ ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 630 مىڭ يۈەننىڭ 74.39%نى ئىگىلىدى.

يېزا - بازار كارخانىلىرى جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلدى، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا، بىناكارلىق، ترانسپورت، مۇلازىمەت قاتارلىق كەسىپلەر ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدى، بۇلار چاقىلىقنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈپ، نامراتلىقنى تۈگىتىپ، بېيىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەردى.

تارىختا چاقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە بارىدىغان قاتناش تۈگۈنى ئىدى. چىڭ دەۋرىدە، تەۋەسىدە 10 نەچچە رابات تەسىس قىلىنغانىدى. مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭدىن گەنسۇغا بارىدىغان ئاددىي تاشيول ياسالغانىدى. ئۇنىڭدا ھازىرمۇ ئاپتوموبىل قاتنىماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، چاقىلىقتا يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى جايلارغا بارىدىغان 3 غول قاتناش لىنىيىسى بار، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1135 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە چاقىلىقتىن كورلىغا بارىدىغان تاشيول 448 كىلومېتىر، چاقىلىقتىن چەرچەنگە بارىدىغان تاشيول 361 كىلومېتىر، چاقىلىقتىن چىڭخەينىڭ خۇاتۇگۇ دېگەن يېرىگە بارىدىغان تاشيول 326 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەرخىل ئاپتوموبىل 232 گە يەتتى. باشقا كەسىپلەر، مەسىلەن، پوچتا - تېلېگراف، سودا، تاشقى سودا قاتارلىق كەسىپلەر يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تېز تەرەققىي قىلدى، ناھىيىدە 6 ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى، 5 تېلېگرامما يولى بار، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا، شەھەر رايونىدا ئۇزۇنلۇقى 22.05 كىلومېتىر كېلىدىغان تېلېفون لىنىيىسى بولۇپ، سىم (قوش سىم) نىڭ ئۇزۇنلۇقى 51.42 جۈپ كىلومېتىر كېلىدۇ، ناھىيە دائىرىسىدىكى قىسقا مۇساپىلىك پوچتا يوللىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 139 كىلومېتىر

كېلىدۇ. 1985 - يىلى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليون 800 نەچچە مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 1.35 ھەسسە كۆپەيدى، تاشقى سودا بويىچە سېتىۋېلىش سوممىسى 116 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1985 - يىلى، ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليون 567 مىڭ 500 يۈەنگە، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 23 مىليون 937 مىڭ 200 يۈەنگە، مىللىي دارامەت 20 مىليون 650 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلق تۇرمۇشىمۇ ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، 1985 - يىلى شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1753 يۈەنگە، يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 494 يۈەنگە، شەھەر - يېزىلاردا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 5 مىليون 335 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋېلسىپىت، قول سائىتى، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، رادىئو قوبۇللىغۇچ ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتى، كىرئالغۇ، تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى سېتىۋالغانلارمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە.

مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە، مەدەنىيەت ۋە تەنتەربىيە ئىشلىرىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە بىر ئۇيغۇرچە ۋە بىر خەنزۇچە 5 يىللىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، 3 مىللىي ۋە خەنزۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 1121گە، جۈملىدىن مىللىي ئوقۇغۇچى 620گە يەتتى؛ 15 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 270 كە، ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %5 .98كە يەتتى؛ بالىلار باغچىسىدا 10 سىنىپ بولۇپ، 345 بالا قوبۇل قىلىندى. ناھىيە بويىچە 253 نەپەر كەسپىي ئوقۇتقۇچى، 421 نەپەر ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن زىيالىي، 160 نەپەر پەن. تېخنىكا خادىمى بار، 104 نەپەر پەن - تېخنىكا خادىمى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى ئالدى. 1982 - يىلدىن بۇيان، چاقىلىق ناھىيىسى 28 خىل ئوبلاستتىن يۇقىرى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوندىن يۇقىرى دەرىجىلىك مۇكاپات 13. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، چاقىلىق رايونىدا يەرلىك كېسەللىكلەر، دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر، كۆپ قوزغىلىدىغان كېسەللىكلەر ئۇنۇملۇك داۋالانمىغان ۋە تىزگىنلەنمىگەنىدى، ۋابا ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۈگۈنكى كۈندە، تېبابەت داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، تېبابەت داۋالاش سەۋىيىسى ناھايىتى تېز ئۆستى، 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە تېبابەت داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش كەسپىي ئاپپاراتى 6گە يەتتى، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بۆلۈملىرى ئاساسىي جەھەتتىن تولۇقلاندى، ئۈسكۈنىلىرىمۇ بىر قەدەر مۇكەممەللەشتى، يېڭى سېلىنغان ئامبۇلاتورىيە بىناسىنىڭ كۆلىمى 980 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. ھەممە يېزىدا شىپاخانا بار، دوختۇر ئاز، دورا قىس بولۇشتەك ۋەزىيەت كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆزگەرتىلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سالامەتلىك سەۋىيىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى. پىلانلىق تۇغۇت ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلدى، خەنزۇلارنىڭ تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى %46 .90كە يەتتى، خەنزۇلار نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰14تىن تۆۋەن نىسبەتتە كونترول قىلىندى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش، قانات يايدۇرۇش جەھەتتىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. مەدەنىيەت جەھەتتە، ناھىيىدە مەدەنىيەت يۇرتى، كىنوخانا، سىملىق رادىئو، سۈنئىي ھەمراھتىن تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئورنى، مەدەنىيەت پونكىتى، مەدەنىيەت ئۆيى، كىنو قويۇش نۇقتىسى بار، تەنتەربىيە مۇئەسسەسەلىرىدىن مۇقىم كۆرۈش

سۇپىسى بار چىراقلىق توپ مەيدانى ۋە تىكتاك توپ مەشىق ئۆيى قاتارلىقلار قۇرۇلدى. 1980-يىلدىن بېرى ناھىيە بويىچە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى كۈندىن-كۈنگە جانلىنىپ، مۇسابىقە سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش، ئارغامچا تارتىش، توپ، يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىلىرى دائىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى، بەزى تۈرلەردە ئاپتونوم ئوبلاست بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مۇسابىقىلەردە ياخشى نەتىجە قازىنىلدى.

چاقىلىقتىكى ھەر مىللەت خەلقى ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىر، ئۇ يەردە خەلق ئەدەبىياتى ئىنتايىن مول. يىراق قەدىمكى زاماندا، «ئون ئىككى مۇقام» ۋە «ياڭگوۋەن قوۋۇقى ھەققىدە ئۈچ كۈي»نىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى بولغان «ئۇلۇغ دۇر مۇقامى» ۋە «ياڭگوۋەن نەغمىسى» چاقىلىق دائىرىسىدە كەڭ تارقالغان. ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە چاقىلىق مەشرىپىدە ئەر-ئاياللار جۈپ-جۈپ بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، «چاقىلىق سەنەمى»، «ھەلىمە سەنەمى» ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە. بۇنىڭدىن باشقا يەنە داپ ئۇسسۇلى، تەخسە ئۇسسۇلى، مىللىي سازلار كەڭ ئومۇملاشقان، بۇلارنى ئامما قىزغىن ياقتۇرىدۇ. خەلق ئارىسىدا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ خەزىنىسى ھېسابلانغان بېيىت، رىۋايەت، قوشاق قاتارلىق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىنتايىن مول، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۈزلۈكسىز قېزىش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىسىدا بىر تۈركۈم نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاممىنىڭ سەنئەت نومۇرلىرىنى ئويناش، ئەدەبىي ئىجادىيەت، رەسساملىق، خەتتاتلىق، سۈرەت تارتىش، پوچتا ماركىسى توپلاش قاتارلىق پائالىيەتلىرى ناھايىتى جانلىق قانات يايدۇرۇلدى، بەس-بەستە ئېلىپ بېرىلدى.

چاقىلىقتىن ئىبارەت بۇ بىپايان زېمىندا كەڭ تارقالغان نۇرغۇن ئاسار ئەتىقىلەر ۋە كۆركەم تەبىئەت مەنزىرىلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سانسىز ساياھەتچىلەر ۋە ئىلىم-پەن خادىملىرىنى جەلپ قىلماقتا. كىروران، دۇرال، مىرەن، ۋاششەرى، لوپ، قوقەن قاتارلىق مەشھۇر قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، رەڭگا-رەڭ، گۈزەل تام سۈرەتلىرى، قىياتاش رەسىملىرى ۋە تۈرلار، خەن دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلى، مۇداپىئە قورغانلىرى، بۇددا نومى قەدىمكى تىبەت يېزىقىدا پۈتۈلگەن تاش پارچىلىرى، ئېگىز تاغدىكى تاش قورال مەيدانلىرى، «قاشتېشى يولى»، «يىپەك يولى»، تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى قاتارلىق مىڭلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇرغۇن يېشىلمەس سىرلارنى قالدۇرغان بولۇپ، كىشىلەرنى ناھايىتى يىراق ھەم بەكمۇ سىرلىق تارىخىي دەۋرگە ئېلىپ كېتىدۇ؛ سانسىزلىغان ئاجايىپ تەبىئەت مەنزىرىلىرى، گۈزەل ھەم ئۆزگىرىشچان يالماۋۇز جىلغىسى، جۇڭگودا ۋە چەت ئەلدە ئاز ئۇچرايدىغان ئېگىز تاغ قوشماق كۆلى — كىنت كۆلى، بىر سىزىقتا جايلاشقان ئۈچ بۇلاق — ئېگىزلىك قۇم بۇلىقى، ئاجايىپ-غارايىپ كارىسلىق يەر شەكلى، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز بولغان، دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان قۇمكۆل قۇملۇقى، دۇنياغا مەشھۇر لوپنۇر كۆلى، مۇرەككەپ، سىرلىق ياردائىلىق قاتارلىقلار ناھايىتى ياخشى ساياھەت بايلىقى مەنبەسى بولۇش بىلەن بىللە، ناھايىتى زور پەن تەتقىقات قىممىتىگىمۇ ئىگە؛ چۆل-باياۋاننى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، يۈز نەچچە كىلومېتىر سوزۇلغان تەبىئىي يېشىل كارىدور، مەملىكەت بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، ئېگىزلىكتىكى قۇملۇق مەنزىرىسى ۋە ئىپتىدائىي يەر شەكلى قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ كۆركەم مەنزىرىسى، قەدىمىي ھەم ھەيۋەتلىك قىياپىتى، خىلمۇ خىل ياۋايى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن كىشىنى جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ. چاقىلىقنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي مەدەنىيىتى، نۇرغۇن قەدىمكى مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ ئالماشتۇرغان مەدەنىيىتى، ئۆزىگە خاس مۇھىتى بۇ ئاجايىپ زېمىنگە سىرلىق تۈس بەخش

ئەتكەن. چاقىلىقتا مول تەبىئىي بايلىق، ئاجايىپ تەبىئەت مەنزىرىلىرى بولۇپلا قالماستىن، ئېخىمۇ كۆپ قىممەتلىك ئىجتىمائىي ئىنسان مەدەنىيىتى جۇغلانمىسى بار، مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، چاقىلىق ئىرقلار كۆرگەزمىسى، يەر ئاستى مۇزىيى، تارىخىي مەدەنىيەت كارىدورى دەپ تەرىپلەنمەكتە، ئۇ، شىنجاڭ گۈلىستانىدا ئاجايىپ كۆركەم ئېچىلغان بىر گۈل.

XX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا، خەلقئارادا «يىپەك يولى» قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، چاقىلىقتا تەكشۈرگىلى، ساياھەت قىلغىلى كەلگەن ئالىملار ۋە ساياھەتچىلەر يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. ناھىيە دائىرىسىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بايقالغان ۋە قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىغان زور بىر تۈركۈم ئىلمىي تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى، مەسىلەن، كىرىوران قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنىڭ توغرا ئورنى، دائىرىسى، بىر ئەسىرلىك تالاش - تارتىش ئارقىلىقمۇ ھەل بولمىغان لوپنۇر كۆلىنىڭ كۆچۈش مەسىلىسى، ئالتۇنتاغدىكى ئېگىزلىك ئويمانلىقنىڭ گېئولوگىيە، ھاۋارايى، بىئولوگىيە جەھەتتىكى سىرلىرى قاتارلىقلاردا بۇسۇش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر ۋە مەمنۇن بولارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، شۇنداق بولسىمۇ، تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، بۇ سىرلىق زېمىندا تارىخنىڭ ۋە تەبىئەتنىڭ يەنە نۇرغۇن سىرلىرى ھەم نۇرغۇن بايلىقلار كىشىلەرنىڭ ئېچىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. چاقىلىقنىڭ قويۇق يەرلىك تۈس ئالغان ئادەتى، خىلمۇ خىل ئۆرپ - ئادىتى، رىۋايەتلىرى، چۆچەكلىرى، ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە خەلق مۇزىكىلىرى، ئۇسسۇللىرى، چوڭقۇر مەنىلىك يەرلىك شېئىرلىرى، ماقال - تەمسىللىرى قاتارلىقلارمۇ سانسىز ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلماقتا.

بۈگۈنكى كۈندە، چاقىلىق رايونى بىر يېڭى پەللىگە قەدەم قويۇشقا باشلىدى، يېڭى تەرەققىيات، يېڭى كەشپىيات، يېڭى ئىجادىيەتلەر چاقىلىققا يەنە يېڭى تۈس بەخش ئەتتى. تارىمنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسىنىڭ تۈزۈلمىسى جەھەتتە كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان جاي دەپ ھېسابلاندى. ئالتۇنتاغ رايونىدا بىر قەدەر يۇقىرى سورتلۇق يېڭى ئالتۇن كان بەلۋاغلىرى ۋە يېڭى كان تۈرلىرى ئارقا - ئارقىدىن بايقالدى. زامانىۋىلاشقان 10 مىڭ توننىلىق تاشپاختا تاللاش زاۋۇتى، گلائۇبېر تۇزى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، توغرىساي ئالتۇن كېنى، خىش، كۆمۈر كېنى، كالىي تۇزى كېنى، پارتلاتقۇچ دورا زاۋۇتى، ۋاششەرى پاختا زاۋۇتى، چاقىلىق دەرياسى توما سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، تاشپاختا كېنىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى يېقىن مەزگىللىك پىلانغا رەسمىي كىرگۈزۈلدى ۋە قۇرۇلۇشقا باشلىدى، چاقىلىق ناھىيىسى دېھقانچىلىق ئاساس، سانائەت - كانچىلىق يېتەكچى قىلىنىپ، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق ئومۇميۈزلۈك تېز تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى.

ئەسلىمەك، ئۆتۈپتۇ يىللار ئۆزگىچە خىسلەت بىلەن،
قارىساق بۈگۈنگە گۈلدەك كۆرۈنەر ئىستىقبالىمىز.

چاقىلىقتىكى ئەمگەكچان، باتۇر، ئەقىل - پاراسەتلىك ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىلگىرى قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاساسىدا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ زور دولقۇنىدا يەنە يېڭى قەدەم تاشلاپ، ئاۋات، باي، ئىنتىپاقلاشقان، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك يېڭى چاقىلىق قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

# چوڭ ئىشلار

# چوڭ ئىشلار

## يېڭى تاش قورال دەۋرى

### (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4000 - يىلدىن بۇرۇن)

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، مەملىكىتىمىز يېڭى تاش قورال دەۋرىگە كىرگەندە، لوپنۇر كۆلى بويلىرىدا يىراق قەدىمكى زامان ئاھالىسى ياشاپ كەلگەن، ئۇلار بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق ياكى چارۋىچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. بۇ ئەتراپتا بىر قانچە جايدا تارىختىن ئىلگىرىكى خارابىلار بايقىلىپ، شۇ يەرلەردىن سۈركەپ ئىشلەنگەن تاش پالتا ۋە يوپۇرماق شەكلىدە ئىشلەنگەن ئۆشلۈق، كىچىك سىپتا تاش قوراللار تېپىلدى.

XX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، تەكشۈرۈش ئەترىتى لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تېبەن دەرياسى قولتۇقىنىڭ بۇرۇنقى ئورنىدا قەدىمكى لوپلۇقلارنىڭ قەبرىستانلىقىنى تاپتى، قەبرىستانىنىڭ تېگىدىن قەدىمكى لوپلۇقلارنىڭ بىر مۇكەممەل جەسىتىنى ۋە ئاخىرەتلىك نەرسىلەرنى تاپتى. كاربون 14 ئانالىزىدا بېكىتىلىشىچە، بۇ جەسەت بۈنىڭدىن تەخمىنەن 3800 يىل ئىلگىرىكى جەسەت ئىكەن.

لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىرغاقلىرى قاتارلىق جايلاردا سىپتا تاش قورال مەدەنىيىتى خارابىلىرى تېپىلدى.

## غەربىي خەن دەۋرى

### خەن سۇلالىسى ۋېندى خان زامانىسىنىڭ چيەنيۈەن 4 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 176 - يىلى)

هونلارنىڭ تەڭرىقۇتى باتۇر خەن سۇلالىسىنىڭ ۋېندى خانىغا مەكتۇپ يېزىپ: «كىروران، ئۇيسۇن، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 بەگلىكنىڭ ھەممىسى هونلاردۇر» دېگەن.

### جەنيۈەن 3 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى)

جاڭ چيەن 1 - قېتىم ئەلچى بولۇپ غەربىي يۇرتقا كەلدى، سەپىرىدە كىروراندىن ئۆتتى.

## يۈەنسۇ 3 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 126 - يىلى)

جاڭ چيەن قاتارلىق كىشىلەر سەپىرىدە چاقىلىقتىن خەن سۇلالىسىغا قايتىپ بېرىپ، ۋۇدى خانغا: «كىروران، قاڭقىللاردا شەھەر بار ئىكەن، ئۇ يەرلەر لوپنۇر كۆلىگە يېقىن ئىكەن» دېگەن.

## يۈەنشۇ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 121 - يىلى)

ھونلارنىڭ كۇنشىخانى سۇتۇق خاننى ئۆلتۈرۈپ، قول ئاستىدىكى 40 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ خەن سۇلالىسىغا قارام بولدى، خەن سۇلالىسى غەربتىن لوپنۇر كۆلىگىچە بولغان جايلارغا ئىگە بولدى.

## يۈەنفېڭ 3 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 108 - يىلى)

كىروران، قاڭقىل ھونلارغا كۆز - قۇلاق بولدى، خەن سۇلالىسى سانغۇن جاۋپونو بىلەن ۋاڭ خۇينى 700 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ كىرورانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇلار كىروران خانىنى ئەسىر ئالدى.

## تەيچۇ 3 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 102 - يىلى)

خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى خانى ئېرشى سانغۇن لى گۋاڭلىنى 2 قېتىم لەشكەر تارتىپ پەرغانىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇ سەپىرىدە لوپنۇر كۆلىدىن ئۆتتى.

## تەيچۇ 4 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى)

كىروران شاھزادىنى خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا بارىمتاي قىلىپ ئەۋەتتى.

## تيەنخەن 2 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 99 - يىلى)

خەن سۇلالىسى ئوردىسى كەيلىڭ بېگى چېڭمىيەن (ئەسلىدە ھونلارنىڭ جيې خې نامىلىق خانى ئىدى) نى كىروران لەشكەرلىرىنى باشلاپ قاڭقىلغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى.

شۇ يىلى، لى گۋاڭلى پەرغانىغا 2 قېتىم جازا يۈرۈشى قىلغاندىن كېيىن، دۇڭخۇاڭدىن لوپنۇر كۆلىگىچە سەددىچىن سېپىلى سالدۇردى، سېپىل 4 يىل ياسىلىپ، تەيشى 1 - يىلى پۈتتى. بۇ سېپىل دۇڭخۇاڭنىڭ شىمالىدىن باشلىنىپ سۇلې دەرياسىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ غەربكە سوزۇلۇپ قارا كۆلگە بارغان، ئۇ يەردىن يەنە غەربكە سوزۇلۇپ لوپنۇر كۆلىنىڭ يېنىغا بارغان.

## جىيەنخې تۈنجى يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 92 - يىلى)

هونلار غەربىي يۇرتتا چاكارلار كاھىبېگى تەسىس قىلدى.

كىروران خانى ئۆلدى، ئۇنىڭ خەن ئوردىسىدا بارىمتاي بولۇپ تۇرغان ئوغلىنى تەختكە چىقىرىش ئىلتىماس قىلىندى، بۇ بارىمتاي جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ئاختا قىلىش جازاسىغا تارتىلغانلىقى ئۈچۈن دۆلىتىگە قايتالمىدى. كىروران يېڭى خانىنى تەختكە چىقارغاندىن كېيىن، خەن ۋە هونلارغا ئايرىم - ئايرىم بارىمتاي ئەۋەتتى، كېيىن بۇ خانمۇ ئۆلۈپ كەتتى، هونلار بارىمتايىنى ئاۋۋال قايتۇرۇپ، ئۇنى خان قىلىپ تىكلىدى. خەن سۇلالىسى ئوردىسى يېڭى خانىنى ئوردىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىنئام بەردى.

## جىيەنخې 4 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 89 - يىلى)

چۇڭخې بېگى ماتۇڭ 40 مىڭ ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ هونلارغا هۇجۇم قىلدى، يەنە كەيلىن بېگى كىروران، لوپنۇر، كورلا قاتارلىق 6 بەگلىكنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ قاغقىلغا هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلدى، قاغقىل خەن سۇلالىسىغا قارام بولدى.

## يۈەنفېڭ 4 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 77 - يىلى)

چوڭ سانغۇن خې گۇاڭ فۇجيېزىنى ئەۋەتىپ، هونلارغا يېقىنغان كىروران خانى ئانگۈينى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىنىسى ۋېتوگىتنى خان قىلىپ تىكلىدى، پايتەختىنى جەنۇبتىكى مىرەن قەلئەسىگە كۆچۈرۈپ، كىروراننىڭ نامىنى پىشامشانغا ئۆزگەرتتى.

شۇ يىلى خەن سۇلالىسى ئوردىسى ۋېتوگىتنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، بىر ئەمىرلەشكەر 40 نەپەر ئەمەلدار لەشكەرنى مىرەندە بوزيەر ئېچىشقا ئەۋەتتى، كېيىن بۇ يەرگە مىرەن كاھىبېگى قويدى.

## دىجيې 2 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 68 - يىلى)

خەن سۇلالىسى ئوردىسى يانداش بەگ جېن جىنى قوغدىغۇچى ئەلچى ئەمىر لەشكەر قىلىپ تەيىنلەپ، پىشامشاننىڭ غەربىدىكى جەنۇبىي يىپەك يولىنى قوغداشقا مەسئۇل قىلدى.

## شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى)

خەن سۇلالىسى ئوردىسى ئۇرلىدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، جېن جى غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى بولۇپ، خەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ پەرمانلىرىنى

يۈرگۈزدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھونلارنىڭ چاكارلار كاھىبىگى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ھونلارمۇ بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، غەربىي يۇرتقا يېقىن كېلەلمەيدىغان بولدى.

## گەنلۇ 1 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 53 - يىلى)

خەن سۇلالىسى ئوردىسى چوڭ سانغۇن شىن ۋۇشەنتى 15 مىڭ ئادەمنى باشلاپ بەيلۇڭدۇي ئەتراپىدا قودۇق قېزىپ، ئۈستەڭ چېپىپ ئاشلىق تېرىشقا ئەۋەتتى.

## جيەنجاۋ 3 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 36 - يىلى)

خەن سۇلالىسى ئوردىسى گەن يەنشۇنى غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى قىلىپ ئەۋەتتى. ياردەمچى چېرىكچى چېن تاڭ «شەھەر بەگلىكلىرى» نىڭ لەشكەرلىرىنى ۋە بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچى لەشكەرلەردىن ئاتلاندۇرۇپ، ھونلارنىڭ قۇتئۇس تەڭرىقۇتىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇردى، چاقىلىق بەگلىكىنىڭ بېگى تاڭدۇ (چۈي خولەي بەگلىكىنىڭ بېگى) خەن سۇلالىسىغا تەسلىم بولدى.

## يۈەنشى 3 - يىلى (3 - يىلى)

چاقىلىق چۈي خولەي بەگلىكىنىڭ بېگى تاڭدۇ قىزىلسۇ چاڭلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇپ بولۇپ، قورۇقچىبەگ دانچىندىن ياردەم تەلەپ قىلدى، دانچىن ۋاقتىدا ياردەم بەرمىگەنلىكتىن، تاڭدۇ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى باشلاپ ھونلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. ۋاڭ ماڭ ھونلار تەڭرىقۇتىدىن تاڭدۇنى سوراپ قايتۇرۇپ ئەكىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

## ۋاڭ ماڭ زامانىسىنىڭ شىجيەنگو 1 - يىلى (9 - يىلى)

ۋاڭ ماڭ پىشامشان بېگىنىڭ دەرىجىسىنى تۆرە دەرىجىسىگە تۆۋەنلىتىۋەتتى.

# شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى

## جيەنۋۇ 14 - يىلى (38 - يىلى)

پىشامشان بېگى ئەن ئەلچى ئەۋەتىپ خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا تارتۇق تاپشۇردى، بۇ غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا 1 - قېتىم تارتۇق تاپشۇرۇشى ئىدى.

## جيەنۋۇ 21 - يىلى (45 - يىلى)

غەربىي يۇرتتىكى پىشامشان بېگى قاتارلىق 18 بەگ بەگزادىلىرىنى خەن ئوردىسىدا خاس مۇلازىم بولۇپ تۇرۇشقا ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىگە قورۇقچىبەگ ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلدى. خەن سۇلالىسىنىڭ گۇاڭۋۇخانى ھونلار تىنچىتىلمىدى دېگەن باھانە بىلەن ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتتى.

## جيەنۋۇ 22 - يىلى (46 - يىلى)

يەكەن بېگى شيەن پىشامشان بېگى ئەننى خەن سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋەتتىنى ئۈزۈشكە قىستىدى، ئەن رەت قىلدى ھەمدە ئەلچىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شيەن لەشكەر چىقىرىپ پىشامشانغا ھۇجۇم قىلدى. ئەن مەغلۇپ بولۇپ تاغ ئارىسىغا قېچىپ كەتتى، پىشامشانلىقلاردىن 1000 دىن ئارتۇق كىشى ئەسىرگە ئېلىندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى.

شۇ يىلى قىشتا، پىشامشان قاتارلىق جايلار شەرقىي خەن سۇلالىسى ئوردىسىدىن قورۇقچىبەگ ئەۋەتىشنى يەنە بىر قېتىم ئىلتىماس قىلدى، خەن ئوردىسى ئۇنىڭغا ماقۇل بولمىدى، پىشامشان قاچقۇنلار ھونلار تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتتى.

## يۇڭپىڭ 2 - يىلى (59 - يىلى)

پىشامشان ئەندىرە، نىيا، رۇڭلۇ، چەرچەن قاتارلىقلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، پىشامشان بەگلىكىنى قۇردى. پىشامشاننىڭ زېمىن دائىرىسى غەربتە نىيىغىچە كېڭەيدى.

## يۇڭپىڭ 16 - يىلى (73 - يىلى)

بەن چاۋ 36 كىشىنى باشلاپ پىشامشانغا ئەلچى بولۇپ كېلىپ، ھونلار ئەلچىسىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈردى، پىشامشان خەن سۇلالىسىغا بېقىندى.

## جيەنچۇ 1 - يىلى (76 - يىلى)

خەن سۇلالىسى ئوردىسى دۆەن پىڭ قاتارلىق كىشىلەرنى جيۇچۈەن، پىشامشان قاتارلىق جايلاردىكى لەشكەرلەرنى باشلاپ قاچقۇنلارغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى.

شۇ يىلى لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدا قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولدى.

## يۇڭيۈەن 6 - يىلى (94 - يىلى)

بەن چاۋ پىشامشان، كۇسەن قاتارلىق 8 بەگلىكنىڭ تەخمىنەن 70 مىڭ لەشكىرىنى باشلاپ

كىنگىت، لوپنۇر، كورلا، قۇرۇقتاغ بەگلىكىنى ئىشغال قىلدى، غەربىي يۇرتتىكى 50 نەچچە بەگلىك بارمتاي ئەۋەتىپ خەن ئوردىسىغا قارام بولدى.

## يۇڭچۇ 1 - يىلى (107 - يىلى)

خەن سۇلالىسى ئوردىسى يارلىق چۈشۈرۈپ غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنى قايتۇرۇپ كەتتى، شىمالىي هون ئاقسۆكەڭلىرى غەربىي يۇرتقا يېڭىۋاشتىن هۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئىجارە هەققى ۋە باجنى ئېغىرلىتىۋەتتى، پىشامشان، قاڭقىل قاتارلىق بەگلىكلەر بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولدى.

## يەنگۋاڭ 2 - يىلى (123 - يىلى)

بەن يۇڭ خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ئەندىغا: غەربىي يۇرت دورغابى باشچىلىقىدا 500 ئادەم ئەۋەتىپ، كىرورلاندا بوزيەر ئاچتۇرغىنىمىز تۇزۇك دەپ تەكلىپ بەردى، خەن ئوردىسى بۇنىڭغا ماقۇل بولمىدى.

## يەنگۋاڭ 3 - يىلى (124 - يىلى)

بەن يۇڭ كىرورانغا كەلدى، پىشامشان خەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى، ئۇنىڭ بېگىگە ئالاھىدە 3 دەرىجە مەرتىۋە قوشۇپ بېرىلدى.

## يەنگۋاڭ 4 - يىلى (125 - يىلى)

بەن يۇڭ دۇنخۇاڭ، پىشامشان، سۇلى قاتارلىق جايلارنىڭ لەشكەرلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ قاڭقىل بېگى جۇنجيۇنى مەغلۇپ قىلدى، سۇبەننىڭ زىيانكەشلىكىكە ئۇچرىغانلىقىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، هونلارنىڭ ئەلچىسىنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى.

## خەنئەن 2 - يىلى (143 - يىلى)

2 - ئايدا، پىشامشان بەگلىكى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سوۋغا قىلدى.

# ساۋۋېي سۇلالىسى دەۋرى

## خۇاڭچۇ 1 - يىلى (220 - يىلى)

پىشامشان بەگلىكى ساۋۋېي سۇلالىسىگە قارام بولدى.

## خۇاڭچۇ 3 ـ يىلى (222 ـ يىلى)

پىشامشان، كۇسەن، ئودۇن قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق تاپشۇرغاندىن كېيىن، ساۋپېي يارلىق چۈشۈرۈپ غەربىي يۇرتقا ئەلچى ئەۋەتىپ ھال سورىدى، غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقە قايتىدىن راۋانلاشتى. ۋېي ئوردىسى كىروراندا غەربىي يۇرت دورغاب مەھكىمىسى تەسىس قىلدى.

## تەيخې 4 ـ يىلى (230 ـ يىلى)

كىروراندا غەربىي يۇرت دورغاب مەھكىمىسى قايتا تەسىس قىلىندى.

# جىن سۇلالىسى دەۋرى

## تەيشى 1 ـ يىلى (265 ـ يىلى)

غەربىي جىن سۇلالىسى ۋېي سۇلالىسىغا ئوخشاش كىروراندا داۋاملىق غەربىي يۇرت دورغاب مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ غەربىي يۇرتنى باشقۇردى.

## تەيشى 2 ـ يىلى (266 ـ يىلى)

پىشامشان بەگلىكى جىن سۇلالىسىگە قارام بولدى.

## تەيشى 6 ـ يىلى (270 ـ يىلى)

3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كىروراندا تۇرۇپ بوزيەر ئۆزلەشتۇرۇۋاتقان غەربىي يۇرت دورغابى دۇنخۇاڭ مەھكىمىسىگە بىر پارچە ئاق تاشلىق ھۆججەت ئەۋەتتى، مۇتىۋەللى بەگ (مەنسەپ نامى) مالى 16 پارچە مەكتۇپ ئەۋەتتى.

## تەيكاڭ 1 ـ يىلى (280 ـ يىلى)

ئالدى قاڭقىل بېگى، پىشامشان بېگى، كىنگىت بېگى قاتارلىق بەگلەر جىن سۇلالىسى ئوردىسىغا بارىمتاي ئەۋەتتى.

## تەيكاڭ 4 ـ يىلى (283 ـ يىلى)

پىشامشان بېگى ئوغلى يۈەن يىگىنى بارىمتايلىققا ئەۋەتتى.

# ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسى دەۋرى

## جيەنشىن 18 - يىلى (330 - يىلى)

ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ دۇرالدا تۇرۇشلۇق غەربىي يۇرت دورغابى لى بو ئىسيانچى سانغۇن جاۋ جىنغا ھۇجۇم قىلدى ۋە جاۋ جىن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى.

## جيەنشىن 23 - يىلى (335 - يىلى)

ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىن جاڭ جۈن شاجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى ياڭ شۈەننى پىشامشاننى تەسلىم قىلدۇرۇشقا ئەۋەتتى، پىشامشان ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا تارتۇق تەقدىم قىلدى.

# ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرى

## جيەنيۈەن 12 - يىلى (376 - يىلى)

لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى، غەربىي چاڭلارنى قوغدىغۇچى لەشكەر بېشى لياڭ شى غەربىي يۇرتقا تاۋار - دۇردۇن قاتارلىق سوۋغاتلار بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى، پىشامشان بېگى ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتتى.

## جيەنيۈەن 17 - يىلى (381 - يىلى)

پىشامشان بېگى شيۇمىدو چاڭئەنگە بېرىپ فۇجيەن بىلەن كۆرۈشۈپ، قورۇقچىبەگ تەسىس قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى ھەمدە پادىشاھ لەشكەرلىرى قوۋۇقتىن چىقىدىغان بولسا، ئۇلارغا يول باشلاپ بېرىشنى خالايمەن، دېدى.

## جيەنيۈەن 18 - يىلى (382 - يىلى)

پىشامشان بېگى شيۇ مىدۇ ئالدى قاڭقىل بېگى مىزى بىلەن بىرلىكتە مەكتۇپ يېزىپ، قورۇقچىبەگ تەسىس قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئالدىنقى چىن پادىشاھى فۇ جيەن لۈ گۇاڭنى تەمتەكلىك تۇتۇق بەگ قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنى 70 مىڭ لەشكەر بىلەن پەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى.
لۈ گۇاڭنىڭ قوشۇنى چاڭئەندىن يولغا چىقتى، پىشامشان بېگى ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئۇلارغا يول باشلاپ بەردى.

## جىيەنيۈەن 19 - يىلى (383 - يىلى)

لۈ گۇاڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ پىشامشان، كۇسەنگە كىردى، 30 نەچچە بەگلىك تەسلىم بولدى، غەربىي يۇرتنىڭ ھەممىسى ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىغا تەۋە بولدى.

# كېيىنكى لياڭ، غەربىي لياڭ، شىمالىي لياڭ دەۋرى

## كېيىنكى لياڭ دەۋرىنىڭ لىنجيا 5 - يىلى (393 - يىلى)

لۈ گۇاڭ ئوغلىنى ئەمتەكلىك غەربىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، غەربىي يۇرتنىڭ باش قورۇقچىبېگى قىلىپ تەيىنلەپ، قاشقوۋۇقنىڭ غەربىدىكى ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قويدى.

## كېيىنكى لياڭ دەۋرىنىڭ شيەنىنىڭ 1 - يىلى (399 - يىلى)

راھىب فا شيەن ئۈز سەپىرىدە پىشامشان بەگلىكىگە يېتىپ كەلدى، پىشامشان بېگى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، راھىب 4000 دىن ئاشتى.

## شيەنىنىڭ 2 - يىلى (400 - يىلى)

دۇنخۇاڭ ۋالىيسى لى گاۋ غەربىي لياڭ پادىشاھلىقىنى قۇردى، پىشامشان بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا تارتۇق تەقدىم قىلدى.

## شىندىڭ 3 - يىلى (403 - يىلى)

پىشامشان، كىنگىت، كۇسەن قاتارلىق غەربىي يۇرت بەگلىكلىرى جورجانلارغا بېقىندى.

## غەربىي لياڭ دەۋرىنىڭ جيەنچۇ 1 - يىلى (405 - يىلى)

لى گاۋ مەركەزنى دۇنخۇاڭدىن جيۇچۇەنگە كۆچۈردى، «كوئېنلۇن ئېتەكلىرىدىكى يۇرتلارنى ئىدارە قىلىپ، ئەتراپنى تىنچىتىش» ئۈچۈن، ئوغلىنى شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، غەربىي ئەللەر لەشكەر بېشى، دۇنخۇاڭ ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلىدى.

## جيەنچۇ 2 - يىلى (406 - يىلى)

پىشامشان بېگى جيۇچۇەنگە ئادەم ئەۋەتىپ غەربىي لياڭغا قارام بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## شىمالىي لياڭ دەۋرىنىڭ شۈەنشى 9 - يىلى (420 - يىلى)

خون ئاقسۆڭەكلىرىدىن چىجۈي مۇڭشۇن قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى باشلاپ جيۇچۈەن، دۇنخۇاڭنى ئىشغال قىلىپ، غەربىي لياڭنى يوقاتتى. پىشامشان بېگى بىلۇن قاتارلىقلار شىمالىي لياڭغا بېيئەت قىلدى.

# جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار دەۋرى

## سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭچۇ 3 - يىلى (422 - يىلى)

پىشامشان بېگى بىلۇن سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا سالامغا باردى، غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك سۇڭ سۇلالىسىغا بېيئەت قىلىپ تارتۇق تاپشۇردى.

## شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىگۇاڭ 1 - يىلى (424 - يىلى)

پىشامشان بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئوردىسىغا تارتۇق تاپشۇردى.

## شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەييەن 1 - يىلى (435 - يىلى)

قەمەرىيە 5 - ئايدا پىشامشان قاتارلىق جايلار ئەلچى ئەۋەتىپ، ۋېي ئوردىسىغا تارتۇق تاپشۇردى، 6 - ئايدا پىشامشان يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، ۋېي ئوردىسىغا تارتۇق تاپشۇردى، ۋېي ئوردىسى ۋاڭ ئېنشىڭ قاتارلىق 20 نەچچە كىشىنى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

## تەييەن 2 - يىلى (436 - يىلى)

پىشامشان قاتارلىق بەگلىكلەر ۋېي ئوردىسىغا تارتۇق تاپشۇردى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئوردىسى دۇڭ ۋەن، گاۋ مىڭ قاتارلىق كىشىلەرنى سوۋغىلار بىلەن غەربىي يۇرتقا ھال سوراشقا ئەۋەتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تارتۇق تاپشۇرغۇچى ئەلچىلەر بىر قانچە يىلغىچە ئۈزۈلمەي بېرىپ كېلىپ تۇردى.

## تەييەن 4 - يىلى (438 - يىلى)

پىشامشان بېگى ئىنىسى سۇ ياندېنى ۋېي ئوردىسىغا تارتۇق تاپشۇرۇشقا ئەۋەتتى.

## تەييەن 5 - يىلى (439 - يىلى)

پىشامشان قاتارلىق بەگلىكلەر ۋېي ئوردىسىغا ئارتۇق تەقدىم قىلدى.

## شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ جېنجۈن 1 - يىلى (440 - يىلى)

جۈرجى ئۇرغۇ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا قارشى تۇرۇپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى باشلاپ غەربتىكى پىشامشانغا قېچىپ كەتتى.

## تەيپىڭ جېنجۈن 2 - يىلى (441 - يىلى)

جۈرجى ئۇرغۇ كۆچمە قوملۇقتىن ئۆتمەكچى بولۇپ، ئىنىسى ئارگۇنى پىشامشانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، پىشامشان بېگى بىلۇن قورقۇپ كېتىپ تەسلىم بولماقچى بولغاندا، ۋېي ئەلچىسى يېتىپ كېلىپ، ئۇنى مۇداپىئە كۆرۈشكە دەۋەت قىلدى، ئارگۇ بىر نەچچە 10 كۈنگىچە غەلىبە قىلالماي، شەرقىي قەلئەگە چېكىندى.

## تەيپىڭ جېنجۈن 3 - يىلى (442 - يىلى)

جۈرجى ئۇرغۇ قول ئاستىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىنى دۇنخۋاڭغا تاشلاپ، غەربتە ئارگۇغا يېقىنلاپ، پىشامشانغا ھۇجۇم قىلدى. پىشامشان بېگى بىلۇن شەھەرنى تاشلاپ، قول ئاستىدىكى 4000 دىن ئارتۇق ئائىلىنى تاشلاپ چەرچەنگە قېچىپ كەتتى.

## تەيپىڭ جېنجۈن 6 - يىلى (445 - يىلى)

جۈرجى ئارگۇ پىشامشان بېگىگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ قاتناش يوللىرىنى توسۇۋېتىشنى بۇيرىدى، ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى تەيۋۇدى ۋەندۇگۇينى پىشامشانغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇ پىشامشان بېگى جېدانى تىرىك تۇتۇۋالدى، پىشامشان شۇنىڭدىن كېيىن ۋېي سۇلالىسىغا تەۋە بولدى.

## تەيپىڭ جېنجۈن 8 - يىلى (447 - يىلى)

پىشامشان بېگى قاتارلىقلار بەگزادىلىرىنى ۋېي ئوردىسىغا سالامغا ئەۋەتىپ، ئارتۇق تەقدىم قىلدى.

## تەيپىڭ جېنجۇن 9 - يىلى (448 - يىلى)

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خەن باغا تەمتەكلىك غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن دەپ نام بېرىپ، ئۇنى پىشامشان بېگى، غەربتىكى ئەللەرنى قوغدىغۇچى چېرىكچىبەگ قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ پىشامشاندا تۇرۇپ، غەللە - پاراق ۋە باج ئالدى، ۋىلايەت ناھىيە تۈزۈمىنى يۈرگۈزدى.

## تەيخې 7 - يىلى (483 - يىلى)

پىشامشان بەگلىكىنى دىڭلىڭلار ئىشغال قىلىۋالدى، ئۇنىڭ خەلقىسىمۇ ۋەيران بولۇپ كەتتى، تۇيغۇنلار پىشامشانغا ئورۇنلىشىشقا باشلىدى.

## تەيخې 17 - يىلى (493 - يىلى)

فۇلىيەنشۇ تۇيغۇنلارنىڭ بېگى بولدى، ئۇ پىشامشان، چەرچەننى ئۆزىنىڭ زېمىنىغا قوشۇۋالدى.

## شېنگۇي 2 - يىلى (519 - يىلى)

ئاتاقلىق راھىب سۇڭ يۈن بىلەن خۇي شىڭ، فا لى قاتارلىق كىشىلەر ھىندىستانغا بۇددا نومىنى ئۆگەنگىلى كېتىۋېتىپ، چاقىلىقتىن ئۆتتى. شۇ چاغدا پىشامشاننى تۇيغۇنلارنىڭ 2 - ئەربىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇنى ئىشغال قىلغانىدى.

## غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ داتۇڭ 8 - يىلى (542 - يىلى)

پىشامشان بېگى مى قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى باشلاپ غەربىي ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى.

# سۈي سۇلالىسى دەۋرى

## كەيخۋاڭ 3 - يىلى (583 - يىلى)

6 - ئايدا يۈۋېنبى خان تەمتىكىنى ئېلىپ كېلىپ، غەربىي چاڭلارنى تىنچلاندۇردى، لوپنۇر، پىچان شەھەرلىرىنى قورۇپ قايتىپ كەتتى.

## دايې 3 ـ يىلى (607 ـ يىلى)

سۈي سۇلالىسى پېي جۈنى ئۇيغۇرلار، چۈبەلەر، توغرىلار ۋە بارغۇتلار بىلەن بىرلىشىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ۋە جەنۇبىي تەرىپىدىكى تۇيغۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى.

## دايې 5 ـ يىلى (609 ـ يىلى)

سۈي سۇلالىسى قوشۇنى تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلدى، تۇيغۇنلار زېمىنى پۈتۈنلەي سۈي سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتتى. سۈي سۇلالىسى شىنجاڭنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي قىسمىدا پىشامشان ۋىلايىتىنى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا شەنتۇ، جيۇمو ناھىيىلىرىنى تەسىس قىلدى.

شۇ يىلى ھەممە جايدىكى گۇناھكارلار ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ، پىشامشانغا بوزيەر ئۆزلەشتۈرگىلى ئەۋەتىلدى. كېيىن ۋىلايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پىشامشان قورغىنى تەسىس قىلىندى.

# تاڭ سۇلالىسى دەۋرى

## جېنگۇەن 4 ـ يىلى (630 ـ يىلى)

پىشامشان ئاھالىسى قۇمۇلنىڭ غەربىگە كۆچۈرۈلۈپ ناپچۇق ناھىيىسى تەسىس قىلىندى (ھازىرقى قۇمۇلنىڭ ئاستانە دېگەن يېرىدە)، پىشامشاننىڭ بۇرۇنقى ئورنىدا چاقىلىق بەگلىكى قۇرۇلدى.

## جېنگۇەن 9 ـ يىلى (635 ـ يىلى)

تاڭ سۇلالىسى تۇيغۇن ئاقسۆڭەكلىرى ھاكىمىيىتىنى ئۆزۈل - كېسىل تىنچىتقاندىن كېيىن، كاڭ يەندىيەن قاتارلىق كىشىلەرنى غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقە باغلاشقا مەسئۇل قىلىپ پىشامشاندا تۇرۇشقا ئەۋەتتى.

## جېنگۇەن 19 ـ يىلى (645 ـ يىلى)

شۇەن زاڭ ھىندىستاندىن شەرققە قايتىش سەپىرىدە چاقىلىقتىن ئۆتتى، پىشامشانلىقلار ئۇنى چەرچەنگە بېرىپ قارشى ئالدى.

## شاڭيۇەن 2 ـ يىلى (675 ـ يىلى)

سوغدىلاردىن بولغان كاڭ يەندىيەن لوپنۇر رايونىدا 9 يېڭى شەھەر بىنا قىلدى، بۇ شەھەرلەر

شاجۇ ئايمىقى (دۇنخۇاڭ) غا تەۋە بولدى. دېيەنخې شەھىرى تاش قەلئە (ھازىرقى چاقىلىق) گە ئۆزگەرتىلدى، قويمال شەھىرى ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدە، مىرەن قەدىمكى شەھىرى ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئىدى.

## ۋۇ زېتيەن تەختتە ئولتۇرغان مەزگىل (684 — 704 - يىللار)

چاقىلىق رايونىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار كاڭفۇدەنيەن ئىدى، تاش قەلئەنىڭ سانغۇنى كاڭفۇدەنيەننىڭ ئىنىسى شىبا ئىدى.

## تيەنشۇ 2 - يىلى (691 - يىلى)

كاڭفۇ، شىبا ئاكا - ئۇكا ئىككەيلەن ئوردىغا مەكتۇپ يېزىپ: لوپنۇر كۆلىنىڭ سۈيى كۆلنىڭ تېگىنى كۆرگىلى بولىدىغان دەرىجىدە سۈزۈك ئىكەن، دەپ مەلۇمات بەردى.

## كەييۈەن 6 - يىلى (718 - يىلى)

چاقىلىق بەگلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## كەييۈەن 15 - يىلى (727 - يىلى)

چاقىلىق بەگلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## تيەنباۋ 9 - يىلى (750 - يىلى)

تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى گاۋشەنجى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي رايونىدا تۇبۇتلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى.

## جېنيۈەن يىللىرى (VIII ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ باشلىرى)

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى نۇرغۇن جايلار تۇبۇت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى.

## خۇيچاڭ 1 - يىلى (841 - يىلى)

ئۇيغۇرلار سەركەردىسى (باسقاق سانغۇنى) كۈلۈگ باغا قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك

ئاتلىق قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختىگە ھۇجۇم قىلىپ، خاقانىنى ئۆلتۈردى، ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى قەبىلىلەر پىتىراپ كەتتى، 15 قەبىلە غەربتىكى قارلۇقلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى؛ بىر تۈركۈمى تۇبۇتلەرگە، بىر تۈركۈمى ئەنشىگە ئۆتۈپ كەتتى؛ ئۇلار تەدرىجىي ھالدا شۇ جايلاردىكى مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

## خۇيچاڭ 2 - يىلى (842 - يىلى)

تۇبۇتلەرنىڭ باسقاق سانغۇنى شاڭكوڭرى ئادەملىرىنى باشلاپ غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي قىسمىغا كىردى.

## داجۇڭ 5 - يىلى (851 - يىلى)

جاڭ يىچاۋ ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقلىرى بوكۇقۇن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، پىشامشان قاتارلىق 11 ئايماقنى قايتۇرۇۋالدى ۋە ئىنىسى جاڭ يىزېنى 11 ئايماقنىڭ خەرىتىسىنى تاڭ ئوردىسىغا تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتى.

## شيەنتۇڭ 7 - يىلى (866 - يىلى)

قوجۇ ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ باشلىقى بوكۇقۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇبۇت ئاقسۆڭىكى شاڭكوڭرېگە ھۇجۇم قىلىپ ھەم ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، چاقىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوجۇ رايونىنى قايتۇرۇۋالدى، تۇبۇتلەر غەربىي يۇرتتىن چېقىپ كەتتى.

# بەش دەۋر، ئون پادىشاھلىق دەۋرى

## لياۋ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇ 1 - يىلى (907 - يىلى)

چاقىلىق قوجۇ ئۇيغۇرلىرىغا تەۋە بولدى. قوجۇ ئۇيغۇرلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ، كىدان پادىشاھىغا تارتۇق تەقدىم قىلدى.

## كېيىنكى جىن پادىشاھلىقىنىڭ تيەنفۇ 3 - يىلى (938 - يىلى)

ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ بېگى ۋىسارا تەگىنخان ماجىرۇڭ، جاڭ زەيتۇڭ قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، كېيىنكى جىن ئوردىسىغا يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەقدىم قىلدى. كېيىنكى جىن پادىشاھلىقى جاڭ كۇاڭيې، گاۋجۇنخەيلەرنى ئۇدۇنغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، ئۇلار شۇ يىلى قىش پەسلى 12-

ئايدا بېيەنجىڭدىن يولغا چىقىپ، 2 يىل سەپەر قىلىپ ئۇدۇنغا يېتىپ كەلدى ۋە توخرىلار زېمىنىدىن ئۆتۈپ، مىرەن قەدىمكى شەھىرىگە كەلدى.

## شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى

### جيەنلۇڭ 3 - يىلى (962 - يىلى)

ئۇدۇن بېگى ۋىسارا تەخرىخان سۇڭ سۇلالىسىغا تارتۇق تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن ئەلچى ئۆز سەپىرىدە پىشامشاندىن ئۆتتى.

### داجۇڭ شياڭفۇ 2 - يىلى (1009 - يىلى)

ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ بېگى ئۇيغۇرلار بېگى لوسائۇننى سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا تارتۇق تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتى ۋە گۇاجۇ، شاجۇ ئايماقلىرىدىن ئۇدۇنغا بارىدىغان يولنىڭ تىنچ ئىكەنلىكىنى، يولدا يولۇچىلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

## جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى

### شاۋشىڭ 1 - يىلى (1131 -يىلى)

يولۇغ تاشىن ئىمىلدا ئۆزىنى خان دەپ جاكارلاپ، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى قۇردى، لوپ (چاقىلىق) غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى.

### شاۋشىڭ 4 - يىلى (1134 - يىلى)

غەربىي لياۋ خانى يولۇغ تاشىن بالاساغۇننى پايتەخت قىلىپ قۇرۇپ، ئۇنىڭغا قۇز ئوردۇ دەپ نام بەردى، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارنى چارلاش ئۈچۈن لەشكەر ئەۋەتتى.

### جيادىڭ 4 - يىلى (1211 - يىلى)

نايمانلارنىڭ باشلىقى كۈچلۈك غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ گورخانى چۇرۇقنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى تەكرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغىچە كېڭەيتتى، چاقىلىق كۈچلۈكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى.

## جىيادىڭ 11 ـ يىلى (1218 ـ يىلى)

موڭغۇللار پامىرنىڭ شەرقى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارنى تولۇق ئىشغال قىلدى. چاقىلىق چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە بولدى.

## جىيادىڭ 16 ـ يىلى (1223 ـ يىلى)

موڭغۇللار قوشۇنى غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، جايلارنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشقا دارۇغاچ قويدى.

## چۇنيۇ 11 ـ يىلى (1251 ـ يىلى)

مۆڭكۈ خان غەربىي يۇرتتا بېشبالىق ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلدى، چاقىلىق بېشبالىق ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىنىڭ قارىمىقىدا بولدى.

# يۈەن سۇلالىسى دەۋرى

## جىيۈەن 12 ـ يىلى (1275 ـ يىلى)

ئىتالىيىلىك ئاتاقلىق ساياھەتچى ماركوپولو چاقىلىققا يېتىپ كېلىپ، لوپ بازىرىدا بىر ئاز دەم ئالدى. ئۇ چاغدا لوپ بىر چوڭ شەھەر بولۇپ، لوپ قۇملۇقىنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقانىدى، بۇ شەھەر «ئۇلۇق خانغا تەۋە بولۇپ، ئاھالىسى مۇھەممەدكە چوقۇنىدىكەن».

## جىيۈەن 20 ـ يىلى (1283 ـ يىلى)

يۈەن شىزۇ (يۈەن سۇلالىسىنىڭ شىزۇخانى). قۇبلاي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بېشبالىق ئايغاقچى مەھكىمىسى ۋە قاراقۇجا ئايغاقچى مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، چاقىلىقنىڭ بىر قىسىم جايلىرى ئۇنىڭ قارىمىقىغا ئۆتتى ھەمدە ۋاششەرى قاتارلىق جايلاردا بوزيەر ئۆزلەشتۇرۇلدى.

## جىيۈەن 23 ـ يىلى (1286 ـ يىلى)

چاقىلىق كۆسەن ئەسىرلەشكەر مەھكىمىسىگە تەۋە بولدى، چاقىلىق تەۋەسىدە لوپ، كەتەك ۋە چەرچەن قاتارلىق ئۆتەڭلەر قۇرۇلدى.

## يۈەنجېن 1 - يىلى (1295 - يىلى)

يۈەن سۇلالىسى قايدۇ توپىلاڭچى قوشۇنىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، كۇسەن - تالىن باش ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، چاقىلىق رايونىنى باشقۇردى.

## دادې 8 - يىلى (1304 - يىلى)

يۈەن شىزۇ - قۇبلاي چۇبونى بەھەيۋەت شىنىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنى سېرىق ئۇيغۇرلار ئەتراپىدىكى رايونلار (ھازىرقى چاقىلىق قاتارلىق جايلار) نى ساقلاشقا مەسئۇل قىلدى.

# مىڭ سۇلالىسى دەۋرى

## خۇڭۋۇ 8 - يىلى (1375 - يىلى)

سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا تىنچلاندۇرۇش ياساۋۇلخانىسى تەسىس قىلىندى، بويان تۆمۈر تىنچلاندۇرغۇچى ۋاڭ بولدى، چاقىلىق تىنچلاندۇرۇش ياساۋۇلخانىسىغا قارىدى.

## خۇڭۋۇ 9 - يىلى (1376 - يىلى)

چىڭخەي - كۇسەن ياساۋۇلخانىسى تۇبۇتلەر سەركەردىسى دورجىيا تەرىپىدىن ۋەيران قىلىندى. بۇ جايدىن قېچىپ كەلگەن پۇقرالار ئالتۇنتاغ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى.

## خۇڭۋۇ 25 - يىلى (1392 - يىلى)

لەن يۇ غەربكە يۈرۈش قىلدى، تىنچلاندۇرغۇچى ۋاڭ قېچىپ تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

## خۇڭۋۇ 29 - يىلى (1396 - يىلى)

مەنسەپ پىرقىسىنىڭ غەيرىي رەسمىي ئامبىلى چېن چېڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلدى، ئۇ پىشامشانغا كېلىپ، تىنچلاندۇرۇش ياساۋۇلخانىسىنى قايتا قۇردى.
شۇ يىلى چېن چېڭ ئىچكىرىگە قايتتى، تىنچلاندۇرۇش ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئاقساقىلى قاغاي، قۇتلۇقلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە خانغا تارتۇق تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئوردىغا باردى.

## شۋەندې 2 ـ يىلى (1427 ـ يىلى)

چاغاتاي ئەۋلادى ئوۋەيسخان لەشكەر باشلاپ لوپ ئەتراپىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلدى.

## جېڭدې 9 ـ يىلى (1514 ـ يىلى)

سەئىدخان ئەنجاندا 4700 دىن ئارتۇق كىشىلىك قوشۇن توپلاپ، لوپنۇر رايونىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلدى.

## جېڭدې يىللىرى (1506 — 1520 ـ يىللار)

خوشۇت ئاقساقىلى ئىبلا ئارتوس چىڭخەيدىن قوشنا رايونلارغا تاجاۋۇز قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالدى، تىنچلاندۇرۇش ياساۋۇلخانىسى ۋەيران بولدى، بۇ جايدىكى پۇقرالار قېچىپ تارقىلىپ كەتتى. چاقىلىق رايونى چۆللىشىپ كەتتى.

# چىڭ سۇلالىسى دەۋرى

## كاڭشى 16 ـ يىلى (1677 ـ يىلى)

جۇڭغار خانلىقى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى، لوپنۇر رايونى پۈتۈنلەي غالدانغا تەۋە بولدى.

## يۇڭجېڭ 1 ـ يىلى (1723 ـ يىلى)

ئورۇنباسار سانغۇن ئالانا ئوردىغا: لوپنۇرلۇق قۇربان قاتارلىق ئۇيغۇرلار قاراكۆل ساداقتۇ، قاراخوشۇت قاتارلىق جايلاردىكى 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلىغان شەھەرنى تاپشۇرۇپ ئەل بولدى، دەپ مەلۇمات بەردى.

## چيەنلۇڭ 21 ـ يىلى (1756 ـ يىلى)

چىڭ سۇلالىسى تۇرپاننى تىنچىتقاندا، لوپنۇرنى بېيەت قىلدۇرۇشقا ئەلچى ئەۋەتكەنىدى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، جۇڭغارلار لوپنۇرنى ئىگىلىۋالدى.

## چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى)

چوڭ - كىچىك غوجىلار توپىلاڭ كۆتۈردى، نوپۇس پىرقىسىنىڭ ياندىش بېگى ئارغۇن لەشكەر باشلاپ بايارنى قوغلاپ كېتىشۋېتىپ، لوپنۇردىن ئۆتتى. مەخمۇت قەشقەرى مۇنداق دېگەن: ئۇيغۇرلار بۇ يەردە ياشىغىلى نەچچە 10 يىل بوپتۇ. بۇ يەردە 2000 دىن ئارتۇق تۈتۈن بولغانىكەن، نەچچە قېتىم كۆچۈش نەتىجىسىدە، ھازىر 600 دەك ئادەم قاپتۇ، ئۇلار بېلىق تۇتۇپ، ئوۋچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

## چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى)

چاقىلىقتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىنى باشقۇرىدىغان 3 - دەرىجىلىك ھاكىمبەگ مەنسىپى تەسىس قىلىندى.

## چيەنلۇڭ 47 - يىلى (1782 - يىلى)

لوپنۇردا 208 ئائىلە، 1260 نەچچە ئەر - ئايال بولۇپ، ئۇلار دېھقانچىلىق قىلماي، بېلىقچىلىق ۋە كۆچمە چارۋىچىلىق قىلىپ تىرىكچىلىك قىلغان.

## جياچىڭ 2 - يىلى (1797 - يىلى)

شۇ يىلى ئەتىيازدا لوپنۇر رايونىدا تۇيۇقسىز يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇنلىغان لوپنۇرلۇقلار ئۆلۈپ كەتتى. ھايات قالغانلار ھازىرقى لوپ، لوپنۇر قاتارلىق جايلاردا سەرگەردان بولۇپ ياشىدى، بىر قىسمى ئابدانغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى.

## تۇڭجى يىللىرى (1862 — 1874 - يىللار)

جەنۇبىي شىنجاڭدا چوڭ مالىمانچىلىق يۈز بەردى، پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغان پۇقرالار لوپنۇر كۆلى بويلىرىغا قېچىپ كېلىپ ئورۇنلاشتى.

## تۇڭجى 10 - يىلى (1871 - يىلى)

كېپەكباي دېگەن ئۇيغۇر مال - دۇنيا قېزىش غەرىزىدە 3 ئوغلىنى باشلاپ قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى ئىزدەپ، سۆيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپى مول ۋاشقەرى دېگەن بۇ يەرنى تاپتى، ئۇنىڭ ئائىلىسى بۇ يەردە بوز يەر ئېچىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

## گۇاڭشۈ 2 - يىلى (1876 - يىلى)

روسىيىلىك پرژېۋالىسكى لوپنۇر كۆلى قاتارلىق جايلارغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

## گۇاڭشۈ 3 - يىلى (1877 - يىلى)

پرژېۋالىسكى چاقىلىق رايونىدا قاراقوشۇننى تاپتى، كېيىن يەنە ئالتۇنتاغنىڭ ئالدىدىكى يەرلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ياۋئات تۇتتى.

## گۇاڭشۈ 5 - يىلى (1879 - يىلى)

روسىيىلىك لېگىر لوپنۇر كۆلى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.
ئاۋستىرىيىلىك سەيشىنىن، كېلېتنالوزلار لوپنۇر كۆلى قاتارلىق جايلاردا ساياھەت قىلدى.

## گۇاڭشۈ 6 - يىلىدىن 16 - يىلىغىچە (1880 - يىلىدىن 1890 - يىلىغىچە)

فرانسىيىلىك بانىن لوپنۇر كۆلى رايونىغا كېلىپ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

## گۇاڭشۈ 9 - يىلىدىن 11 - يىلىغىچە (1883 - يىلىدىن 1885 - يىلىغىچە)

روسىيىلىك پرژېۋالىسكى لوپنۇر، چاقىلىق، ئالتۇنتاغ قاتارلىق جايلارغا يەنە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

## گۇاڭشۈ 10 - يىلى (1884 - يىلى)

شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىندى، بەگلىك تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ۋىلايەت - ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.
شۇ يىلى شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن تۇنجى قېتىم تارىم، چاقىلىق، لوپنۇرغا كېلىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى گۇغرىلاپ كەتتى.

## گۇاڭشۇ 11 - يىلى (1885 - يىلى)

ئەنگلىيىلىك كەيلى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى ۋە لوپنۇر رايونىغا كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، چاقىلىقتا توختاپ ئۆتتى.

## گۇاڭشۇ 15 - يىلى (1889 - يىلى)

شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ليۇ خېچىڭ قاتارلىق 3 ئەمەلدار ياڭگۈەن قوۋۇقىنىڭ غەربىدىكى يىپەك يولى ۋە لوپنۇر رايونىدا 2 يىل ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىرىنچى بولۇپ «لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار خەرىتىسى»نى سىزىپ چىقتى.

چاقىلىقنىڭ خەنزۇچە نامى چاكىلىكىۋلى (卡克里克未隶) گە ئۆزگەرتىلدى. باش مۇپەتتىش ۋېي گۇاڭشىنىڭ ئىجازىتى بىلەن بۇ يەردە ساخاۋەتخانا قۇرۇلۇپ، يەرلىك خەلق تىنچلاندۇرۇلدى.

## گۇاڭشۇ 15 — 17 - يىللىرى (1889 — 1891 - يىللىرى)

روسىيىنىڭ پرژېۋالسكى تەكشۈرۈش ئەترىتى پېۋزوف قاتارلىقلارنى لوپنۇر قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى.

## گۇاڭشۇ 16 - يىلى (1890 - يىلى)

فرانسىيىلىك دوترۇئىل قەشقەردىن لوپنۇر ئەتراپىغا كېلىپ، قەدىمكى خارابىلارنى تەكشۈردى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قازدى ۋە ئوغرىلاپ كەتتى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چاقىلىقتا نەپقە - دالالەت ئىدارىسى تەسىس قىلىپ، ھاكىم لى شىشى، نائىپ ھاكىم شىن شيەنفۇ، ھۇجۇمچىلار ئاتامانى گۈي فاڭلارغا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بارلىق ئىشلارنى بېجىرىشنى تاپشۇردى. نەپقە - دالالەت ئىدارىسى خادىملىرىنىڭ ئادەم جەلپ قىلىشى بىلەن ئۆستەڭ چېپىلىپ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈلدى.

## گۇاڭشۇ 18 - يىلى (1892 - يىلى)

ئەنگلىيىلىك لىتىدېر ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى لوپنۇر قاتارلىق جايلاردا ياۋا تۆگە ئۇۋلىدى.

## گۇاڭشۇ 19 - يىلى (1893 - يىلى)

روسىيىلىك روبوروۋسكى لوپنۇر قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ھاۋارايىنى كۆزەتتى، تاغ - دەريالارنى ئۆلچىدى.

## گۇاڭشۈ 20 - يىلى (1894 - يىلى)

شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن لوپنۇر قاتارلىق جايلارنى نۇقتىلىق تەكشۈردى.

## گۇاڭشۈ 23 - يىلى (1847 - يىلى)

چىڭخەيدىكى خۇيزۇرلار قوزغىلىڭى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى لىۋ تۇڭچۈن چاقىلىق دائىرىسىدىكى يۇلغۇنلۇق سايىنىڭ شەرقىدىكى خېرئانغا قېچىپ كەلدى. كېيىن شىددەتلىك ئېلىشىش نەتىجىسىدە تەڭ كېلەلمەي قولغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى خۇيزۇلار چاقىلىقنىڭ شىمالىدىكى پىچان شەھىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## گۇاڭشۈ 25 - يىلى (1899 - يىلى)

چاقىلىقتىكى ساخاۋەتخانىلار بىكار قىلىنىپ، چاقىلىق نائىب ئامبىلى تەسىس قىلىندى ۋە شىنپىڭ ناھىيىسىگە قاراشلىق بولدى، چاقىلىق ھەربىي يىغىننىڭ باشلىقى پىچان يىغىنىنىڭ ھۇجۇمچى ئاتامانىغا قاراشلىق بولدى.

شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى نائىب ئامبال جاڭ شۇئې ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلدى.

شۇ يىلى فرانسىيىلىك باننىن ئالتۇنتاغ قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

شۇ يىلى شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن شىنجاڭغا كېلىپ 2 - قېتىم لوپنۇر كۆلى ئەتراپى قاتارلىق جايلارنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنىنى بېكىتتى.

## گۇاڭشۈ 26 - يىلى (1900 - يىلى)

سۋېن ھېدىن لوپنۇر كۆلىگە كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئۇيغۇر يول باشلىغۇچى ئەردەك كىروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنى بايقىدى.

شۇ يىلى ئەنگلىيىلىك ستەيىن چاقىلىق، لوپنۇر كۆلى قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرۈپ، تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاپ كەتتى.

## گۇاڭشۈ 27 - يىلى (1901 - يىلى)

نائىب ئامبال جاڭ شۇئې 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋەزىپىدىن بوشاندى، 4 - ئاينىڭ 18- كۈنى جۇجېنرۇ نائىب ئامبال بولدى.

شۇ يىلى ئەتىيازدا 30 — 40 ئۆيلۈك ئادەم ئارقا - ئارقىدىن ۋاششەرگە كۆچۈپ بېرىپ بوزيەر ئېچىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

شۇ يىلى سۈيىن ھېدىن كىروران، مىرەن قەدىمكى شەھەرلىرىگە يەنە بىر قېتىم يوشۇرۇن كىرىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قازدى ۋە ئوغرىلاپ كەتتى.
شۇ يىلى قامبەك باشچىلىقىدىكى قازاقلار چاقىلىقتىكى ئالتۇنتاغقا قېچىــپ كەلدى، قاراشەھەر يېڭىسىنىڭ ئاتلىقلار ئەترىتى بىلەن چاقىلىق رايونىدىكى مۇداپىئە يىگى ئۆلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، گۇاڭشۇ 31 - يىلى كۈزدە ئۇلارنى چېگرىدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقاردى.

## گۇاڭشۇ 28 - يىلى (1902 - يىلى)

نائىب ئامبال جۇجېنرۇ 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋەزىپىدىن بوشاندى. ئۇنىڭ ئورنىغا نائىب ئامبال بولغان جاڭ شۇئې 18 - كۈنى ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلدى.

## گۇاڭشۇ 29 - يىلى (1903 - يىلى)

شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى راۋىيىڭچى ئوردىنىڭ تەستىقى بىلەن چاقىلىق بازىرىنى گۇاڭشۇ 29 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىگە ئۆزگەرتتى، ئۇ لوپنۇر ناھىيىسىگە قارىماي، قاراشەھەر مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى، شۇنىڭدەك ناھىيە دائىرىسىدە 13 ئۆتەڭ تەسىس قىلىندى.
شۇ يىلى، چاقىلىق رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان شىنىڭلىق خۇيزۇلار قاراشەھەر دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى ماچاڭدىيە تېرىقچىلىق قىلىشقا كۆچۈرۈپ كېلىندى.
شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ناھىيە ئامبىلى جاڭ شۇئې ۋەزىپىدىن بوشىتۇلدى. يېڭى ئامبال شياچاۋشۇەن 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلدى.
شۇ يىلى چارروسىيە ئەۋەتكەن ئېدىنبورگ باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتى لوپنۇر رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

## گۇاڭشۇ 31 - يىلى (1905 - يىلى)

ناھىيە ئامبىلى شيا چاۋشۇەن چەمەن يېزىسىنىڭ شياگيۇسى توختىنى چاقىلىقنىڭ ۋەكىلى قىلىپ، چىڭخەي بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ - چىڭخەي چېگرىسىنى ئايرىشقا ئەۋەتتى. چېگرا شىمالدا قوشقا دەرياسىدىن باشلىنىپ، داۋۇت مەسچىتىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبتىكى ئۇلۇغتاشقىچە باراتتى.
ناھىيە ئامبىلى شيا چاۋشۇەن «پارىخورلۇق قىلغانلىقى، ئىشلارنى ئاقساتقانلىقى» تۈپەيلىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. ئۇ 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ بەردى. 17- كۈنى ليۇمو ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالدى.
ئامېرىكىلىق ھېنتىدون بارىت لوپنۇر كۆلى، چاقىلىق قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، بۇ جايلارنىڭ ھاۋا كېلىماتى، يەر تۈزۈلۈشى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

## گۇاڭشۇ 23 — 33 - يىللىرى (1906 — 1907 - يىللار)

ستەيىن ئۇقتىلىق ھالدا لوپنۇر كۆلى، چاقىلىق قاتارلىق جايلاردا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ ئوغرىلاپ كەتتى.

## گۇاڭشۇ 33 - يىلى (1907 - يىلى)

ناھىيە ئامبىلى ليۇمو 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ۋەزىپىدىن بوشىتىلدى، 8 - كۈنى جو يۈەن باش ئامبال بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلدى.

شۇ يىلى، ئەنگلىيىلىك ستەيىن مىرەن قەدىمكى قەلئەسىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ ئوغرىلاپ كەتتى.

شۇ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە چىڭجۇگۇڭ سارىيى، شىجىتەن راۋىقى، چىڭخۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى، دىڭ شياڭۋاڭ ئىبادەتخانىسى، لوپنۇر ئۆتىڭى كۆۋرۈكى سېلىندى.

## گۇاڭشۇ 34 - يىلى (1908 - يىلى)

ناھىيە ئامبىلى جو يۈەن 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كېسەل بولۇپ ئۆلدى، ساۋ داجى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئامباللىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

شۇ يىلى، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ناھىيە ئامبىلى رۇي شەن 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلدى. سابىق ناھىيە ئامبىلى ساۋ داجى 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ بەردى.

ياپونىيىلىك جۇ رۈيچاۋ قاتارلىقلار لوپنۇر كۆلى، كىرروران قاتارلىق جايلاردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۇقتىلىق قېزىپ ئوغرىلاپ كەتتى.

## شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى)

1 - ئايدا ناھىيە ئامبىلى رۇي شەن تۈزگەن «چاقىلىق ناھىيىسىدىكى يۇرتلار تەزكىرىسى خەرىتىسى» دېگەن كىتاب پۈتۈپ يۇقىرىغا يوللاندى.

شۇ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپ (شۆتاڭ) نىڭ 1 - خەنزۇ تىلى مەكتىپى قوشۇمچە ساۋات چىقىرىش سىنىپى تەسىس قىلىندى.

## شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى)

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يېڭىسۇ، شورلۇق ۋۋدادۇنلار لوپنۇر، چاقىلىق ناھىيىلىرىنىڭ چېگرىسى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ چېگرا چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ بازىرىغا 440 چاقىرىم كېلەتتى،

بۇ چېگرىنى قاراشەھەرنىڭ ۋالىيسى جاڭ چۈن ئەۋەتكەن جاڭ ۋېنشېڭ دېگەن كىشى 2 ناھىيىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرلىكتە نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بېكىتتى.

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئامبال رۇي شەن ۋەزىپىدىن بوشىتىلدى، 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چيەن رۇگۇڭ رەسمىي ئامبال بولۇپ، ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى.

9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ناھىيە ئامبىلى چيەن رۇگۇڭ ۋەزىپىدىن بوشىتىلدى، 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى يېڭى ئامبال تاڭ گۇاڭيى ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلدى.

شۇ يىلى ناھىيە دائىرىسى ئوتتۇرا رايون، شەرقىي رايون، غەربىي رايون، شىمالىي رايوندىن ئىبارەت 4 رايونغا ئايرىلدى.

شۇ يىلى ئامېرىكىلىق ھىنتىندون بارىت ياپونىيىلىك جۈرۈيچاۋلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ لوپنۇر كۆلى، ئالتۇنتاغ، كىروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسىگە كېلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قازدى ۋە ئوغرىلاپ كەتتى.

## شۈەنتۇڭ 3 ـ يىلى (1911 ـ يىلى)

1 ـ ئايدا ناھىيە ئامبىلى تاڭ گۇاڭيى تۈزگەن «چاقىلىق ناھىيىسىدىكى يۇرتلار تەزكىرىسى» دېگەن كىتاب پۈتۈپ يۇقىرىغا يوللاندى.

# جۇڭخۇا مىنگو دەۋرى

## مىنگونىڭ 1 ـ يىلى (1912 ـ يىلى)

ناھىيە ئامبىلى شۇ چيەن داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىدى، 10 ـ ئايدا ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ئادەم ئەۋەتىلدى.

10 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا خۇد يەنخۇا ۋەزىپە ئۆتەشكە كېلىپ، مۇۋەققەت ئامبال بولدى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى قۇرۇلدى ۋە 4 ئورۇندا ئۇنىڭ يېزىلىق، كەنتلىك تارمىقى تەسىس قىلىندى.

## مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ناھىيىدە گارنىزون ئەترىتى تەسىس قىلىندى، يەرلىك خەلقتىن 30 كىشى ئەسكەرلىككە ئېلىندى.

4 ـ ئايدا قاراشەھەر مەھكىمىسىنىڭ دەرىجىسى قاراشەھەر ناھىيىسىگە چۈشۈرۈلدى، چاقىلىق ناھىيىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بىۋاسىتە قارايدىغان بولدى.

7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خۇديەنخۇا چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا رەسمىي تەستىقلاندى،

12 ـ ئايدا ناھىيە ئامبىلى خۇدىيەنخۇا گېلاۋخۇي ئەزاسى لى تۇشۇ دۇنخۇاڭدىن چاقىلىققا ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن خام ئەپيۇننى قولغا چۈشۈردى، بۇ خام ئەپيۇن تەخمىنەن 360 جىڭ بولۇپ، ئۆلكىگە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى گېلاۋخۇيچىلار ناھىيە ئامبىلى خۇدىيەنخۇانى ئۆلتۈردى ۋە گېلاۋخۇي ئەزاسى خې كەيىۋەننى ۋاقىتلىق ناھىيە ئامباللىقىغا سايلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىننىڭ تېلېگراممىا بۇيرۇقى بويىچە قورغاس يېڭىنىڭ مەسلىھەتچى جياڭجۇنى تۇڭ مىڭسەينىڭ قىسىملىرى قاراشەھەردىن چاقىلىققا گېلاۋخۇيچىلارنى باستۇرۇشقا كەلدى.

## مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قاراۋۇللار ئەمەلدارى زو ۋېيشىن گېلاۋخۇيچىلارنىڭ باشلىقى لياۋ گوشىڭ، ۋاقىتلىق ئامبال خې كەيىۋەننى قولغا ئېلىپ ئېتىپ ئۆلتۈردى.

1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بېيجىڭ ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسى چەرچەننىڭ چاقىلىق ناھىيىسىگە تەۋە بولۇشىنى تەستىقلىدى.

1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، ناھىيە ئامبىلى ئۆلتۈرۈلگەنلىك دېلوسى تۈپەيلىدىن، چاقىلىق ـ چەرچەندىكى گېلاۋخۇينىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىدىن جەمئىي 48 كىشى قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا پەن زۇيۇ ناھىيىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلەندى، لۇڭ شىلىن چەرچەنگە يۆتكەلدى.

شۇ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم كەڭ كۆلەمدە ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى، 13 مىڭ 594 مو يەرگە بۇغداي تېرىلىپ، 4077.12 دادەن بۇغداي ئېلىندى؛ 6000 مو يەرگە كۆممىقوناق تېرىلىپ، 1800 دادەن قوناق ئېلىندى؛ 2000 مو يەرگە يالىڭاچ ئارپا سىناق تەرىقىسىدە تېرىلىپ، 400 دادەن يالىڭاچ ئارپا ئېلىندى.

## مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1915 ـ يىلى)

2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بېيجىڭ ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تەۋەسى ئۆزگەرتىلدى، چەرچەننىڭ خەنزۇچە «چياچياڭ» ( 卡墙 ) دېگەن نامى «چېمۇ» ( 且末 )غا ئۆزگەرتىلىپ، چەرچەن ناھىيىسى تەسىس قىلىندى ۋە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى.

3 ـ ئايدا كېرىيەنىڭ مۇداپىئە قوماندانى زو ۋېيشىن: چاقىلىقتىكى ناھىيە ئامبىلىنى ئۆلتۈرۈش دېلوسىغا چېتىلىدىغان گېلاۋخۇي ئەزالىرى خۇ جۇندې، ما فۇلۇ، زېڭ فۇلىن، جو ۋېنجىن، خۇ شىڭفا، ۋاڭ شىڭفادىن ئىبارەت 6 كىشى تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلدى، دەپ مەلۇمات بەردى.

9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى لى شىڭ ناھىيە ئامباللىقىغا تەيىنلەندى، پەن زويۇ ئۆلكىگە يۆتكەلدى.

## مىنگونىڭ 6 ـ يىلى (1917 ـ يىلى)

3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن زو ۋېيشىنغا ئاتلىقلار ئەترىتىنى چاقىلىققا ئېلىپ كېلىپ، گېرمانىيىلىكلەر، تۈركىيىلىكلەرنىڭ چاقىلىققا ئاستىرتتىن پاراكەندىچىلىك سېلىشىنى توسۇش توغرىسىدا تېلېگراممىا ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى.

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى لياۋجېنخۇڭ ناھىيە ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ يىلى ناھىيە ئامبىلى لياۋجېنخۇڭ ۋاشەرى كەنتىدىكى يۇقىرىلارغا ئۇستەڭ چاپقۇزۇپ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈزدى.

## مىنگونىڭ 7 ـ يىلى (1918 ـ يىلى)

3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن چاقىلىق ئامبىلى لياۋ جېنخۇڭغا مىرەن جاڭزىسىدا ئامبار سېلىپ ئاشلىق ساقلاش، بوزيەر ئېچىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، دۈنخۇاڭغا بارىدىغان چولڭ يولنى تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتتى.

## مىنگونىڭ 8 ـ يىلى (1919 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چېن رۈڭجاڭ مۇۋەققەت ئامبال بولدى.

## مىنگونىڭ 9 ـ يىلى (1920 ـ يىلى)

4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قاراشەھەر دوتىيى تەسىس قىلىندى. چاقىلىق ناھىيىسى ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدىن قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى.

## مىنگونىڭ 10 ـ يىلى (1921 ـ يىلى)

تارىم دەرياسىنىڭ يولى ئۆزگىرىپ، سۈيى شەرققە ئېقىپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان بولغانلىقتىن، ھايات قالغان لوپلۇقلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى.

## مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى)

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 6 بال يەر تەۋرىدى.

## مىنگونىڭ 14 ـ يىلى (1925 ـ يىلى)

چارۋىدار ھاشىم تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا توسما سالغانلىقتىن، تۆۋەن ئېقىمىنىڭ سۈيى ئۈزۈلۈپ قالدى، ئابدان يېزىسىدىكى 20 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق لوپلۇقلار ئەۋلادى مىرەنگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى.

## مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى)

ناھىيە مەھكىمىسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە، ناھىيە ئامبىلى ناھىيە ھاكىمىغا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىدە بىر ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى رەسمىي قۇرۇلدى.

## مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى)

دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق تارىخ ـ ئارخېئولوگىيە ئالىمى، پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

شۇ يىلى قاراشەھەر ۋىلايىتى قاراشەھەر مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا قاراشەھەر، چاقىلىق قاتارلىق 6 ناھىيە قارايدىغان بولدى.

## مىنگونىڭ 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى)

ئەتىيازدا دۆلىتىمىزنىڭ ئالىمى چېن زوڭچى قاتارلىق كىشىلەر سۋېن ھېدىننىڭ تەكلىپى بويىچە، لوپنۇر كۆلى رايونىغا قايتا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

## مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى)

شۇ يىلى چاقىلىق ناھىيە بازىرىدىكى چىڭخۇاڭ ئىبادەتخانىسى، ۋاڭيې ئىبادەتخانىسى موللا-ئاخۇنلار تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلدى، ئىبادەتخانىنىڭ ئورنىنى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم ئىگىلىۋالدى.

## مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى)

شۇ يىلى جۇڭگو ـ شۋېتسىيە بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى خادىملار قېيىققا ئولتۇرۇپ

لوپنۇر كۆلىنىڭ سۇ دائىرىسىنى تەكشۈردى.

پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى 2 - قېتىم لوپنۇر كۆلى بويلىرىغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

6 - ئايدا چاقىلىق، چەرچەن قاتارلىق 9 ناھىيە قەشقەردىكى ماجۇڭيىڭنىڭ 36 - شىسىنىڭ مۇداپىئە رايونىغا ئايرىپ بېرىلدى.

9 - ئايدا گاجىتېبەگ ناھىيە ھاكىملىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىسمائىل شاڭيو بىلەن گاسى دېگەن موڭغۇل چىمەنتاغ قاتارلىق جايلاردا دۇنخۇاڭدىن مىلتىق ئېلىپ كېلىپ ساتقۇچىلارنى تەكشۈردى.

## مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى)

6 - ئايدا مالىيە ئىدارىسىغا قاراشلىق ھەر قايسى يېزىلاردىكى ئىدارىلەر ناھىيىلىك باج ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، چاقىلىق باج ئىدارىسى قاراشەھەر مالىيە ئىدارىسىغا قارايدىغان بولدى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىسى چىمەنتاغدىن ئۆتۈپ چاقىلىق رايونىغا كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئالدى ۋە ئۇلاردىن %5 باج ئالدى.

## مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى)

6 - ئايدا ناھىيىلىك سودا جەمئىيىتى، ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك قىزلار مەكتىپى، ناھىيىلىك مەركىزىي مەكتەپ بىر ۋاقىتتا قۇرۇلدى.

11 - ئايدا چاقىلىقتا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چاقىلىق شىنجاڭ بويىچە 2 - دەرىجىلىك ناھىيە قىلىپ ئايرىلىپ، قاراشەھەر مەمۇرىي رايونىغا قارايدىغان بولدى.

## مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى)

11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن لوپجاڭزا كۆۋرۈكىنى قايتا ياساش قۇرۇلۇشى باشلاندى.

## مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى)

ئەلىسقان، سۇلتان شارىپ، ئاتىباي، قۇسەيىن تەيجى قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى 3500 دىن

ئارتۇق باندىت شىمالىي شىنجاڭدىن چاقىلىقتىكى تۆمۈرلۈك ئەتراپىغا كېلىپ، بۇ جايدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئاگىيان ۋە تاڭگېتۇلي قەبىلىلىرىنى قوغلاپ چىقاردى.

## مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى)

3 - ئايدا ما شۈلو چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى بولدى.
ئەتىيازدا ناھىيە دائىرىسىدە چېچەك تارقىلىپ، 500 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى.
4 - ئايدا ۋاڭ ۋېنمىڭ ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.
9 - ئايدا «فۇشىڭ» كوچىسىدا ناھىيىلىك قىزلار مەكتىپى قۇرۇلدى.

## مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى)

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ۋاششەرى مەكتىپى، مىرەن جاڭزا مەكتىپى ۋە يېڭىسۇ مەكتىپى قۇرۇلدى. بۇ 3 مەكتەپتە جەمئىي 8 سىنىپ تەسىس قىلىندى.
شۇ يىلى تۆمۈرلۈك ئەتراپىنى ئىگىلىۋالغان 4 قازاق قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولدى. قۇسەيىن قەبىلىسىدىكى 80 دىن ئارتۇق ئائىلە گاس كۆلى بويلىرىغا كۆچۈپ كەتتى، قالغان قەبىلىلەر چىڭخەيدىكى ما بۇفاڭغا بەيئەت قىلدى. كېيىن ئاتباي، سۇلتانلارنىڭ قەبىلىلىرى قۇسەيىن قەبىلىسىگە قوشۇلۇپ كەتتى، ئەلىسقان 1000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى.
12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى چاقىلىق ناھىيە چېگرىسى ئىچىدىكى يېڭىسۇغا ئەسكەر ئەۋەتىپ ئاتلىقلار ئۆتكىلى قۇردى.

## مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 450 خەلق ئىشچىسى چاقىلىقتىن لوپنۇر، چەرچەنلەرگە بارىدىغان ئاددىي تاشيولنى ياساشقا ئەۋەتىلدى.
شۇ ئايدا تىكەنلىكتىن چاقىلىققا بارىدىغان ئاددىي تاشيول پۈتتى.
3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ۋاششەرى قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىن ساۋۇت قاتارلىق 13 خىل قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى قېزىۋېلىندى، بۇلار بىر ساندۇققا قاچىلىنىپ، ناھىيە ھاكىمى تەرىپىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش نازارىتىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى.
4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شېڭ شىسەي ناھىيە ھاكىمى ۋاڭ ۋېنمىڭغا: تۆمۈرلۈكتىكى قازاقلارنىڭ باشلىقلىرى 5 ۋەكىل بەلگىلىسۇن، ئۇلار ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى

بەلگىلىگەن ئادەملەرنىڭ ھىمايىسىدە ئۈلكە مەركىزىگە تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنسۇن دەپ مەخپىي تېلېگىرامما ئەۋەتتى.

6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تىكەنلىك ئەتراپىدا قىزىل داغلىق ۋە قارا داغلىق يوقۇملۇق كېسەل تارقالغاچقا، ناھىيە تەۋەسىدىكى يېگىسۇ بىر ھەپتە قامال قىلىندى، چاقىلىققا بارىدىغان يول ئېتى بېرىلمىدى.

شۇ يىلى كورلىدىن چاقىلىققا بارىدىغان ئاددىي تاشيول ياسىلىشقا باشلىدى، بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 442 كىلومېتىر بولۇپ، 32 تەشمە، بىر چولق كۆۋرۈك بار ئىدى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 2037 ئادەمنىڭ ساۋادى چىقىرىلدى.

## مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جيا مىڭلىڭ مۇۋەققەت ھاكىم بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كورلىدىن چاقىلىققا بارىدىغان ئاددىي تاشيول پۈتتى.

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قاراشەھەر دوختۇرخانىسىدىن چاقىلىققا ئەۋەتىلگەن دوختۇرلار 755 بالىغا چېچەك ئەملىدى.

شۇ ئايدا ناھىيىدە بىر پوچتا ۋاكالەتخانىسى، بىر ھەربىي رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەنشىدىن چاقىلىققا كېلىدىغان ئاددىي تاشيول ياسىلىشقا باشلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چاقىلىقتا گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك پىرقىسى قۇرۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چىمەنتاغدىكى 5 ئۆيلۈك 19 قازاق چارۋىچى تىنچلاندۇرۇلۇپ، قاراشەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەۋەتىلدى.

11 ـ ئايدا شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى قۇرۇلغۇق ئارمىيە مۇستەقىل پىيادە ئەسكەرلەر 6 ـ يىڭى چاقىلىققا كىرىپ ئورۇنلاشتى.

شۇ يىلى لوپنۇر، چاقىلىق، چەرچەنلەر ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن بىر ئايروپىلان ئىئانە قىلدى.

شۇ يىلى چاقىلىقتىن دۇنخۇاڭغا بارىدىغان ئاددىي تاشيولنىڭ 61 كىلومېتىر قىسمى پۈتتى (33 جايدا كۆۋرۈك سېلىنىدى)، كېيىن بۇ يول بۇيرۇققا بىنائەن ياساشتىن توختىتىلدى.

شۇ يىلى چاقىلىق ناھىيىسى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان قاراشەھەر مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسى (ئۆلكىدىكى 10 رايوننىڭ 8 ـ چىسى) گە قارايدىغان بولدى.

12 ـ ئايدا مىرەندىن چاقىلىققا بارىدىغان ئاددىي تاشيول پۈتتى.

## مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ بېشىدا چاقىلىق ناھىيىسى 3 ـ دەرىجىلىك ناھىيە قىلىپ ئايرىلدى.

شۇ ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى كەنتلىرى باغ ـ جىياغا ئايرىلمىشقا باشلىدى، جەمئىي بىر يېزا، 8 باغ قۇرۇلدى.

3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يېزا، باغ باشلىقلىرىنى سايلاش يىغىنى ئېچىپ، بىر يېزا باشلىقى، بىر مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، 16 باغ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باغ باشلىقى، 89 جىيا باشلىقىنى سايلاپ چىقتى.

5 ـ ئايدا 42 ـ جۇڭگە قاراشلىق زاپاس 7 ـ شى (شىجاڭى لى يۇشياڭ) گەنسۇدىن ئۆرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىندى، چاقىلىق ئۇنىڭ مۇداپىئە رايونى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

7 ـ ئاينىڭ بېشىدا چاقىلىق ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئات ۋە 7000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ناھىيىلىك سۇچىلىق كومىتېتى قۇرۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى 38 كىشى ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ، قاراشەھەر ئامانلىقىنى ساقلاش سىلىڭبۇسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قۇسەيىن تەيجى قاتارلىق كىشىلەر تاغدىن تۆگىلىك چاقىلىققا كېلىپ، گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن شياڭ رىدې، ۋۇگودىڭلارنىڭ ۋە موڭغۇل ـ زاڭزۇلار كومىتېتىنىڭ گورۇپپا باشلىقى لۇ گۈيسىنىڭ دالالىتىنى قوبۇل قىلدى.

يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ سودا بانكىسىنىڭ قاراشەھەر شۆبە بانكىسى چاقىلىقتا ئىش بېجىرىش ئورنى قۇردى.

## مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى)

2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گومىنداڭ 8 ـ جەڭ رايونىنىڭ سىلىڭجاڭگۇەنى قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جۇ شياۋلياڭ چاقىلىق ـ چەرچەنلەرنى تىنچىتىش رايونى قىلىپ ئايرىپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ شىسى 6 ـ تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى چېن جيەنىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى.

8 ـ ئايدا چاقىلىق ئايرودرومى پۈتتى، بۇ ئايرودرومنىڭ ئاددىي ئۇچۇش ـ چۈشۈش يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1500 مېتىر، كەڭلىكى 800 مېتىر ئىدى.

12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ناھىيىدە ۋاقىتلىق كېڭەش پالاتاسى قۇرۇلدى.

## مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى)

2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چاقىلىقتىن دۇنخۇاڭغا بارىدىغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 739 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاددىي تاشيول پۈتتى.

3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ناھىيىلىك كېڭەش پالاتاسى رەسمىي قۇرۇلدى.

8 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ گومىنداڭ رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن خادىمى چاقىلىققا كېلىپ پارتىيە ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە سايلام نازارەتچىسى بولدى.

ناھىيىلىك گومىنداڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، چاقىلىق گومىنداڭ رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 5633 نوپۇسى بويىچە ناھىيىلىك كېڭەش پالاتاسى ئەزاسىنىڭ ئاساسىي سانى 9 نەپەر، ئۆلكىلىك كېڭەش پالاتاسى ئەزاسىنىڭ ئاساسىي سانى 1 نەپەر قىلىپ بېكىتىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى شەخسلەر خۇنەندە قەھەتچىلىككە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 51 مىڭ 550 يۈەن شىنجاڭ پۇلى ئىئانە قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چاقىلىقتا ئەپيۇننى چەكلەش شۆبە جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، زەھەر قاتتىق چەكلەندى.

12 ـ ئايدا مەمتىمىن ياقۇپ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ خەلق تەرىپىدىن سايلانغان تۇنجى ھاكىمى بولدى.

12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك ئەپيۇننى چەكلەش جەمئىيىتى قۇرۇلدى، 11 كىشىدىن تەركىب تاپقان بۇ جەمئىيەت ئەپيۇن، نەشە چەككۈچىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا باشلىدى.

## مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى)

شۇ يىلى بۇرۇن ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن ئەلىستان قەبىلىسىدىكى 30 نەچچە ئۆيلۈك ئادەم چاقىلىققا قايتىپ كېلىپ، قۇسەيىن قەبىلىسىگە قوشۇلدى. بۇ چاغدا قۇسەيىن ئۆزىنى چىڭخەي، گەنسۇ، شىنجاڭ چېگرىسىنىڭ پادىشاھى دەۋالدى، ئۇنىڭ چارۋىسى 67 مىڭغا يەتكەنىدى.

7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گومىنداڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ تەرتىپكە سېلىنغان 42 ـ شىسى «128» لۈيى «382» تۈەنى 3 ـ يىڭىنىڭ يىڭجاڭى يەن جېنچى ئۆز قىسمىنى چاقىلىققا ئېلىپ كېلىپ ئورۇنلاشتى ھەمدە گارنىزونىنىڭ ۋە يەرلىك ئامانلىق ساقچى ئەترىتىنىڭ باش قوماندانى بولدى.

9 ـ ئايدا ناھىيىلىك يىڭشۇ مەكتىپى، ناھىيىلىك ۋاشىەرى مەكتىپى تەڭ قۇرۇلدى.

## مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى)

3 ـ ئاينىڭ بېشىدا زاۋقان دېگەن قازاق كىشى دۇنخۇاڭدىن «جۇڭجېڭشى» تىپلىق مىلتىق ۋە 1500 دانە ئوق ئېلىپ كېلىپ، تۆمۈرلۈكتىكى قۇسەيىن قەبىلىسىدىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ مال ـ چارۋىسىغا تېگىشتى.

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ چاقىلىق شۆبىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك سەنمىنجۇيىچى ياشلار ئىتتىپاقىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ئۆمەرجان ئىسمائىل گومىنداڭ قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە، ئەنجاڭ توپىلاڭنى تىنچىتىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چاقىلىقتا خەلق ترانسپورت ئەترىتى تەشكىل قىلىندى. ئۇنىڭغا قاراشلىق چوڭ هارۋا ئەترىتىدە 4 شۆبە ئەترەت بولۇپ، 41 هارۋىسى بار ئىدى، ئات ئۇتتۇرا ئەترىتىدە 7 شۆبە ئەترەت بولۇپ، 69 ئېتى بار ئىدى، ئېشەك ئوتتۇرا ئەترىتىدە 10 شۆبە ئەترەت بولۇپ، 335 ئېشىكى بار ئىدى.

## مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى)

4 -ئايدا جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ، بىر يېرىم ئاي ئىچىدە 200 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ كەتتى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋە قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسىگە 2 قېتىم تېلېگرامما يوللاپ، تېزلىكتە دوختۇر ۋە دورا ئەۋەتىپ ۋابانى تىزگىنلەشنى تەلەپ قىلدى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 120 ئادەم ئاقتاغ ئەتراپىغا بېرىپ ئالتۇن قېزىش ئۈچۈن چاقىلىق ناھىيىسىدە ئۆزلىرىنى تىزىمغا ئالدۇردى. ئۇلارنىڭ 73ى ئۇيغۇر، 25ى خەنزۇ، 22 سى خۇيزۇ ئىدى. ئالتۇن قازغۇچىلار ئىساق هاجى، قاسىم شاگىيولارنى ئەترەت باشلىقى ۋە مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى قىلىپ سايلىدى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گومىنداڭنىڭ غەربىي شىمال هەربىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى تاۋسىيۆ تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتتى، ئەتىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرهان شەھىدى تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتتى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. چاقىلىقتىكى ھەر مىللەت خەلقى يىغىن ئۆتكۈزۈپ ئازادلىقنى تەبرىكلىدى.

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى

## 1949 - يىلى

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى، چاقىلىقتىكى بازار - يېزا خەلقى خۇشال - خوراملىق بىلەن تەبرىكلىدى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ «128» لۇي «382» تۇەن 3 - يىڭدىكى خې ۋېيمىننىڭ قىسمى كېچىدە قېچىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بازار - يېزا ئاھالىسىنىڭ مال - مۈلكىنى ھەدەپ بۇلىدى، 347 كىشى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

55 مىڭ 618.06 يۈەن قىممىتىدىكى مال - مۈلۈك بۇلاپ كېتىلدى. 8 ئېغىز ئۆي ۋەيران قىلىندى، 2 كىشى ئۇرۇپ يارىدار قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 - جۇن 6 - شى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى بۇيرۇققا بىنائەن گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دۇنخۇاڭدىن چاقىلىققا كەلدى.

## 1950 - يىلى

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 - جۇن 5 - شىسىنىڭ مۇستەقىل تۈەنى چاقىلىقتىن ئۆتتى، ئۇلار بۇ يەردىن ئاشلىق ئۆتنە ئېلىپ چەرچەنگە كەتتى، 6 - شى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ چوڭ قىسمى چاقىلىققا كەلدى.

شۇ ئايدا ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى جېڭ سىخۇا قاتارلىق 9 كىشىنى يەرلىك ئورۇندا ئىشلەپ، گومىنداڭ ھۆكۈمەت ئورگىنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا، يەرلىك ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەۋەتتى.

شۇ ئايدا جەنۇبىي تاغدا مۆكۈپ ياتقان قۇسەيىن، ئوسمان قاتارلىق باندىتلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا مىرەن، ۋاششەرلەرگە كېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلدى. مىرەن رايونىدىن 990 قوي بۇلاپ كېتىلدى، ۋاششەرىدىن بۇلاپ كېتىلگەن قويلار خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن قايتۇرۇپ كېلىندى.

2 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، شېن جېڭشيۇ ھاكىم بولدى.

3 - ئايدا ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى، جېڭ سىخۇا خىزمەت كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولدى.

4 - ئايدا ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر بىر تۇتاش ھالدا 9 ئاددىي باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئېلىپ بارغان چوڭ ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا، ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپى، مىرەن، ۋاششەرلەردە 7254 مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى.

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات ماقۇللاندى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق سوت مەھكىمىسى، باج ئىدارىسى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيىتى، ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، جېڭ سىخۇا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ناھىيىدىكى ئورگان خىزمەتچىلىرى غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش يولىدا قۇربان بولغان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جەڭچىلىرىگە بېغىشلاپ، لەنجۇدا خاتىرە مۇنارە ياساش ئۈچۈن، 2060 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يېزا ـ بازارلاردىكى باۋ ـ جيا تۈزۈمى بىكار قىلىندى، ئەسلىدىكى مەركىزىي يېزىغا قاراشلىق 7 باۋ، 42 جيا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭىدىن 3 رايونلۇق مەھكىمە، 6 يېزىلىق ھۆكۈمەت، 15 كەنتلىك ھاكىمىيەت قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك ئورگانلار پارتىيە ياچېيكىسى بىرىنچى تۈركۈمدە 8 كىشىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى، ئۇلارنىڭ 4 ى ئۇيغۇر ئىدى. شۇ ئايدا ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتىدا خەلق قوراللىق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قۇسەيىن باندىتلىرىدىن 40 نەچچە كىشى مىرەنگە كېلىپ 9 ئات، 1000 جىڭدىن ئارتۇق ئۇن ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلەرنى بۇلاپ كەتتى.

10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدا بېرىلگەن دوكلات ماقۇللاندى.

11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ھاكىم شېن جىڭشيۇ بىلەن تاغلىق رايوننى ئىگىلىۋالغان قالبېك قەبىلىسىنىڭ ۋەكىلى سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، بەيئەتنى قوبۇل قىلىش ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

قىشتا ناھىيە بويىچە 408 خەلق ئىشچىسىدىن تەشكىللەنگەن 5 ئېشەكچىلەر ئەترىتى (جەمئىي 2335 ئېشەك بار ئىدى) چەرچەندىن چاقىلىققا 250 مىڭ جىڭ ئاشلىق يۆتكەپ كەلدى.

## 1951 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق 2 ـ جۇن 6 ـ شىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى غەربىي شىمال ھەربىي رايونىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، گەنسۇ، چىڭخەيدىكى قېرىنداش قىسىملارغا ماسلىشىپ، باندىت تازىلاش ئۈچۈن تاغ ئىچىگە كىردى.

3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى باندىت تازىلىغۇچى قىسىملار چاقىلىق تاغلىق رايوندىكى تۆمۈرلۈكنى ئازاد قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 2 ـ جۇن 6 ـ شىسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى 1 ـ، 3 ـ، 4 ـ جۇڭلەرنىڭ باندىت تازىلىغۇچى قىسىملىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، باندىتلارنىڭ ئۇۋىسىغا بېسىپ كىرىپ، تاجىنۇرنى ئازاد قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى باندىت تازىلىغۇچى قىسىملار تاغقا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، قالدۇق

باندىتلارنى قوغلاپ يوقاتتى، 70 باندىتنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، 76 باندىتنى ئەسىر ئالدى. باندىت تازىلىغۇچى قىسىملاردىكى 46 يولداش شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى.

6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۇنى قاراشەھەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىجارە كېمەيتىش خىزمەت ئەترىتىنىڭ 43 نەپەر ئەزاسى چاقىلىققا كەلدى.

7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۇنى ناھىيىدە ئۈچۇق سوت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، «پانتۈركىزملىق ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات» دېلوسى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىلدى. بۇ دېلو خاتا دېلو بولغانلىقتىن، 1952 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۇنى ئاقلاندى.

7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۇنى ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

8 ـ ئايدا چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق قىسىم «پولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن كىنونى قويدى. چاقىلىقتىكى ھەر مىللەت خەلقى تۇنجى قېتىم كىنو كۆردى.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۇنى ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى.

10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك خەلق بانكىسى قۇرۇلدى.

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۇنى خەلق بانكىسى رەسمىي تىجارەت باشلىدى ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكە پۇلىنى خەلق پۇلىغا تېگىشىپ بەردى، بىر يۈەن شىنجاڭ ئۆلكە پۇلى 350 يۈەن خەلق پۇلى (كونا پۇل) غا تېگىشىپ بېرىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۇنى ناھىيە بويىچە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ـ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىئانە توپلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ھەر مىللەت خەلقى جەمئىي 158 مىليون يۈەن نەق پۇل (كونا پۇل) ۋە نۇرغۇن ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا، يۇقىرىدىن ئىجارە كېمەيتىشكە ئەۋەتىلگەن كادىرلار بىلەن چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ كادىرلىرى بىرلىكتە 110 كىشىلىك ئىجارە كېمەيتىش خىزمەت ئەترىتى تەشكىل قىلىپ، يېزىلارغا بېرىپ، ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى، بۇ ھەرىكەت 1953 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئاخىرلاشتى.

شۇ ئايدا ناھىيە بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنى ئېچىلدى.

## 1952 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۇنى ناھىيىلىك تەمىنات سودا كوپىراتىپى قۇرۇلدى، كوپىراتىپنىڭ ئەزاسى 694 كە، ئومۇمىي پاي سوممىسى 91 مىليون 852 مىڭ يۈەن (كونا پۇل) گە يەتتى.

2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۇنى خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى باشلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناھىيىلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ـ ئىقتىساد قىلىشنى تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى.

3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تاغ ئىچىگە مۆكۈنۈۋالغان قوسايىن باشچىلىقىدىكى قالدۇق باندىتلار ناھىيە بازىرىغا بۇلاڭچىلىق قىلغىلى كەلدى، ناھىيە بازىرىدىكى ھەربىي ۋە خەلق قايتۇرما زەربە بېرىپ، 3 باندىتنى تۇتۇۋالدى.

3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئاياللار ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق قوشۇمچە بەلگىلىمە ھەققىدىكى يوليورۇق»ى ئۆگىنىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى، بىر يىلدىن بۇيانقى ئاياللار خىزمىتى يەكۈنلەندى.

3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئالدىنقى يىلى 1 ـ، 2 ـ رايونلاردا ئاشلىقتىن كەم ھوسۇل ئېلىنغانلىقتىن، ئەتىيازلىق قەھەتچىلىك يۈز بەردى، ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى سىرتتىن بۇغداي، گۆرۈچ سېتىپ ئېلىپ كېلىپ، قەھەتچىلىكنى يەڭدى.

شۇ كۈنى ناھىيىدە ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىلىپ، «توپىلاڭ تەشكىللىگۈچى باش جىنايەتچى» ئېلى ھاجى قاتارلىق 6 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. بۇ دېلو خاتا دېلو بولغانلىقتىن 1952 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاقلاندى.

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا سۇچىلىق كومىتېتى قۇرۇلدى، سۇ ئىشلىرىنى يولغا قويۇش چارىسى ماقۇللاندى.

5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى يېزىلاردا پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ رايونلاردا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى.

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئېچىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى.

10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ناھىيىلىك ئات ـ ئۇلاغ ترانسپورت ئەترىتى تەشكىل قىلىندى، بۇ ئەترەتنىڭ 20 ئۆيلۈك خەلق ئىشچىسى، 106 ئېشىكى، 2 ئېتى بار ئىدى.

12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچە تېلېگرامما كەسپىنى يولغا قويدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنى ئېچىلدى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە خەۋەر ئاڭلاتتى.

## 1953 ـ يىلى

2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى.

3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ناھىيىلىك يېزا پۇل مۇئامىلە كومىتېتى تەشكىل قىلىندى.

3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئېچىلدى.

4 ـ ئايدا ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى قارىمىقىدىكى خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتى يېزا ـ كەنتلەرگە كىردى، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى باشلاندى، بۇ ھەرىكەت شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى.

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ 2 ـ يىغىنى ئېچىلىپ، خەلق تەرىپىدىن چۈشكەن 37 تەكلىپ ۋە ئومۇمىي سايلام مەسىلىسى كېڭىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىندى.

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ 3 ـ يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا كادىرلار ئارىسىدىكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىنى پاش قىلىش چاقىرىق قىلىندى ھەمدە چولڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەم ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇش قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا قارارلار ماقۇللاندى.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىدىكى 3 يېزىدا خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلىرى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى ۋە ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى.

10 ـ ئايدا 1 ـ رايوننىڭ 1 ـ يېزىسىدا تۇنجى تۈركۈم دېھقان پارتىيە ئەزالىرى بارلىققا كەلدى، ناھىيە بويىچە تۇنجى يېزا ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى، 2 ـ يىلى 10 ـ ئايدا رەسمىي پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى.

11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنى ئېچىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ناھىيىدە 1467 ئائىلە، 5392 نوپۇس بارلىقى ئېنىقلاندى.

شۇ يىلى سەھىيە ـ داۋالاش ئورنى ئاساسىدا ناھىيىلىك شىپاخانا قۇرۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە 799 تۈيلۈك دېھقان، 1387 ئەمگەك كۈچى 111 يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلدى.

## 1954 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىدە رايوندىن ئىبارەت مەمۇرىي تۈزۈم ۋە تەمىنات تۈزۈمى رەسمىي بىكار قىلىندى.

3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ناھىيىلىك بازار باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى.

5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ناھىيىلىك مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى قۇرۇلدى.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ تەستىقى بىلەن قاراشەھەر ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كورلا ۋىلايىتى قۇرۇلدى، چاقىلىق ناھىيىسى كورلا ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 20 ئائىلىلىك 92 نەپەر زاڭزۇ (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 47، ئايال 45) شىزاڭدىكى لاسادىن سەرسان بولۇپ ۋاششەرىگە كەلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئىگەن، 3 قەبىلە باشلىقى، 3 راھىبە بار ئىدى. 11 ـ ئايدا يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئۇلار خوشۇت ناھىيىسى 1 ـ رايوننىڭ تاغاچى يېزىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى قۇرۇلدى.

## 1955 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت بېكىتى قۇرۇلدى.

2 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە «ئاۋانگارت»، «قىزىليۇلتۇز»، «ئىلغار»، «غالىبىيەت»، «يېڭى هايات»، «يېڭى نۇر»دىن ئىبارەت 6 باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپى تەشكىل قىلىندى.

4 ـ ئايدا ناھىيىدىكى ئورگانلاردا كادىرلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

ئەتىيازدا 47 ئادەمگە قىزىلدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئوكولى، 349 ئادەمگە بوغما ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 746 ئادەمگە چېچەك ئەملەندى.

10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى.

## 1956 ـ يىلى

2 ـ ئايدا يەككە قول سانائەت، مۇلازىمەت كەسپىگە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى. ناھىيە بازىرىدا ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، تىككۈچىلىك قاتارلىق كەسپلەر بويىچە 4 قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇرۇلدى. بۇلارغا 55 ئائىلىلىك يەككە ئەمگەكچى قاتناشتى. 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىدا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى مېھمانخانىدىن بىرى، كوپېراتىپ مېھمانخانىسىدىن بىرى، كوپېراتىپ ناۋايخانىسىدىن بىرى تەشكىل قىلىندى.

شۇ ئايدا تىكەنلىك يېزىسىدا «ئاۋانگارت» ناملىق ئالىي يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇرۇلدى، 285 ئۆيلۈك دېھقان كوپېراتىپقا كىردى: ئۆتام يېزىسىدا «ئۇچقۇن»، «تاڭ نۇرى» نامىلىق 2 ئالىي كوپېراتىپ قۇرۇلدى، 236 ئۆيلۈك دېھقان كوپېراتىپقا كىردى.

4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى.

7 ـ ئايدا كورلىدىن چاقىلىققا قاتنايدىغان قەرەللىك يولۇچىلار ئاپتوموبىلى ۋە نۆۋەتچى پوچتا ئاپتوموبىلى رەسمىي قاتنىدى.

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە 948 خەلق ئىشچىسى چاقىلىقتىن چەرچەنگە بارىدىغان تاشيولنى ياساشقا ئاجرىتىلدى.

11 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە 15 ئورۇندا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

11 ـ ئايدا يېزىلاردا كوپېراتسىيىلىشىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، ناھىيە بويىچە 10 ئالىي يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇرۇلدى، 1242 ئۆيلۈك دېھقان كوپېراتىپقا كىردى.

11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئېچىلدى.

قىشتا ناھىيە بويىچە 3114.4 مو بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈلدى.

## 1957 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش كومىتېتى قۇرۇلدى.

2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى بىرىنچى تۈركۈم قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى، چاقىلىق رايونىدىكى ۋاششەرى، مىرەن خارابىلىرى قوغدىلىدىغان دائىرىگە كىرگۈزۈلدى.

7 ـ ئاينىڭ بېشىدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان ئورگان زىيالىيلىرى، كادىرلىرى سۆھبەت يىغىنىدا پارتىيىنىڭ ئىستىل تۈزىتىشىگە ياردەم بېرىلدى.

8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى ئىستىل تۈزىتىش ئوڭچىلارغا قارشى تۈرۈش كۆرىشىگە بۇرۇلدى، بۇ ھەرىكەت 1958 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئاخىرلاشتى، ھەرىكەت داۋامىدا 7 كىشى خاتا ھالدا ئوڭچى ئۇنسۇر قىلىپ ئايرىلدى، بۇلارنىڭ دېلوسى 1979 ـ يىلغا كەلگەندە قايتا تەكشۈرۈلۈپ تۈزىتىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ناھىيىلىك تەنتەربىيە ھەرىكىتى كومىتېتى قۇرۇلدى.

10 ـ ئايدا، 1955 ـ يىل 4 ـ ئايدا باشلانغان كادىرلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى 2 يېرىم يىل داۋاملىشىپ ئاخىرلاشتى، بۇ جەرياندا جەمئىي 195 كادىر تەكشۈرۈلدى.

## 1958 ـ يىلى

2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى 3 يېزىدا يۇقۇملۇق زۇكام تارقىلىپ، 7 كۈن ئىچىدە 417 ئادەم زۇكام بىلەن ئاغرىدى.

5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چاقىلىق دەرياسىغا كەلكۈن كەلدى، تاشقىن سۈيىنىڭ ئورنى 66 سانتىمېتىر ئۆرلەپ كەتتى.

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئېچىلدى.

5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۇ فاڭيۈەن 300 دىن ئارتۇق كادىر ۋە خەلق ئىشچىسىنى تاغ ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، ئارقا تاغ سۇ قۇرۇلۇشىنى ياماشقا كىرىشتى.

6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چاقىلىق دەرياسىنىڭ سۈيى تېشىپ، تاشقىن سۈيىنىڭ ئورنى 50 سانتىمېتىر ئۆرلەپ كەتتى. بۇ ھال بىر يېرىم كۈن داۋاملاشتى.

6 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە «چولڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنىدا ناھىيە بويىچە يۇقىرى كۆرسەتكۈچ، قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىش، مۇبالىغىچىلىك شامىلى پەيدا بولدى، ئومۇميۈزلۈك «سوئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىلىپ»، مەھسۇلات مىقدارى يالغان مەلۇم قىلىندى.

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چاقىلىق دەرياسىغا كەم ئۇچرايدىغان كەلكۈن كەلدى، تاشقىن سۈيىنىڭ ئورنى 122 سانتىمېتىر ئۆرلەپ كەتتى، بۇ ھال 5 كۈن داۋاملاشتى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە 400 دىن ئارتۇق ئادەم تاغ ئارىسىغا كىرىپ تۆمۈر رۇدىسى قېزىپ پولات تاۋلىدى، تاۋلانغان پولات ـ تۆمۈرنىڭ ھەممىسى كېرەككە كەلمىدى.

9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ناھىيە مىقياسىدا يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئاممىۋى ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تۈنجى قېتىمدا ساپان چىشى قاتارلىق سايمانلاردىن 45ى، قول ھارۋىسىدىن 218ى ئۆزگەرتىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يېزىلاردا 4 خەلق گوڭشېسى ئارقا ـ ئارقىدىن دۇنياغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيىدە خەلق گوڭشېسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بولدى.

12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى پۈتۈن ناھىيىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە پارتىيە ۋە گوڭشېنى تەرتىپكە سېلىش باشلاندى. شۇ يىلى ناھىيىلىك مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى.

## 1959 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم 4 خەلق گوڭشېسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر چولڭ خەلق گوڭشېسى قىلىپ قۇرۇشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «غالىبىيەت» باشقۇرۇش رايونى، «ئىتتىپاق» باشقۇرۇش رايونى ۋە ۋاششەرى باشقۇرۇش رايونىنى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىپ، 366 ئادەم زۇكام بولدى، 106 بالىغا سۇ چېچەكى چىقتى، 161 كىشىگە قىزىل چىقتى، قوشۇلۇپ كېلىدىغان كېسەللىكلەر تۈپەيلىدىن 22 ئادەم ئۆلۈپ كەتتى.

4 ـ ئايدا شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسى 505 ـ ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈش گورۇپپىسىدىكى لى لېيەنتاڭ، تاڭ رۇچېڭ، لى چۈەنيۇ قاتارلىقلار لوپنۇر دالىسىدا يەر ئۆلچەۋېتىپ، ئويلىمىغان يەردىن 4 قۇرۇق جەسەتنى ئۇچراتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى

بىر جەسەتنىڭ يېنىغا گومىنداڭ ۋاقتىدىكى ئالتۇنغا ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان نۇرغۇن چەك ۋە قەغەز پۇل باستۇرۇپ قويۇلغان، جەسەتنىڭ ئاستىدىن يەنە 5 كىلوگىرامچە ئالتۇن قاچىلانغان بىر خالتا تېپىلدى.

5 ـ ئايدا ناھىيىدە قۇشقاچ (كېيىن چۈشىغا ئۆزگەرتىلدى) ، چاشقان، چىۋىن، پاشىنى يوقۇتۇشتىن ئىبارەت 4 زىيانداشنى يوقۇتۇش ھەرىكىتى قوزغىتىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ناھىيە تەۋەسىگە كەلكۈن كەلدى، سۇنىڭ ئورنى 65 سانتىمېتىر ئۆرلەپ كەتتى.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ناھىيىنىڭ مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانى، ناھىيىنىڭ توغراقلىق مەيدانى قۇرۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە جىنسىي كېسەللىكلەر كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلگەن 6040 ئادەمنىڭ 306 سىنىڭ جىنسىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىدا كىچىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن، ئاساسەن، ناھىيە بازىرىنى يورۇتۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى شورلۇقتا گومىنداڭ ئازادلىق ھارپىسىدا تاشلاپ كەتكەن ئامېرىكىدا ياسالغان 2 كورەشچى ئايروپىلان بايقالدى.

11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيە ـ گۇڭشې شىركەتچىلىكىدىكى ئات ـ ئۇلاغ كەسپىي ترانسپورت ئەترىتى تەشكىل قىلىندى.

شۇ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر قېيىققا ئولتۇرۇپ لوپنۇر كۆلىنىڭ سۇ دائىرىسىنى تەكشۈردى.

شۇ يىلى گوۋۇيۈەنىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، چاقىلىقنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى « 婼羌 » دىن « 若羌 » غا ئۆزگەرتىلدى.

## 1960 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ناھىيىلىك قۇمنى تېزگىنلەش كومىتېتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قايتا تەسىس قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق قوراللىق بۆلۈمى پارتكومى قۇرۇلدى.

2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم «غالىبىيەت» چوڭ ئەترىتىدە ئېلىپ بارغان گۇڭشېنى ئەرتېپكە سېلىشنى سىناق قىلىش خىزمىتى ئاخىرلىشىپ، گۇڭشېنى ئەرتېپكە سېلىش خىزمىتى ناھىيە بويىچە قانات يايدۇرۇلدى.

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ناھىيىلىك يېزا ـ بازار يوللىرىنى پىلانلاش كومىتېتى قۇرۇلدى.

5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئارقا تاغ ۋە ئاقسۇدىن سۇ باشلاپ كېلىش قۇرۇلۇشى باشلاندى.

6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ناھىيە تەۋەسىگە كەلكۈن كەلدى، سۇنىڭ ئورنى 61 سانتىمېتىر ئۆرلەپ كەتتى.

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يېڭى «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بىيوروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى ناھىيە بويىچە قانات يېيىپ كەتتى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ناھىيىدىكى چوڭ گۇڭشې ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، «غالىبىيەت»، «ئىتتىپاق» باشقۇرۇش رايونلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، «غالىبىيەت» خەلق گۇڭشېسى قىلىپ قۇرۇلدى، ۋاششەرى باشقۇرۇش رايونى ۋاششەرى خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى بۇيرۇققا بىنائەن چارلاش شۆبە ئەترىتى تەشكىللىدى، بۇ ئەترەت ئالتۇنتاغقا چىقىپ، شىزاڭدىن چاقىلىق تاغلىرىغا قېچىپ كىرىۋالغان باندىتلارنى ئاختۇردى.

11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا يېڭى ئاۋات سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى باشلاندى.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى چارلاش شۆبە ئەترىتى ئالتۇنتاغدىكى ئاچچىق كۆلنىڭ 5 كىلومېتىر غەربىدە توپىلاڭچى باندىتلار بىلەن ئۇچرىشىپ، 10 نەچچە باندىتنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى چارلاش بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى جاڭ فالۇن، چارلاش شۆبە ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن پەيجاڭى جى يۈڭخا، جەڭچىلەردىن لى شىناڭ، جاڭ شۆجۈڭلار قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن كورلا ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى، چاقىلىق بايىنغولىن ئوبلاستىغا قارايدىغان بولدى.

شۇ يىلى ناھىيىدە خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

## 1961 - يىلى

1 - ئايدا ناھىيە بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى ئېچىلدى.

2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلدى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بازاردا ئاھالە كومىتېتى قۇرۇلدى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ج ك پ نىڭ چاقىلىق ناھىيىلىك 2 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ناھىيىلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى.

## 1962 - يىلى

1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ناھىيىدە ئورگان كادىرلىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى قىسقارتىش - تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 365

كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى قىسقارتىلدى.

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «غالىبىيەت» خەلق گۈڭشېسى «غالىبىيەت» ۋە «ئىتتىپاق» دېگەن 2 خەلق گۇڭشېسىغا ئايرىلدى.

2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى ئېچىلدى.

ئەتىيازدا كېسەللىكلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلىنىپ، 3671 ئادەم (قېتىم) تەكشۈرۈلۈپ، جىنسىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغان 221 ئادەم ئېنىقلاندى.

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ناھىيىلىك تىل - يېزىق كومىتېتى قۇرۇلدى.

5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاشەرى رايونىدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى.

5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چاقىلىق دەرياسىغا تاشقىن كېلىپ سۇ ئامبىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى، بۇنىڭ بىلەن تۆۋەن ئېقىمدىكى ئورگان دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدا سۇ قىيىنچىلىقى تۇغۇلدى.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ناھىيىلىك باھا كومىتېتى، پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى.

## 1963 - يىلى

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ناھىيە بازىرى ئەتراپىغا تاشقىن كېلىپ، تاشقى سۈيىنىڭ ئېقىن مىقدارى 11 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يەتتى.

9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلدى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق - باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتى قۇرۇلدى.

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ناھىيە «غالىبىيەت» گۇڭشېسىدا يېزا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ باردى، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىن 39 كادىر ئاجرىتىلىپ، ئەترەتلەردە سىناق خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەۋەتىلدى.

12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا چاقىلىقتا جىگەر ياللۇغى كېسىلى تارقىلىپ، 241 ئادەم بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولدى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ناھىيە 350 نەچچە خىل تاۋارنىڭ باھاسىنى تەڭشىدى.

## 1964 - يىلى

1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 5 ئادەم بايقالدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى جاڭ جۇڭخەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىدىن 35 كىشىنى مىرەن ۋە ئالتۇنتاغنىڭ

شەرقىي قىسمىغا باشلاپ بېرىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇرۇش ۋە تاش پاختا كېنىنى ئېچىش ئىشىنى بېكىتتى.

4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ناھىيىلىك يەر پىلانلاش كومىتېتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا چاقىلىق رايونىدىكى قوتاز، ياۋا ئېشەك، ئارقار ۋە ياۋا تۆگىدىن ئىبارەت 4 خىل ياۋايى ھايۋان دۆلەتنىڭ 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

9 ـ ئايدا قاڭشلاق يايلىقىدا 2 توسما، بىر توما، 2 ئېرىق، 5 توسما ئېغىزى ياسالدى.

9 ـ ئايدا ناھىيە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ ئوقۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىر تۈركۈم تېرىقچىلىق قىلغاچ ئوقۇش مەكتەپلىرىنى قۇرۇشقا كىرىشتى.

10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى يولغا قويۇش كومىتېتى قۇرۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ بېشىدا دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى پارتلىتىش سىناق قىلىنىشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى، ئاۋىئاتسىيە قىسىملىرى لوپنۇر كۆلى رايونىدىكى دالىلارنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا چارلاش ئېلىپ بېرىۋېتىپ، ئويلىمىغان يەردىن گومىنداڭ ما بۇفاڭ قىسمىنىڭ قالدۇقلىرىدىن 100 نەچچە كىشىنى بايقاپ قالدى. 3 كۈندىن كېيىن قوملۇقتا 10 نەچچە يىل پىتىراپ يۈرگەن بۇ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قۇملۇقتىن ئېلىپ چىقىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى پارتلىتىش سىنىقى لوپنۇر كۆلى رايونىدىكى يادرو سىنىقى بازىسىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلدى.

شۇ يىلى 2 ـ قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ناھىيىدە 2200 ئائىلە، 7205 نوپۇس بارلىقى ئېنىقلاندى.

11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چاقىلىق دەرياسىدىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

شۇ يىلى ناھىيىدە جىگەر ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە 16 مىڭ 32 ئادەم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، 2550 ئادەم (قېتىم) گە خولېرا ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى.

## 1965 ـ يىلى

2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئېغىر قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، كەڭ كۆلەملىك كۈزگى، يازغى بۇغدايلار قۇرۇپ كەتتى.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانى (كېيىن 36 ـ تۇەن ـ مەيدانغا ئۆزگەرتىلدى) ناھىيىنىڭ

شەرقىدىكى مىرەن رايونىدا رەسمىي قۇرۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ناھىيە مىقياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يەرلىكنىڭ مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانىغا قوشۇۋېتىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، شىنجاڭغا كەلگەن مەركىزىي كومىتېت ۋەكىللەر ئۆمىكى چاقىلىق ناھىيىسىگە كېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىدىن ھال سورىدى.

11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئېچىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ناھىيە ئورگىنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن ئېنىقلاش خىزمىتى ئاساسەن ئاخىرلاشتى، جەمئىي 554 ئىشچى ـ خىزمەتچى تەكشۈرۈلدى.

## 1966 ـ يىلى

2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ناھىيىلىك سۇ قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇلدى.

6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى» (16 ـ ماي ئۇقتۇرۇشى) يەتكۈزۈلدى.

12 ـ ئايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» چاقىلىق ناھىيىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدى، ھەر ساھە ـ ھەر كەسىپ بويىچە ئاممىۋى خاراكتېرلىك «جەڭگىۋار ئەترەت»لەر قۇرۇلدى، چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلاندى، تاملارغا شوئارلار يېزىلدى، «قىزىل قوغدىغۇچىلار» كوچىلارغا چىقىپ، ئاتالمىش «تۆت كونا» (كونا ئىدىيە، كونا مەدەنىيەت، كونا يوسۇن، كونا ئادەت)نى بۇزدى، چاقىلىقتا 10 يىللىق مالىمانچىلىق باشلاندى.

## 1967 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ۋاشىشەرى ئۆستىڭىنىڭ سۇ باشلاش ـ سۇغىرىش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

3 ـ ئايدا «قىزىل قوغدىغۇچىلار» ناھىيىلىك پارتكومغا بېسىپ كىرىپ، تەشكىلات بۆلۈمىنى پېچەتلىدى، ھەر قايسى ئىدارىلاردا رەھبەرىي كادىرلارنى تارتىپ چىقىپ كۈرەش قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگىنىغا ۋاكالىتەن ناھىيىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە كۈندىلىك مەمۇرىي خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا باشلىدى.

9 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، ناھىيىدىكى بىر قىسىم ئىدارىلەرگە قارىتا ھەربىي ئىدارە قىلىش يۈرگۈزۈلدى.
قىشتا «غالىبىيەت» گۆڭشېسىنىڭ «قىزىلبىيۇلتۇز» چولڭ ئەترىتى قىيناپ سوراق قىلىش، قىستاش، ئىقرار قىلدۇرۇش ۋاستىسىنى ئىشلىتىپ، ئاتالمىش «ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ» دېلوسىنى پەيدا قىلدى.

## 1968 ـ يىلى

4 ـ ئايدا ئاتالمىش «فېۋرال تەتۈر ئېقىمىنىڭ يېڭى قايتۇرما ھۇجۇمى» تەنقىد قىلىندى. نۇرغۇن كادىر يەنە بىر قېتىم تەنقىد ۋە كۈرەش قىلىندى.
6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 5 لەردە ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى سايدا مۇنازىرىلەشىش سەۋەبىدىن تەرەپبازلىق خاراكتېرىدىكى ئەلەم كۈرىشى يۈز بەردى، 9 كىشى يارىلاندى، ئەتراپتا تۇرۇپ تاماشا كۆرگۈچىلەرنىڭ سانى نەچچە 100 كىشىگە يەتتى، چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم نەق مەيدانغا كېلىپ ئەلەم كۈرىشىنى نەسىھەت بىلەن توسىدى.
8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا «سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، شۇنىڭدىن كېيىن، بىر مۇنچە كادىر ۋە ئامما زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.
9 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە «ئەتىگەندە يوليورۇق سوراش»، «كەچتە دوكلات قىلىش» تەك ئەسەبىيلىك ئەۋج ئالدى.
12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 314 نەپەر يۇرتىغا قايتقان، يېزىغا چۈشكەن زىيالىي ياش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.
شۇ ئايدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى دېھقانچىلىق مەيدانىدا تەشكىللەنگەن «ئىشچىلار ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى تەشۋىقات ئەترىتى» (قىسقارتىلىپ «ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى» دەپ ئاتالغان) ناھىيىنىڭ يېزا ـ بازارلىرىدىكى ئورگان ـ ئورۇنلارغا ۋە يېزا ـ كەنتلەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتى.

## 1969 ـ يىلى

2 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە «غالىبىيەت» گۆڭشېسى، «ئىتتىپاق» گۆڭشېسى، ۋاششەرى گۆڭشېسى، تېلېگراف لىنىيىسى پونكىتى، ئاشلىق ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى.
10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.
10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى ۋە ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى؛ ناھىيىلىك ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 1970 ـ يىلى

3 ـ ئايدا «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (ئەق ئەكسلئىنقىلابچىلارغا زەربە بېرىش، خىيانەتچىلىك ـ ئوغرىلىققا، ھايانكەشلىككە، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، ھەر قايسى تارماق ـ ئورۇنلاردا مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى، تارتىپ چىقىپ كۆرەش قىلىش شامىلى قايتا چىقىپ، يەنە بىر قىسىم ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار پەيدا بولدى.

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون ۋە ئاپتونوم ئوبلاستتىن تارقاقلاشتۇرۇلۇپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن خادىملاردىن 136 ئائىلە، 356 ئادەم يېزىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 1971 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ناھىيىنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرى ۋە يېزىلىرىغا كىرىپ ئورۇنلاشقان «ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى» تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى دېھقانچىلىق مەيدانىغا قايتتى.

3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ناھىيىلىك «7 ـ ماي» دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى، 100 گە يېقىن كادىر بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئەمگەككە چۈشۈرۈلدى.

4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ چاقىلىق ناھىيىلىك 3 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ناھىيىلىك پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ يېڭى ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە 153 نەپەر زىيالىي ياش يېزىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيىدىكى ئورۇنلار سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش داۋامىدا 29 مىڭ 721 قېتىم ھەرخىل تەنقىد يىغىنى ئېچىپ، ئاتالمىش «ئەق ئەكسلئىنقىلابىي مەسىلىسى ۋە ئەق ئېغىر مەسىلىسى بار» 174 كىشىنى، «تارىخىي ئەكسلئىنقىلابىي مەسىلىسى ۋە ئېغىر تارىخىي مەسىلىسى بار» 104 كىشىنى تازىلىدى. ئاتالمىش ئىككى «ئەكسلئىنقىلابىي گۇرۇھ»نى قولغا چۈشۈردى، بۇلارغا ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم چېتىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە پارتىيىنى ئەرتىپكە سېلىش، پارتىيە قۇرۇش خىزمىتى باشلاندى.

10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيىلىك كادىرلارغا مەركىزىي كومىتېتنىڭ لىن بياۋنىڭ پارتىيە، دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھۆججىتىنى يەتكۈزدى. كېيىنكى ئايدا، بۇ ھۆججەت كەڭ ئاممىغا يەتكۈزۈلدى.

شۇ يىلى ئۈيغۇرچە، خەنزۇچە سىملىق رادىئونىڭ چاستوتىنى تېزگىنلەپ يۆكلىمە دولقۇن ئۆزۈتۈش لىنىيىسى پۈتتى.

## 1972 - يىلى

2 - ئايدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ «لىن بياۋ، چېن بودا پارتىيىگە قارشى گۇرۇھىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشىنى تارمار قىلىش كۈرىشى» توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرى يەتكۈزۈلۈپ، لىن بياۋنى تەنقىد قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.
4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق قوغداش گۇرۇپپىسى ۋە خەلق قوغداش سوت گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.
ئەتىيازدا ناھىيىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ، «7012» ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش - لىنىيە قوغداش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى.
شۇ يىلى ناھىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مەشھۇر لوپنۇر كۆلى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتتى.

## 1973 - يىلى

1 - ئايدا ۋاششەرى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرۇش تەييارلىقى باشلاندى.
3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىدە داچەيدىن ئۆگىنىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى.
3 - ئايدا ناھىيىنىڭ يېزا - بازارلىرىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى تەربىيىسى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. لىن بياۋنىڭ قىلمىشلىرى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈلۈپ چوڭقۇر تەنقىد قىلىندى.
4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاياللار كومىتېتى قۇرۇلدى.
6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ناھىيىلىك تاشپاختا كېنىنى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى.

## 1974 - يىلى

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك شاھمات مۇسابىقىسى چاقىلىقتا ئۆتكۈزۈلدى.
2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ناھىيە بويىچە لىن بياۋنى، كوڭزىنى تەنقىد قىلىش قەسەمياد يىغىنى ئېچىلدى.
3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى قاتارلىق 4 چوڭ گۇرۇپپا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ھەر قايسى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانىلىرى ۋە ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ھەر قايسى

بۆلۇم، ئىشخانىلىرى تەسىس قىلىندى.

7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى تەشكىل قىلىندى.

شۇ يىلى ناھىيىنىڭ يېزىلىرىدا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا «پروگرامما» دېگەنگە يەتكەن، «خۇاڭخې» دىن ئۆتۈپ كەتكەن بىر تۈركۈم چولاڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى بارلىققا كەلدى.

## 1975 ـ يىلى

2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق ئەسكەرلىرى يىغىنى ئېچىلىپ، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدىن خۇلاسە چىقىرىلدى، ئىلغارلار تەقدىرلەندى.

12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تاشساي دەرياسى سۇ ئىشلىرى تەرەققىيات قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تاشساي دەرياسى سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ناھىيىدىكى ئورگان كادىرلىرى ئارىسىدا «سۇ بويىدا» غا باھا بېرىش قانات يايدۇرۇلدى.

## 1976 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى جۇ ئېنلەي ۋاپات بولدى، ناھىيىدىكى كادىرلار ۋە ئامما ئۆزلۈكىدىن قارىلىق تۇتۇپ، يىغلىپ تەزىيە بىلدۈردى.

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئالتۇنتاغ يول ئاسراش ئوچاستكىسى قۇرۇلدى.

3 ـ ئايدا جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى ئاتالمىش «دېڭ شياۋپىڭنى تەنقىد قىلىش، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش» دولقۇنىنى قوزغىدى، چاقىلىقتا ئاز ساندىكى كىشىلەر «ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرەيلى» دېگەندەك شوئارلارنى يازدى، كەڭ ئامما سوكۇتتە تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتتى.

4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ناھىيە، گۇڭشې، ئەترەت كادىرلىرىدىن تەشكىللەنگەن داجەينى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ـ ئۆگىنىش ئۆمىكى داجەيگە قاراپ يولغا چىقتى.

7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ناھىيە خەلقى جۇدې ۋېيپۈەنجاڭنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولدى، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى يىغلىپ رادىئو ئاڭلىدى، ماتەم بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزدى.

9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەيدانىدا داغدۇغىلىق يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئۇلۇغ داھىي رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى.

10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھىيىنىڭ يېزا ـ بازارلىرىدا ئۇدا نەچچە كۈن يىغىلىش، نامايىش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» (ۋاڭ خۇڭۋېن، جاڭ چۇنچياۋ، جياڭ چىڭ، ياۋ ۋېنيۈەن) ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى بىر يولىلا تارمار قىلغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي غەلىبە تەبرىكلەندى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتلىرى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەندى.

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى سەيپىدىن ئەزىزى چاقىلىقنى كۆزدىن كۆچۈردى.

11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئورگانلاردىن 110 كادىر سىياسىي لۇشيەن تەربىيىسى خىزمىتى ئۆمىكى بولۇپ تەشكىللىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ 1 ـ سېپىگە ئاتلاندى.

11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىدە داچەيدىن ئۆگىنىش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى.

## 1977 ـ يىلى

3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت ئەترىتى قۇرۇلدى.

6 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى بارلىق كادىر ۋە يېزا ـ بازار، رايونلارنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنى يىغىپ ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، بۇ كادىرلار چاقىلىقنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ئەكسىيەتچىل جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى ۋە تەنقىد قىلدى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن چېتىشلىقى بولغان ئادەم ۋە ئىشلارنى ئېنىقلىدى.

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ناھىيىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت 10 يىللىق مالىمانچىلىقتىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە داچەيدىن ئۆگىنىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى.

## 1978 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ناھىيىدە ئاشلىق يۆتكەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىنىپ، ناھىيە بازىرىدا ئاشلىق يېتىشمەسلىك مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ناھىيىدە قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش، زىيانداش ھاشاراتلارنى

يوقىتىشنى مەركىزىي ۋەزىپە قىلغان ئاپەتكە قارشى تۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.
6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى 10 بال بوران چىقىپ، 3300 مودىن ئارتۇق يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى. 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى رەسمىي قۇرۇلدى.
10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلاردا «پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، تەكشۈرۈش، زەربە بېرىش» («تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ زەھەرلىرىنى تەنقىد قىلىش، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىلەن چېتىشلىقى بولغان ئادەم ۋە ئىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»تىكى بىر ئۇچۇم ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا زەربە بېرىش) ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.
12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش يىغىنى ئېچىلدى.

## 1979 - يىلى

3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ناھىيىلىك نېفىت شىركىتى قۇرۇلدى.
4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چاقىلىقتا قارا بوران چىقىپ، يەر - جاھان قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. تېمپېراتۇرا 4℃. 19 تۆۋەنلىدى، بورانغا قوشۇلۇپ كەلگەن كېلىپ توپا ياغدى. 5 ئۆيلۈك كۆڭشې ئەزاسىنىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 3400 دىن ئارتۇق ئۆششاق چارۋا، 100 دىن ئارتۇق چوڭ چارۋا ئۆلدى، بوراندا 31 قورۇ قوي پېتىراپ كەتتى (700 دىن ئارتۇق قوي يوقاپ كەتتى)، 8000 مودىن ئارتۇق يەردىكى يازغى بۇغداي ئاپەتكە ئۇچرىدى، 1450 تۈپ چوڭ دەرەخ ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 13 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەتنى قۇم بېسىپ كەتتى.
5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلدى.
6 - ئايدا ناھىيە بويىچە 21 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.
شۇ ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئەترىتى تىك ئۇچار ئايروپىلاندا لوپنۇر كۆلى رايونىنى تەكشۈردى.
شۇ ئايدا ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى. شۇ ئايدا ناھىيە بويىچە 99 ئادەم توغرىسىدىكى ناھەق، يالغان، خاتا دېلو ئاقلاندى.
11 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئەترىتى كىروران خارابىسىنى تەكشۈردى، مەشھۇر ئالىم، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پېڭ جيامۇ تەكشۈرۈشكە قاتناشتى.
شۇ يىلى نېفىت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سۇڭ جېنمىڭ قاتارلىقلار چاقىلىقنى كۆزدىن كۆچۈردى.

## 1980 - يىلى

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سېپىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جۇڭگو بىلەن ياپونىيە بىرلىشىپ ئىشلەيدىغان يىپەك يولى ھەققىدىكى تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 12 خادىمى چاقىلىققا كەلدى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگو - ياپونىيە دوستلۇق - مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، ياپونىيىلىك مەشھۇر تارىخشۇناس ھەم يازغۇچى جىڭ شاڭچىڭ ناھىيىگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پېڭ جيامۇ تەكشۈرۈش ئەترىتىنى باشلاپ لوپنۇر كۆلى رايونىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، سۇ ئىزدەش يولىدا بەختكە قارشى دېرەكسىز يوقاپ كېتىپ قۇربان بولدى.

## 1981 - يىلى

1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سېپىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى.

2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ناھىيە يېزىلىرىدا «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش»، «ئىش كۈنىنى مەھسۇلاتقا بېكىتىش»، «كىچىك دائىرىدە ھۆددىگە بېرىش»، «مەسئۇلىيەت ئېتىزى»، «ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئېتىزى» قاتارلىق شەكىللەردىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە سىياسىي كېڭەش چاقىلىق ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلدى.

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ناھىيىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى.

4 - ئايدا 4226 مو بۇغداي ئېتىزىدا خىمىيىۋى ئۇسۇلدا ئوت - چۆپ يوقىتىش ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

6 - ئاينىڭ بېشىدا يېزىلاردا بۇغداي كۆك پىتى يامراپ كەتتى، بىر قېتىمدا 16 مىڭ 68 مو يەردىكى بۇغدايغا كۆك پىتىنى مۇداپىئە كۆرۈش يۈزىسىدىن دورا پۈركۈلدى.

7 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىقلار ناھىيىنى كۆزدىن كۆچۈردى.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ناھىيىدە 3 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش

رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى.

شۇ يىلى ناھىيەدە نۇقتىلىق ھالدا 2 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش ئىشى باشلاندى؛ بۇنىڭدىن باشقا، 17 مىڭ 653 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا 8 يۇرۇشلەشكەن سۇ سىڭمەس ئېرىق-ئۆستەڭ ياسالدى.

## 1982 - يىلى

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيە بىلەن كورلا ئوتتۇرىسىدا فوتوتېلېگراف ئارقىلىق خەۋەرلىشىش كەسپى رەسمىي يولغا قويۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيەدە 1 - قېتىملىق «مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتى بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلدى، يېزا - بازارلاردىكى ئورۇنلار «پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار» لىقنى ئوڭشاشنى مەركەز قىلغان «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتىگە ئاتلاندى.

3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىقلار ناھىيىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ، دائىمىي كومىتېت ئەزاسى ھامىدىن نىيازلار باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى رېن ياڭشەن، ئوبلاست باشلىقى داڭ جىنلارنىڭ ھەمراھلىقىدا چاقىلىققا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئەتىيازدا يېزىلاردا تېرىقچىلىق تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش سىنىقى باشلاندى، بۇغداي تېرىش كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، كۆممىقوناق كۆلىمى زور مىقداردا كېمەيتىلدى، ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى كۆپەيتىلدى، بىر يىلدا بىر قېتىم ھوسۇل ئېلىش بىر يىلدا 2 قېتىم ھوسۇل ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ناھىيىنىڭ 3 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاخىرلاشتى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ناھىيەدە 5801 ئائىلە، 23 مىڭ 435 نوپۇس (يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 36 - تۇەن - مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بارلىقى ئېنىقلاندى.

شۇ ئايدا 1 - قېتىملىق يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى باشلاندى، 11- ئاينىڭ بېشىدا سىرتتا تەكشۈرۈش ئاخىرلىشىپ، ئىشخانىدا ماتېرىيال رەتلەش باشلاندى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيەدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى.

## 1983 - يىلى

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ سىياسىي قانۇن كومىتېتى قۇرۇلدى.

1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ناھىيىنىڭ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئاساسەن ئاخىرلاشتى، 189 كىشى ئۈستىدىكى ناھەق، يالغان، خاتا دېلو ئاقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان 149 كىشى تولۇق ئاقلاندى، قىسمەن خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان 40 كىشى قىسمەن ئاقلاندى.

شۇ ئايدا ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھەرخىل چوڭ ھۆددىگەرلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى يولغا قويۇلدى، دېھقان، چارۋىچىلار بەس ـ بەس بىلەن ئىشلەپچىقىرىش توختاملىرىنى تۈززۈشتى.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ناھىيىدە 2 ـ قېتىملىق «مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ناھىيىدە چىڭخەيىنىڭ گېرمۇ دېگەن يېرىدىن شىنجاڭغا قايتۇرۇلغان قازاق چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى 10 ئورۇنغا تۇرۇبا سۇيى ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلدى، 33 مىڭ مېتىردىن ئارتۇق سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ، 57 قۇدۇق قېزىلدى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق ۋە ئوزۇقلۇق ئاشلىقتىن ئىبارەت 7 جەھەتتىكى ئاساسلىق كۆرسەتكۈچ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1978 ـ يىلدىكى ئاساستا بىردىن كۆپرەك قاتلاندى، چاقىلىق ناھىيىسى مەملىكەتتىكى مەھسۇلات كۆرسەتكۈچىنى بىر قاتلىغان 112 ناھىيە قاتارىغا كىرىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

## 1984 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى ھەرخىل كەسپىي ئائىلىلەر، نۇقتىلىق ئائىلىلەر 613 كە يېتىپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 26%نى ئىگىلىدى. ھۆددىگەرلىك توختامى تۈزۈشكەن دېھقان، چارۋىچى ئائىلىلىرىنىڭ سانى 2482 گە يەتتى.

شۇ ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ۋەكىلى دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتى شىجياجۇاڭدا ئاچقان مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بىر قاتلىغان ناھىيىلەر سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا چىڭخەيىنىڭ گېرمۇ دېگەن يېرىدىن كەلگەن قازاقلارنىڭ 21 مىڭ 543 تۇياق چارۋىسى ئېشەكپاتتى دېگەن جايدا يايلىتىشقا قالدۇرۇلدى.

2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە دېھقانلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى سېتىۋېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، شەخسلەر بىر ماشىنا، 18 چوڭ ـ كىچىك تراكتور، 80 ئات، 130 ئۇي كالا، 148 چوڭ ھارۋا ۋە ئېشەك ھارۋىسى سېتىۋالدى.

4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى يىغىنى ئاچتى.

5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە، ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئېچىلدى.

5 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر، يېزا قۇرۇلۇشى ـ مۇھىت ئاسراش نازارىتى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىدىن تەشكىللەنگەن ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا ئەمەلىي ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەر بويىچە يېزىلاردىكى «بەشتە ياخشى بولۇش» قۇرۇلۇشىنى نەق مەيداندا كۆزدىن كۆچۈرۈش يىغىنى ئېچىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ناھىيە يېزىلىرىدا دۆلەتكە 10 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق تاۋار ئاشلىق سېتىپ بەرگەن دېھقان ئائىلىسى 78گە يەتتى.

شۇ يىلى گۇڭشې ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا قۇرۇش خىزمىتى ئورۇندىلىپ بولدى. ناھىيە بويىچە بىر رايون، 5 يېزا (بۇنىڭ 2 سى بۆلۈمچە دەرىجىلىك يېزا) ، 2 بازار تەسىس قىلىندى.

شۇ يىلى ناھىيىنىڭ يېزىلىرىدا كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى قۇرۇلدى.

## 1985 ـ يىلى

4 ـ ئايدا 200 نەچچە مىڭ خەتلىك «چاقىلىق ناھىيىسى يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى» دېگەن كىتاب پۈتۈپ نەشر قىلىندى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈشنى قارار قىلدى ھەمدە «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش كومىتېتى ۋە ناھىيە تەزكىرىسى تەھرىر ئىشخانىسى قۇرۇلدى، سەپلەپ بېرىلگەن مەخسۇس ئادەملەر «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزۈشكە كىرىشتى.

7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى خۇ ياۋباڭ قاتارلىق كىشىلەر ئايروپىلان بىلەن چەرچەندىن چاقىلىققا كېلىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى.

8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى گېرمانىيە فېدراتىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ 4 ساياھەتچىسى كىچىك ماشىنىنى ئۆزى ھەيدەپ شاڭخەيدىن يولغا چىقىپ، چىڭخەي ئارقىلىق چاقىلىققا كەلدى.

9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى جۇڭگو ـ ئامېرىكا بىرلەشمە تاغقا چىقىش كوماندىسىدىكى 24 كىشى جۇڭگو تەرەپتىن تەيىنلەنگەن مۇئاۋىن باش كوماندا باشلىقى ۋاڭ جۇڭخۇا، ئامېرىكا تەرەپتىن تەيىنلەنگەن مۇئاۋىن باش كوماندا باشلىقى لوپىس بوسنىڭ باشلامچىلىقىدا چاقىلىق ناھىيىسىگە كەلدى.

9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاخباراتچىلار ئۇيۇشمىسى مۇدىرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ فەن چاقىرىلغاچقا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جۇڭگو ـ ئامېرىكا بىرلەشمە تاغقا چىقىش كوماندىسى مۇزتاغ چوققىسىنى بويسۇندۇرۇپ، غەلىبىلىك قايتىپ كەلدى. 1000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقى ناھىيە بازىرىدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئۇلارنى قارشى ئالدى.

# بەشىنچى قىسىم

# جۇغراپىيىسى



# بىرىنچى قىسىم

# جۇغراپىيىسى

## I باب

## زېمىن دائىرىسى، رايونلارغا ئايرىلىشى

### 1 § . زېمىن دائىرىسى

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 86°45′ — 93°45′، شىمالىي پاراللېل 36°05′ — 41°23′ ئارىلىقىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ، جەنۇبتا شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن چېگرىداش، غەربتە چەرچەن ناھىيىسى، شىمالدا لوپنۇر ناھىيىسى ۋە تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى بىلەن قوشنا، شەرقتە گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيە زېمىنىنىڭ شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 570 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 580 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 202 مىڭ 298.78 كۋادرات كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تاغ - ئېدىرلارنىڭ كۆلىمى 59 مىڭ 180.29 كۋادرات كىلومېتىر، چۆل - جەزىرىلەرنىڭ كۆلىمى 60 مىڭ 236.42 كۋادرات كىلومېتىر، بوز يەرلەرنىڭ كۆلىمى 25 مىڭ 508.75 كۋادرات كىلومېتىر، قۇملۇق يەرلەرنىڭ كۆلىمى 56 مىڭ 231 كۋادرات كىلومېتىر، كۆللەرنىڭ كۆلىمى 1093.38 كۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمى 48.19 كۋادرات كىلومېتىر.

ئالتۇنتاغ چاقىلىق زېمىنىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ناھىيىنى پەرقى ئىنتايىن زور بولغان جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونغا — تۈزلەڭلىك ۋە تاغلىق رايوندىن ئىبارەت 2 قىسىمغا بۆلۈپ تۇرىدۇ. شىمالىي قىسمى تارىم ئويمانلىقى، شەرقىي قىسمى لوپنۇر كۆلى ئويمانلىقىدىن ئىبارەت تۈزلەڭلىك بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئومۇمەن 846 — 1200 مېتىر ئېگىز؛ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايون ئالتۇنتاغ ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرى شۇنىڭدەك بۇ 2 تاغ ئارىلىقىدىكى بىكىنمە تاغ ئويمانلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 4000 مېتىرغا يېتىدۇ ۋە شىمالىي شىزاڭ ئېگىزلىكى بىلەن تۇتىشىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى ئەڭ پەس يەر لوپنۇر كۆلى ئويمانلىقى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 788 مېتىر ئېگىز، ئەڭ ئېگىز يەر كۇئېنلۇن تېغىنىڭ غەربىدىكى مۇزتاغ چوققىسى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 7723 مېتىر ئېگىز (6973 مېتىر ئېگىز دېگۈچىلەرمۇ بار).

## 2 § . تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنىڭ تەرەققىيات جەريانى

تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسى غەربىي خەن دەۋرىدە شىمالدىكى كىروران دۆلىتى بىلەن جەنۇبتىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان چاقىلىق دۆلىتىدىن تەركىب تاپقان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا پىشامشان كىرورانىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، پايتەختىنى جەنۇبقا يۆتكەپ، چاقىلىقنى پەيدىنپەي ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

شەرقىي خەن دەۋرىدە پىشامشان ئىخمۇ كۇچىيىپ، ئەندىرە، نىيا، چەرچەن قاتارلىق بەگلىكلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزىگە قوشۇۋالغان. 3 پادىشاھلىق دەۋرىدىن كېيىن ھازىرقى چاقىلىقنى مەركەز قىلغان پىشامشان يەرلىك ھاكىمىيىتى ساۋ ۋېي قۇرغان ۋېي پادىشاھلىقىغا تەۋە بولغان.

جىن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئوردا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن غەربىي رايون دورغابى لوپنۇر كۆلى بويىدىكى كىروران، قايدۇ قاتارلىق جايلاردا تۇرۇپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغاچ غەربىي رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

شۇنىڭدىن كېيىن، چاقىلىق ئالدىنقى لياڭ، ئالدىنقى چىن، كېيىنكى لياڭ، غەربىي لياڭ، شىمالىي لياڭ ۋە شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقلىرىغا قارىغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا جۇرجانلار، تۇيغۇنلار ۋە تۈبۈتلەر تەرىپىدىنمۇ ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان.

سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەردە پىشامشان ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان ھەمدە ۋىلايەت تەۋەسىدە شيەنئۇ، جيۇەن دېگەن ناھىيىلەر تەسىس قىلىنغان، كېيىن ۋىلايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ قورغان تەسىس قىلىنغاندا، پىشامشان ۋىلايىتى پىشامشان قورغىنىغا ئۆزگەرتىلگەن.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، كاڭ يەندىيەن لوپنۇر كۆلى رايونىدا 9 يېڭى شەھەر بىنا قىلغان، پىشامشاننىڭ نامىنى تاش قەلئەگە ئۆزگەرتكەن، بۇ شەھەرلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە شاجۇ (دونخۇاڭ) نىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، چاقىلىق تەدرىجىي خارابىلىشىپ، ئۇدۇنغا قارايدىغان بولغان، كېيىن قوجۇ ئۇيغۇرلىرىغا تەۋە بولغان ۋە غەربىي لياۋ سۇلالىسى، بۈيۈك موڭغۇل خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، چاقىلىق بېشبالىق ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى ۋە كۇسەن ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىگە قارىغان ۋە ئۇنىڭ تەۋەسىدە لوپ، كەتەك، چەرچەن قاتارلىق ئۆتەڭلەر تەسىس قىلىنغان.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، چاقىلىق كۇسەن ياساۋۇلخانىسى ۋە چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرىدىن شاھمەي جاھان، ئۇۋەيىسخانلارغا قارىغان، كېيىن سەئىدىيەخانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، جۇڭغار خانلىقى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن، لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرىدىكى 600دىن ئارتۇق ئادەم تۇرۇپاندىكى ئىمىن خوجىغا بېقىنەت قىلغان. گۇاڭشۇ 25 ـ يىلى (1899 ـ يىلى) چاقىلىقتا نائىب ئامبال قويۇلۇپ، لوپنۇر ناھىيىسىگە قارىغان. چاقىلىق كۇرەسىنىڭ قورۇلبېگى پىچان كۇرەسىنىڭ بارگاھ بېگىگە قارىغان. گۇاڭشۇ 29 ـ يىلى (1903 ـ يىلى) چاقىلىق ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ، قارا شەھەر

مەھكىمىسىگە قارىغان ۋە ناھىيە دائىرىسىدە 13 ئۆتەڭ قۇرۇلغان.

مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى)، قاراشەھەر مەھكىمىسىنىڭ دەرىجىسى قاراشەھەر ناھىيىسىگە چۈشۈرۈلگەن، چاقىلىق ناھىيىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قارىغان. مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى چەرچەننى چاقىلىقتا تەۋە قىلىپ ئايرىشنى تەستىقلىغان. 2 - يىلى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن چەرچەن ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن، چاقىلىق ناھىيىسى بىۋاسىتە ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولغان. مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى) قاراشەھەر دوتەي يامۇلى تەسىس قىلىنغان، چاقىلىق ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن قاراشەھەر ۋىلايىتىگە ئايرىپ بېرىلگەن، كېيىن قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسىگە قارىغان.

1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، چاقىلىق قاراشەھەر ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى. 1954 - يىلى قاراشەھەر ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسى شۇ يىلى قۇرۇلغان كورلا ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى. 1959 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى «婼羌»دىن «若羌»غا ئۆزگەرتىلدى. 1960 - يىلدىن ھازىرغىچە، چاقىلىق ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا تەۋە بولۇپ كەلمەكتە.

## § 3 . ناھىيە بازىرى

چاقىلىق ناھىيە بازىرى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە، ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى يەلپۈگۈچسىمان تىنىما تۇزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، چاقىلىق دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 88°10′، شىمالىي پاراللېل 89°02′ قا توغرا كېلىدۇ. ئۈرۈمچى بىلەن تۈز سىزىق بويىچە بولغان ئارىلىقى 536 كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ شەرقىي - جەنۇبىي قىسمىدىكى چەت ھەم كىچىك بازار ھېسابلىنىدۇ، ناھىيە بازىرىنىڭ كۆلىمى 2 . 4 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 1985 - يىلى ناھىيە بازىرىدا 1272 ئائىلە، 5263 ئادەم بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1150 (بۇ تىكەنلىك يېزىسىنىڭ ھېسابىدىكى نوپۇس بولۇپ، ناھىيە بازىرى دائىرىسىدىكى تىكەنلىك كەنتى، قۇرغان كەنتى ۋە سايباغ كەنتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 4113. 1985 - يىلى ناھىيە بازىرىدا 1006 كورپۇس ئۆي - ئىمارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 236 مىڭ 911 . 8 كۋادرات مېتىرغا، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1 مىليون 900 مىڭ 458 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ھازىرقى چاقىلىق بازىرىغا يېقىن يەردە غەربىي خەن دەۋرىدىكى پىشامشان بەگلىكى تەۋەلىكىدىكى مىرەن شەھىرى بار ئىدى، بۇ شەھەرنىڭ خەنزۇچە نامى شەرقىي خەن دەۋرىدە «گۇەننى» ( 罐尼 )، تاڭ دەۋرىدە «نابوبو» ( 纳哺波 ) دەپ ئاتالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شاڭيۈەن 2 - يىلى (675 - يىلى) كاڭ يەندىيەننىڭ باشچىلىقىدا بۇ يەردە يېڭى شەھەر بىنا قىلىنغان، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق يىللار داۋامىدا، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن خەلق سەرسان بولۇپ كېتىپ قالغاچقا، شەھەر خارابىلاشقان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە، بۇ يەردىكى خارابىلىقتا لوپ شەھىرى بىنا قىلىنغان، لوپ شەھىرى ئەينى زاماندا تارىمنىڭ شەرقىي- جەنۇبىي چېتىدىكى چوڭ شەھەر بولۇپ، ئەمەلدارلىرى بۈيۈك موڭغۇل خانىغا

قارايتتى. پۇقرالىرى مۇھەممەد پەيغەمبەرگە ئېتىقاد قىلاتتى. بۇ جاي غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم قاتناش يولىنىڭ تۈگۈنى بولۇپ، «يولۇچىلار بۇ يەردىكى قۇملۇقتىن ئۆتكىچە بۇ شەھەردە چوقۇم بىر ھەپتە تۇرۇپ ھاردۇقىنى چىقىرىپ، ئۇلاغلىرىنى دەم ئالدۇرۇپ، بىر ئايلىق ئوزۇق - تۈلۈكىنى تەييارلايتتى، ئاندىن بۇ شەھەردىن يولغا چىقىپ، قۇملۇققا كىرىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇراتتى». مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، بۇ يەر چۆل-جەزىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

يېقىنقى زاماندا چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ كونا ئورنىدىن قايتا پەيدىلىنىش XIX - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان. كېرىيەدىن كەلگەن ئوۋچىلار چاقىلىق شەھىرىنىڭ خارابىسىنى بايقىغان، بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، خوتەنلىكلەر بۇ يەرگە ئارقا - ئارقىدىن كۆچۈپ كەلگەن، ئەينى زاماندا بۇ يەرگە پولاتبەگ دېگەن كىشى ئەڭ ئاۋۋال كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 2 - يىلى (1876 - يىلى) روسىيىلىك پرژېۋالسكى بۇ يەرگە كەلگەندە، بۇ كونا شەھەردە ئاران 21 ئۆيلۈكلا ئادەم ياشايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قېشىدا «ئاتا غوجىخان شەھىرى» (چار قۇدۇق قەدىمكى شەھىرى) دەپ ئاتىلىدىغان تېخىمۇ قەدىمكى بىر كونا شەھەر خارابىسىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. چاقىلىق كونا شەھىرىنىڭ ئورنى ھازىرقى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگىرەك توغرا كېلىدۇ، شەھەر سېپىلى ۋە ھۆكۈمەت بىناسى بولمىغان، ئەمەلدارلار پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان. شەھەرنىڭ دائىرىسى بىر چاقىرىمدەك كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 15 - يىلى (1889 - يىلى)، بۇ يەردە ساخاۋەتخانا قۇرۇلۇپ، نەپەقە، دالالەت ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، تۇرپان ۋە كېرىيەدىن 300 نەچچە ئائىلىلىك ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 25 - يىلى (1899 - يىلى) 9 - ئايدا، ساخاۋەتخانىلار بىكار قىلىنىپ، چاقىلىق نائىب ئامباللىقى تەسىس قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 29- يىلى (1903 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى نائىب ئامباللىق ناھىيىگە ئۆستۈرۈلگەن. شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) ناھىيە يامۇلىغا 2 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا (ھازىرقى ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىگە يېقىن جايدا) ئوتتۇرا رايون ئۇيغۇرلار مەھەللىسى بىنا قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 33 - يىلى (1907 - يىلى) بىر چىڭجۇگۇڭ (قۇتلۇقلاش) سارىيى، بىر دۇئا - تالاۋەتخانا، بىر چىڭخۇاڭ بۇتخانىسى، بىر دىڭشياڭ بۇتخانىسى سېلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ناھىيە بازىرى تەدرىجىي ھالدا جەنۇب تەرەپكە سۈرۈلگەن. مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918- يىلى) چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ دەسلەپكى ھالىتى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەنگەن.

ئازادلىق ھارپىسىدا چاقىلىق ناھىيىسى بازىرىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، تەخمىنەن بىر كۋادرات كىلومېتىرلا كېلەتتى، بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭراق بىر مەسچىتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تار كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆيلەر ئاساسەن توز يېپىلغان كېسەك ئۆيلەر ئىدى، بازاردا ئاران 778لا نوپۇس بار ئىدى، «چوڭ سودىگەر يوق ئىدى، بازارلىقلار دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىناتتى». ئاز ساندا ئۇششاق تىجارەتچى ۋە تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، تېرىقچىلىق، ئاشلىق - ماي پىششىقلاپ ئىشلەش، تىككۈچىلىك، كىگىزچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قول سانائەت كارخانىلىرى ھەمدە ئاشخانا، ناۋايخانا قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار بىر خىللا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاچقا، بازار كاسات ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، 30 نەچچە يىللىق ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇلۇش ئارقىلىق ناھىيە بازىرى يېپيېڭى تۈسكە كىردى. 1984 - يىل 11 - ئايدا،

يۇقىرىسىنىڭ تەستىقى بىلەن ناھىيە بازىرىدا چاقىلىق بازىرى رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا 3 ئاھالە كومىتېتى ۋە بازارغا قاراشلىق بىر كەنت ئاھالە كومىتېتى تەسىس قىلىنىدى. بازاردا ئاساسلىق كوچىدىن 5 ى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، بازاردا چوڭ - كىچىك ئىدارە - ئورۇنلاردىن 83ى بار.

## 4 § . يېزا، رايون، بازار

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، چاقىلىق ناھىيىسىدە چاقىلىق بازىرىدىن باشقا 3 يېزا، بىر رايون، يەنى تىكەنلىك يېزىسى، ئۇتام يېزىسى، ۋاششەرى يېزىسى، چىمەن رايونى (قارمىقىدا تۆمۈرلۈك يېزىسى، چىمەنتاغ يېزىسى ۋە يېتىمبۇلاق بازىرى بار) بار بولدى.

### 1. تىكەنلىك يېزىسى

تىكەنلىك يېزىسى ئەسلىدىكى «غالىبىيەت» گوڭشېسى بولۇپ، چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، چاقىلىق بازىرىدىن 0.5 كىلومېتىر يىراق بولۇپ، ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 88°10′، شىمالىي پاراللېل 39°01′قا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 889 مېتىر ئېگىز، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 207 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 112 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 22 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر (قۇملۇقلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) كېلىدۇ. بۇ يەردە تىكەنلىك ئۆسۈملۈكلەر كۆپ بولغانلىقتىن «تىكەنلىك» دەپ ئاتالغان، بۇ يېزىدا خەن، تاڭ دەۋرىدىن قالغان قەدىمكى خارابە بار، يەرلىك ئۇيغۇرلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنى «ئاتا غوجىغان» قەدىمكى شەھىرىنىڭ خارابىسى دەپ ئاتىغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 25 - يىلى (1899 - يىلى) تىكەنلىك يېزىسى تەۋەسىدە چاقىلىق بازىرى بىنا قىلىنغان، ئۇ يېقىنقى زامانىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ناھىيە بازىرىنىڭ كونا ئورنى ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ يېزىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئۆتەڭ (ھازىرقى لەنگەر كەنتى) تەسىس قىلىنغان.

1985 - يىلى يېزىدىكى ئائىلە 835كە، نوپۇس 4066غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 3046، خەنزۇلار 1003، خۇيزۇلار 17. يېزىدا 14 كەنت ئاھالە كومىتېتى، 13 تەبىئىي كەنت، بىر چارۋىچىلىق كەنتى (بۇنىڭ ئىچىدە تىكەنلىك كەنتى چاقىلىق بازىرىغا قارايدۇ) بار. تېرىلغۇ يېرى 10 مىڭ 303 مو. 1985 - يىلى 4 مىليون 615 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 29 مىڭ جىڭ پاختا، 241 مىڭ جىڭ ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت - يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 327 مىڭ 800 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 508 مىڭ 800 يۈەن)گە، كەنت ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 447 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە 202 ھەرخىل ئورمان بەلۋېغى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 266 مىڭ 648 مېتىر كېلىدۇ، 1647.9 مو يەردە 987 مىڭ 387 تۈپ دەل - دەرەخ تۈتۈپ ساقلىنىپ قالدى، باغ - ۋارانلارنىڭ كۆلىمى 767.6 موغا يەتتى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 19 مىڭ 857 تۇياق ھەرخىل چارۋا قالدى. 1985 - يىلى يېزىدىكى ھەرخىل دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 4018 ئات كۈچىگە، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۈك ماشىنىسى 9غا، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 43گە، يېزا - كەنت كارخانىسى 44كە، كەسپكار 347گە يەتتى، بۇ كارخانىلار ئاساسەن تاشپاختا، خىش پىشۇرۇش،

بىناكارلىق، ئاشلىق ماي پىششىقلاپ ئىشلەش، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە مۇلازىمەتچىلىك، رېمونتچىلىق قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

يېزا بويىچە تاش ياتقۇزۇلغان سۇ سىڭمەس غول ئېرىقتىن بىرى (ئۇزۇنلۇقى 6 كىلومېتىر)، تارماق ئېرىقتىن 2 سى (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتىر)، ئوق ئېرىقتىن 19ى (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر)، يان ئېرىقتىن 49ى (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 27 كىلومېتىر) بار؛ 196 يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ھەرخىل سۇ قۇرۇلۇشى، 1.3 كىلومېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى، 10 يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ماشىنا قۇدۇق بار؛ 14 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى، 26 كىلومېتىر تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى؛ ئومۇمىي كۆلىمى 168 مىڭ 561 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 14 مەھەللە بىنا قىلىندى.

1985 - يىلى يېزا بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 4كە، سىنىپ 36گە، ئوقۇغۇچى 810غا، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 61گە يەتتى؛ بىر يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى، 9 كەنت مەدەنىيەت ئۆيى بولۇپ، ئۇلاردا 6704 پارچە كىتاب ساقلانماقتا؛ يېزىدا 14 تېلېۋىزور، بىر يېزىلىق رادىئو ئۇزېلى، بىر شىپاخانا بار. بۇنىڭدىن باشقا، يېزا تەۋەسىدە يەنە ئاپتوموبىل تەكشۈرۈش پونكىتى، مال توشۇش پونكىتى، يول ئاسراش ئۇچاستكىسى، ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئىستانسا، چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمنىڭ 38 - تارماق قىسمى، ھاۋارايى پونكىتى، يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش 36 - تۈەن - مەيدانىنىڭ مېھمانخانىسى قاتارلىق ۋاكالەت ئورۇنلىرىمۇ بار.

## 2. ئۇتام يېزىسى

ئۇتام يېزىسى چاقىلىق دەرياسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ′88°09، شىمالىي پاراللېل ′39°01قا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 890 مېتىر ئېگىز. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 212 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 55 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 11 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر. ئۇتام يېزىسىنىڭ شەكىللەنگىنىگە 125 يىل بولدى، XVIII - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ بېشىدا، قۇربان ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر دېھقان بۇ يەرگە كېلىپ بوز يەر ئاچقان، ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەن، كىرىيە، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن بىر قىسىم ئۇيغۇر دېھقانلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن. 1870 - يىلىدىن كېيىن يەنە 30 نەچچە ئۆيلۈك خەنزۇ كۆچۈپ كەلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يەردە تەدرىجىي يوسۇندا كەنت - مەھەللە شەكىللەنگەن.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزا بويىچە ئائىلە 786گە، نوپۇس 3366 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 2427، خەنزۇ 897، خۇيزۇ 38، دۇڭشياڭ 4. يېزا بويىچە 11 تەبىئىي كەنت، 12 كەنت ئاھالە كومىتېتى (بىر چارۋىچىلىق ئەترىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار. يېزا بويىچە 9811 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، ياغلىق دان تېرىش ئاساس قىلىنىدۇ. 1985 - يىلى جەمئىي 4 مىليون 240 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 20 مىڭ جىڭ پاختا، 269 مىڭ جىڭ ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىلدى، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 544 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 1 مىليون 556 مىڭ 600 يۈەن. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 497 يۈەنگە يەتتى؛ يېزا بويىچە 220 ئورمان بەلۋېغى بولۇپ، كۆلىمى 612 مو كېلىدۇ، ئۇنىڭدا 43 مىڭ 226 تۈپ دەرەخ بار (مېۋىلىك باغلار بۇنىڭ سىرتىدا)، مېۋىلىك باغلارنىڭ كۆلىمى 611.5 موغا يەتتى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھەرخىل چارۋىلارنىڭ قوتاندىكى سانى 16 مىڭ 377 تۇياققا، ھەرخىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 3647 ئات

كۆچىگە، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 5كە، ھەرخىل تراكتور 73كە، يېزا-بازار كارخانىسى 5كە، كەسىپكار 350 نەچچىگە يەتتى، سانائەتتە تاشپاختا ئىشلەپچىقىرىش، خىش پىشۇرۇش، ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش ئاساس قىلىنىدۇ. يېقىنقى 10 يىل مابەينىدە، يېزا بويىچە 31 ھەرخىل ئېرىق - ئۆستەڭ (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 34 مىڭ 300 مېتىر)، 141 تۇما ۋە 106 كۆۋرۈك، سۆڭگۈچ ياسالدى، يېڭىدىن 52 يېزا - كەنت يولى (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 42 مىڭ 500 مېتىر)، 84 سالا ئېتىز ياسالدى. يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ ھەممىسى يېڭى قۇرۇلغان مەھەللىلەردىكى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، بۇ مەھەللىلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 109 مىڭ 958 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

1985 - يىلى يېزا بويىچە مەكتەپ 4كە، سىنىپ 34كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى 4، ئوقۇغۇچىسى 116، باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپى 25، ئوقۇغۇچىسى 564، تەييارلىق سىنىپى 5، ئۇنىڭدا ئوقۇيدىغان بالا 82، ئومۇمىي ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 65. بىر شىپاخانا، 20 كارىۋات، 11 تىببىي خادىم، بىر رادىئو ئۇزېلى بار، سىم يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.3 كىلومېتىرغا يەتتى. يېزىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن ئاساسىي قاتلام تەمىنات سودا كوپېراتىپ، ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپى، ئۇن - ياغ زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مۇلازىمەت پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى قاتارلىق 6 ئورۇن بار. بۇنىڭدىن باشقا، يېزا تەۋەسىدە يەنە ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانى، ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى بازىسى، يول ئاسراش ئۆچاستكىسىنىڭ تەكشۈرۈش پونكىتى، ئالتۇنتاغ ئۆچاستكىسى بازىسى، ناھىيىلىك بىرلەشمە خىش زاۋۇتى قاتارلىق ناھىيىگە قاراشلىق ئورۇنلارمۇ بار.

## 3. ۋاشىشەرى يېزىسى

ۋاشىشەرى يېزىسى ناھىيە بازىرىنىڭ 80 كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان، ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 87°24′، شىمالىي پاراللېل 88°41′قا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 1023 مېتىر ئېگىز، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 225 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 107 كىلومېتىر، يېزىغا قاراشلىق مەمۇرىي يەر كۆلىمى 24 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ كۆلىمى 22.5 كۋادرات كىلومېتىر. دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.1℃، 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا -9.3℃، 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 26.7℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 41.7℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -23.4℃، تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق سېلىشتۇرما پەرقى 36℃، كۈنلۈك سېلىشتۇرما پەرقى 17.3℃، قىروسىز مەزگىلى 192 كۈن، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 17.6 مىللىمېتىر.

تارىختا، ۋاشىشەرىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلى بولغان، يېزا تەۋەسىدە تاڭ، سۇڭ، يۈەن دەۋرلىرىدىن قېپقالغان خارابىلار، قەدىمكى ۋاشىشەرى شەھىرىنىڭ خارابىسى بار، بۇ شەھەر كېيىنكى دەۋرلەردە تاشلىنىپ قالغان. ۋاشىشەرى يېقىنقى زاماندا 1871 - يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ گۈزەلشتۇرۇلگەن، ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، ئەينى زاماندا كېپەكباي (ۋاجىۋاي دەپمۇ ئاتالغان) دېگەن بىر ئۇيغۇر كىشى بۇ يەرگە ئەڭ بالدۇر كېلىپ بوز يەر ئاچقان. كېيىن يەنە چاقىلىقتىن بىر نەچچە ئۆيلۈك ئادەم كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، شۇنداق قىلىپ بۇ يەر بارا - بارا ئاۋاتلىششقا باشلىغان.

1985 - يىلى يېزا بويىچە كەنت ئاھالە كومىتېتى 11گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي كەنت

10، چارۋىچىلىق كوپېراتىپى بىر. جەمئىي 1072 ئائىلە، 4237 ئادەم. 11 ئاھالە رايونىدا ئولتۇراقلاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 1981، خەنزۇ 1918، خۇيزۇ 274، دۇڭشيالڭ 64. بۇ ئاھالە ئاساسەن دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، يېزا بويىچە 11 مىڭ 428 مو تېرىلغۇ يەر بار، بۇغداي، كوممىقوناق، شال قاتارلىق زىرائەتلەر كۆپ تېرىلىدۇ. 1985-يىلى يېزا بويىچە جەمئىي 4 مىليون 922 مىڭ 800 جىڭ ئاشلىق، 9000 جىڭ ساپ پاختا، 280 مىڭ جىڭ ياغلىق دان ئېلىندى، چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 16 مىڭ 937 تۇياققا يەتتى، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 233 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 458 مىڭ 900 يۈەن. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 540 يۈەنگە يەتتى، 1985 - يىلغا كەلگەندە، يېزا بويىچە ھەرخىل دەل - دەرەخ 1 مىليون 68 مىڭ 205 تۈپكە، دەرەخلىكلەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2006 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك دەرەخ 13 مىڭ 13 تۈپ، مېۋىلىك باغ كۆلىمى 443 مو؛ يېزا بويىچە ھەرخىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 5367 ئات كۈچىگە، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 17گە يەتتى، ھەرخىل تىپتىكى تراكتوردىن 54ى بار؛ يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن 31ى بولۇپ، بۇ كارخانىلاردا 703 ئادەم ئىشلەيدۇ، مۇقىم مۈلۈكىنىڭ قىممىتى 4 مىليون 545 مىڭ 100 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىم 2 مىليون 611 مىڭ 800 يۈەنگە، ساپ پايدا كىرىمى 1 مىليون 378 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى، بۇ يېزا، ئاساسەن، تاشپاختا ئىشلەپچىقىرىش، ترانسپورت، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، مۇلازىمەت خاراكتېرلىك كەسىپ قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يېزا بويىچە 99 مىڭ 240 مېتىر ھەرخىل ئېرىق - ئۆستەڭ بار، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ 60 مىڭ 450 مېتىر (غول ئۆستەڭ 17 مىڭ مېتىر، تارماق ئۆستەڭ 10 مىڭ 800 مېتىر، ئېرىق 32 مىڭ 650 مېتىر)، ئېرىق - ئۆستەڭلەردە ھەرخىل سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىدىن 331ى، تاقاق كۆتۈرۈش - چۈشۈرۈش ماشىنىسىدىن 145ى بار؛ يېڭىدىن 45 مىڭ 500 مېتىر شېغىل يېيىتىلغان يېزا - كەنت يولى، دېھقانچىلىق رايونىدىن تومىغىچە 17 كىلومېتىر ئاددىي تاشيول ياسالدى؛ 13.5 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى، 17.4 كىلومېتىر تۆۋەن بېسىملىق توك تارقىتىش سىمى تارتىلدى. يېزىنىڭ يىللىق ئومۇمىي توك تارقىتىش مىقدارى 33 مىڭ 600 كىلوۋات سائەتكە يەتتى، يېزا بويىچە 880 ئائىلىنىڭ %98ى توك ئىشلىتىدىغان بولدى ھەمدە يېڭى ئاھالە نۇقتىلىرىغا كۆچۈپ كىردى. تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 161 مىڭ 390 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

1985 - يىلى يېزىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 3كە، سىنىپ 26غا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 2گە، سىنىپ 8گە، تەييارلىق سىنىپى 10غا، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 869غا، ئومۇمىي ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 72گە يەتتى، يېزىدا بىر يېزا مەدەنىيەت پونكىتى، 9 كەنت مەدەنىيەت ئۆيى، بىر يېزا رادىئو ئۆزېلى، بىر كەنت رادىئو ئۆزېلى، بىر يېزا كىنو قويۇش ئەترىتى، بىر يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مۇلازىمەت پونكىتى، بىر يېزا دوختۇرخانىسى (16 كارىۋاتلىق)، بىر يېزا مال دوختۇرلۇق پونكىتى بار. يېزىدا يەنە ئاشلىق پونكىتى، بانكا، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، تېلېفون سىم يولى پونكىتى، پوچتىخانا قاتارلىق 13 ئورۇن بار.

## 4. چىمەن رايونى

چىمەن رايونى ئالتۇنتاغ ۋە كوئېنلۇن تېغى تاغلىق رايونىغا جايلاشقان، ئورنى شەرقىي

مېرىدىئان 87°10′ — 91°18′، شىمالىي پاراللېل 36° — 38°49′ ئارىلىقىغا جايلاشقان، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 405 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 227 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 91 مىڭ 900 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن دېڭىز يۈزىدىن 4500 مېتىر ئېگىز، سوغۇق، قۇرغاق كىلىمات رايونىغا تەۋە بولۇپ، 4 پەسىل ئېنىق پەرقلەنمەيدۇ. شىمالىي قىسمىنىڭ يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 41.7 مىللىمېتىر، ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى تەخمىنەن 130 مىللىمېتىر، ھۆل - يېغىن مىقدارى غەربتىن شەرققە قاراپ تەدرىجىي ئازلاپ بارىدۇ، يىل بويى قار يېغىپ تۇرىدۇ. قاتتىق بوران كۆپ چىقىدۇ. بۇ يەردىكى تاغ ئارىلىرىدىكى جىلغا ۋە تۈزلەڭلىكلەر ئېگىز، سوغۇق، قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق چۆل ئوتلاقلىرى بولۇپ، ئۇ يەرلەردە ئاساسەن، سوغۇق، قۇرغاق جايلاردا كۆپ يىل قويۇق ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ھەمدە مەلۇم ساندا ئېگىز تاغ سېلىنجا ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسىدۇ.

چىمەن رايونىدا كۆل، دەريا - ئېقىنلار ناھايىتى كۆپ، قېزىلما بايلىقى ۋە ياۋايى ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەر مول، دۆلەت بۇ جايدا ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى تەسىس قىلدى.

1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن جەنۇبىي تاغ مەمۇرىي باشقۇرۇش رايونى «چىمەن رايونى» دەپ ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېتىمبۇلاق بازىرى ۋە بۆلۈمچە دەرىجىلىك 2 چارۋىچىلىق يېزىسى يەنى تۆمۈرلۈك ۋە چىمەنتاغ يېزىلىرى تەسىس قىلىندى. 1985 - يىلى بۇ رايوندا رايونغا تەۋە دائىم تۇرۇشلۇق نوپۇس 1173كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېتىمبۇلاق بازىرىدىكىسى 775، 2 يېزىدىكىسى 398. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئۇيغۇرلار كۆپ، كان رايونلىرىدا خەنزۇلار كۆپ.

چىمەن رايونى تارىختا ئۇيغۇر، موڭغۇللار كېلىپ - كېتىپ مال باقىدىغان جاي ئىدى، ئۇ يەردە قۇرۇلغان چىمەن يېزىسى چوڭ چىمەنتاغ، كىچىك چىمەنتاغنى باشقۇراتتى. مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى)دىن كېيىن، قېچىپ كەلگەن قوسايىن قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى باندىتلار بۇ يەرنى ئىگىلىۋالغانىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باندىتلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، بۇ رايون قايتىدىن خەلقنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلدى. 1985 - يىلغىچە بۇ يەردە بىر دوختۇرخانا، 3 شىپاخانا، 3 چارۋىچىلىق رايونى ۋە كان رايونى باشلانغۇچ مەكتىپى، سودا دۇكىنى، مېھمانخانا، ئاشخانا، بانكا، ئاشلىق پونكىتى، ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى باشقارمىسىنىڭ قاراۋۇلخانىلىرى بارلىققا كەلدى.

1) يېتىمبۇلاق بازىرى: يېتىمبۇلاق بازىرى شەرقىي مېرىدىئان 90°13′، شىمالىي پاراللېل 38°21′ ئارىلىقىغا جايلاشقان، غەربىي تەرىپى بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئارىلىقى 256 كىلومېتىر، شەرقىي تەرىپى شىنجاڭ بىلەن چىڭخەينىڭ چېگرىسىغا 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالىي تەرىپى ئالتۇنتاغ تىزمىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبىي تەرىپى بىلەن چىمەنتاغ يېزىسىنىڭ ئارىلىقى 485 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 5.5 كۋادرات كىلومېتىر. 1985 - يىلى، يېتىمبۇلاق بازىرى تەۋەسىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 16 مىڭدىن ئاشتى (مەركىزىي قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىدارىسى تاشپاختا كېنى ۋە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى تۇەن-مەيدانلىرىنىڭ تاشپاختا كانلىرىدىكى ئاھالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە بازارغا تەۋە نوپۇس 2159 (ياقا يۇرتلۇقلار ۋە نوپۇسسىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). بۇ بازار كۈنبىلۈن تاغلىق رايونىغا جالاشقان، دېڭىز يۈزىدىن 3138.5 مېتىر ئېگىز، يىل بويى شامال كۆپ چىقىدۇ، 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 13.5℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 28.6℃ بولىدۇ، 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى -12.4، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى -29.5℃

بولىدۇ، بىر يىلدىكى ئوتتۇرىچە كۈنلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى 15.1℃، يىللىق تېمپېراتۇرا پەرقى 25.9℃، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 41.7 مىللىمېتىر بولىدۇ.

يېتىمبۇلاق بازىرى يېڭىدىن ئاۋاتلاشقان كانچىلىق بازىرى. بۇ يەر ئەسلىدە ئادەمزات ئاياغ باسمىغان سايلىق ئىدى، 1958 - يىلدىن باشلاپ، تاشپاختا قېزىش سەۋەبى بىلەن بارا - بارا تەرەققىي قىلدى. 1983 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يېتىمبۇلاق بازىرى رەسمىي قۇرۇلدى. 1985 - يىلغا قەدەر بۇ جايدا مەركىزىي قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىدارىسى تاشپاختا كېنى، چاقىلىق ناھىيىلىك تاشپاختا كېنى، ۋاششەرى يېزىلىق تاشپاختا كېنى، تىكەنلىك يېزىلىق تاشپاختا كېنى، ئۆتام يېزىلىق تاشپاختا كېنى، چىمەن رايونلۇق تاشپاختا كېنى، شىنجيەن كەنتى تاشپاختا كېنى ۋە بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 28 -، 31 -، 32 -، 33 -، 34 -، 35 -، 36 - تۈەن مەيدانلىرىنىڭ 7 تاشپاختا كېنى ھەم چىڭخەي ماڭيا كىچىك تاشپاختا كېنى قاتارلىق كانلار بار. ھازىر بۇ جايدىكى چوڭ، كىچىك تاشپاختا كېنى 15كە يەتتى، ئۇلار يىلىغا تەخمىنەن 45 مىڭ توننا تاشپاختا ئىشلەپچىقىرىدۇ. بۇ بازاردا تاشپاختا كانلىرىدىن باشقا يەنە غىشلىق كۆمۈر كېنى، شوركۆل كۆمۈر كېنى، غەربىي تاغ كۆمۈر كېنى، ئاقتى قوغۇشۇن - سىنىك كېنى ۋە خىش زاۋۇتى، ئاساسىي قۇرۇلۇش كارخانىسى قاتارلىق زاۋۇت - كانلارمۇ بار. مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كەسىپلەردە مېھمانخانا، سودا دۇكانلىرى بار. ناھىيىنىڭ ۋاكالەت ئورۇنلىرىدىن بانكا ئىش بېجىرىش ئورنى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى، باج پونكىتى، ساقچىخانا، دوختۇرخانا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قاتارلىقلار بار.

يېتىمبۇلاق بازىرىدا قاتناش راۋان، شىنجاڭ - چىڭخەي تاشيولى مۇشۇ بازاردىن ئۆتىدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ياسالغان شىنجاڭ - گەنسۇ تاشيولىدا ھېلىمۇ ئاپتوموبىل قاتنايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كوئېنلۈن تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى چارۋىچىلىق رايونىغا بارىدىغان ئاددىي يولمۇ بار.

2) تۆمۈرلۈك يېزىسى: تۆمۈرلۈك يېزىسى يېتىمبۇلاق بازىرىنىڭ 34 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، چىڭخەي ئۆلكىسى بىلەن چېگرىداش، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي دېڭىز يۈزىدىن 2970 مېتىر ئېگىز، بۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى مۇھىم، ھاۋا كېلىماتى ئىللىق، سۈيى ۋە ئوت - چۆپى مول، ئۇ تاغلىق رايون چارۋىچىلىقىدا مۇھىم بازا ھېسابلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 31 - يىلى (1905 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسى بۇ جايدا چىمەن يېزىسىنى تەسىس قىلغان. مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) دىن كېيىن، قۇسايىن قوراللىق باندىتلىرى بۇ جاينى زورلۇق بىلەن بېسىۋالغان. 1951 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باندىتلارنى تازىلاشقا كىرىشىپ، 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تۆمۈرلۈكنى تەل - تۆكۈس ئازاد قىلدى. 1983 - يىلى جەنۇبىي تاغ مەمۇرىي باشقۇرۇش رايونى چىمەن رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا تۆمۈرلۈك يېزىسى (بۆلۈمچە دەرىجىلىك) تەسىس قىلىندى. 1985 - يىلىغا كەلگەندە بۇ يېزىدىكى ئائىلە 32گە، نوپۇس 161گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئەمگەك كۈچى 60، ھەرخىل چارۋا 9936 تۇياققا يەتتى. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايدا بىر چارۋىچىلىق رايونى ئاددىي باشلانغۇچ مەكتىپى، بىر ئاشلىق پونكىتى، بىر داۋالاش پونكىتى بار.

3) چىمەنتاغ يېزىسى: چىمەنتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئېگىز تەبىئىي ئوتلاقتا جايلاشقان، يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان جاي — ئېشەكپاتتى دېڭىز يۈزىدىن 3916 مېتىر ئېگىز، ئۇ ئېشەكپاتتى كۆلى بويىدا بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالى تەرىپىنىڭ يېتىمبۇلاق

بازىرىغا بارىدىغان تاشيول بىلەن بولغان ئارىلىقى 485 كىلومېتىر (تۈز لىنىيە بويىچە بولغان ئارىلىقى 115 كىلومېتىر) كېلىدۇ. «ئېشەكپاتتى» دېگەن سۆز قازاقچە سۆز بولۇپ، «ئېشەك پېتىپ قالغان» جاي دېگەن مەنىدە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 19 - ئەسىردە بىر سودىگەر ئېشەك سېتىشقا كېتىۋېتىپ مۇشۇ جايدىن ئۆتكەندە، نەچچە 10 ئېشەك سازلىقتا پېتىپ قېلىپ چىقالمىغان، ھېلىقى سودىگەر نائىلاج ئېشەكلىرىنى تاشلاپ كېتىپ قالغانىكەن. ئېشەكپاتتى گۈزەل جاي، بۇ يەردە ياز پەسلىدە ئوت - چۆپلەر خۇش پۇراق چېچىپ، كۆل سۈيى داۋالغۇپ تۇرىدۇ، ھاۋاسى بىر قەدەر نەمخۇش، ئىللىق بولۇپ، چارۋا بېقىشقا باب كېلىدۇ. 1981 - يىلى 5 - ئايدا جەنۇبىي تاغ مەمۇرىي باشقۇرۇش رايونى ئېشەكپاتتىغا 4 چارۋىچىلىق ئەترىتىنى كۆچۈرۈپ، ئېشەكپاتتى چارۋىچىلىق چوڭ ئەترىتىنى قۇردى. 1983 - يىلى جەنۇبىي تاغ مەمۇرىي باشقۇرۇش رايونى چىمەن رايونىغا ئۆزگەرتىلگەندە، ئېشەكپاتتى چارۋىچىلىق چوڭ ئەترىتىمۇ چىمەن تاغ يېزىسى (بۆلۈمچە دەرىجىلىك) غا ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلىغا كەلگەندە، يېزا بويىچە ئائىلە 56گە، نوپۇس 237گە، جۈملىدىن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەك كۈچى 133كە، ھەرخىل چارۋا 31 مىڭ 244 تۇياققا يەتتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي — ئېشەكپاتتىدا بىر چارۋىچىلىق رايونى باشلانغۇچ مەكتىپى، بىر ئاشلىق پونكىتى، بىر داۋالاش پونكىتى، بىر چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش پونكىتى، ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت باشقارمىسىنىڭ بىر قاراۋۇلخانىسى بار.

## قوشۇمچە: يەر نامىغا ئىزاھات

### 1. 若羌 (روچياڭ) دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى

若羌 (چاقىلىقنىڭ خەنزۇچە نامى) دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا خىلمۇ خىل قاراشلار مەۋجۇت: (1) ئالەمدىن ئۆتكەن ئاتاقلىق ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى «رو» (婼) قەبىلە نامى، «چياڭ» (羌) مىللەت نامى، «روچياڭ» (婼羌) دېگەن نام قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن چياڭلارنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن يەر نامى دەپ قارايدۇ. «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇسى» دا «سۆز خەتلەر شەرھى» دىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، «چياڭ» (羌) غەربىي يۇرت پادىچىلىرى، پادا باقىدىغانلاردۇر، دېيىلگەن. (2) تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، ياۋ، شۈن دەۋرلىرىدە جياڭخۇەي، جىنجۇ ئەتراپلىرىدىكى سەنمياۋ قەبىلىسى ياۋ تەرىپىدىن گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىغا ۋە دۇنخۇاڭنىڭ سەنۋى تېغى ئەتراپىغا كۆچۈرۈلگەن، ئۇلار بۇ جايلاردىكى مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، چياڭلارنىڭ ئەجدادىغا ئايلانغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى «روشۇيچياڭ» (弱水羌) قەبىلىسى كېيىنكى چاغلاردا ئۈيسۇنلار بىلەن توخرىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، غەربكە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، ئۇلار مۇشۇ ناھىيىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا ئولتۇراقلىشىپ چارۋا باققانلىقى ئۈچۈن، «روچياڭلار» دەپ ئاتالغان. ھازىرقى چاقىلىق (若羌女) قەدىمكى زاماندا 2 خىل نام بىلەن ئاتالغان: بىرى، چاقىلىق، يەنە بىرى، پىشامشان. پىشامشان دەپ ئاتىلىشتىن ئىلگىرى يەنە كىروران دەپمۇ ئاتالغان. كېيىنكى چاغلاردا كىروران دېگەن نام ئىشلىتىلمىگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسى تەسىس قىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پىشامشان ناھىيىسىمۇ تەسىس قىلىنىپ، چاقىلىقتا قوشنا يەنە بىر ناھىيىگە پىشامشان دەپ نام بېرىلگەن، بۇنىڭ بىلەن بۇ

قەدىمكى 2 جاي نامى ساقلاپ قېلىنغان. 1959 - يىلى گوۋۇيۇەنىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن « 婼羌 » دېگەن خەت « 若羌 »غا ئۆزگەرتىلدى.

## 2. چاقىلىق دېگەن نامنىڭ مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشى

«چاقىلىق» ئۇيغۇرچە يەر نامى بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپ قوللىنىلغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 25 - يىلى (1899 - يىلى) بۇ يەرگە نائىب ئامبال قويۇلغاندا بۇ نام مۇقىملاشتۇرۇلغان. بۇ نام ئەسلىدە چارقىلىق دەپ يېزىلاتتى، 1978 - يىلى يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن كېيىن، ئۆزۈك تاۋۇش «ر» چىقىرىۋېتىلىپ، رەسمىي «چاقىلىق» دەپ بېكىتىلدى. بۇ نامنىڭ مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق 4 خىل قاراش تارقىلىپ كەلمەكتە:

1. ئەسلىدە بۇ سۆز «چار قۇدۇق»تىن كەلگەن. «چار» پارسچە سۆز بولۇپ، «تۆت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «قۇدۇق» تۈركچە سۆز. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زاماندا بۇ يەردە تۆت قۇدۇق بولغانىكەن، شۇڭا بۇ يەر «چار قۇدۇق» («تۆت قۇدۇق») دەپ ئاتالغان.

2. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قەدىمكى زاماندا بىر نەچچە ئۆيلۈك كىشى مۇشۇ جايغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، كېيىن ئۇلار باشقا جايغا كۆچۈپ كەتكەن، ئۇلار كۆچۈپ كېتىش ۋاقتىدا ئېكىلگەن چاقتىن بىر نەچچىنى قالدۇرۇپ كەتكەن، «چاق» ئەسلىدە تۈركچە سۆز بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يىپ ئېگىرىدىغان چاقمۇ چاق دەپ ئاتىلىدۇ، كېيىنكى چاغلاردا بۇ يەرگە كەلگەنلەر ئېلىقى يىپ ئېگىرىدىغان چاقلارنى كۆرۈپ، بۇ جاينى چاقىلىق دەپ ئاتىغانىكەن.

3. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىلادىيە Ⅳ -، Ⅴ - ئەسىرلەردە تۈرپان - پىچان - توقسۇن ئويمانلىقىدىكى تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا يۆرۈش قىلغان، ئۇلار يوغان چاقلىق ياغاچ ھارۋىلار بىلەن يول يۈرۈشكە ئادەتلەنگەنىكەن، ئۇلار ھازىرقى چاقىلىقتا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆرۈش بولۇپ كېتىپ، كىشىلەر تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كېتىپتۇ، ئۇرۇش بېسىققاندىن كېيىن، كىشىلەر يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ھەممىلا يەردە ھارۋا چاقلىرىنىڭ سۇنۇقلىرىنى ئۇچرىتىپتۇ شۇڭا كىشىلەر بۇ يەرنى چاقىلىق دەپ ئاتاپتۇ. «چاق» ئۇيغۇر تىلىدا «ھارۋا چاقى» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

4. «چاقىلىق» دەل - دەرەخلىك جاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

# Ⅱ باب

# تەبىئىي مۇھىت

## § 1. گېئولوگىيە

يىراق گېئولوگىيىلىك دەۋرلەردە، چاقىلىق رايونى قەدىمكى ئوتتۇرا دېڭىز دائىرىسىگە تەۋە

ئىدى. قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە، چاقىلىقنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي تاغلىق رايونى چىلىيەن - كوئېنلۇن قەدىمكى دېڭىزى دائىرىسىگە تەۋە بولغان، ئاخىرقى مەزگىللەردە قەدىمكى دېڭىز دائىرىسى كىچىكلەپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن دەسلەپكى پېرىم دەۋرىگە قەدەر بۇ جاي يەنىلا دېڭىز دائىرىسىدە بولغان؛ دەسلەپكى يېڭىلىنىش دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە كەلگەندە، يەر پوستىنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن، ئالتۇنتاغ پۈرمە بەلۋېغى ھەممىدىن ئاۋۋال دېڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، بىر قۇرۇقلۇق ھاسىل بولغان، بۇنىڭ بىلەن بۇ رايوننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ يېرىلما شەكىللىنىشكە باشلىغان.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 60 مىليون يىل ئىلگىرىكى كونا 3 - دەۋرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇدا داۋاملاشقان تاغ ھاسىل قىلىش ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن، تاغلىق يەرلەر كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان. 4 - دەۋرنىڭ دەسلەپكى يېڭىلىنىش دەۋرىدىن كېيىن، تاغلىق يەرلەر يەنىمۇ كەڭ كۆلەمدە كۆتۈرۈلۈپ، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى ۋە چياڭتاڭنىڭ شىمالىي قىسمى كۆتۈرۈلۈپ تۈزلەڭلىككە ئايلىنىشقا باشلىغان، ئالتۇنتاغ بىلەن شەرقىي كوئېنلۇن تېغىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان رايون نىسپىي ھالدا تۆۋەنلەپ، ئويمانلىقنىڭ دەسلەپكى ھالىتى بارا - بارا شەكىللەنگەن. چاقىلىقنىڭ ھازىرقى يەر تۈزۈلۈشىدىكى رايون پەرقى ۋە يەر شارائىتىدىكى ئوخشاشماسلىق ھىمالايا ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر قايسى دەۋرلەردىكى تېكتونىك ھەرىكەتلەردە پەيدىنپەي ھالدا ئاستا - ئاستا بىرىكىپ شەكىللەنگەن، ئالتۇنتاغ تارىم ئويمانلىقى پىلاتفورمىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئۆزۈك كۆتۈرۈلمە بەلۋېغىغا تەۋە بولۇپ، سىنىئان دەۋرىدىكى مېتامورفىك ئارىلاشما جىنىسلار ۋە قەدىمكى ھايات گۇرۇپپىسىنىڭ نورمال چۆكۈندە قاتلاملىرىدىن تەركىب تاپقان.

ناھىيە تەۋەسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا جايلار قەدىمكى زاماندا 4 قېتىم دېڭىزغا ئايلانغان. بۇ 4 قېتىملىق ئۆزگىرىش ئايرىم - ئايرىم ھالدا بۇنىڭدىن تەخمىنەن 500 مىليون يىل بۇرۇنقى دەسلەپكى قەدىمكى ھايات ئېراسىدا، تەخمىنەن 300 مىليون يىل بۇرۇنقى ئاخىرقى قەدىمكى ھايات ئېراسىدا، تەخمىنەن 230 مىليون يىل ئىلگىرىكى پېرىم دەۋردە ۋە 30 مىليون يىل بۇرۇنقى بور دەۋرىدىن 3 - دەۋرگىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن، ئاخىرقى مەزگىلدىكى دېڭىز ئويمانلىقنىڭ غەربىي قىسمى بىلەنلا چەكلىنىپ، ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن تۇتاشقان، دېڭىز سۈيىنىڭ بىر قانچە قېتىم كۆپىيىشى - ئازىيىشى ئارقىسىدا، يەر ئاستىدا روشەن چۆكۈندە سېكلى شەكىللەنگەن. نەتىجىدە ئۇ يەر مەملىكەت بويىچە دائىرىسى ئەڭ چوڭ، ئۇلى ئەڭ چوڭقۇر كۆمۈلگەن قاتمۇ قات تېپلىق ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقىغا ئايلانغان.

ئاخىرقى يېڭىلىنىش دەۋرىدىن بۇيان، شەرقىي كوئېنلۇن - ئالتۇنتاغ رايونىنىڭ داۋاملىق كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ھاۋا كىلىماتى تېخىمۇ قۇرغاقلىشىشقا ۋە سوغۇقلىشىشقا باشلىغان، شامال كۈچىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشى ئارقىسىدا يەر يۈزى يېمىرىلگەن، ئۇۋۇندىلار شامال ۋە سۇ قاتارلىق ۋاسىتىلەر تەرىپىدىن تەكرار يۆتكىلىپ، دۆۋىلىنىپ تۇرغان، بوراندا يېمىرىلگەن نۇرغۇن تاش - شېغىللار تاغدىن ئۈزلۈكسىز ئېقىپ چۈشۈپ، ئازگاللارنى تىندۇرۇۋەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كەلكۈن ۋە ئېقىنلار ئېقىتىپ كەلگەن نۇرغۇن لاتقا چۆكۈندىلىرى تىنىۋېرىپ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ناھىيە تەۋەسىدىكى ھازىرقى قۇرۇقلۇقتىكى قۇملۇق، ئازگال، كۆل، سازلىق، چوڭقۇر جىلغا ۋە تاغ تىزمىسى قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان، بىر قەدەر مۇرەككەپ يەر تۈزۈلۈشى ۋە يەر شەكلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان.

ناھىيىسىنىڭ غەربىي - شىمالىي تەكلىماكان قۇملۇقىغا تەۋە بولۇپ، 4 - دەۋردىكى ئوتتۇرا يېڭىلىنىش دەۋرىدىن بۇيان ئۈزلۈكسىز شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي قىرغىقىدىكى ئېگىز قۇم بارخانلىرى خېلى بۇرۇن شەكىللەنگەن. لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي تەرىپى قۇرۇق قۇم، شەرقىي جەنۇب تەرىپى قۇمتاغ قۇملۇقى بولۇپ، ئالدىنقىسى لوپ قۇملۇقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ قۇملۇق بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقى ئوتتۇرىسىدىن تارىم دەرياسى كېسىپ ئۆتكەچكە، بۇ جايدا توغراقلىق ۋە قېلىن يۇلغۇنلۇق يېشىل كارىدور شەكىللەنگەن. قۇمتاغ قۇملۇقىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ شىنجاڭدىكى 3 - چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى قۇم ماددىلىرى قەدىمكى كۆل چۆكۈندىلىرى، قەدىمكى دەريا - ئېقىن تىنمىلىرى، تاشقىندىلار ۋە يىمىرىلگەن ئاساسىي جىنىس قالدۇقلىرى، يانتۇ دۆۋىلەنمىلەردىن ھاسىل بولغان، بولۇپمۇ ئالدىنقى ئىككىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا يېڭىلىنىش دەۋرىدە شەكىللەنگەن، كېيىن ئاخىرقى يېڭىلىنىش دەۋرىگە كەلگەندە يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ كېڭەيگەن. ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى پەيسىمان قۇم بارخانلىرى رايونى خېلى كېيىن شەكىللەنگەن، تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇتلەق يېشىنىڭ 4600 ± 100 يىل ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

لوپنۇر ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىق جايلار يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتە تارىم پلاتفورمىسىغا كىرىدۇ. لوپنۇر ئويمانلىقىدا يارداڭلىقنى يېتىلدۈرگەن گېئولوگىيىلىك ئاساسنى لوپنۇر ئويمانلىقىغا كەڭ تارقالغان، بىر قەدەر قاتتىق گىلتاش ۋە سىغىر تاشلار چاپلاشقان قۇم جىنىسلار ۋە كىرىشكەن قاتلاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاخىرقى 3 - دەۋر ۋە 4 - دەۋردىكى كۆل چۆكۈندىلىرىنىڭ توپىسىمان دۆۋىلەنمىلىرى ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇ يىمىرىلىش ۋە چىرىش تەسىرىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى تۈپەيلىدىن، يارداڭلىق يەر تۈزۈلۈشىنىڭ تاشقى كۆچىگە ئايلانغان.

يېڭى ھايات ئېراسىدىن بۇيان، چىڭخەي — شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى تارىم رايونىغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، بۇنداق تەسىر ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. تۈزۈلمە ئايرىلىشى تۈپەيلىدىن، لوپنۇر ئويمانلىقى بىلەن ئىككى تەرەپتىكى يەر تۈزۈلمىسى تەتۈر يۆنىلىشلىك ھەرىكەت ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان، ھىمالايا تېغى ھەرىكىتى ۋە يېڭى قۇرۇلما ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئىككى تەرەپتىكى تاغلىق ناھايىتى تېز پارچىلىنىپ كۆتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئويمان قىسمى داۋاملىق تۆۋەنلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تارىم ئويمانلىقىمۇ ئەسلىدىكى ئوتتۇرىسى بىر قەدەر ئېگىز بولغان ھالەتتىن غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قىڭغىيىش ھالىتىگە ئۆزگەرگەن. بۇنداق ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە، شەرق تەرەپتىكى لوپنۇر ئويمانلىقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قىسمىغا ۋە سۇ يىغىلىدىغان مەركەزگە ئايلىنىپ قالغان، تەڭرىتاغ، كۇئېنلۇن تېغى ۋە ئالتۇنتاغدىن باشلانغان دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۈيى لوپنۇر ئويمانلىقىغا ئۈزۈلمەي قويۇلۇپ تۇرغان ھەمدە نۇرغۇن يىمىرىلمىلەرنى ئېلىپ كەلگەن، نەتىجىدە، 3 - دەۋرنىڭ ئاخىرى، 4 - دەۋرنىڭ باشلىرىدا غايەت زور قەدىمكى لوپنۇر كۆلى دۇنياغا كەلگەن. بۇ چۆكمە بۆلەك تارىم پلاتفورمىسىنىڭ ئۈستىدىكى بىركىمە ئويمانلىق بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىنى يېرىلمىلار ئوراپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپى قۇرۇق تاغ چوڭ ئۆزۈلمىسى ۋە قۇرۇق تاغ كۆتۈرۈلمە بەلۋېغى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇب تەرىپى ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغ ئالدى ئۆزۈلمە بەلۋېغى ۋە ئالتۇنتاغ ئۆزۈلمە بۆلەكلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرب

تەرىپى مېرىدىئان سىزىقى يېيىلمىسىدىكى چىگىلىك ئۆزۈلمىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شەرق تەرىپى شىمالىي تاغ پۈرۈلمە ئۆزۈك بەلۋېغى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبى، شىمالىدىكى گىرابېن جىلغىلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئويمانلىقنىڭ تېگى 2000 — 5000 مېتىردىن چوڭقۇر كۆمۈلگەچكە، تېگى قىسمى شەرقىي شىمالدىن غەربىي شىمالغا قاراپ پەلەمپەيسىمان تۆۋەنلەپ بارىدۇ. شۇڭا ئۇ «لوپنۇر ئۆزۈلمە پەلەمپىيى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاخىرقى مەزگىلدە ئويمانلىقنىڭ شىمالىي قىسمى گۈمبەزسىمان كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، پۈتكۈل ئويمانلىق جەنۇب تەرەپكە قىڭغايغان، ئەتراپتىكى يېڭى تۈزۈلمىلەر ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، لوپنۇر ئويمانلىقى گەرچە پىلاتفورمىدىكى ئىككىلەمچى قۇرۇلما بىرلىكى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مۇقىم بولمىغان.

## 2 § . يەر تۈزۈلۈشى

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ئېگىز، شىمالىي قىسمى پەس بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قىڭغايغان، يەر شەكلىنى، ئومۇمەن، شىمالىي قىسمىدىكى تىنىما قۇملۇق تۈزلەڭلىكى، لوپنۇر ئويمانلىقى، ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغ ئالدى يەلپۈگۈچسىمان تىنىما تۈزلەڭلىكى، جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايون رىلىق بەلۋېغىدىن ئىبارەت 4 تۈرگە ئايرىش مۇمكىن، تاغلىق رايون بىلەن ئويمانلىقنىڭ نىسپىي ئېگىزلىك پەرقى 5000 مېتىردىن ئاشىدۇ.

### 1. شىمالىي قىسمىدىكى تىنىما قۇملۇق تۈزلەڭلىك

ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدا بولۇپ، قۇمتاغ قۇملۇقىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كۆلىمى 28 مىڭ 136 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 846 — 1000 مېتىر ئېگىز. بۇ جايدا بوران كۆپ چىققاچقا، كۆچمە قۇم بارخانلىرى كۆپ. قۇملۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەزى دەريا قىرغاقلىرىدىكى جايلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا جايلار، ئاساسەن، قۇم بارخانلىرى ۋە قۇم بەللەر بىلەن قاپلانغان. قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكى، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشىمايدۇ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 مېتىر كېلىدۇ. بەك چوڭلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 80 — 150 مېتىرغا يېتىدۇ. ئاساسىي شامال يۆنىلىشى بولغان شەرقىي شىمال شامىلى ۋە يەرلىك شامال يۆنىلىشى بولغان غەربىي جەنۇب شامىلى ھەم بورىنىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، قۇم بارخانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى پىرامىدا شەكلىنى ۋە ھىلال ئاي شەكلىنى ھاسىل قىلغان، ھىلال ئاي شەكلىدىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۇچىنىڭ ئۇزىرىشى ئارقىسىدا سەيىق قۇم بارخانلىرى شەكىللەنگەن، ئايرىم جايلاردا يەنە زور، مۇرەككەپ زەنجىرسىمان قۇم بارخانلىرى ھاسىل بولغان، ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتىردىن 15 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ.

تارىم دەرياسىنىڭ ۋە چەرچەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ بويلىرىدىكى يېڭى، كونا ساھىللار ۋە پەلەمپەيلىشىپ كەتكەن يەرلەردە كەڭ كۆلەملىك تەبىئىي توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق ۋە سۆكسۆكلۈك بار، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى بىر قەدەر ئېگىز ئويمانلىقلار بىلەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا پاكار قومۇش، لوپنۇر كەندىرى ئاساس قىلىنغان چۆللۈك يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسىدۇ. قەدىمكى زاماندا بۇ رايوندىكى يېشىل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆلىمى ھازىرقىدىنمۇ كەڭ ئىدى، «خەتنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، بۇ جايدا «قومۇش، يۇلغۇن، توغراق

ۋە ئاق ئوت» كۆپ ئىكەن، ھازىرقى زاماندا ئادەملەرنىڭ پائالىيىتى ۋە سۇنىڭ تېز ئازىيىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، يېپىنچا ئۆسۈملۈك كۆلىمى تارىيىپ كەتكەن. دەريا بويلىرىدىكى تىنما تۈزلەڭلىك 4 ـ دەۋردىكى تىنما قۇم قاتلىمى ۋە ئەشمە قۇم قاتلىمى بولۇپ، ئەڭ قېلىن جايلىرى 300 مېتىرغا يېتىدۇ، بۇ جايدا شامال تەسىرىدىن شەكىللەنگەن يەر تۈزۈلۈشى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاچقا، تۇپراقنىڭ يىمىرىلىشى بەك ئاجىز، ھاۋا كىلىماتى تولىمۇ قۇرغاق.

## 2. لوپنۇر ئويمانلىقى

لوپنۇر ئويمانلىقى ناھىيە تەۋەسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 5604 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 780 — 846 مېتىر ئېگىز. لوپنۇر كۆلى ئەسلىدە شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ كۆل ئىدى. قەدىمكى زاماندا لوپنۇر كۆلى لوپلۇقلار ياشاپ كەلگەن بۆشۈك ئىدى، ئۇنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى بىلەن شىمالىي قىرغىقى خەن ـ تاڭ سۇلالىلىرىدىكى مۇھىم يىپەك يولى ئىدى. 1972 ـ يىلى لوپنۇر كۆلى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىپ، ئويمانلىققا ئايلىنىپ كەتتى.

بۇ رايوندىكى چۆكۈندىلەرنىڭ تۈز پوستىنىڭ تارقىلىش كۆلىمىدىن قارىغاندا، كۆنچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ماكانى بولغان لوپنۇر كۆلىنىڭ كۆلىمى 2000 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىكەن. «دەريالار تەپسىراتلىرى ئىزاھلىرى» دېگەن كىتابتا ئۇنىڭ دائىرىسى «300 چاقىرىم كېلىدۇ....... ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇچار قاناتلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ» دېيىلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى «دەريالار ھەققىدە قىسقىچە خاتىرىلەر»دە لوپنۇر كۆلىنىڭ «شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 200 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 100 نەچچە چاقىرىم كېلىدۇ» دېيىلگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ـ ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: 1758 ـ يىلى لوپنۇر كۆلىنىڭ «كۆلىمى كەڭ، ئەتراپى قويۇق ئورمانلىق بولۇپ... 600دىن ئارتۇق ئادەم ياشايدۇ، ئۇلار بېلىقچىلىق بىلەن جان باقىدۇ». لوپنۇر كۆلىنى «بىر ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت كېتىدۇ»، «جۇڭغار، يەركەن ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى 60تىن ئارتۇق دەريا مۇشۇ كۆلگە قۇيۇلىدۇ». «يول بويلىرىدىكى ئېگىز جايغا چىقىپ قارىسىمۇ كۆلنىڭ ئۇ چېتىگە كۆز يەتمەيدۇ»، «كۆلدە سال بار، كىچىك كۆلنىڭ جەنۇبىدا كەڭ كەتكەن قۇملۇق بار، كۆلدىن قويۇق ھور چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ جايدا توغراق كۆپ بولۇپ، توغراقلاردىن قويۇق ئورمانلار ھاسىل بولغان».

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان، تارىم دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدە سۇنى باشلاپ يەر سۇغىرىش كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ لوپنۇر كۆلگە قۇيۇلىدىغان سۈيى بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىپ، ئۇنىڭ سۈيى تېتىما كۆلگە قۇيۇلىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن لوپنۇر كۆلىنىڭ سۇ مىقدارى كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ كەتتى. تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى بويلىرىدا كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىلىپ، دەريا سۈيى توسۇۋېلىنغاچقا، تۆۋەن ئېقىنغا بارىدىغان سۇ ئاساسەن ئۈزۈلۈپ قېلىپ، لوپنۇر كۆلى بىلەن تېتىما كۆلى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇپ كەتتى. ھازىر بۇ جايدا ئەسلىدىكى كۆل بويلىرىدىكى ساسلىق، زەيلىكلەردە ئۆسىدىغان قومۇش قاتارلىقلارمۇ بەك شالاڭلاپ كەتتى، يېپىنچىلارنىڭ كۆپ قىسمى قۇرۇپ كەتتى، قۇرۇپ ئېچىلىپ قالغان تۈزلۈق كۆل ئورنىدىكى شامال يالاپ كەتكەن يەرلەر ۋە قەدىمدىلا شەكىللەنگەن ياردائلىقلاردىن ۋە پەيسمان قۇم دۆۋىلىرىدىن ھاسىل بولغان لوپنۇر كۆلى رايونى باشقا

رايونلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە مەنزىرىلىك جاي بولۇپ قالدى. پۇتكۇل يارداڭلىقنىڭ كۆلىمى 3000 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، كۆلەم جەھەتتە سەيدام ئويمانلىقىدىنلا كېيىن تۇرىدۇ. ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالى مەملىكىتىمىز بويىچە يارداڭلىق تارقالغان 2 - چوڭ رايون بولۇپ، يارداڭلىق، ئاساسەن، كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى، ئاق ئەجدىھا دۆۋىسى، سەنلوڭشا قۇملۇقى ۋە ئاچچىق جىلغىسىغا جايلاشقان.

## 3. ئوتتۇرا قىسىمدىكى تاغ ئالدى يەلپۈگۈچسىمان تىنما تۇزلەڭلىك ۋە لاتقا تۇزلەڭلىكى

بۇ تۇزلەڭلىك ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى پۇتكۇل تاغ ئالدى يەلپۈگۈچسىمان تىنما تۇزلەڭلىك ۋە لاتقا تۇزلەڭلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 846 — 1500 مېتىر ئېگىز. تۇزلەڭلىك تاغ باغرىنى بويلاپ غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا بەلۋاغسىمان ھالەتتە سوزۇلغان بولۇپ، ئاساسەن، شېغىل، ئەشمە قۇم، يۇمشاق قۇملاردىن تەركىب تاپقان. يەر يۈزىدىكى سۇ مەنبەسىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇ رايوندا تەبىئىي ھالدا ۋاشىشەرى، چاقىلىق ناھىيە بازىرى ۋە مىرەندىن ئىبارەت نىسپىي مۇستەقىل 3 بوستانلىق شەكىللەنگەن، بۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 8836 كۋادرات كىلومېتىر يەنى 13 مىليون 254 مىڭ مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 37%. 4نى ئىگىلەيدۇ. تاغ ئالدىدىكى 30 - 50 كىلومېتىرلىق شېغىللىق ۋە شېغىللىق ئارىسىدىكى پارچە - پۇرات قۇملۇق ھەم ئاز ساندىكى تىپىك شورلۇقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۇتكۇل يەلپۈگۈچسىمان تىنما ۋە لاتقا تۇزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن قىسىملىرى ۋە يەلپۈگۈچسىمان رايوننىڭ چەتلىرى قويۇق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان، بۇ يەردە يۇلغۇن، سۆكسۆك، چاكاندا، يانتاق، قومۇش ۋە چۈچۈكبۇيا قاتارلىق ئوت - چۆپ، چاتقاللار كۆپ ئۇچرايدۇ.

ناھىيە بازىرى بۇ رايوننىڭ مەركىزى بولۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقى بىلەن بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ مىرەندىكى 36 - تۇەن - مەيدانىنىڭ ئارىلىقى 76 كىلومېتىر، ناھىيە بازىرىنىڭ غەربى بىلەن ۋاشىشەرى يېزىسىنىڭ ئارىلىقى 81 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، ئوتتۇرىچە يانتۇلۇقى 1/200، سۇغىرىشقا قولايلىق، توپا قاتلىمى خېلى قېلىن، يەر ئاستى سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3 — 15 مېتىر، مىنېراللىشىش دەرىجىسى ئادەتتە 1 — 3 لىتىر/گرام.

## 4. جەنۇبىي تاغلىق رايوندىكى رېلىف بەلۋېغى

جەنۇبىي تاغلىق رايوندىكى رېلىف بەلۋېغى ئالتۇنتاغ تىزمىسىدىن باشلىنىپ شەرقىي كوئېنلۇن تاغ تىزمىسىغىچە سوزۇلغان. پۇتكۇل تاغلىق كۆلىمى 59 مىڭ 180 كۋادرات كىلومېتىر. بۇ رايون، ئاساسەن، پاراللېل يۆنىلىشتە تارقالغان تاغلىق ۋە تاغ جىلغىلىرى ياكى ئويمانلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار تۈزۈلمە لىنىيىسىنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇ رايوننىڭ كۆلىمى كەڭ، يەر شەكلى ۋە گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، جۇغگولۇق ۋە چەت ئەللىك ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا. بۇ رايون شىمالدىن جەنۇبقىچە ئالتۇنتاغ، يۇسۇپئالىق جىلغىسى، چىمەنتاغ، قۇمكۆل ئويمانلىقى ۋە ئارقا تاغدىن ئىبارەت 5 چوڭ يەر تۈزۈلۈشى بىرلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) ئالتۇنتاغ ئالتۇنتاغ بىلەن شەرقىي كۇئېنلۇن تېغى ئوخشاش بولمىغان يۆنىلىشكە قاراپ سوزۇلغان. ئۇلار ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ ئۈزۈك بەلۋاغ ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان يۇسۇپئالىق تىك جىلغىسى بىلەن پاسىللىنىدۇ، ئۇنىڭ شىمالىدا ئالتۇنتاغ شىمالدىن شەرققە قاراپ، جەنۇبىدا شەرقىي كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى شەرقتىن غەربكە قاراپ سوزۇلغان. ئالتۇنتاغ ئومۇرتقىسى دېڭىز يۈزىدىن 4200 — 5000 مېتىر ئېگىز، ئايرىم تاغ چوققىلىرى 6000 مېتىردىن ئاشىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 1500 مېتىر ئېگىز بولغان ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن شەرقىي كۇئېنلۇن تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 7000 مېتىرچە ئېگىز بولغان مۇزتاغ چوققىسىچە بولغان ئېگىزلىك پەرقى 5000 مېتىردىن ئاشىدۇ، دېمەك يەر شەكلى پەرقى ئىنتايىن گەۋدىلىك. ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى تاغلار ناھايىتى ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، قاپتاللار پارچە- پۇرات بۆلۈنۈپ، كۆپلىگەن تار جىلغىلار شەكىللەنگەن. تاغ ئېتىكىدىكى يەلپۈگۈچسىمان لاتقىلار ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يەلپۈگۈچسىمان يەرنىڭ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 1500 — 2000 مېتىر ئېگىز كېلىدۇ. چوڭراق دەريا - ئېقىنلارنىڭ تاغدىن چىقىش ئېغىزىدا نۇرغۇن پەلەمپەيسىمان يەرلەر شەكىللەنگەن، مەسىلەن، چاقىلىق دەرياسىدىكى 1 - پەلەمپەيسىمان يەرنىڭ ئېگىزلىكى 30 مېتىر، 2 - پەلەمپەيسىمان يەرنىڭ ئېگىزلىكى 50— 60 مېتىر، 3- پەلەمپەيسىمان يەرنىڭ ئېگىزلىكى 100 — 150 مېتىر كېلىدۇ. مىرەن دەرياسى ئېغىزىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش پەلەمپەيسىمان يەرلەر بار. ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭلۈكلەر يۇسۇپئالىق جىلغىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تاغلىق يەر بىلەن جىلغىنىڭ ئېگىزلىك پەرقى نەچچە 100 مېتىرلا كېلىدۇ، بۆلۈنۈشى ئازراق، دۆڭلۈكلەر خېلى مۇكەممەل، تاغ باغرىدا كىچىك يەلپۈگۈچسىمان تىنمىلار بولۇپ، ئاساسلىقى چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن پەيدا بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تىك جىلغىلارمۇ بار. مەسىلەن، شىنجاڭ - چىڭخەي تاشيولىنىڭ ئالتۇنتاغدىكى دېڭىز يۈزىدىن 4200 مېتىر ئېگىز بولغان تاش داۋاندىن ئۆتۈپلا نامىز كەڭ جىلغىغا كىرىدىغانلىقى بۇنىڭ بىر مىسالى. ھازىرقى زاماندا ئالتۇنتاغنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق بولغاچقا، يەرلەر ئومۇميۈزلۈك تاقىرلىشىپ، قۇرغاق چۆللۈك مەنزىرىسى شەكىللەنگەن.

2) يۇسۇپئالىق جىلغىسى يۇسۇپئالىق جىلغىسى شىمالدىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان تىك جىلغا بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بۇ يەردە قۇرغاق ئوتلاق مەنزىرىسى شەكىللەندى. ئۇ، ئالتۇنتاغ تاشلىقى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ جىلغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، كەڭلىكى 10 — 20 كىلومېتىر كېلىدۇ، شەرقىي قىسمى كەڭ، غەربىي قىسمى تار، دېڭىز يۈزىدىن 3300 — 4000 مېتىر ئېگىز. بۇ جىلغا ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئۈزۈلمە بەلۋاغنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشى بىلەن شەكىللەنگەن، ئۈزۈلمە بەلۋاغدا ئۇلترا ئاساسلىق جىنىسلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇ جىلغا ئومۇميۈزلۈك 4 - سىستېما جىنىسلىرى بىلەن قاپلانغان، ئاستىدىكى 3 - سىستېما جىنىسلىرى تاغ باغرىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىزلىككە جايلاشقان. ئەمەلىيەتتە يۇسۇپئالىق جىلغىسى ئالتۇنتاغ بىلەن شەرقىي كۇئېنلۇن تېغىنىڭ روشەن پاسىلىدۇر.

3) چىمەنتاغ چىمەنتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكى غەربىي شىمال — شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە، غەربىي بۆلىكى شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇلار قۇمكۆل ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي قىسمىدا ياي شەكلىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئەڭ ئېگىز چوققىسى

5570 مېتىر كېلىدۇ. تاغلىقنىڭ جەنۇبىي قاپتىلى تىك، شىمالىي قاپتىلى كەڭ ھەم يانتۇراق، چىمەنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى يازىچۇەن بۇلىقى ئەتراپلىرىدا 3 پەلەمپەيسىمان يەر بار، 1 - پەلەمپەيسىمان يەر ھازىرقى زامان دەريا قىنىدىن 5 — 6 مېتىر ئېگىز، 2 - پەلەمپەيسىمان يەر 15 — 17 مېتىر ئېگىز، 3 - پەلەمپەيسىمان يەر 25 - 30 مېتىر ئېگىز. چىمەنتاغ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسى جەھەتتە ئاخىرقى كارىسكان ئۆزگىرىشىنىڭ پۈرۈلمە بەلۋاغ ھېسابلىنىدۇ.

4) قۇمكۆل ئويمانلىقى قۇمكۆل ئويمانلىقى كارىسكان پۈرۈلمىسى ئاساسىدا ھاسىل بولغان ئوتتۇرا يېڭى ھايات دەۋرىگە مەنسۇپ ئۈزۈلۈپ ئولتۇرۇشقان ئويمانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئۈزۈلمىلەر ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ ئويمانلىق تاغ ئارىسىدىكى ئېگىز ئويمانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ، دېڭىز يۈزىدىن 3876 مېتىر ئېگىز بولغان توڭلىماس كۆل — ئاياققۇم كۆلى ۋە دېڭىز يۈزىدىن 4250 مېتىر ئېگىز بولغان ئاچچىقكۆلنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ ئويمانلىقنىڭ باشقا جايلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4300 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان خۋاتىياۋشەن تېغى ئويمانلىقنى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت 2 قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۇلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان 2 چوڭ كۆلنى مەركەز قىلىپ، تاغ ئارىسىدا 2 يېپىق ئويمانلىقنى شەكىللەندۈرگەن. قۇمكۆل ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ئاخىرقى 3 - دەۋرگە مەنسۇپ يەر قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان پۈرۈلمىدۇر، ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپى يانتۇ، جەنۇب تەرىپى تىك بولۇپ، ئوق يۈزى شىمالغا قاراپ قىڭغايغان. ئۇ قىزىل ۋە كۆكۈش بەلۋاغلىق يەر قاتلىمىدىن ھاسىل بولغاچقا، «خۋاتىياۋشەن» (ئالاتاغ) دەپ ئاتالغان، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 4500 — 5000 مېتىر ئېگىز بولۇپ، 2 كۆل ئويمانلىقى بىلەن بولغان ئېگىزلىك پەرقى نەچچە 100 مېتىرلا كېلىدۇ.

5) ئارقا تاغ ئارقا تاغ شەرقىي كوئېنلۇن تېغىنىڭ ئاساسىي تىزمىسى بولۇپ ئاساسەن، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئادەتتە 5500 مېتىردىن ئاشىدۇ، شەرقىي قىسمىدىكى شىنجاڭ - چىڭخەي چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6860 مېتىر، غەربىي قىسمىدىكى مۇزتاغ چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6973 مېتىر كېلىدۇ، 2 چوققىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىككى جايدا 6000 مېتىردىن ئاشىدىغان چوققىدىن بىر قانچىسى شەكىللەنگەن. بۇ ئېگىز چوققىلار ھازىرقى زامان مۇزلۇقلىرى تەسىرىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. بۇ جايدا مۇزلۇق ۋە مۇز قىرغاقلىق يەر قىياپىتى تازا يېتىلگەن. ئارقا تاغ ئاخىرقى كارىسكان پۈرۈلمىسى ئاساسىدا قايتا قاتلانغان يەنشەن تاغ ھاسىل بولۇش ھەرىكىتىنىڭ مەھسۇلى. مۇزتاغ چوققىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يۈيا دەرياسى ئەتراپلىرىدا يەنە ئىككى پەلەمپەيسىمان يەر يېتىلمەكتە، 1 - پەلەمپەيسىمان يەر ھازىرقى زامان دەريا قىنىدىن 3 — 5 مېتىر ئېگىز، 2 - پەلەمپەيسىمان يەر تەخمىنەن 10 مېتىر ئېگىز، ئالدىنقىسى مۇز سۇيىنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان، كېيىنكىسى مۇز دۆمبەل ۋە مۇز سۇيى چۆكۈندىلىرىدىن ھاسىل بولغان، مۇز تاغ چوققىسىنىڭ تەخمىنەن 30 كىلومېتىر شەرقىدىكى قارلىق جاۋبىشەن تېغىنىڭ جەنۇبىي قاپتىلىدا شەرقىي كوئېنلۇن تېغىنىڭ چوڭقۇر يېرىلمىسى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. يېرىلما بەلۋاغدا ئۇلترا ئاساسلىق جىنسلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئاچچىقكۆلنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە جەنۇبىي قىسمىدىن داجيۇبا توسىمىسىغىچە بولغان جايلاردىكى تاشكۆمۈر — پېرىم دەۋرىگە مەنسۇپ ھاكتاشلىق جىنسلار

كۆرۈنۈپ تۇرغان يەرلەردىكى كارىست يەر تۈزۈلۈشى (ئېرىمە جىنىسلىق يەر تۈزۈلۈشىمۇ دېيىلىدۇ) نىڭ پەيدا بولۇشى، ئاساسەن، تۇتاش چوققىلار، دەرەخسىمان چوققىلار، دەرەخسىمان تاشلار، تاش تاملار، ئۆڭكۈرلەر، ئۆتۈشمە ئۆڭكۈرلەر، تەبىئىي كۆۋرۈكلەر ۋە كارىست بۇلاق قاتارلىقلارنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار دېڭىز يۈزىدىن ئوخشاش بولمىغان ئېگىزلىكلەرگە تارقالغان بولۇپ، شەكلىمۇ ھەرخىل ئوخشاش بولمىغان كارىست شەكىللەردىن تەركىب تاپقان، ئۇلار كارىست ھادىسىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بۇ رايوننىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئارقا تاغ كارىستلىرىنىڭ تىك تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 1

| تىپىك ئورنى | دەۋرى ۋە قاتلىمى | | شەكلى | كۆلىمى | دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى |
|---|---|---|---|---|---|
| داجيۇبا تۇسىسىنىڭ غەربىي قىرغىقى، ئاچچىقكۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبى | قەدىمكى كونا دەۋر | يۇقىرى قاتلام | تۇتاش چوققىلار، پالەخۇز چوققا، پاكار دەرەخسىمان چوققىلار، تاش تام، ئۆڭكۈر | ئېگىزلىكى 50 — 70 مېتىرغا يېتىدۇ | 5000 مېتىر<br>4600 — 4800 مېتىر |
| سۇڭجىلياڭ يىداۋلياڭ | بىر قەدەر كونا دەۋر | ئوتتۇرا قاتلام | ئۆڭكۈر، ئۆتۈشمە ئۆڭكۈر، تەبىئىي كۆۋرۈك | ئۆڭكۈرنىڭ چوڭقۇرلۇقى 1.5 — 2.5 مېتىر، ئۆتۈشمە ئۆڭكۈرنىڭ دىئامېتىرى 1.5 — 2 مېتىر | 4350 مېتىر<br>4500 مېتىر<br>4400 مېتىر<br>4500 مېتىر |
| ئاچچىق كۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى | يېقىنقى دەۋر | تۆۋەن قاتلام | كارىست تۈشۈك، كارىست بۇلاق | كىچىك | 4200 مېتىر |

## § 3 . ئىقلىمى

چاقىلىق ناھىيىسى ئوتتۇرا كەڭلىكتىكى ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىگە جايلاشقانلىقى، يەر شەكلى يېپىق، دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق، تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغانلىقى، دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ نەم ھاۋاسى بۇ جايغا يېتىپ كېلەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەردە ھۆل - يېغىن بەك ئاز، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۆپ، ھاۋا بەكمۇ قۇرغاق بولىدۇ، ئۇ دۇنيادىكى ئوخشاش كەڭلىككە جايلاشقان رايونلار ئىچىدە ئەڭ قۇرغاق رايونلارنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ.

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ قۇياش نۇرى ئىسسىقلىق بايلىقى مول، تېمپېراتۇرىنىڭ كۈنلۈك ۋە يىللىق پەرقى چوڭ، بورانلىق، چاڭ - توزانلىق كۈنلەر كۆپ بولىدۇ. ناھىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايون بىلەن شىمالىي قىسمىدىكى تۈزلەڭلىكلەرنىڭ يەر شەكلى جەھەتتىكى پەرقى چوڭ بولغانلىقتىن، جەنۇب ۋە شىمالدا ئوخشاش بولمىغان 2 ئىقلىم رايونى شەكىللەنگەن.

## 1. جەنۇبىي تاغلىق رايون

ئالتۇنتاغدىن كۇئېنلۇن تېغىغىچە بولغان كەڭ جايلار جەنۇبىي تاغلىق رايون ھېسابلىنىدۇ، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 3000 — 5000 مېتىر ئېگىز بولۇپ، سوغۇق - قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 2.2℃- تىن 2℃ قىچە بولىدۇ، 4 پەسىل روشەن پەرقلەنمەيدۇ، پەقەت بىر يىلنىڭ يېرىمى سوغۇق، يېرىمى ئىللىق بولىدۇ، 4 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئىللىق، 11 - ئايدىن 3 - ئايغىچە سوغۇق بولىدۇ. شىمالىي قىسمىدىكى ئالتۇنتاغنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 50 مىللىمېتىرغا، ئوتتۇرا قىسمىدىكى چىمەنتاغنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى تەخمىنەن 100 — 200 مىللىمېتىرغا (تەڭدىن تولىسى قاتتىق ھالەتتىكى يېغىن)، جەنۇبىتىكى كۇئېنلۇن تېغى ئېتىكىگە يېقىن جايلارنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى تەخمىنەن 200 — 350 مىللىمېتىرغا (مۇتلەق كۆپ قىسمى قاتتىق ھالەتتىكى يېغىن)، ئەڭ جەنۇبىتىكى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى تەخمىنەن 400 مىللىمېتىرغا (پۈتۈنلەي قاتتىق ھالەتتىكى يېغىن) يېتىدۇ. ھۆل - يېغىن شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ پەيدىنپەي كۆپىيىپ، غەربتىن شەرققە قاراپ پەيدىنپەي ئازىيىپ بارىدۇ، يىلبويى قار يېغىپلا تۇرىدۇ. تاغ ئارىسىدىكى جىلغىلار ۋە تۈزلەڭلىكلەر قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق چۆل ئوتلاقلىرىدىن ئىبارەت.

## 2. شىمالىي تۈزلەڭلىك

شىمالىي تۈزلەڭلىك مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى چۆل - قۇرغاق ئىقلىمىغا كىرىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.7℃ — 11.5℃، 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8.5℃-، 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 27.4℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 27.2℃-، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 43.6℃ بولىدۇ. قىروسىز مەزگىل 189 — 193 كۈن بولىدۇ، 2 - ئاينىڭ ئاخىرى 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا باھار باشلىنىدۇ. يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى 17.4 مىللىمېتىر بولۇپ، كۆپىنچە، ياز پەسلىگە مەركەزلىشىدۇ، بىر كۈنلۈك ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى 73.5 مىللىمېتىرغا (1981 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى)، پۈتۈن يىلدا سۇنىڭ ئەركىن پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1400 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، قۇياش نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 3000 — 3100 سائەت، كۈندىلىك چۈشۈش نىسبىتى 68% — 70% بولىدۇ. يىلبويى شەرقىي شىمال شامىلى چىقىپ تۇرىدۇ، 8 بالدىن يۇقىرى قاتتىق بوران چىقىدىغان ۋاقىت 36.9 كۈنگە، ئەڭ تېز بوران سۈرئىتى 40 مېتىر/سېكۇنتقا يېتىدۇ.

تۈزلەڭلىكتە 4 پەسىل ئېنىق، ياز ۋە قىش پەسلى ئۇزۇن، ئەتىياز ۋە كۈز پەسلى قىسقا، ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىنىڭ تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىشى چوڭ، ياز پەسلىدە قاتتىق ئىسسىق ۋە قۇرغاق بولىدۇ، قىش پەسلىدە قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، قار ئاز ياغىدۇ.

ئەتىياز پەسلىدە (3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە) ھاۋا تېز ئىسسىيدۇ، ئەمما مۇقىم بولمايدۇ، كۆپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ھۆل - يېغىن بەك ئاز، ھاۋا قۇرغاق بولىدۇ، شۇڭا ئەتىيازدا ھەمىشە قۇرغاقچىلىق بولۇپ تۇرىدۇ. 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە تېمپېراتۇرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆرلىشى 13℃ — 15℃ بولىدۇ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 30℃ دىن 41℃ قىچە بولىدۇ. سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ كىرىشى تۈپەيلىدىن، 24 سائەتتە تېمپېراتۇرىنىڭ ئەڭ زور تۆۋەنلىشى 19.4℃ قا يېتىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە بوران كۆپ چىقىپ، چاڭ - توپىلىق كۈن كۆپ بولىدۇ، بۇ پەسلىدە،

ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى پۈتۈن يىلدىكىدىن تېز بولىدۇ، 2 بالدىن يۇقىرى بوران چىقىدىغان ۋاقىت يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17 كۈن بولۇپ، پۈتۈن يىللىق قاتتىق بوران چىقىدىغان ۋاقىتنىڭ 45.5% نى ئىگىللەيدۇ. بوران چىققاندا ھەمىشە قۇم ۋە چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، ئالەم قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ، ھەممە جاينى چاڭ - توزان قاپلايدۇ.

ياز پەسلى (6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە) بەك ئىسسىق بولىدۇ، 7 - ئايدا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 27℃ قا يېتىدۇ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 43.6℃ بولىدۇ، تېمپېراتۇرا 35℃ تىن يۇقىرى بولىدىغان ۋاقىت 40 كۈنگە يېتىدۇ. پۈتۈن بىر يىلدا مۇشۇ پەسىلدە ھۆل - يېغىن ئەڭ كۆپ بولىدۇ، چاقىلىق ناھىيە بازىرىغا يېقىن جايلاردا ھۆل - يېغىن مىقدارى 10.8 مىللىمېتىرغا يېتىپ، پۈتۈن يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 62% نى ئىگىلەيدۇ، ھۆل - يېغىن، كۆپىنچە، ئۆتكۈنچى خاراكتېردە بولىدۇ، يامغۇردىن كېيىن ھەمىشە تاغدىن كەلكۈن كېلىدۇ. بورانلىق كۈنلەر يىللىق بوران چىقىدىغان كۈننىڭ 37.7% نى ئىگىلەيدۇ.

كۈز پەسلى (9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە) ھاۋاسى ئىللىق بولۇپ، سالقىن شامال چىقىدۇ، ھۆل - يېغىن ئاز ياغىدۇ، تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشى تېز، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولىدۇ، ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 20.1℃ تىن 1.6℃ قا چۈشىدۇ، تۆۋەنلەش نىسبىتى 18.5℃ بولىدۇ. تېمپېراتۇرىنىڭ كۈندىلىك پەرقى 9 -، 10 - ئايلاردا چوڭراق بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18.3℃ بولىدۇ. ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاران 1.1 مىللىمېتىر بولىدۇ، ھاۋا قۇرغاق بولىدىغان كۈن ئومۇمىي ساننىڭ 99% نى ئىگىلەيدۇ، ئۇدا بىر نەچچە ئايغىچە يامغۇر ياغمايدۇ، بۇ بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئالتۇن پەسىل ھېسابلىنىدۇ.

قىش پەسلى (12 - ئايدىن كېيىنكى يىلنىڭ 2 - ئېيىغىچە) قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، يامغۇر ۋە قار ئاز ياغىدۇ، شامال ئاز چىقىدۇ، ھاۋا كۆپىنچە قۇرغاق بولىدۇ، 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا -8℃ تىن -9℃ قىچە، تۆۋەن تېمپېراتۇرا -27.2℃ بولىدۇ، قار يېغىش مىقدارى 2.5 مىللىمېتىر بولۇپ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 14.8% نى ئىگىلەيدۇ، قارنىڭ تۇرۇش ۋاقتى 13.6 كۈن بولۇپ، قار مۇقىم توپلىنىپ تۇرمايدۇ، سوغۇقراق بولغان ئايرىم يىللاردا قار تۇرىدىغان ۋاقىتمۇ خېلى ئۇزۇن بولىدۇ، قار ئەڭ قېلىن ياغقاندا قېلىنلىقى 18 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ.

## § 4 . گىدرولوگىيىلىك ئەھۋالى

### 1 . مۇزلۇق

چاقىلىق ناھىيىسىدە مۇزلۇقلار پۈتكۈل شەرقىي كۇئېنلۇن تېغى سىستېمىسى ۋە ئالتۇنتاغ سىستېمىسىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىر ئېگىز بولغان ئېگىز تاغلىق رايونغا مەركەزلىك تارقالغان. بۇ رايوندا جەمئىي 388 ھازىرقى زامان مۇزلۇقى بار بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 878.26 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئاساسىي تاتلىق سۇ بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى يانتۇلۇق يۆنىلىشى، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىك دەرىجىسى قاتارلىق ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، مۇزلۇقلار شىمالىي يانتۇلۇققا قارىغاندا جەنۇبىي يانتۇلۇقتا كۆپرەك يېتىلگەن، يېتىلىش كۆلىمى ئېگىزلىك دەرىجىسى بىلەن تۈز تاناسىپ بولۇشتەك قانۇنىيەت بويىچە تارقالغان. بۇ رايوندىكى ھازىرقى زامان مۇزلۇقلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، قار سىزىقى دېڭىز يۈزىدىن خېلى ئېگىز، مۇزلۇقلار ئاستا - ئاستا تارىيىش ھالىتىدە تۇرىدۇ، ئېرىگەن

مۇز سۈيى دەريا سۈيىنىڭ تەركىبىدە ناھايىتى زور نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا بىلەن بىرگە، سىرتقى دۆمبەللەر تەتۈر يۆنىلىشتە يېتىلگەن، يان دۆمبەل ۋە ئاخىرقى دۆمبەللەر ياخشى ساقلانمىغان، مۇزلۇق تىلى ئىنچىق، كارىستلار تازا يېتىلگەن، مۇزلۇق يۈزى ۋە مۇز قېتى بىر قەدەر سۇزۇك، مۇزلۇق يۈزىدىن ئېرىگەن سۇ مۇزلۇقنىڭ يان تەرىپىگە يىغىلىپ ئاقىدۇ، مانا بۇ مۇزلۇق گىدرولوگىيىسىگە خاس ئالاھىدە ئەھۋالدۇر. مۇشۇ كۆپلىگەن ۋە غايەت زور مۇزلۇقلاردىن ھاسىل بولغان قاتتىق ھالەتتىكى سۇ ئامبىرىنىڭ ئەگىز سۈيى، ئاساسەن، تاغلىق رايونغا جايلاشقان يېپىق ئويمانلىقلاردىكى دەريا - ئېقىن، كۆللەرنىڭ سۈيىنى تولۇقلايدۇ، پەقەت ئالدى تاغنىڭ چوققىلىرىدا ئېرىگەن ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم ئەگىز سۈيىلا ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئېقىن رايونىغا قويۇلۇپ، يەر ئۈستى سۈيى ۋە يەر ئاستى سۈيىنى شەكىللەندۈرۈپ، تاغ ئالدىدىكى بىپايان تۈزلەڭلىككە ئېقىپ كېلىدۇ. بۇ سۇدىن شەھەر، يېزىلار پايدىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە چاقىلىق، ۋاششەرى دەريالىرى دېڭىز يۈزىدىن 6000 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز بولغان 2 تاغ تىزمىسىدىن باشلىنىدۇ. ھازىرقى زامان مۇزلۇقلىرى مۇشۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قاناتلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى تاغلار ئانچە ئېگىز ئەمەس، بۇ تاغلاردا مۇزلۇق يوق.

**چاقىلىقنىڭ ئاساسىي دەريالىرىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ ستاتىستىكا ئەھۋالى**

جەدۋەل: 1 — 2

| دەريا نامى | مۇزلۇق | | |
|---|---|---|---|
| | سانى | كۆلىمى كۋادرات كىلومېتىر | زاپىسى كۇب مېتىر |
| مىرەن دەرياسى | 69 | 88.01 | 5.0878 |
| چاقىلىق دەرياسى | 18 | 17.02 | 0.8653 |
| ۋاششەرى دەرياسى | 32 | 51.42 | 3.6181 |
| تاشساي دەرياسى | 34 | 38.39 | 2.1064 |
| جەمئىي | 153 | 194.84 | 11.6776 |

## 2. دەريالار

ناھىيە تەۋەسىدە ئاساسىي دەريادىن 14ى بولۇپ، ئۇلار لوپنۇر سۇ سىستېمىسىغا ۋە جەنۇبىي تاغلىق رايون سۇ سىستېمىسىغا تەۋە.

لوپنۇر سۇ سىستېمىسىغا چاقىلىق دەرياسى، ۋاششەرى دەرياسى، تاشساي دەرياسى، مىرەن دەرياسى، تاتلىقبۇلاق دەرياسى، چەرچەن دەرياسى، تارىم دەرياسى ۋە كۆنچى دەرياسى كىرىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنى 1962 - يىلدىن كېيىن پەندىنپەي ئۈزۈلۈپ قالدى.

جەنۇبىي تاغلىق رايون سۇ سىستېمىسىغا يۈسۈپئالىق دەرياسى، ئاتئاتقان دەرياسى، ئېشەكپاتتى دەرياسى، غازلىق دەرياسى، سېسىقيار دەرياسى ۋە خەشەكلىك دەرياسى كىرىدۇ.

بۇ 2 چوڭ سۇ سىستېمىسىدىكى دەريالاردىن تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى ۋە چەرچەن دەرياسىنىڭ باشقا جايدىن چاقىلىققا ئېقىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان 11 دەريانىڭ ھەممىسى ناھىيە تەۋەسىدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريالىرى بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارى 1 مىليارد 176 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، ھازىر جەنۇبىي تاغلىق رايون سۇ

سىستېمىسىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قىيىن بولىۋاتىدۇ. ھازىرغىچە چاقىلىق دەرياسى، ۋاششەرى دەرياسى ۋە مىرەن دەرياسىدىن پايدىلىنىلدى، بۇ دەريالارنىڭ يىللىق سۇ مىقدارى 257 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، پۈتۈن يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ %21 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە چاقىلىق دەرياسى بىلەن ۋاششەرى دەرياسىنىڭ يىللىق سۇ مىقدارى 133 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، بۇنىڭدىن چاقىلىق ناھىيىسى پايدىلىنىۋاتىدۇ؛ مىرەن دەرياسىنىڭ يىللىق سۇ مىقدارى 124 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، بۇنىڭدىن بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ 36 - تۈەن مەيدانى پايدىلىنىۋاتىدۇ. چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ چاقىلىق دەرياسى ۋە ۋاششەرى دەرياسىدىن سۇ باشلاپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، سۇغىرىش رايونىغا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 69 مىليون كۇب مېتىر سۇ باشلاپ كېلىدۇ، سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى %51.9 كە يېتىدۇ. چاقىلىق دەرياسى سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 0.55 گرام/لىتىر، pH قىممىتى 7.9 بولۇپ، $HCO_3-C_1-C_2-Mg$ تىپتىكى سۇ ھېسابلىنىدۇ. ۋاششەرى دەرياسى سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 1.28 گرام/لىتىر، pH قىممىتى 7.9 بولۇپ، $SO_4-C_1-Na$ تىپتىكى سۇ ھېسابلىنىدۇ، چاقىلىق دەرياسى بىلەن ۋاششەرى دەرياسىنىڭ تاغ ئېغىزىدىكى باشلىمىدىن غول ئۆستەڭدىكى سۇ بۆلۈش تۇمشىغىچە بولغان ئومۇمىي پەسىيىش پەرقى 1000 مېتىر، بۇ 2 دەريانىڭ ئوتتۇرىچە سۇ مىقدارىنى 3 كۇب مېتىر/سېكۇنت بويىچە ھېسابلىغاندا، ئومۇمىي ئېنېرگىيە زاپىسى 21 مىڭ كىلوۋات بولىدۇ.

### 3. بۇلاق ۋە كۆللەر

1) بۇلاق شەرقىي كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئۇلۇغسۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئاچچىقكۆل ئەتراپىغىچە بولغان 4200 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدە تۆۋەن ھارارەتلىك مىنېراللىق بۇلاقلار خېلى كۆپ، بۇ بۇلاقلارنىڭ سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 0.1 ℃ — 2 ℃ ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، ئومۇمىي ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 11 كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 1 توننىدىن ئاشىدۇ، ئەڭ كىچىكلىرىنىڭمۇ سېكۇنتىغا بىر كىلوگرامدىن ئاشىدۇ. بۇ بۇلاقلارنىڭ سۈيى سۈزۈك، تەمى تاتلىق بولۇپ، كاربونات كىسلاتالىق مىنېرال بۇلاق سۈيى تىپىغا كىرىدۇ، سۈيى زەھەرسىز. بۇ بۇلاقلارنىڭ تولىسى دېڭىز يۈزىدىن 4300 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان، تۈزلەڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئەتراپىدا بايقالغان ۋە پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان بۇلاقلاردىن يېڭى ئاۋات بۇلاق سۈيى ۋە باش بۇلاق سۈيى قاتارلىقلار بار.

2) كۆللەر چاقىلىق تەۋەسىدە كۆل كۆپ، تاغلىق رايوندا چوڭراق كۆللەردىن قۇمكۆل، ئاياغقۇمكۆل، ئاچچىقكۆل، كىتكۆلى قاتارلىق كۆللەر بار بولۇپ، ئومۇمىي سۇ كۆلىمى 1 مىليون 640 مىڭ مو كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سۈيى تاتلىق كۆللەرنىڭ كۆلىمى 45 مىڭ مو كېلىدۇ. تۈزلەڭلىكتىكى كۆللەردىن، ئاساسەن، لوپنۇر كۆلى بىلەن تېتىما كۆلى بار ئىدى، بۇ كۆللەر 1972 - يىلى قۇرۇپ كەتتى.

### 4. يەر ئاستى سۈيى

چاقىلىقنىڭ يەر ئاستى سۈيى بايلىقى خېلى مول، ئالاقىدار ماتېرىياللاردىكى تەھلىللەرگە ئاساسلانغاندا، يەر ئاستى سۈيى زاپىسى تەخمىنەن 33 مىليون كۇب مېتىر ئىكەن. سۇغىرىش رايونىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى ئادەتتە 5 - 10 مېتىر ئەتراپىدا،

مىنېراللىنىش دەرىجىسى 1 ـ 3 گرام/لىتىر بولۇپ، سۇنىڭ خىمىيىلىك تىپى، ئاساسەن، $So_4-Cl-Na$ تىپقا كىرىدۇ. سۇغىرىش رايونىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى بارا- بارا يۇقىرى ئۆرلەيدۇ، ئۇنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى ئادەتتە تەخمىنەن 3 مېتىر كېلىدۇ، مىنېراللىنىش دەرىجىسى 10 ـ 15 گرام/لىتىرغا يېتىدۇ، ئومۇمەن جەنۇبتىن شىمالغا ئېشىپ بارىدۇ. چاقىلىق رايونىدا يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى سۇنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى، كۆمۈلۈش چوڭقۇرلىقى تەخمىنەن 100 — 150 مېتىر بولغان يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىنېراللىق دەرىجىسى بىر گرام/لىتىردىن تۆۋەن بولىدۇ.

## § 5 . تۇپراق

چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يەرلەرنىڭ تۇپراق تەركىبىنى ئاساسەن يېنىك تەركىب (قۇمساڭغۇ تەركىب — قۇم تەركىب) ، تاش تەركىب (ئۇششاق تاش ـ شېغىل تاش) ، يېپىشقاق ئېغىر تەركىب (يېپىشقاق تەركىب — توپا تەركىب) دەپ 3 تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. يېنىك تەركىبلىك تۇپراق تاغ ئالدى قىيان تىنما ـ چۆكۈندە تۈزلەڭلىكىدىكى كەڭ رايونلارغا مەركەزلىك تارقالغان؛ تاش تەركىبلىك تۇپراق كۆپىنچە ئالتۇنتاغ رايونىغا جايلاشقان؛ يېپىشقاق ئېغىر تۇپراق تارىم دەرياسى تۆۋەن ئېقىنىنىڭ تارماق ئېقىنلار ئارىسىدىكى ۋادىلارغا شۇنداقلا قىسمەن تەخسىسىمان ئويمان يەرلەرگە ھەمدە سانى كۆپ بولمىغان ئايرىم پارچە ـ پۇرات يەرلەرگە تارقالغان. 1982 ـ يىلىدىكى 2 ـ قېتىملىق تۇپراقنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، بۇ ناھىيىنىڭ تۇپرىقى 10 تۈرگە، 26 كەنجى تۈرگە ۋە 31 تۇپراق ئۇرۇقدىشىغا ئايرىلىدۇ.

### 1. لاتقا تۇپراق

بۇنىڭدا جەمئىي 4 كەنجى تۈر، 5 توپا ئۇرۇقدىشى، 16 تۇپراق خىلى، 32 ئۆزگەرگەن خىلى بولۇپ، كۆلىمى 62 مىڭ 200 مو، بۇ پۈتۈن ناھىيە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %0.02نى ئىگىلەيدۇ، مۇنداق تۇپراق تۈرى، ئاساسەن، يەلپۈگۈچسىمان بەلۋاغ چېتىدىكى دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى قەدىمكى سۇغىرىلىدىغان بوستانلىقلارغا تارقالغان بولۇپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسلىق تېرىقچىلىق قىلىنىدىغان تۇپراق ھېسابلىنىدۇ.

### 2. زەي تۇپراق

بۇ شورلاشقان زەي كەنجى تۇپراق تۈرى بولۇپ، بۇنىڭدا بىر تۇپراق ئۇرۇقدىشى، 2 تۇپراق خىلى بار، كۆلىمى 4300 مو بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %0.001 ئىگىلەيدۇ، بۇ، ئاساسەن، يەلپۈگۈچسىمان بەلۋاغ چەتلىرىدىكى سۇغىرىلىدىغان بوستانلىقلارغا ۋە ۋاششەرى يېزىسىنىڭ بوز يەر كەنتى ئەتراپىغا جايلاشقان.

### 3. چىملىق تۇپراق

بۇ شورلۇق چۆل چىملىق تۇپرىقى بولۇپ، بۇنىڭدا بىر كەنجى تۈر، 4 تۇپراق ئۇرۇقدىشى بار، كۆلىمى 1 مىليون 22 مىڭ 500 مو بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %0.34 نى ئىگىلەيدۇ، بۇ تۇپراق تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى ۋە چەرچەن دەرياسى تىنما تۈزلەڭلىكىگە

بەلۋاغسىمان ھالەتتە تارقالغان، يەلپۈگۈچسىمان بەلۋاغنىڭ چەتلىرىگە بولسا پارچە - پۇرات تارقالغان.

### 4. قوڭۇر چۆل تۇپرىقى

بۇنىڭدا 5 كەنجى تۈر بار، كۆلىمى تەخمىنەن 70 مىليون 700 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %23.3نى ئىگىلەيدۇ. ئالتۇنتاغ تاغ ئالدى يانتۇ تۈزلەڭلىكىگە، پاكار تاغ قالدۇق دۆڭلۈكلىرىگە ۋە چۆللۈكلەرگە جايلاشقان.

### 5. سازلىق تۇپرىقى

بۇنىڭدا 2 كەنجى تۈر بار، كۆلىمى 15 مىليون 150 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %4.99 نى ئىگىلەيدۇ، ئۇ يېيىق ھالەتتىكى پەس جايلارغا تارقالغان.

### 6. شور تۇپراق

بۇنىڭدا 6 كەنجى تۈر بار، كۆلىمى 38 مىليون 480 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %12.68 نى ئىگىلەيدۇ، بۇ خىل تۇپراق يەلپۈگۈچسىمان بەلۋاغنىڭ چەتلىرىگە ۋە تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، چەرچەن دەرياسى تىنما تۈزلەڭلىكىگە، شۇنىڭدەك تاغ جىلغىلىرىدىكى ئويمان يەرلەرگە ۋە تاغلىق رايون تۈزلەڭلىكلىرىگە جايلاشقان.

### 7. قۇم تۇپراق

بۇنىڭدا 2 كەنجى تۈر بار، كۆلىمى تەخمىنەن 83 مىليون 660 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %27.57نى ئىگىلەيدۇ، بۇ خىل تۇپراق، ئاساسەن، قۇملۇق بەلۋاغلارغا تارقالغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەلپۈگۈچسىمان بەلۋاغنىڭ چەتلىرى ۋە يەلپۈگۈچسىمان ئۆتكۈنچى تاشقىن بەلۋاغلىرىغىمۇ پارچە - پۇرات تارقالغان.

### 8. تاغلىقلاردىكى كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق

بۇنىڭدا 2 كەنجى تۈر بار بولۇپ، كالتسىيلىق سۇس قوڭۇر تۇپراق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كۆلىمى 15 مىليون 620 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %5.15 ئىگىلەيدۇ، ئۇ ئالتۇنتاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 2500 — 3500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايلىرىغا جايلاشقان.

### 9. پەسرەك ئېگىز تاغلار ئوتلاق تۇپرىقى

بۇنىڭدا 2 كەنجى تۈر بار بولۇپ، قۇرۇق ئوتلاق تۇپرىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، كۆلىمى 21 مىليون 480 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %7.08نى ئىگىلەيدۇ، ئۇ ئالتۇنتاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 3500 — 4200 مېتىر ئېگىز جايلىرىغا جايلاشقان.

### 10. ئېگىز تاغ چۆل تۇپرىقى

ئېگىز تاغ چۆل تۇپرىقىنىڭ كۆلىمى 49 مىليون 320 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر

كۆلىمىنىڭ %16.25 نى ئىگىلەيدۇ، كوئېنلۇن تېغى ۋە ئالتۇنتاغنىڭ ئېچكى قىسمىغا جايلاشقان.

بۇنىڭدىن باشقا، مۇزلۇق، سۇ يۈزى قاتارلىقلارنىڭ كۆلىمى 7 مىليون 949 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %2.62 نى ئىگىلەيدۇ.

ناھىيە بويىچە تۇپراقنىڭ pH قىممىتى 8.1، ئورگانىك ماددىلار مىقدارى %0.906، بۇنىڭ ئىچىدە ھەيدىلىدىغان تۇپراقنىڭ %1، تەبىئىي تۇپراقنىڭ %0.727؛ ئازوت مىقدارى: تولۇق ئازوت %0.067، تېز ئۈنۈملۈك ئازوت 28.55ppm، بۇنىڭ ئىچىدە ھەيدىلىدىغان تۇپراقتىكى تولۇق ئازوت %0.078، تېز ئۈنۈملۈك ئازوت 31.9ppm، تەبىئىي تۇپراقتىكى تولۇق ئازوت %0.046، تېز ئۈنۈملۈك ئازوت 22.1ppm؛ فوسفور مىقدارى: تولۇق فوسفور %0.115، تېز ئۈنۈملۈك فوسفور 5.33ppm، بۇنىڭ ئىچىدە ھەيدىلىدىغان تۇپراقتىكى تولۇق فوسفور %0.117، تېز ئۈنۈملۈك فوسفور 6.12ppm، تەبىئىي تۇپراقتىكى تولۇق فوسفور %0.114، تېز ئۈنۈملۈك فوسفور 3.85ppm؛ تېز ئۈنۈملۈك كالىي مىقدارى 282ppm، بۇنىڭ ئىچىدە ھەيدىلىدىغان تۇپراقتىكىسى 213.3ppm، تەبىئىي تۇپراقتىكىسى 558ppm.

ئەت تۇپراقتا ئۈنۈملۈك مىكرو ئېلېمېنتلاردىن بور، تۆمۈر ۋە مىس ئېلېمېنتلىرى خېلى مول، لېكىن سىنىك ۋە مانگان ئومۇمىيۈزلۈك كەم.

## 6 § . يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر

چاقىلىق رايونىدا قۇرغاق چۆللۈك ئىپتىدائىي تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، پۈتكۈل ناھىيىنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %0.28. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر يەر تۈزۈلۈشىنىڭ ئېگىز - پەسلىكى، ھاۋارايى ۋە سۇ قاتارلىق ئامىللارنىڭ پەرقىگە قاراپ پەرقلىق تارقالغان بولۇپ، ئومۇمەن، جەنۇبىي تاغلىق رايون ئىپتىدائىي يېپىنچا ئۆسۈملۈك رايونى، ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۈزلەڭ دېھقانچىلىق رايونىدىكى يېتىشتۈرۈلمە يېپىنچا ئۆسۈملۈك رايونى ۋە شىمالىي قىسمىدىكى تەبىئىي چۆللۈك يېپىنچا ئۆسۈملۈك رايونىغا بۆلۈنىدۇ.

### 1. جەنۇبىي تاغلىق رايون ئىپتىدائىي يېپىنچا ئۆسۈملۈك رايونى

بۇ رايوندا تاغلار ئېگىز ھەم چوڭ، تەبىئىي شارائىتىدا تىك بەلۋاغ خاراكتېرلىك يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تارقىلىشىدىكى ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى ناھايىتى روشەن، ئېتىلىق تاغ بەلۋاغلىرى (1300 — 2100 مېتىر) دا، ئاسانەن، تۆگە قېرىن، بەش چېچەكلىك قامراق، تاشلويلا، چاكاندا قاتارلىق قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق لويلا ئائىلىسىدىكى چۆللۈك ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قاپلاش نىسبىتى تەخمىنەن %5 — %10؛ چىمەنتاغ، يۇسۇپئالىق تېغى ۋە ئالتۇنتاغنىڭ ئېتىلىق بەلۋاغلىرىدىكى ئەمەن ئۆرۈقدىشىغا كىرىدىغان چۆللۈك ئوتلاق بەلۋاغلىرى (2100 — 3300 مېتىر) دا، ئەمەن يوپۇرماقلىق قامقاق، تەخگە يوپۇرماقلىق ياۋا كۆرۈك، تاشلويلا، ئەمەن ئۆرۈقدىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، يەنە ئاندا - ساندا قۇملۇق بوز ئوتى ۋە پەيسىمان بوز ئوت قاتارلىق باشاقلىقلار ئائىلىسىگە كىرىدىغان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرمۇ بار، بۇنىڭ قاپلاش نىسبىتى %8 — %15؛ پەسرەك ئېگىز تاغلاردىكى سوغۇق - ئېتىلىق بوز ئوت، تەلۋەبېدە ئوتلىقى بەلۋېغى (3300 — 4500 مېتىر) دا، جۈملىدىن ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي

ۋە كوئېنلۇن تېغى ئېتەكلىرىدىكى تۈزلەڭ بەلۋاغلارغا يېقىن جايلاردا ئوتلاق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى خېلى يېتىلگەن، چىمەنتاغ جەنۇبىي قاپتىلىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 4300 مېتىر ئېگىز جايىدا تىك ئېگىزلىكى 50 نەچچە مېتىرلا كېلىدىغان ئوتلاق تىپىدىكى چۆللۈك پەيدا بولغان، 4300 مېتىردىن 4350 مېتىرغىچە بولغان ئارىلىقتا پەيسىمان بوز ئوت ئاساس قىلىنغان يېپىنچا ئۆسۈملۈك توپى پەيدا بولغان، بۇنىڭدىن باشقا يەنە تېرىسكەن، تاشبۇرگۈن قاتارلىقلارمۇ بار، بۇلارنىڭ ئومۇمىي قاپلاش كۆلىمى %40 — %50كە يېتىدۇ؛ ئېگىز تاغ ئوتلاق تۇپرىقى پېتىلىق تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە چىمەنتاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا خېلى تىپىك يېتىلگەن بولۇپ، بۇ جايدا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەردىن سۆسۈن چېچەك بوز ئوت، پەيسىمان بوز ئوت، غەيرىي بوز ئوت، قوڭغۇرباش، ئىنچىكە يوپۇرماقلىق مۇخ، بىداياق، قاتتىق يوپۇرماقلىق مۇخ قاتارلىقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنە ئاندا - ساندا تەلۋىبىدە، كوبرېزىيە ئوتى، چىغىرتماق ۋە ئاق زوپارمۇ بار، قاپلاش نىسبىتى %60 — %70؛ پېتىلىق تاغنىڭ غەربىدە ۋە جەنۇبىي قاپتىلىدا، ئاچچىقكۆلنىڭ شىمالى ۋە شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغلىق رايوندا ئېگىز تاغ قۇرغاق ئوتلاق بەلۋاغلىرى بار بولۇپ، بۇ جايدا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەردىن قاتتىق يوپۇرماقلىق مۇخ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، يەنە ئاندا - ساندا تەلۋىبىدە، كۆزگى گۈل ئائىلىسى ۋە باشاقلىقلار ئائىلىسىگە كىرىدىغان ئۆسۈملۈكلەرمۇ بولۇپ، قاپلاش نىسبىتى %55 — %65؛ چىمەنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە، خۇاتياۋشەن تېغىدا ۋە كىت كۆلنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلاردا چۆل ئوتلاقلىرى بار. بۇ جايلاردا قاتتىق يوپۇرماقلىق مۇخ بىلەن تەلۋىبىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە غازتاپان، تېرىسكەن، قۇملۇق بوز ئوتى، پەيسىمان بوز ئوت قاتارلىقلارمۇ بار، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قاپلاش نىسبىتى %30 — %40؛ پېتىلىق تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئېگىز تاغلىق بەلۋاغدا مۇخ، باشاقلىقلار ئائىلىسىگە كىرىدىغان چىملىق بەلۋاغ (4500 — 4900 مېتىر) ھاسىل بولغان، بۇ بەلۋاغ غەربتە داجۇبادىن باشلىنىپ، شەرقتە چىمەنلىك تاغنىڭ چوققىسىغىچە ھەتتا چىڭخەي تەۋەسىگىچە سوزۇلغان. قارادۆڭدىن جەنۇبقا قارىسا، بۇ بەلۋاغ پېتىلىق تاغنىڭ قاپتىلىدا روشەن بەلۋاغسىمان يېشىل بوستانلىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇ بەلۋاغدا غەيرىي بوز ئوت، قوڭغۇر باش، خىلمۇ - خىل مۇخ ۋە چار ئوت، غاز قانىتى شۇنىڭدەك پۇرچاق ئائىلىسى ۋە مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ، ئوتلارنىڭ ئېگىزلىكى 3 — 8 سانتىمېتىر بولۇپ، قاپلاش نىسبىتى %80 — %90؛ سوغۇق - ئېگىز تاغلىقتىكى كۆرپىسىمان يېپىنچا ئۆسۈملۈك بەلۋېغى (4900 — 5100 مېتىر) دا قاتتىق سوغۇق ۋە بورانغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، تىپىك ئېگىز - سوغۇق جايلاردا ئۆسىدىغان كۆرپىسىمان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ، بۇ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر يەر شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىق جايلاشقان. چىمەنتاغدا كۆرپىسىمان ئەمەن ياكى پاكار لەيلى، تېرىسكەن ئاساس قىلىنغان ئۆسۈملۈكلەر بار، يەنە ئاندا - ساندا كەتىرا، قىچا قاتارلىقلارمۇ بار، قاپلاش نىسبىتى %5 — %20. كوئېنلۇن تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن سەل تۆۋەن جايلىرىدا سېغىن چېچەكى، ئاق زوپار، پىلىك ئوت ئاساس قىلىنغان ئۆسۈملۈكلەر توپى بار، تېرىسكەن ئاساس قىلىنغان ئۆسۈملۈكلەر توپىمۇ بار. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزرەك جايلاردا يېگىنىسىمان قۇستە، قۇستە قۇمغان ۋە تەلۋىبىدە قاتارلىقلار ئاساس قىلىنغان ئۆسۈملۈكلەر توپى بار، بەزىدە قاتتىق يوپۇرماقلىق مۇخ ياكى كوبرېزىيە ئوتىمۇ ئۆسىدۇ، بۇلارنىڭ قاپلاش نىسبىتى تەخمىنەن %5 — %25؛ كوئېنلۇن تېغى تىزمىسىدىكى پېتىلىق تېغىنىڭ شىمالى باغرىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئىچىدە ئېگىزرەك ئۆسىدىغان مۇخ قاتارلىق چىملىق تەركىبلەرمۇ بار؛ ئېگىز تاغلىق سوغۇق لىشاينىك بەلۋاغ

(5100 — 5450 مېتىر) قارادۆڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى پىتلىق تاغدا ئەڭ تىپىك كۆرۈنىدۇ، چىمەنتاغ، يۇسۇپئالىق تېغىدىمۇ ئېگىز تاغلىق سوغۇق لىشاينىك بەلۋاغ بار. لېكىن ئەڭ قۇرغاق بولغان ئالتۇناغىنىڭ ئالدى تەرەپلىرىدە بۇنداق ئېگىز تاغلىق سوغۇق لىشاينىك بەلۋاغ يوق دېيەرلىك، غەربىي قىسمىدىكى ئاساسىي چوققا سۇلامتاغ ئەتراپلىرىدىلا مۇشۇنداق ئېگىز تاغلىق سوغۇق لىشاينىك بەلۋاغلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بىر يىلنىڭ كۆپىنچە ۋاقتىدا بۇ جاينى قار قاپلاپ تۇرىدۇ، 7 ـ ئايدىن 9 ـ ئايلارغىچە ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە مۇز ئېرىگەندىلا ئۈستى ئاچ يېشىل ياكى ئاچ سېرىق لىشاينىكلار بىلەن ئورالغان يىمىرىلگەن قورام تاشلار ئاشكارىلىنىدۇ، لىشاينىكلارنىڭ تاغ جىنسلىرىنى ئوراش نىسبىتى تەخمىنەن %70كە يېتىدۇ، قىسمەن جايلىرىدا ئاز ـ تولا مۇخمۇ ئۆسىدۇ. تەكشى سۇ بۆلگۈچ بەلۋاغلاردا ئىنتايىن شالاڭ قۇستە ۋە ئېيىق تاپانلار ئائىلىسىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 4900 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۈزلەڭلىكنىڭ لىشاينىكلار بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قۇمغان، يىڭنىسىمان قۇستە، قىچا قاتارلىق كۆرپەسىمان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ قاپلاش نىسبىتى %10تىن تۆۋەن.

## 2. ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۈزلەڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى يېتىشتۈرۈلمە يېپىنچا ئۆسۈملۈك رايونى

ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى يەلپۈگۈچسىمان تىنىما يەرلەرنىڭ چېتىدىكى چۆكۈندى يانتۇ تۈزلەڭلىكتە ۋاششەرى، چاقىلىق ۋە مىرەندىن ئىبارەت 3 تەبىئىي دېھقانچىلىق رايونى بوستانلىقى بار، بۇ بوستانلىقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا، تېرىقچىلىق تارىخىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى سەۋەبىدىن، ئەسلىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش جەريانىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، يەر يۈزىنى پۈتۈنلەي سۈنئىي يېتىشتۈرۈلگەن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە ئورمان قاپلاپ تۇرىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا، ئاساسەن، ئۈژمە، چىلان، ئۆرۈك ۋە ئالما قاتارلىق ئىقتىسادىي ئورمانلار ۋە تېرەك، سۆگەت، قارا ياغاچ ۋە جىگدە قاتارلىق ئىھاتە ئورمانلىرى بار. بۇنىڭدىن باشقا، دېھقانچىلىق رايونلىرى ئەتراپىدا ئاز ـ تولا يۇلغۇن سوكسۆك قايتا ئۆسكەن توغراق، جۇزغۇن، چاكاندا، جىغان قاتارلىق شالاڭ ئۆسىدىغان تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرمۇ بار.

## 3. شىمالىي قىسمىدىكى تەبىئىي يېپىنچا چۆللۈك ئۆسۈملۈك رايونى

بۇ رايون ـ ناھىيە تەۋەسىدىكى شىمالىي چۆللۈكنىڭ ئەڭ قۇرغاق رايونىغا جايلاشقان، بۇ رايوندىكى يەرلەرنىڭ تولىسى قۇرغاق بولۇپ گويا ئۆنمەيدۇ، بۇ رايوندا كۆچمە قۇم بارخانلىرى مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپ قىسمى تارىم، چەرچەن دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تىنىما تۈزلەڭلىككە مەركەزلىك تارقالغان. بۇ جايدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى ئاز، قۇرۇلمىسى ئاددىي بولۇپ، شالاڭ ئۆسىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكلەر، ئاساسەن، يىلتىزى ۋە غولى چوڭ، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق ئۆسۈملۈكلەر توپىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار غوللۇق دەرەخلەر، چاتقال، كەنجى غوللۇق چاتقال ۋە قومۇلۇق ئۆسۈملۈكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر يەر شارائىتىغا ۋە گىدرو گېئولوگىيىلىك شارائىتقا قاراپ تارقالغان، ئادەتتە نەمرەك دەريا بويلىرىدا قومۇش، ئايراۋۇق، چۇچۇكبۇيا، قوڭغۇراق تىكەن قاتارلىق چىملىق ئۆسۈملۈك يېپىنچىسى ئۆسىدۇ؛ دەريا قىنىنىڭ

ئىككى ياقىسىدىكى ئېگىزرەك جايلاردىكى تاشقىنىدىن ھاسىل بولغان سايلىقلاردا توغراق ئۆسىدۇ، لېكىن جايلىشىشى تەكشى، قويۇق ئەمەس، ئورمان ئارىسىدا چۇچۇكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى قاتارلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. پەلەمپەيسىمان دەريا بويلىرىدا تەبىئىي قىرغاقنى بويلاپ توغراق ئۆسىدۇ، تەبىئىي قىرغاقنىڭ سىرتىدا، ئاساسەن، يۇلغۇن، چاتقال ئۆسىدۇ. نەملىك شارائىتى ئىنتايىن ناچار، يەر ئاستى سۇيىنىڭ ئورنى ناھايىتى تۆۋەن جايلاردا قۇمۇشلار قۇرۇپ كەتكەن، يەر يۈزى ئېچىلىپ قالغان، بۇنداق جايلاردا ئاندا ـ ساندا يانتاق، لوپنۇر كەندىرىلا ئۆسىدۇ، ھازىرقى دەريا قىنىدىن يىراق بولغان قەدىمكى تىنما تۈزلەڭلىكتە توغراقلار قۇرۇپ، يۇلغۇنلۇق چاتقاللار قاقشال بولۇپ كەتكەن، بۇ جاينىڭ قۇملىشىشى ناھايىتى تېز بولماقتا. دەريا قىرغاقلىرىنىڭ ئېگىزرەك جايلىرىدا ۋە قۇرۇپ كەتكەن كۆل سازلىقلىرىدا شورتاق، پوزمان ئاساس قىلىنغان شىرنىلىك شورلۇق چاتقاللىرى ئۆسىدۇ. بوران كۆپ چىقىدىغان، قۇم بارخانلىرى كۆچۈپ ۋە يېرىم كۆچۈپ تۇرىدىغان جايلاردا، ئاساسەن، يۇلغۇن ۋە سوكسوك قاتارلىق قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى شالاڭ ئۆسىدۇ.

## 7 § . ياۋايى ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە قېزىلما بايلىق

### 1. ياۋايى ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەر

چاقىلىقتا ياۋايى ھايۋانات، ئۆسۈملۈك بايلىقى ئىنتايىن مول، ئۇلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئاساسەن، ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا تارقالغان.

1) ھايۋانات ھازىرغىچە 49 خىل ھايۋان بايقالدى. ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: سالپاڭ قۇلاق كىرپە، قوڭۇر شەپەرەڭ، ساۋى بوناپارت پېپىسترىللۇس، بۆرە، قىزىل تۈلكە، قۇملۇق تۈلكىسى، تىبەت تۈلكىسى، چىلبۆرە، قوڭۇر ئېيىق، بۇلغۇن، ئاغمىخان، ئوتلاق تاغىل مۈشۈكى، مولۇن، سىلەيسۈن، يىلپىز، تىبەت قۇلانى، ياۋا توڭگوز، ياۋا تۆگە، بۇغا، قوتاز، دالا بۆكىنى، تىبەت بۆكىنى، ئاق بوغۇز بۆكەن، تاغ ئۆچكىسى، تاغ تېكىسى، جەرەن، كۆلرەڭ قۇيرۇقلۇق توشقان، تارىم توشقىنى، سالپاڭ قۇلاق موغا، لاداق موغىسى، قارا تۇمشۇق موغا، تىبەت موغىسى، كىدىر سۇغۇرى، كوزلۇۋى ئۈچ تىرناقلىق لەغمەنتاقتاق، سالپاڭ قۇلاق لەغمەنتاقتاق، ئۈچ تىرناقلىق لەغمەنتاقتاق، پايپاقلىق لەغمەنتاقتاق، بەش تىرناقلىق لەغمەنتاقتاق، كىچىك ئورمان لەغمەنتاقتىقى، خار تۇملۇق كىچىك چاشقان، ھىندىستان قارىغۇ چاشقىنى، كۆلرەڭ چاشقان، تىبەت چاشقىنى، پايپاقلىق قارا قۇيرۇقلۇق چاشقان، قىسقا قۇلاق چاشقان، پايپاقلىق كىچىك چاشقان، سېرىق سوكال چاشقان، ئاق قۇيرۇقلۇق تىيىن، ستولىكزكانۇس بوز چاشقىنى.

ھازىرغىچە 92 خىل ئۇچار قانات بايقالدى: ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: كىچىك چۆمگەك ئۆردەك، ئاق چوڭ قوتان، قارا لەيلەك، ئالاباش تۇرنا، ھاڭگىت، پاناق ھاڭگىت، يىڭنە قۇيرۇق ھاڭگىت، يېشىل باش ئۆردەك، قىزىل تۇمشۇق چۆمگەك ئۆردەك، ئاق كۆزلۈك چۆمگەك ئۆردەك، ئادەتتىكى تار تۇمشۇق ئۆردەك، سار، پايپاقلىق بۆكتەرگە، سېرىق بۈركۈت، غېجىر سالۋا، تاپ قۇشى، ساقاللىق بۈركۈت، قارچۇغا، جاغالماي، قىزىل لاچىن، غۇرتۇلۇڭ ئۇلار، تاغ ئۇلارى، كەكلىك، قىرغاۋۇل، قارا بويۇن تۇرنا، سارتاز، سېرىق كۆز چىقچىق، ئاق پوكان چىقچىق، موڭغۇلىيە چىقچىقى، قىزىل پاچاق قىليورغا، ئوتلاق قىليورغىسى، شادا پاچاق

قىلىيورغا، چايكا، قىزىل تۇمشۇق بېلىقچى، قوڭۇر باش بېلىقچى، پايپاقلىق چىل، تىبەت پايپاقلىق چىلى، كۆك كۆشكەن، ياۋا كۆشكەن، ياۋروپا پاختىكى، تاغ پاختىكى، كۆلرەڭ پاختەك، كاككۇك، مۇشۇكياپىلاق، ھەيران، ھۆپۈپ، ئاق قانات تۆمۈر تۇمشۇق، ئۇزۇن تۇمشۇق تورغاي، قىسقا پۇتلۇق چۆل تورغىيى، كىچىك تۇمشۇق تورغاي، قۇملۇق تورغىيى، ئەنقا باش تورغاي، پۆپۈكلۈك تورغاي، سۇ قارلىغاچ، قىيا قارلىغىچى، ئۆي قارلىغىچى، سېرىق باش سۆندۈك، سۇر سۆندۈك، ئاق سۆندۈك، قىزىل قۇيرۇق غورلاي، سۆسۈن قانات قارا قۇشقاچ، قارا قۇيرۇق قاغا، ئاق قۇيرۇق قاغا، قوڭۇر قاغا، قىزىل تۇمشۇق قاغا، كىچىك تۇمشۇق قاغا، قۇزغۇن، قىزىل قۇيرۇق بۇلبۇل، قارا بويۇن چىكان قۇشى، چۆل چىكان قۇشى، قىزىل بويۇن دەرەز قۇشى، بوز تورغاي، چۆل بۇلبۇلى، قۇملۇق ئاق پوكان بۇلبۇلى، ئالا قۇرغۇي، رەھىمز قۇشى، ئۆي قۇشقىچى، قارا پىپەك قۇشقاچ، قارا قۇلاق قۇشقاچ، ئاق ئالا قۇشقاچ، بوز قۇشقاچ، ئاق بەل قۇشقاچ، قوڭۇر بويۇن قۇشقاچ، قوڭۇر دۈمبە قۇشقاچ، سېرىق تۇمشۇق قىزىل باش قۇشقاچ، ئېگىز تاغ قۇشقىچى، چوڭ تۇمشۇق جاڭگال قۇشقىچى، چۆل قۇشقىچى، قىزىل قۇشقاچ، ئۈچلۇق تۇمشۇق ئالا باش ئۆردەك، ئەنقا باش چۆمگەك ئۆردەك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇنىڭدىن باشقا سۇدىمۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ ياشايدىغان ھايۋاناتتىن چارپاقا، ئۆمىلىگۈچى ھايۋاناتتىن چىڭخەي كەسلەنچۈكى، قاغىلىق كەسلەنچۈكى، تاغ سالىمچۈقى، قۇملۇق بوغما يىلىنى قاتارلىقلار بار.

2) ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈملۈكلەر چاكاندا، لەيلىقازاق، قار لەيلىسى، قىياق، قومۇش، بوز ئوت، باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر، مۇخ، چىپار ئوت، غاز قانات ئوت، پۈرچاق ئائىلىسى، مورەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، تېرېسكەن، ياۋا ماش، قىچا، ئاق زوپار، پىلىك ئوت، قۇمغان، سېغىن چېچىكى، بىداياق، چىغىرتماق، غاز تاپان، ياۋا كۆرۈك، قوش باش ئوت، بەش چېچەكلىك قامراق، قامراق قاتارلىق 250 خىلدىن ئاشىدۇ.

## 2. ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر

(توققۇزىنچى قىسىم، 3 ـ باب: ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا قارالسۇن)

## 3. قېزىلما بايلىق

گېئولوگىيە تارماقلىرىنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈشىگە ئاساسەن، ناھىيە تەۋەسىدە تاشپاختا، قاشتېشى، سىڭگىرتاش، خىرۇستال، ئالتۇن، چىرىمتال، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، سىنىك، ۋولفىرام، خروم، بېرىللىي، لىتىي، تۇز، گلائۇبىرتۇزى، تەبىئىي ئىشقار، سېرپېنتىن، ئىسلاندىيە تېشى، ئانار تاش، كۆمۈر قاتارلىق 40 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق بارلىقى مەلۇم بولدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ تاشپاختا داڭلىق، سۈپەتلىك ھەم زاپىسى كۆپ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ كان بەلۋېغى ۋە تاشپاختا بازىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن جايلىشىش ئەھۋالى ۋە زاپىسى ئاساسەن ئېنىقلانغانلىرى تۆۋەندىكىچە: سۇبالىق تۆمۈر كېنى، زاپىسى تەخمىنەن 1 مىليون 720 مىڭ توننا، قىزىل تۆمۈر رۇدىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؛ كۆمۈرچاپ تۆمۈركېنى، زاپىسى تەخمىنەن 353 مىڭ توننا، تۆمۈر مىقدارى %44.57، بۇ كان پارچە ماگنىت، سۇلۇق يىڭنە تۆمۈر، سېرىق تۆمۈر رۇدىلىرىدىن تەركىب تاپقان؛ ئاتئاتقان تۆمۈر كېنى، زاپىسى تەخمىنەن

60 مىڭ تونىنا، تۆمۈر مىقدارى %45.2؛ ئۆڭكۈر بۇلاق تۆمۈر كېنى، زاپىسى تەخمىنەن 2 مىليون 760 مىڭ تونىنا، ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى، قىزىل تۆمۈر رۇدىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؛ سۇلۇق ساي ئاق چىرىمتال كېنى، زاپىسى 791 مىڭ 300 تونىنا؛ قۇمكۆل تۇز كېنى، زاپىسى 10 مىڭ 200 تونىنا؛ خۇاڭلىڭگۇ تۇز كېنى، زاپىسى 25 مىليون تونىنا؛ توغرىساي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى كېپەك ئالتۇن كېنى، زاپىسى ئېنىق ئەمەس؛ كىچىك چالىق مىس كېنى، زاپىسى 3906.1 تونىنا، $C_2$دەرىجىلىك مىس 2673.6 تونىنا؛ يېتىمبۇلاق تاشپاختا كېنى (1959 - يىلى كان قۇرۇلۇپ، ئىش باشلانغان)، زاپىسى تەخمىنەن 40 مىليون 230 مىڭ تونىنا؛ ئۆڭكۈرلۈك تاشپاختا كېنى، زاپىسى تەخمىنەن 240 مىڭ تونىنا؛ «1 - ئېيۇل» تاشپاختا كېنى، زاپىسى 706 مىڭ 170 تونىنا؛ غىش كۆمۈر كېنى، زاپىسى 7 مىليون 490 مىڭ تونىنا؛ شوركۆل ئىسسىز كۆمۈر كېنى، زاپىسى 18 مىڭ 100 تونىنا؛ ئۆزۈن شور رايونىدىكى گلائۇبىر تۇزىنىڭ D دەرىجىلىك زاپىسى تەخمىنەن 17 مىليون تونىنا، گلائۇبىر تۇزىنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى تەخمىنەن 116 مىليون تونىنا، تاش تۇزىنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 300 مىليون تونىنا.

## § 8 . تەبىئىي ئاپەتلەر

بوران، قۇرغاقچىلىق، قۇرۇق ئىسسىق شامال، ئۈششۈك، كەلكۈن، شور، يامغۇر، مۆلدۈر، كېسەللىك ۋە زىيانداش هاشارات ئاپىتى چاقىلىق رايونىدىكى ئاساسىي تەبىئىي ئاپەت هېسابلىنىدۇ.

### 1. بوران

بوران تۈزلەڭلىككە قارىغاندا تاغلىق رايونلاردا كۆپرەك چىقىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 3138.5 مېتىر ئېگىز بولغان ماڭيا تاغلىق رايونىدا ھەر 3 كۈندە بىر قېتىم بوران چىقىدۇ، تاغ تىزمىسى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بولغاچقا، غەربىي شىمال بورىنى كۆپ چىقىدۇ. تۈزلەڭلىكتىكى جايلاردا شەرقىي شىمال بورىنى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، شامال كۈچى شەرقتىن غەربكە قاراپ پەيدىنپەيي ئاجىزلاپ بارىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى شەرقتىكى ئىمرەندە 3.7 مېتىر/سېكۇنت، چاقىلىقتا 2.7 مېتىر/سېكۇنت، غەربتىكى ۋاششەرىدە بولسا، ئاران 2 مېتىر/سېكۇنت بولىدۇ، شامال ئېغىزلىرىدىن يېتىمبۇلاق، يىكەنبۇجىمال، لوپجاڭزا قاتارلىقلار بار، شامال ئېغىزلىرىدا شامال كۈچى ئادەتتە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكىگە قارىغاندا ئىككى 2 يۇقىرى بولىدۇ.

ئەتىيازدا بوران، ئاساسەن، شەرقتىن باشلىنىدۇ، شامال كۈچى زور، داۋام قىلىش ۋاقتى ئۇزۇن بولىدۇ، 8 بال بوران ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 48 سائەت داۋاملىشىدۇ؛ بوران بىلەن تەڭ قۇم، چاڭ - توزان يېغىش، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەش، هۆل - يېغىن بولۇشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. ئەتىيازدا بوران چىقىدىغان كۈن سانى يىللىق بوران چىقىدىغان كۈن سانى ئىچىدە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

ياز پەسلى شەرق شامىلى ۋە قىسپاش ئۆتكۈنچى غەرب شامىلى چىقىدىغان ئۆنۈۋېرسال پەسىل بولۇپ، شامالنىڭ كۈچى ۋە بۇزغۇنچىلىقى زور بولىدۇ. بوران چىقىدىغان كۈن سانى ئەتىيازدىكىدىن ئاز بولىدۇ. ئۆتكۈنچى بوران كۆپرەك چىقىدۇ، ۋاقتى قىسقا بولىدۇ، ئېيىغا

ئەڭ كۆپ بولغاندا 11 كۈن بوران چىقىدۇ. ياز پەسلى دەل زىرائەتلەر ئۆسۈۋېلىشقان ۋە ھوسۇل يىغىۋېلىنىدىغان مۇھىم پەسىل بولغاچقا، بوران دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە خېلى ئېغىر زىيان كەلتۈرىدۇ.

كۈز پەسلى بوران ئاساسەن شەرقتىن چىقىدۇ، تولا چاغلاردا بورانغا ئەگىشىپ سوغۇق ئېقىم كىرىدۇ، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەيدۇ، ئۈششۈك چۈشىدۇ. بورانلىق كۈن سانى 5 كۈن ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، يىللىق بوران چىقىش ۋاقتىنىڭ %14 نى ئىگىلەيدۇ.

قىش پەسلى بوران شەرقتىن چىقىدۇ، لېكىن ئانچە كۆپ چىقمايدۇ، ئېيىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.4 كۈن بوران چىقىدۇ، بۇ يىللىق بوران چىقىش ۋاقتىنىڭ %4 نى ئىگىلەيدۇ. بورانغا ئەگىشىپ تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەيدۇ، قار ياغىدۇ، ئاجىز چارۋىلار ئاسانلا توڭلاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

## 2. قۇرغاقچىلىق

چاقىلىقنىڭ تۈزلەڭ رايونلىرىدا قۇرغاقچىلىق تۈرپان ئويمانلىقىدىكىدىنلا كېيىن تۇرىدۇ. ئۇ دۇنيادىكى ئوخشاش كەڭلىكتىكى رايون بويىچە ئەڭ قۇرغاق رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاران 17.4 مىللىمېتىر، لېكىن پارغا ئايلىنىش مىقدارى تەخمىنەن 1400 مىللىمېتىر، قۇرغاقلىق دەرىجىسى تەخمىنەن 80 بولىدۇ. ھەر قايسى مەزگىللەردە دەريالارنىڭ سۇ مىقدارى بىلەن تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى تەڭپۇڭ بولمىغاچقا، پارغا ئايلىنىش مىقدارى سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارىدىن يۇقىرى بولۇش ئەھۋالى دائىم يۈز بېرىپ، تۇپراق قۇرغاقلىشىپ كېتىدۇ، قۇرغاقچىلىق كۆپىنچە 5 -، 6 - ئايلاردا يۈز بېرىدۇ، قۇرغاقچىلىق يېنىكرەك بولغاندا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سولىشىپ كېتىدۇ، ئېغىر بولغاندا غول - يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ، ھەتتا قۇرۇپ كېتىدۇ. چاقىلىقتا ھەر يىلى قۇرغاقچىلىق بولىدۇ، لېكىن ئاپەتنىڭ دەرىجىسى ۋە دائىرىسى ئوخشاش بولمايدۇ.

## 3. ئىسسىق قۇرۇق شامال

چاقىلىق ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇق ئىسسىق شامال بىر قەدەر كۆپ چىقىدىغان رايون، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 24.2 كۈن قۇرۇق ئىسسىق شامال چىقىدۇ، ناھىيە تەۋەسىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك قۇرۇق ئىسسىق شامال چىقىدۇ، بولۇپمۇ چۆل - قۇملۇقلارغا يېقىن تاقىر رايونلاردا تېخىمۇ كۆپ چىقىدۇ. شۇ جايدىكى ئامما ئۇنى «ئىسسىق شامال» دەپ ئاتايدۇ. «ئىسسىق شامال»، كۆپىنچە، يازنىڭ تومۇز ئىسسىق مەزگىلىدە چىقىدۇ، بۇ شامال مۇئەييەن سۈرئەتكە ئىگە بولۇپ، بۇغداي، كېۋەز، كۆممىقوناق ۋە قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ، بولۇپمۇ بۇغداينىڭ دان توتۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، مەھسۇلاتنىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ، ئامما ئىسسىق شامال ئاپتىگە ئۇچرىغان بۇغدايلار توغرىسىدا «500 جىڭ ھوسۇل چىقىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ھوسۇلى 300 جىڭغا يەتمەيدۇ، بۇغداي ئوخشىسىمۇ ئىسسىق شامالدا ھوسۇلى كەملەپ كېتىدۇ» دېيىشىدۇ.

## 4. ئۈششۈك

چاقىلىقتىكى تۈزلەڭلىكلەردە ئاخىرقى قىرو بەك كېچىكىپ چۈشىدۇ، 4 - ئاينىڭ باشلىرىدىن 5 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە يۈز بېرىدۇ، قىرو ئۈششۈكى ئاساسەن چىلگە قوناق ۋە

قوغۇن، تاۋۇز، كۆكتاتلارغا، مېۋىلىك دەرەخلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ. ھاۋا ئىللىق مەۋسۇملەردە بەزىدە سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ كىرىشىگە ئەگىشىپمۇ ئۈششۈك پەيدا بولىدۇ ۋە خېلى كەڭ دائىرىلىك زىيان كەلتۈرىدۇ. دەسلەپكى قىرو 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە يۈز بېرىدۇ. بەك بالدۇر چۈشكەن دەسلەپكى قىرو كۈزلۈك ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ پىشىشىغا، كېۋەز غوزىلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا ۋە كۆكتاتلارنى يىغىۋېلىشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ. چاقىلىقنىڭ ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق رايونىدا قىروسىز مەزگىل 194 كۈنگە يېتىدۇ. قىرو ئۈششۈكنىڭ زىيىنى بىر قەدەر يېنىك بولىدۇ؛ ۋاششەرى، مىرەن دېھقانچىلىق رايونلىرىدا قىروسىز مەزگىل تەخمىنەن 185 كۈن بولۇپ، ئۈششۈكنىڭ زىيىنى بىر قەدەر ئېغىر بولىدۇ.

## 5. كەلكۈن

كەلكۈن كۆپىنچە 5 - ئايدا باشلىنىپ، 8 - ئايدا توختايدۇ. 6 -، 7 - ئايلاردا يامغۇر كۆپرەك ياغىدۇ، تېمپېراتۇرىمۇ يۇقىرى بولىدۇ، بۇ مەزگىل بىر يىلدا كەلكۈن كۆپرەك كېلىدىغان مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە، تۈزلەڭ رايونلاردا ھۆل - يېغىن كۆپرەك بولسىلا، كەلكۈن كېلىپ، دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۈيى تېز كۆپىيىپ، ئېرىق ئۆستەڭلەر تېشىپ كېتىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرى كەلكۈن مەنبەسىگە يېقىن، ئېگىزلىك پەرقى چوڭ بولغاچقا، تاغدىن قىيان كەلگەن ھامان سۇ ئۇلغىيىپ، ئېغىر زىيان پەيدا قىلىدۇ، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى، يول ۋە ئېتىزلارنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. 1979 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە، چاقىلىقتا ھۆل - يېغىن مىقدارى 19.4 مىللىمېتىر/سېكۇنتقا يېتىپ، تاغدىن قىيان كەلدى، چاقىلىق دەرياسىنىڭ سۈيى 2 كۇب مېتىر/سېكۇنتتىن بىردىنلا 250 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يېتىپ، تىكەنلىك سۇ ئامبىرىنى، 100 مودىن ئارتۇق كېۋەز ۋە بۇغدايىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، چاقىلىق - چەرچەن تاشيولىنىڭ 3 يېرىنى بۇزۇۋەتتى. 1981 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 -، 5- كۈنلىرى بىر قېتىملىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 73.5 مىللىمېتىرغا يېتىپ، كەلكۈن 158 ئېغىز ئۆيىنى ئۆرۈۋەتتى، 2786 مېتىر ئۆستەڭنى، 7700 مېتىر تاشيولنى بۇزۇۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن چاقىلىقتىن باشقا جايلارغا بارىدىغان تاشيول قاتنىشى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى.

## 6. شور ۋە يامغۇر ئاپىتى

تۇپراقتا تۇز مىقدارى كۆپ بولغاچقا، ھەمىشە سۇغىرىش مۇۋاپىق بولماسلىق ياكى ھۆل- يېغىن تۇپەيلىدىن، تۇپراقتىكى تۇز تەركىبى ئۈستىگە ئۆرلەپ قېتىۋالىدۇ.دە، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. تىكەنلىك، ئۇتام ۋە ۋاششەرى يېزىلىرىنىڭ چەت جايلىرىدا ۋە يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى ئېگىز جايلاردا شۇنىڭدەك يېپىشقاق تۇپراقلىق رايونلاردا شورنىڭ زىيىنى ئېغىرراق بولىدۇ.

يامغۇرنىڭ زىيىنى ئاساسەن شورلۇق يەرلەردە يۈز بېرىدۇ، يامغۇرنىڭ زىيىنى تۇز مىقدارى كۆپرەك جايلاردا ئېغىر، تۇز مىقدارى ئازراق جايلاردا يېنىكرەك بولىدۇ. يامغۇرنىڭ زىيىنى، كۆپىنچە، ئەتىيازدا يۈز بېرىدۇ، 0.1 — 0.3 مىللىمېتىرلىق ھۆل - يېغىن بولسىلا، زىيان كېلىپ چىقىدۇ.

## 7. مۆلدۈر

مۆلدۈر ياغىدىغان كۈنلەر تاغلىق رايوندا تۈزلەڭلىكتىكىدىن كۆپ بولىدۇ. ماڭيادا يىلىغا

ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17 كۈن، ئەڭ ئاز بولغاندا 7 كۈن مۆلدۈر ياغىدۇ، ئۇ مۆلدۈر كۆپ ياغىدىغان رايون. تۇزلەڭ رايونلار مۆلدۈر ئاز ياغىدىغان رايون قاتارىغا كىرىدۇ. مۆلدۈرنىڭ يېغىش دائىرىسى كىچىك، ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن بۇزغۇنچىلىقى زور بولىدۇ. 1979- يىل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تىكەنلىك يېزىسىنىڭ «غالىبىيەت» 3 - ئەترىتىدە ۋە 1982 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋاشىرى يېزىسىنىڭ «ئالغا» 2 - ئەترىتىدە، «يالغۇن» ئەترىتىدە مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ، كۆممىقوناق، كېۋەز ۋە قوغۇن - تاۋۇز خېلى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

## 8. كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار

دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلاردىن، ئاساسەن، بۇغداي كۆك پىتى، قوناق ھال كېسىلى، يوپۇرماق قورۇلۇش كېسىلى، قارا تۇزان كېسىلى، يەر يولۋىسى، زىيانداش كانا، غوزا قۇرۇتى قاتارلىقلار بار. ئاق قوناققا كۆك پىت زىيان سالىدۇ. شالغا شال پىتى، شال چىۋىن قۇرۇتى زىيان سالىدۇ، كېۋەز، قوغۇن - تاۋۇز ۋە كۆكتاتقا يەر يولۋىسى زىيان سالىدۇ، شاپتۇل مېۋىلىرىگە قىلتىرىقلىق شۇمۇكچى شاپتۇل كېپىنىكى قاتارلىقلار خېلى ئېغىر زىيان سالىدۇ. 1979 - يىلى بۇغدايغا كۆك پىت چۈشۈپ، 546 مو بۇغداي ۋەيران بولۇپ، بىر تالمۇ ھوسۇل چىقمىدى، بۇ ئومۇمىي بۇغداي كۆلىمىنىڭ 7.2%نى ئىگىلەيدۇ. 1980- يىلى قوناق ھال كېسىلى، يوپۇرماق قورۇلۇش كېسىلى، قارا تۇزان كېسىلى قاتارلىق كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش تۈپەيلىدىن، 810 مو كۆممىقوناقتىن ھوسۇل چىقمىدى، بۇ، ئومۇمىي كومىقوناق كۆلىمىنىڭ 11%نى ئىگىلەيدۇ. كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنى تۈپەيلىدىن، ئاشلىق مەھسۇلاتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن 15% كېمىيىپ كېتىدۇ. شاپتۇلنىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى ئادەتتە 90%تىن يۇقىرى بولىدۇ، مېۋە - چېۋىنىڭ تەخمىنەن 50%ى زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئورماندىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلاردىن، ئاساسەن، تېرەك زىدە كېسىلى، چىرىش كېسىلى، سۆگەت قارامەڭ كېسىلى قاتارلىقلار بار؛ زىيانداش ھاشاراتلاردىن ئاق تېرەك يوپۇرماق قېتى كېپىنىكى، ئاق تېرەك كېپىنىكى، تېرەك يوپۇرماق پىتى، قالقانلىق قاسراقلىق تېرەك قۇرۇتى قاتارلىقلار بار. جىگدىگە زىيان سالىدىغان زىيانداش ھاشاراتلاردىن جىگدە بۆرگوسى، يوپۇرماق يۆگىمگۈچى بوز كېپىنەك قاتارلىقلار بار، قارا ياغاچقا زىيان سالىدىغان زىيانداش ھاشاراتلاردىن قارا ياغاچ تۆگۈر قۇرۇتى بار. يەر ئاستى زىيانداش ھاشاراتلىرىدىن مۇزايىبېشى، ماي قوڭغۇز قاتارلىقلار بار. دەل - دەرەخلەردىن تېرەك بىلەن جىگدە خېلى زور زىيانغا ئۇچرايدۇ.

### چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 1977 - يىلدىن 1987 - يىلغىچە بولغان ھاۋارايى ئاپىتى ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 3

| ۋاقتى | نامى | ئاپەت ئەھۋالى | زىيان دەرىجىسى |
|---|---|---|---|
| 1977 - يىل 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى | سوغۇق ئې- قىم، بوران | تۆۋەن تېمپېراتۇرا 3.8℃ قا چۈشۈپ، 9 سائەت بوران چىقتى، شامال كۈچى 9 بالدىن ئاشتى | ئېرىگەن ئېتىزلار قايتىدىن توڭلىدى، توڭ 2 مىللىمېتىرغا يېتىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ 10 نەچچە كۈن ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىپ، بازغى بۇغداينىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتتى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1978 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى | بوران، جۇدۇن | 43 سائەت بوران چىقتى، بوران سۈرئىتى 26 مېتىر/سېكۇنتقا يەتتى (10 بال) تېمپېراتۇرا كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 13.2 ℃ تۆۋەنلىدى | بۇغداي غولىلىرى ۋە يوپۇرماقلىرىنىڭ 30% — 40% كۆك پېتى قۇرۇپ كەتتى، 3 - 5 سانتىمېتىر بولۇپ قالغان بۇغداي غوللىرى پۈتۈنلەي سۇنۇپ كەتتى، يازغى بۇغداي يوپۇرماقلىرى ئۇچىنىڭ 1. 2 سانتىمېتىر قىسمى قۇرۇپ كەتتى، بىر قىسىم شاپتۇل چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ كېتىپ مېۋىلىشىگە تەسىر يەتتى |
| 1978 - يىل 6 - ئاينىڭ 4 -، 5 - كۈنلىرى، 9 - كۈنى، 15 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە، 19 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە | قۇرۇق ئىسسىق شامال | 4 -، 5 - كۈنلىرى خېلى قاتتىق قۇرۇق ئىسسىق شامال چىقتى، 9 - كۈنى 10 بال بوران چىقتى، 15 — 17 - كۈنلىرى يەنە ئوتتۇراھال بىرقەدەر كۈچلۈك ئىسسىق شامال چىقتى، 19 — 21. كۈنلىرى يەنە ئوتتۇراھال بىرقەدەر كۈچلۈك ئىسسىق شامال چىقتى | كەڭ كۆلەمدىكى كۈزگى بۇغداي بالدۇر پىشىپ كېتىپ، مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتتى، قوناقنىڭ 5% — 10%ى پېتىپ كەتتى، قوغۇن - تاۋۇز ۋە كۆكتات يوپۇرماقلىرى نابۇت بولدى |
| 1978 - يىل 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە | بوران | ئۇدا 3 كۈن 8 بال بوران چىقتى، ئەڭ زور شامال سۈرئىتى 20 مېتىر/سېكۇنتقا يەتتى | كەڭ كۆلەمدىكى پىشىپ قالغان بۇغداينىڭ دېنى تۆكۈلۈپ كەتتى |
| 1978 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە | بوران | ئۇدا 3 كۈن بوران چىقتى، ئەڭ زور شامال سۈرئىتى 28 مېتىر/سېكۇنتقا يەتتى | كۆممىقوناقلارنى ياتقۇزۇۋەتتى، يوپۇرماقلىرىنى تىتىۋەتتى، خاماندىكى بۇغدايلارنىمۇ ئۇچۇرۇپ كەتتى |
| 1979 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى | بوران | ئەڭ زور شامال كۈچى 8 بال بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە 10 بالغا يەتتى، بوران 13 سائەت داۋاملاشتى | 5% يازغى بۇغداي مايسىلىرى يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۇچى قۇرۇپ كەتتى، بوراندىن كېيىن ئەسلىگە كەلدى |
| 1979 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى | سوغۇق ئېقىم | ھاۋارايى خاتىرلەنگەندىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان كۈچلۈك سوغۇق ئېقىم كىردى | يازغى بۇغداي خېلى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، بىر قىسىم ئۆرۈك دەرەخلىرى توڭلاپ قۇرۇپ كەتتى |
| 1979 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 -، كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە | كەلكۈن | ئۇدا يامغۇر يېغىپ، مىقدارى 19.4 مىللىمېتىرغا يەتتى، ھۆل-يېغىن ۋاقتى 21 سائەتكە يېتىپ، تاغدىن تۇيۇقسىز قىيان كەلدى | چاقىلىق دەرياسىنىڭ سۈيى 2 كۇب مېتىر/سېكۇنتتىن بىراقلا 250 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يېتىپ، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى، سۇ ئامبىرى، ئۆستەڭ ۋە تاشيوللارنى ۋەيران قىلىۋەتتى |
| 1979 - يىل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى | مۆلدۈر، قارا يامغۇر | تىكەنلىك يېزىسىنىڭ 4 - ئەترىتىدە، 10 مىنۇتقىچە دىئامېتىرى 2 سانتىمېتىر كېلىدىغان مۆلدۈر ياغدى | گۈگىشى ئەزالىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى، خاماندىكى بۇغدايلار ئېسىلىپ كەتتى، 70% جاغدا قوناق زىيانغا ئۇچرىدى، 70 مو يەردىكى چىلگە قوناق زەخمە يېدى |
| 1979 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى | بوران | قۇم ۋە سىم - سىم يامغۇر ئارىلاش چىققان 10 بال بوران 19 سائەت داۋاملاشتى | كۆممىقوناققا خېلى زور تەسىر يەتكۈزدى، يوپۇرماقلىرىنى تىتىۋەتتى، ھەتتا شاخلىرىنىمۇ سۇندۇرۇۋەتتى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1980 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى | بوران، سوغۇق ئېقىم | ئاۋۋال بوران چىقتى، ئەڭ زور شامال سۈرئىتى 21 مېتىر / سېكۇنت بولۇپ، بوران 18 سائەت داۋاملاشتى، بوراندىن كېيىن يامغۇر يېغىپ، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىدى، 2 كۈندە تېمپېراتۇرا 12.1℃ تۆۋەنلەپ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 0.8℃ـقا چۈشتى | بوران ناھىيە بويىچە 630 مو يەردىكى يازغى بۇغداي ۋە 235 مو يەردىكى كۈزكى بۇغداينىڭ يوپۇرمىقىنى قورۇتىۋەتتى، 7450 مېتىر ئۆستەڭنى قۇم بىلەن تىندۇرىۋەتتى، ناھىيىلىك ئېلېكتىر ئىستانسىسى بىر كۈن توك توختىتىشقا مەجبۇر بولدى |
| 1981 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | بوران | بوران سۈرئىتى 28 مېتىر / سېكۇنتقا يەتتى، بوران 23 سائەت داۋاملاشتى | 75% كۆممىقوناق مايسىسى زەخمە يېدى، يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۇچى قورۇپ كەتتى، ۋاشەرى، ئۈتام يېزىلىرىدا چوڭ - چوڭ دەرەخلەر سۇنۇپ، قاتناشنى توسۇۋالدى |
| 1981 - يىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى | بوران | 9 بال بوران چىقتى، بوران سۈرئىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە 29 مېتىر/سېكۇنت (11 بال) قا يەتتى، بوران 12 سائەت داۋاملاشتى، بوران توختىغاندىن كېيىنكى 24 سائەتتە تېمپېراتۇرا 7.9℃ تۆۋەنلىدى | دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە خېلى ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، ناھىيە بويىچە 1082 مو بۇغداي، 1125 مو كۆممىقوناق، 336 مو كېۋەز ۋە 186 مو ياغلىق دان زىيانغا ئۇچرىدى |
| 1981 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى | قارا يامغۇر، كەلكۈن | ئۇدا 15 سائەت يامغۇر يېغىپ، ھۆل - يېغىن مىقدارى 73.5 مىللىمېتىرغا يەتتى، مۇنداق ئەھۋال تارىختا ئاز كۆرۈلگەن | ناھىيە بويىچە 158 ئېغىز ئۆي، 12 گەمە ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 19 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 2786 مېتىر ئۆستەڭ ۋەيران بولدى، سۇ ئامبىرىنىڭ 200 مېتىر يېرى يار كەتتى، 49 تۈپ دەرەخ ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 108 توننا سېمونت، 88.7 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 100 نەچچە سىڭ جىڭ ئاشلىق سۇدا قالدى، ئومۇمىي زىيان 1 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 7700 مېتىر تاشيول بۇزۇلۇپ كەتتى، شىنجاڭ - چەكلەي تاشيولى، كورلا - چاقىلىق تاشيولى، چاقىلىق - چەرچەن تاشيولى قاتنىشى 7 كۈن توختاپ قالدى، كەلكۈن ئېقىم مىقدارى 300 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يەتتى |
| 1982 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى | بوران، سوغۇق ئېقىم | 9 بال بوران چىقىپ، 19 سائەت داۋاملاشتى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ 2.2 مىللىمېتىر يامغۇر ياغدى، يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 2.1℃ـقا چۈشۈپ قالدى | ناھىيە بويىچە 273 مو كېۋەز، 1625 مو كۆممىقوناق، 403 مو قوغۇن - تاۋۇز ۋە كۆكتات زىيانغا ئۇچرىدى |
| 1984 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە | بوران | 19 ۋە 25 - كۈنلىرى بوران چىقتى، بوران كۈچى زور، ئارىلىقى قىسقا بولدى | 2500 مو يازغى بۇغداينىڭ يوپۇرماقلىرى زەخمە يېدى، 207 مو كېۋەزلىكنىڭ سۇلياۋ يوپۇقى ئېچىلىپ كەتتى، 510 مو قوغۇن-تاۋۇز ۋە كۆكتاتنىڭ يوپۇرماقلىرى زەخمە يېدى ياكى مايسىلىرى پۈتۈنلەي نابۇت بولدى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1986 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە | بوران | ئوتتۇرىچە شامال كۈچى 8 بالغا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى شامال كۈچى 11 بالغا يەتتى، 24 سائەت ئىچىدە تېمپېراتۇرا 10.9℃ تۆۋەنلىدى، 27 - كۈنى 1.3℃ قا چۈشۈپ قالدى | ئەمدىلا ئۈنۈپ چىققان قوغۇن، جياڭدۇ مايسىلىرى ئۆلۈپ كەتتى، كېۋەز ئاز - تولا زىيانغا ئۇچرىدى، بوران زىيىنى ئېغىرراق بولغان قوغۇن - تاۋۇز مايسىلىرىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى %50 كە يەتتى |
| 1986 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى | بوران، مۆلدۈر | 19 - كۈنى بوران چىقتى، بوراندىن كېيىن سىم - سىم يامغۇر ياغدى، 25 - كۈنى جەنۇبىي تاغلىق رايوندا خېلى قاتتىق قار ياغدى، 25 - كۈنى ۋاشىشەرىدە مۆلدۈر ياغدى | 219 مو كېۋەز ئاپەتكە ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغىنى 70 مو؛ 443 مو قوغۇن - تاۋۇز ۋە كۆكتات ئاپەتكە ئۇچرىدى، بۇنىڭ 160 موسى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى؛ 712 مو مېۋىلىك باغ ئاپەتكە ئۇچرىدى، بۇنىڭ 50 موسى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى (مېۋە چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ كەتتى)؛ 50 مو يەردىكى بۇغداي ئاپەتكە ئۇچرىدى (يوپۇرماق غوللىرى قۇرۇپ كەتتى)؛ جەنۇبىي تاغلىق رايوندا قار ياغقاچقا، چارۋىلار ئوت - چۆپتىن قىينالدى |
| 1987 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى | قاتتىق قار | ئاز كۆرۈلىدىغان قاتتىق قار يېغىپ، ھۆل - يېغىن مىقدارى 7.6 مىللىمېتىرغا يەتتى، تېمپېراتۇرا بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتتى | قار ئېرىگەندىن كېيىن بۇغدايلىقتا قېلىن شور ئۆرلەپ، يازغى بۇغداينىڭ ئۈنۈپ چىقىشى بىر ھەپتە كېچىكتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مايسا شالاڭ ۋە ئاجىز ئۈنۈپ، مەھسۇلات زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى |

## چاقىلىق رايونىدا 1917 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە يۈز بەرگەن ئوتتۇراھال ۋە كىچىك يەر تەۋرەشلەرنىڭ خاتىرىسى

جەدۋەل: 1 — 4

| يەر تەۋرىگەن ۋاقىت | | تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى | | تەۋرەش دەرىجىسى (MS) | تەۋرەش مەركىزىنىڭ چوڭقۇرلۇقى (H) | پايدىلىنىدىغان يەر ناملىرى | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل، ئاي، كۈن | سائەت، مىنۇت، سېكۇنت | شىمالىي پاراللېل | شەرقىي مېرىدىئان | | | | |
| 1917.10.17 | 09.24.50 | 40°5′ | 90°5′ | 5 | | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قىزىل تاغ | |
| 1922.10.17 | 32.01.00 | 39°5′ | 91°0′ | 6 | | چاقىلىق ناھىيىسىدىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبى | |
| 1923.11.21 | 00.34.21 | 37°5′ | 90°0′ | 5 | | چاقىلىق ناھىيىسىدىكى چولاق قۇمكۆل | |
| 18.6.1924 | 36.26.00 | 37°5′ | 90°0′ | 5 | | چاقىلىق ناھىيىسىدىكى چولاق قۇمكۆل | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 12 .7 .1924 | 44.44.03 | 37°1′ | 83°6′ | | | نىيە ناھىيىسىنىڭ شەرقى قىسمى | چاقىلىق ناھىيە بازىرىدا ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى جالاقشىپ كەتكەن، جەنۇبىتىكى تاغدا تاشلار دومىلاپ چۈشكەن، يەرلەر يېرىلغان، بەزى بۇلاقلارنىڭ كۆزلىرى ئېتىلىپ قالغان |
| 18 .6 .1926 | 30.13.02 | 39°5′ | 91°5′ | 5 | | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقى قىسمى | |
| 26 .9 .1933 | 27.51.02 | 38°16′ | 86°51′9″ | | | ۋاشىشەرىنىڭ غەربى قىسمى | ۋاشىشەرىدە يەر يېرىلغان، شىمال تەرەپتىكى تاغدىن تاشلار دومىلاپ چۈشكەن، چاقىلىق ناھىيە بازىرىدا ئادەملەر دەلدەڭشىپ تۇرالماي قالغان، ئىشىك ۋە ئىشىك دەملىرى جالاقلاپ كەتكەن، تۆمۈرلۈكتە بۇلاقلاردىن سۇ ئېتىلىپ چىققان |
| 2 .6 .1947 | 49.15.06 | 39°0′ | 90°0′ | | | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى باش قورغان | |
| 23 .8 .1957 | 19.27.02 | 37°7′ | 87°2′ | 5 | | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇمقۇدۇق | |
| 23 .8 .1957 | 19.27.02 | 37°7′ | 87°2′ | 5 | | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ۋاشىشەرى دەرياسى بېشىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ چەرچەن بىلەن تۇتىشىدىغان جايى | |
| 17 .11 .1960 | 53.59.06 | 38°5′ | 89°4′ | 5 .4 | 27 | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئالتۇنتاغدا | |
| 2 .12 .1962 | 55.38.22 | 40°0′ | 93°5′ | 4 .8 | | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقى بىلەن گەنسۇ تۇتىشىدىن جاي | |
| 12 .8 .1963 | 37.7.01.11 | 38°1′ | 88°7′ | 5 .1 | 33 | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئالتۇنتاغدا | |
| 14 .10 .1966 | 42.04.09 | 36°5′ | 87°4′ | 5 .8 | 14 | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مۇزتاغنىڭ يېنىدا | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 15.1.1973 | 44.55.20 | 40°4′ | 91°1′ | 5.1 | 13 | لوپنۇر كۆلىنىڭ يېنىدا | |
| 23.1.1973 | 48.31.19 | 40°3′ | 91°1′ | 4.7 | 31 | لوپنۇر كۆلىنىڭ يېنىدا | |
| 20.10.1977 | 20.29.01 | 39°1′ | 91°2′ | 5.1 | 12 | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى شىنجاڭ بىلەن چىڭخەي چېگرىلىنىدىغان جاي | |
| 11.12.1977 | 40.24.11 | 39°0′ | 91°2′ | 4.9 | 29 | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى ئالتۇنتاغدا | |
| 2.2.1979 | 40.08.09 | 39°8′ | 90°7′ | 4.7 | 25 | لوپنۇر كۆلىنىڭ يېنىدا | |
| 2.12.1979 | 10.37.09 | 38°5′ | 90°3′ | 5.6 | 24 | چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئالتۇنتاغدا | |
| 6.2.1980 | 09.32.13 | 39°2′ | 89°5′ | 5 | 10 | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى خوڭلىيۇگونىڭ يېنىدا | |

# باب III

# لوپنۇر كۆلى

ناھىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى لوپنۇر كۆلى مەملىكىتىمىز بويىچە 2 - چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 780 مېتىر ئېگىز، كۆلىمى تەخمىنەن 2400 — 3000 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قەدىمكى «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر.

قەدىمكى لوپنۇر كۆلى 3 - ئېرانىڭ ئاخىرى، 4 - ئېرانىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان بولۇپ، ھازىرغىچە 2 مىليون يىلدىن ئاشتى، كەڭ كەتكەن كۆل فاتسىيىسىدىكى چۆكۈندە رايون ۋە شورلۇقلار ئەينى زاماندا ئۇنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ، كۆلىمى 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشاتتى، يېڭى تۈزۈلمە ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، كۆل ئويمانلىقى جەنۇبتىن شىمالغا قىڭغىيىپ ۋە كۆتۈرۈلۈپ، بىر نەچچە ئويمانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ھازىرقى لوپنۇر كۆلى شىمال تەرەپتىكى ئەڭ پەس ئەڭ چوڭ ئويمانلىققا جايلاشقان بولۇپ، ئەسلىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ سۇ يىغىلىدىغان مەركىزى ئىدى. قەدىمكى زاماندا تەڭرىتاغ، كۇئېنلۇن، ئالتۇنتاغلاردىن باشلىنىدىغان دەريالارنىڭ سۈيىنىڭ لوپ ئويمانلىقىغا توختىماي قۇيۇلۇپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە كۆل ھاسىل بولغان، تارىختا لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەڭ چوڭ كۆلىمى 5350 كۋادرات كىلومېتىر ئىدى. مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) چېن زۇڭچى قاتارلىق كىشىلەر ئۆلچىگەندە، كۆلىمى

1900 كۋادرات كىلومېتىر چىققان. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان 1:500000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىدە لوپنۇر كۆلىنىڭ كۆلىمى 3006 كۋادرات كىلومېتىر ھېسابلانغان. 1958 - يىلى دۆلىتىمىزنىڭ ئۆلكىلەر خەرىتىسىدە كۆلىمى 2570 كۋادرات كىلومېتىر دەپ كۆرسىتىلگەن. 1962 - يىلى ئايروپىلان ئارقىلىق ئۆلچەپ سىزىلغان 1:200000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىدە كۆلىمى 660 كۋادرات كىلومېتىر دېيىلگەن. 1972 - يىلى كۆلنىڭ ئاخىرقى قۇرۇپ كەتكەن قىسمىنىڭ كۆلىمى 450 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن.

لوپنۇر كۆلىگە، ئاسسەن، تارىم، كۆنچى، چەرچەن، مىرەن دەريالىرىنىڭ سۈيى قۇيۇلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ سۈيىنى چىلىيەنشەن تېغىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىگەن سۈيىمۇ تولۇقلاپ تۇراتتى، مۇز سۈيى شەرقتىكى سولى دەرياسى ئارقىلىق كۆلگە قۇيۇلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىدىكى پەسىللىك دەريالارنىڭ سۇلىرىمۇ قۇيۇلاتتى. بۇ دەريالار لوپنۇر كۆلى ئويمانلىقىغا ئېقىپ كىرىش جەريانىدا بىر مۇنچە كۆللەرنى ھاسىل قىلغانىدى، بۇ كۆللەر بەئەينى يۇلتۇزلار ئاينى ئوراپ تۇرغاندەك، لوپنۇر كۆلىنى ئوراپ تۇراتتى، بۇنىڭ ئىچىدە لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى قارا قوشۇن كۆلى بىلەن تېتىما كۆلى ئەڭ چوڭ كۆللەر ھېسابلىنىدۇ.

تېتىما، قارا قوشۇن كۆللىرى بىلەن لوپنۇر كۆلى دەريا - ئېقىنلار بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. تارىم دەرياسى بىلەن چەرچەن دەرياسىنىڭ سۈيى تېتىما كۆلىگە كىرگەندىن كېيىن، تارىم دەرياسىنىڭ ئايىغىدىكى تارقاق دەريا قىنى ئارقىلىق شەرققە ئېقىپ، قارا قوشۇن كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. قارا قوشۇن كۆلى بىلەن لوپنۇر كۆلى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر دەريا بار، ئۇنىڭ چىقىش ئېغىزىنىڭ كەڭلىكى 800 مېتىر، قىنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىر كېلىدۇ، دەريا لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلغاندا يېيىلىپ ئاقىدۇ، دەريا قىنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 30 — 50 سانتىمېتىر، ئىككى كۆلنىڭ ئېگىزلىك پەرقى 10 مېتىر كېلىدۇ.

لوپنۇر كۆلى ئىلگىرى ھەرخىلناملار بىلەن ئاتالغان، ئىلگىرىكى چىن سۇلالىسىدىن بۇيان، بۇ ناملارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ قويۇلغان، مەسىلەن، خەنزۇچە «泑泽» (يوزې)، «盐泽» (يەنزې)، «涸海» (خې خەي) قاتارلىقلار، بەزىلىرى ئۇنىڭ ئورنىغا قاراپ قويۇلغان، مەسىلەن «蒲昌海» (پۇچاڭخەي)، «牢兰海» (لاۋلەنخەي)، «孔雀海» (كۇنچۆخەي) قاتارلىقلار؛ بۇنىڭدىن باشقا، يەنە «辅日海» (پۇرىخەي)، «临海» (لىنخەي)، «纳缚波» (نافوبو) دەپمۇ ئاتالغان. يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىن، «لوپنۇر» دەپ ئاتالغان، «لوپ» يەر نامى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سۇ يىغىلىدىغان جاي دېگەن مەنىنى بېرىدۇ؛ «نۇر» موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، كۆل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ ئىككى سۆز قوشۇلۇپ، سۇ يىغىلىدىغان كۆل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

لوپنۇر كۆلى رايونى قەدىمدىن تارتىپ كۆچمە قۇم، ياردائىڭلىق ۋە شورنىڭ مۇھاسىرىسىدە تۇرغاچقا، يولى خەتەرلىك، ئادەمزات ئاز ئاياغ باسقان ناھايىتى سىرلىق جاي ئىدى. ئېلىمىزنىڭ ئەمىنيە — يىغىلىق دەۋرىدىكى «تاغ - ئېيزىملار قۇرئى» دېگەن كىتابتا لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنى ۋە سۇ مەنبەيى تۇنجى قېتىم مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «بۇجۇ تېغىدا تۇرۇپ شىمالغا قارىسا، جۇپى تېغى كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭ يېنىدا يۈچۇڭ تېغى بار، شەرققە قارىسا، يوزې كۆلى كۆرۈنىدۇ، شۇ يەردە دەريا سۈيى يەر تېگىگە كىرىپ كېتىدۇ». بۇ، لوپنۇر كۆلى (يوزې)نىڭ پامىر (بۇجۇ تېغى)نىڭ شەرقىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «قايدۇ دەرياسىنىڭ سۈيى غەربكە ئېقىپ


يۇزى (لوپنۇر) كۆلىگە قۇيۇلىدۇ، رەتسىز دەريالار غەربىي جەنۇبتىن لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ». بۇنىڭ ئالدىنقىسى ھازىرقى قارا شەھەر دەرياسى، كۆنچى دەرياسى سۇ سىستېمىسىنى، كېيىنكىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىن باشلىنىدىغان دەريالارنى كۆرسىتىدۇ، «رەتسىز» دېيىلگىنى ئەينى ۋاقىتتا دەريالارنىڭ گىرەلىشىپ، ئۆمۈچۈك تورىدەك بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە لوپنۇر كۆلىنىڭ «كەڭلىكى 300 چاقىرىم بولۇپ، سۈيى قىش-ياز ئازىيىپمۇ، كۆپىيىپمۇ كەتمەيتتى» كىشىلەر كۆل سۈيىنىڭ جىقلىقىغا قاراپ، ئۇنى «يەر ئاستى ئارقىلىق ئېقىپ، جەنۇبتىكى جىشى دېگەن يەردە يەر يۈزىگە چىقىپ، جۇڭگو دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ» دەپ پەرەز قىلىشقان. لوپنۇر كۆلىنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسى، دەپ قاراشتەك مۇنداق خاتا كۆز قاراش چىن سۇلالىسىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 2000 يىلدىن كۆپرەك داۋاملىشىپ كەلگەن. مىلادى IV - ئەسىرگە كەلگەندە، «سۈيى كۆپەيگەندە كەلكۈن پەيدا بولىدىغان» لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىدىكى كىروران سۇ ئىشلىتىشكە قانۇن ئارقىلىق چەك قويىدىغان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، لوپنۇر كۆلى سۈيى ئۆرلىگەندە شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى ئاران 80 — 90 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 2 — 3 چاقىرىم ياكى 1 — 2 چاقىرىم كېلىدىغان كىچىككىنە بىر كۆل بولۇپ قالغان. 1921 - يىلى تارىم دەرياسى ئۆز ئېقىنىنى ئۆزگەرتىپ شەرققە ئېقىپ، لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان بولغان، 50 - يىللارغا كەلگەندە كۆلنىڭ كۆلىمى يەنە كېڭىيىپ 2000 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشقان. ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، 1972 - يىلغا كەلگەندە لوپنۇر كۆلى ئاخىر قۇرۇپ كەتتى. يېقىنقى 40 يىلدا بۇ كۆلگە قۇيۇلىدىغان دەريالارنىڭ بويلىرىدا كۆپلەپ بوز يەر ئېچىلىپ، سۇ ئىشلىتىش مىقدارى ھەسسىلەپ كۆپەيدى، كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا تەدرىجىي ھالدا 10 نەچچە چوڭ توغان ياسالدى، ئاقسۇپا، سامىيەن، ياغار، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى، ماغنۇردىن كونا مازارغىچە بولغان ئارىلىقتا 6 چوڭ توغان ياسىلىپ، كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش - سۇغىرىش رايونىغا باشلاندى، بۇنىڭدىن باشقا، تارىم دەرياسىنىڭ مەنبەيى بولغان ئاساسىي دەريالارنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىدا نۇرغۇن سۇ ئامبىرى ياسىلىپ، دەريا سۈيى توسۇلدى، تارىم ئويمانلىقىدا ئىشلىتىلىۋاتقان چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك سۇ ئامبىرى 206 گە يەتتى، تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىدىلا 19 چوڭ ۋە ئوتتۇرا سۇ ئامبىرى ياسىلىپ، تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى ئاساسەن توسۇۋېلىندى. 1962 - يىلى تۆۋەن ئېقىنىنىڭ يۇقىرى بۆلىكىدە قۇرۇلغان داشكۆل سۇ ئامبىرى ئەمەلىيەتتە تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرى بولۇپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن تارىم دەرياسى 180 كىلومېتىر قىسقىراپ كەتتى. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا سۇ توختاپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ سۇ مەنبەيى ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، لوپنۇر كۆلى ئاستا - ئاستا قۇرۇپ كەتتى، كۆل بىپايان شورلۇققا ئايلىنىپ، كۆل بويىدىكى ئۈسۈملۈكلەر قۇرۇپ كەتتى، تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى قۇم - بورانىنىڭ ماكانى بولۇپ قالدى.


يېقىنقى زاماندا لوپنۇر كۆلى رايونىغا كىرگەن بەزى چەت ئەللىكلەر لوپنۇر كۆلىنى «كۆچمە كۆل» دېگەن. 1876 - يىلى چار روسىيىلىك ئوفىتسېر پرىژېۋالىسكى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمە قارىشىغا ئاساسەن خاتا ھالدا قارا قوشۇن كۆلىنى جۇڭگونىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدا ئېيتىلغان لوپنۇر كۆلى دەپ جەزملەشتۈرگەن. ئۇنىڭ

شاگىرتى كوزلوۋ ۋە ئەنگلىيىلىك ستەيىن ئۇنىڭ قارىشىنى ياقلىغان، گېرمانىيىلىك جۇغراپىيە ئالىمى فانلېھىخوفېن بۇنىڭغا قارشى كۆز قاراشتا بولغان. ئارقىدىنلا شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن لوپنۇر كۆلىنىڭ «كۆچمە كۆل» ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر يۈرۈش نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ: كۆلنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا كۆچۈشىنىڭ دەۋرىيلىك مۇددىتى 1500 يىل، بۇ، كۆل تېگىدىكى دەۋرىيلىك چۆكۈندىلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە شامالنىڭ يېمىرىشىنىڭ تۆۋەنلىشىشىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارىغان. كۆچمە كۆل ھەققىدىكى بۇ تەلىمات ئۇزاق مۇددەت جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ئالىملار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ كەلگەن. سۋېن ھېدىندىن باشقا، يەنە ئامېرىكىلىق ھېڭتىنتون «چوڭقىيىپ، كىچىكلەپ تۇرىدىغان كۆل» نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، جۇڭگو ئالىمى چېن زۇڭچى «نۆۋەتلەشمە كۆل» قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېئولوگىيە ئالىمى شىنىسون بۇنى تۇزلۇملار ھەرىكىتى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆردى. لوپنۇر كۆلىنىڭ كۆچمە كۆل ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تالاش - تارتىش بىر ئەسىر داۋاملاشتى. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئىلگىرىكى چىن سۇلالىسىدىن چىڭ سۇلالىسىغىچە، لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئاساسەن بىردەك بولۇپ كەلدى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا - ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە»، «دەريا مەنبەلىرى ھەققىدە قىسقىچە خاتىرە»، «يەرنىڭ ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىك جەدۋىلى» دېگەن كىتابلاردا لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىي پاراللېل $40°$ — $41°$ ئارىلىقىغا جايلاشقانلىقى ئېنىق خاتىرىلەنگەن، تېتىما كۆلى، قارا قوشۇن كۆلى بىلەن لوپنۇر كۆلىنىڭ ئېگىزلىك پەرقى ئۇنىڭ ھەرگىز شىمالدىن جەنۇبقا كۆچمەيدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردا نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى ئارقىلىق، لوپنۇر كۆلىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ پەس يېرى ۋە سۇ يىغىلىدىغان جاي ئىكەنلىكى، كۆل سۈيىنىڭ تەتۈر ئاقمايدىغانلىقى، كۆلگە لاتقىنىڭ ناھايىتى ئاز كىرىدىغانلىقى (كۆل ئاستىدىكى چۆكۈندىلەرنىڭ قېلىنلىقى 3600 يىلدا ئاران 1.50 مېتىرغا يەتكەن)، كۆل قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن قاتتىق شورلۇققا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆل ئاستىنىڭ يەر شەكلىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقى دەلىللەپ بېرىلدى، كۆل ئاستىدىكى چۆكۈندىلەرنىڭ يىل - دەۋرىنى ئۆلچەپ بېكىتىش ۋە سپورا ئانالىزى ئارقىلىق، لوپنۇر كۆلىنىڭ ئۇزاق مۇددەت تارىم ئويمانلىقىنىڭ سۇ يىغىلىدىغان مەركىزى بولغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇلار كۆچمە كۆل نەزەرىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان يەكۈن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر لوپنۇر كۆلىگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن مەخسۇس ئەسەر ۋە ماقالىلارنى يېزىپ قالدۇردى، لوپنۇر كۆلىگە ئائىت نۇرغۇن خەۋەرلەرنى ئېلان قىلدى. لېكىن، تۈرلۈك چەكلىمىلەر ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشلار تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن خاتالىقلارنىمۇ سادىر قىلىپ، لوپنۇر كۆلىنى سىرلىق تۈسكە كىرگۈزۈپ قويىدى. يېقىنقى يىللاردا ئېلىمىز ئىلىم - پەن خادىملىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، لوپنۇر كۆلىنىڭ كۆچمە كۆل ئەمەسلىكىنىڭ ھەقىقىي سىرى ئېچىلدى.




لوپنۇر رايونىنىڭ سۈنئىي ھەمراھتىن تارتىلغان سۈرىتىنىڭ سىزمىسى




چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سىزىلغان لوپنۇر رايونىنىڭ بىر شەكلى خەرىتىسى



## ئىككىنچى قىسىم

# پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار

# ئىككىنچى قىسىم

# پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار

## I باب

## ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى

### 1 § . تەشكىلىي قۇرۇلۇشى

#### 1 . پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

مىنگو مەزگىلىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە كومپارتىيە تەشكىلاتى ۋە كومپارتىيە ئەزاسى يوق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، 1949 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى 2 - جۈن 6 - شىسىنىڭ ئاتلىق تۇەنى چاقىلىققا كىردى. 1950 - يىل 1 - ئايدا شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىم جېڭ سىخۋا، ۋاڭ چۈەنۋېن، گاۋ دېجيې، گاۋ جىنشياڭ، چياۋ يۈچاڭ، جاڭ شىشيۇڭ، كۇ شىگيۇن، جى فۇزې، زۇ ليۇفۇ قاتارلىق 9 ۋەكىل (بۇنىڭ ئىچىدە كومپارتىيە ئەزاسى 8)نى يەرلىكتە ئىشلەشكە ۋە گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمەت ئورگىنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئەۋەتتى. شۇ يىلى 3 - ئايدا ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى (قىسقارتىلىپ خىزمەت كومىتېتى دېيىلىدۇ) قۇرۇلدى، جېڭ سىخۋا خىزمەت كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا، ۋاڭ چۈەنۋېن خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ج ك پ قاراشەھەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، چاقىلىق ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، جېڭ سىخۋا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى 23 پارتىيە ئەزاسىنىڭ ھەممىسى قىسىمدىن يۆتكىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ناھىيە ئورگانلىرىدا ئىشلىدى. 1950 - يىل 1 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسى بويىچە تۇنجى پارتىيە ياچېيكىسى — ناھىيىلىك ئورگانلار پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا 8 پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك ئورگانلار پارتىيە ياچېيكىسى ناھىيە ئورگانلىرىدا 9 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە

ئۇيغۇر 4 ) نى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى، ئۇلار: خەن جىڭيۇ، جاڭ دېلۇ، ليۇ جيەنخۇا، زۇ ليۇفۇ، مەمەت نىياز، نىياز، ئابدۇللا، ئەخمەت، چىن چىلار ئىدى.

يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى 1 - ، 2 - رايونلاردا ۋە ۋاششەرى رايونىدا رايونلۇق كومىتېت تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى، ئەينى ۋاقىتتا پارتىيە ئەزاسى ئاز بولغانلىقى، يېزىلاردا پارتىيە ئەزاسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، رايونلۇق كومىتېتلارغا شۇجى ياكى مۇئاۋىن شۇجىلا قويۇلۇپ، ئەزا قويۇلمىغان.

1951 - يىل 10 - ئايدا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيىنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىشنى قارار قىلدى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا، پۈتۈن ناھىيىدىكى پارتىيە ئەزالىرىدىن بىر كىشى ئاگاھلاندۇرۇش جازاسىغا ئۇچرىدى.

1953 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم يېزىلاردا رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنى قۇرۇش ھەققىدە قارار چىقىرىپ، ئەسلىدىكى 1 - رايون بىلەن 2 - رايونني بىرلەشتۈرۈپ، ج ك پ چاقىلىق ناھىيىسى 1 - رايونلۇق كومىتېتىنى قۇردى. ئەسلىدىكى ۋاششەرى رايونىنىڭ نامى ج ك پ 2 - رايونلۇق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئارقىلىق، يېزىلاردا بىر تۈركۈم ئاكتىپلار مەيدانغا كەلدى. 1953 - يىل 10 - ئايدا 1 - رايوننىڭ 1 - يېزىسىدا ناھىيە بويىچە 1 - تۈركۈمدە ئۇيغۇر دېھقانلاردىن باقى ۋەلى، نىزامىددىن، ئۆمەر غېنى، روزىخان ئايۇپ، ئىمىن تېپەندىن ئىبارەت 5 كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى ھەمدە 1 - رايوننىڭ 1 - يېزىسىدا ناھىيە بويىچە تۇنجى يېزا ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. 1954 - يىل 10 - ئايدا بۇ 5 پارتىيە ئەزاسىنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتى توشۇپ رەسمىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە تۇنجى يېزا پارتىيە ياچېيكىسى رەسمىي قۇرۇلدى.

ھەمكارلىشىش - كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى داۋامىدا، چاقىلىق ناھىيىسىدە پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېز بولدى. 1956 - يىلى رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 4 يېزا تەسىس قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 4 يېزىلىق پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. 1954- يىلدىن 1956 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە پارتىيىگە 68 كىشى قوبۇل قىلىندى.

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتى داۋامىدا، چاقىلىق ناھىيىسىدە پارتىيە تەشكىلاتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. 1958 - يىل 10 - ئايدا ناھىيە بويىچە خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن، يېزا تۈزۈمى ۋە پارتىيە ياچېيكىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزىلاردا 3 باشقۇرۇش رايونى ۋە بىر دېھقانچىلىق مەيدانى تەسىس قىلىندى، بۇ 3 باشقۇرۇش رايونىدا ئايرىم - ئايرىم پارتىيە باش ياچېيكىسى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانى پارتكومى قۇرۇلدى.

1958 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش - ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئاساسىدا، 5 نەپەر ئاكتىپنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى.

1960 - يىل 12 - ئايدا 3 باشقۇرۇش رايونىدا پارتىيە باش ياچېيكىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىدىكى 3 خەلق گۇڭشېسىدا پارتكوم قۇرۇلدى.

1961 - يىل 11 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيە بويىچە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش

ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان، ئىنتىزامنى بۇزغان ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. ناھىيە بويىچە 4 نەپەر پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيىدىن چىقىرىش، پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش، ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى، 7 نەپەر كاندىدات پارتىيە ئەزاسىنىڭ كاندىداتلىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئاساسىدا، 8 نەپەر ئاكتىپ پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى.

1958 - يىلدىن 1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە 132 كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىمۇ توختاپ قالدى. 1971 - يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، چاقىلىق ناھىيىسى ۋە ناھىيىگە قاراشلىق گۇڭشېلاردا پارتكوم ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش ئىشى باشلاندى. 1975 - يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، ج ك پ چاقىلىق ناھىيىسى جەنۇبىي تاغ مەمۇرىي باشقۇرۇش رايونلۇق پارتكوم قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتى تولىمۇ نورمالسىز بولدى، پارتىيىگە زەربىدارلىق بىلەن ئەزا قوبۇل قىلىندى، شەرتى توشمايدىغان كىشىلەرمۇ پارتىيىگە كىردى، «يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش»تا رەسمىيەتلەر تولۇق بولمىدى، پارتىيىگە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتىمۇ بولمىدى، پارتىيىگە كىرنىشتە قەسەم بېرىلمەيدىغان بولدى. 10 يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ناھىيە بويىچە پارتىيىگە 184 كىشى قوبۇل قىلىندى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى پەيدىنپەي توغرا ئىزغا چۈشتى. 1977 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پەيدا قىلغان سىياسىي، ئىدىيە جەھەتلەردىكى قالايمىقانچىلىقنى تەلتۆكۈس تۈگىتىش ئۈچۈن، چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيە بويىچە يېزىلاردا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى قارار قىلدى.

1983 - يىل 12 - ئايدا يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، چاقىلىق ناھىيىسى جەنۇبىي تاغ مەمۇرىي باشقۇرۇش رايونىنىڭ نامى چىمەن رايونى دەپ ئۆزگەرتىلدى ھەمدە يېتىمبۇلاق بازىرى قۇرۇلۇپ، رايون بىلەن بازار بىرلىكتە ئىش بېجىرىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ج ك پ چىمەن رايونلۇق، يېتىمبۇلاق بازارلىق كومىتېتى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى پۈتۈن ناھىيىدىكى 3 گۇڭشې 3 يېزىغا ئۆزگەرتىلدى ھەمدە يېزىلىق پارتكوم قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاقىلىق بازارلىق پارتكوم ۋە چاقىلىق ناھىيىلىك ئورگانلار پارتكومى قۇرۇلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسى ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ۋە پارتىيە خىزمىتى مەركىزىي نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىش ئېھتىياجىغا لايىقلىشىپ، زىيالىيلارنىڭ پارتىيىگە كىرىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ۋە 3 - قوشۇن قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، زىيالىيلار ۋە ياش ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 20 نەچچە مۇنەۋۋەر زىيالىي پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى.

ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى پارتىيە ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، 1985 - يىلى مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، يۇقىرى دەرىجىلىك

پارتكومنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا پارتىيىنى تەرتىپكە سالدى، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى 33 پارتىيە ياچېيكىسىدىن 310 نەپەر پارتىيە ئەزاسى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا قاتناشتى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا پارتىيە ئەزالىرى يېڭىۋاشتىن تىزىمغا ئېلىنىپ، ناھىيە بويىچە 303 نەپەر پارتىيە ئەزاسى تىزىملاندى (بۇ ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ %97نى ئىگىلەيدۇ)، 2 كىشى تىزىمغا ئېلىنىشنى خالىمىدى، مەسىلىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانماسلىق سەۋەبىدىن 5 كىشى تىزىمغا ئېلىنماي قالدى.

1978 - يىلدىن 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە پارتىيىگە 189 كىشى قوبۇل قىلىندى.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزاسى 658 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە زىيالىي پارتىيە ئەزاسى 94، ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى 413. ناھىيە بويىچە ئاساسىي قاتلام پارتىيە كومىتېتى 6 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلىق پارتكوم 3، رايون - بازارلىق پارتكوم بىر، بازارلىق پارتكوم بىر، ئورگانلار پارتكومى بىر. ناھىيە بويىچە پارتىيە ياچېيكىسى 71گە يەتتى.

چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ج ك پ ياچېيكىلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ
يىللار بويىچە تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 1

| يىللار / ئادەم سانى / تۈرى | | ئومۇمىي سانى: جەمئىي | ئومۇمىي سانى: ئاز سانلىق مىللەت | ساناﺋەت | يېزا ئىگىلىكى | قاتناش، پوچتا، تېلېگراف | يول - مۇئاسىلە | سودا | ئورگانلار | مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 - يىلى | ياچېيكا | 1 | | | | | | | 1 | | |
| | پارتىيە ئەزاسى | 32 | 4 | | | | | | 32 | | |
| 1954 - يىلى | ياچېيكا | 6 | | | 2 | | | | 3 | | |
| | پارتىيە ئەزاسى | 59 | 30 | | 22 | 1 | 1 | 3 | 29 | | 3 |
| 1960 - يىلى | ياچېيكا | 18 | | 1 | 12 | 1 | | 1 | 3 | | |
| | پارتىيە ئەزاسى | 233 | 166 | 11 | 116 | 10 | 4 | 20 | 53 | 7 | 12 |
| 1965 - يىلى | ياچېيكا | 26 | | 2 | 12 | 3 | | 2 | 4 | 2 | 1 |
| | پارتىيە ئەزاسى | 231 | 154 | 14 | 98 | 16 | 4 | 17 | 65 | 9 | 8 |
| 1976 - يىلى | ياچېيكا | 35 | | 3 | 18 | 2 | | 3 | 6 | 2 | 1 |
| | پارتىيە ئەزاسى | 436 | 292 | | | | | | | | |
| 1985 - يىلى | ياچېيكا | 71 | | 4 | 34 | 2 | | 8 | 13 | 9 | 1 |
| | پارتىيە ئەزاسى | 658 | 413 | 45 | 268 | 20 | 9 | 50 | 198 | 63 | 5 |

## 2. ناھىيىلىك پارتكوم ئاپپاراتلىرى

ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى 1950 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم قارمىقىدا تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، كاتىبات بۆلۈمى، قوراللىق بۆلۈم تەسىس قىلىندى. 1953 - يىلى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى، قوراللىق بۆلۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

چاقىلىق ناھىيىسىدە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، 1956 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم قارمىقىدا يېزا خىزمىتى بۆلۈمى ۋە مالىيە - سودا - سىياسىي بۆلۈمى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى.

1960 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم كاتىبات بۆلۈمى ئىشخانىغا ئۆزگەرتىلدى.

1961 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ناھىيىلىك پارتكوم رېۋىزىيە كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى.

1962 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم مالىيە - سودا - سىياسىي بۆلۈمى مالىيە - ئىقتىساد - سىياسىي بۆلۈمگە ئۆزگەرتىلدى.

1962 - يىلدىن 1966 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، ناھىيىلىك پارتكوم قارمىقىدا ئىشخانا، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى، يېزا خىزمىتى بۆلۈمى، رېۋىزىيە كومىتېتى، مالىيە - ئىقتىساد - سىياسىي بۆلۈمىدىن ئىبارەت 7 تارماق تەسىس قىلىندى.

1966 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتى باشلاندى، ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەرەپبازلىقنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تارماقلار پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1967 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە پۈتۈن ناھىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

1969 - يىل 10 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت «بىر تۇتاش» رەھبەرلىكنى يولغا قويۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، مالىيە، مەدەنىيەت ھوقۇقلىرىنى ئىگىلىدى. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قارمىقىدا ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، خەلق قوغداش گۇرۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت 4 ئاپپارات تەسىس قىلىندى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەسلىدىكى ناھىيىلىك پارتكوم تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان بولدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا تەشكىلات گۇرۇپپىسى، تەشۋىقات گۇرۇپپىسى ۋە ئاممىۋى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى.

1970 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، چاقىلىق ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا پارتىيە يادرو رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1971 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك 3 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايدا يېڭى ناھىيىلىك پارتكوم سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى.

1974 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئايرىلىپ ئىش بېجىرىدىغان بولدى. ئايرىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم قارمىقىدا ئىشخانا، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە يېزا ئىگىلىكى داجەيدىن ئۆگىنىش ئىشخانىسىدىن ئىبارەت 5 تارماق تەسىس قىلىندى. بىرلىك سەپ بۆلۈمىدە ئادەم بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئىشخانا ۋاقىتىنچە

ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ تۇردى.

1979 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى ج ك پ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتىنىڭ تەستىقى بويىچە ئەسلىدىكى يولىيورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1984 - يىل 3 - ئايدا ناھىيە دەرىجىلىك ئاپپاراتلار ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ناھىيىنىڭ 5 بەنزىسىنىڭ بىرى بولۇپ، پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدىغان بولدى.

1984 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم قارىمىقىدا ئىشخانا، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى، يېزا خىزمىتى بۆلۈمى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتى، ئارخىپ بۆلۈمى، پارتىيە تارىخى - تەزكىرە ئىشخانىسى، مەخپىيەتلىك بۆلۈمى، پېشقەدەم كادىرلار بۆلۈمى، ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش ئىشخانىسى ۋە يەرلىك كىبەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئىشخانىسىدىن ئىبارەت 12 تارماق تەسىس قىلىندى.

## 2 § . قۇرۇلتاي

### 1. ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك 1 - قۇرۇلتىيى (پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى)

1956 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئېچىلىپ، 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يېپىلدى، 9 كۈن داۋام قىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن ناھىيىدىكى 87 پارتىيە ئەزاسىنىڭ ھەممىسى قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ «بەش يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەر توغرىسىدىكى دوكلاتى»ى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ماقۇللاندى.

قۇرۇلتايدا تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالى ئارقىلىق، ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدا كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش، ئىتتىپاقلىشىش، مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ۋە ھەمكارلىشىش - كوپېراتسىيىلىشىش مەركەز قىلىنغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر چوڭقۇر تەكشۈرۈلدى ھەم بۇ ھەقتە قارار چىقىرىلدى، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك كادىرلاردىن كوللېكتىپ رەھبەرلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولۇپ، سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ناھىيىلىك پارتكوم ئەزالىرى دائىم يېزىلارغا بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىزمەتلەردىكى ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، مەغرۇرلۇق - ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ ۋە ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش تەلەپ قىلىندى.

قۇرۇلتايدا 1 - نۆۋەتلىك ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئەزالىرى، شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى

ۋە كورلا ۋىلايەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 11 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

## 2. ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك 2 - قۇرۇلتىيى

1961 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 -كۈنى ناھىيىلىك پارتكومدا ئېچىلىپ، 20 كۈن داۋام قىلدى، قۇرۇلتايغا 66 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ۋەكىل 6، ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 36)، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قۇرۇلتايغا 9 كىشى قاتنىشالمىدى، قۇرۇلتايغا 10 كىشى سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 5 يىللىق خىزمەت نەتىجىلىرى، تەجرىبىلىرى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر يەكۈنلەندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى مۇزاكىرە قىلىنىپ بېكىتىلدى. قۇرۇلتايدا بۇنىڭدىن كېيىنكى باش ۋەزىپە: باش لۇشيەن، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە خەلق گۇڭشېسىدىن ئىبارەت 3 قىزىل بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، 5 يىلدىن بۇيانقى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، «يېزا ئىگىلىكى — خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى، ئاشلىق — ئاساسنىڭ ئاساسى»، «پۈتۈن پارتىيە سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، ئاشلىقنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىش» دېگەن فاڭجېننى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ھازىرقى ئاساستا يىلدىن - يىلغا پۇختا قەدەم بىلەن ئاشۇرۇپ، ئاشلىق ئۆتكىلىدىن بۇرۇنراق ئۆتۈشكە تىرىشىش؛ ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەرنىڭ يېزا ئىگىلىككە زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى مۇناسىپ راۋاجلاندۇرۇپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسىتىلدى. قۇرۇلتاي پۈتۈن پارتىيىنى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ماركسىزم - لېنىنىزىملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئىستىلىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، ئىلگىرى يولغا قويۇلۇپ ئۈنۈم بەرگەن تەجرىبىلەرنى تولۇق تەتبىقلاپ، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا چاقىردى.

قۇرۇلتايدا 2 - نۆۋەتلىك ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئەزالىرى، شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى ۋە ج ك پ باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 2 - قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 8 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

## 3. ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك 3 - قۇرۇلتىيى

1971 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ چوڭ مەجلىسخانىسىدا ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 84 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 58. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ «ماۋجۇشىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە غەلىبە بىلەن ئالغا باسايلى» دېگەن خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى.

قۇرۇلتاي بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى ماركسىزم - لېنىنىزم،

ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىغا چوڭقۇر ئىدىيە ۋە لۇشيەن تەربىيىسى بېرىشكە، «ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش، قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خەلقنى كۆزدە تۇتۇش» تىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېننى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشقا، يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن، سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشى يولغا قويۇشقا، كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش ۋە ئۆزگەرتىشنى داۋاملىق ياخشى ئېلىپ بېرىشقا، پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە 9 - قۇرۇلتىيى لۇشيەننى بويلاپ غەلىبە بىلەن ئالغا بېسىشقا چاقىردى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت خاتا نەزەرىيە ۋە خاتا ئەمەلىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك چىڭ تۇردى. ئۇنىڭ ئىدىيە، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى يېتەكچى فاڭجېنى خاتا بولدى.

قۇرۇلتايدا 3 - نۆۋەتلىك ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئەزالىرى، دائىمىي ئەزالىرى، شۇجىسى ۋە مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى.

### چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم (خىزمەت كومىتېتى) غا شۇجى بولغانلار

جەدۋەل: 2 — 2

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| جېڭ سىخۋا | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ زىباڭ | 1950.8 — 1950.3 |
| ليۇ كېمىڭ | ئەر | خەنزۇ | جياڭشى يۈڭشىن | 1952.10 — 1950.8 |
| چېن باۋتيەن | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ خۈيمىن | 1956.9 — 1955.7 |
| شۇ فاڭيۈەن | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ نىڭجىن | 1962.5 — 1958.11 |
| پېڭ زۇچىڭ | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ جېنخۋا | 1971.4 — 1962.5 |
| ۋاڭ جىڭۇ | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1973.12 — 1971.4 |
| ئىمىن مۇمىن | ئەر | ئۇيغۇر | خېجىڭ | 1979.2 — 1973.12 |
| گاۋ لەنتىڭ | ئەر | خەنزۇ | خېنەن يەنشى | 1986.11 — 1979.2 |

### چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم (خىزمەت كومىتېتى) غا مۇئاۋىن شۇجى بولغانلار

جەدۋەل: 2 — 3

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ چۇەنۋېن | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ نىڭجىن | 1954.4 — 1950.3 |
| جاڭ شىشيۇڭ | ئەر | خەنزۇ | خېبېي ئەنگو | 1953.3 — 1951.10 |
| چېن باۋتيەن | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ خۈيمىن | 1955.7 — 1953.3 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شۇ فاڭيۈەن | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ نىڭجىن | 1958.11 — 1956.9 |
| مېڭ جىيۈن | ئەر | خەنزۇ | | 1957.11 — 1956.9 |
| لىيۇ جۇنجاڭ | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1961.10 — 1957.11 |
| ئەيسا سادىر | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر | 1963.9 — 1958.11 |
| لىيۇ جيەنخۇا | ئەر | خەنزۇ | شەنشى خۇاشيەن | 1971.5 — 1961.4 |
| لو جىڭگۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ ۋېيشيەن | 1963.9 — 1961.10 |
| ئىمىن مۆمىن | ئەر | ئۇيغۇر | خېجىڭ | 1973.12 — 1971.4 |
| جاۋ مىڭلياڭ | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ شاڭخې | 1973.12 — 1971.4 |
| فاڭ جېڭمىن | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1979.5 — 1974.3 |
| شى زوفەن | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 1980.10 — 1979.9 |
| يۈەن بىڭيەن | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ نىڭجىن | 1984.2 — 1979.10 |
| لىيۇ شىرۇڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | —1984.3 |
| مەھەممەت ئىسلام | ئەر | ئۇيغۇر | چاقىلىق | —1984.3 |
| تيەن شيۈەن | ئەر | خەنزۇ | توقسۇن | —1985.5 |

## چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېت (مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتىگەن) ئەزالىرى

جەدۋەل: 2 — 4

| ئىسىم ـ فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| ئىمىن مۆمىن | ئەر | ئۇيغۇر | خېجىڭ | 1971.4 — 1963.10 |
| ۋاڭ جاۋشياڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 1972.1 — 1971.4 |
| شى شۇۋېن | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1972.1 — 1971.4 |
| لىيۇ چۇڭيى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى شيەنياڭ | 1980.6 — 1971.4 |
| ھاۋاخان ساۋۇت | ئايال | ئۇيغۇر | چاقىلىق | 1977.12 — 1971.4 |
| لو چۇڭگۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى شىڭپىڭ | 1978.10 — 1973.1 |
| ھامىدىن تاھىر | ئەر | ئۇيغۇر | كۇچا | 1978.10 — 1973.1 |
| مۇسا روزى | ئەر | ئۇيغۇر | كورلا | 1980.6 — 1974.7 |
| ساڭ چېڭمىن | ئەر | خەنزۇ | ئۈرۈمچى | 1984.4 — 1974.7 |

## 3 § . تەشۋىقات - تەربىيە

### 1. تەشۋىقات خىزمىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا يۈز بەرگەن چولڭ ئىشلار ۋە پارتىيىنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردىكى فاڭجېن - سىياسەتلىرى، ئاساسەن، تۈرلۈك دوكلات يىغىنى ئېچىش، تام گېزىتى، قارا تاختاي گېزىتى چىقىرىش، شۇنىڭدەك بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئاممىغا ۋاقتى - ۋاقتىدا تەشۋىق قىلىنىپ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تەشۋىقات ئەترەتلىرى تەشكىل قىلىنىپ كوچا، يېزا ۋە كەنتلەر بويىچە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى.

1952 - يىلى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدە خەلق ئاممىسىغا قارىتىلغان تەشۋىقات تورى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى قارارى»غا ئاساسەن، چاقىلىق ناھىيىسىدە تەشۋىقات تورى بەرپا قىلىندى، 60 تەشۋىقاتچى يېتىشتۈرۈلدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 32، خەنزۇ 26، خۇيزۇ 2)، يېزىلاردىكى 3 رايوننىڭ ھەر بىرىگە بىردىن دوكلاتچى قويۇلدى. ھەر قېتىم چوڭراق تەشۋىقات ۋەزىپىسى چىققاندا، ئالدى بىلەن ناھىيە ياكى رايون، يېزىلار بويىچە تەشۋىقاتچىلار يىغىپ تەربىيىلىنەتتى، ئاندىن بۇ تەشۋىقاتچىلار ئامما ئارىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ باراتتى.

1955 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسى 2 قارار تەشۋىقاتچىلار كۇرسى ئېچىپ، 124 تەشۋىقاتچىنى تەربىيىلىدى. 1959 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ج ك پ 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنى مەركىزىي مەزمۇن قىلىپ تەشۋىقاتچىلار كۇرسى ئېچىپ، 357 كىشىنى تەربىيىلىدى.

ئىختىيارىي مۇخبىرلىق - خەۋەر قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1959 - يىل 9 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىلىك پارتكوم ئەزالىرى ۋە ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ئەزالىرىدىن بولۇپ 23 كىشىدىن تەركىب تاپقان خەۋەر قىلىش گۇرۇپپىسىنى قۇردى ھەمدە ناھىيە بويىچە شەھەر - يېزىلاردا خەۋەر قىلىش تورلىرىنى بەرپا قىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، ناھىيە بويىچە 88 ئىختىيارىي مۇخبىر مەيدانغا كەلدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 55 )، ئۇلار 20 خەۋەر يېزىش گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنۈپ، پارتىيە گېزىتلىرى ۋە رادىئو ئىستانسىسىغا خەۋەر يېزىپ تۇردى.

1960 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، تەشۋىقات خىزمىتىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، تەبىئىي ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش مۇھىم نۇقتا قىلىندى، يېزىلارنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1963 - يىلى 36 يېزا تەشۋىقاتچىسى يېتىشتۈرۈلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە سول لۇشيەننىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، چاقىلىق ناھىيىسىدىمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش «ھەممە يەرنى قىزىللاشتۇرۇش»، «ساداقەت ئۇسسۇلى» ئويناش، «ئەتىگەندە يوليورۇق سوراش، كەچتە دوكلات قىلىش» كەبى يولغا قويۇلدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، تەشۋىقات خىزمىتىدە پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1979 - يىل 8 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، تەشۋىقات خىزمىتىدە پارتىيە 11 -

نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت مەركەزگە يۆتكەشنى تەلەپ قىلدى. 1982 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 2 قارار پارتىيە 12 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش كۇرسى ۋە تەشۋىقات تايانچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچتى، ناھىيە بويىچە 547 كىشىدىن تەركىب تاپقان 12 ـ قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش، كونسۇلتاتسىيە قىلىش تەشۋىقات تورى شەكىللەندۈرۈلدى. 477 قېتىم لېكسىيە يىغىنى ۋە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلدى، بۇ يىغىنلارغا 24 مىڭ 233 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلار ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ 83 قېتىم تەشۋىقات لېكسىيىسى سۆزلىدى.

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، چاقىلىق ناھىيىسىدە رادىئو تورى بەرپا قىلىندى، تېلېۋىزىيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى يىلدىن ـ يىلغا ئۆستى.

## 2. نەزەرىيە ئۆگىنىش

چاقىلىق ناھىيىسىدىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشى 50 ـ يىللاردىن باشلاندى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل بولۇشى بىلەن، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئورگانلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە مەكتەپلەردىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەر چارشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ھەر قايسى مەزگىللەردىكى ئېچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتكە، سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ۋە مەركىزىي ۋەزىپىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ نەزەرىيە ۋە ھۆججەت ئۆگەندى.

ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلار مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدا (ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يادرولۇق ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى دەپ ئاتالغان) ئۆگىنىشكە قاتناشتى، ئۆگىنىشتە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىش، يىغىلىپ ئۆگىنىش بىلەن مۇزاكىرە قىلىشنى قوشۇمچە قىلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللاندى. ئادەتتىكى كادىرلار ئۆگىنىشتە پارتىيە ياچېيكىسىنى بىرلىك قىلىپ، يىغىلىپ ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناھىيە يەنە تۈرلۈك ئۆگىنىش كۇرسى، سىياسىي كەچ كۇرسى، ئىشتىن سىرتقى سىياسىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، كادىرلارنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى.

1957 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم خىزمەتتىكى كادىرلار ئىشتىن سىرتقى مەكتىپى قۇردى، ئۇنىڭدا 106 خەنزۇ ئوقۇغۇچى، 64 ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى ئوقىدى. 1959 ـ يىلى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى ۋە ئېقىم مەسىلىلىرى، سىياسەت ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، چاقىلىق ناھىيىسىدە يادرولۇق ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ھەمدە ناھىيە ئورگىنىغا قاراشلىق ئورۇنلار سىستېمىلار بويىچە 13 ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىغا ئايرىلىپ، يىغىلىپ ئۆگىنىش يولغا قويۇلدى.

60 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلاردا ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاممىۋى ھەرىكىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىدا ئىشتىن سىرتقى نەزەرىيە يېتەكچىلىرى قوشۇنى بەرپا قىلىندى. 1966 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە %87 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، ئۆگىنىشكە 1688 كىشى قاتناشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئىنتايىن سول لۇشيەننىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، نەزەرىيە ئۆگىنىشىدە ئىنتايىن سول پىكىر ئېقىمى ۋە دوگمىچىلىق يامراپ كەتتى، نورمال

ئۆگىنىش تۈزۈمى بەرپا قىلىندى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ نەزەرىيە سېپىدىكى زەھەرلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا «پارتىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا دائىر بىر قانچە نىزام» ۋە «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار» ۋە يېڭى پارتىيە نىزامنامىسى، ئاساسىي قانۇننى ئۆگىنىش كەڭ، چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە «ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى» ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. 1982 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى كادىرلار كىتاب ئوقۇش كۇرسى ئاچتى، كۇرستا ئاساسەن «يولداش چېن يۈننىڭ ماقالىلىرى»، «جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى» ۋە «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» قاتارلىق 3 كىتاب ئۆگىنىلدى. 1985 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» نى ئۆگىنىش بويىچە 2 قارار كۇرس ئاچتى، ئۆگىنىشكە 20 ناھىيە دەرىجىلىك كادىر ۋە 124 رايون دەرىجىلىك كادىر قاتناشتى.

## 3. پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش ئاساسىي جەھەتتىن پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلدى، ياچېيكا بىرلىك قىلىنىپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە پروگراممىسى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 8 تۈرلۈك شەرتى قاتارلىق پارتىيە ئاساسىي بىلىملىرى ئۆگىنىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىغا سىنىپىي تەربىيە ۋە سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىلدى. 1959 - يىلى ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ مەكتەپ پارتىيە ئەزالىرىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولدى، بۇنىڭدىن سىرت، يەنە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا زىچ ماسلىشىپ، ھەر شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنكى پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى پائالىيەت كۈنىدىن پايدىلىنىپ، يىغىلىپ ئۆگىنىش، مۇزاكىرە يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈش، پارتىيە دەرسى ئۆتۈش، ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، پارتىيە ئەزالىرىغا ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە ئېقىم مەسىلىلىرى، سىياسەت ۋە پارتىيىگە ئائىت ئاساسىي بىلىملەر توغرىسىدا تەربىيە بەردى.

1959 - يىلى ناھىيە بويىچە ئورگانلار ۋە يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا ئاتېئىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭدا، ئاساسەن، پارتىيە دەرسى ئۆتۈش، كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى بېرىش ۋە كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلدى. تەربىيە ئارقىلىق، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى كوممۇنىستلارنىڭ ئاتېئىزمچىلار ئىكەنلىكىنى، شۇڭا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم پرىنسىپى بويىچە ئىش قىلىشى لازىملىقىنى، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ماركسىزمچىلار ئىكەنلىكىنى، شۇڭا سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىشى لازىملىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن تونۇۋالدى.

60 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پارتىيە ئەزالىرىغا سوتسىيالىستىك ئىدىيە ۋە كوممۇنىستىك غايە توغرىسىدا ۋە پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى توغرىسىدا تەربىيە بېرىلدى، پۈتۈن ناھىيىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىغا لېي فېڭ، جياۋ يۈلۇ، ۋاڭ جىنشى قاتارلىق

ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ، ئىنقىلابىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، ئەمۇنىلىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش چاقىرىق قىلىندى. 1963 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش بويىچە 4 قارار كۇرس ئېچىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرىدىن 85 كىشىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيىلىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە كۈچەيتىلدى. بۇ مەزگىلدە، پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى توغرىسىدا نۇقتىلىق تەربىيە بېرىلدى. 1982 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش بويىچە بىر ھەپتىلىك كۇرس ئېچىپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا پارتىيە دەرسى ئۆتىدىغان 30 نەپەر ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈردى. 1983 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى يەكۈنلىدى، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەشكە دائىر تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇردى. شۇ يىلى ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئورگانلار، 3 گۇڭشې، بىر رايون يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش بويىچە جەمئىي 10 قارار كۇرس ئاچتى، ئۆگىنىشكە قاتناشقان پارتىيە ئەزاسى 615كە يېتىپ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ 97%نى ئىگىلىدى.

## § 4 . بىرلىك سەپ خىزمىتى

### 1 . پارتىيىنىڭ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىرلىك سەپ خىزمىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى بىرلىك سەپ خىزمىتىنى مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ناھىيىلىك پارتكوم كاتىبات ئىشخانىسىغا كۈندىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەيدىغان بىر مەخسۇس بىرلىك سەپ كادىرى قويدى. ئەينى چاغدا چاقىلىقتىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى دېگەندەك چۈشەنمەيتتى، مۇنداق ئەھۋالدا بەزى خىزمەتلەرنى پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇشقا توغرا كەلگەندى.

1953 ـ يىل 3 ـ ئايدا ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى بىرلىك سەپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تۆۋەنگە يوليورۇق چۈشۈرۈپ، يۇقىرى قاتلامدىكى ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى ۋە دىنىي زاتلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى داۋامىدا ئۆتكەلدىن ئۆتىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى قارار قىلدى. ھوشۇر داموللا، ئەزىز چوڭ ئاخۇن، سودىگەر غوپۇر، مەمەت توختى دامولا، تۇردى قاسىم ھاجى، ئەخمەت خاتىپ، مەمەت قۇۋان، رايون باشلىقى ئەخمەت ئېلى، ھاكىم غوجابدۇللا، مەكتەپ مۇدىرى قۇربانوف، ئىدارە باشلىقى نۇر بەختىدىن ئىبارەت 11 كىشىنى قوغدىلىدىغان كونكرېت ئوبيېكتى قىلدى. كونكرېت قوغداش ئۇسۇلى مۇنداق بولدى: 1. ئۇلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، رەھبەرلىك

خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغانلاردىن يولىيورۇق سوراشتا ۋە ئۇلارغا دوكلات قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر بولسا، ئۇلاردىن يولىيورۇق سوراپ ۋە ئۇلارغا دوكلات قىلىپ تۇرۇش؛ ئۇلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىگە ئالاقىدار ھۆججەت، تېلېگراممىلارنى ئۇلارنىڭ كۆرۈشىگە بېرىش؛ 2. تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە ئىشتىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن كېڭىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىش؛ 3. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىدە، ئۇلارنىڭ ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېتىبار بېرىش. تارىختا بەزى ئەسكىلىكلەرنى قىلغانلار بولغۇنكى كۆندە ھۆكۈمەتكە يېقىنلاشسىلا، ئۇلارغا قارىتا سۈرۈشتۈرمەسلىك، كۈرەش قىلماسلىق فاكچىنىنى قوللىنىش، كونا ھېسابىنى قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىنى قوغداش.

## 2. جەنۇبىي تاغدىكى قازاق قېرىنداشلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم قازاق قېرىنداشلار قۇسايىن تەيجى، مۇقىيىت ئەلى، سالقاستان تەيجى، كەبىن تەيجى، مۇقابەسەن داموللا، سەيدۇللا، زىراتباي، ئۆكەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئالدىشى، تەھدىت سېلىشى بىلەن چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى چىمەن تاغقا ئورۇنلىشىۋېلىپ، بۇلاڭچىلىق ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. 1950 -، 1951 - يىللىرى ئۇلار مىرەن، تىكەنلىك ۋە ۋاششەرى يېزىلىرىغا 2 قېتىم باستۇرۇپ كىرىپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلىدى، جەمئىيەت ئامانلىقىغا پاراكەندىلىك سالدى. ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش، باندىتلاردىن چەك - چېگرىنى ئېنىق ئايرىپ، قايتا ئەسكىلىك قىلمايدىغان قىلىش، خەلق ئاممىسىنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1950 - يىل 3 - ئايدا ۋە 1952 - يىل 12 - ئايدا ئۇلارغا نورغۇن خىزمەت ئىشلىدى ھەمدە ئەل بولۇشنى تەۋسىيە قىلىپ 2 قېتىم خەت يازدى. ئۇلارمۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە 3 ۋەكىل ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى جەنۇبىي تاغقا قايتىدىغان چاغدا، چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارغا 4 ئات ۋە ئاز - تولا شېكەر، چاي، رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلدى. ناھىيىلىك پارتكومدىكى بارلىق كادىرلار يەنە ئۇلارنى قىزغىن ئۇزىتىپ قويدى، بۇ ئىش پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ۋە يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلار ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى، باندىتلار قوشۇنىنى پارچىلاش، قازاق قېرىنداشلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاز ساندىكى خائىنلار، باندىتلار ۋە باش جىنايەتچىلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇش، باندىتلارنى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداش ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى.

## 3. زاڭزۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش

1954 - يىل 9 - ئايدا بىر تۈركۈم زاڭزۇلار شىزاڭدىن چاقىلىققا كەلدى، ئۇلار 20 ئائىلە، 92 كىشى بولۇپ، 47 سى ئەر، 45 ى ئايال ئىدى، ئارىسىدا بىر گېگەن، 3 قەبىلە باشلىقى، 3 راھىب بار ئىدى. ئۇلار 9 قوتاز، 10 ئات، 500 تۇياق قوي ئېلىپ كەلگەنىدى، بۇ 20 ئائىلە يەنگىنداندۇ، چۇسە، گاڭيۈنزاۋىن قەبىلىلىرىگە تەۋە بولۇپ، گېگەننىڭ ئىسمى جاپچۇرىن بۇچۇ ئىدى. ئۇلار شۇ چاغدىكى 1 - رايوننىڭ 1 - يېزىسى (ھازىرقى تىكەنلىك يېزىسى) غا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، چاقىلىق ناھىيىسى ئۇلارنى كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئۆي

قاتارلىق جەھەتلەردە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئۇلاردىن قىزغىن ھال سورىدى ھەمدە ئۇلارغا پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياستى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستىنى تەشۋىق قىلدى. بۇنىڭدىن ئۇلار كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ماۋ جۇشىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق ئۆتىدىغانلىقىنى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان غەمخورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. 1955 - يىلى يېڭى يىلدا گېگەن جاپچۇرىن بۇچۇ ماۋ جۇشىغا بولغان مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، بىر كۈن نوم ئوقۇدى. بۇ زاڭزۇلار ئەمدى شىنجاڭغا قايتىپ كەتمەيمىز دەپ، دىنداشلىرى بار رايونغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىشنى تەلەپ قىلدى. زاڭزۇلار بىلەن موڭغۇللار دىنداش بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆپىنچىسى كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، بۇ زاڭزۇلار 1955 - يىل 1 - ئايدا خوشۇت ناھىيىسىنىڭ 1 - رايونى تاغاچى يېزىسىغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشتى.

## 4. مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش

چاقىلىق ناھىيىسى — شىنجاڭدىكى چەت - ياقا رايون، بۇ يەرگە 11 مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياستىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىش — خىزمەتلەردە غەلىبە قىلىشنىڭ كاپالىتى. ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى 1953 - يىلى رەسمىي قۇرۇلغاندىن بۇيان، مىللەتلەر خىزمىتىنى باشتىن - ئاخىر مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ كەلدى.

1955 - يىلى شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلدى، ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، خەنزۇلارغا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ۋە تىل - يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بەردى. 1957 - يىلى پۈتۈن ناھىيىدىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا خەنزۇلار ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش، ئۇيغۇرلار خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئۆز ئارا تىل ئۆگىنىش پائالىيىتى قوزغالدى ھەمدە قوش تىل ئۆگىنىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. قوش تىل ئۆگىنىش پائالىيىتى ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقىنى كۈچەيتتى. 1962 - يىلى ناھىيە بويىچە بازار- يېزىلاردا مىللەتلەر سىياستى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئىنتايىن سول لۇشيەننىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، سوتسىيالىزم دەۋرىدە مىللىي مەسىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ئىنكار قىلىنغانلىقتىن، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياستى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياستىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە چوڭ خەنزۇچىلىقنىمۇ قارشى تۇرۇش، يەرلىك مىللەتچىلىكنىمۇ قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت

خەلقى ئارىسىدا مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش، ئورتاق گۈللىنىش ئاساسىدىكى يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ھەقىقىي ئورناتتى.

1982 - يىل 9 - ئايدا ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى ناھىيە بويىچە ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، كادىرلىرى ۋە قىسىملاردىكى كوماندىر - جەڭچىلەردىن بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە تۆھپە قوشقان ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. يىغىندا 18 ئىلغار كوللېكتىپ، 109 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

1983 - يىل 4 - ئايدا ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولۇپ 2000 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە، مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە ئائىت تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى باستۇردى، سىملىق رادىئو قاتارلىق ۋاسىتىلاردىن پايدىلىنىپ تەشۋىقاتنى قانات يايدۇردى. ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلار 17 رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى، ئۇلار مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە ئائىت قائىدە - تۈزۈم ۋە ئەھدىنامىلارنى ئومۇميۈزلۈك تۈزۈپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پائالىيىتى تۈزۈمگە ئايلاندى، ھەممە ئائىلە، ھەممە كىشىنى خەۋەردار قىلىش مەقسىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى.

## 5. دىنىي سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

چاقىلىق ناھىيىسى كۆپ مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان رايون، ئۇ يەردە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما كۆپ. ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى دىنىي زاتلارنى ھەمىشە پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇ ھەقتە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى، ناھىيە بويىچە دىنىي زاتلارنىڭ 3 ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى (تىكەنلىك يېزىسىدا بىر گۇرۇپپا، ئۈتام يېزىسىدا بىر گۇرۇپپا، ۋاششەرى يېزىسىدا بىر گۇرۇپپا) بار بولۇپ، ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى بىرلىك سەپ بۆلۈمى تەمىنلەپ تۇراتتى، ئۆگىنىشنى ئۇلار ئۆزلىرى باشقۇراتتى، ئاساسەن ئالاقىدار فاكچىن، سىياسەتلەرنى ئۆگىنەتتى. ئۆگىنىشكە 46 كىشى قاتناشقانىدى، ئۇلار ئارىسىدا 2 چوڭ ئاخۇن، 5 ئادەتتىكى ئاخۇن، 2 ھاجى، بىر خاتىپ، 8 مەزىن، 28 ئىمام بار ئىدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى خالىغانچە دەپسەندە قىلىندى. 10 يىللىق مالىمانچىلىقتا، ناھىيە بويىچە 42 مەسچىتنىڭ ھەممىسى بۇزۇۋېتىلدى، دىنىي زاتلارنىڭ دىنىي كىتابلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى، دىن سىياسىتى خىزمىتى تارماقلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارماق قىلىنغاندىن كېيىن، 1979 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئەسلىگە كەلدى ۋە پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە

باشلىدى، 1980 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قوشۇلۇشى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ناھىيە بازىرىدا ۋە ناھىيە بازىرىدىن يىراقراق يېزىلاردا دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىن 6سى قايتىدىن قۇرۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن 16 سى قۇرۇلدى، 1985 ـ يىلغا قەدەر ناھىيە بويىچە 22 مەسچىت (پائالىيەت نۇقتىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يېڭىۋاشتىن ياسالدى، دىنىي پائالىيەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن نورماللاشتى. ناھىيىدە دىنىي زاتلار ئاساس قىلىنغان رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى، بۇ گۇرۇپپا پۈتكۈل ناھىيىنىڭ دىنىي خىزمىتىنى باشقۇردى.

دىنىي زاتلار سىياسىي جەھەتتە ھۆرمەتكە، تۇرمۇشتا ئېتىبارغا ئېرىشتى، 1985 ـ يىلى ناھىيىدىكى 89 خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئىچىدە دىنىي زات 3كە، 11 خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزاسى ئىچىدە دىنىي زات 2گە، 41 سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ئىچىدە دىنىي زات 5كە، 9 سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى ئەزاسى ئىچىدە دىنىي زات 2گە يەتتى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 20 دىنىي زاتقا قەرەللىك تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىپ تۇردى، ئەڭ كۆپ بېرىلگەنلىرىگە ئېيىغا 150 يۈەن، ئەڭ ئاز بېرىلگەنلىرىگە ئېيىغا 30 يۈەن بېرىلدى. دىنىي زاتلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى قوغدالدى، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى يەنىمۇ ئىزچىللاشتى ۋە ئەمەلىيلەشتى.

## 6. ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش، «سول» چىللىق خاتالىقنى تەنقىد قىلىش يولغا قويۇلۇپ، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش خىزمىتى باشلاندى. چاقىلىق ناھىيىسىدە 1979 ـ يىل 2 ـ ئايدا خاتا ھالدا ئوڭچى ۋە يەرلىك مىللەتچى قىلىپ قويۇلغانلارنىڭ قالپىقىنى ئېلىپ تاشلاش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 1984 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەتچىلەرنى كۆپەيتتى. 1985 ـ يىلغا قەدەر، ئىلگىرىكى ھەرىكەتلەردە خاتا ئايرىلغان، خاتا ھۆكۈم قىلىنغانلار (8 ئوڭچىنى، سابىق گومىنداڭدىن ھەقىقەتكە قايتقان 45 كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۈزۈل ـ كېسىل ئاقلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يۇقىرى قاتلامدىكى ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى دىنىي زاتلار، مۇھاجىرلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، تەيۋەنلىكلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە زىيالىيلارغا ئالاقىدار سىياسەتلەرمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

# 5 § . ئىنتىزام تەكشۈرۈش

## 1. ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

1953 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇ كومىتېت 7 كىشىدىن تەركىب تاپتى.

1960 ـ يىل 8 ـ ئايدا ج ك پ كورلا ۋىلايەتلىك كومىتېتى چاقىلىق ناھىيىلىك رېۋىزىيە كومىتېتىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك

رەھبەرلىك كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، مەركەزنىڭ يولیورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، چاقىلىق ناھىيىسىدە 1979 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 3 شتات بېرىلدى.

پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن 1984 ـ يىلى 3 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، ناھىيىدىكى 5 بەنزىنىڭ بىرى قىلىندى.

**چاقىلىق ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى (رەھبەرلىك كومىتېتى)غا شۇجى، مۇئاۋىن شۇجى بولغانلار**

جەدۋەل: 2 — 5

| ۋەزىپىسى | ئىسىم ـ فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|
| شۇجى | ۋاڭ چۇنۋېن | خەنزۇ | 1954.6 — 1953.2 | قوشۇمچە |
| شۇجى | چېن باۋتيەن | خەنزۇ | 1957.9 — 1954.7 | قوشۇمچە |
| مۇئاۋىن شۇجى | شياڭ جىنخۋا | خەنزۇ | 195.5 — 1954.7 | قوشۇمچە |
| مۇئاۋىن شۇجى | يۈەن بىڭيەن | خەنزۇ | 1960.8 — 1959.8 | |
| شۇجى | يۈەن بىڭيەن | خەنزۇ | 1966 — 1960.9 | |
| شۇجى | يۈەن بىڭيەن | خەنزۇ | 1984.4 — 1979.12 | قوشۇمچە |
| مۇئاۋىن شۇجى | پېڭ جىڭشېن | خەنزۇ | 1981.4 — 1979.9 | |
| مۇئاۋىن شۇجى | ليۇ دېڭگۈي | خەنزۇ | 1982.2 — 1981.4 | |
| مۇئاۋىن شۇجى | لى زېشيۇ | خەنزۇ | 1984.2 — 1982.11 | |
| شۇجى | لى زېشيۇ | خەنزۇ | —1984.2 | |
| مۇئاۋىن شۇجى | مەمەت توخسۇن | ئۇيغۇر | — 1984.2 | |

## 2. قىسقىچە خىزمەت ئەھۋالى

1955 ـ يىلى ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك رەھبەرلىك كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1956 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى جەمئىي 134 بولۇپ، رەھبەرلىك كومىتېتى ئۇنىڭدىن 91نى قوبۇل قىلغان، بۇ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىنىڭ %67.9نى ئىگىلەيدۇ. 29 پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە چارە كۆرۈلگەن، بۇ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ %21.6نى ئىگىلەيدۇ.

1962 ـ يىلى ناھىيىلىك رەھبەرلىك كومىتېتى ئۆتكەن بىر قانچە يىلدا چارە كۆرۈلگەن پارتىيە ئەزالىرىنى تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى، ناھىيە بويىچە 141 دېلو تەكشۈرۈش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىغا تەۋەسى 94، ئورگانلارغا تەۋەسى 47، يەكۈن چىقىرىلغىنى 136.

1963 ـ يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى 23 بولۇپ، ئۇنىڭدىن 20 سى بىر تەرەپ قىلىندى، 8 پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە چارە كۆرۈلدى. شۇ يىلى ناھىيىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 1958 ـ يىلدىن 1961 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدىكى ھەرىكەتلەردە چارە كۆرۈلگەن پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئامىمىنى 2 ـ قېتىم تەكشۈرۈش، ئاقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 133 كىشىنى تەكشۈرۈش دائىرىسىگە كىرگۈزدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 7 كىشى قىسمەن خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان، 49 كىشى پۈتۈنلەي خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان، دەپ قارالدى، بۇ تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرىنىڭ تەخمىنەن 42%نى ئىگىلەيدۇ.

1964 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 28نى قوبۇل قىلدى، 24 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە ھەرخىل چارە كۆردى.

1979 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدىكى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 20نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 16 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە چارە كۆردى.

## 3. پارتىيە ئىستىلىنى چوڭ تەكشۈرۈش

1984 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1985 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ناھىيە بويىچە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقتى. ناھىيىدىكى 51 پارتكوم، پارتىيە ياچېيكىسى (دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە ياچېيكىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىچىدە پارتىيە ئىستىلى ياخشى بولغان پارتكوم (ياچېيكا) 6 بولۇپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئومۇمىي پارتكوم (ياچېيكا) نىڭ 11.8%نى ئىگىلىدى؛ ئوتتۇراھال ھالەتتە تۇرۇۋاتقان پارتكوم (ياچېيكا) 34 بولۇپ، ئومۇمىي پارتكوم (ياچېيكا) نىڭ 66.7% نى ئىگىلىدى؛ مەسىلە بىر قەدەر كۆپ، خىزمىتى بىر قەدەر ناچار پارتكوم (ياچېيكا) 11 بولۇپ، ئومۇمىي پارتكوم (ياچېيكا) نىڭ 21.5%نى ئىگىلىدى. پۈتۈن ناھىيىدىكى 644 نەپەر پارتىيە ئەزاسى ئىچىدە لاياقەتلىك ۋە ئاساسىي جەھەتتىن لاياقەتلىك بولغىنى 605 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ 93.7%نى ئىگىلىدى. ئاساسىي جەھەتتىن لاياقەتسىز بولغىنى 32 كىشى بولۇپ، ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ 5%نى ئىگىلىدى؛ لاياقەتسىزلەر 7 بولۇپ، ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ 1.1%نى ئىگىلىدى.

1985 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ناھىيە دائىرىسىدە پارتىيە ئىستىلىنى 2 ـ قېتىم چوڭ تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق بولدى: پۈتكۈل ناھىيىدىكى 6 ئاساسىي قاتلام پارتكومىغا قاراشلىق 72 پارتىيە ياچېيكىسى ئىچىدە پارتىيە ئىستىلى ياخشى بولغىنى 24 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىكىسى 11، يېزىدىكىسى 13؛ پارتىيە ئىستىلى ناچارراق ياچېيكا 19 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىكىسى 9، يېزىدىكىسى 10؛ پارتىيە ئىستىلى ئادەتتىكىچە بولغىنى 29 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىكىسى 12، يېزىدىكىسى 16.

# II باب

# جۇڭگو گومىنداڭى چاقىلىق ناھىيىلىك پىرقىسى

## 1 § . تەشكىلىي تەرەققىياتى

مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) قىشتا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى ئەۋەتكەن تاشيول ياساش قۇرۇلۇش ئەترىتى چاقىلىق تاشيول ترانسپورت ئۆتەڭ پونكىتى سالماقچى بولۇپ، چاقىلىق — دۇنخۇاڭ تاشيولىنى ياسىدى. ترانسپورت ئۆتەڭ پونكىتىدا گومىنداڭ ئەزالىرى بار ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چاقىلىق ناھىيىسىدە گومىنداڭنىڭ پارتىيە ئىشلىرى پائالىيەتلىرى باشلاندى.

مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا گومىنداڭنىڭ چاقىلىق ناھىيىلىك پىرقىسى (داڭبۇسى) رەسمىي قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا بىر شۇجىجاڭ، بىر كاتىپ، بىر تەشكىلات ـ تەربىيە كادىرى قويۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تەشۋىقات كادىرى، ياردەمچى كادىر، تەرجىمان، بوغالتىر، ستاتىستىكىچى قاتارلىق بىر قانچە كىشى كۆپەيتىلدى ھەمدە ناھىيىلىك پىرقىگە 10 كىشى قوشۇمچە ئەزالىققا، 3 كىشى كاندىدات ئەزالىققا قويۇلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە (داڭبۇ) نىڭ خىزمىتىنى شۇجىجاڭلىققا، ليۇ كەيجياڭنى كاتىپلىققا، بىۋاستە تەيىنلىدى. ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇلۇش بىلەن بىللە، بىر شۆبە رايونلۇق پىرقە، بىر پارتىيە گۇرۇپپىسىمۇ قۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتتا ناھىيە بويىچە نەق پارتىيە ئەزاسى 32 گە يەتتى، ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇلۇپلا ئورگان ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى، ئوقۇتقۇچى، سودىگەرلەر، ھەربىيلەر ۋە دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشقا كىرىشتى، قوبۇل قىلىنغان يېڭى پارتىيە ئەزالىرى ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا بىر تۇتاش مەلۇم قىلىندى ھەمدە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) ئەتىيازدا رايونلۇق پىرقە قۇرۇش باشلاندى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە گومىنداڭ ئەزاسى 131 گە يەتتى.

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە پارتىيە ئىشلىرى-پىلان كومىتېتى قۇرۇش توغرىسىدا ناھىيىلىك پىرقىلەرگە ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈردى. چاقىلىق ناھىيىسىدە يەرلىك مەشھۇر زاتلار پارتىيە ئىشلىرى ـ پىلان كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىندى. 9 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك گومىنداڭ ئەزالىرى ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىپ، ناھىيىلىك پىرقە ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە رېۋىزىيە كومىتېتى قۇرۇلدى، 14 كىشى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، بىر كىشى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزالىقىغا ۋە 9 كىشى رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، بىر كىشى رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزالىقىغا

سايلاندى.

1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان چاغدا، جۇڭگو گومىنداڭىنىڭ چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىدىن رايونلۇق پىرقە 6 گە، شۆبە رايونلۇق پىرقە 19 غا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - رايونلۇق پىرقە ئەسلىدە ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇلغاندا تەسىس قىلىنغان شۆبە رايونلۇق پىرقە بولۇپ، كېيىن ئۇ 1 - رايونلۇق پىرقىگە ئۆزگەرتىلگەنىدى. 1 -، 2 - رايونلۇق پىرقە ناھىيە بازىرىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىي 7 شۆبە پىرقىسى بار ئىدى؛ 3 -، 4 -، 5 - ۋە 6 - رايونلۇق پىرقىلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا ۋاششەرى، ئۆتام، يېڭىسۇ، مىرەن قاتارلىق يېزىلاردا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، جەمئىي 12 شۆبە پىرقىسى بار ئىدى. ناھىيە بويىچە تىزىملانغان گومىنداڭ ئەزاسى 361 گە يەتكەن. ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى يى خۇيمىن ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇلغاندىن تارتىپ چاقىلىق ناھىيىسى تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ ناھىيىلىك پىرقە تارقىتىۋېتىلگەنگە قەدەر ۋەزىپە ئۆتىدى.

## § 2 . ئاساسىي پائالىيەتلىرى

جۇڭگو گومىنداڭىنىڭ چاقىلىق ناھىيىلىك پىرقىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر يىلى بىر قېتىم «10 - ئۆكتەبىر» بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ تۇردى. ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ بەزى دىنىي زاتلارنى چاقىرىپ سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ تۇردى. رايونلۇق پىرقە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر دۈشەنبە كۈنى بىر قېتىم ھەپتىلىك يىغىن ئېچىپ تۇردى، يىغىنغا ئاساسەن ئورگان-ئورۇنلارنىڭ خادىملىرى قاتناشتى. يىغىندا گومىنداڭنىڭ مەقسىتى تەشۋىق قىلىنىدى، ئەينى ۋاقىتتا مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىۋاتقان ۋەزىيەتتە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا بەزى تەشۋىقاتلارمۇ ئېلىپ بېرىلدى ھەم ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بويىچە بىر قېتىم ئىئانە توپلاش ئاممىۋى يىغىنى ئېچىلدى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943- يىلى) 12 - ئايدا ناھىيىلىك پىرقە ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاتالمىش «يېڭى ھايات ھەرىكىتى»نى يولغا قويۇپ، خەلق ئاممىسىغا فېئوداللىق ئەخلاق ۋە ئىدىيىنى سىڭدۈردى. فېئوداللىق ئەخلاق تەرغىپ قىلىنىدىغان «ئۈچ ئەركان، بەش ئەھكام» ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىدىيىسى، سۆز ۋە ھەرىكىتىنى تىزگىنلەپ، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلارغا بولغان تەلەپلەر ئارقىلىق خەلقنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان نارازىلىقىنى بۇراپ، گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدىماقچى بولدى. «يېڭى ھايات ھەرىكىتى»نى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پىرقە دەرھال ناھىيە بويىچە «يېڭى ھايات ھەرىكىتى»نى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئورگانلار، تەشكىلاتلار، مەكتەپلەرنى «يېڭى ھايات ھەرىكىتى» كومىتېتى قۇرۇشقا تەشكىللىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە يېڭى ھايات ھەرىكىتى كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇ كومىتېت 7 كىشىدىن تەركىب تاپتى، مۇئاۋىن ھاكىم جاڭ فۇجيۇ كومىتېت مۇدىرى بولدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 2 - ئايدا ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى يى خۇيمىن ۋە مۇئاۋىن ھاكىم جاڭ فۇجيۇ ۋاششەرىگە بېرىپ، «يېڭى ھايات ھەرىكىتى»نى تەشۋىق قىلدى. 9 - ئايدا ئۆلكىلىك پىرقە سۇڭ نيەنسى قاتارلىق كىشىلەرنى چاقىلىق ناھىيىسىگە پارتىيە پائالىيەتلىرىنى

كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتتى.

گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەكشۈرۈش - ستاتىستىكا ئىدارىسى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى قاتارلىق ئىشپىيونلۇق ئاپپاراتلىرى چاقىلىق ناھىيىسىدە ئىشپىيونلۇقتا ئەزا قوبۇل قىلدى.

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. چاقىلىق ناھىيىلىك پىرقە پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، گومىنداڭنىڭ پائالىيەتلىرى توختىدى، ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى يى خۇيمىن كاتىپ دۇ لىتىڭ بىلەن بىرلىكتە ناھىيىلىك پىرقىنىڭ ھەممە ئارخىپلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

# III باب

# ئاممىۋى تەشكىلاتلار

## 1 § . ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى

### 1. ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) 6 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. ئىشچىلار ئاز بولغانلىقتىن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پائالىيەت ئېلىپ بارالمىغان، 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشتىن ئىلگىرى، ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆزلۈكىدىن يوقالغان.

### 2. پوچتا - تېلېگراف ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدا پوچتا - تېلېگراف ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇ ئازادلىقتىن كېيىن چاقىلىق ناھىيىسىدە قۇرۇلغان تۇنجى ئىشچىلار تەشكىلاتى ئىدى. 1957 - يىل 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن پوچتا - تېلېگراف ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى گۇرۇپپىسى چاقىلىق ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى.

### 3. ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

1984 - يىل 10 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەسمىي قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە ھەر قايسى ئورۇنلاردىمۇ ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى.

1) ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلتىيى 1987 - يىل 9 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا ناھىيىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئەزاسىغا ۋاكالىتەن 88 ۋەكىل قاتناشتى، 13 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ماقۇللاندى ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىپ قارار ماقۇللاندى، قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتى ۋە باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ھەم خىراجەت تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى مۇكەممەللىشىشكە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرى مۇنتىزىملىشىشقا باشلىدى.

2) ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى 1984 - يىل 10- ئايدا ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى، 1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى 35كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكىسى 34، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلاردىكىسى بىر. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار ئىچىدە كارخانا ئورۇنلىرىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى 10، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى 7، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى 12، ئاپتونوم رايون ۋە بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ چاقىلىق ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى 5.

**چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالى**

جەدۋەل: 2 — 6

| ۋاقتى | ئىشچى - خىزمەتچىلەر | | | | | | ئۇيۇشما ئەزالىرى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي سانى | بۇلارنىڭ ئىچىدە | | | | | ئومۇمىي سانى | بۇنىڭ ئىچىدە | |
| | | ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر | ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى | توختام تۈزۈمىدىكى ئىشچىلار | كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى | غەيرىي كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى | | ئايال ئەزالار | ئاز سانلىق مىللەت ئەزالار |
| 1985 - يىلى | 1273 | 483 | 581 | | 414 | 859 | 1019 | 427 | 487 |
| 1987 - يىلى | 1313 | 510 | 619 | 43 | 432 | 881 | 1084 | 440 | 505 |

## § 2 . دېھقانلار تەشكىلاتلىرى

### 1 . دېھقانلار كومىتېتى (دېھقانلار ئۇيۇشمىسى)

1950 - يىل 1 - ئايدا ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلۇپلا خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىغا بېرىپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈردى، ئامما ئارىسىدىكى ئاكتىپلارنى بايقىدى ۋە ئۇلارنى تەربىيىلىدى ھەمدە شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن جايلاردا دېھقانلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىنى قۇردى. 6 - ئايغا قەدەر ناھىيە بويىچە 2 رايون، 7 يېزىدا 36 دېھقانلار ئۇيۇشمىسى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 206 كىشى دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. يىل ئاخىرىغىچە ناھىيىگە قاراشلىق رايون، يېزىلاردا دېھقانلار ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى ھەمدە دېھقانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى سايلاپ چىقىلدى، 14 كىشى دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا، مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلاندى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى 458 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 418، ئايال 40.

1951 - يىل 7 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتاي 6 كۈن داۋاملاشتى. قۇرۇلتايغا 82 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 9 كىشى سىرتتىن قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ۋەكىل 84، خەنزۇ ۋەكىل 6، قازاق ۋەكىل بىر؛ رەسمىي ۋەكىل ئىچىدە ئەر ۋەكىل 76، ئايال ۋەكىل 6. قۇرۇلتاينىڭ مەقسىتى دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، ناھىيىلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇش؛ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى قەتئىي باستۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. قۇرۇلتايدا 3 كىشى ناھىيىلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، 6 كىشى ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى.

1952 - يىل 6 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتاي 3 كۈن داۋاملاشتى. قۇرۇلتايغا 32 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 24 كىشى سىرتتىن قاتناشتى.

1958 - يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسى ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالدى.

### 2 . كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى

1965 - يىل 1 - ئايدا يېزىلاردا سىنىپىي تەركىبلەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، چاقىلىق ناھىيىسىدە كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 2 - ئايدا ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى ۋە خەلق گۇڭشېلىرى (دېھقانچىلىق مەيدانلىرى) دىمۇ كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى.

1965 - يىل 2 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتاي 4 كۈن داۋاملاشتى، قۇرۇلتايغا 25 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 25 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى، قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تارقاتقان «يېزا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە نۆۋەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى مەسىلىلەر» («23 ماددا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش، ھەر دەرىجىلىك كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى ۋە كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان گۇرۇپپىسى ئەزالىرىنىڭ 1965 - يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تايانچلىق، باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. قۇرۇلتايدا 9 كىشى كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا، 3 كىشى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى، مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىدى.

1974 - يىل 1 - ئايدا ھەر دەرىجىلىك كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، 7 كىشىدىن تەركىب تاپقان ناھىيىلىك كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى قايتىدىن قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا قۇرۇلۇپ، كەمبەغەل دېھقان- تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە كۈچەيتىشكە مەسئۇل قىلىندى. 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە ھەر دەرىجىلىك كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى.

1974 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتاي 4 كۈن داۋاملاشتى، قۇرۇلتايغا 53 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 33 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، بۇ كومىتېت 17 ئەزا، 5 دائىمىي ئەزا، 3 مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىردىن تەركىب تاپتى. ناھىيىلىك كەمبەغەل دېھقان- تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا كۈندىلىك ئىشلارغا مەسئۇل ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

1979 - يىلى ناھىيىلىك كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى ئۆز خىزمىتىنى توختاتتى. 1984 - يىلى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالدى.

## 3 § . كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى

### 1. تەشكىلىي ئاپپاراتى

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - جۈن 6 - شىسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۆەنى يىل ئاخىرىدا چاقىلىق ناھىيىسىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى، قىسىم بىر تۈركۈم كادىر ۋە جەڭچىنى يەرلىككە بېرىپ ئىشلەشكە ئاجراتتى، ئۇلار ئارىسىدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 2 نەپەر ئەزاسى بار ئىدى. 1950 - يىلىنىڭ بېشىدا ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ياشلارغا تەشۋىق قىلىش - تەربىيە بېرىش ئاساسىدا، 12 - ئايدا ناھىيىلىك

ئورگانلار، مەكتەپلەر، 1-، 2-رايونلاردىن 12 نەپەر ياش ئاكتىپ ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتىغا قوبۇل قىلىندى ھەمدە چاقىلىق ناھىيىسى بويىچە تۇنجى ئىتتىپاق ياچېيكىسى قۇرۇلدى.

1952-يىل 10-ئايدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى چاقىلىق ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى. ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ قوشۇنىنى زورايتىش ئۈچۈن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى مەزگىلىدە يېزىلاردا ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1952-يىل 10-ئايدا ئىتتىپاق تەشكىلاتى قۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى ۋە بۇ ئىشنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى، ئىتتىپاق تەشكىلاتى قۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى 1-رايونغا قويۇپ، ئىتتىپاققا 16 ئەزا قوبۇل قىلىپ، تۇنجى يېزا ئىتتىپاق ياچېيكىسىنى قۇردى. 1953-يىلى يېزىلاردا يەر تەڭشەش جەريانىدا يەنە 1-رايوننىڭ 1-يېزىسىدا ۋە 2-، 3-رايونلارنىڭ ھەربىرىدە بىردىن ئىتتىپاق ياچېيكىسى قۇرۇلدى، ئىتتىپاققا 13 ئەزا قوبۇل قىلىندى. 1955-يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتى 13 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى بىر، ئىتتىپاق ياچېيكىسى 12 (ئورگانلاردىكىسى 5، مەكتەپلەردىكىسى بىر، يېزىدىكىسى 6). ئىتتىپاق ئەزاسى 196 گە يېتىپ، ناھىيە بويىچە ياشلار ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن %20نى ئىگىلىدى.

1955-يىل 12-ئاينىڭ 19-كۈنى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى چاقىلىق ناھىيىلىك 1-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايدا ياشلار ئىتتىپاقى چاقىلىق ناھىيىلىك 1-نۆۋەتلىك خىزمەت كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى.

1957-يىل 5-ئايدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى چاقىلىق ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ نامى رەسمىي تۈردە جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى.

1966-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ خىزمىتى توختاپ قالدى.

1973-يىل 5-ئايدا يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، چاقىلىق ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى رەسمىي ئەسلىگە كەلدى، «غالىبىيەت» گوڭشېسى، «ئىتتىپاق» گوڭشېسى ۋە ۋاششەرى گوڭشېسىدىمۇ ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئەسلىگە كەلدى ۋە قۇرۇلدى.

1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئىتتىپاق كومىتېتى 4كە، ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى 10غا، ئىتتىپاق ياچېيكىسى 75كە، ئىتتىپاق ئەزاسى 1209غا يەتتى. جۈملىدىن يېزىلاردا ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى 3كە، ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى 9غا، ئىتتىپاق ياچېيكىسى 35كە يەتتى، ئىتتىپاق ئەزاسى 759غا يېتىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئومۇمىي ئىتتىپاق ئەزاسىنىڭ %62.8نى ئىگىلىدى.

## 2. ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى (ياشلار ئىتتىپاقى) قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1985-يىلغىچە جەمئىي 6 قېتىم ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

### چاقىلىق ناھىيىسىدە ئېچىلغان ئىتتىپاق قۇرۇلتايلىرى

جەدۋەل: 2 — 7

| نۆۋىتى | ۋاقتى | ۋەكىل سانى | ئاساسىي قارارلار | ناھىيە بويىچە ئىتتىپاق ئەزالىرى سانى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | 1955 - يىلى 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى | 32 | ياشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈشكە ۋە ھەمكارلىشىش مەركەز قىلىنغان يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ھەرىكىتىگە پائال قاتنىشىشقا تەشكىللەش | 196 |
| 2 | 1962 - يىلى 5 - ئاي-ىنىڭ 21 - كۈنى | 46 | تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېزا ئىگىلىكى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش | 283 |
| 3 | 1964 - يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى | 50 | ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيە ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش | 371 |
| 4 | 1973 - يىلى 6 - ئاي-ىنىڭ 6 - كۈنى | 83 | ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ياشلارنى 3 چوڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەت جەريانىدا ئاكتىپ رول ئويناشقا يېتەكلەش | 527 |
| 5 | 1974 - يىلى 12 - ئاي | 72 | تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى قىتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەش | 517 |
| 6 | 1982 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى | 79 | پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىپ، 12 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ياشلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇ-رۇشتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاش | 853 |

## § 4 . ئاياللار بىرلەشمىسى

### 1. تەشكىلىي تەرەققىياتى

1950 - يىلى 7 - ئايدا ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، ئايرىم ئەزا قوبۇل قىلىش شەكلى ئارقىلىق، رايونلۇق، يېزىلىق ئاياللار ئۇيۇشمىسى تەشكىل قىلىندى، ئۇنىڭ ئەزالىرى 395 كە يەتتى. 1951-يىلى 12 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم ئاياللار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرى تۈزۈمىنى ئاياللار

ۋەكىللىرى تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. 1952 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى رەسمىي قۇرۇلدى، قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئىجرائىيە كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. 1953 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ نامى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە ئۆزگەرتىلدى، 1957 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئاياللار ۋەكىللىرى خىزمەت ھەيئىتى ئاياللار خىزمىتى كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1960 ـ يىلى ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى «ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تەستىقلاپ تارقاتتى، ھەر قايسى باشقۇرۇش رايونلىرىدا ئاياللار بىرلەشمىسى كومىتېتى قۇرۇلدى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى توختىدى. 1973 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتى ئەسلىگە كەلدى ھەمدە 7 ـ ئايدا ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. شۇ يىلى ئاساسىي قاتلام ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى تەرتىپكە سېلىندى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە ئاياللار ۋەكىللىرى گۇرۇپپىسى، چوڭ ئەترەتلەردە ئاياللار ۋەكىللىرى خىزمەت ھەيئىتى، گۇڭشېلاردا ئاياللار بىرلەشمىسى كومىتېتى قۇرۇلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلىق (بازارلىق) ئاياللار بىرلەشمىسى كومىتېتى 4 كە، كەنت (مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى) ئاياللار ۋەكىللىرى خىزمەت ھەيئىتى 35 كە يەتتى.

## 2. ئاياللار قۇرۇلتىيى

ئاياللار بىرلەشمىسى 1951 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1985 ـ يىلغىچە 5 قېتىم ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

### چاقىلىق ناھىيىلىك ھەر نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 8

| نۆۋىتى | ۋاقتى | ۋەكىل سانى | ئاساسىي قارارلار |
|---|---|---|---|
| 1 | 1952 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى | 45 | ئاياللارنى ئومۇمىي سايلام خىزمىتى ۋە يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش |
| 2 | 1956 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى | 39 | ئاياللارنى يېزا ئىگىلىكىدە، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ھەرىكىتى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتى ۋە سىياسىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش، يېڭى نىكاھ قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش |
| 3 | 1963 ـ يىل 12 ـ ئاي | 58 | تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا پائال قاتنىشىش مەزمۇن قىلىنغان سېلىشتۇرۇش، ئۆگىنىش، يېتىشىۋېلىش، ياردەم بېرىش، ئېشىپ كېتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 4 | 1973 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى | 73 | لىن بياۋنى تەنقىد قىلىش، ئىستىل تۈزىتىشنى تۇتقا قىلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى ۋە ماۋ جۇشىنىڭ ئاياللار خىزمىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئاياللارغا ئىدىيۋى تەربىيە ۋە لۇشيەن تەربىيىسى بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۈرەش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش |
| 5 | 1983 - يىل 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى | 79 | خىزمەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ھەر قايسى سەپلەردىن ياماللاپ چىقىلغان «8 - مارت» قىزىلبايراقدارلىرىنى، «8- مارت» قىزىلبايراقدار كوللېكتىپلىرىنى ۋە «بەشتە ياخشى» ئائىلە ۋەكىللىرىنى تەقدىرلەش |

# § 5 . سودا - سانائەتچىلەر تەشكىلاتى

## 1 . چاقىلىق ناھىيىلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى

چاقىلىق ناھىيىلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) 6- ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، بىر ئۇيۇشما باشلىقى، بىر قانچە ھەيئەت ئەزاسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، سەييارە سودىگەرلەر، تۇراقلىق تىجارەتچىلەر، يايمىچىلارنى باشقۇرۇش ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 2 . سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

1951 - يىل 4 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا بىر بىرلەشمە باشلىقى ۋە بىر مۇئاۋىن بىرلەشمە باشلىقى ھەم بىر نەچچە ھەيئەت ئەزاسى قويۇلدى. 1953 - يىل 11 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتاي 3 كۈن داۋاملاشتى. قۇرۇلتايغا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا دۇكانلىرى، تەمىنات - سودا كوپىراتىپى ۋە خۇسۇسىي سەييارە سودىگەرلەر، تۇراقلىق تىجارەتچىلەر، يايمىچىلار، ناۋايلىق، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، كىگىزچىلىك، كۆنچىلىك، ياغ تارتىش قاتارلىق ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۆزبېك ۋەكىللەردىن بولۇپ 25 كىشى قاتناشتى. ۋەكىللەر مۇئاۋىن ھاكىم ۋاڭ چۈەنۋېن بەرگەن «سودا- سانائەت سىياسىتى توغرىسىدا دوكلات»نى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە مالىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چېن باۋتيەن بەرگەن «سودا - سانائەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يۆنىلىشى توغرىسىدىكى دوكلات» ھەم «باج سىياسىتى ۋە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى دوكلات»نى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە مۇزاكىرە قىلدى.

ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پائالىيەت خىراجىتى ئاساسەن خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىلەر ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا دۇكانلىرى، تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرى ھەممە بانكا قاتارلىقلار تاپشۇرغان ئەزالىق بەدىلىدىن ھەل قىلىنىدى. 1968 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالدى.

# 6 § . مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى

## 1. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى دېيىلىدۇ)

چاقىلىق ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936. يىلى) 12 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، بىر كىشى ئۇيۇشما باشلىقلىقىغا (شۇ ۋاقىتتا ھاكىم گاجىت بەكرى قوشۇمچە ئۆتىگەن)، بىر كىشى مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقلىقىغا قويۇلغان، ئۇيۇشما قارىمىقىدا كاتىبات بۆلۈمچىسى، مەدەنىيەت بۆلۈمچىسى، تەشۋىقات بۆلۈمچىسى، مالىيە بۆلۈمچىسى، تەشكىلات بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىنغان.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپلا پۈتۈن ناھىيىدە ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىغان ھەم ئۇيۇشما قارىمىقىدا مەكتەپ قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە كىرىشكەن. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) 7 - ئايدا خېشى كەنتىدە (ھازىرقى ئۆتام يېزىسىنىڭ يېنىدا) ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى تۇنجى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەكتىپى قۇرۇلغان، ئۇ، شۇ ۋاقىتتا خېشى كەنتى ئۇيۇشما مەكتىپى دەپ ئاتالغان. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋاشەرى، مىيۇەن (ھازىرقى مىرەن)، يېڭىسۇلاردا ئۇيۇشما باشقۇرىدىغان 3 ئاز سانلىق مىللەتلەر مەكتىپى بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلغان، بۇ مەكتەپلەردە 8 سىنىپ ئېچىلغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى يەنى ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرگە ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى يېڭىسۇ 1 - مىللىي مەكتىپى، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى ۋاشەرى 2. مىللىي مەكتىپى، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مىيۇەن 3 - مىللىي مەكتىپى، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى خېشى 4 - مىللىي مەكتىپى دەپ قايتا نام بەرگەن. ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 14 مەكتەپتە جەمئىي 14 سىنىپ بار بولۇپ، ئوقۇشقا كىرگەن ئومۇمىي ئوقۇغۇچى ئەڭ كۆپ بولغاندا تەخمىنەن 440 قا يەتكەن.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مەكتەپ ئېچىشتا ئۇيغۇر مەدەنىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئوقۇغۇچىلار ناھىيىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدىن كېلەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى پەرقلىق بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا قۇرامىغا يەتكەن ئەر - ئاياللارمۇ، ئۆسمۈر - باللارمۇ بار ئىدى. مەكتەپلەردە تىل - ئەدەبىيات، ھېساب، شېئىر، سىياسەت قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. دەرسلىكلەرنى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىر تۇتاش بەلگىلەيتتى ھەم ئۆز قەرەلىدە تەمىنلەپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ھەمدە ئىش خىراجىتى، ئوقۇتۇش خىراجىتىنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدىكىلەر تاپشۇرغان ئۆشرە - زاكاتتىن ھەل قىلىناتتى. ئۆشرە - زاكات تاپشۇرۇشتا دېھقانلار ھەر يىلى ئاشلىق كىرىمىنىڭ %10 ىنى تاپشۇرۇش، چارۋىچىلار ھەر 40 تۇياق قويىدىن بىرنى تاپشۇرۇش ئۆلچەم قىلىناتتى.

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى، 10 - ئايدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۆز پائالىيەتلىرىنى توختاتتى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 13 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، بۇ ئارىلىقتا ئۇيۇشما باشلىقى 7 قېتىم ئالماشتى، ۋاقتى ۋە ئالمىشىش تەرتىپى بويىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن ئۇيۇشما باشلىقلىرى تۆۋەندىكىچە: گاجىت بەكرى، مامۇت، ئىمىن ئاخۇن، ئابدۇغېنى، نۇر بەختى، ھاجىئاخۇن مەتىنىز، مەتىمىن ياقۇپ سابىتوف.

## 2. خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىپ خەنزۇ ئۇيۇشمىسى دېيىلىدۇ)

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) نىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى چاقىلىق ناھىيىسىدە خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن 3 كىشىنى چاقىلىق ناھىيىسىگە ئەۋەتتى. ئۇلار شۇ يىلى 3 ـ ئايدا، ناھىيىدىكى قۇرامىغا يەتكەن ھەممە خەنزۇلارنى چاقىرىپ يىغىن ئاچتى، يىغىنغا خې فامىلىلىك بىر كىشى رىياسەتچىلىك قىلدى، يىغىندا، ئاساسەن، خەنزۇ ئۇيۇشمىسى قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى سۆزلەندى ھەمدە يىغىنغا قاتناشقانلاردىن خەنزۇ ئۇيۇشمىسى ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئۇيۇشما ئەزالىرى نامزاتلىرىنى كۆرسىتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى غۇلغۇلا قىلىش تەلەپ قىلىندى، كېلەركى قېتىمقى يىغىندا ئۇيۇشما باشلىقى، مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقىنى سايلاپ چىقىش، ئاپپارات قۇرۇپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش پىلانلاندى، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا چاقىلىق ناھىيىسىدىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئازادلىق ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانلىقى، ۋەزىيەت مۇقىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، 2 ـ قېتىملىق يىغىن ئېچىلماي قالدى، خې فامىلىلىك قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن چاقىلىقتىن كەتتى.

# قوشۇمچە: باڭ ـ خۇي تەشكىلاتلىرى

## 1. گېلاۋخۇي تەشكىلاتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا چاقىلىق ناھىيىسىدىكى دىڭشياڭۋاڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىب كالامى، يېشى 50 تىن ئاشقان چيۇ يۇشەن تاغقا چىقىپ ئىبادەتخانا سېلىپ، گېلاۋخۇي تەشكىلاتىنى مەخپىي تەرەققىي قىلدۇرغان. گېلاۋخۇي تەشكىلاتىغا كۆپىنچە، سەرگەردانلار ۋە ھەربىي قوشۇندىن چۈشۈپ قالغانلار قاتناشقان.

مىنگونىڭ 1 ـ يىلى (1912 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شۇچيەن يۆتكەپ كېتىلىپ، خۇ دېيەنخۋا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى. كېيىنكى يىلى 7 ـ ئايدا خۇ دېيەنخۋا چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا رەسمىي تەيىنلەندى، مۇشۇ مەزگىلدە خۇ دېيەنخۋا ئۆزىنىڭ دەرۋازىۋىنى لياۋ گوجېڭ، پوتوكچىسى لى چىڭياڭ، ئاشپىزى ياڭ يىجۇنلەرنىڭ گېلاۋخۇيغا مەخپىي قاتناشقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، ئۇلارنى خىزمەتتىن بوشىتىۋەتتى.

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى زىندان باشقۇرغۇچىسى دۇ گوجېنىڭ گېلاۋخۇي بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى دۇ شاۋتىڭ چەرچەن ناھىيىسىدىكى گېلاۋخۇيچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا چەرچەندىكى گېلاۋخۇيچىلاردىن لى تۇشۇ، لياۋ جىنشېڭ، پېڭ خېچېڭ، ۋاڭ كۇيدىن ئىبارەت 4 كىشى دۇنخۋاڭدىن 4 ئارتىم يەنى تەخمىنەن 360 جىڭ ئەپيۇننى ئوغرىلىقچە ئېلىپ كېلىپ، چاقىلىق ناھىيىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ناھىيىنىڭ ھاكىمى خۇ دېيەنخۋا تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى ھەم ئۇنى ئۆلكىنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىشىگە ئەۋەتىپ بەردى. بۇ گېلاۋخۇيچىلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن چەرچەن ناھىيىسىدىكى گېلاۋخۇيچىلار چاقىلىق ناھىيىسىدىكى گېلاۋخۇيچىلاردىن ئاۋ جەنكۇي، ۋاڭ يوڭبىڭ، چيۇ گۇيىۇلار بىلەن بىرلىكتە

ھەرىكەت قىلىپ، 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ناھىيىنىڭ ھاكىمى خۇ دېيەنخۋانى ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە گېلاۋخۇي ئەزاسى خې كەيىۋەننى ناھىيىنىڭ ۋاقىتلىق ھاكىملىقىغا سايلىدى. بۇ ئىش شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ياڭ زېڭشىن بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن، قارا شەھەردىكى قورغاس يىڭىغا ئەسكەر چىقىرىپ باستۇرۇش توغرىسىدا تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق بەردى. قورغاس يىڭىنىڭ قۇر بېشى، يېڭى ئارمىيىنىڭ مۇپەتتىشى تۇڭ مىڭسەي 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قوشۇن باشلاپ چاقىلىققا ئاتلاندى.

مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قاراۋۇلخانا باشلىقى جۇ ۋېيشىن گېلاۋخۇيچىلارنىڭ سەرگەردىسى لياۋ گوشىڭ ۋە ناھىيىنىڭ ۋاقىتلىق ھاكىمى خې كەيىۋەننى قولغا ئېلىپ ئېتىپ تاشلىدى، 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ما فۇخەي ئارقىلىق بۇ 2 ئادەمنىڭ كاللىسىنى سازايى قىلىش ئۈچۈن ئۈلكىگە يەتكۈزۈپ بەردى.

شۇ يىلى 3 - ئايدا كېرىيىنىڭ باقاۋۇللىقىغا ئۆستۈرۈلگەن جۇ ۋېيشىن چاقىلىقتىكى ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈش دېلوسى بىلەن چېتىشلىقى بولغان گېلاۋخۇي ئەزالىرىدىن خۇ جۇندې، ما فۇلۇ، زېڭ فۇلىن، جۇ ۋېنلىڭ، خۇ شىڭفا، ۋاڭ شىڭفادىن ئىبارەت 6 كىشىنى تۇتۇپ ئېتىپ تاشلىدى. 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر چاقىلىق، چەرچەنلەردە چاقىلىقتىكى ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈش دېلوسى تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن گېلاۋخۇينىڭ ئاساسىي ئەزالىرى 48 كىشىگە يەتتى.

شۇ قېتىملىق قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق چاقىلىق ناھىيىسىدىكى گېلاۋخۇيچىلار بارا-بارا جىمىپ كەتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھېچقانداق ھەرىكەت قىلمىدى.

## 2. چىڭباڭ - خۇڭباڭچىلار

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن مىنگونىڭ باشلىرىغىچە گېلاۋخۇيچىلارنىڭ چاقىلىق ناھىيىسىدە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بەزى چىڭباڭ - خۇڭباڭچىلار ئۇلارغا قوشۇلۇپ چاقىلىق ناھىيىسىگە ئېقىپ كەلگەن. چاقىلىق ناھىيىسىدىكى چىڭباڭ - خۇڭباڭچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەربىي قوشۇندىن چۈشۈپ قالغانلار بولۇپ، ئادەم سانى بىر قەدەر ئاز ئىدى، يەنە كېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى گېلاۋخۇي تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەشكىلاتى يوق ئىدى، ئوچۇق - ئاشكارا ھەرىكىتىمۇ بولمىغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا گېلاۋخۇي تەشكىلاتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ جىمىپ كەتكەنلىكتىن، چىڭباڭ - خۇڭباڭچىلارمۇ ئازىيىپ كەتتى. 1949 - يىل 9 - ئايدا چاقىلىق تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان ۋاقىتتا، ناھىيە بويىچە چىڭباڭ - خۇڭباڭچىلاردىن 3لا كىشى قالغان، ئۇلارنىڭ بىرى چىڭباڭچى، 2سى خۇڭباڭچى ئىدى.

# IV باب

# زور سىياسىي ۋەقەلەر

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى

تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش - بەشكە قارشى تۇرۇش، ھەمكارلىشىش - كوپېراتسىيىلىشىش، خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش - كادىرلارنى تەكشۈرۈش، ئىستىل تۈزىتىش - ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش، خەلق گۇڭشېسى، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، سوتسىيالىستىك تەربىيە، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى، پاش قىلىش - تەنقىد قىلىش - تەكشۈرۈش، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قاتارلىق زور سىياسىي ۋەقەلەر بولدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، خەلق گۇڭشېسى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قاتارلىقلار ئالاقىدار باب - پاراگرافلاردا بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىندى، بۇ بابتا تەكرارلانمىدى.

## § 1 . ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، 1950 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ئوشتۇمتۇت چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى ھەم ئۇرۇش ئوتىنى دۆلىتىمىزنىڭ چېگرىسىغا تۇتاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دەندۇڭ شەھىرىدىكى ئاھالىلەر رايونىنى بومباردىمان قىلىپ، ئېلىمىز خەلقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاسىتە تەھدىت سالدى. بۇ جىددىي پەيتتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ماۋ جۇشى 1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرت ۋە ۋەتەننى قوغداش»تىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭغا چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئامما پائال ئاۋاز قوشتى. 1950- يىل 10 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىدە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش بويىچە كۈچ كۆرسىتىش نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى. 1951 - يىل 5 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىدە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، رايونلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن ۋە دىنىي زاتلاردىن تەشكىللەنگەن ناھىيىلىك ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش شۆبە جەمئىيىتى قۇرۇلدى ھەم 37 نەپەر ئاكتىپتىن تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىل قىلىندى، تەشۋىقات ئەترىتى 3 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، پۈتۈن ناھىيە دائىرىسىدە ئالدى بىلەن ناھىيە بازىرىدا، كېيىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش- چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش بويىچە تەشۋىقات پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. ھەر مىللەت ئامما كەينى - كەينىدىن ۋەتەننى سۆيۈش ئەھدىنامىسى تۈزۈپ، ئىئانە پۇل توپلاپ قورال - ياراغ سېتىۋېلىپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرت ۋە ۋەتەننى قوغداش بويىچە داغدۇغىلىق ئاممىۋى ھەرىكەت قوزغىلىپ كەتتى.

مەلۇماتقا قارىغاندا، 1950 - يىل 6 - ئايدىن 1952 - يىل 4 - ئايغىچە ناھىيە بويىچە 33 نەپەر ھەر مىللەت كادىر ۋە ئامما ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم

بېرىش يۈزىسىدىن 3 مىليون 38 مىڭ يۈەن (كونا پۇل) قىممىتىدە نەق پۇل ۋە ماددىي نەرسە ئىئانە قىلغان، 37 ئادەم ئىلتىماس يېزىپ، چاۋشيەنگە بېرىپ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغان.

## § 2. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش

1951 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش نىزامى»نى ئېلان قىلدى، يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شۇ يىلى 4 - ئايدا ناھىيە بويىچە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ئاممىۋى ھەرىكىتىنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇردى، كەڭ ئامما بۇ ھەرىكەتكە ئاكتىپ قاتناشتى ھەمدە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى پاش قىلدى. 1951 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىدە جاڭ بىنزېي قاتارلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئوچۇق سوت قىلىش يىغىنى ئېچىلدى ھەمدە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ جىنايەتلىرىگە دائىر كۆرگەزمە ئېچىلدى، كۆرگەزمىنى 2043 ئادەم كۆردى. پاكىتلار ئاممىنى تەربىيىلىدى، كادىرلار ۋە ئامما ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا چەكسىز غەزەپلەندى، 321 ئادەم 59 پارچە شىكايەتنامە يازدى.

1951 - يىل 9 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدا ۋەكىللەر ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش توغرىسىدا 28 پارچە تەكلىپ بەردى.

تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1951 - يىل 4 - ئايدىن 1952 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاممىنىڭ پاش قىلىشى ۋە دىكتاتورا ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە 4 باندىت، 5 ئىشپىيون، 9 ئاخباراتچى، گومىنداڭنىڭ 7 نەپەر پارتىيە - ئىتتىپاق تايانچىسى، 14 نەپەر ئەكسىيەتچى خۇيداۋمېن تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى، 2 نەپەر نەق ئەكسىلئىنقىلابچى بولۇپ جەمئىي 41 كىشى ئېنىقلاپ چىقىلغان، 34 كىشى قولغا ئېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە 3 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.

1951 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «پانتۈركىستلار ئەكسىلئىنقىلابىي دېلوسى» پاش قىلىندى، 1952 - يىل 9 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 23 كىشىنى تەشكىللەپ، بۇ دېلونى ئومۇمىيۈزلۈك قايتا تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئەسلى دېلونىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خاتا دېلوغا كىرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. قايتا تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ دېلونى ئاقلاش ھەققىدە قارار چىقىرىپ، كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش يۈزىسىدىن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى. تۈرلۈك يىغىنلارنى ئېچىپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، ئۆلگەنلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى زىيارەت قىلىپ، خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىپ ئەپۇ سورىدى، دېلو پاش قىلىش ۋاقتىدا مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈكلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەردى.

ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ج خ ئىدارىسى ئۆزلىرىنى چوڭقۇر تەكشۈردى، دېلو بېجىرىشتە سىياسەتكە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلارغا زۆرۈر چارە كۆردى.

## § 3 . «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ، «بەشكە قارشى تۇرۇش»

### 1. «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»

چاقىلىق ناھىيىسىدە «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى 1952 - يىل 2 - ئايدا باشلىنىپ، 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئاخىرلاشتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ۋە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، بۇ ھەرىكەت ناھىيە بويىچە 24 دۆلەت ئورگىنى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇندا ئېلىپ بېرىلدى. ھەرىكەتكە 322 كىشى قاتناشتى. ھەرىكەت ئۆگىنىش - سەپەرۋەر قىلىش - تونۇشنى ئۆستۈرۈش، ئىقرار قىلىپ مەسىلە تاپشۇرۇش، پاش قىلىش، قايتا تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دېلو بېكىتىپ بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت 5 باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى.

«ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە ئامما 2424 پارچە چوڭ خەتلىك گېزىت يازدى، ئېچىلىش - سايراشتا 3602 پارچە پىكىر بەردى، جەمئىي 51 خىيانەتچى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، ئۇلارنىڭ خىيانەت سوممىسى 98 مىليون 5667 يۈەن بولۇپ (شۇ ۋاقىتتىكى كونا خەلق پۇلى ھېسابىدا)، ئۇنى ئۇنىغا سۇندۇرغاندا 36 مىڭ 2 جىڭ بولىدۇ. ئىسراپ قىلىنغان 24 مىليون 345 مىڭ 820 يۈەن پۇل تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، ئۇنى ئۇنىغا سۇندۇرغاندا 8659 جىڭ بولىدۇ.

ناھىيە بويىچە «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش كادىرلار قوشۇنىنى پاكلاشتۇرۇش، كونا ئورگانلاردىن قېلىپ قالغان چىرىك ئىستىللارنى تازىلاش، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش - پاك - دىيانەتلىك بولۇش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى، لېكىن ھەرىكەتتە مۇھىملىرى بىلەن مۇھىم بولمىغانلىرىنى پەرقلەندۈرمەسلىك ھەممە ئادەمنى ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈش چارىسى قوللىنىلغانلىقتىن، زەربە بېرىش دائىرىسىنى ھەددىدىن ئارتۇق كېڭەيتىۋېتىش، خىيانەت پۇلىنى كۆپرەك ھېسابلىۋېتىشتەك ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى.

### 2. «بەشكە قارشى تۇرۇش»

دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇش بىلەن بىرگە، سودا - سانائەت ساھەسىدە «پارىخورلۇققا، باج ئوغرىلاش - باج تاپشۇرماسلىققا، دۆلەت مال - مۈلكىنى ئوغرىلاشقا، ئىش ھالقىلىرىنى قىسقارتىپ قول ئۇچىدىلا ئىشلەپ قويۇشقا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتلىرىنى ئوغۇرلاشقا قارشى تۇرۇش»تىن ئىبارەت «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. چاقىلىق ناھىيىسىدە سودا - سانائەتنىڭ كۆلىمى كىچىك بولغانلىقى، قول سانائەتمۇ كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، چوڭ مەسىلىلەر پاش

بولمىدى. ئىش ھالقىلىرىنى قىسقارتىپ قول ئۈچىدىلا ئىشلەپ قويغانلار مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى، باج ئوغرىلىغان، باج تاپشۇرمىغانلاردىن باج تولۇقلاپ ئېلىندى.

## § 4 . ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش

### 1. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش

1955 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «يوشۇرۇنغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقاردى، ئۇنىڭدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى، ئاساسەن، دۆلەت ئورگانلىرى، ئارمىيە، خەلق تەشكىلاتلىرى، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. چاقىلىق ناھىيىسىدە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى 1956 - يىل 4 - ئايدا باشلىنىپ، شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى.

چاقىلىق ناھىيىسىدە 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، 11 خىزمەتچى سەپلەندى.

ھەرىكەتنىڭ يەنىمۇ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاشقا مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان 21 كادىر (ناھىيە بويىچە ئومۇمىي كادىر سانىنىڭ %5.0نى ئىگىلەيدۇ)، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان 6 كادىر ئاجرىتىلىپ، ئۇلار ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل قىلىندى. ناھىيە بويىچە 252 كادىر ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش كۈرىشىگە قاتناشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىر 140)، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە بىر قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش خىزمىتىنى مەخسۇس ئىشلەيدىغان كادىرلار ۋە ئاپانچىلاردىن 53 كىشى تەربىيىلەندى.

ئەھۋال ئىگىلەپ رەتكە تۇرغۇزۇش، پاش قىلىش - ئىقرار قىلدۇرۇش، گۇرۇپپىدا كۆرەش قىلىش، تىنچ سۆھبەتلىشىش، مەخسۇس دېلو بويىچە تەكشۈرۈش، پەرقلەندۈرۈپ دېلو بېكىتىش قاتارلىق 6 جەريان ئارقىلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتىدە 4 ئۇقتىلىق ئوبيېكتقا، جۈملىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان 2 نەپەر ئەكسىلئىنقىلابچىغا، پاش بولغان بىر نەپەر بۇزۇق ئۇنسۇرغا زەربە بېرىلدى ۋە ئۇلار بىر تەرەپ قىلىندى. تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچىغا ياتىدىغان 3 كىشى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى.

ھەرىكەتتە 91 ئادەم ئۆز مەسىلىسىنى ئىقرار قىلىپ تاپشۇردى، 78 ئادەم باشقىلارنىڭ مەسىلىسىنى پاش قىلدى.

### 2. كادىرلارنى تەكشۈرۈش

چاقىلىق ناھىيىسىدە كادىرلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى 1955 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشلىنىپ، 2 يىل داۋام قىلىپ 1958 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى.

ناھىيە بويىچە 325 كادىر تەكشۈرۈش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى، (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 146، خەنزۇ كادىر 179)، 43 كىشى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 18، خەنزۇ كادىر 25). تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق، 38 كىشىنىڭ مەسىلىسى ئېنىقلىنىپ يەكۈن چىقىرىلدى، يەكۈن چىقىرىلغاندىن كېيىن 12 كىشىگە چارە كۆرۈلدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئورگاندىن تازىلاپ چىقىرىلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 5، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە ئەۋەتىپ بېرىلگىنى بىر، ۋەزىپىسى، مائاشى چۈشۈرۈلۈپ كونترول قىلىنىپ ئىشلىتىلگىنى 5، پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى بىر).

## 5 § . ئىستىل تۈزىتىش، ئوڭچىللارغا قارشى تۈرۈش كۈرىشى

چاقىلىق ناھىيىسىدە ئىستىل تۈزىتىش، ئوڭچىللارغا قارشى تۈرۈش كۈرىشى 1957 - يىل 11 - ئايدا باشلىنىپ 2 يىلغا يېقىن داۋام قىلىپ 1959 - يىل 9 - ئايدا ئاياغلاشتى، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى 454 نەپەر كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى ئىستىل تۈزىتىش، ئوڭچىللارغا قارشى تۈرۈش كۈرىشىگە قاتناشتى (بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ كادىر 135، ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 319، پارتىيە ئەزاسى 50، ئىتتىپاق ئەزاسى 53). پۈتكۈل ھەرىكەت 4 باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

### 1. ھۆججەت ئۆگىنىش، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش

1957 - يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى پۈتكۈل پارتىيىدە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى، چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم 1957 - يىل 11 - ئاينىڭ 21- كۈنى ناھىيە بويىچە 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ئۇلارنى ئىستىل تۈزىتىشكە سەپەرۋەر قىلدى؛ ئۇلار ئىستىل تۈزىتىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىپ، ئىدىيىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ناھىيىلىك پارتكوم كاتىبات ئىشخانىسى يادرو قىلىنغان ئىستىل تۈزىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ھەمدە كادىرلار يېزىلارغا ئىستىل تۈزىتىشكە رەھبەرلىك قىلىشقا ئەۋەتىلىپ، ناھىيە دائىرىسىدە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

### 2. ئېچىلىش - سايراش، بەس - مۇنازىرە قىلىش

ھۆججەت ئۆگىنىش ئاساسىدا 1958 - يىل 1 - ئايدا ئېچىلىش، سايراش، بەس - مۇنازىرە قىلىش باشلاندى. بۇ باسقۇچتا «مەسىلە قويۇش، پىكىر بېرىش، پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويۇش، قائىدە سۆزلەش»تىن ئىبارەت فاڭجېن ئىزچىللاشتۇرۇلدى، كادىرلار ۋە ئامما پائال ئېچىلىپ، سايراپ، كومپارتىيىنىڭ ئىستىل تۈزىتىشىگە ياردەم بەردى. 3 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە جەمئىي 676 پارچە چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاندى، 995 تۈرلۈك پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 3. ئوغچىلارغا، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش

ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۇرژۇئا ئوڭچىلىرى ۋە يەرلىك مىللەتچىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋە يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ھۇجۇم قىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا 1958 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن باشلاپ ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشكە ئۆزگەردى. ئاپتونوم رايوننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئايرىم يىغىلىپ ئۆگىنىپ، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى. 1959 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە ئوڭچىل سۆزلەرنى قىلغان 17 كىشى پاش قىلىنىدى، دەسلەپكى قەدەمدە 13 كىشىنىڭ ئوڭچىللىق، 16 كىشىنىڭ يەرلىك مىللەتچىلىك كەيپىياتى بار دەپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مىللەتچىلىك ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغىنى 10.

## 4. تەكشۈرۈپ دېلو بېكىتىش، تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىش

تەنقىد، كۈرەش قىلىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئارقىلىق ناھىيە بويىچە 7 كىشى ئوڭچى دەپ ئايرىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئوڭچى 3 كىشى، ئۇلار يەرلىك مىللەتچى دەپمۇ ئاتالدى).

ئوڭچىللارغا قارشى كۈرەشتە، چاقىلىق ناھىيىسىدىمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىمەيدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىپ، ئوڭچىللارغا قارشى كۈرەش ئېغىر دەرىجىدە كېڭەيتىۋېتىلدى، بەزى كادىرلار، زىيالىيلار ۋە يۇقىرى قاتلام مىللىي دىنىي زاتلار ئېغىر دەرىجىدە ئازار يېدى، ئېغىر ئاقىۋەتلەر پەيدا بولدى. 1959 - يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باسقۇچ، تۈركۈملەرگە بۆلۈپ، ئوڭچىللارنىڭ قالپىقىنى ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى، چاقىلىق ناھىيىسىدە قالپاق ئېلىپ تاشلاش خىزمىتى ئىنتايىن سول پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ۋەجىدىن نورمال قانات يايدۇرۇلمىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، 1979 - يىل 2 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم ئوڭچىلار ۋە يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ قالپىقىنى ئېلىپ تاشلاش ئىشخانىسى قۇردى، قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، خاتا ھالدا ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچى قىلىپ ئايرىلغان 7 كىشى پۈتۈنلەي ئاقلاندى.

## §6. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»

1958 - يىل 5 - ئايدا مەملىكەت بويىچە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋەزىيىتىنىڭ تەسىرىدە، چاقىلىق ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ 2 - بەش يىللىق (1958 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە) پىلانى (لايىھە)نى ماقۇللاپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە باشقا ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئۈچۈن

پىلان - كۆرسەتكۈچ تۈزۈپ بەردى ھەمدە «ئۇمۇمىيۈزلۈك چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە بويىچە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى.

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ 2 - بەش يىللىق پىلانىدا بەلگىلەنگەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» كۆرسەتكۈچلىرى مۇنداق بولدى: 1962 - يىلغىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 326 مىڭ 100 يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 1957 - يىلدىكى 1 مىليون 203 مىڭ يۈەندىن 13.56 ھەسسە ئاشۇرۇلدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %271.2 بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 197 مىڭ 800 يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 1957 - يىلدىكىدىن 18.34 ھەسسە ئاشۇرۇلىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %366.8 بولىدۇ؛ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 128 مىڭ 300 يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 1957 - يىلدىكىدىن 15 ھەسسە ئاشۇرۇلىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %300 بولىدۇ، روشەنكى، بۇ ئەمەلىيەتتىن بەك يىراق كۆرسەتكۈچ ئىدى.

سانائەتتىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»تە ناھىيە بويىچە كەڭ كۆلەمدە پولات - تۆمۈر تاۋلاش مەركەز قىلىندى. 1958 - يىل 8 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك پولات تاۋلاش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قوماندانلىق قىلدى، ناھىيىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ھەر قايسى گۇڭشېلاردىن 400 دىن ئارتۇق ياش، قاۋۇل ئەمگەك كۈچى، ناھىيىلىك ئات - ئۇلاغ ترانسپورت شىركىتى ۋە ھەر قايسى گۇڭشېلاردىن 1000 دىن ئارتۇق ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغ ئاجرىتىلىپ، ئالتۇنتاغدا كۆمۈر قېزىلىپ، مەش ياسىلىپ، پولات تاۋلاندى. ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى بىر مەخسۇس راتسىيە ئاجرىتىپ، قوماندانلىق شتابى بىلەن ئالتۇنتاغقا كىرىپ مۇلازىمەت قىلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ئالتۇنتاغدا 20 دىن ئارتۇق يەرلىك تۈز مەش ۋە كىچىك ئۇرە مەش ياسىلىپ، 200 كىلوگرامدىن ئارتۇق ھېچنېمىگە يارىمايدىغان داشقال ئارىلاش تۆمۈر تاۋلاندى. ئىلىم - پەن قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولغان پولات تاۋلاش چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچىگە غايەت زور زىيان سالدى ۋە ئىسراپچىلىق پەيدا قىلدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، يول يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ 331 ئېشىكى يارىلانغان ۋە ئۆلگەن، كېيىن ناھىيە گۇڭشې ئەزالىرىغا زىيان ئۈچۈن 16 مىڭ 550 يۈەن تۆلەپ بەرگەن.

يېزا ئىگىلىكىدە «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» كۆرسەتكۈچلىرى مۇنداق بولدى: 1962 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئاشلىق 59 مىليون 257 مىڭ 200 جىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، 1957- يىلدىكىدىن 14 ھەسسە يەنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %280 ئاشۇرۇلىدۇ؛ ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 860 جىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، 1957 - يىلدىكىدىن 5.45 ھەسسە يەنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %109 ئاشۇرۇلىدۇ. پاختا (ساپ پاختا) ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3 مىليون 516 مىڭ 500 جىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، 1957 - يىلدىكىدىن 34.7 ھەسسە يەنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %694 ئاشۇرۇلىدۇ. بىرلىك مەھسۇلاتى 611 جىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، 1957 - يىلدىكىدىن 9.73 ھەسسە يەنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %502.6 ئاشۇرۇلىدۇ. ياغلىق دان بىرلىك مەھسۇلاتى 367 جىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، 1957 - يىلدىكىدىن 7.78 ھەسسە يەنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %155.6 ئاشۇرۇلىدۇ. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بۇ يۇقىرىقى

كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن، زور كۈچ بىلەن بوزيەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىش، 5 يىلدا 56 مىڭ 176 مو بوز يەر ئېچىش، 1962 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى 90 مىڭ مودىن ئاشۇرۇپ، كىشى بېشىغا توغـرا كېلىدىغـان تېرىلغـۇ يـەرنى 51. 34 موغا يەتكۈزۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يۇقىرى كۆرسەتكۈچ ۋە يۇقىرى پىلان مۇبالىغىچىلىك شاملى ۋە قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، يەرنى بىر مېتىر ئۆپچۆرىسىدە ئاغدۇرۇش تەكىتلەندى؛ قويۇق تېرىش تەلەپ قىلىنغانلىقتىن، بەزى ئېتىزلاردا بۇغداي مايسىلىرى ھەم قويۇق ھەم ئىنچىكە ئۆسۈپ، باشاق چىقارمىدى؛ ناھىيە بويىچە ھەممە يەردە «سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىلدى»، مەھسۇلات مىقدارى ساختا مەلۇم قىلىندى. ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپ مۇنداق «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى.

سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنىدا باشقا ساھەلەردىمۇ قارىغۇلارچە يۇقىرى كۆرسەتكۈچلۈك پىلان تۈزۈپ چىقىلدى، چارۋىچىلىقتا ئومۇمىي چارۋىنى ھەر يىلى 2.8 ھەسسە كۆپەيتىش پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ ئورمانچىلىقتا 5 يىلدا 32 مىڭ 679 مو ئورمان بەرپا قىلىپ، 1957 ـ يىلدىكىدىن 52.6 ھەسسە ئاشۇرۇش، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنى %60گە يەتكۈزۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ مالىيە جەھەتتە مالىيە كىرىمىنى 5 يىلدا 9 ھەسسە ئاشۇرۇش، 1962 ـ يىلغا بارغاندا مالىيىدە ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەش ھەمدە 200 نەچچە مىڭ يۈەن ئېشىنىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ مائارىپتا 2 يىل ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بۇ يۇقىرى كۆرسەتكۈچلۈك پىلانلارنى زادىلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايتتى.

## § 7 . سوتسىيالىستىك تەربىيە

1963 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، چاقىلىق ناھىيىسى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى ئومۇمىي دائىرىدە ئەمەس، بەلكى نۇقتىدىلا يەنى «غالىبىيەت» گوڭشېسىدىلا ئېلىپ باردى. نۇقتىدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە 1963 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى باشلىنىپ، 1964ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى.

نۇقتىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم 1963 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە ھەر دەرىجىلىك سوتسىيالىستىك تەربىيە كادىرلىرىدىن 39 كىشىنى تەربىيىلىدى (ئۇلارنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك كادىر بىر، رايون دەرىجىلىك كادىر 12، ئادەتتىكى كادىر 26، پارتىيە ئەزاسى 20، ئىتتىپاق ئەزاسى 6) ۋە ئۇلاردىن خىزمەت ئەترىتى تەشكىللىدى. تەربىيىلەش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خىزمەت ئەترىتى يېزىغا بېرىپ، 1 ـ قەدەمدە، ئاممىغا سوتسىيالىزم، كوللېكتىۋىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدا تەربىيە بەردى ھەمدە كەمبەغەللەردىن ھال ـ ئەھۋال سوراش، يىلتىز تارتىش ـ ئالاقە باغلاش ئارقىلىق، سىنىپىي كۈچلەرنى تەشكىللىدى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئىگىلىدى؛ 2 ـ قەدەمدە، كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى تەشەببۇسكارلىق

بىلەن «يۇيۇنۇپ، بوينىنى تاشلاپ» ھەرىكىتىگە ئاتلىنىشقا قوزغىدى؛ 3 ـ قەدەمدە، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تۆتنى ئېنىقلاش (ھېساباتنى ئېنىقلاش، ئامبارنى ئېنىقلاش، مالىيىنى ئېنىقلاش، ئەمگەك نومۇرىنى ئېنىقلاش) نى ئېلىپ باردى؛ 4 ـ قەدەمدە، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىش، سىنىپىي دۈشمەنلەرنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇردى، ئاخىرىدا ھەرخىل تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سالدى، قۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى.

نۆۋەتتە سىناق قىلىش ئارقىلىق، ناھىيىلىك پارتكوم: يېزىلاردا ئىككى يول كۈرىشى كەسكىن، «تۆت ئېنىق بولماسلىق» مەسىلىسى خېلى ئېغىر دەپ قارىدى. «غالىبىيەت» گۇڭشېسىدىكى 28 مالىيە خادىمىدىن 22 كىشى خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق قىلمىشلىرىنى سادىر قىلغان، ئۇلار جەمئىي 4058 يۈەنگە خىيانەت قىلغان، بۇ، گۇڭشې بويىچە «تۆتتە ئېنىق بولمىغان» كادىرلار خىيانەت قىلغان، ئوغرىلىغان 7676 يۈەننىڭ 58.85%نى ئىگىلەيدۇ. گۇڭشې بويىچە «تۆتتە ئېنىق بولمىغان»لار جەمئىي 12 مىڭ 64 يۈەن قايتۇردى (بۇنىڭ ئىچىدە، چوڭ ئەترەت، كىچىك ئەترەت كادىرلىرىنىڭ قايتۇرغىنى 3509 يۈەن، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ قايتۇرغىنى 4058 يۈەن، ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ قايتۇرغىنى 1989 يۈەن، كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان ۋە باشقا گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ قايتۇرغىنى 1406 يۈەن، تۆت خىل ئۇنسۇرلارنىڭ قايتۇرغىنى 1102 يۈەن).

نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى «سول»چىل ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، گەرچە كادىرلار ئىستىلى ۋە ئىقتىساد باشقۇرۇش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا مۇئەييەن رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى سىنىپىي كۈرەش ياكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئىنكاسى دەپ قارالغانلىقى، ئىقتىسادنى ئېنىقلاش دائىرىسى كېڭەيتىۋېتىلگەنلىكى، ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، كۆپلىگەن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بىھۇدە زەربە ۋە ئازار يېدى.

## § 8 . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»

چاقىلىق ناھىيىسىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئالدى بىلەن مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدە باشلاندى. 1966 ـ يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «16 ـ ماي ئۇقتۇرۇشى» ۋە «خەلق گېزىتى»نىڭ «بارلىق جىن ـ شەيتانلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايلى» سەرلەۋھىلىك «1 ـ ئىيۇن» باش ماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسى «دېڭ تونىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي شيۇجېڭجۇيىلىق لۇشيەنى»نى تەنقىد قىلىش ۋە ئەيىبلەش يىغىنى ئاچتى، يېزىلاردىكى چوڭ ئەترەت، كىچىك ئەترەتلەرمۇ سۆھبەت يىغىنى، تەنقىد قىلىش يىغىنى ئاچتى. پۈتۈن ناھىيىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى «ئۈچ ئائىلىلىك كەنت»نى تەنقىد قىلىشقا باشلىدى ھەمدە چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاپ مائارىپ ساھەسىدىكى مەسىلىسى بار دەپ قارالغان ئايرىم رەھبەرىي كادىرلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تەنقىد قىلدى.

1966 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە مەكتەپلەردىكى بىر قىسىم ياشلار ئارقا ـ ئارقىدىن «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەشكىلاتلىرىنى قۇردى. 12 ـ ئايدا ناھىيىنىڭ ھەر ساھە، ھەر كەسىپلىرىدىمۇ «جەڭگىۋار ئەترەت»لەر قۇرۇلدى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار كەينى ـ كەينىدىن كوچىغا چىقىپ «تۆت كونىنى بۇزۇپ تاشلاش» (كونا ئىدىيە،

كونا مەدەنىيەت، كونا يوسۇن، كونا ئادەتلەرنى بۇزۇپ تاشلاش) نامى بىلەن نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنى تەنقىد قىلدى. كۈرەش قىلدى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇردى، قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. 1967 ـ يىل 1 ـ ئايدا بىر قىسىم باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئالاقە باغلاش ئەترىتى تەشكىللەپ، سىرتقا چىقىپ ئالاقە باغلىدى. شۇ يىلى 3- ئاينىڭ باشلىرىدا ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنى ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات پېچەتلىۋەتتى ۋە ئۆتكۈزۈۋالدى. ھەر خىل نامدىكى جەڭگىۋار تەشكىلاتلار كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلۇپ، ئاتالمىش «بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەنى»نى تەنقىد قىلىشقا، «ناھىيىلىك پارتكومنى توپقا تۇتۇش»قا باشلىدى، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن رەھبەرلىرىگە «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»، «گېزەندە»، «بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەنىنى جاھىللىق بىلەن ئىجرا قىلغۇچى» دېگەن تۆھمەتلەر چاپلاندى، ئۇلارنى ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلاتلار خالىغانچە سۆرەپ چىقىپ سازايى قىلدى، تەنقىد قىلدى، كۈرەش قىلدى.

1967 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى بۇيرۇققا بىنائەن، ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇپ، ناھىيە بويىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت چوڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، كۈندىلىك مەمۇرىي خىزمەتلەرنى باشقۇردى، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلدى. ج خ، تەپتىش، سوت تارماقلىرىدا ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، ھەربىي ئىدارە قىلىش يولىغا قويۇلدى. «پارتكومنى چەتكە قايرىپ قويۇپ ئىنقىلاب قىلىش» دېگەن خاتا پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورنىنى ئالدى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى توختىدى. زاۋۇتلاردا ئىش توختىدى، مەكتەپلەردە دەرس توختىدى، يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىشنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەم بولمىدى.

1968 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات ناھىيە بازىرىدىكى شىخاباداـ مۇنازىرىلەشكەندە ئەلەم كۆرىشى يۈز بېرىپ، 9 كىشى يارىلاندى. ناھىيىدە تۇتۇشلۇق ھەربىيلەر نەق مەيدانغا كېلىپ نەسىھەت قىلىپ توسقانلىقتىن ئەلەم كۆرىشى تىنچىدى.

1969 ـ يىل 10 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1970 ـ يىل 3 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىدە سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش باشلاندى ۋە «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (نەق ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا زەربە بېرىش، خىيانەتچىلىك ـ ئوغرىلىققا، ھايانكەشلىككە، بۇزۇپ ـ چېچىپ ئىسراپ قىلىشقا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ تۇەن ـ مەيدانلىرى تەشكىللىگەن ئىشچىلار «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى تەشۋىقات ئەترىتى» (قىسقارتىپ ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى دەپ ئاتىلىدۇ) چاقىلىق ناھىيىسىگە كىرىپ ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلدى. ئىنتايىن سول پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرى ۋە تەرەپبازلىقنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش ۋە «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە نۇرغۇن ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار كېلىپ چىقتى، ھەر قايسى تارماقلار، ئورۇنلار مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، بەزى «تارىخىي مەسىلىسى» بارلارنى ۋە «خاتالىق» ئۆتكۈزگەنلەرنى تەكشۈردى ۋە تارتىپ چىقىپ كۈرەش قىلدى. «سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش» ۋە «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە، ناھىيە بويىچە

تەنقىد قىلىنغان ۋە كۈرەش قىلىنغانلار 300 دىن ئاشتى. 2 ئاتالمىش «ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ دېلوسى» پەيدا قىلىندى.

1976 - يىل 10 - ئايدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»مۇ ئاخىرلاشتى.

## § 9 . پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش

1978 - يىل 10 - ئايدا ناھىيە بويىچە پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش ۋە «ئىككىگە زەربە بېرىش» ھەرىكىتى (لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ پارتىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ ھوقۇق تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇش جىنايىتىنى يەنىمۇ پاش قىلىش، لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ «سول» چىل لۇشيەنىنى تەنقىد قىلىش، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغانلارنى، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى ئېنىقلاش، سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، ھايانكەشلىك قىلغانلارغا زەربە بېرىش) قانات يايدۇرۇلدى. 1979 - يىل 5 -ئايدا بۇ ھەرىكەت ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى.

بۇ قېتىمقى ھەرىكەت 2 باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. 1978 - يىل 10 - ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 21 -كۈنىگىچە بولغان 1 - باسقۇچتا، ئالدى بىلەن پۈتۈن ناھىيىدىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، كۆڭۈشى ئەزالىرى ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، ناھىيىلىك پارتكوم خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، سىياسەت ئىگىلەندى، ئاممىۋى ھەرىكەتلەندۈرۈلدى. ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېت يىغىنى، خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، تەنقىد، ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى تەكشۈردى ۋە يەكۈنلىدى. ناھىيىلىك پارتكوم ئىنقىلابنى تۇتۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ناھىيىنىڭ پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى ھەمدە پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش، زەربە بېرىش ئىشخانىسى تەسىس قىلدى. ھۆججەت ئۆگىنىش، تەنقىد قىلىش يىغىنى ئېچىش، ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، پۈتۈن ناھىيىدە لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنى تازىلاش كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 195 قېتىم چوڭ - كىچىك تەنقىد قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىنلاردا 2680 ئادەم (قېتىم) سۆز قىلدى، تەنقىد قىلىش يىغىنلىرىغا 19 مىڭ 246 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 176 قېتىم تەنقىد تام گېزىتى چىقىرىلدى، 756 پارچە تەنقىد ماقالىسى يېزىلدى. پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش ئاساسىدا، ناھىيىلىك پارتكوم ۋەزىيەتنى تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە يېتەكلەپ، ئاممىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا قوزغىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئايرىم يولداشلار ئۈچۈن مەسىلىنى ئېنىق سۆزلەش ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ئۇلارنى ئېنىق سۆزلەش دەرىجىسى ۋە خاتالىقىنى تونۇش دەرىجىسىگە قاراپ ئازاد قىلدى.

ھەرىكەتنىڭ 2 - باسقۇچى 1978 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى باشلىنىپ، 1979 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاساسەن ئاياغلاشتى. بۇ باسقۇچلۇق ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى

توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، مەسىلىلەرنى پاش قىلىش، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشتىن ئىبارەت بولدى.
بىر يىلچە داۋام قىلغان بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە 19 ئادەمنىڭ مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى ھەمدە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 2 كىشىگە ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، 11 ئادەم مەسىلىدىن ئازاد قىلىندى، 2 ئادەمنىڭ مەسىلىسى ئىنكار قىلىندى، ئىككىگە زەربە بېرىش ئوبيېكتى قىلىنغان 4 كىشىنىڭ ماتېرىيالى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئارقىلىق يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاندى، 10 ئىش چوڭ مەسىلىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

## 10 § . ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش

چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم 1978 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دائىمىي كومىتېتنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش، كادىرلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانا قۇردى. ھەر قايسى گۇڭشېلار ۋە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋەزىپىسى ئېغىرراق ئورۇنلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى ھەمدە بۇ ئىشقا مەسئۇل بولىدىغان مەخسۇس ئادەم قويدى. 1978 - يىل 5 - ئايدا ناھىيە بويىچە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، چىگىش دېلولارنى مۇھاكىمە قىلىش بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش، كادىرلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ناھىيە بويىچە چوڭقۇر قانات يېيىپ كەتتى.
بىر يېرىم يىل خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، 1979 - يىل 10 - ئايغا كەلگەندە، 145 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كادىرى 49، ئىشچى 12، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرى 10، گۇڭشې ئەزاسى 74) نىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ناھەق، يالغان، خاتا دېلوسى پۈتۈنلەي ئاقلىنىپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 15 كىشى قايتۇرۇپ كېلىنىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 14 كىشىنىڭ خاتا تۇتۇپ قېلىنغان مائاشى تولۇقلاپ بېرىلدى، بىر كىشىگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايى ئىشلار جازاسى بىكار قىلىندى، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلگەن 7 ئادەمنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى بىر ياقلىق قىلىندى، 3 پەرزەنت ۋە ئائىلە تاۋابىئات خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرىكى سىياسىي ھەرىكەتلەردە بىر تەرەپ قىلىنغان دېلولارمۇ قايتا تەكشۈرۈلدى، 27 ئادەم قايتا تەكشۈرۈلدى (بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 24، ئىشچى 3)، پۈتۈنلەي خاتا بولغان ياكى قىسمەن خاتا بولغان دېلولار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوخشاش بولمىغان دائىرىدە پۈتۈنلەي ئاقلاندى ياكى قىسمەن ئاقلاندى، 13 ئادەم قايتۇرۇپ كېلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئۈچىنچى قىسىم

# ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش

# ئۈچىنچى قىسىم

# ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش

## I باب

## خەلق قۇرۇلتىيى

1950 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى دېموكراتىك كېڭىشىپ ۋەكىل سايلاش ئارقىلىق، چاقىلىق ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى. ناھىيىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورنىتىلىشتىن ئىلگىرى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقلىرىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزدى. 1953 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، چاقىلىق ناھىيىسىدە ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى جەمئىي 6 نۆۋەت، 9 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. 1954 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ناھىيە، يېزا (بازار) دىكىسى خەلق قۇرۇلتىيى دەپ ئاتالدى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ناھىيە دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ، ئۇ ناھىيە مەمۇرىي رايونى دائىرىسىدە ئاساسىي قانۇندا ئۇزىگە بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزدى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى، 1981 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئەسلىگە كەلگەنگە قەدەر، 15 يىل ئۈزۈلۈپ قالدى. 1969 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندا، ناھىيە بويىچە ھەربىي ـ خەلق يىغىنى ئېچىلدى. تارىخىي تەرتىپ بويىچە بۇ يىغىن «7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى» ھېسابلاندى. شۇنىڭ بىلەن 1954 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1986 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە، چاقىلىق ناھىيىسى جەمئىي 9 نۆۋەت، 21 قېتىم خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئاچتى.

### § 1 . ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

#### 1. چاقىلىق ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1950 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىنغا

93 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ۋەكىل 27 بولۇپ، %29دىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى؛ ئۇيغۇر ۋەكىل 64 بولۇپ، %69دىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى؛ باشقا مىللەتلەر ۋەكىلى 2 بولۇپ، %2نى ئىگىلىدى؛ ئىشچىلار ۋەكىلى 6 بولۇپ، %6.45 نى ئىگىلىدى؛ دېھقانلار ۋەكىلى 41 بولۇپ، %44.1نى ئىگىلىدى؛ سودىگەرلەر ۋەكىلى 4 بولۇپ، %4.3نى ئىگىلىدى؛ مائارىپ ساھەسىدىكىلەر ۋەكىلى 9 بولۇپ، %9.68نى ئىگىلىدى؛ خىزمەتچىلەر ۋەكىلى 5 بولۇپ، %5.37نى ئىگىلىدى؛ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل 12 بولۇپ، %12.9نى ئىگىلىدى؛ باشقا ۋەكىل 16 بولۇپ، %17.2نى ئىگىلىدى؛ ج ك پ ۋەكىلى 18 بولۇپ، %19.4نى ئىگىلىدى؛ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە ۋەكىلى 21 بولۇپ، %22.6نى ئىگىلىدى؛ پارتىيە. گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىلى 54 بولۇپ، %58نى ئىگىلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەرقايسى مىللەت، ھەر قايسى قاتلاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، ئۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلغان دېموكراتىك يىغىن بولۇپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. يىغىندا ھاكىم شېن جىڭشيۇنىڭ 1950 ـ يىل 2 ـ ئايدا ناھىيىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان 3 ئايدىن بۇيانقى خىزمەتلەر توغرىسىدا بەرگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا تولۇق، دېموكراتىك مۇزاكىرىلىشىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ ئېڭى ئۆستى، ئۇلارنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە بولغان تونۇشى كۈچەيدى.

يىغىندا چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، شېن جىڭشيۇ ھاكىملىققا، ئەمرجان ئىسمايىل مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى.

## 2. چاقىلىق ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1950 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 97 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن ھاكىم شېن جىڭشيۇنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ 5 ئايدىن بۇيانقى خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ۋە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ چۈەنشۈېننىڭ بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدا بەرگەن دوكلاتىنى ماقۇللىدى. يىغىندا ناھىيىلىك كېڭەش كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ چۈەنشۈېن مۇدىرلىققا، ھاكىم شېن جىڭشيۇ مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلەندى. جېڭ سىخۇا، جاڭ شىشيۇڭ، ئىسمايىل، مەريەمخان ئۇرلار دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولدى.

## 3. چاقىلىق ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1951 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىنغا 83 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن مۇئاۋىن ھاكىم ۋاڭ چۈەنشۈېننىڭ ھۆكۈمەتنىڭ 8 ئايدىن بۇيانقى خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ۋە بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. يىغىن جەمئىي 276 پارچە تەكلىپ تاپشۇرۇۋالدى.

## 4. چاقىلىق ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1952 - يىل 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 87 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن ھۆكۈمەتنىڭ 7 ئايلىق خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىساد قىلىش مەركەز قىلىنغان خىزمەت ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى داۋاملىق باستۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە ماقۇللىدى. يىغىن 114 پارچە تەكلىپ تاپشۇرۇۋالدى.

## 5. چاقىلىق ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1952 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 81 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن ھۆكۈمەتنىڭ 7 يېرىم ئايلىق خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ۋە بۇندىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە ماقۇللىدى.

## 6. چاقىلىق ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

1 - قېتىملىق يىغىن 1953 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 81 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن ھۆكۈمەتنىڭ 5 ئايلىق خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى، ئىشلەپچىقىرىش مەركەز قىلىنغان بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدىكى دوكلاتنى ۋە نىكاھ قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش، ئىجرا قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە ماقۇللىدى. يىغىندا كېڭەش كومىتېتى باشقىدىن سايلاپ چىقىلدى، ھاكىم غوجا ئابدۇللا مۇدىرلىققا، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن ھاكىم ۋاڭ چۈەنۋېن مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلەندى، چېن باۋتيەن، ھوشۇر ئاخۇن، نىيازخان، ھەنىپخان، ئوسمان مەزىن، يۈسۈپ ئاراز، ئىمىن قاباش، قۇۋان قۇتان، تۆمۈرخالا، گاۋ دېجيېدىن ئىبارەت 11 كىشى كومىتېت ئەزاسى بولدى.

2 - قېتىملىق يىغىن 1953 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئېچىلدى، يىغىندا كېڭەشمىش ئارقىلىق 37 پارچە تەكلىپ ھەل قىلىندى ھەمدە ئومۇمىي سايلام مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

3 - قېتىملىق يىغىن 1953 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىن ھۆكۈمەتنىڭ 2 يېرىم ئايلىق خىزمىتىدىن بېرىلگەن خۇلاسە دوكلاتنى، ئومۇمىي سايلام مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە ماقۇللىدى. يىغىندا كېڭەشمىش ئارقىلىق، ئومۇمىي سايلامنىڭ ئەھمىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، چولڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا 3 قارار چىقىرىلدى.

4 - قېتىملىق يىغىن 1953 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا بۇ يىل قىش ۋە كېلەر يىل ئەتىيازلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى، ۋەكىللەرنىڭ ئومۇمىي سايلامدا ئىشلەيدىغان خىزمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىن 37 تەكلىپ تاپشۇرۇۋالدى.

# § 2 . خەلق قۇرۇلتىيى

## 1. ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 ـ يىغىن 1954 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 36 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات ۋە باش لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلات مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ماقۇللاندى، ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە بۇندىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا بىر كىشى ھاكىملىققا، 11 كىشى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاپ چىقىلدى.

2 ـ يىغىن 1954 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا 1954 ـ يىللىق مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش پىلانى ۋە 1955 ـ يىللىق مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا شارائىت يارىتىش پىلانى ماقۇللاندى، بىر كىشى مۇئاۋىن ھاكىملىققا تولۇقلاپ سايلاندى.

3 ـ يىغىن 1954 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى.

4 ـ يىغىن 1955 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى.

## 2. ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 ـ يىغىن 1956 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىنغا 45 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن ئالدىنقى نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى تەكشۈرۈپ ماقۇللىدى، بۇندىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلىدى. يىغىندا بىر كىشى ھاكىملىققا، بىر كىشى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، بىر كىشى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، 10 كىشى مۇشۇ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

2 ـ يىغىن 1957 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا 1957 ـ يىللىق يېزا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ـ خىزمەت ۋەزىپىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە بەلگىلەندى.

3 ـ يىغىن 1957 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا ئاشلىقتىن غەللە ـ پاراق ئېلىش ۋە بۇندىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش ـ خىزمەت ۋەزىپىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە بەلگىلەندى.

## 3. ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 ـ يىغىن 1958 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىنغا 31 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا ئالدىنقى نۆۋەتلىك ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە تەكشۈرۈلدى، بۇندىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ۋە باشقا چوڭ ـ چوڭ خىزمەت پىلانلىرى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە بەلگىلەندى، 1958 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە بولغان 5 يىللىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پىلانى ماقۇللاندى، بىر كىشى ھاكىملىققا، 2 كىشى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، 9 كىشى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى ھەمدە باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرمۇ سايلاپ چىقىلدى.

2 ـ يىغىن 1958 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىندا

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە يەرلىك سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى خۇلاسە دوكلات مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ماقۇللاندى. ناھىيە بويىچە چوڭ گۈڭشې قۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە بۇ يىل قىش، كېلەر يىل ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

3 - يىغىن 1959 - يىلى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئېچىلدى.

4 - يىغىن 1959 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئېچىلدى.

## 4. ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 - يىغىن 1961 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 35 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا ئالدىنقى نۆۋەتلىك ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ 1958 - يىلىدىن 1960 - يىلغىچە بولغان خىزمەتلىرى توغرىسىدىكى دوكلات، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، 1960 - يىللىق مالىيە نەقچوت ئەھۋالى ۋە 1961 - يىللىق مالىيە خام چوتىنىڭ لايىھىسى توغرىسىدىكى دوكلات تەكشۈرۈلدى ۋە ماقۇللاندى. 1961 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانى (لايىھە) مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندا بىر كىشى ھاكىملىققا، 3 كىشى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، 9 كىشى خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، بىر كىشى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا سايلاندى.

2 - يىغىن 1961 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئېچىلدى.

## 5. ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 - يىغىن 1963 - يىلى 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 36 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئالدىنقى نۆۋەتلىك ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، شۇ يىللىق مالىيە نەقچوتى ۋە خام چوتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلات مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ماقۇللاندى، بىر كىشى ھاكىملىققا، بىر كىشى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، 11 كىشى خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، بىر كىشى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا سايلاندى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى.

2 - يىغىن 1964 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئېچىلدى.

3 - يىغىن 1964 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئېچىلدى.

## 6. ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 - يىغىن 1965 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 30 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا ئالدىنقى نۆۋەتلىك ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، شۇ يىللىق مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلات، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ئالدىنقى نۆۋەتلىك يىغىندا بېرىلگەن تەكلىپلەرنىڭ ئىجراسى ۋە بۇ نۆۋەتلىك يىغىندا چۈشكەن تەكلىپلەرنىڭ تاپشۇرۇۋېلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە تەكشۈرۈلدى. يىغىندا بىر كىشى ھاكىملىققا، 2 كىشى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، 8 كىشى خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، بىر كىشى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا

سايلاندى ھەمدە ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى.

## 7. ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (ناھىيىلىك ئارمىيە-خەلق يىغىنى)

يىغىن 1969 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا تۆۋەندىكى بىر قانچە قارار ماقۇللاندى: 1. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇش؛ 2. ماۋجۇشىغا ھۆرمەت تېلېگراممىسى يوللاش؛ 3. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دەرھال ناھىيە بويىچە كۈرەش قىلىش تەنقىد قىلىش ئۆزگەرتىش مەركەز قىلىنغان جەڭگىۋار ۋەزىپىلەر بويىچە دولقۇن قوزغىۋېتىش؛ 4. پۈتكۈل ناھىيىدە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى جانلىق ئۆگىنىش، جانلىق ئىشلىتىش ئاممىۋى ھەرىكىتى بويىچە دەرھال چوڭقۇر، كەڭ دائىرىدە، ئۆزاقىچە يېڭى دولقۇن قوزغاش.

يىغىندا بىر كىشى ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىغا، 4 كىشى مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، 10 كىشى دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا، 18 كىشى كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى.

## 8. ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 ـ يىغىن 1981 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 87 ۋەكىل قاتناشتى. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىدىن 23 كىشى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ۋە ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن 31 كىشى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى. يىغىندا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى، 1980 ـ يىللىق مالىيە ئەھۋالى ۋە 1981 ـ يىللىق مالىيە خام چوتى (لايىھە) توغرىسىدىكى دوكلات، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا 7 كىشى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، بىر كىشى مۇدىرلىقىغا، 3 كىشى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى، بىر كىشى ھاكىملىققا، 5 كىشى مۇئاۋىن ھاكىملىققا ۋە بىر كىشى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، بىر كىشى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى.

2 ـ يىغىن 1982 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىن 2 كىشىنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، بىر كىشىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا تولۇقلاپ سايلىدى، بىر كىشىنى ئاپتونوم ئوبلاستلىق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللىككە سايلىدى.

3 ـ يىغىن 1983 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىن بىر كىشىنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تولۇقلاپ سايلىدى، بىر كىشىنى ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللىككە سايلىدى.

## 9. ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 ـ يىغىن 1984 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىنغا 96 ۋەكىل قاتناشتى، 38 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. يىغىن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات، 1983 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى ۋە 1984 ـ يىللىق

خەلق ئىگىلىكى پىلانى (لايىھە) توغرىسىدىكى دوكلات، 1983 ـ يىللىق مالىيە نەقچوتى ۋە 1984 ـ يىللىق مالىيە خام چوتى (لايىھە) توغرىسىدىكى دوكلات، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرىنى تەكشۈردى ۋە ماقۇللىدى. يىغىندا بىر كىشى مۇشۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، 3 كىشى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا ۋە 7 كىشى ئەزالىققا سايلاندى، بىر كىشى ھاكىملىققا، 3 كىشى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، بىر كىشى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، بىر كىشى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى.

2 ـ يىغىن 1985 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى.

3 ـ يىغىن 1986 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى.

## 3 § . ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

1981 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئېچىلغان چاقىلىق ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدىكى دائىمىي ئاپپارات سۈپىتىدە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىنى تەسىس قىلىش بىردەك قارار قىلىندى، يىغىندا تولۇق كېڭىشىش، غۇلغۇلا قىلىش ئارقىلىق، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، بۇ ئىشخانا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى باشقۇردى.

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسىي قانۇندا ئۆزىگە بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈپ، خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك ئىشلىدى.

### 1. ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا نازارەتچىلىك قىلدى

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1985 ـ يىلغىچە 2 نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزدى، جەمئىي 6 قېتىم خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە 24 قېتىم دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىپ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا نازارەتچىلىك قىلدى، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، سىياسەت، ئەمىر ـ پەرمانلار ۋە ھۆكۈمەت پەرمانلىرىنىڭ ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى قارارلىرىنىڭ چاقىلىق ناھىيىسىدە ئىجرا قىلىنىشىغا ۋە يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ياخشىلاشتا ئىجابىي رول ئوينىدى.

### 2. قانۇن بويىچە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى

1983 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن

بويىچە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۆلۈملىرى، ئىدارىلىرىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى.

## 3. خەلق ئاممىسىنىڭ ئەرزىيەت ئىشلىرىنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەرزىيەت ئىشلىرىنى ۋە ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، 2 خىزمەتچىنى ئاممىنىڭ ئەرزىيەت ئىشلىرىنى ئىشلەشكە بەلگىلىدى. 1981 - يىلى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1985 - يىلىغىچە، ھال ئېيتىپ كەلگەنلەردىن 56 ئادەم (قېتىم) نى كۈتىۋالدى، ئاممىدىن كەلگەن 30 پارچە خەت - چەكنى بىر تەرەپ قىلدى، 470 پارچە تەكلىپ ۋە قارالمىنى دىلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى.

## 4. يېزا - بازارلارنىڭ سايلام خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك ۋە رەھبەرلىك قىلدى

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خەلق ۋەكىللىرىنى سايلاشتا، ئۆز ۋاقتىدا سايلام كومىتېتى قۇردى، يېزىلىق، بازارلىق سايلام كومىتېتلىرى تەركىبىدىكىلەرنى تەيىنلىدى. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ناھىيىلىك سايلام كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى، مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەر سايلام ئىشخانىسىنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىپ، يېزا - بازارلارنىڭ سايلام خىزمىتىگە بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك ۋە رەھبەرلىك قىلدى.

### ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىرى

جەدۋەل: 3 — 1

| نۆۋىتى | ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 8 - نۆۋەتلىك | مۇدىر | مەمەت توختى | ئەر | ئۇيغۇر | چاقىلىق | 1981 - يىل 6 - ئايدىن 1984 - يىل 5 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | لى شۇشەن | ئەر | خەنزۇ | خېبەن جىيۈەن | 1981 - يىل 6 - ئايدىن 1984 - يىل 5 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ئوسمان مەھەممەت | ئەر | ئۇيغۇر | چاقىلىق | 1981 - يىل 6 - ئايدىن 1984 - يىل 5 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | قادىر ئۆمەر | ئەر | ئۇيغۇر | چاقىلىق | 1981 - يىل 6 - ئايدىن 1984 - يىل 5 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ۋاڭ باڭشىياڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ لىنتاۋ | 1982 - يىل 12 - ئايدىن 1984- يىل 5 - ئايغىچە |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 9 - نۆۋەتلىك | مۇدىر | مەمەت توختى | ئەر | ئۇيغۇر | چاقىلىق | 1984 - يىل 5 - ئاي — |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | لى شۇشەن | ئەر | خەنزۇ | خېنەن جىيۇەن | 1984 - يىل 5 - ئاي — |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | گايىت ئەخمەت | ئەر | ئۇيغۇر | چاقىلىق | 1984 - يىل 5 - ئاي — |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ۋاڭ باۋشياڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ لىنتاۋ | 1984 - يىل 5 - ئاي — |

## §4. ۋەكىل سايلاش

1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا چاقىلىق ناھىيىسىدە ئومۇمىي سايلام يولغا قويۇلۇپ، ناھىيىلىك، يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى سايلاپ چىقىلدى. ھەر نۆۋەتلىك يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىۋاسىتە سايلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق شۇ يېزا (بازار) دىكى سايلىغۇچىلار تەرىپىدىن بىۋاسىتە سايلاپ چىقىلدى. 1 - نۆۋەتلىكتىن 6 - نۆۋەتلىككىچە بولغان ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ۋاسىتىلىق ئۇسۇل بىلەن سايلانغانىدى، يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلىغانىدى. 1981 - يىلى 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن باشلاپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى ۋە سايلام قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى بىۋاسىتە سايلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى، يەنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلىغۇچىلار بىۋاسىتە سايلىدى.

ھەر نۆۋەتلىك ناھىيىلىك، يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاش خىزمىتىنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇردى. زور بىر تۈركۈم كادىر ئاجرىتىپ، سايلام كومىتېتى تەشكىللەپ، سايلامنى بەلگىلىمە بويىچە ئېلىپ باردى. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سايلانغان ۋەكىللەر بىر قەدەر كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولدى، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ۋەكىللىرى مۇئەييەن نىسبەتنى ئىگىلىدى. 1958 - يىلى ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 31 ۋەكىلى ئىچىدە ئۇيغۇرلار %90نى، خەنزۇلار %10نى، دېھقانلار %58نى، كادىرلار %22.6نى، سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەر %2.3نى، ھەربىيلەر %2.3نى، باشقا ساھەلەر ۋەكىللىرى %13نى ئىگىلىدى. 1965 - يىلى ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 35 ۋەكىلى ئىچىدە ئۇيغۇرلار %74.3نى، خەنزۇلار %25.7نى، دېھقانلار %34.3نى، ئورگان كادىرلىرى %51.4نى، ھەربىيلەر %5.7نى، سودا - سانائەت كارخانىلىرى ساھەسىدىكىلەر %3نى، باشقا ساھەلەرنىڭ ۋەكىللىرى %5.6نى ئىگىلىدى. 1984 - يىلى ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 96 ۋەكىلى ئىچىدە ئۇيغۇر، خەنزۇلاردىن باشقا، يەنە 2 خۇيزۇ، بىر دۇڭشياڭزۇ ۋەكىل بار بولدى، ھەرقايسى مىللەت ۋەكىللىرى ئىچىدە ئىشچىلار %12.5نى، دېھقان - چارۋىچىلار %40.7تىن كۆپرەكىنى، زىيالىيلار %13.5تىن كۆپرەكىنى، كادىرلار %22.9نى، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار %8.3تىن كۆپرەكىنى، ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىللىرى %2.1نى ئىگىلىدى. 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدە زىيالىيلارنىڭ نىسبىتى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى.

ھەر نۆۋەتلىك ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا خەلق ۋەكىللىرىنىڭ سايلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 2

| نۆۋىتى | سايلام ۋاقتى | تىزىمغا ئېلىنغان سايلىغۇچىلار | سايلامغا قاتنىشىش ئەھۋالى | | خەلق ۋەكىللىكىگە سايلانغانلار | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئادەم سانى | % | ئادەم سانى | بۇنىڭ ئىچىدە: ئايال | ئۇيغۇر |
| 1 | 1953 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1954 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە | | | | 35 | | |
| 2 | 1956 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە | 3580 | 3476 | 97 | 45 | | 41 |
| 3 | 1958 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە | 3659 | 3627 | 99.1 | 31 | 6 | 28 |
| 4 | 1961 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 2 ـ ئايغىچە | 5037 | 4351 | 86.4 | 35 | 6 | 30 |
| 5 | 1963 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە | 3660 | 3567 | 97.5 | 37 | | 27 |
| 6 | 1965 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە | 4027 | 3005 | 92.5 | 35 | 5 | 26 |
| 8 | 1981 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 2 ـ ئايغىچە | 11480 | 9825 | 85.6 | 87 | 19 | 57 |
| 9 | 1984 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە | 10592 | | | 96 | 25 | 60 |

ئىزاھ: 1. جەدۋەلدىكى بەزى كاتەكچىلەر ماتېرىيال كەم بولغانلىقتىن ئاق قالدۇرۇلدى.
2. 7 ـ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى (ناھىيىلىك ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكى) ۋەكىللىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ھەر قايسى تەرەپتىكى ئامما سايلىغان ۋەكىللەر بولغانلىقى ئۈچۈن جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىدى.

# II باب

# خەلق ھۆكۈمىتى

1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. 1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى چاقىلىق ناھىيىسىگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ، چاقىلىق ناھىيىلىك كونا ھۆكۈمەتنى ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق دېموكراتىك ھەرىكەتلەر ئارقىلىق كونا ھاكىمىيەت ئۈزۈل ـ كېسىل پاچاقلاپ تاشلىنىپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيەت ئاپپاراتى قۇرۇلدى.

## § 1. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامىدا بىر قانچە قېتىم ئۆزگىرىش بولدى:

## 1. خەلق ھۆكۈمىتى

1950 - يىل 2 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا كاتىبات ئىشخانىسى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، سودا - سانائەت بۆلۈمى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، ج خ ئىدارىسى تەسىس قىلىندى.

1950 - يىل 5 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدا كاتىبات ئىشخانىسى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، سودا - سانائەت بۆلۈمى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى، ج خ ئىدارىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىن ئىبارەت 9 خىزمەت ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى.

1951 - يىل 10 - ئايدا خەلق بانكىسى قۇرۇلدى. 1953 - يىل 10 - ئايدا ئاشلىق بۆلۈمى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى، شۇ يىلى 12 - ئايدا سەھىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1955 - يىل 8 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدا كاتىبات ئىشخانىسى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى، سودا - سانائەت بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، ج خ ئىدارىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، خەلق بانكىسى، ئاشلىق بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمىدىن ئىبارەت 12 ئاپپارات تەسىس قىلىندى.

## 2. خەلق كومىتېتى

1955 - يىل 8 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلدى، سابىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاپپاراتلىرى ئۆزگەرتىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كادىرلار بۆلۈمى ۋە باج ئىدارىسىدىن ئىبارەت 2 خىزمەت ئاپپاراتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى.

1956 - يىل 7 - ئايدا سەھىيە بۆلۈمى بىلەن مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە بۆلۈمى دەپ ئاتالدى.

1958 - يىل 1 - ئايدا كاتىبات ئىشخانىسى خەلق كومىتېتى ئىشخانىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 5 - ئايدا قۇرۇلۇش بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك بۆلۈمى، سانائەت-قاتناش بۆلۈمى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى 12 - ئايدا سودا - سانائەت بۆلۈمى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باشقارمىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى، مالىيە بۆلۈمىنىڭ نامى مالىيە ئىدارىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

1959 - يىلى يېزا ئىگىلىك بۆلۈمى يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

1961 - يىلى 2 - ئايدا چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باشقارمىسى سودا ئىدارىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، تاشقى سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى.

1962 - يىل 12 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى باھا كومىتېتى ۋە پىلان كومىتېتىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى.

1963 - يىل 7 - ئايدا يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى، باھا كومىتېتى، سانائەت - قاتناش بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، سودا - سانائەت بۆلۈمى، پىلان ستاتىستىكا بۆلۈمى

تەسىس قىلىندى.

1965 - يىلى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى دەپ 2 ئاپپاراتقا ئايرىلدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغانغىچە، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى قارمىقىدا ئىشخانا، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، سودا - سانائەت بۆلۈمى، پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى، مەدەنىيەت - سەھىيە بۆلۈمى، ج خ ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى، تەمىنات-سودا كوپېراتىپى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، خەلق بانكىسىدىن ئىبارەت 15 خىزمەت ئاپپاراتى بار بولدى.

### ھەر نۆۋەتلىك ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى (خەلق كومىتېتى)نىڭ ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىم (مەسلىھەتچى)لىرى

جەدۋەل: 3 — 3

| نۆۋىتى، ۋاقتى | ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | يۇرتى | مىللىتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1950-يىل 2 - ئايدىن 1954 - يىل 3 - ئايغىچە (تۇنجى نۆۋەتلىك ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغىچە) | ھاكىم | شېن جىڭشيۇ | يەنجى | خۇيزۇ | 1950 - يىل 2 - ئايدىن<br>1951 - يىل 6 - ئايغىچە |
| | ھاكىم | قۇتلۇق قاسىم | ئۈچتۇرپان | ئۇيغۇر | 1951 - يىل 6 - ئايدىن<br>1952 - يىل 12 - ئايغىچە |
| | ھاكىم | خوجابدۇللار راخمان | چاقىلىق | ئۇيغۇر | 1952 - يىل 12 - ئايدىن<br>1954 - يىل 3 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ئەمەرجان ئىسمايىل | چاقىلىق | ئۇيغۇر | 1950 - يىل 2 - ئايدىن<br>1950 - يىل 9 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ۋاڭ چۈەنۋېن | شەندۇڭ نىڭجىن | خەنزۇ | 1950 - يىل 8 - ئايدىن<br>1954 - يىل 5 - ئايغىچە |
| ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى (1954 - يىل 3 - ئايدىن 1956 - يىل 11 - ئايغىچە) | ھاكىم | خوجابدۇللا راخمان | چاقىلىق | ئۇيغۇر | 1954 - يىل 3 - ئايدىن<br>1956 - يىل 11 - ئايغىچە |
| | ھاكىم (مۇۋەققەت) | ئىمىن غازى | لوپنۇر | ئۇيغۇر | 1956 - يىل 9 - ئايدىن<br>1956 - يىل 11 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | شياڭ جىنخۋا | شەنشى فۇپىڭ | خەنزۇ | 1954 - يىل 6 - ئايدىن<br>1955 - يىل 5 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | شۇفاڭيۇەن | شەندۇڭ نىڭجىن | خەنزۇ | 1956 - يىل 2 - ئايدىن<br>1956 - يىل 9 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم (مۇۋەققەت) | لى يۈشۈن | شەنشى | خەنزۇ | 1956 - يىل 8 - ئايدىن<br>1956 - يىل 11 - ئايغىچە |
| ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى (1956 - يىل 11 - ئايدىن 1958 - يىل 5 - ئايغىچە) | ھاكىم | ئىمىن غازى | لوپنۇر | ئۇيغۇر | 1956 - يىل 12 - ئايدىن<br>1958 - يىل 5 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | لى يۈشۈن | شەنشى | خەنزۇ | 1956 - يىل 12 - ئايدىن<br>1958 - يىل 5 - ئايغىچە |
| ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى (1958 - يىل 5 - ئايدىن 1961 - يىل 2 - ئايغىچە) | ھاكىم | ئىمىن غازى | لوپنۇر | ئۇيغۇر | 1958 - يىل 5 - ئايدىن<br>1961 - يىل 2 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | لى دېيىن | گەنسۇ | خەنزۇ | 1958 - يىل 5 - ئايدىن<br>1959 - يىل 2 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | قادىر ئەمەر | چاقىلىق | ئۇيغۇر | 1958 - يىل 5 - ئايدىن<br>1961 - يىل 2 - ئايغىچە |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى (1958 - يىل 5 - ئايدىن 1961 - يىل 2 - ئايغىچە) | مۇئاۋىن ھاكىم | ژۇشىجۇ | شەندۇڭ نىڭجىن | خەنزۇ | 1959 - يىل 6 - ئايدىن 1961 - يىل 2 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ماموت ماخان | چاقىلىق | ئۇيغۇر | 1960 - يىل 6 - ئايدىن 1961 - يىل 2 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | كېرەم سېيت | چاقىلىق | ئۇيغۇر | 1960 - يىل 8 - ئايدىن 1961 - يىل 2 - ئايغىچە |
| ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى (1961 - يىل 2 - ئايدىن 1963 - يىل 9 - ئايغىچە | ھاكىم | ئىسىن غازى | لوپنۇر | ئۇيغۇر | 1961 - يىل 2 - ئايدىن 1961 - يىل 4 - ئايغىچە |
| | ھاكىم | ئىسىن مۆمىن | خېجىڭ | ئۇيغۇر | 1962 - يىل 6 - ئايدىن 1963 - يىل 9 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ژۇشىجۇ | شەندۇڭ نىڭجىن | خەنزۇ | 1961 - يىل 2 - ئايدىن 1962 - يىل 10 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ماموت ماخان | چاقىلىق | ئۇيغۇر | 1961 - يىل 2 - ئايدىن 1963 - يىل 9 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | كېرەم سېيت | چاقىلىق | ئۇيغۇر | 1961 - يىل 2 - ئايدىن 1963 - يىل 9 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | يۇجېي | جياڭسۇ سياڭ | خەنزۇ | 1961 - يىل 7 - ئايدىن 1962 - يىل 7 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | لۇچۇڭگۇاڭ | شەنشى شىڭپىڭ | خەنزۇ | 1963 - يىل 4 - ئايدىن 1963 - يىل 9 - ئايغىچە |
| ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى (1963 - يىل 9 - ئايدىن 1965 - يىل 11 - ئايغىچە) | ھاكىم | ئىسىن مۆمىن | خېجىڭ | ئۇيغۇر | 1963 - يىل 9 - ئايدىن 1965 - يىل 11 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | لۇچۇڭگۇاڭ | شەنشى شىڭپىڭ | خەنزۇ | 1963 - يىل 9 - ئايدىن 1965 - يىل 11 - ئايغىچە |
| ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى (1965 - يىل 11 - ئايدىن 1966 - يىل 5 - ئايغىچە) | ھاكىم | ئىسىن مۆمىن | خېجىڭ | ئۇيغۇر | 1965 - يىل 11 - ئايدىن 1966 - يىل 5 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | لۇچۇڭگۇاڭ | شەنشى شىڭپىڭ | خەنزۇ | 1965 - يىل 11 - ئايدىن 1966 - يىل 5 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ھامىدىن تاھىر | كۇچا | ئۇيغۇر | 1965 - يىل 11 - ئايدىن 1966 - يىل 5 - ئايغىچە |
| ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى (1981 - يىل 2 - ئايدىن 1984 - يىل 5 - ئايغىچە) | ھاكىم | ماموت ئىسمايىل | بۈگۈر | ئۇيغۇر | 1981 - يىل 2 - ئايدىن 1984 - يىل 5 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ساڭ چېكمىن | ئۈرۈمچى | خەنزۇ | 1981 - يىل 2 - ئايدىن 1984 - يىل 5 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | سۇن يۇڭشۇەن | ئەنخۇي خۇەيىنىڭ | خەنزۇ | 1981 - يىل 2 - ئايدىن 1984 - يىل 5 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | سىدىق قادىر | چاقىلىق | ئۇيغۇر | 1981 - يىل 2 - ئايدىن 1984 - يىل 5 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | قاسىم بارات | چاقىلىق | ئۇيغۇر | 1981 - يىل 2 - ئايدىن 1981 - يىل 7 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | كايىت ئەخمەت | چاقىلىق | ئۇيغۇر | 1981 - يىل 2 - ئايدىن 1984 - يىل 5 - ئايغىچە |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى (1984 - يىل 6 - ئايدىن 1987 - يىل 6 - ئايغىچە) | ھاكىم | مامۇت ئىسمايىل | بۈگۈر | ئۇيغۇر | 1984 - يىل 6 - ئايدىن 1987 - يىل 6 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | سۇن يۈنشۈەن | ئەنخۇي خۇەيىنىڭ | خەنزۇ | 1984 - يىل 6 - ئايدىن 1987 - يىل 6 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | سىدىق قادىر | چاقىلىق | ئۇيغۇر | 1984 - يىل 6 - ئايدىن 1987 - يىل 6 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | گايىت ئەخمەت | چاقىلىق | ئۇيغۇر | 1984 - يىل 6 - ئايدىن 1987 - يىل 6 - ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ھاكىم | ئابدۇل تۆمۈر | كۇچا | ئۇيغۇر | 1984 - يىل 6 - ئايدىن 1987 - يىل 6 - ئايغىچە |
| | مەسلىھەتچى | سالى چېڭمىن | ئۈرۈمچى | خەنزۇ | 1984 - يىل 6 - ئايدىن 1987 - يىل 6 - ئايغىچە |

ئىزاھ: 1. ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى 1966 - يىل «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان.

2. 1969 - يىل 10 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىدە ناھىيىلىك ئارمىيە - خەلق يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. بۇ قېتىمقى يىغىن ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھېسابلاندى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئىسمىلىك جەدۋىلى ئايرىم تۈزۈلدى.

## 3. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن ناھىيىنىڭ ھاكىمىيەت سىستېمىسى زەربىگە ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1967 - يىل 2 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئۇ پۈتۈن ناھىيىنىڭ تۇرلۇك خىزمەتلىرىنى باشقۇردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا يەنى 1969 - يىل 10 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى (ئۇنىڭ قارمىقىدا تەشكىلات گۇرۇپپىسى، تەشۋىقات گۇرۇپپىسى، ئاممىۋى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى)، ئىش باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى، خەلق قوغداش گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت 4 ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت «بىر تۇتاش» رەھبەرلىكنى يولغا قويۇپ، پۈتكۈل ناھىيىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، مالىيە، مەدەنىيەت ھوقۇقلىرىنى ئۆز قولىغا ئالدى.

1971 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سودا ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى. سودا ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا سودا شىركىتى، ئاشلىق شىركىتى، تاشقى سودا جىڭلىبۇسىدىن ئىبارەت 3 كەسپىي تارماق تەسىس قىلىندى.

1972 - يىل 7 - ئايدا ئاشلىق شىركىتى ئاشلىق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى ھەمدە يېمەكلىكلەر شىركىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا باج ئىدارىسى، خەلق بانكىسىدىن ئىبارەت 2 ئاپپارات تەسىس قىلىندى.

1973 - يىل 4 - ئايدا خەلق قوغداش گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ج خ ئىدارىسى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئىشلىرى - كادىرلار بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1974 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ئىنقىلابىي كومىتېت ئايرىلىپ ئىش بېجىرىدىغان بولدى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت 4 چوڭ گۇرۇپپىنى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى قاتارلىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنى ئەمەلدىن

قالدۇرۇپ، ئىشخانا، خەلق ئىشلىرى - كادىرلار بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى، مەدەنىيەت - سەھىيە بۆلۈمى، سۇ - ئېلېكتر بۆلۈمى، سودا - سانائەت بۆلۈمى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بۆلۈمى، پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى، ج خ ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، زىيالىي ياشلار ئىشخانىسىدىن ئىبارەت 15 خىزمەت ئاپپاراتىنى تەسىس قىلدى. شۇ يىلى 11-ئايدا جەنۇبىي تاغ (نەنسەن) مەمۇرىي باشقۇرۇش رايونى قۇرۇلدى.

### ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىرى

جەدۋەل: 3 — 4

| ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | يۇرتى | مىللىتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| مۇدىر | يالڭ زىلىڭ | سەنشى ۋەنرۇڭ | خەنزۇ | 1969 - يىل 10 - ئايدىن 1972 - يىل 11 - ئايغىچە |
| | ۋاڭ جىڭگۇ | شەندۇڭ نىڭجىن | خەنزۇ | 1972 - يىل 11 - ئايدىن 1973 - يىل 12 - ئايغىچە |
| | ئىمىن مۇمىن | خېجىڭ | ئۇيغۇر | 1973 - يىل 12 - ئايدىن 1979 - يىل 2 - ئايغىچە |
| مۇئاۋىن مۇدىر | جاۋمىڭلياڭ | شەندۇڭ شاڭخې | خەنزۇ | 1969 - يىل 10 - ئايدىن 1974 - يىل 3 - ئايغىچە |
| | جاۋلياڭتيەن | شەندۇڭ شاڭخې | خەنزۇ | 1969 - يىل 10 - ئايدىن 1974 - يىل 3 - ئايغىچە |
| | گۇجىڭدا | جياڭسۇ جىڭجياڭ | خەنزۇ | 1969 - يىل 10 - ئايدىن 1976 - يىل 10 - ئايغىچە |
| | لۇچۇڭگۇاڭ | شەنشى شىڭپىڭ | خەنزۇ | 1974 - يىل 4 - ئايدىن 1979 - يىل 6 - ئايغىچە |
| | ئىمىن مۇمىن | خېجىڭ | ئۇيغۇر | 1972 - يىل 11 - ئايدىن 1973 - يىل 12 - ئايغىچە |
| | ھەسەن يۈسۈپ | چاقىلىق | ئۇيغۇر | 1969 - يىل 10 - ئايدىن 1970 - يىل 12 - ئايغىچە |
| | ليۇچۇڭچى | شەنشى شيەنياڭ | خەنزۇ | 1976 - يىل 9 - ئايدىن 1980 - يىل 6 - ئايغىچە |
| | مۇسا روزى | كورلا | ئۇيغۇر | 1979 - يىل 3 - ئايدىن 1980 - يىل 6 - ئايغىچە |
| | ساڭ چېڭمىن | ئۈرۈمچى | خەنزۇ | 1979 - يىل 5 - ئايدىن 1981 - يىل 2 - ئايغىچە |
| | سۇن يۇنشۇەن | ئەنخۇي خۇەينىڭ | خەنزۇ | 1979 - يىل 5 - ئايدىن 1981 - يىل 2 - ئايغىچە |
| | قاسىم بارات | چاقىلىق | ئۇيغۇر | 1980 - يىل 5 - ئايدىن 1981 - يىل 2 - ئايغىچە |
| | مامۇت ئىسمايىل | بۈگۈر | ئۇيغۇر | 1980 - يىل 5 - ئايدىن 1981 - يىل 2 - ئايغىچە |

## 4. خەلق ھۆكۈمىتى

1981 - يىل 2 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىدە 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى، مۇئاۋىن ھاكىملىرى سايلاپ چىقىلىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىندى. خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدا

ئىشخانا، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، ئەمگەك بۆلۈمى، سودا بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، سانائەت - قاتناش بۆلۈمى، پىلان كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بۆلۈمى، گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرى بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، سۇ - ئېلېكتىر بۆلۈمى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى، ئەدلىيە بۆلۈمى (قانۇن مەسلىھەتچىلىرى باشقارمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ج خ ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن ئىبارەت 20 ئاپپارات تەسىس قىلىندى.

1984 - يىلى رايون دەرىجىلىك ئاپپارات ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق بۆلۈملەر ئىدارە دەپ ئاتىلىدىغان بولدى ھەمدە ئاپپاراتلار تەڭشەلدى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەڭشەلگەندىن كېيىنكى ئاپپاراتلىرى ئىشخانا، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، سۇ - ئېلېكتىر ئىدارىسى، ستاتىستىكا ئىدارىسى، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى، باھا ئىدارىسى، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى، ئەدلىيە ئىدارىسى، ئىقتىساد كومىتېتى، مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ج خ ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، قاتناش ئىدارىسى، 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن ئىبارەت 29 ئاپپاراتنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

## § 2 . رايونلۇق، يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى

### 1 . رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50 - يىللىرىنىڭ بېشىدا، كونا باۋ - جيا تۈزۈمى پاچاقلاپ تاشلىنىپ، ئاساسىي قاتلام خەلق ھاكىمىيىتى ئورنىتىلدى، پۈتۈن ناھىيە 3 رايونغا ئايرىلدى، بۇ 3 رايوندا خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى ۋە ئۇلار رايونلۇق مەھكىمە دەپ، يەنى 1 - رايون رايونلۇق مەھكىمىسى، 2 - رايون رايونلۇق مەھكىمىسى، ۋاششەرى رايونى رايونلۇق مەھكىمىسى دەپ ئاتالدى. رايونلۇق مەھكىمىلەرگە رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى ۋە ئامانلىق ساقلاش، مەدەنىيەت - مائارىپ ياردەمچىلىرى ھەم كاتىپ، تەرجىمان قاتارلىق خادىملار قويۇلدى.

1953 - يىلى 1 -، 2 - رايونلار بىرلەشتۈرۈلۈپ 1 - رايون قىلىندى، ۋاششەرى 2 - رايونغا ئۆزگەرتىلدى.

1956 - يىل 1 - ئايدا رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، رايونلۇق مەھكىمىلەرگە قاراشلىق 6 يېزا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىگە ئۆتتى.

1974 - يىل 4 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقى بىلەن، جەنۇبىي تاغ (نەنسەن) مەمۇرىي باشقۇرۇش رايونى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار ۋە سىياسىي ئىشلار كادىرى، كاتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كادىرى، مەدەنىيەت - مائارىپ كادىرى ۋە بوغالتىر قاتارلىق خادىملار قويۇلدى.

1983 - يىل 12 - ئايدا يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن، جەنۇبىي تاغ مەمۇرى باشقۇرۇش رايونى چىمەن رايونغا ئۆزگەرتىلدى، بۇ رايونغا بىر بازار، 2 يېزا، يەنى يېتىمبۇلاق بازىرى ۋە

تۆمۈرلۈك يېزىسى، چىمەنتاغ يېزىسى قارايدىغان بولدى، رايونلۇق، بازارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت بىرلىشىپ ئىش بېجىردى.

## 2. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى

50 - يىلىنىڭ بېشىدا رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ئاستىدا يېزىلىق ھۆكۈمەت تەسىس قىلىندى، ناھىيە بويىچە 6 يېزا بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ۋە كاتىپ قويۇلدى. يېزىلىق ھۆكۈمەت تەشكىلى تۈزۈلمىسى 1958 - يىل خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغانغا قەدەر مەۋجۇد بولۇپ تۇردى.

## 3. خەلق گۇڭشېسى

1958 - يىل 9 - ئايدا ناھىيە بويىچە گۇڭشېلىشىش ئىشقا ئاشتى، چاقىلىق ناھىيىسىدە 4 خەلق گۇڭشېسى («راكېتا»، «قىزىلبايراق»، «سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «ئۆكتەبىر») قۇرۇلدى. 1959 - يىل 1 - ئايدا 4 گۇڭشې بىرلەشتۈرۈلۈپ، پۈتۈن ناھىيە بىر گۇڭشې قىلىندى، باشقۇرۇشقا قولاي بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاستىدا «غالىبىيەت»، «ئىتتىپاق»، ۋاششەرى باشقۇرۇش رايونلىرى تەسىس قىلىندى. 1960 - يىل 9 - ئايدا ناھىيە بويىچە چوڭ گۇڭشې ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، «غالىبىيەت»، «ئىتتىپاق» باشقۇرۇش رايونلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، «غالىبىيەت» خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى، ۋاششەرى باشقۇرۇش رايونى ۋاششەرى خەلق گۇڭشېسى بولۇپ قۇرۇلدى. 1962 - يىل 2 - ئايدا «غالىبىيەت» خەلق گۇڭشېسى «غالىبىيەت»، «ئىتتىپاق» گۇڭشېسى دەپ 2گە ئايرىۋېتىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ناھىيە بويىچە 3 خەلق گۇڭشېسى تۈزۈلمىسى 1984 - يىلغىچە داۋاملاشتى. گۇڭشېدا ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشېنى بىرلەشتۈرۈش يولغا قويۇلدى، ئۇ ھەم ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتى، ھەم كوللېكتىپ ئىقتىسادقا رەھبەرلىك قىلىدىغان ئاپپارات بولدى. گۇڭشېلاردا باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارىمىقىدا دېھقانچىلىق بۆلۈمى، چارۋىچىلىق بۆلۈمى، ئورمانچىلىق بۆلۈمى، سۇچىلىق بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، سانائەت - قاتناش بۆلۈمى، ئىچكى ئىشلار - ئەمگەك بۆلۈمى، ئامانلىق ساقلاش - قوغداش بۆلۈمى، تەمىنات - سودا بۆلۈمى، ئىناۋەتلىك قەرز بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە بۆلۈمى، قوشۇمچە كەسىپ بۆلۈمى ۋە پىلان كومىتېتى، پەن- تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى، باشقۇرۇش كومىتېتىغا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر قويۇلدى.

1969 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەستىقى بىلەن، «غالىبىيەت»، «ئىتتىپاق» ۋاششەرى خەلق گۇڭشېلىرىدا ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە كاتىپ، سىياسىي خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش، چارۋىچىلىق، ئىش بېجىرىش، خەلق قوراللىق ئىشلىرى خادىملىرى قويۇلدى ۋە مۇشۇ تۈرلەر بويىچە مۇناسىپ گۇرۇپپىلار قۇرۇلدى.

1981 - يىل 5 - ئايدا خەلق گۇڭشېلىرىدا ئىنقىلابىي كومىتېت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، گۇڭشې باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى، باشقۇرۇش كومىتېتىغا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار قويۇلدى، باشقا ئاپپاراتلار ئۆزگەرتىلمىدى.

## 4. يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى

1984 - يىل 9 - ئايدا ناھىيە بويىچە گۇڭشېنى يېزىغا ئۆزگەرتىش، ھاكىمىيەت قۇرۇش

سايلىمى ئېلىپ بېرىلىپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە تىكەنلىك يېزىسى، ئوتام يېزىسى، ۋاششەرى يېزىسى، چاقىلىق بازىرىدىن ئىبارەت 4 يېزا، بازار تەسىس قىلىندى. يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە يېزا (بازار) باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا (بازار) باشلىقلىرى ۋە كاتىپ، خەلق ئىشلىرى ياردەمچىسى، ئەمگەك - كادىرلار ياردەمچىسى، ئىشلەپچىقىرىش ياردەمچىسى، ستاتىستىكا ياردەمچىسى، ئىقتىساد ياردەمچىسى، مەدەنىيەت - مائارىپ ياردەمچىسى، سەھىيە - پەن - تېخنىكا ياردەمچىسى، قۇرۇلۇش ياردەمچىسى، ئەدلىيە ياردەمچىسى، ج خ ياردەمچىسى، تەرجىمان، مەمۇرىي ئىشلار خادىمى، خىزمەتكارلار قويۇلدى ۋە مالىيە ئورنى قۇرۇلدى.

# III باب

# چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە مىنگو دەۋرىدىكى ھۆكۈمەتلەر

## 1 § . ياردەمچى ئامبال، ناھىيىلىك مەھكىمە

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 15 - يىلى (1889 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى چاقىلىق ناھىيىسىدە ساخاۋەتخانا تەسىس قىلدى. گۇاڭشۇ 16 - يىلى (1890 - يىلى) خەيرىخاھلىق - دالالەت ئىدارىسى تەسىس قىلدى. گۇاڭشۇ 25 - يىلى (1899 - يىلى) 9 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى چاقىلىق ناھىيىسىدە چاقىلىق ياردەمچى ئامبىلى تەسىس قىلدى، ئۇ، شىنپىڭ ناھىيىسى (ھازىرقى لوپنۇر ناھىيىسى)گە قارىدى، 3 كىشى ياردەمچى ئامبال بولدى. گۇاڭشۇ 29 - يىلى (1903 - يىلى) 5 - ئايدا چاقىلىق ياردەمچى ئامباللىقى چاقىلىق ناھىيىسىگە ئۆستۈرۈلدى. ئۇ قاراشەھەر ۋىلايىتىگە قارىدى، ناھىيە مەھكىمىسىگە ئامبال، پاششاپبەگ ۋە ئۆتەڭ باشقۇرغۇچىلار قويۇلدى مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى)غا قەدەر، ناھىيە مەھكىمىسىگە 7 كىشى ئامبال بولدى.

چاقىلىق ناھىيىسىگە ياردەمچى ئامبال بولغانلار

جەدۋەل: 3 — 5

| ئىسىم - فامىلىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|
| جاڭ شۈيى | چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 25 - يىلى (1889 - يىلى) 9 - ئايدىن 27 - يىلى 4 - ئايغىچە |
| جۇجېنرۇ | چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 27 - يىلى (1901 - يىلى) 4 - ئايدىن 28 - يىلى 12 - ئايغىچە |
| جاڭ شۈيى | چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 28 - يىلى (1902 - يىلى) 12 - ئايدىن 29 - يىلى 12 - ئايغىچە |

### چاقىلىق ناھىيىسىگە ئامبال بولغانلار

جەدۋەل: 3 — 6

| ئىسىم ـ فامىلىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|
| شيا چاۋشۈن | چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 29 ـ يىلى (1903 ـ يىلى) 12 ـ ئايدىن 31 ـ يىلى (1905 ـ يىلى) 12 ـ ئايغىچە |
| ليۇ مو | چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 31 ـ يىلى (1905 ـ يىلى) 12 ـ ئايدىن 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) 5 ـ ئايغىچە |
| جۇ يۈن | چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) 5 ـ ئايدىن 34 ـ يىلى (1908 ـ يىلى) 3 ـ ئايغىچە |
| ساۋ داجى | چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 34 ـ يىلى (1908 ـ يىلى) 3 ـ ئايدىن 34 ـ يىلى (1908 ـ يىلى) 6 ـ ئايغىچە |
| رۇي شەن | چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 34 ـ يىلى (1908 ـ يىلى) 6 ـ ئايدىن شۈەنتۇڭ 2 ـ يىلى (1910ـ يىلى) 6 ـ ئايغىچە |
| چيەن رۇڭگۇاڭ | چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2 ـ يىلى (1910 ـ يىلى) 6 ـ ئايدىن شۈەنتۇڭ 2 ـ يىلى (1910ـ يىلى) 9 ـ ئايغىچە |
| تاڭ گۇاڭيى | چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2 ـ يىلى (1910 ـ يىلى) 9 ـ ئايدىن شۈەنتۇڭ 3 ـ يىلى (1911ـ يىلى) 1 ـ ئايغىچە |
| سۇڭ زۇڭيى | چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3 ـ يىلى (1911 ـ يىلى) 6 ـ ئاي |

## § 2 . ناھىيىلىك مەمۇرىي مەھكىمە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت

مىنگونىڭ 1 ـ يىلى (1912 ـ يىلى) چاقىلىق ناھىيە مەھكىمىسى ناھىيىلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭ مەمۇرىي باشلىقى ناھىيە ئامبىلى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) ناھىيىلىك مەمۇرىي مەھكىمە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئۆزگەرتىلدى، ئامبال ھاكىم دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) غىچە ناھىيىلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە 8 كىشى ئامبال، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە 6 كىشى ھاكىم بولدى. ناھىيىلىك مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارىمىقىدا 1 ـ بۆلۈم (خەلق ئىشلىرىنى بىجىرىش، خىزمەتچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، قائىدە ـ نىزاملارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى)، 2 ـ بۆلۈم (مالىيە قاتارلىق ئىشلارنى بىجىرەتتى)، 3 ـ بۆلۈم (قۇرۇلۇش، مائارىپ قاتارلىق ئىشلارنى بىجىرەتتى)، ساقچى ئىدارىسى (جەمئىيەت ئامانلىقىغا مەسئۇل ئىدى، يېزا، كەنتلەردە شۆبە ساقچى ئورنى تەسىس قىلىنغانىدى)، سوت بۆلۈمى (ئادەتتىكى دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل ئىدى ھەمدە ھاكىمغا ھەمكارلىشىپ سوتلاش قاتارلىق ئىشلارنى قوشۇمچە بىجىرەتتى) قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) ساقچى ئىدارىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا

ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى، 1 ـ بۆلۈم خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 2 ـ، 3 ـ بۆلۈملەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مالىيە بۆلۈمى، بوغالتىر ئىشخانىسى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) گومىنداڭ شىنجاڭدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقاندا، چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى، ئۇنىڭ قارمىقىدا 4 بۆلۈم (خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى)، 3 ئىشخانا (كاتىبات ئىشخانىسى، بوغالتىر ئىشخانىسى، سوت ئىشخانىسى). 2 ئىدارە (ساقچى ئىدارىسى، غەللە ـ پاراق ئىدارىسى) تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى)، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بوغالتىر ئىشخانىسى، سوت ئىشخانىسى ۋە غەللە ـ پاراق ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، سودا ـ سانائەت بۆلۈمى، باج ئىدارىسى ۋە پوچتا ئىدارىسىنى تەسىس قىلدى. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) دىن 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) غىچە چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە 4 كىشى ھاكىم بولدى.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يېزىلاردا باۋ ـ جيا تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا كىرىشتى ۋە ناھىيە بويىچە جەمئىي بىر يېزا، 8 باۋ تەسىس قىلىندى. 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئاتالمىش يېزا باشلىقى، باۋ باشلىقى سايلىمى ئۆتكۈزدى، سايلامدا بىر يېزا باشلىقى، بىر مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، 16 باۋ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باۋ باشلىقى، 89 جيا باشلىقى سايلاندى.

### مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە) ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 7

| ۋاقتى | تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلار |
|---|---|
| مىنگونىڭ 1 ـ يىلى (1912 ـ يىلى) | 1 ـ بۆلۈم، 2 ـ بۆلۈم، 3 ـ بۆلۈم، ساقچى ئىدارىسى، سوت بۆلۈمى |
| مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) | خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، بوغالتىر ئىشخانىسى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى، ج خ ئىدارىسى، سوت بۆلۈمى |
| مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) | كاتىبات ئىشخانىسى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، بوغالتىر ئىشخانىسى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى، سوت بۆلۈمى، ساقچى ئىدارىسى، غەللە ـ پاراق ئىدارىسى |
| مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) | كاتىبات ئىشخانىسى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، سودا ـ سانائەت بۆلۈمى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى، باج ئىدارىسى، پوچتا ئىدارىسى، ساقچى ئىدارىسى |

## مىنگو يىللىرىدا چاقىلىق ناھىيىلىك مەمۇرىي مەھكىمىدە ئامبال بولغانلار

جەدۋەل: 3 — 8

| ئىسىم - فامىلىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|
| شۇ چيەن | مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى)دىن مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) 10 - ئايغىچە |
| خۇ موخۇا | مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) 10 - ئايدىن مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) 12 - ئايغىچە |
| خې كەيپۇەن | مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) 12 - ئايدىن مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) 1 - ئايغىچە |
| ۋاڭ ۋېنجيې | مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە |
| لۇڭ شيېلىن | مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) 3 - ئايدىن 4 - ئايغىچە |
| فەن زۇيو | مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) 4 - ئايدىن مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) 9 - ئايغىچە |
| لى شىن | مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) 9 - ئايدىن مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) 4 - ئايغىچە |
| لياۋ جېنخۇاڭ | مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) 4 - ئايدىن مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918 - يىلى) 12 - ئايغىچە |
| چېن رۇڭجاڭ | مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) 1 - ئايدىن — |

## مىنگو يىللىرىدا چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ھاكىم بولغانلار

جەدۋەل: 3 — 9

| ئىسىم - فامىلىسى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|
| گاجىتبەگ | ھاكىم | مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى)دىن مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 3- ئايغىچە |
| ما شۇلو | مۇۋەققەت ھاكىم | مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 3 - ئايدىن 4 - ئايغىچە |
| ۋاڭ ۋېنمىڭ | ھاكىم | مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 4 - ئايدىن مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 1 - ئايغىچە |
| جيا مېڭلىڭ | مۇۋەققەت ھاكىم | مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 1 - ئايدىن مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 2 - ئايغىچە |
| جاڭ فۇجيۇ | مۇئاۋىن ھاكىم | مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 2 - ئايدىن مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 3 - ئايغىچە |
| سى جىجۇڭ | ھاكىم | مىنگونىڭ 33 - يىلى (1943 - يىلى) 4 - ئايدىن مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 3 - ئايغىچە |
| شى باۋجۇ | ھاكىم | مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 3 - ئاي |
| شى زېسۇ | ھاكىم | مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 3 - ئايدىن 12 - ئايغىچە |
| مەمتىمىن ياقۇپ | ھاكىم | مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 12 - ئايدىن مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 9 - ئايغىچە |
| ئۆمەرجان ئىسما- يىل | مۇئاۋىن ھاكىم | مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 3 - ئايدىن 9 - ئايغىچە |

# قوشۇمچە — 1: مىنگو دەۋرىدىكى كېڭەش

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 8 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەش: چاقىلىق ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ توپ سانى 9 بولىدۇ، ھەممىسى ئۇيغۇردىن بولىدۇ، ناھىيىلىك كېڭەشكە بىر باشلىق، بىر مۇئاۋىن باشلىق قويۇلىدۇ، ئۇلار كېڭەش ئەزالىرىنىڭ سايلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، كېڭەش باشلىقىنىڭ قول ئاستىدا بىر كاتىپ، 2 ئىش بېجىرگۈچى، 1 - 2 پۇتۈكچى بولىدۇ، ئۇلار كېڭەش باشلىقىنىڭ ئىرادىسى بويىچە كۈندىلىك ئىشلارنى بېجىرىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا، ناھىيە بويىچە ھەر ساھەدىكى زاتلار ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا سادىق داموللا كېڭەش باشلىقلىقىغا، ئابدۇراخمان قۇربانوف مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقلىقىغا، 7 كىشى كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيىلىك كېڭەش تەشكىل قىلىندى.

ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ ۋەزىپىسى مۇنداق بولدى: 1. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىراجەت خام چوتىنى تەكشۈرۈش؛ 2. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش؛ 3. ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش؛ 4. ئېلىپ بېرىشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك ئىشلار ئۈستىدە تەكلىپ بېرىش.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 5 - ئايدا، چاقىلىق ناھىيىسىدە ھەر ساھەدىكى زاتلار ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا سادىق داموللا كېڭەش باشلىقلىقىغا، ئابدۇراخمان قۇربانوف مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقلىقىغا، بىر قانچە كىشى كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك كېڭەش تەشكىل قىلىندى.

ناھىيىلىك كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر ئايدا 2 قېتىم يىغىن ئېچىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىدى، بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرىنى ماقۇللىدى، ھەربىي تەمىناتنى ھەل قىلدى، مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى)، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تۈزگەن تىنچلىق بىتىمى بۇزۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك كېڭەش ئۆز رولىنى يوقاتتى.

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 1 - ئايدا قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن چاقىلىق ناھىيىلىك كېڭەش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

# قوشۇمچە — 2: گومىنداڭ قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاش

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى)، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نەنجىڭدا ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇش يۈزىسىدىن مىللىي قۇرۇلتاي ئېچىشتىن ئىلگىرى، چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كىچىك زالىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا ئۆمەرجان ئىسمايىل گومىنداڭ قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە، نەنجىڭ توپىلاڭچىلارنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

# IV باب

# خەلق سىياسىي كېڭىشى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى 1978 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلدى، ئۇ، ج ك پ نىڭ چاقىلىق ناھىيىسىدىكى تەشكىلاتى، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، دىنىي زاتلار ۋە باشقا ۋەتەنپەرۋەر زاتلاردىن تەركىب تاپتى. ئۇ، ھەرقايسى مىللەتلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى، دېموكراتىك تەبىقىلەر ۋە باشقا ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ خەلق دېموكراتىيە بىرلىك سەپ تەشكىلاتى، ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ھەر تەبىقە زاتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان مۇھىم ۋاستىسى بولدى.

## § 1 . ھەر نۆۋەتلىك كومىتېتلارنىڭ يىغىنلىرى

### 1. چاقىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتى

1 - يىغىنى 1981 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا ج ك پ، خەلق تەشكىلاتلىرى، ھەر قايسى مىللەتلەر، سودا - سانائەت ساھەسى، دىن ساھەسى، پەن - تېخنىكا ساھەسى، مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسى، مائارىپ ساھەسى، تىببىي داۋالاش - سەھىيە ساھەسىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئىشچى - دېھقان ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى بولۇپ جەمئىي 23 كىشى قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىپ، تۆرلۈك خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلىدى ۋە مۇزاكىرە قىلدى. ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملارنىڭ ۋە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ نامزاتلىرى ئۈستىدىكى كېڭىشىشكە قاتناشتى. يىغىندا دېموكراتىك ئاساستا كېڭىشىش ئارقىلىق چاقىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە دائىمىي ئەزالىرى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. يۈەن بىگىيەن رەئىس، جاۋشيۇجاڭ، ئابلا مەخسۇملار مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

### 2. چاقىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتى

1 - ئومۇمىي يىغىنى 1984 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 41 ئەزا قاتناشتى. ئۇلار چاقىلىق ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق

قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى. ئەزالار سىياسىي كېڭەش 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، مۇئاۋىن ھاكىملىرىنىڭ ۋە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ نامزاتلىرى ئۈستىدە كېڭەشتى. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە دائىمىي ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى. يۈەن بىڭيەن رەئىس، جاۋشىيۇجاڭ، ئابلا مەخسۇملار مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

## § 2 . ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

### 1. ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش - ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش

دۆلەتنىڭ ۋە ئۆز جايىنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشقا قاتنىشىپ، سىياسىي مەسلىھەتچىلىك، دېموكراتىك نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇردى. سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرىغا 13 قېتىم سىرتتىن قاتنىشىپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا دائىر چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدىكى دېموكراتىك كېڭەشىشكە ئىشتىراك قىلدى. سىياسىي كېڭەشنىڭ بارلىق ئەزالىرى ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك، 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرىنى ۋە باشقا خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ ئۆتتى، مۇزاكىرە قىلدى، پىكىر بەردى، ناھىيە دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نامزاتى ئۈستىدىكى كېڭەشىشكە قاتناشتى.

### 2. بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 1978 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، 9 قېتىم ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ئۆگىنىش — سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، مۇجمەل قاراشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىدا ئىجابىي رول ئوينىدى.

### 3. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىغا قويۇپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنى پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» دەيدىغان ئىككى ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسىنى تىكلەپ، چاقىلىقنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشتىن ئىبارەت سىياسىي ۋەزىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۆھپە قوشتى.

## 4. پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى

ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن تەشۋىق قىلدى ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلدى. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 1978 - يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1985 - يىلغىچە، 23 قېتىم دىنىي زاتلار ئۆگىنىش - سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى ھەمدە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا پائالىيەت سورۇنلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى، دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى.

تۆتىنچى قىسىم

# خەلق ئىشلىرى، ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى

# تۆتىنچى قىسىم

# خەلق ئىشلىرى، ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى

## I باب

## خەلق ئىشلىرى

چاقىلىق ناھىيىسىدە تارىختا ئاپەت بىرقەدەر كۆپ بولغان. بولۇپمۇ بوران ئاپىتى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى كەينى - كەينىدىن بولۇپ تۇرغان، كەلكۈن، سوغۇق ھاۋا ئىقىممۇ پات-پاتلا يۈز بېرىپ تۇرغان. ئۆز ۋاقتىدىكى ھۆكۈمەتلەر ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى ئاز - تولا قۇتقۇزغان بولسىمۇ، ئەمما ئاجراتقان پۇلى-ناھايىتى ئاز بولغان، قوللانغان تەدبىرىمۇ كۈچلۈك بولمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، پۇل قاتلاممۇ - قاتلام قىسىپ قېلىنغاچقا، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ قولىغا ھېچقانچە پۇل تەگمىگەن، شۇڭا ئېغىر ئاپەت يۈز بەرگەندە، ھەر مىللەت خەلقى ئاچ - يالىڭاچ قالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر قېتىم ئاپەت بولغاندا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت پۈتۈن ناھىيە خەلقىنى تەشكىللەپ، ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاپەت زىيىنىنى ئىمكانقەدەر ئازايتتى ھەمدە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى ھەل قىلالمايدىغان مەجرۇھلار، يېتىم-يېسىرلار ۋە قېرى - چۆرىلەرگە قارىتا ھەرخىل ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى يولغا قويدى؛ ئىنقىلاب ئۈچۈن قۇربان بەرگەن ئائىلىلەر، ئارمىيە ئائىلىلىرى ... ئېتىبار بېرىشكە ۋە نەپىقە بېرىشكە تېگىشلىكلەرگە دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە مەلۇم مىقداردا ۋاقىتلىق ياكى قەرەللىك قوشۇمچە ياردەم بەردى؛ ھەربىي سەپتىن بوشانغان، قايتقان ھەربىيلەر، چېگرا رايونغا ياردەمگە كەلگەن ياشلار ۋە ئاققۇنلارنىمۇ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە تۇرلۇك قۇتقۇزۇش پۇلى (ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دىن جەمئىي 1 مىليون 911 مىڭ 800 يۈەن (نەرسە - كېرەكلەر بۇنىڭ سىرتىدا) تارقىتىلدى، بۇ، يىلىغا 54 مىڭ 600 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. 1980 - يىلدىن 1985 - يىلىغىچە، ناھىيە بويىچە تۇرلۇك نەپىقە پۇللىرىدىن جەمئىي 32 مىڭ 788 يۈەن تارقىتىلدى، بۇ، يىلىغا 5464.67 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ.

# § 1 . قۇتقۇزۇش

## 1. ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

1959 — 1960 - يىللىرى، چاقىلىقتا قۇرغاقچىلىق بولدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 21 مىڭ 862 موغا يەتتى، بۇ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 67% ىنى ئىگىلەيدۇ. 4 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، بىر گۇڭشېنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ۋە ياشانغانلار ساناتورىيىسى ئاشلىقتىن قىسىلىپ قالدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشقا تەشكىللىدى ھەمدە ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا 90 مىڭ 475.5 جىڭ قۇتقۇزۇش ئاشلىقى تارقىتىپ بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ ئاشلىق مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلدى.

1979 - يىل 4 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىدە قاتتىق بوران ئاپىتى بولدى. 8327 مو زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى، 3400 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 1300 تۈپ دەرەخ ۋە 26 مو كۆچەتزارلىق، ئورمان بەلۋېغى ۋەيران بولدى، 7 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى. بوران 60 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق يەم-خەشەكنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇشقا 10 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەردى.

1981 - يىل 7 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىدە 10 سائەت توختىماي قاتتىق يامغۇر ياغدى، يېغىن مىقدارى 73 مىللىمېتىرغا يەتتى. بۇ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تارىخىدا كەمدىن كەم كۆرۈلگەن ئەھۋال ئىدى. يامغۇردىن كېيىن، كەلكۈن كېلىپ، 110 مېتىر تاشيولنى، 4 سۇ ئامبىرىنى، 3067 مېتىر ئېرىق - ئۆستەڭنى سۇ ئېلىپ كەتتى، 211 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 327 مو ئېتىز سۇ ئاستىدا قالدى. ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلار دەرھال ئادەم چىقىرىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، ئۇلار ئاپەت بولغان رايونلارغا بېرىپ ئاپەت ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئاپەتكە ئۇچرىغانلاردىن ھال سورىدى، ئاممىنى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ ئۆز ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا تەشكىللىدى ھەمدە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 85 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ئۆز يۇرتىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

1985 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە كەينى - كەينىدىن بوران ئاپىتى، سۇ ئاپىتى بولدى. 3219 مو زىرائەت، 5040 كىشى ئاپەتكە ئۇچرىدى، 432 مىڭ جىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق كەملەپ كەتتى. ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى تەشكىللىگەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمەت گۇرۇپپىسى ئاپەت بولغان رايونلارغا بېرىپ، ئاممىنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشقا تەشكىللىدى ھەمدە ئاپەت بولغان رايونلارغا ياردەملىشىپ 10 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت سېتىۋېلىپ بەردى، 24 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 41 مىڭ جىڭ يەم - خەشەك يۆتكەپ بېرىپ، 15 مىڭ يۈەن چىقىم قىلدى.

## 2. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 22 - يىلى (1896 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدە «قىشلىق قۇتقۇزۇش ئورنى» قاتارلىق ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنغان. مىنگو

دەۋرىدە، ئاپەت، قەھەتچىلىك بولغاندا ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە ئوزۇقلۇق ئاشلىق ۋە ئوزۇق بېرىپ تۇرۇش ئۈچۈن، چاقىلىق ناھىيىسىدە «ئاشلىق يىغىپ قەھەتچىلىككە تاقابىل تۇرۇش كوممۇنىسى» قۇرۇلۇپ، ئامبار سېلىنىپ ئاشلىق ساقلانغان. بۇلار كونا ھاكىمىيەتنىڭ ئۆزىنى پەردازلاش ئۈچۈنلا قىلغان ئىشلىرى بولۇپ، بۇنىڭ نامرات پۇقرالا ئۈچۈن ئەمەلىي ئەھمىيىتى يوق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇردى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېزىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھەر يىلى مەلۇم مىقداردا پۇل ئاجرىتىپ، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى قانات يايدۇردى. 1950 ـ يىلى ناھىيە بويىچە قىشلىق ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشقا 8000 يۈەن چىقىم قىلىندى. 1955 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشقا 3000 يۈەن چىقىم قىلىندى، 29 مىڭ 700 جىڭ قۇتقۇزۇش ئاشلىقى تارقىتىلدى، جەمئىي 87 ئائىلە، 215 كىشى قۇتقۇزۇشقا ئېرىشتى. 1965 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشقا 10 مىڭ 400 يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشقا 4 . 9364 يۈەن ئىشلىتىلدى، بۇ، ناھىيە بويىچە ئىشلىتىلگەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلىنىڭ %90ىنى ئىگىلەيدۇ؛ شەھەر ـ بازاردىكى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشقا 49 . 1040 يۈەن ئىشلىتىلدى، بۇ، ناھىيە بويىچە ئىشلىتىلگەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلىنىڭ تەخمىنەن %10ىنى ئىگىلەيدۇ. 1976 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشقا 14 مىڭ يۈەن، قىشلىق ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشقا 15 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. 1983 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشقا 12 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. 460 مېتىر پاختا رەخت، 64 كىگىز تارقىتىلدى.

1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشقا جەمئىي 1 مىليون 911 مىڭ 800 يۈەن (ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ماددىي نەرسىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) چىقىم قىلىندى.

## 3 . بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرنى بېقىش

1956 ـ يىلى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىدە، يۆلەنچۈكى يوق قېرىلار، مەجرۇھلار ۋە يېتىم باللارنى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش (يېمەك ـ ئىچمەكتە، كىيىم ـكېچەكتە، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشتا، ئوتۇن ـ كۆمۈردە، دەپنە قىلىشتا ياكى يېتىم باللارنى تەربىيىلەشتە كاپالەتلەندۈرۈش) ، ئۇلارنى كوللېكتىپ تەمىنلەش، دۆلەت قۇتقۇزۇش يولىغا قويۇلدى. بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرنى تەمىنلەش ئۆلچىمى ئادەتتىكى گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولمىدى.

1958 ـ يىلى خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە، ناھىيە بويىچە 3 يېزىدا ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇلۇپ، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان 50 كىشى يىغىپ بېقىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ياشانغانلار ساناتورىيىسى تاقىۋېتىلىپ، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرنى تارقاق بېقىش، دۆلەت قۇتقۇزۇش چارىسى يولىغا قويۇلدى، بىراق باشقۇرۇش قالايمىقان بولغاچقا، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولالمىدى. 1979 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېزا ـ كەنتلەردە تارقاق بېقىلىۋاتقان بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۆلچىمى ھەققىدە تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىپ، ھەربىر كىشىنى يىلدا 450 جىڭ ئاشلىق، 400 جىڭ ئوتۇن،

ئايدا 6 سەر ياغ، بىر جىڭ گۆش، يىلدا بىر قۇر يازلىق كىيىم، 2 يىلدا بىر قۇر قىشلىق كىيىم، 5 يىلدا بىر قۇر يوتقان - كۆرپە بىلەن تەمىنلىدى.

1985 - يىلىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ناھىيە بويىچە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئادەم جەمئىي 70 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 28 كىشى ياشانغانلار ساناتورىيىسىدە كوللېكتىپ بېقىلغان، قالغانلىرى يەنىلا تارقاق بېقىلغان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە، ئۇلارنى تۇرمۇش جەھەتتە كوللېكتىپ تەمىنلەش، دۆلەت قۇتقۇزۇش يولىغا قويۇلغان.

## 2 § . يېزىلاردا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش

چاقىلىق ناھىيىسىدە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش 1980 - يىلى باشلاندى؛ ناھىيە بويىچە 2 نامرات - قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە نۇقتىلىق يار - يۆلەك بولۇندى. 1983 - يىلى ناھىيىلىك نامراتلارغا يار- يۆلەك بولۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى مۇدىر، مۇئاۋىن ھاكىم مۇئاۋىن مۇدىر بولدى، يېزا ئىگىلىك ئىشخانىسى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق، خەلق ئىشلىرى، مالىيە، ئاشلىق، تەمىنات - سودا، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى، ھەيئەت قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. گۇڭشې ۋە چوڭ ئەترەتلەردە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، گۇڭشېدا بىر شۇجى ياكى مۇدىر، چوڭ ئەترەتتە بىر پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ياكى چوڭ ئەترەت باشلىقى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

1983 - يىلىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، پۈتۈن ناھىيىدىكى نامرات ئائىلە 338 بولۇپ، يېزىدىكى ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ %10.8 نى ئىگىلىگەن. شۇ يىلى 150 ئائىلىگە يار - يۆلەك بولۇش پىلانلانغان، ئەمما ئەمەلىيلەشكىنى 128 ئائىلە بولغان. تەكشۈرۈپ ئۈتكۈزۈۋېلىشتا 117 ئائىلە، 840 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆلچىمىگە يەتكەن ياكى ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇلار يار - يۆلەك بولۇنغان ئائىلىلەرنىڭ %91.4 نى ئىگىلىگەن، يار- يۆلەك بولۇش ئوبيېكتلىرى شۇ يىلى ئالغان ئومۇمىي ئاشلىق 696 مىڭ 500 جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %84 ئاشقان، ياغلىق دان 34 مىڭ 400 جىڭغا يېتىپ، %14.2 ئاشقان، پاختا 11 مىڭ 400 جىڭغا يېتىپ، 1.5 ھەسسە ئاشقان، يار - يۆلەك بولۇش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 190 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا 227.34 يۈەندىن توغرا كېلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %94 ئاشقان.

1984 - يىلى ناھىيە بويىچە يار - يۆلەك بولۇنغان 128 نامرات ئائىلىدىن 125ى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، ئۇلار يار - يۆلەك بولۇنغان ئائىلىلەرنىڭ %97.6 نى ئىگىلىدى. ئۇلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 303.29 يۈەنگە يېتىپ، يار - يۆلەك بولۇشتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 3.3 ھەسسە ئاشتى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە يار - يۆلەك بولۇنغان 151 نامرات ئائىلىدىن 129ى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ئۇلار يار - يۆلەك بولۇنغان ئائىلىلەرنىڭ %85.5 نى ئىگىلىدى.

1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە، ناھىيە بويىچە يار - يۆلەك بولۇنغان 407 نامرات

ئائىلىدىن 371ى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، ئۇلار يار - يۆلەك بولۇنغان ئائىلىلەرنىڭ %91 ىنى ئىگىلىدى.

## § 3 . ئېتىبار بېرىش - نەپىقە

### 1. ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش - ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش پائالىيىتى، ئاساسەن، ئازادلىق ئارمىيىگە ھال سوراش خېتى يېزىش، ئويۇن قويۇپ بېرىش، ھال سوراش بۇيۇمى تەقدىم قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى. 1950 — 1951 - يىللاردا چاقىلىق ناھىيىسىدە باندىتلارنى تازىلاش داۋامىدا، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەربىي قىسىمغا پائال تۈردە ئاخبارات يەتكۈزۈپ بەردى، يول باشلاپ بەردى، ئاشلىق، ئوت - چۆپ توشۇپ، يەم - بوغۇز تەييارلاپ بەردى، ياريدارلارنى قۇتقۇزدى، ھەر مىللەت ئاممىسى جەمئىي 2335 ئېشەك، 2480 ئالدىنقى سەپكە ياردەم بەرگۈچى خەلق ئىشچىسى ئاجرىتىپ 5 ترانسپورت چولۇڭ ئەترىتى تەشكىللەپ، ئارمىيىگە 250 مىڭ جىڭ ئاشلىق توشۇپ بەردى. ھەر مىللەت خەلقى باندىت تازىلىغۇچى قىسىملارغا 246 مىڭ جىڭ ئوت - چۆپ، 1200 جىڭ قاڭالتىر، 242 مىڭ جىڭ ئاشلىق تەييارلاپ بەردى، 564 ئات، 330 كالا، 1970 قوي سېتىپ بەردى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئارمىيىدىن ھال سوراش يۈزىسىدىن 4 كالا، 43 قوي، 2 ئېشەك، 65 توخۇ، 113 كىگىز، 3 جىڭ چاي، 331 چارەك (بىر چارەك 18 جىڭغا تەڭ) قوناق، 46 چارەك قوي يۇڭى، 117 پارچە قوي تېرىسى، 3 كۆرپە، 2ماتا، بىر قېچىر، 2 ئات تەقدىم قىلىنغان.

ھەر يىلى يېڭى يىل، باھار بايرىمى ۋە «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمى مەزگىللىرىدە ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئارمىيىدىن ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلار، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سوراپ تۇردى. ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش - ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش پائالىيىتى دائىم قانات يايدۇرۇلۇپ تۇردى. 1980 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە ھەر مىللەت خەلقى پەرزەنت ئەسكەرلەر ۋە نەپىقە ئوبيېكتلىرىغا تەقدىم قىلغان ھال سوراش بۇيۇمى 10 خىلدىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قوي گۆشى 560 كىلوگرام، چوشقا گۆشى 230 كىلوگرام، لۆڭگە 700 نەچچە دانە، ئاسما مايكا 310 نەچچە دانە، ئۇلارنىڭ قىممىتى تەخمىنەن 3650 يۈەنگە يېتىدۇ.

### 2. ئاممىۋى ئېتىبار بېرىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھەم ئىنقىلابىي مەجرۇھ ھەربىيلەرنىڭ ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك ۋە ئورۇقلۇقى بولماسلىق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاممىۋى ئېتىبار بېرىش خىزمىتى ھەمكارلىشىپ يەرلىرىنى تېرىپ بېرىش، ئورۇقلۇق تەڭشەپ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى. يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلاردا ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتلىرىگە قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىغا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىن ئېتىبار بېرىلگەندىن سىرت، يەنە كوللېكتىپ ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن بىر قىسىم ئەمگەك نومۇرى

قوشۇپ بەردى. 1981 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 38 ئائىلە 99 مىڭ 530 ئېتىبار بېرىش ئەمگەك نومۇرىدىن بەھرىمەن بولدى. بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 3878.64 يۈەن بولىدۇ. 1982 ـ يىلى، يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ۋاشىشەرى گۇڭشېسىنىڭ «شىنجيەن» چوڭ ئەترىتىدە نەق پۇل بىلەن ئېتىبار بېرىش يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، ھەربىي سەپكە قوبۇل قىلىنغان ياشلار ھەربىي سەپكە كىرگەندىن باشلاپ يىلىغا 500 يۈەن ئېتىبار بېرىش پۇلى ئاجرىتىلدى، يىل ئاخىرىدا بۇنىڭ %40ى ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلدى، قالغان %60ى كوللېكتىپ تەرىپىدىن ساقلاپ قويۇلۇپ، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مۇددىتىنى توشقۇزۇپ قايتىپ كەلگەن جەڭچىلەرنىڭ ئۆزىگە ئورۇنلىشىش خىراجىتى سۈپىتىدە بېرىلدى. باشقا ئەترەتلەر يەنىلا ئەمگەك نومۇرى جەھەتتىن ئېتىبار بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى ھەمدە ئېتىبار بېرىش نومۇرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىنى 4000 نومۇر، ئەڭ تۆۋەن چېكىنى 2500 نومۇر قىلىپ بېكىتتى، ئۇلارنىڭ قوللانغان كونكرېت ئۇسۇلى «شىنجيەن» چوڭ ئەترىتىنىڭكىگە ئوخشاش بولدى.

1982 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 6 ئائىلە ئېتىبار بېرىش پۇلىدىن، 20 ئائىلە ئېتىبار بېرىش نومۇرىدىن بەھرىمەن بولدى، ئۇلارغا جەمئىي 9400 يۈەن ئېتىبار بېرىش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 1984 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە نەق پۇل بىلەن ئېتىبار بېرىش بىر تۇتاش يولغا قويۇلدى، 26 ئائىلە نەق پۇل بىلەن ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمەن بولدى، ئۇلارغا جەمئىي 8150 يۈەن ئېتىبار بېرىش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 33 ئائىلە نەق پۇل بىلەن ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمەن بولدى، ئۇلارغا جەمئىي 5700 يۈەن ئېتىبار بېرىش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

## 3. دۆلەتنىڭ قوشۇمچە ياردىمى

1979 ـ يىلىدىن ئىلگىرى، چاقىلىق ناھىيىسىدە ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا قەرەللىك ۋە بەلگىلىك مىقداردا قوشۇمچە ياردەم بېرىلمەي، ۋاقىتلىق قوشۇمچە ياردەم بېرىلىپ كەلگەن. بۇنىڭدا نامۇۋاپىق، تەكشىسىزلىك ئەھۋاللىرى ساقلانغان. 1955 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 2 كىشى ۋاقىتلىق قوشۇمچە ياردەمدىن بەھرىمەن بولغان. ئۇلارغا جەمئىي 23 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلگەن. 1963 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 41 يۈەن ۋاقىتلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىلغان. 1979 ـ يىلىدىن باشلاپ قەرەللىك، بەلگىلىك مىقداردا قوشۇمچە ياردەم بېرىش تەدرىجىي يولغا قويۇلدى. 1981 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 3 ئائىلە، 6 كىشى قەرەللىك ۋە بەلگىلىك مىقداردىكى قوشۇمچە ياردەمدىن بەھرىمەن بولدى. ھەر بىر ئائىلىگە ئېيىغا 8 يۈەندىن، يىلىغا جەمئىي 288 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى.

1982 ـ يىلى قەرەللىك، بەلگىلىك مىقداردىكى قوشۇمچە ياردەمدىن 7 كىشى بەھرىمەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 3 ئائىلە ئېيىغا 8 يۈەندىن، بىر ئائىلە 10 يۈەندىن بەھرىمەن بولدى، بىر يىلدا جەمئىي 408 يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىلدى. 1984 ـ يىلى ناھىيە بويىچە قەرەللىك، بەلگىلىك مىقداردىكى قوشۇمچە ياردەمدىن 2 كىشى بەھرىمەن بولدى. ھەربىر كىشىگە ئېيىغا 12 يۈەندىن، بىر يىلدا جەمئىي 208 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى. 1985 ـ يىلى 2 كىشى قەرەللىك، بەلگىلىك مىقداردىكى قوشۇمچە ياردەمدىن بەھرىمان بولدى، ھەر بىر كىشىگە ئېيىغا 25 يۈەندىن بىر يىلدا جەمئىي 600 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى.

## 4. نەپىقە

دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، چاقىلىقتىن ھەربىي سەپكە كىرگەن (چاقىلىقتىن ھەربىي سەپكە كىرمىگەن بولسىمۇ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى چاقىلىقتا بولغان) ئىنقىلابىي قۇربانلار، ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋېتىپ قۇربان بولغان ياكى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ھەربىيلەر ۋە خەلق ساقچىلىرى شۇنىڭدەك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن خىزمەتچىلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا دۆلەت نەپىقە پۇلى بېرىپ تۇردى. ئىنقىلابىي مەجرۇھ ھەربىيلەرگە مەجرۇھلۇق دەرىجىسىگە قاراپ ئۆمۈرلۈك نەپىقە بېرىلدى.

1961 - يىلى ناھىيە بويىچە يارىلىنىپ مەجروھلانغانلارغا 86 يۈەن، قۇربان بولغان ۋە كېسەل بولۇپ ئۆلگەنلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا 280 يۈەن نەپىقە بېرىلدى. 1965 - يىلى ناھىيە بويىچە مەجروھ بولغانلارغا 100 يۈەن، كېسەل بولۇپ ئۆلگەنلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا 1167.15 يۈەن نەپىقە بېرىلدى. 1982 - يىلى ناھىيە بويىچە مەجرۇھلانغان 10 ھەربىيگە 1058.75 يۈەن نەپەقە بېرىلدى، قۇربان بولغان ۋە كېسەل بولۇپ ئۆلگەنلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا 480 يۈەن نەپىقە بېرىلدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە مەجرۇھلانغان 11 ھەربىيگە 121.42 يۈەندىن جەمئىي 1335.68 يۈەن نەپىقە بېرىلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە مەجرۇھلانغانلارغا جەمئىي 1981 يۈەن نەپىقە بېرىلدى.

## 5. ھەربىي سەپتىن بوشانغان، قايتقان ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش

ھەربىي سەپتىن بوشانغان، قايتقان ھەربىيلەر 1957 - يىلدىن ئىلگىرى «ئۆزىنىڭ تەلىپى، يەرلىكنىڭ ئېھتىياجى»نى ئاساس قىلىش پرىنسىپى بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ كەلگەن ئىدى. 1958 - يىلدىن كېيىن «نەدىن كەلگەن بولسا، شۇ يەرگە قايتىش» سىياستى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1982 - يىلدىن باشلاپ، ھەربىي سەپتىن بوشانغان، قايتقان ھەربىيلەردىن شەھەر - بازار نوپۇسىدا بولغانلىرى قىسمدىكى ئىپادىسى ۋە ئالاھىدىلىكىگە قاراپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ھەربىي سەپتىن بوشانغان، قايتقان باشقا يەرلىك ھەربىيلەر چاقىلىقتا ئورۇنلىشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلسا، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئوبلاستلىق خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1985 - يىلىغا قەدەر ناھىيە بويىچە ھەربىي سەپتىن بوشانغان، قايتقان ھەربىيلەردىن جەمئىي 276 ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەربىي سەپتىن بوشىنىپ، قايتىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان ھەربىيلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خاتىرجەم ئىشلەپ، ھەر قايسى سەپلەردە مۇھىم رول ئوينىدى.

### چاقىلىق ناھىيىسىدە بىر قانچە يىلدا ھەربىي سەپتىن بوشانغان، قايتقان ھەربىيلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 — 1

| يىل | يېزىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار | | شەھەر - بازارلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار | | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|
| | شۇ يۇرتلۇق | ياقا يۇرتلۇق | شۇ يۇرتلۇق | ياقا يۇرتلۇق | |
| 1965 | | | | 3 | 3 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 48 | | 3 | 40 | 5 | 1976 |
| 11 | 2 | | 9 | | 1978 |
| 49 | 6 | 7 | 33 | 3 | 1980 |
| 21 | 6 | | 15 | | 1981 |
| 15 | | 6 | 3 | 6 | 1982 |
| 12 | | 7 | | 5 | 1984 |
| 13 | | 3 | | 10 | 1985 |

## 4 § . ئىجتىمائىي ئورۇنلاشتۇرۇش

### 1. چېگرا رايونغا ياردەمگە كەلگەن ياشلارنى ۋە شەھەردىن تارقاقلاشتۇرۇلغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش

1956 ـ يىلى چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلاردىن گۇاڭدۇڭلۇق 10 نەچچە كىشى چاقىلىق ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناھىيە بازىرىدىكى كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1970 ـ يىلى ئاپتونوم رايون، ئوبلاست شەھەر ئاھالىسىنى تارقاقلاشتۇرغاندا، چاقىلىق ناھىيىسىگە 136 ئائىلە، 356 كىشى تەقسىم قىلىندى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېزىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

### 2. ئاققۇنلارنى قايتۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش

چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئاققۇنلارنىڭ تولىسى خېنەن، گەنسۇ ۋە سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكىلەردىن كەلگەن. 1960 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا بىر تۈركۈم دۆڭشياڭلار گەنسۇ ئۆلكىسىدىن چاقىلىققا ئېقىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناھىيىلىك سۇ قۇرۇلۇش ئەترىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇلدى. 1960 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاققۇنلار چاقىلىققا كېلىپ ماكانلىشىش دولقۇنى كۆتىرىلدى. 1965 ـ يىلى 73 ئاققۇن كەلدى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قالغىنىنىڭ كۆپ قىسمى يېزىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 1000 يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى، 400 مېتىر رەخت بېلىتى ئاجرىتىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى. 1966 ـ يىلى چاقىلىققا خېنەن قاتارلىق ئۆلكىلەردىن 720 چە ئاققۇن كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ناھىيىلىك سۇ قۇرۇلۇش ئەترىتىگە، قالغانلىرى يېزىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، دۆلەت 4159 يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى، 1928 مېتىر رەخت بېلىتى ئاجرىتىپ، ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى.

1970 ـ يىللاردا چاقىلىق ناھىيىسىدە نوپۇس بارا ـ بارا تويۇنۇش ھالىتىگە يەتكەنلىكتىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئاققۇنلارنىڭ ناھىيىگە كېلىپ ماكانلىشىشىنى چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، چاقىلىققا كېلىدىغان ئاققۇنلار بارا ـ بارا ئازايدى. 1981 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسى 3 ئاققۇننى يىغىۋېلىپ قايتۇردى. بۇنىڭغا 62 .905 يۈەن

چىقىم قىلدى. 1982 - يىلى 19 ئاققۇننى يىغىۋالدى. ئۇلارنىڭ 16 سىنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇردى، 3 نى ناھىيىگە ئورۇنلاشتۇردى. 1985 - يىلى 13 ئاققۇننى يىغىۋېلىپ قايتۇردى، بۇنىڭغا 440 يۈەن چىقىم قىلدى.

# II باب

# ئەمگەك

## 1 § . ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش

ئازادلىقتىن ئىلگىرى چاقىلىقنىڭ ئىگىلىكى ئىنتايىن قالاق بولۇپ، بىر نەچچىلا ئاددىي تېرە - يۇڭ پىششىقلاش دۇكىنى ۋە بەزى كىچىك سودىگەرلەرلا بار ئىدى، ئىشقا ئورۇنلىشىش يولى ئىنتايىن تار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەمگەكچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، 1966 - يىل «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغانغا قەدەر، چاقىلىقتا ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، شەھەر - بازاردا ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىۋەردى 1966 - يىلدىن بۇيان، چاقىلىق ناھىيىسىگە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 14ى، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 47 سى تەقسىم قىلىندى. 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 322 زىيالىي ياش يېزىغا چۈشۈرۈلدى. 1979 - يىلدىن كېيىن، ئوقۇغۇچى، ئىشچى قوبۇل قىلىش، ھەربىي سەپكە قاتنىشىش، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ئورنىنى بېسىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ئۇلاردىن 254 ى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قالغان 68ى 1980 - يىلىغا قەدەر شەھەرگە قايتۇرۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

چاقىلىق ناھىيىسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش يېتەكچىلىكىدە ئەمگەك تارمىقى ئىشقا تونۇشتۇرۇش، ئۆزلىرى تەشكىللىنىپ ئورۇنلىشىش ۋە ئۆزى ئىش تېپىشنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنى بويىچە ئىش قىلدى. 1983 - يىل 6 - ئايدا، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلدى، ئۇ، 1985 - يىلىغا قەدەر، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلاردىن 30نى تەربىيىلىدى ھەمدە كوللېكتىپ خاراكتېرىدىكى سودا، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق 3 - كەسىپنى يولغا قويۇش ئارقىلىق جەمئىي 122 كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

## 2 § . ئەمگەك باشقۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، چاقىلىق ناھىيىسىدە ھەممە ئىش يېڭى بەرپا

قىلىنىش باسقۇچىدا تۇرغاچقا، ئەمگەك كۈچلىرىنى باشقۇرۇش، تەقسىم قىلىش خىزمىتى ئاددىي ئىشلىنەتتى. 1955 - يىلى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى كادىرلار بۆلۈمى تەسىس قىلدى، بۇ بۆلۈم ناھىيىدىكى كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇردى ھەمدە ئەمگەك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، كارخانىلاردا ئەمگەكنى نورما بەلگىلەپ باشقۇرۇش ۋە شتات بەلگىلەپ خادىملارنى بېكىتىش خىزمىتىنى ئىشلەشكە باشلىدى. ئەمگەك تارمىقى ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش - تەقسىم قىلىشنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئەمگەك كۈچى ئىشلىتىش پىلانى تۈزۈشنى، ئەمگەك تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىپ تىزگىنلىشىنى بەلگىلىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئەمگەك باشقۇرۇش تۈزۈمى تەنقىد ۋە ئىنكار قىلىندى، ئەمگەل پىلانى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرۇلدى، نەتىجىدە ئادەم ئىشتىن كۆپ بولۇپ كېتىپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلەپ كەتتى. 1977 - يىلىدىن كېيىن ئەمگەك باشقۇرۇش تۈزۈمى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسى پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئەمگەك كۈچى ئىشلىتىش كۆرسەتكۈچىنى تۈزۈپ، ئەمگەك كۈچى ئىشلىتىش پىلانىنى قاتتىق تىزگىنلىدى. ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭشەپ تەقسىم قىلدى، ئومۇملىقنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بەردى.

1980 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ناھىيىلىك ئەمگەك تارمىقى ئەمگەك كۈچلىرىنى كارخانىلار ئارا تەڭشەش پرىنسىپى بويىچە، 107 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەردى، بۇلارنىڭ ئىچىدە 2 يەردە ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان ئەر - خوتۇن 19 كىشى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كارخانىلاردا ئەمگەكنى نورما بەلگىلەپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، ئالدى بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش خىزمىتى تۇتۇلۇپ، ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك نورمىسىغا بولغان تونۇشى ئۆستۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ خوجايىنلارچە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچەيتىلدى ۋە ئەمگەك پوزىتسىيىسى توغرىلاندى. 1984 - يىلى ناھىيىلىك نېفىت شىركىتى، سودا شىركىتى، رېمونت زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 8 كارخانا ئەمگەكنى نورما بەلگىلەپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئەمگەك ئىنتىزامى چىڭىدى، ئىشقا چىقىش نىسبىتى ۋە ئەمگەك ئۈنۈمى ئۆستى.

## 3 § . ئىش ھەققى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە چاقىلىق ناھىيىسىدە بىرلىككە كەلگەن ئىش ھەققى تۈزۈمى يوق ئىدى. ھەربىي قىسمىدىن يەرلىككە ئالماشقان كادىرلارغا قارىتا تەمىنات تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن كونا ئورگان خىزمەتچىلىرىگە قارىتا ئىش ھەققىگە ماددىي نەرسە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. 1952 - يىلى ئىش ھەققى ناتۇرىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1955 - يىلى چاقىلىقتا ئىشلەيدىغان ھەر مىللەت كادىرلىرى 25% مال باھاسى ياردەم پۇلىدىن، 50% چېگرا رايون ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى.

1956 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە ئىش ھەققى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، پۇل بېرىلىدىغان بىر تۇتاش ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇ قېتىمقى ئىش ھەققى ئىسلاھاتىدا، پۈتۈن

ناھىيىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن 116 سىنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، ئۇلار ناھىيە بويىچە ئىش ھەققى دەرىجىسى باھالاپ بېكىتىلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %37.48نى ئىگىلەيدۇ. 1958 - يىلى شۇ يەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بەھرىمەن بولۇپ كېلىۋاتقان چېگرا رايون ياردەم پۇلى %50تىن %30كە چۈشۈرۈلدى. 1959 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بەھرىمەن بولۇپ كېلىۋاتقان چېگرا رايون ياردەم پۇلى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1960 - يىلى ئاپتونوم رايون چاقىلىقتىكى كادىرلار %15، ئىشچىلار %20 رايون تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، 1960 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىن خىزمەتكە قاتناشقانلار ياكى چاقىلىققا يۆتكىلىپ بارغانلار رايون تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولمايدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقاردى. 1963 - يىلى ناھىيە بويىچە %36 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى، ئەمەلىيەتتە 145 كىشىنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈلدى، ئۇلاردىن 16 سىنىڭ 2 دەرىجە ئۆستۈرۈلدى.

1977 - يىلى ناھىيىدە %15 بىرلىككە كەلگەن رايون قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش باشلاندى. جەنۇبىي تاغ رايونىدا جۈملىدىن تاشپاختا كېنىدا %54 ئېگىزلىك، سوغۇق رايون قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش ۋە ئېيىغا 27 يۈەن تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى %54 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈلدى، ئەمەلىيەتتە 411 كىشىنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈلدى، ھەر بىر كىشىنىڭ ئىش ھەققى ئېيىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.49 يۈەن كۆپەيدى. ئىش ھەققى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ھەربىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق ئىش ھەققى 76.30 يۈەن بولدى. 1979 - يىلى ناھىيە بويىچە %4.64ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى. ئەمەلىيەتتە 537 كىشىنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈلدى. 1982 - يىلى دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت، مائارىپ سىستېمىسىدىكى بىر قىسىم خادىملارنىڭ ئىش ھەققى تەڭشەلدى. چاقىلىق ناھىيىسىدە ئىش ھەققىنى تەڭشەش دائىرىسىگە كىرىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىدىن 514ى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ 346 سىنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، ئۇلار ئىش ھەققىنى تەڭشەش دائىرىسىگە كىرىدىغانلارنىڭ %3.67نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە بويىچە ئېيىغا كۆپەيگەن ئىش ھەققى سوممىسى 4870 يۈەنگە يەتتى.

1983 - يىلى ناھىيە بويىچە 16 كارخانىدىكى 273 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر دەرىجىدىن ئۆستۈرۈلدى. ئېيىغا كۆپەيگەن ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 2822.53 يۈەنگە يەتتى.

1985 - يىل 7 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىدە ئىش ھەققى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئاساسىي ئىش ھەققى، ۋەزىپە ئىش ھەققى، ستاج قوشۇمچە ياردەم پۇلى، چېگرا رايون ياردەم پۇلى ۋە مۇكاپات ئىش ھەققى بىرلەشتۈرۈلگەن، ۋەزىپە ئىش ھەققى ئاساس قىلىنغان قۇرۇلما ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، زىيالىيلارغا ئېيىغا 25 يۈەندىن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلدى، ئوقۇتقۇچىلارغا ئوقۇتقۇچىلىق ستاجى قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى. بۇ قېتىمقى ئىش ھەققى ئىسلاھاتىدا مەدەنىيەت، مائارىپ سىستېمىسى 1 - قەدەمدە يېڭى ئىش ھەققى ئۆلچىمىگە سېلىنىدىغان ئورۇن قىلىندى. ناھىيە بويىچە مەدەنىيەت - مائارىپ سىستېمىسىدىكى 231 ئىشچى- خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققى خېلى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىگە 18.70 يۈەندىن قوشۇلدى. ئارقىدىنلا پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى،

كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلاردىكى 1222 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققى يېڭى ئىش ھەققى ئۆلچىمىگە سېلىش داۋامىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كۆپەيدى. ئىسلاھاتتىن كېيىنكى ئىش ھەققى 11 - خىل ئىش ھەققى رايونىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە بېرىلدى. يەنە %26 تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى قوشۇلدى.

## § 4 . ئەمگەك مۇھاپىزىتى ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرى

مىنگو دەۋرىدە، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئاددىي، كىچىك دۇكانلارنىڭ شارائىتى ناھايىتى ناچار ئىدى، ئەمگەك مۇھاپىزىتى ۋە پاراۋانلىقتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى، ئاز ساندىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئازغىنە ئىش ھەققىدىن سىرت ھېچقانداق تاپاۋىتى يوق ئىدى. ئەمگەك مۇھاپىزىتى ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنلا بارلىققا كەلدى.

### 1. ئەمگەك مۇھاپىزىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت ئەمگەك مۇھاپىزىتىنى كۈچەيتىش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەدەنىيەتلىك ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمگەك قانۇن - نىزاملىرىنى تۈزدى ۋە ئېلان قىلدى. چاقىلىق ناھىيىسىدىكى زاۋۇت، كانلار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر قائىدە - تۈزۈملەرنى تەدرىجىي ئورناتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئەمگەك مۇھاپىزىتىگە دائىر قانۇن، نىزام ۋە تۈزۈملەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قائىدە - تۈزۈملىرى بىكار قىلىندى. ناھىيىدە ھەرخىل ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ھادىسىلىرى كۆرۈنەرلىك كۆپىيىپ، يارىلىنىش، ئۆلۈش نىسبىتى %2 . 0كە يەتتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئەمگەك مۇھاپىزىتى تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە كۈچەيتىلدى، 1983 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتى قۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھەققىدە تەربىيە ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل قىلدى. زاۋۇت، كانلار «بىخەتەرلىك بىرىنچى، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش كۆرسەتكۈچلىرىنى بەلگىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. 1984 — 1985 - يىللىرى ناھىيىدىكى زاۋۇت، كانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكىنى 5 قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ھادىسە پەيدا قىلىدىغان 127 يوشۇرۇن ئاپەتنى تۈگەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 3 كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش ئىشىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇلاردىن ئەمگەك شارائىتىنى چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە ياخشىلاشنى تەلەپ قىلدى. ناھىيىلىك بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتى 1976 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ناھىيىلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىلەن بىللە ناھىيىلىك تاشپاختا كېنى رايونىدا 2 قېتىم تاشپاختا توزىڭىنىڭ زىيىنىنى ئۆلچىدى ۋە سىلىتسىيلىق ئۆپكە كېسىلى قاتارلىق كەسپىي كېسەللىكلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى، كان بويىچە سالامەتلىكى تەكشۈرۈلگەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر %60كە يەتتى. 20 كىشىنىڭ I باسقۇچلۇق ئاز بېسىتلىق ئۆپكە كېسىلىگە، 3

كېشىنىڭ I باسقۇچلۇق ئاز بېسىملىق ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاپ چىقىلدى. ئاز بېسىملىق ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر مۇۋاپىق داۋالىتىلدى ھەمدە باشقا ئىش تۈرلىرىگە يۆتكىلىپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1985 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسى تۇنجى پار قازاننى سېتىۋالغاندىن كېيىن، پار قازاننىڭ بېسىم ئەسۋابىنى ۋە بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش تەدبىرلىرىنى بەلگىلىدى ھەمدە باينغولىن ئوبلاستلىق پار قازان تەكشۈرۈش ئورنىدىكىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرتتى ۋە پار قازاننى تېخنىكا جەھەتتىن باھالاتتى، ئارخىپ تۇرغۇزۇپ، قەرەللىك تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

## 2. ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاراۋانلىقى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاراۋانلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ناھىيە ھەر يىلى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 11.5%نى ئاجرىتىپ ئۇنى پاراۋانلىق فوندى قىلدى؛ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلار بولسا ھەر يىلى ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىگە 22.5 يۈەندىن توغرىلاپ پاراۋانلىق فوندى ئاجراتتى. پاراۋانلىق پۇلى، ئاساسەن، يەسلى، باللار باغچىسى، مەدەنىي مەشغۇلات سورۇنى قاتارلىق كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇشقا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قىشلىق ئىسسىنىشىغا ۋە تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسىگە قوشۇمچە ياردەم بېرىشكە ئىشلىتىلدى، ئىش ئۈستىدە يارىلانغان، كېسەل بولۇپ قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە تۇغۇپ دەم ئېلىۋاتقان ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر، پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە سۇغۇرتا پاراۋانلىقى يولغا قويۇلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلار ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا كىرىمىنى ئاشۇرۇش، چىقىمىنى تېجەش ئەھۋالى ۋە كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت نەتىجىسىگە قاراپ مۇكاپات بېرىپ تۇردى، ھەر بىر كىشىگە ئايدا 10 يۈەندىن ئارتۇق مۇكاپات پۇلى توغرا كەلدى، كارخانا ئورۇنلىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا قاراپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مۇكاپات بەردى. كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەر يىلى قىشتا ئىسسىنىش قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى، بەلگىلىمە بويىچە بويتاق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئەر - خوتۇندىن بىرسىلا ئىشلەيدىغان ئائىلىلەر ھەر يىلى 159 يۈەن ئىسسىنىش قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى، ئەر - خوتۇننىڭ ھەر ئىككىلىسىلا ئىشلەيدىغان ئائىلىلەر 264 يۈەن ئىسسىنىش قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى. ئىش ئۈستىدە يارىلانغان ياكى مەجرۇھلانغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئەمگەك سۇغۇرتىسى بېرىش يولغا قويۇلدى، كېسەل بولۇپ قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولدى، كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كاماندۇرۇپكىغا چىقسا، كاماندۇرۇپكا قوشۇمچە ياردەم پۇلى (1985 - يىلى بىر كىشىگە كۈنىگە 4 يۈەن) دىن بەھرىمەن بولدى، ئىش قوشۇپ ئىشلىگەنلەر ئىش قوشۇپ ئىشلەش

ياردەم پۇلى ئالدى. كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆلۈپ كەتسە، بەلگىلىمە بويىچە نەپىقە پۇلى ۋە مېيىت ئۇزىتىش پۇلى بېرىلدى. ئەر - خوتۇن 2 يەردە تۇرۇۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر يىلىغا 30 كۈنلۈك تۇغقان يوقلاش رۇخسىتىدىن بەھرىمەن بولدى، توي قىلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاتا - ئانىسىنى يوقلاشتا ھەر 4 يىلدا بىر قېتىم تۇغقان يوقلاش رۇخسىتىدىن بەھرىمەن بولدى. يول خىراجىتىنى دۆلەت كۆتەردى، ئىش ھەققى ئادەتتىكىدەك بېرىلدى.

ئىشچى - خىزمەتچىلەر پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن پېنسىيە پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى. 1985 - يىلى ئىشچىلارغا پېنسىيە پۇلى مۇنداق ئۆلچەم بويىچە بېرىلدى؛ 50 ياشتىن 55 ياشقىچە بولغان ئەرلەر، 47 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئاياللارنىڭ ئۇدا ئىشلىگەن ستاژى 20 يىلدىن ئاشقان بولسا، شۇ كىشىنىڭ ئۆلچەملىك ئىش ھەققىنىڭ %75ى بويىچە بېرىلدى؛ ستاژى 15 يىل بولغان، 20 يىلغا يەتمىگەنلەرگە شۇ كىشىنىڭ ئۆلچەملىك ئىش ھەققىنىڭ %70ى بويىچە بېرىلدى؛ ستاجى 10 يىل بولغان، 15 يىلغا يەتمىگەنلەرگە شۇ كىشىنىڭ ئۆلچەملىك ئىش ھەققىنىڭ %60ى بويىچە بېرىلدى؛ پېنسىيە پۇلى 25 يۈەندىن ئاز بولغانلارغا 25 يۈەن بېرىلدى. پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن باشقا جايغا بېرىپ ئورۇنلاشقانلارغا ئەسلى ئىشلىگەن ئورنى ئورۇنلىشىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى بەردى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 209 ئىشچى - خىزمەتچى پېنسىيىگە چىقتى.

# III باب

# كادىرلار ئىشلىرى

مىنگو دەۋرىدە بۆلۈم باشلىقى ياكى ئىدارە باشلىقىدىن تۆۋەن كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى ھاكىم بەلگىلەيتتى. ناھىيىلىك مەھكىمە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ سانى مۇقىم ئەمەس ئىدى، تارماقلارنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا قاراپ كۆپىيىپ ۋە ئازىيىپ تۇراتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملار شتاتىدا ۋە كادىر باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە كۆپ قېتىم زور ئۆزگىرىش بولدى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ۋە يۆتكەشنى دەرىجىلەر بويىچە باشقۇرۇش ھوقۇقى دائىرىسى بويىچە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل تارمىقى ياكى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قارار قىلىدىغان بولدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان شتات كومىتېتى ناھىيىلىك، يېزىلىق (بازارلىق) پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئاپپاراتلىرىدىكى خادىملارنىڭ شتاتىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەشكىلات بۆلۈمى، ناھىيىلىك ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسى (نەچچە قېتىم ئايرىۋېتىلدى ۋە قوشۇۋېتىلدى) پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلارنى تەڭشەش ۋە باشقۇرۇشقا كونكرېت مەسئۇل بولدى.

## 1 §. خادىملار شتاتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 2 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىدە ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، شۇ يىلى 5 - ئايدا يېزا، رايونلاردا خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلار، ئاساسەن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى 2 - جۈن 6 - شى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئەگىشىپ چاقىلىققا كەلگەن پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە كادىرلىرى ۋە كونا ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى خالىغان ئاز ساندىكى خادىملىرىدىن ئىبارەت بولدى. رايون، يېزا كادىرلىرى، ئاساسەن، يېزىلاردىكى تۆرلۈك ھەرىكەتلەر (ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش — زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، ھەمكارلىشىش - كوپېراتسىيىلىشىش) دە يېتىشىپ چىققان ئاكتىپلاردىن ئىبارەت بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىچكىرىدىن چېگرا رايونغا ياردەمگە كەلگەن ياشلارمۇ ناھىيە، رايون ۋە يېزا ئاپپاراتلىرىغا كىرگۈزۈلدى. پۈتۈن ناھىيىنىڭ شتاتى بىر ئىشخانا، 4 بۆلۈم بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان كادىر جەمئىي 36 ئىدى. كېيىن، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاپپاراتلار تەدرىجىي كۆپەيگەنلىكتىن، كادىرلارمۇ ئۆزلۈكسىز كۆپەيدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا 1969 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى بىر بولۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قارىمىقىدا 3 گۇرۇپپا، بىر شتاب (سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى، قوغداش گۇرۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى) تەسىس قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ناھىيە، گۇڭشېلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ شتاتى قاتتىق كونترول قىلىنمىدى. 1980 - يىلى ناھىيىلىك شتات كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1981 - يىل 2 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئايرىۋېتىلدى، ئىدارە، كومىتېت، ئىشخانا 31 گە، شتاتلىق كادىر 242 گە يەتتى.

1987 - يىلى ناھىيىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئەسلىدىكى ئاساستا 45 بۆلۈم، كومىتېت، ئىدارە، ئىشخانا، بازار تەسىس قىلىندى، شتاتلىق كادىر 470 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرىدا ئىشلەيدىغانلار 83.

## 2 §. كادىرلار ئەھۋالى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ناھىيە، يېزا كادىرلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئىشچى - دېھقانلار ئىدى، تولىسى كەمبەغەل ۋە يالانما دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلار بولۇپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەن، يېشى 20 ياشلار ئەتراپىدا ئىدى. ھەر قايسى

ئورۇنلار 1950 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاساسەن كادىرلار كەچ كۇرسلىرىنى ئاچتى. ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ كادىرلار كەچ كۇرسىغا مەخسۇس ئومۇمىي بىلىم ئوقۇتقۇچىسى سەپلەپ بېرىلدى، تارماقلار، يېزا - رايونلار ئىشچى - دېھقانلار ئومۇمىي بىلىم ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. ناھىيە بويىچە ئۆگىنىشكە قاتناشقان كادىر 150 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

گوڭشېلىشىش مەزگىلىدە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ۋە ھەربىي قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار ئارقىلىق ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئارقا - ئارقىدىن تولۇقلىنىپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلاندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كادىر باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، كادىر باشقۇرۇش خىزمىتى قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

پارتىيە 11 -نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە كادىر باشقۇرۇش جەھەتتە بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى؛ 1. «تۆمۈر تاۋاق» چېقىپ تاشلىنىپ، كادىرلار تۈزۈمىدىكى باقىۋەندىلىك بىكار قىلىندى؛ 2. يۇقىرى تەيىنلەش ياخشىلىرىنى تاللاپ ئىشقا قويۇشقا ئۆزگەرتىلدى، كادىر باشقۇرۇش ھوقۇقى تۆۋەنگە بېرىلدى؛ 3. يېڭى كادىر قوبۇل قىلىشتا «بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىپ، ياخشىلىرىنى قوبۇل قىلىش، بىر يىل ئىشلىتىپ كۆرۈش» چارىسى قوللىنىلدى؛ 4. كادىرلارنى ئومۇمىي بىلىم، كەسپىي بىلىم جەھەتتىن تەربىيىلەش كۈچەيتىلدى.

1984 - يىلدىن كېيىن، ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىم ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان زور بىر تۈركۈم كادىرلار ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە كىرگۈزۈلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە دۆلەت كادىرى 882گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 445 بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ %50نى ئىگىلىدى؛ ناھىيە دەرىجىلىك كادىر 23 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 10 بولۇپ، %43.5نى ئىگىلىدى؛ رايون دەرىجىلىك كادىر 133كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 74 بولۇپ، %55.6نى ئىگىلىدى. كەسپىي - تېخنىكا كادىرى 524كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 293 بولۇپ، %55.9نى ئىگىلىدى، ئايال كادىر 315 بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ %36نى ئىگىلىدى.

## 3 § . كادىرلارنىڭ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش ئەھۋالى

### 1. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش يېشى

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن بۇرۇن ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان، خىزمەتكە قاتناشقاندا تەمىنات تۈزۈمى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغان كادىرلاردىن ئەرلەر 60 ياشقا، ئاياللار 55 ياشقا توشقان بولسا، دەم ئېلىشقا چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى.

تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلار پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ

بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدىغان بولدى: 1). 55 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان ئەرلەر، 50 ياشتىن 55 ياشقىچە بولغان ئاياللارنىڭ خىزمەت ستاجى 10 يىلغا توشقان بولسا؛ 2). 50 ياشقا توشقان ئەرلەر، 45 ياشقا توشقان ئاياللارنىڭ خىزمەت ستاجى 10 يىلغا توشقان، خىزمەت ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىقى توغرىسىدا دوختۇرخانىنىڭ ئىسپاتى بولغان بولسا.

## 2. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنىڭ تەمىناتى

1) تۇرمۇش تەمىناتى جەھەتتە ئېتىبار بېرىلدى. دەم ئېلىشقا چىققانلارغا ئۆلچەملىك ئىش ھەققى %100 بېرىلگەندىن تاشقىرى، ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتىغا قاراپ (1937 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن بۇرۇن، 1937 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 1942 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە، 1943ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە) ھەر يىلى شۇ كىشىنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىشتىن ئىلگىرىكى ئۆلچەملىك ئىش ھەققىدىن 2 ئايلىق، بىر يېرىم ئايلىق، بىر ئايلىق ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلدى. تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمايدىغانلارغا مەلۇم ساندا كۈتۈنۈش پۇلى بېرىلدى. باشقا پاراۋانلىق تەمىناتلىرى ئۆزگەرتىلمىدى. ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى مېيىت ئۆزىتىش پۇلى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلىدىغان نەپىقە پۇلى ۋە تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى دەم ئېلىشقا چىقىپچە ئۆلۈپ كەتكەن تەڭ دەرىجىلىك كادىرلارنىڭكىگە ئوخشاش بولدى.

2) سىياسىي مۇئامىلە ئۆزگەرتىلمىدى. دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار خىزمەتتىكى تەڭ دەرىجىلىك كادىرلار قاتارىدا ھۆججەتلەرنى كۆردى، دوكلاتلارنى ئاڭلىدى، ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتلەردە بولدى.

## 3. پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنىڭ تەمىناتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خىزمەتكە قاتناشقان كادىرلارغا بېرىلىدىغان پېنسىيە پۇلى خىزمەت ستاجى 20 يىلدىن ئاشقانلارغا ئۆلچەملىك ئىش ھەققىنىڭ %75ى بويىچە، خىزمەت ستاجى 15 يىلدىن يۇقىرى 20 يىلدىن تۆۋەنلەرگە ئۆلچەملىك ئىش ھەققىنىڭ %70ى بويىچە، خىزمەت ستاجى 10 يىلدىن يۇقىرى 15 يىلدىن تۆۋەنلەرگە ئۆلچەملىك ئىش ھەققىنىڭ %60ى بويىچە بېرىلدى. پېنسىيە پۇلى 30 يۈەندىن كەم بولغانلارغا 30 يۈەن بېرىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، خىزمەتچىلەر پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، ئۇلارغا بەلگىلىمە بويىچە پېنسىيە پۇلى بېرىلگەندىن سىرت، يەنە ھەر ئايدا پېنسىيە قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى، يەنى خىزمەت قىلغان ۋاقتى 30 يىلدىن ئاشقانلارغا ئەسلىدىكى ئۆلچەملىك ئىش ھەققىنىڭ %25ى، خىزمەت قىلغان ۋاقتى 25 يىلدىن يۇقىرى 30 يىلدىن تۆۋەنلەرگە ئۆلچەملىك ئىش ھەققىنىڭ %20ى، خىزمەت قىلغان ۋاقتى 20 يىلدىن يۇقىرى 25 يىلدىن تۆۋەنلەرگە ئۆلچەملىك ئىش ھەققىنىڭ %15ى، خىزمەت قىلغان ۋاقتى 15 يىلدىن يۇقىرى 20 يىلدىن تۆۋەنلەرگە ئۆلچەملىك ئىش ھەققىنىڭ %10ى قوشۇپ بېرىلدى. بىراق پېنسىيە پۇلى ۋە پېنسىيە قوشۇمچە ياردەم پۇللىرىنىڭ يىغىندىسى ئەسلى ئىش ھەققى سوممىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك شەرت قىلىندى.

مەملىكەت، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەنلەرنىڭ پېنسىيە پۇلى %5تىن %15 كىچە ئۆستۈرۈلدى. بىراق بۇنىڭدىمۇ شۇ كىشىنىڭ ئەسلى ئىش ھەققى ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك شەرت قىلىندى. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن باشقا جايلارغا بېرىپ ماكانلاشقانلارغا بىر يولىلا 1800 يۈەن ئۆي سېلىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى ۋە ماكانلىشىش

قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى. كادىرلار پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن يەنىلا ھۆكۈمەت پۇلىغا داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولدى. پېنسىيىگە چىققان كادىر ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن بېرىلىدىغان مېيىت ئۇزىتىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى، بىۋاسىتە تۇغقانلىرىنى بېقىش نەپىقە پۇلى پېنسىيىگە چىقىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن كادىرلارنىڭكىگە ئوخشاش بولدى.

## 4. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنى باشقۇرۇش

1983 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۇ، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلارنى بىر تۇتاش باشقۇردى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا مەسئۇل بولدى. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلارغا ئېتىبار بېرىلىپ، ئۇلار پۈتۈنلەي ئاق ئۇن بىلەن تەمىنلەندى، ياغ، گۆش تەمىناتى بىر ھەسسە ئاشۇرۇلدى.

1985 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكومدا دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدىغان پېشقەدەم كادىرلار بۆلۈمى قۇرۇلدى. بۇ بۆلۈم پائالىيەت ئۆيى راسلاپ، ئۇنىڭغا كىتاب، گېزىت، ژۇرنال ۋە مەدەنىي مەشغۇلات بۇيۇملىرىنى قويدى. بۇنىدىن باشقا يەنە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنى ئىچكىرىدىكى جايلارغا ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەتكە ئاپىرىپ تۇردى. ھەر يىلى باھار بايرىمىدا، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنى سوۋغا ـ سالام بىلەن يوقلاپ تۇردى.

1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ناھىيە بويىچە 58 كادىر دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىقتى (بۇنىڭ ئىچىدە دەم ئېلىشقا چىققان كادىر 17) ، ئۇلاردىن 5ى باشقا جايغا بېرىپ ئورۇنلاشتى، قالغان 53ى ئۆزى تۇرۇۋاتقان يەرگە ئورۇنلاشتى.

## بەشىنچى قىسىم

# جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە

## بەشىنچى قىسىم

# جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە

## I باب

## جامائەت خەۋپسىزلىكى

### 1 § . جامائەت خەۋپسىزلىكى ئاپپاراتلىرى

1949 ـ يىل 9 ـ ئايدا، شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى چاقىلىق ناھىيىسىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى، 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كونا ساقچى ئىدارىسى ئۆتكۈزۈۋېلىندى. تەرتىپكە سېلىپ قايتا تەشكىللەش ئارقىلىق شۇ يىلى 6 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى رەسمىي قۇرۇلدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قارمىقىدا كاتىبات ئىشخانىسى، مەمۇرىي ئىشلار بۆلۈمچىسى، ئامانلىقنى ساقلاش بۆلۈمچىسى، سوراق قىلىش بۆلۈمچىسى، رازۋېدكا بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى: 1951 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى نازارەتخانىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 1956 ـ يىل 4 ـ ئايدا ۋە 1959ـ يىل 11 ـ ئايدا ۋاششەرى، مىرەن كۆچمە ساقچىخانىلىرى تۇراقلىق ساقچىخانىغا ئۆزگەرتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، 1967 ـ يىل 10 ـ ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، تەپتىش، سوت مەھكىمىلىرىدىن ئىبارەت 3 ئورگان بىرلىشىپ ئىش بېجىرىدىغان بولدى، پارتىيە ياچېيكىلىرى قوشۇۋېتىلدى، مەمۇرىي جەھەتتە بىر رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا سىياسىي تەربىيە گۇرۇپپىسى، كاتىبات گۇرۇپپىسى، رازۋېدكا گۇرۇپپىسى، تەپتىش گۇرۇپپىسى، سوت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1968 ـ يىل 1 ـ ئايدا، بۇيرۇققا بىنائەن جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت ئىشلىرىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى چاقىلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت ئىشلىرىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1969 ـ يىل 10 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ كادىرلار قوغداش گۇرۇپپىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت ئىشلىرىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى بىلەن

بىرلىشىپ ئىشلەيدىغان بولدى.
1972 - يىل 4 - ئايدا، كادىرلار - قوغداش گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1983 - يىل 6 - ئايدا، ناھىيە بازىرى ساقچىخانىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى.

## قوشۇمچە: مىنگو دەۋرىدىكى ساقچى ئاپپاراتى

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدە ساقچى ئىدارىسى تەسىس قىلىندى، مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) ساقچى ئەترىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدا 30 نەپەر چارلىغۇچى ئەسكەر بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەت ئامانلىقىنى چارلاپ قوغداشقا مەسئۇل ئىدى.
مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) ساقچى ئىدارىسىنىڭ نامى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا، مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) يەنە ساقچى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا كاتىبات ئىشخانىسى، بوغالتىرلىق ئىشخانىسى، نوپۇس ئىشخانىسى ۋە سوراق قىلىش بۆلۈمچىسى، ئامانلىقنى ساقلاش بۆلۈمچىسى، رازۋېدكا بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. ئىدارىدا 36 كىشى بار ئىدى. ئۇلار بىر ئىدارە باشلىقى، بىر كاتىپ، بىر نوپۇس باشقۇرغۇچى، 3 شۇنگەن، 5 چارلىغۇچى باشلىق، 22 بىرىنچى دەرىجىلىك ساقچى، 2 ئىككىنچى دەرىجىلىك ساقچى، بىر هارۋىكەشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ساقچى ئىدارىسى مىرەن بىلەن ۋاششەرىدە كۆچمە ساقچى ئورنى ھەمدە 4 يېزا، كەنتتە شۆبە ساقچى ئورنى تەسىس قىلغانىدى.

## 2 §. جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش

### 1. ئاساسي قاتلام جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش تەشكىلاتلىرى

1951 - يىلى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش - ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، بازاردىكى مەھەللىلەر، ئىدارىلار ۋە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاممىۋى خاراكتېرلىك جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ھەيئىتى ۋە ئامانلىق قوغداش گۇرۇپپىسى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلدى. 1952 - يىلى ناھىيە بويىچە ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتىدىن 10ى بارلىققا كەلدى، بۇلارنىڭ 6سى ئامانلىق قوغداش ھەيئىتى، 4ى ئامانلىق قوغداش گۇرۇپپىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئادىمى 56گە يەتكەنىدى. بۇ ئاممىۋى ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتلىرى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا پائال ھەمكارلىشىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدىدى ۋە پومبىشچىك، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن پەخەس بولدى. 1959 - يىلىغا كەلگەندە، ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتلىرىدىن يەنە مۇرەسسە گۇرۇپپىسى، قوغداش گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار بۆلۈنۈپ چىقتى ھەمدە مۇرەسسە ھەيئىتى تەسىس قىلىندى. بۇنداق ئاممىۋى ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئالدىدىكى 1965 - يىلى 60قا، ئادىمى 389غا يەتتى، 1984 - يىلى 75كە كۆپەيدى.

ئاساسىي قاتلام ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە راۋاجلىنىشى جەمئىيەت ئامانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش، دېلو سادىر بولۇش نىسبىتىنى ئازايتىش جەھەتلەردە پائال رول ئوينىدى. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي قاتلام ئامانلىق قوغداش خادىملىرىنى كۆپ قېتىم تەربىيىلىدى. 1951 ـ يىلدىن 1985ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئامانلىق قوغداش خادىملىرى جەمئىي 26 قېتىم تەربىيىلەندى، تەربىيىلەنگەنلەر 4467 ئادەم (قېتىم)گە يەتتى. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى كۆپ قېتىم ئامانلىق قوغداش ئاكتىپلىرى يىغىنى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام ئامانلىق قوغداش خادىملىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاشتا قوشقان تۆھپىسىنى تەقدىرلىدى، 1951 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە، بۇنداق يىغىندىن جەمئىي 34 قېتىم ئېچىلدى، يىغىنغا 1010 ۋەكىل قاتناشتى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 127 ئامانلىق قوغداش ئاكتىپى باھالاپ چىقىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نەمۇنىچىلىرى يىغىنىغا، 9ى ئاپتونوم رايونلۇق نەمۇنىچىلار يىغىنىغا، 42 سى ۋىلايەتلىك (ئوبلاستلىق) نەمۇنىچىلار يىغىنىغا، 75ى چاقىلىق ناھىيىلىك نەمۇنىچىلار يىغىنىغا قاتناشتى؛ 49 ئىلغار ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتى باھالاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بازاردىكىسى 12 بولۇپ، %5 .24نى، يېزا ـ كەنتتىكىسى 35 بولۇپ، %2 .71نى، كان رايونىدىكىسى 2 بولۇپ، %3 .4نى ئىگىلەيدۇ.

### چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئاممىۋى ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 ـ 1

| نامى / سانى / يىل | ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى | | ئامانلىق قوغداش ھەيئىتى | | ئامانلىق قوغداش گۇرۇپپىسى | | مۇزىسە قىلىش گۇرۇپپىسى | | مۇددىگە ئېلىپ يوقىتىش گۇرۇپپىسى | | قوغداش گۇرۇپپىسى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | تەشكىلات | ئادەم | تەشكىلات | ئادەم | تەشكىلات | ئادەم | تەشكىلات | ئادەم | تەشكىلات | ئادەم | تەشكىلات | ئادەم |
| 1951 | 7 | 34 | 2 | 12 | 5 | 22 | | | | | | |
| 1952 | 10 | 56 | 6 | 40 | 4 | 16 | | | | | | |
| 1953 | 8 | 41 | 4 | 21 | 4 | 20 | | | | | | |
| 1954 | 16 | 82 | 10 | 60 | 6 | 22 | | | | | | |
| 1955 | 12 | 44 | 5 | 26 | 7 | 18 | | | | | | |
| 1956 | 14 | 131 | 5 | 26 | | | | | | | 9 | 105 |
| 1957 | 12 | 142 | 5 | 36 | 7 | 106 | | | | | | |
| 1958 | 10 | 118 | 5 | 80 | 5 | 38 | | | | | | |
| 1959 | 15 | 105 | 7 | 77 | | | | | 8 | 28 | | |
| 1960 | 13 | 121 | 6 | 84 | 7 | 37 | | | | | | |
| 1961 | 26 | 218 | 14 | 97 | 10 | 100 | 2 | 21 | | | | |
| 1962 | 21 | 187 | 13 | 103 | 7 | 44 | 1 | 40 | | | | |
| 1963 | 19 | 170 | 10 | 120 | 4 | 34 | 5 | 16 | | | | |
| 1964 | 20 | 150 | 7 | 59 | 6 | 48 | 5 | 22 | | | 2 | 21 |
| 1965 | 60 | 389 | 10 | 106 | 5 | 28 | | | 45 | 255 | | |
| 1966 | 38 | 106 | 30 | 90 | | | | | 8 | 16 | | |
| 1967 | 26 | 151 | 10 | 50 | | | 10 | 31 | 6 | 70 | | |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 54 | 9 | 65 | 10 | | | 45 | 8 | 164 | 27 | 1968 |
| | | 45 | 12 | 50 | 10 | | | 150 | 15 | 245 | 37 | 1969 |
| 25 | 6 | | | 15 | 4 | 70 | 10 | 60 | 10 | 170 | 30 | 1970 |
| | | 25 | 8 | | | 88 | 12 | 50 | 6 | 163 | 26 | 1971 |
| | | 25 | 8 | | | 88 | 12 | 50 | 6 | 163 | 26 | 1972 |
| | | 25 | 8 | | | 88 | 12 | 50 | 6 | 163 | 26 | 1973 |
| 12 | 6 | | | 27 | 10 | 60 | 10 | 90 | 10 | 189 | 36 | 1974 |
| | | | | 60 | 15 | 43 | 8 | 55 | 7 | 158 | 34 | 1975 |
| 3 | 1 | | | 89 | 17 | 60 | 10 | 47 | 6 | 159 | 34 | 1976 |
| | | | | 23 | 10 | 107 | 22 | 143 | 10 | 273 | 42 | 1977 |
| | | | | 23 | 10 | 107 | 22 | 143 | 10 | 273 | 42 | 1978 |
| | | | | 10 | 3 | 120 | 30 | 150 | 12 | 280 | 45 | 1979 |
| | | | | | | 130 | 36 | 157 | 10 | 287 | 46 | 1980 |
| | | | | | | 18 | 2 | 190 | 15 | 208 | 17 | 1981 |
| | | | | | | 100 | 32 | 198 | 25 | 298 | 57 | 1982 |
| | | | | | | 104 | 33 | 200 | 26 | 304 | 59 | 1983 |
| | | | | | | 152 | 49 | 199 | 26 | 351 | 75 | 1984 |
| | | | | | | 113 | 50 | 68 | 20 | 181 | 70 | 1985 |
| 166 | 24 | 515 | 105 | 460 | 110 | 2023 | 437 | 3102 | 375 | 6266 | 1051 | جەمئىي |

## 2. نوپۇس باشقۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ نوپۇس باشقۇرۇشقا دائىر ۋاقىتلىق چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شەھەر - بازار نوپۇسىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى (لايىھە)»گە ئاساسەن، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ نوپۇس باشقۇرۇش خىزمىتىگە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئامانلىقنى قوغداش بۆلۈمچىسى مەسئۇل بولدى. يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ناھىيە دائىرىسىدە كۆچسە، رايونلۇق (يېزىلىق) ھۆكۈمەت كۆچۈش گۇۋاھنامىسى بېجىرىپ بەردى، باشقا ناھىيىگە كۆچسە كۆچۈش گۇۋاھنامىسىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئامانلىقنى قوغداش بۆلۈمچىسى بېجىرىپ بەردى. 1958 - يىلى خەلق گوڭشېسى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، يېزا نوپۇسىنى گوڭشې - چوڭ ئەترەت بوغالتىرلىرى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نوپۇس تىزىملاش نىزامى»غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ كونكرېت بەلگىلىمىسىگە بىرلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇردى؛ بازار ئاھالىلىرىگە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئامانلىقنى قوغداش بۆلۈمچىسى نوپۇس دەپتىرى تارقىتىپ بەردى، شەھەر - يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ يۆتكىلىپ كېلىش - يۆتكىلىپ كېتىش گۇۋاھنامىلىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئامانلىقنى قوغداش بۆلۈمچىسى بېجىرىپ بەردى.

1983 - يىل 6 - ئايدا، چاقىلىق بازارلىق ساقچىخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن، بازار نوپۇسىنى بازارلىق ساقچىخانا باشقۇرىدىغان بولدى.

## 3. زەھەرنى مەنئى قىلىش

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاز ساندىكى كىشىلەر نەشە چېكەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت نەشىنى چەكلەشكە ئىنتايىن

ئەھمىيەت بەردى. 1950 - يىلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي كېڭىشى «ئەپيۇن قاتارلىق زەھەرنى قاتتىق مەنئى قىلىش توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق» ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى رايون، يېزىلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، تەشۋىقات، تەربىيە ئېلىپ باردى، تەكشۈرۈپ ئەھۋالى ئىگىلىدى، ئامىنى زەھەر ساتقۇچىلار، چەككۈچىلەرنى پاش قىلىشقا قوزغىدى، شۇ يىلى نەشە چەككەن 25 جىنايەتچىنى، 6 جىڭ نەشە، 13 دانە نەشە چېكىش ئەسۋابىنى قولغا چۈشۈردى.

1953 - يىلى جاۋ زىچېڭ، ۋاڭ چۇڭرېن قاتارلىقلار ئالتۇنتاغدىكى قارادۆڭ رايونىدا ئەپيۇن تېرىغان ۋە ئەپيۇننى ناھىيە بازىرىغا ئوغرىلىقچە ئەكىرىپ ساتقان ئىدى، ئۇلار جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 12 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەپيۇن بايقالمىدى.

بىر قانچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، چاقىلىق ناھىيىسىدە زەھەر چېكىش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى، نەشە چېكىدىغان بىر تۈركۈم ئاما قۇتقۇزۇۋېلىندى ۋە ئۆزگەرتىلدى.

## 4. جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، جەمئىيەتتىكى قالدۇق ئەكسىلئىنقىلابچىلار، گومىنداڭنىڭ تارقىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرى ۋە لۈكچەك قاتارلىقلار بىرلىشىۋېلىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغانىدى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدىن كېيىن، جەمئىيەت تەرتىپى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. 1956 - يىلى ناھىيە بويىچە 60 دېلو يۈز بەرگەنىدى، بۇنىڭ 48 ى پاش قىلىندى، پاش قىلىنىش نىسبىتى %80كە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا، ھۆكۈمەتسىزلىك ئەۋج ئېلىپ، جەمئىيەتتە ئۇرۇش، چىقىش، بۇلاش، ئاختۇرۇش، تۇتۇپ كېتىشكە ئوخشاش قالايمىقانچىلىقلار كۆرۈلدى. 1970 - يىل 3 - ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش، خىيانەتچىلىككە، ئوغرىلىققا، ھايانكەشلىككە، بۇزۇپ چېچىپ ئىسراپ قىلىشقا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، بۇ ھەرىكەتتە 28 كىشى قولغا ئېلىندى (ئۇلارنىڭ 15ىگە قاماق جازاسى بېرىلدى)، 9 كىشى تۇتۇپ تۇرۇلدى، 4 كىشىگە قالپاق كىيگۈزۈلدى، 3 كىشى ئۆلتۈرۈلدى. يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ جەمئىي سانى 44كە يەتتى. بۇ ھەرىكەتتە بىر تۈركۈم ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا، خىيانەتچى، ئوغرى ۋە ھايانكەشلەرگە زەربە بېرىلدى، بىراق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى خاتا بولغانلىقتىن، شۇنىڭدەك تەرەپبازلىق قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن بىر تۈركۈم ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارمۇ كۆرۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بولغان 10 يىل ئىچىدە، ناھىيە بويىچە جەمئىي 241 دېلو يۈز بەردى، بۇنىڭ 156 سى پاش قىلىندى، پاش قىلىنىش نىسبىتى %64.7كە يەتتى.

1983 - يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈپتىن ياخشىلاش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، چاقىلىق ناھىيىسىدە شۇ يىلى 9 - ئايدا «قاتتىق زەربە بېرىش» باشلاندى. 1984 - يىل 1 - ئايغا قەدەر، تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 84ى پاش قىلىندى. 7 جىنايەتچىلەر شايكىسى قولغا چۈشۈرۈلدى، 137 نەپەر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسى قولغا ئېلىندى. تۈرگۈن دېلو سادىر قىلىش سايمانلىرى قولغا چۈشۈرۈلدى. «قاتتىق زەربە بېرىش»تىن كېيىن، جىنايى ئىشلار

دېلولىرى ئىلگىرىكىدىن %60 ئازايدى، دېلولارنىڭ پاش قىلىنىش نىسبىتى %4 . 38 ئۆستى.

1984 - يىلىدىن 1986 - يىل 1 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلىپ بېرىلغان ھەر قېتىمقى «قاتتىق زەربە بېرىش» كۆرىشىدە چاقىلىق ناھىيىسى ئۆز ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئوغرىلىق، لۈكچەكلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى مەخسۇس كۆرەشلەرنى ئېلىپ باردى.

1985- يىلى جىنايى ئىشلار دېلولىرى يەنە ئاۋۇپ كەتتى، شۇ يىلى 42 دېلو يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوغرىلىق دېلوسى پۈتۈن بىر يىلدا يۈز بەرگەن دېلو سانىنىڭ %7. 85 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭدىن پاش قىلىنغانلىرى 29 بولۇپ، پاش قىلىنىش نىسبىتى %69كە يەتتى. تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىنغان دېلو سادىر قىلغۇچىلار ئىچىدە ياشلار، ئۆسمۈرلەر %8. 78نى ئىگىلىدى، بۇ «قاتتىق زەربە بېرىش» كۆرىشى داۋامىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئىجتىمائىي يۈزلىنىش، جەمئىيەت ئامانلىقى جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلە.

## 5. ھەرخىل جىنايەتچىلەرنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى

1951 - يىلىدىن 1961 - يىلىغىچە 335 جىنايەتچى قامالدى، بۇنىڭ 236 سى بىر تەرەپ قىلىندى، بىر تەرەپ قىلىنغانلار ئىچىدە قولغا ئېلىنغىنى 79، رىجىمغا ئېلىنغىنى 124، قاماق جازاسى بېرىلگىنى 14، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگىنى 10، نازارەت ئاستىدا ئۆزگەرتىلگىنى 9.

1962 - يىلىدىن 1972 - يىلىغىچە 199 جىنايەتچى قامالدى، بۇنىڭ 187 سى بىر تەرەپ قىلىندى، بىر تەرەپ قىلىنغانلار ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇلغىنى 54، قولغا ئېلىنغىنى 26، قاماق جازاسى بېرىلگىنى 24، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگىنى 11، قايتۇرۇلغىنى 66، قېچىپ كەتكىنى 6.

1973 - يىلىدىن 1982 - يىلىغىچە 189 جىنايەتچى قامالدى، بۇنىڭ 187 سى بىر تەرەپ قىلىندى، بىر تەرەپ قىلىنغانلار ئىچىدە قولغا ئېلىنغىنى 28، تۇتۇپ تۇرۇلغىنى 14، قاماق جازاسى بېرىلگىنى 9، رىجىمغا ئېلىنغىنى 16، جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە جازالانغىنى 7، ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلىتىلگىنى 12، قويۇپ بېرىلگىنى 96، تېخى بىر تەرەپ قىلىنمىغىنى 5.

# 3 § . قوغداش خىزمىتى

## 1. قالدۇق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئەكسىلئىنقىلابچىلار غالجىرلىق بىلەن ئەكسىلئىنقىلابىي ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقى يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن، گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش - ستاتىستىكىلاش ئىدارىسى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ چاقىلىق ناھىيىسىگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئىشپىيونلىرىغا قارشى كەسكىن كۈرەش قىلىپ، گورۇپپا باشلىقى چيەن گاڭ، لۇ شيەنچىڭ ۋە ئىشپىيونلار كاتتىۋېشى شۇ لياڭ باشچىلىقىدىكى ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقتى. كېيىنكى «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش»، «كادىرلارنى تەكشۈرۈش» ھەرىكەتلىرىدە يەنە كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر

قوشۇنىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان بەزى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئىنقىلاپ چىقتى.

### 2. «تۆت خىل ئۇنسۇرلار»لارنى ئۆزگەرتىش

«تۆت خىل ئۇنسۇر» (پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى ۋە بۇزۇق ئۇنسۇر) لارغا قارىتا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئامما بىلەن قىلغان ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىش، سىياسىي جەھەتتە تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى؛ ئامما نازارەت قىلىش، كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى داۋامىدا ئۆزگەرتىش، ھەر يىلى ئامما باھالاپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1984 - يىلى 4 خىل ئۇنسۇرلارنىڭ قالپىقى پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلاندى.

### 3. خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ، باندىتلاردىن مۇداپىئەلىنىش

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ناھىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوندا قېلىپ قالغان قالدۇق گومىنداڭ باندىتلىرى پات - پات تاغدىن ناھىيە بازىرى ئەتراپى ۋە مىرەن، ۋاشەرى قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ئاشلىق، چارۋا بۇلاپ، پۇقرالارنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە زىيان سېلىپ تۇردى. كۆزلۈك يىغىمنى قوغداش ئۈچۈن، 1950 - يىل 10 - ئايدا ھەر قايسى رايونلاردىكى ئامانلىق ساقلاش گورۇپپىسى ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىنى تەشكىللەپ قاراۋۇل قويۇپ، باندىتلارنىڭ ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلىپ، ھەربىي قىسىم، ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىخانىسىنىڭ خىزمىتىگە ماسلاشتى. ئىش ياخشى تەشكىللەنگەنلىكى، مۇداپىئە كۈرۈش تەدبىرى ۋاقتىدا قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، كۆزلۈك يىغىمنىڭ بىخەتەر ئۆتۈشى كاپالەتكە ئىگە بولدى.

### 4. چېگرا يول خېتى بېرىش

1978 - يىل 7 - ئايدا قوغداش خىزمىتىگە 2 يېڭى مەزمۇن قوشۇلدى: بىرى، چېگرا يول خېتى بېرىش، يەنە بىرى، تاشقى ئىشلار خىزمىتى، 1980 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە جەمئىي 244 پارچە چېگرا يول خېتى بېرىلدى.

# باب II

# تەپتىش

## §1. تەپتىش ئاپپاراتلىرى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە تەپتىش ئاپپاراتى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1950 - يىل 11 - ئايدا چىقارغان بۇيرۇقىغا ئاساسەن، چاقىلىق ناھىيىسىدە تەپتىش كەسپىنى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى

ئىدارىسى بېجىرىپ تۇردى.

1955 - يىلى ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلدى، ئۇ، تەپتىش كەسپىنى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇپ، قانۇندا بېرىلگەن قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، تەكشۈرۈپ ئەيىبلەش، سوت كوللېگىيىسىدە ئەيىبلەشنى قوللاش قاتارلىق كەسپىي خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالدى. باش تەپتىشلىكنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر ئەزاسى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، بىر تەپتىش، بىر پۈتۈكچى سەپلەپ بېرىلدى.

1957 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا باشلانغان ئىستىل تۈزىتىش - ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە تەپتىش ئورگىنىنىڭ ئادەتتىكى نازارەتچىلىكى «تەنقىد» قىلىنغاندىن كېيىن، رازۋېدكا قىلىش توختىتىپ قويۇلدى، قانۇن نازارەتچىلىكى ئىنكار قىلىندى. 1958 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە، تەپتىش كادىرلىرى پولات تاۋلاشقا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئەمگەكلىرىگە سېلىندى، تۆۋەنگە چېنىقىشقا چۈشۈرۈلدى، نەتىجىدە تەپتىش كەسپىنىڭ نورمال قانات يېيىشىغا ئېغىر تەسىر يەتتى. 1959 - يىل 1 - ئايدا ناھىيىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش سوت ئورگانلىرى بىرلىشىپ ئىش بېجىردى، بۇ مەزگىلدە ماسلىشىشلا تەكىتلىنىپ، بىر - بىرىنى چەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىلمىدى، بىر باشلىق 3 باشلىقنىڭ، بىر ئادەم 3 ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلدى، ئەمەلىيەتتە، تەپتىش كەسپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 3 كادىر سەپلەپ بېرىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى مۇئاۋىن باش تەپتىش ئىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا جەمئىيەت بىر قەدەر قالايمىقان بولسىمۇ، تەپتىش مەھكىمىسى دەسلەپكى مەزگىلدە تەپتىش كەسپىنى قانات يايدۇرۇۋەردى. 1968 - يىل 1 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت ئورۇنلىرىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلۇپ، ناھىيىلىك ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. تەپتىش كەسپى ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالدى. شۇ چاغدا جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت ئورگانلىرىنى پاچاقلاش ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقتىن، تەپتىش مەھكىمىسى ئىسمى بار جىسمى يوق ئورۇنغا ئايلىنىپ قالدى. كادىرلىرى ئورگاندىن «ئىتتىپاق» گۇڭشېسىنىڭ «بەخت» چوڭ ئەترىتىگە كۆچۈرۈلۈپ، «كۈرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» ۋە «سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش»قا قاتناشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن تەپتىش ئورگىنى يوقىتىۋېتىلدى، تەپتىش قوشۇنى تارقىتىۋېتىلدى، تەپتىش كەسپى توختىتىپ قويۇلدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى 1978- يىلى تەپتىش ئاپپاراتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى ھەم جايلاردىن يېڭىۋاشتىن قۇرۇش خىزمىتىنى پائال تېزلىتىشنى تەلەپ قىلدى. 1979 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ناھىيىلىك تەپتىش ئاپپاراتى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇ چاغدا 3 خىزمەتچى سەپلەپ بېرىلدى. 1980 - يىلىغا كەلگەندە، خىزمەتچىسى 11گە يەتتى. ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتى تەپتىش مەھكىمىسىدە پارتگۇرۇپپىسى، پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، باش تەپتىش پارتگۇرۇپپىغا ۋە پارتىيە ياچېيكىسىغا شۇجى بولۇپ كەلدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 36 - تۇەننىڭ تەپتىش خىزمىتى 1984 - يىلىدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى شۆبە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

# 2 § . جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى

تەپتىش مەھكىمىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى رازۋېدكا قىلغان قولغا ئېلىشقا، ئەيىبلەشكە تېگىشلىك دېلولارنى تەكشۈرۈپ، قولغا ئېلىش - ئالماسلىق، ئەيىبلەش - ئەيىبلىمەسلىك ياكى ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش - قىلماسلىقنى قارار قىلدى ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ رازۋېدكا قىلىش، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتلاش پائالىيەتلىرىنى قانۇنغا ئۇيغۇن - ئۇيغۇن ئەمەسلىكى جەھەتتىن نازارەت قىلدى.

## 1. قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش

ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش مەزگىلدە، قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقى ئىشلىدى. 1955 - يىلى تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ خىزمەت تەپتىش مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1957 - يىلى ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشتە، تەپتىش خىزمىتى ئورۇنسىز تەنقىد قىلىنغاندىن كېيىن، قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىشى توختاپ قالدى. 1959 - يىل 2 - ئايدا، يۇقىرىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى ئوبلاستلىق تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىندى، بىرەر جىنايەتچىنى قولغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، ئوبلاستلىق تەپتىش مەھكىمىسىگە تەستىقلىتىلىدىغان بولدى، بۇنداق ئەھۋال «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىگىچە داۋاملاشتى.

1980 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» نى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. 1980 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن 26 دېلونى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قولغا ئېلىش تەستىقلانغىنى 18، تەستىقلانمىغىنى 8.

1983 - يىلى «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى ئېلىپ بېرىلغاندا، ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن 61 دېلونى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قولغا ئېلىش تەستىقلانغىنى 49، تەستىقلانمىغىنى 12.

## 2. تەكشۈرۈپ ئەيىبلەش

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئەيىبلەشكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن دېلولار «مەخسۇس ئادەم كۆرۈپ چىقىش، كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىش، باش تەپتىش قارار قىلىش» تۈزۈمى بويىچە بېجىرىلدى. چوڭ - چوڭ دېلولار ۋە چىگىش دېلولار مەھكىمە ئىشلىرى يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇلدى. 1962 - يىلى تەپتىش كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئومۇمەن چوڭ ۋە چىگىش دېلولار ياكى ئىختىلاپ كۆرۈلگەن دېلولار تەپتىش كومىتېتىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشىغا سۇنۇلدى. 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقى ئەيىبلەشكە

ئۆتكۈزۈپ بەرگەن 98 ئادەمنىڭ دېلوسى قوبۇل قىلىندى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 88 كىشىنى ئەيىبلەش قارار قىلىندى، 5 كىشىنى ئەيىبلەش كەچۈرۈم قىلىندى، 5 كىشى ئەيىبلەنمىدى. ئەيىبلەش تەستىقلانغان دېلولار ئۈستىدە، تەپتىش مەھكىمىسى سوتقا ئادەم قاتناشتۇرۇپ ھۆكۈمەت نامىدىن ئەيىبلەشنى قوللىدى.

## 3. رازۋېدكا ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ رازۋېدكا پائالىيىتىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن - ئۇيغۇن ئەمەسلىكى ئۈستىدىن نازارەت قىلىندى. 1979 - يىلى تەپتىش خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرىكى دېلودىن 47سى قايتا تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 دېلونى ئەيىبلەش كەچۈرۈم قىلىندى. قايتا تەكشۈرۈش ئەتراپلىق، تەپسىلىي ئېلىپ بېرىلدى، خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان ياكى بىر تەرەپ قىلىنماي قالغان دېلو بايقالمىدى. 1979 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ رازۋېدكا ئىشىدا، قىيىن - قىستاققا ئېلىپ ئىقرار قىلدۇرۇش دېلوسىدىن بىرى بايقالغاندىن سىرت، قالغان دېلولاردا يۈز - خاتىرە قىلىپ قانۇننى ئاياق - ئاستى قىلىش، گۇۋاھنامىسىز قاماش ۋە تىنتىش، يالغان گۇۋاھنامە ياساش قاتارلىق قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ ئەھۋاللار بايقالمىدى.

## 4. سوت قىلىشنى نازارەت قىلىش

سوت قىلىش داۋامىدا دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا قىلىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقى، سوت قىلىش پائالىيىتىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقى، سوت ۋە كېسىم قىلىشتا خاتالىق ۋە يوچۇقنىڭ بار - يوقلىقى، جىنايەتكە قاراپ جازا ھۆكۈم قىلىشنىڭ مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقى تەكشۈرۈلدى. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 1958 - يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا سوت قىلىشنى نازارەت قىلىش نامىدا بار، ئەمەلىيەتتە يوق بولۇپ قالدى. 1979 - يىلى تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سوت قىلىشنى نازارەت قىلىش خىزمىتى نورمال قانات يايدۇرۇلدى. 1979 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە، تەپتىش مەھكىمىسى 73 دېلو ئۈستىدە سوتقا قاتنىشىپ ھۆكۈمەت نامىدىن ئەيىبلەشنى قوللىدى (بۇ، سوت كوللېگىيىسى ئاچقان سوت سانىنىڭ 100%نى ئىگىلەيدۇ)، بىر قېتىم سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۆزى ئەيىبلىگەن دېلو ئۈستىدىكى ئوچۇق سوتقا قاتناشتى. 73 ھۆكۈمنامىنى تەكشۈردى، جىنايەتچىنىڭ ئەرزىدىن 2نى قاراپ چىقتى (2 سىنى سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بەردى). قانۇنغا خىلاپ 2 دېلونى تۈزىتىشنى سوت مەھكىمىسىگە ئاغزاكىي ئۇقتۇردى.

# 3§. قانۇن - ئىنتىزام تەپتىشلىكى

قانۇن - ئىنتىزام تەپتىشلىكى، ئاساسەن، دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلىرىنى تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت.

ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى 1979 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن بۇيان، دۆلەت

خىزمەتچىلىرى ۋە يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، ئىنتىزامنى بۇزۇش دېلوسىدىن جەمئىي 16نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ 4نى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلدى، بۇ %27نى ئىگىلەيدۇ؛ 11نى ئالاقىدار مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بىرىنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈردى.

قانۇن - ئىنتىزام جەھەتتىكى تەپتىش خىزمىتى ئاممىنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى، ئاممىدىن ئەرز قىلغۇچىلار ۋە ئەرز خەتلىرى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. 1979 - يىلىدىن 1985-يىلىغىچە، ئاممىدىن جەمئىي 70 پارچە خەت - چەك تاپشۇرۇۋېلىندى، ھال ئېيتىپ كەلگەن 35 كىشى كۈتۈۋېلىندى، ئاممىدىن كەلگەن خەتلەردە بېرىلگەن ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەر بەرگەن پىكىرلەر پۈتۈنلەي سىياسىي - قانۇن مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى.

## §4 . تۈرمە - سولاقخانىلارنى نازارەت قىلىش

تەپتىش مەھكىمىسى 1955 - يىلى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈرمە، سولاقخانىلارنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورگانلىرى ۋە جەمئىيەتتە جازا مۇددىتى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان جىنايەتچىلەر شۇنىڭدەك ئالاھىدە تەربىيىلەش خادىملىرى ئۈستىدىن قانۇن نازارەتچىلىكى ئېلىپ باردى. 1966 - يىلىغا قەدەر، ئاساسەن، ھۆكۈم قىلىنمىغان جىنايەتچىلەرنى قاماش سۈرۈكى، تۈرمە باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ ئىجراسى ۋە تۈرمە خادىملىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى بار - يوقلۇقى قاتارلىقلارنى تەكشۈردى. 1979-يىلىدىن كېيىن، تۈرمە - نازارەتخانىلارنى نازارەت قىلىش بىلەن جىنايى ئىشلارنى تەپتىش قىلىش بىرلەشتۈرۈلۈپ، جىنايى ئىشلار تەپتىش بۆلۈمى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا تۈرمە - سولاقخانىلارنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان مەخسۇس كادىر قويۇلدى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي خىزمىتى مۇنداق بولدى: تۈرمە - سولاقخانىلارنىڭ سىياسەت، قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشىنى نازارەت قىلىش؛ قانۇندا بەلگىلەنگەن دېلو بېجىرىش سۈرۈكىنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش؛ جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم ۋە كېسىملەرنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا ھەمكارلىشىپ تۈرمە - سولاقخانىلارنىڭ تەرتىپىنى رەتكە سېلىش، قايتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېلولىرىنى بېجىرىش، جىنايەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش، مەدەنىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش.

تۈرمە - سولاقخانىلارنى نازارەت قىلىش داۋامىدا سېزىلگەن مەسىلىلەر سىياسەت، قانۇنغا خىلاپ ئادەتتىكى مەسىلىلەر بولسا، ئاغزاكى تۈزىتىش پىكرى بېرىلدى، ئېغىر بولسا، يازما تۈزىتىش پىكرى بېرىلدى.

## §5 . ئىقتىسادىي ئىشلار تەپتىشلىكى

ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايەت دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، دېلو تۇرغۇزۇش - تۇرغۇزماسلىق، قولغا ئېلىش - ئالماسلىق ۋە ئەيىبلەش - ئەيىبلىمەسلىك قانۇندىكى بەلگىلىمە

بويىچە قارار قىلىندى. چاقىلىق ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايەت دېلولىرى پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا بېجىرىلدى. بىراق مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىنمىدى. 1979 - يىلى بىۋاستە تەھقىقلەش بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي ساھەدىكى تەپتىش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، خىيانەتچىلىك دېلوسى، پارىخورلۇق دېلوسى، باج ئوغرىلاش، باجنى كەم تاپشۇرۇش دېلوسى، ساختا تاۋار ماركىسى دېلوسى، دۆلەتنىڭ ماددىي ئەشيالىرى (ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، خەۋپ - خەتەردىن قۇتقۇزۇش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، نەپىقە، قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيالار) نى ئىشلىتىۋېلىش دېلوسى، زور مەسئۇلىيەت ھادىسىسى دېلوسى، ئوغرىلىقچە ئورمان كېسىش دېلوسى ۋە تەپتىش مەھكىمىسى بىۋاستە قوبۇل قىلىپ بېرىشكە تېگىشلىك دەپ قارىغان باشقا ئىقتىسادىي دېلولار بىۋاستە رازۋېدكا قىلىنىپ ئەيىبلەندى. 1983 - يىل 11- ئايدىن تارتىپ، ئەسلىدە ئىقتىسادىي تەپتىش تارمىقى بېجىرىپ كېلىۋاتقان زور مەسئۇلىيەت ھادىسىسى دېلوسى بىلەن خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش دېلوسىنى بىۋاستە تەھقىقلەش بۆلۈمى بېجىرىدىغان بولدى. 1985 - يىل 5 - ئايدا يەنە ئوغرىلىقچە ئورمان كېسىش دېلوسىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى بېجىرىدىغان بولدى.

1982 - يىلى مەركىزىي كومىتېت «ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» چىقارغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش ئىشخانىسى قۇردى، ئىشخانا تەپتىش مەھكىمىسىدە تەسىس قىلىندى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ رەھبىرى ئىشخانىغا مۇدىر بولدى. 1983 - يىلى ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغاندىن تارتىپ 1985 - يىلىغىچە جەمئىي 3 ئىقتىسادىي دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىيانەتچىلىك دېلوسى بولۇپ، دۆلەت ئۈچۈن 80 مىڭ يۈەن ھارام پۇل قايتۇرۇۋېلىندى، قانۇنسىز ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىگە بولغان ھارام مال - ياپونىيىدە ئىشلەنگەن «تويوتا» ماركىلىق 9 ئورۇندۇقلۇق مىنىبۇس قايتۇرۇۋېلىندى، ئۇنىڭ قىممىتى 60 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، تەپتىش مەھكىمىسى 1979 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن تارتىپ 1985 - يىلىغا قەدەر جەمئىي 9 ئىقتىسادىي دېلونى قوبۇل قىلىپ بېجىرگەن، 3 دېلو ئۈستىدە دېلو تۇرغۇزغان، 4 كىشىنى قولغا ئالغان. ناھىيىلىك تاشپاختا كېنىدىكى جالىڭ مېيشىنىڭ خىيانەتچىلىك دېلوسىدا 2 كىشىگە جازا ھۆكۈم قىلىنغان، 3 كىشى ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىنغان.

## III باب

# سوت قىلىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، يەنى 1950 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە سوت قىلىش خىزمىتىدە، ئاساسلىقى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش — زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش،

يەر ئىسلاھاتى ۋە «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكەتلىرىگە ماسلىشىپ، دۈشمەنلەر ۋە جىنايەتچىلەرنىڭ ھەيۋىسىگە زەربە بېرىلىپ، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ مەزگىل يېڭى جەمئىيەت كونا جەمئىيەتنىڭ ئورنىنى بېسىۋاتقان باسقۇچ بولغانلىقتىن، نىكاھ دېلولىرى بىر قەدەر كۆپ بولدى، سوت مەھكىمىسى ئاياللارنىڭ فېئودالىزم كىشىنىدىن قۇتۇلۇش، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتەك ھەققانىي ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوللاپ، نىكاھ ئىشلىرى جەھەتتىكى چات كېرىشۋېلىش، زورلاش، خورلاش، قوش نىكاھلىق بولۇش قاتارلىق نىكاھ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلدى.

1957 - يىلىدىن 1965 - يىلىغىچە، بولۇپمۇ 1960 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە بولغان 3 يىللىق قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، كۆپ قېتىم ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىلىپ، ئاز ساندىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار، بۇزۇق ئۇنسۇرلار ۋە ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايەتچىلەر قاتتىق جازالىنىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. بىراق، 1957 - يىلدىكى ئوڭچىللارغا قارشى كۈرەش داۋامىدا «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە سوت قىلىش خىزمىتىدىكى بەزى مۇھىم پرىنسىپلار بىكار قىلىنغانلىقتىن، دېلو بېجىرىش سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتتى ھەمدە بەزى ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار كېلىپ چىقتى. كېيىن 1958 - يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە ھۆكۈم قىلىنغان دېلولار قايتا تەكشۈرۈلۈپ، خاتا دېلولارنىڭ بىر قىسمى تۈزىتىلگەن بولسىمۇ، بىراق «سول» ئىدىيە تامامەن تۈگىتىلمىگەنلىكتىن، قايتا تەكشۈرۈش ئىشى يەنىلا تەلتۆكۈس بولمىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، «سول» ئىدىيە پۈتۈن پارتىيىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغاچقا، يەنە كېلىپ، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھلىرى بۇزغۇنچىلىق قىلغاچقا، سوت قىلىش خىزمىتىدە ئۆز بىلەن دۈشمەن ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ، 95% سىياسىي دېلو ئۈستىدىن، 12.9% جىنايى ئىشلار دېلوسى ئۈستىدىن خاتا ھۆكۈم چىقىرىلدى. بۇ ئەھۋال 1973 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن تەدرىجىي تۈگىتىلدى ۋە تۈزىتىلدى.

1978 - يىلىدىن كېيىن، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، قالايمىقانچىلىق ئوڭشالدى، «سول» ئىدىيە ئەستايىدىل تازىلاندى، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى زور بىر تۈركۈم ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلىدى، پارتىيىنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، سوت قىلىش خىزمىتى «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش»تىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قوغداشنى مەركەز قىلىش ئىزىغا چۈشتى. سوت مەھكىمىسى جەمئىيەت تەرتىپىنى تۈپتىن ياخشىلاش ئۈچۈن، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق ۋە تېز زەربە بېرىش فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىپ، بىر تۈركۈم قاتىل، بۇلاڭچى، باسقۇنچى، لۈكچەكلەر شايكىسى قاتارلىق جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالىدى ھەمدە دېلو بېجىرىشكە بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتى ۋە ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، نەتىجىدە جەمئىيەت تەرتىپى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

## § 1. سوت قىلىش ئاپپاراتى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە ئەدلىيە خىزمىتىنى ئامبال، ھاكىملار بىر تەرەپ

قىلاتتى. ناھىيىلىك مەھكىمە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت جىنايى ئىشلار، ھەق - تەلەپ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، كىچىك ئىشلارنى بۆلۈم - ئىشخانىلار ۋاكالىتەن بېجىرىش، چوڭ ئىشلارنى ئامبال، ھاكىم بىۋاستە سوراۋشتۇرۇش، جازا ھۆكۈمىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە تەستىقلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى، ناھىيىلىك مەھكىمە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سولاقخانا تەسىس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا سولاقخانا باشلىقى ۋە سولاقخانا ساقچىلىرى بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 1 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى، ئۇ قاراشەھەر شۆبە مەھكىمىگە قارايتتى، بىر سولاقخانىنى باشقۇراتتى (بۇ سولاقخانا 1951 - يىلى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى). مەھكىمە باشلىقلىقىنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، مەھكىمىدە 6 كادىر، 9 قانۇن ساقچىسى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن كونا خىزمەتچىلەر بولۇپ، سىياسىي ئىدىيە جەھەتتە قالايمىقان، تەشكىلىي جەھەتتە ئېغىر دەرىجىدە ناپاك ئىدى. 1954- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سوت مەھكىمىسى «ئۇچكە قارشى تۇرۇش» ۋە كادىرلارنى تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈلۈپ تەرتىپكە سېلىندى، خادىملىرى خېلى زور دەرىجىدە تەڭشەلدى، شۇندىن كېيىن خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسى خېلى زور دەرىجىدە ئۆستى.

سوت مەھكىمىسى كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىشنى يولغا قويدى، مەھكىمە ئىشلىرى يىغىنى تەسىس قىلدى، ئۇ، سوت مەھكىمىسىدە چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھەمدە سوت ھەيئىتى قۇرۇلغىچە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ۋە ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولدى، 1956 - يىلى سوت ھەيئىتى (3 كىشىدىن تەركىب تاپتى) قۇرۇلدى، ئۇ چېگىش دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولدى. خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېلو بېجىرىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، سەييارە سوت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى، 1954- يىل 5 - ئايدا ئۇنىڭ نامى سەييارە سوت كوللېگىيىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا سوت قىلىش خىزمىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە ئوخشاش پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، 1968 - يىل 1 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت ئورگانلىرىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى، 1973 - يىلىغا كەلگەندە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئاندىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېڭى دەۋردىكى سوت خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1981 - يىلىدىن باشلاپ، خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى ۋە ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلدى، 1984 - يىل 12 - ئايدا يەنە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى تەشكىل قىلدى.

## § 2 . جىنايى ئىشلار سوتى

1950 - يىلدىن 1954 - يىلغىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش - يەر ئىسلاھاتى ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە ماسلىشىپ، جەمئىي 117 جىنايى ئىشلار جىنايىتى دېلوسى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەكسىلئىنقىلابىي دېلوسى 8، بۇلاڭچىلىق دېلوسى 2، ئوغرىلىق دېلوسى 17، نىكاھ ئىشلىرىغا

تۇسقۇنلۇق قىلىش دېلوسى 33، خورلاش دېلوسى 11، باسقۇنچىلىق قىلىش دېلوسى 13، ئالدامچىلىق دېلوسى 3، خىيانەتچىلىك دېلوسى بىر، بۇزغۇنچىلىق دېلوسى 4، قاتىللىق دېلوسى بىر، زىيانكەشلىك قىلىش دېلوسى 8، قىمار ئويناش دېلوسى 3، باشقا دېلولار 13. 99 كىشىگە جازا ھۆكۈم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ دەرھال ئىجرا قىلىنغىنى بىر، مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغىنى 67، رىجىمغا ئېلىنغىنى 5، تەربىيە بېرىپ قويۇپ بېرىلگىنى 26.

1955 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە ئەكسىلئىنقىلاب دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، «سەل كەڭچىلىك قىلىش» ۋە «ئاز ئۆلتۈرۈش، كۆپرەك قاماق جازاسى بېرىش» سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، بۇ مەزگىلدە جەمئىي 107 جىنايى ئىشلار دېلوسى ئۈستىدىن سوت قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەكسىلئىنقىلاب دېلوسى 31، ئوغرىلىق دېلوسى 22، نىكاھ ئىشلىرىغا تۇسقۇنلۇق قىلىش دېلوسى 14، خورلاش دېلوسى 7، باسقۇنچىلىق قىلىش دېلوسى 10، ئالدامچىلىق دېلوسى 2، خىيانەتچىلىك دېلوسى 5، ئىشلەپچىقىرىشقا دەخلى يەتكۈزۈش دېلوسى 2، قاتىللىق دېلوسى 3، زىيانكەشلىك قىلىش دېلوسى 2، قوش نىكاھلىنىش دېلوسى بىر، قىمار ئويناش دېلوسى 2، جامائەت - كوللېكتىپقا زىيان سېلىش دېلوسى بىر، باشقا دېلولار 4. 96 كىشىگە جازا ھۆكۈم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغىنى 70، رىجىمغا ئېلىنغىنى 15، تەربىيە بېرىپ قويۇپ بېرىلگىنى 11. مۇشۇ مەزگىلدە «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە، سىياسىي - تارىخىي مەسىلىسى بار بەزى كىشىلەر خاتا ھالدا ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىپ قويۇلدى، نەتىجىدە 1958 - يىلى ئەكسىلئىنقىلاب دېلوسى 11غا يېتىپ، 1957 - يىلدىكىدىن 9.9% كۆپىيىپ كەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى (1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە) دە، لىن بياۋ گۇرۇھى ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»تىن ئىبارەت ئەكسىلئىنقىلابى گۇرۇھلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، جىنايى ئىشلار دېلولىرى، بولۇپمۇ ئەكسىلئىنقىلاب دېلولىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغاندا، زور بىر تۈركۈم ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار كېلىپ چىقتى. مۇشۇ مەزگىلدە 18 ئەكسىلئىنقىلاب دېلوسى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلىپ، 20 ئادەم قولغا ئېلىندى، قايتا تەكشۈرۈشتە، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار تۈزىتىلىپ 18 كىشى ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم ئۆزگەرتىلدى. خاتا دېلو نىسبىتى 95%تىن ئېشىپ كەتتى، 40 جىنايى ئىشلار دېلوسى قايتا تەكشۈرۈلۈپ، 4ى ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم ئۆزگەرتىلدى.

1977 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان مەزگىلدە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى، بولۇپمۇ باسقۇنچىلىق قىلىش، لۈكچەكلىك قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش، زىيانكەشلىك قىلىش جىنايەتلىرى كۆپەيدى. مەلۇماتقا قارىغاندا 1977 — 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 108 جىنايى ئىشلار دېلوسى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە باسقۇنچىلىق قىلىش دېلوسى 18، نىكاھ، ئائىلە ئىشلىرىغا تۇسقۇنلۇق قىلىش دېلوسى 3، لۈكچەكلىك دېلوسى 10، ئوغرىلىق دېلوسى 30، قوش نىكاھلىنىش دېلوسى 8، ئالدامچىلىق دېلوسى 2، قىمار ئويناش دېلوسى بىر، قاتىللىق دېلوسى 2، خىيانەتچىلىك دېلوسى 3، زىيانكەشلىك قىلىش دېلوسى 10، ئوت كېتىش دېلوسى بىر، قاتناش ۋەقەسى دېلوسى 7، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇش دېلوسى بىر، قاتناش ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇش دېلوسى 2، بۇلاڭچىلىق دېلوسى 4، خورلاش دېلوسى بىر، قىيىن - قىستاققا ئېلىپ ئىقرار قىلدۇرۇش دېلوسى بىر، باشقا دېلولار 4. 400 كىشى 5 يىلدىن ئارتۇق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا، 65 كىشى 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم

قىلىندى، 9 كىشى رېجىمغا ئېلىندى، 6 كىشى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىندى، 11 كىشى جىنايى ئىشلار جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلىندى. مۇشۇ مەزگىلدە، سوت خىزمىتىدە قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈلۈپ، ھەرخىل جىنايەتچىلەرگە پۇختا، دەل، قاتتىق زەربە بېرىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

## § 3. ھەق تەلەپ ئىشلىرى سوتى

1950 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە جەمئىي 3035 ھەق تەلەپ دېلوسى بىر تەرەپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھ ماجىراسى 882، ئىش ھەققى ماجىراسى 431، يەر ماجىراسى 41، قەرز ماجىراسى 1217، مىراس ماجىراسى 137، سودا - سانائەت ماجىراسى 22، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا 12، باشقىلار 293. مۇشۇ مەزگىلدە نىكاھ ماجىرالىرى كۆپرەك بولۇپ، %29.1نى ئىگىلىدى. ئاساسەن، يېڭى نىكاھ قانۇنى ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، نىكاھ ئىشلىرىغا چات كىرىۋېلىش، نىكاھ سودىسى قىلىش ۋە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش بىكار قىلىندى، ئېزىلگۈچى ئاياللار كەينى - كەينىدىن ئازادلىققا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى ئىدارە خىزمەتچىلىرىدە يېڭىنى تېپىۋېلىپ، كونىسىنى تاشلاش ئەھۋاللىرى كۆپەيدى، شۇڭا نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسىنىڭ نىسبىتى ئېشىپ كەتتى.

1961 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە جەمئىي 1232 ھەق تەلەپ دېلوسى قوبۇل قىلىنىپ بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھ دېلوسى 345 (%28نى ئىگىلەيدۇ)، قەرز دېلوسى 56، باشقا دېلولار ھەققىدىكى ماتېرىياللار تولۇق ئەمەس.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، سوت مەھكىمىسى «پاچاقلىۋېتىلدى»، ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جىنايى ئىشلار سوت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرى سوت قىلىندى، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بېجىرىش، ئەمەلىيەتتە، توختاپ قالدى.

1982 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» ئىزچىل يولغا قويۇلۇپ، 2 خىل تەرتىپ بويىچە دېلو بېجىرىش دائىرىسى ۋە ئۇسۇلى قاتتىق ئىگىلەنگەنلىكتىن، دېلو بېجىرىش ئۈنۈمى ۋە سۈپىتى ئۆستى. 1983 - يىلى ھەق - تەلەپ دېلولىرىنى 1981 - يىلدىكىدىن 54ى، 1982 - يىلدىكىدىن 37 سى كېمەيدى.

## § 4. ئىقتىسادىي ئىشلار سوتى

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، 1984 - يىل 12. ئايدا خەلق سوت مەھكىمىسىدە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىندى. ئۇ، 1985. يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 6 ئىقتىسادىي توختام دېلوسىنى قوبۇل قىلىپ بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە تراكتور سېتىۋېلىش توختامى ماجىراسى بىر، تاشيول ياساش توختامى ماجىراسى بىر،

ئۆي قۇرۇلۇشىغا پۇل تۆلەش ماجىراسى 3، قۇدۇق رېمونت قىلىپ بېرىشكە توختام بويىچە پۇل تۆلەش ماجىراسى بىر. ئۇلارنىڭ 5ى ئىشلىنىپ بولدى، دېلولارنىڭ ئىشلىنىپ بولۇش نىسبىتى 83.3%گە يەتتى. بۇ 5 دېلونىڭ 4ى مۇرەسسە قىلىش يولى بىلەن، بىرى ھۆكۈم چىقىرىش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاددىي ئىقتىسادىي ماجىرادىن 5ى بىر تەرەپ قىلىندى.

## 5 §. بېسىلىپ قالغان دېلولارنى ئېنىقلاش

1950 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا جىنايى ئىشلار ۋە ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى سوت قىلىش جەريانىدا، سوت مەھكىمىسىدە ئادەم ئاز بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىياسىي ھەرىكەتلەر كەينى - كەينىدىن بولۇپ تۇرغانلىقتىن، قىسمەن جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرى بېسىلىپ قالغانىدى. مۇشۇ مەزگىلدە بېسىلىپ قالغان دېلولار بىر قانچە قېتىم ئېنىقلاندى. 1953 - يىل 5 - ئايدا، بېسىلىپ قالغان 76 دېلو ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەپيۈنگە دائىر بىر دېلو ئېنىقلاپ چىقىلدى، 70 سەر خام ئەپيۈن تېپىلىپ، ئەپيۈن ساتقان باش جىنايەتچى ۋاڭ چۈخرېن بىلەن جاۋ زىچېڭ جازالاندى. 1965 - يىل 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە يەنە بېسىلىپ قالغان جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 3ى، ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 44ى ئېنىقلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 يىلغىچە بېجىرىلمەي تاشلاپ قويۇلغان 2 چىگىش دېلو بار.

## 6 §. سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى تۈزىتىش

خېلى ئۇزۇندىن بۇيان، «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئارقىسىدا، ھەق - ناھەق ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋېتىلگەنلىكى، ئاق - قارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، نۇرغۇن ياخشى يولداشلار ناھەقچىلىككە ئۇچرىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئېلىپ بېرىلغان قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاشتا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1979 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش، ئاقلاش خىزمىتى ئىشلىنىشكە باشلىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرىكى دېلولاردىن 128ى قايتا تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلار دېلوسى 64 بولۇپ، 14 ى ئاقلاندى، 4ى جازادىن كەچۈرۈم قىلىندى، 10نى ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم ئۆزگەرتىلدى. بۇلار جەمئىي 28 بولۇپ، قايتا تەكشۈرۈلگەن دېلولارنىڭ 43.8%ى ئىگىلىدى؛ قايتا تەكشۈرۈلگەن ئەكسىلئىنقىلاب دېلوسى 52 بولۇپ، 9ى ئاقلاندى، 4ى جازادىن كەچۈرۈم قىلىندى، 8ى ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم ئۆزگەرتىلدى. بۇلار جەمئىي 21 بولۇپ، قايتا تەكشۈرۈلگەن دېلولارنىڭ 40.4%نى ئىگىلىدى؛ قايتا تەكشۈرۈلگەن بۇزغۇنچىلىق دېلولىرى 7 بولۇپ، 5ى ئاقلاندى، بىرى ئۈستىدىن چىقىرىلغان

ھۆكۈم ئۆزگەرتىلدى، بۇلار جەمئىي 6 بولۇپ، قايتا تەكشۈرۈلگەن دېلولارنىڭ %86نى ئىگىلىدى؛ قايتا تەكشۈرۈلگەن ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلوسى 5 بولۇپ، بىرى ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم ئۆزگەرتىلدى، بۇ قايتا تەكشۈرۈلگەن دېلولارنىڭ %20نى ئىگىلىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ھۆكۈم چىقىرىلغان 49 دېلونىڭ ھەممىسى قايتا تەكشۈرۈلۈپ، 13ى ئاقلاندى، 8ى ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم ئۆزگەرتىلدى، ئۇلار قايتا تەكشۈرۈلگەن دېلولار ئومۇمىي سانىنىڭ %42.9نى ئىگىلىدى. قايتا تەكشۈرۈلگەن دېلولار ئىچىدە ئەكسىلئىنقىلاب دېلوسى 18 بولۇپ، 13ى ئاقلاندى، 4ى ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم ئۆزگەرتىلدى؛ ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلوسى 31 بولۇپ، 4ى ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم ئۆزگەرتىلدى.

ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش خەلق ئامممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى.

# IV باب

# ئەدلىيە مەمۇرىيىتى

1980 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيىدە ئەدلىيە ئاپپاراتىنىڭ ئايرىم شتاتى يوق ئىدى، ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتىنى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ۋاكالىتەن ئىشلەيتتى. 1981 - يىل 2 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئەدلىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ئۇ 1984 - يىلى ئەدلىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ قارمىقىدا قانۇن مەسلىھەت باشقارمىسى، ھۆكۈمەت گوۋاھلىقى باشقارمىسى تەسىس قىلىندى.

## § 1. ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى مۇرەسسە قىلىش

1953 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيىدە رەسمىي مۇرەسسە تەشكىلاتى يوق ئىدى. ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى رايون، يېزا كادىرلىرى مۇرەسسە قىلاتتى. 1954 - يىلى ناھىيە بويىچە 6 يېزىدا مۇرەسسە ھەيئىتى قۇرۇلدى، بىراق ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ كەسپىتىن خەۋىرى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېتەكچىلىك كەمچىل بولغانلىقتىن ۋە رەھبەرلىك يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى شەكىلگە ئايلىنىپ قالدى.

1963 - يىلى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغان چاغدا، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ناھىيىلىك پارتكومغا «مۇرەسسە تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا دوكلات» سۇندى، ناھىيىلىك پارتكوم قوشۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە 9 مۇرەسسە ھەيئىتى تەرتىپكە سېلىندى، مۇرەسسە ھەيئىتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۆزگەرتىپ سايلاندى، شۇنىڭ

بىلەن مۇرەسسە كەسپىي خىزمىتى تەدرىجىي قانات يېيىشقا باشلىدى. 1965 ـ يىلىغا كەلگەندە گۇڭشې ـ چوڭ ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇرەسسە ھەيئىتى قۇرۇلدى. 1963 ـ يىلىدىن 1965 ـ يىلىغىچە ناھىيىدىكى مۇرەسسە ھەيئەتلىرى ھەق تەلەپ ماجىراسىدىن جەمئىي 422نى مۇرەسسە قىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ھەق تەلەپ مۇرەسسە خىزمىتى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، ھەق تەلەپ مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1975 ـ يىلى مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. خەلق مۇرەسسە تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 1984 ـ يىلى ناھىيە مۇرەسسە ھەيئەتلىرى يىغىنى ئېچىپ، ناھىيىدىكى يېزا، كەنت مۇرەسسە تەشكىلاتلىرىنى يېڭىۋاشتىن تەڭشىدى.

ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1980 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە ناھىيە بويىچە ھەق تەلەپ ماجىراسىدىن جەمئىي 1977سى مۇرەسسە قىلىنغان، بۇ جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

## § 2 . قانۇن مەسلىھەتچىلىكى

1981 ـ يىل 2 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئەدلىيە بۆلۈمى قارمىقىدا قانۇن مەسلىھەت ئورنى تەسىس قىلىنىپ، 2 مەخسۇس كادىر قويۇلدى. 1982 ـ يىل 11 ـ ئايدا بىر پراكتىكانت ئادۋوكات قوشۇپ بېرىلدى. 1985 ـ يىلىغا كەلگەندە قانۇن مەسلىھەت ئورنىدا ئادۋوكات 2گە يەتتى، 2 قانۇن مەسلىھەت نۇقتىسى قۇرۇلدى.

قانۇن مەسلىھەت ئورنى قۇرۇلغاندىن بۇيان، قانۇن جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش، ئىقتىسادىي ۋە ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بېرىش، ماتېرىيال يېزىپ بېرىش، قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ۋە مۇرەسسە كېسىم قىلىشقا قاتنىشىش قاتارلىق كەسىپلەرنى يولغا قويدى. 1981 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە جىنايى ئىشلار بويىچە ئاقلاش دېلوسىدىن 17نى بىر تەرەپ قىلدى، ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 12نى ۋەكالىتەن بېجىرىپ بەردى، ئەرز قىلىشقا بولمايدىغان 19 ۋەقەنى مۇرەسسە قىلىپ كېسىپ قويدى، 12 پارچە قانۇن ھۆججىتىنى ۋاكالىتەن يېزىپ بەردى. قانۇندىن سورالغان سوئاللارغا 10 قېتىم جاۋاب بەردى.

## § 3 . ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى

1981 ـ يىل 10 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئەدلىيە بۆلۈمىدە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى تەسىس قىلىنىپ، سىرتقا قارىتا تۆۋەندىكى كەسىپلەر يولغا قويۇلدى:

1. توختام، ھاۋالىنامە، ۋەسىيەتنامىلەرگە گۇۋاھ بولۇش؛
2. مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش، ئۆزى ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە ھەدىيە قىلىشقا گۇۋاھ بولۇش؛
3. تۇغقانلىق مۇناسىۋەتكە گۇۋاھ بولۇش؛

4. سالامەتلىكى، ئوقۇش تارىخى، تەرجىمىھالىغا گۇۋاھ بولۇش؛
5. تۇغۇلغان ۋاقتى، نىكاھلىنىش ئەھۋالى، ھاياتلىق ئەھۋالى، يوقالغانلىقى، ئۆلگەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇش؛
6. ھۆججەتلەردىكى ئىمزا - تامغىلارنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھ بولۇش؛
7. ھۆججەتنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى، كۆچۈرۈلمىسى، تەرجىمىسى، فوتو نۇسخىسىنىڭ ئەسلىسىگە ئوخشاشلىقىغا گۇۋاھ بولۇش؛
8. قەرزنى، نەرسە - كېرەكنى قايتۇرۇشقا دائىر ھۆججەتلەردىن شەك يوق دەپ قارالغانلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە قەغەز يۈزىدە گۇۋاھلىق بېرىش؛
9. ئىسپات ۋە ھۆججەتلەرنى ساقلاپ بېرىش؛
10. گۇۋاھ بولىدىغان ئىشلارغا دائىر ھۆججەتلەرنى ۋاكالىتەن يېزىپ بېرىش؛
11. دەۋاگەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن باشقا گۇۋاھلىق ئىشلىرىنى بېجىرىش.
1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ھەرخىل گۇۋاھلىق ئىشلىرىدىن 204ى بېجىرىلىپ، 5806.42 يۈەن كىرىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1985 - يىلى گۇۋاھلىق ئىشلىرىدىن 97 سى بېجىرىلىپ، 2248.39 يۈەن كىرىم قىلىندى.

## § 4. قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى

قانۇن - تۈزۈم تەشۋىق قىلىش - جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دېلولارنى ئازايتىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسى (بۆلۈمى) قۇرۇلغاندىن بۇيان، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سۈرەت كۆرگەزمىسى ئېچىش، رادىئودا لېكسىيە سۆزلەش، قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات ستونى چىقىرىش، كۇرس ئېچىش، قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات ماتېرىيالى بېسىپ تارقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتىنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنى قانۇنلارنى ئۆگىنىش، چۈشىنىش، دۆلەت قانۇنىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسى (بۆلۈمى) 20 نەچچە قېتىم قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتى بويىچە دوكلات بىغىنى ئۇيۇشتۇردى. ئۇنى ئاڭلىغۇچىلار 6000 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى؛ 700 نەچچە پارچە تەشۋىقات ماتېرىيالىنى بېسىپ تارقاتتى؛ كادىرلار، ئوقۇغۇچىلارغا قانۇن - تۈزۈمدىن 10 نەچچە قېتىم دەرس ئۆتتى، دەرس ئاڭلىغۇچىلار 2000 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى؛ «جىنايى ئىشلار قانۇنى» ۋە «ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامى» غا دائىر سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى، كۆرگەزمىنى كۆرگۈچىلەر 20 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. مۇشۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈم قارىشى كۈچەيدى.
1983 - يىل 9- ئايدا ئەدلىيە بۆلۈمى قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتىنى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىدىكى تىپىك دېلولارنى تاللاپ، سىملىق رادىئودا ئاڭلىتىش، مەخسۇس ستون، تام گېزىتى چىقىرىش، تەشۋىقات ماشىنىسىنى ئىشقا سېلىش، تەشۋىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات - تەربىيىسىنى كەڭ ئېلىپ بېرىپ، ئامما

ئارىسىدا ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى، بىر مۇنچىلىغان ئاممىۋى جىنايەتچىلەرنى پاش قىلدى، دېلو پاش قىلىش ئىشىنى يېپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى، بەزى جىنايەتچىلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن باش ئېگىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسى يەنە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق چاقىلىق ناھىيىسىدە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنىڭ 5 يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە ئۇنى 1986-يىلدىن باشلاپ يولغا قويدى.

ئالتىنچى قىسىم

# ھەربىي ئىشلار

# ئالتىنچى قىسىم

# ھەربىي ئىشلار

## I باب

## ھەربىي ئىشلاردىكى مۇھىم جايلار تەزكىرىسى

### 1 § . ستراتېگىيىلىك ئورنى

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ زېمىنى كەڭ. ئۇ، شىنجاڭ، چىڭخەي، گەنسۇ شىزاڭدىن ئىبارەت 4 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون چېگرىلىنىدىغان جايغا جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭنى چىڭخەي، گەنسۇلار بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى. ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى تاغ رايونىنىڭ يەر شەكلى مۇرەككەپ، يەر تۈزۈلۈشى خەتەرلىك. ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى بىپايان كەڭلىك بولۇپ، بۇ يەر ئەسكەر تۇرغۇزۇپ مۇستەقىل جەڭ قىلىشقا ئەپلىك. كورلا - چاقىلىق، چىڭخەي - شىنجاڭ تاشيوللىرى مۇشۇ ناھىيە تەۋەسىدە كېسىشىپ، ئورۇش بولۇپ قالسا، جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان 2 - قۇرۇقلۇق ترانسپورت لىنىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن. چاقىلىقنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە كەڭرى زېمىنى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاغ ۋە قۇملۇقلىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي بولۇپ قالغان.

### 2 § . ھەربىي ئىشلاردىكى مۇھىم جايلار

#### 1. جەنۇبىي تاغ رايونى (چىمەن رايونى)

جەنۇبىي تاغ رايونى چىڭخەي، گەنسۇلار بىلەن قوشنا. شۇنداقلا تاكى شىزاڭغا بارغىچە چەرچەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تېغى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇ، شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە بارىدىغان مۇھىم قاتناش يولىنى كونترول قىلىدىغان، شۇنداقلا شىنجاڭغا ھەربىي تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مۇھىم تۈگۈن بولغاچقا، تارىختا ئۆتكەن ھەربىي سەركەردىلەر تالىشىپ كەلگەن مۇھىم

جايغا ئايلانغان. يۇلغۇنلۇق جىلغىدا شۇ چاغلاردىن قالغان ھەربىي مۇئەسسەسىلەرنىڭ خارابىسى ھېلىمۇ بار. جەنۇبىي تاغ رايونىدا نۇرغۇن تاغلار گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ يەر ئەسكەر تۇرغۇزۇپ مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەپلىك. تۆمۈرلۈكتە سۇ ۋە ئوت - چۆپ مول بولغاچقا، ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە قۇسايىن، ئوسمان، قالىبېك قاتارلىق باندىتلار مۇشۇ رايوننى بىر مەزگىل بېسىپ ياتقان.

## 2. لوپنۇر كۆلى، ئارغان رايونى

لوپنۇر كۆلى رايونى ھەربىي ئىشلار جەھەتتە چەكلەنگەن جاي بولۇپ، دۆلەت مۇداپىئە ئىلمىي ۋە تارىخ تەتقىقاتى جەھەتتە غايەت زور قىممەتكە ئىگە. بۇ يەر غەربىي خەن دەۋرىدىكى قەدىمكى جەڭگاھ بولۇپ، ھازىر ئۇ يەردە ئادەمزات يوق.

ئارغان، يېڭىسۇ قاتارلىق جايلاردا قۇم بارخانلىرى ۋە چاتقال - توقايلىقلار كۆپ، ئۇ جايلار پارتىزانلارنىڭ كۆچۈپ يۈرۈپ جەڭ قىلىشىغا ئەپلىك بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە ۋە شىمالىي شىنجاڭغا بارىدىغان، كورلا - چاقىلىق تاشيولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئاساسلىق ئۆتكەللەرنىڭ بىرى.

## 3. غەربىي دەريا، ۋاششەرى

غەربىي دەريا چاقىلىق بازىرىنىڭ غەربىگە بىر كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، چاقىلىقتىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان يولدىكى تەبىئىي توساق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىلىق بىر كۆۋرۈك بار، بۇ كۆۋرۈك جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان ترانسپورت لىنىيىسىدىكى ئاساسلىق كۆۋرۈكلەرنىڭ بىرى.

ۋاششەرى چاقىلىقتىن چەرچەنگە بارىدىغان يولدىكى مۇھىم جاي، چاقىلىقنىڭ ئاشلىق بازىسى. ئۇ يەردە كەڭ كەتكەن غوللۇق ئورمان بەلۋاغلىرى بار. ۋاششەرىدىن ئۆتىدىغان تاشيول جەنۇبىي شىنجاڭ تەمىنات لىنىيىسىدىكى قاتناشنىڭ جان تومۇرىدۇر.

# II باب

# ئەسكەر تۇرغۇزۇش

## § 1 . مىنگودىن ئىلگىرىكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەيچۇ 4 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 101 - يىلى) دىن باشلاپ، غەربىي خەن ھۆكۈمىتى چۇرى (ھازىرقى كورلا تەۋەسىدە) ۋە بۇگۇر ۋادىسىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوزيەر ئاچقۇزغان ھەم ئۇ يەرنى يالۋاش چېرىكچى قويۇپ قوغدىغان. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) ھونلارنىڭ باتىسخانى خەن سۇلالىسىگە

بەيئەت قىلىنغان. غەربىي خەن ھۆكۈمىتى ئۈرلى (بۈگۈرنىڭ شەرقىدىكى ئەشمە دېگەن جاي) دا غەربىي يۇرتنى باشقۇرغۇچى مەمۇرىي ئورگان غەربىي يۇرت قوروقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان، جىلىڭ جىنى قوروقچىبەگ قىلىپ تەيىنلەنگەن، غەربىي يۇرت قوروقچىبەگ مەھكىمىسى ئەينى چاغدىكى پىشامشان دۆلىتىدە (بۈگۈنكى چاقىلىقتا) خىل چېرىكتىن 2910نى تۇرغۇزغان، بۇلار «قوروقچىبەگ مەھكىمىسى»نىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. مىرەندە 40 نەپەر بوزيەر ئاچقۇچى چېرىك ۋە بىر ئەمىر لەشكەر تۇرغۇزۇلغان. بۇ خىللانغان ئەسكەرلەر، ئاساسەن، ھۇنلارنىڭ كىرورانىنى تارتىۋېلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، ئىچكىرى بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان.

ساۋساۋنىڭ ۋېي سۇلالىسى ۋە غەربىي جىن سۇلالىسى مەزگىلىدە، كىروراندا غەربىي يۇرت دورغاب مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان (ئۇ ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە دۇرالغا كۆچۈرۈلۈپ، ھوقۇقى غەربىي يۇرت قوروقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭكىگە ئوخشاش قىلىنغان).

سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە پىشامشاندا (ھازىرقى چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ يېنىدا) غەربىي يۇرت چېرىكچى بېگى تەسىس قىلىنغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 12 - يىلى (1886 - يىلى) ئاقسۇ بازىرىدىكى قوشۇنغا قاراشلىق چارلاش - مۇداپىئە يېڭىنىڭ بىر قىسىم چېرىكلىرى يەنى 11 ئادەم چاقىلىقتا تۇرغان. بۇنىڭ بىرى باشلىق ئىدى، گۇاڭشۈ 30 - يىلى (1904 - يىلى) ئاقسۇ بازىرىدىكى قوشۇنغا قاراشلىق چارلاش - مۇداپىئە يېڭى پىيادە ئەسكەرلەر ئەتىرىتىنىڭ بىر يېڭى، 12 چارلاش - مۇداپىئە ئەسكىرى چاقىلىقتا تۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە بىر باشلىق، 9 ئەسكەر، بىر ئات باقار ۋە بىر ئاشپەز بار ئىدى.

## 2 §. مىنگو دەۋرىدىكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى

### 1. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى

مىنگونىڭ تۇنجى يىلى (1912 - يىل) 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا تۇتۇقبەگ بولدى. چاقىلىقتا يەنىلا بىر چارلاش - مۇداپىئە قىسمى ئايلىنىپ تۇرۇش تۈزۈمى ساقلاپ قېلىندى. بۇلار ئاقسۇ بازىرىدىكى قىسىمغا قارايتتى. چياچياڭ (ھازىرقى چەرچەن تەۋەسى) دا 2 يىڭ ئاتلىق قىسىم تۇرغۇزۇلدى، ئۇنىڭ بىر قىسمى چاقىلىق ۋە مىرەندە تۇردى.

مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى زۇۋېيشىننىڭ ئاتلىق قىسمى چاقىلىققا كېلىپ مۇداپىئەدە تۇردى، بۇ ئاتلىق قىسىم بىر لىيەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تۈركىيە ۋە گېرمانىيە جاسۇسلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىدى.

### 2. شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قارا شەھەردە تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈنى ناھىيە تەۋەسىدىكى يېڭىسۇدا خەۋەر - ئالاقە يەتكۈزۈش بېكىتى قۇردى. شۇ يىلى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى قورۇقلۇق قىسمىنىڭ مۇستەقىل پىيادە ئەسكەرلەر 6 - يېڭى چاقىلىققا كېلىپ مۇداپىئەدە تۇردى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى قورۇقلۇق قىسمىنىڭ يېڭى قۇرۇلغان ئاتلىق ئەسكەرلەر 6 - شىسى 6 - تۇەننىڭ 9- لىيەنى چاقىلىققا كېلىپ مۇداپىئەدە تۇردى، لىيەن بويىچە جەمئىي 199 ئوفىتسېر - ئەسكەر، 210 ئات بار ئىدى.

### 3. گومىنداڭنىڭ ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) گومىنداڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى 42 - جۈننىڭ 128 - شىسى قارا شەھەردە مۇداپىئەدە تۇردى. بۇ قوشۇننىڭ 382 - تۇەنىنىڭ 3 - يىڭى چاقىلىقتا مۇداپىئەدە تۇردى ھەمدە چاقىلىق گارنىزونى قۇرۇلدى. يىڭنىڭ يىڭجاڭى يەن جىنچى گارنىزون قوماندانى بولدى.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) گومىنداڭ بىرلەشمە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش باش شتابىنىڭ شىنجاڭدىكى تەمىنات ئىدارىسىنىڭ 122 - شۆبە تەمىنات پونكىتى چاقىلىققا ئورۇنلاشتى. بۇ پونكىتتىكى ئوفىتسېر - ئەسكەر جەمئىي 26 كىشى بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى، ھەربىي ئىشلارغا ئېھتىياجلىق مالىيە بىلەن تەمىنلەش ئىدى.

## § 3. ناھىيەدە تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى

### 1. 2 - جۈن 6 - شىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، گومىنداڭ غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي باش ئەمەلدار مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش ئەمەلدارى قوشۇمچە شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال تاۋ سىيۈ ئومۇمىي تېلېگرامما يوللاپ، قوشۇنلىرىنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتىپ، خەلققە باش ئەگدى. شۇندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - دالا ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەنىنىڭ قوماندانى ۋاڭ جېن بۇيرۇققا بىنائەن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، 2 -جۈن 6 - شىسىنى قارا شەھەر رايونىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بۇيرىدى. قىسىم جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يولغا بۆلۈنۈپ، گەنسۇنىڭ جيۇچۇەن دېگەن يېرىدىن يولغا چىقتى. 6 - شىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى جەنۇبىي يول بىلەن دۇڭخۇاڭ ئارقىلىق چۆل - جەزىرىلەرنى كېسىپ ئۆتۈپ، 48 كۈندە 1000 چاقىرىملاپ يول يۈرۈپ، مۇداپىئەدە تۇرىدىغان قارارگاھ - چاقىلىققا غەلىبىلىك يېتىپ كەلدى. 6 - شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى ليۇ كېمىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭلىقىنى ۋە چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. پۈتۈن تۇەننىڭ شتاتىدا 768 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 348 كادىر، 322 جەڭچى، 98 خىزمەتچى بار ئىدى. ئۇنىڭغا شتاتقا كىرگۈزۈلمىگەن 30 كىشىنى قوشقاندا جەمئىي 798 كىشى بولدى. ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئاممىغا ياردەملىشىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھاكىمىيەت قۇرۇش، باندىتلارنى يوقىتىپ خەلقنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئىدى.

1954 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى 30 ئادەم ئاجرىتىپ، يەرلىكنىڭ خەلق ھاكىمىيىتى ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشقا ياردەملەشتى. كېيىن، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى تەرتىپكە سېلىنىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى 1 - ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنىگە ئۆزگەرتىلدى. يىڭ شتاتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق 12 لىيەندۈي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1969 - يىلى بۇ تۇەن قۇرۇلۇش قىسىملىرى «905» چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، چاقىلىقتىن يۆتكەپ كېتىلدى.

## 2. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبە ھەربىي رايونى مۇستەقىل يىگىنىنىڭ 1 - شۆبە ئەترىتى

1980 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق شۆبە ھەربىي رايونى مۇستەقىل يىگىنىنىڭ 1 - شۆبە ئەترىتى تەرتىپكە سېلىنىپ قوراللىق ساقچى قىسىملىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، چاقىلىقتىن چېكىنىپ چىقتى.

# III باب

# ھەربىي ئاپپاراتلار

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىقتا مەخسۇس ھەربىي ئاپپارات يوق ئىدى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى قۇرۇلدى.

## 1. ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 7 - ئايدا ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا قوراللىق بۆلۈم تەسىس قىلىنىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. 1953 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم قوراللىق بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1960 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلدى. چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ھەم جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ چاقىلىقتا تەسىس قىلغان ھەربىي ئاپپاراتى، ھەم چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ھەربىي خىزمەت تارمىقى بولۇپ، ئۇ، ئاساسەن، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ۋە خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن ناھىيىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، قاماقتىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىدىغان جىنايەتچىلەرگە قاراش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. 1966 - يىل 7 - ئايدا، ناھىيىلىك ج خ ئوتتۇرا ئەترىتى ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەتكە ئۆزگەرتىلىپ، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ تەكشىلىي تۈزۈلۈش جەھەتتىكى رەھبەرلىكىگە قارايدىغان بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، 1967 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى بۇيرۇق بويىچە «ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي» خىزمىتىنى ئىشلىدى. قوراللىق بۆلۈم ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلدى. 1969 - يىل 10 - ئايدا، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، قوراللىق بۆلۈم ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1976 - يىلى ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمى تەشكىلىي تۈزۈلۈش جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىدىغان ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەت ج خ تارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1986 - يىل 8 -

ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى يەرلىك تەشكىلىي تۈزۈلۈشكە ئۆزگەرتىلىپ، مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك ئاپپارات قىلىندى.

## 2. يېزىلىق، رايونلۇق، بازارلىق خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى

1960 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ھەر قايسى گۇڭشېلاردا مەخسۇس قوراللىق ئىشلار كادىرى قويۇشنى قارار قىلدى. 1984 ـ يىل 10 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىدىكى 3 يېزا، بىر رايون، بىر بازاردا خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇردى ھەم يېزىلىق، رايونلۇق، بازارلىق خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىگە 5 بۆلۈم باشلىقى تەيىنلىدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئاساسىي قاتلام خەلق قوراللىق بۆلۈمى 5كە، مەخسۇس قوراللىق بۆلۈم كادىرى 9 غا يەتتى.

**چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرى ۋە سىياسىي كومىسسارلىرى**

جەدۋەل: 6 — 1

| ئىسىم ـ فامىلىسى | ۋەزىپىسى | مىللىتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|
| ليۇ جېنجياڭ | بۆلۈم باشلىقى | خەنزۇ | 1965.3 — 1961.4 | |
| تيەن فېڭشى | بۆلۈم باشلىقى | خەنزۇ | 1968.2 — 1965.12 | |
| جاۋ مىڭلياڭ | بۆلۈم باشلىقى | خەنزۇ | 1981.2 — 1968.2 | |
| جياڭ خۇاڭشېڭ | بۆلۈم باشلىقى | خەنزۇ | 1983.5 — 1981.5 | |
| ۋاڭ كې | بۆلۈم باشلىقى | شىبە | 1985.10 — 1983.8 | |
| ئەخمەت بارات | بۆلۈم باشلىقى | ئۇيغۇر | — 1986.6 | |
| پېڭ زوچىڭ | سىياسىي كومىسسار | خەنزۇ | 1964.4 — 1961.1 | ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى قوشۇمچە ئىشلىگەن |
| جاۋ ۋېيدې | سىياسىي كومىسسار | خەنزۇ | — 1966.6 | |
| جاڭ شياۋيۈەن | سىياسىي كومىسسار | خەنزۇ | 1981.2 — 1978.11 | |
| گاۋ لەنتىڭ | 1 ـ سىياسىي كومىسسار | خەنزۇ | 1985.12 — 1980.5 | ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى قوشۇمچە ئىشلىگەن |
| ليۇ خېلۇڭ | سىياسىي كومىسسار | خەنزۇ | 1986.6 — 1983.3 | |
| سۇن يۈنشۈەن | 1 ـ سىياسىي كومىسسار | خەنزۇ | — 1986.11 | ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى قوشۇمچە ئىشلىگەن |
| شى جېنيولڭ | سىياسىي كومىسسار | خەنزۇ | — 1986.6 | |

# IV باب

# ھەربىي خىزمەت ئۆتەش

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئاپپاراتى يوق ئىدى. چاقىرىق بويىچە ئەسكەر قوبۇل قىلىنىپمۇ باقمىغاندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەربىي خىزمەت

ئۆتەش قانۇنى يولغا قويۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقى بەس - بەستە ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، چېگرا رايوننى قوغدايدىغان بولدى.

## 1 § . ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى

1955 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئېلىمىز تۇنجى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنىنى ئېلان قىلىپ، ئىختىيارىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمىنى مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى. چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ نوپۇسى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ھەر مىللەت خەلقى ئۆز مەجبۇرىيىتىنى پائال ئادا قىلىپ، ئۆزىنى ئەسكەرلىككە بەس - بەستە تىزىملاتتى. 1965 - يىلدىن باشلاپ، ھەر يىلى دېگۈدەك مەلۇم ساندىكى يېشى لايىق كېلىدىغان ياشلار چاقىرىق بويىچە ھەربىي سەپكە قاتناشتى. ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى مەسئۇل بولدى، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئىدارىسى قۇرۇلمىدى.

1984 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئېلىمىز يېڭى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنىنى ئېلان قىلىپ، مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئاساس قىلىنغان، مەجبۇرىي ھەربىي بولۇش بىلەن ئىختىيارىي ھەربىي بولۇش بىرلەشتۈرۈلگەن، خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن زاپاس ھەربىي خىزمەت ئۆتەش بىرلەشتۈرۈلگەن ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ھەربىي خىزمەت ئۆتەش پۇقرالارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكى تەكىتلەندى. شۇنىڭدەك ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەرگە ئېتىبار بېرىش ۋە ھەربىي سەپتىن قايتقانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە مۇۋاپىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ئەسكەرلەردىن ئائىلىسى يېزىدا بولغانلىرىغا يەرلىك ئاممىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىگە باراۋەر كېلىدىغان دەرىجىدە ئېتىبار بەردى. ھەمدە 1986 - يىلى شەھەر - بازارلاردىكى ئىش كۆتۈپ تۇرغان ياشلار ھەربىي سەپكە قاتناشسىمۇ مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى قايتا قارار قىلدى (ھەر ئايلىقى 30 يۈەندىن كەم بولمىدى)، شۇنىڭ بىلەن ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقانلار غەمدىن خالاس بولۇپ، خاتىرجەم ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بولدى.

## 2 § . ئەسكەر قوبۇل قىلىش ۋە ھەربىي سەپتىن قايتىش

### 1. ئەسكەر قوبۇل قىلىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە دۆلەت چاقىلىقتىن ئەسكەر قوبۇل قىلمىدى. 1955 - يىلى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كورلا ۋىلايىتىدە ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتى باشلاندى. چاقىلىق ۋىلايەتكە يىراق، نوپۇسى ئاز بولغاچقا، بۇ ناھىيىدە 1965 - يىلغا كەلگەندە ئاندىن ئەسكەر قوبۇل قىلىش باشلاندى، كۆپىنچە مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەيدىغان ئەسكەر قوبۇل قىلىندى. ئىلگىرىكى يىللىرى ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن، قوبۇل قىلىنغانلارنى

قىسىم ئادەم ئەۋەتىپ ئېلىپ كەتكەنىدى. يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، 1984 ـ يىلدىن باشلاپ، يېڭى ئەسكەرلەرنى قىسىم ئادەم ئەۋەتىپ ئېلىپ كېتىش يەرلىك ئاپىرىپ قويۇشقا ئۆزگەرتىلدى. چاقىلىق ناھىيىسىدە ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتى ناھايىتى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئەسكەرلەرنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولدى. شۇڭا ئۆتكەن يىللاردا ئەسكەرلەرنى قايتۇرۇۋېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمىدى. ھەر يىلى يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلغاندا ھۆكۈمەتمۇ، قىسىممۇ، ئاممىمۇ رازى بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. چاقىلىق ناھىيىسىدە ئەسكەر قوبۇل قىلىش باشلانغاندىن تارتىپ 1985 ـ يىلغىچە ھەر يىلى ئەڭ كۆپ بولغاندا 15 كىشى، ئاز دېگەندە 6 كىشى قوبۇل قىلىندى.

## 2. ھەربىي سەپتىن قايتىش

1955 ـ يىلى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ھەربىي سەپتىن قايتىش تۈزۈمى تەدرىجىي يولغا قويۇلدى. 1957 ـ يىلدىن ئىلگىرى، ھەربىي سەپتىن قايتىپ چاقىلىق ناھىيىسىگە كەلگەنلەر، ئاساسەن، ئىختىيارىي ئەسكەرلەر بولۇپ، كۆپ قىسمى سابىق 2 ـ جۈن 6 ـ شى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەندىن بوشانغان ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلار يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇش، چاقىلىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق باھارىنى چاقىلىق ناھىيىسىگە ئاتىدى. ئۇلار خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، چېكرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداشتا غايەت زور رول ئوينىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دەم ئېلىشتا، پېنسىيىگە چىقتى ياكى 2 ـ سەپكە چېكىندى. بىر قىسمى ئاپتونوم رايون، ئوبلاست ۋە باشقا تارماقلاردا ئىشلەشكە يۆتكەلدى. 1957 ـ يىلدىن كېيىن ھەربىي سەپتىن بوشىنىپ ۋە ھەربىي سەپتىن قايتىپ چاقىلىققا كەلگەن ھەربىيلەر ئاساسەن، مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەنلەر بولۇپ، ئۇلار ھەربىي سەپتىن بوشىنىپ ۋە ھەربىي سەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى خىزمەت ئېھتىياجىغا قاراپ، ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. چاقىلىق ناھىيىسىدە ھەربىي سەپتىن بوشانغان ۋە ھەربىي سەپتىن قايتقانلار بازار ـ يېزىلارغا، ھەر قايسى ساھە ۋە كەسىپلەرگە تارقالغان بولۇپ، ئۇلار خىزمەت ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى، شۇنداقلا ئۇلار خەلق ئەسكەرلىرى ۋە زاپاس ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلارنىڭ تايانچلىرىدىن بولۇپ قالدى.

**چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 1976 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 6 — 2

| يىللار | جەمئىي | خەنزۇ | | ئاز سانلىق مىللەت | | بۇنىڭ ئىچىدە | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەر | ئاپال | ئەر | ئاپال | بازاردىكىسى | يېزىدىكىسى |
| 1976 | 10 | | | 10 | | 4 | 6 |
| 1977 | 15 | 5 | | 10 | | 6 | 9 |
| 1978 | 13 | 5 | | 8 | | 4 | 9 |
| 1979 | 14 | 6 | 2 | 6 | | 8 | 6 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 10 | 5 | | 5 | | 2 | 8 |
| 1981 | 13 | 8 | | 5 | | 4 | 9 |
| 1982 | 10 | 5 | | 5 | | | 10 |
| 1983 | 12 | 7 | | 5 | | 1 | 11 |
| 1984 | 11 | 5 | 1 | 5 | | 9 | 2 |
| 1985 | 10 | 3 | | 7 | | 3 | 7 |
| جەمئىي | 118 | 49 | 3 | 66 | | 41 | 77 |

### چاقىلىق ناھىيىسىدە بىر قانچە يىلدا ھەربىي سەپتىن بوشانغان ۋە قايتقان ھەربىيلەرنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 6 — 3

| يىللار | جەمئىي | خەنزۇ | | ئاز سانلىق مىللەت | | بۇنىڭ ئىچىدە | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | بازاردىكىسى | يېزىدىكىسى |
| 1969 | 3 | | | 3 | | 1 | 2 |
| 1973 | 6 | 3 | | 3 | | 2 | 4 |
| 1974 | 3 | | | 3 | | 1 | 2 |
| 1975 | 4 | | | 4 | | 3 | 1 |
| 1976 | 3 | 1 | | 2 | | 2 | 1 |
| 1977 | 8 | 2 | | 6 | | 1 | 7 |
| 1978 | 6 | 1 | | 5 | | 4 | 2 |
| 1979 | 6 | 5 | | 1 | | 5 | 1 |
| 1980 | 16 | 4 | | 12 | | 7 | 9 |
| 1981 | 18 | 9 | | 9 | | 8 | 10 |
| 1982 | 6 | 1 | | 5 | | 3 | 3 |
| 1983 | 9 | 6 | | 3 | | 3 | 6 |
| 1984 | 19 | 11 | 2 | 6 | | 5 | 14 |
| جەمئىي | 107 | 43 | 2 | 62 | | 45 | 62 |

# V باب

# خەلق ئەسكىرى

## 1 § . خەلق ئەسكىرى تەشكىلاتى

چاقىلىق ناھىيىسىدە ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە خەلق ئەسكىرى تەشكىلاتى قۇرۇلۇشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئاتلىق ئەسكەرلەر توْەنگە ماسلىشىپ،

قالدۇق بانditلارنى تازىلاپ، يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتىنى قوغداش، يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. 1950 ـ يىلى، ناھىيە بويىچە ھەر قايسى رايونلاردا خەلق ئەسكىرى شۆبە ئەترەتلىرى قۇرۇلدى. 1 ـ رايوندىكى خەلق ئەسكەرلىرى شۆبە ئەترىتىدە 13 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ 3 ى كادىر، 10 ى ئەترەت ئەزاسى؛ 2 ـ رايون خەلق ئەسكەرلىرى شۆبە ئەترىتىدە 22 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ 3 ى كادىر، 19 ى ئەترەت ئەزاسى؛ ۋاششەرى خەلق ئەسكەرلىرى شۆبە ئەترىتىدە 25 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ 5 ى كادىر، 20 سى ئەترەت ئەزاسى؛ مىرەن خەلق ئەسكەرلىرى شۆبە ئەترىتىدە 18 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ بىرى كادىر، 17 سى ئەترەت ئەزاسى ئىدى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 78 خەلق ئەسكىرى، 15 يەرلىك مىلتىق بار ئىدى.

1958 ـ يىلى، پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا يېزا خەلق گوڭشېلىرىدا خەلق ئەسكىرى تەشكىلىي شەكلى بويىچە ئومۇمىي خەلق ئەسكەر بولۇشنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا يولداش ماۋزېدۇڭ خەلق ئەسكىرى ئىشلىرىنى كۆپلەپ قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. چاقىلىق ناھىيىسىدە خەلق ئەسكىرى تەشكىلاتى پەيدىنپەي زورىيىپ، 1965 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە جەمئىي خەلق ئەسكەرلىرى 10 لىيەن، 40 پەي، 1237 كىشىگە، بۇنىڭ ئىچىدە تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى 431 كىشىگە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشىغا ئېغىر دەرىجىدە كاشىلا ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئاتالمىش شاڭخەينىڭ «يېڭى تەجرىبىسى»نىڭ تەسىرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە خەلق ئەسكىرى قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، خەلق ئەسكىرى شۆبە ئەترەتلىرى تەشكىل قىلىندى، ئۇلار پارتىيە رەھبەرلىكىدىن ئايرىلغاچقا، پارتىيە قوراللىق كۈچلەرنى باشقۇرالمايدىغان، خەلق ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ مەزگىلدە خەلق ئەسكىرى تەشكىلاتى تېز تەرەققىي قىلدى.

1976 ـ يىلى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق ئەسكىرى قوماندانلىق شتابى ۋە شۆبە ئەترەتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى توغرا ئىزغا چۈشۈرۈلدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەلدى، بۇ بۇرۇلۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، خەلق ئەسكىرى تەشكىلاتى مۇۋاپىق تەرتىپكە سېلىندى؛ بىرىنچى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ يېشى بۇرۇنقى 16 ياشتىن 45 ياشقىچە بولۇش، 18 ياشتىن 35 ياشقىچە بولۇشقا؛ تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ يېشى 18 ياشتىن 28 ياشقىچە بولۇشقا ئۆزگەرتىلدى؛ ئىككىنچى، خەلق ئەسكىرى تەشكىلاتىنىڭ قاتلاملىرى ئاددىيلاشتۇرۇلدى، خەلق ئەسكىرى يېڭلىرى ۋە ئارىلاشما پەيلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خەلق ئەسكەرلىرى ئادەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرى ۋە تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىدىن ئىبارەت 2 خىلغا ئايرىلدى. تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ناھىيىدىكى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئازايدى.

1985 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە خەلق ئەسكىرى تەشكىلاتلىرى يەنە تەرتىپكە سېلىنىپ، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئازايتىلىپ، ئۇلارنىڭ سۈپىتى ئۈستۈرۈلدى. خەلق ئەسكەرلىرى پارتىزان ئەترەتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ھەربىي ئىشلار ۋە سىياسىي جەھەتتە مەلۇم ساپاسى بار، ياش ھەم قاۋۇل خەلق ئەسكىرى كادىرلىرى سەپلەندى.

چاقىلىق ناھىيىسىدىكى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال ـ ياراقلىرىغا كەلسەك، دەسلەپتە

«7062» تىپلىق مىلتىقلا بار ئىدى. 70 - يىللاردىن كېيىن، يۇقىرىدىن يېڭى قوراللار سەپلەپ بېرىلدى.

## § 2 . مۇھىم پائالىيەتلەر

### 1 . كۆزلۈك يىغىمنى قوغداش

چاقىلىق ناھىيىسى تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، تاغ رايونىنى بېسىپ ياتقان باندىتلار پات - پات تاغدىن چۈشۈپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ تۇردى. 1950 - يىل 10 - ئايدا، كۆزلۈك يىغىمنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە ھەر قايسى رايونلاردا ئامانلىقنى ساقلاش گۇرۇپپىلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى كۆزلۈك يىغىمنى قوغداشقا مەسئۇل قىلىندى، ئۇلار ئاساسەن، باندىتلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، سەييارە پوست قىلغۇچىلارنى تاغ ئېغىزلىرى ۋە ئاساسلىق ئۆتكەللەردىكى مۇھىم يوللارغا ئەۋەتىپ، باندىتلار ئەھۋالىنى رازۋېد قىلىپ، قىسىمنىڭ ۋە ساقچىخانىنىڭ خىزمەتلىرىگە ماسلاشتى. تەشكىللەش پۇختا، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، كۆزلۈك يىغىمنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

### 2 . باندىت يوقىتىش، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش

1950 - يىل 12 - ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - جۈن 6 - شىنىڭ چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى بۇيرۇققا بىنائەن چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تاغ رايونىدىكى باندىتلارنى يوقىتىشقا ئاتلاندى. چاقىلىق ناھىيىسىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاممىنى قىسىمغا يول باشلاشقا ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئاشلىق ۋە ئوت - چۆپ يەتكۈزۈپ بېرىپ، يەم - بوغۇز تەييارلاپ، يارىدارلارنى قۇتقۇزۇپ، باندىت يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

### 3 . خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيى

1964 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

1974 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىدە خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ناھىيىلىك پارتكوم رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىنغا ھەر قايسى گۇڭشېلارنىڭ شۇجىلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر كادىرلىرى، چوڭ ئەترەت شۇجىلىرى ياكى چوڭ ئەترەت باشلىقلىرى، خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭلىرى ۋە سىياسىي يېتەكچىلىرى، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ھەر قايسى بۆلۈملىرىنىڭ مەسئۇللىرى شۇنداقلا ناھىيىدىكى ھەر قايسى ئورۇننىڭ شۇجىلىرى قاتناشتى. يىغىن ناھىيە بويىچە 2 - قېتىملىق خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيىنى ئېچىشنى قارار قىلدى.

1975 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىدە 2 - قېتىملىق خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 81 ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ۋەكىل 11، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ۋەكىل 68. يىغىننىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق

ئارمىيىسى باش سەنمۇبۇسى ئاچقان خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەش — تەربىيىلەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇش، ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاش بولدى.

## 3 § . خەلق ئەسكەرلىرى مەشىقى

چاقىلىق ناھىيىسى باش سەنمۇبۇ تۈزگەن خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي مەشىقى پروگراممىسىغا ئاساسەن، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، يولغا قويۇشقا بولىدىغان مەشىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، بىر تۈركۈمنى مەشىق قىلدۇرۇپ، بىر تۈركۈمنى لاياقەتلىك قىلىپ، شۇ بىر تۈركۈمنى تىزىمغا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق ئەسكەرلىرى مەشىقى خىزمىتىنى مۇنتىزىملاشتۇردى ۋە تۈزۈملەشتۈردى. مەشىققە قاتناشقان خەلق ئەسكەرلىرى ئادەتتە 25 ياشتىن تۆۋەن بولدى، لېكىن، پەي كادىرلىرى نۆۋەتلىك مەشىق قىلدۇرۇلدى.

1971 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە ئىدارىلەردىكى خەلق ئەسكەرلىرى تۇنجى قېتىم دالا مەشىقى ئېلىپ باردى، بۇنىڭغا 49 خەلق ئەسكىرى قاتناشتى. ئۇلار بىر لېگىن قىلىپ تۈزۈلدى. مەشىق 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 15ـ كۈنىگىچە 14 كۈن ئېلىپ بېرىلىپ، 360 چاقىرىم مۇساپە بېسىلدى.

1984 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسى خەلق ئەسكەرلىرىنى قەرەللىك مەشىق قىلدۇرۇشنى يىللىق مەشىق قىلدۇرۇشقا ئۆزگەرتتى. مەشىق ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرىنى يىغىپ مەشىق قىلدۇرۇپ، مەشىق بازىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. مەشىق جەريانىدا خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مەشىققە قاتناشقان ۋاقىتتىكى ئىش ھەققىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، مەشىققە قاتناشقان خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە مەشىقتە لاياقەتلىك بولغان تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى زاپاس قوشۇنغا كىرگۈزۈلدى.

خەلق ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، چاقىلىق ناھىيىسى 1984ـ يىلى يەنە بىر مەشىق بازىسى قۇردى.

## قوشۇمچە: مىنتۇەن، قوغدىنىش ئەترىتى

### 1. مىنگو ۋاقتىدىكى مىنتۇەن

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىلا چاقىلىقتا يەرلىك قوراللىق كۈچلەر بار ئىدى. مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1915 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قورغاس پىكىتىنىڭ مەسلىھەتچى جاڭجۇنى

تولۇق مىڭسەيىنىڭ قىسىملىرى بۇيرۇقىغا بىنائەن چاقىلىقتىكى ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان چاغدا چاقىلىق ناھىيىسىدىكى مىنتۇەن (ئەكسىيەتچى يەرلىك قوراللىق كۈچ) دىن پايدىلىنىپ گېلاۋخۇيچىلارنى باستۇرغان. مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، زو ۋېيشىبىن ئاتلىقلار ئەترىتىنى باشلاپ چاقىلىقتا گېرمانىيە جاسۇسلىرىدىن مۇداپىئە كۆرگەندە مىنتۇەننىڭ 363 ئادىمىنى ئىشقا سالغان.

## 2. ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كېلىپ ئورۇنلىشىشتىن بۇرۇنقى قوغدىنىش ئەترىتى

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى چاقىلىققا تېخى يېتىپ كەلمىگەندە، يەرلىكتىكى ئاز سانلىق تەلۋە - لۈكچەكلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قالايمىقانلاشتۇردى. جەنۇبىي تاغدىكى باندىتلارمۇ دائىم تاغدىن چىقىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى. ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى كۈچى چەكلىك بولغانلىقتىن، چاقىلىق ۋە مىرەندىكى ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بۇ 2 ئورۇندا خەلقنىڭ ۋاقىتلىق قوغدىنىش ئەترىتىدىن 2نى قۇردى. ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ئۇلارنى ئوق - دورا بىلەن قوراللاندۇردى. 1950 - يىل1 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى چاقىلىق ناھىيىسىگە كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، قوغدىنىش ئەترىتى تارقىتىۋېتىلدى.

# VI باب

# باندىت تازىلاش

## § 1. ئازادلىقتىنىڭ دەسلەپىدە چاقىلىقنىڭ جەنۇبىي تاغ رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان باندىت تازىلاش

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئوسمان، يولۋاس، جانىمقان، قالىبېك باشچىلىقىدىكى بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلەر ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سابىق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكىنناننىڭ قۇترىتىشى بىلەن قۇمۇل ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم جايلاردا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈردى. توپىلاڭ تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، قالىبېك قاتارلىق توپىلاڭچى باندىتلار باندىت تازىلاش قىسىملىرىمىزنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا 350 قالدۇق ئەسكىرىنى باشلاپ (47 كىگىز ئۆي، 57 مىلتىق، بىر ئاپتومات، بىر پىلىمۇت، 5 قىسقا قورال بىلەن) 1949 - يىل 11 - ئايدا ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن رايونىدىن خوشۇت ۋە لوپنۇرنىڭ شەرقىي تاغ رايونى ئارقىلىق جەنۇبقا قېچىپ، 1950- يىل 3 - ئايدا چاقىلىقنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تۇمۇرلۇك تېغى رايونىغا كىردى. شۇ يىلى 4-

ئايدا، ئۇلار بۇ رايوننى ئۇزاق مۇددەت بېسىپ ياتقان قوشايىن باندىتلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، مىرەندە چاقىلىق ناھىيىسىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان ئازادلىق ئارمىيە 2 - جۇنى 6 - شىنىڭ ئارقىدىن كېلىۋاتقان قىسىملىرىغا ئوغرىلىقچە ھۇجۇم قىلىپ، 2 پەيجاڭ، 4 جەڭچىنى ئۆلتۈردى ھەمدە ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنىنىڭ بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگىنىدىكى 2 يولداشنى تۇتۇپ كېتىپ ۋەھشىيانە ھالدا ئوتقا قاقلاپ ئۆلتۈردى. شۇ يىلى 8 - ئايدىن 9 - ئايغىچە، باندىتلار يالغاندىن ئەل بولغان بولۇۋېلىپ، چاقىلىق، چەرچەندىكى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن 13 كىشىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتتى ھەمدە 1951 - يىلى ئەتىيازدا كوئېنلۇن تېغىدىكى قار ئېرىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىزاڭغا قېچىپ كېتىش قەستىدە بولدى.

1950 - يىل 12 - ئايدا قارا شەھەر شۆبە ھەربىي رايونى بۇيرۇققا بىنائەن باندىت تازىلاشقا ئاتلاندى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - جۇن 6 - شىسى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنىنىڭ بىر پىيادە ئەسكەرلەر يىڭىنى، بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭىنى ۋە تۇەنگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگاندىن 179 كىشىنى ئاجرىتىپ، ئۇلارغا 7 جەڭ ماشىنىسى، بىر تاغ زەمبىرىكى سەپلەپ بېرىپ ھەمدە 16- تۇەندىن 36 ئادەمنى، شى شىتابى رازۋېدكا پەيدىن 27 ئادەمنى ۋە 27 - شىنىڭ تۆگىچىلەر ئەترىتىدىن 98 ئادەمنى (321 تۆگە بار)، ئاپتوموبىل ئەترىتىدىن 286 ئادەمنى (127 ئاپتوموبىل بار) قوشۇپ، باندىت تازىلىغۇچى قىسىم تەشكىللىدى (ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى 1156 كىشى بولدى). ئۇلار 6 - شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى قوشۇمچە ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى لىيۇ كېمىڭنىڭ باشچىلىقىدا تۇمۇرلۇككە قالبەك باندىتلىرىنى يوقىتىشقا يۈرۈش قىلدى ھەم چىڭخەي، گەنسۇدىكى باندىت تازىلىغۇچى قىسىمغا ماسلىشىپ، تاجىنۇردا قوشايىن باندىتلىرىنى يوقاتماقچى بولدى.

## 1. تۇمۇرلۇكنى ئىشغال قىلىپ، قالبېك باندىتلىرىنى يوقىتىش

1951 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنىنىڭ باندىت تازىلاش قىسمى بۇيرۇققا بىنائەن چاقىلىقتىن شەرققە قاراپ يول ئېلىپ، تۇمۇرلۇكنى بېسىپ ياتقان قالبېك باندىتلىرىنى يوقىتىشقا ئاتلاندى. قىسىم بۆلۈنۈپ ئىلگىرىلەپ، 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى باشقۇرغانغا تولۇق يىغىلىپ بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ - سول 2 يولغا بۆلۈنۈپ، تۇمۇرلۇكنىڭ شىمالىدىكى باتۇربۇلاق، تاشلىققا قاراپ ئىلگىرىلىدى. پىيادىلەر بىلەن ئاتلىقلار ئۆز ئارا ماسلىشىپ، بۆلۈنۈپ ئىلگىرىلەپ، بىرلىشىپ زەربە بەردى، جاپالىق ھەربىي يۈرۈشلەردىن كېيىن ئوڭ - سول 2 يولدىكى قىسىملار 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۇمۇرلۇكتە ئۇچراشتى.

باندىت تازىلاش قىسىملىرى تۇمۇرلۇكنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قالبېك بىر تەرەپتىن، يالغان تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، يارسۇدا ئالدىراپ - تېنەپ قالدۇق باندىتلارنى ۋە ئۆزى بىللە يۈرگەن قازاق چارۋىچىلارنى يىغىپ جەنۇبقا تىكىۋەتمەكچى بولدى. 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۇلار قۇمسۇدىن ئاتئاتقان تەرەپكە قاراپ قاچتى. شۇ كۈنى، باندىت تازىلىغۇچى قىسىملىرىمىزنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ھۇجۇمى ئاستىدا، قۇمسۇدا ئۇلاردىن 11 ئائىلە، 50 كىشى تەسلىم بولدى.

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى باندىت تازىلىغۇچى قىسىملار تۇمۇرلۇكتىن يولغا چىقىپ، ئىشەكپاتتى، قارادۆڭلەرگە قاراپ ئاتلاندى، 25 - كۈنى قارادۆڭنى ئىشغال قىلدى. باندىت تازىلىغۇچى قىسىملارنىڭ ئىزمۇ ئىز قوغلاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، قالبېك باندىتلىرى توختاشقىمۇ پېتىنالماي جېنىنىڭ بېرىچە جەنۇبقا قاراپ قاچتى. باندىت تازىلىغۇچى قىسىملار قارا

دۆڭدە دەم ئالغاچ بۇيرۇق كۈتتى. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈرلۈكنى ئىشغال قىلىپ قالبەك باندىتلىرىنى يوقىتىش جېڭى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى.

## 2. گەنسۇ، چىڭخەيدىكى باندىت تازىلىغۇچى قىسىملارغا ماسلىشىپ، تاجىنۇرغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش

باندىت تازىلىغۇچى قىسىملار تۆمۈرلۈكنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، تاجىنۇرنى بېسىپ ياتقان قوسايىن، كەبەن قاتارلىق باندىتلار قاتتىق ساراسىمگە چۈشۈپ، جەنۇبقا قاراپ شىزاڭغا قېچىش كويىدا بولدى. باندىت تازىلىغۇچى قىسىملار بۇيرۇق بويىچە داۋاملىق شەرققە يۈرۈش قىلىپ، چىڭخەي، گەنسۇدىكى باندىت تازىلىغۇچى قىسىملارغا ماسلىشىپ باندىت تازىلاشقا ئاتلاندى.

1951 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۆەنىنىڭ باندىت تازىلىغۇچى قىسمى جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يولغا بۆلۈنۈپ شەرققا قاراپ ئىلگىرىلىدى؛ جەنۇبىي يولدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر قارا دۆڭدىن يولغا چىقىپ، 9 كۈن جاپالىق ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، 10نەچچە داۋاندىن ئېشىپ، 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاراشادنى ئىگىلىدى، شىمالىي يولدىكى پىيادە ئەسكەرلەر 5-كۈنى ماڭيىاغا يېتىپ بېرىپ، 160 چاقىرىملىق قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، 10 - كۈنى ئاراشادقا يېتىپ باردى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي يوللاردىكى ئەسكەرلەر ئاراشادتا بىرلەشتى ھەمدە گەنسۇ - چىڭخەيدىكى باندىت تازىلىغۇچى قىسىملار بىلەن غەلىبىلىك ئۇچراشتى.

بۇ قېتىمقى باندىت تازىلاش ناھايىتى جاپالىق بولدى، جەنۇبىي يولدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە جەڭ ئاتلىرىدىن 20 نەچچىسى سوغۇق ۋە ئاچلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتتى، كوماندىر- جەڭچىلەر ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىپ، قار - شىۋىرغانغا قارىماي شىددەت بىلەن شەرققە ئىلگىرىلىدى. شىمالىي يولدىكى پىيادە ئەسكەرلەر ئاپتوموبىللار قۇمغا پېتىپ قالغاندىن كېيىن پىيادە ئىلگىرىلىدى. قۇملۇقتىن ئۆتۈشتە 2 كۈنگىچە بىر يۇتۇممۇ سۇ ئىچمىدى. بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەر كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جاسارەت بىلەن قاتمۇ قات قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئاخىرى باندىتلارغا بىرلىشىپ زەربە بېرىدىغان جايغا ۋاقتىدا يېتىپ بېرىپ، 8 باندىتنى ئەسىر ئالدى. 15 مىلتىق ئولجا ئالدى. قۇسايىن باندىتلىرىنى تاجىنۇر رايوندىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقاردى.

## 3. مىڭبۇلاققا كىرىش

قالبېك باندىتلىرىنىڭ بىر قىسمى باندىت تازىلىغۇچى قىسىملارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، مىڭبۇلاققا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى. باندىتلارنى پاك - پاكىزە، تازىلاش ئۈچۈن، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۆەنىنىڭ باندىت تازىلىغۇچى قىسمى بىر بۆلۈك قوشۇننى مىڭبۇلاققا ئەۋەتىپ، باندىتلارنى ئاختۇرۇپ يوقىتىشنى قارار قىلدى.

مىڭبۇلاققا كىرىپ ئورۇنلىشىدىغان قىسىملار 1951 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۆەن سەنمۇجاڭى خۇز ۋگىسەينىڭ باشچىلىقىدا ئارالدىن يولغا چىقىپ، 15 - كۈنى مىڭبۇلاققا يېتىپ باردى. بىر ئايغا يېقىن ئاختۇرۇپ تازىلاش ئارقىلىق 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چوقابىيتتا مۇسا، كۆكلاي موللا قاتارلىق باندىتلارنى قورشىۋېلىپ، باندىتلار كاتتىۋېشى موسا ۋە كۆكلاي موللا ئاتا - بالا قاتارلىق 40 نەچچە كىشىنى ئەسىر ئالدى، 6 مىلتىق غەنىمەت ئالدى.

## 4. كۆزۈر تاشتىكى جەڭ

1951 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ رازۋېدكا پەيى 9 - لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى ۋاڭ يوڭمىڭنىڭ باشچىلىقىدا ئارالدىن يولغا چىقىپ، كۆزۈر تاش جىلغىسىدا ئالتۇن كان ئىزدىگەچ باندىتلار ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلدى. ئۇلار جىلغا ئېغىزىغا كەلگەندە جىلغىدا يوشۇرۇنغان ماۋاڭزۇڭ باندىتلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى، رازۋېدكا پەيى كېچىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ ما ۋاڭزۇڭ باندىتلىرىغا ھۇجۇم قىلدى، باندىتلار كاتتىۋېشى ماۋاڭزۇڭ باندىتلارنى باشلاپ ئالدىراپ - تېنەپ قاچتى. كېيىن باندىتلار رازۋېدكا پەيىمىزدە ئاران 19 جەڭچى بارلىقىنى بىلىۋېلىپ، 7 - كۈنى كەچتە رازۋېدكا پەيىمىزنى قورشىۋالدى. بىر كۈن قاتتىق ئېتىشىش ئارقىلىق، باندىتلار چېكىندۈرۈلدى.

بۇ بىر ئۇچۇم جاھىل باندىتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى دەرھال باندىتلارغا قوغلاپ زەربە بەرگۈچى قىسىم تەشكىللىدى، بۇ قىسىم تۈەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى جىن جۈگۇەنىنىڭ قوماندانلىقىدا باندىتلارغا قوغلاپ زەربە بەردى، 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇمبۇلاقتا خېلى كۆپ باندىتلارنى توسىۋالدى. 30 مىنۇت قاتتىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق 13 باندىت يوقىتىلدى. باندىت تازىلىغۇچى قىسىم غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ كۆزۈر تاشقا ھۇجۇم قىلدى، لېكىن باندىتلار جەنۇبقا قېچىپ ئۇزاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆزۈر تاشتىكى جەڭ ئاخىرلاشتى.

## 5. يار سۇدىكى قوغلاپ زەربە بېرىش جېڭى

1951 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قوسايىن، قالبېك، جاناباي قاتارلىق باندىتلار كاتتىۋاشلىرى 150 نەچچە قالدۇق باندىتنى باشلاپ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ ئارال قوي فېرمىسىغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، قوي فېرمىسىدىكى مالچىدىن 10نى ئۆلتۈرۈپ، بىر قىسىم قوي، كالا، ئات ۋە تۆگىنى بۇلاپ، يارسۇ تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

قاچقان باندىتلارنى قەتئىي قوغلاپ يوقىتىش ئۈچۈن، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى دەرھال 1 - يىڭنىڭ مۇئاۋىن يىڭجاڭى ياڭ دېيەنشياڭ، 3 - يىڭنىڭ يىڭجاڭى ماشۇنيۈەننى ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۈچەيتىلگەن بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى ۋە كۈچەيتىلگەن بىر پىيادە ئەسكەرلەر لىيەنىنى باشلاپ قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. يارسۇنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى رايوندا ئۇلار قاچقۇن باندىتلارغا يېتىشىۋالدى. جىددىي جەڭ ئارقىلىق، باندىتلار تارمار بولۇپ قۇمسۇ تەرەپكە قاچتى. باندىت تازىلىغۇچى قىسىم ئىز قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئاتئاتقان جىلغىسىغا بارغاندا قارشىلاشقان باندىتلارنى يەنە بىر قېتىم مەغلۇب قىلىپ، بۇلاپ كېتىلگەن ھەممە چارۋىنى قايتۇرۇۋالدى. باندىتلار شىزاڭ تاغلىق رايونىغا قاراپ قاچتى. ئەينى چاغدا باندىت تازىلىغۇچى قىسىم يېنىك قوراللىنىپ چىققان بولغاچقا، ئېگىز ھەم سوغۇق تاغلىق رايونغا كىرىپ داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئامالسىز قېلىپ، ئىلگىرىلەشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۇلار بۇيرۇق بويىچە ئارالغا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن باندىت تازىلاش تامامەن ئاخىرلاشتى.

1951 - يىلدىكى باندىت تازىلاش ئىنتايىن ناچار مۇھىتتا يەنى كۆز يەتمەس چۆل - جەزىرىدە، ھاۋا سوغۇق، يەر توڭلاپ كەتكەن، قار - بوران چىقىپ تۇرغان شارائىتتا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇرۇش داۋامىدا باندىت تازىلىغۇچى قىسىملىرىمىزدىن 280 ئادەم ئۇششۇپ يارىلاندى، 6 كىشى

تۇغلاپ ئۆلۈپ كەتتى، 5 كىشى ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. 19 كىشى جەڭدە قازا تاپتى. 10 ئاي جاپالىق ئېلىشىش ئارقىلىق قوسايىن، قالىبەك قاتارلىقلارنىڭ باندىت قىسىملىرى ئاساسەن يوقىتىلىپ، تۆمۈرلۈكتىكى باندىتلار پاراكەندىچىلىكى بېسىقتۇرۇلدى.

## § 2 . 1961 - يىلى شىزاڭدىن قېچىپ چىققان توپىلاڭچى باندىتلارنى قورشاپ يوقىتىش

1959 - يىلى شىزاڭدىكى يۇقىرى قاتلام ئەكسىيەتچىلەر ئاشكارە توپىلاڭ كۆتۈردى. توپىلاڭچىلار خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى قىسىملىرىنىڭ زەربىسىدە تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى 1960 - يىل 10 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى رايونغا قېچىپ كېلىپ، مۇشۇ جايدا تايانچ نۇقتا قۇرۇپ، پۇرسەت كەلگەندە قايتا باش كۆتۈرمەكچى بولدى.

چاقىلىق ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى باندىتلار ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، رازۋېدكا بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يۈلۈننى رازۋېدكا شۆبە ئەترىتىنى باشلاپ ئالتۇنتاغقا بېرىپ رازۋېدكا قىلىشقا ئەۋەتتى. 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، رازۋېدكا شۆبە ئەترىتى ئاچچىقكۆلنىڭ غەربىگە 5 كىلومېتىر قالغان جايدا باندىتلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئەينى چاغدا جەنۇبىي تاغنىڭ غەربىدە زاڭزۇلارنىڭ 2 قەبىلىسى چارۋا بېقىۋاتاتتى. رازۋېدكا شۆبە ئەترىتى زاڭزۇ چارۋىچىلارنى ئۇقۇشماي زەخىملەندۈرۈپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئادەم ئەۋەتكەندە، باندىتلار ئۈشتۈمتۇت ئوق چىقاردى ھەمدە رازۋېدكا شۆبە ئەترىتىنى قورشىۋالماقچى بولدى. جىددىي جەڭدە توپىلاڭچى باندىتلارنىڭ 10 نەچچە ئادىمى ئۆلگەن ۋە ياردار بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئالدىراپ - تېنەپ قاچتى. رازۋېدكا پەيجاڭى جى يوڭفا ۋە جەڭچىلەردىن لى شىتاڭ، جاڭ شۆجۈڭلار جەڭدە باتۇرلارچە قۇربان بولدى.

1961 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى غەربىي يولدىكى قېرىنداش قىسىملار بىلەن بىرلىكتە توپىلاڭچى باندىتلارغا قورشاپ زەربە بېرىشكە باشلىدى. بۇ جەڭگە ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنىدىن 2سى، پىيادە ئەسكەرلەر لىيەنىدىن بىرى، پىلىموت - مىنامىيوت پەيدىن بىرى قاتناشتۇرۇلدى. 3 ئاي داۋام قىلغان باندىت تازىلاش جېڭىدە، ئۇلار جەمئىي 2031 كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ، جەمئىي 58 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى، 1000 دىن ئارتۇق جىلغىنى ئاختۇردى. پۈتۈن جەڭ رايونىنى دىگۈدەك ئاختۇرۇپ چىقىپ، تازىلاش مەقسىتىگە يەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گەنسۇ، شىزاڭدىكى قىسىملىرىمىزنىڭ شىزاڭنىڭ شىمالىدىكى قالدۇق باندىتلارنى يوقىتىشىغا كۈچلۈك تۈردە ماسلاشتى.

بۇ قېتىمقى باندىت يوقىتىش داۋامىدا، چاقىلىق خەلقى قىسىمغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، باندىت يوقىتىش ۋەزىپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى.

## يەتتىنچى قىسىم

# يېزا ئىگىلىكى، سۇچىلىق

# يەتتىنچى قىسىم

# يېزا ئىگىلىكى، سۇچىلىق

## I باب

## دېھقانچىلىق

چاقىلىق تەۋەسىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە قەدىمىي بوستانلىقنىڭ ئېچىلىشى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا، بۇ يەر شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى، كۆلىمى ئەڭ چوڭ دېھقانچىلىق تەرەققىيات رايونلىرىدىن بىرى بولغان. تارىخىي مۇساپىلەر داۋامىدا، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى گاھىدا گۈللىنىپ، گاھىدا خارابلاشقان، مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې يىللىرىغا كەلگەندە، چاقىلىقتىكى ئېكىنزارلار تەدرىجىي ھالدا چۆلدەرەپ تاشلىنىپ قالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 15 - يىلى (1889 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ يەردە ساخاۋەت ئىشلىرىنى يولغا قويغان. كېيىنكى يىلى ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ بوز يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدە 684 ئۆيلۈك دېھقان، 24 مىڭ 262 مو تېرىلغۇ يەر، 2615 مو باغ بولغان، 13 مىڭ 594 مو بۇغداي تېرىلىپ، 4077 دادەن بۇغداي، 6000 مو كۆممىقوناق تېرىلىپ، 1800 دادەن كۆممىقوناق، 2000 مو يالىڭاچ ئارپا تېرىلىپ، 400 دادەن ئارپا ئېلىنغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) غا كەلگەندە ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر 30 مىڭ 947 موغا يېتىپ، يىلىغا 10 مىڭ 791 دادەن ئاشلىق، جۈملىدىن 5682 دادەن بۇغداي، 4200 دادەن كۆممىقوناق، 829 دادەن باشقا ھوسۇل ئېلىنغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەبىئىي بايلىقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشىلىنىپ، ئىلغار دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرى قوللىنىلىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. ئەمما كۆپ خىل ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي قىلىش، تۆۋەنلەش، قايتا يۈكسىلىش، بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ۋە يەنە تەرەققىي قىلىشتەك ئەگرى - توقاي ئۆزگىرىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى.

1949 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يېزا

ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش مەزگىلىدە، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. 1958 - يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 5 مىليون 31 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكى ئومۇمىي مەھسۇلاتتىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاتلىنىپ، يىلىغا %11.4تىن ئاشتى. بىرلىك مەھسۇلات يىلىغا %8.1تىن ئېشىپ باردى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، 1949 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابتىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا ئۆتۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، كونا جەمئىيەتتىن قالغان غايەت زور جاراھەت ئىزلىرى ساقايتىلدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋەزىپىسى غەلىبىلىك ئورۇندالدى. ئارقىدىنلا 1954 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە يەنە يېزا ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. يېزىلارنىڭ ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلدى.

1959 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىقتىسادىي خىزمەتتە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» يېتەكچى ئىدىيە قىلىنىپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلىندى. چاقىلىق ناھىيىسىدە «قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىش» ۋە «مۇبالىغىچىلىك شامىلى»، «مال-مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» قاتارلىق خاتالىقلار ئوتتۇرىغا چىقتى، بىر تەرەپتىن، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پولات - تۆمۈر تاۋلاش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ھەددىدىن زىيادە ئىگىلىۋېلىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى زىيانغا ئۇچرىدى. ئاشلىق مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئالدىنقى 9 يىلدىكىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىدىن %29.5 ئازىيىپ كەتتى، ئەمما تېرىلغۇ كۆلىمى %24.7 كۆپەيتىلگەنلىكتىن، ئومۇمىي مەھسۇلات يەنىلا ئاشتى.

1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە (خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش مەزگىلىدە) ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۈزگەن «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان «بىكتۇەن يۆنىلىشى، گۇڭشې ئالاھىدىلىكى بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاپ، تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش» ئاساسىي فاڭجېنىغا ئاساسەن، چاقىلىقنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۇپراقنى ياخشىلاش، سۇنى تىزگىنلەش مەركەز قىلىنغان ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا يېپيېڭى قىياپەتنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ مەزگىلدە، تېرىلغۇ كۆلىمى ئالدىنقى 3 يىلدىكىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %14.8 كېمەيگەن بولسىمۇ، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى %14.3، بىرلىك مەھسۇلاتى %4.3 ئاشتى.

1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى «سول» لۇشيەننىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، كەڭ گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى بەرھەم يېدى ۋە بېسىمغا ئۇچرىدى. بۇ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر توسالغۇ بولدى، بۇ 11 يىلدا ئاشلىق مەھسۇلاتى بىر ئىزدا توختاپ قالدى ھەتتا بىر ئاز تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇ ناھىيە ئاشلىقى ئېشىنىدىغان ناھىيىدىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىپ يەيدىغان ناھىيىگە ئايلىنىپ قالدى، ئاشلىق، ياغ، گۆش بىلەن تەمىنلەش تولىمۇ جىددىيلىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بەك تۆۋەنلەپ كەتتى.

1978 - يىل 12 - ئايدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم مەركەزنىڭ بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزىلاردا ئۇزاققىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئىنتايىن سول لۇشيەننى تۈزىتىپ، يېزىلارغا قارىتىلغان ئىقتىسادىي سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغاپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇردى. 1983 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1978 - يىلدىكىدىن بىر قاتلىنىپ، مەملىكەت بويىچە قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرغان 112 ئىلغار ناھىيە قاتارىغا ئۆتتى. مۇشۇ مەزگىلدە تېرىلغۇ كۆلىمى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10% كېمەيگەن ئەھۋالدىمۇ، ئومۇمىي مەھسۇلات بىلەن بىرلىك مەھسۇلات ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 1985 - يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 13 مىليون 779 مىڭ جىڭغا، بىرلىك مەھسۇلات 389.9 جىڭغا يەتتى.

## § 1 . دېھقانچىلىق ئاپپاراتلىرى

### 1. مىنگو دەۋرىدىكى دېھقانچىلىقنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) دىن بۇرۇن، چاقىلىق ناھىيىسىدە دېھقانچىلىقنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپارات يوق ئىدى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى (1942 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىر نەپەر دېھقانچىلىق يېتەكچىسى ئەۋەتتى. ئۇ نامدا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا دائىر ئىشلارنى ئاساسلىق باشقۇرىدۇ دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ قۇرۇق نامىلا بولۇپ، پەقەت يەر بېجى يىغىش، باج - ئىئانە توپلاشقىلا مەسئۇل بولدى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق ئىشلىرى بىلەن ئۇنىڭ كارى بولمىدى.

### 2. ئازادلىقتىن كېيىنكى دېھقانچىلىقنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ئۇ، ئاساسەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سۇ ئىشلىرى قاتارلىقلارنى باشقۇردى. 1956 - يىلى ناھىيىلىك پارتكومدا يېزا خىزمىتى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. بۇ بۆلۈم قۇرۇلۇش بۆلۈمىگە زىچ ماسلىشىپ، دېھقانچىلىق سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىشكە ياردەملىشىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. 1958 - يىلى دېھقانچىلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1959 - يىلى خەلق كومىتېتىنىڭ دېھقانچىلىق بۆلۈمى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، گىدرولوگىيە پونكىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق، كاتىبات گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ كادىرلار شتاتى 27 بولدى. 1962 - يىلى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يېزا خىزمىتى بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى

دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئۇرۇقچىلىق پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1963 - يىلى ناھىيىلىك پارتكومدا يەنە يېزا خىزمىتى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يەنى 1967- يىلى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى تەشكىل قىلىنىپ، ئۇ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاساسلىق باشقۇردى. 1969 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئۇ پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاساسلىق باشقۇردى. 1971 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساسلىق باشقۇردى. 1974 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى ھەم ئايرىم سۇ - ئېلېكتر بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1981 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1984 - يىلى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى ۋە ئايرىم ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1985- يىلى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسىدا 9 مەمۇرىي كادىر، 4 كەسپىي كادىر ۋە ئىشچى، بىر ئىدارە باشلىقى، 2 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بار بولدى. ئىدارىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتى، يەر باشقۇرۇش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى.

## 3. دېھقانچىلىق ساھەسىدىكى كەسپىي ئورۇنلار

1) ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى (ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى): بۇ پونكىت 1955 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسلىق فۇنكسىيىسى دېھقانلار ئارىسىدا يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىش ۋە دېھقان تېخنىكلارنى يېتىشتۈرۈش بولدى. 1959 - يىلى بۇ پونكىت يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى. ئۇنىڭغا بىر باشلىق، بىر كاتىپ ھەم بوغالتىر، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسىغا 3 كىشى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسىغا 3 كىشى، ئۈچ ئىشچى قويۇلدى. بۇ ئورۇن 25 مو يەرنى باشقۇردى. 1962 - يىلى يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 3 پونكىت (دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى، ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى) ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1964 - يىلى دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى بىلەن ئۇرۇقچىلىق پونكىتى بىر يۈرۈش ئادەم بىلەن 2 ۋىۋىسكا ئېسىپ بىرلىكتە ئىش بېجىرىدىغان بولدى. كېيىن ئۇ دېھقانچىلىق تېخنىكىسى — ئۇرۇقچىلىق پونكىتى دەپ بېكىتىلدى. 1985 - يىلى ئۇنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 11گە يەتتى. ئۇنىڭدا دېھقانچىلىق تېخنىكا گۇرۇپپىسى، باغۋەنچىلىك گۇرۇپپىسى، ئۆسۈملۈك ئاسراش گۇرۇپپىسى ۋە مالىيە گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى.

2) ئۇرۇقچىلىق پونكىتى بۇ پونكىت 1958 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، سورتلۇق ئۇرۇق تىجارىتى قىلىش ۋە ئۇنى يېتىشتۈرۈشكە مەسئۇل بولدى. 1964 - يىلى دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىرىدىغان بولدى.

3) ناھىيىدىن تۆۋەن ئاساسىي قاتلام دېھقانچىلىق ئاپپاراتى: 1980 - يىلدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە 3 گوڭشې بىر رايوندا بىردىن يېزا ئىقتىسادىي خادىمى سەپلىنىپ، شۇ جاينىڭ بوغالتىرىيە يېتەكچىلىكى ۋە دارامەت تەقسىماتىغا مەسئۇل قىلىندى.

1983 - يىلى ھەر قايسى گۇڭشېلاردا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى قۇرۇلدى. 1986 - يىلى دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى بىلەن يېزا ئىقتىسادى خادىمى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھەر قايسى يېزىلاردا دېھقانچىلىق مۇلازىمەت پونكىتلىرى قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە يېزا دەرىجىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسى - يېزا ئىقتىسادى كادىرى 16گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىمى 10، يېزا ئىقتىسادى خادىمى 6.

## § 2 . يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى

سىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدىكى يەر، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنىڭ كۆپ قىسمى پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن ئىدى، سۇ تەقسىملەش ھوقۇقىنىمۇ پومېشچىك، باي دېھقانلار كونترول قىلاتتى. يېرى يوق ياكى يېرى ئاز دېھقانلار پومېشچىك ۋە باي دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىشقا مەجبۇر بولاتتى ياكى ئەمگەك كۈچىنى سېتىپ كۈن ئالاتتى، ئۇلار ھەر خىل ئېچىنىشلىق ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە سىياسىي زۇلۇمغا ئۇچرايتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە يېزا ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش يولىغا قويۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ ئىگىلىك بەرپا قىلىندى.

### 1. يەرگە بولغان فېئوداللىق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، چاقىلىق ناھىيىسىدە يېزا نوپۇسىنىڭ 58.2%نى ئىگىلەيدىغان پومېشچىكلار 7.1% تېرىلغۇ يەرنى، يېزا نوپۇسىنىڭ 10.4%نى ئىگىلەيدىغان باي دېھقانلار 20.5% تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلىگەن. يېزا نوپۇسىنىڭ 87%نى ئىگىلەيدىغان دېھقانلار ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلق بولسا ئاران 62.4% يەرنى ئىگىلىگەنىدى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تېرىلغۇ يەر بويىچە ھېسابلىغاندا، پومېشچىكلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تېرىلغۇ يېرى 17.4 مو، باي دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تېرىلغۇ يېرى 12.2 مو، كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تېرىلغۇ يېرى 3.2 مو، ياللانما دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تېرىلغۇ يېرى 1.9 مو ئىدى.

پومېشچىك، باي دېھقانلار ئۆزلىرى ئىگىلىگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا تايىنىپ دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا، ئاساسەن، مۇنداق 3 خىل فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە مەۋجۇت ئىدى: بىرىنچى، ئەمگەككە سېلىش شەكلىنى ئاساس قىلىش؛ ئىككىنچى، ھەقسىز ئەمگەك ۋە تەڭ بۆلۈشۈش تۈزۈمى، يەنى ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى ۋە نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىنى تەڭ قوللىنىش شەكلى؛ ئۈچىنچى،

يۇقىرى سوممىلىق نەرسە ئارقىلىق تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى ۋە يالالاپ ئەمگەككە سېلىش شەكلى.

1) يەر ئىجارىگە بېرىش: يەر ئىجارىگە بېرىدىغانلارنىڭ تەڭدىن تولىسى پومېشچىك. بايلار بولۇپ، ئىجارە ھەققى بەكمۇ نامۇۋاپىق ئىدى، ئادەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىنىڭ ئىجارىسىگە 10 چارەك (ھەر چارىكى 18 جىڭ)، ئوتتۇرا دەرىجىلىك يەرنىڭ ئىجارىسىگە 6 چارەك، تۆۋەن دەرىجىلىك يەرنىڭ ئىجارىسىگە 3 چارەك بۇغداي ئېلىناتتى. يەر ئىجارە بەرگەندە ئاخۇنلارنىڭ ئىسپات بولۇپ مۆھۈر بېسىشى بىلەن كېلىشىم پۈتۈلەتتى. ھۆججەتكە يەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى، ئىجارىكەشلەرنىڭ كىملىكى ئېنىق يېزىلاتتى. قەھەتچىلىك يىللىرىدىمۇ يەر ئىجارىسىنى كەملىتىپ قويۇشقا بولمايتتى.

2) ئورتاق تېرىش: ئورتاق تېرىش پومېشچىكلارنىڭ دېھقانلار بىلەن يەرنى ئورتاق تېرىيدىغان بىر خىل ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلى. بۇنىڭدا بەزى پومېشچىكلار يېرىنىلا چىقىرىپ، قالغان ھېچنىمە بىلەن كارى بولمايتتى، ھوسۇل يىغىلغاندا، ئاشلىقنى تەڭ بۆلۈشەتتى. بەزى پومېشچىكلار يەرنى ئىجارىگە بەرگەندىن باشقا، يەنە ئۇرۇق، ئۇلاغ، ئوغۇت قاتارلىقلارنى ئۈستىگە ئالاتتى. ھوسۇل يىغىلغاندا ئاشلىقنى پومېشچىك 7 ئۈلۈش، دېھقان 3 ئۈلۈش نىسبىتى بويىچە بۆلۈشەتتى. پومېشچىك يەر بېجى ھېسابىدىكى ئاشلىقنى ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت، باشقا باج-سېلىقلارنىڭ ھەممىسىنى دېھقانلار ئۈستىگە ئالاتتى.

3) يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز: دېھقانلار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ياكى ئاشلىقى ئۈزۈلۈپ قالغاندا، پومېشچىكلار يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز (جازانە) بېرىش شەكلى بىلەن دېھقانلارغا ئاشلىق ئارىيەت بېرەتتى. ئاشلىق بەرگەندە كۆپىنچە، ئەتىيازدا بىر كورە بۇغداي بېرىپ، كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن دىرى ۋە ئۆسۈمىنى قوشۇپ 2 — 3 كورە بۇغداي قايتۇرۇۋالاتتى. پۇل ئارىيەت بەرگەندە، ئادەتتە، ھەپتىسىگە 10% ئۆسۈم ھېسابلايتتى. قەرەلى ئۆتۈپ قايتۇرالماي قالسا، يەنە بىر قاتلاپ تەكرار ئۆسۈم ھېسابلايتتى.

4) باشقا ئېكسپىلاتاتسىيە شەكىللىرى: يانچىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان يىللىقچىلار، جاپالىق مېھنىتىنى ساتىدىغان يىللىقچىلار، ۋاكالىتەن يەر تېرىپ بېرىدىغان يىللىقچىلارنى ئىشلىتىشكە ئوخشاش شەكىللەر بار ئىدى.

## 2. دېھقانلارنىڭ يەككە مۈلۈكچىلىكى

1) يەر ئىسلاھاتى 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇردى. ئارقىدىنلا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى 1951 - يىل 12 - ئايدا باشلاندى. چاقىلىق ناھىيىسىدە 110 كىشىلىك خىزمەت ئەترىتى تەشكىللىنىپ، يېزىلارغا ئەۋەتىلىپ، تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش قانات يايدۇرۇلۇپ، دېھقانلارغا سىنىپىي كۆرەش تەربىيىسى بېرىلدى ۋە سىياسەتلەر تەشۋىق قىلىندى. زومىگەر، پومېشچىكلار كۆرەشكە تارتىلىپ، ھەر خىل تەشكىلاتلار تەرتىپكە سېلىندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىشتە، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ۋاقىتلىق نىزامى» ئىزچىل ئىجرا قىلىندى. ئۆلۈك ئىجارە ھەققى، جانلىق ئىجارە ھەققىگە قارىتا 25% كېمەيتىش، 37.5% بويىچە ئۆلچەش، يەنى ئەسلى ئىجارە سوممىسى

ئىچىدىن %25نى كېمەيتىش، ئىجارە كېمەيتىلگەندىن كېيىن، ئىجارىگە بەرگۈچى ئېرىشىدىغان تاپاۋەت ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ %37.5 تىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك يولغا قويۇلدى. ئورتاق يەر تېرىغۇچىلارنىڭ يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىشتە، ئىجارىگە بەرگۈچىنىڭ كىرىمى ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ %40 تىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك يولغا قويۇلدى. زومىگەرلەرگە قارشى كۆرەشتە، زومىگەر - پومېشچىكلار ئارىسىدىكى ھوقۇق تۇتقۇچىلار ئوبيېكت قىلىنىپ، سىياسىي جەھەتتە زەربە بېرىش ئاساس قىلىندى، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇۋاپىق ھېساب ئېلىندى. كۆرەش داۋامىدا «ئېھتىياتچان بولۇش، پۇختىلىق بىلەن ئىلگىرىلەش» فاڭجېنى قوللىنىلغاچقا، ھەرىكەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، 1953 - يىل 2 - ئايدا ئاخىرلاشتى. 1 - يېزا ۋە 3 - يېزىنىڭ 4 كەنتىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 20 ئائىلىلىك پومېشچىك، باي دېھقاننىڭ ئىجارە ھەققى كېمەيتىلگەن. ئۇلارنىڭ ئىجارىگە بەرگەن يېرى 883.5 مو بولۇپ، كېمەيتىلگەن ئىجارە 896 چارەك بولغان. بۇنىڭدىن 50 ئائىلە دېھقان مەنپەئەت ئالغان. 13 ئائىلە پومېشچىك - باي دېھقان ئۆزى ئىگىلىۋالغان 955.5 كۆرە ئاشلىق ھېسابىدىكى مال - مۈلۈكنى قايتۇرغان. بۇ كۆرەشتە، ناھىيە بويىچە يېزىلاردا 206 كىشى دېھقانلار جەمئىيىتىگە قاتناشتى. ھەر قايسى رايونلاردىكى يېزا، كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېھقانلار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى.

ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۆرىشى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، 1953 - يىل 5 - ئاينىڭ 27- كۈنى ناھىيە بويىچە 124 كىشىلىك يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتى تەشكىل قىلىندى، ئۇلار يېزا - كەنتلەرگە ئورۇنلىشىپ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئىشلىدى. يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى يەر ئىسلاھاتى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ ئاممىنى قوزغاش، دېھقانلار جەمئىيىتىنى تەرتىپكە سېلىش، سىنىپىي تەركىب ئايرىش، بۇنىڭدا ئومۇمەن ئۆزىنى مەلۇم قىلىش، ئامما باھالاش، دېموكراتىك ئۇسۇلدا بېكىتىش، يۇقىرى تەستىقلاش؛ پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ يەر ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىش، يىغىۋېلىش؛ يەرلەرنى تەقسىم قىلىش، يەر تەقسىم قىلىش خىزمىتىنى دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىش؛ تەبىئىي كەنتلەرنى بىرلىك قىلىپ تەقسىملەش، يېزا دائىرىسىدە تەڭشەش؛ پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش؛ يېزا - كەنتلەردىكى باشقا تەشكىلاتلارنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەشتىن ئىبارەت 5 باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاخىرلاشتى، ناھىيە بويىچە جەمئىي 3620 مو يەر تەڭشەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 17 ئۆيلۈك پومېشچىكتىن تەڭشەلگەن يەر 2338 مو، 13 ئۆيلۈك ئاز يەرنى ئىجارىگە بەرگۈچىدىن تەڭشەلگەن يەر 426 مو، 14 ئۆيلۈك ئاز يەرنى باشقۇرغۇچىدىن تەڭشەلگەن يەر 558 مو بولدى. 513 ئۆيلۈك يەرسىز ياكى يېرى ئاز دېھقانغا 3374.8 مو يەر بۆلۈپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 295 ئۆيلۈك يالانما دېھقانغا 1951 مو، 141 ئۆيلۈك كەمبەغەل دېھقانغا 1016.7 مو، 77 ئۆيلۈك باشقا دېھقانغا 407.1 مو يەر بۆلۈپ بېرىلدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كەڭ ئەمگەكچى دېھقانلار ئۆز يېرىدە ئەمگەك قىلىدىغان بولدى، كىشى كىشىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى يوقىتىلدى.

2) ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى چاقىلىق ناھىيىسىدە 1950 - يىلدىن باشلاپ «ئىختىيار قىلىش ئاساسىدا ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش» پرىنسىپى بويىچە، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا لاپقۇتلىشىش ئەترەتلىرى، يەنى ۋاقىتلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىدىن جەمئىي 111ى

بارلىققا كەلدى. بۇنىڭغا قاتناشقان دېھقانلار 799 ئائىلە بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %70 نى ئىگىلىدى. قاتناشقان ئەمگەك كۈچى 1387 بولۇپ، ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ %53 نى ئىگىلىدى.

ھەمكارلىق گۇرۇپپا شەكلىنى ۋاقىتلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپا ۋە دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپا دېگەن 2 خىلغا بۆلۈش مۇمكىن، ۋاقىتلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى پەسىللىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى دەپمۇ ئاتالدى. ئۇ، يەككە دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىقىنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە ئەمگەك كۈچى، ئۇلاغ كۈچى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى يېتىشمەسلىكنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەشكىللىگەن لاپقۇتلىشىش تەشكىلى ئىدى. دائىملىق ھەمكارلىشىپ ـ لاپقۇتلىشىپ ئىشلەيدىغان تەشكىلات دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى دەپ ئاتالدى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ئىش ئۈنۈمى يەككىلەر باشقۇرۇشىدىكى ئىشلەپچىقىرىشقا قارىغاندا مەلۇم دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. لېكىن ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى كىچىكرەك، يەر قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئەمگەك ھاسىلاتلىرى خۇسۇسىيلار ئىلكىدە بولغاچقا، ئۇ، بىخ ھالىتىدىكى سوتسىيالىستىك ئەمگەك تەشكىلى ئىدى.

3) باشلانغۇچ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئاساسىدا، 1954 ـ يىلى قىشتا چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تىكەنلىك يېزىسىدا تۇنجى بولۇپ «ئاۋانگارت» باشلانغۇچ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇرۇلدى. كوپېراتىپقا 24 ئائىلىلىك دېھقان ئەزا بولدى. 1955 ـ يىلى باشلانغۇچ كوپېراتىپ تەرەققىي قىلىپ 6گە يەتتى. كوپېراتىپقا كىرگەن دېھقانلار 174 ئائىلە بولۇپ، ناھىيە بويىچە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ %14نى ئىگىلىدى. دېھقانلار يەر، ئۇلاغ، چوڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كوپېراتىپقا پاي قىلىپ قوشتى. بۇلارنى كوپېراتىپ بىر تۇتاش باشقۇرۇپ ئىشلەتتى ھەمدە ھەق بەردى، مەھسۇلاتلارنى كوپېراتىپ بىر تۇتاش تەقسىملىدى. كوپېراتىپتا جامائەت فوندى ۋە پاراۋانلىق فوندى تەسىس قىلىنىپ، بۇ فوندلار كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ۋە كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلدى.. باشلانغۇچ كوپېراتىپمۇ ئەمگەكچى دېھقانلارنىڭ كوللېكتىپ ئەمگەك تەشكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنىڭكىدىن چوڭ ھەم مۇقىم ئىدى. مۇشۇ مەزگىلدە، دېھقانلار مەيلى كوپېراتىپقا كىرسۇن ـ كىرمىسۇن، يەرلەر يەنىلا دېھقانلارنىڭ شەخسىي ئىگىدارلىقىدا بولدى. ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، باشلانغۇچ كوپېراتىپقا ئاز ساندا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى سېتىۋېلىندى. ئەمما ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا دېھقانلارنىڭ ئۆز ئىگىدارلىقىدا بولدى.

## 3. كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك

1) ئالىي دېھقانچىلىق كوپېراتىپى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدىكى باشلانغۇچ كوپېراتىپلار 1955 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئالىي كوپېراتىپقا ئۆزگەرتىلدى. شۇ چاغدا، ئۆتام ۋە تىكەنلىكتە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «بەخت» ۋە «ئاۋانگارت» دېگەن 2 ئالىي دېھقانچىلىق كوپېراتىپى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلدى. 1956 ـ يىلى كوپېراتىپلىشىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ناھىيە بويىچە 9 ئالىي كوپېراتىپ قۇرۇلدى. 1957 ـ يىلى كوپېراتىپقا كىرگەن دېھقانلار 1242 ئائىلە بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %100 نى تەشكىل قىلدى. ئەمگەك كۈچى 2552 گە يەتتى. ئالىي كوپېراتىپنىڭ كۆلىمى باشلانغۇچ كوپېراتىپنىڭكىدىن چوڭ بولۇپ، ئالىي كوپېراتىپ نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ خۇسۇسىي يەرلىرى

پۈتۈنلەي كوپېراتىپقا ھەقسىز ئۆتكۈزۈلۈپ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىغا ئۆزگەرتىلدى ۋە قايتا ھەق بۆلۈپ بېرىلمىدى. كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ئۇلاغ، چوڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىق ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ بىر قىسمى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ كوپېراتىپقا پاي قىلىپ قوشۇلدى. قالغان قىسمى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن پەيدىنپەي باھاغا سۇندۇرۇلۇپ كوپېراتىپقا قوشۇلدى؛ كوپېراتىپ ئەزالىرى كوللېكتىپ ئەمگەككە قاتناشسا، ئىشنى باھالاپ نومۇر يېزىش، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش يولغا قويۇلدى. كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئالدى - كەينىگە پارچە - پۇرات تىككەن كۆچەتلىرى ۋە كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى يەنىلا ئۇلارنىڭ ئۆز ئىلكىدە بولدى؛ كوپېراتىپ ئەزالىرىغا نوپۇسنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بويىچە ئازراقتىن قالدۇرۇق يەر (ھەر بىر كىشىگە 0.5 — 1 پۇڭ يەر) بېرىلدى. بۇ يەرلەرنى ئۇزاققىچە كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئىشلىتىدىغان بولدى، كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ئۆي قۇشلىرى، ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىشى ياكى باشقا ئائىلە قوشۇمچە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىندى، بۇنىڭ مەھسۇلات كىرىمى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىگە تەئەللۇق بولدى. كوپېراتىپ قارىمىقىدا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى (گۇرۇپپىسى) قۇرۇلۇپ، دېموكراتىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. ئالىي كوپېراتىپ دەسلەپ قۇرۇلغاندا، ئىشلەپچىقىرىش قالايمىقان بولۇش، پىلان كەمچىل بولۇش، ئادەم كۈچى ۋە ئۇلاغ كۈچى ئىسراپچىلىقى كۆپ بولۇش، مالىيە باشقۇرۇش قالايمىقان بولۇشتەك ئەھۋاللار ئومۇميۈزلۈك ساقلاندى. كېيىن تەرتىپكە سېلىش، تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىش - مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلىپ، ئەمگەك كۈچى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كىچىك كۆتىرە بېرىش ۋە ئەمگەكنى نورما بەلگىلەپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، ئالدىراڭغۇلۇق، قالايمىقانچىلىق ئەھۋاللىرى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىلدى.

2) خەلق گۇڭشېسى 1958 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېزىلاردا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك پارتكوم تېزدىن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تەشۋىق قىلىش، تەشكىللەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە كۆپچىلىكنى ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلدى. زور تۈركۈم كادىر ئاجرىتىپ يېزىلارغا ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ناھىيە بويىچە خەلق گۇڭشېلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئەسلىدىكى 9 ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى بىرلەشتۈرۈلۈپ، 4 خەلق گۇڭشېسى («راكېتا»، «قىزىل بايراق»، «سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «ئۆكتەبىر» گۇڭشېلىرى) قۇرۇلدى. گۇڭشېغا 1471 ئائىلە قاتناشتى. گۇڭشې قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەزالارنىڭ قالدۇرۇق چارۋىسى، بېغى، يېتىلگەن دەل - دەرەخلىرى، كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى ھەتتا قازان، قومۇچلىرىمۇ باھاغا سۇندۇرۇلۇپ گۇڭشېغا ئۆتكۈزۈلۈپ، كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىغا ئېلىندى. ناھىيە بويىچە «مال - مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» ئەۋج ئالدى. گۇڭشېلار ئەمگەك كۈچلىرىنى، يەرلەرنى، كوللېكتىپ ۋە شەخسىنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنى خالىغانچە تەڭشەيدىغان ۋە يۆتكەيدىغان بولدى. مال - مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ چەك - چېگرىسى بۇزۇۋېتىلدى. گۇڭشې ۋە ئەترەت ئاتلاپ چوڭ ھەمكارلىشىش، ھەق ھېسابلىماسلىق، تۆلەم بەرمەسلىك يولغا قويۇلۇپ، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىندى، تەقسىمات جەھەتتە يېرىم تەمىنات تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، «بىكارغا تاماق يېيىش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاشخانا، يەسلى، قېرىلار ساناتورىيىسى قاتارلىقلار ھەدەپ قۇرۇلدى. بۇ، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىدىن ئېشىپ

كېتىپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى تەۋرەپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا ئېغىر ھالدا بەرھەم بېرىلىپ، تاماق يەيدىغان چاغدا ئادەم كۆپ بولۇش، ئەمگەك قىلىدىغان چاغدا ئادەم ئازىيىپ كېتىش ھادىسىسى كېلىپ چىقتى، نۇرغۇن گۇڭشې ئەزالىرى «ئىشلىسەك ـ ئىشلىمىسەك 3 ۋاخ تاماقىمىز تەييار» دېگەن تونۇشتا بولدى.

1959 ـ يىل 1 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە 4 خەلق گۇڭشېسى بىر چوڭ گۇڭشې قىلىپ قوشۇۋېتىلدى. باشقۇرۇشقا قولاي بولۇش ئۈچۈن، تەۋەسىدە «غالىبىيەت» باشقۇرۇش رايونى، «ئىتتىپاق» باشقۇرۇش رايونى ۋە ۋاششەرى باشقۇرۇش رايونى تەسىس قىلىندى.

1960 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چوڭ گۇڭشې ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. «غالىبىيەت» ۋە «ئىتتىپاق» باشقۇرۇش رايونلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، «غالىبىيەت» خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. ۋاششەرى باشقۇرۇش رايونى ۋاششەرى خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 12- ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق گۇڭشېلىرى ھەققىدىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، 3 دەرىجىلىك مۇلۇكچىلىكنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشتۈردى. بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەشتەك «مال- مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» تۈزىتىلىشكە باشلىدى. گۇڭشېنىڭ مال ـ مۈلۈك ئىگىدارلىق ھوقۇقى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلدى. گۇڭشې بىلەن گۇڭشې ئوتتۇرىسىدىكى ئەمگەك ھەمكارلىقىدا تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش يولغا قويۇلدى، گۇڭشېلار ئىگىلىۋالغان ئەزالارنىڭ ئۆيلىرى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىشكە ئۆزگەرتىلدى ياكى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئېلىنغان قازان ـ قومۇچ، كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە نەرسە ـ كېرەكلەر سۈرۈك ئىچىدە قايتۇرۇلدى ياكى باھاسى بويىچە پۇلى بېرىلدى. ئەزالارنىڭ زورۇر قالدۇرۇق چارۋىلىرى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇلدى.

1961 ـ يىلى مەركىزىي كومىتېتنىڭ «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ نىزامى» ۋە «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى توغرىسىدا يوليورۇق» قاتارلىق ھۆججەتلىرى ئېلان قىلىنىپ، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئاز ساندا قالدۇرۇق يەر باشقۇرۇش ۋە ئائىلە قوشۇمچە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلدى. ئاشخانىلار تارقىتىۋېتىلدى. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە «ئۈچنى كۆتىرە بېرىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» (ئىشنى، مەھسۇلاتنى، خىراجەتنى ھۆددىگە بېرىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش) قاتارلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئەمگەك كۈچى، يەر، ئۇلاغ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى رويخەتكە ئېلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ مۇقىم ئىشلىتىشىگە بېرىلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق ئىختىيارىي بولۇش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى، ئەمگەك كۈچى، ماددىي كۈچلەر ھەقسىز يۆتكەپ ئىشلىتىلمەيدىغان بولدى.

1962 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى «غالىبىيەت» گۇڭشېسى «غالىبىيەت» ۋە «ئىتتىپاق» دەپ 2 خەلق گۇڭشېسىغا ئايرىلدى. شۇ ۋاقىتتىچە ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى 3 گۇڭشې (يېزا) لىق قۇرۇلما ئۆزگەرتىلمىدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 10 ـ ئومۇمىي يىغىنى «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى» (قىسقارتىلىپ «60 ماددا» دېيىلدى) گە مۇھىم تۈزىتىش كىرگۈزدى. «60 ماددا» دا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى ئىشلەپچىقىرىش

ئەترىتى دەپ بېكىتىلدى. پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر قايسى گۇڭشېلار مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، چوڭ ئەترەت ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلىنغان تۈزۈلمىنى تېزلىكتە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلىنغان يېڭى تۈزۈلمىگە ئۆزگەرتتى. كېيىن يەنە «ئۈچ دەرىجىلىك مۈلۈكچىلىكنى يولغا قويۇش، ئەترەتنى ئاساس قىلىش» تىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈزۈمى تەدرىجىي يولغا قويۇلدى. ناھىيە بويىچە 3 گۇڭشې قارمىقىدا 9 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى، 28 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قۇرۇلدى، 70 - يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە كۆپىيىپ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى 11گە، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى 47گە يەتتى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلىپ، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى، دارامەت تەقسىماتىنى بىۋاستە تەشكىللەيدىغان بولدى، «ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش» پرىنسىپى قايتا تەكىتلىنىپ، تەقسىمات جەھەتتىكى تەڭ تەقسىماتچىلىق ئىللەتلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈگىتىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئىنتايىن سول لۇشيەننىڭ تەسىرىدە، «ئۈچ ئۆز، بىر ھۆددىگە بېرىش» (قالدۇرۇق يەر، ئەركىن بازار، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش) ۋە «نومۇرنى قوماندان قىلىش» ھەدەپ تەنقىد قىلىنىپ، «داجەي گۇڭشې» (ئىشنى باھالاپ نومۇر يېزىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆزى مەلۇم قىلىپ، جامائەت باھالايدىغان نومۇر يېزىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش) يولغا قويۇلۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش قالايمىقان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

3) ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى 1978 - يىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ۋاششەرى گۇڭشېسىنىڭ «شىنجيەن» چوڭ ئەترىتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا تەنقىد قىلىنغان نورما بېكىتىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى بىلەن ئىشنى كىچىك بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى باشلامچى بولۇپ ئەسلىگە كەلتۈردى. 1980 - يىلى مەركىزىي كومىتېت «ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا» ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئۆز شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، «بەشنى بېكىتىپ، بىرنى مۇكاپاتلاش» (ئەمگەك كۈچى، يەر، تەننەرخ، مەھسۇلات، ئىش نومۇرىنى بېكىتىپ مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش)، ئىشنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئەمگەكچىلەرگە، گۇرۇپپىلارغا ھۆددىگە بېرىش، مەسئۇلىيەت ئېتىزى ۋە تەمىنات ئېتىزى تېرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويدى. 1983 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە 43 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن 35 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئىشنى ئائىلىلەرگە (چوڭ ھۆددىگە)، 2 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئەمگەك كۈچلىرىگە، 2 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ گۇرۇپپىلارغا ھۆددىگە بەردى. 3 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى «قوش ئېتىز تۈزۈمى» (مەسئۇلىيەت ئېتىزى، تەمىنات ئېتىزى)نى يولغا قويدى، بىر ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى نورما بەلگىلەپ باشقۇرۇش، ئىشنى كىچىك بۆلەكلەربويىچە ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيىدىكى يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى ھەمدە كۆپ خىل ئىگىلىكنى ئاساس قىلغان بىر تۈركۈم كەسپىي ئائىلىلەر، نۇقتىلىق ئائىلىلەر ۋە بىرلەشمە

گەۋدىلەر بارلىققا كەلدى.

مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك كەسپىي قۇرۇلمىسى تەڭشەلگەنلىكتىن، پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى. 1985 - يىلى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 494 يۈەنگە يەتتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 300 يۈەنگە يەتمىگەن كەنتتىن تۆتىلا قالدى. بۇ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ 11.7%نى ئىگىلىدى؛ 12 كەنتنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 500 يۈەندىن ئاشتى، بۇ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ 35.3%نى ئىگىلىدى. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىدە تېرىلغۇ يەرلەر كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدە بولۇش شەرتى بىلەن ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلدى. يەرنى دېھقانلار ئۆزى تېرىيدىغان بولدى. ھۆددىگەرلىك مۇددىتى 5 يىلدىن 15 يىلغا ئۇزارتىلدى. خەلق گۇڭشېلىرىدىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، مەسىلەن، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنىڭمۇ كۆپ قىسمى دېھقانلارغا باھاغا سۇندۇرۇپ بېرىلدى ياكى دېھقانلارنىڭ يەككە ۋە بىرلەشمە ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىشىگە ھۆددىگە بېرىلدى.

## § 3 . تېرىقچىلىق

### 1. تېرىلغۇ كۆلىمى

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 303 مىليون 448 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان بوز يەر 1 مىليون 915 مىڭ 200 مو (1 - دەرىجىلىك يەر 527 مىڭ 100 مو، 2 - دەرىجىلىك يەر 364 مىڭ مو، 3 - دەرىجىلىك يەر 138 مىڭ 500 مو، 4 - دەرىجىلىك يەر 885 مىڭ 600 مو)، 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر 60 مىڭ موغا يەتتى (مىرەندىكى 36 - تۇەن - مەيداننىڭ 28 مىڭ 500 مو يېرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق رايونىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆپلەپ ئۆزلەشتۈرۈلۈشى گۇاڭشۈنىڭ 16 - يىلى (1890 - يىلى) باشلانغان. مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) غىچە ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر 24 مىڭ 262 موغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلىي تېرىلغان يەر كۆلىمى 21 مىڭ 594 مو. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) تېرىلغۇ يەر كۆپىيىپ 29 مىڭ 3 موغا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك يەر 7453 مو، ئوتتۇرا دەرىجىلىك يەر 9206.5 مو، تۆۋەن دەرىجىلىك يەر 12 مىڭ 343.5 مو. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945-يىلى) تېرىلغۇ يەر ئازىيىپ 28 مىڭ 872 موغا چۈشۈپ قالغان. بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك يەر 7425 مو، ئوتتۇرا دەرىجىلىك يەر 9235.5 مو، تۆۋەن دەرىجىلىك يەر 12 مىڭ 211.5 مو بولۇپ، ئەمەلىي تېرىلغان كۆلەم 26 مىڭ 360 مو، مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) تېرىلغۇ يەر 22 مىڭ 900 موغا چۈشۈپ قالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تېرىلغۇ يەر 1950 - يىلى 25 مىڭ 600 موغا، 1960-يىلى 54 مىڭ 900 موغا كۆپەيدى، 1970 - يىلى 38 مىڭ 300 موغا، 1980 - يىلى 32 مىڭ 300 موغا، 1985 - يىلى 31 مىڭ 500 موغا چۈشۈپ قالدى.

## 2. زىرائەت قۇرۇلمىسى

چاقىلىق ناھىيىسىدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى يازدا پىشىدىغان زىرائەتلەر ۋە كۈزدە پىشىدىغان زىرائەتلەر دەپ ئايرىلىدۇ. يازدا پىشىدىغان زىرائەتلەر بۇغداي (كۈزگى بۇغداي، يازغى بۇغداي)، قىچا، چىلگە قوناق بولۇپ، بۇغداي ئاساس قىلىنىدۇ. كۈزدە پىشىدىغان زىرائەتلەر قوناق، شال، كېۋەز، ياغلىق ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا، قىچا، كەندىر تۈرىدىكىلەر بولۇپ، قوناق ئاساس قىلىنىدۇ.

مىنگو دەۋرىدە يەرگە بولغان فېئوداللىق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك شارائىتىدا، تېرىلغۇ پىلانى يوق ئىدى، كىشىلەر نېمە تېرىغۇسى كەلسە، شۇنى تېرىيتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50 ـ يىللار ۋە 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا چاقىلىق ناھىيىسىدە «ئاشلىق بىلەن پاختىنى تەڭ تۇتۇش» فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ مەزگىلدە ئاشلىق، كېۋەز، ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى. 1965 ـ يىلى ئاق يەرگە تېرىلغان ئاشلىق كۆلىمى 34 مىڭ 100 مو بولۇپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن %78 كۆپەيدى، بۇ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %83.5نى ئىگىلىدى؛ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 2300 موغا يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 2 ھەسسىدىن كۆپ كېڭىيىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %6.5نى ئىگىلىدى.

1960 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 1970 ـ يىللاردا «ئاشلىقنى تۇتقا قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، كۈچ ئاشلىقنى تۇتۇشقا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، باشقا زىرائەتلەر تېرىلغۇسىغا سەل قارالدى. بۇ مەزگىلدە ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %88 تىن كۆپرەكىنى، بەزى يىللىرى ھەتتا %90 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. باشقا زىرائەت كۆلىمى ئاران %10 چامىسىنى تەشكىل قىلدى.

80 ـ يىللىرى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنى يەرنى سۇغا قاراپ بېكىتىش، ئاساسىي ھۆجۇمنى بىرلىك مەھسۇلاتقا قارىتىش بولدى. تېرىلغۇ كۆلىمى سۇ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن تەدرىجىي كېڭەيتىلدى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ھەرگىزمۇ بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق شەرتى ئاستىدا، كۆپ خىل ئىگىلىك پائال راۋاجلاندۇرۇلدى. 1985 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسى تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى مۇنداق تەڭشىدى: بۇغداي كۆلىمى 24 مىڭ مو چامىسىدا، ئاق يەرگە تېرىلغان قوناق كۆلىمى 2500 مو چامىسىدا، شال 1000 مو، كېۋەز 1000 مو، ياغلىق دان 2000 مو، قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات 1500 مو.

## 3. ئاشلىق زىرائەتلىرى

1) تارقىلىشى چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاشلىق زىرائەتلىرى ئاساس قىلىنىدۇ، ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە يەنە بۇغداي ئاساس قىلىنىدۇ، بۇغداي كۆلىمى ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمىنىڭ %60 ـ %65 نى ئىگىلەيدۇ؛ قوناق 2 ـ ئورۇندا بولۇپ، تەخمىنەن %30نى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئازراق شال، ئاق قوناق ۋە سېرىق پۇرچاق قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ.

ئاشلىق زىرائەتلىرى، ئاساسەن، تاغ ئالدى تىنما تۈزلەڭلىكىدىكى ناھىيە بازىرى ئەتراپى رايونى ۋە ۋاششەرى رايونىغا تارقالغان. تۇپراق ۋە كېلىمات جەھەتتىكى پەرق تۈپەيلىدىن، ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى 2 يېزىدا ئېگىزغا تېرىلىدىغان زىرائەت كۆرسەتكۈچى ۋاششەرىنىڭكىدىن كۆپ

بولىدۇ، شۇڭا ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى 2 يېزىدا، كۆپىنچە كەنجى قوناق، ۋاششەرى يېزىسىدا، كۆپىنچە، جاغدا قوناق تېرىلىدۇ.

چاقىلىق رايونى قۇرغاق، سۇيى كەمچىل رايون بولۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ يېتىشمەيدۇ. بۇ ئەھۋال شال ئىشلەپچىقىرىشنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ، ئەمما بازار ـ يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى تەڭشەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ۋاششەرى رايوندا ئازراق شال تېرىلىدۇ. شالنىڭ يىللىق تېرىلغۇ كۆلىمى كۆپ بولغاندا 1500 موغا يېتىدۇ.

2) مەھسۇلاتى مىنگو دەۋرىدە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قالاق، تەبىئىي ئاپەت كۆپ، تېرىقچىلىق مەشغۇلاتى ئاددىي بولغاچقا، ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتى بەكمۇ تۆۋەن ئىدى، بۇغداينىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى ئاران 60 ـ 70 جىڭ بولاتتى. قوناقنىڭ 100 جىڭغا يەتمەيتتى. ئازادلىقتىن كېيىن پۈتۈن ناھىيە خەلقى ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياسىدى. زىرائەت سورتلىرىنى ياخشىلاپ، كېسەللىك ـ ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئالدى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتى تەدرىجىي ئاشتى. بولۇپمۇ 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 80 ـ يىللارغىچە تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، يېزا ئىگىلىك بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە دېھقانچىلىقنى رايونلارغا ئايرىش نەتىجىسىدە، چاقىلىق رايونىدىكى تۇپراقتا فوسفور بىلەن ئازوتنىڭ كەملىكى، ئىسسىقلىق بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىلمىغانلىقى سېزىلدى. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، بەزى مۇناسىپ تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، زىرائەت قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، بۇغداي كۆلىمى كېڭەيتىلدى. جاغدا قوناق كۆلىمى ئازايتىلدى، ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى كۆپەيتىلدى، ئوتلاق كۆلىمى كېڭەيتىلدى. ئازوتلۇق ۋە فوسفورلۇق ئوغۇت بېرىش كۆپەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش كەڭ يولغا قويۇلۇپ، ئېتىز ـ ئېرىقلار ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇلدى، تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى. نەتىجىدە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتى 1982 ـ يىلى 1981 ـ يىلدىكىدىن 17.8% ئاشتى. ئومۇمىي مەھسۇلاتى 10 مىليون 647 مىڭ 600 جىڭغا يېتىپ، 1949ـ يىلدىكى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 8.6 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. 1982 ـ يىلى بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 287.6 جىڭغا، قوناقنىڭ 265 جىڭغا، شالنىڭ 616 جىڭغا يەتتى. 1985ـ يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 13 مىليون 779 مىڭ جىڭغا، بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 389.8 جىڭغا، قوناقنىڭ 445.8 جىڭغا يەتتى. ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا 812 جىڭدىن ئاشلىق توغرا كەلدى.

## 4. ئىقتىسادىي زىرائەتلەر

1) تارقىلىشى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قۇلايسىز، سىرت بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق، ترانسپورت لىنىيىسى ئۇزۇن بولغاچقا، كۆپ يىللاردىن بېرى ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىشتا ئۆزىنى قامداش ئاساس قىلىنىپ كەلدى. ئىقتىسادىي زىرائەت كۆلىمى كەڭ بولمىدى. ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن كېۋەز، ياغلىق دان، شۇنىڭدەك ئاز مىقداردا قىزىلچا، تاماكا ۋە ياڭيۇ تۇرىدىكىلەر تېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ياغلىق دان زىرائەتلىرى قىچا، ياغلىق ئاپتاپپەرەس، كەندىر ۋە زاراڭزىدىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ناھىيە ئىچىدىكى 3 دېھقانچىلىق يېزىسىغا تارقالغان.

## چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتى

جەدۋەل: 7 — 1　بىرلىكى: 10 مىڭ جىڭ (ئومۇمىي مەھسۇلات)، جىڭ (بىرلىك مەھسۇلات)

| يىللار | كۆزگى بۇغداي | | يازلىق بۇغداي | | قوناق | | شال | | كېۋەز | | ياغلىق دان | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بىرلىك مەھسۇلاتى | ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بىرلىك مەھسۇلاتى | ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بىرلىك مەھسۇلاتى | ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بىرلىك مەھسۇلاتى | ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بىرلىك مەھسۇلاتى | ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بىرلىك مەھسۇلاتى |
| 1949 | 1.4 | 140 | 81.3 | 70 | 73.5 | 99 | | | 0.4 | 4 | 1.9 | 47.5 |
| 1950 | 2.4 | 120 | 76 | 60 | 67.3 | 89 | | | 0.4 | 3.3 | 5.4 | 49.1 |
| 1951 | 28.2 | 108 | 105.7 | 108 | 175.1 | 180 | | | 1.8 | 18 | 5.5 | 50 |
| 1952 | 29.2 | 122 | 202.2 | 120 | 152.4 | 195 | | | 1.5 | 18.8 | 6.7 | 51.5 |
| 1953 | 107.7 | 146 | 168.3 | 145 | 117.2 | 213 | | | 1.8 | 18 | 8.9 | 42.4 |
| 1954 | 129.7 | 180 | 154.4 | 154 | 129.8 | 244 | | | 1.8 | 18 | 19.3 | 74.2 |
| 1955 | 152.7 | 142 | 101.9 | 150 | 120.1 | 210 | | | 6.1 | 55.5 | 46.7 | 80.5 |
| 1956 | 216.1 | 212 | 103.3 | 161 | 103.8 | 148 | | | 18.3 | 61 | 14.8 | 37.9 |
| 1957 | 177.7 | 157 | 106.1 | 149 | 130.5 | 146 | | | 10.1 | 32.6 | 12.5 | 48.1 |
| 1958 | 252.8 | 196 | 106.5 | 156 | 137.8 | 158 | | | 18.5 | 47.4 | 17.7 | 61 |
| 1959 | 257.1 | 190 | 69.7 | 170 | 154 | 116 | | | 15.2 | 32.3 | 13.8 | 53.1 |
| 1960 | 293.3 | 140 | 43.2 | 58 | 79.1 | 60 | 0.2 | | 5.5 | 9.5 | 5.4 | 30 |
| 1961 | 212.1 | 69 | 20.5 | 53 | 114.5 | 123 | 4.6 | 24 | 0.6 | 4.6 | 2.2 | 13.8 |
| 1962 | 168.7 | 83 | 54.4 | 194 | 156.5 | 168 | 5.2 | 19 | 0.7 | 10 | 14.2 | 117.5 |
| 1963 | 120.5 | 69 | 57.9 | 90 | 177 | 188 | 0.2 | 6 | 2.8 | 28 | 6.8 | 42.5 |
| 1964 | 231.9 | 144 | 98.5 | 141 | 198.5 | 192 | 0.2 | 20 | 3.9 | 20.5 | 17.5 | 76.1 |
| 1965 | 234.6 | 141 | 73.1 | 87 | 192.9 | 211 | | | 9.2 | 40 | 14.2 | 49 |
| 1966 | 254 | 180 | 95.1 | 125 | 212.8 | 269 | | | 7.9 | 39.5 | 23 | 115 |
| 1967 | 224.2 | 149 | 156 | 213 | 193.5 | 217 | | | 4.7 | 22.4 | 29.5 | 155.3 |
| 1968 | 194.1 | 124.4 | 78.8 | 109 | 128.4 | 142 | | | 4 | 20 | 14.1 | 70.5 |
| 1969 | 165.3 | 114 | 107.1 | 132 | 147 | 147 | | | 2.1 | 21 | 22.9 | 134.7 |
| 1970 | 212.9 | 151 | 100 | 127 | 203.1 | 203 | 0.4 | 40 | 3.5 | 26.9 | 18.1 | 113.4 |
| 1971 | 220.8 | 166 | 74 | 140 | 296.6 | 262 | 0.9 | 45 | 1.8 | 16.4 | 13.8 | 62.7 |
| 1972 | 305.7 | 151 | | | 207.6 | 233 | | | 2.6 | 26 | 16.6 | 103.8 |
| 1973 | 252.3 | 203 | 122.4 | 170 | 246.1 | 246 | | | 3.1 | 31 | 19.4 | 129.3 |
| 1974 | 225.6 | 178 | 106.4 | 140 | 312.8 | 329 | 4 | 133 | 2.2 | 22 | 22.3 | 148.7 |
| 1975 | 255.7 | 195 | 141.4 | 196 | 235.5 | 236 | 53 | 133 | 1.8 | 16.3 | 22.3 | 159 |
| 1976 | 250 | 202 | 120 | 158 | 261.4 | 225 | 3.1 | 155 | 2.8 | 31 | 21.3 | 165.1 |
| 1977 | 198.4 | 154 | 132.2 | 181 | 283.3 | 226 | 1.2 | 80 | 1.9 | 23.7 | 23.6 | 241.8 |
| 1978 | 186.8 | 161 | 160 | 200 | 212.2 | 163 | 1.5 | 38 | 1.9 | 23.7 | 25.7 | 151.2 |
| 1979 | 305 | | 138 | | 264 | 220 | 12.4 | 620 | 2.3 | 32.8 | | |
| 1980 | 342.5 | | 160.2 | | 242 | 210 | 40 | 571 | 2.4 | 34.3 | 30.4 | 190 |
| 1981 | 332.4 | 266 | 204 | 200 | 224.6 | 212 | 55.5 | 617 | 2.5 | 31.3 | 32.3 | 190 |
| 1982 | 356.8 | 316 | 333.6 | 263 | 288.8 | 265 | 61.6 | 616 | 3.5 | 43.8 | 61.5 | 341.6 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1983 | 522.6 | 436 | 443.5 | 349 | 314.6 | 311 | 67.2 | 516 | 4.8 | 53.3 | 68.4 | 236.1 |
| 1984 | 569.1 | 434 | 412.3 | 349 | 384.8 | 332 | 85.2 | 568 | 5.2 | 65 | 69.9 | 249.6 |
| 1985 | 519.4 | 400 | 338.8 | 308 | 445.8 | 381 | 70.5 | 470 | 5.9 | 98.3 | 79 | 225.7 |

## چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى

جەدۋەل: 7 — 2 بىرلىكى: 10 مىڭ مو

| يىللار | تېرىلغۇ يەر كۆلىمى | تېرىلغان ئومۇمىي يەر كۆلىمى | بۇغداي | قوناق: ئومۇمىي يەر كۆلىمى | قوناق: بۇنىڭ ئىچىدە ئېگىزگە تېرىلغىنى | شال | كېۋەز | ياغلىق دان | قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 2.29 | 2.29 | 1.17 | 0.74 | | | 0.10 | 0.04 | 0.15 | 0.09 |
| 1950 | 2.56 | 2.54 | 1.30 | 0.75 | | | 0.12 | 0.11 | 0.17 | 0.09 |
| 1951 | 2.71 | 2.68 | 1.24 | 0.97 | | | 0.10 | 0.13 | 0.18 | 0.06 |
| 1952 | 3.07 | 3.04 | 1.83 | 0.78 | | | 0.08 | 0.18 | 0.09 | 0.08 |
| 1953 | 3.05 | 2.88 | 1.90 | 0.55 | | | 0.10 | 0.21 | 0.07 | 0.04 |
| 1954 | 3.02 | 2.77 | 1.72 | 0.50 | | | 0.10 | 0.26 | 0.09 | 0.10 |
| 1955 | 3.19 | 3.08 | 1.61 | 0.57 | | | 0.11 | 0.58 | 0.16 | 0.05 |
| 1956 | 3.25 | 4.21 | 1.66 | 0.70 | | | 0.30 | 0.39 | 0.11 | 1.05 |
| 1957 | 3.56 | 3.50 | 1.84 | 0.89 | | | 0.31 | 0.26 | 0.12 | 0.08 |
| 1958 | 3.72 | 4.38 | 1.97 | 1.05 | 0.18 | | 0.39 | 0.29 | 0.35 | 0.33 |
| 1959 | 4.03 | 4.43 | 1.76 | 1.26 | 0.10 | 0.01 | 0.47 | 0.26 | 0.22 | 0.45 |
| 1960 | 5.49 | 5.79 | 2.85 | 1.51 | 0.19 | | 0.58 | 0.18 | 0.35 | 0.32 |
| 1961 | 4.26 | 5.59 | 3.45 | 1.22 | 0.12 | 0.19 | 0.13 | 0.16 | 0.24 | 0.20 |
| 1962 | 4.15 | 4.28 | 2.48 | 0.93 | | 0.28 | 0.07 | 0.12 | 0.32 | 0.08 |
| 1963 | 4.33 | 3.92 | 2.38 | 1.01 | | 0.03 | 0.10 | 0.16 | 0.08 | 0.16 |
| 1964 | 3.27 | 3.90 | 2.31 | 1.03 | | 0.01 | 0.19 | 0.23 | 0.11 | 0.02 |
| 1965 | 3.51 | 4.07 | 2.50 | 0.91 | | | 0.23 | 0.29 | 0.09 | 0.05 |
| 1966 | 3.51 | 3.52 | 2.17 | 0.79 | | | 0.20 | 0.20 | 0.08 | 0.08 |
| 1967 | 3.72 | 3.77 | 2.23 | 0.95 | 0.06 | | 0.21 | 0.19 | 0.12 | 0.07 |
| 1968 | 3.91 | 4.07 | 2.28 | 0.96 | 0.06 | | 0.20 | 0.20 | 0.32 | 0.11 |
| 1969 | 3.85 | 3.76 | 2.26 | 1 | | | 0.10 | 0.17 | 0.14 | 0.09 |
| 1970 | 3.83 | 3.70 | 2.20 | 1 | | 0.01 | 0.13 | 0.16 | 0.12 | 0.08 |
| 1971 | 3.47 | 3.65 | 1.87 | 1.16 | 0.03 | 0.02 | 0.11 | 0.28 | 0.13 | 0.08 |
| 1972 | 3.47 | 3.33 | 2.02 | 0.89 | | | 0.10 | 0.17 | 0.13 | 0.02 |
| 1973 | 3.46 | 3.37 | 1.96 | 1 | | | 0.10 | 0.15 | 0.13 | 0.03 |
| 1974 | 3.48 | 3.48 | 2.03 | 0.95 | | 0.03 | 0.10 | 0.15 | 0.13 | 0.09 |
| 1975 | 3.46 | 3.56 | 2.03 | 1 | | 0.04 | 0.11 | 0.25 | 0.13 | |
| 1976 | 3.37 | 3.76 | 2 | 1.16 | 0.18 | 0.02 | 0.09 | 0.16 | 0.15 | 0.18 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 0.33 | 0.18 | 0.06 | 0.08 | 0.02 | 0.23 | 1.25 | 2.02 | 3.94 | 3.42 | 1977 |
| 0.41 | 0.14 | 0.23 | 0.08 | 0.04 | 0.40 | 1.30 | 1.96 | 4.16 | 3.25 | 1978 |
| 0.56 | 0.20 | 0.16 | 0.07 | 0.02 | 0.40 | 1.20 | 2 | 4.21 | 3.23 | 1979 |
| 0.58 | 0.11 | 0.22 | 0.07 | 0.07 | 0.42 | 1.15 | 2.19 | 4.26 | 3.23 | 1980 |
| 0.09 | 0.12 | 0.17 | 0.08 | 0.09 | 0.53 | 1.06 | 2.27 | 3.88 | 3.28 | 1981 |
| 0.18 | 0.10 | 0.18 | 0.08 | 0.10 | 0.77 | 1.09 | 2.40 | 4.13 | 3.28 | 1982 |
| 0.16 | 0.15 | 0.26 | 0.09 | 0.13 | 0.79 | 1.01 | 2.47 | 4.27 | 3.35 | 1983 |
| 0.23 | 0.12 | 0.28 | 0.08 | 0.15 | 1.01 | 1.16 | 2.49 | 4.52 | 3.28 | 1984 |
| 0.07 | 0.14 | 0.35 | 0.06 | 0.15 | 0.96 | 1.17 | 2.40 | 4.34 | 3.15 | 1985 |

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 1956 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە 3000 — 5800 مو بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان يىللاردا بىردەك 1000 مو ئۆپچۆرىسىدە بولدى؛ قىچا، ياغلىق ئاپتاپپەرەس كۆپىنچە ئېتىزغا تېرىلدى، كەندىر ئادەتتە ئېتىز ياقىسىدىكى بۆلۈك - پۇشقاقلارغا تېرىلدى. ياغلىق دان زىرائەت كۆلىمى 1949 - يىلى ئاران 400 مو ئىدى. 1955 - يىلى 5800 موغا يەتتى. 1969 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئادەتتە 1000 مو چامىسىدا بولۇپ كەلدى.

2) مەھسۇلاتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى، كېۋەزنىڭ ساپ پاختا بويىچە مو بېشى مەھسۇلاتى ئاران 3 — 4 جىڭ، ياغلىق داننىڭ 47.5 جىڭ ئىدى، دېھقانچىلىق شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتى تېز ئۆستى. 1985 - يىلى ساپ پاختىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 98.3 جىڭغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 24.6 ھەسسە ئۆستى؛ ياغلىق داننىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 225.7 جىڭغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 2.4 ھەسسە ئۆستى.

## § 4 . دېھقانچىلىق تېخنىكىسى

### 1. تېرىقچىلىق تۈزۈمى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، چاقىلىق ناھىيىسى تېرىقچىلىق تۈزۈمىنى كۆپ قېتىم ئىسلاھ قىلدى.

1) كۈزلۈك تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا چاقىلىق ناھىيىسىدە زىرائەتلەر ئاساسەن ئەتىياز ۋە يازدا تېرىلاتتى. كۈزدە تېرىلىدىغان زىرائەتلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. كۈزگى بۇغداي ئاران 2000 مو ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %10 تىگىمۇ يەتمەيتتى. 50 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە كۈزدە تېرىلىدىغان زىرائەتلەر كۆلىمى يىلدىن - يىلغا كېڭەيتىلدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە كۈزدە تېرىلىدىغان زىرائەتلەر ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %40 ئۆپچۆرىسىگە يەتتى.

2) قۇر ئارىلىرىغا تېرىش، كىرىشتۈرۈپ تېرىشنى ئېتىزغا تېرىشقا ئۆزگەرتىش چاقىلىق ناھىيىسىدە ئەزەلدىن تارتىپ قۇر ئارىسىغا تېرىش، كىرىشتۈرۈپ

تېرىش ۋە ئېگىزغا تېرىشتەك 3 خىل تېرىش شەكلى بار ئىدى. يېڭى تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئېگىزغا تېرىش كۆلىمى تەدرىجىي كېڭەيتىلدى. 1985- يىلغا كەلگەندە ئېگىز تېرىلغۇسى كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىدى. قۇر ئارىلىرىغا تېرىش، كىرىشتۈرۈپ تېرىشتا يەر، قۇياش نۇرى، ئىسسىقلىق ۋە سۇ بايلىقىدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولىدۇ، بۇ ئۇسۇل چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماس كېلىدۇ. ئۇ ئاساسەن يازغى بۇغداي بىلەن قوناقنى، يازغى بۇغداي بىلەن سەۋزە ۋە قىچىنى، قوناق بىلەن سېرىق پۇرچاقنى شۇنداقلا يازغى بۇغداي بىلەن يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكلىرىنى كىرىشتۈرۈپ تېرىشتا قوللىنىلىدۇ. قۇر ئارىلىرىغا تېرىش، كىرىشتۈرۈپ تېرىشتا چوڭ ئېتىزلار بويىچە پەرۋىش قىلىش قۇلايسىز بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىت ھەم كۈچ كۆپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۇسۇلنى ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى ئادەم كۆپ، يەر ئاز، ئوغۇت بىلەن سۇ يېتەرلىك جايلاردا كىچىك كۆلەمدە قوللىنىشقىلا بولىدۇ.

بالدۇر پىشىدىغان سورتلارنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئېگىز تېرىلغۇسىنىڭ ئەۋزەللىكلىرى بىر قەدەر روشەنلەشتى، ئۇنىڭدا تېرىشتىن ئاۋۋال يەر ئاغدۇرۇلۇپ، ئاساسىي ئوغۇت يېتەرلىك بېرىلسىلا، زىرائەت تەكشى ئۈنۈپ، ئوبدان ئۆسىدۇ، ئۇنى باشقۇرۇشمۇ ئاسان. 60 -، 70 - يىللىرى ئېگىز قونىقى تېرىشتا ئۆسۈش مەزگىلى قىسقا بولغان «60 كۈنلۈك» قوناقلا تېرىلغان، ئۇنىڭ مەھسۇلاتى تۆۋەن بولغاچقا، كۆپ مەنپەئەت كۆرۈلمىگەن. 80 - يىللارغا كەلگەندە كۈزگى بۇغداينىڭ ئېسىل سورتلىرىدىن «417» تېرىلدى. ئۇنىڭ ئۆسۈش ۋاقتى 7 كۈندىن 10 كۈنگىچە بالدۇر بولغاچقا، ئۇنىڭ ئېگىزىغا «90 كۈنلۈك» قوناق تېرىلىپ، مەھسۇلات زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ۋاشەرى يېزىسى ئېگىز تېرىلغۇسىدا قىچىنى ئاساس قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئەمگەك كۈچى يېتىشمەي ئېگىز تېرىلغۇ ۋاقتى كېچىكىپ كېتىش، بالدۇر ئۆششۈك تېگىپ مەھسۇلاتقا تەسىر يېتىشتەك مەسىلىلەر ھەل قىلىندى.

3) قوناقنى ئاق يەرگە تېرىشنى ئېگىزغا تېرىشقا ئۆزگەرتىش ئىلگىرى بالدۇر قوناق تېرىلغاندا، باش ئەتىيازدا تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولغاچقا، مايسا تولۇق چىقمايتتى، مايسىنىڭ ئۆسۈش ۋاقتى ئۇزۇن بولغاچقا، مايسا مەزگىلىدە قۇرغاقچىلىققا ئۇچرايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەتىيازدا بۇغداي بىلەن سۇ تالىشىپ قالاتتى، 7-، 8 - ئايلاردىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا نەملىك تۆۋەنلەپ كېتىپ، دان چېچەكلىرىنىڭ چاڭلىنىشى ياخشى بولماي، ھوسۇل تۆۋەنلەپ كېتەتتى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، بالدۇر قوناق تېرىش ئېگىز قونىقى تېرىش (6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بۇغداي ئورۇلۇپ بولۇش، 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن بۇرۇن قوناق تېرىلىپ بولۇش) قا ئۆزگەرتىلىپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1983 - يىلدىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ۋاشەرى يېزىسىدا مەلۇم كۆلەمدە بالدۇر قوناق تېرىلغاندىن سىرت، تىكەنلىك، ئۆتام يېزىلىرىدا بالدۇر قوناق تېرىش ئاساسىي جەھەتتىن ئېگىز قونىقى تېرىشقا ئۆزگەرتىلدى.

4) چېچىپ تېرىشنى قۇرلاپ تېرىش ۋە ئۆۋۈلاپ تېرىشقا ئۆزگەرتىش 1955- يىلدىن بۇرۇن، چاقىلىق ناھىيىسىدە تېرىلغۇ ئىشلىرىدا پۈتۈنلەي چېچىپ تېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلاتتى، كېيىن سېيالكا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، بۇغداي قۇرلاپ تېرىلىدىغان، قوناق ئۆۋۈلاپ تېرىلىدىغان بولدى، ئەمما شال يەنىلا چېچىپ تېرىلدى.

## 2. زىرائەت ئۆستۈرۈش

1) بۇغداي: چاقىلىق ناھىيىسىدە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، قۇۋۋىتى

كۈچلۈك، پىرسەنتلىك نىسبىتى يۇقىرى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇپ، بۇغداينىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق؛ ئەمما قىش پەسلى قار توختىمايدۇ، بۇ، كۈزگى بۇغداينىڭ قىشتىن بىخەتەر چىقىشىغا پايدىسىز. ئەتىياز پەسلىدە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى تېز، ۋاقىت قىسقا، ھاۋا قۇرغاق، پارلىنىش كۈچلۈك بولىدۇ، 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا قۇرۇق ئىسسىق شامال كۆپ چىقىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇغداي مەھسۇلاتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

كۈزگى بۇغداي تېرىشقا 15℃ ـ 18℃لىق تېمپېراتۇرا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ، يەنى چاقىلىق ناھىيىسىدە كۈزگى بۇغداي 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە تېرىلسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ، 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن ئاي ئاخىرىغىچە تېرىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. 10 ـ ئايدىن كېيىن تېرىشقا بولمايدۇ. تېرىلغۇ خىزمىتىدە كۈزگى بۇغداي ئۈنگەندىن كېيىن، 45 كۈن ئۆپچۆرىسىدە ئۆسۈش ۋاقتى بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىنسا، ئاندىن بۇغداي قىشتىن بىخەتەر ئۆتەلەيدۇ. يازغى بۇغداينى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى يەرنىڭ ئۈستى قەۋىتى 5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ئېرىگەن چاغدا تېرىغان ياخشى. كۈزگى بۇغداينىڭ ھەر موسىدا 250 ـ 300 مىڭ تۈپ («بانۇڭ 7416» سورتى بۇنىڭ سىرتىدا)، يازغى بۇغداينىڭ ھەر موسىدا 350 ـ 400 مىڭ تۈپ ئاساسىي مايسا بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تۇپرىقىدا فوسفور كەمچىل، شۇڭا مۇۋاپىق فوسفورلۇق ئوغۇت بېرىلسە، بۇغداي مەھسۇلاتىنى ئۆستۈرۈشتە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئوغۇتلارنى ئىشلىتىشكىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك.

2) قوناق چاقىلىق رايونىنىڭ تەبىئىي شارائىتى بالدۇر قوناققا پايدىسىز، ئاساسلىقى، چاڭلىنىش مەزگىلىدە تېمپېراتۇرا بەك يۇقىرى بولىدۇ، 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا يۇقىرى تېمپېراتۇرا ≥35℃ بولىدىغان كۈنىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى 34 كۈن بولىدۇ، بۇنداق ۋاقىتلاردا گۈل چاڭلىرى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قۇرۇپ كېتىدۇ ـ دە، چۈشكەن چاڭلارنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ؛ يەنە بىر جەھەتتىن، بالدۇر قوناق مايسىلىرى ئۆسىدىغان ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىلدە مايسىلار سۇ تەلەپ قىلغان چاغدا، ناھىيە بويىچە سۇ جىددىي بولىدۇ، 7 ـ ئايدا كەنجى قوناق تېرىلسا، چېچەكلەيدىغان مەزگىلدە يۇقىرى تېپېراتۇرىلىق ۋاقىت ئۆتۈپ بولىدۇ، سۇ بىلەن تەمىنلەشمۇ بىر قەدەر يېتەرلىك بولىدۇ.

بالدۇر قوناق ئادەتتە يەرنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىنىڭ 10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى توپىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 10℃ ـ 12℃قا يەتكەندە، يەنى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تېرىلىدۇ. كەنجى قوناق (ئېگىز قونىقى) بۇغداي ئېگىزىغا تېرىلىدۇ، بۇغداينى ئورۇۋالغاندىن كېيىن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تېرىۋېلىش كېرەك. ۋاقىت سوزۇلۇپ كەتسە، كېيىنكى مەزگىلدە ئىسسىقلىق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن قوناق پىشماي قالىدۇ.

3) كېۋەز چاقىلىق ناھىيىسىدە كېۋەزنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدە (4 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە) نۇر ـ ئىسسىقلىق مەنبىيى مول، قىروسىز مەزگىل ئۇزۇن بولۇپ، تولۇق پىشىدىغان قورۇقلۇق كېۋەزنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. ئەمما باھار پەسلىدىكى 4 ـ، 5 ـ ئايلاردا ھاۋارايى مۇقىم بولمايدۇ، تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ھەمىشە باھار سوغۇقى ۋە باھار ئالمىشىش سوغۇقى بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ، چىگىتنىڭ بىخ سۈرۈپ چىقىشىغا توسالغۇ بولىدۇ ـ دە، چىگىت سېسىپ كېتىدۇ ياكى كېۋەز مايسىلىرى ئۈششۈپ كېتىدۇ. ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 قېتىم 8 بال بوران چىقىدۇ، بوراندا بەزىدە كېۋەز تۈپلىرى قورۇلۇپ، كەڭ دائىرىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. 6 ـ، 7 ـ ئاي ئارىلىقىدا

تېمپېراتۇرا يۇقىرى، ھاۋا قۇرغاق بولۇپ، كېۋەز غوزىلىرى كۆپلەپ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. دەسلەپكى ئۈششۈك بالدۇر چۈشكەن يىللىرى ئۈششۈك تەگكەن غوزىلار كۆپرەك بولىدۇ.
ئىلگىرى ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش بىر تەرەپلىمە تەكىتلىنىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا سەل قارالغانلىقتىن، ئېتىز پەرۋىشى تۇجۇپىلەپ ئىشلەنمەي، مەھسۇلات بىر قەدەر تۆۋەن بولاتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن، كېۋەز پەرۋىشىدە بىر قاتار ئىلغار تېخنىكىلار كېڭەيتىلىپ، مەھسۇلات سەل ئاشۇرۇلدى. 1982 ـ يىلدىن كېيىن سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى تەدرىجىي كېڭەيتىلگەنلىكى، كېۋەز كۆلىمى پەيدىنپەي كۆپەيتىلگەنلىكى ئۈچۈن، مەھسۇلاتى مۇقىم ئاشتى، 1985 ـ يىلغا كەلگەندە، ھەر مو يەردىن ئېلىنغان ساپ پاختا 3 ـ 98 جىڭغا يەتتى.

## 3. سورت ياخشىلاش

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدىكى زىرائەت سورتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاساسەن يەرلىك سورتلار ئىدى.
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شارائىتقا بېقىپ ئىش كۆرۈلۈپ، تۈرلۈك زىرائەت سورتلىرىدىن بىر مۇنچىلىرى تۈركۈملەپ كىرگۈزۈلدى. سىناق قىلىش، سېلىشتۇرۇش، ئۈلگە كۆرسىتىش، كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇ يەرگە ماس كېلىدىغان مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمى روشەن بولغان بىر تۈركۈم سورتلار يېتىشتۈرۈلدى.
1) بۇغداي بۇغداي كۈزگى بۇغداي ۋە يازغى بۇغداي دەپ ئايرىلىدۇ.
يازغى بۇغداي ئازادلىقتىن بۇرۇن چاقىلىق ناھىيىسىدە يازغى بۇغداي ئاساس قىلىناتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنى 50 ـ يىللىرى يەرلىك قىزىل بۇغداي بىلەن يازغى بۇغداي ئاساس قىلىنغانىدى، 60 ـ يىللىرى قەشقەر ئاق يازغىسى كەلتۈرۈلۈپ، يەرلىك يازغى بۇغداينىڭ ئورنىغا دەسسىتىلىپ، ئاساسلىق تېرىلىدىغان يازغى بۇغداي سورتى قىلىندى. 70 ـ يىللاردا يەنە «ئازاد III» كىرگۈزۈلدى، بۇ قەشقەر ئاق يازغىسى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. 80 ـ يىللىرى «ئازاد III» ئاساسلىق تېرىلىدىغان سورت قىلىندى، يەنە «282» كىرگۈزۈلۈپ يانداشما سورت قىلىندى. بۇ سورتلار چاقىلىقنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تېرىلماقتا.
كۈزگى بۇغداي 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا تېرىلغۇ كۆلىمى تەدرىجىي كېڭەيتىلدى. 50 ـ يىللاردا يەرلىك قىزىل، ئاق كۈزگى بۇغدايلار ئاساس قىلىنغان، كېيىن «ئوكرائىنا ـ 0246» سورتى كىرگۈزۈلدى. 60 ـ يىللىرى «خۇابېي ـ 187» ۋە «باقىبوق» سورتى كىرگۈزۈلدى. ئەمما يەنىلا يەرلىك كۈزگى بۇغداي سورتى ئاساس قىلىندى. 70 ـ يىللىرى بايىنغولىن I، II، III ۋە «731087» كىرگۈزۈلدى، بۇلاردىن بايىنغولىن II ئاساسلىق سورت، «731087» يانداشما سورت قىلىندى. 80ـ يىللىرى «417 (بايىنغولىن كۈزگىسى IV)»، «قەشقەر كۈزگىسى ـ I»، «1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ـ 7416» ۋە «تاڭشەن ـ 6898» سورتلىرى كىرگۈزۈلۈپ، «417» سورتى ئاساسلىق تېرىلدى، «1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ـ 7416» يانداشما سورت قىلىندى.
2) قوناق 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يەرلىك سېرىق قوناق، ئاق ئات چىشى قوناق، 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرا ـ كېيىنكى مەزگىللىرىدە باشقا جايلار ئارقىلىق ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلگەن «ئالتۇن خانىش» ئاق يەرگە تېرىلىدىغان ئاساسلىق قوناق سورتى قىلىندى. 60ـ يىللىرى كىرگۈزۈلگەن «شۇاڭجياۋ ـ 156» ۋە 70 ـ يىللىرى كىرگۈزۈلگەن «جۇنشۇاڭ I» قاتارلىق سورتلار چاقىلىقنىڭ كىلىمات ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلمىدى. كىلىمات ئامىللىرى

تۆپەيلىدىن 80 - يىللىرى ئاق يەرگە تېرىلىدىغان قوناق كۆلىمى 2500 مو ئۆپچۆرىسىگە قىسقارتىلدى، ئاساسەن ئېگىز قونىقىغا تايىنىلدى. 70 - يىللاردىن باشلاپ ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى يىلدىن - يىلغا كېڭەيتىلىپ، 1985 - يىلغا كەلگەندە 9000 موغا يەتكۈزۈلدى. ئاساسلىق سورت بولغان 60 كۈنلۈك قوناقنىڭ ئورنىنى 90 كۈنلۈك قوناق ئالدى.

3) شال شالنىڭ كۆلىمى كەڭ ئەمەس، ئاساسەن «ۋۇزى - 28» سورتى تېرىلىدۇ.

4) كېۋەز كېۋەز چاقىلىق ناھىيىسىدە ئۈزى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزى ساتىدىغان زىرائەت ھېسابلىنىدۇ، ئادەتتە يىلىغا 1000 مو تېرىلىدۇ، ئەڭ كۆپ تېرىلغان يىلى 5800 مو تېرىلدى. 50 - يىللىرى «س - 3173» ۋە «108 - ف» ئاساسلىق سورت قىلىنغانىدى. 60 - يىللىرى «1543 - kk» ۋە شىنخەي كېۋىزى كىرگۈزۈلدى. 70 - يىللىرى «بايىنغولىن - 172»، 80 - يىللىرى «ھەربىيلەر كېۋىزى - 1» ئاساسلىق سورت قىلىندى.

5) ياغلىق دان چاقىلىق ناھىيىسىدە ياغلىق دان زىرائەتلىرىدىن قىچا، ياغلىق ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا، زىغىر، كەندىر قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. ۋاششەرى يېزىسىدا قىچا تېرىش ئاساس قىلىنىدۇ. تىكەنلىك يېزىسى بىلەن ئوتام يېزىسىدا ياغلىق ئاپتاپپەرەس ئاساس قىلىنىدۇ، باشقا ياغلىق دان زىرائەتلىرى ھەممە يېزىلاردا تېرىلىدۇ. ياغلىق دان زىرائەتلىرىدىن 70 - يىللاردىن بۇرۇن زاراڭزا، كەندىر ئاساس قىلىناتتى، كېيىن زاراڭزا كۆلىمى يىلدىن - يىلغا ئازايدى. 70 - يىللاردىن باشلاپ قىچا تېرىلدى، قارا قىچا، مېنيۈەن قىچىسى ۋە ئېگىز قىچىسى ئاساسلىق سورت قىلىندى. 80 - يىللاردىن باشلاپ ئېگىز قىچىسىلا تېرىلىدىغان بولدى. ئاپتاپپەرەس ياغلىق ئاپتاپپەرەس ۋە چېقىپ يېيىلىدىغان ئاپتاپپەرەس دەپ 2 خىلغا ئايرىلىدۇ. ياغلىق ئاپتاپپەرەس 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە كەلتۈرۈلۈپ، ئېگىزغا تېرىلدى. زىغىرنىڭ يەرلىك زىغىر ۋە چىڭخەي زىغىرى دېگەن 2 سورتى ناھايىتى ئاز كۆلەمدە تېرىلدى.

## § 5 . ئۆسۈملۈك ئاسراش

### 1. ئاساسلىق كېسەللىك ئاپىتى

1) بۇغدايدا باشاق قارىداش كېسىلى، دات كېسىلى، ۋىرۇس كېسىلى بولىدۇ.
2) قوناقتا قاراباش كېسىلى، ۋىرۇس كېسىلى بولىدۇ.
3) كېۋەزدە يىلتىز چىرىش كېسىلى، ئۈچلۈق داغ كېسىلى، يىگىلەش كېسىلى بولىدۇ.
4) يېسىۋىلەكتە كۆكىرىش كېسىلى، ئاق توزان كېسىلى، چىرىش كېسىلى بولىدۇ.

### 2. ئاساسلىق ھاشارات ئاپىتى

1) يەر يولۋىسى ئۇ چاقىلىق ناھىيىسىدىكى قوناق، كېۋەز، قوغۇن، كۆكتات قاتارلىق كۆپ خىل زىرائەتلەرگە چۈشىدىغان چوڭ زىيانداش ھاشارات بولۇپ، ئۇنىڭ تارقىلىشى كەڭ، خەۋپى ئېغىر، زىيىنى چوڭ. چاقىلىق ناھىيىسىدە يەر يولۋىسىنىڭ تۈرى بەك كۆپ بولۇپ، سېرىق يەر يولۋىسى، سەگەك يەر يولۋىسى، چىپار يەر يولۋىسى قاتارلىقلار بار.

2) بۇغداي پىتى بۇغدايدا ئاچا تومۇرلۇق كۆك پىت ۋە ئۇزۇن تۇمشۇق پىت قاتارلىقلار بولىدۇ، ئۇ ئارىلاپ پەيدا بولىدىغان چوڭ زىياندىش ھاشارات ھېسابلىنىدۇ.

3) موزايئۆپشى ئاساسلىقى شىمالىي جۇڭگو موزايئۆپشى بولۇپ، ئۇ 70 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاندا - ساندا پەيدا بولۇشقا باشلىغان، ئۇ ئاساسەن كۆكتات مايسىلىرىغا زىيان سېلىپ، مايسا كەملەش، مايسا ئالا بولۇپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. موزايئۆپشى ئاساسەن ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى بەزى ئېتىزلارغا تارقالغان بولۇپ، يىلدىن - يىلغا كۆپەيمەكتە.

4) قىزىلباش قۇرت بۇ، بۇغداي ۋە قوناققا زىيان سالىدىغان كەڭ تارقالغان ھاشارات بولۇپ، جايلار ۋە دائىرىلەر بويىچە يۇز بېرىپ تۇرىدۇ، زىيىنى يېنىكرەك بولىدۇ.

5) باشقا ھاشاراتلار ئاساسەن شاپتۇل قۇرتى، ئۆرۈك قۇرتى، بېدە قۇرتى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى تېز، زىيىنى ئېغىر بولىدۇ.

6) قوناق كانىسى ئۇ، ئاساسەن، قوناق، ئاپتاپپەرەس، قوغۇن - تاۋۇز، پىدىگەن قاتارلىق زىرائەتلەرگە زىيان سالىدۇ. ھەر يىلى كۈز پەسلىدىكى زىيىنى ئېغىر بولىدۇ. ئۇنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتى ئادەتتە %15 - %20 تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

7) قوناق ئۆزەك قۇرتى بۇ، قۇرت يەيدىغان نەرسىلەر مۇرەككەپرەك بولۇپ، ئاساسەن، قوناقنىڭ ئۆزىكىگە زىيان سالىدۇ. پەمىدۇر، باقلا، يېسى پۇرچاق، قىزىلمۇچلارغىمۇ زىيان سالىدۇ، ئادەتتىكىچە زىيان سالغاندا مەھسۇلات %20 چامىسىدا كېمىيىدۇ، ئېغىر بولغاندا %50 تىن كۆپ كېمىيىدۇ، كۈز پەسلىدە زىيان ئەڭ ئېغىر بولىدۇ.

### چاقىلىق ناھىيىسىدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە بولىدىغان ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلەر

جەدۋەل: 7 — 3

| زىيانداش ھاشارات نامى | تارقالغان رايون | زىيان سېلىش دەرىجىسى |
|---|---|---|
| سېرىق يەر يولۋىسى | ناھىيە بويىچە | زىيىنى ئېغىرلىقتىن يېنىكلەيدۇ، بىر قەدەر كۆپ |
| سەگەك يەر يولۋىسى | ناھىيە بويىچە | ئازراق |
| كىچىك يەر يولۋىسى | ناھىيە بويىچە | ناھايىتى ئاز |
| موزايئۆپشى | «غالىبىيەت»، «ئىتتىپاق» گۈڭشې (يېزا) | ئاز ساندا، يېنىك |
| قىزىلباش قۇرت | ناھىيە بويىچە | يېنىك |
| سىم قۇرت | «غالىبىيەت»، «ئىتتىپاق» گۈڭشې (يېزا) | يېنىك |
| كېۋەز غوزا قۇرتى | ناھىيە بويىچە | قوناق، پەمىدۇر، باقلاغا زىيان سالىدۇ، ئېغىر |
| بۇغداي كۆك پىتى | ناھىيە بويىچە | يېنىكلىكتىن ئېغىرلايدۇ |
| بۇغداي ئۇمۇچۇكى | ناھىيە بويىچە | يېنىكلىكتىن ئېغىرلايدۇ |
| تېرە تىرىپىسى | «غالىبىيەت»، «ئىتتىپاق» گۈڭشې (يېزا) | جايلار ۋە دائىرە بويىچە يۈز بېرىدۇ، زىيىنى يېنىك بولىدۇ |
| كانا | ناھىيە بويىچە | قوناق، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات، پۇرچاق تۈرلىرىگە زىيىنى ئېغىر |

| | | |
|---|---|---|
| شال چىۋىن قۇرتى | ۋاشقەرى گۆڭشې (يېزا) | يېنىك |
| شال پىتى | ۋاشقەرى گۆڭشې (يېزا) | ئوتتۇراھال |
| كېۋەز ئۆمۈچۈكى | ناھىيە بويىچە | يېنىك |
| كېۋەز پىتى | ناھىيە بويىچە | يېنىك |
| كاپۇستا پىتى | ناھىيە بويىچە | ئېغىر، |
| پېسمۇيلەك پىتى | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| چېپار چاي قۇرتى | ناھىيە بويىچە | ئوتتۇراھال |
| شاپتۇل نوتا قۇرتى | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| ئۆرۈك قۇرتى | ناھىيە بويىچە | ئوتتۇراھال |
| ئورمان قاسراقلىق قۇرتى | ناھىيە بويىچە | ئوتتۇراھال |
| يوپۇرماق قوڭغۇزى | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| جىگدە يوپۇرماق قوڭغۇزى | ناھىيە بويىچە | |
| شال پاشىسى | ناھىيە بويىچە | |
| بۇغمەش گۈل پەرۋانىسى | ناھىيە بويىچە | |
| كاپۇستا كېپىنىكى | ناھىيە بويىچە | |
| ئاقسىل تۇن كېپىنىكى | ناھىيە بويىچە | |

## چاقىلىق ناھىيىسىدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە بولىدىغان ئاساسلىق كېسەللىك ئاپەت ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 — 4

| كېسەللىك نامى | تارقالغان رايونلار | زىيان سېلىش دەرىجىسى |
|---|---|---|
| بۇغداي دات كېسىلى | ناھىيە بويىچە | 1964 ـ يىلى كەڭ كۆلەمدە يۈز بەردى |
| بۇغداي سارغىيىپ يىگىلەش كېسىلى | ناھىيە بويىچە | تەرەققىي قىلمۇاتىدۇ، ئەمما يېنىك |
| بۇغداي باشاق قارىداش كېسىلى | «غالىبىيەت»، «ئىتتىپاق» گۆڭشېلىرى (يېزىلىرى) | ناھايىتى يېنىك |
| قوناق ئال كېسىلى | ناھىيە بويىچە | «غالىبىيەت»، «ئىتتىپاق» گۆڭشېلىرىدا ئېغىر، ۋاشقەرىدە يېنىك |
| قوناق يىگىلەش كېسىلى | ناھىيە بويىچە | «غالىبىيەت»، «ئىتتىپاق» گۆڭشېلىرىدا ئېغىر، ۋاشقەرىدە يېنىك |
| قوناق قارا توزان كېسىلى | ناھىيە بويىچە | «غالىبىيەت»، «ئىتتىپاق» گۆڭشېلىرىدا ئوتتۇراھال، ۋاشقەرىدە يېنىك |
| ئاق قوناق قاراكۆيە كېسىلى | «غالىبىيەت»، «ئىتتىپاق» گۆڭشېلىرى (يېزىلىرى) | يېنىك |
| كېۋەز يىلتىز چىرىش كېسىلى | ناھىيە بويىچە | ئوتتۇراھال |
| قوغۇن ـ تاۋۇز ۋىرۇس كېسىلى | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |

| | | |
|---|---|---|
| پەمىدۇر ۋىرۇس كېسىلى | ناھىيە بويىچە | ئوتتۇراھال |
| سېرىق يۇگەي | ناھىيە بويىچە | ئوتتۇراھال |
| يېسىۋىلەك چىرىش كېسىلى | ناھىيە بويىچە | ئوتتۇراھال |
| باقلا قوڭۇر داغ كېسىلى | «غالىبىيەت»، «ئىستىتىپاق» گۇڭشېلىرى (يېزىلىرى) | ئېغىر |
| مېۋىلىك دەرەخلەردىكى يېلىم كېسىلى | ناھىيە بويىچە | يېنىك |

## چاقىلىق ناھىيىسىدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە بولىدىغان ئاساسلىق زىيانداش ھاشارات كۈشەندىلىرى

جەدۋەل: 7 — 5

| كۈشەندە نامى | يەيدىغان زىيانداش ھاشارات | سانى ۋە پايدىلىنىش قىممىتى |
|---|---|---|
| يېشىل چۈپ كۆمۈتىسى | كۆك پىت، كۆپ خىل زىيانداش ھاشارات تۇخۇملىرى | بىر قەدەر كۆپ، پايدىلىنىش قىممىتى زور |
| چۈپلۈك كۆك كۆمۈتىسى | كۆك پىت، كۆپ خىل زىيانداش ھاشارات تۇخۇملىرى | بىر قەدەر كۆپ، پايدىلىنىش قىممىتى زور |
| يەتتە چېكىتلىك خانقىز | كۆك پىت | كۆپ، پايدىلىنىش قىممىتى زور، كېۋەز پىتىنى تىزگىنلەيدۇ |
| توققۇز چېكىتلىك خانقىز | كۆك پىت | كۆپ، پايدىلىنىش قىممىتى زور |
| ئونبىر چېكىتلىك خانقىز | كۆك پىت | كۆپ، پايدىلىنىش قىممىتى زور |
| پىت شورىغۇچى كۆكقۇيۇن | كۆك پىت | ئوتتۇراھال، مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتى بار |
| سالجا شورىغۇچى خانقىز | زىيانداش چېكەتكە | كۆپ، پايدىلىنىش قىممىتى زور |
| ئۆمۈچۈك | كۆپ خىل زىيانداش ھاشارات | ئوتتۇراھال، پايدىلىنىش قىممىتى بار |
| پىت شورىغۇچى چىۋىن | | |
| قىزىل يىڭناغۇچ | | |

## 3. كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش

دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە ئاساسەن دېھقانچىلىق ئۇسۇللىرى بىلەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ئاساس قىلىش، خىمىيىلىك، بىئولوگىيىلىك ۋە فىزىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتارلىق تەدبىرلەرنىمۇ ماسلاشتۇرۇپ قوللىنىش كېرەك. دېھقانچىلىق ئېكولوگىيە سىستېمىسى ھەققىدىكى ئومۇمىي قاراشنى ئاساس قىلىپ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىدىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ يۈز بېرىش ئىمكانىيىتىنى ئازايتىپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە قايتا كۆپىيىشىگە پايدىلىق شارائىتنى ھازىرلاپ، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنى تېجەشلىك ئىشلەپ، بىخەتەر ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا تىزگىنلەش مەقسىتىگە يېتىش لازىم.

1) دېھقانچىلىق ئۇسۇللىرى بىلەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بۇ سورت تاللاش، زىرائەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تېرىقچىلىق مەشغۇلاتى، پەرۋىش قىلىش، كۆشەندىلەرنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) **تېرىش ۋاقتىنى تەڭشەش** قوناقنى ئاق يەرگە تېرىش ئېگىزغا تېرىشقا ئۆزگەرتىلىپ 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى تېرىلسا، يەر يولۋىسىنىڭ زىيىنىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېگىز قونىقىدا ۋىرۇس كېسىلى، كانا، ئال كېسىلى، يىگىلەش كېسىلى ۋە قارا كۆيە كېسىلىمۇ بىر قەدەر يېنىك بولىدۇ. كۈزگى بۇغداينىڭ تېرىلىش ۋاقتى مۇۋاپىق كېچىكتۈرۈلسە، بۇغداي مايسىلىرىدا بولىدىغان دات كېسىلى، كۆك پىت ۋە ۋىرۇس كېسەللىكىنىڭ زىيىنىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ. كېۋەز مۇۋاپىق ۋاقىتتا تېرىلسا، يىلتىز چىرىش كېسىلىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

(2) **كېسەللىك، ھاشاراتلارغا قارشى تۇرالايدىغان سورتلارنى تاللاش** يازغى بۇغداينىڭ «ئازاد Ⅲ» سورتى بىر قەدەر بالدۇر پىشىدۇ، بۇ سورت تېرىلسا، كۆك پىتنىڭ زىيىنىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. كۈزگى بۇغداي «417» سورتى 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ، بۇ سورت تېرىلسا كۆك پىت زىيىنىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

(3) **نۆۋەتلەشتۈرۈپ، ئېگىز ئالماشتۇرۇپ تېرىش** چاقىلىق ناھىيىسىدە تارىختىن بېرى نۆۋەتلەشتۈرۈپ، ئېگىز ئالماشتۇرۇپ تېرىش ئادىتى بار. مەسىلەن، بۇغداي ئېگىزىغا قوناق تېرىلىدۇ. كېۋەز تېرىلغان يەرگە كېيىنكى يىلى قوناق ياكى يازغى بۇغداي تېرىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق يەر يولۋىسى قاتارلىق كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىنى كۆرۈنەرلىك يېنىكلەتكىلى بولىدۇ.

(4) **تۈجۈپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىپ، ئوت - چۆپ ئوتاش ئارقىلىق ھاشارات يوقىتىش** دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، يەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا سۇغىرىپ ئوتاپ تۇرغاندا، يەر يولۋىسى ۋە كۆك پىتقا ئوخشاش كۆپ خىل كېسەللىك، ھاشاراتلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

(5) **چوڭقۇر ھەيدەش، شۇدىگەر قىلىش ۋە توڭ ياتقۇزۇش** دېھقانچىلىق ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي، مۇشۇ ئىشلار ياخشى ئىشلەنسە، يەر يولۋىسى ۋە باشقا كېسەللىك - ھاشاراتلارنى كۆپلەپ يوقاتقىلى بولىدۇ.

2) خىمىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش چاقىلىق ناھىيىسىدە 50 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە خىمىيىۋى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى كۆپلەپ ئىشلىتىش ئارقىلىق كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئىشى باشلانغان. بۇ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتا چوڭ رول ئوينىدى. مەسىلەن، بۇغداي ئۇرۇقى سېلسان بىلەن دورىلاپ تېرىلىپ، بۇغداي باشقى قارىداش كېسىلىنىڭ ئالدى ئېلىنىدى ۋە ئۇ تىزگىنلەندى. چېكەت «666» پاراشوكى بىلەن دورىلاپ تېرىلىپ، يەر يولۋىسىنىڭ زىيىنىدىن مۇداپىئە كۆرۈلدى. «1605» ۋە «1059» ئىشلىتىلىپ، كېۋەز كۆك پىتى، قىزىل ئۆمۈچۈك يوقىتىلدى. %6لىك «666» پاراشوكى ئارقىلىق تۇپراق ۋە سۇ زەھەرلەندۈرۈلۈپ، قوناقتىكى يەر يولۋىسىدىن مۇداپىئە كۆرۈلدى، شۇنىڭدەك «666» پاراشوكى، روگور ئىشلىتىلىپ، بۇغداي كۆك پىتى.قاتارلىقلاردىن مۇداپىئە كۆرۈلدى، بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

خىمىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ مۇھىتنى بۇلغاش، كۆشەندىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ۋە زەخىملەندۈرۈپ قويۇشتەك نۇقسانلىرى بار. ئەمما بۇ ئۇسۇل ياخشى، تېز ئۈنۈم بېرىدۇ. چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئومۇملاشتۇرۇپ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە،

خىمىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىر قەدەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

3) ئادەم كۈچى بىلەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بۇ، دېھقانلار كەڭ قوللىنىپ كەلگەن ئۇسۇل. مەسىلەن، ئورەك كولاپ ئوت - چۆپ دۆۋىلەپ، ئېزىقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، ئادەم كۈچى بىلەن تۇتۇش، شىرنىلىك نەرسىلەر بىلەن ئېزىقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، چىراغ نۇرى بىلەن ئېزىقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىدە مەلۇم ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

4) ئوت - چۆپ يوقىتىش ئېتىزلاردىكى ئوت - چۆپلەر زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، يەنە زىرائەتلەردىكى كېسەللىك، ھاشاراتلار ئۈچۈنمۇ پاناھگاھ بولۇپ بېرىدۇ. چاقىلىق ناھىيىسىدە قۇرغاق جايدا بولىدىغان ئوت - چۆپلەردىن ئاق لالە، قىزىل لالە، يۇگىمەچ، سېرىق يۇگەي قاتارلىقلار بار. بۇ ئوت - چۆپلەر ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا قول بىلەن ئوتىلاتتى. 1975 - يىلدىن باشلاپ، خىمىيىلىك ئوت ئۆلتۈرگۈچى دورىلار بىلەن ئوتىلىدىغان بولدى. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلاردىن دىستېبل Ⅳ خلور، ئوت - چۆپ ئۆلتۈرۈش دورىسى (شاساۋدەن) قاتارلىقلار بار.

**چاقىلىق ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە دورا چېچىش ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 7 — 6

| نامى | ئىشلىتىلىش ئەھۋالى |
|---|---|
| 1. ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىلىرى | |
| 6%لىك ئەمدىلىشچان «666» پاراشوكى | 1984 - يىلدىن ئىلگىرى كۆپ ئىشلىتىلمىگەن، ئۇنىڭ بىلەن زەھەرلىنىپ توپا ھازىرلىنىپ بۇغداي پىتى، بەر يولۋىسى قاتارلىقلارنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ |
| 25% لىك «ددت» ئېمولسىيىسى | كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ، 50 - يىللاردىن 70 - يىللارغىچە ئىشلىتىلگەن |
| «1059» ئېمولسىيىسى | 50 - يىللاردىن 60 - يىللارغىچە كۆپ ئىشلىتىلگەن، كېيىن ئىشلەش توختىتىلغان |
| «1605» ئېمولسىيىسى | |
| 40%لىك روگور ئېمولسىيىسى | 70 - يىللاردىن كېيىن بىر قەدەر كۆپ ئىشلىتىلگەن |
| 2.5%لىك روگور پاراشوكى | 70 - يىللاردا سىناق ئەرىقىسىدە ئىشلىتىلگەن، 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىشلىتىش توختىتىلدى |
| 80%لىك «ددۋ» ئېمولسىيىسى | 60 - يىللاردىن 80 - يىللارغىچە ئىشلىتىلگەن، ئىشلىتىلىشى كۆپ ئەمەس |
| 90%لىك دىپەيچىيۇڭ ئېمولسىيە مەلھىمى | 70 - يىللىرى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلگەن، 80 - يىللىرى ئىشلىتىش توختىتىلدى |
| مالاتىئون | ئاز ئىشلىتىلىدۇ |
| ئېمىن سولفۇ - فوسفور | ئاز ئىشلىتىلىدۇ |
| ھاشارات ئۆلتۈرۈش ئېغىرى | ئاز ئىشلىتىلىدۇ |
| 2. ۋىرۇس ئۆلتۈرۈش دورىلىرى | |
| سېلمان | 50 - يىللاردىن 70 - يىللارغىچە ئۇرۇق دورىلاشقا ئىشلىتىلگەن، كېيىن ئىشلىتىش توختىتىلدى |

| تىئوسولفۇن پاراشوكى | ئاز ئىشلىتىلىدۇ |
|---|---|
| 3. باشقا دېھقانچىلىق دورىلىرى | |
| كالىي خىلورد | 70 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، خىمىيىلىك ئوت ـ چۆپ ئوتاشقا ئىشلىتىلگەن، 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئازراق ئىشلىتىلگەن |
| ئوت ـ چۆپ ئوتاش ئېغىرى | 70 ـ يىللارنىڭ ئايرىم يىللىرىدا ئاز ئىشلىتىلگەن |
| كالتسىي خىلورە | 70 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلى بۇغداي ئۇرۇقىنى دورىلاشقا ئاز مىقداردا ئىشلىتىلگەن |
| پاكارلىتىش دورىسى | 80 ـ يىللاردىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلگەن، ئىشلىتىلىشى ئاز |
| 4. دورا چېچىش ماشىنىلىرى ئاق ئۆرۈبلىق دورا پۈركىگۈچ | 50 ـ يىللاردىن 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىشلىتىلگەن، كېيىن شاللىۋېتىلگەن |
| يودۇمە شەكىللىك دورا پۈركۈگۈچ | يۇقىرىغا ئوخشاش |
| «552—C» تىپلىق دورا پۈركۈگۈچ | 50 ـ يىللاردىن 70 ـ يىللارغىچە ئىشلىتىلىپ، كېيىن شاللىۋېتىلگەن |
| يۇقىرى بېسىملىق دورا پۈركۈگۈچ | 50 ـ يىللاردىن 60 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكىچە ئىشلىتىلگەن، سانى بەك ئاز |
| «ئىشچى ـ دېھقان — 16» تىپلىق دورا پۈركۈگۈچ | 70 ـ يىللاردا كۆپ ئىشلىتىلگەن، ئامما ياقتۇرۇپ ئىشلەتكەن |
| «تەڭرىتاغ — 17» تىپلىق دورا پۈركۈگۈچ | 70 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە مەلۇم ساندا ئىشلىتىلگەن |
| «ئىشچى ـ دېھقان — 36» تىپلىق دورا پۈركۈگۈچ | سانى ئاز، باغۋەنچىلىكتە ئىشلىتىلىدۇ |
| «شەرق قىزاردى — 18» تىپلىق دورا توزانلاشتۇرغۇچ | 70 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئىشلىتىلگەن، 1985 ـ يىلى سانى بىر قانچە 10غا يەتتى |
| قولدا كۆتۈرىدىغان ئېلېكتىر ماتورلۇق دورا پۈركۈگۈچ | 1979 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە ئىشلىتىلدى، 100 نەچچىسى بار |
| ئايروپىلان بىلەن دورا پۈركۈپ ھاشارات يوقىتىش | 1979 ـ يىلدىن 80 ـ يىلغىچە ئىشلىتىلدى، ئۈنۈمى ياخشى بولدى |
| «مول ھوسۇل — 5» تىپلىق قولدا ھەرىكەتلەندۈرىدىغان پاراشوك پۈركۈگۈچ | 60 — 70 ـ يىللاردا بىر قەدەر كۆپ ئىشلىتىلگەن |
| «مول — ھوسۇل — 10» تىپلىق يودۇمە پاراشوك پۈركۈگۈچ | 70 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن 1985 ـ يىلغىچە مەلۇم ساندا ئىشلىتىلگەن |

# II باب

# چارۋىچىلىق

چاقىلىق ناھىيىسىدە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. خەن سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا چارۋىچىلار ناھىيە تەۋەسىدە كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. چارۋىچىلار بۇ جاينىڭ كىلىمات، سۇ، تۇپراق، ئوتلاق قاتارلىق جەھەتلەردىكى شارائىتىغا ئاساسەن، مول ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىنى توپلاپ، يېڭىسۇ كالىسى، لوپنۇر قويى قاتارلىق يەرلىك ئېلا سورتلارنى يېتىشتۈرگەن.

چاقىلىقنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايوندا ئەلا سۈپەتلىك چوڭ ئوتلاق بار. چىڭ سۇلالىسى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆكپىلۇن تاغلىق رايونىدا چوڭ - كىچىك چىمەن تاغلىرىنى باشقۇرىدىغان چىمەن يېرىنى تەسىس قىلغان. ناھىيىلىك مەھكىمە بۇ يەرگە 14 قېتىم شاڭيو تەيىنلىگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 30 - يىلى (1905 - يىلى) بۇ يەردە 90 نەچچە ئۆيلۈك چارۋىچى، 40 مىڭدىن ئارتۇق چارۋا مال بولغان.

تارىم دەرياسى چاقىلىقنىڭ شىمالىدىكى يېڭىسۇ رايونىغا ئېقىپ كىرىدۇ. شىمالدىكى 5 دۆڭلۈكتىن جەنۇبتىكى لوپچاڭزىغىچە بولغان 160 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە سۇ، ئوت-چۆپ مول، ھەممىلا يەر توغراقلىق بىلەن تولغان بولۇپ، بۇ يەر ناھايىتى ياخشى ئوتلاق ھېسابلىنىدۇ. شۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) بۇ يەردە يېڭىسۇ يېزىسى تەسىس قىلىنغان.

جەنۇبتىكى تاغلىق رايوندا ئەلا سۈپەتلىك چوڭ ئوتلاق، شىمالدىكى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا سۈيى ۋە ئوت - چۆپى مول ئوتلاق بولغاچقا، چاقىلىقنىڭ چارۋىچىلىقى ئەزەلدىن بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى 325 ئات، 2341 كالا، 173 تۆگە، 62 مىڭ 517 تۇياق قوي، جەمئىي 65 مىڭ 356 تۇياق چارۋا بولغان.

30 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قوشايىن باندىتلىرى جەنۇبتىكى تاغلىق رايوننى ئىگىلىۋالغاچقا، چاقىلىقتىكى چارۋىچىلار چىمەنتاغ رايونىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى، كۆپ قىسىم چارۋىچىلار ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى ئوتلاققا كۆچۈپ كەلدى. ئوتلاق يېتىشمىگەچكە، چارۋا ماللار تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئۆلۈپ كەتتى. 1945 - يىلى بىر يىلدىلا ئوت - چۆپ يېتىشمەسلىك سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن چارۋا مال 18 مىڭ تۇياققا يەتتى. بۇ چاغدا چاقىلىق ناھىيىسىدە ئوتلاق چارۋىچىلىقى ۋە مەخسۇس چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەر يوق دېيەرلىك بولۇپ قالدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) پۈتۈن ناھىيىدە ئاران 2300 كالا، 400 ئات، 3000 ئېشەك، 4900 تۇياق ئۆچكە، 12مىڭ تۇياق قوي بولۇپ، جەمئىي 22 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، چارۋىچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، چارۋىچىلىقنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ قاتنىشى، مەدەنىيەت، مائارىپ، داۋالاش - سەھىيە قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. 1969 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيىدىكى چارۋا ماللارنىڭ ئومۇمىي سانى 61 مىڭ 100 تۇياققا يېتىپ، 1949 - يىلدىكى 22 مىڭ 600 تۇياقتىن 2.7 ھەسسە ئاشتى.

1970 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە بولغان 10 يىلدا چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئىلگىرىلىيەلمىدى. 1979 - يىلغا كەلگەندە، چارۋا ماللارنىڭ ئومۇمىي سانى 57 مىڭ 300 تۇياققا چۈشۈپ قېلىپ، 1969 - يىلدىكىدىن 5900 تۇياق ئازىيىپ كەتتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە «چارۋىچىلىققا ئائىت سەككىز ماددا» تۈزۈپ چىقىلىپ، پارتىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىتىلغان ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاغلىق رايوندىكى ئوتلاق بايلىقى پەيدىنپەي ئېچىلغاچقا، ئوتلاق چارۋىچىلىقى مۇقىم تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. 1985 - يىلى ناھىيىدىكى تۇرلۇك چارۋا ماللار 106 مىڭ 500 تۇياققا يەتتى، بۇنىڭدىن 1984 - يىلى چىڭخەيدىن ئېلىپ كېلىنىپ ئامان ساقلاپ قېلىنغان 19 مىڭ 188 تۇياق چارۋىنى چىقىرىۋەتكەندىمۇ، يەنە

87 مىڭ 312 تۇياققا يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكى 60 مىڭ 900 تۇياقتىن 26 مىڭ 412 تۇياق كۆپەيدى. 1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 5282 تۇياق چارۋا مال كۆپەيدى. 1985 ـ يىلى چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بىر مىليون 279 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكى 575 مىڭ يۈەندىن 704 مىڭ يۈەن ئېشىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 140 مىڭ 800 يۈەن كۆپەيدى، 5 يىلدا 1.22 ھەسسە ئاشتى. 1982 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە بولغان 5 يىلدا ئوتلاق چارۋىچىلىقىدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم يىلدىن-يىلغا ئاشتى، 1982 ـ يىلى 163 يۈەن، 1983 ـ يىلى 193 يۈەن، 1984 ـ يىلى 234 يۈەن، 1985 ـ يىلى 422 يۈەن بولدى، 1986 ـ يىلى 474 يۈەنگە يېتىپ، 1982 ـ يىلدىكىدىن 311 يۈەن كۆپەيدى، يەنى 8 يىلدا 190.8% ئاشتى.

**چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان چارۋا ماللىرىغا دائىر ستاتىستىكىلىق مەلۇمات**

جەدۋەل: 7 — 7　　　　بىرلىكى: تۇياق

| تۈرلىرى / سانى / يىللار | ئومۇمىي سان | كالا | ئات | ئېشەك | تۆگە | چوشقا | ئۆچكە | قوي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 22600 | 2300 | 400 | 3000 | | | 4900 | 12000 |
| 1950 | 23900 | 2400 | 400 | 3200 | | | 5300 | 12600 |
| 1951 | 2500 | 2500 | 400 | 3300 | | | 5700 | 13100 |
| 1952 | 21200 | 2800 | 400 | 3000 | | | 3700 | 11300 |
| 1953 | 24300 | 3700 | 400 | 3500 | | | 4600 | 12100 |
| 1954 | 27700 | 4000 | 400 | 3500 | | | 6000 | 13800 |
| 1955 | 29700 | 4300 | 600 | 3600 | | | 5300 | 15900 |
| 1956 | 31100 | 4400 | 700 | 3300 | | | 5400 | 17300 |
| 1957 | 33000 | 4200 | 600 | 350 | | 9 | 6961 | 18000 |
| 1958 | 36800 | 4100 | 600 | 3400 | 4 | 104 | 8592 | 20000 |
| 1959 | 39800 | 4100 | 600 | 3000 | 17 | 214 | 8769 | 22100 |
| 1960 | 39300 | 3600 | 600 | 1400 | 23 | 200 | 10377 | 23100 |
| 1961 | 38800 | 3000 | 600 | 1200 | 37 | 200 | 10463 | 23300 |
| 1962 | 28900 | 3000 | 600 | 1400 | 33 | 167 | 10400 | 23300 |
| 1963 | 43700 | 3100 | 600 | 1200 | 38 | 230 | 12732 | 25800 |
| 1964 | 48800 | 3300 | 700 | 1400 | 100 | 100 | 14800 | 28400 |
| 1965 | 49100 | 3400 | 700 | 1300 | 100 | 100 | 14100 | 29400 |
| 1966 | 51500 | 3700 | 700 | 1600 | 100 | 100 | 16100 | 29100 |
| 1967 | 56400 | 3100 | 1000 | 1600 | 200 | 500 | 16100 | 33900 |
| 1968 | 47500 | 2800 | 1000 | 1400 | 200 | 600 | 16100 | 28500 |
| 1969 | 61100 | 2900 | 1000 | 2000 | 200 | 400 | 21400 | 33200 |
| 1970 | 59400 | 2800 | 1100 | 1900 | 200 | 600 | 16700 | 36100 |
| 1971 | 65200 | 3000 | 1100 | 1900 | 200 | 1100 | 19400 | 38500 |
| 1972 | 66700 | 3000 | 1100 | 1900 | 200 | 1300 | 20700 | 38500 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1973 | 64300 | 3000 | 1200 | 2200 | 200 | 600 | 18600 | 38500 |
| 1974 | 67300 | 3300 | 1100 | 2200 | 200 | 400 | 22600 | 37500 |
| 1975 | 62800 | 3400 | 1000 | 2800 | 200 | 400 | 20400 | 34600 |
| 1976 | 64800 | 3000 | 1100 | 2600 | 200 | 500 | 20300 | 37000 |
| 1977 | 64700 | 3400 | 1000 | 2900 | 300 | 900 | 21800 | 34400 |
| 1978 | 61000 | 2900 | 1000 | 2500 | 300 | 700 | 15700 | 37900 |
| 1979 | 57300 | 3100 | 1000 | 3500 | 300 | 700 | 16700 | 32000 |
| 1980 | 60900 | 3200 | 1000 | 2300 | 400 | 700 | 18300 | 34000 |
| 1981 | 66500 | 3100 | 900 | 3100 | 300 | 900 | 20200 | 38000 |
| 1982 | 69712 | 3667 | 1228 | 3544 | 380 | 940 | 19391 | 40015 |
| 1983 | 73188 | 3643 | 964 | 2996 | 479 | 1161 | 19128 | 44811 |
| 1984 | 102146 | 4172 | 949 | 2700 | 625 | 1600 | 20100 | 72000 |
| 1985 | 106500 | 4200 | 1000 | 3000 | 700 | 1800 | 21100 | 74700 |

## 1 § . چارۋىچىلىق تۈزۈلمىسى

### 1. باشقۇرۇش ئاپپاراتى

مىنگو دەۋردە چاقىلىق ناھىيىسىدە چارۋىچىلىقنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپارات يوق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە قۇرۇلۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى، چارۋىچىلىق قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. كېيىن ئاپپاراتلار تەشكىللەن ۋە ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن، چارۋىچىلىقنى دېھقانچىلىق بۆلۈمى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق بۆلۈمى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار باشقۇردى.

### 2. چارۋىچىلىق مۈلۈكچىلىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى

چاقىلىق ناھىيىسىدە چارۋىچىلىق مۈلۈكچىلىكىنىڭ ئۆزگىرىشى 1953 - يىلدىن ئىلگىرىكى يەككە - خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك باسقۇچى، 1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە بولغان كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىككە پەيدىنپەي ئۆتۈش باسقۇچى، 1958 - يىلدىكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىككە ئۆزگىرىش ئاخىرقى ھېسابتا ئورۇنلىنىپ بولغان چارۋىچىلىقتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش باسقۇچى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك باسقۇچى قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتتى.

1953 - يىلدىن ئىلگىرى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ھالدا يەككە ئېلىپ بېرىلاتتى، كېيىن پەيدىنپەي پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يېتەكلىگەن ھەمكارلىشىش يولىغا قاراپ ماڭدى. 1953 - يىلى ۋاششەرىدىكى چارۋىچىلار مال بېقىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇردى. 1954 - يىلى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى يەنىمۇ كۆپەيدى. 1955 - يىلى چارۋىچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلارمۇ مال بېقىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى

قۇردى ھەمدەماللارنى بېقىپ بېرىش شەكلىنى يەنى گۇرۇپپا ئىچىدىكىلەر نۆۋەت بىلەن مال بېقىش، گۇرۇپپا سىرتىدىكى دېھقانلارنىڭ ماللىرىنى بېقىپ بېرىپ ھەق ئېلىش شەكلىنى قوللاندى.

يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش دولقۇنىدا دېھقانلار، چارۋىچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلار چوڭ چارۋىلىرىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىغا قوشتى. ئۇششاق چارۋىسى كۆپ بولغان، چارۋىچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان دېھقان ئائىلىلىرى يېرىنى كوپېراتىپقا بېرىۋېتىپ ئۆزلىرى مەخسۇس ئوتلاق چارۋىچىلىقى بىلەن شۇغۇللاندى ۋە ئوتلاقتا مال بېقىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنى قۇردى. 1956 - يىلى چوڭ چارۋىلارنىڭ كۆپ قىسمى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ كوپېراتىپقا قوشۇلدى، ئاز بىر قىسمىنى كوپېراتىپ ئەزالىرى شەخسىي باقتى، كوللېكتىپ ئىشلەتتى، ئۇششاق چارۋىلار يەنىلا شەخسلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

**1956 - يىلدىكى چارۋا ماللارنىڭ ئىقتىسادىي تىپلار بويىچە ستاتىستىكا قىلىنىشى**

جەدۋەل: 7 — 8

بىرلىكى: تۇياق

| چارۋا ماللار / تىپلار | ئات | كالا | ئېشەك | قېچىر | ئۆچكە | قوي | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالىي كوپېراتىپ ئىلكىدىكىلىرى | 418 | 1134 | | 2 | | | 1554 |
| شەخسلەر باشقۇرىدىغان، كوللېكتىپ ئىشلىتىدىغانلىرى | 26 | 127 | 165 | | | | 318 |
| كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلغانلىرى | 110 | 3279 | 2645 | 1 | 6625 | 18590 | 31250 |
| جەمئىي | 554 | 4540 | 2810 | 3 | 6625 | 18590 | 33122 |

1957 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 1958 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە بولغان مەزگىل يەنى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىل چارۋىچىلىقتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىدا چارۋىچىلىق ئەترەتلىرى قۇرۇلدى. ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى 1957-يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چارۋىچىلىقتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى «پۈتۈن ناھىيە دائىرىسىدە قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 1958 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 -كۈنىگىچە بولغان 150 كۈن ئىچىدە تارقاق چارۋىلارنى تەشكىللەش، چارۋىچىلارنىڭ ماللىرىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ كوپېراتىپقا قوشۇش، پايدىنى پاي ۋە ئەمگەككە قاراپ بۆلۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ تەشكىلىي شەكلى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى قارمىقىدا قۇرۇلغان چارۋىچىلىق ئەترىتىدىن ئىبارەت بولدى. مۇنداق كونكرېت ئۇسۇللار قوللىنىلدى: 1. ناھىيىلىك پارتكوم چارۋىچىلىقتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى؛ 2. پارتىيىنىڭ چارۋىچىلىقتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش سىياسىتى تەشۋىق قىلىندى؛ 3. كوپېراتىپقا كىرىدىغان ئاممىنى تىزىملاش ئىشى ئوبدان ئىشلەندى ۋە كوپېراتىپقا كىرىشتىن بۇرۇنقى

كونكرېت مەسىلىلەر ئوبدان ھەل قىلىندى؛ 4. چارۋا ماللارنى ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى؛ 5. ناھىيە مەخسۇس خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، تۆمۈرلۈك رايونىدىكى چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلىرىنى كوپېراتىپقا قوشۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

1958 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «راكېتا»، «قىزىلبايراق»، «سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «ئۆكتەبىر» گۇڭشېلىرى (كېيىن «غالىبىيەت»، «ئىتتىپاق»، ۋاششەرىدىن ئىبارەت 3 گۇڭشېغا ئۆزگەرتىلدى) غا قاراشلىق 9 چوڭ ئەترەتنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن چوڭ ئەترەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قۇرۇلدى. چارۋىچىلار ئەمگىكىگە قاراپ ھەق ئالىدىغان بولدى. چارۋىچىلىقنىڭ كوللېكتىپلىشىشى ئارقىسىدا ئوتلاقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئۆستى، ئوتلاق بايلىقىنىڭ رولى خېلى ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى.

### 3. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ناھىيىدىكى كوللېكتىپ ئىلكىدىكى ئۆچكە، قويلارنى تىزىملاپ بېقىش قوللانمىسى تارقىتىپ بېرىلدى. گۇڭشېلارغا قاراشلىق چارۋىچىلىق ئەترەتلىرى چارۋىچىلار بىلەن 1979 - يىللىق چارۋىچىلىق مەسئۇلىيەت توختامى تۈزدى. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت 1979 - يىل 4 - ۋە 5 - ئايلاردا 2 قېتىم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، گۇڭشې-ئەترەتلەردىن «ئىككىنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» (مەھسۇلات مىقدارىنى، ھەققى بېكىتىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش) مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ياخشى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى 1980 - يىل 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى گۇڭشې-ئەترەتلەردىن «ئىككىنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

1982 - يىل 12 - ئايدا پۈتۈن ناھىيىدىكى 106 قورۇ ئۇششاق - چوڭ چارۋىنىڭ 74 قورۇسىغا قارىتا «ئىككىنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ 28 ىنىڭ مەھسۇلاتى ئاشتى، 8 ىنىڭ مەھسۇلاتى ئىلگىرىكى بىلەن تەڭلەشتى، 38 ىنىڭ مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتتى؛ 32 قورۇ چارۋىغا قارىتا چوڭ ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ 26 سىنىڭ مەھسۇلاتى ئاشتى، 2 سىنىڭ مەھسۇلاتى ئىلگىرىكى بىلەن تەڭلەشتى، 4 ىنىڭ مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتتى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە 152 قورۇ ئۇششاق - چوڭ چارۋىدىن 53 قورۇسىغا قارىتا چوڭ ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇ ئومۇمىي قورۇ سانىنىڭ %34.9 نى ئىگىلىدى؛ 99 قورۇ چارۋىغا قارىتا «ئىككىنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇ ئومۇمىي قورۇ سانىنىڭ %65.1 نى ئىگىلىدى. چاقىلىق ناھىيىسىدە كوللېكتىپنىڭ چارۋا ماللىرىنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئائىلىلەرگە بېرىۋېتىش 1984 - يىلى باشلاندى. ناھىيە، يېزىلار يىل ئاخىرىدا چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چارۋىچىلىق خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتىپ، ئائىلىلەرنىڭ باشقۇرۇشىنى ئاساس قىلغان چارۋىچىلىقنى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. 1985 - يىلى ئېشەكپاتتى چارۋىچىلىق كوپېراتىپىغا ئالاھىدە كەڭ سىياسەت قوللىنىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن 3 يىلغىچە دىرىنى يوقاتماسلىق مەزمۇنىدا چوڭ ھۆددىگەرلىك توختامى تۈزۈلگەندىن شەرت، ناھىيىنىڭ باشقا جايلىرىدا %90 چارۋا مال باھاغا سۇندۇرۇلۇپ، چارۋىچىلارغا سېتىپ بېرىلدى ھەمدە ئىقتىسادىي توختام تۈزۈلدى، چارۋىچىلار 3 يىلدىن 5 يىلغىچە، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 8

يىل ئىچىدە چارۋا پۇلىنى قايتۇرۇپ بولىدىغان بولدى. پۈتۈن ناھىيىدە باھاغا سۇندۇرۇپ چارۋىچىلارغا بېرىۋېتىلگەن چارۋا ماللار 104 قورۇ، 40 مىڭ 310 تۇياق بولۇپ، 1 مىليون 227 مىڭ 300 يۈەنگە سۇندۇرۇلدى، شۇ يىلىلا بۇنىڭ 245 مىڭ 400 يۈەنى قايتۇرۇلدى.

1983 - يىلدىن بۇيان، ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى كۆپەيدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە، قوي باققۇچى كەسپىي ئائىلىدىن 5ى بارلىققا كېلىپ، 3800 نەچچە قوي باقتى؛ كالا باققۇچى كەسپىي ئائىلىدىن بىرى بارلىققا كېلىپ، 28 كالا باقتى؛ توخۇ باققۇچى كەسپىي ئائىلىدىن 5ى بارلىققا كېلىپ، 2200 توخۇ باقتى؛ توشقان باققۇچى كەسپىي ئائىلىدىن 2سى بارلىققا كەلدى.

چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى گۆشچى ئەزالىرىنىڭ قالدۇرۇق چارۋىسى تېز كۆپەيدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئوتلاق چارۋىچىلىقى پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدى، چارۋا ماللارنىڭ سانى تېز ئېشىپ، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، كۆرۈلۈپ باقمىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

## § 2 . چارۋا مال قۇرۇلمىسى، نەسىل ياخشىلاش، كۆپەيتىش ئەھۋالى

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ چارۋىسى قوي (چارۋىچىلىق رايونىدا)، كالا (دېھقانچىلىق رايونىدا) نى ئاساس قىلىدۇ. چارۋىلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى مۇنداق: يايلاقتا دېھقانچىلىق رايونىدىكىدىن كۆپ، يايلاق چارۋىچىلىقىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقىنىڭكىدىن زور، بازار ئەتراپىدىكى باقمىچىلىقنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى تېخىمۇ ئاز. يايلاق چارۋىچىلىقى پۈتۈن ناھىيە چارۋىچىلىقىنىڭ %69.9 ىنى ئىگىلەيدۇ، چارۋىلار ئىچىدە قوي ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۆچكە ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئاز ساندا ئات، تۆگە، ئېشەك بار؛ دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقى پۈتۈن ناھىيە چارۋىچىلىقىنىڭ %24.7 ىنى ئىگىلەيدۇ، چارۋىلار ئىچىدە كالا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، قوي بىلەن چوشقا ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئاز ساندا ئات ۋە ئېشەك بار؛ بازار ئەتراپىدىكى باقمىچىلىق پۈتۈن ناھىيە چارۋىچىلىقىنىڭ %5.4 ىنى ئىگىلەيدۇ، چارۋىلار ئىچىدە قوي ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، يەنە ئاز ساندا كالا ۋە ئېشەك بار.

### 1. قوي

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قوي ناھىيە بويىچە 74 مىڭ 700 گە يېتىپ، ئومۇمىي چارۋىنىڭ %70.14 ىنى ئىگىلىدى. يايلاق چارۋىچىلىقىدا بولسۇن، دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقى ياكى بازار ئەتراپىدىكى باقمىچىلىقتا بولسۇن، قوي مۇھىم ئورۇندا تۇردى.

قوي نەسىللىرى ئىچىدە، ئاساسلىقى، يېرىم يىرىك يۇڭلۇق قوي بولۇپ، خوتەن قويى كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ، تىبەت قويى، خوتەن قويى ۋە شالغۇتلاشتۇرۇلغان ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ ئەۋلادى، قازاق قويى، موڭغۇل قويى، تاشقورغان قويىنىڭ شالغۇتلاشتۇرۇلغان ئەۋلادى

بار، يەنە بىرئاز يەرلىك لوپنۇر قويىمۇ بار. تىبەت قويى تەخمىنەن 23 مىڭ تۇياق بولۇپ، چىمەن رايونىنىڭ «دولقۇن»، ئىشەكپاتتى چارۋىچىلىق چوڭ ئەترەتلىرىگە ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىغا مەركەزلەشكەن. خوتەن قويى تەخمىنەن 12 مىڭ تۇياق بولۇپ، ئاساسەن، ئۆتام، ۋاششەرى يېزىلىرىنىڭ چارۋىچىلىق كوپىراتىپلىرىغا ۋە تىكەنلىك يېزىسىنىڭ كەڭلايقا ئوتلىقىغا تارقالغان، شالغۇتلاشتۇرۇلغان ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ ئەۋلادى تەخمىنەن 19 مىڭ تۇياق بولۇپ، ئاساسەن، ئىشەكپاتتى چارۋىچىلىق كوپىراتىپىغا تارقالغان، ئۇلار 1985 ـ يىلدىن باشلاپ تىبەت قويى بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇلۇپ نەسلى ياخشىلاندى؛ قازاق قويى، موڭغۇل قويى، تاشقورغان قويىنىڭ شالغۇتلاشتۇرۇلغان ئەۋلادى تەخمىنەن 15 مىڭ تۇياق بولۇپ، ئاساسەن دېھقانچىلىق رايونلىرىغا تارقالغان. تىبەت قويى، خوتەن قويى ۋە باشقا شالغۇتلاشتۇرۇلغان قويلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپ يىللىق شالغۇتلاشتۇرۇپ نەسلىنى ياخشىلاش ئارقىلىق كۆپەيتىلگەن ۋە كۆندۈرۈلگەن، ئۇلار چاقىلىقنىڭ شارائىتىغا ماسلىشالايدىغان ياخشى نەسىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چاقىلىقتىكى يەرلىك لوپنۇر قويىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، قۇرغاقلىققا، يىرىك يەم ـ خەشەككە چىدامىلىق، كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئەمما جۈغى كىچىك، يۇڭى ئاز (ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.76 كىلوگرام يۇڭ بېرىدۇ)، ئۆلۈك قىلچىق يۇڭ مىقدارى كۆپ (ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.01%).

1) خوتەن قويى 1953 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە قازاق قوچقىرى ۋە موڭغۇل قوچقىرى لوپنۇر ساغلىقى بىلەن رەسمىي چېتىشتۇرۇلۇپ، نەسلىنى ياخشىلاش ئارقىلىق خوتەن قويىنىڭ جۈغى زورايتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن 1956 ـ يىلى 10 تۇياق ۋە 1957 ـ يىلى 20 تۇياق شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ قوچقىرى كىرگۈزۈلۈپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان شالغۇتلاشتۇرۇلغان قوي ئەۋلادلىرىنىڭ نەسلى ياخشىلىنىپ، يۇڭىنىڭ مىقدارى ئاشۇرۇلدى ۋە سۈپىتى ياخشىلاندى. 1966 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى يەنە شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ قوچقىرىدىن 30 تۇياق، ساغلىقىدىن 20 تۇياق كىرگۈزۈلدى. 1971 ـ يىلى ناھىيىلىك مال دوختۇرخانىسىدا شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ ساپ قانلىق قوچقىرى 41 تۇياققا، ساپ قانلىق ساغلىقى 35 تۇياققا يەتتى، پۈتۈن ناھىيىدە شالغۇتلاشتۇرۇلغان ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي قوچقىرى 586 تۇياققا، شالغۇتلاشتۇرۇلغان ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ساغلىقى نەچچە مىڭ تۇياققا يەتتى.

شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇپ نەسىل ياخشىلاش جەھەتتە ئىشلەنگەن 10 نەچچە يىللىق خىزمەت ئارقىلىق خوتەن قويىنىڭ يۇڭ مىقدارى ئاشۇرۇلدى. سۈپىتى ياخشىلاندى، لېكىن ئۇنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ناچارلىشىپ ئىسسىققا، ھاشاراتنىڭ چېقىشىغا چىدىمايدىغان، سۇس ھەرىكەتلىنىدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭا 1966 ـ يىلى ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇپ نەسىل ياخشىلاش خىزمىتى توختىتىلدى.

خوتەن قويى بىر قەدەر ياخشى يېرىم يىرىك يۇڭلۇق يەرلىك قوي سورتى بولۇپ، قاقاس چۆللۈك، يېرىم چۆللۈككە خاس ئېكېئولوگىيىلىك مۇھىتقا ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتى 87.7%، جۈغى بىر قەدەر كىچىك، تېمەن، يۇڭىنىڭ ئېلاستىكلىقى، پارقىراقلىقلىقى ياخشى، يىلدا 2 قېتىم قىرقىلىدۇ. ھەر قويدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.64 كىلوگرام يۇڭ چىقىدۇ، ئۇ، گىلەمنىڭ ياخشى خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ.

2) چاقىلىقنىڭ تاغلىق رايونىدىكى تىبەت قويى تىبەت قويى شىزاڭنىڭ ناچۇ ۋىلايىتىدىن چىقىدىغان ئەلا سۈپەتلىك يەرلىك يېرىم يىرىك يۇڭلۇق قوي سورتى بولۇپ، ئۇنى 1958 ـ يىلى بىر قىسىم زاڭزۇلار چەرچەن ناھىيىسىگە كۆچۈپ كەلگەندە ئالغاچ كەلگەن، بۇ

قوي كېيىن چاقىلىق ناھىيىسىگىمۇ ئېلىپ كېلىنگەن. يېمەكلىكلەر شىركىتى 1963 - يىل 8 - ئايدا چەرچەن ناھىيىسىدىن 1900دىن كۆپرەك تىبەت قويىنى سېتىۋېلىپ تۆمۈرلۈك چارۋىچىلىق فېرمىسىدا باقتى.

چاقىلىق چىمەن قويى قازاق قويى بىلەن شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى شالغۇتلاشتۇرۇلغان لوپنۇر قويىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، 70 - يىللاردىن باشلاپ يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ چارۋىچىلىق فېرمىسىدا تىبەت قويىنىڭ قوچقىرى بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇلۇپ نەسلى ياخشىلاندى. 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، چىمەن رايونىدىكى ئىلگىرىكى 2 چارۋىچىلىق چوڭ ئەترىتى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى (يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ چارۋىچىلىق فېرمىسى)دا قويلارنىڭ ھەممىسى تاغلىق رايون تىبەت قويىغا ئايلىنىپ بولدى.

تاغلىق رايون تىبەت قويى تىمەن، شاش بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز سوغۇق تاغلىق رايون يايلاقلىرىغا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ، ئۇلار سوغۇققا، يىرىك ئوت-چۆپكە چىدامىلىق، جۇغى خېلى چوڭ، تۇغۇش ئىقتىدارى خېلى يۇقىرى، ھەر قويدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.25 كىلوگرام يۇڭ چىقىدۇ، ئۆلۈك قىلچىق يۇڭ نىسبىتى ئاران 0.04% . 1.5 ياشلىقتىن يۇقىرى ئېرىكنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 22.5 كىلوگرام، سويۇشقا ياراش نىسبىتى 47%، مايسىز گۆش نىسبىتى چوڭ قۇيرۇقلۇق قويىنىڭكىدىن يۇقىرى.

3) باشقا قويلار بۇ، ئاساسلىقى، تاشقورغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى ۋە قاراكۆل قويىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**(1) تاشقورغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى** 1965 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تاشقورغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويىنىڭ قوچقىرىدىن 17 سى كەلتۈرۈلدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 6-ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۇنىڭ 7 سىنى «غالىبىيەت» گۇڭشېسىغا، 5نى «ئىتتىپاق» گۇڭشېسىغا، 5نى ۋاشەرى گۇڭشېسىغا بەردى، ئۇلار شۇ جايلاردىكى يەرلىك قوي بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇلۇپ، يەرلىك قويىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى.

تاشقورغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويىنىڭ جۇغى چوڭ، گۆشى، مېيى، بولۇپمۇ قۇيرۇق مېيى كۆپ؛ لېكىن يۇڭى يىرىك، ئۆلۈك قىلچىق يۇڭى كۆپ، يۇڭىنىڭ باھاسى تۆۋەن.

**(2) قاراكۆل قويى** قاراكۆل قويى يىرىك ئوت - چۆپكە، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق. كۆرپىسى ياخشى، چاقىلىق ناھىيىسىگە 1973 - يىلى 30 تۇياق، 1974 - يىلى 80 تۇياق كىرگۈزۈلۈپ، 3 گۇڭشېغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

1975 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇزلەڭلىكتىكى ئوتلاقلاردا قاراكۆل قويى بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇلۇپ، نەسلى ياخشىلانغان يەرلىك قوي زور دەرىجىدە كۆپەيدى، كېيىن يۇڭى ئەرزان ۋە تۆرەلمىسى چوڭ، سۈتى ئاز، قوزىلىرىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى تۆۋەن بولغاچقا، شالغۇتلاشتۇرۇپ نەسلىنى ياخشىلاش بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى.

## 2. كالا - قوتاز

1985 - يىلى ناھىيىدىكى كالا - قوتاز 4200گە يېتىپ، ئومۇمىي چارۋىنىڭ 9.3%نى ئىگىلىدى. بېقىلىش مىقدارى جەھەتتە چوڭ چارۋىلار ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى، ئۇلار، ئاساسەن، دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە تۇزلەڭلىكتىكى ئوتلاقلاردا بېقىلدى.

1) يېڭىسۇ كالىسى بۇ ئەسلىدە موڭغۇل كالىسى سىستېمىسىغا كىرىدىغان، ئۇزاق مۇددەتلىك كۆندۈرۈش ۋە تاللاپ كۆپەيتىش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن نەسلى ياخشى يەرلىك كالا

بولۇپ، ئىشلىتىشكىمۇ، سويۇپ يېيىشكىمۇ بولىدۇ، جۈغى چوڭ، تېمەن بولۇپ، چوڭ قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ، ئەمما ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۆز نەسلىدىن تاللاپ كۆپەيتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، 1985-يىلى نەسلى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەپ كەتتى.

2) يەرلىك كالا ئۇ يىرىك ئوت-چۆپكە، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق بولۇپ، بۇ يەرنىڭ كىلىماتىغا ماسلىشىشچانلىقى يۇقىرى، قولدا بېقىشقىمۇ، يايلىتىپ بېقىشقىمۇ بولىدۇ. ئېرسىيىتى مۇقىم. ئۇزاق مۇددەت باشقۇرۇش، بېقىش ياخشى بولمىغانلىقى، سىستېمىلىق تاللاپ كۆپەيتىش ۋە نەسلىنى ياخشىلاش كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، جۈغى كىچىكلەپ، ئېغىرلىقى كېمىيىپ، سۈتى، گۆشى ئازىيىپ ۋە يېتىلىش ۋاقتى ئۇزىراپ كەتتى.

3) گوللاندىيە كالىسى ئارقىلىق نەسلى ياخشىلانغان يەرلىك كالا 1963-يىل 12-ئاينىڭ 8-كۈنى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق نەسىللىك چارۋا فېرمىسى ئارقىلىق گوللاندىيە كالىسىنىڭ 2 بوقىسى كىرگۈزۈلدى، گوللاندىيە كالىسىنىڭ بوقىسى ئارقىلىق يەرلىك كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش 1965-يىلى باشلاندى، ئالدى بىلەن چىڭگىلىكتە كۆلىمى 238 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان چوڭ چارۋىلارنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى، يەنە ناھىيىلىك مال دوختۇرخانىسىدا سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش خىزمىتى ئىشلەندى. 1965-يىلى يەنە 2 ئالا سېيىر، شالغۇتلاشتۇرۇپ كۆپەيتىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، 1966-يىل 12-ئايدا ئۈرۈمچىدىن يەنە شالغۇتلاشتۇرۇلغان 10 سېيىر كىرگۈزۈلدى.

1965-، 1966-، 1967-يىللىرى گوللاندىيە كالىسىنىڭ بوقىسى ئارقىلىق يەرلىك كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ داۋام قىلغان ۋاقتى ئۇزاق، داغدۇغىسى چوڭ بولدى، نۇرغۇن شالغۇتلاشتۇرۇلغان كالىلار بارلىققا كەلدى. شالغۇتلاشتۇرۇلغان كالىلارنىڭ رەڭگى ئۆزگەردى، جۈغى زورايدى، سۈتى كۆپەيدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقى تۆۋەن، چىدامچانلىقى ناچار بولۇپ چىقتى، بېقىلىش شارائىتىغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ يۇقىرى بولدى. 1967-يىلدىن 1971-يىلغىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ نەسىللىك كالىلار ئارغان، قارىداي، يېڭىسۇ قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئېگىزلىقتا بېقىلدى، 1973-يىل 3-ئايدىن يىل ئاخىرىغىچە «ئاۋانگارت» 4-ئەترەتتە نەسىللىك چارۋا فېرمىسى قۇرۇلدى، كېيىن نەسىللىك چارۋا فېرمىسى كۆچەتزارلىققا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1983-يىلى بۇ كالىلار شاللىنىپ سويۇۋېتىلگەنلىكتىن، گوللاندىيە كالىسى بىلەن يەرلىك كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى پۈتۈنلەي توختاپ قالدى.

4) ئالاتوۋ نەسىللىك بوقىسى ئارقىلىق نەسلى ياخشىلانغان يەرلىك سېيىر 1965-يىلى ئۈرۈمچىدىن ئالاتوۋ نەسىللىك كالىسىنىڭ 2 بوقىسى كىرگۈزۈلۈپ، «غالىبىيەت» گۆڭشېسى مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ بېقىشى ۋە ئۇرۇقلاندۇرۇشىغا تاپشۇرۇلدى. 12-ئاينىڭ 30-كۈنى ئۈرۈمچىدىن يەنە 10 شالغۇتلاشتۇرۇلغان سېيىر (ئاساسلىقى ئالاتوۋ شالغۇتلاشتۇرۇلغان سېيىرى) كىرگۈزۈلۈپ، ئاز مىقداردا شالغۇتلاشتۇرۇپ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى قىسقا مۇددەت ئىشلەندى.

5) قوتاز ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى 1963-يىل 8-ئايدا چەرچەن ناھىيىسىدىن 40 نەچچە قوتاز كىرگۈزۈپ، تۆمۈرلۈك چارۋىچىلىق فېرمىسىدا باقتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىللىق بېقىلىش مىقدارى 200 تۇياقتىن 300 تۇياق ئارىلىقىدا بولدى. قوتازنىڭ گۆشى خېلى كۆپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مايسىز بولغاچقا، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. چاقىلىقنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىز، سوغۇق كۇئېنلۇن تاغلىق رايونىدا ئوتلاق كەڭ بولۇپ، قوتاز بېقىش كەڭ

تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە.

### 3 . ئۆچكە

چاقىلىق ناھىيىسىدە ئۆچكە، ئاساسەن، تۈزلەڭلىكتىكى ئوتلاقلاردا، بولۇپمۇ يېڭىسۇ چارۋىچىلىق رايونىدا بېقىلىدۇ. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆچكە ناھىيە بويىچە 21 مىڭ 100 تۇياققا يېتىپ، ئومۇمىي چارۋىنىڭ %19.8 نى ئىگىلەپ، قويدىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇردى. ئۇلار يەرلىك ئۆچكە بولۇپ، چۈپۈرى، تىۋىتى، گۆشى، سۈتىدىن تەڭ پايدىلانغىلى بولىدۇ. جۇغى كىچىكرەك، تىمەن، شاش، توپقا ئارىلىششى ياخشى، دەل ـ دەرەخلەرگە ئارتىلىپ تۈزۈقلىنالايدۇ، ئۇزۇن يول يۈرەلەيدۇ، يىل بويى قۇرغاق چۆل، يېرىم چۆل چاتقاللىقلىرىدا بېقىشقا ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ كېمەللىككە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى خېلى كۈچلۈك. كۆپىيىش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، %107كە، تۆللەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى %94كە يېتىدۇ. تېرىسى ياخشى، ھەر تۇياقتىن 125 گرام تىۋىت، 480 گرام چۈپۈر چىقىدۇ، سۈت بېرىش ئىقتىدارىمۇ ياخشى.

### 4 . چوشقا

چاقىلىقتا چوشقا بېقىش 1957 ـ يىلى باشلاندى. ئەينى ۋاقىتتا 9 چوشقا كىرگۈزۈلگەن ئىدى، 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 1800 گە يېتىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئومۇمىي چارۋىنىڭ %1.6 نى ئىگىلىدى. چوشقا، ئاساسەن، خەنزۇلار بىر قەدەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان يېزا ـ كەنتلەردە، بازار ئەتراپىدا بېقىلىدۇ.

چوشقىنىڭ نەسلى خىلمۇ ـ خىل بولۇپ، ھەممىسى سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن، ئۇلار ئىچىدە سوۋېت چوڭ ئاق چوشقىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يوكشا چوشقىسى، باخشا چوشقىسى، چاڭبەي چوشقىسى، جىلىن قارا چوشقىسى، مېيشەن چوشقىسى دېگەنگە ئوخشاش نەسىللىرىمۇ بار، سوۋېت چوڭ ئاق چوشقىسىنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارى خېلى ياخشى، جۇغى چوڭ، ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 100 كىلوگرام، ساپ ئېغىرلىقى 70 كىلوگرام كېلىدۇ. كۈچۈكلەش نىسبىتى يۇقىرى، ھەر قېتىمدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10دىن كۈچۈكلەيدۇ. باشقىلىرىنىڭ بېقىلىش، باشقۇرۇلۇش شارائىتى ناچار بولغاچقا، تۇغۇش ئىقتىدارى جەھەتتىمۇ ئىنتايىن زور پەرقلىنىدۇ.

### 5 . تۆگە، ئات ۋە ئېشەك

1) تۆگە 1958 ـ يىلى خېجىڭ، خوشۇت ناھىيىلىرىدىن 4 تۆگە كىرگۈزۈلگەن. 1985ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۆگە 700 گە يېتىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئومۇمىي چارۋىنىڭ %0.66نى ئىگىلىدى. تۆگىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى خېلى يۇقىرى بولۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەچكە ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. قۇرغاق چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونلىرى ۋە تۈزلەڭلىكلىرىدە چۆل ئوتلىقى ۋە يېرىم چۆل ئوتلىقى ناھايىتى كەڭ، تۆگىچىلىكنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولىدۇ.

2) ئات چاقىلىق ناھىيىسىدە ئات ئانچە كۆپ بېقىلمايدۇ، 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئات 1000غا يېتىپ، ئومۇمىي چارۋىنىڭ %0.9 نى ئىگىلىدى، ئۇلار ئاساسەن دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ۋە چىمەن رايونىدا بېقىلىدۇ، تۈزلەڭلىكتىكى ئوتلاقلاردا ئىنتايىن ئاز. بۇ ئاتلار

خوشۇت ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەن قاراشەھەر ئېتى بولۇپ، مىنىشكىمۇ، ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ، جۈغى خېلى چوڭ، يىرىك ئوت - چۆپكە چىدامىلىق، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، قويۇۋېتىپ بېقىشقا قولايلىق، ئىشقا يارامىلىق، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا سېلىنىدۇ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مىنىلىدۇ. گۆش، سۈت بېرىش ئىقتىدارىمۇ ياخشى، سويۇلۇش نىسبىتى %45.7، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.5 كىلوگىرام سۈت بېرىدۇ. قاراشەھەر ئېتىدىن سىرت 1971 - يىلى ئىلى نەسىللىك ئايغىرىدىن 2سى كىرگۈزۈلدى، ئەمما ئۇنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ناچار بولغاچقا، كۆپەيتىش توختىتىلدى.

3) ئېشەك 1985 - يىلى ئېشەك 3000 غا يېتىپ، ئومۇمىي چارۋىنىڭ %2.8نى ئىگىلىدى. تۈزلەڭلىكتىكى ئوتلاقلاردا ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگىدەك ئېشەك بېقىلىدۇ. ئۇ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئاساسلىق ئۇلىغى ھېسابلىنىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرىدىن سىرت، قۇرغاق يېگىسۇ يايلىقى ئېشەك بېقىلىدىغان ئاساسلىق جايدۇر.

چاقىلىق ئېشىكى يەرلىك ئېشەك بولۇپ، جۈغى كىچىك، ئەمما ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، يىرىك ئوت - چۆپكە، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق، كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، كۆپ يەم - خەشەك تەلەپ قىلمايدۇ. مىنىشكىمۇ، يۈك تارتىشقىمۇ، ھارۋىغا قېتىشقىمۇ بولىدۇ.

چاقىلىق ناھىيىسى 1963 - يىلى ئىچكىرىدىن قارا ئوتتۇرا شەنشى ھاڭگا ئېشىكىدىن بىرنى كىرگۈزۈپ، 17 تۇياق يەرلىك مادا ئېشەكنى نەسىللەندۈردى. 1964 - يىلى يەنە يەرلىك قىزىل ھاڭگا ئېشەكتىن بىرنى سېتىۋېلىپ، يەرلىك ئېشەكنىڭ نەسلىنى ياخشىلىدى.

## 3 §. كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش

### 1. ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش قوشۇنى ۋە ئاپپاراتلىرى

1) ئاساسىي قاتلام مال دوختۇرلىرى: 1951 - يىلى ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلغاندا، پۈتۈن ناھىيىدە 2لا مال دوختۇرى بولۇپ، چارۋا مال كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمايتتى. 1953 - يىلدىن باشلاپ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى داۋالاشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاما ئارىسىدىكى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى مال دوختۇرلىرى تەربىيىلەندى. 1953 - يىلى 15 مال دوختۇرى، 14 مال پىچقۇچى بولۇپ جەمئىي 29 ئادەم تەربىيىلەندى؛ 1955 - يىلى 5 مال دوختۇرى، 3 مال پىچقۇچى بولۇپ جەمئىي 8 ئادەم تەربىيىلەندى؛ 1956 - يىلى 5 مال دوختۇرى، 7 مال پىچقۇچى، 9 مال باققۇچى، 30 ئوت - چۆپ سىلوسلىغۇچى بولۇپ، جەمئىي 51 ئادەم تەربىيىلەندى؛ 1957 - يىلى 17 مال دوختۇرى، 15 مال باققۇچى بولۇپ جەمئىي 32 ئادەم تەربىيىلەندى؛ چاقىلىق ناھىيىسى 1958 - يىل 7 - ئايدا بايىنغولىن ئوبلاستى قوينى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش بويىچە چەرچەندە ئاچقان 30 كۈنلۈك كۇرسقا 6 ئادەم ئەۋەتتى؛ 1962 - يىلى 9 نەپەر تۆۋەن دەرىجىلىك مال دوختۇرلۇق تېخنىكى تەربىيىلەندى؛ 1965 - يىلى 15 نەپەر ئۇششاق - چوڭ ماللارنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش خادىمى تەربىيىلەندى؛ 1967 - يىل 5 - ئايدا چوشقىدا بولىدىغان

كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە ئۇنى داۋالايدىغان يالىڭاياق مال دوختۇرىدىن 8ى تەربىيىلەندى؛ ناھىيە 1976 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 25- كۈنىگىچە مال دوختۇرلۇق كۇرسى ئېچىپ، 21 ئادەمنى تەربىيىلىدى. ئاساسىي قاتلام مال دوختۇرلىرى 1965 - يىلدىن ئىلگىرى چوڭ ئەترەتلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، چوڭ ئەترەتلەر ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئىش ھەققى بەردى. ناھىيىدىكى 3 گۇڭشې، بىر مەيدانغا قاراشلىق توققۇز چوڭ ئەترەتنىڭ 7 سىدە مال دوختۇرى بار بولدى.

2) مال دوختۇرلۇق پونكىتى 1951 - يىلى ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى. 1965 - يىل 10 - ئايدا 3 گۇڭشېنىڭ ھەممىسىدە گۇڭشې مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلۇپ، گۇڭشېنىڭ چارۋىچىلىقتا مەسئۇل باشلىقى پونكىت باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى 1965 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بېرىلىدىغان ياردەم پۇلىدىن 2900 يۈەن ئاجرىتىپ، گۇڭشې مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرىغا ياردەم قىلدى. «غالىبىيەت» گۇڭشې پونكىتىغا 1200 يۈەن، ۋاششەرى گۇڭشې پونكىتىغا 1000 يۈەن، «ئىتتىپاق» گۇڭشې پونكىتىغا 700 يۈەن تەقسىم قىلىندى. 1966 - يىلدىن باشلاپ مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرىغا مال دوختۇرلۇق كەسپىي خىراجىتىدىن ھەر يىلى بىر قىسىم پۇل ئاجرىتىپ بېرىلدى. 1976 - يىلغا كەلگەندە گۇڭشې مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرىنىڭ تېخنىكى 10غا يەتتى، بۇ پونكىتلار ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ياردەمچى كەسپىي ئورۇن بولۇپ قالدى. 1983 - يىلى ناھىيىدە يېزىلىق، رايونلۇق مال دوختۇرلۇق پونكىتى 4كە، تېخنىك خادىم 13كە يەتتى. ئۇلار ئىچىدە ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگىنى 3، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگىنى 7، كۇرستا تەربىيىلەنگىنى 3 بولۇپ، ھەممىسى رەسمىي دۆلەت خىزمەتچىسى.

## 2. كېسەللىكلەر

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە چارۋا مال كېسەللىكلىرى كۆپ ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن زور دەرىجىدە ئازايدى، ئەمما بەزى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر يەنىلا يۈز بېرىپ تۇردى. 1951 - يىلى يېڭىسۇ يېزىسىدا ئاقسىل كېسەل يۈز بېرىپ، 19 كالا ئۆلۈپ كەتتى؛ 1952 - ۋە 1963 - يىللىرى قوي چېچىكى يۈز بەردى؛ 1965 - يىل 6 - ئايدا چىگىلىك ئوتلىقىدا كۆيدۈرگە يۈز بېرىپ، بىر ئات، 9 كالا، 5 ئېشەك ئۆلدى.

1) يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر چارۋا - مال، ئۆي قۇشلىرىدا بولىدىغان ئاساسلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر 22 خىلغا يېتىدۇ.

ئادەمدىمۇ، چارۋا ماللاردىمۇ بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر: كۆيدۈرگە، قاتما، برۇتسېللىيوز كېسىلى.

ئاتتا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر: ماڭقا كېسىلى، ساقاۋ كېسىلى، يۇقۇملۇق لىمفا تومۇرى ياللۇقى.

قويدا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر: قوزا دىزىنتېرىيىسى، قوي چېچىكى، يۇمشاق بۆرەك كېسىلى.

چوشقىدا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر: چوشقا گېموسىدىن كېلىپ چىقىدىغان چوشقا ۋاباسى، توراي پاراتىغى، سۇلۇق پۇۋەكچە مىكوپلازمىلىق ئۆپكە ياللۇغى ۋە باشقا مۇرەككەپ كېسەللىكلەر.

كالىدا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر: قاراسان كېسىلى.
تۆگىدە بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر: يىرىڭلىق پۇۋەكچە.
توخۇدا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر: توخۇ ۋاپاسى، ئاق چىچقاق كېسىلى، يۇقۇملۇق كاناي ياللۇغى، ئېغىز يارىسى - كاندىدىئازىس كېسىلى.
ئىتتا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر: نېرۋا خاراكتېرلىك كاتارلىق قىزىتمىسى ۋە باشقا مۆرەككەپ كېسەللىكلەر.

2) پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرى چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىدا بولىدىغان پارازىت قۇرۇت كېسەللىكلىرى 11 خىل بولۇپ، ئۇلار: سالجا، يۇمشاق سالجا، قوي مېلوفاگو پىتى، توخۇ پىتى، توخۇ پىيى پىتى، چوشقا پىتى، قوتۇر كانىسى، گاستروفىللوز كېسىلى، سىتىتسېركوس تېنوئىكولىس، كالا فىننوزى قۇرتى، قوي جىگىرى تىرېماتود قۇرتىدىن ئىبارەت.

3) ئىچكى كېسەللىكلەر چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىدا بولىدىغان ئاساسلىق ئىچكى كېسەللىكلەر 7 خىل بولۇپ ئۇلار: ھەزىم قىلىش ياخشى بولماسلىق، ئاشقازان ساڭگىلاپ كېتىش، ئاشقازان - ئۈچەي ياللۇغى، ئات - ئېشەك چۇقۇقى، زۇكام، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئۆپكە پۇۋەكچىسى ئېمفىزېمىسى، مېتابولىزم كېسىلىدىن ئىبارەت.

4) تاشقى كېسەللىكلەر يېغىر، سوقۇلۇش يارىسى، جاراھەت، يىرىڭ، كۆيۈك جاراھىتى، رېماتىزىم، گېمورروي ۋە سوڭەك چىقىش، قورساق جاراھىتى، سۇنۇق، مۈڭگۈز پەردە ياللۇغى ۋە مۈڭگۈز پەردە تۇتۇقلىشىش قاتارلىقلار.

5) تۇغۇت كېسەللىكلىرى قىيىن تۇغۇت، ئەش چۈشمەسلىك، يېلىن ياللۇغى، تۇغۇت قىزىتمىسى قاتارلىقلار.

6) زەھەرلىنىش كېسەللىكلىرى يەم - خەشەكتىكى نىتراتتىن زەھەرلىنىش، زەمبۇرۇغدىن زەھەرلىنىش، دېھقانچىلىق دورىلىرىدىكى ئورگانىك فوسفور ۋە ئورگانىك خلوردىن زەھەرلىنىش.

## 3. ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تەدبىرلىرى

كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتا ئالدىنى ئېلىش، كارانتىن قىلىش، ھەيدەش، داۋالاشتىن ئىبارەت 4 خىل ئۇسۇل قوللىنىلدى.

1) چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرى كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش 1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 36 يىل ئىچىدە جەمئىي 11 خىل كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 2 مىليون 744 مىڭ 700 تۇياق (قېتىم) چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرىغا ئوكۇل سېلىندى. بۇ، يىلىغا 76 مىڭ 242 تۇياق (قېتىم) دىن توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كۆيدۈرگە كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، 1950 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان 35 يىلدا پەقەت 1977 - يىلى ئالدىنى ئېلىش ئوكۇلى سېلىنمىدى، قالغان 34 يىلدا 515 مىڭ 700 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا ئوكۇل سېلىندى. بۇ، يىلىغا 15 مىڭ 167 تۇياق (قېتىم) دىن توغرا كېلىدۇ. قاراسان كېلىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 1953 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە بولغان 28 يىلنىڭ 16 يىلىدا جەمئىي 108 مىڭ 200 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا ئوكۇل سېلىندى، بۇ، يىلىغا 6 مىڭ 761 تۇياق (قېتىم) دىن توغرا كېلىدۇ؛ قوي چېچىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 1954 -

يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە بولغان 27 يىلنىڭ 25 يىلىدا جەمئىي 461 مىڭ 800 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا ئوكۇل سېلىنىدى، بۇ، يىلىغا 18 مىڭ 473 تۇياق (قېتىم) دىن توغرا كېلىدۇ؛ بروتسېللىيوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 1971 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە بولغان 15 يىلدا جەمئىي 434 مىڭ 800 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا ئوكۇل سېلىنىدى، بۇ، يىلىغا 20 مىڭ 987 تۇياق (قېتىم) دىن توغرا كېلىدۇ؛ چوشقا ۋاباسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى 14 يىل ئېلىپ بېرىلىپ، جەمئىي 4626 تۇياق (قېتىم) چوشقىغا ئوكۇل سېلىنىدى. بۇ، يىلىغا 330 تۇياق (قېتىم) دىن توغرا كېلىدۇ؛ توخۇ ۋاباسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 1970 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە بولغان 16 يىلدا جەمئىي 28 مىڭ 848 توخۇ (قېتىم) غا ئوكۇل سېلىنىدى، بۇ، يىلىغا 1803 توخۇ (قېتىم) دىن توغرا كېلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە قوزا دىزىنتېرىيىسى، ئاقسىل كېسىلى، چوشقا تىلەمسى، چوشقا گېموسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئوكۇلى، ئۈچ بىرلەشمە ۋاكسىنا ئوكۇل قىلىنىدى. 1985 ـ يىلىغا كەلگەندە، چاقىلىق ناھىيىسىدە ماڭقا كېسىلى، قاراسان كېسىلى، ئاقسىل كېسىلى، قوي ۋاباسى، كۆيدۈرگە، چوشقىنىڭ سۇلۇق پۇۋەكچە كېسىلى قاتارلىقلار پۈتۈنلەي يوقالدى.

**چاقىلىق ناھىيىسىدە 1950 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرى كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 7 — 9

بىرلىكى: تۇياق

| يىللار | جەمئىي | كېسەللىكلەرنىڭ ئالدى ئېلىنغانلىرى | كارانتىن قىلىنغانلىرى | قۇرۇتىسىزلاندۇرۇلغانلىرى | داۋالانغانلىرى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 4995 | 1357 | 26 | 1264 | 2348 |
| 1951 | 6609 | 1947 | 12 | 1274 | 3376 |
| 1952 | 9525 | 3091 | 47 | 2480 | 3907 |
| 1953 | 12683 | 4470 | 160 | 3869 | 4184 |
| 1954 | 18849 | 9247 | 189 | 1808 | 7605 |
| 1955 | 17284 | 10410 | 259 | 2752 | 3863 |
| 1956 | 22474 | 13930 | 290 | 2214 | 6040 |
| 1957 | 23551 | 15396 | 298 | 2632 | 5225 |
| 1958 | 25960 | 17462 | 303 | 2662 | 6533 |
| 1959 | 49161 | 27433 | 394 | 14102 | 7232 |
| 1960 | 67609 | 45350 | 406 | 13760 | 7993 |
| 1961 | 53130 | 29737 | 264 | 13693 | 9436 |
| 1962 | 52397 | 36149 | 636 | 5972 | 9640 |
| 1963 | 36949 | 20459 | | 7750 | 8740 |
| 1964 | 65407 | 46269 | | 8614 | 10519 |
| 1965 | 85682 | 71188 | | 5400 | 9094 |
| 1966 | 69683 | 49188 | | 9129 | 11188 |
| 1967 | 88053 | 67233 | | 7728 | 13092 |
| 1968 | 74112 | 53500 | | 8300 | 12312 |
| 1969 | 68676 | 40000 | | 16580 | 12096 |
| 1970 | 63211 | 43650 | | 5582 | 13979 |
| 1971 | 113954 | 85145 | | 15760 | 13049 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1972 | 114537 | 83920 | 50 | 17290 | 13277 |
| 1973 | 70114 | 71000 | | 16060 | 13052 |
| 1974 | 105151 | 86169 | | 5685 | 13297 |
| 1975 | 88435 | 60560 | | 14500 | 13375 |
| 1976 | 79672 | 49400 | 60 | 17350 | 12862 |
| 1977 | 71480 | 47589 | 25 | 8128 | 15748 |
| 1978 | 103373 | 72460 | 70 | 14700 | 16143 |
| 1979 | 116315 | 663600 | 30 | 37060 | 16125 |
| 1980 | 110720 | 73980 | 70 | 20300 | 16364 |
| 1981 | 129344 | 63330 | 80 | 49350 | 16584 |
| 1982 | 114779 | 63820 | 2879 | 31220 | 16860 |
| 1983 | 153409 | 75570 | 1671 | 60405 | 15763 |
| 1984 | 190833 | 95774 | 4688 | 74500 | 15871 |
| 1985 | 265197 | 166910 | 3642 | 79800 | 14845 |

2) چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىنى كارانتىن قىلىش يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە جەمئىي 16مىڭ 727 تۇياق (قېتىم) چارۋا مال كارانتىن قىلىندى. ماڭقا كېسىلى 1950 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە بولغان 36 يىلنىڭ 23 يىلىدا ماللىبئىننى كۆزگە تېمىتىش ئارقىلىق كارانتىن قىلىندى، 23 يىل ئىچىدە، 13 يىل ئۇدا كارانتىن قىلىندى. 23 يىل جەريانىدا 1953 ـ يىلىلا سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن ئاتلارنىڭ 8ىدە مۇسبەتلىك، قالغانلىرىدا مەنپىلىك كۆرۈلدى. كالا تۇبېركۇليوزى 1962 ـ، 1984 ـ ۋە 1985 ـ يىللىرى 3 قېتىم كارانتىن قىلىنغاندا مۇسبەتلىك بايقالمىدى، ئاتنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى 1982- ۋە 1985 ـ يىللىرى 2 قېتىم كارانتىن قىلىنغاندا تىكەنلىك يېزىسىدىكى بىر ئاتتا مۇسبەتلىك بايقالدى. بروتسېللىيوز كېسىلىنى كارانتىن قىلىشتا، 1982 ـ يىلى ئۇتام، تىكەنلىك يېزىلىرىدا 2317 تۇياق چارۋا مال كارانتىن قىلىندى، 41 تۇياقتا مۇسبەتلىك بايقالدى؛ 1983 ـ يىلى تىكەنلىك يېزىسىدا 350 تۇياق چارۋا مال كارانتىن قىلىندى، بىر تۇياقتا مۇسبەتلىك بايقالدى؛ 1984 ـ يىلى ۋاششەرى، تىكەنلىك يېزىلىرى ۋە چىمەن رايونىدا 155 قوي كارانتىن قىلىندى. 35 قويدا مۇسبەتلىك بايقالدى؛ 1986 ـ يىلى چىمەن رايونىدا 1507 قوي كارانتىن قىلىندى، مۇسبەتلىك بايقالمىدى.

3) ۋاننىلاش ۋە قۇرتسىزلاندۇرۇش 1950 ـ يىلىدىن 1986 ـ يىلىغىچە 599 مىڭ تۇياق (قېتىم) چارۋا مال ۋاننىلاندى ۋە قۇرتسىزلاندۇرۇلدى، بۇ، يىلىغا 16 مىڭ 207 تۇياق (قېتىم)تىن توغرا كېلىدۇ. ئىلگىرى زىيىنى ئېغىر بولغان قوتۇر كېسىلى تۈزلەڭلىكتىكى چارۋا ماللاردا ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلىندى، تاغلىق رايوندىلا ئاز مىقداردا كۆرۈلدى؛ تۈرلۈك پىتلار ئازايدى؛ چوشقا قاپلىق قۇرتى 1985 ـ يىلىدىن باشلاپ كۆرۈلمىدى.

4) كېسەللىكلەرنى داۋالاش 1950 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە ناھىيە بويىچە 391 مىڭ 600 تۇياق (قېتىم) چارۋا مال داۋالاندى، بۇ، يىلىغا 11 مىڭ 189 تۇياق (قېتىم) دىن توغرا كېلىدۇ.

# 4 § . تەبىئىي ئوتلاق

## 1. ئوتلاق بايلىقى

چاقىلىق ناھىيىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئوتلاق بايلىقىنى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ، بىر قانچە تەكشۈرۈش دوكلاتى يازدى، ئۇلار ئىچىدىن ھاكىم 1959 - يىلى يازغان كەڭلايغا ئوتلىقىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى 1963 - يىلى تەستىقلىغان مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ چۇۋىنلىق ئوتلىقىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى 1964 - يىلى تەستىقلىغان كەڭلايغا چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ سۇ مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى، مۇئاۋىن ھاكىم لۇچۇڭگۇاڭ 1966 - يىلى يازغان كەڭلايغا چارۋىچىلىق رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى، 1966 - يىلى ئىشەكپاتتىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئوتلاقلارنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ناھىيىلىك رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى ۋە چارۋىچىلىق كەسپىي گورۇپپىسى 1982 - يىلى پۈتۈن ناھىيىدىكى تەبىئىي ئوتلاقلارنى سىستېمىلىق، ئومۇميۈزلۈك، ئەمەلىي تەكشۈردى؛ بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئوتلاق ئەترىتى 1984 - يىلى چاقىلىقتىكى ئوتلاقلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا قارىغاندا، پۈتۈن ناھىيىدە 17 مىليون 200 مىڭ مو تەبىئىي ئوتلاق بار ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى 12 مىليون 120 مىڭ مو، ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلىۋاتقىنى 9 مىليون مو. مۆلچەرلىنىشىچە، پۈتۈن ناھىيىدىكى پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاقلاردا، قويغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، 171 مىڭ قوي بېقىشقا بولىدىكەن. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە تاغلىق رايونلاردىكى تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى 15 مىليون 100 مىڭ مو (قىشلاق 6 مىليون 800 مىڭ مو، يايلاق 8 مىليون 100 مىڭ مو، كۆكلەم ۋە كۈزلەك 200 مىڭ مو) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلغىنى 10 مىليون 650 مىڭ مو؛ تۈزلەڭلىكتىكى تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى 2 مىليون 100 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلغىنى 1 مىليون 470 مىڭ مو.

## 2. ئوتلاقلارنىڭ تۈرى

**1) تۈزلەڭ چۆل ئوتلىقى** چاقىلىق ناھىيىسىدە تۈزلەڭلىكتىكى چۆللۈك كۆلىمى تەخمىنەن 105 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، تۈزلەڭ چۆل ئوتلىقى تەخمىنەن 2 مىليون 100 مىڭ مو بولۇپ، 16 مىڭ قوي بېقىشقا بولىدۇ. تۈزلەڭ چۆل ئوتلاقلىرى سۇ سىستېمىسى بويىچە مۇنداق بۆلىنىدۇ: تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئوتلاق ۋە ئايىقىدىكى ئوتلاق، چەرچەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئوتلاق، تاغ ئالدىدىكى ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرى ئەتراپىدىكى سۇسىز ئوتلاق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئويماندىكى چىملىق ئوتلاققا كىرىدۇ.

**(1) تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئوتلاق ۋە ئايىقىدىكى ئوتلاق** يەنى چىگىلىك ئوتلىقى، ئۇ، سۇسىز چۆل، يېرىم چۆل ئوتلاق بولۇپ، ئاسانەن، چۇۋىنلىق، نورما، جىساۋكۆلى، يولۋاس، يېڭىسۇ، ئۆلۈغبۇجەمال، توغراقلىق، ئاقدۆڭ قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان. بۇ ئوتلاقلاردا 4 پەسىلنىڭ ھەممىسىدە مال باققىلى بولىدۇ. كۆلىمى 1 مىليون 100 مىڭ مو بولۇپ، ئوت - چۆپلەر ئىچىدە قومۇش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى

دەريا ۋادىسىدىكى چىملىق ئوتلاق ۋە سازلىقتىكى چىملىق ئوتلاق. 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى توختاپ قالغانلىقتىن، چىگىلىك ئوتلىقى تەدرىجىي قۇرۇپ قۇملىشىپ كەتتى. چىۋىنلىق، نورما قاتارلىق جايلاردىكى 400 مىڭ مو ئوتلاقمۇ قۇرۇپ كەتتى، قالغان 700 مىڭ مودىن ئارتۇق ئوتلاقنىڭ سۇ مەنبەئەسى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەپ كەتتى. بۇ ئوتلاقلاردا ياكار، شالاڭ قومۇشتىن سىرت، چۇچۇكبۇيا، يانتاق، قوغۇزاق تىكەن، لوپنۇر كەندىرى ۋە پۇتۇنلەي قۇرۇپ كەتمىگەن توغراقلار ئۆسىدۇ. بۇ ئوتلاقلار شورلىشىپ كەتكەن ئويمان چىملىق ئوتلىقىدىن پەيدىنپەي چۆل چىملىق ئوتلاققا ئۆزگىرىپ كەتتى، ئوت- چۆپ مىقدارى ئاز بولۇپ، ھەر موسىدىن ئاران 50 ـ 60 كىلوگرام ئوت ـ چۆپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوت ـ چۆپنىڭ سۈپىتى ناچار، ئىشلىتىلىش قىممىتى تۆۋەن. بۇ 4 پەسىللىك ئوتلاقنىڭ يېيىشچا ئۆسۈملۈك بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئاران %15 —%25 بولۇپ، 5000 قوي باققىلى بولىدۇ.

(2) **چەرچەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئوتلاقلار** چەرچەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى ئوتلاق — ۋاشىشەرى دەرياسى بويىدىكى ئوتلاقنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 400 مىڭ مو بولۇپ، ئاقتاز، باشئوتاق، ئاقئېرىق، سېسىقكۆل، شاپتۇلكۆل، قارىقاش، قۇمچۆكمە قاتارلىق ئوتلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆۋەن ئېقىمىدىكى ئوتلاق — كەڭلايقا ئوتلىقىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 500 مىڭ مو بولۇپ، ئاقدۆڭ، ئارالچى، جاچاپقان، گۈمبەز، شور دەريا قاتارلىق ئوتلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چەرچەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمىدىكى ئوتلاقلاردا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى. ھەر موسىدىن 80 كىلوگرام ئەتراپىدا ئوت ـ چۆپ چىقىدۇ. ئوت ـ چۆپ بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %20 —%30 بولۇپ، 10 مىڭ قوي باققىلى بولىدۇ. ئۇ، 4 پەسىللىك ئوتلاق بولۇپ، ئوت ـ چۆپلەر ئىچىدە قومۇش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈزدىكى كەلكۈن مەزگىلىدە، چەرچەن دەرياسىنىڭ سۈيى بىر قەدەر ئۇلۇغ بولۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىي ياقىسىدا ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ. ئەمما سۇنىڭ سىڭىپ كېتىش، پارغا ئايلىنىش مىقدارى كۆپ بولغاچقا، ھېچقانچە ئوتلاقنى سۇغىرىۋالغىلى بولمايدۇ. ئوتلاقلار دەريانىڭ ئىككى ياقىسىغا بەلۋاغسىمان جايلاشقان، ئۇنىڭ سىرتىدا قۇم بارخانلىرى، قۇم بارخانلىرىنىڭ سىرتىدا بىپايان قۇملۇق ياتىدۇ. ئوتلاقلارنىڭ بىر قىسمى دەريا ۋادىسىدىكى ئورۇۋېلىشقا بولىدىغان چىملىق ئوتلاق، بىر قىسمى دەريا ۋادىسىدىكى مال يايلىتىشقا بولىدىغان چىملىق ئوتلاق، يەنە بىر ئاز يېرىم چۆل ئوتلاقلىرىمۇ بار.

(3) **تاغ ئالدىدىكى، دېھقانچىلىق رايونلىرى ئەتراپىدىكى سۇسىز ئوتلاقلار** ئۇلار سۇسىز چۆل ئوتلاق بولۇپ، سۇغارغىدەك مۇقىم يەر ئۈستى سۈيى يوق، ئوت ـ چۆپلەر يەر ئاستى سۈيىگىلا تايىنىپ ئۆسىدۇ. ئوتلاقلار ئۇتام يېزىسىدىكى غەربىي تاتىراڭ، تىكەنلىك يېزىسىدىكى لەڭگە، چوڭبۇلاق، چىگە ساتما، ئايۇپقۇدۇق، ئۈچتوغراق دېگەن يەرلەردىن ئەخمەتقۇدۇققىچە سوزۇلىدۇ، كۆلىمى تەخمىنەن 100 مىڭ مو بولۇپ، ھەر موسىدىن تەخمىنەن 80 كىلوگرام ئوت ـ چۆپ چىقىدۇ. ئۇ يايلاق ۋە كۈزلەك بولۇپ، ئوت ـ چۆپنىڭ سۈپىتى ياخشى، ئوت ـ چۆپ بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %20 — %30، 1000 قوي باققىلى بولىدۇ. يەرلەردە قومۇش، لوپنۇر كەندىرى، يانتاق، سۆكسۆك، يۇلغۇن، قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ، ئوت ـ چۆپلەر ئاچچىق، قاتتىق، چارۋا ـ ماللار باش ئەتىيازدا يۇمران ئوت ـ چۆپلەرنىڭ بىخلىرىنى يېگەندىن باشقا قۇرىغان غولىنى ئادەتتە يېمەيدۇ. قىش ۋە ئەتىيازدا، يەردىكى چىرىپ قارىداپ كەتكەن ئوتلارنى يېسە يەيدۇكى، سارغىيىپ كەتكەن قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەرنى يېمەيدۇ.

2) تاغلىق رايون ئوتلاقلىرى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى كوئېنلۇن تاغلىق رايونىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئورنى ئېگىز، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى ئاز بولغانلىقى، يىل بويى قار كەتمەيدىغانلىقى، دەريا - ئېقىن، كۆللەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوتلاقنىڭ سۈپىتى تۈزلەڭلىكتىكى ئوتلاقلارنىڭكىدىن خېلىلا ياخشى، كۆلىمى تەخمىنەن 15 مىليون 100 مىڭ مو. تاغلىق رايون ئوتلاقلىرى جىلغا ئوتلاقلىرى ۋە تاغ ئىچى تۈزلەڭلىك ئوتلاقلىرى دەپ 2 قىسىمغا بۆلىنىدۇ. ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %30 —%50، 155 مىڭ قوي باقىقىلى بولىدۇ.

(1) جىلغا ئوتلاقلىرى ئاساسلىقلىرى، ۋاشەرى يېزىسىنىڭ رازىۋاي، ئۆتام يېزىسىنىڭ يېڭىبېئرىق، ئاقسۇ، لايداڭ، كارچۇ دېگەن يەرلىرى، چىمەن رايونى چىمەنتاغ يېزىسىنىڭ قالالىق، ھېلىمساي، گەنجىلىك، قىزىلچاپ، ئاتقان، چىمەنتاغ، كوئېنلۇن دېگەن يەرلىرىدىكى جىلغا ئوتلاقلىرى بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 4 مىليون 300 مىڭ مو، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كۆلىمى 2 مىليون 100 مىڭ مو كېلىدۇ، ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %30 —% 50 بولۇپ، 30 مىڭ قوي باقىقىلى بولىدۇ. جىلغا ئوتلاقلىرى كۆپىنچە تاغ قاپتاللىرىدا بولۇپ، ئاساسلىق ئوت - چۆپلەردىن نىجىم، ئاق ئەمەن ئۆسىدۇ.

(2) تاغ ئىچى تۈزلەڭلىك ئوتلاقلىرى بۇ، ئاسسەن، ئېشەكپاتتى، قارادۆڭ ئوتلىقى ۋە تۆمۈرلۈك، يۇسۇپئالىق ئوتلىقىدىن ئىبارەت 2 چوڭ ئوتلاق بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىليون 800 مىڭ مو، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كۆلىمى 8 مىليون 600 مىڭ مو كېلىدۇ، ئوتلاقلاردا ئوت - چۆپلەر بىر قەدەر پاكار بولۇپ، ئوت - چۆپ بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %30 —%50، ھەر مۇسىمدىن 80 كىلوگرام ئوت -چۆپ چىقىدۇ. 125 مىڭ قوي باقىقىلى بولىدۇ. ئېشەكپاتتى ئوتلىقى، قارادۆڭ ئوتلىقى، ئاچچىقكۆل ئوتلىقى چىمەن تاغ تىزمىسى بىلەن شەرقىي كوئېنلۇن تاغ تىزمىسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان، شىمالىي قىسمى ئېشەكپاتتى ئوتلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى 400 مىڭ مو كېلىدۇ، ئۇ ئېشەكپاتتى دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىغا، زۇخۇمار، پىتلىق دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن 3800 - 4100 مېتىر ئېگىز بولۇپ، سازلىق - چىملىق ئوتلاق ۋە يېرىم چۆل ئوتلاقتىن تەركىب تاپقان. ئۇ، ئوتتۇراھال ئالىي دەرىجىلىك يايلاق ھەم كۈزلەك ھېسابلىنىدۇ. كۆپىنچە، سۇ ئۆسۈملۈكلىرى، مۇشقىت، تۇگۇنەكلىك پىيزەك ئۆسىدۇ، ئوت - چۆپ بىلەن قاپلىنىش ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى، يېرى تۈز، قاتتىشى قولايلىق بولۇپ، ياز پەسلىدە يۇڭ قىرقىش مەيدانى قىلىنىدۇ. شەرقىي شىمالدىكى قارچوقا ئوتلىقىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 300 مىڭ مو بولۇپ، قارچوقا، ئەۋرەز، قۇمكۆل قاتارلىق ئوتلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ، دېڭىز يۈزىدىن 4100 - 4300 مېتىر ئېگىز بولۇپ، كۆپىنچە نىجىم، ئاق ئەمەن ئۆسىدۇ. قار چوقا ئوتلىقىدا قۇم - بوران بىر قەدەر ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر ئاستى كان بايلىقىدىن كۈچلۈك ماگنىت مەيدانى ھاسىل بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ياز پەسلىدە چاقماق چېقىپ قاتتىق يامغۇر ياغىدۇ، قىش ۋە ئەتىيازدا پايدىلىنىشقا باب كېلىدۇ. قارا دۆڭ - ئاچچىقكۆل ئوتلىقى كوئېنلۇننىڭ شىمالىي باغرىدىكى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. ئۇ، شەرقتىكى چىمەنلىكتىن غەربتىكى مۇزتاغقىچە سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 250 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 30 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان بىر پۈتۈن چوڭ ئوتلاق بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 9 مىليون 500 مىڭ مو كېلىدۇ. ئۇ، چىمەنلىك، قارادۆڭ، تۆتبۇلاق، توققۇز توغان، مىڭبۇلاق، ئاچچىقكۆل قاتارلىق ئوتلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ، دېڭىز يۈزىدىن 4100 - 4300 مېتىر ئېگىز بولۇپ، سۈيى مول، بىر نەچچە ئېقىن توغرىسىغا

كېسىپ ئۆتىدۇ، بۇلاق سۈيى خېلى كۆپ. ئۇنىڭدا، ئاساسەن، سىلو، نىجىم ئۆسىدۇ، سۇ جىق ئويمانلىقلاردا تۇگۈنەكلىك پىيازەك قويۇق ئۆسىدۇ. ئوت - چۆپلەرنىڭ سۈپىتى ياخشى، بۇ ئوتلاق ئېگىز ھەم سوغۇق رايون ئوتلىقى بولۇپ، بىر قەدەر يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ۋە تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە. ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سۈپەتلىك يايلاق ۋە كۈزلەك، چىمەنتاغ ۋە كوئېنلۇن ئېتەكلىرى ياخشى قىشلاق ۋە كۆكلەم ھېسابلىنىدۇ.

تۆمۈرلۈك - يۇسۇپئالىق ئوتلىقى ئارقا تاغ، ئاقتىتاغ ۋە چىمەنتاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. غەربىي قىسمى يۇسۇپئالىق ئوتلىقى بولۇپ، گورگاھ ۋە يۇسۇپئالىق دەريالىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان، كۆلىمى تەخمىنەن 200 مىڭ مو، دېڭىز يۈزىدىن 3500 - 4000 مېتىر ئېگىز. تۇپرىقى شېغىللىق قۇم تۇپراق بولۇپ، خېلىلا قۇملاشقان، ئۇنىڭدا يۇلغۇن، تىكەنلىك ئوت - چۆپلەر كۆپرەك ئۆسىدۇ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر شالاڭراق، ئۇ تاغلىق رايون چۆل ئوتلىقىغا كىرىدۇ. شەرقىي قىسمى تۆمۈرلۈك ئوتلىقى بولۇپ، تەخمىنەن 400 مىڭ مو كېلىدۇ. غەربىدىكى يۇسۇپئالىق دەرياسى ئوتلاققا 40 نەچچە كىلومېتىر قالغاندا باغتوقاي دېگەن يەردە سىڭىپ كېتىپ، تۆمۈرلۈكتە بۇلاق بولۇپ چىقىدۇ. بۇلاق ئوتلاقنىڭ ھەممە يېرىدە بار. بۇلاق سۈيى چىققان يەر ئومۇمىيۈزلۈك زەيلىشىپ، زەي ئوتلاق شەكىللەنگەن، بۇ يەردە قومۇش، قىرىقبوغۇم، تۇگۈنەكلىك پىيازەك كۆپرەك ئۆسىدۇ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قاپلاش دەرىجىسى تۆۋەنرەك، بۇلاق چىققان يەرنىڭ يۇقىرىسىدا كەلكۈندىن ھاسىل بولغان قۇم تۇپراق بولۇپ، زەيلەشمىگەن، ئۇ، تاغلىق رايون يېرىم چۆل ئوتلىقى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدا كۆپىنچە نىجىم، ئاق تىكەن، يۇلغۇن قاتارلىقلار ئۆسىدۇ.

## 2. ئوتلاق قۇرۇلۇشى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىقى سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ، يىل بويى كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، تەبىئەتكە تايىنىپ مال بېقىشتەك ئىپتىدائىي ھالەتتە ئىدى. تەبىئىي ئوتلاقلاردا پەسىل خاراكتېرلىك تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلۈپ تۇراتتى، ئاددىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ناچارلىشىپ كەتكەن ئوتلاقلارغا تايىنىپ داۋاملاشتۇرۇلاتتى. ھۇسەيىن باندىتلىرى چاقىلىقنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوننى ئىگىلىۋالغاچقا، چارۋىچىلار ماللىرىنى تۈزلەڭلىكتىكى ئوتلاقلاردا ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدا باقاتتى. پۈتۈن ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىقى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى پۈتۈنلەي سۇ، ئوت - چۆپ قاتارلىق تەبىئىي شارائىتلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىق ئىدى. چارۋا ماللارنىڭ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇپ، قىشتا جۇدەش، ئەتىيازدا ئۆلۈش ئەھۋالى بىر قەدەر ئېغىر ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر يىلى مەلۇم ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچى سەرپ قىلىپ، ئوتلاق قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە جەنۇبىي تاغدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، ئاساسەن، باندىتلارنى يوقىتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى، تۈزلەڭلىكتىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىلا بەزى پەسىل خاراكتېرلىك سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ۋە كىچىك كۆل ياسىلىپ، ئوتلاقلار سۇغىرىلدى. 1959 - يىلىدىن باشلاپ، «غالىبىيەت» گۇڭشېسى كەڭلايقىدا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2262 مېتىر كېلىدىغان 4 ئۆستەڭ چېپىپ، 16 مىڭ 500 مو ئوتلاقنى سۇغاردى، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇغىرىش كۆلىمى بارغانسېرى

كېڭەيتىلدى. 1963 - يىلى 24 كەلكۈن باشلاش ئۆستىڭى ۋە سۇ ئامبىرى يېڭىدىن ياسىلىپ ۋە رېمونت قىلىنىپ، 24 مىڭ مو ئوتلاق سۇغىرىلدى. «غالىبىيەت» گۇڭشېسىنىڭ «غالىبىيەت»، «قىزىل يۇلتۇز» چوڭ ئەترەتلىرى كەڭلايقا رايونىدا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7600 مېتىر كېلىدىغان 7 كەلكۈن باشلاش ئۆستىڭى چېپىپ، 2 كەلكۈن باشلاش ئۆستىڭىنى رېمونت قىلىپ، 10 مىڭ مو ئوتلاقنى سۇغاردى. 1964 - يىلى كەڭلايقا ئوتلىقىدا 2 كۆل، 2 كەلكۈن باشلاش ئۆستىڭى، 5 توغان ياسالدى. 1966 - يىلى كەڭلايقىدا ئۇزۇنلۇقى 1180 مېتىر كېلىدىغان 21 ئۆستەڭ چېپىلىپ، ئۇزۇنلۇقى 712 مېتىر كېلىدىغان 12 توسما ياسىلىپ، ئۇزۇنلۇقى 5560 مېتىر كېلىدىغان 8 ئۆستەڭ رېمونت قىلىنىپ، 9200 مو ئوتلاق سۇغىرىلدى. 1968 - يىلى يۇقىرىدىن چارۋىچىلىق رايونىغا ئاجرىتىپ بېرىلگەن 1500 يۈەن سۇچىلىق ياردەم پۇلى شەرقىي - غەربىي تاتراڭ ئوتلىقىنىڭ ۋە ۋاششەرى دېھقانچىلىق رايونى ئەتراپىدىكى ئوتلاقلارنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى. 1983 - يىلى ئۇزۇنلۇقى 2500 مېتىر كېلىدىغان 10 توسما ياسالدى، 3000 مېتىردىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ باشلاش ئۆستىڭى رېمونت قىلىندى، 43 قۇدۇق قېزىلدى. 1984 - يىلى ئۇزۇنلۇقى 319 مېتىر كېلىدىغان 8 توغان ياسالدى، 9580 مېتىر كېلىدىغان 15 ئۆستەڭ چېپىلدى، 37 قۇدۇق قېزىلدى، 27 ئېغىل سېلىندى. 1985 - يىلغا كەلگەندە پۈتۈن ناھىيىدىكى ئوتلاقلاردا چىدامىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشلاردىن ئېغىل - قوتان 121گە، قۇدۇق 43 (باسما قۇدۇق 26، سېمونت تۇرۇبا ئورنىتىلغىنى 23) كە، كەلكۈن توسمىسى 21گە، سۇ باشلاش ئۆستىڭى 20 كىلومېتىرغا، رېمونت قىلىپ راۋانلاشتۇرۇلغان چارۋا يوللىرى 450 كىلومېتىرغا يەتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئوتلاقلار ئىلمىي پىلانلىنىپ، چارۋا سانى ئوتلاققا قاراپ بېكىتىلىپ، رايون، پەسىلگە ئايرىپ پىلانلىق بېقىش يولغا قويۇلدى، ئوتلاقلار ئاسرىلىپ، پايدىلىنىش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى، مال بېقىش شارائىتى ياخشىلىنىپ، ئوتلاقلارنىڭ تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى.

# III باب

# ئورمانچىلىق

## §1. ئورمان بايلىقى

### 1. ئورمان كۆلىمى ۋە زاپىسى

پۈتۈن ناھىيىدە 845 مىڭ 600 مو ئورمانلىق بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.278% نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي توغراقلىق 175 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي ئورمانلىق كۆلىمىنىڭ 20.7% نى ئىگىلەيدۇ.

ئورمانلىقلارنى رايونغا ئايرىش ۋە 1984 - يىلقى سۈنئىي ئورماننى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش

ئەھۋالىغا قارىغاندا، پۈتۈن ناھىيىدە ئۆرە ياغاچ زاپىسى 416 مىڭ كۇبمېتىرغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي توغراق 312 مىڭ كۇبمېتىرغا، سۈنئىي ئورمان 104 مىڭ كۇبمېتىرغا يەتكەن.

ناھىيىدىكى ئورماننى دەرەخ تۈرلىرىگە قاراپ مۇنداق تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ: تەبىئىي ئورمانلار: توغراق، قاپاق توغراقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۆل چاتقاللىرى: يۇلغۇن، قاغا جىگدە، سۆكسۆك، ئاق تىكەن، قوڭغۇراق تىكەن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، سۈنئىي ئورمانلار: سۇۋادان تېرەك، ئاق تېرەك، مىرزا تېرەك، بېيجىڭ تېرىكى، سۆگەت، جىگدە، ئۈجمە، ياسىن، ئاق ئاكاتسىيە، تاجىلىق سۆگەت، مەجنۇنتالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىقتىسادىي ئورمانلار: ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئامۇت، ياڭاق، ئالما، ئانار، قارا ئۆرۈك، پىندىق ياڭاق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. ئورمانلارنىڭ ناچارلىشىپ كېتىش ئەھۋالى

چاقىلىق ناھىيىسىدە تەبىئىي ئورمانلار ئۈزلۈكسىز ناچارلىشىۋاتىدۇ. ناھىيە دائىرىسىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى، چەرچەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ۋە ۋاششەرى دەرياسى ۋادىسىغا توغراقنى ئاساس قىلغان ئورمانلار تارقالغان. ئورمانلارنىڭ يېشىدىن قارىغاندا، ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئورمانلار ئىنتايىن ئاز، قېرى ئورمان ۋە زەئىپلەشكەن ئورمانلار تەخمىنەن 150 مىڭ مو بولۇپ، ئورمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئېقىنلىرى كۆپلەپ ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلۇپ، دەريا سۈيى توسۇۋېلىنغاچقا، تۆۋەن ئېقىنغا يېتىپ كېلەلەيدىغان سۇ بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى. 1968 - يىلىغا كەلگەندە، تارىم دەرياسىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى قىسمى قۇرۇپ كەتتى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يىلدىن يىلغا تۆۋەنلەپ كەتتى، خېلى بىر قىسىم رايونلاردا يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى 12 مېتىرغىچە تۆۋەنلەپ كەتكەچكە، توغراقلارنىڭ كۆپ قىسمى قۇرۇپ كېتەي دەپ قالدى، بەزى جايلاردا كۆپلەپ قۇرۇپ كەتتى، نەتىجىدە قۇم تاشيول بويلىرىغا كۆپلەپ كۆچۈپ، بوران چىققاندا قاتناش ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى.

1979 - يىلى سىرتتىن 100 دىن ئارتۇق ئاققۇن چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېڭىسۇ رايونىغا كېلىپ چۇچۇكبۇيا قېزىپ، ئوتلاق ۋە چۆلدىكى ئۆسۈملۈك يېپىنچىسىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلدى، بۇھال بۇ رايوننىڭ قۇملىشىپ كېتىشىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئەمەلىي تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1985 - يىلىغا قەدەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان چۆلدىكى ئۆسۈملۈك يېپىنچىسىنىڭ كۆلىمى 100 مىڭ مو ئەتراپىغا يەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەتراپتىكى بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچى تۈەن - مەيدانلار يېقىلغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئورمان رايونىدا يۇلغۇن يىلتىزىنى كۆپلەپ قېزىپ، چاتقاللىقلارنى كۆپلەپ ۋەيران قىلدى. ئورمان قالايمىقان، ھەددىدىن ئارتۇق كېسىلگەچكە، ئورمان بايلىقى ئازىيىپ، تەبىئىي ئورمانلار ئۈزلۈكسىز ناچارلىشىپ كەتتى.

## 3. ئورمانلىقلارنىڭ جايلىشىشى

ناھىيە دائىرىسىدىكى تەبىئىي ئورمانلىقلار 4 چوڭ ئورمانچىلىق رايونىغا بۆلۈنىدۇ.

1) تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئورمانچىلىق رايونى. بۇ رايون دېڭىز يۈزىدىن 800 - 1000 مېتىر ئېگىز تىنما تۈزلەڭلىكتە بولۇپ، شىمالدا

يېگىسۇغىچە، جەنۇبتا قوغانغىچە بارىدۇ. ئۇ ناھىيە بويىچە ئەڭ چوڭ تۈزلەڭلىك تەبىئىي ئورمانلىق رايونى بولۇپ، كۆلىمى 463 مىڭ 500 موغا يېتىدۇ، ئۇنىڭ ئورمان بىلەن قاپلانغان قىسمى 113 مىڭ مو بولۇپ، ئۆرە ئورمان زاپىسى 245 مىڭ كۇبمېتىرغا يېتىدۇ، ئورمانلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ رايونغا تۇتاش، بەلۋاغسىمان ۋە تارقاق ھالەتتە جايلاشقان.

2 ) ۋاششەرى ئورمانچىلىق رايونى بۇ رايون شەرقتە تاتلىقبۇلاق دەرياسىدىن باشلىنىپ، غەربتە تاشساي دەرياسىغىچە سوزۇلىدۇ، ئۇ، چاقىلىق ناھىيىسى بويىچە 2 - چوڭ تۈزلەڭلىك تەبىئىي ئورمان رايونى بولۇپ، كۆلىمى 450 مىڭ موغا يېتىدۇ، ئۇنىڭ ئورمان بىلەن قاپلانغان قىسمى 52 مىڭ 600 مو بولۇپ، ئۆرە ئورمان زاپىسى 55 مىڭ كۇبمېتىرغا يېتىدۇ، ئورمانلار تۇتاش، ھالقىسىمان ۋە تارقاق ھالەتتە جايلاشقان.

3 ) چەرچەن دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئورمانچىلىق رايونى كۆلىمى 97 مىڭ مو، ئۇنىڭ ئورمان بىلەن قاپلانغان قىسمى 7000 مو بولۇپ، ئۆرە ئورمان زاپىسى 12 مىڭ 300 كۇبمېتىرغا يېتىدۇ.

4 ) ئەخمەتقۇدۇق ئورمانچىلىق رايونى كۆلىمى 54 مىڭ 400 مو، ئۇنىڭ ئورمان بىلەن قاپلانغان قىسمى 2400 مو، چاتقاللىق 52 مىڭ مو بولۇپ، ئۆرە ئورمان زاپىسى ئىنتايىن ئاز.

يۇقىرىدىكى 4 چوڭ ئورمانچىلىق رايونىدىن باشقا، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ۋە چەرچەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى كەڭ رايونلاردا يەنە بەزى چۆل چاتقاللىرى بار، ئۇلاردا يۇلغۇن، قوڭغۇراق تىكەن، سۆكسۆك ئۆسىدۇ، ئۇنىڭغا قايتا كۆكلىگەن تەبىئىي توغراقنى قوشقاندا كۆلىمى 664 مىڭ موغا يېتىدۇ.

### چاقىلىق ناھىيىسىدىكى تەبىئىي ئورمانلىقلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 — 10　　بىرلىكى: 10 مىڭ مو (كۆلىمى)، كۇب مېتىر (زاپىسى)

| رايون | جايلاشقان يەرلەر | ئورمانچىلىق رايونىنىڭ كۆلىمى | ئورمانلىق كۆلىمى | | | | ئۆسۈۋاتقان ئورمان زاپىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | توغراقلىق | | چاتقاللىق | جەمئىي | |
| | | | ئورمان بىلەن قاپلانغان يەر | ناچارلىشىپ كەتكەن ئورمانلىق | | | |
| تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى | يېگىسۇ، قارالداي يىكەنبۇجمال، قوغان | 46.53 | 11.30 | 9.36 | 19.2 | 30.5 | 244871 |
| ۋاششەرى رايونى | تاتلىقبۇلاق دەرياسى، ۋاششەرى دەرياسى، تاشساي دەرياسى | 45 | 5:26 | 4.80 | 33 | 38.26 | 54971 |
| چەرچەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى | يۈسۈپساتما، كەڭلايقا قاتارلىقلار | 9.7 | 0.70 | 0.60 | 9 | 9.7 | 12250 |
| ئەخمەتقۇدۇق | شۇ رايوننىڭ ئەتراپى | 5.44 | 0.24 | 0.24 | 5.2 | 5.44 | |
| جەمئىي | | 106.67 | 17.5 | 15 | 66.4 | 83.9 | 312092 |

## § 2 . كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش

چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى كۆچەت تىكىپ مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە. تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) 31 مىڭ 860 تۈپ كۆچەت تىكىلگەن؛ مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 78 مىڭ 941 تۈپ، مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 65 مىڭ 293 تۈپ كۆچەت تۈتتۈرۈلغان؛ مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 50 مىڭ 194 تۈپ كۆچەت تىكىلگەن. شۇ يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت چوكانتال بايرىمى (4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى) نىڭ چاقىلىقنىڭ كۆچەت تىكىش بايرىمى قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى تۈنجى قېتىم ئېنىق جاكارلىغان. شۇ چاغدا ناھىيە بويىچە تۈتتۈرۈلغان كۆچەتلەرنىڭ 127 مىڭ 735 تۈپكە يەتكەنلىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان؛ مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 63 مىڭ 208 تۈپ كۆچەت تىكىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قىسىملىرى خەلق ئىشچىلىرىغا دەل - دەرەخلەرنى كەستۈرۈپ گازارما ۋە پوتەي ياساتقاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەنۇبتىكى تاغدا ھۇسەيىن باندىتلىرى پات - پات تاغدىن چۈشۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ تۇرغاچقا، چاقىلىق ناھىيىسىدە زور مىقداردا كۆچەت تىكىلمىگەن، ئۇ يەر - بۇ يەردە ئاز - ئازدىن تىكىلگەن كۆچەتلەر يىلىغا 10 مىڭ تۈپكىمۇ يەتمىگەن. مىنگو دەۋرىدە، چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كۆچەت تىكىشنى تەشكىللەش خىزمىتىنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، تەشكىللەش كۈچلۈك، تەدبىر توغرا بولمىغاچقا، ئۈنۈمى دېگەندەك ياخشى بولمىغان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى يەنى 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە تىكىلىپ تۈتتۈرۈلغان دەل - دەرەخلەر ئاران 99 مىڭ 600 تۈپكە يەتكەن، ئۇنىڭ ساقلاپ قېلىنىش نىسبىتى 30.6% بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ ئىشنى ھەر يىلى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. 1950 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، قىسىم ۋە ناھىيىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرىنىڭ بىرلەشمە كېڭەشمە يىغىنىدا 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىنى چاقىلىقنىڭ كۆچەت تىكىش بايرىمى قىلىپ بېكىتىش قارار قىلىنىپ، ھەر ئادەم يىلدا 10 تۈپ كۆچەت تىكىش بەلگىلەندى. ناھىيە بويىچە 1950 - يىلى 36 مىڭ 972 تۈپ، 1951 - يىلى 26 مىڭ 781 تۈپ، 1952 - يىلى 57 مىڭ 483 تۈپ كۆچەت تىكىلدى؛ 1953 - يىلى 124 مو ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 62 مىڭ 116 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 6 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 108 جىڭ دەرەخ ئۇرۇقى يىغىلدى؛ 1954 - يىلى 60 مو ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 50 مىڭ 94 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 8 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى؛ 1955 - يىلى 71 مو ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 88 مىڭ 483 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 20 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى؛ 1956 - يىلى 150 مو، 1957 - يىلى 180 مو ئورمان بەرپا قىلىندى، 1958 - يىلى 360 مو ئورمان بەرپا قىلىندى، 60 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى؛ 1959 - يىلى 71 مو ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 60 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىر توغراقلىق مەيدانى، گۆڭشېنىڭ باشقۇرۇشىدىكى 2 كۆچەتزارلىق بەرپا قىلىندى، 216 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 3964 جىڭ ئۇرۇق يىغىۋېلىندى؛ 1960 -

يىلى 268 مو ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 133 مىڭ 895 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 173.5 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى؛ 1961 - يىلى 102 مو ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 18 مىڭ 223 تۈپ كۆچەت تىكىلدى؛ 1962 - يىلى 54.7 مو ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 16 مىڭ 800 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 31 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى؛ 1963- يىلى 525 مو ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 90 مىڭ 191 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. گوڭشې ۋە ئەترەتلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا 6 كۆچەتزارلىق يېڭىدىن قۇرۇلۇپ، 56 مو كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى.

1963 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سوتسىيالىستىك «بەشتە ياخشى» (ياخشى ئېرىق-ئۆستەڭ، ياخشى ئورمان بەلۋېغى، ياخشى يول، ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى مەھەللە بولۇش) يېزا قۇرۇش توغرىسىدا چاقىرىق چىقىرىپ، ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىنى «بەشتە ياخشى» بولۇش ئۆلچىمىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتتى، چاقىلىق ناھىيىسى «بەشتە ياخشى» يېزا قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنى ئېتىز، يول، ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە مەھەللىلەردە ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قېرى دەل - دەرەخلەرنى ۋە يېتىلگەن ماتېرىيال ئورمانلىرىنى ھەر يىلى كېسىپ، ئورنىغا يەنە كۆچەت تىكىپ تۇردى، 1964 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە 20 يىل بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە جەمئىي 5035 مو ئورمان بەرپا قىلىندى، 2 مىليون 937 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، يېڭى ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى ئومۇمىيۈزلۈك بەرپا قىلىنىپ، ئورمانچىلىق زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە 9907 مو ئېتىز ئورمان بىلەن قورشىلىپ بولدى، بۇ ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ %29.7نى ئىگىلەيدۇ. 3 يېزا، بىر بازارنىڭ 34 كەنتى ئىچىدە 12 كەنتنىڭ ئېتىزلىرى ئورمان بىلەن قورشىلىپ بولدى، بۇ ئومۇمىي كەنتنىڭ %35.2 ئىگىلەيدۇ. ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %16.7كە، بازارلارنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى %12.8كە يەتتى. 1978 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسى دۆلەتنىڭ «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمان سىستېمىسىدىكى تارىم بوستانلىقى ئېتىز ئىھاتە ئورمىنى رايونىغا كىرگۈزۈلدى. 1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە بەرپا قىلىنىپ ساقلىنىپ قالغان ئورمانلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 5839 موغا، تىكىلگەن كۆچەت 4 مىليون 667 مىڭ 700 تۈپكە، ساقلىنىپ قالغىنى 2 مىليون 856 مىڭ تۈپكە، ساقلىنىپ قېلىش نىسبىتى %61.2كە يەتتى.

**چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان قىسمەن يىللاردا كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 7 — 11

| يىللار | بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى (مو) | تىكىلگەن كۆچەت (تۈپ) | يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەت (مو) |
|---|---|---|---|
| 1950 | | 36972 | |
| 1955 | 71 | 88483 | 20 |
| 1960 | 268 | 133895 | 173.5 |
| 1965 | 93 | 71114 | 150 |
| 1972 | 43.7 | 18734 | 145 |
| 1975 | 131 | 30000 | 98 |
| 1979 | 209.9 | 271146 | 183.7 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1980 | 435 | 238984 | 122 |
| 1981 | 190.5 | 274325 | 323.5 |
| 1982 | 711.3 | 421600 | 300 |
| 1983 | 700 | 520000 | 350 |
| 1984 | 792.6 | 401906 | 370 |
| 1985 | 792 | 456000 | 300 |

## 3 § . ئورمان كېسىش

50 ـ يىللاردا چاقىلىق ناھىيىسىدە تەبىئىي ئورمانلىقلاردا ياغاچ ئىنتايىن ئاز كېسىلدى. 1963 ـ يىلدىن باشلاپ، ناھىيىلىك توغراقلىق مەيدانى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان كومىتېتىدىن چۈشۈرۈلگەن كېسىش پىلانى كۆرسەتكۈچى بويىچە، ھەر يىلى 500 كۇب مېتىردىن ياغاچ كەستى، 1966 ـ يىلى كېسىلگەن ياغاچ 1300 كۇب مېتىرغا يەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ 1982ـ يىلىغىچە، ئايرىم يىللاردا 1000 كۇب مېتىرغا يەتمىگەندىن سىرت، ھەر يىلى 1000 — 1500 كۇب مېتىر ئارىلىقىدا كېسىلدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1983 ـ يىلى ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، تەبىئىي ئورمانلىقلاردا ياغاچ كېسىش مىقدارىنى قاتتىق كونترول قىلىش توغرىسىدا قارار چىقاردى، شۇ يىلى ياغاچ كېسىش مىقدارى 700 كۇب مېتىرغا چۈشتى. 1984 ـ يىلدىن كېيىن ناھىيە بويىچە توغراقلىقتىن يىللىق ياغاچ كېسىش مىقدارى 300 كۇب مېتىردا تىزگىنلەندى، 1963 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلىغىچە بولغان 23 يىلدا، چاقىلىق ناھىيىسىدە ئورمانلىقلارنى رەتلەش، يېتىلدۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈلۈپ جەمئىي 20 مىڭ 950 كۇب مېتىر ياغاچ كېسىلدى.

**چاقىلىق ناھىيىسىدە 1963 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا توغراقلىقلاردا ئورماننى رەتلەپ ياغاچ كېسىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 7 — 12

| يىللار | كېسىلىش مىقدارى (كۇب مېتىر) | يىللار | كېسىلىش مىقدارى (كۇب مېتىر) | يىللار | كېسىلىش مىقدارى (كۇب مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1963 | 500 | 1971 | 1000 | 1979 | 950 |
| 1964 | 500 | 1972 | 1000 | 1980 | 1300 |
| 1965 | 500 | 1973 | 1000 | 1981 | 1000 |
| 1966 | 1300 | 1974 | 1200 | 1982 | 700 |
| 1967 | 1200 | 1975 | 1000 | 1983 | 500 |
| 1968 | 1500 | 1976 | 1000 | 1984 | 300 |
| 1969 | 1200 | 1977 | 1000 | 1985 | 300 |
| 1970 | 1200 | 1978 | 800 | جەمئىي | 20950 |

شەھەر، يېزىلاردا سۇنئىي ئورمانلارنى كېسىپ يېڭىلاشتا يېزا (بازار) لىق، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە ئەستىقلىتىلدى. 1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلىغىچە ناھىيە بويىچە سۇنئىي

ئورمانلارنىڭ ئومۇمىي كېسىلىش مىقدارى 6117 كۇب مېتىرغا يەتتى.

پىلانلىق كېسىلىشتىن تاشقىرى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئورمانلارنى كۆپلەپ ئوغرىلىقچە كېسىپ كېتىش ئەھۋالى يۈز بەردى، ئارغاننىڭ شىمالىدىكى توغراقلىقتىلا 2200 كۇب مېتىر ياغاچ ئوغرىلىقچە كېسىپ كېتىلدى.

## 4 § . ئورمان باشقۇرۇش

### 1 . باشقۇرۇش ئاپپاراتى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە مەخسۇس ئورمان باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىنمىغان. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلدى، بۇ بۆلۈم پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئورمانچىلىقىنى قوشۇمچە باشقۇردى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) نىڭ بېشىدا، چاقىلىق ناھىيىسى 3 - دەرىجىلىك ناھىيە قىلىپ ئايرىلدى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە پەقەت 1 -، 2 -، 3 - بۆلۈملەرلا تەسىس قىلىندى، ئورمانچىلىق 3 - بۆلۈمنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ ئورمانچىلىقىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى، يېزا ئىگىلىك بۆلۈمى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1959- يىل 8 - ئايدا ئورمانلارنى باشقۇرۇش - ئاسراشنى ئاساس قىلغان ناھىيىلىك توغراقلىق مەيدانى قۇرۇلدى. 1963 - يىل 2 - ئايدا ناھىيىلىك كۆچەتزارلىق قۇرۇلدى. 1974 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتى قۇرۇلدى. 1982 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ناھىيىلىك كۆكەرتىش كومىتېتى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك توغراقلىق مەيدانى 1983 - يىل 10 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك توغراقلىق باشقۇرۇش پونكىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناھىيىلىك ئورمانلارنى ئاسراش، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى، ئورمانچىلىققا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم باش قوماندانلىقنى قوشۇمچە ئۆتىدى، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، تەپتىش ۋە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن 5 كىشى شتاب ئەزاسى بولدى. قوماندانلىق شتابىنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ ئورنى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدا بولدى. ئىشخانىنىڭ مۇدىرلىقى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە توغراقلىق باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى ئۈستىگە ئالدى.

### 2 . ئورمان ئاسراش، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق تەۋەسىدىكى تەبىئىي توغراقلار تەبىئىي ئۆسۈش ھالىتىدە تۇراتتى، ئاسراش ئاپپاراتىمۇ، باشقۇرۇش تەدبىرلىرىمۇ يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، تەبىئىي توغراقلارنى باشقۇرۇش، ئاسراش خىزمىتى پەيدىنپەي توغرا ئىزغا چۈشتى. 1959 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك توغراقلىق مەيدانى ئەۋەتكەن 10 مەخسۇس ئورمان قوغدىغۇچى يېڭىسۇ، ئارغان، ۋاششەرى قاتارلىق رايونلارغا بېرىپ مەڭگۈلۈك ئورمان ئاسراش نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، ئورمان ئاسراش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى سۇنئىي ئورمانلار پۈتۈنلەي خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى. كوپېراتسىيىلەشكەندىن كېيىن گۈڭشې، ئەترەتلەر مەخسۇس ئادەم قويۇپ بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى، 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ناھىيە بويىچە بازار - يېزىلارغا تەۋە سۇنئىي ئورمانلارنى باشقۇرغۇچى 58گە يەتتى. 1963 - يىل 5- ئايدا چاقىلىق ناھىيىسى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «ئورمان ئاسراش نىزامى»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، جاڭگالدىكى تەبىئىي توغراقلارنى ئومۇميۈزلۈك ئاسراش، ئۇلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش فاڭجېنىنى قوللىنىپ، ئورمان ئاسراش، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا يېزا - ئاھالىلەر بويىچە ئومۇميۈزلۈك ئەھدىنامە تۈزدى. 1965 - يىلى ناھىيە بويىچە 100 ئەمگەك كۈچى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، يېڭىسۇ رايونىدا 3 توغان ياسىلىپ، 3000 مودىن ئارتۇق تەبىئىي توغراقلىق قەرەللىك سۇغىرىپ تۇرۇلدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئوغرىلىقچە كېسىش ۋە قالايمىقان كېسىش ئەھۋالى پات - پات يۈز بېرىپ تۇردى. 1966 - يىلىدىن 1977 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئارغاننىڭ شىمالىدىكى ئورمانچىلىق رايونىدىلا 2200 كۇب مېتىر توغراق كېسىپ كېتىلدى. 1977 - يىل قىش پەسلىدە يېڭىسۇ كونا ئورمانچىلىق رايونىدىكى ئورمانلار كېسىپ تۈگۈتىۋېتىلدى، بىر قېتىمدىلا 1572 تۈپ چوڭ دەرەخ (298.9 كۇب مېتىر)، 698 تۈپ ياش دەرەخ كېسىپ كېتىلدى، 250 مو ئورمانلىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، چەرچەن ناھىيىسىگە تۇتىشىدىغان چاپانقالدى ئورمانچىلىق رايونىدا كېسىپ كېتىلگەن توغراق 400 نەچچە كۇب مېتىرغا يەتتى، شۇ مەزگىلدە، ئورمان ئاسراش، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى بوشاشتۇرۇپ قويۇلغانلىقتىن، توغراقلىقتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 4 قېتىم كىچىك ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 70 نەچچە مو ئورمان ۋەيران بولدى، 4613 تۈپ چوڭ - كىچىك دەرەخ كۆيۈپ كەتتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، گوۋۇيۈەن «ئورمان ئاسراش ئېلانى»نى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ئورمان قانۇنى»نى ئېلان قىلدى. 1979 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم يېڭىسۇ رايونىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى قاتارلىق 5 يەردە توغان سېلىشنى قارار قىلدى. ناھىيىدە توغان قۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇرۇلدى، قوماندانلىق شتابى «غالىبىيەت»، «ئىتتىپاق» گۇڭشېلىرىدىن 150 ئەمگەك كۈچى ئاجرىتىپ، 45 كۈن ئىچىدە توغان سېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى، بۇنىڭ بىلەن 50 مىڭ مو توغراقلىق سۇغىرىلدى. 1980 - يىلى ئەتىيازدا لوپنۇر ناھىيىسى تارىم گۇڭشېسى 7 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 200 ئېتى يېڭىسۇ رايونىغا قويۇپ بېرىلدى، ئوزۇق مۇددەت ھېچكىم قارىمىغاچقا، ئاتلار 40 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق توغراقنى غاجىلاپ قۇرۇتىۋەتتى. 1980 - يىل 12 - ئايدا گوۋۇيۈەن «ئورماننى قالايمىقان كېسىشنى قەتئىي توسۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. 1981 - يىل 3 - ئايدا يەنە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «ئورماننى قوغداپ، ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئائىت بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدا قارار» چىقاردى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن مۇناسىپ بەلگىلىمە چىقىرىپ ۋە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇپ، ناھىيىدىكى 3 يېزا، بىر بازاردا مەخسۇس كادىر قويۇپ ئورمانچىلىق خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئورمان باشقۇرغۇچى 82 دىن 176 گە يەتتى ھەمدە ئورمان ئاسراش، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىش ئورنى

مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ئورمان ئاسراش نىزامى تۈزۈپ چىقىلدى. 1983 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك توغراق باشقۇرۇش پونكىتى ئورمان ئاسراش، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، تېلېگراف ئاپپاراتىدىن بىرنى كۆپەيتتى، ئاپپارات ۋە خادىملارنى تەڭشەپ، ناھىيىگە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تەبىئىي توغراقلىقنى باشقۇرۇش، ئاسراشقا ئومۇميۈزلۈك مەسئۇل بولىدىغان مەخسۇس ئورمان ئاسرىغۇچىدىن 12نى، سەييارە ئورمان ئاسرىغۇچىدىن بىرنى، خالىسانە ئورمان ئاسرىغۇچىدىن 2نى بېكىتتى.

## 3. ھوقۇقنى بېكىتىپ، گۇۋاھنامە تارقىتىش

1982 - يىل 1 - ئايدا ناھىيە بويىچە ئورمانچىلىقتا ئورمان ھوقۇقىنى مۇقىملاشتۇرۇش، قالدۇرۇق ئورمان يېرىنى ئايرىش، ئورمانچىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بېكىتىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئىشلىنىپ، شەھەر، يېزىلاردا جەمئىي 1873 ئورمان ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى تارقىتىلدى. بۇنىڭ 112 سى ناھىيە بازىرىغا، 36 سى يېزا كوللېكتىپىغا تارقىتىلدى، قالغانلىرى دېھقانلارغا تارقىتىلدى، گۇڭشې ئەزالىرىغا 1092 مو قالدۇرۇق ئورمان يېرى ئايرىپ بېرىلدى، 250 مو تېرىلغۇ يەر ئورمان بەرپا قىلىشقا قايتۇرۇلدى، 33 مو يېقىلغۇ ئورمان يېرى ئايرىپ بېرىلدى ھەمدە ۋاشەرى رايونىدا تېرىلغۇ يەرگە يېقىن 1605 مو قايتا كۆكەرگەن توغراقلىق ۋاشەرى گۇڭشېسىغا قاراشلىق چولڭ ئەترەتلەرگە ئايرىپ بېرىلدى، 1983-يىلى ناھىيە بويىچە 14 ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىسى، 6 كۆچەت يېتىشتۈرۈش كەسپىي ئائىلىسى بېكىتىلىپ، ئۇلارغا جەمئىي 809 مو ھۆددە يەر ئايرىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمانچىلىق 678 مو، كۆچەتزارلىق 131 مو. كەسپىي ئائىلىلەر توپلىغان 25 مىڭ يۈەن مەبلەغ، دۆلەت بەرگەن 90 مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز پۇل ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلدى. 1985 - يىلغىچە كەسپىي ئائىلىلەر 194 مو ئورمان بەرپا قىلدى، 76 مو كۆچەت يېتىشتۈردى.

## 4. كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش

ناھىيە دائىرىسىدە دەل - دەرەخلەرگە چۈشكەن زىيانلىق كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشارەت 14 خىل بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن تېرەكتە بولىدىغان يارا كېسىلى، چىرىش كېسىلى، سۆگەتتە بولىدىغان قارا پارقىراق داغ كېسىلى، ئاق تېرەككە چۈشىدىغان يوپۇرماق قېتى پەرۋانىسى، كىچىك يوپۇرماق پەرۋانىسى، يوپۇرماق پىتى، قالقانلىق قاسراقلىق قۇرت، سۆگەتكە چۈشىدىغان غوزا پىتى، جىگدىگە چۈشىدىغان كۆكتات بۆرگىسى، شاپتۇل پەرۋانىسى، يوپۇرماق ئورىغۇچى كېپىنەك، جىگدىگە چۈشىدىغان كۆك قاناتلىق قاسراقلىق قۇرت، قارىياغاچقا چۈشىدىغان ھۆررەك قۇرت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەر ئاستىدا بولىدىغان زىيانداشلار يەر يولۋىسى، موزايبېشى، ماي قوڭغۇز قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1949 - يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1985 - يىلغىچە، ناھىيىدىكى ئورمانچىلىق رايونلىرىدا بىر قېتىم خېلى ئېغىر زىيانداش ھاشارەت ئاپىتى يۈز بەردى. 1978 - يىل 7 -، 8 - ئايلاردا ئارغاننىڭ جەنۇبىدىكى ئورمانلىقتا 70 نەچچە كىلومېتىر دائىرە ئىچىگە موجى قۇرۇتى چۈشۈپ، توغراق يوپۇرماقلىرىنى يەپ كەتتى. 1981 - يىلىدىن كېيىن ناھىيىلىك ئورمانچىلىق تارماقلىرى ھەر يىلى شەھەر - يېزىلاردىكى قىسمەن ئورمان بەلۋاغلىرى ۋە باغلارغا خىمىيىۋى دورا چېچىپ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى داۋالاپ تۇردى، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئىشى ئېلىپ بېرىلغان كۆلەم 1000 موغا يەتتى.

# IV باب

# باغۋەنچىلىك

## 1 § . ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى

چاقىلىق ناھىيىسىدە باغۋەنچىلىك ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئەمما ناھىيىدە نوپۇس ئاز بولغاچقا، مېۋىلىك دەرەخلەر ئۇزۇندىن بۇيان شالاڭ ئۆستۈرۈلۈپ كەلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى باغۋەنچىلىككە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1957 - يىلى مەملىكەتلىك باغۋەنچىلىك يىغىنىدا باغۋەنچىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى گۇڭشې، ئەترەتلەر كوللېكتىپ باغ ئەھيا قىلىشقا باشلىدى. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ناھىيە بويىچە باغ كۆلىمى 600 موغا، مېۋە مەھسۇلاتى 150 مىڭ جىڭغا يەتتى؛ قوغۇن - تاۋۇزلۇق، كۆكتاتلىق كۆلىمى 800 موغا، مەھسۇلاتى 640 مىڭ جىڭغا يەتتى. ئاساسلىق مېۋىلەر ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسلىق كۆكتاتلار پىياز، چامغۇر، سەۋزە، يېسىۋىلەك (بەيسەي) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا كورلىدىن بىر تۈركۈم ئەلا سورتلۇق مېۋىلىك دەرەخلەردىن داڭشەن نەشپۈتى، كورلا نەشپۈتى، كۆك ئامۇت، ئالما نەشپۈت، سوقىچاق ئامۇت ۋە «گوگۇاڭ» ئالمىسى قاتارلىقلارنىڭ كۆچەتلىرى كىرگۈزۈلدى. بەزى دېھقانلار يەنە ئىچكىرىدىن بەزى مېۋە، كۆكتات سورتلىرىنى كىرگۈزدى.

70 - يىللارغا كەلگەندە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مېۋە - چېۋىگە بولغان ئېھتىياجمۇ ئاشتى، نەتىجىدە باغۋەنچىلىك كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، مېۋە تۈرلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. 1976 - يىلى ناھىيە بويىچە مېۋىلىك باغ كۆلىمى 900 مودىن كۆپرەككە يەتتى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 270مىڭ جىڭغا يېتىپ، 60 - يىللاردىكىدىن 44 % ئاشتى؛ قوغۇن -تاۋۇز، كۆكتات كۆلىمى 1500 موغا يەتتى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2 مىليون 250 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 60 - يىللاردىكىدىن 71% ئاشتى. 1981 - يىلىغا كەلگەندە، باغ كۆلىمى 1112 موغا يەتتى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 900 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 70 - يىللاردىكىدىن 70% ئاشتى؛ قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات كۆلىمى 900 موغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2 مىليون 700 مىڭ جىڭغا يەتتى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە باغ كۆلىمى 1961.1 موغا يېتىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 6.2% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم 886.5 مو، ئامۇت - نەشپۈت 84.7 مو، ئالما 121 مو، شاپتۇل 703 مو، ئۆرۈك 165.9 مو؛ قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات كۆلىمى 1400 موغا يېتىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 4.4% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە قوغۇن - تاۋۇز 900 مو، كۆكتات 500 مو.

چاقىلىق ناھىيىسىدە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ

ئۇسۇشىغا كېرەكلىك ئىسسىقلىق مول، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، بۇنداق پەۋقۇلئاددە تەبىئىي ئەۋزەللىك يەر شارائىتىغا قاراپ باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىنتايىن زور ئىستىقبالغا ئىگە قىلدى. 80 - يىللاردا چاقىلىق ناھىيىسىدە باغۋەنچىلىك نوقۇل ئۆز - ئۆزىنى قامدايدىغان ئىشلەپچىقىرىشتىن پەيدىنپەي تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەردى.

## 2 § . ئاساسلىق سورتلار

### 1. تارقىلىش ئەھۋالى

چاقىلىق ناھىيىسىدە باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى ئاساسەن تىكەنلىك، ئۈتام، ۋاششەرى يېزىلىرى ۋە چاقىلىق بازىرىغا تارقالغان. بۇ 3 يېزا، بىر بازار ئىچىدە، كۆپىنچە، تىكەنلىك، ئۈتام، يېزىلىرى ۋە چاقىلىق بازىرىغا مەركەزلەشكەن. ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 836.2 مو بولۇپ، چىلان، ياڭاق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئالما، ئامۇت - نەشپۈت، ئۆرۈك، شاپتۇل قاتارلىقلار ئۇلاردىن كېيىن تۇرىدۇ. چاقىلىق ناھىيىسى چەت رايون بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاششەرى يېزىسى ناھىيە بازىرىدىن 80 نەچچە كىلومېتىر يىراق بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىلغان مېۋە - چىۋىلەرنى سىرتقا يۆتكىگىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇ يەردە مېۋە - چىۋە كۆلىمىنىڭ كېڭەيتىلىشى چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، مېۋە - چىۋىلەرنى ئۆز ئۆزىنى قامدىغىدەكلا ئىشلەپچىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ئاران 334 مو بولۇپ، چىلان، ياڭاق، شاپتۇل، ئۈزۈم قاتارلىقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنە ئاز ساندا ئۆرۈك، «ماي» شاپتۇل، ئالما، ئامۇت قاتارلىقلارمۇ بار.

### 2. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى

1) ئامۇت - نەشپۈت بۇنىڭ ئاق نەشپۈت، قۇم ئامۇت قاتارلىق 10 نەچچە خىل سورتى بولۇپ، كۆلىمى 84.7 موغا يېتىدۇ، مېۋىلىك دەرەخ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 4.3% نى ئىگىلەيدۇ. 1963 - يىلى كورلىدىن كورلا نەشپۈتى، داڭشەن نەشپۈتى، سوقىچاق ئامۇت، كۆك ئامۇت، پىيازەك ئامۇت، «20 - ئەسىر»، ئالما - نەشپۈت قاتارلىق ئەلا سورتلار كىرگۈزۈلدى، كېيىن ئارقا - ئارقىدىن يەنە بىر ئاز كىرگۈزۈلدى. ئامۇت - نەشپۈت، ئالما، ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۆرۈك چاقىلىق ناھىيىسىدە كۆلىمى بىر قەدەر كەڭ مېۋىلەر. بۇلاردىن سىرت يەنە ئاز ساندا ياڭاق، چىلان، قارا ئۆرۈك، ئەنجۈر، ئانار بار.

2) ئالما بۇنىڭ 10غا يېقىن سورتى بولۇپ، كۆلىمى 121 موغا يېتىدۇ، مېۋىلىك دەرەخ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 6.2% نى ئىگىلەيدۇ. ئىلگىرى پەرۋىش ياخشى بولمىغاچقا، مەھسۇلاتى تۆۋەن ئىدى. 60 - يىللاردا ھەر خىل ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، ئالما ئىشلەپچىقىرىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى ھەمدە قىشلىق لىمون، گوگۇاڭ، كۆك بانان قاتارلىق بىر قەدەر ياخشى ئالما سورتى كىرگۈزۈلدى. 1983 - يىلى يېزا ئىگىلىك 2 - شى 36 - تۇەن - مەيدانىدىن «تەبرىك»، «قىزىل مەرۋايىت»، «سېرىق مارشال»، «قىزىل مارشال»، «قىزىل يۇلتۇز»، شىخۋاتىيەن قاتارلىق ئالما سورتىرى كىرگۈزۈلدى.

3) ئۈزۈم ئۈزۈم ياۋروپا - ئاسىيا تۈر تۈپى، شەرقىي ئاسىيا تۈر تۈپى، يېڭى ئامېرىكا

تۈر توپىدىن ئىبارەت 3 تۈر توپىغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار ئىچىدە ياۋروپا ـ ئاسىيا تۈر توپىدىكىلىرى ئەڭ كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ياۋروپا ـ ئاسىيا تۈر توپى يەنە بىر نەچچە خىل سورتقا بۆلىنىدۇ. چاقىلىق ناھىيىسىدە تېرىلىۋاتقىنى ئاساسەن ياۋروپا ـ ئاسىيا تۈر توپىنىڭ شەرق تۈرلىرى بولۇپ، قاشقىرى، خوتەن قىزىل ئۈزۈمى، سايۋا ئۈزۈم، كىشمىش ئۈزۈم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئۈزۈم كۆلىمى 886.5 موغا يېتىپ، ناھىيىدىكى مېۋىلىك دەرەخ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %45.2 نى ئىگىلىدى.

4) شاپتۇل  شىمال تۈر توپى، جەنۇب تۈر توپى، توغاچ تۈر توپى قاتارلىقلار بار. شاپتۇلنىڭ سورتى 7 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، ئاساسەن «ماي» شاپتۇل، ئەنجۈر شاپتۇل، توغاچ ۋە يەرلىك تۈكلۈك شاپتۇل قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە شاپتۇللۇق 703 موغا يېتىپ، مېۋىلىك دەرەخ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %35.8نى ئىگىلىدى.

5) ئۆرۈك  بۇ، چىلگە ئۆرۈك، ئاق ئۆرۈك، ياغلىق ئۆرۈك، تۈكلۈك ئۆرۈك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كۆلىمى 165.9 مو بولۇپ، مېۋىلىك دەرەخ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %8.5 نى ئىگىلەيدۇ.

### 3. كۆكتاتنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى

1) يېسىۋىلەك (بەسەي)  بۇنىڭ چوڭ توپسىمان يېسىۋىلەك، كىچىك كاللەك يېسىۋىلەك دېگەن تۈرلىرى بولۇپ، 60 ـ يىللاردا چاقىلىققا كەلتۈرۈلگەن.

2) سەۋزە ـ تۇرۇپ  بۇنىڭ ئاق تۇرۇپ، يۇمىلاق تۇرۇپ، يازلىق تۇرۇپ ۋە سەۋزە، قاتارلىق خىللىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە سەۋزە يەرلىك سورت بولغاندىن سىرت، قالغانلىرى 50-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا كىرگۈزۈلگەن.

3) پېدىگەن  بۇنىڭ يۇمىلاق پېدىگەن، قارا پېدىگەن، ئۇزۇنچاق پېدىگەن، ئاق پېدىگەن قاتارلىق تۈرلىرى بولۇپ، 1984 ـ يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئۇرۇقچىلىق شىركىتىدىن كىرگۈزۈلگەن.

4) مۇچ  بۇنىڭ خەمەك مۇچ، قىسقا ئۇچلۇق مۇچ ۋە ئۇزۇن ئۇچلۇق مۇچ قاتارلىق تۈرلىرى بولۇپ، 1980 ـ يىلى ئوبلاستلىق ئۇرۇقچىلىق شىركىتىدىن كىرگۈزۈلگەن.

5) پەمىدۇر  بۇنىڭ پوستى قېلىن پەمىدۇر، سېرىق پەمىدۇر ۋە يۇرەكسىمان پەمىدۇر قاتارلىق تۈرلىرى بولۇپ، 1984 ـ يىلى ئوبلاستلىق ئۇرۇقچىلىق شىركىتىدىن كىرگۈزۈلگەن.

6) كاللەكبەسەي  بۇنىڭ كۈزلۈك كاللەكبەسەي، يازلىق كاللەكبەسەي دېگەن تۈرلىرى بولۇپ، 1984 ـ يىلى كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە يازلىق كاللەكبەسەينىڭ بىرلىك ھوسۇلى 1700 كىلوگرام ئەتراپىدا بولۇپ، يەرلىك يازلىق كاللەكبەسەينىڭكىدىن %23 يۇقىرى.

7) پۇرچاق  بۇنىڭ ئىنچىكە دۇدۇر، يۇمران كۆك پۇرچاق، جاڭدۇ دېگەن تۈرلىرى بولۇپ، ھەممىسى يەرلىك سورتقا كىرىدۇ.

يۇقىرىدىكى 7 خىل كۆكتاتتىن سىرت يەنە كۇدە، كەرەپشە، پالەك، ئۇسۇڭ، يۇمغاقسۇت، سۇڭپىياز، ياڭيۇ، سامساق، قىزىلچا، چېچەكسەي، قىچا، تەرخەمەك، كاۋا، سەي كاۋىسى، تەكمي كاۋا، يېسى پۇرچاق قاتارلىقلارمۇ بار.

## 4. تاۋۇز

1) 3 - نومۇرلۇق سوۋېت تاۋۇزى بۇ، 1984 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئۇرۇقچىلىق شىركىتىدىن كىرگۈزۈلگەن.
2) «قىزىل ئەلا — 2» تاۋۇزى بۇ، 1980- يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئۇرۇقچىلىق شىركىتىدىن كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ئاساسلىق تاۋۇز سورتى بولۇپ قالدى.
3) چىلگە تاۋۇز بۇ، 1984 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئۇرۇقچىلىق شىركىتىدىن كىرگۈزۈلگەن.
4) سانجى تاتلىق تاۋۇزى بۇ، 1984 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئۇرۇقچىلىق شىركىتىدىن كىرگۈزۈلگەن.

## 5. قوغۇن

1) تاران (ئايىخان) كۆكچى ئەسلى پىچان ناھىيىسىدىن چىققان قوغۇن بولۇپ، 1984 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئۇرۇقچىلىق شىركىتىدىن كىرگۈزۈلگەن.
2) چىپار چىلگە بۇ يېزا ئىگىلىك 6 - شىنىڭ 102 - تۈەن - مەيدانى تاللاپ يېتىشتۈرگەن سورتى بولۇپ 1983 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئۇرۇقچىلىق شىركىتىدىن كىرگۈزۈلگەن.
3) قارا كۆسەي بۇ، 1983 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئۇرۇقچىلىق شىركىتىدىن كىرگۈلگەن.
4) پوستىپىياز بۇ، 1983 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئۇرۇقچىلىق شىركىتىدىن كىرگۈزۈلگەن.

بۇلاردىن تاشقىرى، يەنە ئاق شاپاق كۆكچى، ناشبەر، «1 - ئاۋغۇست» چىلگىسى قاتارلىقلارمۇ بار. بۇلارنى دېھقانلار باشقا جايلاردىن كىرگۈزۈپ كېلەيتكەن، تېرىلىش كۆلىمى ئانچە كەڭ ئەمەس.

# 3 §. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش

## 1. ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلار

ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلاردىن ئۆرۈك پىتى، شاپتۇل پىتى، شاپتۇل پەرۋانىسى، يەر يولۋىسى، يېگىنىسىمان سېرىق قۇرت، غوزا قۇرتى، كۆكتات كېپىنىكى ۋە كۆكتات بۈرگۈسى، موزايىبېشى، قىزىلباش قۇرت قاتارلىقلار بار.

## 2. ئاساسلىق كېسەللىكلەر

ئاساسلىق كېسەللىكلەردىن ئالمىنىڭ چىرىش كېسىلى، قوغۇن - تاۋۇزنىڭ يىگىلەش

كېسىلى، قوغۇن -تاۋۇزنىڭ ۋىروس كېسىلى، تاۋۇز شۇمبۇيىسى، پەمىدۇر ۋىروسى كېسىلى، پەمىدۇر چىرىش كېسىلى، پېدىگەنىنىڭ يىگىلەپ قېلىش كېسىلى قاتارلىقلار بار.

### 3. ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش تەدبىرلىرى

ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشنىڭ ئاساسلىق تەدبىرلىرى مۇنداق بولدى: ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش، دېھقانچىلىق مەشغۇلاتى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش (باغلارنى پىلانلاش، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، تۇجۇپىلەپ ئىشلەش، ئوتاپ ھاشارات يوقىتىش، يەرنى چوڭقۇر ھەيدەپ ئاپتاپقا سېلىش، ئاختاما قىلىش، توك ياتقۇزۇش، قىرقىش، چېچەك شالاڭلىتىش، مېۋە شالاڭلىتىش، باغنى تازىلاش)، فىزىكىلىق ئۇسۇلدا ماشىنا بىلەن ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش، زىيانداشلارنى ئالداپ يىغىپ ئۆلتۈرۈش، دورا بىلەن ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش، بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش قاتارلىقلار.

# V باب

# دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى

## § 1. ماشىنا - سايمانلارنىڭ تەرەققىياتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، چاقىلىق ناھىيىسىدە كونا شەكىلدىكى تۆمۈر، ياغاچ، تاش دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىشلىتىلەتتى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرى كەتمەن، ئورغاق، ئوتىغۇچ ئىدى، يەر بوقۇسا بىلەن ھەيدىلەتتى. ئۇرۇق قول بىلەن چېچىلاتتى، يوك يارىيار ھارۋا بىلەن توشۇلاتتى، ئوغۇت تاغار ياكى زەمبىل بىلەن توشۇلاتتى، خامان ئۇلاغقا دەسسىتىپ يومشۇتىلاتتى، ئۇن تۈگمەندە، ماي جۇۋازدا تارتىلاتتى.

1954 - يىلى 7 سوڭلۇق ساپان، قوش چاق - قوش چىشلىق ساپان، تۆمۈر تىرنا، 10 قۇرلۇق سېيالكا، كولتىۋاتور، پۈركۈگۈچ قاتارلىق يېڭى دېھقانچىلىق سايمانلىرى كېڭەيتىلىشكە باشلىدى. دېھقانلار بۇ سايمانلارنى تېزلا قوبۇل قىلدى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلەتتى.

چاقىلىق ناھىيىسىدە چوڭ، ئوتتۇرا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش 1968- يىلى باشلانغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، ماشىنا بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈرلەر پەيدىنپەي كۆپەيدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 14 مىڭ 553 ئات كۈچىگە يەتتى. چوڭ، ئوتتۇرا تۆمۈر تىرنا، تراكتور جەمئىي 149 غا، ئۇلارنىڭ قۇۋۋىتى 7873 ئات كۈچىگە يەتتى، ھەر 10مىڭ مو تېرىلغۇ يەرگە 49 چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور، 2581 ئات كۈچى توغرا كەلدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن

ھەر ئات كۈچىگە 3.9 مو تېرىلغۇ يەر توغرا كەلدى؛ كىچىك تراكتور 66 غا يەتتى.

1985 - يىلى تراكتورنىڭ ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارى 915 مىڭ 200 ئۆلچەملىك موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەشغۇلات مىقدارى 242 مىڭ 400 ئۆلچەملىك موغا، ماشىنا بىلەن ئاغدۇرۇلغان يەر 20 مىڭ 100 موغا يېتىپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 66.3% نى ئىگىلىدى؛ ماشىنا بىلەن ئورۇق سېلىش كۆلىمى 14 مىڭ 700 موغا يېتىپ، ئورۇق سېلىش ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 48.2% نى ئىگىلىدى؛ ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىش كۆلىمى 300 موغا يېتىپ، يىغىۋېلىش ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 0.9% نى ئىگىلىدى.

## 1. تراكتور

چاقىلىق ناھىيىسى 1968 - يىل 8 - ئايدىن باشلاپ زەنجىر تاپانلىق ۋە چاقلىق ھەرخىل تراكتورلارنى كىرگۈزدى.

1) چوڭ، ئوتتۇرا تراكتورلار زەنجىر تاپانلىق تراكتولار «شەرق قىزاردى — 75»، «شەرق قىزاردى — 60»، «قىزىل بايراق — 100» قاتارلىقلارنى، چاقلىق تراكتورلار «تۆمۈر كالا — 55»، «شەرق قىزاردى — 28» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1980 - يىلى يەنە «شاڭخەي — 50»، «مول ھوسۇل — 35» قاتارلىق تراكتورلار كىرگۈزۈلۈپ، ئاساسەن ترانسپورت، خامان تېپىش، دان ئايرىش قاتارلىق ئىشلارغا سېلىندى.

1981 - يىلى يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، زەنجىر تاپانلىق تراكتورلارنىڭ ئاز قىسمى يەر ئاغدۇرۇش، تىرنىلاش قاتارلىق ئىشلارغا سېلىنغاندىن سىرت، قالغانلىرىغا توپا تۆرتۈش تاختىسى ئورنىتىلىپ، توپا تۆرتۈش ئىشىغا سېلىندى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 149 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكىلىرى 36 بولۇپ، 24.1% نى، شەخسلەر ئىلكىدىكىلىرى 103 بولۇپ، 69.1%؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكىلىرى 10 بولۇپ، 6.8% نى ئىگىلىدى.

2) كىچىك تراكتورلار بۇنىڭ ئاساسلىقلىرى «ئىشچى - دېھقان — 11»، «شەرق شامىلى — 12»، «تيانشان — 12» قول تراكتورلىرى ۋە قۇۋۋىتى 12 ئات كۈچىدىن 15 ئات كۈچىگىچە بولغان كىچىك 4 چاقلىق تراكتورلاردىن ئىبارەت.

1969 - يىلى «ئىشچى - دېھقان — 11» قول تراكتورى كىرگۈزۈلدى، كېيىن يەنە «شەرق شامىلى — 12»، «تيانشان — 12» قول تراكتورلىرى كىرگۈزۈلدى، ئۇلار، ئاساسەن، ترانسپورت، خامان تېپىش، دان ئايرىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلدى، شۇنىڭدەك ئۈن تارتىش ماشىنىسى، دان ئايرىش ماشىنىسى ۋە سۇ پومپىسىنىڭ مۇقىم ئېنېرگىيىسى ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلدى. 1981 - يىلىدىن باشلاپ، قول تراكتورىغا ئورۇش ماشىنىسى چېتىلىپ، بۇغداي ئورمىسىغا سېلىندى. يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، 4 چاقلىق كىچىك تراكتور كىرگۈزۈلۈشكە باشلىدى، ئۇلار مۇناسىپ دېھقانچىلىق سايمانلىرى چېتىلغاندىن كېيىن يەر ئاغدۇرۇش، سۆرەم سېلىش، ئورۇق سېلىش، ئورۇش، خامان تېپىش، ترانسپورت ئىشلىرىغا سېلىندى ۋە يېزىلاردىكى ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلغۇچىلار تەرىپىدىن كەڭ قوللىنىلدى، 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە كىچىك تراكتور 66 گە يەتتى.

## 2. تېرىقچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا يەر بوقۇسا بىلەن ئاغدۇرۇلاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلاغ قوشۇلىدىغان قوش چاقلىق، قوش چىشلىق ساپان، قوش چاقلىق بىر چىشلىق ساپان ۋە يېڭى ساپانلار پەيدىن - پەي كىرگۈزۈلدى. 1968 - يىلى تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى كىرگۈزۈلۈپ، ئاغدۇرۇش، تىرنىلاش، ئۇرۇق سېلىش ۋە يەر تۈزلەش قاتارلىق ئىشلار شۇ دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن ئىشلىنىشكە باشلىدى. يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاغدۇرۇش، تىرنىلاش، سۆرەم سېلىش، ئۇرۇق سېلىش ئىشلىرىدا چوڭ زەنجىر تاپانلىق تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىش ئازىيىپ، بۇ ئىشلاردا ئاساسەن يەنە ئۆلاغ سۆرەيدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىشلىتىلىدىغان بولدى، چاغلاش كۆپىنچە كەتمەن بىلەن ئىشلىنىدۇ.

1) تراكتورغا چېتىلىدىغان يەر ئاغدۇرۇش، تىرنىلاش سايمانلىرى: كەلك ئېتىزلارنى ھەيدەش ۋە بوزيەر ئېچىشقا ئىشلىتىلىدىغان «1L—5—35» تىپلىق 5 چىشلىق چوڭ ساپان. بۇ خىل ساپان 70 - يىللاردا كۆپ ئىشلىتىلەتتى، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئىنتايىن ئاز ئىشلىتىلىدىغان بولدى؛ «1LX—2—30» تىپلىق قوش چىشلىق ساپان. ئۇنىڭ بىلەن ئاساسەن، كىچىك ئېتىزلاردا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدى؛ «1LX—2—20» تىپلىق قوش چىشلىق ساپان، يەككە دېھقانلار بۇ خىل ساپاننى كەلك قوللاندى. «PEQ—2—3» تىپلىق ئېغىر تىرنا. بۇ خىل تىرنا 70 - يىللاردا كۆپ ئىشلىتىلەتتى، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئىنتايىن ئاز ئىشلىتىلىدىغان بولدى؛ «PP—3» تىپلىق تراكتور. بۇ خىل تراكتور ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئىنتايىن ئاز ئىشلىتىلىدىغان بولدى؛ «شەرق قىزاردى — 75» تىپلىق زەنجىر تاپانلىق تراكتور، بۇ تراكتور توپا ئىتتىرىش تاختىسى ئورنىتىلغاندىن كېيىن ئېتىز، ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا كۆپ ئىشلىتىلدى؛ 5 خىل ئىشقا ئىشلىتىلىدىغان چۈنەك ئېچىش، قىر سېلىش سايمىنى، بۇ سايمان «شەرق قىزاردى — 75» تىپلىق تراكتور بىلەن يۈرۈشلەشتۈرۈلىدۇ، كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن ئىشلىتىلمىدى.

2) ئۆلاغ سۆرەيدىغان تېرىقچىلىق سايمانلىرى: بۇ، ئادەتتىكى ساپان؛ قوش چاقلىق - قوش چىشلىق ساپان، قوش چاقلىق بىر چىشلىق ساپان، تىرنا، سۆرەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سايمانلار ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنمۇ يېزىلاردا مۇھىم رول ئوينىدى.

## 3. ئۇرۇق سېلىش سايمانلىرى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ئۇرۇق قول بىلەن چېچىلاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، خەلق ھۆكۈمىتى يېزىلاردا بۇغداي، قوناق، كېۋەزنى ئۆلاغ سۆرەيدىغان سېيالكا بىلەن تېرىشنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇردى. مۇنداق سېيالكا 1958 - يىلى ناھىيە بويىچە 29غا يەتتى. 1970 - يىلىدىن ئېتىبارەن تراكتورغا چېتىلىدىغان 24 قۇرلۇق سېيالكا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. كېۋەز تېرىشتا ئۆلاغ سۆرەيدىغان سېيالكا 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپلا ئىشلىتىلمەس بولدى. ئىشلەپچىقىرىش

مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇغداي، قوناق، كېۋەز تېرىشتا ئاساسەن، ئۇلاغ سۆرەيدىغان 10 قۇرلۇق، 5 قۇرلۇق سېيالكا ۋە چاناق ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە، قوناقنى كەتمەن بىلەن چاناپ تېرىيدىغان، كېۋەزنى چۈنەك ئېچىۋېلىپ تېرىيدىغان ئەھۋالمۇ بار.

## 4. ئورۇش سايمانلىرى

بۇغداي ئاساسەن ئورغاق بىلەن ئورۇلىدۇ، ئورۇش ماشىنىلىرى كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئومۇملىشىپ كېتەلمىدى، 50 - يىللاردا ئۇلاغ سۆرەيدىغان ئورۇش ماشىنىسى ئىشلىتىلگەن ئىدى، كېيىن ئىشلىتىلمەس بولدى. 1977 - يىلى كىرگۈزۈلگەن «160» تىپلىق ئورۇش ماشىنىسى تولا بۇزۇلۇپ قالغانلىقتىن ئىشلىتىلمەس بولدى. 1983 - يىلى «25» تىپلىق كومبايىندىن 2سى كىرگۈزۈلگەنىدى. 1984 — 1985 - يىللىرى ئازراقلا ئىشلىتىلدى، كېيىن مەشغۇلات شارائىتى ناچار بولغانلىقتىن ئىشلىتىلمەس بولدى، ئۇلار ھازىر دان ئايرىشقا ئىشلىتىلمەكتە.

## 5. خامان تېپىش سايمانلىرى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا بۇغداي خامىنى ئۇلاغقا دەسسىتىپ يۇمشىتىلاتتى، قوناق دېنى توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئايرىلاتتى. 1955 - يىلدىن باشلاپ، بۇغداي خامىنى ئۇلاغقا تولۇق تاش سۆرىتىش ئارقىلىق يۇمشىتىلىدىغان، قوناق دېنى قوناق تېپىش ماشىنىسى بىلەن ئاجرىتىلىدىغان بولدى، سورۇشتا، ئاساسەن تەبىئىي شامالغا تايىنىلدى. بەزىدە قول بىلەن چۆرۈلىدىغان شامالدۇرغۇچمۇ ئىشلىتىلدى. كېيىن بۇغداي خامىنى ئاساسەن تراكتورغا چېتىلىدىغان تۇلۇق بىلەن يۇمشىتىلىدىغان بولدى، ئەمما بىر قىسىم دېھقانلار خامانىنى ھازىرمۇ ئۇلاغ سۆرەيدىغان تۇلۇق بىلەن ھەم ئۇلاغقا دەسسىتىش يولى بىلەن يۇمشىتىپ كەلمەكتە.

خاماندا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلار «TF—100» تىپلىق بۇغداي تېپىش ماشىنىسى (ھازىر ئىشلىتىلمەس بولدى)، قوناق تېپىش ماشىنىسى، تراكتورغا چېتىلىدىغان يەنچىش ماشىنىسى، سورۇش ماشىنىسى (ھازىر ئىشلىتىلمەس بولدى) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 6. ترانسپورت قوراللىرى

مىنگو دەۋرىدە، يېزىلاردا ئاساسەن ئۇلاغ سۆرەيدىغان يارىيار ھارۋا، غالتەك ھارۋا ئىشلىتىلەتتى. 1959 - يىلى ساقىلىق قازانلىق ھارۋىلارنى ئىشلىتىش تەكىتلىنىپ، رېزىنكا چاقلىق ھارۋىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا باشلىدى، ياغاچ چاقلىق ھارۋىلار پەيدىنپەي ئىشتىن قالدى. 1966 - يىلدىن كېيىن ترانسپورت ئىشلىرىدا چاقلىق تراكتور ۋە دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە رېزىنكا چاقلىق ھارۋا 372 گە، ئۇلاغ ھارۋىسى 1955 كە، دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 37گە يەتتى، يارىيار ھارۋا پۈتۈنلەي يوقالدى.

## 7. چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى

ئوت - چۆپ، ئاساسەن ئورغاق بىلەن ئورۇلىدۇ. 1971 - يىلدىن ئېتىۋارەن يەم - خەشەك يۇمشىتىش ماشىنىسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. ئۇ، ئاساسلىقى، قوناق ئېزىشقا ئىشلىتىلدى. 1985 - يىلى يەم - خەشەك يۇمشىتىش ماشىنىسى 25كە يەتتى.

## 8. دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ماشىنا - سايمانلىرى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا بۇغداي، قوناق تۈگمەندە، ياغ جۇۋازدا تارتىلاتتى. 1969 - يىلى توك تۈگمىنى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ياغ تارتىش، شال ئاقلاش ئىشلىرىدىمۇ ماشىنا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 80 - يىللاردا ئاشلىق، ياغ، پاختا پىششىقلاش ئاساسىي جەھەتتىن ماشىنىلىشىپ بولدى. ئەمما يېزىلاردا ھېلىمۇ تۈگمەندە تارتىلىۋاتىدۇ. 1985 - يىلىغا كەلگەندە «NF—150» تىپلىق، «MF—125» تىپلىق، «MF—65» تىپلىق 3 خىل توك تۈگمىنى بار بولدى، ئۇلار ئېلېكتر ماتورى ياكى دىزېلماتورى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ. «95» تىپلىق، «78» تىپلىق، «60» تىپلىق بولۇپ 47 (يېزىلاردا 8) ياغ تارتىش ماشىنىسى بار، ئۇلار ئېلېكتر ماتورى ياكى دىزېلماتورى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ؛ شال ئاقلاش ماشىنىسى «632» تىپلىق بولۇپ، ئېلېكتر ماتورى ياكى دىزېلماتورى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ؛ يېزىلاردا 3 چىگىت ئايرىش ماشىنىسى بولۇپ، ئېلېكتر ماتورى ياكى دىزېلماتورى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ.

## 9. ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنا - سايمانلىرى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە ئۇنى داۋالايدىغان ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنا - سايمانلىرى يوق ئىدى. 1955 - يىلى «552» تىپلىق بېسىملىق تۇمانلاتقۇچ كېڭەيتىلىشكە باشلىدى. 1956 - يىلى «مول ھوسۇل — 5» تىپلىق قورۇق دورا پۈركۈگۈچ كېڭەيتىلىشكە باشلىدى. 1959 - يىلى قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان 2 خىل سايمان ناھىيە بويىچە 64كە يەتتى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىشچى- دېھقان - 36» تىپلىق تۇمانلاتقۇچ (ئاز ئىشلىتىلدى)، «تەڭرىتاغ - 17» تىپلىق تۇمانلاتقۇچ (70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىشلىتىلدى) «شەرق قىزاردى - 18» تىپلىق تۇمانلاتقۇچ (26 سى كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭ بىلەن كېسەللىكلەرنىڭ ئالدى ئېلىنغان ۋە داۋالانغان يەر 1985 - يىلى 24مىڭ 883 موغا يەتتى)، قول ماتورلۇق تۇمانلاتقۇچ «ZNCD—5» تىپلىق پەۋقۇلئاددە تۆۋەن مىقدارلىق تۇمانلاتقۇچ (ناھىيە بويىچە 100 نەچچىسى بار) «C—552» تىپلىق باسما شەكىللىك تۇمانلاتقۇچ (ھازىر ئىشلىتىلمەس بولدى)، «مول ھوسۇل - 5» تىپلىق قورۇق دورا پۈركۈگۈچ (ھازىر ئىشلىتىلمەس بولدى)، «ئىشچى - دېھقان - 16» تىپلىق تۇمانلاتقۇچ (1985 - يىلى 107گە يەتتى) قاتارلىق ماتورلۇق ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنىلىرى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

# § 2 . ئاپپارات، قوشۇن

## 1. باشقۇرۇش ئاپپاراتى

1969 - يىلىنىڭ بېشىدا چاقىلىق ناھىيىسىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدا 12 ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى، ئۇلار بىر پونكىت باشلىقى، 7 تراكتورچى،

4 ئارقا سەپ خىزمەتچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەينى ۋاقىتتا تراكتور پونكىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى گۇڭشې، ئەترەتلەرگە يەر ھەيدەپ بېرىش بولۇپ، ھەيدەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھەق ئالاتتى. باشقۇرۇلۇشى ياخشى بولماي زىيان تارتقانلىقتىن، بۇ پونكىت 1970 - يىل 9 - ئايدا تارقىتىۋېتىلدى، ماشىنا - سايمانلار ۋە تراكتورچىلار گۇڭشېلارغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى، «غالىبىيەت»، «ئىتتىپاق» ۋە ۋاششەرى گۇڭشېلىرىدا گۇڭشې تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى.

1972 - يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى تۇتۇلۇشقا باشلىدى. 1974 - يىلى دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشخانىسى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، شتاتى 4 كە كۆپەيتىلدى. 1984 - يىل 7 - ئايدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بۆلۈمى بىلەن گۇڭشې ئەترەت كارخانىلىرى بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ ناھىيىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى.

1981 - يىلى گۇڭشې تراكتور پونكىتى گۇڭشې دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى، 1984 - يىلى گۇڭشې دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش - مۇلازىمەت پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى، شۇ يىلى 9 - ئايدا گۇڭشې يېزىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، يېزىلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش - مۇلازىمەت پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى.

**چاقىلىق ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ 1977 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە مەشغۇلات ئەھۋالى**

جەدۋەل: 7 — 13

| تۈرى / يىل | تراكتورنىڭ ئومۇمى مەشغۇلات مىقدارى (ئۆلچەملىك مو) | تراكتورنىڭ دېھقانچىلىق مەشغۇلات مىقدارى (ئۆلچەملىك مو) | دېھقانچىلىقنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | يەر ئاغدۇرۇش | | ئورۇق سېلىش | | يىغىش | |
| | | | 10 مىڭ مو | % | 10 مىڭ مو | % | 10 مىڭ مو | % |
| 1977 | 186994 | 112187 | 1.1 | 32.3 | 0.26 | 8.2 | | |
| 1978 | 165010 | 117273 | 1.6 | 46.2 | 0.28 | 9.5 | | |
| 1979 | 184099 | 134392 | 1.4 | 42.4 | 0.67 | 21.6 | | |
| 1980 | 210819 | 150596 | 1.01 | 33.3 | 0.54 | 14.3 | | |
| 1981 | 177172 | 125738 | 1.79 | 54.5 | 1.35 | 34.7 | | |
| 1982 | 288565 | 208918 | 1.16 | 35.4 | 0.43 | 10.4 | | |
| 1983 | 503800 | 318170 | 0.7 | 20.9 | 0.7 | 20.9 | 0.19 | 4.46 |
| 1984 | 351234 | 231813 | 1.3 | 40 | 0.99 | 22.3 | 0.22 | 4.49 |
| 1985 | 715210 | 242440 | 2.01 | 66.3 | 1.47 | 48.2 | 0.03 | 0.9 |

## چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ 1971 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان سانى (1)

جەدۋەل: 7 — 14

| يىل | چولك، ئوتتۇرا تراكتور: ستاندارتسىز تراكتور | چولك، ئوتتۇرا تراكتور: ئات كۈچى | قول تراكتورى | تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى: جەمئىي | ئۇنىڭ ئىچىدە: ساپان | ئۇنىڭ ئىچىدە: تىرنا | ئۇنىڭ ئىچىدە: سېيالكا | كومبايىن | ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى | ماتورلۇق توپىلاڭغۇچ | سۇ پومپىسى | دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل | دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان پرىتسېپ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1971 | 17 | 692 | 19 | 15 | 10 | 2 | 3 | | 3 | | | | 6 |
| 1972 | 21 | 878 | 20 | 17 | 11 | 3 | 3 | | 3 | | 5 | | 11 |
| 1973 | 21 | 878 | 22 | 18 | 12 | 3 | 3 | | 3 | | 7 | | 12 |
| 1974 | 22 | 953 | 22 | 19 | 11 | 4 | 4 | | 3 | | 8 | | 16 |
| 1975 | 28 | 1332 | 25 | 25 | 15 | 4 | 6 | | 15 | | 10 | | 18 |
| 1976 | 32 | 1562 | 25 | 25 | 15 | 4 | 6 | | 15 | | 22 | | 24 |
| 1977 | 33 | 1590 | 26 | 26 | 15 | 5 | 6 | | 18 | | 22 | | 25 |
| 1978 | 35 | 1646 | 32 | 28 | 17 | 5 | 6 | | 18 | | 22 | | 26 |
| 1979 | 42 | 1852 | 32 | 32 | 18 | 6 | 8 | | 20 | | 45 | | 37 |
| 1980 | 59 | 2340 | 37 | 38 | 22 | 8 | 8 | | 23 | 10 | 68 | 11 | 58 |
| 1981 | 42 | 2431 | 42 | 40 | 22 | 10 | 8 | | 29 | 15 | 68 | 11 | 59 |
| 1982 | 68 | 2762 | 42 | 46 | 28 | 10 | 8 | | 24 | 23 | 70 | 13 | 64 |
| 1983 | 80 | 3235 | 57 | 48 | 30 | 10 | 8 | | 24 | 24 | 70 | 13 | 69 |
| 1984 | 124 | 5235 | 65 | 48 | 30 | 10 | 8 | 3 | 24 | 31 | 70 | 28 | 108 |
| 1985 | 149 | 6996 | 66 | 51 | 32 | 11 | 8 | 3 | 24 | 34 | 70 | 37 | 132 |

## چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ 1971 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان سانى (2)

جەدۋەل: 7 — 15

| يىل | ماتورلۇق دېھقانچىلىق ماشىنىسى: دانە | ماتورلۇق دېھقانچىلىق ماشىنىسى: ئات كۈچى | ئۇنىڭ ئىچىدە: دىزېل ماتورى: دانە | ئۇنىڭ ئىچىدە: دىزېل ماتورى: ئات كۈچى | چارۋىچىلىق ماشىنىسى يەم ـ خەشەك يۇمشىتىش ماشىنىسى | ئاشلىق پىشىشقلاش ماشىنىسى | ياغلىق دان پىششىقلاش ماشىنىسى | چىگىت ئايرىش ماشىنىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1971 | | | | | 7 | 4 | 1 | 2 |
| 1972 | | | | | 18 | 4 | 1 | 2 |
| 1973 | 9 | 152 | 9 | 152 | 19 | 4 | 1 | 2 |
| 1974 | 13 | 221 | 9 | 152 | 19 | 4 | 1 | 2 |
| 1975 | 42 | 697 | 33 | 561 | 19 | 9 | 2 | 2 |
| 1976 | 42 | 697 | 33 | 561 | 20 | 9 | 7 | 2 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1977 | 42 | 697 | 33 | 561 | 21 | 9 | 7 | 2 |
| 1978 | 51 | 970 | 35 | 665 | 22 | 19 | 10 | 2 |
| 1979 | 51 | 970 | 35 | 665 | 22 | 19 | 10 | 2 |
| 1980 | 62 | 1226 | 40 | 1017 | 22 | 25 | 10 | 3 |
| 1981 | 62 | 1226 | 40 | 1017 | 29 | 30 | 14 | 3 |
| 1982 | 62 | 1226 | 40 | 1017 | 31 | 35 | 17 | 3 |
| 1983 | 60 | 988 | 39 | 592 | 24 | 42 | 17 | 3 |
| 1984 | 52 | 704 | 29 | 494 | 29 | 39 | 13 | 2 |
| 1985 | 45 | 511 | 18 | 264 | 25 | 47 | 8 | 3 |

1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 3 يېزا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ـ مۇلازىمەت پونكىتى، بىر كەنت دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مۇلازىمەت گۇرۇپپىسى بار بولدى، ئۇلارنىڭ خادىمى 16گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان خادىم 13.

1984 ـ يىل 11 ـ ئايدا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدا 3 كىشى ئىشلىدى، ئۇلار ئىچىدە شتاتلىق نازارەتچى 2، قوشۇمچە نازارەتچى بىر. 1985 ـ يىلى 249 تراكتورنىڭ نومۇر تاختىسى ۋە 280 تراكتورچىنىڭ شوپۇرلۇق كېنىشكىسى بېجىرىلدى. 1985 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۇ پونكىتتىكىلەر 40 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىلارغا بېرىپ، 158 تراكتورنى تەكشۈرۈپ، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىرىدىن 20نى بىر تەرەپ قىلدى، شۇ يىلى چوڭ، ئوتتۇرا تراكتوردىن 137 نى، كىچىك تراكتوردىن 51نى ۋە 253 تراكتورچىنى تەكشۈردى.

## 2. باشقۇرۇش شەكلى

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا تراكتور پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش ئاساس قىلىندى. تراكتورچىلار مۇقىم ئىش ھەققى ئېلىپ، داش قازان تامىقىنى يېدى.

1970 ـ يىلى ماشىنا ـ سايمانلار گۇڭشېلارغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، ۋەزىپە بەلگىلەپ باشقۇرۇش، گۈڭ باھالاپ نومۇر خاتىرىلەش، يىل ئاخىرىدا نەقچوت قىلىش يولغا قويۇلدى.

1978 ـ يىلدىن باشلاپ، «ئۈچنى ھۆددىگە بېرىش، بىرنى مۇكاپاتلاش، تۆتنى بېكىتىش» (ۋەزىپىنى، ماي سەرپىياتىنى، دائىملىق رېمونت چىقىمىنى ھۆددىگە بېرىش، ماشىنا ـ سايمانلارنى، خادىملارنى، مەشغۇلات رايونىنى، سايمانلارنى بېكىتىش، ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان، ماي ۋە رېمونت چىقىمىنى تېجىگەنلەرنى مۇكاپاتلاش) تىن ئىبارەت تراكتور بويىچە ھېسابات قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1980 ـ يىلى «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» (خادىملارنى، ماشىنا ـ سايمانلارنى، ۋەزىپىنى، ماي سەرپىياتىنى، كۈندىلىك ئاسراش چىقىمىنى بېكىتىش، ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان، ماي ۋە كۈندىلىك ئاسراش چىقىمىنى تېجىگەنلەرنى مۇكاپاتلاش) تىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1981 ـ يىلى تراكتورنى شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، تراكتورنىڭ تېخنىكىلىق ئەھۋالىغا قاراپ، يۇقىرىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك پايدىدىن باشقا

كىرىمنى ئۆزىگە قالدۇرۇش بىر بېكىتىلىپ بىر نەچچە يىل ئۆزگەرتىلمىدى. بەزى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى تراكتورنى باھاغا سۇندۇرۇپ دېھقانلارغا بېرىۋەتتى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلىتىلىۋاتقان 24 چوڭ، ئوتتۇرا تراكتوردىن 20 سى شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىلدى، 4 ئىگە قارىتا «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1982 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تىجارەت قىلىدىغان ئائىلىدىن 3ى بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئاساسەن ئۆزى مەبلەغ توپلاپ، دۆلەتتىن قەرز ئېلىپ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تارمىقىنىڭ باشقۇرۇشى، تەربىيىلىشى ۋە يېتەكلىشىنى قوبۇل قىلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىسى 39غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەر ھەيدەپ بەرگۈچى 2، ترانسپورت كەسپىي ئائىلىسى 22، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش كەسپىي ئائىلىسى 3، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كەسپىي ئائىلىسى 12.

## 3. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىمى قوشۇنى

دېھقانچىلىق ماشىنىسى ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، چاقىلىق ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت سىستېمىسى كۈندىن كۈنگە مۇكەممەللەشتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىمى قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى.

1977 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىمى 173گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە باشقۇرۇش خادىمى 15، رېمونتچى 16، تراكتورچى 97، دىزېل ماتورى باشقۇرغۇچى 50. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىمى 482 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە باشقۇرۇش خادىمى 30، رېمونتچى 24، تراكتوچى 314، دىزېل ماتورى باشقۇرغۇچى 63، دېھقات تېخنىك 11.

1985 - يىلى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىدىكى شتاتلىق كادىر 30، ئوقۇش تارىخىغا قاراپ بۆلگەندە، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىنى بىر، تېخنىكومنى پۈتتۈرگىنى 14، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىنى 4، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىنى 5، باشقىلار 6؛ ياش قورامىغا قاراپ بۆلگەندە، 40 ياشتىن تۆۋەنلەر 21، 41 - 50 ياشتىكىلەر 9.

دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش ئەھۋالى: 70 - يىللاردىن ئىلگىرى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكا خادىملىرى بولمىغانلىقى، ئوقۇتقۇچى كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، تەشكىللىك تەربىيىلەش خىزمىتى ئىشلىنىپ باقمىغان. 1976 - يىلى سابىق ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەكتىپىدىن ئوقۇتقۇچى ۋە 36 - تۇەن - مەيدانى رېمونتچىلار لىيەندىن تېخنىك تەكلىپ قىلىنىپ، ناھىيىدە بىر قارار دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرس 40 كۈن داۋاملىشىپ، تراكتورچىدىن 45ى تەربىيىلەندى، بۇنىڭ 30ى ئاز سانلىق مىللەت تراكتورچىسى. 1980 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن كورلا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى 5 ئاي ئىچىدە 23 تراكتورچىنى تەربىيىلەپ بەردى.

1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 16 باشقۇرۇش خادىمى، 426 تراكتورچى بولۇپ جەمئىي 442 خادىم تەربىيىلەندى.

1985 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان 2 ئوقۇتقۇچى سەپلەپ بېرىلدى، بۇ كۇرس دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولدى.

# VI باب

# سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى

چاقىلىق تارىختا شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق خېلى بالدۇر تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ بىرى ئىدى، تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى، جۈملىدىن لوپنۇر كۆلى رايونى بىپايان بوستانلىق ئىدى، «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنغان مىرەن قەلئەسى بۈگۈنكى چاقىلىق ناھىيىسىگە جايلاشقان. قەدىمكى كىرۋران شەھىرى دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى يىپەك يولىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇندىن 2100 - 1500 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنى تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنى بولغان، جاي - جايلاردىن كەلگەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسكەرلەر بۇ يەردە سۇچىلىق قۇرۇلۇشى قىلىپ، ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلىغان. كىرۋران بەگلىكى ھالاك بولغاندىن كېيىن، پىشامشان بەگلىكىنىڭ مىرەن قەلئەسىمۇ دېھقانچىلىق خېلى بالدۇر تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ بىرى بولغان. مىلادى 2 - ئەسىردە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى قۇم بىلەن توسۇلۇپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ كىرۋراندىن ئۆتىدىغان قىسمى قۇرۇپ كەتكەن. مىلادى 4 - ئەسىردىن كېيىن، كىرۋران پەيدىنپەي قۇم ئاستىدا قالغان. غەربىي خەن سۇلالىسى زامانىسىدىلا ھازىرقى چاقىلىق رايونىدا دېھقانچىلىق بارلىققا كەلگەن ۋە قەدىمىي بوستانلىقلار ئېچىلغان. چاقىلىق ناھىيىسى قەدىمدىن تارتىپ سۇ قىس جاي بولغاچقا، تارىختا ئۆتكەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەر دېھقانلارنى ئۆستەڭ چېپىپ بوزيەر ئېچىش، تاغقا چىقىپ بۇلاق كولاش، توغان توسۇپ سۇ باشلاشقا تەشكىللەپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 16- يىلى (1890 - يىلى) چاقىلىقتا نەپەقە - دالالەت ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان ۋە ھاكىم لى شىشى، مۇئاۋىن ھاكىم شىن شيەنخۇ، ھۆججەتچىلەر ئاتامانى گوي فاڭلارغا بارلىق ئىشلارنى بېجىرىشنى تاپشۇرغان، ئۇلار يەرلىك خەلقلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئادەم جەلپ قىلىش ئارقىلىق ئۆستەڭ چېپىپ بوزيەر ئۆزلەشتۈرگەن. مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) ھاكىم لياۋ جېنخۇڭ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى ۋاشەرى يېزىسىدا دېھقانلارغا ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ بوزيەر ئاچقۇزغان. مىنگونىڭ 14 - يىلى (1925 - يىلى) تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى چارۋىدار ھاشىم دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى توسۇۋېلىپ سۇ ئۆتكۈزمىگەچكە، ئابدان كەنتىدە ياشايدىغان 20 نەچچە ئۆيلۈك لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەۋلادى مىرەنگە كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان.

شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 200 ئادەم ۋە بىر نەچچە يۈز ئېشەكنى تەشكىللەپ، ئارقا تاغدا 2 ئاي ئىشلىتىپ، قارلىق تاغنىڭ ئالدىغا 500

ئۇلاغ يولغۇن، 200 بورا بىلەن 500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا توغان ياسىغان. ئەمما ئۇنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ ھاكىممۇ 200 ئادەم بىلەن تاغدا سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، يەنىلا مەغلۇب بولغان. مىنگو دەۋرىدە ئېتىزلار ئارا ئۆستەڭ چېپىلغاندىن سىرت، بەزى ئاددىي توما ۋە ئاددىي توغانلارلا ياسالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1957 - يىلغىچە چاقىلىق ناھىيىسىدە سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئاساسەن كونا ئۇسۇل بويىچە ئېلىپ بېرىلدى، يەنى شاخ - شۇمبا، توپا بىلەن توما، توغان ياسالدى، ھەر يىلى دېھقانلار تاغدا بۇلاق كولاش، يېڭىسۇدا توغان سېلىپ سۇ باشلاشقا تەشكىللەپ تۇرۇلدى. 1958 - يىلى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۇ فاڭيۈەن 300 خەلق ئىشچىسىنى باشلاپ، 700 ئېشەك بىلەن ناھىيە بازىرىغا 200 كىلومېتىر كېلىدىغان ئارقا تاغقا چېقىپ، چاقىلىق دەرياسىنىڭ بېشىدا سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى. قۇرۇلۇش 2 ئاي داۋاملىشىپ، 9 كىلومېتىر ئۆستەڭ چېپىلدى، بۇنىڭ تاش ياتقۇزۇلغان قىسمى 5 كىلومېتىر. بۇ قۇرۇلۇشتا 41 مىڭ 96 كۇب مېتىر توپا - تاش قېزىلدى. بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 4500 مېتىر ئېگىز بولۇپ، شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولغاچقا، قۇرۇلۇش پىلان بويىچە ئورۇندالمىدى، كېيىنكى يىلى ئۇنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتتى. بۇ تىرىشچانلىق مەغلۇب بولغان بولسىمۇ، كېيىنكى سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ساۋاق بولدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە ناھىيىدە خېلى مۇكەممەل سۇغىرىش سىستېمىسى بارلىققا كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى كاپالەتكە ئىگە بولدى.

چاقىلىقتا كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى 1967 - يىلى باشلاندى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى 3 كە يەتتى، ئۇلار يىلىغا 833 مىڭ 600 كىلوۋات - سائەت توك تارقاتتى.

## § 1 . سۇ ئامبارلىرى

### 1. يېڭىئاۋات سۇ ئامبىرى

بۇ ئامبارنىڭ قۇرۇلۇشى 1961 - يىل 11 - ئايدا باشلانغان، توغاننىڭ ئېگىزلىكى 3 مېتىر، سىغىمى 150 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، 400 مو يەرنى سۇغىرالايتتى، بۇ ئامبار چاقىلىق دەرياسىنىڭ ئېقىنى توسۇپ سېلىنغانلىقى، توسمىسى توپىدىن ياسالغان بولۇپ كەلكۈنگە بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۆستىگە، سۇ چىقىرىۋېتىشى راۋان بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى 1962- يىل 5 - ئايدا كەلكۈن بۇزۇۋەتتى.

### 2. «قىزىل يۇلتۇز» سۇ ئامبىرى

بۇ ئامبارنىڭ قۇرۇلۇشى 1973 - يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى باشلانغان، توغاننىڭ ئېگىزلىكى 3 مېتىر، سىغىمى 260 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، بىر قېتىمدا 400 - 500 مو يەرنى سۇغىرالايتتى. «غالىبىيەت» گۇڭشېسىنىڭ «قىزىل يۇلتۇز» سۇ ئامبىرىمۇ چاقىلىق دەرياسىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى توسۇش ئارقىلىق ياسالغان، سۇ چىقىرىۋېتىش ئەسلىھەلىرى ياسالغان بولسىمۇ، توپىدىن ياسالغان ئاساسىي توغان كەلكۈنگە بەرداشلىق بېرەلمەي، 1974 - يىلى 4 - ئايدا يار ئېلىپ كەتتى.

### 3. «ئىتتىپاق» سۇ ئامبىرى

بۇ ئامبارنىڭ قۇرۇلۇشى 1973 - يىل 11 - ئايدا باشلانغان، ئاساسىي توغاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 486 مېتىر، قوشۇمچە توغاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 220 مېتىر، ئېگىزلىكى 5 مېتىر. بۇ ئامبار چاقىلىق دەرياسىنىڭ غەربىي ئېقىمىنىڭ بىر تارمىقىنى توسۇش ئارقىلىق ياسالغان، سىغىمى 360 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، 400 مو يەرنى سۇغىرالايتتى، «ئىتتىپاق» گوڭشېسىنىڭ «ئىتتىپاق» چوڭ ئەترىتىنى قۇرغاقچىلىق بولغاندا سۇ بىلەن تەمىنلەيتتى. سۇ ئامبىرىدا لاتقا تىنىپ قېلىش ئەھۋالى ئېغىر بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە چاشقان ئاپىتى بولۇپ تۇرغاچقا، ئاساسىي توغان ھەر يىلى يار ئېلىپ تۇردى. توغاننى قايتا ياساشقا نۇرغۇن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ كەتتى. كېيىن ئامبار بارغانسېرى تىنىپ كېتىپ، ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتكەچكە، 1985 - يىلى تاشلىۋېتىلدى.

### 4. «غالىبىيەت» سۇ ئامبىرى

بۇ ئامبارنىڭ قۇرۇلۇشى 1977 - يىل 2 - ئايدا باشلانغان، توغاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 363 مېتىر، ئېگىزلىكى 3 مېتىر، سىغىمى 300 مىڭ كۇب مېتىر، 4000 - 6000 مو يەرنى سۇغىرالايتتى، ئاساسەن، «ئاۋانگارت» چوڭ ئەترىتى ۋە «غالىبىيەت» چوڭ ئەترىتىنىڭ 3 -، 4 - ئەترەتلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيتتى. سۇ ئامبىرىدا بىر كەلكۈن چۈشۈرگۈسى، بىر سۇ كىرگۈزۈش سۇئىگۈچى، بىر تاشيول كۆۋرۈكى ۋە بىر كىچىك نو بار ئىدى. سۇ ئامبىرى چاقىلىق دەرياسىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى توسۇش ئارقىلىق ياسالغانلىقى، سۇ چىقىرىۋېتىشى راۋان بولمىغانلىقى، توپا توغان كەلكۈنگە بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىشلىتىلىشكە باشلىغاندىن كېيىن 1977 - يىلى ئەتىيازدا تۇنجى قېتىمقى كەلكۈندىلا ۋەيران بولۇپ كەتتى.

## § 2. ئۆستەڭ بېشى سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى

چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئېقىنلارغا كۆپىنچە تاغ سۇلىرى ۋە قار - مۇز سۇلىرى چۈشىدىغان بولغاچقا، يازدا كەلكۈن كېلىپ، ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق بولىدۇ. كۈزدە سۇ قىس بولۇپ، قىشتا سۇلار بىكار ئېقىپ كېتىدۇ، ئېقىنلارنىڭ ئېقىن مىقدارى ئاز، مۇساپىسى ئۇزۇن بولغاچقا، سۇ كۆپ سىڭىپ كېتىدۇ. بۇرۇن ئۆستەڭ بېشىدا توپا، تاش ۋە شاخ - شۇمبا بىلەنلا ناھايىتى ئاددىي توما ۋە توسمىلار ياسىلاتتى. كەلكۈن بۇزۇۋەتسە، يەنە ياسىلاتتى، بۇنداق ئەھۋال 1958-يىلغىچە داۋام قىلدى. 1959 - يىلى «ئالغا» چوڭ ئەترىتى ۋاشەرى ئېقىمىنى توسۇپ تۇنجى قېتىم ياغاچ توما ياساپ سۇ باشلىدى، يەنە ياغاچتىن قوش سۇئىگۈچلۈك سۇ تەقسىملىگۈچ بىلەن كەلكۈن چۈشۈرگۈسى ياسىدى. ئاساسىي توسما بىلەن توما ئەتراپىنى توپا، تاش، شاخ - شۇمبىلار بىلەن تىندۇرۇپ ھەم ئۇنى چوڭ ياغاچ قوزۇقلار بىلەن مۇقىملاشتۇرۇپ، پۇختا قۇرۇلۇش ئەسلىھەسىگە ئايلاندۇرۇپ، زىرائەتلەرنى نورمال سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلدى. بۇ چاقىلىق بويىچە تۇنجى يېڭى توما ئىدى. 1964 - يىلى چاقىلىق دەرياسىدا شۇنىڭغا ئوخشاش سۇ باشلاش ئېغىزىدىن يەنە بىرى ياسالدى. 1965 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە سۇچىلىق قۇرۇلۇشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، سۇ باشلاش ئەسلىھەلىرى يەنىمۇ ياخشىلاندى. 1980 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ چوڭراق 3 ئۆستەڭ بېشى قۇرۇلۇشى ياسالدى، بۇنىڭ سۇ باشلاش مىقدارى 21

كۇب مېتىر سېكۇنتقا يەتتى. تاشساي توغىنى ئىشلىتىلمىگەندىن سىرت، چاقىلىق توغىنى بىلەن ۋاششەرى توغىنى ئىشلىتىلگەندىن كېيىن ناھايىتى زور رول ئوينىدى، نەتىجىدە 31 مىڭ 500 مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغىرىش ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولدى.

## 1. چاقىلىق ئۆستەڭ بېشى

چاقىلىق ئۆستەڭ بېشى يەنى چاقىلىق توغىنى 1968 - يىلى ياسالغان، ئەينى ۋاقىت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى بولغاچقا، قۇرۇلۇشنىڭ لايىھىسىمۇ، سۈپىتىمۇ تەسىرگە ئۇچرىغانىدى. پۈتكۈل قۇرۇلۇش 30 مېتىر ئېقىم يۆنەلدۈرگۈچى دامبا، 16 مېتىر تۆۋەن سالاسۇنلۇق ئېغىز، 40 مېتىر يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىم مۇھاپىزەت توسمىسى، 60 مېتىر مۇھاپىزەت قېشى، 150 مېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ سۇ باشلاش مىقدارى 5 كۇبمېتىر/سېكۇنت، كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى 200 كۇب مېتىر/سېكۇنت. بۇ قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن قايتا توسما ياسايدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلىپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مەبلەغ ئىسراپچىلىقى ۋە كۆپلەپ دەل - دەرەخ كېسىش ئەھۋالى تۈگىتىلىپ، چاقىلىقنىڭ نورمال سۇ ئىشلىتىشىگە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىندى. 1968 - يىلى كەلكۈن ئېقىم يۆنەلدۈرگۈچى دامبىنى ۋەيران قىلىپ، سۇ باشلاپ مۇمكىن بولماي قالدى. 1969 - يىلى 30 مېتىر ئېقىم يۆنەلدۈرگۈچى دامبا سالاسۇنلۇق ئېغىزمۇ تىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كەلكۈن چۈشۈرۈش توسمىسى ياسالدى. چۈشۈرگىلىك توسمىغا ئۆزگەرتىلدى. سالاسۇنلۇق چىقىش ئېغىزىدىكى ئۆستەڭ دۆڭرەك بولغاچقا، قۇم ئېقىپ كېتەلمەي، ئېغىز تىنىپ كەتكەچكە، ئېغىزنىڭ چىقىش ئېغىزىغا 150 مېتىر كېلىدىغان يەرگىچە يەنە بىر قۇم ئېقىتىش تاقىقى ياسالدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل قۇرۇلۇشتىن كۆپ، ياخشى پايدىلانغىلى بولىدىغان بولدى. چاقىلىق توغىنى قۇرۇلۇشىنىڭ تەننەرخى 254 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. ماتېرىيالغا 178 مىڭ 10 يۈەن، ئىش ھەققىگە 76 مىڭ 290 يۈەن راسخوت كەتتى.

## 2. ۋاششەرى ئۆستەڭ بېشى

ۋاششەرى ئۆستەڭ بېشى قۇرۇلۇشى 1969 - يىلى ياسالغان. ئۇنىڭ تۆۋەن سالاسۇنلۇق ئېغىزى 20 مېتىر، ئېقىم يۆنەلدۈرگۈچى دامبىسى 30 مېتىر، مۇھاپىزەت قېشى 50 مېتىر، يۇقىرى ئېقىم مۇھاپىزەت توسمىسى 50 مېتىر. يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىمدىكى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسى 250 مېتىر، سۇ باشلاش مىقدارى 7 كۇب مېتىر/ سېكۇنت، كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى 150 كۇب مېتىر سېكۇنت، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن ۋاششەرىنىڭ كونا سۇ باشلاش ئۇسۇلىغا خاتىمە بېرىلىپ، نۇرغۇن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مەبلەغ تېجىلىپ، توغان ياساش ئۈچۈن كۆپلەپ دەل - دەرەخ كېسىش ئىشى تۈگىتىلىپ، ۋاششەرى سۇغىرىش رايونىنىڭ سۇ ئىشلىتىشىگە تۈپتىن كاپالەتلىك قىلىندى ۋە سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. پۈتكۈل قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي تەننەرخى 136 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى، ماتېرىيالغا 105 مىڭ 300 يۈەن، ئىش ھەققىگە 30 مىڭ 800 يۈەن كەتتى.

## 3. تاشساي ئۆستەڭ بېشى

1976 - يىلى بىر سۈزگۈچلۈك سۇ باشلاش توسمىسى ۋە 2 كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسى (100 مېتىر) ياسىلىپ، ۋاقىتلىق سۇ باشلاش ئېغىزى قىلىندى ۋە بۇ ئارقىلىق

تاشساي سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ياسىلىۋاتقان مەزگىلدە ئىشلىتىلىدىغان سۇ ھەل قىلىنىدى. ئۇنىڭ سۇ باشلاش مىقدارى 10 كۇب مېتىر/سېكۇنت، كەلكۈن چۈشۈرۈش مىقدارى 400 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يەتتى. قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي تەننەرخى 57 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ماتېرىيالغا 40 مىڭ يۈەن، ئىش ھەققىگە 17 مىڭ يۈەن كەتتى. مەبلەغ يېتىشمىگەنلىكتىن، تاشساي قۇرۇلۇشى 1980 - يىلى توختاپ قالدى.

## § 3 . ئېرىق - ئۆستەڭ

تارىم دەرياسى تۆۋەن ئېقىمىنىڭ قىنى ئۆزگىرىپ ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيى توختاپ، كىروران بوستانلىقى غايىپ بولغاندىن كېيىن، چاقىلىقنىڭ ھازىرقى سۇغىرىش رايونلىرى، يەنى چاقىلىق دەرياسى سۇغىرىش رايونى بىلەن ۋاششەرى دەرياسى سۇغىرىش رايونى سۇ قىس قۇرغاق رايونغا ئايلىنىپ قالغان. ھەر يىلى بىر قانچە قېتىم توسمىنى ئېتىپ توما ياساپ سۇ باشلاشقا توغرا كەلگەن. مىنگو دەۋرىدە، چاقىلىق دەرياسى سۇغىرىش رايونىنىڭ شەرقىدە 8 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر غول ئۆستەڭ، غەربىدە 4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر غول ئۆستەڭ، ۋاششەرى سۇغىرىش رايونىنىڭ شەرقىدە جەمئىي 14 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 2 غول ئۆستەڭ، غەربىدە بىر كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر غول ئۆستەڭ بولۇپ، چاقىلىق نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان مۇشۇ بىر نەچچە ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن يەر سۇغىرىپ كەلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى يۇرۇشلەشكەن ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ياساشقا كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلدى. 1950 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە جەمئىي 132.2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 224 چوڭ - كىچىك ئېرىق - ئۆستەڭ قېزىلدى. غول ۋە تارماق ئۆستەڭلەر ئۇزۇن بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قۇم - شېغىللىق يەرلەردىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، سۇ يەرگە بەك كۆپ سىڭىپ كېتەتتى. ناھىيە بويىچە ئۆستەڭ سىستېمىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى ئاران 0.2 ئىدى. چاقىلىق دەرياسى سۇغىرىش رايونىدا نورمال ئېقىمدىكى بىر تاشلىق سۇ تېرىلغۇ يەرگە ئېقىپ كىرگىچە يېرىم تاشلىق سۇ چامىسىدا قالاتتى. ۋاششەرى دەرياسى سۇغىرىش رايونىنىڭ تۇپرىقى قۇمساڭغۇ بولغاچقا، سۇ يەرگە تېخىمۇ كۆپ سىڭىپ كېتەتتى. 0.8 كۇب مېتىر/سېكۇنت نورمال ئېقىمدىكى سۇ تېرىلغۇ يەرگە ئېقىپ كىرگىچە ئاران 0.15 كۇب مېتىر/سېكۇنت قالاتتى. سۇ قىس مەزگىلدە ھەتتا سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئىچىدىغان سۇمۇ تېپىلماي قالاتتى. شۇ سەۋەبتىن، چاقىلىقتا ھەر يىلى ئەتىيازدا قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەلدى. كەلكۈن مەزگىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يىلبويى سۇ قىس بولغاچقا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى. چاقىلىق ناھىيىسى 1964 - يىلدىن باشلاپ كەڭ كۆلەملىك زامانىۋى سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللاندى، قۇرۇلۇشنى ھەتتا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىمۇ توختاتمىدى. 1985 - يىلغىچە غول، تارماق ۋە ئوق ئۆستەڭلەرنىڭ %80نى يۇرۇشلەشتۈردى ۋە سۇ سىڭمەس قىلىپ ياسىدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 3 غول ئۆستەڭ، 5 تارماق ئۆستەڭ، 14 ئېرىق، 30 ئوق ئېرىق، 350 كۆك ئېرىق بولۇپ، غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ ۋە ئېرىقلارنىڭ ھەممىسى يۇرۇشلەشتۈرۈلۈپ، سۇ سىڭمەس قىلىنىدى (تاشساي دەرياسى بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ بىلەن 35 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغىرىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى (قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

## 1. چاقىلىق دەرياسى غول ئۆستىڭى

بۇ ئۆستەڭ 1964 ـ يىلى قىشتىن باشلاپ چېپىلدى، «غالىبىيەت» گۇڭشېسى بىلەن «ئىتتىپاق» گۇڭشېسى بۇ ئۆستەڭنىڭ توپا قۇرۇلۇشىنى تۈگەتتى. 1965 ـ يىلى ئەتىيازدا ناھىيەدە قۇرۇلغان 500 نەچچە كىشىلىك سۇچىلىق چوڭ ئەترىتى مەخسۇس قۇرۇلۇش قىلىپ، بۇ قۇرۇلۇشنى 1968 ـ يىل 5 ـ ئايدا پۈتتۈردى. غول ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 25.13 كىلومېتىر. بۇ ئۆستەڭ تاش بىلەن قوپۇرۇلۇپ، تاش ئاراشلىرى سېمونت بىلەن ئېتىلىپ، سۇ سىڭمەس قىلىندى. ئۇنىڭ ئەڭ زور سۇ باشلاش مىقدارى 5 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يېتىدۇ. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن «غالىبىيەت» گۇڭشېسى ۋە «ئىتتىپاق» گۇڭشېسىنىڭ 25 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى سۇغىرىلىدۇ. غول ئۆستەڭدە 4 سۇ بۆلۈش تومىسى، 3 پولات چىۋىقلىق بېتون كۆۋرۈك، 2 شارقىراتما، بىر قۇم تىندۇرغۇچى ئەگمە كۆلچەك، 2 تارماق ئۆستەڭ («غالىبىيەت» تارماق ئۆستىڭى بىلەن «ئىتتىپاق» تارماق ئۆستىڭى) ياسالدى.

## 2. ۋاششەرى غول ئۆستىڭى

بۇ ئۆستەڭنى ناھىيىلىك سۇ قۇرۇلۇش چوڭ ئەترىتى ھۆددىگە ئېلىپ، 1967 ـ يىلى قىشتا پۈتتۈردى. ئۆستەڭگە 1973 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تاش ياتقۇزۇلدى، غول ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 كىلومېتىر، سۇ باشلاش مىقدارى 7 كۇب مېتىر/سېكۇنت بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيىدىن ۋاششەرى گۇڭشېسى پايدىلىنىدۇ. ئۆستەڭنىڭ ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 10 مىڭ موغا يەتتى. غول ئۆستەڭدە 3 سۇ بۆلۈش تومىسى، 2 پولات چىۋىقلىق بېتون كۆۋرۈك، بىر قۇم تىندۇرغۇچى ئەگمە كۆلچەك، 3 تارماق ئۆستەڭ (شىنجيەن چوڭ ئەترىتى تارماق ئۆستىڭى، «ئالغا» چوڭ ئەترىتى تارماق ئۆستىڭى، «يالقۇن» چوڭ ئەترىتى تارماق ئۆستىڭى) ياسالدى.

## 3. تاشساي غول ئۆستىڭى

بۇ ئۆستەڭنىڭ قۇرۇلۇشى 1976 ـ يىلى باشلانغان، ناھىيىلىك سۇ قۇرۇلۇش چوڭ ئەترىتى ئۆستەڭنىڭ 17.6 كىلومېتىر يېرىگە تاش ياتقۇزۇپ سۇ سىڭمەس قىلغان، كېيىن مەبلەغ يېتىشمەي، قۇرۇلۇش 1980 ـ يىلى توختىتىپ قويۇلدى.

## 4. «غالىبىيەت» گۇڭشېسى تارماق ئۆستىڭى

بۇ ئۆستەڭ 1968 ـ يىل 5 ـ ئايدا ياسالغان. 1972 ـ يىلغا كەلگەندە ئاندىن ئىشلىتىلگەن، ئۆستەڭگە چاقىلىق دەرياسى غول ئۆستىڭىنىڭ سۈيى باشلىنىدۇ. سۇ بۆلۈش نىسبىتى 55%، غول ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.7 كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈنلەي تاش ياتقۇزۇلۇپ، سۇ سىڭمەس قىلىندى، بۇنى ناھىيىلىك سۇ قۇرۇلۇش چوڭ ئەترىتى ئورۇندىدى. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى «غالىبىيەت» گۇڭشېسىنىڭ 13 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى سۇغىرىلىدۇ. بۇ ئۆستەڭدە يەنە بىر سۇ كۆۋرۈك، بىر پولات چىۋىقلىق بېتون كۆۋرۈك، 2 سۇ بۆلگۈچ توما، ئېرىق قاتارلىق يۇرۇشلەشكەن مۇئەسسەسەلەر ياسالدى.

## 5. «ئىتتىپاق» گۇڭشېسى تارماق ئۆستىڭى

بۇ ئۆستەڭ 1973 ـ يىلى ياسالغان. 1980 ـ يىلى يەنە ناھىيىلىك سۇ قۇرۇلۇش چوڭ

ئەترىتى ئۆزگەرتىپ ياسىغان. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى چاقىلىق دەرياسى غول ئۆستىڭىدىن باشلىنىدۇ، سۇ بۆلۈش نىسبىتى 45%، ئۇزۇنلۇقى 4.9 كىلومېتىر بولۇپ، تاش بىلەن قوپۇرۇلۇپ، سۇ سىڭمەس قىلىپ ياسالغان. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن چاقىلىق دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى «ئىتتىپاق» گۆشكىسىنىڭ 12 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى سۇغىرىلىدۇ. بۇ ئۆستەڭدە بىر تاش ئەگمە كۆۋرۈك، 2 نو، بىر سۇ بۆلۈش تومىسى قاتارلىق يۇرۇشلەشكەن مۇئەسسەسە ياسالدى.

## 6. ۋاششەرى «شىنجيەن» تارماق ئۆستىڭى

بۇ ئۆستەڭ 1969 - يىلى پۈتكەن، ئۇزۇنلۇقى 4.8 كىلومېتىر، مۇھاپىزەت قېشىنىڭ ئاتكوسى تاش بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئاستىغا بېتون تاختا ياتقۇزۇلۇپ سۇ سىڭمەس قىلىنغان. بۇنى ۋاششەرى گۆشكىسى سۇ قۇرۇلۇش چوڭ ئەترىتى ياسىغان. بۇ تارماق ئۆستەڭنىڭ سۈيى ۋاششەرى غول ئۆستىڭىدىن باشلاپ كېلىنىدۇ، سۇ بۆلۈش نىسبىتى 40%، كېيىن قېشى 2 قېتىم ئېگىزلىتىلىپ، سۇ باشلاش مىقدارى 2 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يەتكۈزۈلدى. ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 3000 مودىن ئاشىدۇ. ئۆستەڭدە 2 سۇ بۆلۈش تومىسى ياسالغان.

## 7. ۋاششەرى «ئالغا» تارماق ئۆستىڭى

بۇ ئۆستەڭ 1973 - يىلى بېتون تاختا ياتقۇزۇلۇپ ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى 1.6 كىلومېتىر كېلىدىغان سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، بۇنى ۋاششەرى يېزىلىق سۇ قۇرۇلۇشى چوڭ ئەترىتى ياسىغان. بۇ تارماق ئۆستەڭنىڭ سۈيى ۋاششەرى غول ئۆستىڭىدىن باشلاپ كېلىنىدۇ، سۇ بۆلۈش نىسبىتى 30%، سۇ باشلاش مىقدارى 2 كۇب مېتىر/سېكۇنت، بۇنىڭ سۈيى بىلەن «ئالغا» چوڭ ئەترىتىنىڭ 4000 مو تېرىلغۇ يېرى سۇغىرىلىدۇ.

## 8. ۋاششەرى «يالقۇن» تارماق ئۆستىڭى

بۇ ئۆستەڭ 1974 - يىلى بېتون تاختا ياتقۇزۇلۇپ ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى 2.5 كىلومېتىر، ئۇنى ۋاششەرى گۆشكىسىنىڭ سۇ قۇرۇلۇش چوڭ ئەترىتى ياسىغان. بۇ تارماق ئۆستەڭنىڭ سۈيى ۋاششەرى غول ئۆستىڭىدىن باشلاپ كېلىنىدۇ. شۇ بۆلۈش نىسبىتى 30%، سۇ باشلاش مىقدارى 2 كۇب مېتىر/سېكۇنت، بۇنىڭ سۈيى بىلەن 3000 مودىن ئارتۇق يەر سۇغىرىلىدۇ. ئۆستەڭدە يۇرۇشلەشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىدىن 2 سۇ بۆلۈش تومىسى، بىر پولات چىۋىقلىق بېتون كۆۋرۈك، بىر نو ياسالدى.

# § 4 . ماشىنىلاشقان قۇدۇق

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقى خېلى مول، بۇ يەردە ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىش ئىشى 1973 - يىلى باشلاندى، 1977 - 1978 - يىللاردا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە 3 يېزىدا يېزىغا قاراشلىق 4 قۇدۇق قېزىش ئەترىتى، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق بىر قۇدۇق قېزىش ئەترىتى قۇرۇلدى، بۇ 5 قۇدۇق قېزىش ئەترىتى قۇدۇقنى 2 «250» تىپلىق، 3 «150» تىپلىق سوقما بۇرغا بىلەن قازدى، 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە

جەمئىي 60 قۇدۇق قېزىلدى، بۇنىڭ 5ى چولڭ ئېغىزلىق قۇدۇق، 55ى ماشىنىلاشقان قۇدۇق، قۇدۇقلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇرى 120 مېتىر كېلىدۇ. سۇ چىقىرىش ماشىنىلىرى 524 ئات كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئېيىغا 3 مىليون كۇب مېتىر سۇ چىقىرالايدۇ. يالغۇز قۇدۇق كۈنىگە 500 - 1000 كۇب مېتىر سۇ چىقىرالايدۇ. باشقۇرۇش تۈزۈمى مۇكەممەل بولمىغانلىقى، تېخنىكا كۈچى كەمچىل بولغانلىقى، رېمونت خىراجىتى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، سۇ چىقىرىش ماشىنىلىرىنىڭ يېرىمى كارغا كەلمەي قالدى. بەزى قۇدۇقلار ئۇزۇن مۇددەت سۇ چىقىرىلمىغاچقا، تىنىپ كەتتى. ئاران 27 قۇدۇقنىڭلا ئۈسكۈنىلىرى ساق بولۇپ، كۆپ يىل ئىشلىتىلدى. ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىقتا ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىلىپ يەر سۇغىرىلغاندىن سىرت، قالغان ۋاقىتتا ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ سۇ ئىچىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.

## § 5 . كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى

چاقىلىق ناھىيىسىدە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى 1970 - يىلى باشلاندى. 1981- يىلغىچە ناھىيە بويىچە كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى 3كە، ئۇلاردىكى 6 گېنېراتورنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 670 كىلوۋاتقا يەتتى. ئادەتتىكى چاغلاردا سۇ ئاز بولغاچقا، ھەر بىر ئېلېكتر ئىستانسىسىدا پەقەت بىرلا گېنېراتور ئىشقا سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە چاقىلىق 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن 2 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى ئېلېكتر تورىغا چېتىپ ئىشقا سېلىندى، ۋاششەرى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىشقا سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر يىلدا ئەڭ كۆپ بولغاندا 1 مىليون كىلوۋات - سائەت توك چىقىرىلدى. 1985- يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىدا 5 يېڭىم ئۆرلەتكۈچ، 49 ترانسفورماتور ئىشقا سېلىندى. جەمئىي 35 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 10 كىلوۋولتلۇق توك سىمى، 14 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 400 كىلوۋولتلۇق تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، بۇنىڭغا جەمئىي 1 مىليون 734 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تەننەرخ ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 — 16

| قۇرۇلۇش تۈرى | سانى | ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | قۇرۇلۇش تەننەرخىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى (يۈەن) | خىراجەت ئەھۋالى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ماتېرىيال خىراجىتى (يۈەن) | ئىش ھەققى خىراجىتى (يۈەن) |
| غول ئۆستەڭ | 3 | 46850 | 2138282 | 1496797.4 | 641484.6 |
| تارماق ئۆستەڭ | 5 | 18500 | 473359 | 331351.3 | 142007.7 |
| ئېرىق | 14 | 2320 | 456694 | 326210 | 130484 |
| ئوق ئېرىق | 30 | 32330 | 558144 | 398674 | 159470 |
| يان ئېرىق | 350 | 122500 | 367500 | | 367500 |
| جەمئىي | 402 | 243000 | 3993979 | 2553032.7 | 1440946.3 |

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئاھالىسى 2 بوستانلىقتا، يەنى ۋاششەرى رايونى بىلەن چاقىلىق رايونىغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يېزىلاردىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ %90 ىگىچە ئېلېكتر چىرىغى ئورنىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن توك ئاز، بېسىمى تۆۋەن بولغاچقا، ئېلېكتر چىراغلىرى غۇۋا يورۇيتتى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى جەمئىي 833 مىڭ 600 كىلوۋات سائەت توك تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىنىڭ ئىشلەتكىنى 509 مىڭ 600 كىلوۋات سائەتكە، يېزىلارنىڭ ئىشلەتكىنى 324 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى (يېزىلاردا كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25 كىلوۋات سائەتتىن توك توغرا كەلدى). يېزىلاردىكى سۇ چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن توك 16 مىڭ 549 كىلوۋات سائەتكە، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئىشلىتىلگەن توك 183 مىڭ 893 كىلوۋات سائەتكە، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىشلەتكەن توك 16 مىڭ 549 كىلوۋات سائەتكە، يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن توك 107 مىڭ 470 كىلوۋات سائەتكە يەتتى. ۋاششەرى ئېلېكتر ئىستانسىسىلا مۇشۇ بىر يىلدا 33 مىڭ 600 كىلوۋات سائەت توك تارقاتتى، بۇ كىشى بېشىغا 8 كىلوۋات سائەتتىن توغرا كېلىدۇ.

ناھىيىگە قاراشلىق 3 كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن باشقا، ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 36 - تۇەن - مەيدانى 1971 - يىل 3 - ئايدا 75×2 كىلوۋاتلىق بىر كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇردى. 1979 - يىلى يەنە 800×2 كىلوۋاتلىق بىر كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشقا كىرىشتى، بۇ قۇرۇلۇش 1985 - يىلغىچە داۋاملىق ياسالدى، ئۇ 1988- يىلى پۈتۈشى مۇمكىن.

## چاقىلىق ناھىيىسىگە قاراشلىق كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 — 17

| قاراشلىق ئورۇن | ئىستانسا نامى | دۋىگاتېل تىپى | گېنېراتور تىپى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ۋاقتى | قىش پەسلىدە توختىتىلغان ۋاقتى | يىللىق ئىشلىگەن سائىتى | 1985 - يىلى تارقىتىلغان توك مىقدارى (10 مىڭ كىلوۋات سائەت) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چاقىلىق ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى | 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى | NL300WJ— 05 (2) | JS22 | 1970.5 | 1970.10 | 11 - ئايدىن كېلەر يىلى 2 - ئايغىچە | 6120 | 30 |
| چاقىلىق ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى | 2 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى | NL280WJ—50 (2) | JSWN125KW | 1980.12 | 1982.7 | 11 - ئايدىن كېلەر يىلى 2 - ئايغىچە | 6120 | 50 |
| ۋاششەرى يېزىسى | ۋاششەرى ئېلېكتر ئىستانسىسى | DJ661—LMY—80 | TSN92—6—75KW | 1973 | 1975.10 | 11 - ئايدىن كېلەر يىلى 2 - ئايغىچە | 960 | 3.36 |

## 6 § . ئاپپارات، قوشۇن

### 1. ئاپپارات

مىنگو دەۋرىدە، مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) دىن باشلاپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ كەلگەن، مەخسۇس باشقۇرۇشقا 1 — 2 ئادەم قويۇلغان، ئۇلار پۈتۈن ناھىيىنىڭ سۇچىلىق ئىشلىرى ۋە سۇ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولغان. سۇ قىس بولغاچقا، مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىدە سۇچىلىق خىزمىتىنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان سۇچىلىق ھەيئىتى رەسمىي قۇرۇلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سۇچىلىق خىزمىتىنى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى باشقۇردى. قۇرۇلۇش بۆلۈمىدە سۇچىلىق گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، 2 نەپەر سۇ باشقۇرغۇچى قويۇلدى. 1958 - يىلى قۇرۇلۇش بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىدا سۇچىلىق بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، كورلا ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىدارىسى سەپلەپ بەرگەن 2 كەسپىي تېخنىك سۇچىلىق خىزمىتىنى باشقۇردى. قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ۋە سۇنى تەڭشەپ ئىشلىتىش ئۈچۈن، 1964 - يىلى 6 كىشىلىك سۇچىلىق ھەيئىتى قۇرۇلدى، ناھىيە ھاكىمى مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالدى. ھەر قايسى گۇڭشېلاردىكى يېزا ئىگىلىكى ۋە سۇچىلىقنى باشقۇرىدىغان رەھبەرلەر ھەيئەت ئەزاسى بولدى، ھەر قايسى گۇڭشېلارنىڭ رەھبەرلىرى گۇڭشې سۇچىلىق شۆبە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. چوڭ ئەترەت باشلىقلىرى چوڭ ئەترەت سۇچىلىق تارماق ھەيئىتىنىڭ باشلىقى بولدى. 1965 - يىلى ناھىيىدە 1500 كىشىلىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئەترىتى قۇرۇلۇپ، كەسپىي خاراكتېرلىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىغا مەسئۇل بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا، ناھىيىلىك سۇ قۇرۇلۇش ئەترىتىنى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى باشقۇردى، كېيىن بۇنىڭغا ناھىيىلىك ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولدى. 1969 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش ئەترىتىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئاساسلىق باشقۇردى. 1973 - يىلى ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1983 - يىلى 3 گۇڭشېدا ئاساسىي قاتلام سۇ ئېلېكتر باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، ئاساسىي قاتلام سۇ باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 1984 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر بۆلۈمى سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

### 2. قوشۇن قۇرۇلۇشى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ناھىيىلىك قۇرۇلۇش بۆلۈمىدە سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن سۇ تەقسىملەش خىزمىتىگە 2 ئادەم مەسئۇل بولدى. 1958 - يىلى سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 2 كەسپىي خادىم (بىر تېخنىك، بىر ئۆلچىگۈچى) مەسئۇل بولدى. 1963 - يىلى سۇچىلىق كەسپىي خادىملىرى 4كە كۆپەيدى. 1968 - يىلى يەنە ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن 2 ئوقۇغۇچى، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن 2 ئوقۇغۇچى تەقسىملىنىپ كېلىپ 3 گۇڭشېدا قايتا تەربىيە ئالغاچ، ئاساسىي قاتلامنىڭ سۇچىلىق خىزمىتىگە قاتناشتى، سۇچىلىق خىزمىتى

خادىملىرى 9غا يەتتى. بۇنىڭ 7سى كەسپىي خادىم. 1980 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، سۇچىلىق خىزمەتچىلىرى 14كە يەتتى ھەمدە 3 گۇڭشېدا ئاساسىي قاتلام سۇ ئېلېكتر باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى، كەسپىي تېخنىك خادىملار 4كە يەتتى (بىرى ياردەمچى ئىنژېنېر، 3ى تېخنىك). 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ناھىيە بويىچە سۇچىلىق خىزمەتچىسى 12گە، كەسپىي خادىم 3كە يەتتى.

# VII باب

# بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

## 1 § . بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ھەققىدە قىسقىچە بايان

چاقىلىق رايونىنىڭ قەدىمكى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشى ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشىدىن باشلانغان. غەربىي خەن سۇلالىسى يۈەنفېڭنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 77 ـ يىلى) كىروران بەگلىكى نامىنى پىشامشانغا ئۆزگەرتىپ جەنۇبقا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، كىروران قەدىمكى شەھىرىنى مەركەز قىلغان لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى رايونلار بارا ـ بارا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەربىيلەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرىدىغان مۇھىم جايغا ئايلىنىپ قالغان. كىروراننىڭ پايتەختى يېڭى جايغا كۆچۈرۈلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، خەن جاۋدى (خەن سۇلالىسىنىڭ جاۋدى خانى) پىشامشاننىڭ بېگى ۋېتۇگېنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، بىر ئەمىر لەشكەر، 40 خىزمەتچى ئەسكەر ئەۋەتىپ مىرەن (ھازىرقى مىرەندىكى تۇبۇد قەدىمكى قەلئەسى) دە بوز يەر ئاچقۇزغان. كېيىن بۇ يەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كۆلىمى بارا ـ بارا كېڭىيىپ راۋاج تاپقان، بۇ قەلئەنىڭ ئەتراپىدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوزيەرلەرنىڭ ئىزلىرى ھازىرمۇ بار. قەدىمكى ئىزلارنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، قەلئەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا كەڭلىكى 10 ـ 20 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 37 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر غول ئۆستەڭ بايقالغان، بۇ ئۆستەڭ بىلەن مىرەن دەرياسىدىن سۇ باشلانغان، غول ئۆستەڭنى بويلاپ 7 تارماق ئۆستەڭ چېپىلغان، قوش يۆنىلىشلىك سۇغىرىش، مەركەزلەشتۈرۈپ سۇ تەقسىملەش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، پۈتۈن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى 45 مىڭ مودىن ئارتۇق يەر سۇغىرىلغان. ئېرىق ـ ئۆستەڭ تورلىرى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۆستەڭ بېشىدىكى سۇ تەقسىملەش ئورنى ئوبدان كونترول قىلىنغان، ئۇنىڭ كۆلىمى خېلى چوڭ بولغان. «كېيىنكى خەننامە، ياڭ جۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا خاتىرىلىنىشىچە، جاڭ دي زامانىسىنىڭ جەنچۇ 1 ـ يىلى (مىلادى 76 ـ يىلى) ياڭ جۇڭ يۇقىرىغا سۇنغان مەكتۇبىدا: «يىراق ئىچۈرغول، كىروران، قاۋقىللاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چېگرىنى ساقلاۋاتقانلار يۇرتىنى سېغىنىپ، چېگرا شەھەرلىرىدىن بىزار بولدى»، «ئىچۈرغولدا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان، كىروراندا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقانلار تا ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى» دەپ يازغان،

بۇ كىروراندە ئەسكەرلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىلدە، دۇنخۇاڭدىكى سۇ جەمەتىدىن بولغان سۇمەي، جيۇچۈەن، دۇنخۇاڭلاردىن كىروران رايونىغا مىڭ ئەسكەر يۆتكەپ بوز يەر ئېچىپ، ئۆي سالغان ھەمدە پىشامشان، كىنگىت، كۈسەن بەگلىكلىرىنىڭ ھەر قايسىسىدىن مىڭدىن ئەسكەر ئېلىپ، جۇبىن دەرياسى (ھازىرقى تارىم دەرياسى) نى توسۇپ سۇ باشلاپ بوز يەرلەرنى سۇغارغان. «ئۈچ يىل تېرىقچىلىق قىلىپ، مىليون جىڭ ھوسۇل ئالغان». بۇ دەۋر چاقىلىق رايونىدا قەدىمكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشى تازا ئەۋج ئالغان دەۋر بولغان. خەن ئەندى زامانىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئەن دي خان قورۇقچىبەگنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان ئەسكەرلەرنى قايتۇرۇپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ھۇنلارنىڭ كۈچى قايتا باش كۆتۈرگەن. بۇ چاغدا ئەمىر لەشكەر بەن يۇڭ كىروراندا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە 500 ئادەم ئەۋەتىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن، لېكىن بۇ تەكلىپنى خەن سۇلالىسى ئوردىسى قوبۇل قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن چاقىلىق رايونىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشى ئەسلىگە كەلمىگەن.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە كىروران، پىشامشانلاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشى قايتا ئەسلىگە كەلگەن. كىروران خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى يازما ھۆججەتلەردە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى سەركەردە، ئەسكەرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «مىراب 10 جاڭ ئۇزۇنلۇقتا ئارغامچا تەلەپ قىلدى»، «سانغۇن يىن يى شىمالىي دەريا بويىدا بىر گېكتار (100 موغا تەڭ) يەرنى سۇغارغانىدى، 6 - ئاينىڭ 16-كۈنى ھوسۇل ئالدى»، «سانغۇن جاڭ جيەن قىسىملىرىدىن 21 ئەسكەر 2 گېكتار يەرگە ئارپا تېرىغان، خاتىرىگە 20 مو يەر دەپ يېزىلغان، 9 مو يەرگە ئۇرۇق چاچقان، 70 مو يەرنى سۇغارغان، 27 مو بۇغداي تېرىغان، خاتىرىدە 29 مو دەپ يېزىلغان (ئەسلى ئورىگىنالىدا «توققۇز» دەپ يېزىلغان، خاتالىق بار)، بىر گېكتار 85 مو مايسىنىڭ 20 موسىنى سۇغارغان، 50 موسىنى ئوتىغان». جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەمەلدارلارنىڭ ئادەملىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، سىناق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كالا بىلەن يەر ئاغدۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى يەنە بىر خاتىرىدە: «باش دەپتەردار نارخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۆز توراسىدا قوشقا كالا قوشۇپ يەر ئاغدۇرۇشنى سىناق قىلدى» دەپ يېزىلغان.

سۈي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، چاقىلىق رايونى تۇيغۇنلارنىڭ ھەربىي پائالىيەت رايونى بولغان، شۇڭا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشى بىر مەزگىل توختاپ قالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 12 - يىلى (638 - يىلى) تۈبۈتلەر تۇيغۇنلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، چاقىلىق ئەتراپلىرىنى ئىگىلىۋالغان ۋە مىرەن قەدىمكى سۇغىرىش رايونى ئىچىدە ئەسكەر تۇرغۇزغان.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنتۇڭ 7 - يىلى (866 - يىلى) ئۇيغۇر سەركەردە بۆكۈقۇن تۈبۈتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، تۈبۈت سەردارى شاڭ كۇڭرېنى ئۆلتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن تۈبۈت كۈچلىرى چاقىلىق رايونىدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن، تەكلىماكان قۇملىرى ۋە قۇمتاغ قۇملىرىنىڭ كۆچۈشى بىلەن تارىم دەرياسى، مىرەن دەرياسىنىڭ دەريا قىنى پات - پات ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقتىن، چاقىلىق رايونىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشى توختاپ قالغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، چاقىلىقتىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشى ۋاشەرى قەدىمكى شەھىرى ئەتراپىدىكى يېرىم - ياتا ئېچىلغان بوز يەرلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆلىمى ناھايىتى كىچىك بولغان، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەرلەرمۇ تاشلىنىپ قالغان.

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇنىڭ 11 - يىلى (1885 - يىلى) چاقىلىقتىكى تاغلىقلارنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، 100 دىن ئارتۇق كۆچمەن ئائىلىنى يېڭىسۇ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشىنى باشقۇرۇش چارىسى بويىچە بۇ يەرگە «دورال» دەپ نام بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پىچان شەھىرىنى (بۇ شەھەر ھازىرقى يېڭىسۇنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ) قۇرۇشقا كىرىشىپ، ئۇنى گۇاڭشۇ 18 - يىلى (1892-يىلى) پۈتتۈرگەن. باش مۇپەتتىش تاۋمۇجى ئۆڭگۈلۈكتىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى قىسمىنى ۋە خەيرىخاھلىق - دالالەت ئىدارىسىنى پىچان شەھىرىگە كۆچۈرگەن، يازما ھۆججەتلەردە يېڭىسۇدىن پىچان شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا «بىپايان ئوتلاق، كۆللەر بولۇپ، كەنت ۋە ئۆيلەر ئۈززۈلمەي كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى» دەپ يېزىلغان.

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - جۇن 6 - شىسى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى چاقىلىق ناھىيىسىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈردى، چېگرا رايونىنى قوغدىدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر بىر قولىغا مىلتىق، بىر قولىغا كەتمەن ئېلىپ ناھىيە بازىرى ئەتراپى، مىرەن ۋە ۋاشەرىدە جەمئىي 7254 مو بوز يەر ئاچتى. 1952 - يىلدىن كېيىن، قىسىم ئۆزلىرى ئاچقان بوز يەرلەرنى پەيدىنپەي چاقىلىق ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

1965 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2-شىسى مىرەن رايونىدا مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇردى، 1969 - يىل 7 - ئايدا بۇ مەيداننىڭ نامىنى 36 - تۈەن - مەيدان دەپ ئۆزگەرتتى.

## 2 §. يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 36 - تۈەن - مەيدانى

36 - تۈەن - مەيداننىڭ شتابى مىرەن بازىرى (تەبىئىي بازار) غا جايلاشقان، ئۇ چاقىلىق ناھىيە بازىرىغا 76 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېھقانچىلىق مەيدانى شەرقىي مېرىدىئان 88°47′ ~ 89°00′، شىمالىي پارالېل 39°00′ ~ 39°20′ ئارىلىقىغا جايلاشقان، پۈتۈن مەيداننىڭ پىلاندىكى ئومۇمىي يەر كۆلىمى 387 مىڭ 700 مو، ھازىرقى كۆلىمى 344 مىڭ مو.

36 - تۈەن - مەيدان 1965 - يىل 5 - ئايدا قۇرۇلغان. مەيدان قۇرۇلغاندا، يېزا ئىگىلىك 2 - شى مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانى دەپ ئاتالغان. 1969 - يىل 7- ئايدا يېزا ئىگىلىك 2-شى 36 - تۈەن - مەيدانى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. تۈەن - مەيدان يېزا ئىگىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە، تاشپاختا سانائىتىنى ئىقتىسادىي تۈۋرۈك قىلدى. 36 - تۈەن - مەيدان 21 يىللىق تەرەققىيات ۋە قۇرۇلۇش ئارقىلىق، ئەسلىدىكى بىر خىللا يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھالەتتىن تەرەققىي قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سودا بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك باشقۇرىدىغان يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كارخانىسىغا ئايلاندى. تۈەن - مەيدانىغا 3 يېزا ئىگىلىك لىيەندۈي، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، سۇ قۇرۇلۇشى، قوشۇمچە كەسىپ، بىناكارلىق لىيەندۈيلىرى قاتارلىق 8 لىيەندۈي قارايدۇ ھەمدە ماگىزىن، بانكا، پوچتىخانا، باجخانا قاتارلىق ئورۇنلار تەسىس قىلىندى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دېھقانچىلىق مەيدانى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ

مۇددىگە بېرىش ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقتىن، ئىقتىسادى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1985-يىلى 36-تۈەن-مەيداننىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون 526 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 47.23%نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 453 مىڭ 100 يۈەنگە، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 580 مىڭ 600 يۈەنگە، ترانسپورت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 105 مىڭ 600 يۈەنگە، سودا ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 426 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 10 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 42.94%نى ئىگىلىدى، مىللىي دارامەت 9 مىليون 968 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، چاقىلىق ناھىيىسى مىللىي دارامىتىنىڭ 48.27%نى ئىگىلىدى.

36-تۈەن-مەيدان كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان. 1982-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، 8050 ئاھالىسى بار ئىدى. 1985-يىلنىڭ ئاخىرىغىچە تۈەن-مەيداننىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 9897گە يەتتى. خەنزۇلار ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، لىزۇ، موڭغۇل، تۇجيا، قازاق، ژاڭزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى 422. تۈەن-مەيدان پارتكومى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلغانلىقتىن، تۈەن-مەيداندا ئەزەلدىن ھېچقانداق مىللىي ماجىرا كۆرۈلمىدى.

1965-يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئاپتونوم رايوننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك 2-شىسىنىڭ مىرەندە سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، ھەربىي ئىشلار بىرلەشتۈرۈلگەن، ئەسلىدىكى يەرلىك دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى تۈزۈمىدىكى چوڭ دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇشنى قارار قىلدى. 1965-يىل 4-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالدىن يۈرگۈچى قىسىملار دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى جاڭ لىيەنپۇنىڭ باشچىلىقىدا مىرەنگە كېلىپ دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. 5-ئايدا يېزا ئىگىلىك 2-شىسى ھەر قايسى تۈەن-مەيدانلاردىن ئىشلەپچىقىرىش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، خەلق ئەسكىرى نۆۋەتچى لىيەندۈيلىرىدىن 7 لىيەندۈينى ئاجرىتىپ مىرەنگە ئەۋەتتى. مەيدان قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، تۇرمۇش شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، ياتىدىغان ئۆي، ئىچىدىغان سۇ يوق ئىدى. بارلىق كادىر ۋە ئىشچىلار دالىدا يېتىپ-قوپۇپ، دالىدا غىزالاندى، ئاددىي كۆلچەك كولاپ، مىرەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى كۆلگە قاچىلىۋېلىپ ئىچىشتى، ئاددىي گەمە كولاپ ياتتى. ئالدىن دەرھال بوز يەر ئېچىش، سۇ باشلاش ئۆستەڭلىرىنى چېپىش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. بىر نەچچە ئاي جاپالىق جەڭ قىلىپ، شۇ يىلىلا 7021 مو بوز يەر ئاچتى. 1985-يىلىنىڭ باشلىرىغىچە جەمئىي 34 مىڭ 845 مو بوزيەر ئېچىپ، 119 مۇنتىزىم سالا ئېتىز بەرپا قىلدى، 24 مىڭ 894 مو يەرگە ھەر خىل زىرائەت تېرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 15 مىڭ 171 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 6 مىليون جىڭغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 409 جىڭغا يەتتى. بۇ مەيدان 1980-يىلدىن ئىلگىرى ئاشلىقتا ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەيتتى، 1980-يىلدىن باشلاپ ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى.

21 يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق، 36 - تۇەن - مەيداندا ئېتىزلار تەپ - تەكشى، ئېرىق-ئۆستەڭلەر گېرەلىشىپ كەتكەن، يوللار راۋان، دەل - دەرەخلەر بۈك - باراقسان، ئۆي - ئىمارەتلەر رەت - رەت قەد كۆتۈرگەن جۇشقۇن مەنزىرە بارلىققا كەلدى. تۇەن شتابىدا رادىئو ئۆزېلى ۋە بىر چولڭ يازلىق كىنوخانا بار. ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدىمۇ رادىئو ئۆيى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۇلۇبى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى قىشتا تېلېۋىزىيە ئۇلاپ كۆرسىتىش ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن تۇەندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەر كۈنى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولدى. مەيدان قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شارائىت ئىنتايىن جاپالىق ئەھۋالدا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئاساسىدا مەكتەپ سېلىندى. 1965 - يىل 9 - ئايدا مەكتەپتە ئوقۇش باشلاندى. 1985 - يىلغىچە تۇەن - مەيدان بويىچە 9 باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1424 كە يەتتى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %100كە يەتتى. تۇەن شتابىدا 22 سىنىپلىق بىر ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىسى 969 غا يەتتى. ليەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردا شىپاخانا، تۇەندە بىر دوختۇرخانا قۇرۇلدى. تۇەن بويىچە تېببىي خادىم 37گە يەتتى.

## 1. تېرىقچىلىق

36 - تۇەن تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئاشلىقنى ئاساس قىلدى. ئاندىن قالسا قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئۆستۈردى. ياغلىق دانىنىڭ مەھسۇلاتى تۆۋەن بولغاچقا ئاز تېرىدى، ياغلىق داندا ھەر يىلى ئۆزىنى تەمىنلىيەلمىدى. 1980 - يىلدىن ئىلگىرى بۇغداي، كۆممىقوناق، ئاق قوناق، شال قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىيتتى. نۇرغۇن يىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، بۇغدايدىن باشقا زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتى ناھايىتى تۆۋەن بولغاچقا، 1985 - يىلغا كەلگەندە ئۇلارنى تېرىش توختىتىلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تۇەن - مەيدان مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى پەيدىن - پەي يولغا قويۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغىغانلىقتىن، 1979 - يىلدىن كېيىن، ئاشلىق مەھسۇلاتى يىلمۇ يىل ئاشتى. بىرلىك مەھسۇلات 1979 - يىلدىكى 191 جىڭدىن 1983 - يىلى 423 جىڭغا يەتتى، ئومۇمىي مەھسۇلات 6 مىليون 700 مىڭ جىڭغا يەتتى. 1984 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 2 يىل ئىچىدە ئومۇمىي مەھسۇلات ئازراق تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرلىك مەھسۇلات يەنىلا 400 جىڭ بولۇپ كەلدى.

مەيدان قۇرۇلغان 1965 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە ھەر يىلى ئورۇق سالىدىغان چاغدا ئاۋۋال ئېرىقچىلار ۋە ئېتىز قىرلىرى تۈزلىنىپ، ئاندىن ماشىنا بىلەن ئورۇق سېلىناتتى، ئاندىن كېيىن يەنە يېڭىۋاشتىن ئېرىق چېپىلىپ قىر چىقىرىلاتتى. بۇنداق قىلغاندا، ئەمگەك ئىسراپ بولۇپلا قالماستىن، ئېرىق ۋە قىرلار تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %15ىنى ئىگىلەپ، مەھسۇلاتقا تەسىر يەتكۈزەتتى. 1975 - يىلدىن باشلاپ تاختىلاپ تېرىپ، تاختىلاپ سۇغىرىش ئۇسۇلى چۆنەكلەپ تېرىش، چۆنەكلەپ سۇغىرىشقا ئۆزگەرتىلدى، بۇ ئۇسۇل بۇغدايدىن مۇقىم ۋە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشتا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. نەتىجىدە بۇغداي مەھسۇلاتى يىلمۇ يىل ئاشتى. بۇنىڭدىن باشقا، دېھقانچىلىق مەيدانى يەنە بۇغدايىنىڭ ئەلا سورتلىرىنى تېرىپ سېلىشتۇرۇش تەجرىبىسىنى ئىشلىدى، خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسىنى ئىشلەتتى ۋە سولياۋ يوپۇق يېپىپ زىرائەت ئۆستۈرۈش يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتتى ھەمدە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە

بولىدىغان ئاساسلىق كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلەرنىڭ زىيىنىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئۇ ھەقتە ئالدىن مەلۇمات بەردى.

## 2. ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك

1966 - يىلى 38 مو كۆچەت يېتىشتۈرۈلۈپ، 83 مو باغ، 30 مو ئورمان بەرپا قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستىراق بولدى. 1977 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك خېلى تېز راۋاجلاندى. 1985 - يىلى تۈەن - مەيدان بويىچە ئورمان، باغ كۆلىمى 10 مىڭ 5 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە باغ 2612 مو. 3456 مو ئىتتىز ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىندى. پارچە- پۇرات يەرلەرگە 800 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، ئىتتىز - ئېرىقلارنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 12.4 % كە يېتىپ، ئىتتىز - ئېرىقلار ئاساسىي جەھەتتىن ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇلدى. دەرەخ تۈرلىرىدىن ئاق تېرەك، كۆك تېرەك، سۇۋادان تېرەك ئاساس قىلىندى. ئاندىن قالسا جىگدە، قارىياغاچ تىكىلدى.

مىرەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا ھۆل - يېغىن ئاز، بوران كۆپ بولىدۇ، بولۇپمۇ 5 ، 6 - ئايلاردىكى ئىسسىق شامال دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە ناھايىتى زور زىيان سالىدۇ. ئىھاتە ئورمانلىقى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىنىپ بولمىغان چاغدا، ئىسسىق شامال چىقسىلا مەھسۇلات بەك كېمىيىپ كېتەتتى. ئىھاتە ئورمانلىقى ئىسسىق شامالنىڭ زىيىنىنى زور دەرىجىدە ئازايتتى.

ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەرلەر ئانچە شورلىشىپ كەتمىگەچكە، مېۋە كۆچەتلىرىنى تىكىشكە باب ئىدى. شۇڭا ئالما، نەشپۈت، ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۆرۈك، جىگدە قاتارلىق مېۋە كۆچەتلىرى تىكىلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالمىنىڭ سورتلىرى سەرخىل، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، ئاساسلىق ئالما سورتلىرىدىن گوگۇاڭ، مارشال، كۆك بانان، قىزىل ياقۇت قاتارلىقلار بار. ئالمىدىن قالسا نەشپۈتنىڭ كۆلىمى چوڭ بولۇپ، ئامۇت، سوقچاق ئامۇت، لەيياڭ ئامۇتى، داڭشەن ئامۇتى، بالى ئامۇتى قاتارلىق سورتلار ئۆستۈرۈلدى. ئۈزۈم سورتلىرىدىن قاشقىر ئۈزۈم، سايۋا ئۈزۈم، كىشمىش ئۈزۈم قاتارلىقلار بار. شاپتۇل سورتلىرىدىن توقاچ شاپتۇل، كۆك شاپتۇل، ياغلىق شاپتۇل قاتارلىقلار بار. ئۆرۈك سورتلىرىدىن كۆچا كىشمىش ئۆرۈكى، تۈكلۈك ئۆرۈك، بادام ئۆرۈك قاتارلىقلار بار. چىلاندىن سوقا چىلان ۋە كىچىك چىلانلار بار.

## 3. چارۋىچىلىق

1965 - يىلى مەيدان قۇرۇلغاندا، ئەسلىدىكى يەرلىك دېھقانچىلىق مەيدانىدىن 2000 چوڭ- كىچىك چارۋا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، يەنە 34 - تۈەن - مەيداندىن 2000 چوڭ- كىچىك چارۋا يۆتكەپ كېلىنگەن، 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قوتاندىكى چارۋا 4132 گە يەتكەنىدى، 21 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قوتاندىكى چارۋا سانى 5993 كە يەتتى. 21 يىلدىن بۇيان 492 مىڭ 500 كىلوگرام ھەر خىل گۆش ئېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا گۆشى 214 مىڭ كىلوگرام، قوي گۆشى 192 مىڭ كىلوگرام، كالا گۆشى 86 مىڭ 500 كىلوگرام. ھەر يىلى سىرت جايلاردىن بىر قىسىم چوشقا گۆشى يۆتكەپ كېلىنگەن ۋە سېتىۋېلىنغاندىن تاشقىرى، تۈەن - مەيدان كالا، قوي گۆشى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىنى تەمىنلەپ

ئېشىنىدىغان بولدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرى، ئومۇمنىڭ چارۋىسى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. خۇسۇسىي چارۋا ناھايىتى ئاز ئىدى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، ئومۇمنىڭ چارۋا بېقىش ئاكتىپلىقى بىلەن خۇسۇسىيلارنىڭ چارۋا بېقىش ئاكتىپلىقى جارى قىلدۇرۇلغانلىقتىن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئومۇمنىڭ چارۋىسى 2939 غا يېتىپ، قوتاندىكى ئومۇمىي چارۋىنىڭ %49نى، خۇسۇسىيلار چارۋىسى 3054 كە يېتىپ، قوتاندىكى ئومۇمىي چارۋىنىڭ %51 نى ئىگىلىدى.

## 4. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

مەيدان قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، 1965 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1966 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يېزا ئىگىلىك 2 ـ شى مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانىغا ھەر قايسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن ئوتتۇرا تراكتوردىن4ى، ئوتتۇرا چاقلىق دېھقانچىلىق ماشىنىسىدىن 3نى، دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىدىن 44نى يۆتكەپ بەردى. دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرۈشلەشمىگەن بولغاچقا، ئەينى ۋاقىتتا بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىش، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئېتىز ـ ئېرىق مەشغۇلاتى قاتارلىق ئىشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئادەم كۈچى بىلەن قىلىناتتى. كېيىن تېرىلغۇ كۆلىمى بارغانسېرى كۆپەيدى. ھەر خىل دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىمۇ يىلدىن يىلغا كۆپەيدى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە 36 ـ تۈەندە 14 چوڭ ۋە ئوتتۇرا تراكتور (جەمئىي 37.5 ئۆلچەملىك تراكتور)، چوڭ ـ كىچىك چاقلىق 21 ماشىنا (جەمئىي 35.2 ئۆلچەملىك ماشىنا)، 8 ئېنېرگىيە ماشىنىسى (1200 ئات كۈچىگە ئىگە)، 8 كومبايىن بار بولدى، ھەر خىل دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تولۇقلىنىپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇلدى. تۈەن ـ مەيدان بويىچە ماشىنىلىشىش دەرىجىسى %96كە يەتتى. 1980 ـ يىلدىن باشلاپ دېھقانچىلىق مەيدانى بۇغدايىنى يىغىۋېلىشتا ئورۇش، توشۇش ۋە ئامبارغا كىرگۈزۈشنى بىر يولىلا ئورۇندايدىغان، 20 مىڭ مودىن كۆپرەك يەرنىڭ بۇغدىيىنى 20 ـ 25 كۈن ئىچىدىلا پۈتۈنلەي ئورۇپ، ئامبارغا كىرگۈزۈپ بولالايدىغان بولدى.

36 ـ تۈەن ـ مەيداندا تېخنىكا كۈچى كۈچلۈك، ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر تولۇق بولغان ماشىنا ـ سايمانلارنى چوڭ رېمونت قىلىش زاۋۇتى بار. بۇ زاۋۇت تۈەن ـ مەيدان دائىرىسىدىكى دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى، پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى ۋە ئاپتوموبىل قاتارلىقلارنى رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

## 5. سۇچىلىق قۇرۇلۇشى

36 ـ تۈەن ـ مەيداننىڭ بارلىق تېرىلغۇ يەرلىرى مىرەن دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. مەيدان قۇرۇلغاندىن باشلاپ 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، مەيدان بويىچە بىر باش غول ئۆستەڭ (26.41 كىلومېتىر)، 4 تارماق غول ئۆستەڭ (15.63 كىلومېتىر)، 13 تۈرماق ئۆستەڭ (35.39 كىلومېتىر)، 8 ئوق ئېرىق (7.4 كىلومېتىر)، 129 يان ئېرىق (44.96 كىلومېتىر) ياسالدى. ئوق ئېرىقتىن باشقا 84.83 كىلومېتىر ئېرىق ـ ئۆستەڭنىڭ 49.15 كىلومېتىرى پۇختا، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قىلىپ ياسالدى.

## 6. تاشپاختا سانائىتى

36 ـ تۈەن ـ مەيداننىڭ تاشپاختا كانى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېتىمبۇلاق بازىرىغا جايلاشقان بولۇپ، 1966 ـ يىلى قۇرۇلغان. بۇ كان 20 يىل داۋامىدا ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، مەملىكەت بويىچە خېلى چوڭ تاشپاختا كانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 1985 ـ يىلى كان بويىچە تۇراقلىق مۇلۈك قىممىتى 9 مىليون يۈەنگە يەتتى. 20 يىلدا جەمئىي 120 مىڭ تونىنا تاشپاختا قېزىلىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 112 مىليون يۈەنگە يەتتى، يۇقىرىغا 38 مىليون 232 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاشپاختا كانىنىڭ قارىمىقىدا 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ قېزىش لېيەنلىرى، ترانسپورت لېيەنى، ئاساسىي قۇرۇلۇش لېيەنى، قۇراشتۇرۇش لېيەنى، ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن ئىبارەت لېيەن دەرىجىلىك 7 ئورۇن بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىسى 1057 گە يەتتى.

كان قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، كان قېزىش ۋە پىششىقلاش مەشغۇلاتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئادەم كۈچى بىلەن ئىشلىنەتتى. كېيىن ئۇدۇللۇق قۇرۇلۇش قىلىنىپ، ئۈسكۈنىلەر ئۇدۇللۇق كۆپەيتىلدى، 1985 ـ يىلغا كەلگەندە، تاشپاختا كاندا ھەر خىل ئاپتوموبىلدىن 32سى، ھەر خىل توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىدىن 24ى، دىزېل گېنېراتورىدىن 13ى (2504 كىلوۋاتلىق) بار بولدى. شۆبە كانلار ۋە پىششىقلاش سېخلىرىنىڭ ھەر خىل ئۈسكۈنىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن يۈرۈشلەشتى. تاشپاختا كانى ئومۇمىي سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى بويىچە ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسىگە يەتتى.

## 7. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش

36 ـ تۈەن ـ مەيدان ئاساسەن، ئاشلىق، ياغلىق دان، ھاراق، جاڭيۇ، ئاچچىقسۇ ۋە تور پاختا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنى تەمىنلەش خاراكتېرىدىكى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت.

پىششىقلاش لېيەنى پۈتۈن تۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاشقا مەسئۇل بىردىنبىر ئورۇن، ئۇ كىچىكلىكتىن زورىيىپ، يەرلىك ئۈسكۈنىلەر بىلەن ئىشلەشتىن، تەدرىجىي ھالدا زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن ئىشلەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. 1965 ـ يىلى پەقەت بىرلا سۇ تۈگمىنى بار ئىدى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە، 9 ئۇن تارتىش ماشىنىسى، بىر شال ئاقلاش ماشىنىسى، بىر سورۇش ماشىنىسى، بىر بۇغداي يۇيۇش ماشىنىسى، بىر پاختا ئېتىش ماشىنىسى، بىر ياغ تارتىش ماشىنىسى، 2 دىزېل گېنېراتورى بار بولدى. باشقا ئىش ئورۇنلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن يۈرۈشلەشتى. لېيەن بويىچە تۇراقلىق مۇلۈك قىممىتى 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى. لېيەننىڭ پىششىقلاش ئىقتىدارى پۈتۈن تۈەن ـ مەيداننىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان بولدى.

## 8. قاتناش ـ ترانسپورت

1965 ـ يىلى 36 ـ تۈەن ـ مەيدان قۇرۇلغاندا، يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانىغا «ئازاد» ماركىلىق 2 ئاپتوموبىلنى يۆتكەپ بەرگەن ئىدى. 1973 ـ يىل 7 ـ ئايدا تۈەن ـ مەيدان بويىچە (تاشپاختا كېنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاپتوموبىل 20گە يەتتى. 1973 ـ يىلى

ئاپتوموبىل پەيى قۇرۇلدى. 1975 ـ يىلى بۇ پەي كېڭىيىپ ئاپتوموبىل لىيەنگە ئايلاندى. 1985 ـ يىلى ھەر خىل ئاپتوموبىل جەمئىي 62 گە يەتتى (بۇ تاشپاختا كانى ترانسپورت لىيەنىدىكى 32 ئاپتوموبىلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇلار ئاساسەن، يۈك ۋە باك ئاپتوموبىللىرى بولۇپ، پۈتۈن تۇەن ـ مەيداننىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق ماددىي ئەشيالارنى توشۇش ۋە تاشپاختىنى سىرتقا يۆتكەش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ.

1985 ـ يىلى تۇەن ـ مەيداننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى 2 غول تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 10 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ 6 كىلومېتىرى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان غول تاشيول، 4 كىلومېتىرى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان غول تاشيول. لىيەندۈيلەر ئوتتۇرىسىدىكى يوللار راۋان بولۇپ، ئاپتوموبىل بىمالال قاتنىيالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تۇەن ـ مەيداندىن دۆلەت يولى 315 ـ لىنىيىسىدىكى تاشيولغا چىقىپ، باشقا جايلارغا بارغىلى بولىدىغان 25 كىلومېتىر غول يولمۇ بار.

## سەككىزىنچى قىسىم

# سانائەت - قاتناش، پوچتا - تېلېگراف

## سەككىزىنچى قىسىم

# سانائەت ـ قاتناش، پوچتا ـ تېلېگراف

## I باب

## سانائەت

### 1 § . ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالى

#### 1. مىنگو دەۋرىدىكى پىششىقلاپ ئىشلەش دۇكانلىرى ۋە قول سانائىتى

مىنگو دەۋرىدە، چاقىلىق ناھىيىسىدە زامانىۋى سانائەت يوق ئىدى، پەقەت ھەر قايسى يېزا-بازارلاردا تارقاق ھالدا ساناقلىقلا تۈگمەن، جۇۋازخانا ۋە تېرىچىلىك دۇكانلىرى بار ئىدى.

يېزىلاردا ئاساسەن، موزدۇزلۇق، تىككۈچىلىك، تۆمۈرچىلىك ۋە ياغاچچىلىققا ئوخشاش قول سانائىتىلا بار ئىدى، مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ناھىيىدە 2 كىيىم تىكىش ماشىنىسى، بىر تۆمۈرچىلىك دۇكىنى، بىر ياغاچچىلىق دۇكىنى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئاران 2800 يۈەنگە يەتكەن.

ئازادلىق ھارپىسىدا، مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) گومىنداڭ چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمىتى 120 كىشىلىك بىر ئالتۇن كولاش ئەترىتى (ئۇيغۇر 73، خەنزۇ 25، خۇيزۇ 22) تەشكىللەپ، ئىسھاق ھاجىنى چوڭ ئەترەت باشلىقى، قاسىم شاڭيۈنى مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى قىلىپ تەيىنلەپ، ئارقا تاغ (ھازىرقى ئالتۇنتاغ توغرىلىساي ئالتۇن كېنى) قا ئالتۇن كولاشقا ئەۋەتكەن. ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئالتۇن كولاش ئەترىتى ھېچقانچە نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. شۇ قېتىمقى ئالتۇن كولاشتا 100 دىن ئارتۇق ئېشەك سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلگەن، ئالتۇن كولىغۇچىلاردىن 3ى ياربدار بولغان ۋە ئۆلگەن.

#### 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى سانائەت

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ زامانىۋى سانائىتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پەيدىنپەي راۋاجلاندى. سانائەتنى 1950 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى

باشقۇردى. 1958 - يىلى سانائەت - قاتناش بۆلۈمى باشقۇردى، 1962 - يىلى سودا - سانائەت بۆلۈمى باشقۇردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گورۇپپىسى باشقۇردى، 1980 - يىلى سانائەت - قاتناش بۆلۈمى باشقۇردى. 1981 - يىلى گۆشچىلىك - ئەترەت كارخانىلىرى بۆلۈمى (1984 - يىلدىن كېيىن نامى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى) قۇرۇلۇپ، گۆشچىلىك - ئەترەت كارخانىلىرىنى باشقۇردى. 1950 - يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئاران 2280 يۈەن ئىدى. كېيىن يىلمۇ يىل كۆپەيدى، 1985 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 348 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 39% .74نى ئىگىلىدى.

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ سانائىتىدە تاشپاختا قېزىش ئاساس قىلىنىدۇ، ئۇ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي تۈۋرۈكى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قول سانائىتىگە قەرز پۇل بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە يار - يۆلەك بولۇپ، قول سانائىتىنى بىر قەدەر تېز راۋاجلاندۇردى. 1954 - يىلغا كەلگەندە، قول سانائىتىنىڭ تۈرى 1950 - يىلدىكى تۆمۈرچىلىك، موزدۇزلۇق، ياغاچچىلىق، تىككۈچىلىك، ياماقچىلىق، ئاشلىق - ياغ تارتىش، تېرە تاشلاش قاتارلىق 7 خىل ھۈنەر - كەسىپتىن كۆپىيىپ 19 خىل ھۈنەر - كەسىپكە يەتتى، قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ 1950 - يىلدىكى 124 ئائىلىدىن كۆپىيىپ 200 ئائىلىگە يەتتى. قول ھۈنەرۋەنلەردىن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن زىچ ئالاقىسى بولغان 16 ئائىلىلىك تۆمۈرچى 1954 - يىلىلا ئورغاق، كەتمەن، سۆرەم، ئوتىغۇچ قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن 450نى سوقتى، 1000 دىن ئارتۇق دېھقانچىلىق سايمىنىنى رېمونت قىلدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كەمچىل بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مەخسۇس قول ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنالماي، ئېتىياز ۋە ياز پەسىللىرىدە ھۈنەرنى توختىتىپ دېھقانچىلىق قىلىپ، كۈز ۋە قىش پەسلىدە ئاندىن ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئاز بولغاچقا، قول ھۈنەرۋەرلەرنىڭ كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدە ئىشلىگەن مەھسۇلاتىمۇ ئاز بولاتتى. مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى تازا چىقمىدىغان ئېتىياز ۋە ياز پەسىللىرىدە ھۈنەرنى ئاساسىي جەھەتتىن توختىتىپ قوياتتى. شۇڭا، قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. بۇ دەۋردىكى قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ كەسپى ئاتا مىراس كەسىپ بولغاچقا، ئەنئەنىۋى تۈس ئالغانىدى.

بەككە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ 1954 - يىلدىكى ئاساسىي مەھسۇلاتلىرى ۋە مەھسۇلات مىقدارى

جەدۋەل: 8 — 1

| مەھسۇلات نامى | مەھسۇلات مىقدارى | مەھسۇلات نامى | مەھسۇلات مىقدارى |
|---|---|---|---|
| بەرلىك ماتا (گەز) | 2195 | بورا (پارچە) | 592 |
| ئۈتۈك (پار) | 2233 | سېۋەت (دانە) | 74 |
| كىگىز (دانە) | 1737 | جوۋا (دانە) | 541 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| پىيما (پار) | 500 | ئەر ـ ئاياللار كىيىمى (دانە) | 3320 |
| ھالۋ (جىڭ) | 150 | تۆمۈر دېھقانچىلىق سايمانلىرى | 450 |

1955 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسى 4 قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇردى. بۇنىڭغا 10 ياغاچچى، 6 تۆمۈرچى، 7 تىككۈچى، 6 موزدۇز بولۇپ، جەمئىي 29 كىشى قاتناشتى.

1956 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ پەسىلدە، چاقىلىق ناھىيىسىدە قول سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، بازاردا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى 4 قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا جەمئىي 49 ئائىلە، 50 كىشى قاتناشتى، ئۇلارنىڭ قوشقان پاي پۇلى 1950 يۈەنگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر قىسىم قول ھۈنەرۋەنلەر بىۋاسىتە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا كىرىپ كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتى. يېزىلاردا يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، تارقاق يەككە قول ھۈنەرۋەنلەر يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىپ، كەسىپلەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىلىرىغا تەشكىللەندى. چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ قول سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش خىزمىتى ناھايىتى تېز ئىشلىنىپ، 1956 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا ئۆزگەرتىش دائىرىسى %95كە يەتتى، 1956ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە قول سانائەتنىڭ ھەممىسىگە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ بولدى.

1958 ـ يىلى 3 ـ پەسىلدە، بازاردىكى تۆمۈرچىلىك كوپېراتىپى بىلەن ياغاچچىلىق كوپېراتىپى بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. تىككۈچىلىك، موزدۇزچىلىق كوپېراتىپلىرىمۇ بىرلەشمە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى قۇردى. يېزىلاردا، ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىلىرىمۇ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، تىككۈچىلىك، موزدۇزچىلىق كارخانىلىرى قىلىپ كېڭەيتىپ قۇرۇلدى.

1959 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ سانائىتى تېخىمۇ راۋاجلاندى، شۇ يىلىنىڭ بېشىدا 60 نەچچە ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار تاشپاختا كېنى قۇرۇلدى. كان پۈتۈنلەي ئادەم كۈچى بىلەن قېزىلدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا، ناھىيىدە 50 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى، 103 ئېشەكى بار كەسپىي ترانسپورت ئەترىتى قۇرۇلدى. 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 10 كىلوۋاتلىق كىچىك ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى توك تارقىتىشقا باشلاپ، يىل ئاخىرىغىچە 5500 كىلوۋات سائەت توك تارقاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە 3 ھەمكارلىق زاۋۇتى (30 ئادىمى بار 2 تىككۈچىلىك زاۋۇتى، 21 ئادىمى بار بىر كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى) قۇرۇلدى. يېزا خەلق گۇڭشېلىرىدا 4 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى، بىر بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، بىر ئۇن ـ ياغ تارتىش زاۋۇتى، بىر كىگىز ـ پالاس زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1959 ـ يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1958 ـ يىلدىكى 248 مىڭ يۈەندىن %202.66 ئاشتى. 1960 ـ يىلى، ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 874 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. بۇ چاغدا، سانائەت بەك تېز راۋاجلىنىپ، مەبلەغ، خام ئەشيا زور دەرىجىدە يېتىشمىگەنلىكى، ئىشچىلارنىڭ ساپاسى ناچار بولغانلىقى تۈپەيلىدىن 1961 ـ يىلغا كەلگەندە، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ كۆپى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالدى ۋە باشقا نەرسە ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى. 1961 ـ يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 563 مىڭ

يۈەنگە چۈشۈپ قالدى، 1963 ـ يىلى يەنە 262 مىڭ 200 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى.

1961 ـ يىلدىن باشلاپ، مەركەزنىڭ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، 25 ئىشلەپچىقىرىش خادىمى قىسقارتىلىپ، 51 تېخنىك ۋە جىددىي ئېھتىياجلىق خادىم كۆپەيتىلدى، بۇ خىزمەت 1963 ـ يىلغىچە داۋاملاشتى. تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، يەرلىك سانائەت قايتىدىن يۈكسىلىشكە باشلىدى. 1965 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئۆرلەپ 806 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى، كۆپ قىسىم كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتى ئۆستى.

1970 ـ يىلدىن باشلاپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ سانائىتى بەزىدە ئۆرلەپ، بەزىدە پەسىيىپ تۇردى. 1971 ـ يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 560 مىڭ 800 يۈەنگە، 1972 ـ يىلى 3 مىليون 28 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. 1975 ـ يىلى يەنە تۆۋەنلەپ 1 مىليون 716 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. 1976 ـ يىلى قايتا ئۆرلەپ 1 مىليون 828 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1979 ـ يىلى كۆپىيىپ 2 مىليون 635 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، ناھىيىنىڭ سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ساپاسى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، باشقۇرۇش سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئىشلەپچىقىرىش پەيدىنپەي ماشىنىلىشىشقا قاراپ ماڭدى.

1978 ـ يىلى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ سانائەت تەرەققىياتىدا يېڭى يۈكسىلىشلەر بولدى. 1981 ـ يىلى، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى 5كە، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى 8گە يەتتى (بۇ 7 يېزا ـ بازار كارخانىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 348 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ 844 مىڭ 500 يۈەن، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ 238 مىڭ 600 يۈەن، يېزا بازار كارخانىلىرىنىڭ 14 مىليون 265 مىڭ يۈەن. 1984 ـ يىل 10 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيىسى ناھىيىدىكى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى 5 سانائەت كارخانىسىنى تەرتىپكە سالدى. 1985- يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى لاياقەتلىك بولدى. تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، كارخانىلاردا يېڭى قىياپەت بارلىققا كەلدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

## 3. يېزا ـ بازار كارخانىلىرى

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ بازار كارخانىلىرى 1978 ـ يىلى ئەسلىدىكى گۇڭشې ـ ئەترەتلەرنىڭ سانائەت قوشۇمچە كەسپىي ئاساسىدا راۋاجلاندى. 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، يېزىلاردا سانائەت قوشۇمچە كەسپ ئىشلەپچىقىرىشى پەيدىنپەي بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن تەرەققىياتى ئاستا بولغانىدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1986 ـ يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە يېزا ـ بازار كارخانىسى 230 (كوللېكتىپ كارخانا 9، يەككە كارخانا 201) غا يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكى 21 كارخانىدىن 10 ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى؛ كەسپكار 2572 كىشى بولۇپ، 1980 ـ يىلدىكى 586 كىشىدىن 4.5 ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى؛ ئومۇمىي كىرىم 8 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە

## چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئەھۋالى

جەدۋەل: 8 — 2 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىل | مەھسۇلات قىممىتى | سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | يىل | مەھسۇلات قىممىتى | سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 0.228 | 0.38 | 1971 | 256.08 | 54.74 |
| 1952 | 2.52 | 3.4 | 1972 | 302.81 | 58.53 |
| 1957 | 24.23 | 20.14 | 1973 | 199.80 | 46.22 |
| 1958 | 24.78 | 14.39 | 1974 | 196.86 | 40.55 |
| 1959 | 73.85 | 39.60 | 1975 | 171.60 | 42.51 |
| 1960 | 87.44 | 49.06 | 1976 | 182.80 | 42.19 |
| 1961 | 56.38 | 38.11 | 1977 | 193.10 | 41.43 |
| 1962 | 15.45 | 10.59 | 1978 | 248.90 | 49.70 |
| 1963 | 26.22 | 19.41 | 1979 | 263.57 | 54.4 |
| 1964 | 38.16 | 21.06 | 1980 | 263.60 | 49.20 |
| 1965 | 80.66 | 29.97 | 1981 | 314.20 | 52.30 |
| 1966 | 179.93 | 47.07 | 1982 | 486.60 | 55.60 |
| 1967 | 191.26 | 46.10 | 1983 | 910.42 | 65 |
| 1968 | 126.90 | 42.13 | 1984 | 1692.32 | 78.20 |
| 1969 | 158.20 | 45.25 | 1985 | 1534.81 | 74.81 |
| 1970 | 172.95 | 46.34 | | | |

ئىزاھ: جەدۋەلدە 1951 ـ يىلنىڭ ۋە 1953 — 1956 يىللارنىڭ ماتېرىيالى يوق.

يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكى 2 مىليون يۈەندىن 3.3 ھەسسە كۆپەيدى. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 27% ئاشتى؛ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكى 2 مىليون 400 مىڭ يۈەندىن 3.7 ھەسسە ئاشتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 29% ئاشتى؛ تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 10 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن 6.7% ئاشتى؛ يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 68%نى، ئومۇمىي كىرىمى ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 53%نى ئىگىلىدى، دۆلەتكە 776 مىڭ 900 يۈەن باج تاپشۇرۇلدى، بۇ، ناھىيە بويىچە مالىيە كىرىمىنىڭ 51.69%نى ئىگىلىدى؛ 570 مىڭ يۈەن مەبلەغ يېزا ـ كەنتلەرگە قايتۇرۇلدى ۋە سۇ ئىنشائاتى مۇئەسسەسىلىرىگە ئىشلىتىلدى.

6 ـ بەشيىللىق پىلان (1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە) مەزگىلىدە، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يېزىلاردىكى كۆلىمى، ئەترەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1980 ـ يىلدىكى 47.4%تىن كۆپىيىپ 1985 ـ يىلى 76.3%كە يەتتى، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ۋە 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 1980 ـ يىلدىكى 47.8%تىن كۆپىيىپ 1985 ـ يىلى 76.3%كە يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىسى نوقۇل تاشپاختا ئىشلەپچىقىرىشتىن سانائەت، سودا، ترانسپورت، بىناكارلىق، مۇلازىمەت قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپكە راۋاجلاندى، مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرى يىلدىن

يىلغا كۆپەيدى، مەھسۇلات مىقدارى يىلدىن يىلغا ئاشتى، مەھسۇلات سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاساسلىق مەھسۇلاتلار ئۈن ـ ياغ، توك، رەخت، كۆمۈر، خىش، سېمونت قۇيۇلما، تاشپاختا، قېزىلما مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق 10 نەچچە خىلغا يەتتى. ناھىيە بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى باج ـ پايدا ئەھۋالدىن قارىغاندا، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى 89.4%نى ئىگىلەپ، يېتەكچى رول ئوينىدى.

## § 2 . سانائەت تۈرلىرى

### 1. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە ياساش

1958 ـ يىلى تۆمۈرچىلىك كوپېراتىپى بىلەن ياغاچچىلىق كوپېراتىپى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى، بۇ زاۋۇت، ئاساسەن، كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياسىدى ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى مېتال بۇيۇملىرىنى ۋە ياغاچ ئۆي جاھازلىرىنى ياسىدى. ئىشلەپچىقىرىشتا، ئاساسەن، ئادەم كۈچى مەشغۇلاتىغا تاياندى. 1970 ـ يىل 12 ـ ئايدا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىغا ئايلاندى.

ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

جەدۋەل: 8 — 3  بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىل | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى | پايدا | ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى |
|---|---|---|---|---|
| 1971 | 1.65 | 76.88 | | 63 |
| 1972 | 1.4 | 27.49 | .45 | 43 |
| 1975 | 7.5 | 32.40 | .0.6 | 38 |
| 1978 | 11.2 | 36.5 | .1.5 | 44 |
| 1979 | 10.7 | 45.9 | 0.015 | 52 |
| 1980 | 11 | 46.4 | .1.5 | 45 |
| 1981 | 4.9 | 46.4 | .1.50 | 34 |
| 1984 | 9.18 | 46.4 | 0.263 | 28 |
| 1985 | 13.39 | 46.4 | 1.08 | 24 |

بۇ كارخانىنىڭ 35 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولۇپ، ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدىن 3 قىرىش ستانوكى، بىر تۆشۈك تېشىش ستانوكى، بىر رەندىلەش ستانوكى، بىر باشقا ستانوك بار ئىدى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە، بۇ زاۋۇتنىڭ 24 ئىشچىسى، 25 دانە ھەرخىل ستانوكى بار بولدى، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 692 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۈسكۈنە شارائىتىدىن ئالغاندا،

بۇ زاۋۇتى ئاپتوموبىل ۋە تراكتورلارنى چوڭ ۋە ئوتتۇرا رېمونت قىلىش، يېرىم ماشىنىلاشقان ھەر خىل دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ياساش ئىقتىدارى بار ئىدى، لېكىن، تېخنىكا خادىملىرى كەمچىل بولغانلىقتىن، زاۋۇت قۇرۇلغاندىن بۇيان پەقەت ئاپتوموبىل، تراكتور، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە ترانسپورت ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش بىلەنلا چەكلەندى. بۇ زاۋۇت لايىھىلەپ ياسىغان بىر يۈرۈش تاشپاختا پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، باھاسى ئەرزان بولغانلىقتىن، ئىستېمالچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1985 - يىلى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 134 مىڭ يۈەنگە يەتتى (1980- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 1984 - يىلدىن باشلاپ ئازراق پايدا ئالىدىغان بولدى. 1985- يىلى پايدىسى 10 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

## 2. تىككۈچىلىك

1955- يىلى يەككە ئەمگەكچىلەردىن تىككۈچىلىك كوپېراتىپى تەشكىل قىلىندى، 1958- يىلى بۇ كوپېراتىپ چاقىلىق ناھىيىلىك تىككۈچىلىك كارخانىسىدىن ئۆزگەرتىلىپ (قىسقىچە چاقىلىق ناھىيىلىك تىككۈچىلىك كارخانىسى دەپ ئاتالدى)، ناھىيىلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قارمىقىدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانا بولدى، ئۇنىڭ 1 تىكىش ماشىنىسى 21گە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 17گە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 18 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ كارخانا بۇيرۇتما بويىچە كىيىم تىكىشنى ئاساس قىلىدۇ، يىلىغا 3000 دىن ئارتۇق ھەر خىل كىيىم - كېچەك تىكىدۇ. 1985 - يىلى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 62 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 3. تۆمۈر، ياغاچ ئۆي جاھازلىرىنى ياساش

چاقىلىق ناھىيىلىك تۆمۈر - ياغاچ ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى تىككۈچىلىك كارخانىسىغا ئوخشاش قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قارمىقىدىكى بىر كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى زاۋۇت. 1956 - يىلى تۆمۈر، ياغاچ ئۆي جاھازلىرى كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1958 - يىلى ئۇ تۆمۈر- ياغاچ ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، تۆمۈر، ياغاچ ئۆي جاھازلىرىنى ياساش بىلەن شۇغۇللاندى. نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان، بۇ زاۋۇت يېزىلارنى كۆپلىگەن تۆمۈر، ياغاچ دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن تەمىنلىدى، جەمئىيەتنى ھەر خىل ئۆي جاھازلىرى ۋە كۈندىلىك مېتال ياسالمىلار بىلەن تەمىنلىدى. 1985 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 40قا، ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قىممىتى 104 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 103 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ زاۋۇت 1975 - يىلى 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئالتۇنتاغدا غىش كۆمۈر كانى (ئۈستى ئۆچۈق) نى ئاچتى. بۇ كان 1985 - يىلى 3500 تونىنا كۆمۈر ئىشلەپچىقاردى.

## 4. ئۈن، ياغ تارتىش

ناھىيىلىك ئۈن، ياغ زاۋۇتى 1959 - يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان. 1962 - يىلى 16 ئىشچى - خىزمەتچىسى، 6 سۇ تۈگمىنى (كۈنىگە 5.5 تونىنا ئۈن تارتاتتى)، 2 ياغ تارتىش ماشىنىسى (كۈنىگە 0.3 تونىنا ياغ تارتالايتتى)، بولۇپ، ئۈن نىسبىتى 95.5%، قىچىدىن ياغ چىقىرىش نىسبىتى 18.6% ئىدى. كېيىن زاۋۇت كېڭەيتىلىپ، 1985 - يىلغا كەلگەندە، 22 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىگە، 10 ئۈن تارتىش

ماشىنىسى (سائىتىگە 1225 كىلوگرام ئۇن تارتالايدۇ) غا، 2 ياغ تارتىش ماشىنىسى (كۈنىگە 2 توننا ياغلىق داننى تارتالايدۇ) غا ئىگە بولدى. تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 196 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 2 مىليون جىڭ ئۇن، 200 مىڭ جىڭ ھەر خىل ياغلىق دان تارتتى. بۇ زاۋۇت 1985 ـ يىلى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى، يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 637 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 5. يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش

يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى 1958 ـ يىلى قۇرۇلدى، ئەينى ۋاقىتتا 8 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار ئىدى، ئۇلار ئاساسەن چۈشقا، كالا، قوي سوياتتى، ھاراق، ئاچچىقسۇ، جاڭيۇ، پىرەنىك ۋە ھەر خىل تورتلارنى ئىشلەپ چىقىراتتى، بۇلارنى پۈتۈنلەي قولدا ئىشلەيتتى. 1966 ـ يىلى 3 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى، 3200 يۈەنلىك (ئەسلى قىممىتى) تۇراقلىق مۈلكى بولۇپ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 168 مىڭ 100 يۈەن (1957 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يەتتى. 1970 ـ يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 91 مىڭ 400 يۈەن بولدى. 1970 ـ يىلدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش مۇقىم بولمىدى. 1985 ـ يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشى شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىلدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇ زاۋۇتنىڭ مۇقىم مۈلۈككە سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 65 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1985 ـ يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 151 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

## 6. يېزىلارنىڭ ئۇن، ياغ، بوغۇز تەييارلاش سانائىتى

1) ئۇن تارتىش مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسى ئۇننى پۈتۈنلەي كىچىك يارغۇنچاقلار بىلەن تارتاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيە بويىچە 7 سۇ تۈگمىنى، 7 كىچىك يارغۇنچاق بولۇپ، يىلىغا 230 مىڭ جىڭ بۇغداينى تارتالايتتى.

1953 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ بىر سۇ تۈگمىنىنى رېمونت قىلدى، تۈگمەننى ناھىيىلىك ئاشلىق بۆلۈمى باشقۇردى. بۇ تۈگمەن ئەينى ۋاقىتتا يىلىغا 350 مىڭ جىڭ ئۇن تارتاتتى. 1958 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ تۈگمەننى يەنە كېڭەيتىپ، 2 تاشلىق تۈگمەنگە ئۆزگەرتتى، شۇنىڭ بىلەن يىلىغا 500 مىڭ جىڭ ئۇن تارتالايدىغان بولدى.

1968 ـ يىل 12 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيىسى يېڭىدىن كىچىك ئۇن تارتىش سېخى قۇرۇپ، «125» تىپلىق ئۇن تارتىش ماشىنىسىدىن 3نى، «120» تىپلىق ئۇن تارتىش ماشىنىسىدىن 2نى ئورناتتى، ئۇلاردا يىلىغا 2 مىليون جىڭ ئۇن تارتىلدى. 1980 ـ يىلى ۋاشەرى ئاشلىق پونكىتى بىر ئاددىي ئۇن زاۋۇتى قۇردى، بۇ زاۋۇت «125» تىپلىق بىر ئۇن تارتىش ماشىنىسى بىلەن يىلىغا 100 مىڭ جىڭ ئۇن تارتتى.

1970 ـ يىلدىن ئىلگىرى، ناھىيە بويىچە 3 گۇڭشېنىڭ ئۆستەڭلىرىدە 27 تۈگمەن بار ئىدى، دېھقانلار ئۇنلىرىنى مۇشۇ تۈگمەنلەردە تارتاتتى. تۈگمەننىڭ ئۇن چىقىش نىسبىتى تۆۋەن، تارتىدىغان ئۇنى ئاز بولۇپ، بىر تاش تۈگمەن كۈنىگە ئاران 1000 كىلوگرام ئۇن تارتالايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۈگمەن قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە، سۇ قىس مەزگىلدە توختاپ قالاتتى. 1972 ـ يىلى يېزىلاردا كىچىك تىپتىكى ئۇن تارتىش ماشىنىسىدىن 4ى بار ئىدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

يېزىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى نۇقتىلىق قوللىدى، 1980 - يىلدىن كېيىن، 3 گوڭشېدا ئۇن، ياغ زاۋۇتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ماشىنىدا ئۇن تارتىش سۇ تۈگمىنىدە ئۇن تارتىشنىڭ ئورنىنى ئالدى. 1979- يىلدىن 1982 - يىلغىچە دۆلەت چاقىلىق ناھىيىسىگە يېزىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى قوللاش يۈزىسىدىن 116 مىڭ يۈەن ھەقسىز ياردەم بەردى، بۇنىڭ 50 مىڭ يۈەنى ۋاشەرى گوڭشېسىغا، 28 مىڭ يۈەنى «غالىبىيەت» گوڭشېسىغا (دېھقانچىلىق رايونىغا 20 مىڭ يۈەن، يېگىسۇ چارۋىچىلىق رايونىغا 8000 يۈەن) ، 30 مىڭ يۈەنى «ئىتتىپاق» گوڭشېسىغا (دېھقانچىلىق رايونىغا 20 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىق رايونىغا 10 مىڭ يۈەن) ، 8000 يۈەنى «ئۇچقۇن» چوڭ ئەترىتىگە بېرىلدى. 1980- يىلى ۋاشەرى گوڭشېسى يىلىغا 158.4 توننا ئۇن، ياغ تارتالايدىغان بىر زاۋۇت قۇردى. بۇ زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىر بولۇپ، جەمئىي 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. زاۋۇتنىڭ دىزېلماتور، ئۇن تارتىش ماشىنىسى، ياغ تارتىش ماشىنىسى قاتارلىق 150 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلكى بولسىمۇ، لېكىن تېخنىكا، ئۈسكۈنە ۋە ئېنېرگىيە ھەل بولمىغانلىقتىن، ئاساسىي جەھەتتىن ئۈنۈم ئالالمىدى. 1981 - يىلى «غالىبىيەت» گوڭشېسى ئاشلىق، ياغ زاۋۇتىدىن 2نى (دېھقانچىلىق رايونىغا بىرنى، چارۋىچىلىق رايونىغا بىرنى) قۇردى، بۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 280 كۋادرات مېتىر بولۇپ، جەمئىي 48 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ زاۋۇتلارنىڭ ئۇن تارتىش ماشىنىسى، ياغ تارتىش ماشىنىسى قاتارلىق 53 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلكى بار. 1986 - يىلى بۇلارنىڭ ھەممىسى 12 مىڭ يۈەنگە سۇندۇرۇلۇپ، شۇ يېزىدىكى دېھقان ئابدۇراخمانغا سېتىپ بېرىلدى. «ئىتتىپاق» گوڭشېسى 1980 - يىلى ئاشلىق، ياغ زاۋۇتىدىن 2نى (دېھقانچىلىق رايونىغا بىرنى، چارۋىچىلىق رايونىغا بىرنى) قۇردى. بۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 260 كۋادرات مېتىر بولۇپ، جەمئىي 35 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئۇلارنىڭ ئۇن تارتىش ماشىنىسى، ياغ تارتىش ماشىنىسى قاتارلىق 45 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلكى بار. بۇ زاۋۇتلار 1982 - يىلى شەخسكە ھۆددىگە بېرىلدى. ھۆددىگە ئالغۇچى يىلىغا 2000 يۈەن تاپشۇردى. «ئۇچقۇن» چوڭ ئەترىتىمۇ ئۇن تارتىش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالدى.

1982 - يىلدىن كېيىن، يېزىلاردا ئۇن تارتىش سانائىتى قارىغۇلارچە راۋاجلاندى، ناھىيە بويىچە 11 چوڭ ئەترەت ئۇن زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە 18 ئائىلىلىك دېھقانمۇ كىچىك ئۇن تارتىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ ئۇن تارتتى. 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە يېزىلاردا كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئۇن تارتىش ئۈسكۈنىسى 43كە يەتتى. بۇنىڭ 14ى كوللېكتىپنىڭ، 29ى شەخسنىڭ، بۇلار يىلىغا 3500 توننا ئۇن تارتالايدۇ. نەتىجىدە بىر قىسىم ئۇن تارتىش ئۈسكۈنىلىرى ئوشۇقچە بولۇپ قالدى. ئاشلىقنىڭ ھەر بىر كىلوگرامىغا 0.03 — 0.04 يۈەن ئۇن تارتىش ھەققى ئېلىنىپ، يىلىغا 140 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

2) ياغ تارتىش مىنگو دەۋرىدە، يېزىلاردا 13 جۇۋازخانا بولۇپ، ئۇلار ياغاچ جۇۋازغا ئۇلاغ قوشۇپ ياغ تارتاتتى، ياغ چىقىش نىسبىتى ئاران %13 بولۇپ، ياغ تارتىش ماشىنىسىنىڭكىدىن %20 چامىسىدا تۆۋەن ئىدى. ئەمگەكمۇ، ۋاقىتمۇ ئىسراپ بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاكىز بولمايتتى. بىر جۇۋاز كۈنىگە 15 - 25 كىلوگرام ياغ تارتالايتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1968 - يىلدىن ئىلگىرى، چاقىلىق ناھىيىسىدە ياغ يەنىلا يېزىلاردىكى بەزى جۇۋازخانىلاردا تارتىلدى ياكى سىرت جايلارغا تارتقۇزۇلدى. 1960 - يىلدىن 1967 - يىلغىچە بولغان 8 يىل ئىچىدە، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يىللىق ياغ تارتىش مىقدارى 20 مىڭ

جىڭدىن تۆۋەن بولۇپ كەلدى.

1968 ـ يىلى، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدا ياغ تارتىش ئورنى قۇرۇلدى، ئۇ «95» تىپلىق 3 ياغ تارتىش ماشىنىسى بىلەن يىلىغا 618 مىڭ جىڭ ياغ تارتىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ياغ تارتىش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلدى. 1985 ـ يىلىغا كەلگەندە، يېزىلاردا ياغ تارتىش ماشىنىسى 7گە يەتتى (كوللېكتىپنىڭ 4، شەخسىنىڭ 3). 1982 ـ يىلدىن كېيىن، ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلۇپ، ناھىيە بويىچە 60 تونىنا ياغلىق دان تارتىلدى (ھەربىر كىلوگرامىنىڭ تارتىش ھەققى 0.18 يۈەن بولۇپ، يىلىغا 108 مىڭ يۈەن ھەق ئېلىندى)، ئۇسكۈنىلەردىن پايدىلىنىش نىسبىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتى.

3) بوغۇز، يەم ـ خەشەك تەييارلاش ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ۋە باقمىچى كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، 1983 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 3 گۇڭشېدا 9 ئۆيلۈك دېھقان 10 يۇرۇش بوغۇز، يەم ـ خەشەك ئۇششاقلاش ماشىنىسى سېتىۋالدى. ئۇلار بۇ ماشىنىلاردىن ئۆزلىرى پايدىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەرزان باھادا باشقىلارنىڭ بوغۇز، يەم ـ خەشەكلىرىنى تەييارلاپ بەردى، ئۇلار يىلىغا 300 توننىدىن ئارتۇق بوغۇز، يەم ـ خەشەك تەييارلايدۇ.

## 7. ئورمانچىلىق سانائىتى

1959 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەل ـ دەرەخلەرنى تەشكىللىك ھالدا كېسىشكە باشلىدى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1962 ـ يىلى 13 مىڭ 300 يۈەنگە، 1966 ـ يىلى 55 مىڭ يۈەنگە، 1975 ـ يىلى 45 مىڭ يۈەنگە، 1980 ـ يىلى 36 مىڭ يۈەنگە، 1985 ـ يىلى 47 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ئۈچۈن، 1982 ـ يىلدىن باشلاپ، كېسىلىدىغان ياغاچ مىقدارى تېزگىنلىنىپ، ياغاچلار پىلانلىق كېسىلىدىغان بولدى.

## 8. كۆمۈر قېزىش

1) شوركۆل كۆمۈر كېنى بۇ كان 1981 ـ يىلى گېئولوگىيە تارماقلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان، ئۇنىڭ كۆمۈر زاپىسى 50 مىڭ توننىدىن 70 مىڭ تونىغىچە، ئۇ يېتىمبۇلاق بازىرىغا قارايدۇ، ئورنى ناھىيە بازىرىغا 400 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 2500 ـ 2800 مېتىر ئېگىز. بۇ كاننىڭ 20 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار، تۇراقلىق مۈلكى 126 مىڭ يۈەن، كۆمۈرنى ئادەم كۈچى بىلەن قازىدۇ، يىللىق مەھسۇلاتى 1000 ـ 2000 تونىنا، مەھسۇلات قىممىتى 30 ـ 50 مىڭ يۈەن، ئىشلەپچىقىرىشنى كۆمۈرنىڭ سېتىلىشىغا قاراپ بەلگىلەيدۇ، ئاساسەن، تاشپاختا كېنىنى كۆمۈر بىلەن تەمىنلەيدۇ. 1984 ـ يىلدىن كېيىن، تاشپاختا كېنى ئۆز ئالدىغا شەرقىي ۋە غەربىي تاغلاردا 2 خاڭ ئاچتى، شۇنىڭ بىلەن شور بۇلاق كېنىنىڭ كۆمۈرىنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ، يىلىغا ئاران 200 تونىنا چامىسىدا كۆمۈر ساتالايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆمۈر كانغا بارىدىغان 40 كىلومېتىر تاشيول شورلۇق، ئوي ـ دوڭغۇل، قاتناش بەك قىيىن بولغاچقا، 1985 ـ يىلى، كۆمۈر كان كاننى ساقلاشقا ئادەم قالدۇرۇپ قويۇپ، قالغانلارنى ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۇيۇشتۇردى.

2) جاڭگالساي كۆمۈر كېنى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا كۆمۈر كان ئېچىش قىيىن ئىدى. بازار ـ يېزىلارنىڭ كۆمۈرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1985 ـ يىلى

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش ئېلى ناسىر قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ غەمخورلۇقىدا، چەرچەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق چەرچەن ناھىيىسى جاڭگالساي كۆمۈر كېنىنى چاقىلىق ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلدى. بۇ، كۆمۈر كانىنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 300 تونىنغا يەتتى.
بۇنىڭدىن باشقا، چىمەن رايونىدا يەنە غىش كۆمۈر كېنى بولۇپ، بۇنى ناھىيىلىك 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ قارىمىقىدىكى قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى باشقۇرىدۇ. بۇ كان ناھىيە بازىرىدىن بەك يىراق بولغاچقا، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۇنىڭ ئالغىلى بولمايدۇ.

## § 3 . تاشپاختا كېنى

### 1 . ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالى

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تاشپاختا كېنى ناھىيە باشقۇرغان كارخانا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 8 چوڭ تاشپاختا كېنىنىڭ بىرى، ئۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئالتۇنتاغ تىزمىلىرىنىڭ شەرقىي جىلغىسىدىكى ئويمانلىقتا جايلاشقان، شەرقىي تەرىپى چىڭخەي چېگرىسىغا 40 كىلومېتىر، غەربىي تەرىپى ناھىيە بازىرىغا 256 كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 3138.5 مېتىر ئېگىز، كان رايونىنىڭ كۆلىمى 5.5 كۋادرات كىلومېتىر، ھاۋا كېلىماتى ناھايىتى ناچار، يىل بويى غەربىي شىمال شامىلى ۋە قىيپاش غەرب شامىلى چىقىپ تۇرىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر يىلدا 109.9 كۈن بوران چىقىدۇ، بورانىنىڭ ئوتتۇرىچە سۈرئىتى 5.1 مېتىر/سېكۇنت. 1 ـ ئايدا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا -12.6℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -29.5℃ بولىدۇ، 7 ـ ئايدا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 13.5℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 28.6℃ بولىدۇ. بىر يىلنىڭ يېرىمىدا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 0℃تىن تۆۋەن بولىدۇ. يىل بويى ياز بولمايدۇ، ئەتىياز بىلەن كۈز پەسلى ئۇلىنىپ كېتىدۇ.
تاشپاختا كېنى 1959 ـ يىلى «غالىبىيەت»، «ئىتتىپاق» ۋە ۋاششەرى گۇڭشېلىرىدىن 60 نەچچە نەپەر دېھقان، چارۋىچىنى قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش شەكلىدە تاشپاختا قېزىشقا تەشكىللەش يولى بىلەن ئېچىلغان. 1960 ـ يىلى يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن چاقىلىق ناھىيىلىك تاشپاختا كېنى رەسمىي قۇرۇلدى. ئۇ 1985 ـ يىلغىچە 26 يىل جاپا ـ مۇشەققەتتە چىداپ ئىگىلىك يارىتىش ئارقىلىق پەيدىنپەي راۋاجلىنىپ، 5 مىليون يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈككە ئىگە بولغان ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا تىپلىق تايانچ كارخانىغا ئايلاندى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 985 كە يەتتى. دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 5%نى، يېزىلاردىن كەلگەن توختاملىق ئىشچىلار 95%نى ئىگىلەيدۇ.
1981 ـ يىلدىن بۇيان، كان رايوندىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ناھىيىلىك كان رايونىنىڭ ئەتراپىدا تىكەنلىك يېزىسى، ئۆتام يېزىسى، ۋاششەرى يېزىسى، يېتىمبۇلاق بازىرى، «شىنجيەن» كەنتىدە 5 تاشپاختا كېنى ئاچتى. چوڭ ـ كىچىك 6 كان بىر تۇتاش باشقۇرۇش، بىر تۇتاش سېتىش، بىر تۇتاش پىلانلاش، ئۆز ئالدىغا ھېسابات قىلىش، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇشنى يولغا قويدى. تاشپاختا كېنى رايونىدا چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تاشپاختا كېنىدىن باشقا، يەنە مەركىزىي قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىدارىسىنىڭ كېنى، چىڭخەي ـ ماڭيا كېنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى 33 ـ، 36 ـ تۈەنلىرىنىڭ تاشپاختا كانلىرى بار. 1985 ـ يىلغىچە پۈتۈن كان رايونىنىڭ ئاھالىسى 16 مىڭغا يەتتى.

## 2. ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1959 ـ يىلى كان قۇرۇلغاندىن تارتىپ، 1985 ـ يىلغىچە، چاقىلىق ناھىيىلىك تاشپاختا كېنى جەمئىي 72 مىڭ 67 تونىنا تاشپاختا قېزىپ، 72 مىليون 67 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىپ، 14 مىليون 780 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيىگە تاپشۇرغان ۋە يېزىغا قايتۇرغان پايدا 8 مىليون 690 مىڭ يۈەن، دۆلەتكە تاپشۇرغان باج 6 مىليون 90 مىڭ يۈەن. چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تاشپاختا ئىشلەپچىقىرىشى ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. 1985 ـ يىلى، تاشپاختا كېنى 10 مىڭ توننىدىن ئارتۇق تاشپاختا قازدى. ئۇلار ئىشلەپچىقارغان ھەر خىل ئۆلچەمدىكى 11 خىل تاشپاختا مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە 23 ئۆلكە، شەھەردىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 32 تاشپاختا ياسالمىلىرى كارخانىسىغا سېتىلىدى. «T—4» ۋە «T—5» بەلگىلىك مەھسۇلات مەملىكەت بويىچە تاشپاختا سۈپىتىنى نۇسخا قىلىپ تەكشۈرۈشتە يۇرۇشلەشكەن مەھسۇلاتلار بويىچە 2 ـ لىككە ئېرىشتى. «65—5» ، «10—4» ، «50—3» قاتارلىق 3 خىل مەھسۇلات مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولدى.

1982 ـ يىلدىن كېيىن، تاشپاختا مەھسۇلاتى 70 ـ يىللاردىكى سېتىۋېلىش بازىرىدىن پەيدىنپەي ھالدا سېتىش بازىرىغا ئۆتتى، بولۇپمۇ 1984 ـ يىلى، تاشپاختا كېنى مەھسۇلات مىقدارىنى قارىغۇلارچە قوغلىشىپ، سۈپەت تەكشۈرۈشنى بوشاشتۇرۇپ قويدى، رەھبەرلىك بەنزىسى ئىتتىپاقلاشماي، باشقۇرۇش قالايمىقانلىشىپ، بىر نەچچە قېتىم چوڭ ئىقتىسادىي

**چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تاشپاختا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى**

بىرلىكى: تونىنا (مەھسۇلات مىقدارى)، 10 مىڭ يۈەن (مەھسۇلات قىممىتى، تۇراقلىق مۈلكى)

جەدۋەل: 8 — 4

| ئورۇن | تۈر | 1959 | 1962 | 1966 | 1970 | 1976 | 1978 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چاقىلىق ناھىيىلىك تاشپاختا كېنى | مەھسۇلات مىقدارى | 65 | 190 | 1400 | 1520 | 1087 | 1800 | 4005 | 8700 | 11000 | 8050 |
| | مەھسۇلات قىممىتى | 6.5 | 19 | 140 | 152 | 109 | 180 | 400.5 | 870 | 1100 | 805 |
| | تۇراقلىق مۈلۈك | 2 | 6 | 51 | 160 | 197 | 195 | 320 | 480 | 510 | 493 |
| تىكەنلىك يېزىسى تاشپاختا كېنى | مەھسۇلات مىقدارى | | | | | | | | 350 | 1200 | 1654 |
| | مەھسۇلات قىممىتى | | | | | | | | 35 | 120 | 165.4 |
| | تۇراقلىق مۈلۈك | | | | | | | | 15 | 40 | 43 |
| ئۆتام يېزىسى تاشپاختا كېنى | مەھسۇلات مىقدارى | | | | | | | | 300 | 1150 | 1806 |
| | مەھسۇلات قىممىتى | | | | | | | | 30 | 115 | 180.6 |
| | تۇراقلىق مۈلۈك | | | | | | | | 27 | 47 | 48 |
| ۋاششەرى يېزىسى تاشپاختا كېنى | مەھسۇلات مىقدارى | | | | | | | 196 | 1370 | 2400 | 2300 |
| | مەھسۇلات قىممىتى | | | | | | | 19.6 | 137 | 240 | 230 |
| | تۇراقلىق مۈلۈك | | | | | | | 13 | 40 | 70 | 70 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پېتىمبۇلاق بازىرى تاشپاختا كېنى | مەھسۇلات مىقدارى | | | | | | | | | 300 | 400 |
| | مەھسۇلات قىممىتى | | | | | | | | | 30 | 40 |
| | ئىشلەۋاتقان ئىشچى-خىزمەتچى | | | | | | | | | 25 | 25 |
| «شىنجىيەن» كەنتى تاشپاختا كېنى | مەھسۇلات مىقدارى | | | | | | | | | 200 | 400 |
| | مەھسۇلات قىممىتى | | | | | | | | | 20 | 40 |
| | ئىشلەۋاتقان ئىشچى-خىزمەتچى | | | | | | | | | 40 | 42 |
| جەمئىي | مەھسۇلات مىقدارى | 65 | 190 | 1400 | 1520 | 1087 | 1800 | 4201 | 10720 | 16250 | 14610 |
| | مەھسۇلات قىممىتى | 6.5 | 19 | 140 | 152 | 109 | 180 | 420.1 | 1072 | 1625 | 1461 |
| | ئىشلەۋاتقان ئىشچى-خىزمەتچى | 2 | 6 | 51 | 160 | 197 | 195 | 333 | 562 | 732 | 721 |

دېلو يۈز بەردى، نەتىجىدە مەھسۇلات ئېغىر دەرىجىدە بېسىلىپ قالدى ۋە كاساتلاشتى. بەزى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تاشپاختا كېنىنىغا قارىتا قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىدىغان هايانكەشلىك سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى. تاشپاختا كېنى ئۇلارغا بىر مەزگىل ئالدىنىپ زىيان تارتتى، نۇرغۇن قەرز پۇلىنى يىغىۋالالماي، ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈكسەلمىدى، كاننىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان پايدىسى ۋە يېزا ئىگىلىكىگە بېرىدىغان ياردەم پۇلى زور دەرىجىدە ئازلاپ كەتتى. كان ناھىيە بىلەن تۈزگەن ئىقتىسادىي توختامنى ئەمەلدە كۆرسىتەلمىدى. ناھىيىلىك پارتكوم مۇشۇنداق ئېغىر قىيىنچىلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، كان رەھبەرلىك بەنزىسىنى يېڭىۋاشتىن تەرتىپكە سالدى، شۇنىڭ بىلەن، ئىشلەپچىقىرىشتا تېزدىن يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تىجارەت هۆددىگەرلىكى يولغا قويۇلۇپ، خىراجەت هۆددىگە بېرىلىپ، چىقىم ئېشىپ كەتسە ئۆزى ئىگە بولىدىغان، تېجىلىپ قالسا ئۆزلىرى ئېلىپ قالىدىغان بولدى، نەتىجىدە مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى زور هەجىمدە تۆۋەنلەپ، ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر قايتىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

# II باب

# قاتناش

## 1 §. قەدىمكى يىپەك يولى

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردە، خەن ۋۇدى جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىپ، «يىپەك يولى»نىڭ كىروران يولىنى ئاچتان. قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان كىروران قەدىمكى دەۋردە ئاسىيانىڭ مەركىزىي قىسىمدىكى قاتناش تۈگۈنى، قەدىمكى يىپەك يولىدا مۇقەررەر بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك جاي ئىدى. كىروران جۇڭگو، پېرسىيە، رىم ئىمپېرىيىسى قاتارلىق ئوتتۇرا

ئاسىيا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىلىق سودا بېكىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن يىپەك يولىدا مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. كارۋانلار ئىچكى ئۆلكىلەردىن يىپەك، چاي، فار ـ فۇر قاچا ـ قۇچىلارنى غەربكە توشۇشتا، غەربىي يۇرتنىڭ ئېسىل ئات، ئۈزۈم ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىت قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى شەرققە توشۇشتا كىرورانىدىن ئۆتەتتى. خەن سۇلالىسى بۇ قەدىمكى سودا يولىنى قوغداشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، تۇر، توساقلارنى ۋە ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىش نۇقتىلىرىنى قۇرغان. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قەدىمكى يىپەك يوللىرىدىن شىمالدا كىروران يولى بولۇپ، بۇ يول قاشقۇۋۇقتىن باشلىنىپ، شىمالدىكى خۇكىڭغا باراتتى، ئۇ يەردىن غەربكە بۇرۇلۇپ قۇرۇقچىبەگ قۇدۇقىدىن ئۆتۈپ، يانتاققۇدۇققا باراتتى، ئاندىن كېيىن لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلىنى بويلاپ، كىروران قەدىمكى شەھىرى ۋە يىڭپەندىن ئۆتۈپ، كورلى (لوپنۇر، كورلا رايونلىرى) غا باراتتى. تارىخشۇناسلار بۇ يولنى ئوتتۇرا يىپەك يولى دەپ ئاتاشتى؛ بۇ يولدىن باشقا يەنە ياڭگۇەن قۇۋۇقىدىن چىقىپ، ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىنى بويلاپ مېرەن، چاقىلىقتىن ئۆتۈپ، چەرچەن دەرياسىنىڭ غەربىي بىلەن چەرچەنگە بارىدىغان جەنۇبىي يولمۇ بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا قەدىمكى يىپەك يولىدا «سودىگەرلەر، ئەلچىلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇراتتى»، بۇ يول بىر مەھەل ناھايىتى ئاۋاتلاشقانىدى.

يىپەك يولىغا ئوخشاش داڭقى چىققان «قاشتېشى يولى» دېگەن يەنە بىر تېخىمۇ قەدىمكى يولمۇ بار ئىدى، ئۇ يىپەك يولىنىڭ ئاساسى ئىدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى XIII ئەسىردىلا، قاشتېشى يولى شەكىللىنىشكە باشلىغان، يالتىراپ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئېسىل خوتەن قاشتېشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كۆپلىگەن قاشتېشى مۇشۇ يول بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن. چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدە 2 قاشتېشى يولى بار ئىدى، ئۇنىڭ بىرى چەرچەندىن باشلىنىپ چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن شەرقىي شىمالغا بۇرۇلۇپ لوپچاڭزا، لوپنۇرلاردىن ئۆتۈپ دۇنخۇاڭغا باراتتى؛ يەنە بىرى شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، ۋاششەرى، چاقىلىق ۋە مېرەندىن ئۆتۈپ دۇنخۇاڭغا باراتتى. بۇ 2 قەدىمكى سودا يولىمۇ كېيىن يىپەك يولى ئۆتىدىغان يول بولۇپ قالغان.

مىلادىيە III ئەسىردىن كېيىن، كىروران قەدىمكى يولى كىروران بوستانلىقىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا ئەگىشىپ، تەدرىجىي تاشلىنىپ قالغان. لېكىن، غەربتە ياڭگۇەن قۇۋۇقىدىن چىقىپ، چاقىلىق ئارقىلىق خوتەنگە بارىدىغان قاتناش يولى داۋاملىق ساقلىنىپ قېلىۋەرگەن. تارىختا چاقىلىقتىن باشلىنىپ، لوپچاڭزىدىن ئۆتۈپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ كورلا رايونىغا بارىدىغان يولنىڭ بويلىرىدا سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ مول بولغان، بۇ، قەدىمكى قاتناش ئىشلىرىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

## 2 § . ئۆتەڭ يولى، توپا يول

مىلادىيە 1286 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى لوپچاڭزىدا ئۆتەڭ قۇرغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا چاقىلىق رايونى پەيدىنپەي ئېچىلىپ، قاتناش ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا يېڭىسۇ بىلەن چاقىلىقنى بىر قانچە دەريا ئايرىپ تۇراتتى. قاتناشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، لوپچاڭزىدا بىر كۆۋرۈك سېلىنغان، ئارغاندا ئېقىندىن ئۆتۈش ئۈچۈن بىر كېچىك

كېمىسى تەييارلانغان. ناھىيە تەۋەسىدە 13 ئۆتەڭ قۇرۇلۇپ، ھەر بىر ئۆتەڭگە ئۆي، ئېغىل-قوتانلار سېلىنغان ھەممە 2 ئات باقار، بىر پوچتا ئېتى قويۇلغان. چاقىلىقتىن شىنپىڭ ناھىيىسى (لوپنۇر) غا بارىدىغان بۇ يول تەدرىجىي ھالدا چاقىلىقتىن سىرتقى جايلارغا بارىدىغان ھۆكۈمەت يولىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ يول بىلەن ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى ئۆتەڭدىن يولغا چىقىپ، 140 چاقىرىم ماڭغاندا لوپنۇر كۆۋرۈكىگە، 40 چاقىرىم ماڭغاندا لوپ ئۆتىڭىگە، 60 چاقىرىم ماڭغاندا كونا قەلئە ئۆتىڭىگە، 90 چاقىرىم ماڭغاندا قوغان ئۆتىڭىگە، 90 چاقىرىم ماڭغاندا ئارغان دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئارغان ئۆتىڭىگە، 60 چاقىرىم ماڭغاندا قاراتاي ئۆتىڭىگە، 60 چاقىرىم ماڭغاندا پىچان ئارقىلىق شىنپىڭ ناھىيىسىگە يېتىپ بېرىپ، چېگرىدىن چىقىپ كەتكىلى بولاتتى.

چاقىلىقتىن دۇنخۇاڭغا بارىدىغان يولدا يولۇچىلار ئاز بولغانلىقتىن، چىغىر يولغا ئايلىنىپ قالغان. شەرقىي چىغىر يول بىلەن ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ 180 چاقىرىم ماڭغاندا ئابدان يېزىسىغا، 60 چاقىرىم ماڭغاندا مىرەن يېزىسىغا بارغىلى، 370 چاقىرىم ماڭغاندا دۇنخۇاڭ خوشلىيەنزىگە بېرىپ ناھىيە چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكىلى بولاتتى؛ غەربىي چىغىر يول بىلەن ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ 180 چاقىرىم ماڭغاندا ۋاششەرى يېزىسىغا، 120 چاقىرىم ماڭغاندا كېرىيەدىكى چىڭگىلىككە بارغىلى بولاتتى.

بۇ يولدىن باشقا يەنە بەزى توپا يوللارمۇ بار ئىدى. جەنۇبىي تاغلىق رايوننىڭ ئېچكىرىسى (ئوتتۇرا چىمەنتاغ) دە كىشىلەر تولا قاتنىمايدىغان بىر قەدىمكى يول بار، بۇ يولدا ھازىرمۇ قاتنىغىلى بولىدۇ؛ چىمەن رايوننىڭ ئىشەكپاتتى دېگەن يېرىدىن چىقىپ، ئالتۇنتاغنىڭ ئېچكىرىسىدىن ئۆتۈپ، تاغ ئېقىنىنى ياقىلاپ چەرچەن ناھىيىسىنىڭ تۇرا چارۋىچىلىق مەيدانىغا بارغىلى بولىدىغان بۇ تاغ ئارىسىدىكى قەدىمكى چىغىر يولدا ئات، ئېشەك، تۆگە قاتنىيالايدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن بۇ يولدا ئەتكەسچىلەر ماڭغان.

## § 3. تاشيول

چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدە دۆلەت دەرىجىلىك تاشيول لىنىيىسىدىن 2 سى بار: بىرى دۆلەت يولى «315» لىنىيىسى، يەنى ماڭيا - قەشقەر تاشيولى بولۇپ، بۇ يول شەرقتە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېتىمبۇلاق بازىرىدىن باشلىنىپ، چىمەن باشقۇرۇش رايونى، تىكەنلىك يېزىسى، ۋاششەرى يېزىسىدىن ئۆتۈپ، بەشتوغراقتا بېرىپ ناھىيە چېگرىسىدىن چىقىپ چەرچەنگە بارىدۇ. بۇ يولنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 335 كىلومېتىر؛ يەنە بىرى، دۆلەت يولى «218» لىنىيىسى يەنى ئىلى - چاقىلىق لىنىيىسى بولۇپ، بۇ يول غەربتە غۇلجا شەھىرىدىن باشلىنىپ، كۈنەس، خېجىڭ، كورلىدىن ئۆتۈپ، يېڭىسۇدا چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىگە كىرىپ، چاقىلىق بازىرىدا توختايدۇ، بۇ يولنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 166 كىلومېتىر. بۇ 2 تاشيول ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئانچە - مۇنچە تۈزلەپ قويۇلغان ئاددىي يول بولغاچقا، ئاپتوموبىل قاتنىيالمايتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ يول يېڭىۋاشتىن ياسىلىپ، 1956 - ۋە 1957 - يىللىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاپتوموبىل قاتنىدى.

### 1. مىنگو دەۋرىدە ياسالغان ئاددىي تاشيوللار

مىنگونىڭ 30 - 37 - يىللىرى (1941 - 1948 - يىللىرى) چاقىلىق ناھىيىسى ھەر يىلى

يول ياساشقا يۈزلەنگەن خەلق ئىشچىسىنى ئەۋەتىپ تۇردى، ئۇلار ئاز بولغاندا بىر يېرىم ئاي، كۆپ بولغاندا 3 ـ 4 ئاي ئىشلىدى. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىلىرىغىچە، چاقىلىق ـ يىكەنبۇجمال ـ قۇدۇق يولىنى ياساشقا 710 خەلق ئىشچىسى ئاجرىتىلغاندا، بەزى دېھقانلار پىشىپ قالاي دېگەن بۇغدايلىرىنى نائىلاج ئېتىزلىقتا تاشلاپ قويۇپ، يول ياساشقا باردى. خەلق ئاممىسىنىڭ 10 يىلغا يېقىن قان ـتەر ئاققۇزۇپ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە، چاقىلىقتىن كورلا، چەرچەن ۋە دۇنخۇاڭغا بارىدىغان 3 يول دەسلەپكى قەدەمدە ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپتوموبىل قاتنىيالمىدى. كېيىنكى تاشيوللار ئاساسەن، مۇشۇ يول ئاساسىدا ياسالدى. 40 ـ يىللاردا چاقىلىق خەلقى تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى.

1) چاقىلىق ـ كورلا تاشيولى مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) ئەتىيازدا، 9000 «قارا شەھەردىن 2000، بۈگۈردىن 2000، كورلىدىن 3000، لوپنۇردىن 1000، چاقىلىقتىن 1000) خەلق ئىشچىسى ھاشارغا ئەۋەتىلىپ، ئاۋۋال كورلىدىن تىكەنلىككە بارىدىغان تاشيول ياسالدى، بۇ يول كېيىنكى يىلى پۈتكەندىن كېيىن، بۇنىڭغا ئۇلاپلا تىكەنلىكتىن چاقىلىق ناھىيىسىگە بارىدىغان تاشيول ياسالدى، بۇ يول ئارغاندا تارىم دەرياسىدىن ئۆتۈپ، لوپچاڭزا ئويمانلىقى ئارقىلىق چاقىلىق ناھىيە بازىرىغا تۇتاشتۇرۇلدى. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يېڭى نوپۇسقا قاراپ، ئەرلەردىن 700 ئادەمنى ھاشارغا ئەۋەتىپ، زەربىدارلىق بىلەن تاشيول ياساتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۆزۈق ـ تۆلۈك، ئوتۇن، ئوت ـ چۆپ، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى توشۇشقىلا 200 كىشىلىك قاتناش ئەترىتى تەشكىللەندى. 3 ـ ئايغا كەلگەندە، 3 يىل ياسالغان چاقىلىق ـ كورلا تاشيولى پۈتتى، بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 495 كىلومېتىر بولۇپ، جەمئىي 32 سۇڭگۈچ، بىر ياغاچ كۆۋرۈك ياسالدى. 7000 دىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى ئىشلىدى، 948 مىڭ 360 دانە كۈمۈش تەڭگە سەرپ قىلىندى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك تاشيول ئوچاستكىسى قۇرۇلدى.

2) چاقىلىق ـ چەرچەن تاشيولى مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چاقىلىق ناھىيىسى 450 نەپەر خەلق ئىشچىسى، 50 كالا، 100 زەمبىل چىقىرىپ، يېڭىسۇدىن چەرچەنگە بارىدىغان تاشيولنى ياسىدى، يول ياساش سۈرئىتى ئاستا بولدى. يول ياسىغان خەلق ئىشلىرىنىڭ ئۇزۇقلۇق ئاشلىقىنى دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يېرىگە قاراپ چاچقاندا، دېھقانلار قاتتىق قاقشىدى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا چەرچەن 300 دىن ئارتۇق خەلق ئىشچىسى چىقىرىپ، دەسلەپتە چەرچەندىن چاقىلىقتىكى ۋاششەرگە بارىدىغان تاشيولنى ياسىدى، يىل ئاخىرىدا تاتىراڭغا بارىدىغان يولنى ياسىدى، بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 50 كىلومېتىر. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھېچقانداق ئىقتىسادىي ياردەم بەرمىگەنلىكتىن، يول ياساش ئىشى يېرىم يولدا توختاپ قالدى. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا، چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن چەرچەن ناھىيىسى يەنە بىر قېتىم 920 نەپەر خەلق ئىشچىسى (چاقىلىق 420 نەپەر، چەرچەن 500 نەپەر) چىقىرىپ، ئىككى تەرەپتىن چاقىلىقتىكى ۋاششەرىدىن چەرچەندىكى تاتىراڭغا بارىدىغان تاشيولنى ياسىدى. بۇ تاشيول تەكلىماكان چۆلىنى بويلاپ ياسالغاچقا، ئىش ناھايىتى جاپالىق بولدى. بوران قۇملارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ يوللارنى كۆمۈۋەتتى، يول بويى قۇمۇش، يۇلغۇندىن نۇرغۇن توساق تاملار ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن تاشيولنىڭ چوڭ قۇم ئېقىنىدىكى قىسمىنى دائىم قۇم كۆمۈۋېتىپ تۇردى.

3) چاقىلىق - دۆڭخۇاڭ تاشيولى مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 8 - ئايدا، لەنجۇ غەربىي شىمال تاشيول ئىدارىسى چاقىلىقتىن ئەنشىگە بارىدىغان يول لىنىيىسىنى چارلىدى. چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق قىسى، 150 نەپەر ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۆلارنى قوغدىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 3850 جىڭ ئۇن، 1124 دانە تاغار، 1200 تال قىل ئارغامچا، 781 ئېشەك، 46 خېچىر تەييارلاپ، 80 نەپەر خەلق ئىشچىسىنى ياللاپ، 25 كۈن تەمىنات توشىدى. يولنى چارلاش مەزگىلىدە 30 نەچچە ئېشەك ئۆلدى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 9 - ئايدا چاقىلىقتىن دۆڭخۇاڭغا بارىدىغان تاشيولنىڭ 61 كىلومېتىر قىسمى ياسالدى، جەمئىي 33 كېچىك ياسالدى. يىل ئاخىرىدا چاقىلىق ناھىيە بازىرىدىن مىرەنگە بارىدىغان تاشيول پۈتتى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) نىڭ باشلىرىدا، چاقىلىقتىن دۆڭخۇاڭغا بارىدىغان تاشيولنى ياساش ئىشى بۇيرۇقتا بىنائەن توختىتىلىپ، ئىشچىلار پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ كېتىلدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) لەنجۇ غەربىي شىمال تاشيول ئىدارىسى 700 كىشىلىك قۇرۇلۇش ئەترىتى ئەۋەتىپ، چاقىلىقتىن دۆڭخۇاڭغا بارىدىغان تاشيولنى يەنە ياسىدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 2 - ئايدا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 739 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ تاشيول پۈتتى.

## 2. 50 - يىللاردىن 60 - يىللارنىڭ بېشىغىچە ياسالغان تاشيوللار

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، چاقىلىق ناھىيىسى چاقىلىق رايونىنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىدا، ئاساسەن، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، «قۇشقاچ ئۇرۇشى» قىلدى، يول ياساشتا كېرەكلىك پۇل ۋە ماددىي ئەشيالارنى ئاساسەن يەرلىك ئورۇنلار ئۈستىگە ئالدى. يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلار مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بەردى. چاقىلىقنىڭ يەر كۆلىمى كەڭ، تاشيول لىنىيىسى ئۇزۇن، مالىيە ۋە ماددىي كۈچى چەكلىك بولغانلىقتىن، شۇ مەزگىلدىكى تاشيول قۇرۇلۇشى تاشيولنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى رېمونت قىلىپ قويۇش، دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن ئەسلىدىكى توپا يوللارنى رېمونت قىلىپ مۇستەھكەملەپ قويۇش بىلەنلا چەكلەندى.

1) ئارغاندىن ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان تاشيولنى رېمونت قىلىش 1951- يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئارغاندىن ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان 150 نەچچە كىلومېتىر تاشيولنى ياسىدى، 3 كۆۋرۈك سالدى، 4 كۆۋرۈكنى رېمونت قىلدى.

2) ناھىيە بازىرىدىن قۇدۇققا بارىدىغان تاشيولنى رېمونت قىلىش 1954- يىلى يەنە 600 خەلق ئىشچىسى سەپەرۋەر قىلىنىپ، 1400 دىن ئارتۇق ئات - ئۇلاغ ئاجرىتىلىپ، ناھىيە بازىرىدىن قۇدۇققا بارىدىغان تاشيول رېمونت قىلىندى.

3) چاقىلىقتىن چەرچەنگە بارىدىغان تاشيولنى رېمونت قىلىش 1956 - يىلى ناھىيە كۈچ تەشكىللەپ، چاقىلىقتىن چەرچەنگە بارىدىغان تاشيولنى كەڭ كۆلەمدە رېمونت قىلدى. ئالدى بىلەن دېھقانلار ئىچىدىن 79 نەپەر تايانچ (جۈملىدىن ياغاچچى ۋە تامچى) يېتىشتۇردى، 10 - ئايدا 1148 نەپەر ئەمگەك كۈچى، 256 هارۋا، 250 ئېشەك ئاجرىتىپ، جەمئىي 10 ياغاچ كۆۋرۈك (27 مېتىر) ياسىدى، يىغىلىپ قالغان 5110 كۇب مېتىر قۇمنى يۆتكىۋەتتى. 108 كىلومېتىر يولنىڭ يۈزىنى رېمونت قىلدى. بۇ قېتىمقى يول ياساشقا شىنجاڭ تاشيول ئىدارىسى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىدىن 2نى ياردەمگە ئەۋەتىپ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتىنى ۋە سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى.

چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تاشيوللار 3 قېتىم چوڭ رېمونت قىلىنىپ، ئاپتوموبىل قاتنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلدى. 1956 ـ يىل 7 ـ ئايدا، كورلا بىلەن چاقىلىق ئوتتۇرىسىدا قەرەللىك يولۇچىلار ئاپتوموبىلى بىلەن پوچتا ئاپتوموبىلى قاتناپ، چاقىلىقتا ئاپتوموبىل قاتنىمايدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. 1957 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چاقىلىق بىلەن چەرچەن ئارىلىقىدا ئاپتوموبىل قاتناش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، چاقىلىقنىڭ قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى.

1950 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، چاقىلىق بىلەن كورلا ئوتتۇرىسىدا ماددىي ئەشيا پۈتۈنلەي ئات، ئېشەك ۋە رېزىنكە چاقلىق هارۋىلاردا توشۇلاتتى، يۈك توشۇغۇچىلار يوتقان-كۆرپە، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە سۇ ئېلىۋېلىپ، كېچە ـ كۈندۈز مېڭىپ، 34 ـ 35 كۈندە بىر قېتىم بېرىپ كېلەتتى. يول ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. 1956 ـ يىلى ئاپتوموبىل قاتنىغان بولسىمۇ، لېكىن يول ناچار بولغانلىقتىن، ئاپتوموبىل كورلىدىن چاقىلىققا 7 كۈندە باراتتى، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 60 كىلومېتىر ماڭاتتى. يولدا ئاپتوموبىل قۇمغا پېتىپ قالسا قۇمنى كولاپ چاقنىڭ ئاستىغا پىشاڭ قويۇشقا، سۇغا يولۇققاندا ئەگىپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە يوللار زەيلىشىپ كېتەتتى. ئاپتوموبىللار پاتقاققا پېتىپ قالسا، بىر نەچچە كۈنگىچە چىقالمايتتى، بۇنداق چاغلاردا يولۇچىلار ماللىرىنى ئاپتوموبىلدىن چۈشۈرۈپ ئات، ئېشەكلەرگە ئارتىپ، ئۆزلىرى هارۋىغا ئولتۇرۇپ مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى. 1957 ـ يىل 4 ـ ئايدىلا، ناھىيىلىك ئۇلاغ ترانسپورت ئەترىتى لوپچاڭزا ئويمانلىقىدا تاشيول زەيلىشىپ كەتكەنلىكتىن ماڭالماي قالغان 191 يولۇچى (قېتىم)، 22 مىڭ 301 كىلوگرام مالنى توشۇپ كەلدى.

1959 ـ يىلدىن كېيىن، تاشيول ئەھۋالى تەدرىجىي ياخشىلىنىپ، نۆۋەتچى ئاپتوموبىل كورلىدىن چاقىلىققا 4 كۈندىلا بارىدىغان بولدى. 1956 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلغىچە چاقىلىق رايوندىكى يولۇچىلارنى ۋە ماددىي ئەشيالارنى توشۇش ۋەزىپىسىنى ئاپتوموبىل، ئات هارۋا ۋە ياغاچ چاقلىق هارۋىلار تەڭ ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى.

## 3. 1964 ـ يىلدىن كېيىنكى تاشيول قۇرۇلۇشى

60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، چاقىلىق رايونىنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىنى خەلق ئىچىدىكى كەسىپلەشمىگەن قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى ئىشلەيدىغان ئەھۋال ئۆزگىرىپ، كەسپىي قۇرۇلۇش ئەترىتى ئىشلەيدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن تاشيول قۇرۇلۇشى ئادەم كۈچى، تېخنىكا ۋە ماشىنا قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولدى، تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى.

1) كورلىدىن چاقىلىققا بارىدىغان تاشيولنى ئۆزگەرتىپ ياساش 1963ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە يېڭىۋاشتىن تەكشۈرۈش ئاساسىدا، كورلىدىن چاقىلىققا بارىدىغان تاشيول كەڭ كۆلەمدە ئۆزگەرتىلىپ ياسالدى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە بەزى ئەمگەك بىلەن ئۆزگىرىپ يېڭى هاياتقا ئېرىشكەنلەر تاشيول بويلىرىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، چاقىلىق بىلەن لوپچاڭزا ئارىلىقىدىكى تاشيول لىنىيىسىنى شەرقتىن غەربكە يۆتكەپ ۋە ئۇدۇللاپ، مۇساپىنى 20 نەچچە كىلومېتىر قىسقارتتى. ئارغاننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قۇم دۆۋىلىشىپ قالغان يەردە، ئىپتىدائىي توغراقلار يېقىلغۇ قىلىنىپ، يول ئۇلى ئەتراپىدا خىش پىشۇرۇلۇپ، 48 كىلومېتىر يولغا پىششىق خىش

ياتقۇزۇلدى. شۇ ۋاقىتتىن 1985 ـ يىلغىچە 20 نەچچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، 14 داۋەن ئارىلىقىدا خىش يېيىتىلغان 20 كىلومېتىر يول يەنىلا بۇزۇلماي ساق تۇردى، قالغان 28 كىلومېتىر يولدىكى خىش سۇنۇپ ئۇۋۇلۇپ، يول ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بولۇپ كەتتى.

1981 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چاقىلىق رايونىدا بىر كۈن قاتتىق يامغۇر يېغىپ، يېغىن مىقدارى 73.5 مىللىمېتىرغا يەتتى، كەلكۈن لوپچاڭزا ئويمانلىقىدىكى تاشيولنىڭ 13 يېرىنى بۇزۇپ، ياغاچ كۆۋرۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېقىتىپ كەتتى، قاتناش 3 كۈن ئۈزۈلۈپ قالدى.

1982 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە دۆلەت تاشيولغا يەنە 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى، شىنجاڭ قاتناش نازارىتىنىڭ «0701» ئەترىتى قۇم شېغىل توشۇپ، دائىم ئاپتوموبىل توسۇلۇپ قالىدىغان چۆڭكۆلنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى 27 كىلومېتىر شورلۇق يولنى بىر مېتىر كۆتەردى، بۇرۇنقى كىچىك ياغاچ كۆۋرۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى چۇۋۇپ تاشلاپ، 19 ئورۇنغا يېڭىۋاشتىن سۇڭگۈچ (پولات چىۋىقلىق بېتوندىن ياسالغان مەزمۇت سۇڭگۈچ) ياسىدى، ئوتتۇراھال ۋە كىچىك 18 كۆۋرۈك سالدى. كۆۋرۈك ـ سۇڭگۈچلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 186.72 مېتىرغا يەتتى. كۆچمە قۇملۇق جايلارغا قومۇش، پۈتۈن تاشيول لىنىيىسىگە شېغىل يېيىتتى. شۇندىن كېيىن، بۇ يولدا قاتنايدىغان ئاپتوموبىللارنى كۆچمە قۇم ۋە كەلكۈن توسۇۋالالمايدىغان، ئاپتوموبىللار چاقلىقتىن كورلىغا بىر كۈندە يېتىپ بارالايدىغان بولدى.

2) چىڭخەي ـ شىنجاڭ تاشيولىنى ئۆزگەرتىپ ياساش 1966 ـ يىلى دۆلەت چىڭخەي ـ شىنجاڭ تاشيولىنى ئۆزگەرتىپ ياساشنى قارار قىلدى. بۇرۇنقى ماڭيادىن باشلىنىپ شوركۆل، باشقورغان، يولغۇنلۇقتىن ئۆتۈپ مىرەنگە بارىدىغان تاشيول بەك ئەگىپ كېتىدىغان بولغاچقا تاشلاپ قويۇلدى. ماڭيادىن باشلىنىپ، قاشلاش، قۇمداۋان، مىرەن دەرياسى كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ چاقىلىققا بارىدىغان يېڭى تاشيول ياسالدى. چىڭخەي ـ شىنجاڭ تاشيولى «315» لىنىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. يېڭى ياسالغان تاشيولغا 70 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش ئىنتايىن قىيىن، جاپالىق بولدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «120» قىسىم ۋە قاتناش مىنىستىرلىكى 3 ـ قۇرۇلۇش باشقارمىسى بىرلىكتە تەشكىل قىلغان يول ياساش زور قوشۇنى تۇمۇز ئىسسىق، قەھرىتان سوغۇققا قارىماي، كىسلاروت كەمچىل بولغان ئېگىز تاغدا 6 يىل كۈرەش قىلىپ، 1972 ـ يىلى يولنى رەسمىي پۈتتۈردى، يول ياساشقا قاتناشقان بىرمۇنچىلىقىغان جەڭچىلەر چېگرا رايوننىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئېزىز ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. يېڭىدىن ياسالغان تاشيول مىرەن دەرياسى كۆۋرۈكى ئارقىلىق تاغ ئىچىگە كىرىپ، تاغ باغرىنى بويلاپ تاغ ئۈستىگە سوزۇلىدۇ. بىردەم جىلغىدا، بىر دەم تاغ قاپتىلىدا ئايلىنىپ تىك يار ـ قىيالاردىن ئۆتىدۇ، قاتناش ئىنتايىن خەتەرلىك، تاشيولنىڭ 133 كىلومېتىر كېلىدىغان يېرىگە جايلاشقان تاشداۋان دېڭىز يۈزىدىن 3972 مېتىر ئېگىز؛ تايشولنىڭ 167 كىلومېتىر كېلىدىغان يېرىدىكى قۇم داۋاننىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 780 مېتىر، يانتۇلۇقى 30 نەچچە گىرادۇس؛ 161 كىلومېتىر كېلىدىغان يېرىدە يولۋاس ئېغىزى دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەر بار، تاشيول بىر تار جىلغىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يەردە خۇددى ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ تۇرغان يولۋاسنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان يوغان بىر پارچە تاش كۆرۈنىدۇ، ھەر يىلى ياز پەسلىدە كەلكۈن مۇشۇ «تاڭلاي» دىن تاشلارنى ئېقىتىپ چۈشۈپ، قاتناشنى ئۈزۈپ قويىدۇ.

## 4. ناھىيىگە قاراشلىق تاشيول قۇرۇلۇشى

1) 36 - تۇەن - مەيدان تۇرۇشلۇق مىرەندىن چاقىلىققا بارىدىغان تاشيول بۇ تاشيول ياندانشاقىتا ماڭيا - قەشقەر تاشيولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 51 كىلومېتىر، يولنىڭ كەڭلىكى 10 مېتىر. يولدا كاتاڭلار، تەبىئىي ئېرىقلار كۆپ، ئاپتوموبىل تېز ماڭالمايدۇ، شۇڭا بۇ يول دەرىجىگە توشمايدىغان يول ھېسابلىنىدۇ. بۇ تاشيولنى يېڭىلاش 36 - تۇەن - مەيدانى ئاسرايدۇ.

2) ناھىيە بازىرىدىن 2 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا بارىدىغان مەخسۇس تاشيول ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، تاشيول تۇپتۇز، تەكشى، كەڭلىكى 9 مېتىر، بۇ تاشيولنى ناھىيىدىكى دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 1984 - يىلى قىشتا خالىسانە ئەمگەك قىلىپ ياسىدى. تاشيول پۈتكەندىن كېيىن، ئېلېكتر ئىستانسىسىدىكى ئىشچىلارنىڭ ئىشقا چىقىش ۋە ئىشتىن چۈشۈش، تاغ ئېغىزىدىن تاش توشۇش، تۇغان ۋە غول ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىش ئىشلىرىغا ئىنتايىن قولايلىق شارائىت يارىتىلدى. 1985 - يىلى ئەتىيازغىچە، بۇ تاشيول پۈتۈنلەي كۆكەرتىلىپ بولدى، يول ئاسراش دېگەندەك ياخشى ئىشلەنمىگەنلىكتىن، بۇ تاشيولنىڭ بەزى يەرلىرىنى سۇ بۇزۇۋەتتى.

3) ماڭيادىن غىش كۆمۈر كېنىغا بارىدىغان ئاددىي تاشيول 1982 - يىلى ناھىيە 50 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئېلىپ بىر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، 60 نەپەر خەلق ئىشچىسىنى ياللاپ، ماڭيادىن غىش كۆمۈر كانىغا بارىدىغان ئاددىي تاشيولنى ياسىدى، بۇ تاشيول ماڭيادىن ئۆتۈپ غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ خىشەنتۇ، خۇڭشىگۇ ئارقىلىق كانغا بارىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 139 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن 3100 مېتىردىن 5200 مېتىرغىچە ئېگىز، بۇ يولنىڭ كۆپ قىسمى ئېگىز - پەس دۆمبەللەردىن ئۆتىدۇ. خىشەنتۇ تاغ ئارىسىدىكى تاشيولدا خەتەرلىك ئەگمىلەر كۆپ، 1986 - يىلى، ناھىيىلىك ياغاچ - تۆمۈر ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى 19 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، خۇڭشىگۇدا كەڭلىكى 5.5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 250 مېتىر كېلىدىغان كىچىك ياسىدى. بۇ ئاددىي تاشيولنىڭ ياسىلىشى ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئېگىلىكىنى باشقۇرۇشقا، ئېشەكپاتىنىڭ چارۋىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولدى.

4) تاشلىۋېتىلگەن چىڭخەي — شىنجاڭ، دۇنخۇاڭ — چاقىلىق تاشيولى بۇنىڭدىن باشقا مىرەندىن چىقىپ، خۇڭۋېيدىن ئۆتۈپ، تاشلىۋېتىلگەن چىڭخەي — شىنجاڭ تاشيولى، دۇنخۇاڭ — چاقىلىق تاشيولىنى بويلاپ ئالغا قاراپ ماڭغاندا، ماڭيا، گەنسۇغا بارغىلى بولىدۇ، بۇ يوللاردا چوڭ يۈك ئاپتوموبىللىرى ئاران ماڭالايدۇ.

## § 4 . كۆۋرۈك - سۇڭگۈچ

مىنگو دەۋرىدە، چاقىلىقنىڭ بارلىق يوللىرىدىكى كۆۋرۈكلەر ياغاچ كۆۋرۈك ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1980 - يىلغىچە كونا ياغاچ كۆۋرۈكلەر يەنىلا چاقىلىقتىكى كۆۋرۈكلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. بۇ كۆۋرۈكلەرنىڭ چات ئارىسى كىچىك بولۇپ، ئادەتتە 4 مېتىرغا يەتمەيتتى. كۆۋرۈكنىڭ ئۈستى تار، ئۆمرى قىسقا، ناھايىتى

خەتەرلىك ئىدى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن تاشيول غول لىنىيىلىرىدە ياغاچ كۆۋرۈكلەر ئارقا-ئارقىدىن پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 1985 ـ يىلغا كەلگەندە، كۆۋرۈكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى 5 مېتىردىن كىچىك تۆۋاقلىق سۇئۆتكۈچ ۋە كىچىك پولات چىۋىقلىق سېمونت كۆۋرۈكلەرگە ئايلاندى. چاقىلىق دەرياسى كۆۋرۈكى بىلەن ۋاششەرى دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكى ئەڭ چوڭ كۆۋرۈك بولۇپ قالدى.

ماڭغىيا بىلەن بەشتوغراق ئوتتۇرىسىدىكى تاشيولدا چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى مەزمۇت كۆۋرۈكتىن 3ى (چاقىلىق، ۋاششەرى، مىرەن دەريالىرىنىڭ كۆۋرۈكلىرى)، نۇرغۇن جايدا تۆۋاقلىق سۇئۆتكۈچ، 7 ئورۇندا كىچىك (880 مېتىر) ياسالدى.

## 1. ۋاششەرى دەرياسى كۆۋرۈكى

بۇ كۆۋرۈك 1978 ـ يىلى ياسالغان I شەكىللىك كاۋاك تۈۋرۈكلۈك كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 28.2 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر كېلىدۇ، 15 توننا ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلەيدۇ. 1981 ـ يىل 7 ـ ئايدا، كەلكۈن كۆۋرۈكنىڭ ئۇلىنى بۇزۇۋەتتى. 1985 ـ يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## 2. چاقىلىق دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكى

بۇ كۆۋرۈك 1980 ـ يىلى ياسالغان 3 تۆشۈكلۈك، چۆكمە سۇپىلىق، ئەگمە كۆۋرۈك بولۇپ، خۇددى ھەسەن ـ ھۈسەنگە ئوخشاش، ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ، 3 چوڭ تۆشۈككە يانداشتۇرۇپ 16 كىچىك تۆشۈك ئېچىلغان بولۇپ، ئۇلار گەۋدە ھاسىل قىلغان. كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 76.5 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، 15 توننا يۈك كۆتۈرەلەيدۇ.

# § 5 . ترانسپورت

مىنگو دەۋرىدە، چاقىلىق ناھىيىسىدە كەسپىي ترانسپورت ئەترىتى يوق ئىدى، دېھقانلار ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇلاغ ۋە ئۇلاغ ھارۋىلىرى بىلەن يۈك توشۇيتتى. كالا ھارۋىسىنىڭ ئادەتتە دىئامېتىرى بىر مېتىر كېلىدىغان 2 ياغاچ چاقى بولۇپ، 600 جىڭدىن 1200 جىڭغىچە يۈك باسقىلى بولاتتى، يېتىلگەن ئېشەك 130 جىڭ، ئات 200 جىڭ يۈك كۆتۈرەلەيتتى. كىرا ھەققى ناھايىتى قىممەت ئىدى، 1944 ـ يىلى چەرچەندىن چاقىلىققا بىر دادەن ئاشلىق توشىسا كىرا ھەققىگە 200 كۈمۈش تەڭگە ئالاتتى.

چاقىلىقنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى ترانسپورت كۈچى

جەدۋەل: 8 — 5

| ترانسپورت كۈچى تۈرلىرى / يىللار | ئات | كالا | ئېشەك | كالا ھارۋىسى |
|---|---|---|---|---|
| مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943) | 52 | 125 | 550 | 5 |
| مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947) | 50 | 102 | 260 | 17 |
| مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948) | 69 | 164 | 335 | 41 |

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، چاقلىقنىڭ قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى، 1957 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن رېزىنكە چاقلىق ئات هارۋىلىرى پەيدا بولدى. 1956 ـ يىلى يۇقىرى چاقلىققا بىر «گاز ـ 69» ئاپتوموبىل ۋە بىر «ئازاد» ماركىلىق ئاپتوموبىل سەپلەپ بەردى، بۇ چاقلىق ناھىيىسىدە ھەممىدىن بالدۇر پەيدا بولغان ئاپتوموبىل ئىدى. 1965 ـ يىلغىچە ئۇلاغ ترانسپورتى يەنىلا ناھايىتى زور نىسبەتنى ئىگىلەپ كەلدى.

### بىر نەچچە يىللىق ئۇلاغ ترانسپورت كۆچىنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 8 — 6

| ترانسپورت كۆچى ئايرىمىسى / يىللار | كالا هارۋىسى | ئېشەك | كالا | ئات | تۆگە | رېزىنكە چاقلىق چولق هارۋا | رېزىنكە چاقلىق قول هارۋىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 59 | 341 | 173 | 77 | 12 | | |
| 1955 | 73 | 266 | 195 | 24 | 7 | | |
| 1959 | 122 | 603 | 232 | 126 | 6 | 11 | |
| 1960 | 86 | 600 | 218 | 293 | 6 | 20 | 4 |
| 1965 | 27 | 212 | 58 | 295 | 4 | 140 | 7 |

### بىر نەچچە يىللىق ئاپتوموبىل، ئۇلاغ ترانسپورتىنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 8 — 7

| يىل | تۈر / ترانسپورت كۆچى ئايرىمىسى | توشۇلغان يولۇچىلار سانى (ئادەم) | ئورۇندالغان ئادەم . كىلومېتىر سانى | توشۇلغان يۈك (توننا) | ئورۇندالغان ئوبوروت مىقدارى (توننا ـ كىلومېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | ئاپتوموبىل | 1891 | 630712 | 404 .075 | 162044 |
| | ئۇلاغ هارۋىسى | 251 | 4810 | 494 .402 | 517190 |
| 1958 | ئاپتوموبىل | 2064 | 395490 | 482 | 843400 |
| | ئۇلاغ هارۋىسى | 338 | 7320 | 254 | 218200 |
| 1959 | ئاپتوموبىل | 1923 | 679940 | 245 | 448138 |
| | ئۇلاغ هارۋىسى | 210 | 3650 | 17663 | 382905 |
| 1975 | ئاپتوموبىل | 2072 | 694520 | 1123 | 435472 |
| | ئۇلاغ هارۋىسى | | | 8161 | 122652 |
| 1980 | ئاپتوموبىل | 2216 | 733960 | 5022 | 1152463 |

1984 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە دېھقانلار ياكى بىرلەشكەن ئائىلىلەر 14 ئاپتوموبىل سېتىۋالدى، ئۇلار خېلى راۋۇرۇس ترانسپورت كۈچىگە ئايلاندى. ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە 915 توننا يۈك توشىدى، ئوبوروت مىقدارى 791 مىڭ 500 توننا كىلومېتىرغا يەتتى.

1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئاپتوموبىل 244 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككىلەرنىڭ 28. ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى بىر يىلدا 1100 توننا يۈك توشىدى. ئوبوروت مىقدارى 547 مىڭ 877 توننا كىلومېتىرغا يەتتى.

چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدە سىرت جايلارغا بارىدىغان 3 غول تاشيول بار:

1) چاقىلىق ناھىيىسىدىن كورلا شەھىرىگە بارىدىغان تاشيول ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 448 كىلومېتىر، ئارغان، يېڭىسۇ، يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى 34 ـ تۇەن ـ مەيدانى ۋە لوپنۇر ناھىيىسىدىن ئۆتىدۇ. 60 ـ يىللاردىن باشلاپ، ھەر ئايدا 3 قېتىم قەرەللىك يولۇچىلار نۆۋەتچى ئاپتوموبىل قاتنايدىغان بولدى. كورلا مەركىزىي يولۇچىلار بېكىتى ھەر ئاينىڭ 5 ـ، 15 ـ ۋە 25 ـ كۈنلىرى چوڭ ئاپتوبۇس ماڭغۇزىدۇ.

2) چاقىلىق ناھىيىسىدىن چەرچەن ناھىيىسىگە بارىدىغان تاشيول ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 361 كىلومېتىر، ۋاششەرى ۋە جاڭگالسايدىن ئۆتىدۇ. 60 ـ يىللاردىن باشلاپ ھەر ئايدا 3 قېتىم قەرەللىك يولۇچىلار نۆۋەتچى ئاپتوموبىلى قاتنىدى. كورلا مەركىزىي يولۇچىلار بېكىتى ھەر ئاينىڭ 10 ـ، 20 ـ، ۋە 30 ـ كۈنلىرى ئاپتوموبىل ماڭغۇزىدۇ. بۇ ئاپتوموبىل چاقىلىقنى بېسىپ ئۆتۈپ، چەرچەنگە بارىدۇ.

3) چاقىلىق ناھىيىسىدىن چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ خۇاتۇگۇ دېگەن يېرىگە بارىدىغان تاشيول ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 326 كىلومېتىر، تاشپاختا كېنى رايونىدىن ئۆتىدۇ. قەرەللىك يولۇچىلار نۆۋەتچى ئاپتوموبىلى يوق، يولۇچىلار چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يولۇچىلار ئاپتوموبىلىغا، يۈك ئاپتوموبىللىرىغا چۈشۈۋالىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى 36 ـ تۇەن مەيدانى (مىرەن) دىن كورلا شەھىرىگە قەرەللىك يولۇچىلار نۆۋەتچى ئاپتوموبىلى قاتنايدۇ، يولدا چاقىلىق ناھىيە بازىرىنى (76 كىلومېتىر) بېسىپ ئۆتىدۇ، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم قاتنايدۇ.

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يۈكلىرىنى ئاساسەن، ناھىيىنىڭ ئاپتوموبىل ئەترىتى بىلەن تاشپاختا كېنىنىڭ ئاپتوموبىل ئەترىتى توشۇيدۇ.

## 6 §. قاتناش باشقۇرۇش

مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدە ترانسپورت باشقۇرۇش ئوچاستكىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) ناھىيىدە تاشيول ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، يەرلىكنىڭ تاشيول قاتنىشىنى باشقۇردى. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) گومىنداڭ چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمىتى ئېلان چىقىرىپ، يېزا ئاھالىلىرىغا تاشيوللارنى بۇزماسلىقنى ئاگاھلاندۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەرلىكنىڭ تاشيول قاتنىشىنى ناھىيىلىك قۇرۇلۇش بۆلۈمى، سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى، قاتناش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار باشقۇردى.

1956 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىنىڭ ئاپتوموبىل ترانسپورت بېكىتى رەسمىي قۇرۇلدى. 1957 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، چاقىلىق بىلەن چەرچەن ئوتتۇرىسىدا يولۇچىلار ئاپتوموبىلى بىلەن يۈك ئاپتوموبىلى رەسمىي قاتنىدى، يولۇچى ۋە يۈك توشۇشنى ترانسپورت بېكىتى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇردى. 70 ـ يىللاردا، ناھىيىدە ترانسپورت كۈچى جىددىي بولغاچقا، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلار مال يۆتكىمەكچى بولسا، يېرىم ئاي ياكى بىر ئاي بۇرۇن ترانپسورت بېكىتىگە مەلۇم قىلىپ قوياتتى. ترانپسورت بېكىتى توشۇغۇچى ئورۇنلارغا ۋەزىپە چۈشۈرەتتى. يولۇچىلار ئاپتوموبىلىنىڭ بېلىتىنى سېتىش، ھەتتا يولۇچىلارنى يۈك ئاپتوموبىللىرىغا ئولتۇرغۇزۇش ئىشلىرىنىمۇ ترانسپورت بېكىتى ئورۇنلاشتۇراتتى ۋە تەكشۈرەتتى، ئاپتوموبىللارغا يولۇچىلارنىمۇ، يۈكنىمۇ باسىدىغان ئەھۋال بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك ئىدى.

1975 ـ يىلى، چاقىلىق ناھىيىلىك قاتناش باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، ناھىيىدىكى كارخانىلار ۋە مەمۇرىي كەسپىي ئورۇنلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ، تىجارەت خاراكتېرلىك ترانسپورتقا قاتناشقاندىن كېيىن، يۈك توشۇشتىكى جىددىيلىك پەسىيىشكە باشلىدى. 1983 ـ يىلدىن كېيىن، ترانسپورت بازىرى تېخىمۇ ئېچىۋېتىلدى. دۆلەت شەھەر ـ يېزىلاردىكى يەككە ئائىلىلەرنىڭ ۋە بىرلەشكەن ئائىلىلەرنىڭ ھەر خىل ئاپتوموبىللارنى سېتىۋېلىپ تاشيول ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويىدى، ترانسپورت يولى چەكلەنمىدى، لېكىن قاتناش، سودا ـ سانائەت، باج، سۇغۇرتا قاتارلىق تارماقلارنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى تولۇق بېجىرگەندىن كېيىن ترانسپورتقا قاتنىشىشقا يول قويۇلدى. ناھىيە بويىچە يەككىلەر، كوللېكتىپ ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار تەڭلا ھەرىكەتلىنىپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ يوللۇق ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ مەزگىلدە، ئاپتوموبىللار قارىغۇلارچە كۆپەيتىلگەنلىكتىن، ترانسپورت كۈچى ئېشىپ قالدى، ترانسپورت بازارلىرى نىسپىي ھالدا تىزگىنسىزلەشتى. مال مەنبەلىرى ئازىيىپ كەتكەچكە ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى 1985 ـ يىل 52 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يولۇچىلار ۋە يۈك ئاپتوموبىل بارغانسېرى كۆپەيدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ھەر خىل ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى 459 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چاقىلىق تراكتور 149، كىچىك تراكتور 66، ئاپتوموبىل 244، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى كۆپەيگەنلىكتىن، قاتناش باشقۇرۇش خىزمىتى بارغانسېرى مۇرەككەپلەشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كوللېكتىپ ۋە يەككە ئائىلىلەرنىڭ سىرت جايلاردىن سېتىۋالغان ئاپتوموبىللىرىنىڭ كۆپى كونا ياكى قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل بولۇپ، سۈپىتى ناچار، ماي سەرپىياتى كۆپ ئىدى، يۈكنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ بېسىۋالىدىغان ئەھۋال ئېغىر بولدى. شوپۇرلارنىڭ تېخنىكىسى ناچار بولغاچقا، قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش ئەھۋاللىرى ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈپ، ئاپتوموبىل ھادىسىلىرى ۋە قاتناش ھادىسىلىرى پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇردى. 1981 ـ يىلى ناھىيىلىك قاتناش باشقۇرۇش پونكىتى قاتناشنى نازارەت قىلىش پونكىتىغا ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، قاتناش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىپ، قاتناش تەرتىپىنى رەتكە سېلىپ، بىخەتەرلىك چوڭ تەكشۈرۈشنى

قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر يىلى شوپۇرلارنى ۋە ئاپتوموبىللارنى تەكشۈرۈپ، بىخەتەرلىك تەربىيىسىنى ۋە قاتناش باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۆلەت بەلگىلىگەن قاتناش قانۇن ـ نىزاملىرىنى ۋە تاشيول باشقۇرۇش پرىنسىپىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلدى. ترانسپورت بازارلىرى، ئاپتوموبىللارنى رېمونت قىلىش، ئاپتوموبىللارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، تاشيول ئاسراش، يول ئاسراش خىراجىتى يىغىش ۋە شوپۇرلارغا ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش، ئۇلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش قاتارلىق ئىشلارنى قاتناش تارماقلىرى پىلانغا كىرگۈزۈپ، بىر تۇتاش باشقۇردى.

# III باب

# پوچتا ـ تېلېگراف

## 1 § . پوچتا ـ تېلېگراف ئاپپاراتلىرى

### 1. ئۆتەڭ

چاقىلىق ناھىيىسى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم قاتناش يولىغا جايلاشقان، تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن سۇلالىلەر چاقىلىقتا ئۆتەڭ قۇرغان. تاڭ سۇلالىسى ۋۇزېتيەن زامانىسىنىڭ تيەنشۇ 2 ـ يىلى (691 ـ يىلى) چاقىلىق رايونىنىڭ ئاساسىي ئەمەلدارى كاڭ دىشىبا ۋۇزېتيەنگە مەكتۇپ ئەۋەتكەن، بۇ شۇ چاغدا چاقىلىق بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا خەت ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يۈەن شىزۇ زامانىسىنىڭ جىيۈەن 23 ـ يىلىغىچە (1286 ـ يىلى) لوپنۇر، كەتەك، چەرچەن قاتارلىق جايلاردا ئۆتەڭلەر قۇرۇلغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 29 ـ يىلى (1903 ـ يىلى) ناھىيە تەۋەسىدە 13 ئورۇندا ئۆتەڭ قۇرۇلغان.

مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، قورغاس يېڭىنىڭ قۇربېشى، يېڭى ئارمىيە مۇپەتتىشى تۇڭ مىڭسەي ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇقى بويىچە قوشۇن باشلاپ بېرىپ، چاقىلىقتىكى گېلاۋخۇيچىلارنى باستۇرۇپ، ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان، ئۇ چاقىلىققا بارغاندىن كېيىن، يول بويىغا ھەربىي پونكىت، ئۆتەڭلەرنى قۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىنى ماڭغۇزۇپ تۇرغان. چاقىلىقتىن يېڭىسۇغىچە بولغان ئارىلىققا جەمئىي 6 ئۆتەڭ قۇرغان. ھەر بىر ئۆتەڭگە 2 ئادەم ياللاپ، بىر ئات بەرگەن. مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ياللانغان ھەر بىر كىشىنىڭ ئىش ھەققىگە 3 سەر تەڭگە، 8 كۈرە ئاشلىق، ھەر بىر ئات ئۈچۈن ئېيىغا 3 كۈرە ئاشلىق بەرگەن. كېيىن يەنە چىتلاق رايونى بىلەن ۋاششەرى رايونىغا 2 ئۆتەڭ قۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاقىلىقتىكى ۋاششەرى رايونىدىن چەرچەنگە بارىدىغان يولغا 5 بېكەت قۇرغان، ھەر بىر بېكەتكە

2 ئات تەييارلاپ، 2 ئادەم ياللىغان، بۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئېيىغا 3 سەر تەڭگە، 4 كۈرە ئاشلىق بەرگەن. شۇ قېتىمدا چاقىلىق تەۋەسىدە يېڭىدىن 13 ئۆتەڭ قۇرۇلغان.

## 2. پوچتا ۋاكالەتخانىسى

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدە بىر پوچتا ۋەكالەتخانىسى قۇرۇلدى. مىنگو دەۋرىدە پوچتا كەسپىنى باج ئىدارىسى ۋاكالىتەن بېجىردى، بۇنىڭغا يۈسۈپ توختى بىلەن لى خۇڭزېن مەسئۇل بولدى. كورلىدىن چەرچەنگىچە 22 پوچتالىيون 4 كۈندە بىر قېتىم ئاتلىق قاتناپ تۇردى.

1949 - يىل 9 - ئايغىچە ناھىيە بويىچە بىرلا پوچتا ۋاكالەتخانىسى بولۇپ، ئۇ خەت -چەك توشۇيدىغان بىر خىللا كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندى.

## 3. تېلېگراف ئىدارىسى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى

1) تېلېگراف ئىدارىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ناھىيىلىك تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدا بىر ئىدارە باشلىقى، 4 ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. ئۇلار، ئاساسەن، سىمسىز تېلېگراف كەسپىنى بېجىرەتتى. بىر سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتى، 3 سىمسىز تېلېگراف لىنىيىسى بولۇپ، ئۈرۈمچى، قاراشەھەر ۋە چەرچەنگە تېلېگرامما بەرگىلى بولاتتى.

2) پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى 1952 - يىلى تېلېگراف ئىدارىسى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، بۇرۇنقى تېلېگراف ئىدارىسىدىكى 4 كىشى پوچتا كەسپىنى قوشۇمچە بېجىرىۋەردى. ئەينى ۋاقىتتا، 4 ئېغىز ئۆي ئىجارىگە ئېلىنىپ، خەت - چەك، پۇل يېرىۋوت كەسپىلا بېجىرىلدى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېلېگرامما يولغا قويۇلدى.

1953 - يىلى ناھىيىلىك مەخپىي ئىشلار ئالاقىلىشىش پونكىتى قۇرۇلدى، 1954 - يىلىنىڭ ئاخىرىلىرىدا ئۇنىڭ كادىرى 2گە، ئالاقىچىسى 8 گە يەتتى. 1957 - يىل 4 - ئايدا، مەخپىي ئىشلار ئالاقىلىشىش پونكىتى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلىپ، پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىدا مەخپىي ئىشلار گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1969 - يىل 12 - ئايدا پوچتا - تېلېگراف تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، پوچتا ئىدارىسى بىلەن تېلېگراف ئىدارىسى ئايرىلدى. تېلېگراف ئىدارىسى بىلەن تېلېفون سىم يولى پونكىتى قوشۇۋېتىلىپ، تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1973 - يىل 9 - ئايدا پوچتا - تېلېگرافتا ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكى تۈزۈلمە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يەنە پوچتا -تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفونغا سىم يولى پونكىتى رەھبەرلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف سىستېمىسى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ۋە تېلېفون سىم يولى پونكىتى دەپ 2 بۆلەككە ئايرىلدى.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 1 مىليون 34 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. 1985 - يىلى يۇقىرىغا 12 مىڭ 992 يۈەن پايدا تاپشۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىسى 49غا يەتتى. بۇنىڭ 47 سى مەركەزگە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى، 2 سى يەرلىككە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى؛ ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى 15، ئايال ئىشچى-

خىزمەتچى 16، ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە ئىشچى - خىزمەتچى 7، ياردەمچى ئىنژېنېر بىر، تېخنىك 3، ئىدارە بويىچە مەمۇرىي ئىشلار ئىسمىنا - گۇرۇپپىسى، پوچتا ئىشلىرى ئىسمىنا - گۇرۇپپىسى، گېزىت تەقسىم قىلىش ئىسمىنا - گۇرۇپپىسى، تېلېفون ئىسمىنا - گۇرۇپپىسى، ئاپپارات ئىسمىنا - گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت 5 ئىسمىنا - گۇرۇپپا تەسىس قىلىندى.

ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا سېرىن پوچتا - تېلېگراف تارماق ئىدارىسى ۋە ۋاششەرى پوچتا - تېلېگراف پونكىتى قۇرۇلدى.

**پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ۋە پوچتا - تېلېگراف پونكىتلىرىنىڭ 1985 - يىلدىكى تىجارەت دائىرىسى ۋە جايلاشقان ئورنى**

جەدۋەل: 8 — 8

| پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ۋە پونكىتلىرىنىڭ نامى | ئورنى | تىجارەت دائىرىسى |
|---|---|---|
| چاقىلىق ناھىيىلىك پوچتا تېلېگراف ئىدارىسى | چاقىلىق ناھىيە بازىرى | دۆلەت ئىچىدىكى پوچتا - تېلېگراف كەسپى، خەلقئارا خەت - ئالاقە |
| سېرىن پوچتا - تېلېگراف تارماق ئىدارىسى | يېزا ئىگىلىك 2 - شى 36 - تۇەن - مەيدان شتابى | دۆلەت ئىچىدىكى پوچتا - تېلېگراف كەسپى (ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېلېگرامما بېجىرىلمەيدۇ) |
| ۋاششەرى پوچتا - تېلېگراف پونكىتى | ۋاششەرى يېزىلىق ھۆكۈمەت | دۆلەت ئىچىدىكى پوچتا - تېلېگراف كەسپى (ئالاھىدە زاكاز، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېلېگرامما بېجىرىلمەيدۇ) |

## § 2 . تېلېگراف

### 1. تېلېگرامما

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا مەخسۇس چېگرا ئاخبارات ئالاقىسىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتى سەپلەپ بېرىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، سىمسىز تېلېگراف كەسپىلا يولغا قويۇلدى. ئۇ چاغدا 15 ۋاتلىق بىر خەۋەر بېرىش ئاپپاراتى، 3 سىمسىز تېلېگراف لىنىيىسى بولۇپ، ئۈرۈمچى، قاراشەھەر ۋە چەرچەنگە تېلېگرامما بېرىلەتتى، كەسىپ مىقدارى ئاز بولۇپ، بىر يىلدا ئاران 267 پارچە تېلېگرامما يوللىناتتى.

1952 - يىلى ئۇيغۇر يېزىقىدا تېلېگرامما بېرىش يولغا قويۇلدى.

1955 - يىلى سۈنئىي تەۋرەتكۈچلۈك خەۋەرلىشىش ئاپپاراتىدىن بىرسى كۆپەيتىلىپ، ئىلگىرىكى سىمسىز خەۋەرلىشىش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. 1974 - يىلى «55» تىپلىق تېلېكس ئاپپاراتىدىن بىرسى كۆپەيتىلىپ، چاقىلىق بىلەن كورلا ئوتتۇرىسىدا تېلېكس لىنىيىسى ئېچىلدى.

1960 - يىلى ناھىيىلىك تېلېگراف ئىدارىسى ماڭيا تاشپاختا كېنىغا بىر تېلېگراف ئاپپاراتى ئورنىتىپ، چاقىلىق بىلەن ماڭيا ئوتتۇرىسىدا سىمسىز تېلېگراف كەسپىنى يولغا قويدى. 1961-

يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بۇ كەسىپ توختىتىلدى. شۇ يىلى مىرەن، ۋاششەرى پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتلىرى سۆز يوللاش تېلېگراف كەسپىنى يولغا قويدى.

1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدا تېلېگراممىا قوبۇل قىلىش-يوللاش ئاپپاراتى 3كە يېتىپ (2 سى ئىشلىتىلدى، بىرى زاپاس ساقلاندى)، 47 مىڭ 829 پارچە تېلېگرامما يوللاندى، بۇ 1950 ـ يىلدىكىدىن 179.1 ھەسسە كۆپ.

### بىر نەچچە يىللىق تېلېگراف كەسپى مىقدارى

جەدۋەل: 8 — 9 بىرلىكى: پارچە

| يىل | كەسىپ مىقدارى | يىل | كەسىپ مىقدارى |
|---|---|---|---|
| 1950 | 267 | 1974 | 36884 |
| 1955 | 3786 | 1977 | 48958 |
| 1959 | 10200 | 1980 | 46441 |
| 1963 | 10626 | 1985 | 47829 |
| 1966 | 21228 | | |

## 2. تېلېفون

ئازادلىقتىن ئىلگىرى چاقىلىق ناھىيىسىدە تېلېفون يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ 50-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئاندىن تېلېفون كەسپى رەسمىي يولغا قويۇلدى.

1) ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون 1956 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسى كورلىغا بارىدىغان سىمسىز ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى كەسپىنى تۇنجى قېتىم يولغا قويدى، بىر يىلدا 42 قېتىم تېلېفون بېرىلدى. 1958 ـ يىلى كورلا، چاقىلىق، چەرچەن ئوتتۇرىسىدا ئۈچۈق سىملىق تېلېفون لىنىيىسى تارتىلىشقا باشلىدى، ناھىيە تەۋەسىدە جەمئىي 350 قوش كىلومېتىر ئۈچۈق سىملىق ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون لىنىيىسى تارتىلىپ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىم يولىدىن 3ى ئېچىلدى. بىر يىلدا 205 تىننىزور تېلېفون بېرىلدى. 1969 ـ يىل 1 ـ ئايدا، ناھىيىلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىغا 30 توچكىلىق ماگنىتلىق ئۇزۇن يوللۇق كوممۇتاتوردىن بىرسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇزۇن يوللۇق يۈكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون سىم يولىدىن 3ى ئېچىلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيىدە ئۇزۇن يوللۇق يۈكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون سىم يولىدىن 5ى، ئاۋاز چاستوتىلىق ئەمەلىي تېلېفون سىم يولىدىن 3ى ئېچىلدى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىم يولىدىن بىرسى ئىجارىگە بېرىلدى. بىر يىلدا سىرتقا بېرىلگەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون 16 مىڭ 456 قېتىمغا، كەسپىي كىرىم، 6066.42 يۈەنگە؛ سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان تېلېفون 14 مىڭ 10 قېتىمغا، كەسپىي كىرىم 3097.61 يۈەنگە؛ سىرتقا ئۇلاپ بېرىلگەن تېلېفون 594 قېتىمغا، كىرىم 205.52 يۈەنگە يەتتى.

2) شەھەر ئىچىدىكى تېلېفون چاقىلىق ناھىيىسى بازىرى ئىچىدە تېلېفون كەسپى 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا يولغا قويۇلدى. 1958 ـ يىلى بازار ئىچىگە 16 قوش كىلومېتىر تېلېفون لىنىيىسى، 21 قوش كىلومېتىر ئۈچۈق سىم لىنىيىسى تارتىلدى، ناھىيىلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىغا 60 توچكىلىق ماگنىتلىق كوممۇتاتوردىن بىرسى ئورنىتىلدى، بۇنىڭ

ئەمەلىي سىغىمچانلىقى 28 توچكا بولۇپ، ناھىيە بازىرىدا 17 تېلېفون ئابونېنتى بار ئىدى. 1961-يىلى يېڭىدىن 100 توچكىلىق كوممۇتاتور ئالماشتۇرۇلۇپ، ناھىيە بازىرىدىكى ئورگانلارنىڭ ھەممىسىگە تېلېفون ئورنىتىلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە بازار ئىچىگە 20.9 قوش كىلومېتىر تېلېفون لىنىيىسى، 17.6 قوش كىلومېتىر ئۈچۈق سىم يولى تارتىلدى، كابېللىق توك يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.33 كىلومېتىرغا يەتتى. ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدا بىر 100 توچكىلىق، بىر 60 توچكىلىق ماگنىتلىق كوممۇتاتور بولۇپ، ئەمەلىي سىغىمچانلىقى 132 توچكىغا، تېلېفون ئابونېنتى 113كە يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە يىغىن تېلېفونىنىڭ ئاخىرقى ئۈچ ئاپپاراتى 3كە يەتتى.

3) يېزا تېلېفونى   چاقىلىق يېزىلىرىدا تېلېفون سىمى 1958 - يىلدىن باشلاپ پەيدىنپەي تارتىلىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. شۇ يىلى يېزىلاردا ئاران 11 تېلېفون بار ئىدى. 1959 - يىلى ناھىيە بويىچە 3 گۇڭشېغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىنىڭ %90ىگە تېلېفون ئورنىتىلدى. 1960 - يىل 1 - ئايدا ناھىيە بازىرىدىن مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانىغا 76 قوش كىلومېتىر تېلېفون سىم يولى تارتىلدى. مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانى پوچتىخانىسىغا 10 توچكىلىق كوممۇتاتوردىن بىرى ئورنىتىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ناھىيە بويىچە يېزىلارغا جەمئىي 16 قوش كىلومېتىر تېلېفون سىم يولى، 35 قوش كىلومېتىر ئۈچۈق سىم، 5.1 كىلومېتىر كابېل ئورنىتىلدى. يېزىلاردا تېلېفون ئابونېنتى 21گە يېتىپ، دېھقانچىلىق رايوندىكى 34 تەبىئىي كەنتنىڭ %61.76ىنى ئىگىلىدى.

تېلېفون كەسپى جەدۋىلى

جەدۋەل: 8 — 10

| يىل | سىرتقا بېرىلگەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون (تېنىزور) | شەھەر ئىچىدىكى تېلېفوننىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئابونېنت سانى | يېزىلاردىكى تېلېفوننىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئابونېنت سانى |
|---|---|---|---|
| 1956 | 42 | | |
| 1959 | 3000 | 27 | 12 |
| 1963 | 1973 | 29 | 12 |
| 1966 | 1545 | 25 | 11 |
| 1970 | 2421 | 40 | 11 |
| 1974 | 3741 | 45 | 10 |
| 1977 | 3172 | 51 | 10 |
| 1980 | 10165 | 66 | 11 |
| 1983 | 13621 | 73 | 11 |
| 1985 | 16456 | 113 | 21 |

## 3. ئىجتىمائىي تېلېگراف

چاقىلىق ناھىيىسىدىكى بەزى تارماقلار ئۆز ئالدىغا مەخسۇس لىنىيىلىك ئىچكى ئالاقىلىشىش تورى قۇرۇپ، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ سىم يولىنى ئىجارىگە ئېلىپ كىچىك كوممۇتاتور ئورنىتىپ، ئىچكى قىسىمدا تېلېفون بىرلەيدىغان بولدى. مىرەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى 36-تۇەن - مەيدانى 100 توچكىلىق بىر كوممۇتاتور، ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان ئۇزۇن يوللۇق بىر تېلېفون سىم يولى ئورناتتى.

چاقىلىق ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار فاكس ئاپپاراتى ئورنىتىپ، تېلېفون توك يولى ئارقىلىق، فاكس كەسپىنى يولغا قويدى. ئورمانچىلىق، ھاۋارايى ۋە ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىلىرىنى قۇرۇپ، پوچتا-تېلېگراف تارماقلىرىنىڭ تېلېفون ئالاقىسى ئىشلىرىدىكى كەم جايىنىڭ ئورنىنى تولۇقلىدى.

## 3 § . پوچتا

### 1. ئۇسكۇنە

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، پوچتا يوللانمىلىرى پۇتۇنلەي خېچىر، ئات، ئېشەك بىلەن توشۇلاتتى. 1958 ـ يىلى بىر ۋېلىسىپىت كۆپەيتىلىپ، ناھىيە بازىرى ئىچىدە پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇشقا ئىشلىتىلدى. 1972 ـ يىلى بىر موتسىكلىت كۆپەيتىلدى. 1975 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا ـ تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى بىر «گاز» ئاپتوموبىل بۆيرۇپ بەردى، بۇ ئاپتوموبىل مەخسۇس چاقىلىق بىلەن مىرەن ئارىلىقىدىكى پوچتا يولىدا قاتنىدى.

### 2. پوچتا يوللانمىلىرىنى ئالماشتۇرۇش مىقدارى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، چاقىلىق ناھىيىلىك پوچتا ۋاكالەتخانىسى خەت ـچەك قوبۇل قىلىش، يوللاش كەسپى بىلەنلا شۇغۇللىناتتى. پوچتا يوللانمىلىرىنى پۈتۈنلەي ئات، خېچىر ۋە ئېشەكلەر بىلەن توشۇلاتتى. ھەر ئايدا كورلىدىن 3 قېتىم پوچتا كېلەتتى. ھەر قېتىمدا ئېلىپ كەلگەن خەت 30 پارچىغىمۇ يەتمەيتتى. ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىلگەن خەت بىر ئايدا ئاران يېتىپ كېلەتتى. 1950 ـ يىلى ناھىيىدىن 1583 پارچە خەت ئالاقە يوللاندى. 1952 ـ يىلى پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلغاندا 4418 پارچە خەت ـ ئالاقە يوللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پوسۇلكا توشۇش كەسپى يولغا قويۇلدى، شۇ يىلى 100 گە يېقىن پوسۇلكا يوللاندى. كېيىن ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، پوچتا كەسپى مىقدارىمۇ يىلدىن ـ يىلغا ئاشتى. 1956ـ يىلى پۇل پېرېۋوت قىلىش كەسپى يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى يوللانغان پېرېۋوت چېكى 1251 پارچىغا يەتتى. 1985 ـ يىلى يوللانغان خەت ـ ئالاقە 143 مىڭ 40 پارچىغا، پوسۇلكا 1866 گە، پېرېۋوت چېكى 14 مىڭ 312 پارچىغا يەتتى.

ئالماشتۇرۇلغان پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ مىقدارى

جەدۋەل: 8 — 11 بىرلىكى: پارچە

| يىل | يوللانغان خەت ـ ئالاقە سانى | يوللانغان پوسۇلكا سانى | پېرېۋوت چېكى |
|---|---|---|---|
| 1950 | 1583 | | |
| 1952 | 4418 | 97 | |
| 1956 | 11036 | 193 | 1251 |
| 1960 | 48310 | 650 | 3370 |
| 1966 | 78848 | 786 | 6004 |
| 1970 | 75483 | 1747 | 7304 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1974 | 65541 | 1740 | 6927 |
| 1977 | 122391 | 2295 | 13554 |
| 1985 | 143040 | 1866 | 14312 |

## 3. پوچتا يولى

1949 - يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، كورلا، چاقىلىق، چەرچەن ئوتتۇرىسىدا ئاران بىرلا پوچتا يولى بولۇپ، پوچتا 10 كۈندە بىر قېتىم كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېلىش ۋاقتى تولىمۇ مۇقىم ئەمەس ئىدى، پوچتا يوللانمىلىرى ئات، خېچىرلار بىلەن توشۇلاتتى. 1951 - يىلى پوچتا 5 كۈندە بىر كېلىدىغان بولدى.

1953 - يىلى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى 1 -، 2 - رايونلاردا يېزا پوچتىسىنى يولغا قويدى، پوچتا يولى 31 كىلومېتىرغا يەتتى. يېزا پوچتىسىغا بىر ئات سەپلەپ بېرىلدى. ۋاششەرى يېزىسى كورلا - چاقىلىق - چەرچەن تاشيول لىنىيىسىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، بۇ يول راۋان پوچتا يولى ھېسابلىناتتى.

1956 - يىلى ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى 4 يېزا، كوپېراتىپقا پوچتا قاتنىدى. شۇ يىلى ئات قاتنايدىغان مىرەن پوچتا يولى ئېچىلىپ، بۇنىڭدا بىر ئادەم بىر ئات بىلەن 10 كۈندە بىر قېتىم قاتناپ تۇردى. پوچتا يولى 74 كىلومېتىرغا يەتتى. شۇ يىلى يېزا پوچتا يولى 193 كىلومېتىرغا يېتىپ، ناھىيە بازىرى مەركەز قىلىنغان پوچتا يولى تورى شەكىللەندى.

1956 - يىلى كورلا بىلەن چاقىلىق ئوتتۇرىسىدىكى تاشيولدا ئاپتوموبىل قاتنىغاندىن كېيىن، پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇش 5 كۈندە بىر قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئاپتوموبىلغا ھاۋالە قىلىندى. 1958 - يىلى 3 كۈندە بىر قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئاپتوموبىلغا ھاۋالە قىلىندى. 1959- يىل 7 - ئايدا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى كورلا بىلەن چەرچەن ئوتتۇرىسىدا ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان پوچتا ترانسپورت ئاپتوموبىل يولى ئاچتى، ئاپتوموبىل ھەر ئايدا 3 قېتىم قاتنىدى، بۇنىڭ بىلەن پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇشنى ھاۋالە قىلىشتىكى يېتەرسىزلىكلەر تولدۇرۇلدى.

1960 - يىلى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ماڭيا تاشپاختا كېنىنى 300 كىلومېتىر كان رايونى ھاۋالە ئاپتوموبىل پوچتا يولى ئېچىپ، پوچتا يوللانمىلىرىنى قەرەلسىز ماڭدۇرۇپ تۇردى.

1963 - يىلى يېزىلارغا مۇلازىمەت قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، خەت - چەك، گېزىت، ژۇرناللار چوڭ ئەترەت ۋە ئايرىم ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگىلا يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان ئىلگىرىكى ئۇسۇل ئۆزگەرتىلىپ، بارلىق پوچتا يوللانمىلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگىچە يەتكۈزۈلىدىغان بولدى. ناھىيە بازىرىغا يېقىن 2 گۇڭشېنىڭ 10 چوڭ ئەترىتىگە ئىلگىرى پوچتا قەرەلسىز باراتتى، كېيىن بىر ھەپتە 2 قېتىم بارىدىغان بولدى. ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىن مىرەنگە بارىدىغان 74 كىلومېتىرلىق قەرەلسىز پوچتا يولىدا 1963 - يىل 3 - ئايدىن باشلاپ 10 كۈندە بىر قاتنايدىغان ئات پوچتىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1966 - يىلى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى 18 كىلومېتىر كېلىدىغان ۋېلىسىپىت پوچتا يولىدىن بىرنى كۆپەيتتى.

1968 - يىلى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىن مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانىغا بارىدىغان پوچتا يولى ناھىيىلىك پوچتا -تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئۆزى باشقۇرىدىغان ئاپتوموبىل

پوچتا يولىغا ئۆزگەرتىلدى.

1980 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە، ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدىن ۋاششەرى گۈڭشېسىغا بارىدىغان 86 كىلومېتىرلىق پوچتا يولى ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى ئۆزى باشقۇرىدىغان ئاپتوموبىل پوچتا يولىغا ئۆزگەرتىلدى.

1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە پوچتا يولى 6گە، ئۇلارنىڭ تاق مۇساپىسى 146 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ 5ى ۋېلسىپىت پوچتا يولى بولۇپ، تاق مۇساپىسى 72 كىلومېتىر، بۇ 5 يول تۆۋەندىكىچە:

1) ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدىن ناھىيە بازىرىدىكى ئورگانلارغىچە، ھەپتىدە 2 قېتىم قاتنىدى؛

2) ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدىن تىكەنلىك يېزىسىغىچە، تاق مۇساپىسى 15 كىلومېتىر، ھەپتىدە 2 قېتىم قاتنىدى؛

3) ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدىن ئۆتام يېزىسىغىچە، تاق مۇساپىسى 14 كىلومېتىر، ھەپتىدە 2 قېتىم قاتنىدى؛

4) ۋاششەرى يېزىلىق پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتىدىن كەنتلەرگىچە، تاق مۇساپىسى 23 كىلومېتىر، ھەپتىدە 2 قېتىم قاتنىدى؛

5) مىرەن پوچتا ـ تېلېگراف تارماق ئىدارىسىدىن 36 ـ تۇەن مەيدانىنىڭ لىيەندۈيلىرىگىچە، تاق مۇساپىسى 18 كىلومېتىر، ھەپتىدە 2 قېتىم قاتنىدى؛

بۇنىڭدىن باشقا، ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدىن مىرەن تارماق ئىدارىسىگىچە بولغان، ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان بىر ئاپتوموبىل پوچتا يولى بولۇپ، مۇساپىسى 74 كىلومېتىر كېلىدۇ.

1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 3 پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتىنىڭ يوللانما يەتكۈزۈش نۇقتىسى 212گە يەتتى، بۇنىڭ 96 سى شەھەردە، 116 سى يېزىدا.

### بەزى يىللاردىكى پوچتا يوللىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

جەدۋەل: 8 — 12 بىرلىكى: كىلومېتىر

| يىل | پوچتا يولى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى (مۇساپە) | ئاپتوموبىل پوچتا يولى (ئۆزى باشقۇرغان، ھاۋالە قىلىنغان) | ۋېلسىپىت پوچتا يولى | ئات پوچتا يولى | پىيادىلەر پوچتا يولى | موتسىكلىت پوچتا يولى | يېزا پوچتا يولى | باشقا پوچتا يوللىرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1953 | 31 | | | 31 | | | 31 | |
| 1956 | 193 | | | 193 | | | 193 | |
| 1960 | 193 | | | 193 | | | 193 | |
| 1966 | 169 | | 18 | 137 | 14 | | 169 | |
| 1970 | 151 | 74 | 48 | 29 | | | 151 | |
| 1974 | 112 | | 17 | | | 15 | | 80 |
| 1977 | 134 | 74 | 42 | | | 18 | | |
| 1980 | 225 | 160 | 47 | | | 18 | | |
| 1985 | 146 | 74 | 72 | | | | | |

## 4. مەخپىي ئىشلار ئالاقىسى

1953 - يىلى چاقىلىقتا مەخپىي ئىشلار پونكىتى قۇرۇلۇپ، كەسپىي جەھەتتە قاراشەھەر مەخپىي ئالاقە تارماق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەمۇرىي جەھەتتە چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم مەخپىي ھۆججەتلەر ئىشخانىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. مەخپىي ئىشلار پونكىتىدا 2 كادىر، 8 ئالاقىچى، 12 ئات بولۇپ، ئۇلار چاقىلىق بىلەن چەرچەن ئوتتۇرىسىدا ھەر ئايدا 3 قېتىم قاتنىدى. 1954 - يىلى 27 قېتىم قاتناپ، 19مىڭ 170 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، 5917 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى 6715 پارچە مەخپىي ھۆججەتنى تاپشۇرۇۋالدى ۋە يوللاپ بەردى.

1956 - يىلى مەخپىي ئىشلار پونكىتى كەسپىي جەھەتتە كورلا مەخپىي ئالاقە ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. ئۇلارغا بىر ۋېلىسىپىت كۆپەيتىپ بېرىلدى، مۇشۇ بىر يىلدا ئۇلار 43 قېتىم قاتناپ، 30 مىڭ 336 كىلومېتىر مۇساپە بېسىپ، 722 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى 8346 پارچە مەخپىي ھۆججەتنى تاپشۇرۇۋالدى ۋە يوللاپ بەردى.

1957 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەخپىي ئىشلار ئالاقە پونكىتى پوچتا -تېلېگراف ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلىپ، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بىر گۇرۇپپىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇلار بىر يىلدا جەمئىي 22 قېتىم قاتنىدى، ھەر قېتىم بېرىش - كېلىشتە 714 كىلومېتىر، بىر يىلدا 15 مىڭ 708 كىلومېتىر يول باستى. شۇ يىلى 11 - ئايدىن كېيىن، ھەر ئايدا ھاۋالە قىلىنغان ئاپتوموبىل بىلەن چەرچەنگە 3 قېتىم قاتنىدى، ئات ھارۋىسى توختىتىلدى.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەخپىي ئىشلار پونكىتىدا بىر مەخپىي ئىشلار خادىمى مەخپىي ئىشلار ئالاقە خىزمىتىنى ئىشلەشكە مەسئۇل بولدى.

بەزى يىللاردىكى مەخپىي ئىشلار كەسپىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

جەدۋەل: 8 — 13

| يىل | ئۆتكۈزۈلگەن مەخپىي ھۆججەتلەر سانى |
|---|---|
| 1954 | 2080 |
| 1957 | 683 |
| 1960 | 1030 |
| 1966 | 859 |
| 1970 | 425 |
| 1974 | 341 |
| 1977 | 336 |
| 1980 | 310 |
| 1985 | 304 |

## 5. گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش

گېزىت تارقىتىش كەسپى 1951 - يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 62 سان، جەمئىي 8360 نۇسخا گېزىت تارقىتىلدى.

1953 - يىلدىن باشلاپ ژۇرنال تارقىتىش كەسپى يولغا قويۇلدى، شۇ يىلى 40 سان، جەمئىي 120 نۇسخا ژۇرنال تارقىتىلدى.

1962 ـ يىلدىن ئىلگىرى «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» ئىچكى گېزىت ھېسابلىنىپ، ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق رەھبەرلەرگىلا تارقىتىلاتتى، كېيىن تارقىتىش دائىرىسى كېڭەيتىلدى.

1985 ـ يىلى 2721 سان، جەمئىي 485 مىڭ 823 نۇسخا گېزىت تارقىتىلدى. بىر يىلدا تارقىتىلغان گېزىت 201 خىلغا يەتتى، ھەممىدىن كۆپ تارقىتىلغىنى «شىنجاڭ گېزىتى» بولۇپ، بىر يىلدا 66 مىڭ 884 نۇسخا تارقىتىلدى، ئاندىن قالسا «جۇڭگو قانۇنچىلىق گېزىتى» بولۇپ، بىر يىلدا 23 مىڭ 328 نۇسخا تارقىتىلدى.

1985 ـ يىلى 8609 سان، جەمئىي 96 مىڭ 847 نۇسخا ژۇرنال تارقىتىلدى. بىر يىلدا تارقىتىلغان ژۇرنال 999 خىلغا يەتتى. ھەممىدىن كۆپ تارقىتىلغىنى «ھېكايىلەر» بولۇپ، بىر يىلدا جەمئىي 4452 نۇسخا تارقىتىلدى، ئاندىن قالسا «دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق» (يىلىغا 2484 نۇسخا) ۋە «شىنجاڭ ياچېيكا تۇرمۇشى» (يىلىغا 1608 نۇسخا) كۆپ تارقىتىلدى.

**بەزى يىللاردىكى گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ تارقىتىلىشىنى سېلىشتۇرۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 8 — 14 بىرلىكى: نۇسخا

| يىللار | سان بويىچە تارقىتىلغان گېزىت سانى | ئومۇمىي گېزىت سانى | سان بويىچە تارقىتىلغان ژۇرنال سانى | ئومۇمىي ژۇرنال سانى |
|---|---|---|---|---|
| 1951 | 62 | 8160 | | |
| 1956 | 366 | 67518 | 496 | 7903 |
| 1960 | 410 | 104220 | 620 | 10400 |
| 1966 | 924 | 211930 | 885 | 23146 |
| 1970 | 996 | 346675 | 73 | 1161 |
| 1974 | 1515 | 434228 | 1226 | 12750 |
| 1977 | 1221 | 465316 | 1356 | 14431 |
| 1980 | 1627 | 393860 | 3103 | 36177 |
| 1985 | 2721 | 485823 | 8609 | 96847 |
| 1985 ـ يىلى 1951 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (ھەسسە) | 42.9 | 57 | | |

## § 4 . ئىگىلىك باشقۇرۇش

1950 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە كەسىپ مىقدارى، خادىملار ئاز بولغانلىقتىن، يۇقىرىغا قارىتا ھېساباتنى يوللاپ بوغۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

1956 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە كەسىپ مىقدارى، خادىملار پەيدىنپەي كۆپىيىپ، كارخانا باشقۇرۇش، ئاساسەن، پوچتا ـ تېلېگراف تارماقلىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئىشلەندى.

1966 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە ھەممىنى سىياسىي ئۈچۈن، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش تەكىتلىنىپ، كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە سەل قارالدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسى بىر ئاز قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

1984 ـ يىلى مەركەزنىڭ كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ خىزمىتى ئومۇمييۈزلۈك تەرتىپكە سېلىنىپ، 22 ماددىلىق ئىدارە قائىدە ـ تۈزۈمى، 232 ماددىلىق ھەر خىل ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، 9 خىل، 259 ماددىلىق ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ھەر خىل باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى تۈزۈپ چىقىلدى، نەتىجىدە ھەر بىر ئىسمېنا ـ گۇرۇپپا، ئىش ئورنىدىكى ھەر بىر ئىشچى ـ خىزمەتچى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق ئايرىۋالدى، ھەممەيلەننىڭ خىزمەتتە قويۇلىدىغان تەلەپ ۋە ئۆلچەملەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، خىزمەتنىڭ ياخشى ـ يامان ئىشلىنىشى ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە چېتىلىپ، ئىشچانلار مۇكاپاتلاندى، ھورۇنلار جازالاندى.

ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە، ئىدارە ۋە ئىسمېنا ـ گۇرۇپپا (پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتلىرى) دىن ئىبارەت 2 دەرىجە بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىلىپ، ھەر كىمنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە ئاساسەن، ھۆددىگە ئالىدىغان كۆرسەتكۈچ ۋە كاپالەت تەدبىرى بېكىتىلدى ھەمدە ئىسمېنا ـ گۇرۇپپا ۋە شەخسلەرگە مۇكاپات پۇلى تارقاتقاندا مۇشۇلا سىناق مەزمۇنى قىلىندى. دەرىجە بويىچە سىناق قىلىش چارىسى يولغا قويۇلغانلىقتىن، شەخسلەر بەن ـ گۇرۇپپىغا، بەن-گۇرۇپپىلار پۈتۈن ئىدارىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، شەخسلەر بىلەن كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى زىچ باغلاندى.

ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىدارە باشلىقىنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىشقا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش سىستېمىسى بەرپا قىلىندى، ئىدارە باشلىقى، بوغالتىر، ستاتىستىكىچى، كاسسىر، پوچتا سۈپەت تەكشۈرگۈچىسى ۋە تېلېگراف سۈپەت تەكشۈرگۈچىسىدىن تارتىپ ھەر بىر ئىش تۈرىگىچە بولغان ھەممەيلەنگە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق روھى كۈچەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ قىياپىتى زور دەرىجىدە ئۆزگەردى.

بۇ ئىدارە 1984 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئوبلاستلىق پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ بىر قېتىملىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا لاياقەتلىك ئورۇن بولدى. 1984 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن «مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش ئېيىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى. ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىگە 1985 ـ يىلنىڭ باشلىرىدا، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى «ئىلغار ئىدارە» دەپ نام بەردى. شۇ يىلى 2 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم «مەدەنىي ئورۇن» دەپ نام بەردى. بۇ ئىدارە شۇ يىلى 4 ـ ئايدا ئوبلاستلىق پارتكوم، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان «1984 ـ يىللىق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇن» دېگەن تەقدىرنامىگە ئېرىشتى.

## توققۇزىنچى قىسىم

# شەھەر قۇرۇلۇشى؛ مۇھىت ئاسراش

## توققۇزىنچى قىسىم

# شەھەر قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش

## I باب

## شەھەر قۇرۇلۇشى

### § 1 . باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ئۇ شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىشلارنى بېجىردى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944 - يىلى) چاقىلىق 3 - دەرىجىلىك ناھىيە قىلىپ ئايرىلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارىمىقىدا 3 بۆلۈم تەسىس قىلىندى، 3 - بۆلۈم قۇرۇلۇش، مائارىپ قاتارلىق ئىشلارنى بېجىردى. مىنگو دەۋرىدە، قۇرۇلۇش بۆلۈمى ۋە قۇرۇلۇش باشقۇرغۇچى ئاپپارات تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى جەھەتتە ھېچقانداق خىزمەت قانات يايدۇرۇلمىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 2 - ئايدا، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ئۇ، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشىنى باشقۇردى. 1957 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1960- يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك شەھەر - يېزا يوللىرىنى پىلانلاش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1964 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك يەر پىلانلاش كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇ كومىتېت 7 كىشىدىن تەركىب تاپتى. ئۇنىڭ قارىمىقىدا 12 كىشى ئىشلەيدىغان يەر پىلانلاش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. 1974 - يىل 7 - ئايدا، چاقىلىق ناھىيىلىك شەھەر- يېزا پىلانلاش كومىتېتى قۇرۇلدى. كومىتېت 7 كىشىدىن تەركىب تاپتى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا شەھەر - يېزا پىلانلاش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. ئىشخانا ئورنى سۇ ئېلېكتر بۆلۈمىدە بولدى. 1980 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇ، 9 كىشىدىن تەركىب تاپتى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا قۇرۇلۇش كومىتېتى ئىشخانىسى تەسىس

قىلىنىپ، ئۇ، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇردى. 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بىر نەپەر قوشۇمچە ئىشخانا مۇدىرى، 2 كەسپىي كادىر قويۇلدى. 1983- يىل 6 - ئايدا، چاقىلىق ناھىيىلىك كەنت - بازارلارنى پىلانلاش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 1984- يىل 7 - ئايدا، ئاپپاراتلار ئىسلاھ قىلىنىپ، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1985 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك شەھەر - يېزا پىلانلاش - لايىھىلەش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، لايىھىلەش ئىشخانىسى شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىگە قاراشلىق بۆلۈمچە دەرىجىلىك ئورۇن، كارخانا تۈزۈمىدە باشقۇرۇلىدىغان كەسپىي ئورۇن بولدى. ئۇنىڭ شتاتى 5 قىلىپ بېكىتىلدى. شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىدە 10 رەسمىي ئىشچى - خىزمەتچى، 3 ۋاقىتلىق ئىشچى (لايىھىلەش ئىشخانىسىدىكىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىشلىدى.

## § 2 . ناھىيە بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ كۆلىمى بەك كىچىك، يوللىرى توپا يول بولۇپ، كەڭلىكى تەخمىنەن 5 مېتىر ئىدى، ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىرغا يەتمەيتتى. ئۆيلەر ئاددىي بولۇپ، شالاڭ جايلاشقان، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى ئاران 187 ئېغىز بولۇپ، جەمئىي 5000 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك ئىدى؛ ھۆكۈمەت ئۆيلىرى ۋە مەسچىتلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 8000 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك، ناھىيە بازىرىدىكى ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 13 مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە بولغان 25 يىلدا، شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولۇپ، چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى. سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، ئىدارە - ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا، ئادەملەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۆيلەرمۇ كۆپەيدى، ئۆي كۆلىمىمۇ تەدرىجى كېڭەيدى، ئەمما يەنىلا كونا بازارنىڭ 3 ئاچماق كوچا شەكلى ساقلاپ قېلىنىپ، ئۇنىڭ تەبىئىي تەرەققىي قىلىشىغا سۈكۈت قىلىندى. پەقەت بەزى يېڭىدىن قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، 3 چوڭ كوچا ئۆزگەرتىلدى. بۇرۇنقى كوچىلار ئاساسىدا 3 كوچىنىڭ ئەگرى - بۈگرى جايلىرى ئۇدۇللاندى ۋە كېڭەيتىلدى، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە رەتلىك ھالدا دەرەخ تىكىلدى، بازار ئىچىدە ھەر يىلى دېگۈدەك يېڭى ئۆيلەر سېلىنىپ، ئۇنىڭ قىياپىتى بىر قەدەر رەتكە سېلىندى. شەھەر ئىچىدىكى قۇرۇلۇشلاردا يەنىلا توپا ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىقى ئاساس قىلىنىپ، كوچىلارنىڭ ھەممىلا يېرىگە كېسەك ئۆيلەر سېلىندى، پەقەت ناھىيىلىك ئارخىپخانىنىڭ بىر كورپۇس ئۆيىلا خىش- سېمونت قۇرۇلمىلىق قىلىپ سېلىندى. شەھەر بويىچە ئەڭ چوڭ قۇرۇلۇش — «ئالتۇنتاغ كۈلۈبى» خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ سېلىندى. 1974 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بازىرى ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى تەخمىنەن بىر كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. بازارنىڭ شەرق، غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرىگە بازار ئىچى بىلەن سىرتىنىڭ پاسىلى سۈپىتىدە 3 زىننەت دەرۋازىسى ياسالدى. 3 كوچىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1170 مېتىر. بازاردىكى ئۆيلەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ئاران 54 مىڭ 698 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئىمارەتلەرنىڭ زىچلىقى 5.47% بولدى. ناھىيە بازىرىنىڭ كۆلىمى كىچىك، قۇرۇلۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، جامائەت پاراۋانلىق مۇئەسسەسەلىرى

مۇكەممەللەشمىگەن بولۇپ، ھەقىقەتەن چەت، ئارقىدا قالغان كىچىك ناھىيە بازىرى ئىدى. كېيىنى چاغدا سىرتتىن چاقىلىققا كەلگەنلەر: «بار ئىكەن ئۇچلا كوچا، 9 چىرىغى، ئاڭلايدىكەن بىر كاناينى يېقىن - يىرىقى» دېيىشەتتى.

1975 - يىلىدىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدا بىر قەدەر چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. «ئىتتىپاق» يولى، «ئىتتىپاق» 2 - يولى، «قۇرۇلۇش» يولى يېڭىدىن ياسىلىپ، كونا بازارنىڭ 3 ئاچىماق كوچىلىق جايلىشىش ھالىتى بۇزۇپ تاشلاندى، بازار ئىچىدىكى ئۆيلەر كۆپەيدى، يېڭى - يېڭى قۇرۇلۇش نۇسخىلىرى بارلىققا كەلدى، قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈپىتى ئۆستى. كوچىلارغا قارىتىپ سېلىنىدىغان ئۆيلەر پەيدىنپەي خىش - ياغاچ بىلەن ۋە پىششىق خىش، بېتون بىلەن سېلىنىدىغان بولدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە، يېڭى سېلىنغان بىنا 10غا، ناھىيە بازىرىدىكى ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 236 مىڭ 911.8 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكىدىكى قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 18.2 ھەسسىگە توغرا كەلدى. ناھىيە بازىرىدىكى يوللارغا قاراماي ياتقۇزۇلدى، يول چىراغلىرى ئورنىتىلدى. ناھىيە بازىرىدىكى جامائەت پاراۋانلىقى ئەسلىھەلىرى تەدرىجىي ياخشىلاندى. 1983 - يىلىدىن كېيىن، ناھىيە بازىرىدا قەدەممۇ - قەدەم سۇ تورۋىبىسى ئورنىتىلدى، سودا بازارلىرى قۇرۇلدى، ناھىيە بازىرىدا تۆرلەر بويىچە جايلاشقان، بىر قەدەر مەركەزلەشكەن نۇقتىلار يەنى: مەيداندىكى مەدەنىيەت نۇقتىسى، شەرقىي مەدەنىيەت يولىدىكى مائارىپ نۇقتىسى، غەربىي مەدەنىيەت يولىدىكى سىياسەت نۇقتىسى، 4 كوچا ئېغىزىدىكى سودا نۇقتىسى، 3 كوچا ئېغىزىدىكى پوچتا - ئالاقە - سودا نۇقتىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

## 1. كوچا، مەيدان قۇرۇلۇشى

ناھىيە بازىرىدىكى يول - كوچىلار 60 - يىللاردىن ئېتىبارەن ئۆزگەرتىلىشكە باشلىغان، بۇ ئەھۋال بەزىدە توختاپ قىلىپ، بەزىدە داۋاملىشىپ 20 نەچچە يىلنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، «مەدەنىيەت» يولى، «غالىبىيەت» يولى، «قۇرۇلۇش» يولى، «ئىتتىپاق» يولى، «ئىتتىپاق» 2 - يولى قاتارلىق 5 يول ۋە «ئىتتىپاق» كىچىك كوچىسى رەتكە سېلىنىپ قۇرۇپ چىقىلدى. 5 يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5.75 كىلومېتىر، «ئىتتىپاق» كىچىك كوچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.68 كىلومېتىر كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىكەنلىك يېزىسىدىن نېفىت شىركىتىگىچە بولغان تاشيول، ئەمەلىيەتتە، شەھەر - بازار يوللىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ، شەھەر - بازار يوللىرى بىلەن بىرلىكتە شەھەر - بازارلارنىڭ غول تىرىكى بولۇپ قالدى.

1) «مەدەنىيەت» يولى بۇ يول شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئەگرى يول بولۇپ، شەرق تەرىپى ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ شەرقىدىكى «ئاۋانگارت» تارماق ئۆستىڭىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى چاقىلىق دەرياسىغا تۇتىشىدۇ. بۇ، ئەسلىدە شېغىل ياتقۇزۇلغان تار يول ئىدى. 1964 - يىلى 1 - قېتىم ئۆزگەرتىپ ياسالغاندا يول كېڭەيتىلىپ، شېغىل ياتقۇزۇلدى، 1982 - ۋە 1985 - يىللىرى 2 - قېتىم زور كۆلەمدە ياسالغاندا 2 قېتىمغا بۆلۈپ قۇرۇلۇش قىلىنىپ، يول يۈزىگە قاراماي ياتقۇزۇلدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 990 مېتىرغا، كوچا قىزىل سىزىقىنىڭ ئومۇمىي كەڭلىكى 26 مېتىرغا يەتكۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىر، يول ياقىسىدىن ئېرىق ياقىسىغىچە بولغان كەڭلىك بىرمېتىر، ئېرىقنىڭ

كەڭلىكى 1.5 مېتىر، پىيادىلەر يولى 4.5 مېتىر بولۇپ، بۇ يولنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى جەمئىي 2.57 گېكتار.

2) «غالىبىيەت» يولى بۇ يول جەنۇبتا ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ ئالدىدىكى 3 كوچا ئېغىزىدىن باشلىنىپ، شىمالدا «ئالتۇنتاغ» مېھمانخانىسىغىچە سوزۇلىدۇ، ئەسلىدە شېغىل ياتقۇزۇلغان يول ئىدى. 1964 - يىلى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇپ ئەگرى جايلىرى ئۆدۈللاندى، يول يۈزى كېڭەيتىلىپ ۋە تەكشىلىنىپ، شېغىل ياتقۇزۇلدى ھەمدە شىمالدا تىكەنلىك يېزىسىدىكى 4 كوچا ئېغىزىغىچە ئۇزارتىلدى. 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە 2 قېتىم چوڭ كۆلەمدە ياسالغاندا، 2 باسقۇچقا بۆلۈپ قۇرۇلۇش قىلىنىپ، يول يۈزىگە قاراماي ياتقۇزۇلدى، يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 990 مېتىرغا، كوچا قىزىل سىزىقىنىڭ ئومۇمىي كەڭلىكى 26 مېتىرغا (كەسمە يۈزى «مەدەنىيەت» يولىنىڭكى بىلەن ئوخشاش)، ئومۇمىي ئىگىلىگەن يېرى 2.6 گېكتارغا يەتتى.

3) «قۇرۇلۇش» يولى بۇ يول 1979 - يىلى لايىھىلىنىپ، شۇ يىلى كۈزدە ياسىلىشقا باشلاپ، يول يۈزىگە شېغىل ياتقۇزۇلدى. «قۇرۇلۇش» يولى غەربتە ناھىيىلىك رېمونت زاۋۇتىنىڭ دەرۋازىسىدىن باشلىنىپ، شەرقتە «ئاۋانگارت» تارماق ئۆستىڭىگىچە سوزۇلىدۇ، 500 مېتىر سوزۇلغان جايدا «غالىبىيەت» يولى بىلەن كېسىشىدۇ. 1982 - يىلى يول يۈزى قايتىدىن رېمونت قىلىنىپ، 500 مېتىر يېرىگە قاراماي ياتقۇزۇلدى. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 835 مېتىر، قىزىل سىزىقىنىڭ ئومۇمىي كەڭلىكى 20 مېتىر، ئېرىقىنىڭ كەڭلىكى 1.5 مېتىر، پىيادىلەر يولىنىڭ كەڭلىكى 3.5 مېتىر، يولنىڭ ئومۇمىي ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1.67 گېكتار.

4) «ئىتتىپاق» يولى بۇ يول 1978 - يىلى لايىھىلىنىپ، شۇ يىلى 8 - ئايدا ياسىلىشقا باشلىغان. «ئىتتىپاق» يولى شىمالدا رېمونت زاۋۇتىدىن باشلىنىپ جەنۇبتا پاختا زاۋۇتىنىڭ كونا جايىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1156 مېتىر كېلىدۇ. 1981- يىل 8 - ئايدا، شىمالدا پاختا زاۋۇتىنىڭ كونا جايىدىن جەنۇبتا سۇ بۆلۈش تۇمشۇقىغىچە بولغان يول بۆلۈكى ياسالدى، بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1005 مېتىر. 1982 - يىلى 4 - ئايدا، جەنۇبتا ناھىيىلىك رېمونت زاۋۇتىدىن شىمالدا چاقىلىق - چەرچەن تاشيول غول لىنىيىسىگىچە بولغان بۆلۈكى ياسالدى، بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىر. شۇنىڭ بىلەن «ئىتتىپاق» يولى پۈتۈنلەي ياسىلىپ بولدى، بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2665 مېتىر بولۇپ، 4 يېرىدە ئەگىيدىغان جايى بار، بۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ناھىيىلىك رېمونت زاۋۇتى، ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى، ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ يېنىدا «قۇرۇلۇش» يولى، «مەدەنىيەت» يولى، «ئىتتىپاق» كىچىك كوچىسى، «ئىتتىپاق» 2 - كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. قىزىل سىزىقىنىڭ ئومۇمىي كەڭلىكى 18 مېتىر، يول يۈزى 8 مېتىر، ئېرىق 1.5 مېتىر، پىيادىلەر يولى 3.5 مېتىر، يولنىڭ ئومۇمىي ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 4.24 گېكتار.

1982 - يىل 7 - ئايدىن 11 - ئايغىچە يەنە رېمونت زاۋۇتىدىن ناھىيىلىك يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغىچە بولغان يول بۆلۈكىگە 1500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا قاراماي ياتقۇزۇلدى.

5) «ئىتتىپاق» 2 - يولى بۇ، سابىق ئۇلاغ ترانسپورت شىركىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى شېغىل يول بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 280 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يول 1981 - يىلى 8 - ئايدا ياسالغان. يولنىڭ كەسمە يۈزى ئىتتىپاق يولىنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئومۇمىي ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 0.45 گېكتار.

6) «مەدەنىيەت» كىچىك كوچىسى بۇ يول شىمالدا «مەدەنىيەت» يولى (يەسلىنىڭ

يېنى) دىن باشلىنىپ، جەنۇبتا ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ يېنىغا بارغاندا «ئىتتىپاق» يولى بىلەن تۇتىشىدۇ، يول يۈزىگە شېغىل ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 753 مېتىر. كوچىنىڭ كەڭلىكى 5 مېتىر، ئومۇمىي ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 0.38 گېكتار.

7) مەيدان بۇ مەيدان ناھىيىلىك «ئالتۇنتاغ» كۇلۇبىنىڭ ئۇدۇلىدا بولۇپ، «غالىبىيەت» يولىغا قاراپ تۇرىدۇ. مەيداننىڭ كەڭلىكى 43 مېتىر. ئۇزۇنلۇقى 94 مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 3999 كۋادرات مېتىر، يەنى 0.4 گېكتار. خەلق مەيدانىنىڭ شىمالى ناھىيىلىك كىنوخانا (يازلىق كىنوخانا)، جەنۇبى مەدەنىيەت يۇرتى، غەربى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. مەيداننىڭ ئىچىدە چىراغلىق توپ مەيدانى (1980 - يىلى توپ مەيدانى ياسىلىپ، 1984 - يىلى چىراغ ئورنىتىلدى) ۋە كىچىك كۆرۈش سۇپىسى ياسالدى. سۇپىنىڭ شەرقىي تەرىپى كوچىغا قارايدۇ، ئۇ يەرگە تەشۋىقات كۆزنەكلىرى ئورنىتىلدى.

8) كوچا چىراغلىرى 1962 - يىلى ناھىيە بازىرىغا كوچا چىراغلىرى ئورنىتىلىشقا باشلىغان. 1969 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى كوچا چىراغلىرى يېڭىۋاشتىن ئورنىتىلدى. 1984- يىلى 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 3 ئاساسلىق كوچىغا 20 چىراغ ئورنىتىلدى.

## 2. تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى

1) قۇرۇلۇش مىقدارى ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە يەنى 1950 - يىلى شەھەر ئىچىدىكى ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 13 مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك ئىدى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، 139 مىڭ 166.4 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ جاي كۆلىمى 44 مىڭ 16 كۋادرات مېتىر. 1985 ؛ يىلى شەھەر رايونىدا بارلىققا كەلگەن ئۆي- ئىمارەت 1210 كورپۇسقا، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 236 مىڭ 911.8 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ جاي كۆلىمى 146 مىڭ 825.5 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 62%نى ئىگىلىدى؛ ئاممىۋى قۇرۇلۇش كۆلىمى 56 مىڭ 698.7 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 23.9%نى ئىگىلىدى؛ باشقا ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 33 مىڭ 307.6 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 14.1%نى ئىگىلىدى.

2) ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلمىسى مىنگو دەۋرىدە، ناھىيە بازىرىدىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى تۈز ئۆگزىلىك لاي تام ئۆيلەر (سوقما تام ئۆيلەر) ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇلىغا ئوبدان ئىشلەنمەي، يەر ئۈستىگىلا قۇرۇلۇش قىلىناتتى، تاملىرىنىڭ ئاستى قېلىن، ئۈستى نېپىز بولاتتى، ئادەتتە ئاستىنىڭ قېلىنلىقى 70 — 80 سانتىمېتىر، ئۈستىنىڭ 50 — 60 سانتىمېتىر كېلەتتى. ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى كىچىكرەك بولۇپ، كەمدىن كەم دەرىزە قويۇلاتتى، كۆپىنچە ئۆيلەرنىڭ تۈڭلۈكى بولاتتى. تاملارنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە 2.4 — 2.8 مېتىر ئارىلىقىدا بولاتتى، ئۆينىڭ ئۆگزىلىرىگە لىم، بادرا قويۇلۇپ، قومۇش بورا سېلىنغاندىن كېيىن، سامانلىق لاي بىلەن سۇۋۇلاتتى، ئىمارەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى مەسچىتلەر بولۇپ، ئېگىزلىكى 3 — 4 مېتىر كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۇلىغا پىششىق خىش قويۇلاتتى، تۆت بۇرجىكى ۋە ئىشىك-دېرىزىلىرىنىڭ ئەتراپى پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇلاتتى، ئۆگزىسىنىڭ ئەتراپىغا پىششىق خىش ياتقۇزۇلاتتى، باشقا جايلىرى پۈتۈنلەي خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلاتتى؛ تاملىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئادەتتە 1 — 1.5 مېتىر ئېگىزلىكتە رۇجەك قويۇلاتتى، تاملىرى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋۇلاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۈستى، سوقما تاملىق كىچىك ئىمارەتلەر بارغانسېرى شاللىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى كېسەك-ياغاچ قۇرۇلمىلىق رەتلىك سېلىنغان بىر قەۋەتلىك ئىمارەتلەر ئىگىلىدى، ئىمارەتلەرگە ئەينەكلىك ۋە سىم تورلۇق دېرىزىلەر قويۇلىدىغان، ئۆيلەرنىڭ تېگىگە خىش ياتقۇزۇلىدىغان

بولدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۆي - ئىمارەتلەر قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلدى، 1985 - يىلغا كەلگەندە، يول بويىغا تەدرىجىي ھالدا خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ياكى خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆي - ئىمارەتلەر سېلىنىدىغان بولدى. تۇرغۇن ئورۇنلار ئاھالىلار ئۆچۈن خىش - ياغاچ ياكى خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق ئولتۇراق ئۆيلەرنى سالدى، بۇ ئۆيلەرگە چوڭ ئەينەكلىك دېرىزە قويۇلدى، ئۇنىڭ تۇرۇشلىرى ھاك لاي بىلەن سۇۋالدى، دېرىزىلىرىگىلا ئەمەس، ھەتتا بىر قىسىم ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىگىمۇ سىم تورتاتىلدى. بۇ ئۆي - ئىمارەتلەر ئىچىدە پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىلىقلىرى 2951.5 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 1.24%نى ئىگىلەيدۇ؛ ئارىلاش قۇرۇلمىلىقلىرى 6838.95 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 2.89%نى ئىگىلەيدۇ؛ خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىقلىرى 19 مىڭ 478.65 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 8.22%نى ئىگىلەيدۇ؛ كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋە سوقما تاملىقلىرى 207 مىڭ 642.71 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 87.65%نى ئىگىلەيدۇ.

1950 - يىلى بازار ئىچىدە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 4.51 كۋادرات مېتىر ئىدى، 60 - يىللاردا 6.6 كۋادرات مېتىرغا، 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا 7.4 كۋادرات مېتىرغا، 1985 - يىلى 9.21 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ سۈپىتى ۋە ئىچكى بېزىلىشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

## 3. ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار

1985 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى ئاممىۋى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەھۋالى مۇنداق بولدى:

1) مائارىپ ناھىيە بازىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 2 بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 7455.84 كۋادرات مېتىر؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 2 بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4414.33 كۋادرات مېتىر؛ بالىلار مەكتىپى بىر بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 549.28 كۋادرات مېتىر. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 12 مىڭ 419.45 كۋادرات مېتىر. ئۇنىڭدىن باشقا، ناھىيە باشقۇرغان بىر يەسلىمۇ بار.

2) سودا مۇلازىمىتى ناھىيە بازىرىدا چوڭ - كىچىك تۈرلۈك ماللار دۇكىنى، يېمەكلىك دۇكىنى، ئاشلىق دۇكىنى، تاماقخانا، ماگىزىن قاتارلىق مۇلازىمەت خاراكتېرلىك ئورۇنلاردىن 21ى بار، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 6575 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1935 كۋادرات مېتىر.

**چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەھەر - بازارلىرىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ 1985 - يىلدىكى قۇرۇلما ئەھۋالى**

جەدۋەل: 9 — 1

| تۈرى | جەمئىي | | پولات - بېتون قۇرۇلمىلىق | | ئارىلاش قۇرۇلمىلىق | | خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق | | باشقا قۇرۇلمىلىق | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كۋادرات مېتىر | % | كۋادرات مېتىر | % | كۋادرات مېتىر | % | كۋادرات مېتىر | % | كۋادرات مېتىر | % |
| جەمئىي | 236911.79 | 100 | 2951.48 | 1.24 | 6838.95 | 2.89 | 19478.65 | 8.22 | 207642.71 | 87.65 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلار باشقۇرغان ئۆيلەر | 144047.94 | 100 | 2861.72 | 1.98 | 6648.26 | 4.62 | 19032.44 | 13.55 | 115305.52 | 80.05 |
| كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلار باشقۇرغان ئۆيلەر | 12288.87 | 100 | | | 190.69 | 1.55 | 79.21 | 0.65 | 12018.97 | 97.8 |
| خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى ئۆيلەر | 73132.98 | 100 | 89.76 | 0.1 | | | 167 | 0.3 | 72876.22 | 99.6 |
| باشقىلار | 7442 | 100 | | | | | | | 7442 | 100 |

## چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى ۋە ئولتۇراقلىشىش سەۋىيىسىنى تەھلىل قىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 9 — 2

| تۈرى / يىللار | تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | | ئولتۇراقلىشىش سەۋىيىسى | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى | ئولتۇراقلىشىش كۆلىمى | ئائىلە سانى | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يەر كۆلىمى | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئۆي كۆلىمى |
| 1949 | 5719 | 2715 | 602 | 9.50 | 4.51 |
| 1952 | 9555 | 5096 | 910 | 10.50 | 5.60 |
| 1957 | 13862 | 6547 | 1127 | 12.30 | 5.81 |
| 1961 | 29502 | 14007 | 2323 | 12.70 | 6.03 |
| 1964 | 31682 | 15743 | 2456 | 12.90 | 6.41 |
| 1974 | 33143 | 17457 | 2530 | 13.10 | 6.90 |
| 1980 | 44016 | 19388 | 2620 | 16.80 | 7.40 |
| 1981 | 49652 | 22916 | 2738 | 18.13 | 8.37 |
| 1982 | 58494 | 26676 | 3214 | 18.20 | 8.30 |
| 1983 | 65110 | 28715 | 3339 | 19.50 | 8.60 |
| 1984 | 108756 | 39921 | 4421 | 24.60 | 9.03 |
| 1985 | 146825 | 48468 | 5263 | 27.90 | 9.21 |

## چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ بازارلىرىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەر سېلىنغان يىللار

جەدۋەل: 9 — 3

| تۈرى | جەمئىي | | 1949 - يىلدىن بۇرۇن | | 50 - يىللار | | 60 - يىللار | | 70 - يىللار | | 80 - يىللار | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كۋادرات مېتىر | % | كۋادرات مېتىر | % | كۋادرات مېتىر | % | كۋادرات مېتىر | % | كۋادرات مېتىر | % | كۋادرات مېتىر | % |
| جەمئىي | 236911.79 | 100 | 1840.56 | 0.77 | 7277.40 | 3.07 | 33464.96 | 14.13 | 96583.52 | 40.76 | 97745.35 | 41.27 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار باشقۇرغان ئۆيلەر | 144047.94 | 100 | | | 6390.69 | 4.44 | 26917.63 | 18.68 | 44513.01 | 30.9 | 66226.61 | 45.98 |
| كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار باشقۇرغان ئۆيلەر | 12288.87 | 100 | | | 507.11 | 4.12 | 2112.51 | 17.19 | 4431.06 | 36.06 | 5238.29 | 42.63 |
| خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى ئۆيلەر | 73132.98 | 100 | 1360.56 | 1.86 | 379.60 | 0.52 | 3384.82 | 4.63 | 43252.45 | 59.14 | 24755.55 | 33.85 |
| باشقىلار | 7442 | 100 | 480 | 6.45 | | | 1050 | 14.11 | 4387 | 58.95 | 1524.9 | 20.49 |

3) مەدەنىي - كۆڭۈل ئېچىش مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 585 كۋادرات مېتىر (تۇرالغۇ جاي ۋە ئاددىي ئامبارلار ستاتىستىكىغا كىرگۈزۈلمىدى)؛ كىنوخانىنىڭ، يازلىق كىنوخانىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1476 كۋادرات مېتىر؛ يەنە تىكتاك توپ ئۆيى، توپ مەيدانى ۋە پىشقەدەملەر پائالىيەت ئۆيى بار، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 800 كۋادرات مېتىر. مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 2861 كۋادرات مېتىر.

4) رادىئو - تېلېۋىزىيە بۆلىكى ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 1875.7 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا دولقۇنلۇق رادىئو كۈچەيتىش ئىستانسىسى بىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1234 كۋادرات مېتىر؛ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىر، سىملىق رادىئو ئۆزىكى بىر؛ ئۇلارنىڭ جەمئىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 641.7 كۋادرات مېتىر.

5) سارايلار ناھىيە بازىرى ئىچىدە 2 ساراي، 3 مېھمان كۈتۈش ئورنى بار، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 4960 كۋادرات مېتىر.

6) داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ئۇلارنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 3700.75 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە بالنىستنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 2249 كۋادرات مېتىر، ئامبۇلاتورىيە بىناسىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 980 كۋادرات مېتىر، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ ۋە ئانا - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 471.75 كۋادرات مېتىر.

7) پۇل مۇئامىلە خەلق بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 1579 كۋادرات مېتىر.

8) باشقىلار ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 29 مىڭ 178 كۋادرات مېتىر.

## 4. ناھىيە بازىرىغا ئىشلىتىلگەن يەر

1985 - يىلى ناھىيە بازىرىنىڭ دائىرىسى شىمالدا تىكەنلىكنىڭ يېزىسى، جەنۇبتا سۇ بۆلۈش تومىسى، شەرقتە «ئاۋانگارت» تارماق ئۆستىڭى، غەربتە چاقىلىق دەرياسىغىچە بولۇپ، ئومۇمىي

كۆلىمى 2.605 كۋادرات كىلومېتىر، يەنى 260.5 گېكتار (3907.5مو) غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆيلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 169.3 گېكتار (2539.5 مو) بولۇپ، ئومۇمىي ئىشلىتىلگەن يەرنىڭ 64.99%نى ئىگىلىدى؛ سانائەتكە ئىشلىتىلگىنى 10.4 گېكتار (156 مو) بولۇپ، 3.99%نى ئىگىلىدى؛ ئىسكىلاتقا ئىشلىتىلگىنى 4.6 گېكتار (69 مو) بولۇپ، 1.77%نى ئىگىلىدى؛ سىرتقى قاتناش ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 4 گېكتار (60 مو) بولۇپ، 1.53%نى ئىگىلىدى؛ ئالاھىدە ئېھتىياج (قىسمەلار، تۈرمە) ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 14.4 گېكتار (216 مو) بولۇپ، 5.53%نى ئىگىلىدى؛ شەھەر رايونىدىكى زىرائەت ۋە كۆكتات تېرىلىدىغان يەر 57.8 گېكتار (867 مو) بولۇپ، 22.19%نى ئىگىلىدى. شەھەر رايونىدىكى تېرىلىدىغان يەرلەرنى چىقىرىۋەتكەندە، بازار ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن يەر 20.27 گېكتار (تاشيول ئۆچاستكىسى، ئالتۇنتاغ ئۆچاستكىسى، ئوتتۇرا دولقۇنلۇق رادىئو كۆچەيتىش ئىستانسىسى، يېڭى گازارما، ئورمانچىلىق مەيدانى، ھاۋارايى پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئىشلەتكەن يەرلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

## 5. سۇ، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ۋە سەھىيە ئىشلىرى

1) بازار ئىچىدىكى ئىچىدىغان سۇ 1974 - يىلدىن بۇرۇن، چاقىلىق ناھىيە بازىرىدا كۆل سۈيى ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن. 1972 - يىل 10 - ئايدا 35 مىڭ يۈەن پۇل تەييارلىنىپ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق قۇدۇق بۇرغىلاش ئەترىتى تەكلىپ قىلىنىپ، ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا چوڭقۇرلىقى 79.1 مېتىر كېلىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇدۇقىدىن بىرى قېزىلدى، 1973 - يىلى ئەتىيازدا، ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللىقىدا سۇ مۇنارى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ، سىغىمچانلىقى 30 كۇب مېتىر، ئېگىزلىكى 8 مېتىر كېلىدىغان بىر سۇ مۇنارى سېلىش ئىشى باشلاندى، بۇ قۇرۇلۇش 1974 - يىلى تاماملىنىپ، مېھمانخانىغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇ مۇنارىغا يېقىن 2 جايغا سۇ بىلەن تەمىنلەش جۈمىكى بېكىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن چاقىلىق ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەر تۇنجى قېتىم تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىشكە مۇۋەپپەق بولدى، سۇ مۇنارىنى ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر بۆلۈمى قوشۇمچە باشقۇردى، ئۇنىڭغا كەسپىي سۇ باشقۇرغۇچىدىن بىر كىشى سەپلەندى، خىراجەت ناھىيە مالىيىسىدىن ئاجرىتىپ بېرىلدى.

1975 - يىلى سۇ بىلەن تەمىنلەش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە تەييارلىق كۆرۈلدى، ناھىيە مالىيىسىدىن 40 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلىپ، خىبېينىڭ جىنشيەن ناھىيىسىدىن سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان بىر تۈركۈم كۆلرەڭ سۇلياۋ تۇرۇبىلار كەلتۈرۈلدى، ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر بۆلۈمى سۇ بىلەن تەمىنلەش لىنىيىسىنى لايىھىلىدى. 1976 - يىل 9 - ئايدا سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسىنى ئورنىتىش باشلىنىپ، ناھىيە بازىرىدا سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسىدىن 12سى تەسىس قىلىندى. 1971 - يىلى ئەتىيازدا سۇ بىلەن تەمىنلەش رەسمىي باشلاندى.

1978 - يىلى، ناھىيىدە سۇ تۇرۇبىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ھەمدە ئادەم ئاجرىتىلىپ، قۇرۇلۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى. ناھىيە مالىيىسىدىن 80 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلىپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلار 50 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، جەمئىي 130 مىڭ يۈەنگە خوشۇت ناھىيىسىدىن 2 يۈرۈش مۇنارسىز سۇ تۇرۇبىسى ئۈسكۈنىسى سېتىۋېلىندى. ناھىيىدىكى سۇ مۇنارى قۇدۇقى، سىم يولى پونكىتى ھويلىسىدىكى

قۇدۇق ۋە ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ھويلىسىغا يېڭىدىن قېزىلغان بىر قۇدۇق بولۇپ جەمئىي 3 قۇدۇق سۇ مەنبەسى قىلىندى. 1982 - يىل 9 - ئايدا قۇرۇلۇش تاماملىنىپ، 10- ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي سۇ بېرىلدى. ناھىيىدە تۇرۇبا سۈيىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى، ھۆكۈمەت ئاھالىلەرنىڭ ھەر بىر جۈمەك ئۈچۈن ئېيىغا بىر يۈەن، ئىدارە - ئورۇنلارنىڭ ئېيىغا 5 يۈەن سۇ پۇلى تاپشۇرۇشىنى بەلگىلىدى، شۇنداق قىلىپ، يىلىغا تەخمىنەن 8000 يۈەن سۇ پۇلى يىغىۋېلىندى، ئۇنىڭغا كېتىدىغان چىقىم تەخمىنەن 15 — 18 مىڭ يۈەن بولۇپ، خىراجەتنىڭ يېتىشمىگەن قىسمى ئۈچۈن ناھىيە مالىيىسىدىن قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى. 1985- يىلى تۇرۇبا سۈيىنى باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ رەسمىي ئىشچى - خىزمەتچىسى 5كە، ۋاقىتلىق ئىشچىسى 2كە يەتتى، سۇ بىلەن تەمىنلەش دائىرىسى ناھىيە بازىرىدىكى ئورۇنلارنىڭ %72نى ئىگىلىدى، بازار ئىچىدىكى %70 كىشى تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتەلەيدىغان بولدى.

## چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 1985 - يىلدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۈپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەھۋالى

جەدۋەل: 9 — 4

| نامى / تۈرى | ئۆستەڭ سۈيى | ناھىيىدىكى سۇ مۇنارىنىڭ قۇدۇقى | سىم يولى پونكىتىدىكى قۇدۇق | 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قۇدۇقى |
|---|---|---|---|---|
| چوڭقۇرلۇقى (مېتىر) | | 79.1 | 48 | 52 |
| فتور mg/tنىڭ نەق قىممىتى | 0.68 | 0.68 | 0.94 | 0.00 |
| PH قىممىتى | 7.56 | 7.26 | 7.23 | 7.50 |
| قاتتىقلىق دەرىجىسى mg/t | 15.48 | 31.19 | 47.52 | 50.25 |
| كالتسىي mg/t | 37.91 | 95.52 | 236.60 | 148.89 |
| ماگنىي mg/t | 44.14 | 77.22 | 62.50 | 127.56 |
| خلورىدلار mg/t | 113.53 | 223.74 | 364.40 | 363.29 |
| خلورىتسىز سۇلفات mg/t | 147.60 | 273.60 | 298.80 | 309.60 |
| كاربون دى خلورىتسىز سۇلفات mg/t | 188.22 | 318.63 | 387.20 | 389.89 |
| كالىي+ناترىي mg/t | 96.25 | 150.50 | 147.00 | 128.75 |

1985 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە تۇرۇبا سۈيىنىڭ مەنبەئىي ۋە سۈپىتى خىمىيىلىك تەكشۈرۈلدى، سىم يولى ئۆچاستىكىسىدىكى قۇدۇق سۈيىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى 47.52°، ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىكى قۇدۇق سۈيىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى 50.25° بولۇپ، سۇ سۈپىتىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى دۆلەت ئۆلچىمىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك يۇقىرى ئىكەنلىكى، ئىستېمال قىلىشقا بولمايدىغانلىقى سېزىلدى؛ سۇ مۇنارى قۇدۇقىنىڭ سۈيىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى 31.19° بولۇپ، سۇ سۈپىتى ئاساسىي جەھەتتىن تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇپ

چىقتى.

2) بازار ئىچىنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش 1985 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى 150 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنى قۇردى، بىر توننىلىق پار قازىنىنى ئىشلىتىپ پار بىلەن تەمىنلىدى. چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ 31 - شۆبىسىمۇ سۇ پارى بىلەن ئىسسىقلىق بېرىش سىستېمىسىنى قۇردى، ئۇلارمۇ بىر توننىلىق پار قازىنى ئىشلەتتى. باشقا ئورۇنلار پۈتۈنلەي مەش بىلەن ئىسسىتىلدى.

3) بازار ئىچىنىڭ تازىلىقى 1985 - يىل 4 - ئايدا بازار ئىچى تازىلىق ئەترىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 11 ئادەم، بىر ئاپتوموبىل («ئازادە» ماركىلىق)، بىر كىچىك موللاقچى كوزۇپلۇق تراكتور سەپلەپ بېرىلدى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى 4 ئاساسلىق كوچا (2.4 كىلومېتىر) نى تازىلاش بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4000 كۇب مېتىر، تەخمىنەن 4800 — 5200 توننا ئەخلەت سىرتقا توشۇلىدۇ. تازىلىق ئەترىتىنى چاقىلىق بازارلىق ھۆكۈمەت ۋاكالىتەن باشقۇرىدۇ، يىلىغا 2.2222 يۈەن ئەخلەت پۇلى يىغىۋېلىنىدۇ، دۆلەت 15 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىدۇ.

## 6. بازار ئىچىنىڭ قۇرۇلۇش خىراجىتى

بازار ئىچىنىڭ قۇرۇلۇشىدا دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل بىلەن يەرلىك ئورۇن ئۆزى تەييارلىغان پۇل خىراجەت مەنبەئى قىلىندى.

1) بازار ئىچىنىڭ ئۆتكەن يىللاردىكى قۇرۇلۇش خىراجىتى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ بازىرى كىچىك، نوپۇسى ئاز بولغاچقا، ھەر يىلى ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆپ خىراجەت كەتمەيدۇ.

### چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئۆتكەن يىللاردا شەھەر - بازار قۇرۇلۇشىغا سالغان خىراجىتىنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 9 — 5 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | ئاساسلىق قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇل | يەرلىك ئۆزى تەييارلىغان پۇل | تۈرلەر / يىللار | ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇل | يەرلىك ئۆزى تەييارلىغان پۇل |
|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 15 | | 1976 | 23.11 | |
| 1963 | | 0.0663 | 1977 | 34.77 | |
| 1964 | | 2.60 | 1978 | 32.31 | |
| 1965 | | 0.14 | 1979 | 26.8 | |
| 1969 | 20.1 | 0.10 | 1980 | 28.09 | 10.14 |
| 1970 | 10.5 | 0.5 | 1981 | 38 | 27.2 |
| 1971 | 10.47 | 1.1 | 1982 | | 1.13 |
| 1972 | 66.9 | 1 | 1983 | 16 | 1.5 |
| 1973 | 49.07 | 1 | 1984 | 14.4 | 24.5 |
| 1974 | 139 | | 1985 | 33 | 4.08 |
| 1975 | 10.93 | | جەمئىي | 568.45 | 75.0563 |

2) ئۆي ئىجارىسى 1963 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆي ئىجارىسىدىن 21 مىڭ 998 يۈەن كىرىم قىلىندى.

3) شەھەرنى ئاسراش بىجى چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر ئاسراش ـ قۇرۇلۇش بىجى ۋاقىتلىق نىزامى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر ئاسراش ـ قۇرۇلۇش بىجىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى»نىڭ روھىغا ئاساسەن، چاقىلىق بازىرى ۋە يېتىمبۇلاق بازىرىنىڭ باج نىسبىتىنى 5%، يېزا، كەنت، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە تۈەن ـ مەيدانلارنىڭكىنى 1% قىلىپ بەلگىلىدى. 1985 ـ يىلى شەھەر ئاسراش ـ قۇرۇلۇش بىجىدىن 12 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى.

## 7. بازار ئىچىنىڭ كۆكەرتىلىشى

1) ناھىيە بازىرىنىڭ 50 ـ يىللاردىكى كۆكەرتىلىش ئەھۋالى ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، ناھىيە بازىرىنىڭ قىياپىتى كونا پېتىچە بولۇپ، كوچا ـ يوللاردا پەقەت پارچە ـ پۇرات، يىگانە دەل ـ دەرەخلەرلا بار ئىدى؛ بازارنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆستەڭلەرنىڭ بويلىرىغا ئاندا ـ ساندا سۆگەت ياكى تېرەكلەر تىكىلگەن ئىدى؛ مەخسۇس كۆكەرتىلگەن يەرلەر ياكى كۆچەت يېتىشتۈرۈش بازىسى يوق ئىدى. بۇ ھالەت 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋام قىلدى. 1962 ـ يىلىغا كەلگەندە، ناھىيە بازىرىدىكى دەل ـ دەرەخ 21 مىڭ 736 تۈپكە، ئۇنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى تەخمىنەن 3.48 موغا يەتتى، كىشى بېشىغا 25 تۈپتىن دەرەخ، 0.05 مودىن دەرەخلىق يەر توغرا كەلدى، ناھىيە بازىرىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 6.4% گە يەتتى. دەرەخ سورتلىرى شىنجاڭ تېرىكى، ئاق تېرەك، قارا ياغاچ، سۆگەت، جىگدە، شاپتۇل، ياڭاق، ئۈزۈم تېلى، ئۆرۈك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2) ناھىيە بازىرىنىڭ 60 ـ يىللاردىكى كۆكەرتىلىش ئەھۋالى 1964 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن، بازار ئىچىدىكى كوچا ـ يوللار ئۆزگەرتىلىشكە باشلىدى، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا رەت ـ رەت دەرەخلەر كۆپەيتىپ تىكىلدى، ھەر قايسى ئىدارە ـ ئورگانلار خالىس ئەمگەك قىلىپ كۆچەت تىكتى، بىر قىسىم ئىدارە، ئورگانلارنىڭ ھويلىلىرىغىمۇ كۆچەت تىكىلدى، بازار ئىچىنى باغ ـ ۋارانلاشتۇرۇش، كۆكەرتىشتە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. 1969 ـ يىلىغا كەلگەندە، يول ئەتراپلىرىغا جەمئىي 18 مىڭ تۈپ، تەخمىنەن 40 مو يەرگە كۆچەت تىكىلدى؛ «تۆت ئەتراپ» قا 34 مىڭ 200 تۈپ، تەخمىنەن 76 مو يەرگە كۆچەت تىكىلدى، جەمئىي كۆچەت تىكىلگەن يەر 116 موغا، 52 مىڭ 200 تۈپكە يەتتى. بازار ئىچىدىكى ھەربىر كىشىگە تەخمىنەن 24 تۈپتىن دەرەخ توغرا كەلدى، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى تەخمىنەن 7% گە يەتتى.

3) ناھىيە بازىرىنىڭ 70 ـ يىللاردىكى كۆكەرتىلىش ئەھۋالى ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى يول ئەتراپلىرىغا تىكىلىدىغان يېڭى دەرەخ سورتلىرىنى، مەسىلەن، يۇمىلاق تاجلىق سۆگەت، يوگومەچ سۆگەت، جوڭگو ياسمىن دەرىخى، ئاق ئاكاتسىيە، سوۋادان تېرەك قاتارلىقلارنى سىرتتىن كىرگۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە نەشپۈت، ئالما، قەغەز ياڭاق قاتارلىق بىر تۈركۈم يېڭى مېۋىلىك دەرەخ سورتلىرىنىمۇ كىرگۈزدى. ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى كوچا ـ يوللارنىڭ ئەتراپىغا تىكىلگەن كۆچەتلەرنى مەخسۇس پەرۋىش قىلىشقا 2 ئىشچى تەيىنلەپ، بازار ئىچىنى كۆكەرتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلدى. 1977 ـ يىلدىكى بازار ئىچىنى كۆكەرتىشكە ئائىت ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، يول ئەتراپلىرىغا تىكىلگەن كۆچەت 16.9 موغا، 7607 تۈپكە، «تۆت ئەتراپ» قا تىكىلگەن كۆچەت 103 موغا، 46 مىڭ

350 تۈپكە، ناھىيىلىك كۆچەتزارلىقتىكى دەل - دەرەخ ئورنى، باغ ۋە كۆچەتلىك 120 موغا يەتكەن. ناھىيە بازىرىدىكى جەمئىي دەل - دەرەخ 239.9 موغا، تەخمىنەن 107 مىڭ 955 تۈپكە يەتكەن. ناھىيە بازىرىدىكى ھەربىر كىشىگە 32 تۈپتىن دەرەخ توغرا كەلگەن. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %9 بولغان.

4) ناھىيە بازىرىنىڭ 80 - يىللاردىكى كۆكەرتىلىش ئەھۋالى يېڭى ياسالغان «قۇرۇلۇش» يولى، «ئىتتىپاق» 2 - يولى ۋە ئۇزارتىلغان «ئىتتىپاق» يولىنىڭ ئەتراپلىرىغا پۈتۈنلەي كۆچەت تىكىلدى. 1985 - يىلىغا كەلگەندە، ناھىيە بازىرىدىكى يول ئەتراپلىرىغا يېڭىدىن تىكىلگەن دەرەخ 28 مىڭ 400 تۈپكە، 63.1 موغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرەك 27 مىڭ 574 تۈپ، سۆگەت 276 تۈپ، قارىياغاچ 230 تۈپ، يۇمىلاق تاجلىق سۆگەت 276 تۈپ؛ «تۈت ئەتراپ»تىكى دەرەخ 46 مىڭ 746 تۈپكە، 108 موغا يەتتى، ئىدارە ئورۇنلارنىڭ كوللېكتىپ باغلىرى 18 موغا، مېۋىلىك كۆچەتلىرى 3060 تۈپكە، شەخسلەرنىڭ باغلىرى 31.4 موغا، مېۋىلىك كۆچەتلىرى 5350 تۈپكە يەتتى. ناھىيىلىك كۆچەتزارلىق يېتىشتۈرگەن كۆچەتلىك 68 مو، باغ 78 مو، ئۈزۈمزارلىق 13 مو، پارچە كۆچەت 41 مو بولۇپ، جەمئىي 200 موغا يەتتى. ناھىيە بازىرىدىكى كۆكەرتىلگەن يەر كۆلىمى 420.5 موغا، بازار ئىچىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %12.8كە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن دەرەخ 45 تۈپكە يەتتى. مەجنۇنتال، كونىغېرىن، بېيجىڭ تېرىكى، پىندىق ياڭاق قاتارلىقلار يېڭىدىن كىرگۈزۈلدى.

5) گۈل - گىياھ ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ئاز ساندىكى كىشىلەر ھويلىلىرىغا ياكى يەرلىرىنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا بەزى يەرلىك گۈل - گىياھلارنى ۋە مەنزىرە ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىيتتى، تېرىلغان گۈل - گىياھلىرىنى كۆپىنچە ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلىتەتتى. مەسىلەن: قاپاقنى پىشۇرۇپ سۇدان ياكى نوگاي قىلىش ئۈچۈن، قارا گۈلنى ئاياغ مېيى ئورنىدا ئاياغ بوياش ئۈچۈن، ئەتىرگۈلنى گۈلقەن قىلىش ئۈچۈن تېرىيتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى، گۈل تېرىيدىغانلارمۇ تەدرىجىي كۆپەيدى. 1958 - يىلدىن كېيىن، چېكرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن چاقىلىققا كەلگەن خەنزۇ كادىرلار بەزى گۈل - گىياھ ئۇرۇقلىرىنى، مەسىلەن، ھەپىرەڭگۈل، تولدۇرما گۈل، پاكار ھەشقىپىچەك، كاكتۇس، چېقىرتماق گۈل قاتارلىقلارنى ئالغاچ كەلدى. 1975 - يىلدىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ھەممە ئائىلىدە تەشتەكلەردە گۈل بېقىلىدىغان، ئىدارىلەرنىڭ ئىشخانىلىرىدىمۇ تەشتەكلەردە گۈل بېقىلىدىغان بولدى، ئىدارىلەرنىڭ ۋە شەخسىيلەرنىڭ ھويلا، ئارامىلىرىغىمۇ ئومۇميۈزلۈك ھالدا گۈللۈك ياسالدى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە شەھەر - يېزىلاردا جەمئىي 12 مىڭ 400 تەشتەك گۈل بېقىلدى، چوڭ - كىچىك 96 گۈللۈك (تەخمىنەن 30.5 مو) ياسالدى، گۈللەرنىڭ تۈرى 60 - يىللاردىكى 21 خىلدىن 1985 - يىلى 67 خىلغا كۆپەيدى.

چاقىلىقتا يەرلىك گۈل - گىياھلاردىن، ئاساسلىقى، ئازغان، كەندىرگۈل، مالەن گۈلى، لەيلىگۈل، ھەشقىپىچەك، خېنىگۈل، مەنزىرە قاپىقى، مەنزىرە كاۋىسى قاتارلىقلار بار.

سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن ئاساسلىق گۈل - گىياھ سورتلىرىدىن قوغۇن گۈل، كۆزگى گۈل، تاش ئالما، نەغمەگۈل، نازاكەت، ئاسماگۈل، توبېروزا، ياڭيۇ گۈل، قوناق گۈل، پانۇس گۈل، ئۈژمە گۈل، سۆگەت گۈل، سۆسۈن سېرىنگۈل، كاكتۇس، شار كاكتۇس، ئۈچلۈق كاكتۇس قاتارلىق 40 نەچچە خىلى بار.

# 3 § . بازار قۇرۇلۇشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 25 - يىلى (1899 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدە ئەڭ بۇرۇنقى چاقىلىق نائىب ئامبال بازىرى ۋە يېڭىسۇدىكى پىچان شەھىرى بازىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەنىدى.

مىنگو دەۋرىدە، ناھىيە بويىچە مىرەن، چاقىلىق ۋە ۋاششەرىدىن ئىبارەت 3 بازار ۋە چىمەن تاغ رايونىدىكى تۆمۈرلۈك، ئىشەكپاتتىدىن ئىبارەت 2 سودا سورۇنى بار ئىدى. بۇ بازارلارنىڭ كۆلىمى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، كوچىلىرى ئەگرى - بۈگرى توپا كوچىلار ۋە ئۆيلىرى ئاددىي، تۈز ئۆگزىلىك سوقما تام ئۆيلەر ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چاقىلىقنىڭ بازار قۇرۇلۇشى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، كونا، سوقما تام ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ياكى خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر ئىگىلىدى. 1979 - يىلىدىن كېيىن، ھەر قايسى بازارلاردا يول - كوچىلار قايتىدىن ياسالدى، ئۆزگەرتىلدى ۋە كېڭەيتىلدى، يوللار پۈتۈنلەي دېگۈدەك كەڭ، تۈپ - تۈز شېغىل يوللارغا ئۆزگەرتىلدى. بازار قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھەممىسى بىر تۇتاش پىلان بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ناھايىتى تەرتىپلىك جايلاشتۇرۇلدى، بولۇپمۇ يېڭى شەكىللەنگەن چىمەن رايونىدىكى يېتىمبۇلاق بازىرى نۇرغۇن كان رايونى ئاھالە نۇقتىلىرىدىن تەركىب تاپتى. قىسقىغىنە بىر نەچچە يىلدا، پۈتكۈل كان رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ ئەمەلىي يەر كۆلىمى 2 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، بۇ كان رايونى يېڭى گۈللىنىۋاتقان كان رايونلىرىدىن بولۇپ قالدى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە بازارلار كۆلىمى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى بولغان 1950- يىلدىكى 1.1 كۋادرات كىلومېتىردىن كېڭىيىپ 2.85 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى، بازارلاردىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 12 مىڭ كۋادرات مېتىردىن تەرەققىي قىلىپ 147 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مىرەن بازىرىنىڭ يەر كۆلىمى 1.2 كۋادرات كىلومېتىرغا، ئۆي - ئىمارەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 84 مىڭ 180 كۋادرات مېتىرغا، تىكەنلىك يېزا بازىرىنىڭ كۆلىمى 0.20 كۋادرات كىلومېتىرغا، ئۆي - ئىمارەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى تەخمىنەن 5600 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەككە، ۋاششەرى يېزا بازىرىنىڭ كۆلىمى 0.95 كۋادرات كىلومېتىرغا، ئۆي - ئىمارەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 31 مىڭ 60 كۋادرات مېتىرغا، يېتىمبۇلاق بازىرىنىڭ كۆلىمى 0.45 كۋادرات كىلومېتىرغا، ئۆي - ئىمارەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 26 مىڭ 279 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يېڭى تىپتىكى بۇ كىچىك بازارلاردا، ئومۇمەن، داۋالاش - مائارىپ، مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرى تولۇق، دوختۇرخانا، مەكتەپ، مەدەنىيەت پونكىتى، پوچتا پونكىتى، ماگىزىن، ساراي، ئاشخانا ۋە رېمونتخانا، ساتىراشخانا قاتارلىق مۇلازىمەت تور - نۇقتىلىرى بار بولۇپ، بۇ جايلار يېزا، رايون ۋە دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد مەركىزى بولۇپ قالدى.

## § 4 . يېزا ـ كەنتلەر قۇرۇلۇشى

مىنگو دەۋرىدە، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ كەنتلىرىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەر تارقاق، قالايمىقانىدى، تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى سوقما تاملىق ياكى ۋادەك تاملىق، تۈز ئۆگزىلىك كىچىك ئۆيلەر بولۇپ، پاكار ھەم قاراڭغۇ شۇنداقلا رەتسىز ئىدى. سەل ھاللىقراق بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى كېسەك بىلەن سېلىنغان بولۇپ، بىر قەدەر رەتلىك كۆرۈنەتتى. ئاز ساندىكى بايلار، بەگلەرنىڭ ئۆيلىرى بولسا، ئىشىك ـ دېرىزىلىرى نەقىشلەنگەن، كارىدور ـ پەلەمپەيلىرى بار خىش ـ كېسەك ـ ياغاچ ئارىلاش قۇرۇلمىلىق، تاملىرى ئېگىز، كەڭ ۋە ئازادە ئايۋان ـ سارايلىرى بار ئۆيلەر ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلدىن 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خېلى بىر قىسىم دېھقانلار يېڭى ئۆيلەرنى سالدى، ئەمما ئۆي پاسونى ۋە سۈپىتى جەھەتتە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى، پەقەت ۋادەك ئۆيلەرلا ئەمەلدىن قېلىپ، كېسەك ئۆيلەر تەدرىجىي كۆپەيدى. 1963 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزىلارنى «بەشتە ياخشى» (ياخشى ئۆستەڭ، ياخشى ئورمان، ياخشى يول، ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى ئاھالە نۇقتىسى) قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيىنىڭ «بەشتە ياخشى» بولۇش قۇرۇلۇشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1965 — 1966 ـ يىللىرى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ كەنتلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنى بىرلىك قىلغان ئاھالە نۇقتىسىدىن جەمئىي 45ى شەكىللىنىپ، 1363 ئۆيلۈك دېھقان يېڭى قۇرۇلغان ئاھالە نۇقتىلىرىغا كۆچۈپ كىردى، بۇ، پۈتۈن ناھىيىدىكى دېھقانلارنىڭ %67.2ـىنى ئىگىلىدى، دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 156 مىڭ 818 كۋادرات مېتىرغا، ھەربىر ئائىلىگە توغرا كەلگەن تۇرالغۇ جاي كۆلىمى 115 كۋادرات مېتىرغا، ئاھالە نۇقتىلىرى ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1776 موغا يەتتى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى يېزىلارنىڭ ۋەزىيىتىدە تۈپ ئۆزگىرىشلەر بولدى، ناھىيىلىك، يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر يېزا ـ كەنتلەر قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاش، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئېتىز، ئورمان، يول، ئۆستەڭ ۋە ئاھالە نۇقتىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزىدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 3 يېزىدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 449 مىڭ 894.8 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 38 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 381 مىڭ 679.2 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ %84.84نى ئىگىلىدى؛ ئاممىۋى قۇرۇلۇش، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇش كۆلىمى 68 مىڭ 215.6 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ %15.16نى ئىگىلىدى. قۇرۇلۇشلارنىڭ قۇرۇلمىسى بويىچە ئايرىغاندا، بۇ قۇرۇلۇشلار ئىچىدە سوقما تاملىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 363 مىڭ 344.5 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ %80.76نى ئىگىلىدى؛ كېسەك ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 71 مىڭ 428.9 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ %15.88نى ئىگىلىدى؛ خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 15 مىڭ

121.4 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 3.36% ئىگىلىدى. 3 يېزىدىكى دېھقانچىلىق رايونىدا (چاقىلىق بازىرىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 2868 ئۆيلۈك، 11 مىڭ 669 دېھقان بولۇپ، ھەربىر دېھقان ئائىلىسى ئىگىلىگەن تۇرالغۇ جاي كۆلىمى 131.2 كۋادرات مېتىرغا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تۇرالغۇ جاي كۆلىمى 32.2 كۋادرات مېتىرغا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاممىۋى قۇرۇلۇش كۆلىمى 5.8 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇشى ۋە يېزىلاردىكى ئاممىۋى قۇرۇلۇش تەرەققىي قىلغان ۋاقىتتا، يېزىلارنىڭ «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشىدىكى باشقا تەرەپلەردىمۇ بىر قەدەر زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. 80 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگىچە ناھىيە بويىچە يېزا - كەنتلەردىكى توپا يوللارنىڭ ھەممىسىگە شېغىل ياتقۇزۇلۇپ بولدى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئورمان بەلۋېغى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىندى، ئاساسلىق ئۆستەڭلەرنىڭ ھەممىسى سۇ سىڭمەس قىلىپ يۇرۇشلەشتۈرۈلدى. كۆۋرۈك، سۇ ئۆتكۈچ، تاقاق قاتارلىق 1077 قۇرۇلۇش ئەسلىھەسى يۇرۇشلەشتۈرۈلۈپ ياسالدى، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى مۇئەسسەسەلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تولۇقلاندى، ئېلېكتر تورى دېھقانچىلىق رايونىدىكى 34 تەبىئىي كەنتكە يېتىپ باردى. يېزا - كەنتلەردە 2868 ئائىلىلىك دېھقان يېڭى ئاھالە نۇقتىلىرىغا كۆچۈپ كىردى، 65% دېھقان ئائىلىسى تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتەلەيدىغان بولدى.

ناھىيە بويىچە كەنت - مەھەللىلەرگە ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي يەر 486.2 گېكتار بولۇپ، كىشى بېشىغا 410.3 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ جايغا ئىشلىتىلگەن يەر 237.76 گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي ئىشلىتىلگەن يەرنىڭ 48.9%نى ئىگىلىدى ۋە كىشى بېشىغا 200.7 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى، ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن يەر 81.86 گېكتار بولۇپ، 16.84%نى ئىگىلىدى ۋە كىشى بېشىغا 69.1 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى؛ كۆكەرتىشكە ئىشلىتىلگەن يەر 39.95 گېكتار بولۇپ، 8.22%نى تەشكىل قىلدى ۋە كىشى بېشىغا 33.7 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى؛ يول، مەيدانغا ئىشلىتىلگەن يەر 77.52 گېكتار بولۇپ، 15.94%نى ئىگىلىدى ۋە كىشى بېشىغا 65.4 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى؛ باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن يەر 49.08 گېكتار بولۇپ، 10%نى ئىگىلىدى ۋە كىشى بېشىغا 41.4 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى.

### چاقىلىق ناھىيىسىدىكى يېزا - بازارلارنىڭ 1985 - يىلدىكى ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى ئەھۋالى

جەدۋەل: 9 — 6 ‏ ‏ بىرلىكى: كۋادرات مېتىر

| | تۈرلەر / يېزا - بازارلار | ئومۇمىي قۇرۇلۇش: كۆلىمى | ئومۇمىي قۇرۇلۇش: كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى | تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇشى: كۆلىمى | تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇشى: كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى | ئاممىۋى قۇرۇلۇش: كۆلىمى | ئاممىۋى قۇرۇلۇش: كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بازارلار | چاقىلىق بازىرى | 153612.8 | 29.4 | 79073.5 | 15.1 | 74539.3 | 14.2 |
| | مىرەن بازىرى | 84180 | 27.6 | 46518.6 | 15.3 | 37661.4 | 12.4 |
| | يېتىمبۇلاق بازىرى | 26279 | 20 | 7932.3 | 6 | 18346.7 | 13.9 |
| | ئۈچ بازار جەمئىي | 264071.8 | 27.5 | 133524.4 | 13.9 | 130547.4 | 13.6 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پېزىلار | چاقىلىقنىڭ ئۈچ يېزا مەھەللىسى | 449894.8 | 38 | 381679.2 | 32.2 | 68215.6 | 5.8 |
| | سىرىن يېزا - مەھەللىسى | 150893.1 | 29.7 | 117542.1 | 23.1 | 33351 | 6.6 |
| | باشقا يېزا - مەھەللىلەر | 20533.1 | 27.7 | 15635.1 | 21.1 | 4898 | 6.6 |
| | جەمئىي | 621321 | 35.2 | 514856.4 | 29.1 | 106464.6 | 6 |
| ناھىيە بويىچە جەمئىي | | 885392.8 | 33.4 | 648380.8 | 24.4 | 237012 | 8.9 |

## 5 § . بىناكارلىق

### 1. بىناكارلىق قوشۇنى

1) چاقىلىق ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى 1955 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە كەسپىي بىناكارلىق ئەترىتى تەشكىل قىلىنىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ كېسەلخانىسى ۋە ئامبۇلاتورىيىسىنى سېلىشنى ئۈستىگە ئالدى. 1956 - يىلى بىناكارلىق ئەترىتى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ئىشخانىلىرى ۋە پوچتا ئىدارىسىنىڭ تىجارەت ئۆيىنى سېلىشنى ئۈستىگە ئالدى.

1957 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ناھىيىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، بىر ئاساسىي قۇرۇلۇش تەشكىلاتى — بىناكارلىق ئەترىتى تەسىس قىلىندى، شۇ چاغدا ئۇنىڭدا 40 نەپەر ئىشچى (30 نەپەر تامچى، 10 نەپەر ياغاچچى) بار ئىدى. شۇ يىلى، بىناكارلىق ئەترىتى ناھىيىلىك ھاۋارايى پونكىتى، سودا شىركىتىنىڭ ئىشخانىسى ۋە تىجارەت ئورنىنى (كونا ماگىزىنىنى) سېلىشنى ئۈستىگە ئالدى.

1958 - يىلى بىناكارلىق ئەترىتىنىڭ ئادىمى كۆپىيىپ 120 نەپەرگە يەتتى. 1959 - يىل 7 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى رەسمىي قۇرۇلدى، ئۇ، دۆلەت ئىگىلىكىدە بولدى. شىركەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى ناھىيىلىك مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسخانىلىرى ۋە زالىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى «ئالتۇنتاغ» كۇلۇبىنى (1173 كۋادرات مېتىر) سېلىشنى باشلاپ، 1961 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پۈتتۈردى (بۇ، ئەينى چاغدا چاقىلىقتىكى مەشھۇر قۇرۇلۇش ئىدى).

1962 - يىلى ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خادىملىرى قىسقارتىلدى، شىركەت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغا قارايدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى، بىناكارلىق كاساتچىلىقتا ئۇچرىغاچقا، ئاساسىي قۇرۇلۇش گۇرۇپپىسى بەزى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنىلا ئىشلىدى.

1962 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى تۆمۈرچىلىك كوپېراتىپى ۋە ياغاچچىلىق كوپېراتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ئۇلار كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى بىرلەشمە كوپېراتىپ بولۇپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش گۇرۇپپىسى ياغاچچىلىق كوپېراتىپىغا قاراشلىق بولدى.

1963 - يىل 7 - ئايدا ئاساسىي قۇرۇلۇش گۇرۇپپىسىدا قېپقالغان 14 نەپەر تامچىدىن رېمونتچىلىق گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى، 1964 - يىلى رېمونتچىلىق گۇرۇپپىسى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئىشخانىسىنى رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، 1965 - يىلى يەنە

ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسىنى رېمونت قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ناھىيىدىكى رېمونتچىلىق تەشكىلاتى 2 گۇرۇپپىغا تەرەققىي قىلدى.

1965 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 80 نەچچە ئادىمى بار چاقىلىق ناھىيىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى رەسمىي قۇرۇلدى.

1982 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 137 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ رەسمىي ئىشچى - خىزمەتچىسى 5، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 22، ۋاقىتلىق ئىشچى 110. بىناكارلىق شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئورۇندالغان جەمئىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 11 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 763 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1982 - يىلى ئورۇندالغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 2500 كۋادرات مېتىر، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 339 مىڭ 900 يۈەن، 1984 - يىلى ئورۇندالغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 2400 كۋادرات مېتىر، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 484 مىڭ يۈەن، 1985 - يىلى ئورۇندالغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 3100 كۋادرات مېتىر، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 437 مىڭ 400 يۈەن، 1986 - يىلى ئورۇندالغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 1200 كۋادرات مېتىر، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 227 مىڭ 400 يۈەن بولدى.

1) بىناكارلىق شىركىتى سالغان ئاساسلىق قۇرۇلۇشلار 1982 - يىلى ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ 908.25 كۋادرات مېتىرلىق تىجارەت ئۆيى، يېمەكلىك شىركىتىنىڭ 588 كۋادرات مېتىرلىق ماگىزىنى سېلىندى؛ 1984 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ 980 كۋادرات مېتىرلىق ئامبۇلاتورىيە بىناسى سېلىندى. بىناكارلىق شىركىتىدە قۇرۇلۇش - تېخنىك خادىملىرى ۋە مالىيە - بوغالتىرلىق باشقۇرۇش خادىملىرى شۇنىڭدەك زۆرۈر ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر كەمچىل بولغانلىقتىن، دەرىجىلىك بىناكارلىق كارخانىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلمىدى.

2) چاقىلىق ناھىيىلىك بىرلەشمە قۇرۇلۇش شىركىتى بىرلەشمە قۇرۇلۇش شىركىتى — يېزىلاردىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ بىرلەشمە تەشكىلاتى. يېزىلاردىكى بىناكارلىق ئىشلىرى 1966 - يىلى باشلاندى، ئۇ چاغدا ھەر قايسى گۇڭشېلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى كىرىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سىرتقا قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئادەم ئەۋەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر مۇنچە كىشىلەر (تامچىلار) بار ئىدى. 3 گۇڭشې ئىچىدە بىناكارلىق قوشۇمچە كەسپى بىلەن ئەڭ بۇرۇن شۇغۇللانغىنى «غالىبىيەت» گۇڭشېسى (تىكەنلىك يېزىسى) بولدى، ئۇ 1969 - يىلى 12 كىشىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش قوشۇمچە كەسىپ گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، ئادەتتىكى كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنى سېلىش ۋە ئۆي رېمونت قىلىشنى ئۈستىگە ئالدى. 1970 - يىلى ۋاششەرى، «ئىتتىپاق» گۇڭشېلىرىمۇ قوشۇمچە كەسىپ ئەترەتلىرىنى تەشكىل قىلىپ، بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ناھىيە بويىچە 3 گۇڭشېنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش قوشۇمچە كەسىپ ئەترەتلىرىدىكى ئادەم سانى 80 نەچچىگە، يىللىق ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى 40 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1980 - يىلىغا كەلگەندە، ھەر قايسى گۇڭشېنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى 16 گۇرۇپپىغا، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى 180 نەچچە كىشىگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 300 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1985 - يىلى 3 يېزا، بىر رايون ۋە بىر بازاردىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىناكارلىق ئەترەتلىرى قۇرۇلۇپ، بىناكارلىق قوشۇمچە كەسپى

بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەترەتلەر 23كە، ئۇلارنىڭ ئادىمى 320 نەچچىگە، يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتى 600 مىڭ يۈەن ئۆپچۆرىسىگە يەتتى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1986 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ناھىيىلىك بىرلەشمە بىناكارلىق شىركىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلۈپ، ناھىيىدىكى يېزا ـ بازارلارنىڭ تارقاق بىناكارلىق ئەترەتلىرى (خۇسۇسىي ھۆددىگەر ئەترەتلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەشكىللىنىپ، ناھىيىلىك يېزا ـ بازار كارخانىلىرى بىرلەشمە بىناكارلىق ئەترىتى قۇرۇلدى، ئۇ «بىرلەشمە قۇرۇلۇش شىركىتى» دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا 6 شۆبە ئەترەت (يەنى ئۇتام بىناكارلىق شۆبە ئەترىتى، تىكەنلىك بىناكارلىق شۆبە ئەترىتى، ۋاششەرى بىناكارلىق شۆبە ئەترىتى، چىمەن رايونلۇق بىناكارلىق شۆبە ئەترىتى، چاقىلىق بازىرى بىناكارلىق شۆبە ئەترىتى، «ئىتتىپاق» خىش زاۋۇتى بىناكارلىق شۆبە ئەترىتى) تەسىس قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى 742گە، يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون يۈەن ئۆپچۆرىسىگە يەتتى.

1986 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە بىناكارلىق كارخانىلىرىدىن چاقىلىق ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى ۋە چاقىلىق ناھىيىلىك بىرلەشمە قۇرۇلۇش شىركىتى بار بولۇپ، ناھىيە بويىچە بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 879 كىشىگە (بۇنىڭ ئىچىدە ۋاقىتلىق ئىشچى 204) ، روپخەتكە ئېلىنغان مەبلەغ 669 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ناھىيە بويىچە جەمئىي 9 ئاساسىي قۇرۇلۇش شۆبە ئەترىتى، بىر ياردەمچى ئىنژېنېر، 2 نەپەر بىناكارلىق تېخنىكى، 153 نەپەر تېخنىك ئىشچى بولۇپ، يىلىغا 1 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگىچە مەھسۇلات قىممىتىنى ئورۇندىيالايدۇ. بۇ بىناكارلىق كارخانىلىرى ئىچىدە يېتىمبولاق بازارلىق بىناكارلىق ئەترىتى تەكشۈرۈش ئارقىلىق 4 ـ دەرىجىلىك بىناكارلىق كارخانىسى دەپ بېكىتىلدى، قالغان 8 ئەترەتنىڭ ھەممىسى دەرىجە سىرتىدىكى بىناكارلىق ئەترىتى ھېسابلاندى.

(1) تىكەنلىك يېزا بىناكارلىق ئەترىتى 1969 ـ يىلى «غالىبىيەت» گوڭشېسىدىكى ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى، ھەر قايسى ئەترەتلەردىكى سۇۋاقچىلىق، تامچىلىق قىلالايدىغان دېھقانلاردىن ئىختىيار قىلغانلار ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، بازار ئىچىگە ئۆي رېمونت قىلىش ۋە قۇرۇلۇش قىلىشقا كىرگۈزۈلدى، ئۇلار «غالىبىيەت» گوڭشېسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى دەپ ئاتالدى. سىرتقا قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن چىققان گوڭشى ئەزالىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى بىلەن توختام تۈزۈپ، بەلگىلىمە بويىچە ھەربىر كىشى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە ھەر يىلى 600 ـ 800 يۈەن پۇل تاپشۇردى. 1974 ـ يىلىدىن بۇرۇن، ھەر يىلى كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۆي قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرۈپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 20 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. 1975 ـ يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى گوڭشى تەرىپىدىن بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى، گوڭشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە نىسبەت بويىچە پىرسەنت قالدۇرۇلۇپ، قالغان قىسمى تەقسىم قىلىندى. 1975 ـ يىلىدىن 1981 ـ يىلغىچە، يېزا ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى تەرەققىي قىلىپ 4 گۇرۇپپىغا، ئادىمى 40 نەچچىگە يەتتى، ئورۇندالغان يىللىق بىناكارلىق كۆلىمى 3500 — 4000 كۋادرات مېتىرغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 180 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە، تىكەنلىك يېزىسىنىڭ (سابىق «غالىبىيەت» گوڭشېسىنىڭ) ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى تەرەققىي قىلىپ 6 ئاساسىي قۇرۇلۇش گۇرۇپپىسى بولدى، ئۇنىڭدا ئىشلەيدىغان ئادەم 80 نەچچىگە يەتتى، ئۇلار يىلىغا 5000 كۋادرات مېتىر ئۆپچۆرىسىدە قۇرۇلۇش قىلىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 250 مىڭ يۈەندىن ئاشۇردى. بۇ ئەترەت 1986 ـ يىلى ناھىيىلىك بىرلەشمە

قۇرۇلۇش شىركىتىگە قاتناشتى، ئەترەت يەنە 6 ئاساسىي قۇرۇلۇش مەشغۇلات گۇرۇپپىسىغا بۆلۈندى.

(2) ئۇتام يېزا بىناكارلىق ئەترىتى بۇ ئەترەت 1973 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئادىمى 10دىن ئاشاتتى، ھەر يىلى ئورۇندايدىغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 500 كۋادرات مېتىردىن ئاشاتتى، 1981 - يىلىدىن كېيىن، بۇ ئەترەت 8 گۇرۇپپىغا تەرەققىي قىلدى، ئادەملىرى كۆپىيىپ 80 دىن ئاشتى، يىلىغا ئورۇندىغان قۇرۇلۇش كۆلىمى ئاز كەم 4000 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 200 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بۇ ئەترەت 1986 - يىلى ناھىيىلىك بىرلەشمە قۇرۇلۇش شىركىتىگە قاتناشتى.

(3) ۋاششەرى يېزا ئاساسىي قۇرۇلۇش قوشۇمچە كەسىپ ئەترىتى بۇ ئەترەت سابىق ناھىيىلىك سۇ قۇرۇلۇش ئەترىتى ئاساسىدا قۇرۇلغان. 1969 - يىلى ناھىيىلىك سۇ قۇرۇلۇش ئەترىتى ۋاششەرى باشسۇ كونترول قىلىش ئېغىزى قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى يېڭىيەر چوڭ ئەترىتى ئاساسىي قۇرۇلۇش قوشۇمچە كەسىپ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى، ئاساسىي قۇرۇلۇش قوشۇمچە كەسىپ ئەترىتىنىڭ كىرىمىنىڭ %70تىن كۆپرەكى يېڭىيەر چوڭ ئەترىتىگە تاپشۇرۇلدى. 1982 - يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى يېزىلىق ھۆكۈمەت يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىشخانىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، مۇشۇ مەزگىلدە، يېزا بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇش قوشۇمچە كەسىپ ئەترەتلىرى تەرەققىي قىلىپ 7گە، ئەڭ كۆپ بولغان مەزگىلدە 12گە، ئىشلەيدىغان ئادىمى 259غا يەتتى. 1982 - يىلىدىن 1986 - يىلغىچە، يېزا ئاساسىي قۇرۇلۇش قوشۇمچە كەسىپ ئەترىتى ئورۇندىغان ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 18 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، يېڭىدىن ياسىغان كۆۋرۈك 41گە، يول تۈزەشتۈرۈشتە ئورۇندىغان تاش-توپا قۇرۇلۇشى 223 مىڭ 500 كۇب مېتىرغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 303 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. بۇ ئەترەت 1986 - يىلى ناھىيىلىك بىرلەشمە قۇرۇلۇش شىركىتىگە قاتناشتى.

(4) چاقىلىق بازىرى بىناكارلىق ئەترىتى بۇ ئەترەت 1984 - يىلى قۇرۇلدى. 1985- يىلى بۇ ئەترەتنىڭ مەشغۇلات گۇرۇپپىسى 3، جەمئىي ئادىمى 52گە، ئورۇندىغان قۇرۇلۇش كۆلىمى تەخمىنەن 2000 كۋادرات مېتىرغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ ئەترەت 1986 - يىلى ناھىيىلىك «بىرلەشمە قۇرۇلۇش شىركىتى»گە قاتناشتى، ئۇنىڭ قارمىقىدا 4 مەشغۇلات گۇرۇپپىسى، 45 ئادەم بولۇپ، ئورۇندىغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 743 كۋادرات مېتىرغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 118 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

(5) يېتىمبۇلاق بازىرى بىناكارلىق ئەترىتى بۇ ئەترەت 1984 - يىلى قۇرۇلدى، ئۇ 4 گۇرۇپپىغا ئايرىلغان بولۇپ، ئادىمى تەخمىنەن 100گە يەتتى. 1984 - ۋە 1985 - يىللىرى ھەر يىلى 4000 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش كۆلىمىنى ئورۇنداپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 350 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. 1986 - يىلى بۇ ئەترەت ئاپتونوم ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشى بىلەن 4 - دەرىجىلىك بىناكارلىق كارخانىسى بولۇپ تەستىقلاندى، ئۇنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 260 مىڭ يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىسى 108 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ياردەمچى ئىنژېنېر بىر، تېخنىك بىر. قۇرۇلۇش قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى 8 بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 68.82 ئات كۈچىگە يەتتى، بۇ ئەترەت شۇ يىلى ناھىيىلىك «بىرلەشمە قۇرۇلۇش شىركىتى»گە قاتناشتى ھەم 3860 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش كۆلىمىنى ئورۇنداپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 300 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

(6) «ئىتتىپاق» خىش زاۋۇتى بىناكارلىق ئەترىتى بۇ ئەترەت 1985 - يىلى قۇرۇلغان، ئادەم سانى 14 بولۇپ، شۇ يىلى بىر كورپۇس قۇرۇلۇشنى پۈتتۈردى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 186 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 18 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ ئەترەت 1986 - يىلى ناھىيىلىك «بىرلەشمە قۇرۇلۇش شىركىتى»گە قاتناشتى.

## 2. بىناكارلىقنى باشقۇرۇش

چاقىلىق رايونىدىكى بىناكارلىق كەسپىدە 2 خىل نورما ئىجرا قىلىنىپ كەلدى: كېسەك-ياغاچ قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلاردا چاقىلىق ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت مال باھاسى ئىشخانىسى تارقاتقان (1975) 29 - نومۇرلۇق ھۆججەت «چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ بىناكارلىق-رېمونتچىلىق ئىشلىرىدا ھەق ئېلىشتا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان نورما» ئىجرا قىلىندى؛ باشقا قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلاردا بىردەك باينىغولىن ئوبلاستى بېكىتكەن نورما ئىجرا قىلىندى، ئۇنىڭدا ھەق ئېلىش ئۆلچىمى جەھەتتە، پەقەت ۋاقىتلىق مۇئەسسەسىلەر ھەققىنىڭ 25%يىلا ئېلىنىدۇ، قانۇنلۇق پايدا 2.5%، ئالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولمايدىغان ئىشلار ھەققى 3% بولىدۇ، قۇرۇلۇش قىلىشنى باشقۇرۇش ھەققى ئىش خىراجىتىنىڭ 78%تىگە تەڭ بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

چاقىلىق ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ (80) 230 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە: قۇرۇلۇش چېرتيوژى، قۇرۇلۇش خامچوتى قۇرۇلۇش كومىتېتى تەكشۈرگەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ، ئۇنى قۇرۇلۇش داۋامىدا ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، قۇرۇلۇش كومىتېتىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. 1984 - يىلىدىن باشلاپ، لاياقەتسىز بولغان خامچوتلارغا قارىتا شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان باھا ئىجرا قىلىندى، سۈپەت تەلىپىگە ئۇيغۇن بولمىغان قۇرۇلۇشلارنىڭ پۇلى ئەھۋالغا قاراپ تۇتۇپ قېلىندى ھەتتا بۇنداق قۇرۇلۇشلار چاقتۇرۇۋېتىلىپ، بەلگىلىمە بويىچە زىيان تۆلىتىۋېلىندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۈپەتلىك قۇرۇلۇشلار ئۈچۈن ئەسلى باھانىڭ 103%ى بويىچە راسچوت قىلىنىپ مۇكاپات بېرىلدى.

1986 - يىل 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك خېرىدار چاقىرىش ئىشخانىسى ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىدا تەسىس قىلىندى.

1986 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى، مالىيە ئىدارىسى، شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى ۋە سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىبارەت 4 ئورۇن بىرلىشىپ «ئاساسىي قۇرۇلۇش تەرتىپىنى باشقۇرۇش نىزامى»نى ئېلان قىلدى، بۇ جەمئىي 7 ماددا بولۇپ، ئۇنىڭدا سېلىنىدىغان مەبلەغ 10 مىڭ يۈەندىن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 100 كۋادرات مېتىردىن يۇقىرى بولغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىدە خېرىدار چاقىرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا: خېرىدار چاقىرغاندا، باھانى قۇرۇلۇش باھاسىنىڭ 5%ىدىن تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك كېرەك، قۇرۇلۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، باھانى قۇرۇلۇش باھاسىنىڭ 5%ىدىن تۆۋەنلىتىۋەتكەنلەر خېرىدارلىققا تاللانمايدۇ، كۆرسەتكۈچنى ئاشۇرىۋەتمەسلىك ۋە قۇرۇلۇش سۈپىتىگە ھەقىقى كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خېرىدار بولغان ئورۇن قۇرۇلۇش باھاسىنىڭ 10دىن بىرى ياكى 20دىن بىرى بويىچە خېرىدارلىق رەنە پۇلى تاپشۇرۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى.

## 3. بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بايلىقى ۋە بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش

1) بايلىق چاقىلىقتا بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بايلىقى بىر قەدەر مول بولۇپ، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى بىناكارلىق كەسپىنىڭ ئېھتىياجىنى تامامەن قاندۇرالايدۇ.

قۇم، تاش، شېغىل: بۇلارنىڭ زاپىسى ئىنتايىن مول، سۈپىتىمۇ ياخشى، بۇلار چاقىلىق دەرياسى ۋە ۋاششەرى دەرياسىدىن چىقىدۇ.

ياغاچ ماتېرىياللار: توغراق ياغىچى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، بەرپا قىلىنغان ئورمان ياغاچلىرى (ئاساسەن تېرەك ياغاچلىرى) 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. توغراق ياغىچى ئارغان ئورمان رايونى، چەرچەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ئورمان رايونى ۋە ۋاششەرى ئورمان رايونىدىن چىقىدۇ. بەرپا قىلىنغان ئورمان ياغاچلىرى ئاساسەن 3 يېزىدىكى دېھقانچىلىق رايونىدىن ۋە بازار ئەتراپىدىن چىقىدۇ.

قۇمۇش: قۇمۇش چاقىلىق ناھىيىسىدىكى بىر قەدەر ئاساسلىق قۇرۇلۇش ماتېرىيالىدۇر. تاتلىقبۇلاق دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا 6000 مودىن كۆپ قۇمۇشلۇق بولۇپ، يىلىغا 500 توننا چامىسىدا قۇمۇش چىقىدۇ، يانداشقاقتا تەخمىنەن 2500 مودىن كۆپ قۇمۇشلۇق بولۇپ، يىلىغا 200 توننا قۇمۇش چىقىدۇ؛ ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى لوپچاڭزا رايونىدا قۇمۇشلۇقلار بىر قەدەر تارقاق جايلاشقان بولۇپ، يىلىغا تەخمىنەن 100 ~ 200 توننا قۇمۇش چىقىدۇ؛ ۋاششەرى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا تەخمىنەن 3000 مو قۇمۇشلۇق بولۇپ، يىلىغا 200 توننىدىن ئارتۇق قۇمۇش چىقىدۇ.

دولومىت تېشى: بۇ، جەنۇبىي تاغدىكى سۇلۇقسايدا كۆمۈلۈپ ياتىدۇ، زاپىسى 11 مىڭ 165 توننا.

تاشپاختا: ئۇنىڭ ئومۇمىي زاپىسى 1 مىليون 167 مىڭ 600 توننا. ئاساسەن يېتىمبۇلاق رايونى بىلەن «1 - ئىيۇل» كېنى، ئۈڭكۈرلۈك قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

گىپىس: بۇ، تاقئات تېغىدا كۆمۈلۈپ ياتىدۇ، زاپىسى 2 مىليون 428 مىڭ توننا.

ئاق مەرمەر تاش: بۇ باشقۇرغانغا تارقالغان، زاپىسى 50 مىڭ توننا.

ھاك تېشى: بۇ ۋاششەرى دەرياسى ۋە مىرەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى سايلىقتىن چىقىدۇ.

2) بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش چاقىلىق ناھىيىسىدە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىشتا، ئاساسەن، خىش پىشۇرۇلىدۇ ۋە سېمونت بېتون قۇيۇلمىلار ئىشلىنىدۇ.

«ئىتتىپاق» خىش زاۋۇتى: بۇ زاۋۇت 1982 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان، 1985 - يىل 7 - ئايدا ئۇنى ناھىيىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى مەبلەغ سېلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرغان، لايىھەدىكى ئىقتىدارى كۈنىگە 30 — 40 مىڭ قىزىل خىش ئىشلەپچىقىرالايدۇ. زاۋۇت ئورنى ئۆتام يېزىسىنىڭ غەربىدىكى غەربىي تاتراڭ كەنتىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1986 - يىلى بۇ زاۋۇتتا بار ئىشچى - خىزمەتچى 60 كىشىگە، يىللىق ئىشلەپچىقىرىلغان خىش 1 مىليون 400 مىڭغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 84 مىڭ يۈەنگە، يىللىق ئەمەلىي كىرىمى 42 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تىكەنلىك يېزا خىش زاۋۇتى: بۇ زاۋۇت 1985 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلدى، زاۋۇت ئورنى

تۇغ مەھەللە كەنتىنىڭ غەربىي، چاقىلىق دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا بولۇپ، لايىھەدىكى ئىقتىدارى كۈنىگە 25 مىڭدىن 30 مىڭغىچە قىزىل خىش ئىشلەپچىقىرالايدۇ. بۇ زاۋۇتتا 35 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، يىلىغا ئىشلەپچىقىرىلغان قىزىل خىش 700 مىڭغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 42 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1986 - يىلىدىكى ئەمەلىي كىرىمى 30 مىڭ يۈەن بولدى.

سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ سېمونت قۇرۇلمىلار زاۋۇتى: بۇ زاۋۇت 1985 - يىلى ئەتىيازدا قۇرۇلغان، ئورنى ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا، سۇ بۆلۈش تومىسىنىڭ غەربىدە بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 15 نەپەر، رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 40 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۈلۈكىنىڭ قىممىتى 20 مىڭ يۈەن؛ بۇ زاۋۇت بايىنغولىن ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان 5 - دەرىجىلىك سېمونت قۇيۇلما ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى ھېسابلىنىدۇ، يىلىغا 20 خىلدىن ئارتۇق سېمونت قۇيۇلمىدىن تەخمىنەن 30 نەچچە مىڭنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. جەمئىي بېتون 450 كۇب مېتىرغا، يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 70 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

# II باب

# مۇھىت ئاسراش

## §1 . ئېكولوگىيىلىك مۇھىت

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، تەبىئىي مۇھىتى كۈنسايىن يامانلاشماقتا، قىيانىڭ كېلىۋېرىشى بىلەن تۇپراق ئېغىر ھالدا ئېقىپ كەتمەكتە؛ تۈزلەڭلىكتىكى بوستانلىقنىڭ كېلىماتى ناچار بولۇپ، بوران ئاپىتىنىڭ، قۇم ئاپىتىنىڭ ۋە قۇملۇقنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ؛ سۈنئىي يۇزغۇنچىلىقلار كۆپلىگەن يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى نابۇت قىلىۋەتتى؛ سۇ مەنبەلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن، شىمالىي قىسىمدىكى ئورمانلىقلار، ئوتلاقلار خەۋپكە ئۇچرىماقتا؛ لوپنۇر كۆلى قۇرۇپ كەتكەنلىكتىن، قۇملىشىش كۆلىمى تېخىمۇ كېڭەيمەكتە.

### 1. جەنۇبىي قىسىمدىكى تاغلىق رايون

تاغلىق رايوننىڭ شىمالىي قىسىمدىكى يېتىمبۇلاق بازىرى چوڭ - كىچىك 14 كان ئاھالە نۇقتىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 16 مىڭدىن ئارتۇق. بۇ يەردىكى ئىشلەپچىقىرىش رايونى بىلەن تۇرمۇش رايونى ناھايىتى يېقىن، كان بىلەن بولغان ئارىلىقىمۇ ناھايىتى يېقىن. كان رايونىدا تاشپاختا قېزىش ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى قالاق بولغانلىقتىن، تاشپاختا توزانلىرى بىلەن بۇلغىنىش ناھايىتى ئېغىر. پۈتكۈل كان رايونىنى تاشپاختا توزانلىرى قاپلاپ تۇرىدۇ، توزانلار دۆلەت بەلگىلىگەن مىقدار ئۆلچىمىدىن خېلىلا ئېشىپ

كەتكەن. كان رايونىدىكى ھاۋانىڭ سۇزۇكلۇك دەرىجىسى ناچار بولۇپ، كۆنبويى تۇتەك بولۇپ تۇرىدۇ، يەر ئۈستىگە ھەمىشە بىر قەۋەت ئاق تاشپاختا توزانلىرى قونۇپ تۇرىدۇ.

ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا 1983 ـ يىلىدىن كېيىن ئادەم ۋە چارۋىلار كۆپلەپ كىرگەنلىكتىن، بۇ رايوننىڭ ئىچكى مۇھىتىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلدى، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىردىن ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا 10سانتىمېتىر ئەتراپىغا چۈشۈپ قالدى. چارۋىچىلار بالغۇننى يېقىلغۇ قىلغاچقا، بەزى جايلاردا يەرلەر يالىڭاچلىنىپ قالدى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قاپلاش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتتى.

## 2. ئوتتۇرا قىسىمدىكى تۈزلەڭ رايون

ئوتتۇرا قىسىمدىكى تۈزلەڭلىكتىكى دەريالارنىڭ سۇ مەنبىئى جەنۇبىي قىسىمدىكى تاغ رايونىدا بولغانلىقى، بوستانلىق بىلەن سۇ مەنبىئى جايلاشقان يەرلەرنىڭ ئېگىزلىك پەرقى ناھايىتى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، دەريا بويلىرىدىكى جايلارنىڭ كۆپ قىسمىنى قاپلاپ تۇرىدىغان ئورمان ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈك يوق. دەريالاردا سۇنىڭ ئېقىشى تېز، قۇم مىقدارى كۆپ. قىيان كەلگەندە دەريا سۈيى كۆپلىگەن لاي، قۇم ۋە تاشلارنى ئېقىتىپ كېتىدۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىر بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەلكۈن دېھقانچىلىق رايونلىرىغىمۇ تىنىما لاي ئاپتى ئېلىپ كېلىدۇ.

تۈزلەڭ رايونلاردا ئەتىياز ۋە يازدا بوران كۆپ چىقىدۇ، بوران يەر ئۈستىدىكى توپىلارنى ئۇچۇرتۇپ كېتىپ، يەر قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاڭ ـ توزانلار زىرائەتلەرنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

تۈزلەڭلىكتىكى بوستانلىقتا ئاھالە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، دەل ـ دەرەخ، يۇلغۇنلارنى قالايمىقان كېسىش، چۈچۈكبۇيىنى قالايمىقان كولاش ئەھۋاللىرى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان. بۇ رايوندا ھەر يىلى تەخمىنەن سانائەتكە 4 مىليون 500 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق، تۇرمۇشقا تەخمىنەن 6 مىليون 570 مىڭ جىڭ ئوتۇن كېتىدۇ. مۇشۇ 2 تۈردە يىلىغا تەخمىنەن 7380 مودىن ئارتۇق يەردىكى چاتقال، دەل ـ دەرەخ نابۇت بولىدۇ.

## 3. ناھىيە بازىرى

چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ مۇھىتىغا بوستانلىق ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى، مەسىلەن، قۇملۇقنىڭ ئالغا سىلجىشى، سۇ مەنبىئىنىڭ ئۆزگىرىشى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى قاتارلىق ئامىللار تەسىر كۆرسەتكەننىڭ سىرتىدا، بازار ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرىمۇ سۇنئىي يوسۇندا ناھايىتى ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ناھىيە بازىرىدا يىرىك سانائەتنىڭ بولغىنىشى بولمىسىمۇ، لېكىن بازار ئىچىدىكى ئەخلەت يىلىغا 4800 ـ 5000 توننىغا يېتىدۇ، بۇ ئەخلەتنىڭ ھەممىسى بازارنىڭ غەربىدىكى دەريا بويىغا تۆكۈلىدۇ، ئەخلەت پەيدا قىلغان باكتېرىيە ۋە سېسىق ھاۋا بازار ئىچىنىڭ ھاۋاسىنى بىۋاسىتە بۇلغايدۇ، كەلكۈن پەسلى كەلگەندە، چاقىلىق دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى جايلار ئەشۇ ئەخلەتلەر بىلەن بىۋاسىتە بۇلغىنىدۇ. بازار ئىچىدە سۇ چىقىرىۋېتىش سىستېمىسى يوق. تۇرمۇشتىكى كىرەكسىز سۇلار ۋە سانائەتتىكى پاسكىنا سۇلار يەر ئاستىغا بىۋاسىتە سىڭىپ تۇرغاچقا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۈپىتى بۇزۇلماقتا.

بازار ئىچىدىكى توپا - چاڭلارنىڭ ھاۋانى بۇلغىشىمۇ بىر قەدەر ئېغىر، توپا - چاڭلارنى توزىتىدىغان سەۋەبلەر: (1) شامال چىقىش؛ (2) ھەرخىل ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ مېڭىشى؛ (3) سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى. شەھەر رايونىدا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 36.9 كۈن بوران چىقىدۇ. بوران كۆپ بولغان يىللىرى 53 كۈنگە يېتىدۇ، بەزىدە بوران 48 سائەتكىچە داۋاملىشىدۇ، بوران توپىلارنى توزىتىپ، ھاۋادىكى چاڭ - توزاننىڭ مىقدارىنى 10 ھەسسە كۆپەيتىۋېتىدۇ. شۇڭا چاقىلىق ناھىيىسىدە نەپەس يوللىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ.

## 4. شىمالىي قىسمىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ ئىككى قىرغىقى

تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى جايلار جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سوزۇنچاق بەلۋاغسىمان جايلاشقان، شىمالدا يېڭىسۇدىن جەنۇبتا لوپچاڭزىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان بۇ جاينىڭ ئەزەلدىن يېشىل كارىدور دەپ نامى بار. تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا سۇ ۋە ئوت - چۆپ ئەلۋەك، توغراقلىقلار بۈك - باراقسان بولۇپ، ئۇ يەردە كالا - قوي پادىلىرى كۆپ بېقىلىدۇ، ئوتلاق كۆلىمى 500 مىڭ مودىن ئاشىدۇ.
50 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە يېڭىسۇدا 80 نەچچە ئۆيلۈك چارۋىچى، 12 مىڭ تۇياق چارۋا بار ئىدى، لوپچاڭزىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا يەنە بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە بورىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 20 نەچچە ئائىلە بار ئىدى. 1970 - يىلىدىن ئىلگىرى، يېڭىسۇدىن قارىدايغىچە بولغان ۋادىلاردا ھەر يىلى بىنام تېرىلىپ، نەچچە 10 مىڭ جىڭ ياغلىق دان ۋە 100 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق بۇغداي يىغىۋېلىناتتى. كېيىن، تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىش نورمالسىزلاشتى، يۇقىرى ئېقىمدا سۇ ئامبىرى ياسالغانلىقتىن، تۆۋەن ئېقىمدا سۇ ئۈزۈلۈپ قالدى، 1965 - يىلىدىن كېيىن، يېشىل كارىدوردا ئۈزۈنغىچە سۇ كەمچىل بولدى. 1982 - يىلىغا كەلگەندە، بۇ رايوندىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى 1 - 2 مېتىر تۆۋەنلەپ كەتتى، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 10.72 گرام/لىتىرغا، فىتور مىقدارى 2.6 گرام/لىتىرغا يەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئورمان، ئوت-چۆپ، چاتقاللار ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى تەبىئىي كۆپىيىش، يېڭىلىنىش ئىقتىدارى ئاساسىي جەھەتتىن يوقالدى، كۆپلىگەن توغراقلار، غوللۇق دەرەخ ۋە چاتقاللار ھەمدە ئوت - چۆپ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر كۆرىنەرلىك ھالدا زەئىپلىشىپ، ئوتلاقلار چارۋا سىغدۇرۇش ئىقتىدارىدىن قالدى، شۇنىڭ بىلەن قوي پادىلىرى چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەل - دەرەخلەرنى نامۇۋاپىق كېسىش، چۇچۇكبۇيا ۋە لوپنۇر كەندىرىنى تالان-تاراج قىلىش خاراكتېرىدە كولاش، يۇلغۇنلارنى كۆپلەپ كېسىش تۈپەيلىدىن، بۇ رايون كۈندىن كۈنگە چۆللىشىپ كەتتى. مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دۇنياغا مەشھۇر يېشىل كارىدور خارابلىشىش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى.

## 5. غەربىي قىسمىدىكى چەرچەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى جايلار

بۇ رايون ناھىيە تەۋەسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بويىچە بىردىنبىر بىر قەدەر ياخشى چۆللۈك ئوتلىقى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ، چاقىلىق ۋە ۋاششەرىدىن ئىبارەت 2 چوڭ بوستانلىقنى قوغداش رولىنى ئويناپ

كەلدى. ئەمما، چەرچەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا كۆپلەپ بوز يەر ئېچىلىپ، سۇ ھەددىدىن ئارتۇق ئىشلىتىلسىلا، تۆۋەن ئېقىمىدا مۇقەررەر ھالدا سۇ ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. بۇ رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىدا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ، چاقىلىق ۋە ۋاششەرىدىن ئىبارەت 2 بوستانلىقنىڭ مۇھىتى نورماللىقىنى ساقلاپ قالالماي، يەنە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تەھدىتىگە بىۋاسىتە ئۇچرايدۇ.

## 6. لوپنۇر كۆلى رايونى

لوپنۇر كۆلى رايونىنىڭ يېرى كەڭ بولۇپ، تارىختا سۇ ۋە ئوت - چۆپى مول ئىدى، كىشىلەر بېلىق تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. يېقىنقى زامانلاردا لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 140 كىلومېتىردىن ئارتۇق، شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى 24 كىلومېتىر، كۆلىمى 5604 كۋادرات كىلومېتىر ئىدى. 1958 - يىلى كۆل يۈزى كىچىكلەپ 3168 كۋادرات كىلومېتىرغا چۈشۈپ قالدى. لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان دەريا سۈيى ئازىيىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، جايلاردا ئامبار ياسىلىپ سۇ ساقلانغانلىقى تۈپەيلىدىن، لوپنۇر كۆلىگە ئېقىپ كىرىدىغان سۇ جىددىي ئازىيىپ، 60 - يىللارغا كەلگەندە پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن تېتىما كۆلى ۋە لوپنۇر كۆلى رايونىدىكى باشقا كىچىك كۆللەر قۇرۇپ كەتتى. 70 - يىللارنىڭ دەسلەپكى كەلگەندە، لوپنۇر كۆلىدە سۇ تۈگەپ، ئۇ بىر ئويمانلىققا ئايلىنىپ قالدى. 80 - يىللارغا كەلگەندە، لوپنۇر كۆلى رايونىــــدا شامال يالاپ كەتكەن يارداڭلىقلاردىن باشقا، كۆل، سازلىقلار ۋە نەم جايلاردىن ئەسەرمۇ قالمىدى، شالاڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇپ كەتتى، ئۇ يەردە كۆز يەتمەس شورلۇق مەنزىرە بارلىققا كەلدى. لوپنۇر كۆلى رايونى — شامال كۆپ چىقىدىغان رايون، 1960 — 1970 - يىللىرى، لوپنۇر كۆلىدە سۈرئىتى 10 مېتىر/سېكۇنتلۇق شامال چىققان كۈن 150 كۈنگە، سۈرئىتى 14 مېتىر/سېكۇنتتىن يۇقىرى شامال چىققان كۈن 80 كۈنگە يەتتى، شامال سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغاندا 30 مېتىر/سېكۇنتتىن ئېشىپ كەتتى. بۇ رايوندا يەرلەرنى شامال يالاپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىر بولىدۇ، 1919 - يىلىدىن 1959 - يىلغىچە بولغان 40 يىلدا بۇ رايوندىكى يەرلەرنىڭ شامالدا يالىنىش چوڭقۇرلۇقى 5.3 مېتىرغا يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 13.25 سانتىمېتىردىن توغرا كەلدى.

## 7. قۇملۇق

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا قۇمتاغ قۇملۇقى، غەربىي شىمالىدا تەكلىماكان قۇملۇقى بار، ئوتتۇرا قىسمىدىكى بازار ئىچى ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى بوستانلىقلار 2 چوڭ قۇملۇقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان قۇملۇقنىڭ خەۋپىگە ئۇچراپ كەلمەكتە.

# 2 § . مۇھىتنى ياخشىلاش

## 1. ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

1964 - يىلىدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسى كەڭ كۆلەمدە ئېتىز - ئېرىق ئاساسي

قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، «بەشتە ياخشى» يېزا قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللاندى، بولۇپمۇ 1978 - يىلىدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قۇرۇلۇش سۈرئىتى تېزلىتىلدى. 1986 - يىلغا كەلگەندە چاقىلىق ناھىيىسىدە ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش مۇھىتى ياخشىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىدىن مول - ھوسۇل ئېلىشنى قوغداش ئۈچۈن ياخشى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت يارىتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1979 - يىلغىچە، ناھىيە بويىچە 3189.6 مو ئورمان بەلۋېغى ۋە باغ بىنا قىلىندى، بۇ، يېشىللىق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %42.01نى ئىگىلىدى. 1980 - يىلىدىن 1986 - يىلغىچە بولغان 7 يىلدا 4403.1 مو ئورمان بەرپا قىلىندى؛ بۇ، يېشىللىق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %57.99 نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى 30 يىلدىكىنىڭ 1.38 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى. 1950 - يىلىدىن 1986 - يىلغىچە بولغان 37 يىلدا، بازار - يېزىلاردا ئورمان تىكىلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 7592.7 موغا يەنى 506.18 گېكتارغا يەتتى. ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئورمان بەلۋېغى 374كە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1087 كىلومېتىرغا يەتتى. ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە بازار ئىچىدىكى ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 32 كۋادرات كىلومېتىر، يەنى 3200 گېكتار، 48 مىڭ مو بولۇپ، بازار - يېزىلارنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى %15.82كە يەتتى (يۇقىرىقى سانلار ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننى يېزا ئىگىلىك 2 - شى 36 - تۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، دېھقانچىلىق رايونىدا ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇ نەتىجىلەر بازار - يېزىلارنىڭ مۇھىتىنى ئۆزگەرتىش، بازار ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ كىلىماتىنى ياخشىلاشتا غايەت زور رول ئوينىدى. بازار، دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ كىلىماتىنى باشقا رايونلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا، ھاۋانىڭ نەملىك دەرىجىسى باشقا رايونلاردىكىدىن %10ىدىن كۆپرەك يۇقىرى، قىش پەسلىدىكى تېمپېراتۇرا باشقا رايونلاردىكىدىن 2℃ — 3℃ يۇقىرى، ياز پەسلىدىكى تېمپېراتۇرا باشقا رايونلاردىكىدىن 2℃ — 3℃ تۆۋەن بولىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بوران ۋە قۇرغاق ئىسسىق شامالنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە سالىدىغان زىيىنى يېنىكلىدى.

## 2. «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى

چاقىلىق ناھىيىسى دۆلەتنىڭ «ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى» پىلانىدىكى تەلەپكە ئاساسەن، ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، 1978 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ «ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمان سىستېمىسى» پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى مۇنۇلار: (1) تەبىئىي ئورمانلارنى «ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى» سىستېمىسىغا كىرگۈزۈش. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى يېڭىسۇ رايونىدىن لوپچاڭزىنىڭ يېقىن ئەتراپىغىچە بولغان تەبىئىي ئورمان، چەرچەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى تەبىئىي ئورمان، مىران بوستانلىقىدىكى تەبىئىي چاتقال ئورمىنى، ۋاششەرى رايونى ۋە تاتلىقبۇلاق دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى تەبىئىي توغراق ۋە چاتقال ئورمىنىنى بىردەك چاقىلىق «ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسى» دائىرىسىگە كىرگۈزۈش؛ (2) چاقىلىق بوستانلىقى، ۋاششەرى بوستانلىقى ۋە مىران بوستانلىقى (36 - تۇەن ئۆزى پىلان تۈزىدۇ) دا سۈنئىي ئورمان بەرپا قىلىپ، دېھقانچىلىق رايونلىرى ئورمان تورى ۋە ئېتىز - ئېرىق ئەتراپى ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى

بەرپا قىلىش. دېھقانچىلىق رايونلىرى ئەتراپىدىكى 10 كىلومېتىر دائىرىدىكى تەبىئىي توغراق ئورمانلىرىنى ۋە چاتقال ئورمىنىنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىش. دېھقانچىلىق رايونىنىڭ چۆرىسىدە 10 — 30 مېتىر كەڭلىكتە ئورمان بەرپا قىلىش، 2 چوڭ بوستانلىق بەرپا قىلىنغان ئورمىنىنى پىلانلاش، بۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنى 84.35 كىلومېتىرغا، جۈملىدىن چاقىلىق بوستانلىقىدىكىسىنى 49.65 كىلومېتىرغا، ۋاششەرى بوستانلىقىدىكىسىنى 34.7 كىلومېتىرغا يەتكۈزۈش.

«ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى» پىلانىغا ئاساسەن، ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. 1979 - يىلى، «ئاۋانگارت»، «غالىبىيەت» ئىھاتە ئورمان بەلۋاغلىرى بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3.2 كىلومېتىرغا، كەڭلىكى 10 مېتىرغا، كۆكەرتىلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 32 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتكۈزۈلدى.

1979 - يىلى، ئۇتام يېزا «ئۇچقۇن» چوڭ ئەترىتىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ ياقىسىدا شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.75 كىلومېتىرغا، كەڭلىكى 10 مېتىرغا، كۆلىمى 17 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتكۈزۈلدى.

1980 - يىلى ئەتىيازدا، ئۇتام يېزىسى ۋە چاقىلىق دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى تېرىلغۇ يەر ئەتراپىدا، ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىندى، بۇ ئورمان بەلۋېغى دەريا ياقىسىنى بويلاپ جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بولۇپ، شىمالدا يېڭىئاۋاتتىن باشلىنىپ، جەنۇبتا ئىمىنبەگ تۈگمىنىنىڭ شىمالىغىچە بارىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4.2 كىلومېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، كۆلىمى 42 مىڭ كۋادرات مېتىر.

1980 - يىلى، چاقىلىق دەرياسىنىڭ ئىككى قېشى رېمونت قىلىندى، بۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5.85 كىلومېتىر كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەريانىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قېشىنىڭ ئىچىدىن كەڭلىكى 10 - 20 مېتىر كېلىدىغان ئورمان يېرى تۈزلەندى، شۇ يىلى غەربىي قاشنىڭ ئىچىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە 30 مو جۇزغۇن تېرىلدى.

1981 - يىلى ئەتىيازدا، تىكەنلىك يېزىسىنىڭ شەرقىدىكى «قىزىليۇلتۇز» تارماق ئۆستىڭىدە ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىندى، بۇ ئورمان شەرقىي شىمالدا شەرقىي تاتىراڭدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا يېڭى گازارمىغىچە بارىدۇ، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2.75 كىلومېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر كېلىدۇ.

1981 - يىلى ۋاششەرى يېزىسى تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ شىمالىي چېتىگە 6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلدى ھەمدە شەرقىي قىسمىدىكى ۋاششەرى دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى قىرچىنلىقنى پەرۋىش قىلىش ۋە ئاسراشنى كۈچەيتتى، بوز يەر مەھەللىسى ۋە خۇمدان چۆقۇ كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى قىرچىنلىقلارنى قوغداش تەدبىرلىرى قوللاندى.

## 3. بازار ئىچىنى كۆكەرتىش

60 - يىللاردىن كېيىن، بازار ئىچىدە ئىشلىتىلگەن يەرلەر ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، كۆكەرتىش كۆلىمىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1949 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە، ناھىيە بازىرىدىكى دەل - دەرەخ 21 مىڭ 736 تۈپكە، بۇنى موغا سۇندۇرغاندا يېشىللىق كۆلىمى 48.3 موغا، بازار ئىچىنىڭ دەل - دەرەخ بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %4.6كە يەتتى؛ 1962- يىلدىن 1970 - يىلغىچە، بازار ئىچىدىكى دەل - دەرەخ كۆپىيىپ 52 مىڭ 200 تۈپكە، بۇنى

موغا سۇندۇرغاندا يېشىللىق كۆلىمى 116 موغا، بازار ئېچىنىڭ دەل - دەرەخ بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 7%كە يەتتى؛ 1970 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە، بازار ئېچىدىكى دەل - دەرەخ كۆپىيىپ 107 مىڭ 955 تۈپكە، بۇنى موغا سۇندۇرغاندا يېشىللىق كۆلىمى 239.9 موغا، بازار ئېچىنىڭ دەل - دەرەخ بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 9%كە يەتتى؛ 1980 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە، بازار ئېچىنىڭ باغ - ۋارانلىشىش، كۆكەرتىلىش كۆلىمى 420.5 موغا، دەل - دەرەخ بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 12.8%كە يەتتى.

## 4. قوغدىلىدىغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇش

دۆلەت تەبىئىي ئېكىئولوگىيىنى ۋە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش ئۈچۈن، ناھىيە تەۋەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۆلىمى 45 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە كۆلىمى 15 مىڭ 125 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئالتۇنتاغ ياۋا تۆگە مۇھاپىزەت رايونى قۇردى. (تەپسىلىي ئەھۋالى مۇشۇ قىسىمنىڭ 3 - بابىدىن كۆرۈۋېلىنسۇن).

## 5. باشقا تەدبىرلەر

1) چۈچۈكبۇينى لايىقىدا كولاش، بايلىق مەنبەئىينى قوغداش چۈچۈكبۇينى لايىقىدا كولاش، بايلىق مەنبەيىنى قوغداش، تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، «قوغداش، پەرۋىش قىلىش ۋە ئېچىش»نى بىرلەشتۈرۈش، قوغداشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلدى، چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى (83) 6 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە چۈچۈكبۇينى قالايمىقان كولاشنى مەنئى قىلىشنى، چۈچۈكبۇيا كولاشقا رۇخسەت ئالغانلاردىن تەبىئىي بايلىق ئۈچۈن يەرلىك قوشۇمچە خىراجەت ئېلىشنى بەلگىلىدى.

1985 - يىل 4 - ئايدا ناھىيە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، ئارغان ۋە يېڭىسۇ رايونلىرىغا ئەۋەتىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆججىتى ۋە مۇھىت ئاسراشقا ئالاقىدار نىزاملارنى تەشۋىق قىلىپ، قالايمىقان چۈچۈكبۇيا كولاشنى مەنئى قىلدى ھەمدە چۈچۈكبۇيا كولايدىغانلارنىڭ پۈتۈنلەي چېكىنىشى ئۈچۈن ۋاقىت بەلگىلەپ بەردى.

2) يېڭىسۇ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش يېشىل كارىدور ۋە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى 800 مىڭ مودىن ئارتۇق چاتقال، غوللۇق دەرەخ، ئوت - چۆپ ۋە چۆللۈك يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن، 1985 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى داشكۆل سۇ ئامبىرىدىن يېڭىسۇ رايونىغا قەرەللىك ھالدا سۇ قويۇپ بېرىپ ئوتلاقلارنى سۇغىرىپ تۇرۇشنى قارار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭىسۇ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ياسىلىشقا باشلىدى.

3) كۆمۈرنى ھەل قىلىپ، يېقىلغۇ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش: 1985- يىلى چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن چەرچەن ناھىيىسى جاڭگالساي كۆمۈر كېنىنى ئېچىش ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالىدى، شۇنىڭ بىلەن چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئىشلىتىدىغان كۆمۈر مەنبەيى يېقىن ئەتراپتىن ھەل قىلىندى. چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «كۆمۈر قالاپ، ئوتۇن تېجەشنى قانات يايدۇرۇپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، شۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق رايونلىرى ئەتراپىدىكى ۋە ناھىيە بازىرىغا يېقىن جايلاردىكى تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىر قەدەر ئوبدان قوغدىلىشقا باشلىدى.

# III باب

# تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى

چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى قوغدىلىدىغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بولۇپ، مەملىكەت ئىچى- سىرتىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار ئۇنى «ئىنتايىن زور ئىلمىي تەكشۈرۈش قىممىتى بار رايون» دېيىشمەكتە. 1982 - يىلى يازدا، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھايۋانات تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بۇ رايوندا ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ يەرنىڭ ناھايىتى زور تەرەققىيات قىممىتى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. 1983 - يىل 10- ئايدا ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى رەسمىي قۇرۇلدى. 1985- يىلى 3 - ئايدا، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايون قىلىپ قۇرۇلدى.

1986 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ ئالدى رايونىدا، يەنى ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي باغرىنىڭ شەرقىي چېتىدە ئالتۇنتاغ ياۋا تۆگە مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلدى.

## 1 § . ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى

ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ناھىيە تەۋەسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغ رايونىدا بولۇپ، شىمالىي پاراللېل 36°00′ — 37°49′ ، شەرقىي مېرىدىئان 87°10′ — 91°18′ ئارىلىقىغا جايلاشقان، شىمالدا چىمەنتاغدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا كۇئېنلۇن تېغىغىچە سوزۇلغان، غەرب تەرىپى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ تاغ رايونى بىلەن چېگرىداش، شەرق تەرىپى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ چېگرىسىغا تاقالغان بولۇپ، مەمۇرىي رايونلار ئايرىمىسى بويىچە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ چىمەن رايونىغا قارايدۇ. مۇھاپىزەت رايون تەۋەسىدىكى جايلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 45 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ رايون ئىچىدە مۇكەممەل ئىپتىدائىي ئېگىزلىك ئېكولوگىيە سىستېمىسى ۋە قىممەتلىك، ئەتىۋارلىق ياۋا ھايۋان، ئۆسۈملۈك تۈرى بار، ئۇ، دۇنيا بويىچە ئوتتۇرا - تۆۋەن كەڭلىكتىكى كۆپ يىللىق توڭ توپا كەڭ دائىرىدا تارقالغان يەر ھېسابلىنىدۇ، بۇ رايوندا كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان، مۇزلۇقتا ئۆستى - ئۆستىلەپ چۆشكەن ماگما يەر شەكلى ۋە ئېگىزلىك كۆللىرى،

دەريا ـ ئېقىنلىرى ۋە چۆللۈكلەر بار. ئۇ، مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدا كەم تېپىلىدىغان، ئېپتىدائىي مۇھىتى بىر قەدەر ياخشى قوغدالغان رايونلارنىڭ بىرىدۇر.

## 1. يەر شەكلى

مۇھاپىزەت رايون ئىچىدىكى يەرلەر ئومۇمىي تۈزۈلۈشى جەھەتتە غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ قىيپاش كەتكەن. غەربىي جەنۇبىدىكى مۇزتاغ چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6973 مېتىر بولۇپ، مۇھاپىزەت رايوندىكى ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ؛ شەرقىي شىمالى سەيدام ئويمانلىقى بىلەن تۇتاشقان يەرلەر بولۇپ، ئادەتتە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە؛ شىمالىنى ئالتۇنتاغ ئېگىلىگەن، ئۇنىڭ غەربىي چېتىنىڭ يەر شەكلى خەتەرلىك، 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان چوققىدىن 5ى بار، تاغنىڭ شەرقىي چېتى كۆپىنچە 3000 مېتىر كېلىدىغان پەس تاغلار ۋە ئېدىرلىقلار بولۇپ، ئۇلار سەيدام ۋە تارىمدىن ئىبارەت 2 چوڭ ئويمانلىقنىڭ تەبىئىي توسقىنى شەكىللەندۇرگەن؛ جەنۇبىي قىسمى شەرقىي كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ تارمىقى بولغان چىمەنتاغ بىلەن كۆكشىل تېغى ئوراپ تۇرغان قۇمكۆل ئويمانلىقى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 — 4500 مېتىر ئارىلىقىدا، پەقەت شىمالىي قىسمىدىكى كۆلنىڭ ئەڭ پەس جايىلا 3850 مېتىر كېلىدۇ. ئەتراپتىكى ئېگىز تاغلاردىكى مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىگەن سۇلىرى بىلەن بۇلاق سۇلىرى قۇيۇلۇپ تۇرغانلىقتىن، ئويمانلىقنىڭ شىمالى، غەربى ۋە جەنۇبىدا مۇز تۇتمايدىغان 3 ئېگىزلىك كۆلى، يەنى ئاياققۇم كۆلى، ئاچچىقكۆل ۋە كىت كۆلى ھاسىل بولغان، بۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1200 كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپ. ئويمانلىقنىڭ شەرقىي چېتىدە قۇمكۆل، ئېشەكپاتتى كۆلى قاتارلىق سۈيى تاتلىق كۆللەر بار. ئويمانلىقنىڭ ئىچىدىكى يەر شەكلى، يەر قىياپىتىنىڭ تىپلىرى مۇرەككەپ، تەبىئىي مەنزىلىرى ئۆزگىچە ھەم خىلمۇ خىل بولۇپ، كەم ئۇچرايدىغان ئېگىزلىك قۇملۇقلىرى ۋە قەدىمكى كارستلىق يەر شەكىللىرى بار، نەچچە مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغىچە سوزۇلغان بۇ مەنزىلەرنى ئاجايىپ مەنزىرە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ رايون ئىچىدە نەچچە مىڭلىغان بۇلاق ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدۇ، كۆللەر ھەممىلا يەرگە تارقالغان، يېمىرىلگەن تاش تاغلارنىڭ قىياپىتى خىلمۇ خىل، چوققىلىرى قاتمۇقات بولۇپ، بۇلار ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن كۆپ خىل ئارامگاھ مۇھىت ھازىرلاپ بەرگەن.

تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى دائىرىسىدە كىچىك قۇملۇقتىن 5ى بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 3054 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇلار ئاساسەن، ھىلال ئاي شەكلىدىكى تۇتاش قۇم بارخانلىرى ۋە پىرامىدا شەكلىدىكى قۇم بارخانلىرى بولۇپ، 2 تاغ ئارىسىدىكى جىلغىغا تارقالغان؛ يېرىم تۇرغۇن ھالەتتىكى قۇم بارخانلىرى ۋە تۈزلەڭ قۇملۇقلار ئوچۇق كەتكەن كۆل تىنما تۈزلەڭلىكلىرى ۋە ئوچۇق جىلغىلارغا تارقالغان.

مۇھاپىزەت رايونىدىكى قۇمكۆل ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى كارستلىق يەر شەكلىنىڭ يېتىلىشى بىر قەدەر تىپىك بولۇپ، ئاساسەن، ئاچچىقكۆلدىن 9 توسمىغىچە بولغان ۋادىلارغا غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇنچاق ھالەتتە جايلاشقان، كەڭلىكى تەخمىنەن 30 ـ 40 كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق، كۆلىمى تەخمىنەن 5000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4200 — 4500 مېتىر ئارىلىقىدا. تىك ھالەتتە جايلاشقان كارستلار 3 قاتلامغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۈستۈنكى قاتلىمى ھەممىدىن بەك يېتىلگەن، ئوتتۇرا قاتلىمى ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدۇ، ئاستىنقى قاتلىمىدىكى كارستىنىڭ رولى ئاجىز. كارستلارنىڭ

قىياپىتى خىلمۇ خىل بولۇپ، تام جىنىسلار، دۆمبەللىكلەر، چوققىلار، كارىست ئۆڭكۈرلەر، تۆشۈك غارلار، تەبىئىي كۆۋرۈكلەر، كارىست بۇلاقلار قاتارلىقلار بار. كارىستلارنىڭ تىك قۇرۇلمىسىنى 3 دەۋرگە بۆلۈش مۇمكىن: بىرىنچىسى، قەدىمكى دەۋردىكىلىرى بولۇپ، تارقالغان جايى ئېگىز، ئۇنىڭ ئاساسلىق تىپلىرى دۆمبەللىكلەر، چوققىلار، تام جىنىسلاردىن ئىبارەت؛ ئىككىنچىسى، بىر قەدەر قەدىمكى دەۋردىكىلىرى بولۇپ، سەل پەسرەك تارقالغان، ئۇنىڭ ئاساسلىق تىپلىرى كارىست ئۆڭكۈرلەر، تۆشۈك غارلار، تەبىئىي كۆۋرۈكلەردىن ئىبارەت؛ ئۈچىنچىسى، بىر قەدەر يېراق دەۋردىكىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق تىپلىرى كىچىك كارىست ئۆڭكۈرلەر، كارىست تۆشۈكلەر، كارىست بۇلاقلاردىن ئىبارەت، بۇلار تاغ باغرىدىكى جايلارغا تارقالغان.

## 2. كىلىماتى

1) تېمپېراتۇرا بۇ رايون مۆتىدىل بەلۋاغ دائىرىسىگە كىرىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 4000 مېتىردىن يۇقىرى بولغاچقا، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ئاران 1.64℃ بولىدۇ، تېمپېراتۇرا 0℃دىن يۇقىرى بولىدىغان چاغلار 5 - 6 ئايلا بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -30℃ بولىدۇ، ئۆسۈملۈك ئۆسىدىغان مەزگىلدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 8℃، 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 18℃ بولىدۇ. بۇ جايدا 4 پەسىل ئايرىلمايدۇ، پەقەت ئىسسىق مەزگىل، سوغۇق مەزگىل دەپلا ئايرىلىدۇ.

2) هۆل - يېغىن ھەر يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىنكى يىلى 2 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان ۋاقىت هۆل - يېغىن بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ۋاقىت بولۇپ، هۆل - يېغىن شىمالدىن جەنۇبقا سۈرۈلگەنچە كۆپىيىدۇ (200 - 400 مىللىمېتىر/يىل بولىدۇ). 1984 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە ئۆلچەپ كۆرۈلگەن 15 هۆل - يېغىنلىق كۈندىكى هۆل - يېغىن مىقدارى 216 مىللىمېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە 7 كۈندىكى هۆل - يېغىن مىقدارى 200 مىللىمېتىر بولغان، كۈنلۈك هۆل - يېغىن مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغاندا 51 مىللىمېتىرغا يەتكەن. هۆل - يېغىن كۆپىنچە قاتتىق ھالەتتە كۆرۈلىدۇ ھەمدە كۆپىنچە ئاۋۋال يامغۇر يېغىپ كېيىن قارغا ئايلىنىدۇ. ياز پەسىللىرى ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ قار توزۇپ يۈرىدۇ، قار كۆپ ياغىدۇ، ھاۋا گۈلدۈرلەش، چاقماق چېقىش ھادىسىلىرىمۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ. قارادۆڭدە كۈنلۈك پارغا ئايلىنىش مىقدارى 59.7 مىللىمېتىر، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 113 مىللىمېتىر بولىدۇ.

3) نىسپىي نەملىك نىسپىي نەملىك شەرقتىن غەربكە سۈرۈلگەنسېرى پەيدىنپەي ئازىيىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. نىسپىي نەملىك ئاچچىقكۆلدە 54.4%، ئېشەكپاتتىدا 59.7%، قارادۆڭدە 63.2%، قارا چوققىدا 60.8% بولىدۇ.

4) شامال مۇھاپىزەت رايونى شامال كۆپ چىقىش، شامال كۈچى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھەر يىلى 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە بولغان ۋاقىت شامال كۆپ چىقىدىغان مەزگىل بولۇپ، غەرب شاملى 43.9%نى، شەرق شاملى 31.9%نى، شىمال شاملى 21.8%نى، جەنۇب شاملى 2.4%نى ئىگىلەيدۇ. شامال يۆنىلىشى يەر شەكلى ۋە تاغ تىزمىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، جايلار بويىچە بىر ئاز پەرقلىق بولىدۇ. ئاتموسفېرا بېسىمى ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تۆۋەنلەپ بارىدۇ.

### ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى ئاساسلىق دەريالار

| دەريا نامى | ئېقىم مىقدارى كۇب مېتىر/سېكۇنت | ئېقىش مۇساپىسى (كىلومېتىر) | تولۇقلىنىش تىپى | قويۇلىدىغان كۆل | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|
| ئېشەكپاتتى دەرياسى | 9 | 100 | بۇلاق سۈيى | ئاياققۇم كۆلى | |
| قۇم قىرى دەرياسى | 14 | 70 | بۇلاق سۈيى | ئاياققۇم كۆلى | |
| سېيىق يار دەرياسى | 12 | 90 | بۇلاق سۈيى | ئاياققۇم كۆلى | |
| يوز بۇلاق دەرياسى | 14 | 65 | بۇلاق سۈيى | ئاياققۇم كۆلى | |
| ئاچچىقكۆل دەرياسى | 17 | 70 | بۇلاق سۈيى | ئاچچىق كۆل | |
| قۇرۇقپىتلىق دەرياسى | 16 | 250 | ئېرىگەن قار | ئاياققۇم كۆلى | كۈنلۈن تېغىدىن باشلىنىدۇ |

## 3 . دەريالار

مۇھاپىزەت رايونى ئىچىدە چوڭ ـ كىچىك دەريا ـ ئېقىنىدىن 10 نەچچىسى بار، دەريالارنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئېقىم مىقدارى ئاز، ئېقىش مۇساپىسى قىسقا، سىرغىم مىقدارىنىڭ يىل ئىچىدىكى تەقسىملىنىشى تەكشى، بەك چوڭ كەلكۈن كەلمەيدۇ، سۇ سۈپىتى ياخشى.

مۇھاپىزەت رايونىدىكى ئاساسلىق دەريالاردىن ئېشەكپاتتى دەرياسى، قۇم قىرى دەرياسى، سېيىقيار دەرياسى، يوز بۇلاق دەرياسى، ئاچچىقكۆل دەرياسى، قۇرۇقپىتلىق دەرياسى بار. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە توغرىساي دەرياسى، خەشەكلىك دەرياسى، بۇلاق سۇ دەرياسى، يۇلاڭ دەرياسى، يۆيا دەرياسى قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئېقىم مىقدارى 7 ـ 10 كۇب مېتىر/سېكۇنت كېلىدۇ.

## 4 . كۆللەر

تاغ رايونىدىكى كۆللەرنىڭ كۆپىنچىسى سۈيى تۇزلۇق كۆللەر بولۇپ، ئەڭ چوڭ تۇزلۇق كۆللەردىن ئاياققۇم كۆلى، ئاچچىقكۆل، كىت كۆلى بار؛ سۈيى تاتلىق كۆللەر بىر قەدەر كىچىك بولۇپ، چوڭراقلىرىدىن چوڭ قۇمكۆل ۋە ئېشەكپاتتى كۆلى بار.

1) ئاياققۇم كۆلى ئۇزۇنلۇقى 45 كىلومېتىر، كەڭلىكى 20 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 680 كۋادرات كىلومېتىر، سىغىمچانلىقى 5 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭغا 5 دەريانىڭ سۈيى قۇيۇلىدۇ. كۆلنىڭ جەنۇبىدا تۇزلۇق تاغ بولغانلىقتىن، كۆل سۈيى ئېغىر دەرىجىدە تۇزلىشىپ كەتكەن.

2) ئاچچىقكۆل كۆلىمى 400 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاساسەن، ئاچچىقكۆل دەرياسى، خەشەكلىك دەرياسى ۋە بۇلاق سۇلىرىنىڭ قۇيۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان تۇزلۇق كۆلدۇر.

3) كىت كۆلى كۆلىمى 120 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ، ئاساسەن، بۇلاقسۇ دەياسى، يۇلاڭ دەرياسى ۋە بۇلاق سۇلىرىنىڭ قۇيۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان تۇزلۇق كۆل بولۇپ،

دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4700 مېتىر كېلىدۇ، ئۇ مۇھاپىزەت رايونى بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز تۇزلۇق كۆلدۇر.

4) چوڭ قۇمكۆل، كىچىك قۇمكۆل ۋە ئېشەكپاتتى كۆلى چوڭ قۇمكۆل، كىچىك قۇمكۆل ۋە ئېشەكپاتتى كۆلى بۇلاق سۇلىرىنىڭ قويۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 60 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ كۆللەردىن سۇغىرىش ئىشلىرى ئۈچۈن ۋە ئېگىز تاغ كۆللىرىدە بېلىق بېقىش ئۈچۈن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

## 5. تۇپراق

مۇھاپىزەت رايونىدىكى تۇراقنى 2 چوڭ تۈر (ئېگىز تاغ تۇزلەڭلىك تۇپرىقى، تاغ يېرى تېپىدىكى تۇپراق) گە، 11 توپا تۈرى (ئېگىز - سوغۇق چۆل توپىسى، ئېگىز - سوغۇق ئوتلاق توپىسى، قوڭۇر كالتسىيلىق توپا، ئېگىز - سوغۇق چىملىق توپىسى، ئېگىز - سوغۇق زەي توپا، شور توپا، يىمىرىلمە توپا، ئېگىز تاغ چۆل توپىسى، ئېگىز تاغ چىم توپىسى، كەنجى تاغ توپىسى، تاغ يېرى قوڭۇر كالتسىيلىق توپا) گە بۆلۈش مۇمكىن.

## 6. ئۆسۈملۈكلەر

دەسلەپكى قەدەمدە باھالاپ بېكىتىلىشچە، مۇھاپىزەت رايونى ئىچىدە ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەردىن 241 خىلى بولۇپ، ئۇلار 27 ئۆسۈملۈك ئائىلىسى، 96 ئۆسۈملۈك ئۇرۇقدىشىغا تەۋە ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان ئۆسۈملۈك ئائىلىسىدىن 6سى بار، يەنى: (1) ئورمان ئائىلىسى، بۇنىڭدا 7 ئۆسۈملۈك ئۇرۇقدىشى، 33 ئۆسۈملۈك خىلى بار؛ (2) مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، بۇنىڭدا 11 ئۆسۈملۈك ئۇرۇقدىشى، 37 ئۆسۈملۈك خىلى بار؛ (3) كىرىست گۈللۈكلەر ئائىلىسى، بۇنىڭدا 16 ئۆسۈملۈك ئۇرۇقدىشى، 29 ئۆسۈملۈك خىلى بار؛ (4) پۇرچاق ئائىلىسى، بۇنىڭدا 5 ئۆسۈملۈك ئۇرۇقدىشى، 33 ئۆسۈملۈك خىلى بار؛ (5) ئېيىق تاپانلار ئائىلىسى، بۇنىڭدا 7 ئۆسۈملۈك ئۇرۇقدىشى، 17 ئۆسۈملۈك خىلى بار؛ (6) قىياق تېپىدىكىلەر ئائىلىسى، بۇنىڭدا 3 ئۆسۈملۈك ئۇرۇقدىشى، 18 ئۆسۈملۈك خىلى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئازغان ئائىلىسىدىكىلىرىمۇ مەلۇم ئورۇن تۇتىدۇ.

مۇھاپىزەت رايونىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، ئوخشاش بولمىغان جايلاردا يەر شەكلى، يەر قىياپىتى ۋە كىلىمات جەھەتتىكى پەرقلەر ساقلانغان، شۇنداقلا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تارقىلىشىمۇ تەكشى ئەمەس.

## 7. ھايۋانلار

1) ھايۋانات توپلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ۋە سان جەھەتتىكى تارقىلىشى بۇ، روشەن رايون پەرقىگە ئىگە، شىمالىي قىسمىدىكى قۇمكۆلگە ھەر خىل سۇ قۇشلىرى توپلىشىپ جايلاشقان؛ شەرقىي جەنۇبتىكى 9 توسمىدا سۇ، ئوت - چۆپ مول، ھەر خىل ئېگىزلىك ھايۋانلىرى توپلىشىپ جايلاشقان، بۇ يەر تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ راھەتبەخش ماكانىغا ئايلانغان؛ شەرقىي قىسمىدىكى قۇمكۆل قۇملۇقى پەقەت بەزى ھايۋانلارغىلا ۋاقىتلىق پاناھگاھ بولالايدۇ؛ ئاياققۇم كۆلى رايونىنىڭ غەربىدە ئوت - چۆپلەر تۇگەپ چۆللىشىپ كەتكەن، تاتلىق سۇ كەمچىل، بۇ يەردە تۇياقلىق ھايۋانلار تۆللەيدىغان پاناھگاھ بار؛ غەربىي جەنۇبتىكى كىت كۆلى بىلەن ئاچچىقكۆل رايونىدىكى ھايۋانات تۈرلىرى سۇدا يۈرىدىغان قۇشلارنى ئاساس قىلىدۇ.

2) ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى: كۆپىنچىلىرىنىڭ تېنىنىڭ رەڭگى سۇس كېلىدۇ، تۇياقلىق ھايۋاناتلار يۈگرەك، چاشقان تۈرىدىكىلەرنىڭ قىشلىق ئۇيقۇ ۋاقتى ئۇزۇن كېلىدۇ، قۇش تۈرلىرىدىن يازلايدىغان قۇشلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇلار قىسقىغىنە يازدىكى ئىسسىق پەسىلدە پۈتكۈل كۆپىيىش مۇددىتىنى تاماملاپ بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر دەشت - باياۋاننىڭ بىر خىل، ئەتراپى ئوچۇق مۇھىتىغا ۋە ئېگىزلىكتىكى تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇشتەك مۇھىتقا ماسلاشقان. چوڭ ھايۋانلارنىڭ (مەسىلەن، ياۋا قوتازنىڭ) يوڭ يېپىنچىسى تەرەققىي قىلغان، قىشلىق ھايۋانلارنىڭ كولاش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ. كۈندىلىك ھەرىكەتلەردە كۆپ خىل قۇشقاچ ۋە قۇش تۈرلىرى سۇغۇر ۋە توشقان، چاشقانلارنىڭ ئۇۋۇلىرى ئەتراپىغا چاڭگا تىزىدۇ، بۇ ئالاھىدىلىكلەرمۇشۇ رايوننىڭ ئوچۇقچىلىق مەنزىرىسىگە، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شالاڭ ھەم پاكار بولۇشىغا، شۇنىڭدەك ئېگىزلىكتىكى سوغۇق كىلىماتقا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ، ئۇلارنىڭ تاغ رايونىنىڭ ئېگىز — سوغۇق ۋە قۇرغاق بولۇشتەك 2 خىل ئالاھىدە تەبىئىي مۇھىتىغا ماسلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

3) ھايۋانلارنىڭ تۈرلىرى تەكشۈرۈلۈشىچە، مۇھاپىزەت رايون دائىرىسىدە يىرتقۇچلار 49 خىل، قۇش تۈرلىرى 92 خىل، ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار 4 خىل، سۇدىمۇ - قۇرۇقلۇقتىمۇ ياشىغۇچى ھايۋانلار بىر خىل بولۇپ، جەمئىي 146 خىل ھايۋان بار ئىكەن، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە 14 خىل ھاشارەت، كېپىنەك ۋە 3 خىل چېكەتكە بار ئىكەن. بۇ رايوندا يېيىشكە بولىدىغان قۇشلاردىن 26 خىلى، ماموقىدىن پايدىلىنىشقا بولىدىغان قۇشلاردىن 24 خىلى، دورىلىق قۇشلاردىن 15 خىلى، دېھقانچىلىقتا ۋە تازىلىقتا پايدىلىق قۇشلاردىن 20 خىلى، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان قۇشلارنى 22 خىلى بار ئىكەن.

## 2 § . ئالتۇنتاغ ياۋا تۆگە مۇھاپىزەت رايونى

ياۋا تۆگە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ ئالدى رايونىغا، يەنى ئالتۇنتاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە، شىمالىي پاراللېل 38°42′ — 39°30′، شەرقىي مېرىدىئان 90°13′ — 92°58′ ئارىلىقىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ كۆلىمى 15 مىڭ 125 كۋادرات كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1200 — 3000 مېتىر ئارىلىقىدا. مۇھاپىزەت رايون غەربتە خوڭخۇيې جاڭگاللىقىدىن باشلىنىپ، شەرقتە خانئامبال ئوتلىقىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، گەنسۇنىڭ ئاقساي قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن چېگرىداش، جەنۇبتا ئالتۇنتاغ ئومۇرتقىلىرى ئارقىلىق چىڭخەي بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالدا قۇمتاغ قۇملۇقى بىلەن قوشنا. بۇ رايون قۇرغاق تاغ رايونىغا مەنسۇپ، ئەمما ياۋا تۆگە، ئارقار قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ياشىشىغا ۋە كۆپىيىشىگە ماس كېلىدۇ، بۇ رايوندىكى قوش لوكىلىق ياۋا تۆگە دۇنيادا ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان تۈرىگە كىرىدۇ، بۇ يەرگە كىشىلەر كەمدىنكەم ئاياغ باسىدۇ، شۇڭا ئۇ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ياشىشى ۋە كۆپىيىشىدە كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.

1986 - يىلى، شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ گوۋۇيۈەنگە تەستىقلىتىشى بىلەن ئالتۇنتاغ ياۋا تۆگە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلدى، ئۇنى ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى.

# قوشۇمچە: ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامى

## 1. ھايۋانلار

### 1) ئۆمىلىگۈچىلەر:

چىڭخەي چۆل كەسلەنچۈكى Phrynocephalus vlangalii

### 2) قۇشلار

چوڭ ئاققۇتان Egretta alba alba

ئالاباش تۇرنا Anser indicus

ھاڭگىت Tadorna ferruginea

يېشىلباش ئۆردەك Anas platyrhynchos

پاناق ھاڭگىت Tadorna tadorna

ئادەتتىكى ئىنچىكە تۇمشۇق ئۆردەك Mergus merganser

يىڭنە قۇيرۇق ئۆردەك Anas acuta

شۇڭقار Aquila chrysaetos daphanea دۆلەت بويىچە 1 - دەرىجىدە قوغدىلىدۇ.

غېجىرسالۋا Aegypius monachus

تاپ قۇشى Gyps fulvus

قارچۇغا Falco cherrug milvipes

تىبەت ئۇلارى Tetraogallus tibetanus دۆلەت بويىچە 1 - دەرىجىدە قوغدىلىدۇ.

قارا بويۇن تۇرنا Grus nigricollis دۆلەت بويىچە 1 - دەرىجىدە قوغدىلىدۇ.

موڭغۇلىيە چىقچىقى Charadriu mongolus

قىزىل پۇت قىلىيورغا Tringa totanus

ئۆرۈمە تۇمشۇق قىلىيورغا Recurviirostra avosetta

قوڭۇرباش بېلىقچى Larus brunnicephalus

تىبەت پايپاقلىق چىلى Syrrhaptes tibetanus

ياۋا كۆك كەپتەر Columba rupestris

ھەيران Apus apus pekinesis

ھۆپۈپ Upupa epops

ئۇزۇن تۇمشۇق تورغاي Melanocorypha maxima holdereri

قىسقا پۇت تورغاق Calandrella cinerea dukhunensis

ئىنچىكە تۇمشۇق چۆل تورغىيى Calandrella acutirostris tibetana

چۆل تورغىيى Calandrella rufescens

پۇپۇچەك تورغاي Eremophila alpestris przewalskii

قارلىغاچ Hirundo rustica

سېرىقباش سۇندۇك Motacilla citreola werae

بوزسۇندۇك Motacilla cinerea robusta

ئاق سۇندۇك Motacilla alba personata
قوڭۇر قاغا Pseudopodoces humilis
قۇزغۇن Corvus corax tibetanus
قىزىل تۇمشۇق قاغا Pyrrhocorax pyrrhocorax himalayanus
قىزىل قۇيرۇق بۇلبۇل Phoenicurus ochruros phoenicuroides
چۆل چىكان قۇشى Oenanthe deserti atrogularis
ئاق ئالا قۇشقاچ Montufrungilla nivalis
قوڭۇر قۇشقاچ Montifringilla blanfordr blanfordi
قوڭۇر بويۇن قۇشقاچ Montifringilla ruficollis isabellina

3) سۈت ئەمگۈچىلەر

قوڭۇر ئېيىق Ursus arctos دۆلەت بويىچە 2 - دەرىجىدە قوغدىلىدۇ.
بۆرە Canis lupus
قىزىل تۈلكە Vulpes vulpes
تىبەت تۈلكىسى Vulpes ferrilata
بۇلغۇن Martes foina
ئاغمىخان Mustela altaica
سۆلەيسۈن Felis lynx دۆلەت بويىچە 2 - دەرىجىدە قوغدىلىدۇ.
مۇلۇن Felis manul دۆلەت بويىچە 2 - دەرىجىدە قوغدىلىدۇ.
يىلپىز Panthra uncia دۆلەت بويىچە 1 - دەرىجىدە قوغدىلىدۇ.
تىبەت قۇلىنى Equus kiang
ياۋا قوتاز Bos grunniens دۆلەت بويىچە 1 - دەرىجىدە قوغدىلىدۇ.
تىبەت دالا بۆكىنى Procapra picticaudata دۆلەت بويىچە 2 - دەرىجىدە قوغدىلىدۇ.
تىبەت بۆكىنى Pantholops hodgsoni دۆلەت بويىچە 1 - دەرىجىدە قوغدىلىدۇ.
تاغ تېكىسى Pseudois nayaur دۆلەت بويىچە 2 - دەرىجىدە قوغدىلىدۇ.
ئارقار Ovis ammon دۆلەت بويىچە 1 - دەرىجىدە قوغدىلىدۇ.
سۇر قۇيرۇق توشقان Lepus oiostolus
ئاق توشقىنى Lepus timidus دۆلەت بويىچە 2 - دەرىجىدە قوغدىلىدۇ.
سالپاڭ قۇلاق مۇغا Ochotona macrotis
لاداق مۇغىسى Ochotona ladacensis
قارا تۇمشۇق مۇغا Ochotona curzoniae
ھىمالايا سۇغۇرى Marmota himalayana
3 تاپان چاشقان Dipus sagitta
تىبەت چاشقىنى Cricetulus kamensis
پايپاقلىق كىچىك چاشقان Phodopus roboro
ئاق قۇيرۇق تىيىن Pitymys leucurus

## 2. ئۆسۈملۈكلەر

1) يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر Gymnospermae

كوئىنلۇن چاكاندىسى Ephedra fedtschenkoae pauls.
تىبەت چاكاندىسى E. intermedia var. tibetica Stapf
پەردىلىك چاكاندا E. przewalskii Stapf
كىچىك ئۇرۇق چاكاندا E. regeliana Florin
2) يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر Angiospermae
يولاپىس شاپئوتى Potamogeton Pectinatus L.
سۇ كۆدىسى Triglochin maritimum L.
سۇ پايىسى T. palustre L.
مۆۋەبىبەلىسپىت Catabrosa aquatica (L.) Beauv.
پاكار تىپچاق Festuca coelestis (St. —Yves) V. Krecz. et Bobr.
سۆسۈن تىپچاق F. rubus L.
جىرا چىلگە تېرىقى Poa attenuata Trin.
چىرايلىق چىلگە تېرىقى P. calliopsis Litv. ex Ovcz.
پۈئا چىلگە تېرىقى P. attenuata subsp. botrgoides (trin. ex Griseb.) Tzvel
تىپچاقسىمان چىلگە تېرىق P. fesucoides N. R. Cui
كوئىنلۇن چىلگە تېرىقى P. litwinowiana Ovcz
خونجىراپ چىلگە تېرىقى P. poiphagorum subsp. hunczilapensis Keng ex D. F. Cui
تىبەت چىلگە تېرىقى P. tibetica Munro
شىنجاڭ چىلگە تېرىقى P. relaxa Ovcz.
ئورمان تارانبېشى Puccinellia hauptian Krecz.
ھىمالايا تارانبېشى P. himalaica Tzvel.
يالىڭاچ گۈللۈك تارانباش P. Pauciramea (Hack.) Krecz.
غەربىي يۇرت تارانبېشى P. roshevitsiana (Schischk.) Tzvel.
باشاقلىق كىرىمباشئوت Roegneria nutans (Keng) Keng
كىيىكئوت R. thoroldiana (Oliv.) Keng
تېس كىرىپباش ئوتى R. tschimganica (Drob.) Nevski
باشاقلىق غىشە ئوت Elymus nutans Griseb
تارئەنلىك بىداياق Leymus angustus (Trin.) Pilg.
كەڭ باشاق بىداياق L. ovatus (Trin.) Tzvel.
يەككە باشاق بىداياق L. remosus (Trin.) Tzvel.
بىداياق L. secalinus (Georgi) Tzvel.
قىل باشاق بىداياق L. remosus subsp. indumentus N. R. Cui
سۇمۇرگۈچ نىجىم Hordeum brevisubulatum subsp. nevskianum (Bowd.) Tzvel.
قىسقا ئەنبەھئوت Koeleria litvinovii Domin
باشاقلىق بېتىگە ئوت Trisetum spicatum (L.) Riht.
ئۆزگىرىشچان باشاقلىق بېتىگە T. spicatum subsp. virescens (Regel) Tzvel.
چاچما ئوت Deschampsia caespitosa (L.) Beauv.
باشاقلىق چاچما ئوت D. koelerioides Regel

| | |
|---|---|
| Hierochloe odorata (L.) Beauv. | تىلغىيار |
| Calmagrostis epigeios (L.) Roth | ئايراۋۇق |
| C. pseudophragmites (Hall. f.) Koel. | قۇمۇشسىمان ئايراۋۇق |
| C. kokonorica Keng | چىڭخەي هارامشاغىرى |
| Achnatherum splendens (Trin.) Nevski | چىغ |
| Stipa glareosa P. Smirn. | قۇملۇق سىلوسى |
| S. purpurea Griseb. | سۆسۈن گۈللۈك سىلو |
| S. Purpurea var. arenosa Tzvel | چوڭ سۆسۈن گۈللۈك سىلو |
| S. subsessiliflora var. basiplumosa (unro et Hook. f.) P. C. Kuo et Y. H. Sun | پەيخول سىلو |
| Eleocharis intersita Zinserl. | ئارىلىق بىجىق |
| E. pauciflora (Lightf.) Link. | ئاز گۈللۈك بىجىق |
| Kobresia capillifolia (Decne.) C. B. Clarke | قىل يوپۇرماق بىللاردىي |
| K. pygmaea C. B. Clarke | ئېگىزلىك ئەمىنى |
| K. schoeroide (A. Mey.) Steud. | تىبەت ئەمىنى |
| K. stenocarpa var. simplex Y. C. Yang | تارمۇشلىك ئەمەن |
| K. robusta Maxim. | غوللۇق چوڭ ئەمەن |
| Carex alajica Litv. | ئېگىزلىك مۇخى |
| C. arcatica Meinsh. | شىنجاڭ مۇخى |
| C. atrofusca Schkukr. | ئاق ئۇچلۇق مۇخ |
| C. microglochin Wahl. | ئۇچلۇق ئورىغۇچلۇق مۇخ |
| C. moocroftii Falc. ex Boott. | قاتتىق يوپۇرماق مۇخ |
| C. orbicularis Boott. | قاپلىق مۇخ |
| C. vulpinaris var. pseudfoetida (Kuk.) Y. C. Yang | قوڭۇر قاسراق مۇخ |
| Allium carolinianum DC. | ياي يوپۇرماق كۆدە |
| A. rude J. M. Xu | دالا سېرىق كۆدىسى |
| Gagea emarginata Kar. et Kir. | ئۇزۇن يوپۇرماق شېرىش ئوت |
| G. subalprna L. Z. Shue | شىنجاڭ شېرىش ئوتى |
| Juncus thomsonii Buchenau | شالاڭ ئورىغۇچلۇق چىمئوت |
| Iris loczyl Kanitz | تەڭرىتاغ چىقىرتمىقى |
| I. potaninii Maxim. | قاپلىق چىقىرتماق |
| I. potaninii var. ionantha Y. T. Zhao | كۆك گۈللۈك قاپلىق چىقىرتماق |
| I. ruthenica Ker. —Gawl. | يېشىل گۈللۈك چىقىرتماق |
| I. tenuifolia Pall. | چۈژگۈن |
| Urtica hyperborea | ئېگىزلىك چاقفاقئوتى |
| Polygonum pamiricum Korsh. | پامىر قامچىئوتى |
| P. sibiricum Laxm. | سىبىرىيە قامچىئوتى |
| P. viviparum L. | تاغ قامچىئوتى |
| Rheum reticulatum A. Los. | تور تومۇر رەۋەن |

Kalidium schrenkianum Bunge ex Ung. تەڭگە يوپۇرماق كۆرۈك
Ceratoides compacta (Losinski) Tsien et C. G. Ma ياتما تېرىسكەن
C. latens (J. F. Gmel.) Reveal. et Holmgren تېرىسكەن
Suaeda corniculata (C. A. Mey.) Bunge مۈڭگۈز باش سۆۋان
Halogeton glomeratus var. tibeticus (Bunge) Grubov. تىبەت شاپئوتى
Salsola abrotanoides Bunge ئەمەن يوپۇرماق قامغاق
Arenaria kansuensis MaXim. گەنسۇ قۇمخېنى
Stellaria umbellata Turcz. كۈنلۈك گۈللۈك ئەگىز ئوت
Adonis coerulea Maxim. كۆك تىرناقگۈل
A. tianschanicus (Adolf) Lipsch. تەڭرىتاغ تىرناقگۈلى
Clematis tangutica (Maxim) Korsh. تاڭغۇت ماڭدارى
Halerpestes tricupsis (Maxim.) Hand. —Mazz. ئۈچ يېرىق ئېيىقتاپان
Ranunculus longicaulis C. A. Mey. ئۇزۇن غوللۇق ئېيىقتاپان
R. natus C. A. Mey سۇ ئېيىقتاپىنى
R. popovii Ovcz. تەڭرىتاغ ئېيىقتاپىنى
Thalictrum alpinum L. ئېگىزلىك مارالئوتى
Lepidium apetalum Willd تۇدارى
Hedinia tibetica (Thoms.) Ostenf. خېرىنىيە ئوتى
Ptilotricum canescens (DC.) C. A. Mey. ئاۋراق
Berteroa macroflora An يوغان گۈل چۈپۈرشالغ
Draba eriopoda Turcz. تۈكلۈك غەبناكۆك
D. fladnizernius Wulfen يېپىق غەبناكۆك
D. glomerata Royle غوزەكلىك غەبناكۆك
D. lanceolata Royle ئۇچلۇق مېۋىلىك غەبناكۆك
D. nemorosa L. غەبناكۆك
D. oreades DC. تاغ غەبناكۆكى
Micropagacophyton linearifolia An غولسىز چۈپۈرشالغ
Arabidopsis himalaica (Edgew.) O. E. Schulz ھىمالايا قىچىسى
Microstigma brachycarpum Botsch قىسقا مېۋىلىك كىچىك غول قىچا
Chorispora tenella (Pall.) DC شىتىر قىچا
Sterigmostemum incanum M. Bieb بوز ياسقا
S. matthiolodes (Franch.) Botsch سۆسۈن گۈللۈك ياسقا
Syrenia siliculosa (M. bied.) Andrz. ياۋا قىچا
Torularia Parva Z. X. An كىچىك تورۇلا
Pycnplinthus uniflorus (Hook. f. et Thoms.) O. E. Schulz غۇجمەك قىچا
Sophiopsis nanua (Rupr.) O. E. Scholz ئوتتۇرا ئاسىيا ئاچا يوپۇرماق قىچىسى
Rhodiola coccinea (Royle) A. Bor. ئېگىزلىك قىزىل مارىلى
Rh. quadrifida (Pall.) Fisch. et Mey. تۆت يېرىق قىزىل مارال

| | |
|---|---|
| قۇملۇق ئازغىنى | Chamaerhodos sabulosa Bge |
| پامىر ئەبجەس ئوتى | Pentaphylloides dryadanthoides (Juz.) Sojak. |
| پەيسمان غاز تاپان | Potentilla anserian L. |
| ئاچىماق غاز تاپان | P. bifurca L. |
| ئوتتۇرا ئاسىيا غاز تاپىنى | P. asiae—mediae Ovcz. et K oczk. |
| ئاق غاز تاپان | P. nivea L. |
| پامىر غاز تاپىنى | P. pamiroalauica Juz. |
| بەش چېچىنكىلىق بۆلدۇرگەن | Sibbaldia tetrandra Bge. |
| جەنۇب كەترىسى | Astragalus australis (L.) Lam. |
| بودىن كەترىسى | A. borodinii Krassn. |
| كام كەترىسى | A. chomutovii B. Fedtsch. |
| جىم كەترىسى | A. dshimensis Gontsch. |
| غەيرى چىش كەترا | A. heterodentus Boriss. |
| ئۇچ قۇلاق كەترا | A. macrotrichus Pet. —Stib. |
| قارا ئۇچ كەترا | A. melanocladus Lipsky |
| قارلىق كەترىسى | A. nivalis Kar. et Kir. |
| قىسقا ساپلىق كەترا | A. pseudobrachytropis Gontsch. |
| ئورمان كەترىسى | A. tulunovii B. Fedtsch. |
| ئۆزگىرىشچان كەترا | A. variabilis Bge. ex Maxim. |
| كوئنلۇن كەترىسى | Hedysarum krassnovii |
| قىزىل چېچەك كەترا | H. multijugum Maxim. |
| شوخلىق تەلۋە | Oxytropis aciphylla Ldb. |
| چىرايلىق تەلۋە | O. bella B. Fedtsch. |
| بوز تەلۋە | O. cana Bge. |
| ھېدىن تەلۋىسى | O. hedinii |
| كۆپ قۇلاق تەلۋە | O. chiliophysa Royle |
| يايسىمان تەلۋە | O. falcata Bge. |
| كىچىك گۈللۈك تەلۋە | O. gladra (Lam.) DC. |
| تۈكلۈك تەلۋە | O. hirsntiuscula Freyn |
| كېتمېن تەلۋىسى | O. ketmenica Saposhn. |
| شالاڭ تۈكلۈك تەلۋە | O. pilosa (L.) DC |
| ئېگىزلىك تەلۋىسى | O. poncinsii Franch |
| كەڭ بەرگىلىك تەلۋە | O. platysema Schrenk |
| ئۇزۇن قىلتىرىقلىق تەلۋە | O. spinifer vass. |
| يىلىملىق كەترىسىمان تەلۋە | O. tragacanthoedes Fisch. |
| كوئنلۇن ياۋا مېشى | Thermopsis kuenlunica |
| تىبەت ياۋا مېشى | Th. tibetica |
| چىرايلىق بالغۇن | Myricaria elegans Royle |

| | |
|---|---|
| M. prostrata Benth. et Hook. f. | يەر بېغىرلىغۇچى بالغۇن |
| M. squamosa Desv. | توڭغاق سۇگەت |
| Reaumuia soongorica (Pall.) Maxim. | قامراق |
| Semenovia transiliensis Rgl. et Herd. | چوڭ بەرگىلىك كەرەپشە |
| Corydalis stricta Steph. | تۈز غوللۇق سېرىق بىنەپشە |
| Hypecoum leptocarpum Hook. f. et Thoms. | يىرىق مۈڭگۈز بەدىيان |
| Saxifraga cernua L. | دورىلىق تاشيارغان |
| S. oppositifolia L. | جۈپ قۇلاق تاشيارغان |
| S. parva | كىچىك تاشيارغان |
| S. unguiculata Engl. | پەنجىلىك تاشيارغان |
| Myriophyllum spicatum L. | باشاقسىمان ئۇرۇت |
| Hippuris vulgarus L. | سۇ قارىغىيى |
| Androsace ciliifolia Ludlow | كىرپىكسىمان سىغىن چېچەك |
| Glaux maritima L. | شور چېچەك |
| Pumila nutans Davay ex Fronch. | ياتما نورۇزگۈل |
| P. pamirica | پامىر نورۇزگۈلى |
| Limonium leptolobum (Rgl.) Ktze. | ئىنچىكە يىرىق بەھمەن |
| Gentianopsis stenocalyx. | ئۆششاق كاسىلىق كۆك چېچەك |
| Gentiana kaufmanniana Rgl. et Schnalh | تارقانات گېنتىيان |
| G. nutans Bge. | ياتما گۈللۈك گېنتىيان |
| G. krylovii Grossh. | ئېگىزلىك گېنتىيانى |
| G. leucomelaena Maxim. | كۆكئالا گېنتىيان |
| G. pedicellata (D. Don) wall. ex Griseb. | تۆكلۈك گېنتىيان |
| Microula tangutica Maxim. | كەڭ ئورىغۇچ تۆشۈكئوت |
| M. tibetica Benth | تىبەت تۆشۈكئوتى |
| Dracocephalum Dracocephalum heterophyllum Benth. | ئاق شاخچىگۈل |
| Lagotis ramalana Batalin | مۇنچاقباشاق توشقان قۇلاق |
| L. brachystachya Maxim. | قىسقا باشاق توشقان قۇلاق |
| L. decumbens Rupr. | ياتما توشقان قۇلاق |
| Pedicularis sp. | غاز قانىتى ئوت |
| Physochlaina praealta (Decne.) Miers | تىبەت پۇۋەكگۈلى |
| Aster alpinus L. | ئېگىزلىك يۇلتۇز گۈلى |
| Erigeron multicaulis | كۆپ غوللۇق سەرىبىز |
| Leontepodium nanum (Hook. f. et Thoms.) Hand. Mazz. | پاكار پىلىككئوت |
| Ajania scharnhorstii (Rgl. et Schmalh.) Tzvel. | يالاڭباش ئاجانىيە |
| A. tibetica (Hook. f. et Thomi. ex C. B. Clarke Tzvel. | تىبەت ئاجانىيىسى |
| A. tuilobata Poljak. | پاكار ئاجانىيە |
| Artemisia aschusfabazewii winkl. | كەڭ ئورىغۇچلۇق ئەمەن |

ئادەتتىكى ئەمەن A. depauperata Krasch.

سوغۇق ئەمەن A. frigida Willd.

چىچىنكىلىق ئەمەن A. minor jacquem ex DC.

چىچەكلىك ئەمەن A. rhodantha Rupr.

سۇزاپ ئەمەن A. rutifolia Steph. ex Spreng

قۇرغاق ئەمەن A. xerophtica

تاغسېغىز Brachanthemum pulrinatum

چاشقان (ئاق توشقان) Saussurea gnaPhalodes(Royle)Sch. —BiP.

مەدوزا قار لەيلىسى S. medusa Maxim

يىڭنە يوپۇرماق قۇستە S. subulata C. B. Clarke

ئەگرى غول تورغايئوت Crepis flexuosa (Ledeb. ) C. B. Clarke

ئاق گۇللۇك يىكەن Taraxacum leucanthum (Ledeb. ) Ledeb

غەيرىي يوپۇرماق يۇگۈنىيە ئوتى Youngia tenuitolis subsp. diveraifolia (Ledeb. ) Babr. et Stebb

ئونىنچى قىسىم

# سودا، ئاشلىق - ياغ

## ئونىنچى قىسىم

# سودا، ئاشلىق - باغ

## I باب

## سودا

چاقىلىق ناھىيىسى چەت - ياقا رايونغا جايلاشقان بولۇپ، تۆت ئەتراپى چۆل - جەزىرە بىلەن ئورالغان، قاتناش قۇلايسىز، سودا يوللىرىمۇ راۋان ئەمەس. ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان تەبىئىي ئىگىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى، سودا تەرەققىي قىلمىغان بولۇپ، چوڭراق دۇكان ياكى زور مىقدارلىق سودا - سېتىقمۇ يوق ئىدى، بىر نەچچە سودىگەر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېرىم سودىگەرچىلىك، يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئىدى، ئۇلارنىڭ كاپىتالى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، سىرت بىلەن تاۋار، ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشمۇ ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. بازاردىكى تاۋارلارنىڭ ھەممىسى چەرچەن، قاراشەھەرلەردىن كەلتۈرۈلەتتى، چاقىلىقنىڭ ئۆزىدىن چىققان مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆزىنى تەمىنلەشتىن ئاشقانلىرى كورلىغا ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50 - يىللارنىڭ بېشىدا، چاقىلىق ناھىيىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسىنى بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان خۇسۇسىي سودىغىمۇ پائال يار - يۆلەك بولدى. 1956 - يىلى خۇسۇسىي سودا سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتكەندە ناھىيە بويىچە 29 خۇسۇسىي سودا ۋە يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سودا ۋە ھەمكارلىق سودىغا قاتناشتى، بۇلار پۈتۈن ناھىيىدىكى خۇسۇسىي تىجارەتچىلەرنىڭ 78.4%نى ئىگىلىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، يەككە سودا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كوللېكتىپ سودا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا قوشۇۋېتىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا پۈتۈن ناھىيىنىڭ تاۋار ئوبوروت ساھەسىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

1978 - يىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. «سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش»تىن ئىبارەت ئىقتىسادىي

سىياسەتنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ بازار - يېزىلىرىدىكى تاۋار ئوبوروتى ساھەسىدە كوللېكتىپ سودا ۋە خۇسۇسىي سودا يېڭىۋاشتىن بارلىققا كېلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بىلەن تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسى ئاساسىي گەۋدە، خۇسۇسىي سودا تولۇقلىما قىلىنغان كۆپ خىل ئىگىلىكتىن تەركىب تاپقان بازار ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە سودا، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى بويىچە تىجارەت قىلىدىغان ئورۇنلار 196گە، كەسىپكار 592 گە يەتتى، سېتىۋېلىنغان تۈرلۈك تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون 510 مىڭ يۈەن، سېتىش سوممىسى 5 مىليون 626 مىڭ 100 يۈەن بولدى (ئاشلىق ئىدارىسى سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ).

## § 1 . تىجارەت تۈزۈلمىسى

### 1 . خۇسۇسىي سودا

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى، چاقىلىق ناھىيىسى يېڭى قۇرۇلغاندا، نوپۇسى ئاز بولۇپ، ناھىيىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەخسۇس دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، سودا - سانائەت يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇ چاغدا ناھىيە بويىچە ئائىلە 500 دىن ئاشمايتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت 3 ئائىلە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. مەخسۇس كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى تۈز، شۇلتا قاتارلىق نەرسىلەرنى ساتاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 7 ئائىلە مېۋە - چېۋە پەسىللىرىدە مېۋە - چېۋە سودىسى قىلاتتى.

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ سودا - سانائەت تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولغان، مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ناھىيە بويىچە 46 ئائىلىلىك سودىگەر بولۇپ، ئومۇمىي مەبلىغى 9750 يۈەن بولغان، بازاردىكى ماللارنىڭ ھەممىسىنى پەرچەنلىك ۋە قاراشەھەرلىك سودىگەرلەر ئەكىلىپ ساتقان، ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باھا چىقىرىش خىزمىتى ياخشى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سودىگەرلەردىن ھەق ئېلىشتا، ئۇلارنىڭ كىرا ھەققىگە ئېتىبار بېرىلمىگەنلىكتىن، ئۇ سودىگەرلەرمۇ مال ئېلىپ كەلمەيدىغان بولۇۋېلىپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ بازىرى چۆلدەرەپ قالغان. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدە تىزىملاپ تىجارەت كىنىشكىسى بېرىلگەن خۇسۇسىي سودىگەرلەر 11 ئائىلە، كەسىپكارى 11 بولۇپ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ مەبلىغى 140 يۈەن ئەتراپىدا بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، چاقىلىق ناھىيىسى «دۆلەتكىمۇ، شەخسكىمۇ ئېتىبار بېرىش، ئەمگەكچى تەرەپكىمۇ، كاپىتال تەرەپكىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈش، بازار بىلەن يېزىلار ئارا ياردەملىشىپ، ئىچكى - تاشقى ئالماشتۇرۇش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، قىيىن ئەھۋالدا قالغان خۇسۇسىي سودىگەرلەرگە يار - يۆلەكتە بولدى. 1950- يىلى ناھىيە بويىچە 55 ئائىلىلىك خۇسۇسىي سودىگەر بارلىققا كەلدى. 1954 - يىلى خۇسۇسىي سودىدا سېتىلغان تاۋار سوممىسى 269 مىڭ 256 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا) بولۇپ، ناھىيە بويىچە سېتىلغان تاۋار سوممىسىنىڭ %47.64نى ئىگىلىدى. 1955 - يىلى خۇسۇسىي سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 65 ئائىلە، 65 ئادەمگە، ئومۇمىي مەبلىغى 31 مىڭ 570 يۈەنگە يەتتى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانچىلىقتىن بوشىغان مەزگىللىرىدە سودا - سېتىق قىلىدىغان، دېھقانچىلىق ئالدىراش مەزگىللەردە دېھقانچىلىق قىلىدىغانلار بولۇپ، مەخسۇس سودا - سېتىق

ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاران 32 ئائىلە ئىدى.

1956 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغاندا، مەبلىغى ئىنتايىن ئاز بولغان يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 28 ئائىلە نەسىھەت ئارقىلىق دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا قايتۇرۇلغاندىن سىرت، پۈتۈن ناھىيىدىكى %78.4تىن يۇقىرى خۇسۇسىي سودىگەرلەر ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سودا ۋە كوپىراتىپ سودىسىغا قاتناشتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، چاقىلىق ناھىيىسىدە بار بولغان بىر نەچچىلا خۇسۇسىي سودىگەر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا قوشۇۋېتىلدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە پارتىيىنىڭ «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» فاڭجېنى ئىزچىل ئىجرا قىلىندى، 1980 ـ يىلدىن بۇيان، ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قىسىم خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ تىجارەت باشلىشىنى تەستىقلىدى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە يەككە سودىگەرلەر 122 ئائىلىگە، كەسپكارى 145كە، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 32 ئائىلىگە، كەسپكارى 87 گە يەتتى، تۈرلۈك تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 321 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە سودىسىدىكى ئومۇمىي سېتىلىش سوممىسىنىڭ %5.7نى ئىگىلىدى.

## 2. كوللېكتىپ سودا

1956 ـ يىلى خۇسۇسىي سودا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلىش جەريانىدا ناھىيە بويىچە 2 ھەمكارلىق سودا دۇكىنى قۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا خۇسۇسىي سودىگەرلەردىن 11 ئائىلە، 12 كەسپكار قاتناشتى. ئۇلارنىڭ مەبلىغى 4000 يۈەن ئىدى؛ ھەمكارلىق ئاشخانىسىدىن بىرى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا خۇسۇسىي تىجارەتچىلەردىن 6 ئائىلە، 6 كەسپكار قاتناشتى، ئۇلارنىڭ مەبلىغى 800 يۈەن ئىدى؛ ھەمكارلىق ئاشلىق پونكىتىدىن بىرى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا خۇسۇسىي تىجارەتچىلەردىن 7 ئائىلە، 11 كەسپكار قاتناشتى، ئۇلارنىڭ مەبلىغى 850 يۈەن ئىدى؛ ئاشلىق سېتىش ھەمكارلىق گۆرۈپپىسىدىن بىرى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا خۇسۇسىي تىجارەتچىلەردىن 3 ئائىلە، 3 كەسپكار قاتناشتى، ئۇلارنىڭ مەبلىغى 240 يۈەن ئىدى. بۇ خۇسۇسىي سودا ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى كوللېكتىپ باشقۇرۇش، بىر تۇتاش ھېساب قىلىشنى يولغا قويدى. يەنە 3 ئائىلىگە نىسبەتەن مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش، تارقاق تىجارەت قىلىش يولغا قويۇلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ باشقۇرۇشى ۋە يېتەكلىشىدە بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى دەرىجىگە كۆتۈرۈش يولغا قويۇلدى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ، بۇنىڭ بىر قىسمى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا قوشۇۋېتىلدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىدىن ئايرىلىپ چىقىشقا باشلىدى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ تاۋار ئوبوروت ساھەسى، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاكتىپ رولىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودا ـ تىجارەت ئورنى 9، كەسپكار 81 بولۇپ، سېتىش سوممىسى 180 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە سودىدا سېتىلىش ئومۇمىي

سوممىسىنىڭ %32نى ئىگىلىدى.

## 3. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا

1) سودا ئىدارىسى سىستېمىسى: چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىسى ئازادلىقتىن كېيىن باشلانغان... 1950 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە سودا - سانائەت بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1952 - يىل 11 - ئايدا غەربىي شىمال سودا شىركىتى چاقىلىق ناھىيىسىدە سودا ماگىزىنى تەسىس قىلدى. 1953 - يىل 5 - ئايدا بۇ سودا ماگىزىنى ناھىيىدە تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ ماگىزىنى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ سودا شىركىتى قۇرۇلدى. 1956 - يىل 1 - ئايدا سودا شىركىتى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. 1958 - يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» داۋامىدا، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا ئۆتكۈزۈلدى. 1959 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ نامى سودا ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1962 - يىلى سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تەمىنات- سودا كوپېراتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. كېيىن نەچچە قېتىم تەرتىپكە سېلىنىدى، 1976 - يىلغا كەلگەندە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كارخانىلىرى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، سودا شىركىتى ۋە يېمەكلىكلەر شىركىتى تەسىس قىلىنىدى، ئۇلارغا ناھىيىلىك سودا- سانائەت بۆلۈمى رەھبەرلىك قىلدى. 1984 - يىلى سودا - سانائەت بۆلۈمى سودا ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. سودا شىركىتى، يېمەكلىكلەر شىركىتى ۋە نېفىت شىركىتى ئۇنىڭ قارىمىقىدا بولدى.

چاقىلىق ناھىيىسىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن، توپ سېتىش بازىرىنى تىزگىنلەپ، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىلىشىشنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ داخىيەن تۇرلۇك ماللار 2 - دەرىجىلىك توپ سېتىش پونكىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى توپ سېتىش بازىرى شۇنىڭدەك قاراشەھەر، كورلا قاتارلىق جايلاردىكى توپ سېتىش پونكىتلىرى بىلەن كەسىپىي ئالاقە ئورنىتىپ، مال مەنبەسىنى ئېچىپ، تاۋار ئوبوروت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ يېزا - بازار ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تاۋار ئوبوروتى ساھەسىدە يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى. 1985 - يىلى سودا ئىدارىسى سىستېمىسىنىڭ سېتىش سوممىسى 2 مىليون 698 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، ناھىيە بويىچە سېتىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %48نى ئىگىلەپ، 60 مىڭ 800 يۈەن پايدا ئاپتى، سودا ئىدارە سىستېمىسىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كارخانىسىدىن 3ى (سودا شىركىتى، يېمەكلىكلەر شىركىتى، نېفىت شىركىتى)، توپ سېتىش ئاپپاراتىدىن 2 سى، پارچە سېتىش ۋە يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت تور - نۇقتىسىدىن 12 سى بولۇپ، بۇ ئورۇنلارنىڭ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 141 كىشىگە يەتتى.

سودا شىركىتى: 1976 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە ھېسابات قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئاساسلىقى تۇرلۇك ماللار، ئىلمە - توقۇلما بۇيۇملىرى، كىيىم - كېچەك، مېتال بۇيۇملار، قاتناش، ئېلېكتر، خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى قاتارلىق تاۋارلار بويىچە تىجارەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ كەسىپ دائىرىسى پارچە سېتىش ۋە قوشۇمچە توپ سېتىشتىن ئىبارەت بولدى. 1985 - يىلى سودا شىركىتى قارىمىقىدا كەسىپ بۆلۈمچىسى، مالىيە بۆلۈمچىسى، ئۇنىۋېرسال ماگىزىن تەسىس قىلىنىپ، 29 كادىر ۋە ئىشچى- خىزمەتچى قويۇلدى، يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسى 1 مىليون 317 مىڭ 400 يۈەن، سېتىش

سوممىسى 1 مىليون 385 مىڭ 200 يۈەن، ئالغان پايدىسى 45 مىڭ يۈەن بولدى.

يېمەكلىكلەر شىركىتى: 1976 - يىلى تەمىنات - سودا كوپىراتىپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل تىجارەت ۋە ھېسابات قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئاساسلىقى گۆش، شېكەر، تاماكا، ھاراق ۋە تۈرلۈك پېچىنە - پىرەنىك قوشۇمچە يېمەكلىك قاتارلىقلار بويىچە تىجارەت قىلدى. 1985- يىلدا ئۇنىڭغا قاراشلىق 3 يېمەكلىكلەر دۇكىنى، 2 گۆش دۇكىنى (بىر چوشقا گۆش دۇكىنى ۋە بىر كالا - قوي گۆش دۇكىنى)، بىر قوي بورداش مەيدانى، بىر چوشقا بورداش مەيدانى، بىر يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى بار بولۇپ، شىركەتنىڭ بارلىق كادىر ۋە ئىشچى- خىزمەتچىسى 94كە يەتتى، يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسى 532 مىڭ 800 يۈەن، سېتىش سوممىسى 564 مىڭ 500 يۈەن، ئالغان پايدىسى 15 مىڭ 800 يۈەن بولدى.

نېفىت شىركىتى: 1979 - يىلى تەمىنات - سودا كوپىراتىپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل تىجارەت ۋە ھېسابات قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئاساسەن، كېروسىن، دىزېلىن، بېنزىن، سىلىقلاش مېيى قاتارلىقلار بويىچە تىجارەت قىلدى. كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىسى 18گە يەتتى. 1985 - يىلى تۈرلۈك مايلاردىن 1091.1 توننا سېتىۋېلىپ، 1097.6 توننا ماي سېتىپ (ئالدىنقى يىلدىكى ئىسكىلاتتا قالغان 6.5 توننا مايىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، سېتىش سوممىسىنى 748 مىڭ 500 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 14 مىڭ 100 يۈەن پايدا ئالدى.

### چاقىلىق ناھىيىلىك سودا شىركىتىنىڭ 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان تىجارەت ئەھۋالى

جەدۋەل: 10 — 1 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | سېتىۋېلىش | سېتىش | خىراجەت | | پايدىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئومۇمىي سوما | ئىگىلىگىنى (%) | |
| 1979 | 65.14 | 77.36 | 5.8 | 7.5 | 2.38 |
| 1980 | 95.67 | 97.43 | 5.75 | 5.9 | 3.87 |
| 1981 | 95.5 | 102.95 | 7.5 | 7.3 | 4.24 |
| 1982 | 109.29 | 111.93 | 7.34 | 6.6 | 3.77 |
| 1983 | 129.49 | 138 | 7.19 | 5 | 6.6 |
| 1984 | 133.96 | 158.52 | 9.19 | 5.7 | 6.68 |
| 1985 | 131.74 | 138.52 | 9.92 | 7.2 | 4.5 |

### چاقىلىق ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ 1979 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان تىجارەت ئەھۋالى

جەدۋەل: 10 — 2 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | سېتىۋېلىش | سېتىش | خىراجەت | | پايدىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئومۇمىي سوممىسى | ئىگىلىگىنى (%) | |
| 1979 | 46.88 | 43.27 | 12.8 | 29.5 | -6.62 |
| 1980 | 52.75 | 38.19 | 4.34 | 11.4 | 6.23 |
| 1981 | 51.69 | 35.18 | 2.57 | 7.3 | 2.71 |
| 1982 | 44.59 | 43.85 | 5.37 | 9.7 | 1.16 |
| 1983 | 42.93 | 52.75 | 4.76 | 9 | 2.17 |
| 1984 | 53.28 | 56.45 | 6.34 | 11.2 | 1.58 |

## چاقىلىق ناھىيىلىك نېفىت شىركىتىنىڭ 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان تىجارەت ئەھۋالى

جەدۋەل: 10 — 3

| تۈر / يىللار | ھەر خىل مايلارنىڭ سېتىۋېلىنىش - سېتىلىش مىقدارى | | | | | | | | سېتىش ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | پايدىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | بېنزىن | | كېروسىن | | دىزېلىن | | سىلىقلاش مېيى | | | |
| | سېتىۋېلىش | سېتىش | سېتىۋېلىش | سېتىش | سېتىۋېلىش | سېتىش | سېتىۋېلىش | سېتىش | | |
| 1979 | 83.37 | 91.96 | 20.2 | 1.88 | 177.7 | 166.1 | 14.4 | 9.13 | 14.14 | 1,32 |
| 1980 | 279.76 | 271.32 | 4.23 | 3.59 | 367.56 | 383.13 | 26.17 | 23.19 | 39.3 | 2.3 |
| 1981 | 318.32 | 352.81 | 6.23 | 3,15 | 506,24 | 463.7 | 22.05 | 26.8 | 51,22 | 2,31 |
| 1982 | 433.02 | 409.44 | 2.73 | 3.99 | 642.76 | 628.9 | 28.76 | 31.27 | 62,03 | 2.32 |
| 1983 | 445.74 | 461.76 | 6.58 | 4.72 | 393.76 | 467.87 | 26.78 | 29.06 | 58.44 | 0.01 |
| 1984 | 54.34 | 538.24 | 4.62 | 6,68 | 636.05 | 551.17 | 31.7 | 31.62 | 73.25 | 1.88 |
| 1985 | 506.33 | 490.46 | 7.32 | 4 | 533.71 | 559.05 | 43.74 | 44.08 | 74.85 | 1.41 |

2) تاشقى سودا سىستېمىسى: چاقىلىق ناھىيىسىدىكى تاشقى سودىنىڭ ئاساسلىق تاۋىرى چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت، مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە مەخسۇس چارۋا مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى قىلىدىغان ئاپپارات يوق بولۇپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرى سودىسى خەلق ئارىسىدا ئىستىخىيىلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952 - يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرى سېتىۋېلىش، سېتىش ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى. 1956- يىل 8 - ئايدا چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئورنى تەسىس قىلىنىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە قارايدىغان بولدى. 1958 - يىلى چارۋا مەھسۇلاتلىرى سېتىۋېلىش ئورنى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا قوشۇۋېتىلىپ، نامى تاشقى سودا تىجارەت بۆلۈمى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1959 - يىلى تەمىنات سودا كوپېراتىپىنىڭ نامى سودا ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، تاشقى سودا تىجارەت بۆلۈمى سودا ئىدارىسىغا قارايدىغان بولدى. 1961 - يىلى تاشقى سودا تىجارەت بۆلۈمى سودا ئىدارىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، تاشقى سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1962 - يىلى سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، تاشقى سودا ئىدارىسى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا قوشۇلۇپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرى تىجارەت بۆلۈمى دەپ ئاتالدى. 1964 - يىلى چارۋا مەھسۇلاتلىرى تىجارەت بۆلۈمى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى قۇرۇلدى. 1970 - يىل 12 - ئايدا چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا قوشۇۋېتىلىپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرى تىجارەت بۆلۈمى دەپ ئاتالدى. 1974 - يىلى چارۋا مەھسۇلاتلىرى تىجارەت بۆلۈمى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، تاشقى سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى تاشقى سودا ئىدارىسى يەنە بىر قېتىم تەمىنات- سودا كوپېراتىپىغا قوشۇۋېتىلىپ، نامى چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى (قىسقارتىلىپ چاي - چارۋا شىركىتى) گە ئۆزگەرتىلدى.

3) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە ماددىي ئەشيالار شىركىتى 60 - يىللاردىن بۇرۇن، چاقىلىق ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەيدىغان

مەخسۇس ئاپپارات يوق ئىدى. ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەشنى قوشۇمچە ئىشلەيتتى.

1972 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلۇپ، 3 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى قويۇلدى. 1980 - يىلى ئۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە ماددىي ئەشيالار شىركىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 19غا، ئوبوروت مەبلىغى 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تۈرلۈك چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تراكتور، ئاپتوموبىل، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان دىزېلماتور، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ماشىنىسى، سۇغىرىش ماشىنىسى، ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاپچاسلىرى شۇنىڭدەك سېمونت، پولات ماتېرىياللىرى، ئەينەك، كاناپ تاغار قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى ئاساسلىق تىجارەت قىلىدىغان، مېتال بۇيۇملار، قاتناش - ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىق تاۋارلارنى قوشۇمچە تىجارەت قىلىدىغان بولدى، تىجارەت قىلىدىغان تاۋار تۈرلىرى 80گە، خىلى تەخمىنەن 2000 دىن كۆپرەككە يەتتى. 1985 - يىلى تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 934 مىڭ يۈەن بولۇپ، ناھىيە بويىچە سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 16.6%نى ئىگىلەپ، پايدىسى 36 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 4. تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسى

چاقىلىق ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى 1952 - يىل 1 - ئايدا قۇرۇلغان. ئەينى چاغدا كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 24، پاي قوشقان ئەزالىرى 97 بولۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا بىر سېتىۋېلىش - سېتىش ماگىزىنى بار ئىدى. تەمىنات - سودا كوپېراتىپى «پاي قوشۇشتا ئىختىيارىي بولۇش، پاينى قايتۇرۇۋېلىشتا ئەركىن بولۇش، قەرەلى بويىچە پايدا بۆلۈشۈش، دېموكراتىك باشقۇرۇش» پرىنسىپىنى يولغا قويۇپ، شەخسىي پاي ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى پېيىنى پائال راۋاجلاندۇردى. 1956 - يىلى پاي قوشقان ئەزالار 597، ئۇلارنىڭ قوشقان پاي پۇلى 584 مىڭ 300 يۈەن، خەلق تەشكىلاتلىرى پېيى 322 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، كوپېراتىپنىڭ ئومۇمىي مەبلىغى 919 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدىدىن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدىگە كۆتۈرۈلدى. 1959 - يىلدىن كېيىن، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىلەن سودا ئىدارىسى (1963 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە سودا - سانائەت بۆلۈمى دەپ ئاتالغان) بىر نەچچە قېتىم بىرلەشتى ۋە بۆلۈندى. 1976 - يىلى سودا شىركىتى بىلەن يېمەكلىك شىركىتى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن ئايرىلىپ چىقتى. 1979 - يىلى نېفىت شىركىتى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن ئايرىلىپ چىقتى. 1984 - يىلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا تەمىنات سودا كوپېراتىپى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدە ئېنىق بەلگىلەندى. 1985 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدا مەمۇرىيەت بۆلۈمچىسى، مالىيە بۆلۈمچىسى، كەسىپ بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ۋاشەرى، ئوتتۇز تىكەنلىكتىن ئىبارەت 3 ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلار، مېلىچ ماللار شىركىتى، پاختا - چىگە شىركىتى، چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتى قاتارلىق 20 سودا ۋە يېمەكلىك سودا تور - نۇقتىلىرى بولۇپ، ئۇلار ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقالغان. پۈتۈن كوپېراتىپنىڭ كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 119غا يەتكەن.

### چاقىلىق ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ 1976 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان تاۋار سېتىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 10 — 4

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىللار | سېتىش ئومۇمي قىممىتى | ئىشلەپچىقىرش ۋاستىلىرى | تۇرمۇش ۋاستىلىرى |
|---|---|---|---|
| 1976 | 75 | 23 | 52 |
| 1977 | 80.8 | 28 | 52.8 |
| 1978 | 85.8 | 30.5 | 55.3 |
| 1979 | 83.9 | 23.9 | 60 |
| 1980 | 84.3 | 22 | 62.3 |
| 1981 | 85.6 | 23 | 63.6 |
| 1982 | 111.4 | 28.9 | 82.5 |
| 1983 | 123.6 | 27.5 | 83.6 |
| 1984 | 136.3 | 35 | 97.6 |
| 1985 | 149.2 | 26 | 123.2 |

تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى ئاساسلىقى چارۋا مەھسۇلاتلىرى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار، دېھقانچىلىق دورىلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت، پاختا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1985 ـ يىلى تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ سېتىش سوممىسى 1 مىليون 492 مىڭ يۈەن بولۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 26.5%نى ئىگىلىدى.

## 2 § . تاۋار سېتىۋېلىش ۋە سېتىش

### 1 . سېتىۋېلىش

1) چارۋىلار ناھىيىلىك يېمەكلىك شىركىتى ئاساسلىق قوي، كالا، چوشقىنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىۋالىدۇ. 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان 6 يىلدا چاقىلىق ناھىيىسى جەمئىي 29 مىڭ 697 تۇياق، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 4949.5 تۇياق قوي سېتىۋالغان، بۇنىڭ ساپ ئېغىرلىقى 61 مىڭ 448.2 كىلوگراملىغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1985 ـ يىلى سېتىۋالغان قوي 4434 تۇياق بولۇپ، ساپ ئېغىرلىقى 52 مىڭ 379 كىلوگرام؛ كالىدىن جەمئىي 263 نى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 43.8 نى سېتىۋالغان، بۇنىڭ ساپ ئېغىرلىقى 4182.5 كىلوگراملىغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1985 ـ يىلى سېتىۋالغان كالا 50 بولۇپ، سان ئېغىرلىقى 4789 كىلوگرام؛ چوشقىدىن جەمئىي 1835 نى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا تەخمىنەن 305.8نى سېتىۋالغان، بۇنىڭ ساپ ئېغىرلىقى 18 مىڭ 956.7 كىلوگراملىغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1985 ـ يىلى سېتىۋالغان چوشقا 321 بولۇپ، ساپ ئېغىرلىقى 22 مىڭ 593 كىلوگرام.

## چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 1957 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 10 — 5

| تۈرى / يىلى | قوي يۇڭى (كىلوگرام) | ئۆچكە چۈپۈرى (كىلوگرام) | ئۆچكە تىۋىتى (كىلوگرام) | قوي تېرىسى (پارچە) | پاقلان تېرىسى (پارچە) | ئوغلاق تېرىسى (پارچە) | كالا تېرىسى (پارچە) | قوي ئۈچەيى (پارچە) | پال - قۇيرۇق | تۆگە يۇڭى | توشقان تېرىسى | ئارقار تېرىسى (پارچە) | ئومۇمىي سوممىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 18411 | 515 | 295 | 3733 | 412 | 531 | 322 | 2517 | | | | | 36450 |
| 1958 | 23172 | 1224 | 800 | 4687 | 518 | 594 | 343 | 2448 | | | | | 38914 |
| 1959 | 26139 | 2403 | 608 | 8814 | 638 | 704 | 1349 | 1703 | | | | | 57674 |
| 1960 | 31226 | 3432 | 1048 | 3415 | 717 | 769 | 476 | 2135 | | | | | 59556 |
| 1961 | 26238 | 3412 | 1330 | 3232 | 1289 | 911 | 531 | 1854 | | | | | 59583 |
| 1962 | 23106 | | 822 | 3462 | 1294 | 1539 | 204 | 2137 | | | | | 52419 |
| 1963 | 28186 | 1598 | 858 | 3104 | 401 | 232 | 101 | 2383 | | | | | 48991 |
| 1964 | 28375 | 2072 | 1028 | 3824 | 1218 | 244 | 117 | 2820 | | | | | 51258 |
| 1965 | 31437 | 2401 | 1434 | 3973 | | | 84 | | | | | | |
| 1966 | 29305 | 3086 | 1573 | 5224 | | | 557 | | | | | | |
| 1968 | 34021 | 2000 | | 6043 | | | 178 | | | | | | |
| 1969 | 30703 | 3346 | 2038 | 1906 | | | 210 | | | | | | |
| 1970 | 33510 | 3731 | 2097 | 5889 | | | 176 | | | | | | |
| 1971 | 40074 | 3270 | 1859 | 4223 | | | 312 | | | | | | |
| 1972 | 35350 | 3040 | 1070 | 4657 | | | 105 | 4120 | | | | | 82000 |
| 1973 | 32000 | 3002 | 1707 | 5400 | | | 140 | | | | | | 82000 |
| 1974 | 37520 | 3570 | 1905 | 5230 | | | 307 | | | | | | 94000 |
| 1975 | 31430 | 3110 | 1943 | 5695 | | | 172 | | | | | | 80000 |
| 1976 | 35799 | 3700 | 1944 | 5740 | | | 274 | 4444 | | | | | 102000 |
| 1977 | 41500 | 2819 | 1762 | 8140 | | | 417 | 5681 | | | | | |
| 1978 | 33000 | 3800 | 1700 | 8552 | 1548 | | 438 | 4035 | 111 | 251 | 1152 | 1175 | 107000 |
| 1979 | 31013 | 2738 | 1478 | 7299 | 1070 | | 336 | 2758 | 131 | 220 | 1188 | 1159 | 103000 |
| 1980 | 34911 | 2482 | 1573 | 6454 | 404 | | 489 | 4159 | 294 | 350 | 952 | 848 | 124000 |
| 1981 | 37073 | 2294 | 1691 | 9099 | 620 | | 416 | 5375 | 53 | 180 | 307 | 600 | 137000 |
| 1982 | 36400 | 3100 | 1770 | 10548 | 584 | | 465 | 4562 | 118 | 565 | 349 | 275 | 153000 |
| 1983 | 38854 | 2921 | 1914 | 8369 | 421 | | 341 | 2891 | 111 | 612 | 77 | 409 | 138000 |
| 1984 | 25308 | 2977 | 1943 | 6777 | 268 | | 184 | 3277 | | 200 | 140 | 82 | 104000 |

2) چارۋا مەھسۇلاتلىرى مىنگو دەۋرىدە، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى چارۋا مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى چارۋىچىلار بىلەن خۇسۇسىي سودىگەرلەر ئوتتۇرىسىدا مالغا مال ئالماشتۇرۇش شەكلى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. 40- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، ھەر يىلى بىر قىسىم سودىگەرلەر ئىلى، كورلا، قاراشەھەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن رەخت، قەنت، چاي، ئۆتۈك قاتارلىق تاۋارلارنى ئېشەككە ئارتىپ چاقىلىققا يۆتكەپ كېلىپ، چارۋىچىلار بىلەن چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇراتتى. ئۇ چاغدا چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى بەك تۆۋەن بولۇپ، چارۋىچىلار بىر جۈپ ئۆتۈككە نەچچە يۈز جىڭ قوي يۇڭى، بىر قاپ سەرەڭگىگە، بىر پارچە ئېسىل قوي تېرىسى ياكى كالا تېرىسى بېرەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952 - يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش كەسپىنى قوشۇمچە ئىشلىدى. دۆلەت چارۋىچىلىق

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى بىر قانچە قېتىم بىر قەدەر زور تەڭشىدى. بىرىنچى دەرىجىلىك قوي تېرىسىنىڭ ھەر بىر پارچىسى 1956 - يىلى 2.19 يۈەن، 1965 - يىلى 2.97 يۈەن، 1985 - يىلى 3.86 يۈەنگە؛ بىرىنچى دەرىجىلىك ئۆچكە تېرىسىنىڭ ھەر بىر پارچىسى 1956 - يىلى 1.5 يۈەن، 1965 - يىلى 1.78 يۈەن، 1985 - يىلى 3.94 يۈەنگە؛ بىرىنچى دەرىجىلىك كالا تېرىسىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامى 1956 - يىلى 1.44 يۈەنگە، 1985 - يىلى 4.90 يۈەنگە؛ خوتەن ئاق قويى يۇڭىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامى 1956 - يىلى 0.96 يۈەن، 1965 - يىلى 1.17 يۈەن، 1985 - يىلى 4.20 يۈەنگە؛ بىرىنچى دەرىجىلىك ئاق ئۆچكە تىۋىتىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامى 1965 - يىلى 5.80 يۈەن، 1980 - يىلى 18 يۈەن، 1985 - يىلى 44.86 يۈەنگە سېتىۋېلىندى.

3) پاختا پاختا دۆلەت بىر تۇتاش سېتىۋالىدىغان مەھسۇلات بولۇپ، ئۇنى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى تىجارەت قىلىدۇ. 1955 - يىلى 28 مىڭ 830 جىڭ پاختا سېتىۋېلىنغان. 3 يىل قىيىنچىلىق مەزگىلىدە (1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە) پاختا مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن دۆلەت سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئازايتقان. 1962 - يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي 23 مىڭ 500 جىڭ پاختا سېتىۋېلىنغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، «ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش» بىر تەرەپلىمە تەكىتلىنىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىۋېلىشقا تەسىر يەتتى. 1976 - يىلى ناھىيە بويىچە سېتىۋېلىنغان پاختا 11 مىڭ 947 جىڭ بولدى. 1978 - يىلدىن كېيىن، دۆلەت پاختا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى زور كۆلەمدە ئۆستۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كېۋەز تېرىش ۋە پاختا سېتىپ بېرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، 1985 - يىلى سېتىۋېلىنغان پاختا 36 مىڭ جىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

4) يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار چاقىلىقتا يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار بىر قەدەر ئاز. ئاساسلىقى شاپتۇل قېقى، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلار بولۇپ، ئادەتتە، شۇ جايدا ئىشلەپچىقىرىلىپ، شۇ جايدا سېتىلىدۇ، سىرتقا ناھايىتى ئاز توشۇلىدۇ. 50 - يىللاردا مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىنچىسىنى دېھقانلار ئۆزى بىر تەرەپ قىلدى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سېتىۋالغانلىرى ناھايىتى ئاز. 60 - يىللاردا، بازار سودىسى ۋە خۇسۇسىي سودىغا چەك قويۇلغانلىقتىن، كۆپ مىقداردىكىسىنى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سېتىۋالدى. 1962 - يىلى سېتىۋېلىنغان شاپتۇل قېقى 6092 كىلوگرام، قۇرۇق ئۈزۈم 4809 كىلوگرام بولغانىدى. 1964 - يىلى 16 مىڭ 700 كىلوگرام شاپتۇل قېقى، 12 مىڭ 380 كىلوگرام قۇرۇق ئۈزۈم، 2890 كىلوگرام تاماكا سېتىۋېلىندى.

## 2. سېتىش

1) خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى دۆلەت تەرىپىدىن پىلانلىق تەمىنلىنىدۇ. سېتىشنى دۆلەت پىلان بويىچە قاتتىق تىزگىنلەيدۇ. ئۇنى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى تىجارەت قىلىدۇ. چاقىلىق ناھىيىسى خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلەشنى 60 - يىللاردا باشلىغان، لېكىن ئۇ چاغدا سېتىلىش مىقدارى كۆپ ئىدى. 1964 - يىلى ناھىيە بويىچە 1350 توننا سېتىلغان. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا سېتىلىش مىقدارى كۆپەيدى. 80 - يىللاردا دېھقانلار خىمىيىۋى ئوغۇتنى كۆپلەپ ئىشلەتتى،

خىمىيۋى ئوغۇت قىس بولغاندا، پىلان بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىش يولغا قويۇلدى. 1976 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە سېتىلغان خىمىيۋى ئوغۇت جەمئىي 2291 توننا بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 229.1 توننا سېتىلدى.

50 - يىللاردا چاقىلىق ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. 1964 - يىلغا كەلگەندە ناھىيىدە دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن %6لىك ئەمىلىنىشچان «666» پاراشوكى، %40لىك روگور لەيلىتىش مېيى، كالتسىي خلورىد قاتارلىقلار بىر قەدەر كۆپ ئىشلىتىلدى. 1976 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن جەمئىي 43 توننا سېتىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 4.3 توننا سېتىلدى.

2) پاختا چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ پاختىسى شۇ جايدا ئىشلەپچىقىرىلىپ، شۇ جايدا سېتىلىدۇ، ئۇنى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى تىجارەت قىلىدۇ. 1976 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە جەمئىي 125.57 توننا پاختا سېتىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 12.56 توننا سېتىلدى.

3) قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بۇ ناھىيە بويىچە تۈرلۈك سودا - ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە سېتىلىدۇ. ئاساسلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر شېكەر، ھاراق، تاماكا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**چاي:** كۆرەك چاي ۋە خۇشپۇراق چاي بار، 1962 - يىلى بۇ چايلاردىن 8.5 توننا سېتىلغان. 1979 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 61.19 توننا چاي سېتىلىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11.53 توننا سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 - يىلى سېتىلغىنى 11.32 توننا، 1984 - يىلى سېتىلغىنى 17.30 توننا، 1984 - يىلى 1979 - يىلغا قارىغاندا %52.8 كۆپ سېتىلدى.

**شېكەر:** ئاساسلىقى ئاق قۇم شېكەر، قەنت ۋە مېۋىدىن ئىشلەنگەن ھەر خىل كەمپۈتلەردىن ئىبارەت. 1964 - يىلى 21 توننا سېتىلدى. 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە سېتىلغان ھەر خىل شېكەر جەمئىي 200.88 توننا بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 48.33 توننا سېتىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە 1979 - يىلى سېتىلغىنى 35.92 توننا، 1981 - يىلى سېتىلغىنى 47.74 توننا، 1984 - يىلى سېتىلغىنى 29.18 توننا، 1984 - يىلى 1979 - يىلغا قارىغاندا %18.8، 1981 - يىلغا قارىغاندا %38.9 ئاز سېتىلدى.

**تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ 1976 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە خىمىيۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى، پاختا سېتىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 10 — 6 بىرلىكى: توننا

| يىللار \ تۈرلەر | خىمىيۋى ئوغۇت | دېھقانچىلىق دورىلىرى | پاختا |
|---|---|---|---|
| 1976 | 79 | 4 | 5.97 |
| 1977 | 87 | 2.1 | 9.1 |
| 1978 | 300 | 10 | 13.86 |
| 1979 | 222 | 4 | 13.49 |
| 1980 | 188 | 3 | 15.76 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1981 | 231 | 5 | 10.45 |
| 1982 | 222 | 5 | 10.16 |
| 1983 | 370 | 9 | 13.48 |
| 1984 | 360 | 4 | 15.3 |
| 1985 | 232 | 2 | 18 |

**تاماكا:** 1979 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغا قەدەر ناھىيە بويىچە جەمئىي 173 مىڭ 930 بولاق، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 28 مىڭ 988 بولاق سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1979 ـ يىلى 4713 بولاق، 1982 ـ يىلى 88 مىڭ 440 بولاق سېتىلدى. 1984 ـ يىلى 21 مىڭ 229 بولاق سېتىلدى. بۇ، 1979 ـ يىلدىكىدىن 3.5 ھەسسە كۆپ، 1982 ـ يىلدىكىدىن 76% ئاز.

**ھاراق:** 1979 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە جەمئىي 177.47 توننا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 29.58 توننا سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 ـ يىلى 15.24 توننا سېتىلدى. 1984 ـ يىلى 42.27 توننا سېتىلدى. بۇ، 1979 ـ يىلدىكىدىن 1.77 ھەسسە كۆپ.

4) توقۇمىچىلىق ۋە ئىلمە توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى: بۇ تىجارەتنى قىلغۇچى ئاساسلىق ئورۇنلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا شىركىتى، يېمەكلىك شىركىتى ۋە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى بولۇپ، ئاساسلىق تاۋار تۈرلىرى پاختا رەخت، خىمىيىۋى تالالىق رەخت، يۇڭ توقۇلما ۋە ئىلمە توقۇلمىلاردىن ئىبارەت بولدى.

**پاختا رەخت:** 1979 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغا قەدەر جەمئىي 548 مىڭ 300 مېتىر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 78 مىڭ 300 مېتىر سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 ـ يىلى 68 مىڭ 800 مېتىر، 1980 ـ يىلى 96 مىڭ مېتىر، 1985 ـ يىلى 73 مىڭ 600 مېتىر سېتىلدى. 1985 ـ يىلى سېتىلغىنى 1979 ـ يىلدىكىدىن 7% كۆپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن 23.3% ئاز بولدى.

**خىمىيىۋى تالالىق رەخت:** 1979 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغا قەدەر جەمئىي 64 مىڭ 500 مېتىر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9200 مېتىر سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 ـ يىلى 4100 مېتىر، 1985 ـ يىلى 24 مىڭ 900 مېتىر سېتىلدى. 1985 ـ يىلى سېتىلغىنى 1979 ـ يىلدىكىدىن 5 ھەسسە كۆپ بولدى.

**يۇڭ توقۇلما:** 1979 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغا قەدەر جەمئىي 13 مىڭ 200 مېتىر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1900 مېتىر سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 ـ يىلى 837 مېتىر، 1985 ـ يىلى 4346 مېتىر سېتىلدى، 1985 ـ يىلى سېتىلغىنى 1979 ـ يىلدىكىدىن 4.19 ھەسسە كۆپ بولدى.

**پاختا توقۇلما كۆينەك:** 1979 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە جەمئىي 48 مىڭ 873ى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6981.86 سى سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 ـ يىلى 2640ى، 1983 ـ يىلى 11 مىڭ 181ى، 1985 ـ يىلى 6948ى سېتىلدى. 1985 ـ يىلى سېتىلغىنى 1979 ـ يىلدىكىدىن 1.62 ھەسسە كۆپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 37.86% ئاز بولدى.

**كالتە يەڭ مايكا:** 1979 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە جەمئىي 13 مىڭ 714ى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1959ى سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 ـ يىلى 41نى سېتىلدى، 1985 ـ يىلى 2834ى سېتىلدى. 1985 ـ يىلى سېتىلغىنى 1979 ـ يىلدىكىدىن 68.12 ھەسسە كۆپ بولدى.

**ئاسما مايكا:** 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە جەمئىي 27 مىڭ 256 سى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3893.71ى سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 - يىلى 1881ى، 1983 - يىلى 4956سى، 1985 - يىلى 2889ى سېتىلدى. 1985 - يىلى سېتىلغىنى 1981 - يىلدىكىدىن %53.59 كۆپ، 1983 - يىلدىكىدىن %41.71 ئاز بولدى.

5) **كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرى:** بۇلار پۈتۈن نامىيىدىكى سودا تور - نۇقتىلىرىدا سېتىلدى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى سىنىك يالىتىلغان سىم، ئادەتتىكى لامپۇچكا، چايدان، سوپۇن، سوپۇن پاراشوكى، رېزىنكە ئاياغ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**سىنىك يالىتىلغان سىم:** 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە جەمئىي 49.28 توننا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.04 توننا سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1979 - يىلى 7.29 توننا، 1985- يىلى 8.87 توننا سېتىلدى. 1985 - يىلى سېتىلغىنى 1979 - يىلدىكىدىن %21.67 كۆپ بولدى.

**ئادەتتىكى لامپۇچكا:** 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە جەمئىي 32 مىڭ 86سى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4583.71ى سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 - يىلى 4243ى، 1982- يىلى 6784ى، 1985 - يىلى 3686 سى سېتىلدى. 1985 - يىلى سېتىلغىنى 1979 - يىلدىكىدىن %13.13، 1982 - يىلدىكىدىن %45.67 ئاز بولدى.

**چايدان:** 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە جەمئىي 5459ى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 779.86 سى سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 - يىلى 830ى، 1980 - يىلى 308ى، 1985- يىلى 789ى سېتىلدى. 1985 - يىلى سېتىلغىنى 1979 - يىلدىكىدىن %4.94 ئاز، 1980- يىلدىكىدىن 1.56 ھەسسە كۆپ بولدى.

**سوپۇن:** 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە جەمئىي 3500 يەشىك، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 500 يەشىك سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 - يىلى 249 يەشىك، 1980 - يىلى 1022 يەشىك، 1985 - يىلى 263 يەشىك سېتىلدى. 1985 - يىلى سېتىلغىنى 1979 - يىلدىكىدىن %5.62 كۆپ، 1980 - يىلدىكىدىن %74.27 ئاز بولدى.

**سوپۇن پاراشوكى:** 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە جەمئىي 61 مىڭ 871 يەشىك، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8831 يەشىك سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 - يىلى 6487 يەشىك، 1985 - يىلى 15 مىڭ 817 يەشىك سېتىلدى. 1985 - يىلى سېتىلغىنى 1979 - يىلدىكىدىن 1.44 ھەسسە كۆپ بولدى.

**رېزىنكە ئاياغ:** 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە جەمئىي 26 مىڭ 895 پار، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3842.14 پار سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 - يىلى 1558 پار، 1985- يىلى 3994 پار سېتىلدى. 1985 - يىلى سېتىلغىنى 1979 - يىلدىكىدىن 1.56 ھەسسە كۆپ بولدى.

6) **چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى:** بۇنىڭ ئاساسلىقلىرى ۋېلسىپىت، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، قول سائىتى، رادىئو، تېلېۋىزورلاردىن ئىبارەت.

**ۋېلسىپىت:** 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ھەر خىل ماركىدىكى ۋېلسىپىتتىن 2130ى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 304.3ى سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 - يىلى 146سى، 1985 - يىلى 370ى سېتىلدى. 1985 - يىلى سېتىلغىنى 1979 - يىلدىكىدىن 1.53 ھەسسە كۆپ بولدى.

**قول سائىتى:** 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ھەر خىل ماركىدىكى قول سائىتىدىن 3064ى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 437.7 سى سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 -

يىلى 289ى، 1985 - يىلى 514ى سېتىلدى. 1985 - يىلى سېتىلغىنى 1979 - يىلدىكىدىن 77.85% كۆپ بولدى.

**كىيىم تىكىش ماشىنىسى:** 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ھەر خىل ماركىدىكى كىيىم تىكىش ماشىنىسىدىن 995ى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 142سى سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 - يىلى 91ى، 1985 - يىلى 264ى سېتىلدى. 1985 - يىلى سېتىلغىنى 1979 - يىلدىكىدىن 1.9 ھەسسە كۆپ بولدى.

**رادىئو:** 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ھەرخىل ماركىدىكى يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئودىن 592سى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 57.84سى سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 - يىلى 19ى، 1985 - يىلى 97سى سېتىلدى، 1985 - يىلى سېتىلغىنى 1979 - يىلدىكىدىن 4.1 ھەسسە كۆپ بولدى.

**تېلېۋىزور:** 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاران 2سى سېتىلدى، 1984 - يىلى ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئۆلاپ كۆرسىتىش ئىستانسىسى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، تېلېۋىزورنىڭ سېتىلىش مىقدارى كۆپىيىپ 135كە يەتتى. 1985 - يىلى 238گە يېتىپ، 1984 - يىلدىكىدىن 76.3% ئاشتى.

# II باب

# ئاشلىق - ياغ

مىنگو دەۋرىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باج ئىدارىسىدا غەللە - پاراق بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىنغان، ئۇنىڭدىكى بۆلۈمچە باشلىقى، پۈتۈكچى، ئامبارچىلار غەللە - پاراق ئېلىش، ئاشلىق سېتىۋېلىش، ساقلاش، تارقىتىش ئىشلىرىنى بېجىرگەن. 40 - يىللاردا ناھىيە بويىچە يىلىغا 750 دادەندىن 820 دادەنگىچە غەللە - پاراق ئېلىنغان. بۇ ئاشلىق كۆلىمى ئاران 80 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، 200 مىڭ جىڭ ئاشلىق سىغىدىغان 2 ئاددىي ئامباردا ساقلانغان، بۇ ئاشلىق بىلەن ناھىيىدىكى ئەسكەرلەر ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى تەمىنلەنگەن (ئۇلارغا يىلدا تەخمىنەن 50 مىڭ جىڭ ئاشلىق كېتەتتى). مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) دىن باشلاپ بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر ليەنى (ئادەم سانى 50 تىن كۆپرەك) چاقىلىقتا تۇردى، چاقىلىق ناھىيىسى ئۇلارنىمۇ، ئاتلىرىنىڭ يەم - بوغۇزىنى قوشقاندا، يىلدا تەخمىنەن 40 مىڭ جىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ تۇردى، ئاتلىق ئەسكەرلەر ليەنى مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) كەتتى. گومىنداڭنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 42 - شى 128 - لۈي 382 - تۇەنىنىڭ 3 - يىڭى مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. چاقىلىق ناھىيىسى بۇ يىڭدىكى 500 دىن ئارتۇق ئادەمنى تاكى مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 9 - ئايدا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قىسىملىرى ھەقىقەتكە قايتقانغا قەدەر ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. ناھىيە بازىرىدىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى

1949 - يىل 10 - ئايدىن باشلاپ سودا - سېتىقچىلارنىڭ دېھقانلاردىن سېتىۋېلىشى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدىغان بولدى.

## 1 § . ئاشلىق - ياغ ئاپپاراتلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 - يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئاشلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى (ئىشچى - خىزمەتچىسى 23 ئىدى) . ئۇ، ناھىيە بويىچە ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش ئىشىغا مەسئۇل بولدى. ئاشلىق بۆلۈمى قارىمىقىدا بىر ئاشلىق ئامبىرى، بىر ئاشلىق دۇكىنى قۇرۇلدى، يىللىق تەمىنلەش مىقدارى 300 مىڭ جىڭغا يەتتى. 1958 - يىل 10 - ئايدا ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى، 2 كىشى ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا قويۇلدى، ئىدارە قارىمىقىدا مەمۇرىي ئىشلار بۆلۈمچىسى، مالىيە بۆلۈمچىسى، كەسپىي ئىشلار بۆلۈمچىسى، يېزا ئىگىلىك باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى بولۇپ 4 بۆلۈمچە ۋە 5 ئاساسىي قاتلام ئورۇن (ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاشلىق ئىسكىلاتى، ئاشلىق - ياغ دۇكىنى، ۋاششەرى ئاشلىق دۇكىنى؛ مىرەن ئاشلىق دۇكىنى، تۈگمەن) تەسىس قىلىندى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 19غا يەتتى. 1964- يىلى مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانى بىكتۈرەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، مىرەن ئاشلىق دۇكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئاشلىق ئىدارىسى 1979 - يىلى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چارۋىچىلار مەركەزلەشكەن ئالتۇنتاغ رايونىدا جەنۇبىي تاغ رايونلۇق ئاشلىق پونكىتى قۇردى، 1985 - يىلى ئېشەكپاتتى چارۋىچىلىق رايونى ئاشلىق پونكىتى قۇردى. 1985 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا بىر ئىدارە باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قويۇلدى، كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 61گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى %66نى ئىگىلىدى؛ تۇراقلىق مۈلكى 1955 - يىلدىكى 13 مىڭ يۈەندىن كۆپىيىپ 1985 - يىلى 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ تۇراقسىز مەبلىغى 1955 - يىلدىكى 100 مىڭ يۈەندىن كۆپىيىپ 1985 - يىلى بىر مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك ئاشلىق سىستېمىسى تەمىنلەش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، بازارنى تەڭشەپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇردى. 1981 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى ۋاششەرى ئاشلىق پونكىتىغا «ئىلغار ئاشلىق پونكىتى» دەپ نام بەردى.

## 2 § . ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش ۋە سېتىش

### 1. ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش

1) ئاشلىق: 1951 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاشلىق سېتىۋېلىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. يەرگە ئىگە بولغىنىغا ئۈزۈن بولمىغان دېھقانلار دۆلەتكە غەللە - پاراق تاپشۇرغاندىن تاشقىرى، ئېشىنچا ئاشلىقىنى پائال سېتىپ بەردى. 1951 - يىلى ناھىيە بويىچە 310 مىڭ جىڭ، 1952 - يىلى 280 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىندى.

1955 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ئاشلىق سېتىۋېلىشتا «ئۈچنى بېكىتىش» (ھوسۇلنى بېكىتىش، سېتىۋېلىش مىقدارىنى بېكىتىش، سېتىلىش مىقدارىنى بېكىتىش) سىياسىتى يولغا قويۇلدى، بۇنى 3 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك قارار قىلىندى. شۇ يىلى 380 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىندى. 1957 - يىل 5 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاشلىق - ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، ئاشلىق ئەركىن بازىرى تاقالدى، يېزىلار يېتەرلىك ئوزۇقلۇق ئاشلىق، ئۇرۇقلۇق ۋە يەم - بوغۇز قالدۇرغاندىن كېيىن، ئېشىنچا ئاشلىقنىڭ %90نى دۆلەتكە سېتىپ بەردى. 1957 - يىلى ناھىيە بويىچە 1 مىليون 620 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىندى.

ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش سىياسىتى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى مۇقىملاشتۇردى، سېتىۋېلىش تۈپ سانى بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان سۈپىتىدە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. 1965 - يىلدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش تۈپ سانى 1 مىليون 800 مىڭ جىڭ قىلىنىپ، 3 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمىدى ھەمدە ئارتۇق سېتىپ بەرگەنلەرنى مۇكاپاتلاش (دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىنچا ئاشلىقنى دۆلەتكە سېتىپ بەرگەن دېھقانلارنى مۇكاپاتلاش) تەدبىرى يولغا قويۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. 1965 - يىلى ناھىيە بويىچە 2 مىليون 148 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىندى. 1971 - يىلدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش تۈپ سانى 2 مىليون جىڭ قىلىپ تەڭشەلدى، شۇ يىلى 1 مىليون 400 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىندى. 1973 - يىلى يەنە ئاشلىق سېتىۋېلىش تۈپ سانى 1 مىليون 800 مىڭ جىڭ قىلىپ تەڭشەلدى، شۇ يىلى 1 مىليون 735 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون 504 مىڭ 900 جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىندى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى باشلىنىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. ئاشلىق ھوسۇلى زور ھەجىمدە ئاشتى، 1984 - يىلى 5 مىليون 380 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىنىپ، سېتىۋېلىش پىلانى %53.7 ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. 1985 - يىلى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش سىياسىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، توختام بويىچە سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى، شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 3 مىليون 210 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىندى.

1951 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئاشلىق ھوسۇلى 27 مىليون 40 مىڭ جىڭ بولۇپ، 3 مىليون 740 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىندى. 1958 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئاشلىق ھوسۇلى 25 مىليون 710 مىڭ جىڭ بولۇپ، 9 مىليون 450 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىندى. 1951 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 35 يىل ئىچىدە ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئاشلىق ھوسۇلى 218 مىليون 230 مىڭ جىڭ بولۇپ، 58 مىليون 520 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىندى، ئاشلىق ھوسۇلى يىلىغا %4 ئاشتى. سېتىۋېلىنغان ئاشلىق يىلىغا %1 كۆپەيدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بولغان 10 يىلدا، ئىنتايىن «سول» لۇشيەننىڭ كاشىلىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، ئاشلىقنىڭ ھوسۇلى ۋە سېتىۋېلىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى. 1969 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئاشلىق ھوسۇلى 4 مىليون جىڭ بولۇپ، 1954- يىلدىكى ئاشلىق ھوسۇلىغا ئاران تەڭلەشتى. سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 800 مىڭ جىڭغىمۇ يەتمىدى.

سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئاران يېرىمى ئورۇندالدى. 1968 - يىلدىن باشلاپ، ناھىيە دۆلەتتىن ئاشلىق تەلەپ قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1968 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا دۆلەت جەمئىي 13 مىليون 800 مىڭ جىڭ ئاشلىق يۆتكەپ بەردى، بۇ، شۇ مەزگىلدە سېتىۋېلىنغان 19 مىليون 410 مىڭ جىڭ ئاشلىقنىڭ %71نى ئىگىلەيدۇ.

ياغلىق دان: ياغلىق دان زىرائەتلىرى ئىچىدە كەندىر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، كەندىر كۆپىنچە ئېتىز قىرلىرىغا تېرىلىدۇ، ھوسۇلى ئىنتايىن تۆۋەن بولىدۇ. 1956 - يىلدىن 1966- يىلغىچە ناھىيە بويىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 81 مىڭ 900 جىڭدىن ياغلىق دان سېتىۋېلىندى. 70 - يىللاردىن باشلاپ قىچا تېرىلىشقا باشلىدى ھەمدە ياغلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلىش كۆلىمى مۇۋاپىق كېڭەيتىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ياغلىق دان ھوسۇلى خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى، 1967 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 108 مىڭ جىڭدىن ياغلىق دان سېتىۋېلىندى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، ياغلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلىش كۆلىمى كېڭەيتىلدى ھەمدە 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئاپتاپپەرەس قاتارلىق يېڭى زىرائەت سورتلىرى كىرگۈزۈلۈپ، ياغلىق دان ھوسۇلى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى، 1977 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 215 مىڭ600 جىڭدىن ياغلىق دان سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1985 - يىلى 366 مىڭ جىڭ سېتىۋېلىنىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

## 2. ئاشلىق - ياغ سېتىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاشلىق - ياغنى ئاساسەن شەخسلەر ساتاتتى. 1952 - يىل 1 - ئايدا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ كوپېراتىپ بازاردا ئاشلىقنىڭ ئارتۇق - كېمىنى تەڭشەش ئۈچۈن، سىرتتىن 73 مىڭ 440 جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىپ، بازاردا ئاشلىق ئۆكسۈپ قالغان چاغلاردا ساتتى. 1953 - يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەخسلەرنىڭ ئاشلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى چەكلەندى، ئاشلىق، ياغ سېتىش ئىشىنى ئاشلىق بۆلۈمى باشقۇردى.

1) غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنى نورمىلىق تەمىنلەش: چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاشلىق - ياغنى بىر تۇتاش سېتىش 1957 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئاشلىق - ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن باشلاندى، شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەر ھەر ئايدا كىنىشكا بىلەن ئاشلىق دۇكىنىدىن ئاشلىق - ياغ نورمىسىنى سېتىۋېلىشقا باشلىدى. چاقىلىق ناھىيىسى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق چۈشۈرۈپ بەرگەن سېتىپ بېرىش كۆرسەتكۈچىگە ئاساسەن، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنى تەمىنلەش ئۆلچىمىنى ئېلان قىلدى، ئائىلىلەرگە ئاشلىق سېتىۋېلىش كىنىشكىسى تارقىتىپ بەردى. ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى ھەر ئايدا 49 جىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى، ئالاھىدە جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى ئا، ب، س دەرىجە بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 45 جىڭ، 42 جىڭ ۋە 40 جىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى؛ يېنىك جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى ئا، ب، س دەرىجە بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 38 جىڭ، 35 جىڭ ۋە 32 جىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى؛ ئورگان خىزمەتچىلىرىنى 29 جىڭ، 11 ياشتىن يۇقىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى 30 جىڭ،

6 ياشتىن 10 ياشقىچە بولغان باللارنى 21 جىڭ، 5 ياشتىن تۆۋەن باللارنى 10 جىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى.

3 يىللىق قىيىنچىلىق مەزگىلى (1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە) دە، 1960 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە ئورگان كادىرلىرى ھەر ئايدا 2 جىڭدىن، ئىشچىلار 3 جىڭدىن ئاشلىق ئىقتىساد قىلدى ھەمدە يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەش توختىتىلدى، يېمەكلىك كەسپىگە بېرىلىدىغان ئاشلىق %50 كېمەيتىلدى. 1962 - يىلى دۆلەت «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت 4 سۆزلۈك فاڭجېننى يولغا قويۇپ، كادىرلارنى پىلانلىق ھالدا تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇپ، تاۋار ئاشلىق يەيدىغانلارنى قىسقارتىپ، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتىكى جىددىيلىكنى پەسەيتتى. 1964 - يىلى ئەسلىدىكى نورما ئۆلچىمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1979 - يىلى ئاشلىق ھوسۇلى ئاشقانلىقتىن، نورما ئاشلىق ئۆلچىمى تەڭشىلىپ، ئەسلىدىكى ئاساستا 3 جىڭ ئاشلىق قوشۇلدى. 1976 - يىلدىن 1985- يىلغىچە ناھىيە بويىچە غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 3357 دىن 5642گە كۆپەيدى، ئۇلار يىلغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون 570 مىڭ جىڭ نورما ئاشلىقى بىلەن تەمىنلىنىپ تۇردى.

ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش يولغا قويۇلۇش بىلەن بىللە، ياغنى بىر تۇتاش سېتىپ بېرىشمۇ يولغا قويۇلدى. غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىكىلەر ھەر ئايدا 12 سەر (كونا ئۆلچەم تۈزۈمدە بىر جىڭ 16 سەر ئىدى) ياغ بىلەن تەمىنلەندى. كېيىنچە سېتىۋېلىش بىلەن سېتىپ بېرىش ئوتتۇرىسىدا تەتۈر پەرق كۆرۈلگەنلىكتىن، 1958 - يىل 3 - ئايدىن باشلاپ ياغ نورمىسى 8 سەرگە ئۆزگەرتىلدى، ھېيت - بايراملاردا يېرىم جىڭ كۆپەيتىلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ياغلىق دان ھوسۇلى زور دەرىجىدە ئاشتى، ناھىيە بويىچە نورمىلىق تەمىنلەنگەن ياغ 1982 - يىلى 30 مىڭ 213 جىڭغا، 1985- يىلى 50 مىڭ 778 جىڭغا يەتتى.

**2) چارۋىچىلارغا نورمال ئاشلىق سېتىپ بېرىش** چارۋىچىلارنىڭ گۆش ئىستېمالى كۆپ، ئاشلىق ئىستېمالى ئازراق بولغانلىقى ئۈچۈن، 1962 - يىلى چارۋىچىلارنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش ئۆلچىمى بازار ئاھالىسىنىڭكىدىن %50 ئاز بەلگىلەندى. 1964 - يىلدىن 1985- يىلغىچە بولغان 23 يىل ئىچىدە، چارۋىچىلارغا 5 مىليون 620 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىپ بېرىلدى.

**3) ئاشلىقى كەملىگەن دېھقانلارنى دېھقانلاردىن سېتىۋېلىنغان ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش** 1957 - يىلى دۆلەت بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، نوپۇسى كۆپ، يېرى ئاز، مەھسۇلاتى تۆۋەن؛ قالدۇرۇلغان ئوزۇقلۇق ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان كۆڭشې، ئەترەتلەر بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە ئاشلىق بىلەن تەمىنلەندى. 1971 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە ئۇلارغا جەمئىي 510 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىپ بېرىلدى. 1981 - يىلى يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقى تولۇق ئىشقا سېلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ دېھقانلارغا ئاشلىق سېتىپ بېرىش ئەھۋالىغا خاتىمە بېرىلدى.

**4) يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەش** ترانسپورت، قىدىرىپ تەكشۈرۈش، ئۇزۇن يوللۇق پوچتا ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئۇلاغلار ۋە ساقچى ئىتى، چوشقا، قويلار كۆممىقوناق،

كېپەك ئاساس قىلىنغان يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەندى. 70 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى كۆپىيىپ، ئۇلاغلار ئاز ئىشلىتىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەش مىقدارىمۇ ئازايتىلدى، 1978 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 8 يىل ئىچىدە، ناھىيە بويىچە 2 مىليون 520 مىڭ جىڭ يەم - بوغۇز سەرپ قىلىندى.

5) نامراتلارنى يۆلەش ئاشلىقى  1985 - يىلى دۆلەت نامراتلارنى يۆلەشكە 1 مىليون 250 مىڭ جىڭ مەخسۇس ئاشلىق ئاجرىتىپ، چېگرا رايونغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى نامرات دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ يول ۋە ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشلىرىغا ياردەم بەردى.

6) ئالماشتۇرۇپ سېتىۋېلىش  يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، گۆش، تۇخۇم ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، بازارنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چاقىلىق ناھىيىسى ئاشلىق بىلەن گۆشنى ئالماشتۇرۇپ سېتىۋېلىش سىياسىتىنى قوللاندى، دېھقانلار گۆشنى بازار باھاسىدىن تۆۋەن باھادا ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىگە سېتىپ بەردى. ئاشلىق تارماقلىرى ئۇلارغا تاختاي باھاسى بويىچە ئاشلىق سېتىپ بەردى. 1985 - يىلى ئاشلىق بىلەن گۆشنى ئالماشتۇرۇپ سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلگەن قارا ئاشلىق 140 مىڭ جىڭغا يەتتى.

7) ئىچىملىككە ۋە ئېچىتىشقا ئاشلىق ئىشلىتىش  1957 - يىلدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسى پىششىق يېمەكلىك ئىشلەش كەسپى، ئىچىملىك كەسپى، ئېچىتىش كەسپى قاتارلىق سودا - سانائەت كەسىپلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىقنى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزدى، 1957 - يىلى سودا - سانائەتكە 240 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئىشلىتىلدى؛ 1960 - يىلدىن 1963- يىلغىچە يىلىغا 130 مىڭ جىڭدىن ئاشلىق ئىشلىتىلدى؛ 1975 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە يىلىغا 300 مىڭ جىڭدىن ئاشلىق ئىشلىتىلدى؛ 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يىلىغا 130 مىڭ جىڭدىن ئاشلىق ئىشلىتىلدى (1981 - يىل 7 - ئايدىن كېيىن پىلانلىق تەمىنلەشنىڭ كەم قالغان قىسمى كېلىشىم باھالىق ئاشلىق بىلەن تولۇقلىنىدىغان بولدى).

## 3. كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ۋە سېتىپ بېرىش

چاقىلىق ناھىيىسى پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىغا ئاساسەن، ئاشلىق، ياغنىڭ ئارتۇق - كېمىنى تەڭشەپ، بازارنى جانلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، 1981 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ ئاشلىق، ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ۋە سېتىپ بېرىشنى يولغا قويدى. ئاساسەن ئاشلىق ئىدارىسى ئۆزى سېتىش بىلەن ئاشلىق ئىدارىسىغا قاراشلىق ئاشلىق پونكىتلىرى ۋاكالىتەن سېتىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تىجارەت ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى 1984- يىلى كېلىشىم باھالىق ئاشلىق - ياغ دۇكىنى قۇردى، 1985 - يىلى كېلىشىم باھا تىجارەت بۆلۈمى قۇرۇلدى، ئۇ ئاساسلىقى گۇرۇچ، لومى گۇرۇچى، ئۇن، بۇغداي، خاسىڭ مېغىزى، ماش، دادۇر، ياغ، يەم - بوغۇز تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ناھىيە بويىچە كېلىشىم باھادا 100 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 20 مىڭ جىڭ ياغلىق دان سېتىۋېلىندى، 470 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 210 مىڭ جىڭ ياغلىق دان سېتىپ بېرىلدى. 1984 — 1985 - يىللىرى 30 مىڭ جىڭ يەم - بوغۇز سېتىپ بېرىلدى.

**چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى ئاشلىق، باغ ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش ـ سېتىپ بېرىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 10 — 7 بىرلىكى: 10 مىڭ جىڭ

| يىللار | ئاشلىق | | | ياغلىق دان | |
|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي مەھسۇلاتى | ئەمەلىي سېتىۋېلىنغىنى | ئەمەلىي سېتىپ بېرىلگىنى | سېتىۋېلىش پىلانى | ئەمەلىي سېتىۋېلىنغىنى |
| 1949 | 156 | | | | |
| 1952 | 384 | 28 | | | |
| 1956 | 424 | 45 | | | 1 |
| 1960 | 423 | 97.3 | | 8 | 4.2 |
| 1963 | 361 | 108.4 | | 8 | 2.2 |
| 1966 | 562 | 211 | 198.8 | 10 | 13 |
| 1970 | 517 | 136 | 229 | 9 | 6.7 |
| 1973 | 621 | 173.5 | 273.8 | 12 | 10.2 |
| 1976 | 639 | 173 | 350 | 8 | 10 |
| 1980 | 764 | 185 | 263 | 10 | 13 |
| 1982 | 1019 | 276 | 209 | 10 | 29 |
| 1985 | 1378 | 321 | 254 | 38 | 36.6 |

## 3 § . ئاشلىق ـ ياغ ساقلاش ۋە توشۇش

### 1. يۆتكەپ بېرىش ۋە توشۇش

چاقىلىق ناھىيىسى 1968 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە بولغان 13 يىل ئىچىدە ئاشلىقتا ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىيەلمەي، ھەر يىلى باشقا ناھىيىلەردىن ئاشلىق يۆتكەپ كەلدى. مۇشۇ 13 يىل ئىچىدە باشقا ناھىيىلەردىن 5 مىليون 730 مىڭ جىڭ كۆممىقوناق، 7 مىليون 300 مىڭ جىڭ بۇغداي، 770 مىڭ جىڭ گۈرۈچ يۆتكەپ كېلىندى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاشلىق ھوسۇلى زور ھەجىمدە ئاشتى. 80 ـ يىللارغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش بىلەن سېتىپ بېرىش تەڭپۇڭلىشىپ، ئاشلىق ئاشىدىغان بولدى، ئاشلىق زاپىسى يىلىغا %20 ئېشىپ باردى. 1983 ـ يىلدىن باشلاپ، ناھىيە ئاشلىقتا ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان ھەمدە باشقا جايلارغا ئاشلىق يۆتكەپ بېرىدىغان بولدى. شۇ يىلى 36 ـ تۇەن ـ مەيدان چاقىلىق ناھىيىسىگە 1 مىليون 950 مىڭ جىڭ ئاشلىق تاپشۇردى، ناھىيە بويىچە باشقا جايلارغا جەمئىي 2 مىليون 50 مىڭ جىڭ بۇغداي، 920 مىڭ جىڭ كۆممىقوناق، 100 مىڭ جىڭ ئاققوناق يۆتكەپ بېرىلدى. 1984 — 1985 ـ يىللىرى 50 مىڭ جىڭ گۈرۈچ، 40 مىڭ جىڭ سېرىق پۇرچاق، 15 مىڭ جىڭ ئاققوناق يۆتكەپ بېرىلدى.

چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاشلىق ـ ياغ توشۇش ئاساسەن، ناھىيە ئىچىدىكى ئامبارلار ئوتتۇرىسىدا ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىدىكى ناھىيىلەر ئوتتۇرىسىدا بولدى. يېڭى

جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئاشلىق، ئاساسەن، رېزىنكە چاقلىق چارۋا ۋە ئۇلاغ بىلەن توشۇلاتتى. 1968 ـ يىلى ئاپتوموبىل بىلەن توشۇلىدىغان بولدى. 1984 ـ يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى 3 يۈك ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىپ، ئاشلىقنى ناھىيە ئىچىدە ئامبارلار ئارا ئۆزى توشۇيدىغان بولدى.

## 2. ئاشلىق ـ ياغ ساقلاش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، چاقىلىق ناھىيىسىدە 200 مىڭ جىڭ ئاشلىق سىغىدىغان 2 ئاددىي ئاشلىق ئامبىرى بار ئىدى. 1958 ـ يىلى ناھىيە بازىرى بىلەن ۋاششەرىدە بىردىن 2 مىليون جىڭلىق ۋە 500 مىڭ جىڭلىق ئاددىي لاپاسلىق ئامبار سېلىندى. 1965 ـ يىلى يەنە ناھىيە بازىرى بىلەن ۋاششەرىدە بىردىن 1 مىليون جىڭلىق ۋە 500 مىڭ جىڭلىق ئاشلىق ئامبىرى سېلىندى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن، ناھىيە بازىرى، ۋاششەرى ئاشلىق پونكىتلىرىدا ۋە ئېشەكپاتتىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئاشلىق ئامبارلىرى سېلىندى. 1985 ـ يىلغا قەدەر، ناھىيە بويىچە كۆلىمى 420 كۋادرات مېتىر، سىغىمچانلىقى 2 مىليون جىڭ كېلىدىغان بىر ئۆي شەكىللىك ئامبار، ئومۇمىي كۆلىمى 1690 كۋادرات مېتىر، سىغىمچانلىقى 7 مىليون 800 مىڭ جىڭ كېلىدىغان 7 ئاددىي ئامبار بارلىققا كەلدى. ناھىيە بويىچە ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 9 مىليون 800 مىڭ جىڭغا يەتتى.

50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 1967 ـ يىلغىچە چاقىلىق ناھىيىسىدە يىلىغا 1 مىليون 70 مىڭ جىڭدىن ئاشلىق ساقلاندى. 1968 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە يىلىغا 1 مىليون 390 مىڭ جىڭدىن ئاشلىق ساقلاندى. 1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە يىلىغا 4 مىليون 800 مىڭ جىڭدىن ئاشلىق ساقلاندى، 1985 ـ يىلى ساقلانغان ئاشلىق 5 مىليون 930 مىڭ جىڭغا يېتىپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاشلىق ئامبارچىسىدىن بىرى بار ئىدى، 1957 ـ يىلدىن كېيىن تەدرىجىي كۆپىيىپ، 1985 ـ يىلى 7گە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئاشلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنلەر 2)، ئاشلىق ساقلاش ۋە سۈپەت تەكشۈرۈش ـ تەھلىل قىلىش خىزمىتى تەدرىجىي ئېلمىيلاشتى.

# 4 §. ئاشلىق ـ ياغ باھاسى

## 1. مىنگو دەۋرىدىكى ئاشلىق ـ ياغ باھاسى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاشلىق ـ ياغنىڭ باھاسى خېلىلا داۋالغۇپ تۇراتتى، ھوسۇلنىڭ ئېشىشى، كېمىيىشىگە ۋە پەسىلگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇراتتى، قەھەتچىلىك ۋە قالايمىقانچىلىق بولغان يىللاردا باھا كۆپىنچە 2 ـ 3 ھەسسە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئۆرلەپ كېتەتتى. مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) شىنجاڭدا يېڭى پۇل چىقىرىلغاندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە بىر چارەك بۇغداي (بىر چارەك كونا جىڭدا 16 جىڭغا، يېڭى جىڭدا 18 جىڭغا تەڭ) 2 يۈەن ئەتراپىدا، بىر جىڭ ياغ 0.5 ـ 0.6 يۈەن ئىدى، مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) گومىنداڭ شىنجاڭدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەندىن كېيىن، جەمئىيەت تىنچ بولمىغانلىقى، ئىقتىساد تېخىمۇ چېكىنىپ، پۇل پاخاللىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مال

باھاسى ئۇچقانداك ئۆرلەپ كەتتى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 7 — 9 - ئايغىچە، بىر دادەن بۇغداي 1 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن 3 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە چىقىپ، 210% ئۆرلەپ كەتتى؛ بىر جىڭ ياغ 30 مىڭ يۈەندىن 200 مىڭ يۈەنگە چىقىپ، 567% ئۆرلەپ كەتتى.

## 2. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئاشلىق - ياغ باھاسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيە بازىرى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاشلىق باھاسى ئاشلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئاشلىق ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ ئەركىن كېڭىشىشى ئارقىلىق بەلگىلىنەتتى، ھوسۇلنىڭ ئېشىشى ۋە كېمىيىشىگە قاراپ ھەل خىل، تۇراقسىز بولاتتى، خېلى زور دەرىجىدە داۋالغۇپ تۇراتتى. ئاشلىقنىڭ باھاسى ھەر يىلى 3 - ، 4 - ئايلاردا ئالدىنقى يىلنىڭ 8 - ، 9 - ئايلىرىدىكىدىن 2 ھەسسە چامىسىدا يۇقىرى بولاتتى، 8 - ، 9 - ئايلاردا بىر جىڭ بۇغداي 0.14 يۈەن بولغان بولسا، كېيىنكى يىلنىڭ 3 - ، 4 - ئايلىرىدا 0.40 يۈەنگە چىقاتتى. 1951 - يىلى چارۋىچىلار بىر جىڭ ئالىي دەرىجىلىك قوي يۇڭىغا ئاران 2 — 3 جىڭ كۆممىقوناق ياكى بىر جىڭ ئاق ئۇن تېگىشكەنىدى. 1952 - يىلى ئەتىيازدا چاقىلىق ناھىيىسىدە قەھەتچىلىك بولغاندا، بەزى قانۇنسىز مەككار سودىگەرلەر ئاشلىق باھاسىنى ھە - ھۇ بىلەن ئۆستۈرۈۋەتتى، بۇغداي باھاسى ئادەتتىكى چاغلاردىكىگە قارىغاندا 3 ھەسسە ئۆسۈپ، ئاشلىق بازىرىدا جىددىيلىك پەيدا بولدى. چاقىلىق ناھىيىسى چەرچەن ناھىيىسىدىن كۆپلەپ ئاشلىق يۆتكەپ كېلىپ، ئاشلىق باھاسىدىكى بۇ داۋالغۇشنى تىنچىتتى.

1955 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسى ئاشلىق، ياغقا قارىتا ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش، سېتىپ بېرىشنى پىلانلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئاشلىقنى ئەركىن ئېلىپ سېتىشنى چەكلەپ، ئاشلىق باھاسىنى تۇراقلاشتۇردى.

## 3. بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى ئاشلىق - ياغ باھاسى

1957 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسى ئاشلىق - ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىشنى يولغا قويۇپ، ئاشلىق باھاسىدا «مەركەز بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش» پرىنسىپىنى ئىجرا قىلىپ، ئاشلىق - ياغ باھاسىنىڭ پىلانلىق، مۇقىم ۋە بىردەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 1957 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە ھەر 100 كىلوگرام بۇغداينىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى 17.7 يۈەن، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىلىش باھاسى 17.2 يۈەن، ھەر 100 كىلوگرام گۈرۈچنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى 30.5 يۈەن، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىلىش باھاسى 35.4 يۈەن، ھەر 100 كىلوگرام كۆممىقوناقنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى 12 يۈەن، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىلىش باھاسى 11.08 يۈەن، ھەر 100 كىلوگرام ياغلىق دان (كەندىر) نىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى 32.1 يۈەن، ھەر 100 كىلوگرام كەندىر يېغىنىڭ بىر تۇتاش سېتىپ بېرىلىش باھاسى 160 يۈەن بولدى.

1961 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە دۆلەت ئاشلىق - ياغنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىلىش باھاسىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 3 قېتىم تەڭشىدى. 1961 - يىلى ئاشلىق - ياغنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 24.6%، 1966 - يىلى 17%،

1979 - يىلى %24 ئۆستۈردى. ئاشلىق - ياغنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى 3 قېتىم تەڭشەلگەندىن كېيىن، 1979 - يىلى باھا 1960 - يىلدىكىدىن %54.5 ئۆستى. 1979 - يىلى بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى تەڭشەلگەندىن كېيىنكى باھانى تەڭشىلىشتىن ئىلگىرىكى باھا بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھەر 100 كىلوگرام بۇغداينىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى 32.8 يۈەنگە چىقىپ، %25 ئۆستى، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىلىش باھاسى 26.4 يۈەن بولدى؛ ھەر 100 كىلوگرام كۆممىقوناقنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى 22.6 يۈەنگە چىقىپ، %25.5 ئۆستى، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىلىش باھاسى 18 يۈەن بولدى؛ ھەر 100 كىلوگرام قىچىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى 72 يۈەنگە چىقىپ، %25 ئۆستى. ھەر 100 كىلوگرام قىچا يېغىنىڭ بىر تۇتاش سېتىپ بېرىلىش باھاسى 160 يۈەن بولدى؛ ھەر 100 كىلوگرام كەندىرنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى 70 يۈەنگە چىقىپ، %28.5 ئۆستى؛ ھەر 100 كىلوگرام كەندىر يېغىنىڭ بىر تۇتاش سېتىپ بېرىلىش باھاسى 160 يۈەن بولدى.

1961 - يىلى ئاشلىقنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاشلىقنىڭ باھاسىدا ئاستىن - ئۈستۈلۈك كۆرۈلۈشكە باشلىدى، سېتىۋېلىنىش باھاسى بىلەن سېتىپ بېرىش باھاسىنىڭ پەرق نىسبىتى: بۇغداينىڭ %7.81-، كۆممىقوناقنىڭ %4.21 - بولدى، 1969 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئاممىۋى تەشكىلاتلار ھوقۇق تارتىۋېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق تارمىقىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەيلا، ھەر 100 كىلوگرام ئۈنىنىڭ باھاسىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن 31 يۈەنگە ئۆستۈردى، دۆلەت بۇ باھانى باشتىن - ئاياغ ئېتىراپ قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ، تارىختىن قېلىپ قالغان مەسىلە بولۇپ قالدى.

1979 - يىلى دۆلەت ئاشلىقنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسىنى يەنە بىر قېتىم ئۆستۈردى. چاقىلىق ناھىيىسىدە سېتىۋېلىنىش باھاسى بىلەن سېتىپ بېرىلىش باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كېڭىيىپ، بۇغدايدا %21.4 — كە، كۆممىقوناقتا %20.37 — كە يەتتى. 1965 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 21 يىل ئىچىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە بازار ئاھالىسىغا سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىق - ياغلاردىن بۇغداي ئۈنىدىن باشقىلىرىنىڭ باھاسى ئۆزگەرمىدى. 1965 - يىلدىن كېيىن، ھەر 100 كىلوگرام بۇغداي ئۈنىنىڭ سېتىلىپ بېرىلىش باھاسى دۆلەت بەلگىلىگەن ئادەتتىكى ئۈنىنىڭ ئاختاي باھاسى بويىچە 28.6 يۈەن بولدى.

## ئون بەشىنچى قىسىم

# ئىگىلىك باشقۇرۇش

# ئون بىرىنچى قىسىم

# ئىگىلىك باشقۇرۇش

## I باب

## پىلانلىق باشقۇرۇش

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە مەخسۇس پىلانلىق باشقۇرۇش تارمىقى ۋە ئاپپاراتى يوق ئىدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە 3 بۆلۈم تەسىس قىلىنىدى، ئۇلار ئىچىدە 2 - بۆلۈم مالىيە ئىشلىرىنى بىجىرەتتى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە پىلانغا ئائىت بولغانلىكى ئىشلارغا 2 - بۆلۈم مەسئۇل ئىدى. پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىگىلىكى تامامەن بازار ئارقىلىق تەڭشىلىدىغان، بېكىنمە ھالەتتىكى، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق خاراكتېرىدىكى ساپ ناتۇرال ئىگىلىك ئىدى، پىلانلىق باشقۇرۇش يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنلا مۇھىم بىر خىزمەت سۈپىتىدە يولغا قويۇلدى ھەم ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى.

### § 1 . ئىگىلىك پىلانى

پىلانلىق ئىگىلىك خىزمىتى 1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 36 يىلدا، 3 يىللىق ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى، 3 يىللىق ئىگىلىكنى تەڭشەش مەزگىلى ۋە 6 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىن ئىبارەت 8 مەزگىلنى باشتىن كەچۈردى، چاقىلىق ناھىيىسى 2- بەشيىللىق پىلانىنى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن ئورۇندىيالمىغاندىن سىرت، باشقا مەزگىللەردىكى پىلانىنى ئورۇنداشتا يېقىنلاشتى ياكى ئاساسەن ئورۇندىدى. 36 يىلدا سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.7% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 6.7%، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 11.7%، ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.3% ئاشتى.

## 1. 3 يىللىق ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە 1 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلى

3 يىللىق ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى (1950 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە) دە چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكى پىلانىنى دۆلەت بەلگىلىگەن ۋەزىپىلەر ۋە قاراشەھەر ۋىلايىتى چۈشۈرگەن كۆرسەتكۈچلەرنى دەۋرىي قىلغان ھالدا بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇردى. 1952 ـ يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 706 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكى 534 مىڭ يۈەندىن 32.2% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 681 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 96.6%نى ئىگىلىدى؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 25 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 3.4%نى ئىگىلىدى. ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 3 مىليون 838 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكى 1 مىليون 562 مىڭ جىڭدىن 145.7% ئاشتى.

1 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلى (1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە) دە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنى، باش ۋەزىپىسىگە ۋە قاراشەھەر ۋىلايىتى چۈشۈرگەن كۆرسەتكۈچلەرگە ئاساسەن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا يىللىق پىلان تۈزدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى پىلانىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى. 1957 ـ يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 202 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1952 ـ يىلدىكىدىن 70.2% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 959 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 1952 ـ يىلدىكىدىن 40.7% ئاشتى؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 242 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 1952 ـ يىلدىكىدىن 61.8% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 113 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 1952 ـ يىلدىكىدىن 4.3 ھەسسە ئاشتى.

## 2. 2 ـ بەشيىللىق پىلان ۋە 3 يىللىق ئىگىلىكنى تەڭشەش مەزگىلى

2 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلى (1958 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغا قەدەر) دە چاقىلىق ناھىيىسىدىمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش «سول» لۇشيەن ئىجرا قىلىنىپ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» يولغا قويۇلۇپ، مال ـ مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى ۋە مۇبالىغىچىلىك شامىلى چىقىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىنتايىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، خەلق ئىگىلىكىدە نىسبەت مۇناسىۋىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلدى. دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا بەرھەم بېرىلدى. تېرىلغۇ كۆلىمى ئۆزلۈكسىز كېمەيتىلگەن بولسىمۇ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىنغانلىقتىن، ھوسۇل زور ھەجىمدە كېمىيىپ كەتتى. 1962 ـ يىلى ئومۇمىي ئاشلىق 1959 ـ يىلدىكى 5 مىليون 127 مىڭ جىڭدىن بىراقلا 3 مىليون 848 مىڭ جىڭغا چۈشۈپ قېلىپ، 24.9% كېمىيىپ كەتتى؛ ئومۇمىي پاختا 152 مىڭ جىڭدىن بىراقلا 7000 جىڭغا چۈشۈپ قېلىپ، 95.4% كېمىيىپ كەتتى؛ ئومۇمىي ياغلىق دان 138 مىڭ جىڭدىن 142 مىڭ جىڭغا كۆپىيىپ، 2.8% ئاشتى.

سانائەت جەھەتتە، ئومۇمىي خەلق كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش يولغا قويۇلۇپ، ئادەم كۈچى،

مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ زور دەرىجىدە ئىسراپ قىلىندى، نەتىجىدە، 1962 ـ يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1957 ـ يىلدىكى 242 مىلىڭ 300 يۈەندىن 154 مىلىڭ 500 يۈەنگە چۈشۈپ، %36.2 كېمىيىپ كەتتى.

3 يىللىق تەڭشەش مەزگىلى (1963 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغا قەدەر) دە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق كومىتېتى مەركەزنىڭ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، «سول» قاراملىقنى تۈزەتكەنلىكى، مۇبالىغىچىلىك شامىلىنى توسقانلىقى ئۈچۈن، ئىگىلىك ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن ئىقتىسادىي پىلان كۆرسەتكۈچلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. 1965 ـ يىلى ئومۇمىي ئاشلىق 5 مىليون 6000 جىڭغا يېتىپ، 1962 ـ يىلدىكىدىن %30.1 ئاشتى؛ ئومۇمىي پاختا 92 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1962 ـ يىلدىكىدىن 12 ھەسسە ئاشتى؛ ئومۇمىي ياغلىق دان 142 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1962 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. 1965 ـ يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 806 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 1962 ـ يىلدىكى 154 مىڭ 400 يۈەندىن 4.2 ھەسسە ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 884 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 1962ـ يىلدىكى 1 مىليون 304 مىڭ 400 يۈەندىن %44.5 ئاشتى. مالىيە كىرىمى 186 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 1962 ـ يىلدىكى 155 مىڭ 200 يۈەندىن %20.1 ئاشتى؛ ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 684 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا %9.5تىن ئېشىپ باردى.

## 3. 3 ـ ۋە 4 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىللىرى

3 ـ ۋە 4 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىللىرى (1966 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغا قەدەر) «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان 10 يىلغا توغرا كەلدى، بۇ مەزگىلدە پىلان تارماقلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىگىلىك پىلانىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئورۇنلاشتۇردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى ئىنتايىن سول پىكىر ئېقىمىنىڭ كاشىلىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، تۈزۈلگەن پىلان كۆرسەتكۈچلىرىدە ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا قارىغۇلارچە سۈرئەت قوغلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىلمىدى؛ پىلانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇشتا، قالايمىقان، بۇيرۇق خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇش كۆپ بولۇپ كېتىپ، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى نىسبەتلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلدى، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى كۆپ بولسىمۇ، ئۈنۈم يۇقىرى بولمىدى؛ ئاشلىق ئاشقان بولسىمۇ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئامما «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ئىنتايىن سول لۇشيەنىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاڭلىق ھالدا باشتىن ـ ئاياغ داۋاملاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، چاقىلىقنىڭ ئىگىلىكى قالايمىقانچىلىق ئىچىدە يەنىلا بىر ئاز تەرەققىي قىلدى. 10 يىلدا سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا %4.1دىن ئېشىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا %7.8، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا %2.1، ئومۇمىي ئاشلىق يىلىغا %1.4، مالىيە كىرىمى يىلىغا %10.5 ئېشىپ باردى. 1975 ـ يىلى ئىجتىمائىي

تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليون 405 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا 13.4%تىن ئېشىپ باردى.

## 4. 5 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلى

5 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلى (1976 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغا قەدەر) دە، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ھەر قايسى سەپلەردە قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشالدى، ئىقتىسادىي پىلان توغرا ئىزغا چۈشتى، بولۇپمۇ 1978 ـ يىلى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى يولغا قويۇلۇپ، كادىرلار ۋە ئامىمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى تېز راۋاجلاندۇرۇلدى. 1980 ـ يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 357 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 1975 ـ يىلدىكى 4 مىليون 36 مىڭ 700 يۈەندىن 32.7% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 636 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1975 ـ يىلدىكى 1 مىليون 716 مىڭ يۈەندىن، 53.6% ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 721 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 1975 ـ يىلدىكى 2 مىليون 320 مىڭ 700 يۈەندىن 17.3% ئاشتى. 1980 ـ يىلى ئومۇمىي ئاشلىق 7 مىليون 850 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1975ـ يىلدىكى 6 مىليون 390 مىڭ جىڭدىن 22.8% ئاشتى؛ تاش پاختا 1995 توننىغا يېتىپ، 1975ـ يىلدىكى 1059 توننىدىن 88.4% ئاشتى؛ ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 549 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1975 ـ يىلدىكىدىن 47.6% ئاشتى.

5 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون 589 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 4 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 19.6% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 519 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 4 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 5.4% ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 235 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 4 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 34.8% ئاشتى؛ مالىيە كىرىمى 6 مىليون 525 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 4 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 101.2% ئاشتى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشى 4 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 106.04% ئۆستى؛ دېھقانلارنىڭ ساپ كىرىمى 4 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 58.6% ئاشتى؛ ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 62.25% ئاشتى.

## 5. 6 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلى

6 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلى (1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغا قەدەر) دە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، پىلان خىزمىتىدە ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە رىئايە قىلىنىپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ۋاستىلىك تەڭشەش ـ تىزگىنلەش يولغا قويۇلدى يەنى بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان يېتەكچىلىك خاراكتېرىدىكى پىلانغا ئۆزگەرتىلىپ، كارخانىلار ۋە دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى كېڭەيتىلدى، نەتىجىدە ئىقتىساد

يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. 5 يىلدا سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 73 مىليون 753 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 5 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 177.4% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 24 مىليون 290 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 5 - بەشيىللىق مەزگىلىدىكىدىن 59.4% ئاشتى؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 463 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 5 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 29.3 ھەسسە ئاشتى. ئومۇمىي ئاشلىق 5 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 84.2%، ئومۇمىي پاختا 5- بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 90.2%، ئومۇمىي ياغلىق دان 5- بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 146.9% ئاشتى. مالىيە كىرىمى 9 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 40.4% ئاشتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 22 مىليون 687 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 5 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 67.4% ئاشتى. ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشى 5 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 126.7% ئۆستى. 6 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە دېھقانلارنىڭ ساپ كىرىمى يىلىغا 29.2%تىن ئېشىپ باردى.

## 2 §. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1955 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش باشلاندى، 1955 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە بولغان 10 يىلدا جەمئىي 1 مىليون 628 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەبلەغ 1 مىليون 48 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 64.38%ىنى ئىگىلىدى، بۇ، ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلدى؛ غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەبلەغ 580 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 35.62%ىنى ئىگىلىدى، بۇ، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالتۇنتاغ كۆلۈبى قاتارلىق مۇھىم قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ئىشلىتىلدى.

1966 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 20 يىلدا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا جەمئىي 11 مىليون 49 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەبلەغ 6 مىليون 663 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 60.3%ىنى ئىگىلىدى، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەبلەغ 4 مىليون 386 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 39.7%ىنى ئىگىلىدى.

3 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلى (1966 - يىلدىن 1970 - يىلغا قەدەر) دە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا جەمئىي 1 مىليون 886 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەبلەغ 1 مىليون 748 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 92.7%ىنى ئىگىلىدى؛ غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەبلەغ 137 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 7.3%ىنى ئىگىلىدى. چاقىلىق دەرياسى ۋە ۋاششەرى دەرياسىدىكى غول، تارماق ئۆستەڭلەر، توما قۇرۇلۇشلىرى، 1 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، سودا ئىدارىسىنىڭ يېڭى دۇكىنى، كادىرلار مېھمانخانىسى، يەسلى، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق ئامبىرى، ئىشخانا قاتارلىق مۇھىم قۇرۇلۇشلار پۈتتۈرۈلدى.

4 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلى (1971 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغا قەدەر) دە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا جەمئىي 2 مىليون 763 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەبلەغ 2 مىليون 277 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 82.4%نى ئىگىلىدى؛ غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەبلەغ 486 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 17.6%نى ئىگىلىدى. ۋاشەرى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، سۇ مۇنارى، سوت مەھكىمىسى، باج ئىدارىسى، شىنخۇا كىتابخانىسى، ساتىراشخانا، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرى قاتارلىق مۇھىم قۇرۇلۇشلار پۈتتۈرۈلدى.

5 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلى (1976 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە) دە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا جەمئىي 2 مىليون 136 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەبلەغ 1 مىليون 153 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 54%نى ئىگىلىدى؛ غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەبلەغ 983 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 46%نى ئىگىلىدى. 2 ـ دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، تاشاي غول ئۆستىڭى، مەدەنىيەت يۇرتى، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ دۇكىنى، قوراللىق بۆلۈمنىڭ ئىشخانىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئىشخانىسى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى، ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، ناھىيىلىك ئاپتوموبىل كالونى، 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، «ئىتتىپاق» ئوتتۇرا مەكتىپى قاتارلىق مۇھىم قۇرۇلۇشلار پۈتتۈرۈلدى.

6 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلى (1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغا قەدەر) دە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا جەمئىي 4 مىليون 253 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەبلەغ 1 مىليون 484 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 34.9%نى ئىگىلىدى؛ غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەبلەغ 2 مىليون 768 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 65.1%نى ئىگىلىدى. مۇنارسىز تورۇبا سۈيى ۋە تورۇبا يولى، بازار ئاسفالت يوللىرى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ بىناسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئىستانسا، يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ تىجارەت بىناسى، سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ بىناسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بىناسى، دوختۇرخانا ئامبۇلاتورىيە بىناسى، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىدارىسى، مەكتەپلەرنىڭ سىنىپلىرى، ئىشخانا، ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى قاتارلىق مۇھىم قۇرۇلۇشلار پۈتتۈرۈلدى.

ناھىيە بويىچە 3 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىن 6 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىگىچە (1966 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە) يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا جەمئىي 12 مىليون 533 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 7 مىليون 856 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 62.7%نى ئىگىلىدى؛ كوللېكتىپ تەييارلىغان مەبلەغ 4 مىليون 677 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 37.3%نى ئىگىلىدى. مەبلەغنى ئىشلىتىلگەن تۈرلەرگە قاراپ ئايرىغاندا، سۇچىلىق مەبلىغى 7 مىليون 447 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 59.4%نى ئىگىلىدى؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەبلىغى 3 مىليون 669 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 29.3%نى ئىگىلىدى؛ باشقا ئىشلارغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون 416 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 11.3%نى ئىگىلىدى.

## 3 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىن 6 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلىگىچە يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا سېلىنغان مەبلەغ ۋە ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 11 — 1
بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرلەر / مەزگىللەر | سېلىنغان مەبلەغ | | | مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ | ئۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت سالغىنى | ئۇنىڭ ئىچىدە: ئۆزلىرى تەييارلىغىنى | سۇچىلىق | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى | باشقا ئىشلار | جەمئىي |
| 3 - بەشيىللىق پىلان | 175.3 | 134 | 41.3 | 135.6 | 24.5 | 15.2 | 175.3 |
| 4 - بەشيىللىق پىلان | 272.8 | 218.1 | 54.7 | 208.1 | 41 | 23.7 | 272.8 |
| 5 - بەشيىللىق پىلان | 324.59 | 200.09 | 124.5 | 152.29 | 128.8 | 43.5 | 324.59 |
| 6 - بەشيىللىق | 480.64 | 233.44 | 247.2 | 248.8 | 172.64 | 59.2 | 480.64 |
| جەمئىي | 1253.33 | 785.63 | 467.70 | 744.79 | 366.94 | 141.6 | 1253.33 |

## 1975 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 11 — 2
بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | سانائەت | يېزا ئىگىلىكى | قاتناش | سودا | مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە | باشقا ئىشلار | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1975 | 40 | 3 | | | 3 | 5.5 | 51.5 |
| 1976 | | 41.8 | 0.5 | 1 | | 4.5 | 47.8 |
| 1977 | 4 | 41.2 | 3.5 | 2 | 6.5 | 4.8 | 62 |
| 1978 | 6 | 31.5 | 0.7 | 2 | 4.3 | 1.5 | 46 |
| 1979 | 3.5 | 14.5 | | 1.5 | 1 | 1 | 21.5 |
| 1980 | 6 | | | 7.3 | 17.9 | 6 | 37.2 |
| 1981 | 72 | | | | 15 | 2.24 | 89.24 |
| 1982 | 20 | 15.3 | | 4 | 29.9 | | 69.2 |
| 1983 | 2 | 0.8 | | | 67.4 | 4.5 | 74.7 |
| 1984 | | 16 | | | 130 | | 146 |
| 1985 | | | 30 | | 16 | 16 | 62 |
| جەمئىي | 153.5 | 164.1 | 34.7 | 17.8 | 291 | 46.04 | 707.14 |

# II باب

# ستاتىستىكا باشقۇرۇش

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە ستاتىستىكا تارمىقى ۋە ئاپپاراتى يوق ئىدى. پۈتۈن ناھىيىنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتىگە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كاتىبات ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى كونكرېت مەسئۇل بولاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ستاتىستىكا ئاپپاراتى كۆندىن-كۈنگە مۇكەممەللەشتى. 1953 - يىلى ناھىيە بويىچە نوپۇسنى 1 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. 1956 - يىلى ناھىيىلىك پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى (نوپۇس، ئەمگەك كۈچى، يەر ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلار) نى ستاتىستىكا قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

1958 - يىلى ستاتىستىكا خىزمىتى «سول» پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ستاتىستىكا قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلارنىڭ كۆپىنچىسى ناتوغرا بولدى. 1963 - يىلدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سودا، ئەمگەك - مائاش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، ماددىي ئەشيادىن ئىبارەت 6 كەسىپ بويىچە ئايلىق، پەسىللىك، يېرىم يىللىق، يىللىق سانلىق مەلۇمات تەييارلاش يولغا قويۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلى (1967 - يىلدىن 1970- يىلغا قەدەر) دە ستاتىستىكا خىزمىتى زەربىگە ئۇچرىغانلىقتىن بىر قىسىم يىللارنىڭ يىللىق مەلۇماتلىرى توغرا ستاتىستىكا قىلىنمىدى. 1980 - يىلى ناھىيىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش باشلانغاندىن كېيىن، بارغانسېرى ئەتراپلىق، ئېنىق، توغرا ئۇچۇر بېرىش تەلەپ قىلىندى، ئومۇملاشتۇرۇلغان ستاتىستىكا، سانائەت - قاتناش ستاتىستىكىسى، يېزا ئىگىلىك ستاتىستىكىسى، مالىيە - سودا ستاتىستىكىسى، ئەمگەك - مائاش ھەققى ستاتىستىكىسى، ماددىي ئەشيا ستاتىستىكىسى، مالىيە - پۇل مۇئامىلە ستاتىستىكىسى، مەدەنىيەت ستاتىستىكىسى، مائارىپ ستاتىستىكىسى، سەھىيە ستاتىستىكىسى، پەن تەتقىقات ستاتىستىكىسى، رادىئو ستاتىستىكىسى، تەنتەربىيە ستاتىستىكىسى، خەلق ئىشلىرى ستاتىستىكىسى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ستاتىستىكا قىلىش يولغا قويۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ستاتىستىكا خىزمىتىدە تىپلارنى تەكشۈرۈش، مۇھىم نۇقتىلارنى تەكشۈرۈش ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. 1984- يىلى ناھىيىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات مىقدارىنى مۆلچەرلەش بويىچە ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىل قىلىندى، ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات مىقدارىنى ئالدىن مۆلچەرلەش ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە تەڭشەشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

1980 - يىلدىن باشلاپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، يىللىق ستاتىستىكا مەلۇماتىنى تەھلىل قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كىرىم - چىقىمىنى تەكشۈرۈش تېخى يېتەرلىك بولمىدى، بەزى ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى رەتلەشكە توغرا كېلىدۇ.

# III باب

# باھا باشقۇرۇش

## 1 § . باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە باھا باشقۇرۇش ئاپپاراتى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە، باھا باشقۇرۇشقا خەلق ھۆكۈمىتى (ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى)نىڭ سودا - سانائەت بۆلۈمى مەسئۇل بولدى. 1959 - يىل 7- ئايدا باھا كومىتېتى رەسمىي قۇرۇلدى، كومىتېت ئاستىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، بىر نەپەر مەخسۇس كادىر سەپلەندى. 1962 - يىلدىكى ئاپپارات ئىخچاملاشتا، باھا كومىتېتى بىلەن ستاتىستىكا بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا باھا كومىتېتى يەنە قۇرۇلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن تارتىپ 1972 - يىلغىچە، باھا كومىتېتى پالەچ ھالەتتە تۇردى. 1973 - يىلى باھا كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىل 9- ئايدا ناھىيىلىك باھا ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1985 - يىل 5 - ئايدا باھا تەكشۈرۈش ئورنى قۇرۇلدى.

## 2 § . باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە باھا تەكشۈرۈش تۈزۈلمىسى ئاساسەن ئورنىتىلمىغان، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئايرىم پەۋقۇلئاددە يىللاردا باھا تەڭشەش ھەيئىتى قۇرۇپ، قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ۋە ئۆرلەپ كەتكەن باھانى تەرتىپكە سالغان ۋە باشقۇرغانىدى، ئادەتتىكى يىللاردا مالىيە بۆلۈمى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھاۋالىسى بويىچە قوشۇمچە باشقۇراتتى. 40 - يىللاردا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى تۆۋەن، سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى بەك يۇقىرى ئىدى، يەرلىك خەلقنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا، كونا جەمئىيەتتە بىر قانچە جىڭ قوي يۇڭىغا بىر نەچچە قاپ سەرەڭگە تېگىشكىلى بولمىغان، بىر نەچچە يىڭنە، بىر تاختا چاي، بىر بولاق قەنت بىر نەچچە قويغا ئالماشتۇرۇلغان. باھا پەرقى ئەنە شۇنداق نامۇۋاپىق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، دۆلەت باھاغا دائىر فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزدى، بولۇپمۇ باھانى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى، ئىقتىسادىي تەدبىرنى مەمۇرىي باشقۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش چارىسىنى قوللىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن قېلىپ قالغان پۇل پاخاللىقىنى ئۈنۈملۈك ھالدا تىزگىنلەپ، باھانى مۇقىملاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، باھا خىزمىتىگە قارىتا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش،

دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. مۇھىم سانائەت، يېزا ئىگىلىك تاۋارلىرى باھاسىنى، قاتناش ـ ترانسپورت باھاسىنى ۋە غەيرىي تاۋارلاردىن ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى دۆلەت باشقۇردى؛ بىر قەدەر مۇھىم سانائەت، يېزا ئىگىلىك تاۋارلىرىنىڭ باھاسىنى ۋە غەيرىي تاۋارلاردىن ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى ئۆلكىلىك (ئاپتونوم رايونلۇق) خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇردى؛ ئادەتتىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك تاۋارلىرىنىڭ باھاسىنى ۋە غەيرىي تاۋارلاردىن ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇردى. 1955 ـ يىلى ناھىيىلىك فۇنكسىيىلىك تارماقنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولدى: (1) ناھىيە دائىرىسىدە باھا باشقۇرۇش؛ (2) يۇقىرى دەرىجىلىك سودا مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي شىركەتلەر ئىگىلىمەيدىغان تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى، توپ سېتىلىش باھاسى ۋە سېتىلىش باھاسىنى بەلگىلەش ۋە تەڭشەش (پارچە ـ پۇرات تاۋارلارنىڭ باھاسىنى بەلگىلەش ھوقۇقى ماگىزىنلارغا بېرىلدى)؛ (3) سودا نازارىتى بەلگىلىگەن توپ سېتىش بىلەن پارچە سېتىش باھا پەرقىگە ئاساسەن، پارچە سېتىش باھاسىنى ئىگىلەش، توپ سېتىش باھاسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى بەلگىلەش؛ (4) ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىغا ھەمكارلىشىپ، سېتىۋېلىش، توپ سېتىش، پارچە سېتىش باھاسىنى باشقۇرۇش.

1958 ـ يىلى دۆلەت پاختا يىپ، پاختا رەخت، يۇڭ رەخت، تۇز، شېكەر، كۆمۈر، نېفىت ۋە باشقا ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ باھاسىنى مەركەز بىر تۇتاش بەلگىلەشنى، 1 ـ، 2 ـ خىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لەرنىڭ بىرلەشمە يىغىنى بەلگىلەشنى، 3 ـ خىل يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى بەلگىلەشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا دۆلەت يەنە ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، تاماكا، قۇرۇتۇلغان تاماكا، كەندىر، چوشقا ۋە ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى ۋە ئاشلىق، ياغ، چوشقا گۆشى، ياغاچ ماتېرىياللىرى، پاختا يىپ، پاختا رەخت، يۇڭ رەخت، تۇز، شېكەر، كۆمۈر، نېفىت، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە قول سائىتىنىڭ سېتىلىش باھاسىنى مەركەزنىڭ مەسئۇل تارمىقىنىڭ باشقۇرۇشىنى، باشقا نەرسىلەرنىڭ سېتىلىش باھاسىنى يەرلىك ئورۇنلارنىڭ باشقۇرۇشىنى بەلگىلىدى. 1963 ـ يىلى 4 ـ ئايدا دۆلەت پارچە ـ پۇرات ئۇششاق تاۋارلار ۋە ئۇششاق مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى مەسئۇل تارماق بېكىتمىگەن بولسا، ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ، باھاغا مەسئۇل تارماققا مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى، يېزا ئىگىلىك بازىرىدىكى تاۋارلارنىڭ باھاسىنى ناھىيىلىك بازار باھاسىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىنى بەلگىلىدى. چاقىلىق ناھىيىسىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا دۇكانلىرى، تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپلىرى يۇقىرى بەلگىلىگەن پارچە سېتىش باھاسى بىلەن توپ سېتىش باھاسىنىڭ پەرقىنى، رايون باھا پەرقىنى، سېتىۋېلىنىش باھاسى بىلەن سېتىپ بېرىلىش باھاسىنىڭ پەرقىنى، شەھەردىكى باھا بىلەن يېزىدىكى باھانىڭ پەرقىنى ۋە سۈپەت باھا پەرقىنى ئۆلچەم قىلىپ، سېتىلىش باھاسىنى بەلگىلىدى.

## § 3. باھا تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش

1959 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە بازار باھا كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، باھا تەكشۈرۈش خىزمىتى تەدرىجىي تۈزۈملەشتى، باھا تەكشۈرۈش، ئاساسەن، باھا تەكشۈرۈش

جەمەتتە ئىپادىلەندى.

1960 - يىلى سودا سىستېمىسىدا سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، جەمئىي 91 خىل سانائەت بۇيۇمى تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈشتىن كېيىن، خاتا باھالارنىڭ ھەممىسى تۈزىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 879 خىل تاۋارنىڭ باھاسى تۆۋەنلىتىلدى، بۇ %96.49نى ئىگىلەيدۇ؛ 32 خىل تاۋارنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلدى. بۇ، %3.51نى ئىگىلەيدۇ. باھاسى تۆۋەنلىتىلگەن تاۋارلار ئىچىدە، تۈرلۈكماللار 305 خىل بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %7.78 تۆۋەنلىتىلدى؛ ئىلمە توقۇلمىلار 112 خىل بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %2.65 تۆۋەنلىتىلدى، رەخت 36 خىل بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %2.16 تۆۋەنلىتىلدى؛ مېتال بۇيۇملىرى 190 خىل بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %6.15 تۆۋەنلىتىلدى؛ قاتناش، ئېلېكتر سايمانلىرى 54 خىل بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %4.22 تۆۋەنلىتىلدى، خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى 12 خىل بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %4.58 تۆۋەنلىتىلدى؛ مەدەنىيەت بۇيۇملىرى 116 خىل بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %8.1 تۆۋەنلىتىلدى؛ دورا 29 خىل بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %6.03 تۆۋەنلىتىلدى؛ يېمەكلىكلەر 57 خىل بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %4.7 تۆۋەنلىتىلدى. يۇقىرىدىكى تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %4.25 تۆۋەنلىتىلدى، باھاسى ئۆستۈرۈلگەن 32 خىل تاۋار ئىچىدە جۇڭگىيى دورىسى، كىچىك مېتال بۇيۇملار ۋە بىر قىسىم تۈرلۈك ماللارنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %3.17 ئۆستۈرۈلدى.

1960 - يىلى يەرلىك قول سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى تەكشۈرۈلدى ۋە تەڭشەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر بۇيۇملارنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %25، ياغاچ بۇيۇملارنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %22 تۆۋەنلىتىلدى، مەسىلەن، كەتمەننىڭ باھاسى 11.92 يۈەندىن 8.70 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى، مەشىنىڭ باھاسى 25.65 يۈەندىن 17.92 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى. 15 خىل تاۋارنىڭ باھاسى يېڭىدىن بەلگىلەندى، بۇ، تەكشۈرۈلگەن تاۋارلارنىڭ %1.56 نى ئىگىلىدى؛ باھاسى يۇقىرىراق بولۇپ قېلىپ تۆۋەنلىتىلگەن تاۋار 629 خىل بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن تاۋارلارنىڭ %65.58نى ئىگىلىدى؛ ئوتتۇرىچە تۆۋەنلىتىلىش نىسبىتى %25 بولدى.

1961 - يىلى يەنە 180 خىل تاۋارنىڭ باھاسى تەڭشەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېمەكلىكلەر 16 خىل، مېتال بۇيۇملار 9 خىل، جۇڭگىيى دورىسى 2 خىل، ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى 3 خىل، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى 5 خىل، تۈرلۈك ماللار 35 خىل، رەخت 110 خىل.

1975 - يىلى 314 خىل سانائەت بۇيۇمىنىڭ باھاسى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 28 خىل تاۋار باھاسىنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقى سېزىلدى. بۇ، تەكشۈرۈلگەن تاۋارلارنىڭ %9نى ئىگىلەيدۇ.

1978 - يىلى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش كوپېراتىپىدا 1042 خىل تاۋارنىڭ باھاسى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 56 خىل تاۋارنىڭ باھاسى خاتا بولۇپ چىقتى، بۇ، باھاسى تەكشۈرۈلگەن تاۋارلارنىڭ %37.5نى ئىگىلەيدۇ، باھانىڭ خاتا بولۇشى سەۋەبىدىن 17 مىليون 173 مىڭ 200 يۈەن ئارتۇق ۋە 4 مىليون 415 مىڭ 400 يۈەن كەم ئېلىنغان، 2سىنى بالانس قىلغاندا، 12 مىليون 757 مىڭ 800 يۈەن ئارتۇق ئېلىنغان. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى باھاسى خاتا بولۇپ قالغان تاۋارلارنىڭ تىزىملىكىنى ئىشلەپ چىقىپ، ئارتۇق ئېلىنغان پۇلنى خېرىدارلارغا قايتۇرۇپ بەردى.

1984 - يىلى ناھىيە بويىچە باھانى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى، ئۆزلىرى

تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلىش، ئۆزى تەكشۈرۈش بىلەن ناھىيىلىك باھا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى نۇقتىلىق ھالدا ئارىلاپ تەكشۈرۈش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، جەمئىي 20 ئورۇن تەكشۈرۈلدى، پولات ماتېرىياللار، ياغاچ ماتېرىياللار، سېمونت، خىمىيىۋى ئوغۇت، ئاپتوموبىل، تراكتور قاتارلىق ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسى ۋە سودا تارماقلىرى تىجارەت قىلىدىغان رەڭلىك تېلېۋىزور، كىر ئالغۇ، شامالدۇرغۇچ، توڭلاتقۇ، ۋېلىسىپىت، («يۇڭجۇ»، «توز»، «كەپتەر» ماركىلىق)، يۇڭ ئەدىيال، يۇڭ يىپ قاتارلىق قىس، چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى نۇقتىلىق ھالدا ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ باھا سىياسىتى ئىسلاھ قىلىنغاندىن باشلاپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەدبىرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى، مېھمانخانا، يەككە تىجارەتچىلەر، ماگىزىن، دوختۇرخانا قاتارلىق ھەق ئالىدىغان ئورۇنلارمۇ تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، كۆپ ساندىكى ئورۇنلار سىياسەتنى خېلى ئوبدان ئىجرا قىلىپ، باھانى مۇقىملاشتۇرغان، لېكىن ئايرىم ئورۇنلار ۋە شەخسلەر دۆلەتنىڭ باھا سىياسىتىنى ئىجرا قىلمىغان. ناھىيىلىك ماددىي ئەشيالار شىركىتى ئۆزى تەكشۈرۈشتە باھاسى خاتا بولۇپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئارتۇق ئالغان 4 مىليون 792 مىڭ 500 يۈەننى خېرىدارلارغا قايتۇردى. باھا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى باھانى ئۆستۈرۈۋالغان ئورۇن، ماگىزىنغا ۋە 9 يەككە تىجارەتچىگە 820 يۈەن جەرىمانە قويدى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە خېلى كەڭ كۆلەملىك مال باھاسىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتى 5 قېتىم قانات يايدۇرۇلۇپ، سودا ۋە تەمىنات - سودا قاتارلىق ھەق ئالغۇچى كارخانىلارنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش نۇقتىلىق كۈچەيتىلدى. سودا كارخانىلىرىدا 8 تۈرگە كىرىدىغان 8762 خىل تاۋار تەكشۈرۈلدى، بۇ، ئومۇمىي تاۋارلارنىڭ %50نى ئىگىلەيدۇ، تەكشۈرۈش دائىرىسى %80كە يەتتى، سېزىلگەن خاتالىقلارنىڭ نىسبىتى %0.2 بولدى؛ تەمىنات - سودا كارخانىلىرىدا 6 تۈرگە كىرىدىغان 5628 خىل تاۋار تەكشۈرۈلدى، بۇ ئومۇمىي تاۋارنىڭ %60نى ئىگىلەيدۇ، تەكشۈرۈش دائىرىسى %85كە يەتتى، سېزىلگەن خاتالارنىڭ نىسبىتى %0.08 بولدى، 9 تۈرگە كىرىدىغان 1276 غەيرىي تاۋاردىن ھەق ئېلىش تەكشۈرۈلدى، بۇ ئومۇمىي تۈرنىڭ %50نى ئىگىلەيدۇ، تەكشۈرۈش كۆلىمى %90كە يەتتى، تەكشۈرۈشتە سېزىلگەن خاتالارنىڭ نىسبىتى %1 بولدى ھەمدە قانۇنغا خىلاپ ئادەتتىكى 10 دېلو تەكشۈرۈپ چىقىلدى. قىل دېگەننى قىلماي، قىلما دېگەننى قىلىپ باھانى قالايمىقان ئۆستۈرگەن، ئۆي ھەققى ئېلىش ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلمىغان ئايرىم تارماق، ئورۇنلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ 1581.01 يۈەن قانۇنسىز تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىپ مالىيىگە تاپشۇرۇلدى. ئۆلچەم ئەسۋابلىرى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇلدى، جەمئىي 62 دۇكاننىڭ 360 دانە (قېتىم) جىڭ - تارازىسى تەكشۈرۈلدى، بىر تۈركۈم ئۆلچەمسىز ئۆلچەم ئەسۋابلىرى بىكار قىلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى.

### چاقىلىق ناھىيىسىدە بىر قانچە يىلدا ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش باھاسى

جەدۋەل: 11 — 3

بىرلىكى: كىلوگرام/يۈەن

| نامى / باھا / يىللار | 1955 | 1960 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | 0.176 | 0.22 | 0.22 | 0.264 | 0.264 | 0.264 | 0.264 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كۆممىقوناق | 0.111 | 0.15 | 0.15 | 0.18 | 0.18 | 0.18 | 0.226 |
| گۈرۈچ | 0.256 | 0.42 | 0.38 | 0.38 | 0.38 | 0.38 | 0.38 |
| ئۇن | 0.252 | 0.252 | 0.31 | 0.31 | 0.31 | 0.31 | 0.31 |
| ياغ | 1.15 | 1.84 | 1.68 | 1.68 | 1.68 | 1.68 | 1.68 |
| قوي گۆشى | 0.74 | 0.74 | 0.93 | 0.93 | 0.93 | 0.93 | 2.20 |
| پەمىدۇر | 0.12 | 0.19 | 0.10 | 0.10 | 0.12 | 0.12 | 0.15 |
| قىشلىق پېسۈلەك | 0.08 | 0.15 | 0.08 | 0.08 | 0.06 | 0.07 | 0.08 |
| سەۋزە | 0.06 | 0.14 | 0.08 | 0.08 | 0.05 | 0.06 | 0.10 |
| پىياز | 0.08 | 0.30 | 0.10 | 0.10 | 0.10 | 0.10 | 0.12 |
| چامغۇر | 0.04 | 0.12 | 0.06 | 0.06 | 0.04 | 0.04 | 0.08 |
| پاخىيۇ | 0.08 | 0.20 | 0.07 | 0.8 | 0.12 | 0.20 | 0.25 |
| كاپۇستا | 0.12 | 0.20 | 0.07 | 0.07 | 0.08 | 0.09 | 0.10 |

## 4 §. باھادىكى ئۆزگىرىشلەر

چاقىلىق يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى بولغاچقا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ ئۆزلىشى ياكى چۈشۈشى پۈتۈن ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە مىنگو دەۋرىدە يېزا ئىقتىسادى بېكىنمە ھالەتتە بولغاچقا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى تۇراقلىق ئەمەس ئىدى، تۇرلۇك ئامىللار تۈپەيلىدىن كۆپ ھاللاردا بەك ئۆرلەپ، بەك چۈشۈپ تۇراتتى. بەزىدە باھا بىر كۈن ئىچىدە نەچچە خىل بولاتتى. ئۆرلەش، چۈشۈش كۆرسەتكۈچىنى ھېسابلاشقا بولمايتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، ئاشلىق باھاسى باشقا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ ئاساسى قىلىنىدىغان بولدى. 1950 ـ يىلى دۆلەت تاختاي باھاسى چىقىرىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىشنى قانات يايدۇردى. 1953 ـ يىلى دۆلەت بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش باھاسىنى بەلگىلەپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىقىنى بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، بازارغا ئەكىرىپ سېتىشىغا يول قويىدى، لېكىن ياغلىق دان، پاختىنى بازارغا ئەكىرىپ سېتىشىغا يول قويۇلمىدى. 1961 ـ يىلى دۆلەت ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى ئۆستۈردى (1957 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى %38، ياغلىق داننىڭكىنى %46 ئۆستۈردى، سېتىپ بېرىلىش باھاسىنى ئۆزگەرتمىدى). 1965 ـ يىلى سېتىۋېلىنىش باھاسى بىلەن سېتىپ بېرىش باھاسىنى ئوخشاش قىلدى. 1979 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش بەلگىلىگەن باھا يولغا قويۇلدى. 1985 ـ يىلى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش توختام بويىچە سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىلدى، توختام بويىچە سېتىۋېلىش پىلانى ئىچىدىكىلەرگە نىسبەت بويىچە باھا قوشۇلدى، پىلان سىرتىدىكىلىرىنىڭ باھاسى بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى بويىچە بولدى.

1959 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چاقىلىق ناھىيىسىگە قارىتا قوغداش باھاسى (يەنى ئەڭ يۇقىرى باھا چېكىنى بەلگىلەپ بېرىش) نى يولغا قويدى، بۇنىڭدا كورلىنىڭ باھاسى ئاساس قىلىنىپ، كورلىدىن چاقىلىققىچە بولغان كىرا ھەققىنىڭ %30ى قوشۇلدى.

## 5 § . يەرلىك مەھسۇلاتلار باھاسىنى بەلگىلەش چارىسى

### 1. قاڭالتىر، قاڭالتىر بۇيۇملىرى

1975 ـ يىلى قاڭالتىر، قاڭالتىر بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى مائاش، خام ماتېرىيال تەننەرخى، مەھسۇلاتقا چىقىلغان خىراجەت، باج قاتارلىقلارنىڭ نىسبىتى بويىچە بەلگىلەندى.

1) مائاشى ئۇستىلارنىڭ كۈنلۈك ئىش قىممىتى 2.40 يۈەن بويىچە، شاگىرتلارنىڭ كۈنلۈك ئىش قىممىتى 1.40 يۈەن بويىچە ھېسابلىنىپ، بۇ ئىشچىلارنىڭ ئەمەلىي مائاشى قىلىندى. ھەر خىل تۈتۈپ قېلىنغان قىسىملار بۇنىڭغا قېتىلمىدى. سىرتقا چىقىپ كۈنلۈك ئىشلىگۈچىلەرنىڭ مائاشى ئۇستا ۋە شاگىرتلارنىڭ مائاشى ئاساسىدا %17 قوشۇپ ھېسابلاندى. يەنى ئۇستىلارنىڭ 2.81 يۈەن، شاگىرتلارنىڭ 1.64 يۈەن بويىچە ھېسابلاندى.

2) خام ماتېرىيال تەننەرخى

3) مەھسۇلات باھاسىغا قېتىلغان خىراجەتلەرنىڭ نىسبىتى مۇنداق بولدى باشقۇرۇش ھەققى %3، قورال ـ سايمانلارنىڭ ئۇپراش ھەققى %1، خام ماتېرىيال سەرپىياتى %1، پايدا %5، كوپېراتىپقا تاپشۇرۇلىدىغان باشقۇرۇش ھەققى %1، باج %5، مائاش ئاساسىدا قوشۇلىدىغان قوشۇمچە مائاش %10.

4) تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ تۆمۈرچىلىك كوپېراتىپى ئىشلىگەن مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش باھاسى مۇنداق ھېسابلاندى زاۋۇتتىن چىقىش باھاسىغا %2 ئۇنىۋېرسال پەرق نىسبىتى قوشۇلۇپ، توپ تارقىتىش باھاسى قىلىندى. ئۇنىڭغا يەنە %3 باج، %2 توپ تارقىتىش بىلەن پارچە سېتىش پەرقى قوشۇلۇپ، سېتىلىش باھاسى قىلىندى.

### 2. پىما

1965 ـ يىلى پىمىنىڭ باھاسى %14.4 باشقۇرۇش ھەققى ۋە پايدا، %21.2 باج ۋە كوپېراتىپقا تاپشۇرۇلىدىغان باشقۇرۇش ھەققى بويىچە بەلگىلەندى.

### 3. چارۋا مەھسۇلاتلىرى

1975 ـ يىلى قوشۇمچە مائاش%10، باشقۇرۇش ھەققى %10، پايدا %9، باج %3، كوپېراتىپقا تاپشۇرۇلىدىغان باشقۇرۇش ھەققى %1 بولۇپ، جەمئىي %20 (كېيىن %18كە ئۆزگەرتىلدى)، جەمئىي %48.5، كوپېراتىپنىڭ ئومۇمىي خىراجىتى %24.6 (كېيىن %30.5كە ئۆزگەرتىلدى) قىلىپ بەلگىلەندى.

### 4. ئۆتۈك

1975 ـ يىلى باشقۇرۇش ھەققى %10.5، قورال ـ سايمانلارنىڭ ئۇپراش ھەققى %1،

خام ماتېرىيال سەرپىياتى %1، پايدا %6، قوشۇمچە ماڭاش %9، كوپېراتىپقا تاپشۇرۇلىدىغان باشقۇرۇش ھەققى ۋە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان باج %6.1 بولۇپ، جەمئىي %33.6 قىلىپ بەلگىلەندى.

## 5. يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ ئومۇمىي پايدا نىسبىتى

1966 - يىلدىكى ئومۇمىي پايدا نىسبىتى: 1. ساپ شېكەردىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنىڭ %30؛ 2. شېكەر - كۆكتات يېمەكلىكلەرنىڭ %32؛ 3. گۆشلۈك - گۆشسىز قورۇمىلارنىڭ %34؛ 4. ئالاھىدە قورۇمىلارنىڭ %50 - %60؛ 5. كۆتۈرە ئېلىنغان ئورگان ئىشچى - خىزمەتچىلىرى تاماقى ۋە يىغىن تاماقىنىڭ %25.

# IV باب

# سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

## § 1. باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدە باھانى مۇقىملاشتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 4 - ئايدا سودا - سانائەتچىلەر جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 6 - ئايدا سودا - سانائەت بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1983 - يىلى ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قارىمىقىدىكى چاقىلىق، ۋاششەرى، مىرەن ۋە يېتىمبۇلاق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ۋە بىر ئىقتىساد تەكشۈرۈش پونكىتى (ئۇلاردا جەمئىي 28 باشقۇرغۇچى خادىمى بار ئىدى) ناھىيە بويىچە بازار سودىسىنى باشقۇرۇش، كارخانىلارنى تىزىملاش، يەككە تىجارەتچىلەرنى باشقۇرۇش، توختام باشقۇرۇش ۋە ھايانكەشلەرگە زەربە بېرىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى.

## § 2. بازار باشقۇرۇش

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىلىك باھا مۇقىملاشتۇرۇش كومىتېتى بازار باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 6 - ئايدا سودا - سانائەت بۆلۈمى

قۇرۇلغاندىن كېيىن، بازار باشقۇرۇشقا ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت بۆلۈمى مەسئۇل بولدى، 1983ـ يىلى ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى مەسئۇل بولدى.

1953 ـ يىلدىن ئىلگىرى بازار باشقۇرۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى تاۋار تەكشۈرۈشنى ئۈيۈشتۇرۇش، ئۆلچەملەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، باھا بېرىپ قويۇشنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

1953 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە بازار سودىسىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسى ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش ۋە ئۇلار بىلەن پىلانلىق تەمىنلەشنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى قوغداش، ئاشلىق، پاختىنى بازارغا ئەكىرىپ ئەركىن سېتىشقا يول قويماسلىقتىن ئىبارەت بولدى.

1961 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىدا، ۋاششەرىدە، «تاڭنۇرى» چوڭ ئەترىتىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ يېنىدا ۋە مىرەندە سودا بازىرى ئېچىلدى، بازاردا كۆكتات، ئوتۇن، ئۆي قۇشلىرى، ئۇششاق قول سانائەت مەھسۇلاتى، ئۆي سايمانلىرى قاتارلىقلار ئالماشتۇرۇلدى، پاختا، ئاشلىقنى بازارغا ئەكىرىش چەكلەندى. بازار ھەپتىدە بىر قېتىم بولدى. بازار سودىسىدا باھانى ئىككى تەرەپ ئەركىن پۈتۈشتى، دۆلەتنىڭ تاختاي باھاسىمۇ ئاساس قىلىنىدى. ھەر قانداق ئادەمنىڭ بازارغا ئارىلىشىشىغا، ھايانكەشلىك ھەرىكەتلىرىگە يول قويۇلمىدى، شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن يىل ئاخىرىغىچە جەمئىي 35 قېتىم بازار بولدى، بىۋاسىتە پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 64 مىڭ 105 يۈەنگە، سودا ئورۇنلىرىنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى 36 مىڭ 425 يۈەنگە يەتتى.

1967 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە بازار سودىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى، بەزى توغرا بازار سودىسى «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى» دەپ قارىلىپ چەكلەندى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە قول سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ بازارغا كىرىشى قاتتىق چەكلەندى.

1983 ـ يىلى ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بازار باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. پارتىيە 12 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى بويىچە، پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس قىلىش، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىش فاڭجېنى داۋاملىق ئىزچىل ئىجرا قىلىندى، «باشقۇرىمەن دەپ بوغۇپ قويماسلىق، جانلاندۇرىمەن دەپ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتمەسلىك» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئىدىيە يەنىمۇ ئازاد قىلىنىپ، سىياسەت قويۇۋېتىلىپ، يوللار پاكال راۋانلاشتۇرۇلدى، قانۇنلۇق تىجارەت قوغدىلىپ، قانۇنسىز ھەرىكەتلەر توسۇلۇپ، ھايانكەشلىككە زەربە بېرىلىپ، بازار جانلاندۇرۇلدى. ناھىيە بازىرىدا كۆلىمى 2400 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مۇقىم بىر يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى قۇرۇلدى، بۇنىڭ 320 كۋادرات مېتىر قىسمى لەمپىلىك بازار بولۇپ، 22 ئېغىز دۇكان (قۇرۇلۇش كۆلىمى 380 كۋادرات مېتىر)، 8 پايما (80 كۋادرات مېتىر) بار. 1983 - يىلى بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سودىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن %23.2 ئاشتى. بازارغا سېلىنىغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى ۋە ئائىلە قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىلگىرىكى 20 نەچچە خىلدىن 60 نەچچە خىلغا كۆپەيدى، بازارغا سېلىنىغان گۆش 41 مىڭ 647 جىڭغا يېتىپ، 1982 ـ يىلدىكىدىن %36.7 ئاشتى؛ بازارغا

سېلىنغان قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، كۆكتات 174 مىڭ 130 جىڭغا يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن 73.2% ئاشتى. شۇ يىلى ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى باھا ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى ۋە ئۆلچەم باشقۇرۇش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە، بازارغا سېلىنغان 200 نەچچە خىل تاۋارنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ساختا، ناچار، سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن تاۋارلارنىڭ قىممىتى 11 مىڭ 833.50 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كېرەكسىز قىلىنغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 9477.13 يۈەنگە يەتتى.

1985 - يىلى ناھىيە بازىرىدا كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مۇقىم ئۇنىۋېرسال بازار يېڭىدىن بەرپا قىلىندى (ئىلگىرىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرىدىن يەككىلەر ئاشخانىلىرى پايدىلاندى) ئۇنىڭدىكى يەككە سودا - سانائەتچىلەر دۇكىنى 56 بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2715 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. كۆكتات، مېۋە - چېۋە بازىرىغا سۇلياۋ لاپاس ياسىلىپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يايمىلار كوچا بويلىرىغا يېيىلىدىغان تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. 1985 - يىلى بازارغا سېلىنغان تاۋارلاردىن 712 مىڭ 300 يۈەنلىك تاۋار سېتىلدى. ناھىيە بويىچە 22 ھايانكەشلىك دېلوسى بايقىلىپ، جەمئىي 24 مىڭ 687.48 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. ھايانكەشلىك دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا، چوڭ ۋە مۇھىم دېلولارنى تەكشۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. دېلو مەيلى كۈندۈزى، كېچىسى ياكى بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى يۈز بەرسۇن، سېزىلگەن ھامان دەرھال تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. بەزى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار چارۋا مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ قويۇۋېتىلگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى يۇقىرى باھادا سېتىۋالدى. سىرتقا توشۇپ سېتىشقا يول قويۇلمايدىغان مەھسۇلاتلارنى ئوغرىلىقچە توشۇپ، چارۋىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋەتتى، قوي ۋە چوشقىلارنى ھايىنغا ساتتى. سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا كەڭ بولۇش، قانۇنغا خىلاپ ھايانكەشلىك دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا قاتتىق بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرتىپكە بۇزغۇنچىلىق قىلغان قانۇنسىز تىجارەتچىلەرگە كۈچلۈك زەربە بېرىپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

## § 3 . سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش

### 1. سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش

مىنگو دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاران 5 كىچىك سودىگەر، 68 قول سانائەتچى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ 6سى تۆمۈرچى، 8ى ياغاچچى، 11ى كىگىزچى، 20سى موزدوز، 12سى كۆنچى، 4ى تىككۈچى، 7سى دوپپىچى ئىدى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) ناھىيە بويىچە 11 خۇسۇسىي سودىگەر، 95 قول

سانائەتچىگە گۇۋاھنامە بېرىلگەن، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مەبلىغى 46 مىڭ يۈەنگە يېتەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1951 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك سودا - سانائەت بۆلۈمى پۈتۈن ناھىيىدىكى سودا - سانائەتچىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تىزىملاشقا كىرىشىپ، كېيىنكى يىلى 3 - ئايدا تىزىملاپ بولدى. جەمئىي 20 كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 215 سودا - سانائەتچى تەكشۈرۈلۈپ تىزىملاندى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆچمە مەبلىغى 41 مىڭ يۈەن، تۇراقلىق مۈلكى 32 مىڭ 400 يۈەن ئىدى.

1954 - يىلى سودا - سانائەتچىلەر يېڭىۋاشتىن تىزىملىنىپ، ناھىيە بويىچە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ جەمئىي 372 ئائىلە ئىكەنلىكى، كەسىپكارنىڭ 518 نەپەر، مەبلىغىنىڭ 97 مىڭ 600 يۈەن ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن سودا ماگىزىنى، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش بۆلۈمى ۋە ۋاكالىتەن سېتىش كوپېراتىپى بار ئىدى. 1956 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا خۇسۇسىي سودا سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى 204 سودا - سانائەتچى ھەر خىل شەكىلدە ئۆزگەرتىلدى.

1964 - يىلى ناھىيە بويىچە تەستىقلىنىپ گۇۋاھنامە بېرىلگەن ناھىيىگە قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سودا - سانائەت كارخانىسى 9 بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇراقلىق مۈلكى 105 مىڭ يۈەنگە، خادىمى 150كە يەتتى؛ كوللېكتىپ سودا - سانائەت كارخانىسى 8گە، يەككە سودا - سانائەتچى 6گە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان 10 يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلدە، يەككە سودا - سانائەتچىلەر ناھىيە دائىرىسىدە پۈتۈنلەي تۈگىتىلدى، 1976 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سودا - سانائەت كارخانىسى 9، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانا 6 بولدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقلار تۈگىتىلىپ، «ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش» سىياسىتى پەيدىنپەي ئىزچىللاشتۇرۇلدى، يېزا - بازارلاردا سودا - سانائەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1984 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە تىزىملاپ گۇۋاھنامە بېرىلگەن دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودا - سانائەت كارخانىسى 47گە يەتتى، بۇنىڭ 20سى سانائەت كارخانىسى، 18ى سودا كارخانىسى، 6سى مۇلازىمەت كارخانىسى، 2سى ترانسپورت كارخانىسى، بىرسى ئاساسىي قۇرۇلۇش كارخانىسى، كەسىپكار 2534كە يەتتى؛ تىزىملاپ گۇۋاھنامە بېرىلگەن يەككە سودا - سانائەتچىلەر 143كە، كەسىپكار 238گە يەتتى.

1985 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى ۋە يەككە سودا - سانائەتچىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاپ، ئۇلارغا گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتى ئىشلەندى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە سودا - سانائەت كارخانىسى 61گە، يەككە سودا - سانائەتچى 202گە، كەسىپكار 272گە، مەبلىغى 591 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قول سانائەتچى 19، ترانسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 11، سودا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 122، يېمەكلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 32، مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 6، رېمونتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 12. سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى قانۇن - ئىنتىزامغا ئىزچىل رىئايە قىلىپ كەلگەن كارخانىلارنى تەقدىرلىدى، كارخانىلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش نىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جەرىمانە قويۇپ جازالىدى.

**1985 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى تىزىملاش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 11 — 4

| كەسىپ | ئورۇن | كەسىپكار | مەبلەغ (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|
| سانائەت | 22 | 3158 | 2567.6 |
| سودا | 21 | 324 | 528.3 |
| مۇلازىمەت | 7 | 49 | 17.7 |
| ترانسپورت | 2 | 57 | 28.7 |
| بىناكارلىق | 6 | 781 | 92 |
| پۇل مۇئامىلە | 2 | 65 | 71 |
| چارۋىچىلىق | 1 | 57 | 14.4 |
| جەمئىي | 61 | 4491 | 3319.7 |

## 2. يەككە سودا - سانائەتچىلەرنى باشقۇرۇش

1950 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى يەككە سودا - سانائەتچىلەر كەسىپلەر بويىچە 7 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىل قىلدى. شۇ يىلى ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى، بىرلەشمىگە بىر مۇدىر، بىر مۇئاۋىن مۇدىر، 7 ئەزا، بىر باش كاتىپ سايلاندى. ناھىيە ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ۋە ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئارقىلىق يەككە سودا - سانائەتچىلەرنى باشقۇردى.

1951 - يىلى يەككە سودا - سانائەتچىلەرنى باشقۇرۇشتا، ئاساسەن، باھانى ئۆچۈق يېزىپ قويۇش، ساختىپەزلىك قىلماسلىق، بېسىمدارلىق قىلماسلىق تەلەپ قىلىندى. 1954 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە يەككە سودا - سانائەتچىلەر بازىرىنى باشقۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، دېھقانلارنىڭ قولىدىن 1 -، 2 - خىل ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىشقا، ھايىنىغا سېتىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تىجارەت گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىپ، تىجارەت قىلىدىغان مال تۈرى ۋە پائالىيەت دائىرىسىنى ئېنىق بەلگىلەپ بەردى. ئۇلار توپ سېتىلىش باھاسى بىلەن پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ پەرقى ۋە رايون باھا پەرقى بويىچە مۇۋاپىق كىرىم قىلدى. گۇۋاھنامىسى يوق سودىگەرلەر چەكلەندى. 1967 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە شەخسلەرنىڭ سودا - سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. 1979 - يىلدىن باشلاپ يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە «باشقۇرۇش»، «ئىلگىرى سۈرۈش»، «جانلاندۇرۇش» فاڭجېنى قوللىنىلىپ، بەزى چەكلىمىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ تارقاق، جانلىق تىجارەت قىلىش ئالاھىدىلىكى جارى قىلدۇرۇلدى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى يەنە سودا - سانائەتچىلەرگە مال مەنبەسى ۋە تىجارەت سورۇنلىرىنى پائال ھەل قىلىپ بېرىپ، بازار ئىگىلىكىنى جانلاندۇردى.

# § 4 . ئىقتىسادىي توختاملارنى باشقۇرۇش

ئىقتىسادىي توختاملارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئوخشاش بولمىغان تارماقلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئىقتىسادىي توختاملارنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش، توختام ماجىرالىرىنى كېلىشتۈرۈش ۋە كېسىپ قويۇش، قانۇنغا خىلاپ ئىقتىسادىي توختاملارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئۆز سىستېمىسىدىكى ئىقتىسادىي توختاملارنى ياخشى باشقۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ ۋە ئۇنى تەكشۈرۈپ، توختاملارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە سودا - سانائەت بۆلۈمىنىڭ نازارەت قىلىشى، باشقۇرۇشى ئارقىسىدا، ھۆكۈمەت بىلەن شەخسلەر تۈزۈشكەن ئىقتىسادىي توختاملار ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىندى. 1958 - يىلدىن كېيىن ئىقتىسادىي توختام تۈزۈمى بىر مەھەل ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 60 - يىللاردا توختام تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەمۇرىي ۋاسىتە ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. 1983 - يىلدىن باشلاپ ئىقتىسادىي توختام تۈزۈمى كەڭ يولغا قويۇلدى. ئىقتىسادىي توختاملارنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە، ئاساسەن، ئاساسىي قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىك توختاملىرى باھالىنىپ دەلىللەندى (شۇ يىلى جەمئىي 30 پارچە توختام باھالىنىپ دەلىللەندى، ئۇلارنىڭ سوممىسى 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى) ھەمدە باھالاپ دەلىللەش ئاساسىدا، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، قۇرۇلۇشنى ناھىيىلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى، جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنى ۋە بانكا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، قۇرۇلۇش سۈپىتى ناچار بەزى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىگە توختامدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن جازا بېرىلىپ، توختامنىڭ نورمال ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، ئا، ب تەرەپلەرنىڭ ھەققانىي ھوقۇق - مەنپەئەتى قوغداپ قېلىندى، دۆلەت مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتلەندۈرۈلدى، قۇرۇلۇش سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى.

1984 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىدە ئىقتىسادىي توختام ماجىرالىرىنى كېسىپ قويۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى، ئۇ شۇ يىلى 44 توختامنى باھالاپ دەلىللىدى، بۇنىڭ 21ى ئاساسىي قۇرۇلۇش توختامى، 23ى باشقا توختاملار، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 792 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. 2 توختام ماجىراسىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ بىرىنى كېلىشتۈرۈپ قويدى، بىرىنى كېسىپ قويدى.

1985 - يىلى 72 توختام باھالاپ بېرىش ئۈچۈن قوبۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 26 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 38ى باھالاپ بېرىلدى، ئۇلارنىڭ سوممىسى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ 17سى سېتىش - سېتىۋېلىش توختامى بولۇپ، سوممىسى 149 مىڭ 400 يۈەن؛ 16 سى بىناكارلىق قۇرۇلۇش توختامى بولۇپ، سوممىسى 850 مىڭ 400 يۈەن؛ 2سى پىششىقلاپ ئىشلەش توختامى بولۇپ، سوممىسى 85 مىڭ 200 يۈەن؛ 3ى ئىجارىگە بېرىش توختامى بولۇپ، سوممىسى 15 مىڭ يۈەن.

ئون ئىككىنچى قىسىم

# مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە

# ئون ئىككىنچى قىسىم

# مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە

## I باب

## مالىيە

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يىللىق مالىيە كىرىمى كۈمۈش پۇلغا سۇندۇرغاندا ئاران 3000 تەڭگە ئۆپچۆرىسىدە بولغان. مىنگو دەۋرىدە ئىقتىساد ناھايىتى ئاستا تەرەققىي قىلغانىدى، ھۆكۈمران سىنىپلار چىرايلىق ناملار بىلەن تۈرلۈك چارە - ئاماللارنى ئىشلىتىپ خەلقنىڭ قان - تەرىنى شورىغان بولسىمۇ، مالىيە كىرىمى يەنىلا ھېچقانچە كۆپەيمىگەن، پۈتۈن ناھىيىنىڭ مالىيە كۈچى ئىنتايىن ئاجىز، چەكلىك ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇردى، تۈرلۈك ئىشلار بىر قەدەر تېز يۈكسەلدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمى يىلمۇ يىل خېلى زور ھەجىمدە ئاشتى. لېكىن ئۇ پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىش ئېھتىياجىنى يەنىلا قاندۇرالمىدى، دۆلەت ھەر يىلى چاقىلىق ناھىيىسىگە مالىيە جەھەتتە قوشۇمچە ياردەم بېرىپ تۇردى. 1957 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 29 يىل ئىچىدە دۆلەت چاقىلىق ناھىيىسىگە بەرگەن مالىيە قوشۇمچە ياردىمى 21 مىليون 995 مىڭ 250 يۈەنگە يەتتى، بۇ، يىلىغا 758 مىڭ 500 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ.

### 1 § . باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

#### 1. مالىيە ئاپپاراتى

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 1 - ئاينىڭ 7 - كۈندىكى 36 - نومۇرلۇق بۇيرۇقىغا ئاساسەن، مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە بۆلۈمى

تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، ناھىيە مالىيىسى يەنىلا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىۋاستە باشقۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسى مالىيە بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1954 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى قۇرۇلدى، بىر مۇئاۋىن ھاكىم ۋە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر مۇئاۋىن شۇجىسى كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، بانكا، مالىيە، باج تارماقلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتى، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىدىن بىردىن كىشى كومىتېتنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، بۇ كومىتېت ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈمىنىڭ پۈتۈن ناھىيىنىڭ مالىيە ـ ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەمكارلاشتى. 1955 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە بۆلۈمىنىڭ نامى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى مالىيە بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1958 ـ يىلى يېزىلار گوڭشېلاشقاندىن كېيىن، ئاپپاراتلار ۋە خادىملار ئىخچاملاندى، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ مالىيە بۆلۈمى تۇنجى قېتىم ناھىيىلىك باج ئىدارىسى بىلەن قوشۇۋېتىلىپ، خەلق كومىتېتى مالىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1959ـ يىلى مالىيە ئىدارىسىدا باج، مالىيە خام چوتى، بوغالتىرلىق بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى. بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 3 بۆلۈمچە باشلىقى ۋە 10 خىزمەتچى قويۇلدى. 1962 ـ يىلى خەلق كومىتېتى مالىيە ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى (ئۇ باج كەسپىنىمۇ باشقۇردى)، بىر بۆلۈم باشلىقى، بىر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ۋە 11 خىزمەتچى قويۇلدى. 1963 ـ يىلى مالىيە بىلەن باج ئايرىۋېتىلىپ، مەخسۇس خەلق كومىتېتى مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، بىر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، 5 خىزمەتچى قويۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا خەلق كومىتېتى مالىيە بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قارىمىقىدا مالىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1969 ـ يىلى مالىيە گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1970ـ يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت مالىيە ئىدارىسى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بىر گۇرۇپپا باشلىقى، 5 خىزمەتچى قويۇلدى. 1971 ـ يىل 6 ـ ئايدا مالىيە ئىدارىسىنىڭ قارىمىقىدا مالىيە گۇرۇپپىسى، باج گۇرۇپپىسى، پۇل مۇئامىلە گۇرۇپپىسى، ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1972 ـ يىل 11 ـ ئايدا مالىيە، باج، بانكا ئايرىۋېتىلىپ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت مالىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1974 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت مالىيە ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىنقىلابىي كومىتېت مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، بىر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، 4 خىزمەتچى قويۇلدى. 1984ـ يىلى ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈمى مالىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

## 2. مالىيە خىزمىتىنىڭ شەكلى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسىگە قارىتا تەمىنات تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1950 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مالىيە كىرىمىدە دېھقانچىلىق بېجى (غەللە ـ پاراق) ئاساس قىلىندى، ئاندىن قالسا، ئاز مىقداردا چارۋىچىلىق بېجى (ئۆلچەملىك قوي بويىچە ھېسابلاندى) ئېلىندى. 1953 ـ يىلدىن باشلاپ مالىيە كىرىمىدە دېھقانچىلىق بېجى ئاساس قىلىنىدىغان ئەھۋال ئۆزگىرىپ، سودا ـ سانائەت بېجى ئاساس قىلىنىدىغان بولدى، تەمىنات مالىيىسىمۇ قۇرۇلۇش مالىيىسىگە ئۆزگەردى.

### چاقىلىق ناھىيىسىدە قىسمەن يىللاردا سودا - سانائەت بېجى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق باجلىرىنىڭ ئېلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 12 — 1 بىرلىكى: يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | سودا - سانائەت بېجى | دېھقانچىلىق بېجى | چارۋىچىلىق بېجى |
|---|---|---|---|
| 1950 | 6700 | 23000 | |
| 1953 | 49329 | 38107 | 9885 |
| 1957 | 116101 | 34265 | 5535 |
| 1960 | 496583 | 56241 | 13531 |
| 1963 | 129335 | 36936 | 7507 |
| 1966 | 212000 | 48000 | 9000 |
| 1970 | 402064 | 48840 | 10928 |
| 1973 | 677300 | 40700 | 13800 |
| 1976 | 1015800 | 44600 | 13100 |
| 1978 | 1382400 | 46300 | 12500 |
| 1980 | 1110900 | 60000 | 6200 |
| 1982 | 1473300 | 55000 | 6000 |
| 1985 | 2283600 | 67600 | 12000 |

## 2 § . مالىيە كىرىمى

### 1. مىنگو دەۋرىدىكى مالىيە كىرىمى

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مالىيە كىرىمى، ئاساسەن، يەر بېجىدىن كىرەتتى. مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسى ئالغان كۆمۈش، ئاشلىق ۋە ئوت - چۆپلەرنى تەڭگە پۇلغا سۇندۇرغاندا 3980.394 تەڭگە، مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) 3728.187 تەڭگە، مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) 3551.67 تەڭگە، مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918 - يىلى) 2824.822 تەڭگە بولغان.

مىنگونىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مالىيە كىرىمىدە پەيدىنپەي سودا - سانائەت بېجى ۋە چارۋىچىلىق بېجى ئاساس قىلىنىدىغان، يەر بېجىدە ئاشلىق، ئوت - چۆپ كۆمۈش تەڭگىگە سۇندۇرۇلماي غەللە - پاراق ئېلىنىدىغان بولغان. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) پۈتۈن ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمى 54 مىڭ 283 يۈەن 5 مو 6 پۇڭ (كونا پۇل) بولغان (بۇنىڭ 23 مىڭ 414 يۈەن بىر موسى چارۋىچىلىق بېجى)، مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 101 مىڭ 102 يۈەن 8 مو بىر پۇڭ (كونا پۇل) بولغان (بۇنىڭ 14 مىڭ 461 يۈەن 5 مو بىر پۇڭى چارۋىچىلىق بېجى). مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 418 مىڭ 975 يۈەن 9 مو 6 پۇڭ (كونا پۇل) بولغان (بۇنىڭ 354 مىڭ 160 يۈەن 6 موسى چارۋىچىلىق بېجى). مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 856 مىڭ 972 يۈەن 5 پۇڭ (كونا پۇل) بولغان (بۇنىڭ 69 مىڭ 476 يۈەن بىر موسى چارۋىچىلىق بېجى).

## چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان مالىيە كىرىمى

جەدۋەل: 12 — 2 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | جەمئىي كىرىم | كارخانا كىرىمى | ھەر خىل باج كىرىمى | | | باشقا كىرىملەر |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | جەمئىي | سودا ـ سانائەت بېجى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى | |
| 1950 | 3.49 | | 3.37 | 0.67 | 2.70 | 0.12 |
| 1951 | 2.58 | | | | 2.58 | |
| 1952 | 2.58 | | | | 2.58 | |
| 1953 | 8.56 | | 8.56 | 4.75 | 3.81 | |
| 1954 | 11.47 | | 10.16 | 5.87 | 4.29 | 1.31 |
| 1955 | 11.01 | | 10.65 | 7.03 | 3.62 | 0.36 |
| 1956 | 4.38 | | 4.38 | 0.55 | 3.83 | |
| 1957 | 11.36 | | 10.88 | 6.90 | 3.98 | 0.48 |
| 1958 | 18.73 | 1.97 | 15.55 | 7.04 | 8.51 | 1.21 |
| 1959 | 19.33 | 2.50 | 15.38 | 9.12 | 6.26 | 1.45 |
| 1960 | 62.07 | 3.58 | 56.72 | 49.75 | 6.97 | 1.77 |
| 1961 | 17.38 | 2.69 | 13.08 | 8.60 | 4.48 | 1.61 |
| 1962 | 15.50 | 0.83 | 12.60 | 7.15 | 5.45 | 2.07 |
| 1963 | 13.70 | -0.91 | 12.93 | 8.49 | 4.44 | 1.68 |
| 1964 | 15.97 | -0.92 | 16.17 | 10.84 | 5.33 | 0.72 |
| 1965 | 18.62 | 1.89 | 15.95 | 10.82 | 5.13 | 0.78 |
| 1966 | 27.9 | 0.10 | 26.90 | 21.20 | 5.70 | 0.90 |
| 1967 | 29.47 | -0.74 | 29.76 | 23.88 | 5.88 | 0.45 |
| 1968 | 29.80 | | 29.70 | 23.80 | 5.90 | 0.10 |
| 1969 | 32.40 | | 31.90 | 25.90 | 6 | 0.50 |
| 1970 | 30.60 | -16.30 | 46.16 | 40.18 | 5.98 | 0.74 |
| 1971 | 39.06 | -21.20 | 59.36 | 53.77 | 5.59 | 0.90 |
| 1972 | 40.97 | -33.45 | 73.45 | 67.93 | 5.52 | 0.97 |
| 1973 | 75.67 | -16.12 | 87.84 | 82.39 | 5.45 | 3.95 |
| 1974 | 55.86 | -10.10 | 65.59 | 60.54 | 5.05 | 0.37 |
| 1975 | 112.72 | -5.61 | 117.45 | 112.04 | 5.41 | 0.88 |
| 1976 | 109.01 | -1.49 | 107.35 | 101.58 | 5.77 | 3.15 |
| 1977 | 116.27 | -4.99 | 120.58 | 114.62 | 5.96 | 0.68 |
| 1978 | 141.63 | -5.76 | 144.12 | 138.24 | 5.88 | 3.27 |
| 1979 | 160.03 | 0.97 | 158.34 | 151.25 | 7.09 | 0.72 |
| 1980 | 125.61 | 0.29 | 117.68 | 111.06 | 6.62 | 8.22 |
| 1981 | 124.46 | 0.97 | 121.09 | 115.27 | 5.82 | 2.40 |
| 1982 | 156.27 | 1.09 | 153.43 | 147.33 | 6.10 | 1.75 |
| 1983 | 179.30 | 4.56 | 172.64 | 166.04 | 6.60 | 2.10 |
| 1984 | 215.68 | 6.23 | 206.15 | 200 | 6.15 | 3.30 |
| 1985 | 240.29 | -0.52 | 236.32 | 228.36 | 7.96 | 4.49 |

## 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مالىيە كىرىمى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادى قالاق ئىدى، مالىيە كىرىمىدە دېھقانچىلىق بېجى ئاساس قىلىناتتى، مالىيە كۈچى ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ، يىللىق مالىيە كىرىمى مەمۇرىي خىراجەت چىقىمىغا يەتمەيتتى. 1950 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە پۈتۈن ناھىيىنىڭ مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 86 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، يىلىغا 28 مىڭ 800 يۈەندىن توغرا كەلدى. 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە) دە ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى ئاساس قىلىنىدىغان ئەھۋال ئۆزگىرىپ، سودا ـ سانائەت بېجى ئاساس قىلىنىدىغان بولدى، مالىيە كىرىمى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە پۈتۈن ناھىيىنىڭ مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 467 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا 93 مىڭ 600 يۈەندىن توغرا كەلدى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئوتتۇرىچە يىللىق مالىيە كىرىمىدىن 64 مىڭ 800 يۈەن، 2.3 ھەسسە ئاشتى. 2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1958 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە) دە چاقىلىق ناھىيىسىدە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بەزى زاۋۇت ـ كانلار قۇرۇلغاچقا، مالىيە كىرىمى بىر مەھەل ناھايىتى تېز ئاشتى، 1960 ـ يىلى 620 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. لېكىن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپ بولغان بۇ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» خەلق ئىگىلىكىنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋەتتى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. 1962 ـ يىلى ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمى 155 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. 2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە پۈتۈن ناھىيىنىڭ مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 330 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا 266 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى، 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئوتتۇرىچە يىللىق مالىيە كىرىمىدىن 172 مىڭ 400 يۈەن، 1.8 ھەسسە ئاشتى. 3 يىللىق خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش مەزگىلى (1963 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە) دە پۈتۈن ناھىيىنىڭ مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 482 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، يىلىغا 161 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى، 2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئوتتۇرىچە يىللىق مالىيە كىرىمىدىن 105 مىڭ يۈەن، 39.5% كېمەيدى. 3 يىللىق خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەشتىن كېيىن، مالىيە كىرىمى كۆپىيىشكە باشلاپ، 1966 ـ يىلى 279 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى (1967 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە) دە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مالىيە كىرىمى تولىمۇ تۇراقسىز بولدى، دولقۇنسىمان ھالەتتە ئاستا كۆپەيدى، 10 يىلدا پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 5 مىليون 555 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا 555 مىڭ 600 يۈەندىن توغرا كەلدى، 1966 ـ يىلدىكىدىن 276 مىڭ 600 يۈەن، 99.1% ئاشتى.

1978 ـ يىلى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى باشلاندى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندى، مالىيە كىرىمى بىر قەدەر تېز كۆپەيدى، 1978 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ناھىيىنىڭ مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 13 مىليون 432 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا 1 مىليون 679 مىڭ 100 يۈەندىن توغرا كەلدى، بۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئوتتۇرىچە يىللىق مالىيە كىرىمىدىن 1 مىليون 123 مىڭ 500 يۈەن يەنى 2 ھەسسىدىن كۆپرەك ئارتۇق.

# 3 § . مالىيە چىقىمى

## 1. چىقىم ئومۇمىي ئەھۋالى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مالىيە چىقىمى، ئاساسەن، مەمۇرىي چىقىم ئىدى. مىنگونىڭ 6 ـ يىلى (1917 ـ يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت چىقىمى ئېيىغا 400 سەر تەڭگىدىن توغرا كەلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ماددىي نەرسە بىلەن ھېسابلانغان مالىيە كىرىمى ئاز بولغاچقا، چىقىممۇ ئاز بولغانىدى. جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ مۇقىملىشىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەدرىجىي راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ كىرىممۇ، چىقىممۇ كۆپەيدى. 1954 ـ يىلى مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى چىقىمى 209 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئومۇمىي چىقىمنىڭ %88نى ئىگىلىدى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە چىقىمى 24 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي چىقىمنىڭ %10نى ئىگىلەپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى چىقىمىدىن قالسا 2 ـ ئورۇندا تۇردى. ئاندىن قالسا، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، نەپىقە خىراجىتى چىقىمى 4200 يۈەن بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي چىقىمنىڭ %2نى ئىگىلىدى. 1985 ـ يىلى ئومۇمىي چىقىم 5 مىليون 688 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. ئۇزاق مۇددەتلىك چىقىم ئەھۋالىدىن قارىغاندا، چىقىم، سانى يىلمۇ يىل بالداقسىمان ئېشىپ باردى. بۇنىڭدىن سىرت، 1974 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ۋە يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلىدىغان ياردەم پۇلى كۆپەيگەنلىكتىن، چىقىم سانى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، مالىيە چىقىمى، ئاساسەن، سودا ـ سانائەت، قاتناش ـ ترانسپورت، يېزا ئىگىلىكى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، نەپىقە، مەمۇرىي باشقۇرۇش، ئاساسىي قۇرۇلۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلدى.

**چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 1954 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان مالىيە چىقىمى**

جەدۋەل: 12 — 3

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | جەمئىي چىقىم | يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش چىقىمى | مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، ئىلىم - پەن كەسپىي خىراجىتى | مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى | ئىجتىمائىي نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى | ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى | باشقا چىقىملار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1954 | 23.81 | | 2.43 | 20.96 | 0.42 | | |
| 1955 | 26.27 | 2.86 | 3.62 | 19.39 | 0.40 | | |
| 1956 | 38.89 | | | | | | |
| 1957 | 36.27 | 5.61 | 6.39 | 22.94 | 0.25 | | 1.08 |
| 1958 | 48.27 | 4.34 | 6 | 22.15 | 0.35 | 15 | 0.43 |
| 1959 | 44.37 | 12.67 | 6.45 | 24.14 | 0.13 | | 0.98 |
| 1960 | 61.51 | 21.84 | 9.71 | 25.39 | 0.95 | | 3.62 |
| 1961 | 43.71 | 12.51 | 8.51 | 21.02 | 0.34 | | 1.33 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1,06 | | 1,66 | 15.46 | 8,12 | 5.34 | 31,64 | 1962 |
| 2,12 | | 1,51 | 15.54 | 8,53 | 9,89 | 37,59 | 1963 |
| 3.10 | | 0,16 | 19.97 | 12,71 | 12,87 | 48,81 | 1964 |
| 4.38 | | 1.49 | 26,36 | 12,58 | 6.30 | 51,11 | 1965 |
| 2,40 | | 3,10 | 23.60 | 12,90 | 10,10 | 52,10 | 1966 |
| 1,50 | | 2,17 | 18,84 | 11.41 | 5,99 | 39,91 | 1967 |
| 4,40 | | 2,10 | 16,10 | 10,70 | 5 | 38,30 | 1968 |
| 5.50 | 20,10 | 1 | 17,40 | 12,90 | 3.40 | 60,30 | 1969 |
| 6,80 | 16.50 | 5,80 | 18,70 | 10,40 | 8,20 | 66.40 | 1970 |
| 19.76 | 11.37 | 1,47 | 25.65 | 15,56 | 18.10 | 91,91 | 1971 |
| 20,37 | 67,21 | 1,66 | 25,59 | 22,12 | 21,20 | 158,15 | 1972 |
| 5,66 | 49.42 | 2,32 | 26,69 | 26,53 | 24.50 | 135.12 | 1973 |
| 3.72 | 139,51 | 2,32 | 32,94 | 28.80 | 29,80 | 237,09 | 1974 |
| 5.08 | 11.38 | 2,75 | 33.46 | 31.05 | 41.54 | 125,26 | 1975 |
| 8,92 | 23.39 | 0.63 | 34,61 | 31,16 | 37,75 | 136,46 | 1976 |
| 11,39 | 35.97 | 2,72 | 34,14 | 33,78 | 38,62 | 156,62 | 1977 |
| 5,14 | 35.78 | 1.63 | 40,23 | 38,16 | 47.32 | 168,26 | 1978 |
| 16,51 | 29.97 | 2.44 | 36,70 | 42,97 | 48,69 | 177,28 | 1979 |
| 13,09 | 28.23 | 2.52 | 45,28 | 56.34 | 64.90 | 210,36 | 1980 |
| 28,72 | 40.20 | 10,21 | 57,51 | 62,79 | 76,14 | 275,57 | 1981 |
| 37,38 | 2.30 | 8.03 | 65,59 | 75.98 | 65.65 | 254,93 | 1982 |
| 18.78 | 18 | 5.97- | 72.89 | 99,93 | 89.30 | 304.87 | 1983 |
| 29,29 | 15.25 | 8,36 | 118,21 | 155,51 | 109,20 | 435,82 | 1984 |
| 42.30 | 38,73 | 18,10 | 138,06 | 162,91 | 168,78 | 568,88 | 1985 |

## 2. مالىيە چىقىمىنىڭ مەزگىللەر بويىچە ئۆزگىرىشى

1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە) دە مالىيە ئومۇمىي چىقىمى 1 مىليون 252 مىڭ 400 يۈەن، يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 250 مىڭ 500 يۈەن بولدى؛ 2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1958 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە) دە مالىيە ئومۇمىي چىقىمى 2 مىليون 295 مىڭ يۈەن، يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 459 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 208 مىڭ 500 يۈەن كۆپ چىقىم قىلىندى؛ 3 يىللىق خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش مەزگىلى (1963 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە) دە مالىيە ئومۇمىي چىقىمى 1 مىليون 375 مىڭ 100 يۈەن، يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 458 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، 2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 600 يۈەن ئاز چىقىم قىلىندى؛ 10 يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى (1967 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە) دە مالىيە ئومۇمىي چىقىمى 10 مىليون 889 مىڭ يۈەن، يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 1 مىليون 88 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، 3 يىللىق خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش مەزگىلىدىكىدىن يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 630 مىڭ 500 يۈەن كۆپ چىقىم قىلىندى؛ 1977 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە مالىيە ئومۇمىي چىقىمى 25 مىليون 525 مىڭ 900 يۈەن، يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 2 مىليون 836 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكىدىن يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون 747 مىڭ 300 يۈەن كۆپ چىقىم قىلىندى.

### 3. مالىيە چىقىمىنىڭ تۈرلەر بويىچە ئۆزگىرىشى

1) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چىقىمى: 1955 - يىلى 28 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، شۇ يىللىق مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ %10.9نى ئىگىلىدى؛ 1985 - يىلى 2 مىليون 79 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىللىق مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ %36.6نى ئىگىلىدى.

2) مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، پەن - تېخنىكا چىقىمى: 1955 - يىلى 36 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، شۇ يىللىق مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ %13.8نى ئىگىلىدى؛ 1985 - يىلى 1 مىليون 629 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىللىق مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ %28.6نى ئىگىلىدى.

3) مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى: 1955 - يىلى 193 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، شۇ يىللىق مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ %73.8نى ئىگىلىدى؛ 1985 - يىلى 1 مىليون 380 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىللىق مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ %24.3نى ئىگىلىدى.

## § 4. مالىيە باشقۇرۇش

### 1. خام چوت تۈزۈلمىسىنى باشقۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە خام چوت باشقۇرۇشتا «بىر تۇتاش كىرىم قىلىپ، بىر تۇتاش چىقىم قىلىش، يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش» يولغا قويۇلغانىدى. ئاساسىي خام چوت كىرىمى (سودا - سانائەت بېجى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى قاتارلىقلار) بىردەك قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش مالىيە خام چوت ئورگىنىغا تاپشۇرۇلاتتى، خام چوت چىقىمىنىمۇ قاراشەھەر باش مالىيە خام چوت ئورگىنى ئاجرىتىپ بېرەتتى. 1953 - يىلدىن كېيىن ناھىيە ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان بولدى. 1951 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ناھىيىنىڭ خام چوت تۈزۈلمىسىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «دەرىجىمۇ دەرىجە باشقۇرۇش، كىرىمدىن تۈرلەر بويىچە نىسبەت ئايرىش» (1951 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە)، «ئومۇمىي ساندىن نىسبەت ئايرىش، يىلدا بىر ئۆزگەرتىپ تۇرۇش» (1959 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە)، «كىرىم - چىقىمنى بېكىتىپ ھۆددىگە بېرىش» (1971 - يىلدىن 1973 - يىلغىچە)، «مۇقىم نىسبەت قالدۇرۇش، ئاشۇرۇلغان كىرىمدىن نىسبەت قالدۇرۇش نىسبىتىنى ئايرىم بەلگىلەش» (1974-يىلدىن 1977 - يىلغىچە)، «ئاشۇرۇلغان كىرىمدىن نىسبەت ئايرىش، كىرىم بىلەن چىقىمنى ئۆزئارا باغلاش» (1978 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە) ۋە «كىرىم بىلەن چىقىمنى ئايرىش، دەرىجىمۇ دەرىجە ھۆددىگە بېرىش» (1980 - يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى) قاتارلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىلىرى يولغا قويۇلدى.

### 2. خام چوت باشقۇرۇش

مالىيە كىرىم - چىقىم پىلانلىرى «كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىش» ياكى «چىقىمغا قاراپ كىرىم قىلىش» پرىنسىپى بويىچە تۈزۈلدى.

كىرىم پىلانىنى تۈزگەندە، باج كىرىمى پىلانى كارخانا ۋە تارماقلار بىلەن ماسلىشىش

ئارقىلىق تەكشۈرۈلۈپ بېكىتىلدى. بەزىدە شۇ يىللىق كىرىم خام چوتى شۇ ۋاقىتتىكى سىياسىي ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، مەسىلەن، 1958 - يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا تۈزۈلگەن خام چوتتىكى سانلار 10 يىلدىن كېيىنمۇ ئورۇندالمىدى.

چىقىم پىلانىنى تۈزگەندە، زىيان كۆرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىنى ئازايتىش، ئىسراپچىلىقنى توسۇش، كۆرسەتكۈچنى كونترول قىلىش، مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئورۇنغا ئىشلىتىش ئاساس قىلىندى. چىقىم پىلانىنى تۈزگەندە، 1980 - يىلدىن باشلاپ ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى قىسقارتىش تولۇق ھېسابقا ئېلىندى، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدە بولمىغان نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش قاتتىق كونترول قىلىندى، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارغا خام چوتنى ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلدى، جامائەت خىراجىتى 1979 - يىلدىكى خام چوت كۆرسەتكۈچى بويىچە 20% كېمەيتىلدى، كېمەيتىلگەندىن كېيىنكى قالدۇق ئۆزىگە قالدۇرۇلدى، چىقىمنى ئاشۇرۇۋەتسە تولۇقلاپ بېرىلمىدى.

## 3. خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنى باشقۇرۇش

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ خام چوت سىرتىدىكى مەبلىغى ئىنتايىن ئاز، كىرىم تۈرلىرىمۇ كۆپ ئەمەس. 1962 - يىلغىچە خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ ناھىيىنىڭ مالىيە خام چوتىنى باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىدى. خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ 1964 - يىلدىن كېيىن مالىيە باشقۇرۇشتا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى، كىرىم تۈرلىرى، ئاساسەن، سودا - سانائەت بېجى قوشۇمچىسى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بېجى قوشۇمچىسى، ھۆكۈمەت ئۆيلىرىنى ئىجارىگە بېرىش كىرىمى ۋە باشقا كىرىملەردىن ئىبارەت بولدى، بۇ، ئاساسەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، بازار ئىچىنى تۈزەش، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، رادىئو، خەۋەرلىشىش، مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلدى. خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ ئاز بولغاچقا ئالاھىدە باشقۇرۇش تۈزۈمىمۇ بەلگىلەنمىدى.

## 4. مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى ۋە مەمۇرىي ئىشلار مالىيىسىنى باشقۇرۇش

1954 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە تەمىنات تۈزۈمى مائاش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئايرىم ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي خىراجىتى سىستېمىلار بويىچە باشقۇرۇلغاندىن سىرت، قالغان ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي خىراجىتى خىراجەت چىقىمى ئۆلچىمى، بېكىتىلگەن خادىم ۋە نورما بويىچە ھېسابلىنىپ، ھەر يىلى ناھىيىنىڭ مالىيىسىدىن ئاجرىتىپ بېرىلدى. باشقۇرۇش شەكلى جەھەتتە دەسلەپتە مالىيە تارماقلىرى كىرىم - چىقىمنى بىر تۇتاش باشقۇردى، كېيىن ھەر قايسى ئورۇنلار ئۆز ئالدىغا مەخسۇس مالىيە خادىمى قويۇپ، ئۆز ئالدىغا باشقۇردى.

## 5. كارخانىلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش

چاقىلىقنىڭ كارخانىلىرى يەر شارائىتى، قاتناش ۋە نوپۇس قاتارلىق جەھەتلەردىكى چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن ئاستا تەرەققىي قىلدى، كارخانىلارنىڭ كىرىمى مالىيە خام چوتىدا 1958- يىلنىڭ ئاخىرىدىلا ئاندىن ئىپادىلەندى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرىكى يىللاردا ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا كارخانىلارنىڭ دۆلەتكە پايدا تاپشۇرۇشى ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى دۆلەت قوشۇمچە ياردەم بېرىپ تۇردى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 -

ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسى زىيان تارتىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، پايدا ئالىدىغان بولۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتقانلىقتىن، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدا ياخشىلىنىش بولدى. 1983 ـ يىلدىن كېيىن كارخانىلارنىڭ پايدا تاپشۇرۇشى باج تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى. 1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە كارخانىلارنىڭ جەمئىي پايدا ـ بېجى 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ناھىيە بويىچە زىيان تارتىدىغان كارخانىلار ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىدى. كارخانىلارنىڭ مالىيىسىنى، كۆپىنچە، كارخانىلارنىڭ ئۆزى تەدبىر قوللىنىپ باشقۇردى، ناھىيە مالىيىسى ئومۇمىي جەھەتتىن كونترول قىلدى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى.

## 6. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مالىيىسىنى باشقۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مالىيە خادىملىرىنى كۆپ قېتىم تەربىيىلىدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا بېرىلگەن ياردەم پۇللىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ۋە ئۈنۈمىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇردى ھەمدە خەلق ئىگىلىكى ۋە قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا قاراپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا بېرىلىدىغان ياردەم تۈرلىرىنى تەڭشەپ تۇردى. 1982 ـ يىلدىن كېيىن دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق خىراجىتىنى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسى بىر تۇتاش باشقۇردى، خىراجەتنى مالىيە ئىدارىسىدىن ئېلىپ ۋە ئۇنىڭغا ئاتچوت قىلىپ تۇردى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپىي خىراجىتى جەھەتتە، ئەھۋالغا قاراپ بەزى ئورۇنلاردا تولۇق سوممىلىق خام چوت يولغا قويۇلدى، بەزى ئورۇنلاردا كەم سوممىلىق خام چوت يولغا قويۇلدى. ناھىيە مالىيىسى دېھقانچىلىققا زۆرۈر ياردەم پۇلى بەرگەندىن سىرت، يەنە كۆپلەپ «دېھقانچىلىقنى قوللاش ئوبوروت سوممىسى» بەردى. لېكىن، بۇ پۇللارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئۆز قەرەلىدە قايتۇرۇۋالالمىدى.

## § 5 . مۇپەتتىشلىك

1984 ـ يىل 5 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيىسى مۇپەتتىشلىك ئورگىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا مۇپەتتىشلىك ئىدارىسىنى قۇردى، ئۇنىڭغا 5 شتات بېرىلدى. مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بويىچە، ئاۋۋال ناھىيىلىك 2 ـ مەكتەپتە مۇپەتتىشلىك قىلدى، بۇنى شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاياغلاشتۇردى.

1985 ـ يىلى مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى ناھىيىنىڭ مالىيە ئىنتىزامىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈشكە ماسلىشىپ مۇپەتتىشلىك قىلدى. ناھىيە بويىچە ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈش، ئۆز ئارا تەكشۈرۈش ماتېرىيالى يوللاشقا تېگىشلىك ئورۇن 41 بولۇپ، بۇلاردىن 37 سى ماتېرىيال يوللىدى. دەسلەپكى ھۆججەت ـ تالونلارنىڭ يوللۇق، قانۇنلۇق، قائىدىلىك بولغان ـ بولمىغانلىقى، قالايمىقان تەننەرخ خىراجىتى چىقىش، خالىغانچە ئالدىن پۇل تارقىتىش، ئالدىن پۇل ئېلىش، خىراجەت چىقىش، ئالدىن پۇل تاپشۇرۇش، ئالدىن پۇل يىغىش، ۋاقىتلىق پۇل بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقى، باج ئوغرىلاش، باج تۆلىمەسلىك، باج پۇلىنى قايرىپ قېلىش، باجنى ۋاقتىدا تاپشۇرماسلىق، پايدىنى يۆتكىۋېتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ بار-

يوقلۇقى، يالغان تالون بېرىش، يالغان ھېسابات ياساش، يالغان نەق چوت تۈزۈپ يوللاش، مال باھاسىنى ھە - ھۇ بىلەن ئۆستۈرۈۋېتىش، باھا قوشۇش ۋە قالايمىقان مۇكاپات پۇلى ۋە نەرسە - كېرەك تارقىتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ بار - يوقلۇقى مۇپەتتىشلىكىنىڭ مەزمۇنى قىلىندى. مۇپەتتىشلىكنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى مۇنداق بولدى: (1) ئۆز ئارا تەكشۈرۈش، نۇقتىلىق ئايرىلاپ تەكشۈرۈش بىلەن كەسپلەر بويىچە مۇپەتتىشلىك قىلىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش؛ (2) ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈشنى ئاساس، كەسپىي مۇپەتتىشلىك يەكۈننى خۇلاسە قىلىپ، ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش؛ (3) ئۆز يېرىدە قىلىنغان مۇپەتتىشلىك بىلەن يوللانغان ماتېرىيال ئاساسىدا قىلىنغان مۇپەتتىشلىكنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش. كونكرېت مۇپەتتىشلىكتە كۆپىنچە «ئوڭ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى»، «سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى» قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلدى. 1984 - يىلى مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە، بەزى كارخانىلار (سودا شىركىتى، فىلىم تارقىتىش شىركىتى، كىنوخانا، ئاپتوموبىل كالونى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى، رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار) ۋە مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار (ناھىيىلىك 2 - مەكتەپ، سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى، ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى، ئورمانچىلىق مەيدانى، كۆچەتزارلىق، بازار - يېزا قۇرۇلۇشى - مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى) ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىنىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ 407 مىڭ 740 يۈەن 2 مو 7 پۇڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى.

# II باب

# باج

## 1 § . باج باشقۇرۇش

### 1. ئاپپاراتلاردىكى ئۆزگىرىش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋە مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا چاقىلىق ناھىيىسىدە باجنى ئامبال، ھاكىملار بىۋاستە باشقۇراتتى، باج يىغىشقا مەخسۇس كىشى تەيىنلىنەتتى. مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدە باج ئىدارىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ناھىيىلىك باج ئىدارىسى ناھىيىلىك باج باشقارمىسىغا، كېيىن يەنە باج ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىلىك باج ئىدارىسى ۋاششەرىدە باج پونكىتى، يېڭىسۇدا باج چارىسى تەسىس قىلدى، ئىدارىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 16گە يەتتى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك باج ئىدارىسى باج بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 6 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسى كونا باج بۆلۈمىنى ئۆزگەرتىپ، ناھىيىلىك باج ئىدارىسى قۇردى. 1950 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى باج ئىدارىسى بىلەن مالىيە بۆلۈمى قوشۇۋېتىلدى. 1963 - يىل 7 - ئايدا مالىيە بۆلۈمى بىلەن باج ئىدارىسى ئايرىلىپ، ناھىيىلىك باج ئىدارىسى قايتا قۇرۇلدى.

1961 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ۋاششەرىدە رەسمىي باج پونكىتى قۇرۇلدى. 1979 - يىلى جەنۇبىي تاغ رايونىدا ۋە مىرەندە باج پونكىتلىرى قۇرۇلدى.

1982 - يىلى ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا باج بۆلۈمچىسى ۋە پىلان - مالىيە بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك باج ئىدارىسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئورۇنلارنىڭ شتاتلىق ئىشچى - خىزمەتچىسى 29 غا يەتتى.

## 2. باج ئېلىشنى باشقۇرۇش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ۋە مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يەر بېجى، ئومۇمىي باج ۋە چېگرا بېجى قاتارلىق باجلار كومۇش تەڭگە، ئاشلىق، ئوت - چۆپ ھېسابىدا ئېلىناتتى. ئامبال، ھاكىملار باج ئېلىشقا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتەتتى، يەرلىك ئالۋاڭ - ياساق ئېلىش نىزاملىرىنى ئامبال، ھاكىملار بەلگىلەيتتى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 6 - ئايدا مەركەزنىڭ بېجى ۋە يەرلىكنىڭ بېجى توغرىسىدىكى ئومۇمىي پرىنسىپنى مەركەز بەلگىلەيدىغان، يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى ئۆلكە بەلگىلەيدىغان، ناھىيىلىك باج ئېلىش ئىدارىسى قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە باج ئېلىشقا مەسئۇل بولىدىغان بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن باج باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇپ، باج بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى، كېيىن دەرىجىمۇ دەرىجە باشقۇرۇش ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مەركەزلەشتۈرۈش ئاساس قىلىندى.

1950 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسى بىر تەرەپتىن، توشۇشتىن باج ئېلىش چارىسىنى قوللىنىپ، تاۋار سېتىۋېلىشنى ۋە بازارنى كونترول قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، باجنى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىغا قاراپ تەكشۈرۈپ بېكىتتى.

1956 - يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، باجغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، باجلار بىرلەشتۈرۈلۈپ كەسىپلەر بويىچە باشقۇرۇلىدىغان بولدى، يېزا - كەنتلەردە رايونلارغا ئايرىپ باشقۇرۇلدى. ھەر قايسى كەسىپلەردە سېتىلغان مالغا تالون كېسىپ بېرىش ۋە مال تالونىنى ساقلاش قاتارلىق باشقۇرۇش رەسمىيەتلىرى بەرپا قىلىنىشقا باشلىدى.

1962 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ۋاكالىتەن باج ئالغۇچى خادىملار قويۇلۇپ، باج ئوغرىلايدىغان، باجنى كەم تاپشۇرىدىغان ئەھۋاللار زور دەرىجىدە ئازايتىلدى.

1970 - يىلدىن كېيىن ئومۇمىي خەلق مۇلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار بىلەن كوللېكتىپ مۇلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارغا قارىتا ھېساباتنى تەكشۈرۈپ باج ئېلىش يولغا قويۇلۇپ، باج بىلەن كارخانىلارنىڭ مالىيە پائالىيىتى زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، مەھسۇلاتنى، كىرىمنى ئاشۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، باج - پايدا تېز كۆپەيتىلدى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە باج تاپشۇرغۇچىلار 306 گە يەتتى، بۇنىڭ 252 سى يەككە سودا - سانائەتچى، ئاساسلىق باج تاپشۇرىدىغان كارخانىلار تاشپاختا كېنى، كۆمۈر كېنى قاتارلىق

كارخانىلاردىن ئىبارەت بولدى. باج تارماقلىرى باج تەكشۈرۈش - باشقۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى ھەمدە مۇھىم سودا - سانائەتچىلەرنىڭ بازار ئىچىدە تىجارەت قىلغاندا باج تىزىملاش كىنىشكىسىنى ئېلىپ يۈرۈشنى، كىنىشكىنى كۆرسىتىپ تىجارەت قىلىشنى بەلگىلىدى. باج تارماقلىرى باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى توغرا ئادا قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى، كۈندىلىك باج تاپشۇرۇش پائالىيىتىگە قارىتا پىلانلىق تەشكىللەش، باشقۇرۇش، ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈپ تۈرۈشنى يولغا قويدى.

## 2 § . دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى

### 1. يەر بېجى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ۋە مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يەرنىڭ مو سانى، دەرىجىسىگە قاراپ دېھقانلاردىن يەر بېجى ئۈچۈن تەڭگە، ئاشلىق ياكى ئوت - چۆپ ئېلىناتتى.

مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) ھاكىم فەن زۈيۈ يەر بېجى ئۈچۈن ئالغان كۆمۈش، ئاشلىق، ئوت - چۆپنى تەڭگىگە سۇندۇرغاندا 2980.294 تەڭگىگە يەتكەن، بۇ ھەر مو يەرگە 0.184 تەڭگىدىن توغرا كەلگەن.

مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) ھاكىم لى شىن يەر بېجى ئۈچۈن ئالغان كۆمۈش، ئاشلىق ۋە ئوت - چۆپنى تەڭگىگە سۇندۇرغاندا 3728.187 تەڭگىگە يەتكەن، بۇ ھەر مو يەرگە 0.173 تەڭگىدىن توغرا كەلگەن. مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) ھاكىم لى شىن يەر بېجى ئۈچۈن ئالغان كۆمۈش، ئاشلىق ۋە ئوت - چۆپنى تەڭگىگە سۇندۇرغاندا 3551.67 تەڭگىگە يەتكەن، بۇ ھەر مو يەرگە 0.165 تەڭگىدىن توغرا كەلگەن.

مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918 - يىلى) ھاكىم چېن رۇڭجاڭ يەر بېجى ئۈچۈن ئالغان كۆمۈش، ئاشلىق ۋە ئوت - چۆپنى تەڭگىگە سۇندۇرغاندا 3834.835 تەڭگىگە يەتكەن، بۇ ھەر مو يەرگە 0.177 تەڭگىدىن توغرا كەلگەن.

مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) باج ئۈچۈن 8565.511 دادەن بۇغداي، قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن 182.04 دادەن بۇغداي، باج ئۈچۈن 6568.319 دادەن كۆممىقوناق، شۇنىڭدەك 53 مىڭ 87 جىڭ ئوت - چۆپ ئېلىنغان (ئىزاھ: بىر دادەن ئاشلىق 450 جىڭ، بىر كۈرە ئاشلىق 45 جىڭ، بىر شىڭ ئاشلىق 4.5 جىڭ ئىدى).

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) يەر بېجى ئالغاندا، يەر ياخشى، ئوتتۇرا ۋە ناچار دەپ 3 دەرىجىگە ئايرىلىپ، ھەر مو يەردىن ئېلىنىدىغان باج نىسبىتى بەلگىلەنگەن. ياخشى يەرنىڭ ھەر موسىدىن 4 شىڭ، ئوتتۇراھال يەردىن 3 شىڭ، ناچار يەردىن 2 شىڭ ئاشلىق باج ئېلىنغان. ناھىيە بويىچە 28 مىڭ 973 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، بۇنىڭ 7485.5 موسى ياخشى يەر، 8951 موسى ئوتتۇراھال يەر، 12 مىڭ 536.5 موسى ناچار يەر ئىدى. شۇ يىلى يەر بېجى ئۈچۈن جەمئىي 818.68 دادەن ئاشلىق ئېلىنغان.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر 29 مىڭ 3 مو بولۇپ، يەر بېجى ئۈچۈن ئېلىنىشقا تېگىشلىك ئاشلىق (جۈملىدىن قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاشلىقى) 1973 دادەن 39.5 ئۈچۈم ئىدى، ئەمەلىيەتتە 1641 دادەن 59 ئۈچۈم ئېلىنغان.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر 28 مىڭ 903 مو بولۇپ،

يەر بېجى ئۈچۈن ئېلىشقا تېگىشلىك ئاشلىق 819 دادەن 535 ئوچۇم ئىدى، ئەمەلىيەتتە 843 دادەن 541 ئوچۇم ئېلىنغان.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەرلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئۆلچەپ چىققاندىن كېيىن، يەر بېجىنى يەر باھاسى ۋە مو سانىغا قاراپ ھېسابلاپ ئېلىشقا باشلىغان. يەر باھاسى يەر ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىلىپ، ھەر مو يەر ئاز بولغاندا 30 يۈەندىن 40 يۈەنگىچە، كۆپ بولغاندا 100 يۈەندىن 150 يۈەنگىچە ھېسابلانغان، يەر باھاسى بويىچە ھېسابلانغان باج نىسبىتى 2% بولغان. شۇ يىلى باھاسى بويىچە باج ئېلىنغان يەر كۆلىمى 1324 موغا يەتكەن، بۇنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 49 مىڭ 400 يۈەن بولغان، ئەمەلىيەتتە 988 يۈەن يەر باھاسى بېجى ئېلىنغان.

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 127 ـ قېتىملىق يىغىنى مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) يەر بېجىنى بىر يىل كەچۈرۈم قىلىشنى قارار قىلغان. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) باج ئېلىش باشلانغاندا، يەر بېجى نىسبىتى ئېلگىرىكىدىن بىر ئاز تۆۋەنلىتىلگەن، چاقىلىق ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ يېڭى يەر بېجى ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىپ، يەر بېجى نىسبىتىنى 3% چامىسىدا قىلغان، شۇ يىلى ناھىيە بويىچە يەر بېجى ئۈچۈن 433 دادەن 825 ئوچۇم ئاشلىق ئېلىنغان. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) يەر بېجى ئۈچۈن 662 دادەن 392 ئوچۇم ئاشلىق، 9 مىليون 110 مىڭ يۈەن (كونا پۇل ھېسابىدا) يەر باھاسى بېجى ئېلىنغان، باج نىسبىتى 2% بولغان.

## 2. دېھقانچىلىق بېجى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك باج ئىدارىسى سېلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئۇزاق مۇددەت ئىجرا قىلدى. 1950 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئەمەلىي دېھقانچىلىق بېجى سېلىقى نىسبىتى (يىللىق دېھقانچىلىق بېجىنىڭ ئاساسى ۋە قوشۇمچە باجلىرىنى ئېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئەمەلىي دېھقانچىلىق ھوسۇلىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى) 13% .11 بولدى. 1960- يىلى ئەمەلىي دېھقانچىلىق بېجى سېلىقى نىسبىتى 4% .10، 1970 ـ يىلى 9% بولدى، 1985- يىلى 28% .4كە چۈشتى. 1985 ـ يىلدىن باشلاپ دېھقانچىلىق بېجى ئۈچۈن ئاشلىق، ئوت-چۆپ ئېلىنماي، پۇل ئېلىنىدىغان بولدى، يېزىلىق ھۆكۈمەت يىغىشنى ئۈستىگە ئالدى، مالىيە تارماقلىرى ھەمكارلىشىدىغان بولدى.

دېھقانچىلىق بېجىنىڭ يەرلىك قوشۇمچىسى يەرلىك خىراجەت جۇغلاش ئۈچۈن ئالىدىغان باج بولۇپ، 1950 ـ يىلى ئېلىنغان سوممىسىنىڭ ئاساسىي باج سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 15% بولدى، 1957 ـ يىلى 12%، 1961 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە 10%، 1985 ـ يىلى 9.8% بولدى. چاقىلىق ناھىيىسى دېھقانچىلىق بېجى ئېلىش جەريانىدا باشتىن ـ ئاخىر مەھسۇلات ئاشسىمۇ باجنى ئاشۇرماسلىق سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ كەلدى ھەمدە ھەر قايسى مەزگىلدىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، باجنى قانۇن بويىچە كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش؛ يېنىك ئاپەت بولغاندا ئازراق كېمەيتىش، ئېغىر ئاپەت بولغاندا كۆپرەك كېمەيتىش، پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاپەت بولغاندا پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇردى. 1952 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 752 ئائىلىلىك دېھقاندىن 243 سىنىڭ دېھقانچىلىق بېجى كەچۈرۈم قىلىندى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، 1985- يىلغىچە ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق بېجى ئۈچۈن

ئېلىنىدىغان بوغدايدىن جەمئىي 548 مىڭ 650 جىڭ كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان.

## 3. چارۋىچىلىق بېجى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تاغلىق رايونىنى ئىگىلىۋالغان قۇسايىن، ئوسمان قاتارلىق قوراللىق باندىتلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئۇزاق مۇددەت پاراكەندىچىلىك سېلىشى ۋە دائىم چارۋا مالالارنى كۆپلەپ بۇلاپ كېتىشى نەتىجىسىدە، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق بېجى يىغىش ئىشى تولىمۇ تۇراقسىز بولۇپ كەلگەن.

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) پۈتۈن ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق بېجى كىرىمى 24 مىڭ 183 يۈەن 3 مو 5 پۇڭ (كونا پۇل ھېسابىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 23 مىڭ 414 يۈەن بىر پۇڭ، مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 14 مىڭ 461 يۈەن 5 مو، مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 35 مىڭ 416 يۈەن 6 مو، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 69 مىڭ 476 يۈەن بىرمۇ بولغان.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيە بويىچە چارۋا مال 27 مىڭ 539 تۇياق، ئۇنىڭدىن باج ئېلىنىدىغانلىرى 19 مىڭ 240 تۇياق ئىدى، ئەمەلىي ئېلىنغان چارۋىچىلىق بېجى 1 مىليون 22 مىڭ 605 يۈەن، 360 تۇياق چارۋا بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلدىن باشلاپ ھەر قايسى مەزگىلدە چارۋىچىلىق بېجى ئېلىش ئۆلچىمى ئاپتونوم رايون ھەر خىل مەزگىللەردە ئېلان قىلغان باج ئېلىشقا ئالاقىدار چارىلەر بويىچە ئىجرا قىلىندى. 1953 - يىلى «بىر تۇتاش ئېشىپ بارىدىغان» باج تۈزۈمى بويىچە ھېسابلاپ باج ئېلىش يولغا قويۇلدى، ھەر خىل چارۋا مالالارنىڭ ئۆلچەملىك قويغا سۇندۇرۇلۇش نىسبىتى تۆۋەندىكىچە بولدى: ئۆچكە 1:1.5، تۆگە 1:10، ئات 1:8، كالا 1:4.5، ئېشەك 1:3، خېچىر 1:8 چوڭ چارۋا ئىچىدىكى يېشى كىچىك چارۋىلار چوڭ چارۋىنىڭ يېرىمىغا سۇندۇرۇلۇپ ھېسابلاندى. 1958 - يىلى «ئومۇمىي سومما بويىچە ئېشىپ بارىدىغان باج نىسبىتى» بويىچە ھېسابلاپ باج ئېلىش يولغا قويۇلدى. كېيىن «پەرقلىق نىسبەت» بېجى قاتارلىقلار ئىجرا قىلىندى. 1961 - يىلى ھەر خىل چارۋا مالالارنىڭ ئۆلچەملىك قويغا سۇندۇرۇلۇش نىسبىتىدىن ئالغاندا، ئاتنىڭ ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 1:7 دىن، كالىنىڭ 1:6 دىن، تۆگىنىڭ 1:10 دىن، ئۆچكىنىڭ 1:1.5 دىن ئېشىپ كەتمىدى. 1979 - يىلى ئىجرا قىلىنغان نىسبەت مۇنداق بولدى: ئات 1:7، كالا 1:5، تۆگە 1:10، ئۆچكە 1:1.5. 1980 - يىلى چارۋىچىلىق بېجى تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ (ئاساسىي جەھەتتىن 1960 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى تارقاتقان چارۋىچىلىق بېجى ئېلىش چارىسى بويىچە ئىجرا قىلىندى)، ئەسلىدىكى چارۋىلارنىڭ تۇياق سانى بويىچە ئېلىنىدىغان مال - مۈلۈك بېجى ئالدىنقى 3 يىلدىكى ئوتتۇرىچە چارۋىچىلىق كىرىمى بويىچە ھېسابلىنىدىغان كىرىم بېجىغا ئۆزگەرتىلدى. ئىلگىرىكى رايونلار بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھېسابلانغان باج نىسبىتى پۈتۈن رايون بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن 2.8% نىسبەت بويىچە باج ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى ۋە بىر بېكىتىپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك يولغا قويۇلدى، باج ئېلىشنى باشلاش نۇقتىسى بەلگىلەندى؛ پۇلنىمۇ، ماددىي نەرسىنىمۇ ئېلىش چارىسى يولغا قويۇلۇپ، ئىلگىرىكى چاۋا مال ئېلىش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلدى؛ ئاپەت بولغاندا باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش ھەجىمى كېڭەيتىلىپ، باج سېلىقى مۇۋاپىق بولماسلىق ۋە سېلىق سەۋىيىسى يۇقىرىراق بولۇپ كېتىش ئەھۋالى ئۆزگەرتىلدى.

1952 - يىلى پۈتۈن ناھىيىنىڭ چارۋا مىلى 30 مىڭ 61 تۇياق بولۇپ، 9885.79 يۈەن

ئاساسىي چارۋىچىلىق بېجى ئېلىندى.

1960 - يىلى ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق بېجىنىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتى 2.309%، ئەڭ يۇقىرى نىسبىتى 3.146%، ئەڭ تۆۋەن نىسبىتى 1.879% بولدى، 1964 - يىلدىن كېيىن ئوتتۇرىچە نىسبىتى 1.69% چامىسىغا چۈشتى.

1979 - يىلى چارۋىچىلىق بېجىنىڭ نىسبىتى تەڭشەلگەندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ئوتتۇرىچە چارۋىچىلىق بېجى نىسبىتى 1.775% بولدى.

1980 - يىلدىن باشلاپ رايون بويىچە بىرلىككە كەلگەن نىسبەتلىك باج تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، باج نىسبىتى 2.8% قىلىندى، بىر بېكىتىلىپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان، مەھسۇلات ئاشسىمۇ باج ئاشۇرۇلمايدىغان بولدى.

## § 3 . سودا - سانائەت بېجى

### 1. مىنگو دەۋرىدىكى سودا - سانائەت بېجى

سودا - سانائەت بېجى چاقىلىقتا ئەزەلدىن خېلى چوڭ باج مەنبەسى بولۇپ كەلدى. مىنگو دەۋرىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ گۇۋاھنامە بېجى، تىجارەت بېجى، قان بېجى، تۇز بېجى، ئۆي - جاي بېجى، زىيابەت سېلىقى، ئۆي سېلىقى قاتارلىق 27 خىل سودا - سانائەت بېجى ئېلىناتتى.

### 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى سودا - سانائەت بېجى

1949 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە تاۋار ئوبوروت بېجى، مال بېجى، سودا - سانائەت تىجارەت بېجى، سودا - سانائەت تاپاۋەت بېجى، ماركا بېجى، قان بېجى، چارۋا مال سودىسى بېجى قاتارلىق سودا - سانائەت باجلىرى ئېلىندى. 1954 - يىلى يەنە باشقا كىرىم بېجى ۋە ئېلىپ سېتىش كىرىم بېجى قوشۇلدى. 1956 - يىلى مەدەنىيەت مەشغۇلات بېجى قوشۇلدى. 1959 - يىلى بىر تۇتاش سودا - سانائەت بېجى يولغا قويۇلۇپ، بىر تۇتاش سودا - سانائەت بېجى، سودا - سانائەت تاپاۋەت بېجى، قان بېجى، چارۋا مال سودىسى بېجى ۋە مەدەنىي مەشغۇلات بېجى قاتارلىق باجلار ئېلىندى. 1960 - يىلى يەرلىك قوشۇمچە باج قوشۇلدى. 1962 - يىلى قاتناش ۋاسىتىلىرى نومۇر تاختىسى بېجى ۋە بازار سودىسى بېجى قوشۇلدى. 1964 - يىلى جەرىمانە قوشۇلدى. 1973 - يىلى باج تۈرلىرى قوشۇۋېتىلىپ، باج ئېلىش چارىسى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، سودا - سانائەت تاپاۋەت بېجى، قان بېجى، چارۋا مال سودىسى بېجى، بازار سودىسى بېجى ۋە تۇز بېجىدىن ئىبارەت 5 خىل سودا - سانائەت بېجى ئېلىنىدىغان بولدى. 1985 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ پايدا تاپشۇرۇشى باج ئېلىشقا ئۆزگەرتىلىپ، سودا - سانائەت بېجى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، مەھسۇلات بېجى (باج نىسبىتى 5% - 10%)، تىجارەت بېجى (باج نىسبىتى 3% - 5%)، سودا - سانائەت تاپاۋەت بېجى (8 دەرىجىلىك نورمىدىن ئاشقان پروگرېسسىپلىك باج نىسبىتى 10% - 55% بويىچە ھېسابلاپ ئېلىنىدى)، شەھەر قۇرۇلۇشى بېجى (باج نىسبىتى 5%)، قان بېجى (باج نىسبىتى 4%)، چارۋا مال سودىسى بېجى (باج نىسبىتى 5%)، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى (باج نىسبىتى سودا - سانائەت تاپاۋەت بېجىنىڭكىگە ئوخشاش) قاتارلىق باجلار ئېلىنىدىغان بولدى.

## مىنگو دەۋرىدىكى قىسمەن يىللاردا ئېلىنغان مۇھىم سودا ـ سانائەت باجلىرىنىڭ تۈرلىرى

جەدۋەل: 12 — 4　　　　بىرلىكى: يۈەن (يېڭى ئۆلكە پۇلى)

| يىللار / تۈرى | مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) | مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) | مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) ئالدىنقى يېرىم يىل | مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) | مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) ئالدىنقى يېرىم يىل |
|---|---|---|---|---|---|
| تىجارەت كىنىشكىسى | 6492.90 | 4617.92 | 3050.87 | 43328.32 | 266679 |
| تىجارەت كىنىشكىسى ئىشلىتىش بېجى | | 961.50 | 865 | 1690 | 21035 |
| تىجارەت بېجى | 4478.51 | 12875.74 | 9146.58 | 189871.46 | 948270 |
| تۇياق بېجى | 8167.33 | 14461.51 | 11248.28 | 354160.60 | 687950 |
| قان بېجى | 5341.26 | 2424.15 | 2019.29 | 60928.78 | 380820 |
| تۇز بېجى | 3027.80 | 3964.92 | | | |
| توختامنامە بېجى | 601.12 | | | 12190 | 319500 |
| زىبايەت سېلىقى | | 491.63 | 492.45 | 11870 | 173900 |
| ئۆي سېلىقى | | 359.10 | 278.40 | 2863.90 | 183600 |
| يەر باھاسى بېجى | | | 988 | | |
| تاماكا ـ هاراق بېجى | 40 | | | | |
| تاماكا ـ هاراق ئالاھىدە بېجى | 84 | 483 | 331.20 | 1080 | |
| ئاشلىق سورۇنلىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش بېجى | 233.46 | 1225.50 | 748.91 | 23602.80 | |
| جەرىمانە پۇلى | 808.84 | | 459.27 | | 212816 |
| ماركا بېجى | 993.12 | 4821.33 | 2779.43 | 85902.14, | 455567.50 |
| ئۆۋ كىنىشكىسى بېجى | 601.12 | | | | |
| جەمئىي | 30861.46 | 46686.30 | 32407.68 | 787496 | 3650137.50 |

## چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 1985 ـ يىللىق سودا ـ سانائەت بېجى كىرىمى

جەدۋەل: 12 — 5　　　　بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| باج تۈرلىرى | جەمئىي | ئىگىلىك تىپلىرى | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | دۆلەت ئىگىلىكى | كوللېكتىپ | يەككە | باشقىلار |
| مەھسۇلات بېجى | 134.02 | 78.46 | 55.31 | 0.16 | 0.09 |
| تىجارەت بېجى | 32.95 | 15.91 | 12.50 | 2.94 | 1.60 |
| سودا ـ سانائەت تاپاۋەت بېجى | 52.40 | 1.47 | 50.68 | 0.25 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| شەھەر قۇرۇلۇش بېجى | 5.46 | 4.72 | 0.66 | 0.08 | |
| قان بېجى | 0.47 | 0.15 | 0.02 | 0.01 | 0.29 |
| چارۋا مال سودىسى بېجى | 1.22 | 0.33 | | 0.08 | 0.81 |
| دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار مۇكاپات پۇلى بېجى | 1.19 | 1.19 | | | |
| باشقىلار | 8.61 | 8.08 | 0.50 | 0.03 | |
| جەمئىي باج كىرىمى | 236.32 | 110.31 | 119.67 | 3.55 | 2.79 |

# III باب

# پۇل مۇئامىلە

## 1 § . پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى

### 1. مىنگو دەۋرىدىكى ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) شىنجاڭ سودا بانكىسىنىڭ قاراشەھەر شۆبىسى چاقىلىق ناھىيىسىدە ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلغان، بۇ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تارىخىدىكى تۇنجى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى، شۇ يىلى ئۈرۈمچى باش بانكىسىنىڭ قاراشەھەر شۆبە بانكىسىنىڭ ناھىيىلەردىكى ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىغا چۈشۈرگەن ئومۇمىي پىلانىدا چاقىلىق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ پىرېۋوت كىرىمى 50 مىڭ يۈەن، پىرېۋوت چىقىمىمۇ 50 مىڭ يۈەن بولۇپ، قاراشەھەر شۆبە بانكىسىنىڭ 4 ئىش بېجىرىش ئورنى (كورلا، بۈگۈر، چەرچەن، چاقىلىق) بويىچە ئەڭ ئاخىرىدا تۇرغان. ئىش بېجىرىش ئورنى 1950 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

### 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاپپاراتلار

1) خەلق بانكىسىنىڭ چاقىلىق ناھىيىلىك تارماق بانكىسى 1951 ـ يىل 11. ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئاجىيەنشىن (ئابلىز موللايوپ) قاتارلىقلارنى چاقىلىق ناھىيىسىگە تارماق بانكا قۇرۇشقا ئەۋەتتى، ئاجىيەنشىن مۇۋەققەت بانكا باشلىقى بولدى، تارماق بانكا قاراشەھەر ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ قارىمىقىدا بولدى. 1956 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك تارماق بانكا كورلا ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1953 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك تارماق بانكا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ۋاششەرى، مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانى، جەنۇبىي تاغ باشقۇرۇش رايونىدا

بېردىن تىجارەت ئورنى تەسىس قىلدى. 1955 ـ يىلى ناھىيىلىك تارماق بانكا ۋاششەرى، تىكەنلىك، ئۈتام يېزىلىرىدا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى قۇردى. 1956 ـ يىلى ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كاتىبات بۆلۈمچىسى، بوغالتىر بۆلۈمچىسى ۋە كەسپىي بۆلۈمچە تەسىس قىلىندى.

1982 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق بانكىسى جەنۇبىي تاغ رايونلۇق تىجارەت ئورنىنىڭ نامى يېتىمبۇلاق ئىش بېجىرىش ئورنى دەپ ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا 36 ـ تۇەن تاشپاختا كېنى شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى.

2) يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ چاقىلىق ناھىيىلىك تارماق بانكىسى 1964 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ چاقىلىق ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلۇپ، ئىلگىرىكى خەلق بانكىسىغا قارايدىغان ۋاششەرى، مىرەن تىجارەت ئورۇنلىرى ۋە 3 يېزىدىكى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەمۇرىي ئىشلار، كەسپىي ئىشلار، بوغالتىر بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مىرەن تىجارەت ئورنى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شى تارماق بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1975 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ باشقۇرۇشىغا قايتۇرۇپ بېرىلدى، 1980 ـ يىل 3 ـ ئايدا يەنە يېزا ئىگىلىك بانكىسى بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1965 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ چاقىلىق ناھىيىلىك تارماق بانكىسى خەلق بانكىسىنىڭ چاقىلىق ناھىيىلىك تارماق بانكىسىغا قوشۇۋېتىلدى، چاقىلىق ناھىيىلىك تارماق بانكىدا بانكا ئىشخانىسى، يېزا ئىگىلىك مەبلىغى بۆلۈمچىسى، پىلان ـ كرېدىت ـ خەلق پۇل ئامانىتى بۆلۈمچىسى، بوغالتىر ـ كاسسىر بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى.

1980 ـ يىل 7 ـ ئايدا خەلق بانكىسىنىڭ تارماق بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تارماق بانكىسى ئايرىلدى، ۋاششەرى تىجارەت ئورنى ۋە 3 يېزىدىكى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1985 ـ يىلى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى چاقىلىق ناھىيىلىك تارماق بانكىسىدا كادىرلار كاتىبات بۆلۈمچىسى، پىلان ـ كرېدىت بۆلۈمچىسى، بوغالتىر بۆلۈمچىسى، ۋاششەرى تىجارەت ئورنى ۋە ئۈتام، ۋاششەرى، تىكەنلىك ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى تەسىس قىلىندى.

3) سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ چاقىلىق ناھىيىلىك تارماق بانكىسى 1985 ـ يىل 1 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق بانكىسى بىلەن سودا ـ سانائەت بانكىسى ئايرىلدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ چاقىلىق ناھىيىلىك تارماق بانكىسىدا كادىرلار ـ كاتىبات بۆلۈمچىسى، خەلق پۇل ئامانىتى بۆلۈمچىسى، پىلان ـ كرېدىت بۆلۈمچىسى، بوغالتىر بۆلۈمچىسى، چىمەنتاغ (ئىلگىرىكى جەنۇبىي تاغ رايونى) شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىندى.

## § 2 . پۇل ۋە كاسسىرلىق

### 1. پۇلنىڭ تۈرلىرى

1) ئالتۇن ـ كۈمۈش پۇل چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگونىڭ باشلىرىدا

چاقىلىق ناھىيىسىدە «سەر» بىرلىك قىلىنغان كۈمۈش تەڭگە قاتارلىق ئالتۇن - كۈمۈش پۇل ئوبوروت قىلىنغان. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 8 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كۈمۈش پۇل ئوبوروتىنى توختىتىش ھەققىدە ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، «ئالتۇن - كۈمۈشنى ھۆكۈمەت ئېلىپ سېتىش» تۈزۈمىنى يولغا قويغان، بىر سەر كۈمۈشكە 3.30 يۈەن شىنجاڭ پۇلى تېگىشكەن، ئەمەلىيەتتە ئالتۇن - كۈمۈش پۇل ئوبوروتى پۈتۈنلەي توختىمىغان.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 5 - ئايدا شىنجاڭنىڭ قەغەز پۇلى ئۆلكە ئۆزى قويغان كۈمۈش تەڭگىگە ئۆزگەرتىلگەن، ھەر تەڭگىنىڭ كۈمۈش مىقدارى 7 مىسقال 2 پۇڭ بولۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قويۇلغان تەڭگىنىڭ قىممىتى بىلەن تەڭ قىلىنغان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە خەلق ئارىسىدا ساقلانغان كۈمۈش تەڭگىنى ئوبوروت قىلىشقا رۇخسەت قىلغان ھەمدە كۈمۈش تەڭگە ھەر سەرى بىر يۈەن 2 مو قىممىتىدە يېڭىۋاشتىن بازارغا سېلىنغان، لېكىن چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ پۇل مۇئامىلىسىدە يەنىلا تەڭگە ئاساس قىلىنغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 - يىلى چاقىلىقتا خەلق پۇلى تارقىتىلدى، 1952 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىپ، ئالتۇن، كۈمۈش، تەڭگىلەرنى جۇڭگو خەلق بانكىسى بىر تۇتاش تېگىشىپ بېرىدۇ، ئالتۇن، كۈمۈش، پۇل - تەڭگىلەر ئوبوروتى توختىتىلىدۇ، دەپ بەلگىلىدى.

1953 — 1954 - يىللىرى خەلق بانكىسىنىڭ چاقىلىق ناھىيىلىك تارماق بانكىسى جەمئىي 36 مىليون 10 مىڭ 836 يۈەنلىك (كونا خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئالتۇن، كۈمۈش تېگىشىپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتا ھەر سەر ئالتۇن 963 مىڭ 600 يۈەن خەلق پۇلىغا، ھەر سەر كۈمۈش 7300 يۈەن خەلق پۇلىغا، ئا دەرىجىلىك تەڭگە 6200 يۈەنگە، ب دەرىجىلىك تەڭگە 6000 يۈەنگە تېگىشىپ بېرىلدى.

2) يېڭى ئۆلكە پۇلى مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ سودا بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۈەن بىرلىك قىلىنغان يېڭى ئۆلكە پۇلى تارقىتىلغان، ئۇ، ئەينى ۋاقىتتا چاقىلىقنىڭ بازارلىرىدا ئوبوروت قىلىنغان قەغەز پۇللارنىڭ بىرى. گومىنداڭ كۈچلىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، گومىنداڭ مەركىزىي بانكىسى تارقاتقان قەغەز دوللارمۇ شىنجاڭغا كۆپلەپ كىردى، بۇنىڭ بىلەن يېڭى ئۆلكە پۇلىنىڭ كۇرسى تېز تۆۋەنلىدى، مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) غا كەلگەندە يېڭى ئۆلكە پۇلى كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى.

3) گۈەنجىن پۇلى مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 11 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تارقاتقان گۈەنجىن قەغەز پۇلى شىنجاڭغا كىرىپ، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدا تېخىمۇ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا بىر يۈەن يېڭى ئۆلكە پۇلى 2 مو 5 پۇڭ گۈەنجىن پۇلىغا سۇندۇرۇلدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، گۈەنجىن پۇلىنى رەسمىي باھا ھېسابلاش ئۆلچىمى قىلدى، بىر يۈەن يېڭى ئۆلكە پۇلى 5 يۈەن گۈەنجىن پۇلىغا سۇندۇرۇلدى، گۈەنجىنىنىڭ كۇرسى 20 ھەسسە چۈشۈپ كەتتى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، تەڭگە تىزا تارقىتىپ، گۈەنجىن پۇلىنىڭ ئوبوروتىنى توختاتقان بولسىمۇ، لېكىن مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) غا كەلگەندە

گوەنجىن پۇلى ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا يەنىلا كۆپلەپ كىرىپ تۇردى، بۇ چاغدا چاقىلىق بازارلىرىدىمۇ گوەنجىن پۇلى پەيدا بولدى.

4) تەڭگە تىزا مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 5 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەڭگە پۇل تارقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىممىتى تەڭگە پۇلغا باراۋەر كېلىدىغان بىر يۈەنلىك، 5 يۈەنلىك، 10 يۈەنلىك تەڭگە تىزىمۇ تارقاتتى. بۇنىڭغا قوشۇپ بىر پۇڭلۇق، 2 پۇڭلۇق، بىر مولۇق، 2 مولۇق، 5 مولۇق قوشۇمچە پۇلمۇ تارقاتتى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يەنە 6000 يۈەن يېڭى ئۆلكە پۇلىنى بىر يۈەن تەڭگە تىزىغا ئالماشتۇرۇش نىسبىتى بويىچە يېڭى ئۆلكە پۇلىنى يىغىۋېلىشنىمۇ بەلگىلىدى. 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا چاقىلىقتا ئاز ساندا تەڭگە تىزا ئوبوروت بولۇشقا باشلىدى، لېكىن بۇ چاغدا تەڭگە تىزا بىلەن تەڭگە پۇلىنىڭ بازاردىكى سېلىشتۇرما باھاسى 1:1دىن 1:12گە چۈشۈپ قالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ 1951 - يىلى چاقىلىقتا خەلق پۇلى تارقىتىلغاندىن كېيىن، تەڭگە تىزىنىڭ بازاردا ئوبوروت قىلىنىشى توختىتىلدى ھەمدە خەلق بانكىسىنىڭ چاقىلىق ناھىيىلىك تارماق بانكىسى ھەر يۈەن تەڭگە تىزىنى 350 يۈەن خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ يىغىۋالدى. 1951-يىلدىن 1955 - يىلغىچە جەمئىي 115 مىليون 140 مىڭ 800 يۈەن (كونا پۇل)لىك تەڭگە تىزا يىغىۋېلىندى.

5) خەلق پۇلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 - يىل 11 - ئاينىڭ 11-كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ چاقىلىق تارماق بانكىسى قۇرۇلدى ۋە خەلق پۇلى (كونا پۇل) تارقىتىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلق پۇلى چاقىلىق بازارلىرىدا ئوبوروت بولۇۋاتقان باشقا پۇللارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

1955 - يىلى دۆلەت تارقاتقان 11 خىل يېڭى خەلق پۇلى چاقىلىق بازىرىغا كىردى، كونا خەلق پۇلى 1:10000 نىسبەت بويىچە يىغىۋېلىندى. يىل ئاخىرىغىچە 763 مىليون 462 مىڭ 300 يۈەنلىك كونا خەلق پۇلى يىغىۋېلىندى.

## 2. نەق پۇل كاسسىرلىقى

چاقىلىق ئەزەلدىن پۇل تارقىتىدىغان ۋە پۇلى سىرتقا چىقىپ كېتىدىغان ناھىيە بولۇپ كەلدى.

1955 - يىلى يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىلدى، شۇ يىلى تارقىتىلغان خەلق پۇلى 217 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. 1955 - يىلدىن 1963 - يىل 9 - ئايغىچە ناھىيە بويىچە جەمئىي 985 مىڭ 100 يۈەن پۇل تارقىتىلدى، 916 مىڭ 500 يۈەن پۇل سىرتقا چىقىپ كەتتى، 1957-يىلى 54 مىڭ 600 يۈەن پۇل خەزىنىگە قايتقاندىن سىرت، قالغان يىللارنىڭ ھەممىسىدە پۇل تارقىلىپ تۇردى.

1978 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە مائاشنىڭ تەڭشىلىشى، مۇكاپات پۇلىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئۇدا نەچچە يىل مول ھوسۇل ئېلىنىشى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا نەق پۇلنىڭ تىنىچ نىسبىتىنىڭ ئېشىشى، ئىجتىمائىي سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ ئېشىش ھەجىمىنىڭ تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىنىڭ ئېشىش ھەجىمىدىن ئېشىپ كېتىشى، يەككە سودا - سانائەتنىڭ تېز راۋاجلىنىشى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، چاقىلىق ناھىيىسىدە تارقىتىلغان نەق پۇل يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى، خەزىنىگە قايتقىنى تارقىتىلغىنىنىڭ

ئاران %25نىلا ئىگىلىدى.

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ نەق پۇل چىقىمىدا مائاش خاراكتېرلىك چىقىم بىلەن شەخسلەرنىڭ باشقا چىقىملىرى ئەڭ كۆپ بولدى، ئامانەت پۇل چىقىمى، كرېدىت چىقىمى، يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ چىقىمى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى، مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى چىقىمى، قىسىملارنىڭ ئامانەت پۇل چىقىمى ۋە پېرېۋوت چىقىمى ئۇلاردىن كېيىن تۇردى.

1977 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ نەق پۇل كىرىمىدە تاۋار سېتىش كىرىمى، ئامانەت پۇل كىرىمى ئاساسىي ئورۇندا تۇردى، پوچتا پېرېۋوت كىرىمى، مۇلازىمەت كىرىمى ئۇنىڭدىن كېيىن تۇردى. 1983 - يىلدىن باشلاپ ئامانەت پۇل كىرىمى تاۋار سېتىش كىرىمىدىن ئېشىپ كەتتى، يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ كىرىمى ۋە باج كىرىمى يىلمۇ يىل ئاشتى.

## § 3 . ئامانەت پۇل، كرېدىت

### 1. ئامانەت پۇل

1) ئامانەت پۇل 1951 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە خەلق بانكىسى قۇرۇلدى، ئۇ دۆلەتنىڭ نەق پۇل باشقۇرۇشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئىدارە، جەمئىيەتلەر، قىسىملار، دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كوللېكتىپ كارخانىلار، يەككە سودا - سانائەتچىلەر ئارىسىدا پۇل ئامانەت ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا باشلىدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي 78 مىڭ 500 يۈەن ئامانەت پۇل جەلپ قىلىندى، بۇنىڭ 1300 يۈەنى يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ، 2600 يۈەنى كارخانىلارنىڭ، 74 مىڭ 600 يۈەنى ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ. بانكىدا ھېساب ئاچقان ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە خۇسۇسىيلار 13 بولۇپ، بۇنىڭ 5ى يەككە سودا - سانائەتچى. 1965- يىلى ھېساب ئاچقان ئورۇن كۆپىيىپ 118گە، ئامانەت پۇل 594 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. 1979- يىلى ھېساب ئاچقان ئورۇن 187گە، ئامانەت پۇل 3 مىليون 910 مىڭ 800 يۈەنگە، 1985- يىلى ئامانەت پۇل 4 مىليون 296 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

1951 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە جەمئىي 80 مىليون 50 مىڭ 100 يۈەن ئامانەت پۇل جەلپ قىلىندى، بۇ، يىلىغا 2 مىليون 287 مىڭ 100 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ.

چاقىلىق ناھىيىسىدە قۇرۇلۇش بانكىسى قۇرۇلمىدى، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىگە خەلق بانكىسى، سودا - سانائەت بانكىسى ۋاكالىتەن نازارەتچىلىك قىلدى.

2) خەلق پۇل ئامانىتى 1951 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە خەلق بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەرەلسىز پۇل ئامانىتىدىن ئىبارەت بىر خىللا پۇل ئامانەت تۈرى يولغا قويۇلدى، شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ئاران 2 ئائىلە پۇل ئامانىتىگە قاتنىشىپ، 660 مىڭ يۈەن (كونا پۇل) ئامانەت قويدى.

1952 - يىلدىن باشلاپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەرەلسىز پۇل ئامانىتى، قىممىتى ساقلىنىدىغان پۇل ئامانىتى، سوممىسى تۇراقلىق قەرەللىك پۇل ئامانىتى قاتارلىق پۇل ئامانەت كەسپلىرى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خەلق پۇل ئامانىتى قالدۇقى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1965- يىلى خەلق پۇل ئامانىتى قالدۇقى 117 مىڭ يۈەنگە، 1975 - يىلى 1 مىليون 126 مىڭ

400 يۈەنگە يەتتى. 80 - يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، خەلق ئامىمىسىنىڭ كىرىمى ئۈزلۈكسىز ئاشقانلىقى ۋە دۆلەت خەلق پۇل ئامانىتى ئۆسۈمىنى 2 قېتىم ئۆستۈرگەنلىكى ئۈچۈن، بازار، يېزىلاردا ئامانەت پۇل ناھايىتى تېز كۆپەيدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 974 ئائىلە ئامانەت قويدى، خەلق پۇل ئامانىتى كەسپى 654 مىڭ 4 قېتىم بېجىرىلدى، خەلق پۇل ئامانىتى قالدۇقى 4 مىليون 725 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

## 2. كرېدىت

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ سانائەت، سودا ۋە يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى ئىنتايىن زەئىپ ئىدى، ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئۆز - ئۆزىنى قامدايدىغان ناتۇرال ئىگىلىك بولۇپ، بازار - يېزا خەلقىنىڭ مالىيە كۈچى ئاجىز ئىدى، شىنجاڭ سودا بانكىسى قاراشەھەر تارماق بانكىسى چاقىلىق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ قەرز بەرگىدەك پۇلىمۇ يوق ئىدى.

**1951 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە چاقىلىق ناھىيىسىدە ئومۇم ۋە خۇسۇسىلار قويغان ئامانەت پۇل ۋە خەلق پۇل ئامانىتىنىڭ ئەھۋالى**

جەدۋەل: 12 — 6

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىللار | ئامانەت پۇل | | | | | خەلق پۇل ئامانىتى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاساسىي قۇرۇلۇش | ئىدارە، جەمئىيەتلەر | يەككە سودا - سانائەتچىلەر | كارخانىلار | يېزا ئىگىلىكى (ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى) | قەرەلسىز | قەرەللىك |
| 1951 | | 7.46 | 0.13 | | | 0.0066 | |
| 1952 | | 24.19 | 0.27 | | | 0.26 | 0.69 |
| 1953 | | 3.13 | 0.49 | | | 0.35 | 5.99 |
| 1954 | | 2.32 | 0.18 | | | 2.57 | 49.58 |
| 1955 | | 6.04 | 0.40 | 0.26 | 0.62 | | |
| 1956 | | 3.92 | | 5.41 | 3.98 | | |
| 1957 | | 1.23 | | 1.62 | 6.37 | | |
| 1958 | | 5.37 | | 6.22 | 9.30 | | |
| 1959 | 2.10 | 8.36 | | 68.34 | 14.79 | 2.60 | 11.23 |
| 1960 | 3.10 | 16.99 | | 94.34 | 25.65 | 5.27 | 23.25 |
| 1961 | 2.37 | 11.12 | | 8.98 | 30.05 | 0.47 | 17.72 |
| 1962 | 6.29 | 7.58 | | 13.95 | 17.16 | 1.41 | 12.45 |
| 1963 | 0.68 | 6.84 | | 14.16 | 18.62 | 1.58 | 11.76 |
| 1964 | 2.70 | 7 | | 17.22 | 14.81 | 1.70 | 14.23 |
| 1965 | 3.01 | 10.33 | | 22.59 | 23.56 | 1.57 | 15.53 |
| 1966 | 2.79 | 11.05 | | 107.40 | 40.92 | 3.16 | 17.17 |
| 1967 | 17.98 | 14.04 | | 97.47 | 64.79 | 4.01 | 21.47 |
| 1968 | 10.89 | 13.44 | | 64.79 | 58.79 | 3.44 | 23.40 |
| 1969 | 10.84 | 18.57 | | 104.10 | 66.13 | 2.96 | 23.26 |
| 1970 | 10.53 | 37.24 | | 72.91 | 89.30 | 2.95 | 24.58 |
| 1971 | 14.79 | 33.42 | | 119.83 | 89.78 | 2.94 | 24.70 |
| 1972 | 8.30 | 47.8 | | 140.15 | 112.97 | 4.11 | 26.31 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 29.33 | 4.46 | 132.20 | 93.82 | | 113.75 | 47.75 | 1973 |
| 38.77 | 17.97 | 161.80 | 173.71 | | 77.77 | 37.98 | 1974 |
| 93.58 | 19.06 | 188.52 | 183.22 | | 114.21 | 58.53 | 1975 |
| 90.39 | 18.57 | 185.26 | 233.85 | | 125.40 | 57.78 | 1976 |
| 95.13 | 20.80 | 223.93 | 210.14 | | 88.68 | 26.90 | 1977 |
| 97.27 | 16.62 | 337.71 | 196.01 | | 75.72 | 66.61 | 1978 |
| 110.29 | 21.37 | 157.03 | 134.75 | | 91.08 | 8.22 | 1979 |
| 89.62 | 20.92 | 126.29 | 119.64 | | 50.91 | 10.20 | 1980 |
| 119.98 | 26.03 | 154.94 | 144.39 | | 75.20 | 6.23 | 1981 |
| 166.67 | 32.94 | 285.56 | 142.59 | 0.19 | 46.94 | 19.98 | 1982 |
| 237.38 | 44.68 | 235.27 | 210.26 | 0.55 | 57.05 | 30.78 | 1983 |
| 342.33 | 54.31 | 212.20 | 162.75 | 2.29 | 93.60 | 43.94 | 1984 |
| 399.48 | 73.04 | 136.07 | 178.80 | 7.24 | 53.31 | 54.20 | 1985 |

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 ـ يىلى قۇرۇلغان ناھىيىلىك خەلق بانكىسى پۇلنى ئازايتىپ ۋە مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى قوللاپ، چاقىلىق ناھىيىسىدە تاۋار بىلەن تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، يېڭى قۇرۇلغان تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىغا ۋە 14 خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىگە 64 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) قەرز تارقاتتى.

1951 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە سودىغا بېرىلگەن قەرز بارغانسېرى كۆپەيدى، 1985 ـ يىلى سودىغا بېرىلگەن قەرز 2 مىليون 736 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن 35 يىل ئىچىدە قەرز ئەڭ كۆپ بېرىلگەن بىر يىل بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا يار ـ يۆلەك بولۇش پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، يېزا ئىگىلىكىگە پۇل قەرز بېرىش ناھىيىلىك بانكا كىرىدىتىنىڭ مەركىزى قىلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا قەرز پۇل بېرىش 1952 ـ يىلى باشلاندى، 1956 ـ يىلى 200 مىڭ يۈەن، 1975 ـ يىلى 300 مىڭ يۈەن، 1984 ـ يىلى 400 مىڭ يۈەن، 1985 ـ يىلى 600 مىڭ يۈەن بېرىلدى.

1951 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان 35 يىل ئىچىدە ناھىيە بويىچە جەمئىي 39 مىليون 357 مىڭ 300 يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى، بۇ، يىلىغا 1 مىليون 124 مىڭ 500 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ.

## § 4 . پېرېۋوت قىلىش ۋە راسچوت قىلىش

مىنگو دەۋرىدە سودا بانكىسىنىڭ چاقىلىق ئىش بېجىرىش ئورنى پېرېۋوت كەسپىنى يولغا قويغان، ئەينى ۋاقىتتا پېرېۋوت قىلىنغان پۇللارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك ھۆكۈمەت مالىيە خىراجىتى ۋە باج سوممىسى بولۇپ، يىللىق پېرېۋوت چىقىمى ۋە كىرىمى 50 مىڭ يۈەن ئۆپچۆرىسىدە بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق بانكىسى قۇرۇلۇپلا ئۆلكە ئىچىدە ھېساب ـ كىتاب قىلىش كەسپىنى يولغا قويدى. 1951 ـ يىلى ھېساب ـ كىتاب قىلىنغان

سومما 10 مىڭ 300 يۈەن بولدى. 1952 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە «پېرېۋوت چېكى» ئارقىلىق ھېساب - كىتاب قىلىش چارىسى يولغا قويۇلدى.
1953 - يىلدىن باشلاپ چاقىلىق ناھىيىسىدە ھاۋالە بويىچە پۇل چېكى كىرىم قىلىش، چىقىم قىلماسلىق، ھاۋالە بويىچە كىرىم - چىقىم قىلىش، تېلېگراممىا ئارقىلىق ئەۋەتىش قاتارلىق ھېساب - كىتاب قىلىش ئۇسۇللىرى يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا شەخسلەر پۇل پېرېۋوتى يولغا قويۇلدى.
1959 - يىلدىن باشلاپ «ئۆزى ئاپىرىدىغان پېرېۋوت» بىلەن ھېساب - كىتاب قىلىش ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى.
1974 - يىلى ناھىيىلىك خەلق بانكىسى مەملىكەت دائىرىسىدە 43 قېتىم، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە 96 قېتىم، ناھىيە دائىرىسىدە 129 قېتىم پۇل پېرېۋوتىنى بېجىردى.
ناھىيىلىك خەلق بانكىسى 1980 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ باشقا جايلارنىڭ ھاۋالىسى بويىچە پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھېساب - كىتاب قىلىشنى يولغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەھەر - يېزىلاردا چەكلىك سوممىلىق ھېساب - كىتاب قىلىش كەسپىنى يولغا قويدى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك سودا - سانائەت بانكىسى پۇل چېكى ئارقىلىق ھېساب - كىتاب قىلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى.

## § 5 . قەرز چېكى

### 1. مۇقىم باھا ھېسابىدىكى خەلق غالىبىيەت زايومى

1950 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە مۇقىم باھا ھېسابىدىكى خەلق غالىبىيەت زايومى تارقىتىلدى، دۆلەت زايوم ئالغانلارنى باھانىڭ ئۆسۈشى تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، زايومنى شۇ يەردىكى باھا بويىچە ھېسابلاشنى، «دانە»نى بىرلىك قىلىشنى بەلگىلىدى. چاقىلىق ناھىيىسى چاقىلىقنىڭ باھا ئەھۋالىغا ئاساسەن ھەر «دانە»نى 5 جىڭ گۈرۈچ، 1.5 جىڭ ئۇن، 4 گەز خەسە، 16 جىڭ كۆمۈرگە سۇندۇردى. زايومنىڭ يىللىق ئۆسۈمى 5 لى، قايتۇرۇلىدىغان ۋاقتى 5 يىل بولدى، ناھىيە بويىچە جەمئىي 3404 دانە زايوم تارقىتىلدى.

### 2. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى

چاقىلىق ناھىيىسىدە 1954 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە يىللىق ئۆسۈمى 4 لى، قايتۇرۇلىدىغان ۋاقتى 8 يىل ۋە 10 يىل بولغان 2 خىل دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىلدى. 1954 - يىلى 8 يىللىق زايوم تارقىتىلدى، 1955 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە 10 يىللىق زايوم تارقىتىلدى. ناھىيە بويىچە 1954 - يىلى 9330 يۈەنلىك، 1955 - يىلى 5807 يۈەنلىك، 1958 - يىلى 64 مىڭ 317 يۈەنلىك زايوم تارقىتىلدى.

### 3. دۆلەت خەزىنە چېكى

چاقىلىق ناھىيىسىدە 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە دۆلەت خەزىنە چېكى تارقىتىلدى، ئىدارىلەر سېتىۋالغىنىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى 4 لى، شەخسلەر سېتىۋالغىنىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى

8 لى بولۇپ، تارقىتىلغاندىن كېيىنكى 6 - يىلدىن باشلاپ دىرى بىلەن ئۆسۈمى 5 يىلغا بۆلۈپ قايتۇرۇلدى.

**چاقىلىق ناھىيىسىدە 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە دۆلەت خەزىنە چېكىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 12 — 7 بىرلىكى: يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | يۇقىرىدىن تەقسىم قىلىنغان ۋەزىپە | شۇ يىلى تاپشۇرۇلىدىغان پۇل | ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى (%) |
|---|---|---|---|
| 1981 | 20000 | 20000 | 100 |
| 1982 | 87000 | 119891 | 137.80 |
| 1983 | 76500 | 113015 | 147.7 |
| 1984 | 85500 | 146600 | 171.46 |
| 1985 | 153900 | 216820 | 141 |

## 6 § . يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى

1955 - يىلى ۋاششەرى، تىكەنلىك، ئۆتام يېزىلىرىدا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېزىلاردا پۇل ئامانىتىنى پائال تەشكىللەپ، كىرىدىت مەبلەغ مەنبەسىنى كېڭەيتتى. 1955 - يىلى ھەر بىر كوپېراتىپنىڭ پاي سوممىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11 مىڭ 375 يۈەنگە، ئامانەت پۇلى 1641 يۈەن بىر مو 9 پۇڭغا يەتتى. 1956 - يىل 4 - ئايغا كەلگەندە، كوپېراتىپلارنىڭ ناھىيىلىك خەلق بانكىسىغا يۆتكەپ قويغان ئامانەت پۇلىنىڭ قالدۇقى 16 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، بۇ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزا ئامانەت - قەرز مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىشتە زور رول ئوينىدى.

1958 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا چاقىلىق ناھىيىسىدە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملىشىپ بولدى، كوپېراتىپقا كىرگەن دېھقان ئائىلىسى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 71.4%نى ئىگىلىدى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى جەلپ قىلغان ئامانەت پۇل 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا چاقىلىق ناھىيىسىدىكى 3 ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ پاي سوممىسى جەمئىي 6100 يۈەنگە، پايدا ۋە قالدۇق 8600 يۈەنگە، جەلپ قىلغان ئامانەت پۇل 63 مىڭ يۈەنگە، تارقاتقان قەرز پۇل 22 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1980 - يىلى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1984 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بانكىسى «گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ‹ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى دوكلاتى›نى ئىزچىللاشتۇرۇش لايىھىسى»نى بېسىپ تارقاتقاندىن

كېيىن، چاقىلىق ناھىيىلىك ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى ئۆزىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، «ھۆكۈمەت باشقۇرۇش»تىن «خەلق باشقۇرۇش»قا ئۆتۈپ، ئۆسۈمى تۇراقسىز قەرز پۇل بېرىشنى يولغا قويۇپ، ھۆددىگەر ئائىلىلەرنى، كەسپىي ئائىلىلەر (ئۇقتىلىق ئائىلىلەر)نى ۋە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن تۇراقسىز مەبلەغ ئوبوروتىنى قوللاشنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇستەقىل ئىگىلىك باشقۇرۇپ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىپ، پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولدى، خەۋپ - خەتەرنى ئۆزى ئۈستىگە ئالدى. يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىنىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئۈزلۈكسىز ئاشقانلىقتىن، 1976 - يىلدىن 1985-يىلغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە يېزا ئامانەت پۇلى ۋە دېھقانلارنىڭ شەخسىي ئامانەت پۇلى قاتارلىق ئامانەت پۇللىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قالدۇقى 1 مىليون 250 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

**ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئامانەت پۇل قالدۇقى ۋە قەرز پۇل قالدۇقى**

جەدۋەل: 12 — 8
بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | ئامانەت پۇل قالدۇقى | قەرز پۇل قالدۇقى |
|---|---|---|
| 1980 | 6.7 | 15.3 |
| 1981 | 8.8 | 11.7 |
| 1982 | 23.5 | 14.9 |
| 1983 | 45 | 19.7 |
| 1984 | 64.9 | 62.9 |
| 1985 | 61 | 85.5 |

ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ مەبلەغ ئىشلىتىشتىكى ئاساسىي ئۇسۇلى قەرز پۇل تارقىتىش بولدى. چاقىلىق ناھىيىسىدىكى 3 ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشكە قىزغىن مۇلازىمەت قىلدى، گۈگۈشلىشىش ۋاقتىدا قەرز پۇلنى ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە بەردى، يىلىغا ئاز كەم 80 مىڭ يۈەندىن قەرز پۇل تارقاتتى. 1980 - يىلدىن كېيىن يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە، يېزىلاردا ئائىلە قوشۇمچە كەسىپنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلاردىكى ھۆددىگەر ئائىلە، كەسپىي ئائىلە قاتارلىق يېڭى بىرلەشمە گەۋدىلەر پەيدىنپەي ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ قەرز پۇل تارقىتىدىغان ئاساسىي ئوبيېكتىغا ئايلاندى.

## § 7 . سۇغۇرتا كەسپى

چاقىلىق ناھىيىسىدە سۇغۇرتا كەسپىنى يولغا قويۇش 1982 - يىل 1 - ئايدا باشلاندى، بۇنى ناھىيىلىك خەلق بانكىسى ۋاكالىتەن بېجىردى، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ۋە ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. 1982 - يىل 7 - ئايدا ناھىيە بويىچە 52

ئاپتوموبىلنىڭ 9ى سۇغۇرتىغا قاتناشتى، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %13.7 بولدى؛ ناھىيە بويىچە كارخانىلارنىڭ 4 مىليون 709 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلكىدىن 283 مىڭ يۈەنلىك مۈلكى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلدى، سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلۇش نىسبىتى %6 بولدى؛ ناھىيە بويىچە كارخانىلارنىڭ 2 مىليون 224 مىڭ يۈەنلىك تۇراقسىز مۈلكىدىن 435 مىڭ يۈەنلىك مۈلكى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلدى، سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلۇش نىسبىتى %20.4 بولدى؛ بۇنىڭدىن سىرت، يېمەكلىكلەر شىركىتى، نېفىت شىركىتى، سودا شىركىتى، ناھىيىلىك ئاپتوموبىل كالونى، «شىنخۇا» كىتابخانىسى، سۇ ئېلېكتر بۆلۈمى ۋە كىنوخانا قاتارلىق ئورۇنلار سۇغۇرتىغا پائال قاتناشتى، ناھىيىلىك خەلق بانكىسى جەمئىي 4744 يۈەن سۇغۇرتا ھەققى يىغىپ، بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكا چۈشۈرگەن ۋەزىپىنى %105.4 ئورۇندىدى.

1983 - يىلى 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق بانكىسى سۇغۇرتا كەسپى تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، كارخانا مال - مۈلكى سۇغۇرتىسى، مەملىكەت ئىچىدىكى ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى، ۋېلسىپىت سۇغۇرتىسى، ئائىلە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى، كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتا ۋە كوللېكتىپ تاسادىپىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى قاتارلىق 6 خىل سۇغۇرتا كەسپىنى يولغا قويدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيىلىك خەلق بانكىسى جەمئىي 5899 يۈەن سۇغۇرتا ھەققى يىغدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيىلىك خەلق بانكىسى يىغقان ھەر خىل سۇغۇرتا ھەققى 92 مىڭ 302 يۈەن بولدى، تۆلەم چىقىمى 65 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى.

## ئون ئۈچىنچى قىسىم

# مائارىپ، پەن - تېخنىكا

# ئون ئۈچىنچى قىسىم

# مائارىپ، پەن - تېخنىكا

## I باب

## مائارىپ

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 33 - يىلى (1907 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدە شۆتاڭ (كونىچە مەكتەپ) قۇرۇلغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى چاقىلىق ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھەم سىرتتىن كەلگەن سودىگەرلەردىن باشقا پۇقرالار ئومۇمەن ساۋاتسىز ئىدى.

مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدە ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى رەسمىي قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 27 - يىلىغىچە (1938 - يىلىغىچە) بولغان 10 يىل ئىچىدە، چاقىلىق ناھىيىسىدە مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 5كە، سىنىپ 20گە، ئوقۇغۇچى 700گە يەتكەن.

مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) قۇسەيىن قاتارلىق باندىتلار ئارقا - ئارقىدىن چاقىلىق ناھىيىسىگە كېلىپ 12 يىل بۇلاڭچىلىق قىلغانلىقى ۋە پاراكەندىچىلىك سالغانلىقى ئۈچۈن؛ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا زور تەسىر يەتكەن. مۇشۇ مەزگىلدە ناھىيە بويىچە مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 550 ئەتراپىدا بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، يېزىلاردا ئومۇمىيۈزلۈك مەكتەپ قۇرۇلدى، باشلانغۇچ مائارىپ مۇقىم راۋاجلاندۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇتۇش تەرتىپى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. 1958 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسى بويىچە تۇنجى ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مائارىپ ئىشلىرى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، ئوقۇتۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىققا خاتىمە بېرىلىپ، مائارىپ ئىشلىرى توغرا يولغا سېلىندى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مائارىپ ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملىشىپ، باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان بىر قەدەر مۇكەممەل مائارىپ سىستېمىسى شەكىللەندى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 5 يىللىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 2گە (بىرى مىللىي

مەكتەپ، بىرى خەنزۇچە مەكتەپ)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىرگە (مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ)، باشلانغۇچ مەكتەپ 14كە (مىللىي، خەنزۇ تولۇقسىز رۇشتى سىنىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يەتتى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 3712گە، ئوقۇتقۇچىسى 252گە؛ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى %97.4كە، مۇقىملىشىش نىسبىتى %97كە، ئومۇملىشىش نىسبىتى %96.1كە؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى %97.2گە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىش نىسبىتى %84كە؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىش نىسبىتى %78.1كە يەتتى. يۇقىرىدىكى نىسبەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە يەتتى.

## §1. مائارىپ ئاپپاراتلىرى

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە مائارىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى، ۋاڭ جۈپىڭ بۆلۈم باشلىقى بولدى، بۆلۈمگە بىر مۇپەتتىش، بىر خادىم قويۇلدى، ئۇلار ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كونا مائارىپ بۆلۈمىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، بىر بۆلۈم باشلىقى، بىر خادىم قويدى ھەمدە ھەر قايسى رايونلارغا بىردىن مەدەنىيەت - مائارىپ ياردەمچىسى قويدى. 1952 - يىل 12 - ئايدا ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمى مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1958 - يىلى بۇ بۆلۈم ناھىيىلىك سەھىيە - پەن - تېخنىكا بۆلۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە - پەن-تېخنىكا بۆلۈمى قىلىندى، ھەر قايسى يېزىلارغا بىردىن مەدەنىيەت - مائارىپ كادىرى قويۇلدى. 1980 - يىلى مەدەنىيەت - مائارىپ بىلەن سەھىيە ئايرىۋېتىلىپ، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1984 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىدا پۈتۈن ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان چاقىلىق ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا بىر ئىدارە باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 5 كادىر (مالىيە - بوغالتىرلىق خادىملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قويۇلدى.

## §2. بالىلار مائارىپى

### 1. يېزىلاردىكى پەسىللىك بالىلار مائارىپى

چاقىلىق ناھىيىسىدە بالىلار مائارىپى 1958 - يىلدىن باشلاندى، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دەۋرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى چوڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە پەسىللىك ئاددىي بالىلار باغچىلىرى قۇرۇلدى. بۇ بالىلار باغچىلىرى دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش چاغلىرىدا ئېچىلىپ، ئارىسال چاغلىرىدا تاقىۋېتىلەتتى. بالىلار باغچىسىنىڭ كۆپىنچىسى چوڭ ئەترەت ياكى كىچىك ئەترەتلەرنىڭ ئومۇمغا قاراشلىق ئۆيلىرىدە ئىدى، بالا باققۇچىلار ئومۇمەن شۇ جايدىكى ساۋاتلىق ئوتتۇرا ياش، ياش ئاياللار بولۇپ، بالىلارغا ناخشا، ئۇسۇل ئۆگىتەتتى. 1960 - يىلى ناھىيە بويىچە مۇشۇنداق بالىلار باغچىسى

10غا، باغچىدىكى بالا 338گە، بالا باققۇچى 35كە يەتكەن. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنىنىڭ پەسىيىشىگە ئەگىشىپ، 1962 - يىلدىن كېيىن بۇنداق پەسىللىك بالىلار باغچىلىرى بارا - بارا تارقىلىپ كەتتى.

## 2. بالىلار سىنىپى، بالىلار باغچىسى

1963 - يىلى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىدىغان يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ قارىمىقىدا خەلق باشقۇرىدىغان، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان بالىلار سىنىپى ئېچىلدى ۋە شۇ يىلى 4 ياشتىن 6 ياشقىچە بولغان 30 نەچچە بالا قوبۇل قىلىنىپ، بىر ئوقۇتقۇچى خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1963 - يىلى ناھىيە مالىيىسىدىن 500 يۈەن ئاجرىتىلىپ، بالىلار سىنىپىغا ئوقۇتۇش سايمانلىرى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ سىنىپقا ئوقۇشقا كىرگەن بالىلارنىڭ ھەربىرى ئايدا 1.50 يۈەندىن پارچە - پۇرات خىراجەت ھەققى تاپشۇردى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئايلىق مائاشى 30 يۈەن بولۇپ، ئاشۇ پارچە - پۇرات خىراجەت ھەققىدىن چىقىم قىلىناتتى. 1965 - يىل 9 - ئايدا بالىلار سىنىپى ناھىيىلىك يەسلى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى، بالىلار سىنىپىدىكى 60 نەچچە بالا چوڭلار سىنىپى، كىچىكلەر سىنىپى دەپ 2 سىنىپقا ئايرىلدى، بالىلار ئوقۇتقۇچىسى 2گە يەتكۈزۈلدى.

1969 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ قارىمىقىدا ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان بالىلار سىنىپى ئېچىلىپ، شۇ يىلى 30 بالا قوبۇل قىلىندى ۋە ئۇنىڭغا بىر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1981 - يىلدىن باشلاپ پۈتۈن ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەييارلىق سىنىپلىرى قۇرۇلدى، ئەسلىدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بالىلار سىنىپى تەييارلىق سىنىپىغا ئۆزگەرتىلىپ، ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپكە قارايدىغان قىلىندى. 1985 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە تەييارلىق سىنىپى 21گە، تەييارلىق سىنىپ بالىلىرى 423كە، ھەر مىللەت بالىلار ئوقۇتقۇچىسى 23كە يەتتى.

1985 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك 1 -، 2 - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى تەييارلىق سىنىپلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ناھىيىلىك مەركىزىي بالىلار باغچىسىنى قۇردى. بۇ باغچىغا ھەر مىللەتتىن 153 بالا قوبۇل قىلىندى، ئۇيغۇر، خەنزۇ بالىلار چوڭلار سىنىپى، كىچىكلەر سىنىپىغا ئايرىلدى، بۇ بالىلار باغچىسىدا 9 ئوقۇتقۇچى، بىر ئىشچى بار ئىدى. ئۇ ئوقۇتۇش سايمانلىرى، دەرسلىكلىرى ئاساسەن تولۇق، مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە بازارلىق بالىلار باغچىسى بولۇپ قالدى.

## 3. بالىلار ئوقۇتقۇچىلىرى

1985 - يىلغا قەدەر چاقىلىق ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ بالىلار تەربىيىسى بىلەن شۇغۇللانغان، بالىلار پېداگوگىكىسى مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى ئاران 3 نەپەر بولۇپ، ئوقۇتۇش كۈچى بىرقەدەر ئاجىز ئىدى. بالىلار ئوقۇتقۇچىسى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھازىر بار بالىلار ئوقۇتقۇچىلىرىنى پىلانلىق تەربىيىلىدى ھەمدە يېزىلاردىن بالىلار مائارىپ ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغان تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ، يېزىلارنىڭ بالىلار ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنىنى تولۇقلىدى.

# 3 § . باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

## 1. تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 33 - يىلى (1907 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جۇ يۈەن ناھىيە بازىرىدا ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان بىر تولۇقسىز باشلانغۇچ شۆتاڭ قۇرغان. كېيىنكى يىلى يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ھاكىم رۇي شەن قاراناي ئۆتەڭدە ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان يېرىم كۈنلۈك تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ شۆتاڭ ئاچقان. چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) ھاكىم رۇي شەن تولۇقسىز باشلانغۇچ شۆتاڭ قارىمىقىدىكى 1 - خەنزۇ تىلى شۆتاڭىغا قوشۇمچە قىلىپ ئاددىي كونىچە ساۋات چىقىرىش خۇسۇسىي مەكتىپى ئاچقان. شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1911 - يىلى) ھاكىم رۇي شەن ناھىيە بازىرىدىن 440 چاقىرىم يىراقلىقتىكى يېڭىسۇدا ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان 2 - خەنزۇ تىلى شۆتاڭى قۇرغان، شۇ يىلى 9 - ئايدا يېڭى ھاكىم تاڭ گۇاڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىدىن تەخمىنەن 2 چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان ئوتتۇرا رايوندىكى خۇيپۇدا ئوقۇشقا دەۋەت قىلىش ئورنى قۇرغان ھەمدە شەرقىي رايون، غەربىي رايون ۋە شىمالىي رايوندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەشۋىق - تەرغىبات ئورنى، ئورتاق تىل كۆرسى قۇرغان.

مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدە بىر ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى)غا كەلگەندە بۇ مەكتەپتە 2 سىنىپ، 100گە يېقىن ئوقۇغۇچى، 2 ئوقۇتقۇچى بولغان.

مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) 6 - ئايدا ناھىيىلىك ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى ناھىيىلىك مەركىزىي خەلق مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناھىيىلىك قىزلار خەلق مەكتىپى يېڭىدىن قۇرۇلغان.

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 10 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ۋاششەرى، مىيۈەنجاڭزا، يېڭىسۇلاردا بىردىن ئۇيۇشما باشقۇرىدىغان خەلق مەكتىپى قۇرغان. بۇ مەكتەپلەردە 5 سىنىپ بار بولۇپ، شۇ يىلى 104 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدە 4 -، 7 -، 8 - باۋ خەلق مەكتەپلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى ۋاششەرى مەكتىپىنى ناھىيە قارىمىقىدىكى ۋاششەرى باۋ خەلق مەكتىپىگە، يېڭىسۇ مەكتىپىنى ناھىيە قارىمىقىدىكى يېڭىسۇ باۋ خەلق مەكتىپىگە ئۆزگەرتكەن.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمى 4 - باۋ خەلق مەكتىپىنى ناھىيىلىك 1 - خەلق مەكتىپىگە، 7 - باۋ خەلق مەكتىپىنى ناھىيىلىك 2 - خەلق مەكتىپىگە، 8 - باۋ خەلق مەكتىپىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى خېشى مەكتىپىگە ئۆزگەرتكەن. شۇ يىلى خەنزۇ ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدا بىر مەكتەپ قۇرۇلغان.

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر، ناھىيە بويىچە 9 باشلانغۇچ مەكتەپ، 19 سىنىپ، 548 نەپەر ئوقۇغۇچى بولغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك مەركىزىي خەلق مەكتىپىدە 128 ئوقۇغۇچى، ناھىيىلىك قىزلار خەلق مەكتىپىدە 100 ئوقۇغۇچى؛ ناھىيىلىك 1 - خەلق مەكتىپىدە 65 ئوقۇغۇچى؛ ناھىيىلىك 2 - خەلق مەكتىپىدە 24 ئوقۇغۇچى؛ ناھىيىلىك

يېڭىسۇ باغ خەلق مەكتىپىدە 60 ئوقۇغۇچى، ناھىيىلىك ۋاششەرى باغ خەلق مەكتىپىدە 61 ئوقۇغۇچى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى خېشى مەكتىپىدە 59 ئوقۇغۇچى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى مىيۇەنجاڭزا مەكتىپىدە 37 ئوقۇغۇچى؛ خەنزۇ ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى مەكتەپتە 14 ئوقۇغۇچى بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلنىڭ باشلىرىدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن ناھىيىدىكى مەكتەپلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، يېڭىسۇدىكى مەكتەپنى تاقىۋەتتى، ۋاششەرىدە بىر سىنىپنى كۆپەيتىپ ئاچتى. 1951 - يىلى ناھىيىلىك مەركىزىي خەلق مەكتىپى بىلەن ناھىيىلىك قىزلار خەلق مەكتىپى بىرلەشتۈرۈلۈپ، چاقىلىق ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئاتالدى. ناھىيىلىك 1 - خەلق مەكتىپىنىڭ نامى چاقىلىق ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپكە، ناھىيىلىك 2 - خەلق مەكتىپىنىڭ نامى غولئېرىق 3 - باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. يېڭىسۇدا 5 - باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك ۋاششەرى باغ خەلق مەكتىپىنىڭ نامى ناھىيىلىك ۋاششەرى 4 - باشلانغۇچ مەكتىپىگە، چاقىلىق ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى خېشى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ نامى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە، چاقىلىق ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى مىيۇەنجاڭزا مەكتىپىنىڭ نامى چاقىلىق ناھىيىلىك ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مىيۇەنجاڭزا 2 - باشلانغۇچ مەكتىپىگە، چاقىلىق ناھىيىلىك خەنزۇ ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى مەكتەپنىڭ نامى چاقىلىق ناھىيىلىك ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى 3 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى.

1955 - يىلدىن باشلاپ ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە بىر خەنزۇچە سىنىپ كۆپەيتىلدى، ئۇنىڭغا 17 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، 2 خەنزۇ ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن خەنزۇ ئوقۇغۇچى ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەچكە، 1965 - يىلى خەنزۇ سىنىپى ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئايرىپ چىقىلىپ، چاقىلىق ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلدى.

1985 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ (مىللىي، خەنزۇ تولۇقسىز رۇشتى سىنىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 14كە، ئوقۇغۇچىسى 2591 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 1661) گە، ئوقۇتقۇچىسى 194 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچى 105) كە يەتتى.

## 2. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

1) ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ چاقىلىق بازىرىنىڭ «غالىبىيەت» يولىغا جايلاشقان بولۇپ، مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) قۇرۇلغان. مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا ئابلىز قازى دېگەن باينىڭ ئۆيىنى ئارىيەت ئېلىپ دەرسخانا قىلغان، مەكتەپتە 100گە يېقىن ئوقۇغۇچى ئوقۇغان، بىر ئۇيغۇر، بىر خەنزۇ ئوقۇتقۇچى بولغان.

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى 8 ئائىلىلىك باينى پۇل ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ مەكتەپكە 8 ئېغىز دەرسخانا سالدۇرۇپ بەرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ مەكتەپنىڭ مۇقىم ئورنى بولغان. شۇ يىلى 150 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان، ئوقۇتقۇچىسى 5كە يەتكەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى چاقىلىق ناھىيىسى بويىچە ئەڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بۇ مەكتەپنى كېڭەيتىپ ياسىدى. 1984 - يىلى

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 70 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، كېيىنكى يىللاردا 1014 كۋادرات مېتىر سىنىپ ـ ئۆيلەرنى پىششىق خىش ـ بېتون قۇرۇلمىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىپ ياسىدى.

1985 ـ يىلى ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 432 گە، ئوقۇتقۇچى 28 گە يەتتى. بۇ مەكتەپ چاقىلىق ناھىيىسى بويىچە ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر تولۇق، ئوقۇتۇش كۈچى ئەڭ كۈچلۈك باشلانغۇچ مەكتەپ ھېسابلىنىدۇ.

2) ناھىيىلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ 1965 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا بىنائەن، ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قارىمىقىدىكى خەنزۇ سىنىپ ئايرىپ چىقىلىپ، ھازىرقى چاقىلىق بازىرىدىكى «مەدەنىيەت» يولىدا كۆلىمى 26 مو كېلىدىغان 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ قۇرۇلدى. شۇ يىلى بۇ مەكتەپتە 6 سىنىپ ئېچىلىپ، 150 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئوقۇتقۇچى 6 گە يەتتى.

1985 ـ يىلى 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە سىنىپ 9 غا، ئوقۇغۇچى 247 گە، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچى 22 گە يەتتى، مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 855 كۋادرات مېتىرغا، تۇراقلىق مال ـ مۈلكىنىڭ قىممىتى 65 مىڭ 717 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيىلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ باشقۇرۇشى چىڭ، تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقى كۈچلۈك، ئۇ ئوقۇتۇش سۈپىتى جەھەتتە پۈتۈن ناھىيىدىكى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

3) يېڭىسۇ چارۋىچىلىق رايونى باشلانغۇچ مەكتىپى يېڭىسۇ چارۋىچىلىق رايونى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ تېگى چاقىلىق ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى يېڭىسۇ خەلق مەكتىپى بىلەن ناھىيىلىك يېڭىسۇ خەلق مەكتىپى ئىدى. يېڭىسۇ لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، چاقىلىق ناھىيىسى بازىرىدىن 175 كىلومېتىر يىراقلىقتا، 50 يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەردە ئوت ـ چۆپ مول، توغراق، يۇلغۇنلار بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن بولۇپ، دېھقان، چارۋىچىلار بىرقەدەر كۆپ ئىدى. مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) يېڭىسۇ خەلق مەكتىپى قۇرۇلغاندا 64 ئوقۇغۇچى بار ئىدى. يېڭىسۇدا سۇ ئازىيىپ كەتكەنلىكى، شۇنداقلا دېھقان، چارۋىچىلار تارقاق ئولتۇراقلاشقانلىقى ۋەجىدىن، 1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا يېڭىسۇ مەكتىپى تاقىۋېتىلدى. 1951 ـ يىلى ئەسلىدىكى يېڭىسۇ خەلق مەكتىپى ئاساسىدا 5 ـ باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى. شۇ يىلى مەكتەپتە 52 ئوقۇغۇچى بار ئىدى. مەكتەپ بىر نەچچە ئوقۇتۇش نۇقتىسىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار بەلگىلەنگەن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىغا ئاتلىق ياكى ئېشەكلىك بېرىپ ئوقۇيتتى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىغا ئاتلىق بېرىپ دەرس ئۆتەتتى، شۇڭا بۇ مەكتەپ «ئات ئۈستىدىكى مەكتەپ» دېيىلەتتى. تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى قىسمىدا سۇنىڭ توسۇۋېلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېڭىسۇدا سۇ بىراقلا ئازىيىپ كېتىپ، ئادەم ۋە چارۋا ماللارنىڭ ئىچىشىگىلا يېتىدىغان بولۇپ قالدى، چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراقلىششى تېخىمۇ تارقاقلىشىپ، نوپۇس تېخىمۇ ئازىيىپ كەتتى، شۇڭا يېڭىسۇدىكى بۇ مەكتەپ كۆپ قېتىم ئېچىلىش ۋە تاقىلىشتەك جەريانىنى باشتىن كەچۈردى؛ 1951 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە ئېچىلدى، 1956 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە تاقىۋېتىلدى، 1966 ـ يىلدىن 1973 ـ يىلغىچە ئېچىلدى، 1974 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە تاقىۋېتىلدى.

1981 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېڭىسۇ چارۋىچىلىق رايونى باشلانغۇچ مەكتىپىنى يېڭىۋاشتىن قۇردى، شۇ يىلى بۇ مەكتەپكە 27 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1985 ـ

يىلى بۇ مەكتەپتە 2 سىنىپ بولۇپ، ئوقۇغۇچى 36غا، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 5كە يەتتى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىپ مەكتەپنى كېڭەيتىپ قۇردى، مەكتەپ ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياسىدى. مەكتەپكە ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى ئېلىپ بەردى. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوقۇتۇش سايمانلىرى پونكىتى ۋە چاقىلىق ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى بۇ مەكتەپكە بىر گېنېراتور، بىر تېلېۋىزور ئېلىپ بەردى، بىر قۇدۇق قازدۇرۇپ بەردى ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتىش - قوپۇش، ئوزۇقلىنىشىغا كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەرنى سەپلەپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپ چاقىلىق ناھىيىسى بويىچە پۈتۈن كۆنلۈك تۇزۇمدىكى تۇنجى چارۋىچىلىق رايونى ياتاقلىق باشلانغۇچ مەكتىپى بولۇپ قالدى.

## 4 § . ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى

### 1. تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىقتا ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇشقا مادارى يەتمىگەنىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئىگىلىكىنىڭ پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىشىغا، نوپۇسنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتى. 1958 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە 2 مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى ئاچتى. ئەينى ۋاقىتتا 100گە يېقىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. 1959 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ رەسمىي قۇرۇلدى، ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەكتەپتە 205 ئوقۇغۇچى، 9 ئوقۇتقۇچى، 2 ئىشچى بار ئىدى. ئۇ چاقىلىق ناھىيىسى بويىچە تۇنجى مۇنتىزىم ئوتتۇرا مەكتەپ ھېسابلىنىدۇ.

1964 - يىلدىن ئىلگىرى چاقىلىق ناھىيىسىدىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار كورلا، يەنجى قاتارلىق جايلاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇيدىغان بولغاچقا، تولىمۇ قىيىنلاتتى. خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، 1965 - يىلى كۈزدە مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپتە 2 خەنزۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىلىپ، شۇ يىلى 82 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

1971 - يىلى «ئىتتىپاق» گۇڭشېسى (ئۇتام يېزىسى) مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدە ۋە ۋاششەرى گۇڭشېسى (ۋاششەرى يېزىسى) مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدە خەنزۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرى ئېچىلدى.

1979 - يىلى كۈزدە ۋاششەرى خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى.

ناھىيىلىك مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپتە ئېچىلغان خەنزۇ سىنىپلىرى 1980 - يىلى ئايرىپ چىقىلىپ، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشنى ئاساس قىلىدىغان ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. ئەسلىدىكى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە بىر مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، بىر خەنزۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، بىر مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ بىرلەشتۈرۈلگەن 2 مەكتەپ (بىرى مىللىي مەكتەپ، بىرى خەنزۇچە مەكتەپ) بار بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ 9غا، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ 25كە، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ

ئوقۇغۇچىسى 1121 (ئۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 535) گە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 81 (ئۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچى 50) گە يەتتى. بۇ مەكتەپلەر دۆلەت ئۈچۈن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 500نى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 276)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 1257نى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 754) تەربىيىلەپ بەردى، ئالىي مەكتەپلەرگە 41 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 29)، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا 104 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 55) يەتكۈزۈپ بەردى.

## 2. ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

1) ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ) چاقىلىق ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ چاقىلىق بازىرىنىڭ «مەدەنىيەت» يولىغا جايلاشقان، ئۇ ئىلگىرى ناھىيىلىك مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ دېيىلەتتى، 1980 ـ يىلى ئۇنىڭ نامى ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. ئۇ پۈتۈن كۆنلۈك تۈزۈمدىكى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر. 1985 ـ يىلى بۇ مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى 6گە، ئوقۇغۇچىسى 273كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى 8گە، ئوقۇغۇچىسى 362گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 46غا يەتتى.

بۇ مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 30 مو، سىنىپ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 4150 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، 55 مىڭ يۈەنلىك فىزىكا، خىمىيە تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرى بار، باشقا ئوقۇتۇش مۇئەسسەسەلىرى تولۇق. بۇ مەكتەپتە 40 نەپەر مەخسۇس ئوقۇتقۇچى بار، ئۇلارنىڭ 6 نەپىرى ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا، 16 نەپىرى ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا، 18 نەپىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، بۇ مەكتەپ چاقىلىق ناھىيىسى بويىچە ئوقۇتۇش كۈچى ئەڭ كۈچلۈك مەكتەپ ھېسابلىنىدۇ.

ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەكتەپ ئىستىلى توغرا، ئوقۇتۇش سۈپىتى بىرقەدەر يۇقىرى. 1985 ـ يىلى بۇ مەكتەپتىن 29 ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپكە، 50 ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا تېخنىكومغا قوبۇل قىلىنغانلىقتىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل بۇ مەكتەپنى تەقدىرلىدى ھەم مەكتەپكە 55 كىتاب تەقدىم قىلدى.

2) ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ (خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ) 1980 ـ يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 68 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، چاقىلىق بازىرىدا قۇرۇلۇش كۆلىمى 3321 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى سالدى. بۇ مەكتەپكە ئەسلىدىكى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ قارىمىقىدا ئېچىلغان 2 تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ۋە 6 تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ قوبۇل قىلىندى، شۇ چاغدا بۇ مەكتەپتە 360 ئوقۇغۇچى، 29 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. 1984 ـ يىلى ئوبلاستلىق ئوقۇتۇش سايمانلىرى پونكىتى بۇ مەكتەپكە 40 مىڭ يۈەنلىك ئادەتتىكى ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى سەپلەپ بەردى. 1985 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ مەكتەپكە ئىچكىرىدىن 9 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلىدى.

3) ۋاششەرى 2 ـ مەكتىپىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ بۆلۈمى. ۋاششەرى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئېچىلغان 2 تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئاساس قىلىنىپ، 1979 ـ يىلى كۈزدە ۋاششەرى گۇڭشېسىنىڭ شىنجيەن چوڭ ئەترىتى (ھازىرقى شىنجيەن كەنتى) دە خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى. مەكتەپ قۇرۇلغاندا 3 تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ، 53

ئوقۇغۇچى، 5 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. 1980 - يىلى قىشتا بۇ مەكتەپ ۋاشەرى گۇڭشېنى تورۇشلۇق يەرگە كۆچۈرۈلدى. ۋاشەرى مەركىزىي مەكتىپى قارىمىقىدا ئېچىلغان 5 خەنزۇ باشلانغۇچ سىنىپى 1981 - يىل 9 - ئايدا ۋاشەرى خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتىپىگە قوشۇۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ بىرلەشمە مەكتىپى بولۇپ قالدى ھەم نامى ۋاشەرى 2 - مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

بۇ مەكتەپ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تىجەشلىك باشقۇرىدۇ، مەكتەپ ئىستىلى ياخشى، ئۆزگە قوشنا يېڭىئۆستەڭ كەنتىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتىدۇ. 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بۇ مەكتەپ ئۇدا بىر نەچچە يىل يېزا، ناھىيە بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. پېشقەدەم مەكتەپ ئىشچىسى، كومپارتىيە ئەزاسى جاڭ سۇڭچېڭ ئۇدا بىر نەچچە يىل يېزا، ناھىيە بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى، 1983 - يىلى ئوبلاست بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

## 5 § . كەسپىي مائارىپ

### 1. يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى

1957 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا 4 يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 128 نەپەر مىللىي ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1962 -، 1963 - يىللىرى مەركەزنىڭ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلغاندا، بۇ مەكتەپلەر ئوقۇتۇش شارائىتى ھازىرلانمىغانلىقى ئۈچۈن تاقىۋېتىلدى.

### 2. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىرتتىن ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى (تەپسىلاتىنى مۇشۇ بابنىڭ 7 - پاراگرافىدىن كۆرۈۋېلىڭ)

## 6 § . ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپى

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدە پۈتۈن ناھىيە دائىرىسىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغان. شۇ چاغدا ناھىيە بويىچە 5330 نەپەر ساۋاتسىز بار ئىدى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 150 كىشى ساۋات چىقارغان. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە قانات يايدۇرۇلغان ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بويىچە قىشلىق ئۆگىنىش ھەرىكىتىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە يەنە 300 كىشى ساۋاتلىق بولغان. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 5039 غا يەتكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ساۋاتسىزلار 3225 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 64%نى ئىگىلىگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 3 - ئايدا ناھىيە بويىچە 5 ساۋات چىقىرىش سىنىپى ئېچىلىپ، 141 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. شۇ يىلى 4 - ئايدا ناھىيە بويىچە

14 جايدا 24 ساۋات چىقىرىش سىنىپى ئېچىلىپ، 1259 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، 1951 - يىلى ساۋات چىقىرىش سىنىپى 36غا، ئوقۇغۇچى 1484كە يەتتى، ئۆگىنىشتە تىل - ئەدەبىيات ئاساس، ھېساب ۋە سىياسىي ساۋات قوشۇمچە قىلىندى، ئۆگىنىش ھەر كۈنى كەچتە 2 سائەت داۋاملاشتۇرۇلدى، ئوقۇشقا 18 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار قوبۇل قىلىندى. 1955 - يىلغا قەدەر ناھىيە بويىچە 2757 نەپەر ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ساۋاتسىزدىن 500 كىشى ساۋات چىقاردى، ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى %18كە يەتتى. 1956 - يىلى ۋاشەرى قىشلىق ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن باشقا، قالغان يېزىلاردىكى قىشلىق ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرى دائىملىق خەلق مەكتەپلىرىگە ئۆزگەرتىلدى. ناھىيە بويىچە خەلق مەكتىپى 13كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 يېزىدا يەنە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش جەمئىيىتى قۇرۇلدى ھەمدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئەترىتى تەشكىل قىلىندى. 2 يېزىلىق كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ياچېيكىسى يەنە بىر ياچېيكا ئەزاسى ياكى شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىنى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قوشۇمچە باشقۇرۇشقا بەلگىلىدى. 1959 - يىلى ناھىيە بويىچە ساۋاتسىز ئادەم 1641 بولۇپ، ساۋات چىقىرىش سىنىپى 32گە يەتتى، بۇ سىنىپلاردا 1037 ئوقۇغۇچى ئوقۇدى، ئۇلار پۈتۈن ناھىيىدىكى ساۋاتسىز، چالا ساۋاتلارنىڭ %69.2نى ئىگىلىدى.

1961 - يىلى خەلق ئىگىلىكى قىيىنچىلىق مەزگىلىگە كىرگەندە، ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىمۇ تاقىۋېتىلدى.

1962 - يىلى پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 6998گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار 2488 ئىدى. ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىچىدە ساۋاتسىزلار 1723 بولۇپ، ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئومۇمىي سانىنىڭ %75نى ئىگىلىدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ باشلىنىشى بىلەن، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى توختاپ قالدى. 10 يىل داۋام قىلغان مالىمانچىلىقتا، پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاشلا، چاقىلىق ناھىيىسىدىمۇ كونا ساۋاتسىزلار تۈگىمەي تۇرۇپ، يەنە يېڭى ساۋاتسىزلار پەيدا بولدى. 1980 - يىلى ناھىيە بويىچە ياش، ئوتتۇرا ياشلىق ساۋاتسىز، چالا ساۋات كىشى 3691گە يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %24نى ئىگىلىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى، 1980 - يىلدىن باشلاپ، ناھىيىگە قاراشلىق يېزا، بازار، كەنتلەردە ھەرخىل شەكىلدە قىشلىق ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرى، مەدەنىيەت كۇرسلىرى ئېچىلدى، 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 45 كەنتتە 46 ساۋات چىقىرىش سىنىپى ئېچىلدى، ئۇدا 4 يىل دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال مەۋسۇملىرىدە ئېلىپ بېرىلغان 100 كۈنلۈك ساۋات چىقىرىش پائالىيىتى ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە 3119 كىشى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى، ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى %84.5كە يەتتى.

## § 7 . ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى

### 1 . تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) ناھىيە بويىچە 2 نەپەرلا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيە بويىچە مىللىي، خەنزۇ

ئوقۇتقۇچى 20گە يەتكەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1950 — 1951 - يىللىرى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەرتىپكە سالدى، ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. ئۆگىنىشكە 26 ئادەم قاتنىشىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن - سىياسەتلىرى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى نۇقتىلىق ئۆگەندى. تەرتىپكە سېلىش، ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە كەسپىي ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆستى.

1959 - يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 9غا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 205كە، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 25كە، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 825كە، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نىسبىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 22.8:1گە ۋە 33:1گە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى بىھۇدە تەنقىد قىلىنغانلىقتىن، ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى، پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ئورنى ۋە مائاش تەمىناتىنى ئۆستۈردى. ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن ئىچكىرىدىن ئالىي مەكتەپ ۋە ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە 14 نەپەر ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلدى ھەمدە مۇنەۋۋەر خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ۋاكالىتەن دەرس بەرگۈچى ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ، يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىلىققا قويۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلىدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 81 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچى 50) گە، ئوقۇغۇچىسى 1121 (مىللىي ئوقۇغۇچى 535) گە، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى 13.8:1گە، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى 10.7:1گە؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 194 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچى 135) كە، ئوقۇغۇچىسى 2591 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 1661) گە، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى 19.2:1گە، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى 12.3:1گە يەتتى. ناھىيە بويىچە خەلق ئوقۇتقۇچىسى 35 بولۇپ، 1985 - يىلغا قەدەر بۇنىڭدىن 28 كىشى رەسمىيلەشتۈرۈلدى، بۇ ئومۇمىي خەلق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ 80%ىنى ئىگىلىدى.

## 2. كەسپىي جەھەتتە بىلىم ئاشۇرۇش

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 1960 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىرتتىن ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى. بۇ بۆلۈم 3 سىنىپقا بۆلۈنگەن بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپنىڭ ئوقۇش مۇددىتى 2 يېرىم يىل. ئوتتۇرا پېداگوگىكا سىنىپىنىڭ ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل، ئالىي تېخنىكوم سىنىپىنىڭ ئوقۇش مۇددىتى 4 يىل بولدى. تىل - ئەدەبىيات ۋە ماتېماتىكا ئوقۇتۇش مەزمۇنى قىلىندى. 1963 - يىلغا قەدەر 17 ئوقۇتقۇچى ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىگە، 24 ئوقۇتقۇچى ئوتتۇرا

پېداگوگىكا سەۋىيىسىگە يەتتى. 1963 - يىلى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىرتتىن ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى تەشكىلىنىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئالىي تېخنىكوم - ئوتتۇرا پېداگوگىكا سىنىپلىرىلا ساقلاپ قېلىندى، شۇ يىلى 38 ئوقۇتقۇچى ئوقۇشقا قاتناشتى.

1983 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش يۈزىسىدىن 3 قارار كۇرس ئېچىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 14ى باشقا جايلارغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى.

1980 - يىلدىن باشلاپ، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىغا پائال قاتناشتى، 5 ئوقۇتقۇچى شىنجاڭ رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇشقا قاتناشتى، بۇلاردىن 3ى 1984 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈردى.

1984 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئوقۇش تارىخى باب كەلمەيدىغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بويىچە «ئۆتكەلدىن ئۆتۈش» ئىمتىھانىغا ئومۇمىيۈزلۈك قاتناشتى، شۇ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 174ى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچى 121)، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 64ى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچى 38) ئۆتكەلدىن ئۆتتى. 1985 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە لاياقەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 238گە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچى 135). ئوقۇتقۇچىلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %86.5 بولۇپ، مائارىپ ئىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇنلاشتى.

## § 8 . مائارىپ خىراجىتى ۋە ئۈسكۈنىلىرى

### 1. خىراجەت

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شۆتاڭلارنىڭ خىراجىتىنى ھۆكۈمەت بەرگەن.

مىنگو دەۋرىدە ناھىيە باشقۇرىدىغان خەلق مەكتەپلىرىنىڭ خىراجىتىنى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى ئايمۇ ئاي ئاجرىتىپ بەرگەن. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى باشقۇرىدىغان مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتىنى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۈستىگە ئالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مائارىپ ئىشلىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى ۋە مائارىپ خىراجىتىنى يىلمۇ يىل كۆپەيتتى. 1952 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مائارىپ چىقىمى 32 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ %12.8نى ئىگىلىدى. 1965 - يىلى مائارىپ چىقىمى 83 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ %16.5نى ئىگىلىدى. 1985 - يىلى مائارىپ چىقىمى 828 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ %14.5نى ئىگىلىدى.

مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، دۆلەت مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەردى. 1980 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سالغان مەبلەغ 47 مىڭ يۈەن بولۇپ، ناھىيە بويىچە شۇ يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %42.7نى ئىگىلىدى. 1983 - يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 70 مىڭ يۈەن بولۇپ، ناھىيىنىڭ شۇ يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ %46.7نى ئىگىلىدى.

## 2. ئوسكونە

1) مەكتەپ ئۆيلىرى مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئىنتايىن قالاق بولۇپ، مەكتەپ ئۆيلىرىنى ھۆكۈمەت ناھىيە تەۋەسىدىكى بايلاردىن ئىئانە توپلاپ سالغۇزغان، دەرسخانىلار پۈتۈنلەي كېسەكتىن سېلىنغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇرۇنقى مەكتەپ ئۆيلىرىنى رېمونت قىلغاندىن تاشقىرى، مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ ئۇقتىلىق ھالدا بىر تۈركۈم مەكتەپ ئۆيلىرىنى يېڭىدىن سالدى ۋە كېڭەيتىپ ياسىدى. يېزىلاردا مەكتەپ ئۆيلىرىنى سېلىشتا دۆلەت پۇل ئاجرىتىش، كوللېكتىپ پۇل توپلاش، شەخسلەر ئىئانە قىلىش چارىسى قوللىنىلدى. 1985-يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 27 مىڭ 755 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭكى 11 مىڭ 862 كۋادرات مېتىر، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭكى 15 مىڭ 893 كۋادرات مېتىر.

2) ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، ھېچقايسىنىڭ تەجرىبە سايمانلىرى ۋە كۇتۇپخانىسى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى يىلدىن-يىلغا يېڭىلاندى، مائارىپ تارماقلىرى ھەر يىلى مائارىپ خىراجىتىدىن مەلۇم مىقداردا پۇل ئاجرىتىپ ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ بەردى. 1952 - يىلى ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىشقا 7200 يۈەن، 1965 - يىلى 20 مىڭ يۈەن، 1985 - يىلى 51 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلدى. ناھىيىلىك 1 -، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ فىزىكا، خىمىيە تەجرىبە سايمانلىرى (98 مىڭ 900 يۈەن قىممىتىدە) بىر قەدەر تولۇق. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەجرىبىخانىسى 5كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 3. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن باشقا مەكتەپلەرنىڭ كۇتۇپخانىسى بار، بۇ كۇتۇپخانىلاردا 15 مىڭ 532 پارچە كىتاب ساقلانماقتا.

# باب II

# پەن - تېخنىكا

## §1. پەن - تېخنىكا تەشكىلاتلىرى

### 1. پەن - تېخنىكا ئاپپاراتلىرى

1) چاقىلىق ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى 1960 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇ ناھىيە بويىچە تۇنجى پەن - تېخنىكا رەھبەرلىك ئاپپاراتى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارمىقى ئىدى. 1962 - يىلى پەن - تېخنىكا

كومىتېتى بىر مەھەل ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يىل ئاخىرىدا يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار ۋە كومىتېت ئەزالىرى بولۇپ جەمئىي 9 كىشىدىن تەركىب تاپتى، ئۇنىڭغا مەخسۇس خىزمەتچىلەر سەپلەپ بېرىلمىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە پەن-تېخنىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلدى. 1978 - يىل 2 - ئايدا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، چاقىلىق ناھىيىلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەندى، ئۇ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار ۋە كومىتېت ئەزالىرىدىن بولۇپ جەمئىي 11 كىشىدىن تەركىب تاپتى ھەمدە ئۇنىڭغا مەخسۇس خىزمەتچىلەر سەپلەپ بېرىلدى. 1985 - يىلى پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مەخسۇس خىزمەتچىسى 3كە يەتتى.

2) پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 1982 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە چاقىلىق ناھىيىسىدە پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 1 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايغا 50 ۋەكىل رەسمىي قاتناشتى، 14 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى، 11 ۋەكىل ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا بىر رەئىس، 2 مۇئاۋىن رەئىس، 11 دائىمىي ئەزا، 21 ئەزادىن تەركىب تاپقان چاقىلىق ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. 1985 - يىلغا قەدەر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 3 قېتىم دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىپ، ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلدى.

3) يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى (قىسقارتىپ تېخنىكا پونكىتى دېيىلىدۇ) 1955 - يىل 5 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا ناھىيىلىك قۇرۇلۇش بۆلۈمى رەھبەرلىك قىلدى. 1959 - يىل 2 - ئايدا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى چاقىلىق ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا بىر نەپەر باشلىق، بوغالتىرلىقنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان بىر كاتىپ، 10 نەپەر باشقا خىزمەتچى سەپلەپ بېرىلدى. ئۇنىڭ قارىمىقىدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، ھەربىرسىگە 5تىن خىزمەتچى قويۇلدى. 1962 - يىل 7 - ئايدا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1964 - يىلى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى ئۇرۇقچىلىق پونكىتى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىرىدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ بەنزىسى بىر بولۇپ 2 ۋىۋىسكا ئېسىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇ پونكىتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 223كە يەتتى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى گۇرۇپپىسى، باغۋەنچىلىك گۇرۇپپىسى، ئۇرۇقچىلىق - ئۇسۇملۈك ئاسراش گۇرۇپپىسى، كەسپىي ئىشلار گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ھەمدە ئۇ 3 يېزىدا يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى مۇلازىمەت پونكىتى تەسىس قىلىندى. پونكىتتىكى ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچى ئىچىدە پەن - تېخنىكا خادىمى 17 (ئۇنىڭ 2 نەپىرى ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا، 14ى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە) گە، ياردەمچى ئاگرونوم بىرگە، يېزا ئىگىلىك تېخنىكى 12گە يەتتى.

4) ئۇرۇقچىلىق خىزمىتى پونكىتى (قىسقارتىپ ئۇرۇقچىلىق پونكىتى دېيىلىدۇ) 1958 - يىل 9 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىدە ئۇرۇقچىلىق خىزمىتى پونكىتى قۇرۇلدى. 1959 - يىل 1 - ئايدا ئۇرۇقچىلىق پونكىتى دېھقانچىلىق ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

1962 ـ يىل 7 ـ ئايدا دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن ئايرىپ چىقىلدى. 1964 ـ يىلى ئۇرۇقچىلىق پونكىتى يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى.

5) مال دوختۇرلۇق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى (قىسقارتىپ مال دوختۇرلۇق پونكىتى دېيىلىدۇ) 1951 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە مال دوختۇرلۇق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. 1962 ـ يىلى ئاساسىي قاتلامدا مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1985 ـ يىلغا قەدەر ناھىيىلىك، رايونلۇق، يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتى 4 كە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 21 گە يەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە پەن ـ تېخنىكا خادىمى 17. پەن ـ تېخنىكا خادىمى ئىچىدە ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگىنى 3، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگىنى 10، ياردەمچى مال دوختۇرى بىر، تېخنىك 2.

## 2. پەن ـ تېخنىكا قوشۇنى

مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا ئۈرۈمچى دېھقانچىلىق بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنى پۈتتۈرگەن شى ۋېنجىن چاقىلىققا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن، ئۇ، ناھىيە بويىچە تۇنجى دېھقانچىلىق تېخنىكى. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) مال دوختۇرى ئەيسا چاقىلىققا كېلىپ ئىشلەپ، ناھىيە بويىچە تۇنجى مال دوختۇرى بولۇپ قالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەكتەپلەرنىڭ خىزمەتكە تەقسىم قىلىشى ئارقىلىق ۋە شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تاللاپ تەربىيىلەش ئارقىلىق پەن ـ تېخنىكا قوشۇنى پەيدىنپەي زورايدى. 1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا خادىمى (ئوقۇتقۇچىلار بۇنىڭ سىرتىدا) 160 قا يەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت پەن ـ تېخنىكا خادىمى 73 بولۇپ، ئومۇمىي پەن ـ تېخنىكا خادىمىنىڭ % 45.6 نى ئىگىلىدى؛ ئەر پەن ـ تېخنىكا خادىمى 108 گە، ئايال پەن ـ تېخنىكا خادىمى 52 گە، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 26 گە، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 113 كە، باشقا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 21 گە يەتتى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 104 پەن ـ تېخنىكا خادىمى تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكىنى 9 (ئاگرانوم 2، مەسئۇل دوختۇر 3، ئىنژېنېر 4)، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكىنى 95 (ياردەمچى ئىنژېنېر 5، ياردەمچى ئاگرانوم 2، ياردەمچى دېھقانچىلىق ئىقتىسادچىسى بىر، ياردەمچى ئىقتىسادچى 2، ياردەمچى بوغالتىر 3، ياردەمچى مال دوختۇرى بىر، دوختۇر 10، سانىتار بىر، تېخنىك 19، بوغالتىر 11، سېستىرا 40).

چاقىلىق ناھىيىسىدىكى پەن ـ تېخنىكا قوشۇنىنىڭ 1985 ـ يىلدىكى قۇرۇلمىسى

جەدۋەل: 13 — 1

| كەسپلەر | مەلۇمات دەرىجىسى | | | | | تېخنىكا ئۇنۋانى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئالىي تېخنىكوم | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشقىلار | كىچىك جەمئىي | ئۇنىڭ ئىچىدە مىللىي | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | تۆۋەن دەرىجىلىك | كىچىك جەمئىي | ئۇنىڭ ئىچىدە مىللىي |
| دېھقانچىلىق | 4 | 16 | | 20 | 7 | 2 | 4 | 6 | 1 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چارۋىچىلىق | 5 | 11 | 4 | 20 | 16 | | 6 | 6 | 4 |
| باغۋەنچىلىك | | 3 | | 3 | | | | | |
| ئورمانچىلىق | | 3 | | 3 | 1 | | | | |
| سۇ ئېلېكتىر | 1 | 2 | 2 | 5 | 2 | | 4 | 4 | 1 |
| يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى | 1 | 7 | | 8 | 6 | | 3 | 3 | 2 |
| ھاۋارايى | | 21 | 1 | 22 | 3 | 4 | 7 | 11 | |
| سەھىيە | 13 | 39 | 5 | 57 | 30 | 3 | 51 | 54 | 30 |
| سانائەت - قاتناش | 2 | 6 | | 8 | | | 6 | 6 | 1 |
| مالىيە - بوغالتىرلىق | | 5 | 9 | 14 | 8 | | 14 | 14 | 8 |
| جەمئىي | 26 | 113 | 21 | 160 | 73 | 9 | 95 | 104 | 47 |

## 2 § . پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى

### 1. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈرلەر

1982 - يىلدىن بۇيان، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، چاقىلىق ناھىيىسى بويىچە 28 پەن تەتقىقات تۈرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون ۋە ئاپتونوم ئوبلاست بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، 15 تۈر ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 4، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 6، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 5؛ 12 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 2، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 8، رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى بىر. بىر تۈر مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا (ئېسىل ئەسەر مۇكاپاتىغا) ئېرىشتى.

### 2. پەن - تېخنىكا ئىلمىي ماقالىلىرى

1981 - يىلدىن بۇيان، ناھىيىدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا چىقىدىغان پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرىدا بىر قىسىم پەن - تېخنىكا ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى: جۇ مىڭدانىڭ «قوناقنى مۇددەتتە بۆلۈپ تېرىش تەجرىبىسى» («شىنجاڭ هاراۋايى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىل 5 - سانى)؛ جاڭ گوشەننىڭ «قۇرغاق رايوندىكى قاتتىق يامغۇر» («شىنجاڭ هاۋارايى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىل 1 - سانى)؛ جاڭ گوشەننىڭ «باھار سوغۇقى، ئەتىياز باھار سوغۇقىدىن ئۇزاق مۇددەت ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۇسۇلى» («شىنجاڭ هاۋارايى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىل 12 - سانى)؛ جاڭ گوشەننىڭ «چاقىلىق ناھىيىسىدە يازلىق ئاشلىقتىن يۇقۇلئاددە مول هوسۇل ئېلىنغان 1982 — 1983 - يىللارنىڭ دېھقانچىلىق هاۋارايى شارائىتى توغرىسىدا تەھلىل» («شىنجاڭ هاۋارايى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىل 2 - سانى)؛ شياۋ شېڭچىنىڭ «ئېگىزگە ئېرىلغان ئاپتاپپەرەسنىڭ هاۋا كىلىماتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»

(«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىل 6 ـ سانى)؛ يىن جۇڭلىڭ بىلەن شياۋ شېڭچىننىڭ «چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئاپتاپپەرەس تېرىلغۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھاۋا كىلىماتى توغرىسىدا تەھلىل» («شىنجاڭ ھاۋارايى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىل 7 ـ سانى)؛ جاڭ گوشەننىڭ «ھاۋا كىلىماتى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئالايلى» («شىنجاڭ ھاۋارايى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىل 8 ـ سانى).

## چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 13 — 2

| رەت نومۇرى | ۋاقتى | نەتىجە نامى | مۇكاپاتلىغان ئورۇن | مۇكاپات دەرىجىسى | مۇكاپاتلانغان ئورۇن | مۇكاپاتلانغان كىشى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 1983 ـ يىل | ئەلا سۈپەتلىك ئۇرۇقنى كېڭەيتىشتە نەتىجە كۆرۈنەرلىك بولدى | دېھقانچىلىق نازارىتى | 3 | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى | ۋاڭ جىياڭ |
| 2 | 1983 ـ يىل | ماشىنىلىق ئالدىنى ئېلىش ئەترىتى قۇرۇپ، بۇغداي كۆك پەتىنىڭ زىيىنىنى تىزگىنلەش | دېھقانچىلىق نازارىتى | 1 | تىكەنلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى | شياۋ شېڭچى |
| 3 | 1983 ـ يىل | چاقىلىق ناھىيىسىدە تۇپراقنى گومۇمىيۇزلۇك تەكشۈرۈش | دېھقانچىلىق نازارىتى | 2 | ناھىيىلىك تۇپراق تەكشۈرۈش ئەترىتى | ۋاڭ جىياڭ |
| 4 | 1983 ـ يىل | ۋاشىشەرى يېزىسى شىنجىيەن كەنتىنى پىلانلاش | شەھەر قۇرۇلۇشى نازارىتى | 3 | ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى | ياڭ چاڭبىڭ |
| 5 | 1984 ـ يىل | ئەلا سۈپەتلىك ئۇرۇقنى ياخشى باشقۇرۇپ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش | دېھقانچىلىق نازارىتى | 3 | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى | گاۋ جۇڭيۈەن |
| 6 | 1984 ـ يىل | «ئازاد 3 ـ نومۇرلۇق» سورتنى يېيىلاش | دېھقانچىلىق نازارىتى | 3 | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى | پېڭ خۇيلەن |
| 7 | 1984 ـ يىل | ماشىنىلىق ئالدىنى ئېلىش ئەترىتى قۇرۇپ، بۇغداي كۆك پەتىنىڭ زىيىنىنى تىزگىنلەش | دېھقانچىلىق نازارىتى | 3 | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى | كاڭ يۇشىن |
| 8 | 1985 ـ يىل | ئوتتام يېزىسى بازارلىق مەدەنىيەت مەركىزىنى پىلانلاش | شەھەر قۇرۇلۇشى نازارىتى | رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتى | ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى | ياڭ چاڭبىڭ |
| 9 | 1985 ـ يىل | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ئۆلچەملىك تورالغۇ ئۆيلەرنى لايىھىلەش | شەھەر قۇرۇلۇشى نازارىتى | 2 | ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى | ياڭ چاڭبىڭ |
| 10 | 1985 ـ يىل | ئەلا سۈپەتلىك قوغۇن ـ تاۋۇز، سەي ـ كۆكتاتنى كېڭەيتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش | دېھقانچىلىق نازارىتى | 3 | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى | گاۋ جۇڭيۈەن |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 11 | 1985 - يىل | ئەلا سۈپەتلىك ئورۇقنى كېڭەيتىشتە نەتىجە كۆرۈنەرلىك بولدى | دېھقانچىلىق نازارىتى | 3 | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى | شياۋ شېڭچى |
| 12 | 1985 - يىل | كىچىك سىغىمچانلىق تۇمانلاشتۇرغۇچنى كېڭەيتىش | دېھقانچىلىق نازارىتى | 3 | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى | كاڭ يۇشىن |
| 13 | 1985 - يىل | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ئۆلچەملىك تورالغۇ ئۆيلەرنى لايىھىلەش | قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى | ياخشى ئەسەر مۇكاپاتى | ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى | ياڭ چاڭباڭ |

## چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئاپتونوم ئوبلاست دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 13 — 3

| رەت نومۇرى | ۋاقتى | نەتىجە نامى | مۇكاپاتلىغان ئورۇن | مۇكاپات دەرىجىسى | مۇكاپاتلانغان ئورۇن | مۇكاپاتلانغان كىشى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 1982 - يىل | ئۇنىۋېرسال تېخنىكا تەدبىرىنى كېڭەيتىپ ئاشلىق زىرائەتلىرى، كېۋەز، باغلىق دان مەھسۇلاتىنى ئومۇمييۈزلۈك ئاشۇرۇش | ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسى | 1 | دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى | ۋۇ دافۇ |
| 2 | 1982 - يىل | ئەلا سۈپەتلىك ئورۇقلۇقلارنى ياخشى باشقۇرۇپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىر قاتلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش | ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسى | 1 | ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | ۋاڭ جياڭ |
| 3 | 1983 - يىل | تۆۋەن مەھسۇلاتلىق بۇغدايىنى ئوتتۇرا مەھسۇلاتلىققا ئۆزگەرتىش | ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسى | 3 | ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | كاڭ يۇشىن، شياۋ چياڭ |
| 4 | 1983 - يىل | سۈلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز ئۆستۈرۈش تەجرىبىسى | ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسى | 1 | ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | كاڭ يۇشىن |
| 5 | 1983 - يىل | ۋاشەرى يېزىسى «شىنجيەن» كەنتىنى پىلانلاش | ئوبلاستلىق شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى | 1 | ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى | ياڭ چاڭباڭ |
| 6 | 1983 - يىل | خېمىيىۋى دورا بىلەن ئوت - چۆپ يوقىتىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش | ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسى | 2 | تىكەنلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | شياۋ شېڭچى |
| 7 | 1984 - يىل | ئوغۇت ئارىلاشتۇرۇپ ئورۇق سالغاندا يەرنى ئاۋۋال ئوغۇتلاش كېرەك | ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسى | 2 | ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | لۇ شيەنفاڭ |
| 8 | 1984 - يىل | سۈلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش | ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسى | 2 | ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | كاڭ يۇشىن |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 9 | 1985 - يىل | زىرائەتلەر قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئاشۇرۇش | ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى | 3 | يېزا خىزمىتى بۆلۈمى، دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | ۋۇ دافۇ، گاۋ جۈقېيۈن |
| 10 | 1985 - يىل | تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئۈزۈمنى ئوتتۇرا مەھسۇلاتلىققا ئۆزگەرتىش | ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسى | 3 | تېكەنلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | ۋاڭ لىن |
| 11 | 1985 - يىل | مېۋىلىك دەرەخلەرگە چۈشىدىغان زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش | ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسى | 3 | ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | ۋاڭ چىڭخەي |
| 12 | 1985 - يىل | يېزا ئىگىلىك كىلىماتىنى رايونلارغا ئايرىش | ئوبلاستلىق رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى | 2 | ناھىيىلىك ھاۋارايى پونكىتى | جاڭ گوشەن |
| 13 | 1985 - يىل | يېزا - بازار كارخانىلىرىنى رايونلارغا ئايرىش | ئوبلاستلىق رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى | 2 | ناھىيىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى | شياۋ خۇەنگۋاڭ |
| 14 | 1985 - يىل | كەنت، بازارلارنى رايونلارغا ئايرىش | ئوبلاستلىق رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى | 2 | ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى | ياڭ چاڭبىڭ |
| 15 | 1985 - يىل | بورۇتسېللىيوز كېسەللىكىنى داۋالاش ئۈنۈمى | ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى | 2 | ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى | سىدىق نايوپ |

### 3. پەن - تېخنىكا ژۇرنىلى

ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى 1979 - يىل 10 - ئايدا «چاقىلىق پەن - تېخنىكىسى» ناملىق بىر سان ژۇرنال نەشر قىلدى ۋە 3000 نۇسخا بېسىپ، ئوبلاستقا قاراشلىق ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرىغا تارقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ژۇرنال قايتا نەشر قىلىنمىدى.

### 4. يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى

1982 - يىل 8 - ئايدىن 1985 - يىل 3 - ئايغىچە، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش خىزمەتچىلىرى 2 يىل 7 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش خىزمىتىنى ئورۇنداپ بولدى. بايلىقلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئاساسىدا، تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، قايتا - قايتا ھېسابلاپ ۋە دەلىللەپ، كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش ئارقىلىق، ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش دوكلاتى ۋە ھاۋارايى، سۇچىلىق، تېرىقچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، كۆكتات، چوڭ ئەترەت كارخانىلىرى، كەنت - بازار قاتارلىق 8 كەسپىي تارماق بويىچە رايونلارغا ئايرىش دوكلاتى، شۇنداقلا يېزا ئىقتىسادى، ئېنېرگىيە، ئۆسۈملۈك

ئاسراش، باغۇەنچىلىك قاتارلىق 4 تۈر بويىچە تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقتى. پۈتۈن كىتاب تەخمىنەن 200 مىڭ خەت كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىخىي ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى ۋە سانلىق ماتېرىياللارنى رەتلەپ توپلام قىلىپ چىقتى، نۇرغۇن دىئاگرامما، جەدۋەل سىزىپ چىقتى، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شارائىتلىرىنى بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق بايان قىلدى، 30 نەچچە يىللىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا دائىر ئاساسىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى، رايونلارنىڭ جايلىشىش قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەردى. يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يۆنىلىشى، يوللىرى ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش ۋە يىراق كەلگۈسى پىلان تۈزۈپ چىقىش، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس يارىتىپ بەردى.

## 3 § . پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش

### 1. دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى

1) دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقىنى كىرگۈزۈش ۋە كېڭەيتىش 1957 - يىلى «108F» سۈپەتلىك كېۋەز چىگىتى كىرگۈزۈلۈپ كېڭەيتىلدى. 60. يىللاردا قەشقەر ئاق يازغىسى كىرگۈزۈلۈپ كېڭەيتىلدى.

1964 - يىلى باقابۇق، «شىمالىي جۇڭگو — 187» ناملىق سۈپەتلىك كۈزگى بۇغداي ئۇرۇقلىرى كىرگۈزۈلۈپ كېڭەيتىلدى. 70 - يىللاردا «بايىنغولىن — 172» ناملىق سۈپەتلىك كېۋەز سورتى ئاساس قىلىندى.

1972 - يىلى «بايىنغولىن — 1»، «بايىنغولىن — 2»، «بايىنغولىن — 3» ۋە «73—1087» نامىلىق سۈپەتلىك كۈزگى بۇغداي ئۇرۇقلىرى كىرگۈزۈلۈپ كېڭەيتىلدى.

1973 - يىلى «ئازاد — 3» نامىلىق يازغى بۇغداي ئۇرۇقى كىرگۈزۈلۈپ كېڭەيتىلدى.

1978 - يىلى «ئىلغار خىزمەتچى» نامىلىق سۈپەتلىك ياغ گازىرى كىرگۈزۈلدى.

1980 - يىلى «417» («بايىنغولىن — 4» نامىلىق كۈزگى بۇغدىيى) نامىلىق بۇغداي كىرگۈزۈلدى.

1983 - يىلى «خۇخېيۇ — 2» نامىلىق تاۋۇز ئۇرۇقى كىرگۈزۈلدى ۋە كېڭەيتىلدى.

1984 - يىلى «1 - ئاۋغۇست»، يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى — 7416» ۋە «تاڭشەن — 6898» نامىلىق بۇغداي سورتى كىرگۈزۈلۈپ كېڭەيتىلدى، «چياڭلىمىشۇ» نامىلىق شوخلا سورتى كېڭەيتىلدى.

1985 - يىلى «282»، «يېڭى باھار — 2»، «قۇمۇل — 1» نامىلىق يازغى بۇغداي ۋە «ھەربىيلەر كېۋىزى — 1» نامىلىق كېۋەز سورتى كىرگۈزۈلۈپ كېڭەيتىلدى.

1986 - يىلى «103» نامىلىق چىلگە قوناق كىرگۈزۈلدى.

2) يېڭى تېخنىكىنىڭ كېڭەيتىلىشى 1975 - يىلى خىمىيۋى دورا بىلەن ئوت-چۆپ يوقىتىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا مۇۋاپىق ئوغۇتلاش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىشكە باشلىدى.

1980 - يىلى بۇغداينىڭ يېتىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سايكوسىل

كېڭەيتىلدى.

1982 - يىلى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات تېرىش ۋە ئۈزۈم ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى.

1983 - يىلى ئاز مىقدارلىق ئۈنۈملۈك دورا ئىشلىتىپ پۈركۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ، ئىش ئۈنۈمى 2 ھەسسە ئۆستۈرۈلدى.

1984 - يىلى ۋاشەرى يېزىسىنىڭ «شىنجيەن» چوڭ ئەترىتىدە بۇغدايىنى كەڭ قۇرلاپ تېرىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى.

## 2. چارۋا - ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش

1) نەسىللىك چارۋا - ماللارنى كىرگۈزۈش 1956 - يىلى قازاق قويى كىرگۈزۈلدى.

1957 - يىلى شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى كىرگۈزۈلدى.

1963 - يىلى گوللاندىيە ئالا بۇقىسى ۋە گۇەنجۇڭ نەسىللىك ئېشىكى كىرگۈزۈلدى.

1965 - يىلى تاشقورغان قويى ۋە ئالاتاۋ بۇقىسى كىرگۈزۈلدى.

1971 - يىلى ئىلى ئېتى كىرگۈزۈلدى.

1973 - يىلى قاراكۆل قويى كىرگۈزۈلدى.

2) سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش 1957 - يىلدىن ئېتىبارەن قويىنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش يولغا قويۇلدى.

1963 - يىلدىن ئېتىبارەن كالا، ئېشەك، ئات قاتارلىق چوڭ ماللارنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش باشلاندى.

1982 - يىلى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

## 3. يېڭىچە دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىشلىتىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قوش چاقلىق - قوش چىشلىق ساپان، قوش چاقلىق - بىر چىشلىق ساپان، يېڭىچە ساپان، 10 قۇرلۇق سېيالكا، ئاتقا سۆرىتىلىدىغان ئايلانما كومبايىن، كولتىۋاتور، تىرنا، كومىقوناق ئۇۋۇلاش ماشىنىسى، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان تۇمانلاشتۇرغۇچ قاتارلىق يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1958 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ھەر خىل يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمىنى 495 كە يەتتى.

1959 - يىلدىن باشلاپ رېزىنكە چاقلىق ھارۋا ئىشلىتىش ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ياغاچ چاقلىق ھارۋا يىلدىن - يىلغا شاللىۋېتىلدى.

1968 - يىلى 4 تراكتور (2 سى «شەرق قىزاردى — 75» تىپلىق، 2 سى «شەرق قىزاردى — 28» تىپلىق) كىرگۈزۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تراكتورغا چېتىلىدىغان ساپان، دېسكىلىق تىرنا، 24 قۇرلۇق سېيالكا كىرگۈزۈلدى.

1970 - يىلى تۇلۇق ئىشلىتىش كېڭەيتىلىپ، كالىغا دەسسىتىپ خامان تېپىش ئادىتى ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى يەنە چوڭ تىپتىكى دان ئايرىش ماشىنىسى كىرگۈزۈلدى.

1981 - يىلى قول تراكتورىنىڭ ئالدىغا ئېسىلىدىغان ئورۇش ماشىنىسى كېڭەيتىلدى، بىراق

كېيىنچە تېخنىكىنى ياخشى ئىگىلىگىلى بولماسلىق، تاسمىسى دائىم ئۈزۈلۈپ كېتىش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالماسلىق ۋەجىدىن، مۇنداق ئورۇش ماشىنىسىنى ئىشلىتىش توختىتىپ قويۇلدى.

1984 - يىلى «شىنجاڭ — 25» تىپلىق كومبايىن كىرگۈزۈلدى، لېكىن سالا ئېتىزلار مۇنتىزىم بولمىغانلىقى، يەرلەر ئېگىز - پەس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولدى. ۋاشىەرى يېزىسىنىڭ «شىنجيەن» كەنتىدە 2 يىل ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىتىلمەي تاشلاپ قويۇلدى.

1985 - يىلى تۆت چاقلىق كىچىك تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق يېيىپ كېۋەز تېرىش ماشىنىسى كىرگۈزۈلۈپ كېڭەيتىلدى.

## ئون تۆتىنچى قىسىم

# سەھىيە؛ تەنتەربىيە

# ئون تۆتىنچى قىسىم

# سەھىيە، تەنتەربىيە

## I باب

## سەھىيە

مىنگودىن ئىلگىرى چاقىلىق ناھىيىسىدە ھېچقانداق ساقلىق ساقلاش، داۋالاش ئورنى يوق ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جىياچىڭ 3 ـ يىلى (1798 ـ يىلى) ئەتىيازدا، لوپنۇر كۆلى بويىدا ۋابا تارقىلىپ، قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن لوپنۇرلۇق ۋابا كېسىلى يۇقۇپ ئۆلۈپ كەتتى، ئامان قالغانلار قېچىپ تەرەپ ـ تەرەپكە چىقىپ كەتتى.

مىنگونىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە، چاقىلىق ناھىيىسىدە بىرلا ساقلىق ساقلاش ئورنى ۋە ئۇنىڭ بىرلا ياردەمچى دوختۇرى بار بولۇپ، يەنجى ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانىدى. چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى تولىمۇ قولايسىز بولغاچقا، دوختۇر كەم، دورا ئاز بولۇپ، داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرى ئىنتايىن قالاق ئىدى، بىر مۇنچە كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى، ھەر يىلى ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىپ تۇراتتى، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) ئەتىيازدا چاقىلىق ناھىيىسىدە چېچەك تارقىلىپ، 500 دىن كۆپرەك ئادەم كېسەل تېگىپ ئۆلدى، ئۆلۈش نىسبىتى 108‰ بولدى. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) 3 ـ، 4 ـ ئايلاردا يەنجى ناھىيىلىك دوختۇرخانا دوختۇر چېن جۇڭجيې قاتارلىق كىشىلەرنى چاقىلىق ناھىيىسىگە سىناق تەرىقىسىدە چېچەك ئەملەشكە ئەۋەتتى، ئۇلار ناھىيە بويىچە 755 ئادەم (قېتىم) گە چېچەك ئەملىدى، ئەملەش نىسبىتى 12.9% بولدى. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى يېزا، باۋ باشلىقلىرىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، 4 تازىلاش ئەترىتى تەشكىللىدى، ھەر بىر ئەترەتتە 51 ئادەم بولدى، بىر ئەترەت ناھىيىدە قالدۇرۇلدى، 3 ئەترەت ۋاششەرى، مىرەن، يېڭىسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئۆلگەن چارۋىلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى كۆمۈۋەتتى، ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى چوڭ ـ كىچىك كوچىلارمۇ تازىلاندى. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) ئەتىيازدا چاقىلىق ناھىيىسىدە ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىپ، بىر ئاي ئىچىدە 200 دىن كۆپ ئادەم ئۆلۈپ كەتتى، ئۆلۈش نىسبىتى 40‰ بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ غەمخورلۇقىدا، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ داۋالاش، دورىگەرلىك، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرى پەيدىنپەي راۋاجلىنىشقا باشلىدى، 1985 ـ يىلىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئورنى 6گە، شتاتتىكى داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش خادىمى 103كە يەتتى.

## 1 § . تېبىبىي داۋالاش

### 1. تېبىبىي داۋالاش ئاپپاراتلىرى

1) ناھىيىلىك دوختۇرخانا 1950 ـ يىلى ناھىيىلىك ساقلىق ساقلاش ئورنىدا 5 ئادەم بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى فېلدشېر، بىرى سېستىرا، بىرى سانىتار، 2سى ئىشچى ئىدى. 1954 ـ يىلى ساقلىق ساقلاش ئورنى ناھىيىلىك شىپاخانىغا ئۆزگەرتىلدى، بۇ شىپاخانىدا 6 نەپەر داۋالاش ـ كۈتۈش خادىمى، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان 3 ئېغىز (تەخمىنەن 44 كۋادرات مېتىر) ئۆي بار ئىدى. 1955 ـ يىلى ئاجرىتىپ بېرىلگەن 10 مو يەرگە يېڭىدىن بىر ئۈنۈۋېرسال ئامبۇلاتورىيە (تەخمىنەن 200 كۋادرات مېتىر) سېلىنىشقا باشلىدى ۋە 1957 ـ يىلى پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا شىپاخانىدا 10 دانە كېسەل كارىۋىتى، كىچىك ئوپېراتسىيەخانا بار ئىدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا تۇنجى قېتىم سوقۇرئۈچەي، گىرىژ ئوپېراتسىيىسى ئىشلەندى.

1957 ـ يىلى ناھىيىلىك شىپاخانىنىڭ داۋالاش ـ كۈتۈش خادىمى 18گە يەتتى، ئامبۇلاتورىيىدە 3923 ئادەم (قېتىم) داۋالاندى، 172 ئادەم (قېتىم) كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالاندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت پۇلى ھېسابىغا داۋالانغانلار 3203 ئادەم (قېتىم).

داۋالاش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1957 ـ يىلى شىپاخانا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1959 ـ يىلى داۋالاش مۇلازىمىتى دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، بىر يىلدا 16 مىڭ 512 ئادەم (قېتىم) داۋالاندى. بۇنىڭ ئىچىدە 250 ئادەم (قېتىم) كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالاندى. يېڭى ئۇسۇلدا يېڭىنە سانجىپ داۋالاش كلىنىكىدا قوللىنىلىشقا باشلىدى ۋە باللار پارالىچى بىلەن ئاغرىغان 2 بىمار يىڭنە بىلەن داۋالاندى. سۇنۇق ئوپېراتسىيىسى ۋە قوساقنى يېرىپ تۇغدۇرۇش ئوپېراتسىيىسى تۇنجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىنىپ، بۇ دوختۇرخانا ئوبلاست ۋە ناھىيىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

1961 ـ يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا جۇڭيى ئامبۇلاتورىيىسى ئېچىلدى.

1985 ـ يىلغا كەلگەندە، ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ يەر كۆلىمى 30 موغا، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 3401.68 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 980.7 كۋادرات مېتىرلىق بىر ئامبۇلاتورىيە بىناسى يېڭىدىن سېلىندى، كېسەلخانىنىڭ كۆلىمى 899.9 كۋادرات مېتىرغا، كېسەل كارىۋىتى 40قا، خىزمەتچىسى 43كە يەتتى. 1985 ـ يىلى دۆلەت 163 مىڭ يۈەن بەردى، كەسپىي كىرىم 154 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى، 21 مىڭ 922 ئادەم (قېتىم) ئامبۇلاتورىيىدە داۋالاندى، 852 ئادەم (قېتىم) كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالاندى. 202 قېتىم پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى ئىشلەندى، 166 قېتىم تۇغۇت قوبۇل قىلىندى، 38 ئادەم (قېتىم) ئوپېراتسىيە ئىشلەندى.

2) يېزا ـ مەيدان شىپاخانىلىرى 1956 ـ يىل 7 ـ ئايدا ۋاشىشەرى باشقۇرۇش رايونلۇق شىپاخانا قۇرۇلدى. 1959 ـ يىلى «ئىتتىپاق» (ھازىرقى ئۈتام يېزىسى)، «غالىبىيەت» (ھازىرقى تىكەنلىك يېزىسى)، تەنسەن رايونى، مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانى شىپاخانىلىرى قۇرۇلدى ھەمدە 22 دانە ئاددىي كېسەل كارىۋىتى، 14 نەپەر تېببىي خادىم سەپلەپ بېرىلدى.

1965 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە يېزا ـ مەيدان شىپاخانىسى 5كە يەتتى، يېزا ـ مەيدانلاردىكى داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش خادىمى 34 كە يېتىپ، 50 ـ يىللاردىكىدىن 6.8 ھەسسە كۆپەيدى. يېزا ـ مەيدان شىپاخانىلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى خېلى راۋاجلاندى، 200 كۋادرات مېتىرلىق كېسەلخانا ۋە قوشۇمچە ئۆيلەر يېڭىدىن سېلىندى ياكى كېڭەيتىپ سېلىندى. رېنتگېندە كۆكرەك قەپىزىنى تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى. ئەسلىدىكى سەييارە داۋالاشنى ئاساس قىلىش مۇقىم داۋالاشقا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ناھىيە بويىچە ھەممە گۇڭشېدا شىپاخانا، ھەممە چوڭ ئەترەتتە ساقلىقنى ساقلىغۇچى بار بولدى. 70 ـ يىللاردا «ئىككىگە يۈزلىنىش» (يېزىلارغا يۈزلىنىش، ئاساسىي قاتلاملارغا يۈزلىنىش) دىن ئىبارەت داۋالاش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يېزىلارنىڭ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى خېلى كۆپەيدى، 1980 ـ يىلغا كەلگەندە، «ئىتتىپاق» (ئۈتام)، ۋاشىشەرى يېزىلىق شىپاخانىلارغا بىردىن 30 مىللىئامپېرلىق رېنتگېن بېرىلدى. تۈرلۈك داۋالاش، ئوپېراتسىيە سايمانلىرى، مەسىلەن، 3 ـ خىلدىكى ئوپېراتسىيە سايمانلىرى بوغچىسى، ياڭگاياغ دوختۇرلار بوغچىسى، قان بېسىم ئۆلچىگۈچ، يۇقىرى بېسىملىق قازان، تۇغۇت كارىۋىتى قاتارلىقلار كۆپلەپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى، كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئاز ساندىكىلىرى، مەسىلەن، 3 ـ خىلدىكى ئوپېراتسىيە سايمانلىرى بوغچىسى، يۇقىرى بېسىملىق چوڭ قازانلار ئۇزاققىچە بېسىلىپ قالدى، بەزىلىرى بۇزۇلدى ۋە ئىسراپ بولدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا دەرىجىلىك سەھىيە ئاپپاراتى 4كە، كەسپىي خادىم 26گە، كېسەل كارىۋىتى 46گە، ئامبۇلاتورىيە 340 كۋادرات مېتىرغا، كېسەلخانا 608 كۋادرات مېتىرغا، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 40 مودىن كۆپرەككە يەتتى.

3) يېزا داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش تورلىرى 1959 ـ يىلى ناھىيىلىك سەھىيە بۆلۈمى تۇنجى قېتىم يېزىلار ئۈچۈن 15 نەپەر تۇغۇت ئانىسى تەربىيىلەپ بەردى، چوڭ ئەترەت دەرىجىلىك داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش گۇرۇپپىسىدىن 6نى قۇردى.

1965 ـ يىلى 15 نەپەر ئانا ـ بالىلار ساقلىقنى ساقلاش خادىمىنى تەربىيىلەپ، 11 چوڭ ئەترەتتە داۋالاش پونكىتى قۇردى. 70 ـ يىللاردا ناھىيە بويىچە 18 نەپەر ساقلىقنى ساقلاش خادىمى، 11 ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ئورنى بار بولدى. چوڭ ئەترەتلەر ھەر يىلى 1200 يۈەندىن 1500 يۈەنگىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش پۇلى يىغىۋالدى. داۋالاش خىراجىتىنىڭ كېمەيگەن قىسمىنى چوڭ ئەترەتلەر جامائەت فوندىدىن تولۇقلاپ بەردى. يېزا ـ كەنت دوختۇرلىرىغا يىل ئاخىرىدا باھالاپ نومۇر قويۇپ ھەق بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، يېزا ـ كەنت دوختۇرلىرى خېلى مۇقىملاشتى، ئۇلار يېزىلاردا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاشقا ئائىت بىلىملەرنى تەشۋىق قىلىش خىزمەتلىرىدە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، 1981 ـ يىلى يېزىلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھ قىلىنىپ، يېزىلاردىكى داۋالاش پونكىتلىرىدا شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ساقلىق ساقلاش ياردەم پۇلى تارقىتىش

چارىسى قوللىنىلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 20 نەپەر يېزا ـ كەنت دوختۇرى ۋە سانىتار ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى بىلەن كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش توغرىسىدا توختام تۈزدى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش تورى پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدە ئاساسەن شەكىللەندى.

## 2. داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى

1) كېسەل كارىۋىتى ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ كېسەل كارىۋىتى 1957 ـ يىلى 10 ئىدى، 1965 ـ يىلى 22گە، 1970 ـ يىلى 30غا، 1985 ـ يىلى 40قا يەتتى. يېزىلىق شىپاخانىلاردا 1956 ـ يىلى 23 كۆزىتىش كارىۋىتى بار ئىدى. 1965 ـ يىلى 22 كېسەل كارىۋىتى قويۇلدى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە كېسەل كارىۋىتى 86گە يېتىپ، ھەر 1000 ئادەمگە 1.5دىن توغرا كەلدى.

2) داۋالاش سايمانلىرى 1953 ـ يىلى ناھىيىلىك ساقلىق ساقلاش ئورنىدا داۋالاشقا چىققاندا ئىشلىتىدىغان بىر دانە دوختۇرلۇق ساندۇقى، بىر دانە تىڭشىغۇچ ۋە ئاز ساندا داۋالاش سايمانلىرى ۋە ئەسۋابلىرى بار ئىدى. كېيىن يىلمۇ يىل كۆپەيتىلىپ، 1965 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە تۈرلۈك داۋالاش سايمىنى 227 خىلغا يەتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆلەڭگۈسىز چىراغ، كۆپ ئىقتىدارلىق ئوپېراتسىيە كارىۋىتى، رېنتگېن ئاپپاراتى، ھاۋا ئارقىلىق ئېغىر بېرىپ ناركوز قىلىش ماشىنىسى، شۇنداقلا مۇنتىزىم لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى بار ئىدى. 70- يىللاردا يېزىلاردىكى شىپاخانىلارغا قان بېسىم ئۆلچىگۈچ، يالىڭاياغ دوختۇرلار بوغچىسى، 3- خىل ئوپېراتسىيە سايمانلىرى بوغچىسى، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان كارىۋات، يەنە بىر قىسىم يېزىلىق شىپاخانىلارغا لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى، مىكروسكوپ قاتارلىقلار سەپلەپ بېرىلدى. 80 ـ يىللاردا ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئېلېكترو كاردىيوگرامما، ئېلېكترو ئېنسۆخالوگرامما، «B» تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنلۇق ئاپپارات ھەم تۈرلۈك فىزىكىلىق داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، 2 قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى بار بولدى.

سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش خىزمىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىشقا ئائىت لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىلدى. 1985- يىلغا كەلگەندە، 2 يۇرۇش باكتېرىيە تەكشۈرۈش ۋە فىزىكىلىق ـ خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسىنى قوشقاندا، مىكروسكوپ، توڭلاتقۇ، دوخوپكا، ئىسسىتقۇچ، تارازا، ئېلېكتروفورىز ئاپپاراتى، PHنىڭ كىسلاتا ئىشقارلىق دەرىجىسىنى ئۆلچەش ئاپپاراتى قاتارلىق چوڭ ئۈسكۈنە 200 خىلدىن ئاشتى، يۇقۇمدىن ساقلىنىشقا ئىشلىتىلىدىغان 2 ئاپتوموبىل سېتىۋېلىندى.

## 3. داۋالاش مۇلازىمىتى

1957 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئامبۇلاتورىيىسى 3923 قېتىم كېسەل كۆرگەن، ۋاشەرى يېزىلىق ساقلىق ساقلاش ئورنىنىڭ ئامبۇلاتورىيىسى 1763 قېتىم كېسەل كۆرگەنىدى، كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە نوپۇسنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرۈش مىقدارىمۇ كۆپەيدى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە، ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئامبۇلاتورىيىسىلا 21 مىڭ ئادەم ـ قېتىم كېسەل كۆردى، 202 ئادەم ـ قېتىم پىلانلىق توغۇت ئوپېراتسىيىسى ئىشلىدى، 166 ئادەم ـ قېتىم تۇغۇت قوبۇل قىلدى، 832 ئادەم-

قېتىمنى رېنتگېندە تەكشۈردى.

ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى 1957 - يىلى 172 ئادەم - قېتىمنى، 1959 - يىلى 250 ئادەم - قېتىمنى كېسەلخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالىدى، 1959 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 401 ئادەم - قېتىمنى كېسەلخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالىدى. 60 - يىللاردىن كېيىن كېسەل كارىۋىتىنىڭ كۆپەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالىنىغانلارمۇ يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1985 - يىلى 852 ئادەم - قېتىم كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالاندى، كېسەل كارىۋاتلىرىنىڭ ئوبوروت نىسبىتى %98.65كە يەتتى.

1963 - يىلى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى تېببىي خادىملارنى ئاجرىتىپ، گۆشچى - چولڭ ئەترەتلەردە يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى ۋە ئاياللار كېسەللىكىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى، قان بېسىمى تەكشۈرۈلگەن 1000 ئادەمدىن 343 ئادەمنىڭ قان بېسىمى بىنورمال چىقتى، بۇ تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ %34.3نى ئىگىلەيدۇ. ئاياللار كېسەللىكى تەكشۈرۈلگەن 878 ئايال ئىچىدە 258 ئايالنىڭ بالىياتقۇ چىقىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى، بۇ تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ %29.4نى ئىگىلەيدۇ.

ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى 1957 - يىل 10 - ئايدا تۇنجى قېتىم سوقۇر ئۈچەي ئوپېراتسىيىسىنى ئىشلىدى. 1959 - يىلى تۇنجى قېتىم بالىنى قوساقنى يېرىپ ئېلىش ئوپېراتسىيىسىنى ئىشلىدى. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھامىلىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا چۈشۈرۈۋېتىش ئوپېراتسىيىسىنى ئىشلىدى. 70 - يىللارنىڭ بېشىدا قورساق بوشلۇقى ئۆسمىسىنى، بادامسىمان بەز ئۆسمىسىنى، ئۆت خالتىسىنى، ئۆتتىكى تاشنى ئېلىۋېتىش ۋە ئۈچەي توسۇلۇپ قېلىش، قالقانسىمان بەز ئوپېراتسىيىلىرىنى ئىشلىدى، دەي يۇ، جاڭ شيۇخۇي قاتارلىق كىشىلەر ياردار بولغان ئادەمنىڭ بىر بۆرىكىنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىدى. 80 - يىللاردا قورساق بوشلۇقى ئوپېراتسىيىسى ۋە ئاياللارنىڭ نەسىل قالدۇرۇش ئەزاسىنى بوغۇش ئوپېراتسىيىسىنى قانات يايدۇردى.

## 4. داۋالاش تۈزۈمى

1) ھۆكۈمەت پۇلى ھېسابىغا داۋالىنىش 1952 - يىل 12 - ئايدىن ئېتىبارەن، ناھىيىلىك ئورگانلاردىكى دۆلەت كادىرلىرى ئارىسىدا ھۆكۈمەت پۇلى ھېسابىغا داۋالىنىش يولغا قويۇلدى. 1953 - يىلى ھۆكۈمەت پۇلى ھېسابىغا داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولىدىغانلار 207 ئىدى، 1985 - يىلغا كەلگەندە 1400 دىن ئېشىپ كەتتى. ھۆكۈمەت پۇلى ھېسابىغا داۋالىنىش خىراجىتى يىلمۇ يىل كۆپىيىپ، داۋالىنىش چىقىمى ھەر يىلى ئېشىپ كەتتى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ھۆكۈمەت پۇلى ھېسابىغا داۋالىنىش چىقىمى 94 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2) ئەمگەك سۇغۇرتىسىغا داۋالىنىش 1958 - يىلدىن باشلاپ چاقىلىق ناھىيىسى ئەمگەك سۇغۇرتىسىغا داۋالىنىشنى يولغا قويدى. ئەمگەك سۇغۇرتىسىغا داۋالىنىدىغانلار ئاساسەن زاۋۇت، كان، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن داۋالىنىش پۇلى %20 - %40 كېمەيتىپ ئېلىنىدى. 1985- يىلى ناھىيە بويىچە ئەمگەك سۇغۇرتىسىغا داۋالىنىدىغانلار 800دىن ئېشىپ كەتتى.

3) ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش چاقىلىق ناھىيىسى 1965 - يىلدىن باشلاپ يېزىلاردا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنى يولغا قويدى. 70 - يىللار چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش گۈللەنگەن دەۋر بولدى. گۆشچى - چولڭ ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسى 3

يىللىق ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنى يولغا قويدى، 11 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىدە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش پونكىتى قۇرۇلدى، كۆچمە ئەزالىرى كىشى بېشىغا ھەر يىلى 2 — 3 يۈەندىن ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش پۇلى تاپشۇردى. داۋالىنىش پۇلىنى چوڭ ئەترەت بىر تۇتاش باشقۇردى ۋە كېمىنى تولۇقلاپ بەردى. ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يولغا قويۇلغان مەزگىلدە كۆچمە ئەزالىرىنىڭ داۋالىنىش مەسىلىسى خېلى ياخشى ھەل بولدى، بىراق داۋالىنىش چىقىمى خېلى جىق ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش توختاپ قالدى.

4) داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاشنى شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى

يېزىلاردا 1980 - يىلدىن باشلاپ ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمى داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاشنى شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 3 يېزا، 11 چوڭ ئەترەتتىكى 18 نەپەر يېزا - كەنت دوختۇرى ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى بىلەن داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ھۆددىگەرلىك توختامى تۈزدى، توختام بويىچە، ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى ھۆددىگە ئالغۇچىلارغا ئېيىغا 15 - 35 يۈەن يۇقۇمدىن ساقلىنىش ياردەم پۇلى بېرىدىغان، شەخسنىڭ داۋالاشتىن قىلغان كىرىمى ئۆزىگە قالىدىغان بولدى. ھۆددىگەرلەر ئارىسىدا داۋالاش، يۇقۇمدىن ساقلىنىش، ساقلىقنى ساقلاش بويىچە پەسىللىك سىناش - تەكشۈرۈش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش يولغا قويۇلۇپ، ئاساسىي قاتلاملاردىكى داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش خىزمەتلىرىنىڭ نورمال راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان
داۋالاش ئەھۋالى

جەدۋەل: 14 — 1

| يىللار | داۋالانغان ئادەم سانى (قېتىم): جەمئىي | داۋالانغان ئادەم سانى (قېتىم): يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئامبۇلاتورىيەدە داۋالانغان ئادەم سانى | سالامەتلىك تەكشۈرۈش | مەزگىل بېشىدىكى ئادەم سانى | مەزگىل ئاخىرىدىكى ئادەم سانى | قوبۇلى جەمئىي | بالنىستا داۋالىنىپ چىققانلار سانى: جەمئىي | ساقايغىنى | ياخشىلانغىنى | ساقايمىغىنى | ئۆلگىنى | باشقىلار | مەزگىل ئاخىرىدا بالنىستا ياتقانلار سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 18000 | 18000 | 550 | 30 | 909 | 908 | 850 | 505 | 302 | 37 | 6 | 58 | 31 |
| 1981 | 25200 | 25182 | 167 | 21 | 727 | 1213 | 918 | 575 | 271 | 62 | 10 | 295 | 30 |
| 1982 | 26570 | 26486 | 449 | 30 | 1220 | 1220 | 876 | 437 | 344 | 81 | 14 | 424 | 30 |
| 1983 | 25747 | 25047 | 488 | 30 | 1390 | 1390 | 976 | 591 | 300 | 70 | 15 | 414 | 30 |
| 1984 | 28931 | 28931 | 542 | 30 | 1260 | 1260 | 866 | 494 | 303 | 51 | 12 | 400 | 36 |
| 1985 | 21432 | 21422 | 1521 | 26 | 1091 | 1088 | 852 | 511 | 253 | 74 | 14 | 236 | 29 |

### ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ 1980 ـ 1985 ـ يىلغىچە بولغان ئاساسىي داۋالاش كۆرسەتكۈچلىرى

جەدۋەل: 14 — 2

| يىللار | مەزكۇر ئامبۇلاتورىيەدىكى نوق كېسەل كارىۋىتى | ئەمەلىيەتتە راسلانغان كارىۋات سانى | ئوتتۇرىچە كارىۋات سانى | كارىۋات ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي كۈن | بالىنىتسىدىن چىققانلارنىڭ كارىۋاتتا ياتقان ئومۇمىي كۈن سانى | ساقىيىش نىسبىتى % | ئۆلۈش نىسبىتى % | كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىچە ئوبوروت نىسبىتى % | كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش كۈنى | كارىۋاتنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىلىش نىسبىتى % | بالىنىتسىدىن چىققانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ياتقان كۈنى | مەزكۇر ئامبۇلاتورىيەدا بالىنىتسىدا ياتقان ئادەم سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 40 | 14600 | 40 | 78767 | 9205 | 59.4 | 0.7 | 22.7 | 94.2 | 25.8 | 14.8 | 31 |
| 1981 | 40 | 12790 | 35 | 9136 | 7804 | 66.2 | 1.15 | 33.26 | 261.1 | 71.7 | 7.88 | 30 |
| 1982 | 40 | 1460 | 40 | 8496 | 9169 | 49.9 | 1.59 | 32.5 | 212.4 | 58.2 | 6 | 30 |
| 1983 | 40 | 1480 | 40 | 9317 | 9955 | 60.6 | 1.54 | 34.75 | 232.9 | 64.3 | 6.62 | 30 |
| 1984 | 40 | 14600 | 40 | 10185 | 10185 | 57.4 | 1.49 | 31.5 | 254.6 | 69.6 | 7.9 | 36 |
| 1985 | 40 | 14600 | 40 | 9634 | 9594 | 59.98 | 1.64 | 27.2 | 240.9 | 65.98 | 8.82 | 29 |

## قوشۇمچە: 1974 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە بولغان 3 يىل ئىچىدە چاقىلىق ناھىيىسىدىكىلەرنىڭ كېسەللىكتىن ئۆلۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى

1. 14 ئادەم ئۆسمىدىن ئۆلگەن، ئۆلۈش نىسبىتى 38/100000 بولغان، 228 ئادەم باشقا كېسەللىكتىن ئۆلگەن.

2. 85 ئادەم نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكىدىن ئۆلگەن، ئۆلۈش نىسبىتى 230/100000 بولۇپ، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ 28.15%نى ئىگىلەپ، 1 ـ ئورۇندا تۇرغان.

3. 47 ئادەم بالىلار كېسەللىكىدىن ئۆلگەن، ئۆلۈش نىسبىتى 127/100000 بولۇپ، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ 15.7%نى ئىگىلەپ، 2 ـ ئورۇندا تۇرغان.

4. 34 ئادەم يۇقۇملۇق كېسەللىكتىن ئۆلگەن، ئۆلۈش نىسبىتى 92/100000 بولۇپ، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ 11.26%نى ئىگىلەپ، 3 ـ ئورۇندا تۇرغان.

## §2. يۇقۇمدىن ساقلىنىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتلىرى كەمچىل بولغانلىقتىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى. تارقىلىشچان كېسەللىكلەر، يۇقۇمدىن ساقلىنىش ۋە ئۇلارنى داۋالاش

ۋاستىلىرى قالاق بولۇپ، چېچەك، كۆك يۆتەل، قىزىل، تارقىلىشچان مېڭە پەردە ياللۇغى، كېزىك (تىف)، دىزىنتېرىيە، جىگەر ياللۇغى قاتارلىق 7 خىل يۇقۇملۇق كېسەللىك ئوخشاشمىغان دەرىجىدە پەيدا بولدى ۋە تارقىلىپ تۇردى.

1958 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانا يۇقۇمدىن ساقلىنىش بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىپ، تېببىي خادىملارنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ 1 - سېپىگە بېرىپ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇلارنى داۋالاشقا تەشكىللەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. چېچەك ۋاكسىنىسى سېلىش ئومۇملاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە چاقىلىق ناھىيىسىدە ياۋا چېچەك تامامەن يوقىتىلدى.

1975 - يىلى ناھىيىلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش - ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلدى. پونكىت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە 2 مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى، بىر كەسپىي خادىم بار ئىدى، ئۇلار ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ 2 ئېغىز (تەخمىنەن 32 كۋادرات مېتىر) ئۆيىدە ئىش بېجىرەتتى، ئەينى ۋاقىتتا ئاران 2 دانە ئۈستەل - ئورۇندۇق ۋە ئازراقلا داۋالاش سايمىنى بار بولغاچقا، كەسپلەرنى نورمال قانات يايدۇرغىلى بولمىغانىدى. 1977 - يىلى يۇقىرىدىن بۇ پونكىتقا بىر دانە قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى بېرىلدى. 1979 - يىلى مالىيە خادىمى سەپلەپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ پونكىت مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بولدى. 1980 - يىلى بۇ پونكىت 6.8 مو يەر ئېلىپ، يېڭىدىن 3 ئېغىز (تەخمىنەن 64 كۋادرات مېتىر) ئىشخانا سالدى، 1982 - يىلى ئىشلىتىش كۆلىمى 356 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۈنۈۋېرسال ئىشخانا سېلىندى. 1985 - يىلى پونكىتتىكى تېببىي خادىم 18گە يەتتى، پونكىتتا يۇقۇمدىن ساقلىنىش بۆلۈمى، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمى، مالىيە - خوجىلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. ئاپپارات ئىسلاھاتىدا پونكىتنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى تەرتىپكە سېلىنىپ، پونكىت باشلىقلىرى ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ۋە بۆلۈم - ئىشخانىلار ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش - ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى ئەسلىدىكى يۇقۇمدىن سىداقلىنىش خىزمىتىنىلا ئىشلەشتىن يۇقۇمدىن ساقلىنىش، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش، پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش، تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى داۋالاش، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى داۋالاش، كەسپىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى داۋالاش، يېمەكلىكلەر تازىلىقى، مەكتەپ تازىلىقى (گېگىنىسى)، لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە ئۆتتى.

## 1. ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئەملەش

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يەنجى ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئەۋەتكەن دوختۇرلار چاقىلىق ناھىيىسىگە كېلىپ بالىلارغا بىر قېتىم چېچەك ئەملىگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1955 - يىلدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە چېچەك ۋاكسىنىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى. 60 - يىللاردا قىزىل، بوغما، كۆكيۆتەل، قاتما بىرلەشمە ۋاكسىنىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى. 70 - يىللاردا يەنە تارقىلىشچان مېڭە پەردە ياللۇغى ۋاكسىنىسى، خولېرا ۋاكسىنىسى قاتارلىقلار ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە بالىلارغا 8 خىل ۋاكسىنا ئەملىنىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يۇقۇش ۋە تارقىلىشىدىن ئۈنۈملۈك مۇداپىئە كۆرۈلدى، خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

### چاقىلىق ناھىيىسىدە 1976 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە تۈرلۈك ۋاكسىنىلارنىڭ ئەملىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل 14 — 3　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　بىرلىكى: ئادەم ـ قېتىم

| ۋاكسىنىلار / يىللار | قىزىل | 3 بىرلەشمە ۋاكسىنا | بالىلار پارالىچى | كالىبت ـ گېرىن ۋاكسىنىسى | تارقىلىشچان مېڭە پەردە ياللۇغى ۋاكسىنىسى | بوغما | كېزىك | ياۋا چېچەك | تۇبېركۇليوز باكتېرىيىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1976 | | | 6800 | 3000 | | 5200 | | 14500 | |
| 1977 | 1600 | | 1600 | 827 | | | | | 1725 |
| 1978 | 4200 | 4724 | 2400 | | | | 7044 | | |
| 1979 | 5000 | 2500 | 3900 | | | | | 15000 | |
| 1980 | 3300 | 2500 | 4200 | 3880 | | | 3300 | 3700 | 2583 |
| 1981 | 3950 | 2460 | 1219 | 3380 | | | 1471 | 2500 | 3000 |
| 1982 | 1445 | 2460 | 2880 | | | | 6000 | | |
| 1983 | 2000 | 3000 | 2500 | | 1834 | | 5500 | | |
| 1984 | 2812 | 2812 | 2806 | 1442 | 825 | | | | |
| 1985 | 2635 | 4635 | 4567 | 2741 | 800 | | | | |

## 2. يۇقۇمدىن ساقلىنىش ھەم ئۇنى داۋالاش

50 ـ، 60 ـ يىللاردا چاقىلىق ناھىيىسىدە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر 3 قېتىم خېلى كەڭ دائىرىدە تارقالدى: (1) 1955 ـ يىلى ۋاششەرى يېزىسىنىڭ 3 ـ كەنتىدە 109 ئادەم قىزىل بىلەن يۇقۇملىنىپ، 39 ئادەم قىزىل بىلەن ئاغرىدى، بۇ ئومۇمىي سانىنىڭ %35.8نى ئىگىلەيدۇ، 3 ئادەم ئۆلدى، بۇ ئومۇمىي سانىنىڭ %7.7نى ئىگىلەيدۇ. (2) 1958 ـ يىلى 3 يېزىدا تارقىلىشچان زۇكام تارقىلىپ، 7 كۈن ئىچىدە 417 ئادەمگە كېسەل تەگدى، بۇ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %7.8نى ئىگىلەيدۇ. (3) 1963 ـ، 1964 ـ يىللىرى ناھىيە بويىچە شەھەر ـ قىشلاقلارنىڭ ھەممىسىدە جىگەر ياللۇغى تارقالدى، 1963 ـ يىلى 241 ئادەمگە كېسەل تېگىپ، بىر ئادەم ئۆلدى؛ 1964 ـ يىلى ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا 141 ئادەمگە، ۋاششەرى يېزىسىدا 27 ئادەمگە، مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانىدا 24 ئادەمگە كېسەل تەگدى.

يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋە داۋالاش تارماقلىرىنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىدى، ئۇلار تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، 2272 ئادەم (قېتىم) گە بۇرنىدىن دورا تېمىتىپ تارقىلىشچان زۇكامنىڭ ئالدىنى ئالدى، ناھىيىدە جىگەر ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى داۋالاشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇرۇلدى، ئاپتونوم ئوبلاستمۇ ئالدىنى ئېلىش داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتىپ جىگەر ياللۇغىنى داۋالاشقا ياردەملەشتۇردى. 1964 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 4 داۋالاش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى، داۋالاش ئارقىلىق جىگەر ياللۇغى بىلەن ئاغرىغان 88 ئادەم ساقايتىلدى، 152 ئادەمنىڭ كېسىلى ياخشىلاندى، بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتتى.

1959 ـ يىلى ناھىيە مىقياسىدا «ئۈچ كېسەللىك»نىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى داۋالاش قانات يايدۇرۇلۇپ، 6041 ئادەم ئىچىدىن جىنسىي ئەزا كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان 306 ئادەم،

قالقانسىمان بېزى چوڭايغان 230 ئادەم، باش تەمرەتكىسى بىلەن ئاغرىغان 284 ئادەم تەكشۈرۈپ چىقىلدى ھەم دورا بىلەن داۋالاندى.

1977 - يىلى قىزىل تارقىلىپ، ناھىيىدىكى 3 يېزا، بىر بازاردا جەمئىي 245 ئادەمگە كېسەل تەگدى، كېسەللىنىش نىسبىتى 1913/100000 بولدى. 1978 - يىلى 2 ئادەمنىڭ قىزىل بىلەن، بىر ئادەمنىڭ تارقىلىشچان مېڭە پەردە ياللۇغى بىلەن، 4 ئادەمنىڭ كېزىك بىلەن، 130 ئادەمنىڭ دىزىنتېرىيە بىلەن ئاغرىغانلىقى بايقالدى. يىللىق كېسەللىك پەيدا بولۇش نىسبىتى 1404/100000 بولدى. 1979 - يىلى 56 ئادەمنىڭ كۆكيۆتەل بىلەن ئاغرىغانلىقى بايقالدى، كېسەللىنىش نىسبىتى 400/100000 بولدى. 80 - يىللارنىڭ بېشىدا چاقىلىق ناھىيىسىدە ئۇدا 5 يىل ئومۇميۈزلۈك ئىممۇنىتېتلاپ ئەملەش يولغا قويۇلدى، باللاردا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى زور دەرىجىدە ئازايتىلدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر 418/100000دىن تۆۋەن نىسبەتتە تىزگىنلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىقى ئۈنۈملۈك قوغدالدى.

**1980 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغانلارنىڭ سانىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەدۋىلى**

جەدۋەل: 14 — 4

| كېسەللىك نامى / يىللار | قىزىل | كۆكيۆتەل | باللار پارالىچى | سكارلاتىنا | تارقىلىشچان مېڭە پەردە ياللۇغى | جىگەر ياللۇغى | باكتېرىيىلىك دىزىنتېرىيە | كېزىك |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 4 | 20 | | | | 50 | 1565 | 75 |
| 1981 | 47 | 1 | | | | 8 | 1700 | 109 |
| 1982 | 60 | 5 | 2 | 2 | 1 | 15 | 443 | 60 |
| 1984 | 47 | 7 | 1 | 1 | 11 | 57 | 268 | 34 |
| 1985 | | | | | 13 | 10 | 41 | 8 |
| 1986 | | | | | | 5 | 35 | 4 |

## 3. باش تەمرەتكىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى داۋالاش

باش تەمرەتكىسى — چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى زىيىنى ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللىك. 1959 - يىلى ناھىيە بويىچە باش تەمرەتكىسىنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈلگەن 5355 ئادەمدىن 284 ئادەمدە باش تەمرەتكىسى بارلىقى ئېنىقلاپ چىقىلدى، كېسەللىنىش نىسبىتى 5.3% بولدى. يۇقۇمدىن ساقلىنىش تارماقلىرىنىڭ ۋە يېزا-كەنت دوختۇرلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق، 1982 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە باش تەمرەتكىسى بارلارنىڭ نىسبىتى 0.1%كە چۈشۈرۈلۈپ، باش تەمرەتكىسى تىزگىنلەندى. 1985-يىلى ناھىيە بويىچە باش تەمرەتكىسى بارلار 7 نەپەر بولۇپ، 0.041%نى ئىگىللىدى. «تاز دېگەن بەك تولا، باش كۆتۈرۈپ ماڭالمايدۇ، قىزلار ياتلىق بولالمايدۇ، ئوغۇللار لايىق تاپالمايدۇ» دەپ تەسۋىرلىنىدىغان ھالەت تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

## 4. يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى داۋالاش

چاقىلىق ناھىيىسىدە، ئاساسەن، يەرلىك قالقانسىمان بەز ئىششىقــــى، بروتسېللىيوز كېسەللىكى، يەرلىك فتوردىن زەھەرلىنىش كېسەللىكى قاتارلىق يەرلىك كېسەللىكلەر بار بولۇپ، ئۇقتىلىق ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئىشلىرى 1980 - يىلدىن ئېتىبارەن باشلاندى.

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ بەزى يىللاردىكى باش تەمرەتكىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى داۋالاش ئەھۋالى

جەدۋەل: 14 — 5

بىرلىكى: ئادەم

| تۈرى / يىللار | كېسەللەنگەنلەر | | | | | داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش ئەھۋالى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | سېرىق تەمرەتكە | قارا تەمرەتكە | ئاق تەمرەتكە | ئارىلاشما تەمرەتكە | ئومۇمىي ئادەم سانى | ساقايغىنى | نىسبىتى % | ساقايمىغىنى |
| 1959 | | | | | 284 | | | 81 |
| 1961 | | | | | 230 | | | 58 |
| 1968 | 370 | 167 | | 4 | 541 | 460 | 85 | 34 |
| 1969 | 140 | 110 | | 7 | 257 | 198 | 77 | 28 |
| 1970 | 105 | 89 | | | 194 | 170 | 87.6 | 22 |
| 1971 | 74 | 78 | | | 152 | 124 | 81.6 | 15 |
| 1972 | 93 | 42 | 2 | 4 | 141 | 119 | 84.4 | 26 |
| 1973 | 65 | 70 | | | 135 | 120 | 88.9 | 43 |
| 1974 | 72 | 95 | | | 167 | 141 | 84.4 | 12 |
| 1975 | 88 | 158 | | | 246 | 203 | 82.5 | 35 |
| 1976 | 56 | 76 | | 6 | 138 | 126 | 91.3 | 16 |
| 1977 | 24 | 78 | 8 | 16 | 126 | 91 | 72.2 | 3 |
| 1978 | 18 | 98 | 7 | 34 | 157 | 141 | 89.8 | |
| 1979 | 53 | 115 | 5 | | 173 | 170 | 98.3 | |
| 1980 | | | | | 70 | 70 | 100 | |
| 1981 | | | | | 41 | 41 | 100 | |
| 1982 | | | | | 7 | 7 | 100 | |

### 1) يەرلىك قالقانسىمان بەز ئىششىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى داۋالاش

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى 1982 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ سۈپىتىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقتى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى يەر ئۈستى سۇلىرىنىڭ تەركىبىدە يود مىقدارىنىڭ

ناھايىتى تۆۋەن ئىكەنلىكى، يەر ئاستى سۈيىمۇ ئادەم بەدىنىنىڭ يودقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. 1980 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى 1980 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە يەرلىك قالقانسىمان بەز ئىششىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى داۋالاش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى، يودلۇق تۇزنى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئىشلىرىنى ئاكتىپ ئىشلەش ئاساسىدا، ھەممە ئادەمگە 3 يىلدا بىر قېتىم يود تولۇقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1981ـ يىلى ناھىيە دائىرىسىدە يود تولۇقلاش بويىچە بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. تەكشۈرۈلگەن 8460 ئادەم ئىچىدىن قالقانسىمان بەز ئىششىقى بار 2284 ئادەم ئېنىقلاپ چىقىلدى، بۇ تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي ئادەمنىڭ %26.99نى ئىگىلەيدۇ. 1984 ـ يىلى ناھىيە دائىرىسىدە يود تولۇقلاش بويىچە 2 ـ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، تەكشۈرۈلگەن 8268 ئادەم ئىچىدە 1342 ئادەمنىڭ قالقانسىمان بەز ئىششىقى بىلەن ئاغرىغانلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتىنىڭ %16.23كە چۈشكەنلىكى ئېنىقلاندى.

2) برۇتسېللىيوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى داۋالاش 1980ـ يىلى تۇنجى قېتىم 638 ئادەم تەكشۈرۈلۈپ، 69 ئادەمنىڭ يۇقۇملانغانلىقى ئېنىقلاندى، بۇ تەكشۈرۈلگەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %10.8نى ئىگىلەيدۇ؛ 1981 ـ يىلى چارۋىچىلىق رايونىدا 397 ئادەم تەكشۈرۈلۈپ، 26 ئادەمنىڭ يۇقۇملانغانلىقى ئېنىقلاندى، بۇ تەكشۈرۈلگەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %7نى ئىگىلەيدۇ؛ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 328 ئادەم تەكشۈرۈلۈپ، 54 ئادەمنىڭ يۇقۇملانغانلىقى ئېنىقلاندى، بۇ تەكشۈرۈلگەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %16.5نى ئىگىلەيدۇ؛ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى گۆشخىي ئەزالىرىدىن 1447 ئادەم تەكشۈرۈلۈپ، 44 ئادەمنىڭ يۇقۇملانغانلىقى ئېنىقلاندى، بۇ تەكشۈرۈلگەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %3نى ئىگىلەيدۇ، ناھىيىدىكى داۋالاش ئورۇنلىرى 1982 ـ يىلى ۋە 1983 ـ يىلى 2 قېتىمدا برۇتسېللىيوز كېسىلى بىلەن ئاغرىغان 60 ئادەمنى داۋالىدى، يېقىن مەزگىللىك داۋالاش ئۈنۈمى %85تىن ئاشتى.

3) يەرلىك فتوردىن زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى داۋالاش 1980 ـ يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتىدىن ناھىيىگە ئادەم كېلىپ، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 840 ئوقۇغۇچىنى تەكشۈرۈپ، چىشىغا فتورلۇق داغ چۈشكەن 371 ئوقۇغۇچىنى تېپىپ چىقتى، بۇ تەكشۈرۈلگەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %44.2نى ئىگىلەيدۇ؛ 1985 ـ يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتىدىن ناھىيىگە ئادەم كېلىپ، 1196 ئادەمنى تەكشۈرگەندە، %31.2 ئادەمدە فتوردىن زەھەرلىنىش كېسىلىنىڭ بارلىقىنى، بۇلارنىڭ ئىچىدە چىشىنى قۇرت يېگەنلەرنىڭ %16.6نى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئېنىقلاندى. يۇلغۇن ئېرىق 1 ـ كەنتى بىلەن غول ئېرىق 2 ـ كەنتىدىكى 255 نەپەر گۆشخىي ئەزاسىنى تەكشۈرگەندە، 6 ئادەمنىڭ فتورلۇق ئۇستىخان كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى، بۇلار تەكشۈرۈلگەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %2.3نى ئىگىلەيدۇ. 1982ـ يىلدىن بۇيان، سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش تارماقلىرى ناھىيە بويىچە 36 نۇقتىدىكى يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ فتور تەركىبىنى ئۇدا 2 يىل ئۆلچەش ئارقىلىق، فتور مىقدارىنىڭ ئادەتتە 0.5 — 0.9 مىللىگرام/لىتىر ئارىلىقىدا ئىكەنلىكىنى، ئايرىم سۇ مەنبەلىرىدە 1.1 ـ 1.30 مىللىگرام/لىتىرغا يېتىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى ۋە فتور مىقدارى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن سۇ مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىشنى توختىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى.

4) كالا ئازار كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى داۋالاش 1981 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى چاقىلىق ناھىيىسىدە كالا ئازار كېسەللىكى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، غولئېرىق 1 - كەنتىدە 370 ئادەمنى تەكشۈرۈپ، 27 ئادەمنىڭ يۇقۇملانغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى، بۇلار تەكشۈرۈلگەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %3.7نى ئىگىلەيدۇ؛ يۇلغۇن ئېرىق 2 - كەنتىدە 97 ئادەمنى تەكشۈرۈپ، 44 ئادەمنىڭ يۇقۇملانغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى، بۇلار تەكشۈرۈلگەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %41نى ئىگىلەيدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسى چاقىلىق ناھىيىسىدە كالا ئازار كېسەللىكىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىغان بولسىمۇ، كېسەللەردە كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەچكە، كېيىنچە قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىدى.

## 5. كەسپىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى داۋالاش

چاقىلىق ناھىيىسىدە كەسپىي كېسەللىكلەردىن، ئاساسەن، سىلىتسىيلىق ئۆپكە (ئۆپكىگە سىلىتسىيە چاڭلىرى ئولتۇرۇۋېلىش كېسەللىكى) كېسەللىكى بار. چاقىلىق تاشپاختا كېنى 1959 - يىلى قۇرۇلغان، 1970 - يىلى يېرىم ماشىنىلاشقان ئوتتۇراھال كارخانىغا ئايلانغان. 1978 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بۇ كاندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، چاڭ - توزاندىن بۇلغىنىشنىڭ بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، بوران چىققاندا بۇلغىنىشنىڭ تېخىمۇ ئېغىر بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. كاننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بەلگىلىمە بويىچە 2 يىلدا بىر قېتىم ئالمىشىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، بىر مۇنچە كىشىلەر قەرەل بويىچە ئالماشتۇرۇلمىغان. 1975 - يىلدىن باشلاپ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى تاشپاختا كېنىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىلىرىنى 3 - 5 يىلدا بىر قېتىم ئىز قوغلاپ تەكشۈردى، 1985 - يىلغىچە، ئۆپكىسىگە تاشپاختا چېڭى ئولتۇرۇشۇپ قالغان I دەرىجىلىك 20 كېسەلنى، II دەرىجىلىك 3 كېسەلنى، گۇمانلىق 16 كېسەلنى بايقىدى.

## 6. يېمەكلىكلەر تازىلىقىغا نازارەتچىلىك قىلىش

1965 - يىلدىن ئىلگىرى چاقىلىق ناھىيىسىدە يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 15 دۇكان، 20دىن كۆپرەك خادىم بار ئىدى. 1976 - يىلغا كەلگەندە دۇكان 18گە، دۇكان خادىمى 74كە يەتتى، يېزا ئىقتىسادى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خۇسۇسىي يېمەك - ئىچمەك كەسپىي ئائىلىلىرى خېلى تېز كۆپەيدى، 1983 - يىلى يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۇكان 39غا، 1985 - يىلى 108گە، دۇكان خادىمى 166گە يەتتى. 1965 - يىلدىن باشلاپ، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش تارمىقى يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى تەكشۈرۈشنى ۋە كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەشنى قانات يايدۇردى. 1976 - يىلى 74 ئادەمنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈردى. 1983 - يىلى يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش، يېمەكلىك تىجارىتى جەريانلىرىدىكى تازىلىق باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، ناھىيە بويىچە يېمەك - ئىچمەك ساھەسىدىكى %96.6

خادىمنىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى. 1984 - يىلى ناھىيىلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى يېمەكلىكلەر تازىلىقىغا نازارەتچىلىك قىلىش بويىچە لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ئورنى تەسىس قىلىپ، يېمەكلىكلەر تازىلىقىغا نازارەت قىلىشقا 3 خادىم ئاجراتتى. ئۇلار يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش داۋامىدا، بۇزۇلغان 30 نەچچە خىل يېمەكلىكنى تەكشۈرۈپ تاپتى، بۇلارنىڭ قىممىتى 30 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

## 3 §. ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش

1956 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە بويىچە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش نىسبىتى ئاران %2 — %3، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى %20 ئىدى. 1959 - يىلى تۇنجى قېتىم 15 نەپەر يېزا - كەنت دوختۇرى تەربىيىلىنىپ، يېزىلاردا 67 ئادەم - قېتىم يېڭى ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇلدى. 161 ئادەم - قېتىم تۇغۇتتىن ئىلگىرى تەكشۈرۈلدى. يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ناھىيە 1963 - يىل 4 - ئايدا يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش كۇرسى ئېچىپ، 23 تۇغۇت ئانىسىنى تەربىيىلىدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 196 ئادەم- قېتىم يېڭى ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇلدى. 1960 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىق قىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاياللار كېسەللىكلىرى بويىچە 873 ئادەم - قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، 258 ئادەمدە بالىياتقۇ چىقىقى بارلىقى، كېسەللىنىش نىسبىتىنىڭ %29.38 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. 1978 - يىلى ناھىيە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلغۇچى خادىملارنى تەربىيىلەش ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى بويىچە 3 - قارارلىق ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش تورىنى تولۇقلىدى ۋە مۇستەھكەملىدى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى ئانا - بالىلار سەھىيە بۆلۈمى، ئاياللار كېسەللىكلىرىنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى تەسىس قىلىپ، ئاياللارنىڭ داۋالىنىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى.

1984 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 2150 نەپەر ئايال ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، 52 نەپەر ئايالدا بالىياتقۇچىقىقى بارلىقى، كېسەللىنىش نىسبىتىنىڭ %2.4 ئىكەنلىكى ئېنىقلاپ چىقىلدى. 1985 - يىلى ناھىيە مىقياسىدا يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش ۋە تۇغۇت مەزگىلىدە سالامەتلىكنى ئاسراش كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىندى، ئاياللارنى تۇغۇشتىن ئىلگىرى تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى.

1985 - يىلى سەھىيە ۋە ساقلىقنى ساقلاش تارماقلىرى يەنە بالىلاردىكى قان ئازلىق ۋە راخىت كېسەللىكىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، 1834 نەپەر بالا ئارىسىدا 648 بالىنىڭ قان ئازلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى، بۇ تەكشۈرۈلگەنلەر سانىنىڭ %35.3نى ئىگىلەيدۇ؛ 30 بالىنىڭ راخىت كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى، بۇ تەكشۈرۈلگەن بالىلارنىڭ %1.6نى ئىگىلەيدۇ، ئۇلار تەكشۈرۈشتە كېسەل ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان بالىلارنى ئەھۋالغا قاراپ داۋالىدى. شۇ يىلى يەنە مەكتەپ گىگىيېنىسى بويىچە سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، خېلى مۇكەممەل ستاتىستىكىلىق ماتېرىيال توپلىدى.

## § 4 . ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى

50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا پۈتۈن ناھىيە خەلقى ماۋ جۇشىنىڭ «سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، تازىلىققا رىئايە قىلىپ، كېسەللىكلەرنى ئازايتىپ، ساغلاملىق سەۋىيىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرەيلى» دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، «تۆت زىيانداشنى يوقىتىش» (چاشقان، پاشا، بۆرگە، چۈشىنى يوقىتىش) مەركەز قىلىنغان ئاممىۋى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. 1952 - يىلى دۆلەت كادىرلىرىنىڭ ئاممىۋى ۋە شەخسىي تازىلىق تۈزۈمى ئورنىتىلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر يەكشەنبىلىك چوڭ تازىلىق پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىدىغان بولدى.

1954 - يىلى رايونلۇق، يېزىلىق سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ھەرىكىتى كومىتېتلىرى قۇرۇلدى ھەمدە تازىلىق تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئامما «تۆت زىياندىش» نى يوقىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا قوزغىتىلدى.

1958 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە 4 زىيانداشنى يوقىتىش مەركەز قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ تازىلىق قىياپىتى خېلىلا ياخشىلاندى.

1978 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى قۇرۇلدى. 1982 - يىلى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، بىر نەپەر كەسپىي كادىر سەپلەپ بېرىلدى.

1982 - يىلدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىق» نى ئۆگشاش مەركەز قىلىنغان ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر يىلى 3-4 قېتىم زەربىدارلىق خاراكتېرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىپ، تازىلىقنى تەكشۈرۈپ باھالاشنى يولغا قويدى. 1984 - يىلى ھەر قايسى ئورگان، ئورۇنلار ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، ئىشنىڭ ئالدىدىكى 3 ئىشنى (تازىلىقنى، كۆكەرتىشنى، گۈزەللەشتۈرۈشنى) ھۆددىگە بېرىشنى تەشكىللىك قانات يايدۇرۇپ، تازىلىقنى ياخشى ئىشلەشنى مەدەنىي كەنت، مەدەنىي ئائىلىلەرنى باھالاشنىڭ ئاساسىي شەرتى قىلىپ، مۇھىت تازىلىقىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى. 1985 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسى ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى تەرىپىدىن ئۈلگەمگە يەتكەن ئورۇن دەپ باھالاندى، 4 ئورۇن تازىلىقتا ئوبلاست بويىچە ئىلغار ئورۇن، 22 ئورۇن تازىلىقتا ناھىيە بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، ناھىيە بويىچە 17 مەدەنىي قورۇ، 24 مەدەنىي كەنت، 180 نەچچە مەدەنىي ئائىلە بارلىققا كەلدى.

## § 5 . خىراجەت

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، 1954 - يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك داۋالاش، سەھىيە تارماقلىرى داۋالاشقا ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىشكە 6 مىليون 470 مىڭ يۈەن

(كونا پۇل) بەردى. كېيىنچە داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش خىراجىتىنى ناھىيىلىك مالىيە ئۈستىگە ئالىدىغان، يۇقىرى دەرىجىلىك داۋالاش ئورۇنلىرى مۇۋاپىق ياردەم بېرىدىغان بولدى.

سەھىيە خىراجىتىنىڭ بىر نەچچە يىللىق ئومۇمىي كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 14 — 6 بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن تەكشۈرۈپ بەرگەنلىكى | ئومۇمىي چىقىم | نەق چوت چىقىمى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ناھىيىلىك دوختۇرخانا | ناھىيىلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى | يېزىلىق شىپاخانىلار | ئاساسىي قۇرۇلۇش پۇلى | ھۆكۈمەت پۇلى ھېسابىغا داۋالىنىش |
| 1973 | 2746 | 2653 | | | | 2500 | |
| 1975 | | 71200 | | | | | |
| 1977 | 74000 | 74700 | | | | 20000 | |
| 1978 | 108300 | 804000 | 3000 | 10500 | 24000 | | |
| 1979 | 78000 | 96400 | 32000 | 11800 | 20500 | | 24100 |
| 1984 | | 435200 | 172500 | 55000 | 95000 | 40000 | 60200 |
| 1985 | 295000 | 323100 | 163300 | 65000 | 60000 | 40000 | 94000 |

1955 - يىلى ناھىيىنىڭ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش خىراجىتىنىڭ نەق چوت چىقىمى 22 مىڭ 600 يۈەن بولدى. 1957 - يىلى يۇقىرىدىن نامرات دېھقانلارنىڭ داۋالىنىش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن 2508 يۈەن بەردى. داۋالاش چىقىمى 1959 - يىلى 16 مىڭ يۈەن، 1965 - يىلى 32 مىڭ يۈەن، 1984 - يىلى 435 مىڭ 200 يۈەن، 1985 - يىلى 323 مىڭ 100 يۈەن بولدى.

# II باب

# تەنتەربىيە

مىنگو دەۋرىدە، چاقىلىق ناھىيىسىدە مەخسۇس تەنتەربىيە ئاپپاراتى يوق ئىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئاساسەن ئاما ئۆزلۈكىدىن تەشكىللەيتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تەنتەربىيە خىزمىتىگە ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى مەسئۇل بولدى. 1957 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىدە 13 كىشىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى قۇرۇلدى. 1974 - يىلى ناھىيىنىڭ تەنتەربىيە خىزمىتىنى مەدەنىيەت - سەھىيە بۆلۈمى ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان بولدى ھەمدە ئۇنىڭغا بىر نەپەر كەسپىي كادىر مەسئۇل قىلىندى. 1984 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى قۇرۇلۇپ 3 نەپەر خىزمەتچى سەپلەپ بېرىلىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ تەنتەربىيە خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى.

## § 1 . مەكتەپ تەنتەربىيىسى

مىنگو دەۋرىدە ناھىيىدىكى مەكتەپلەردە تەنتەربىيە دەرسىدىن باشقا تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى تولىمۇ ئاز ئۇيۇشتۇرۇلاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، مەكتەپلەرنىڭ شەرت - شارائىتى ناچار، تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرى ۋە كەسپىي تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى كەمچىل بولغانلىقتىن، مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە دەرسلىرى ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئاساسەن گىمناستىكا ئويناش ۋە يۈگۈرۈشكە ئوخشاش ئادەتتىكى تۈرلەر بىلەنلا چەكلىنەتتى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مەكتەپلەرنىڭ نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلدى، تەنتەربىيە دەرسى ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قالدى. 1978 - يىلدىن كېيىن، ناھىيىدىكى مەكتەپلەرگە كەينى-كەينىدىن 7 نەپەر تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى تولۇقلاپ بېرىلدى. 1980 - يىلى ناھىيىلىك 1 -، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تەنتەربىيە كافېدرالىرى قۇرۇلۇپ، تەنتەربىيە ئوقۇتۇشى مۇنتىزىملىشىشقا باشلىدى، مەكتەپلەر ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇردى. ناھىيىلىك 1 -، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئىشتىن سىرتقى ۋاسكېتبول، ۋالىبول، تىكتاك توپ كوماندىلىرىنى قۇردى، 110 نەچچە ئوقۇغۇچى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشتىن سىرت مەشىق قىلدى. 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 1654 نەپەر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دۆلەتنىڭ تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمىگە يەتتى، 62 نەپەر تەنتەربىيە تايانچىسى يېتىشتۈرۈلدى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 300 مېتىرلىق يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مەيدانى بىرگە، 200 مېتىرلىق يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مەيدانى 5كە، ۋاسكېتبول مەيدانى (بۇنىڭ ئىچىدە 7مەيدانغا سېمونت ياتقۇزۇلغان) 17 گە، ۋالىبول مەيدانى 7گە يەتتى، مەكتەپلەرنىڭ باشقا ئادەتتىكى تەنتەربىيە سايمانلىرىمۇ ئاساسەن تولۇقلاندى.

## § 2 . ئاممىۋى تەنتەربىيە

### 1. ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى

چاقىلىق ناھىيىسىدە ۋاسكېتبول، تىكتاك توپ، شاھمات ۋە قىشلىق ئۇزۇنغا يۈگرەشكە ئوخشاش ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى خېلى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بايرام ۋە ئارام ئېلىش كۈنلىرىدە تەنتەربىيە تارمىقى داۋاملىق ناھىيە مىقياسىدا (ئۇتتام ۋە تىككەنلىك يېزىلىرىدىمۇ) ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىگە تەشكىللەپ تۇرىدۇ. «1 - ماي» ۋە «1 - ئۆكتەبىر»دە ۋاسكېتبول مۇسابىقىلىرى تېخىمۇ قىزىپ كېتىدۇ، ھەر قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ئەرلەر كوماندىسى 8دىن، ئاياللار كوماندىسى 3تىن ئېشىپ كېتىدۇ. توپ مۇسابىقىسى باشلىنىشتىن ئىلگىرى، ناھىيىنىڭ ۋاسكېتبول تەنتەربىيىسىنىڭ تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلار كوماندىسى

ناھىيىلىك ئاياللار كوماندىسى بىلەن ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئېلىپ باردى. «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمى مەزگىلىدە يەنە بۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىم تەكلىپ قىلىنىپ، تىكتاك توپ، ۋاسكېتبول دوستلۇق مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى. 1973 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى چاقىلىق ناھىيىسىدە 3 تۈرلۈك شاھمات (جۇڭگوچە شاھمات، خەلقئاراچە شاھمات، قورشاۋ شاھمات) مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى جۇڭگوچە شاھمات مۇسابىقىسىدە شەخسلەر بويىچە ئالدىنقى 3 ئورۇنغا، كوللېكتىپ بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشىشتەك ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ جۇڭگوچە شاھمات ماھىرلىرى بايىنغولىن ئوبلاستىدا ئۆتكۈزۈلگەن 3 تۈرلۈك شاھمات مۇسابىقىسىغا كۆپ قېتىم قاتنىشىپ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى ياسىغان تۇراقلىق كۆرۈش سۇپىسى بار چىراغلىق توپ مەيدانى (بىر)، تىكتاك توپ مەشىق زالى (بىر)، شاھماتخانا (بىر) پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەنتەربىيە پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان ئاساسلىق سورۇنى ھېسابلىنىدۇ.

## 2. مىللىي - ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە

چاقىلىق ناھىيىسىدە مىللىي - ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئادەتتە ھېيت - بايراملاردا ياكى توي - تۆكۈنلەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئوغلاق تارتىشىشتا، ئوغلاقنى ئىقتىسادىي جەھەتتە بايراق كىشىلەر چىقىرىدۇ، مۇسابىقىگە شۇ كەنتتىكىلەر ئۆزئارا چۈشىدۇ ياكى قوشنا كەنتتىكىلەر بىلەن قارىمۇ - قارشى چۈشىدۇ. بۇ پائالىيەت بەزىدە بىر قانچە كۈن داۋاملىشىدۇ. 1985 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە 200 دىن كۆپرەك ئادەم قاتناشتى.

1974 - يىلى ۋە 1975 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسى 2 قېتىم دېھقان - چارۋىچىلار چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ۋە بىر قېتىم تەنھەرىكەتچىلەرنى تاللاپ، بايىنغولىن ئوبلاستى خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بايىنبۇلاق رايونىدا ئۆتكۈزگەن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ چېلىشىش مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇردى.

## § 3 . تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسى تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى كەمدىن - كەم ئۆتكۈزەتتى ۋە ئۇنىڭغا ناھايىتى ئاز قاتنىشاتتى، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرىمۇ باشقا جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىغا ناھايىتى ئاز قاتنىشاتتى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ 10 نەپەر تەنھەرىكەتچىنى تاللاپ قاراشەھەر ناھىيىسىگە ئەۋەتىپ، قاراشەھەر ۋىلايىتى ئۆتكۈزگەن 5 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا تۇنجى قېتىم قاتناشتۇرغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەنتەربىيە پائالىيىتى ناھىيە مىقياسىدا پەيدىنپەي قانات يايدۇرۇلدى. 60 - يىللارنىڭ بېشىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغانغىچە، تەنتەربىيە

پائالىيىتىنىڭ ئاممىۋى ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى پائالىيەتلىرىمۇ كۈنسايىن كۆپەيدى. 1963 - يىلى ناھىيىدە ئىشتىن سىرتقى ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك ئۆتكۈزۈلدى. 1965 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسى ۋاسكېتبول، ۋالىبول، تىكتاك توپ كوماندىلىرىنى تەشكىللەپ، چەرچەن ناھىيىسىگە ئەۋەتىپ مۇسابىقىغە قاتناشتۇردى. 1966 - يىلىنىڭ بېشىدا چاقىلىق ناھىيىسى ۋاسكېتبول دوستلۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە چاقىلىق، چەرچەن، يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ 36 - تۇەنى، شەنشى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى كوماندىلىرىدىن ئىبارەت 4 توپ كوماندىسى قاتناشتى. شۇ يىلى يەنە ناھىيە بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىدە چېلىشىش، ئات بەيگىسى ئاساس قىلىندى. 1974 - يىل 5 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسى تۇنجى نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقە 4 كۈن داۋاملاشتى، مۇسابىقىگە 200 دىن كۆپرەك تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. 1977 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ياشلار تىكتاك توپ كوماندىسى كورلا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بايىنغولىن ئوبلاستلىق ياشلار - ئۆسمۈرلەر تىكتاك توپ مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، ئوغۇللار گۇرۇپپىسى بويىچە كوللېكتىپ چېمپىيون بولدى، قىز بالىلار گۇرۇپپىسىنىڭ يەككە ئويناش مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىكنى ۋە ئۆسمۈرلەر ب گۇرۇپپىسى بويىچە قىزلارنىڭ يەككە ئويۇنىشىدا ئۈچىنچىلىكنى ئېلىشتەك ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. 1985 - يىل 5 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسى 2 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقە ۋاقتى 4 كۈن بولدى، مۇسابىقىگە 350 دىن كۆپرەك تەنھەرىكەتچى قاتناشتى.

1957 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ناھىيە جەمئىي 58 قېتىم ئاممىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، بۇ مۇسابىقە 3813 ئادەم - قېتىم قاتناشتى.

**چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تۈرى بويىچە ئېرىشكەن ئەڭ يۇقىرى نەتىجىلىرى**

جەدۋەل: 14 — 7

| گۇرۇپپا ئايرىمىسى | تۈرى | نەتىجىسى | تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ نامى | رېكورت ياراتقۇچى | ۋاقتى | ئورنى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قىزلار گۇرۇپپىسى | 60 مېتىر | 10″2 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئاۋ ياڭخۇا | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 100 مېتىر | 16″4 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ھەمراخان | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 200 مېتىر | 30″3 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | لى لىڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | گرانات ئېتىش | 36.06 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | قەمبەرخان | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | ئېگىز سەكرەش | 1 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | رەشىدە | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | يىراققا سەكرەش | 3.39 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | مۇ خۇڭمېي | 1985.5.1 | چاقىلىق |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوغۇللار گۇرۇپپىسى | 60 مېتىر | 8"8 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | يۈەن مىڭ-جۈن | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 100 مېتىر | 15"7 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئېر جيەنبىڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 200 مېتىر | 32"9 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | شۈجيېجۈن | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | گىرانات ئېتىش | 38.48 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | خۇاڭ دېڭ-يەن | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | ئېگىزلىككە سەكرەش | 1.12 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئېرجيەنبىڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | يىراققا سەكرەش | 3.23 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | توختى گە-مەت | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| ئوغۇل ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى | 100 مېتىر | 13" | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | جىاڭ شياۋ-ۋېي | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 400 مېتىر | 1'9"8 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | مۇ خۇاڭشىڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 1500 مېتىر | 5'34" | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | مۇ خۇاڭشىڭ | 1988.5.1 | چاقىلىق |
| | 800 مېتىر | 2'44"2 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئېزىز | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | ئېگىزلىككە سەكرەش | 1.32 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | جىاڭ شياۋ-ۋېي | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | يىراققا سەكرەش | 4.98 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | چېن خۇڭ-ياڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | نەيزە ئېتىش | 28.75 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | يۈ شۇدۇڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | دىسكا ئېتىش | 29.32 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئابلەت | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| قىز ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى | 100 مېتىر | 16" | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ۋۇ شىنخۇڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 400 مېتىر | 1'18"5 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | مەختۇمخان | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 800 مېتىر | 3'11"3 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ياڭ يۈشيەن | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | ئېگىزلىككە سەكرەش | 1.26 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | شيا يۈفاڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قىز ئۆسمۈرلەر ب گۇرۇپپىسى | يىراققا سەكرەش | 3.51 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | مەختۇمخان | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | دىسكا ئېتىش | 15.63 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | زۆرەم | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | چويۇن توپ ئېتىش | 10.84 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | جاڭ جيې | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | نەيزە ئېتىش | 19.10 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئانارخان | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| ئوغۇل ئۆسمۈرلەر ئا گۇرۇپپىسى | 100 مېتىر | 12"4 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ۋۇ خۇڭشاڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 200 مېتىر | 27" | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | جاڭ شۇچې- ياڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 400 مېتىر | 1'3"9 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ياڭ شىنشەن | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 1500 مېتىر | 5'14"8 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | جۇ پىڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 3000 مېتىر | 12'26"4 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ۋۇ شىنخۇڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | ئېگىز سەكرەش | 1.39 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئۆمەرجان | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | يىراققا سەكرەش | 4.59 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | مەن جيەن- جۈن | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | دىسكا ئېتىش | 26.6 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ۋەن خەيتاۋ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | چويۇن توپ ئېتىش | 10.79 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | چېن خۇڭجۇ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | نەيزە ئېتىش | 37.92 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | چېن خۇڭجۇ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| قىز ئۆسمۈرلەر ئا گۇرۇپپىسى | 100 مېتىر | 16"3 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ۋۇ شىنجۇ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 200 مېتىر | 34"5 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | گۈلنىسا | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 400 مېتىر | 1'22" | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | چېن لىشىن | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 800 مېتىر | 3'17"4 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | تۇرنىسا | 1985.5.1 | چاقىلىق |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قىز ئۆسمۈرلەر ئا گورۇپپىسى | 1500 مېتىر | 7′4″ | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | سۇلاڭ ئۆبې-خۇلاڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | ئېگىزلىككە سەكرەش | 1.15 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | خې شىنلىڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | يىراقلىققا سەكرەش | 3.19 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئارزۇگۇل | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | دىسكا ئېتىش | 10.46 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | لى خۇڭمېي | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | چويۈن توپ ئېتىش | 7.25 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | خەيرىگۇل | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | نەيزە ئېتىش | 23 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | لى خۇڭمېي | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| ئوغۇل ياشلار گورۇپپىسى | 100 مېتىر | 12″3 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | يالەنخۇڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 200 مېتىر | 25″2 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | يالەنخۇڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 400 مېتىر | 1′3″2 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئاۋالجان | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 800 مېتىر | 2′25″6 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | نىڭ جېنخې | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 1500 مېتىر | 5′19″9 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | تۇرسۇن | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 5000 مېتىر | 20′13″4 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | كىچىك تۇر-سۇن | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | دىسكا ئېتىش | 26.28 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | جاڭ خۇڭ-لىن | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | چويۈن توپ ئېتىش | 10.10 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ياسىن قۇر-بان | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | نەيزە ئېتىش | 40.10 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | خۇ يۇڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | ئېگىزلىككە سەكرەش | 1.56 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | دۇ يۇبىڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | يىراقلىققا سەكرەش | 4.80 مېتىر | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | نىڭ جېنخې | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| قىز ياشلار گورۇپپىسى | 100 مېتىر | 15″ | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | جاڭ يۇجې | 1985.5.1 | چاقىلىق |
| | 200 مېتىر | 35″3 | ناھىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | دۇڭ يەنلىڭ | 1985.5.1 | چاقىلىق |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قىز ياشلار گۇرۇپپىسى | 400 مېتىر | 1′23″3 | ناميىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | دۇلاڭ يەنتىڭ | 1985 .5 .1 | چاقىلىق |
| | 800 مېتىر | 3′17″8 | ناميىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | پاتەم | 1985 .5 .1 | چاقىلىق |
| | ئېگىز سەكرەش | 1.17 مېتىر | ناميىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | جۇ جۇپىڭ | 1985 .5 .1 | چاقىلىق |
| | يىراققا سەكرەش | 3.40 مېتىر | ناميىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | جۇ جۇپىڭ | 1985 .5 .1 | چاقىلىق |
| | دىسكا ئېتىش | 17.55 مېتىر | ناميىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ژاڭ شيۇ-چىن | 1985 .5 .1 | چاقىلىق |
| | نەيزە ئېتىش | 27.36 مېتىر | ناميىلىك يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | شىن جيەنش-يا | 1985 .5 .1 | چاقىلىق |

## ئون بەشىنچى قىسىم

# مەدەنىيەت، سەنئەت

# ئون بەشىنچى قىسىم

# مەدەنىيەت، سەنئەت

## I باب

## ئەدەبىيات ـ سەنئەت

مىنگو دەۋرىدە، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئاساسەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەشكىللىگەن ۋە قانات يايدۇرغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرمىگەچكە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى كەمچىل بولغان، مەدەنىيەت ئىنتايىن قالاق ھالەتتە قالغان، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىمۇ ناھايىتى ئاز قانات يايدۇرۇلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت خىزمىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى، 1956 ـ يىل 7 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىدە پۈتۈن ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدىغان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلدى. 60 ـ يىللاردا ناھىيە بويىچە ھەر قايسى گۇڭشې، چوڭ ئەترەت ۋە كىچىك ئەترەتلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن مەدەنىيەت پونكىتلىرى (ئۆيلىرى) قۇرۇلدى. ناھىيە بازىرىدىكى ياشلار يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرى (ئۆيلىرى)گە 30 نەچچە مىڭ نۇسخا كىتاب ئىئانە قىلدى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى 5000 يۈەن پۇل چىقىرىپ، يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرى (ئۆيلىرى)گە 10 نەچچە مىڭ نۇسخا كىتاب ئېلىپ بەردى. 1963 — 1964 ـ يىللىرى ناھىيە بويىچە ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئېيتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئورگانلار دائىم ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ تۇردى، ناھىيىلىك ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى ھەر كۈنى ئاخشىمى بىر سائەت ئىنقىلابىي ناخشا ئۆگەتتى. يېزىلاردىمۇ ناخشا ئۆگىنىش ـ ئېيتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 1965 ـ يىلى ھاكىم ئىمىن مۆمىننىڭ باشچىلىقىدا، مەدەنىيەت يۇرتى، سەنئەت ئۆمىكى، دوختۇرخانا ۋە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى قاتارلىق ئورۇنلار قاتناشقان مەدەنىيەت خىزمىتى ئەترىتى تەشكىل قىلىندى. ئۇلار چاقىلىق بىلەن چەرچەن تۇتىشىدىغان جايلاردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا، يېڭىسۇ، جەنۇبىي تاغ چارۋىچىلىق رايونى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارغا دورا يەتكۈزۈپ بەردى، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىدى ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى ھەمدە ئۇلارغا ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت 10 يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، پۈتۈن ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى زەربىگە ئۇچرىدى، نورمال ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى ناھايىتى ئاز ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەدەنىيەت خىزمىتىگە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېڭىۋاشتىن ئەھمىيەت بەردى. ناھىيە بويىچە ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى پەيدىنپەي جانلاندى ۋە قانات يايدۇرۇلدى. 1985 - يىلغىچە ناھىيە بازىرىدا مەدەنىيەت يۇرتى ناھىيە خاراكتېرلىك ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىنى تەشكىللىگەن ۋە قانات يايدۇرغاندىن باشقا، يېزا، كەنتلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن مەدەنىيەت پونكىتلىرى (ئۆيلىرى)نى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە قۇرۇپ، يېزىلاردا ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىدى ۋە قانات يايدۇردى.

## § 1 . ئاپپارات ۋە تەشكىلاتلار

### 1 . مەدەنىيەت يۇرتى، مەدەنىيەت ئۆيلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1957 - يىل 7 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىر خىزمەتچىسى بار ئىدى، شۇ يىلى 10 - ئايدا بىر باشلىق، 2 خىزمەتچى سەپلەندى، مەدەنىيەت يۇرتىدا بىر قىرائەتخانا قۇرۇلدى. 1957 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، يېزىلاردا 9 يېزا كۇلۇبى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا 9 سەنئەت گۇرۇپپىسى، 9 قىرائەتخانا ۋە 9 گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇلار ھېيت - بايرام كۈنلىرى ۋە دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا يېزىلاردا مەدەنىيەت خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1964 - يىلى يېزىلاردا مەدەنىيەت خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىدىكى گۇڭشېلارنىڭ چوڭ ۋە كىچىك ئەترەتلىرىدە ئارقا - ئارقىدىن مەدەنىيەت پونكىتلىرى (ئۆيلىرى) قۇرۇلدى. 1969 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى چاقىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى (ئۇ مەدەنىيەت يۇرتى، رادىئو ئۆزېلى، كىنوخانا ۋە شىنخۇا كىتابخانىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى). 1972 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1985 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتىغا بىر مۇئاۋىن باشلىق، 6 خىزمەتچى سەپلەندى. مەدەنىيەت يۇرتىدا قىرائەتخانا، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى، ئويغۇرچە، خەنزۇچە كىتاب ئامبىرى تەسىس قىلىندى ھەمدە بىر يۈرۈش فوتو سۈرەت ئۈسكۈنىسى ۋە بىر يۈرۈش سۈرەت يۇيۇش ئۈسكۈنىسى سېتىۋېلىندى.

### 2 . سەنئەت ئۆمىكى

1961 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى، ئۇ چاغدا، ئۆمەكتە 12 نەپەر ئارتىس بولۇپ، مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى كۆرسىتىشنى ئاساس قىلاتتى. سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ مائاشىنىڭ بىر قىسمىنى تاشپاختا كېنى ئاجرىتىپ بېرەتتى، كۆپ قىسمى ئۆيۈن قويۇپ تاپقان كىرىمدىن چىقىم قىلىناتتى. 1968 - يىل 3 - ئايدا سەنئەت ئۆمىكى تارقىتىۋېتىلدى.

## 2 § . ئاممىۋى مەدەنىيەت

### 1 . مەدەنىيەت كۆرگەزمىسى

مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شارائىت ناچار بولغاچقا، تۈرلۈك سۈرەتلەرنىڭ تولىسى كوچىدا كۆرگەزمە قىلىناتتى. 1962 - يىلدىن بۇيان، مەدەنىيەت يۇرتى ھەر مەزگىلدىكى ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، سۈرەتلەرنى كۆرگەزمە قىلىش، قارا تاختا گېزىتى چىقىرىشقا ئوخشاش ئامما ياقتۇرىدىغان شەكىللەرنى قوللىنىپ تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 1962 — 1963 - يىللىرى مەدەنىيەت يۇرتى جەمئىي 50 قېتىم سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. 240 سان قارا تاختا گېزىتى (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە)، 36 پارچە تام گېزىتى رەسىمى چىقاردى، ئۇنى كۆرگۈچىلەر 6437 ئادەم - قېتىمغا يەتتى. 1964 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتى 30 قېتىم سوتسىيالىستىك تەربىيە كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. 32 يۈرۈش چاتما رەسىم سىزدى، 40 نەچچە پارچە چوڭ تىپتىكى تەشۋىقات رەسىمنى كۆرگەزمە قىلدى، ئۇنى كۆرگۈچىلەر 16 مىڭ 890 ئادەم - قېتىمغا يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت 10 يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، نورمال مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلدى، مەدەنىيەت تۇرمۇشى ئىنتايىن نامرات ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەدەنىيەت خىزمىتى پەيدىنپەي نورمال قانات يايدۇرۇلدى. 1982 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ناھىيە بويىچە ھۈسنخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، ناھىيىدىكى ئورگان كادىرلىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 200 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرىنى كۆرگەزمە قىلدى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسىغا 100 نەچچە پارچە ئەسەرنى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇردى.

1983 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ھۈسنخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسىنى ئۆتكۈزۈپ، ھۈسنخەت، نەقىش، سۇ بوياق، رەسىم، تېز سىزما قاتارلىق 400 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەرنى كۆرگەزمە قىلدى. 1985 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 2 - قېتىملىق ھۈسنخەت، رەسىم كۆرگەزمىسىنى ئۆتكۈزۈپ، ھۈسنخەت، نەقىش، سۇ بوياق رەسىم، تېز سىزما قاتارلىق 660 پارچە ئەسەرنى كۆرگەزمە قىلدى.

### 2 . مىللىي مۇزىكا - ئۇسسۇل

1) ئون ئىككى مۇقام چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر، مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردىلا «مۇقەددىمە» (ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى) كىروراندا تارقالغان. «مۇقەددىمە» بىر يۈرۈش مۇزىكا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ مۇزىكىنى خەلق سەنئەتكارلىرى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ھازىرمۇ چاقىلىقنىڭ كىلاسسىك ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىچىدە «مۇقەددىمە» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان مۇزىكا بار.

چاقىلىق ئون ئىككى مۇقامى، ئاساسەن، قەدىمكى «مۇقەددىمە» بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «دۆر مۇقامى» ۋە «ئۇلۇغ دۆر مۇقامى» «مۇقەددىمە»دىن كېلىپ چىققان. بۇنىڭدىن

باشقا، چاقىلىق مۇقامىنىڭ بىر قىسمى قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن تارقالغان. مەسىلەن، «چەبىيات»، «مۇشاۋرەك»، «مەرغول» قاتارلىقلار. مۇقام راۋاب، تەمبۇر، ساتار، غىجەك، دۇتار ۋە داپ قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن ئورۇندىلىدۇ.

2) ئۇچلۇك ياڭگۇەن كۇيى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەدىمكى دۇنخۇاڭ كۇيلىرى چاقىلىقتىمۇ خېلى كەڭ تارقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە «ياڭگۇەن كۇيى»گە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر ۋاڭ ۋېينىڭ «يۇەن ئېرنى ئەنشىغا ئۇزىتىش» ناملىق شېئىرى ئاساسىي تېكىست قىلىنغان. ئەسلى شېئىر مۇنداق: «چاڭ - تـوزاننى باستى ۋېيچېڭدا سەھەر يامغۇر يېغىپ، هويلا - ئارام جىلۋە قىلدى مەجنۇن تاللار كۆكىرىپ، غەربتە ياڭگۇەندىن ئۆتكەندە يوق قەدىناس دوستىڭىز، ياندۇرماستىن ئىچمەڭ مەيىنى يەنە ئېگىز كۆتۈرۈپ». كېيىنكى چاغلاردا كىشىلەر بۇ شېئىر ئارقىلىق جۇدالىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان بولغان، پۈتۈن كۈي بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ، تېكىست 3 قېتىم تەكرارلىنىدىغان بولغاچقا، «ئۇچلۇك كۈي» دەپ ئاتالغان، بۇ كۈي چاقىلىق ناھىيىسىدە كەڭ تارقالغان.

3) مەشرەپ چاقىلىقتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەشرەپ ئۇسسۇلى قاتارلىقلار كۆپرەك ئوينىلىدۇ. ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈنلەردە ياكى ئەزىز مېھمانلارنى قارشى ئالغاندا، كۆپىنچە چوڭ مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ دەم ئالغان چاغلاردا ياكى ئاخشاملىرى كىچىك مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەشرەپتە ئەر - ئاياللار جەم بولۇپ، ساز، ناغرا - سۇناي چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، شادلىققا چۆمۈلىدۇ. چاقىلىق مەشرىپىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، كىشىلەر جۈپ - جۈپ بولۇپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ناخشا - ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىققاندا ئەتراپتىكىلەر پات - پات «قاينا» دەپ توۋلايدۇ، بۇ چاغدا ھەممەيلەن ھاياجانلىنىپ شاتلىققا چۆمىدۇ.

مەشرەپ ناخشا - ئۇسسۇلدىن باشقا، خەلق ئارىسىدىكى ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش شەكىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەسىلەن: پوتا ئويۇنى، قوشاق ئېيتىش ۋە چاي تۇتۇش قاتارلىقلار.

4) سەنەم چاقىلىقنىڭ ئەنئەنىۋى خەلق ئۇسسۇللىرى ئىچىدە «سەنەم»مۇ خېلى كەڭ تارقالغان. بۇ ئۇسسۇلنى بەزىدە بىر كىشى ئوينايدۇ، بەزىدە 3 تىن 5 كىچە كىشى بىللە ئوينايدۇ، سازەندىلەرنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن رىتىم ۋە ئۇسسۇل ھەرىكىتى بارا - بارا تېزلەشكەندە، «قاينا»، «بارىكاللا» دېگەن ئاۋازلار ياڭرايدۇ. 50 - يىللاردا ۋە 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا چاقىلىق ناھىيىسىدە «چاقىلىق سەنىمى» ۋە «غېرىب - سەنەم» كۆپ قېتىم قايتا ئىشلىنىپ ئويناپ چىقىلدى.

5) باشقىلار چاقىلىقتا پىيالە ئۇسسۇلى، تەخسە ئۇسسۇلى ۋە داپ ئۇسسۇلىمۇ تارقالغان. چاقىلىق ناھىيىسىدە خەلق سەنئەتكارلىرىدىن تىكەنلىك يېزىسى سابىق «دولقۇن» چوڭ ئەترىتىدىكى نىياز ناۋان ۋە ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى ئابلا توختى قاتارلىق كىشىلەر خېلى داڭق چىقارغان.

## 3. ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرى

مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بەزى ئويۇنلارنى قويغان، بۇنىڭ ئىچىدە «سۆيگۈ جان» ناملىق ئەنئەنىۋى دراما خېلى چوڭ تەسىر پەيدا قىلغان، بۇ دراما شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ياش - قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ دراما شۇ جايدىكى ئۇنىڭدا، ئاساسەن، قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار ئامىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئۇزاققىچە قويۇلۇپ تۇرغان.

چاقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشچىلىقىدا قويۇلغان ئەنئەنىۋى مۇزىكىلىق دراما «غۇنچەم»نىمۇ شۇ جايدىكى ئۇيغۇرلار ئاممىسى ياقتۇرۇپ كۆرگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرى ئاساسەن مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلدى؛ بۇنىڭدا ئاساسەن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئورگان كادىرلىرى ئارىسىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ھەۋەسكارلىرىغا تايىنىلدى. ئۇلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ ئويۇن تەييارلىدى ۋە قويدى. 1959 - يىلى ليۇ يەنجۇڭ «قەدىمكى شەھەردىكى كۈرەش» دېگەن كىتابقا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن 4 پەردە، 6 كۆرۈنۈشلۈك درامىنى ئورگان كادىرلىرى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ تەييارلاپ ئويناپ چىقتى. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غىچە بولغان مەزگىلدە، چاقىلىق ناھىيىسىدە ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرستىش پائالىيىتى دائىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى. 1961 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكي ۋە باشقا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرى جەمئىي 139 مەيدان ئويۇن قويدى. ئويۇن نومۇرى 821گە، بۇنىڭ ئىچىدە مۇنەۋۋەر نومۇر 40قا، دراما 12گە (بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرى تۈزگەن دراما 3). تاماشىبىنلار 40 مىڭ 633 ئادەم - قېتىمغا يەتتى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى 26 مەيدان پروپېكسىيە فىلىمى قويدى. تاماشىبىنلار 1780 ئادەم - قېتىمغا يەتتى. ھەر يىلى «1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى ۋە «1 - ئۆكتەبىر» دۆلەت بايرىمىدا چاقىلىق ناھىيىسىدە ناھىيە خاراكتېرلىك ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە 1962 - يىلى «1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى بىلەن 1964 - يىلى «1 - ئۆكتەبىر» دۆلەت بايرىمىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولۇپ، بۇنىڭغا ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە 3 گوڭشىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ۋەكىللەر ئەترەتلىرى قاتناشتى. 1962 - يىلى «1 - ماي»دا ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىدە 110 نومۇر كۆرستىلدى، بۇنىڭدىن 10 نومۇر مۇنەۋۋەر نومۇر بولۇپ باھالاندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرى تۈزگەن نومۇر 6. 1964 - يىلى «1 - ئۆكتەبىر» دە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىدە 127 نومۇر كۆرستىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە خېنەن تىياتىرى، چىنچاڭ تىياتىرى قاتارلىق ئەنئەنىۋى تىياتىرلار بار، 17 نومۇر مۇنەۋۋەر نومۇر بولۇپ باھالاندى. بۇ 2 قېتىملىق كۆرەكتە ئويۇن كۆرگەن تاماشىبىن نەچچە مىڭ ئادەم - قېتىمغا يەتتى.


1965 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىق مەرىكىسىدە مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكي چاقىلىق ناھىيىسىگە كېلىپ ھال سوراش يۈزىسىدىن ئويۇن قويدى، ئۇلار ناھىيە بازىرىدا 4 مەيدان، ۋاششەرى گوڭشېسىدا 2 مەيدان ئويۇن قويدى. ئۇلارنىڭ تاللانغان نومۇرلىرى ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

1976 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە 3 گوڭشې قاتناشقان ناھىيە خاراكتېرلىك ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلۈپ، بىر قىسىم مۇنەۋۋەر نومۇرلار تاللاپ چىقىلىپ، شۇ يىلى 9 - ئايدا بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ 33 - تۇەنىدە ئۆتكۈزگەن ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلدى.

## 4. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى


1) ھېكايە، سەھنە ئەسىرى، نەسرىي ئەسەر، شېئىر ھېكايىلەردىن ئاساسەن سۇلايمان ئابدۇرېھىم يازغان «خوراز چىللاپ قالدى»، «قامقاق»نى، ئابدۇۋەلى يازغان



















«مۇنەك»نى، ۋاڭ گۇاڭجۇ يازغان «ئىس»نى؛ كىنو سېنارىيىسىدىن لى شۇاڭچېڭ يازغان «قۇملۇقتىكى بوران - چاپقۇن»نى؛ نەسرىي ئەسەرلەردىن لۇ دىجيەن يازغان «بىنام تېرىش»، «كەنت بويىدا»نى؛ نىڭ جېنخې يازغان «مىرەن خارابىسى ھەققىدىكى ئويلار»نى؛ لى شۇاڭچېڭ يازغان «ئالتۇن تاغقا سەپەر»، «لوپنۇر كۆلى ھەققىدە لەتىپە»، «چاقىلىقتا باھار»نى؛ شېئىرلاردىن نىڭ جېنخې يازغان «چاقىلىقتا تۇنگەندە بەن چاۋغا قىلدىم مۇراجىئەت»نى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

2) گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى بۇ جەھەتتە ئاساسەن ياڭ چاڭبىڭنىڭ چوڭ ماي بوياق رەسىمى «پەرىشتىنىڭ گۈل چېچىشى» (ئەسلىدە «ئالتۇنتاغ» كۆلۈبىنىڭ تورۇسىغا سىزىلغان) ۋە جۇڭگوچە رەسىمى «گۈللىنىش» (باينغولىن ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلانماقتا)، «جەسۇر پالۋانلار» قاتارلىقلار بار.

3) فوتو سۈرەت 1976 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا سۈرەتخانا قۇرۇلۇپ، مەنزىرە ۋە شەخسلەر تېما قىلىنغان فوتو سۈرەت تارتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئورگان كادىرلىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا بىر تۈركۈم ئىشتىن سىرتقى فوتو سۈرەت ھەۋەسكارلىرى مەيدانغا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇردى ھاشىم، سۇڭ بىڭشۇەن، چېن يۈن، يۈسۈپ ھۈسەن ۋە لى شۇاڭچېڭ قاتارلىقلارنىڭ فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى خېلى كۆپ.

4) خەتتاتلىق ۋە ئويمىچىلىق چاقىلىق ناھىيىسىدە بىر مۇنچە ئىشتىن سىرتقى خەتتاتلىق ھەۋەسكارلىرى بار. ناھىيىدە كۆپ قېتىم خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە خەتتاتلىق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، ھەر قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان ئەسەر نەچچە 10 پارچىغا يەتتى. ئۇيغۇرچە خەتتاتلىقتا ئوسمان نىياز، سايىت تۇردى، سۇلايمان مەھەممەت، رېشىت راخمان، مەمەت بەختى قاتارلىقلارنىڭ خېتى خېلى ياخشى؛ خەنزۇچە خەتتاتلىقتا لى شۇمىڭ، لىن گويىڭ، ياڭ چاڭبىڭ، خې جىنلىن، جاڭ يۇنچۈەن قاتارلىقلارنىڭ خېتى خېلى ياخشى؛ ئويمىچىلىقتا 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى جاڭ خۇڭلىننىڭ ئەسەرلىرى ياخشى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئويمىچىلىق بويىچە مەملىكەتلىك مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىگە كۆپ قېتىم قاتناشتۇرۇلۇپ، بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 3 قېتىم مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 5. خەلق ھۈنەر - سەنئىتى

ئۇيغۇر ئاياللىرى كەشتىچىلىككە ماھىر، ئۇلار دوپپا، ياستۇق قېپى، گۈللۈك جىيەك، دېرىزە پەردىسى قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى كەشتىلەشتە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە. كەشتە نۇسخىلىرىدا كۆپىنچە گۈل - گىياھلار ۋە گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەر ئاساس قىلىنىدۇ، بەزىلىرى رەڭدار ۋە كۆركەم، بەزىلىرى كونىچە ئۇسلۇبتا، بەزىلىرى ئىخچام ۋە لاتاپەتلىك بولۇپ، قويۇق مىللىي تۈسكە ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

# II باب

# رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە

## §1 . رادىئو

چاقىلىق ناھىيىسىدە رادىئو ئىشلىرى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پەيدىنپەي بارلىققا كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. 1959 - يىلى ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىكى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى.

### 1. سىملىق رادىئو

1951 - يىلى ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى ناھىيىلىك پارتكومدا رادىئو پونكىتى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا 2 نەپەر رادىئو قوبۇللىغۇچى قويدى. ئۇلار شۇ چاغدا تۇراقلىق توك بىلەن ماڭىدىغان بىرلا رادىئو قوبۇللىغۇچ ئارقىلىق مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇھىم خەۋەرلىرىنى خاتىرىلىۋېلىپ، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق كومىتېتىدىكى كادىرلارنىڭ پايدىلىنىشى ۋە ئۆگىنىشى ئۈچۈن يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى. 1959 - يىلى قىشتا ناھىيىلىك پارتكوم رادىئو ئۆزىكى قۇردى. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن بېنزىن بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان 750 ۋاتلىق بىر گېنېراتور، 100 ۋاتلىق بىر ئاۋاز كۈچەيتكۈچ، تۇراقلىق توك بىلەن ماڭىدىغان بىر ئاۋاز قوبۇللىغۇچ ۋە ياغاچ قاپلىق بىر ئۈنئالغۇ بار ئىدى. 1961-يىلى يەنە بىر قىسىم يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي كۆپەيتىلدى، 5 خىزمەتچى سەپلەندى. 1959 - يىلى رادىئو ئۆزىكى قۇرۇلغاندا، ئاپپاراتلار خەلق كومىتېتىنىڭ 2 ئېغىز كونا ئىشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. 1964 - يىلى يېڭى ئورۇنغا كۆچۈرۈلدى. 1983 - يىلى رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى 100 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەردى. بۇ پۇل بىلەن كۆلىمى 418.2 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان خىش - سېمونت قۇرۇلمىلىق يېڭى ئاپپارات ئۆيى قۇرۇلدى.

1965 - يىلى ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىكى ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈتام يېزىسى ۋە تىكەنلىك يېزىسىغا رادىئو سىمى تارتتى. شۇنىڭ بىلەن 50% دېھقان ئائىلىسىگە كاناي ئورنىتىلدى. 1966 - يىلى ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىكى يەنە قوش سىم تارتىپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئاڭلىتىشتا ئىشلىتىلىدىغان سىملارنى ئايرىپ، بىرلا ۋاقىتتا خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بېرىدىغان بولدى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 3 يېزىدا رادىئو كۈچەيتىش پونكىتى قۇرۇلدى. كاناي ئورنىتىلغان ئائىلە 1260 نەچچىگە يېتىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 47% نى ئىگىلىدى. ناھىيە بويىچە قوش لىنىيىلىك رادىئو سىم يولى 30 كىلومېتىرغا، تاق لىنىيىلىك سىم يولى 20 كىلومېتىرغا يەتتى.

ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاساسەن مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەۋەرلىرىنى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىلىـــدىغان ئاڭلىتىشىنى ئۇلاپ ئاڭلاتتى ۋە چاقىلىق خەۋەرلىرىنى ئاڭلاتتى. ھەر كۈنى 2 خىل تىلدا 3 قېتىم، ھەر كۈنى 6 سائەت (يەكشەنبە كۈنى 5 سائەت) ئاڭلىتىش بەردى. رادىئو ئۆزىلى 20 نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىختىيارىي مۇخبىرلار قوشۇنىغا ئىگە بولدى، ئۇلار يىلىغا تەخمىنەن 6080 پارچە خەۋەر - ماقالە ئەۋەتىپ تۇردى.

1985 - يىلى ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلى 2 دانە 250×2 ۋاتلىق ئاۋاز كۈچەيتكۈچ، بىر دانە 400×2 ۋاتلىق ئاۋاز كۈچەيتكۈچ، 4 دانە «602» تىپلىق ئۈنئالغۇ، 5 دانە «430» تىپلىق خەۋەر قوبۇللىغۇچ، 2 دانە ئاۋاز كۈچەيتكۈچ، بىر دانە 12 كىلوۋاتلىق دىزېل گېنېراتورى، بىر يۈرۈش رېمونت ئۈسكۈنىسى، 4 دانە «206» تىپلىق پاتېفون قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرگە ئىگە بولدى.

### ھەر قايسى يېزىلاردىكى ئاۋاز كۈچەيتىش پونكىتلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

جەدۋەل: 15 — 1

| نامى | پونكىت قۇرۇلغان ۋاقىت (يىل) | ئاڭلىتىش بېرىلىدىغان تىل تۈرى | ئىشچى - خىزمەتچى سانى | رادىئو سىم يولى: قوش لىنىيىلىك جۈپ كىلومېتىر | رادىئو سىم يولى: يەككە لىنىيىلىك تاق كىلومېتىر |
|---|---|---|---|---|---|
| تېكەلىك يېزىلىق كۈچەيتىش پونكىتى | 1969 | ئۇيغۇرچە | 2 | 14 | 2.5 |
| ئۆتام يېزىلىق كۈچەيتىش پونكىتى | 1970 | ئۇيغۇرچە | 2 | 5.5 | 14.5 |
| ۋاشەرى يېزىلىق كۈچەيتىش پونكىتى | 1970 | ئۇيغۇرچە خەنزۇچە | 3 | 2.5 | 3 |

## 2. سىمسىز رادىئو

شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە پروگراممىلىرىنىڭ ۋە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى 1 - يۈرۈش پروگراممىسىنىڭ قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى چاقىلىق ناھىيىسىدە ئوتتۇرا دولقۇندا رادىئو ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى قۇرۇشنى قارار قىلىپ، 1983 - يىل 7 - ئايدا «81005» قۇرۇلۇش ۋەزىپە نامىنى، يەنى چاقىلىق ناھىيىلىك ئوتتۇرا دولقۇندا ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسىنىڭ 1983 - يىلدىكى 2- تۈركۈم قۇرۇلۇش تۈرى پىلانى ۋەزىپىنامىسىنى چۈشۈردى. قۇرۇلۇشقا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 630 مىڭ يۈەن، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 1530 كۋادرات مېتىر بولۇپ، تارقىتىش ئانتېنناسىنىڭ كەڭلىكى 0.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 76 مېتىر كېلىدىغان يېنىك تىپتىكى 2 تۆمۈر مۇنارى بار، ئۇنىڭ تارقىتىش قۇۋۋىتى 1×3 كىلوۋات، قاپلاش رادىئۇسى 60 كىلومېتىر. بۇ قۇرۇلۇش شۇ يىلى باشلىنىپ، 1984 - يىلى پۈتتى. 1986 - يىل 5 - ئايدا بۇ قۇرۇلۇشنى رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى رەسمىـــي تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىـــپ ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ

ئىستانسىسىنىڭ تارقىتىش چاستوتىسى مۇنداق: —1413kcدا شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە پروگراممىلىرى، —999kc دا شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇچە پروگراممىلىرى، —639kc دا مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 1 - يۈرۈش پروگراممىلىرى ئۇلاپ ئاڭلىتىلدى. ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 28 گە يەتتى.

## § 2 . كىنو

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 - يىل 8 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىگە كىرىپ ئورۇنلاشقان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى 2 - جۈن 6 - شىسىنىڭ كىنو قويۇش ئەترىتى چاقىلىقتا تۇنجى قېتىم «پولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن فىلىمنى قويدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، چاقىلىقتا كىنو قويۇلۇپ باقمىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ئىدارىسى 26 - كىنو قويۇش ئەترىتىنى چاقىلىققا ئەۋەتتى، بۇ ئەترەت چاقىلىق، مىرەن ۋە ۋاششەردىن ئىبارەت 3 نۇقتىنىڭ كىنو قويۇش ئىشىغا مەسئۇل بولدى، شۇنىڭ بىلەن چاقىلىقتا كىنو قويۇش ئىشلىرى پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. 1959 - يىلى 26 - كىنو قويۇش ئەترىتى چاقىلىق ناھىيىلىك كىنو قويۇش ئەترىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1962 - يىل 8 - ئايدا ناھىيىلىك كىنو قويۇش ئەترىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە 6 نەپەر خىزمەتچىسى بولغان چاقىلىق ناھىيىلىك كىنوخانا قۇرۇلدى. 1966 - يىلى گۆڭشېدا كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلدى. كىنو قويۇش نۇقتىلىرى ئەسلىدىكى 3 تىن 8 گە كۆپەيدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر يىلى چەت - ياقا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 2 قېتىم سەييارە كىنو قويۇلىدىغان بولدى. ھەر قايسى كىنو قويۇش نۇقتىلىرىدا كىنو بېلىتى سېتىلدى. 1963 - يىلى ناھىيە بويىچە 232 مەيدان كىنو قويۇلۇپ، كىرىم 15 مىڭ يۈەندىن، كىنو كۆرگۈچىلەر 60 مىڭ ئادەم - قېتىمدىن ئاشتى. 1965 - يىلى 213 مەيدان كىنو قويۇلۇپ، كىنو كۆرگۈچىلەر 61 مىڭ 900 ئادەم - قېتىمغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا 98 مەيدان - قېتىم كىنو قويۇلۇپ، كىنو كۆرگۈچىلەر 23 مىڭ ئادەم - قېتىمدىن ئېشىپ كەتتى، 58 كىنو فىلىمى قويۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە نورغۇن كىنو فىلىملىرى چەكلىنىپ، پەقەت 8 ئۆلگىلىك تىياتىر ۋە ئاز ساندىكى ھېكايە فىلىملارنىلا قويۇشقا رۇخسەت قىلىنغاچقا، قويۇلىدىغان كىنولارنىڭ قېتىم سانى ئازىيىپ كېتىپ، يىلىغا 10 مەيداندىن 30 مەيدانغىچە كىنو قويۇلدى.

1973 - يىلى ناھىيىلىك كىنو قويۇش ئەترىتى كىنو باشقۇرۇش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چەكلەنگەن نورغۇن كىنو فىلىملىرىنى قويۇشقا رۇخسەت قىلىندى، يېڭى فىلىملارمۇ پەيدىنپەي كۆپەيدى. 1978 - يىلى كىنو باشقۇرۇش پونكىتى كىنو فىلىملىرىنى تارقىتىش شىركىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 2 يېزا كىنو ئەترىتى ۋە بىر كىنو فىلىملىرىنى تارقىتىش شىركىتى بارلىققا كەلدى، كىنو فىلىملىرىنى تارقىتىش شىركىتىنىڭ قارمىقىدا بىر يازلىق كىنوخانا (2550 كۋادرات مېتىر، 3000 كىشىلىك) ۋە ئالتۇنتاغ كۇلۇبى (860 كىشىلىك) قۇرۇلدى.

# 3 § . تېلېۋىزىيە

## 1. تېلېۋىزىيە - سىنئالغۇ فىلىملىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى

1983 - يىلى 1 - ئايدا بايىنغولىن ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تېلېۋىزىيە - سىنئالغۇ فىلىملىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشنى قارار قىلدى ھەمدە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. شۇ يىلى 3 - ئايدا رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى چاقىلىق ناھىيىسىدە تېلېۋىزىيە - سىنئالغۇ فىلىملىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى قۇرۇشنى تەستىقلىدى، بۇ ئىستانسىنىڭ تارقىتىش قۇۋۋىتى بىر كىلوۋات، قاپلاش رادىئۇسى 60 كىلومېتىر بولۇپ، مەبلەغنى چاقىلىق ناھىيىسى ئۆزى تەييارلىدى، بۇنىڭغا كېتىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 430 مىڭ يۈەن ھېسابلاندى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ توپا قۇرۇلۇشىنى چاقىلىق ناھىيىلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى لايىھىلىدى، ئاپپارات ئۆيىنىڭ كۆلىمى 217.4 كۋادرات مېتىر بولۇپ، تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى قۇراشتۇرۇشقا ۋە ماشىنىلارنى تەكشۈرۈشكە بايىنغولىن ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە تېخنىكا بۆلۈمى ياردەملەشتى. تېلېۋىزىيە - سىنئالغۇ فىلىملىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى 1984 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سىناق تەرىقىسىدە تارقىتىشقا باشلىدى.

تېلېۋىزىيە - سىنئالغۇ فىلىملىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى ئەسلىدە 2 - ۋە 6 - قانالدىن ئىبارەت 2 قانالىق قىلىپ لايىھىلەنگەنىدى. 1985 - يىلى 2 - قانال ئىشلىتىلمىگەچكە، ئۇيغۇرچە پروگرامما بىلەن خەنزۇچە پروگرامما 6 - قانالدا نۆۋەت بىلەن كۆرسىتىلدى، ھەر دۈشەنبە، چارشەنبە ۋە جۈمە كۈنلىرى ئۇيغۇرچە پروگرامما، ھەر سەيشەنبە، پەيشەنبە، شەنبە كۈنلىرى خەنزۇچە پروگرامما كۆرسىتىلدى، ھەر كۈنى 3 سائەتتىن 5 سائەتكىچە كۆرسىتىلدى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە شەھەر، بازارلاردا تېلېۋىزور سېتىۋالغان ئائىلىلەر 80% تىن كۆپرەكنى ئىگىلىدى، يېزىلاردىمۇ ئازساندىكى ئائىلىلەر تېلېۋىزور سېتىۋېلىشقا باشلىدى.

چاقىلىق ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە - سىنئالغۇ فىلىملىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسىغا ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئۇنىڭ 8 خىزمەتچىسى بار. ئاساسلىق ئۈسكۈنىلەردىن بېيجىڭ رادىئو ئۈسكۈنە - ماتېرىياللىرى زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن CSD—1—M—11 كىلوۋاتلىق تاق يوللۇق رەڭلىك تېلېۋىزىيە پروگراممىسىنى تارقىتىش ئاپپاراتىدىن بىرى (چاستوتا دائىرىسى 167—175MHZ) بار، تۆمۈر مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى 82 مېتىر (گىرۋىكىنىڭ كەڭلىكى بىر مېتىر، 6 - قانالنىڭ شەپەرەڭسىمان قانىتى 4 قەۋەت، 2 - قانالنىڭ شەپەرەڭسىمان قانىتى 3 قەۋەت) غا يېتىدۇ.

## 2. سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش پونكىتى

1985 - يىلى گوۋۇيۈەن چەت - ياقا رايونلار ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا 53 يۈرۈش سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش پونكىتى ئۈسكۈنىلىرىنى ھەقسىز تەقدىم قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە چاقىلىق ناھىيىسىگە بىر يۈرۈش تەقسىم

قىلىندى. 1986 - يىل 4 - ئايدا رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى قۇمۇل، تۇرپاندا چاقىرغان سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىش پونكىتى تېخنىكىسىنى قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇلازىمەت يىغىنىدا ئېلېكترون سانائىتى مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى «924» زاۋۇت ۋە «4191» زاۋۇتقا مال زاكاز قىلىندى، چاقىلىق ناھىيىسى «4191» زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلغان 62 مېتىرلىق قوبۇل قىلىش ئانتېننىسىنى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى «924» زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلغان، قاپلاش رادىئۇسى 60 كىلومېتىر كېلىدىغان سۈنئىي ھەمراھ رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاپپاراتىنى ئىشلەتتى.

سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى 1986 - يىل 9 - ئايدا رەسمىي باشلىنىپ، 11 - ئايدا پۈتتى، يەر يۈزى پونكىتىنىڭ تېخنىكىلىق قۇراشتۇرۇش ئىشىغا «4191» زاۋۇت بىلەن «924» زاۋۇت مەسئۇل بولدى. 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈسكۈنىلەر قۇراشتۇرۇلغان ۋە تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، سىناق تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىش ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، تېخنىكىلىق ئۆلچەمگە يەتتى.

# III باب

# كىتاب، ئارخىپ

## § 1. كىتاب

### 1. شىنخۇا كىتابخانىسى

چاقىلىق ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى 1956 - يىلى قۇرۇلدى. 1959 - يىلى كىتابخانا سېلىندى. 1963 - يىلى شىنخۇا كىتابخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، شۇ يىلى 9 - ئايدا كىتابخانا قايتا سېلىندى، 1971 - يىل 6 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ تارقىتىش كەسپىنى يۇقىرى دەرىجىلىك كىتابخانىلار باشقۇردى، 1974 - يىلى ۋاششەرى گۇڭشېسىدا ۋاكالىتەن كىتاب سېتىش دۇكىنى قۇرۇلدى.

شىنخۇا كىتابخانىسى كىتاب سېتىشتا يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن زاكاز ھۆججىتىنى ئاساس قىلىپ ۋە ئۇنى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ كىتاب سېتىش ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئالدىن زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىش چارىسىنى قوللاندى. 1985 - يىلى سېتىۋېلىنغان كىتابلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 45 مىڭ 595 يۈەنگە يەتتى.

### 2. قىرائەتخانا

1956 - يىل 7 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا بىر قىرائەتخانا تەسىس قىلىندى، 1957 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلانغان كىتاب 2575 پارچىغا، يىل بويى كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇغۇچىلار 4000دىن ئارتۇق ئادەم - قېتىمغا يەتتى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، 9 يېزا كۇلۇبى قۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ قارىمىقىدا 9 كۇتۇپخانا ۋە گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى.

1962 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلانغان كىتاب 5105 نۇسخا (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە كىتاب 3562 نۇسخا) غا، مۇشتەرى بولغان گېزىت 5 خىلغا، ژۇرنال 35 خىلغا يەتتى.

1980 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتى يېڭى ئورنىغا كۆچكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا 2 ئېغىز قىرائەتخانا تەسىس قىلىندى. 1985 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلانغان كىتاب 17 مىڭ نۇسخا (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە كىتاب 7000 نۇسخا) غا، مۇشتەرى بولغان گېزىت - ژۇرنال 85 خىلغا، يىل بويى كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇغۇچىلار 8000دىن ئارتۇق ئادەم - قېتىمغا يەتتى. 1985 - يىلى يېزىلاردا 12 مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى، ئۇلاردا ساقلانغان كىتاب مىڭ نەچچىگە، كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇغۇچىلار 500دىن ئارتۇق ئادەم - قېتىمغا يەتتى.

## 2 § . ئارخىپ

### 1. ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، چاقىلىقتا ئارخىپنى گومىنداڭنىڭ چاقىلىق ناھىيىلىك پىرقىسى باشقۇرغان. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، گومىنداڭنىڭ چاقىلىق ناھىيىلىك پىرقىسى ئارخىپلارنىڭ كۆپ قىسمىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكومدا ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئارخىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى، ئارخىپ خىزمىتىنى كاتىپلار قوشۇمچە باشقۇردى، 1960 - يىل 8 - ئايدا، پارتكوم ئارخىپ بۆلۈمى بىلەن ھۆكۈمەت ئارخىپ بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر ئارخىپخانا قۇرۇلدى، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ 2 ئىسكىلاتى بار ئىدى. 1968 - يىلى يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن كۆلىمى 480 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان يېڭى ئارخىپخانا سېلىندى. 1984 - يىلى ناھىيىلىك پارتكومدا ئارخىپ بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ئارخىپخانا بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىرىدىغان بولدى، ئۇنىڭغا 4 شتات بېرىلدى. ئەمەلىيەتتە بىر يۇرۇش ئادەم 2 ۋۇۋىسكا ئېسىپ ئىشلىدى.

### 2. ئارخىپ باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئارخىپ خىزمىتى بەكمۇ قالاق ئىدى، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلار، جۈملىدىن باشقۇرۇش رايونلىرىنىڭ ئارخىپ، ھۆججەت باشقۇرۇش ئىشلىرى قالايمىقان بولۇپ، ھۆججەت يوقىلىپ كېتىش، مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قېلىش ئەھۋاللىرى پات - پات يۈز بېرىپ تۇراتتى.

1959 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يىغىلىپ قالغان ئارخىپلارنى رەتلەش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيىدىكى كاتىبات ۋە ئارخىپ خىزمەتچىلىرى بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئورگانلاردا يىغىلىپ قالغان ھۆججەتلەرنى ئېنىقلاپ ۋە رەتلەپ، 1127 پارچە ئارخىپ تۇرغۇزدى.

1960 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىدىكى كاتىبات ۋە ئارخىپ خىزمەتچىلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن قالغان ئارخىپ، ھۆججەتلەرنى رەتلىدى، ئۇلار مىنگونىڭ 26 - يىلىدىن 38 -

يىلىغىچە (1937 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە) بولغان 13 يىلدىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئىشلىرى، مالىيە، قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە كاتىبات قاتارلىق 5 بۆلۈم - ئىشخانىسىنىڭ 8778 پارچە ھۆججىتىنى رەتلەپ، 390 پارچە ئارخىپ تۇرغۇزدى، ئاختۇرۇپ پايدىلىنىشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك ئارخىپخانىدىكىلەر مىنگو ئارخىپلىرىنىڭ كاتالوگىنى ئىشلەپ چىقتى.

1966 - يىلى ناھىيىلىك ئارخىپخانا پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئارخىپلىرىنى رەتلەش، قايتا تەكشۈرۈش ئاساسىدا، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئارخىپىدىن 650 پارچىنى تاپشۇرۇۋالدى. 1979 - يىلى ناھىيىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئارخىپلىرىنى ئېنىقلاش، باھالاش ئاساسىدا، ئارخىپخانىغا كىرگۈزۈلىدىغان 461 پارچە ئارخىپنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 1980 - يىلى ناھىيىلىك ئارخىپخانا رەتلەنگەن ئارخىپلارنى سىستېما بويىچە تۈرگە ئايرىدى ھەمدە ئومۇمىي ئارخىپ - ساقلاش مۇددىتى - يىل تەرتىپى بويىچە كاتالوگ تۈزۈپ ساقلاپ، ئارخىپلاردىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈردى.

1985 - يىلى ناھىيىلىك ئارخىپخانىدا ساقلانغان ئومۇمىي ئارخىپ 31گە، ئارخىپ 4248 جىلدكە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كونا ھاكىمىيەتكە ئائىت ئومۇمىي ئارخىپ بىر، 430 جىلد.

# IV باب

# ماقاللار، رىۋايەتلەر

## 1 § . ماقاللار

چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر ماقاللىرىنى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي تالانتى ۋە كوللېكتىپ ئەقىل - پاراسىتى بىلەن ياراتقان، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ھاسىل قىلغان بىلىملىرى ۋە تەجرىبىلىرى يىغىنچاقلانغان ۋە يەكۈنلەنگەن، بۇ ماقاللار سۆز - ئىبارىلىرىنىڭ ئېنىقلىقى، مەزمۇنىنىڭ موللىقى، تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە مەنتىقىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

چاقىلىقتىكى ئۇيغۇر ماقاللىرى ئاساسەن مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

سۆز كۆركى ماقال، ئەر كۆركى ساقال.

ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى يوق.

ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن.

مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرىدۇ، مېۋىسىز دەرەخ غادىيىپ تۇرىدۇ.

بىلىمسىز ئادەم — مېۋىسىز دەرەخ.

ئادەم بالىسىنىڭ باھاسى بىلىم بىلەن.

غوجامنىڭ قورسىقى توق، قولى بىلەن كارى يوق.
قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق.
قازاننىڭ كۆۋاھچىسى چۆمۈچ.
قوينى قاسساپ سويسۇن.
ئىش قىلىشقا بېلى بوش، گەپ قىلىشقا ئاغزى قوش.
ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ.
ھورۇننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس.
ئانىسى ئۆرۈك يېسە، بالىسىنىڭ چىشى قاماپتۇ.
يازدا يېپىنچا ئال، قىشتا ئوزۇق.
يەر تويمىغىچە ئەر تويماس.
ياخشى سۆز تاشنى يارار، يامان سۆز باشنى.
تاللاپ ـ تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ.
ئالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ.
قۇۋ تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار.
قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار.
نادانغا سۆزلىگەن ئىسسىت سۆزۈم.
سەۋرى قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر.
سۇ ئەكەلگەن خار، كوزا سۇندۇرغان ئەزىز.
سۇ كەلگىچە توغان تۈت.
يۈتكەن پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن.
كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنۇتما، شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما.
كۆرگەن چىرايلىق ئەمەس، كۆيگەن چىرايلىق.
چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، مۈشۈكنىڭ قۇيرىقىغا ئېسىلار.
چاپىقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپتۇ.
پوقتا چالما ئاتساڭ، ئۆزۈڭگە چاچرار.
گال پىچاقمۇ قول كېسەر.
بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇپتۇ.
پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق.
ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيەر.
نىيىتى ياماننىڭ قازىنى تۆشۈك.
مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن.
قورققان ئاۋۋال مۇشت تەڭلەر.
مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا.
كۆزگە ئىلىنمىغان پۇتقا چوماق.
كۆسەي ئۇزۇن بولسا، قول كۆيمەس.
كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس.
كۆپ تۆكۈرسە كۆل بولار.
تاما ـ تاما كۆل تولار.

ئوتنى كوچىلىسالڭ ئۆچەر، قوشناڭنى كوچىلىسالڭ كۆچەر.
كىر.كلىك تاشنىڭ ئىغىرى يوق.
ئاشنى باداڭدىن سورا، ئىشنى كاداڭدىن.
ئۆچكە جان قايغۇسىدا، قاساپ ياغ قايغۇسىدا.
ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇپتۇ.
يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن.
ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ.
ئۆزى ئۆچ تەڭگە، توقۇمى بەش تەڭگە.
ئېشەككە كۆچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمىنى.
ئىت ئىگىسى بىلەن كۆچلۈك.
ئىككى پۈتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىپتۇ.
سۈنى سەپ سىڭار يەرگە، گەپنى قىل سىغار يەرگە.
سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ.
سۆزلىيەلمىگەن ئېغىزدىن چاپاق باسقان كۆز ياخشى.
سوقۇشقاق خوراز سەمىرمەس.
چاپىناپ بەرگەن نانىڭ تەمى يوق.
بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار.
دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق، ئەل سۆيگەننىڭ يولى ئوچۇق.
كېيىنكى پۇشايمان — ئۆزۈڭگە دۈشمەن.
ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر، بىلىمنىڭ قەدرىنى دانا.
ئاغزى يۇمشاق موزاي قوش ئەمچەك ئەمەر.
ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكىرەر، يامغۇر بىلەن يەر.
نىمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن.
قورساق ئاغرىقىڭ بولمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقما.
تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق.
قازاندا نىمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ.
بىلىم — دۆلەت، كىيىم — سۆلەت.
قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس.
قوشتىن چىقىرىپ سۆرەمگە قېتىپتۇ.
توخۇ داڭگال چۇشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال.
يۈز دوست ئاز، بىر دۈشمەن كۆپ.
گەپدان بولغىچە، ئىشچان بول.
باتۇر بىر قېتىم ئۆلەر، قورقۇنچاق مىڭ قېتىم.
باتۇر جەڭدە، ھورۇن كاڭدا.
ئات — ئەر كىشىگە قانات.
ئاتاڭدىن دۇنيا قالغۇچە، ھۈنەر قالسۇن.
يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى.
بېلىق سۇدىن ئايرىلماس، ئادەم ئاشتىن.

مۇزايىنىڭ يۇگۇرۇشى سامانلىقىچە.
ئەسكى بىلەن گەپ تالاشقۇچە، ئىت بىلەن نان تالاش.
ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە.
بىلىم — ئەقىل چىرىغى.
ئېيىقتىن قۇتۇلۇپ، بۆرىگە تۇتۇلۇپتۇ.
ئەلگە قوشۇلساڭ ئەر بولىسەن، ئەلدىن ئايرىلساڭ يەر بولىسەن.
دوست ياخشىلىق تىلەيدۇ، دۇشمەن يامانلىق.
بېخىلنىڭ يۈزى يوق، پۇلنىڭ كۆزى.
بېخىل بايدىن سېخى گاداي ياخشى.
گەپ يۈزدە ياخشى، كاۋاپ زىقتا.
توشقاندەك يۈز يىل ياشىغىچە، يولۋاستەك بىر يىل ياشىغان ئەلا.
گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ.
يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر.
تۆگىگە مىنىپ تۆگە ئىزدەپتۇ.
ئېشەك ھاڭرىغان يەردە ئېشەك بار.
يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ، دېڭى چىقماس.
ئۆيدە دانلاپ تالادا تۇغۇپتۇ.
بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمۇ.
تۆگىنىڭ مەيلى بولسا، يانتاقتا بويۇن سوزار.
بىكارچىنىڭ چولىسى يوق، قىلغىلى ئىشى يوق.
ھورۇننىڭ بېغى باغ بولماس.
بويىندىن باغلىغان ئىت ئوۋغا يارىماس.
باغدىن سورىسا، تاغدىن جاۋاب بېرىپتۇ.
خەقنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەپتۇ.
سۇنىڭ بېشى لاي بولسا، ئايىغىمۇ لاي بولار.
بالا، قىلغان ئىشى چالا.
بالا يىغلىمىغىچە ئانا ئەمچەك سالماس.
ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا.
بىر ياخشى بېشىمغا تەگدى ئالتە تاياق.
قاغا بىلەن دوست بولساڭ، يېيىشىڭ پوق.
پۇت يۈگۈرۈكى ئاشقا، ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا.
ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ.
بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس.
ئاش بەرگەنگە مۇشت بەرگەن.
ئىگىلىپ ياشىغاندىن ئۆرە تۇرۇپ ئۆلگەن ياخشى.
ئوقى تەگمىسە خوتۇندىن كۆرۈپتۇ.
ئاتقان ئوق قايتىپ كەلمەس.
ئاتالمىغان ئەردىن ئاتالغان دۆڭ ياخشى.

ئاتىسى ئاتالمىغان قوڭغۇزنى، بالىسى ئېتىپتۇ توڭگۇزنى.
ئات تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ.
ياخشى ئاتقا بىر قامچا، يامان ئاتقا مىڭ قامچا.
ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار.
ئاستا يۈرگەن تاغ ئاشار، يۈگۈرگەن باغ.
ئاستا ماڭغانمۇ ماڭغان، توختاپ قالغان يامان.
ئاسمانغا تۈكۈرسەڭ، يۈزۈڭگە چۈشەر.
ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق، ئۆلەي دېسەم جان تاتلىق.
ئاچچىق ئەقىلنى كېسىدۇ.
پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالما.
ئادەم ئەسكىسى ئەمەس، كىيىم ئەسكىسى.
ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.
ئەتىكى قويرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا.
ھۆرمەت قىلساڭ، ھۆرمەت كۆرىسەن.
ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش.

## § 2 . رىۋايەتلەر

چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەتلەر ناھايىتى كۆپ. تۆۋەندە رىۋايەتلەردىن 3نى بەردۇق:

### 1. لوپ ھەققىدىكى رىۋايەت

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇنسىدا لوپنۇر كۆلى سۈيى زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك ۋە پاكىز، پايانسىز كۆل ئىكەن. كۆلدە توپ - توپ ئاققۇلار ئۈزۈپ ئوينايدىكەن. توپ - توپ قىز - يىگىتلەر قېيىق بىلەن بېلىق تۇتىدىكەن. كۆل بويىدا تېرەك ۋە سۆگەتلەر بۈك - باراقسان ئۆسكەن، ئەتراپنى گۈل - گىياھلار قاپلىغانىكەن، يىراقتىكى تاغلار كۆكۈچ كۆرۈنسە، يېقىندىكى سۇلار كۆپكۆك كۆرۈنىدىكەن، بۇ جايدىكى پايانسىز ياپيېشىل يايلاقلار گويا گۈللۈك گىلەمگە ئوخشايدىكەن. مۇشۇ جەننەتتەك گۈزەل لوپنۇر كۆلى بويىدا ئەمگەكچان لوپلۇقلار ياشايدىكەن، ئۇلارنىڭ سان - ساناقسىز قوي - كالىلىرى، ئات - تۆگىلىرى بار ئىكەن. قىش كېتىپ ياز كەپتۇ، ياز كېتىپ قىش كەپتۇ، ئەمگەكچان لوپلۇقلار مۇشۇ ئاجايىپ زېمىندا ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە مال بېقىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئاتا خوجا قاغاننىڭ مەلىكىسى قارا بوران ھەر كۈنى كۈن چىققاندا ساۋۇت كىيىپ، ئات مىنىپ، كۆل بويىدىكى يايلاقنى چارلايدىكەن. كۈن پاتقاندا گۈلخان يېقىپ، بېلىقنى كاۋاپ قىلىپ يەيدىكەن، بەزىدە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدىكەن، كۈنلەرنى مانا شۇنداق شاد - خورام ئۆتكۈزىدىكەن.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىدە تۇيۇقسىز، ئاتمىش بۇلاقتىن دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى، دېگەن خەۋەر كەپتۇ، قاغان دەرھال ئادەملىرىنى باشلاپ ئاتلىنىپتۇ - دە، ئۆزى باش بولۇپ جەڭگە

كىرىپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە تەرەپ - تەرەپتىن ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلۈپتۇ، جەڭ سادالىرى يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ. كۈتۈلمىگەندە، قاغان دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى چىقىمغا ئۇچراپتۇ، بەختكە يارىشا، ئۇنىڭ قىزى ياردەمچى قوشۇننى باشلاپ ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ، دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ، قاغاننى قۇتقۇزۇۋاپتۇ.

ئۇرۇش ناھايىتى دەھشەتلىك بولۇپتۇ، ئېيتىلىشىچە، شۇ چاغدا جەڭ مەيدانىدا نەچچە مىڭ ئادەم قىرىلىپ، تومۇز ئىسسىقتا ئەتراپنى سېسىق پۇراق قاپلاپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، لوپ رايونىدا ۋابا تارقىلىپ، بىر كېچىدىلا لوپلۇقلاردىن 3000 ئادەم ئۆلۈپتۇ. قاغان: تەڭرى بېشىمىزغا بالا - قازا ياغدۇردى، ئەمدى بۇ جايدا تۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ، دەپ ئويلاپ، لەشكەرلىرىگە ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ كۆچۈش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىپتۇ. لەشكەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى مەلىكە قارا بوران باشلاپ ھابدالغا بېرىپتۇ؛ يەنە بىر قىسمىنى قاغان ئۆزى باشلاپ، تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىغا يۆتكىلىپتۇ. ئۇلار كورلا ئارقىلىق كۇچادىن ئۆتۈپ، ئاخىرىدا خوتەن دەرياسىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ، خوتەنگە يېتىپ بېرىپتۇ. لېكىن ئۇ چاغدا قاغاننىڭ قەبىلىسىدىكىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تىل ئۇقمايدىكەن، شۇڭا خوتەندىكى ئۇيغۇر پادشاھ ئۇلارنىڭ خوتەن زېمىنىگە كىرىشىگە ئىجازەت بەرمەپتۇ. قاغاننىڭ قول ئاستىدىكى ئەر - ئايال، قېرى - ياشلار چۆل - جەزىرىدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، خوتەن پادشاھى ئۇلارنىڭ بىچارە ھالەتتە قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچ ئاغرىتىپ، قاغاننىڭ ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىر كىچىك بوستانلىقتا تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇلار سامان دىنىنى تاشلاپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپتۇ ھەمدە بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ، ئۆستەڭ چېپىپ، يەر سۇغىرىپ، ئەرلىرى دېھقانچىلىق قىلىپ، ئاياللىرى توقۇمىچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپتۇ، بۇ كىچىك بوستانلىق لوپلۇقلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن گۈزەل، باياشات، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق روناق تاپقان گۆھەر زېمىنغا ئايلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ لوپلۇق ئەجدادلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى بېقىپ ئۆستۈرگەن بۇ جاينى «لوپ» (ھازىرقى لوپ ناھىيىسى) دەپ ئاتاپتۇ.

## 2. لوپ ناخشىسى

ئېيتىلىشىچە، 2000 يىل ئىلگىرى، شىمالىي چۆللۈكتە (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە) لوپنۇر ئىسىملىك ئەقىللىق، قامەتلىك بىر يىگىت بولغانىكەن، ئۇنىڭ دادىسى يايلاقتىكى ئابرويلۇق قەبىلە باشلىقى ئىكەن. لوپنۇر 20 ياشقا كىرگەندە، ئاتىسى ئۇنىڭغا قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ قىزى تېتىمانى ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ چاي ئىچكۈزۈپتۇ.

لوپنۇر ئىرادىلىك ياش بولغاچقا، بالدۇر توي قىلىشقىمۇ، تۆھپە ياراتماي تۇرۇپ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشقىمۇ ئۇنىماي، ئۆزى بىلگەن يولغا ماڭماقچى بولۇپتۇ. ئۇ كۇسەنگە بېرىپ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆگىنىشكە بەل باغلاپ، دۇنخۇاڭ ئارقىلىق كۆپ يوللارنى بېسىپ غەربىي يۇرتقا بېرىپتۇ. ئۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىدىن ئۆتكەندە ئېزىپ قېلىپ، ھارغىنلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىق دەستىدە چۆلدە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتۇ. ھوشىغا كېلىپ قارىسا، ئۆزى بىر قېرى ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ياتقۇدەك، قامەتلىك بىر يىگىت جاراھەتلىرىنى

سۈرتۈۋاتقۇدەك، بويىغا يەتكەن بىر قىز سۇ ئىچكۈزۈۋاتقۇدەك. ئۇلار بوران ئىلاھى بېقىۋالغان ئاكا ـ سىڭىللار بولۇپ، ئاكىسىنىڭ ئىسمى چاقىلىق، سىڭلىسىنىڭ ئىسمى مىرەن ئىكەن، ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى بوران ئىلاھىنىڭ خورلىشىغا چىدىماي، شۇنداقلا كۆسەن ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىغا مەپتۇن بولۇپ، ئوغرىلىقچە يەر يۈزىگە چۈشۈپ ماھارەت ئۆگەنگەنىكەن، ئۇلار كۆسەندىن قايتىۋېتىپ، شۇ جايغا كەلگەندە لوپنۇرنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئۈچەيلەن ئاكا ـ سىڭىل بولۇشۇپ، جاپالىق كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزۈپتۇ. چاقىلىق بىلەن مىرەن لوپنۇرنىڭ جاراھىتىنى داۋالاش ئۈچۈن، ناھايىتى يىراق جايلارغا بېرىپ بۇلاق سۈيى ئېلىپ كېلىپتۇ، لوپنۇر ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ناخشا ئېيتىپ، شېئىر ئوقۇپ، كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ سەمىمىي دوستلۇقى كۈندىن ـ كۈنگە قويۇقلىشىپتۇ. مىرەن ئاستا ـ ئاستا لوپنۇرغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ ۋە لوپنۇرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ «لوپ» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

بوران ئىلاھى قىزىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئادەم بىلەن ئاشىق ـ مەشۇق بولۇپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، غەزىپى قايناپ، ئاكا ـ سىڭىلغا دەرھال قايتىپ كېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. چاقىلىق بىلەن مىرەن قايتماسلىق قارارىغا كېلىپ، ئالتۇنتاغ ئىلاھىغا ئىلتىجا قىلىپتۇ، لېكىن ئۇلار ئالتۇنتاغ ئىلاھىنىڭ بوران ئىلاھىدىن پارا ئالغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەپتۇ.

ئالتۇنتاغ ئىلاھى بوران ئىلاھىنىڭ ناخشىغا ئۇستا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدىكەن، لېكىن ئۇ ئادىل قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئاكا ـ سىڭىلنى بوران ئىلاھى بىلەن بەسلىشىپ ناخشا ئېيتىشقا دەۋەت قىپتۇ. يېڭىۋالغۇچى ھەر قانداق تەلىپىنى قويسا بولىدۇ دەپ قارار چىقىرىپتۇ. 3 قېتىم بەسلىشىپ ناخشا ئېيتىشتا ئاكا ـ سىڭىل ئىككەيلەن 3 قېتىم يېڭىلىپ قاپتۇ. لوپ بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بوران ئىلاھى بىلەن مۇنازىرىلىشىپتۇ، ئۇ كەسكىن سۆزلەر بىلەن بوران ئىلاھىنى مات قىپتۇ. بوران ئىلاھى لوپنۇرغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، قارا بوران چىقىرىپتۇ. ھەش ـ پەش دېگۈچە بوران قۇمنى ئۇچۇرۇپ، شىددەت بىلەن ئۇلارغا ئۇرۇلۇپتۇ. لوپ قىلچە قورقماي، بىر تەرەپتىن بوران بىلەن ئېلىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەپسۇن ئوقۇپ، يامغۇر ئىلاھىدىن مەدەت تىلەپتۇ.

يامغۇر ئىلاھى لوپنىڭ ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، مۆلدۈر ۋە چاقماق ئارقىلىق قارا بوراننى توسۇپتۇ ھەمدە قارا بوران كۆلىنى پەيدا قىپتۇ، لوپ قاتارلىق ئاكا ـ سىڭىللارنى ئولتۇرسۇن دەپ كۆل بويىدا چىرايلىق بېزەلگەن 3 ئېغىز ئۆي تەييارلاپتۇ.

بوران ئىلاھى مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، تېخىمۇ قاتتىق قۇيۇن چىقىرىپ، قۇم ۋە تاشلارنى تېخىمۇ شىددەت بىلەن ئۇچۇرۇپتۇ. بوران لوپ قاتارلىق ئاكا ـ سىڭىلنى نەچچە يۈز چاقىرىم يىراقلىققا ئاپىرىپ تاشلاپتۇ، قۇم ـ تاشلار لوپنىڭ ئىككى كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويۇپتۇ، مىرەن ئاسماندىن يەرگە يىقىلىپ چۈشكەندە ئىككى پۇتى سۇنۇپ كېتىپتۇ. چاقىلىق بۇ ھالنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق ئازابلىنىپ گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بوران ئىلاھى ئۈچەيلەننى ئۇچۇرۇپ باشقا ـ باشقا جايلارغا ئاپىرىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۈچەيلەن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىپتۇ. چاقىلىق سىڭلىسىنى سېغىنىپتۇ، مىرەن ئاشىقىنى سېغىنىپتۇ، لوپ ئۇكا ـ سىڭىللىرىنى سېغىنىپتۇ. ئۇلار زار ـ زار يىغلاپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرىدىن بىر تۇزلۇق كۆل ھاسىل بوپتۇ.

ئۆزىنىڭ لوپنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن مىرەن يىراقتىكى تېتىما قىزغا چۈش ئارقىلىق بىشارەت بېرىپتۇ، تېتىما ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يىراق يوللارنى بېسىپ لوپنى ئىزدەپتۇ، ئۇ يولدا چاقىلىق بىلەن ئۇچرىشىپتۇ، تېتىما ھېرىپ كېتىپ ماڭالماي قاپتۇ، چاقىلىق تېتىمانى يۆدەپ، قۇملۇقتا كۆپ يول بېسىپ، ئاخىر لوپنى تېپىپتۇ، ئۈچەيلەن مىرەننىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئۇزاق يول بېسىپ لوپنى ئىزدەش داۋامىدا چاقىلىقمۇ تېتىماغا ئاشىق بولۇپ قالغانىكەن. ئەمدى بۇ ئىككى جۈپ ئاشىق - مەشۇق ئاخىر مۇرادىغا يېتىپتۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ، تەرەققىي قىلىپ، لوپنۇر، چاقىلىق ۋە مىرەندىن ئىبارەت چوڭ بوستانلىقنى بىنا قىپتۇ. كېيىنكىلەر لوپ قاتارلىق ئاكا - سىڭىللارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرىدىن ھاسىل بولغان تۇزلۇق كۆلنى لوپنۇر كۆلى دەپ ئاتاپتۇ. ھازىرقى چاقىلىق، مىرەن ۋە تېتىما دېگەن ناملار ئەنە شۇنداق كېلىپ چىققانىكەن.

2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، لوپنۇر كۆلى شىمالىي پاراللېل 39° بىلەن 41° ئارىلىقىدا يۆتكىلىپ تۇردى، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ بوران ئىلاھى بىلەن يامغۇر ئىلاھىنىڭ ئېلىشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن، بوران ئىلاھى لوپنۇر كۆلىنى قۇرۇتۇۋېتىش ئۈچۈن ئۇنى جېنىنىڭ بارىچە شىمالغا ئىتتىرىدىكەن، يامغۇر ئىلاھى لوپنۇر كۆلىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن جەنۇبتا يامغۇر ياغدۇرۇپ تۇرىدىكەن، شۇ سەۋەبتىن، لوپنۇر كۆلى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر «كۆچمە كۆل»گە ئايلانغانىكەن.

### 3. چاڭيې مەلىكە دەرياسى

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 77 - يىلى خەن جاۋدى (خەن سۇلالىسىنىڭ خانى جاۋ دى) ھۇنلارنىڭ جەنۇبقا قىلغان ھۇجۇمىنى توسۇپ، يىپەك يولىنى راۋانلاشتۇرۇش، پىشامشان بەگلىكى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، چاڭيې ۋاڭنىڭ قىزىغا «چاڭيې مەلىكە» دەپ نام بېرىپ، ئۇنى پىشامشاننىڭ بېگى ۋېتۇكتىغا خانىشلىققا بېرىپتۇ. چاڭيې مەلىكە گۈزەل بولۇپلا قالماي، بەلكى بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق ۋە يىراقنى كۆرىدىغان قىز ئىكەن.

چاڭيې مەلىكە پىشامشانغا ياتلىق بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، پىشامشاننىڭ سۇ، ئاشلىقى قىس، يېرى ئۈنۈمسىز كىچىك بەگلىك ئىكەنلىكىنى، پۇقرالارنىڭ كالا، قوي ۋە تۆگە بېقىپ، كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، راھەت - پاراغەتلىك ئوردىدىن چىقىپ، ئۇستىلارنى باشلاپ، سۇ مەنبەسى ۋە يايلاق ئىزدەپتۇ، يەر شارائىتىنى تەكشۈرۈپتۇ. بىر قانچە ئاي تەكشۈرگەن ۋە چارلىغاندىن كېيىن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى چېرىكلەر ۋە پىشامشان پۇقرالىرىغا باشچىلىق قىلىپ، كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاپ يەر سۇغىرىدىغان ئۇلۇغ قۇرۇلۇشقا تۇتۇش قىپتۇ. ئۇ ھاشارچىلار بىلەن بىللە ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ، كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ، توپتوغرا 3 يىل جاپالىق كۆرەش قىپتۇ، لېكىن قۇرۇلۇش بەك چوڭ، پىشامشان بەگلىكى كىچىك، نوپۇسى ئاز بولغانلىقى، مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن، قۇرۇلۇشنىڭ ئاران يېرىمى قولدىن چىقىپتۇ. چاڭيې مەلىكە قۇرۇلۇشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنيالىرىنى ۋە تويلۇق زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى سېخىيلىق بىلەن ئىئانە قىلىپ، قۇرۇلۇش خىراجىتىگە ئىشلىتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق داۋاملىشىپتۇ. بۇ قۇرۇلۇش باشلىنىپ 6 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، سۇ باشلاش ئالدىدا،

چاڭيى مەلىكە چارچاپ كېسەلچان بولۇپ قېلىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. بۇ شۇم خەۋەر تارقالغاندا، پۈتۈن بەگلىك قايغۇغا چۆمۈپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، كۆنچى دەرياسى بويى شادلىققا چۆمۈپتۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پىشامشان خەلقى سۇ باشلاپ يەر سۇغىرىپ، زىرائەت، مېۋە - چېۋە، كۆكتات تېرىپ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. پىشامشان خەلقى چاڭيى مەلىكىنىڭ شەپقىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇ دەرياغا يەنى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدىغان كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قۇرۇق دەرياغا «چاڭيى مەلىكە دەرياسى» دەپ نام بېرىپتۇ. چاڭيى مەلىكىنىڭ ئەينى يىللاردا خەلقنى دەپ، دەريا چاپتۇرۇپ سۇ باشلىغانلىقى ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايە ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

ئون ئالتىنچى قىسىم

# مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مەشھۇر مەنزىرىلىك جايلار

## ئون ئالتىنچى قىسىم

# مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مەشھۇر مەنزىرىلىك جايلار

چاقىلىق تارىختا «يىپەك يولى»نىڭ تۈگۈنى، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە جاي ئىدى، ئۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئاسارەتىقىلەر قالغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، چاقىلىقنىڭ جۇغراپىيىۋى شارائىتى ئالاھىدە بولغاچقا، نۇرغۇن ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرىلەر بارلىققا كەلگەن، كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسارەتىقىلەر ۋە كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان تەبىئىي مەنزىرىلەر چاقىلىقنى كىشىلەر تەلپۈنىدىغان سىرلىق جايغا ئايلاندۇرغان، ئۇ جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ئالىملار، ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ۋە سەيياھلارنى چاقىلىققا كېلىپ تەكشۈرۈش، ئېكسپېدىتسىيە قىلىش ۋە ساياھەت قىلىشقا بارغانسىرى كۆپلەپ جەلپ قىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋە مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شۋېتسىيىلىك سىۋېن ھېدىن ۋە ئەنگلىيىلىك ستەيىن قاتارلىق كىشىلەر چاقىلىقتىن نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلىقچە قېزىپ ئېلىپ كەتكەن.

## I باب

# مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

## 1 § . مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

### 1. تاش قوراللار

1) سىپتا تاش قورال يالداملىرى ئاساسلىقى تۈۋرۈكسىمان تاش ئۆزەك، دېسكىسىمان قىرغۇ، تاشتىن سىپتا ياسالغان ئوقيا ئۇچى، دالچىن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان تاش نەيزە، تاش بىلەي قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇلار لوپنۇر كۆلى قىرغاقلىرىدىن ۋە كىروران قەدىمكى شەھىرىدىن يىغىۋېلىنغان، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات

ئورنى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا؛ يەلپۈگۈچسىمان تاش ئۈزەك، تاش ئوقيا ئۇچى، بىسلىق تاشلار ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى قۇرۇق پىتلىق تېغىدىن يىغىۋېلىنغان، ھازىر شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

2) باشقا تاش ئەسۋابلار تاش قىمىراق، تاش مۇھۇر قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار كىروران قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان؛ تاش مارجان ۋاششەرى قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ۋە شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## 2. ساپال ئەسۋابلار

1) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان ئەسۋابلار بۇنىڭ ئاساسلىقى مۇنۇلار: ① ھىجىر، ئېگىزلىكى 5.3 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 7 سانتىمېتىر بولۇپ، قوم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپالدىن ئىشلەنگەن. ② جۇلالىق ساپال ئاپقۇرا، ئېگىزلىكى 9 — 10 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 11.5 سانتىمېتىر، تېگىنىڭ دىئامېتىرى 11 سانتىمېتىر بولۇپ، كەڭ ۋە ئۇزۇنراق جۇلاسى بار، جۇلاسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 4.5 سانتىمېتىر، ئويۇقچىلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 2.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. توپىسى قىزىل رەڭدە، ئېغىزى تۈز، قورسىقى سەل تومپىيىپ چىققان، تېگى تۈز ۋە ھالقىسىمان، يالغۇز قۇلىقى بار. ③ ساپال چىراغ، ئېگىزلىكى 12 سانتىمېتىر، چىراغ كامىرىنىڭ دىئامېتىرى 8.5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 4.6 سانتىمېتىر، تېگىنىڭ دىئامېتىرى 5.7 سانتىمېتىر بولۇپ، قوم ئارىلاشتۇرۇلغان كۈلرەڭ ساپالدىن ئىشلەنگەن. يۇقىرىقى ساپال ئەسۋابلارنىڭ ھەممىسى كىروراندىكى قەدىمكى قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

2) خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن قالغان ئەسۋابلار ئاساسلىقى ساپال جىمبىل بولۇپ، ئېگىزلىكى 24.5 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 25 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتىر كېلىدۇ. قوم ئارىلاشتۇرۇلغان كۈلرەڭ ساپالدىن ئىشلەنگەن، ئېغىزى سەل كەڭ، گىرۋىكى قىرلىق، بويىنى قىسقا، يەلكىسىدە ئىككى تۇتقۇچ قۇلىقى بار، قازاننىڭ تەكتى تۈز، ئاستىدا نۇرغۇن كىچىك تۆشۈكچىلەر بار، ئۇ كىروران قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

3) سۇڭ، يۈەن سۇلالىرى دەۋرىدىن قالغان ئەسۋابلار ① كىچىك ساپال يولۋاس، قورسىقىنىڭ ئەڭ چوڭ يېرىنىڭ دىئامېتىرى 30 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىر، جۇلالىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 5 سانتىمېتىر بولۇپ، قوم ئارىلاشتۇرۇلغان بوز ساپالدىن ياسالغان، ئاسمىسىمان يۇمىلاق تەگلىكلىك، قاڭشىرى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، قورساق قىسمىغا دولقۇنسىمان سىزىقچىلار، تىكەنسىمان سىزىقلار چېقىلغان. ② ساپال چاناقلار: ئېگىزلىكى 8 — 11 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 5 — 6 سانتىمېتىر، يۇمىلاق تۈۋرۈكسىمان شەكىللىك، يۇمىلاق تەگلىكلىك، ئىچىدە مىس يۇقۇندىلىرى بار. ئۇلار ۋاششەرى قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ۋە شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## 3. ياغاچ ئەسۋابلار

1) مىس قورال ۋە تاش قورال تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋردىن قالغان ئەسۋابلار ئاساسلىقى مۈڭگۈزسىمان ياغاچ جام بولۇپ، ئېگىزلىكى 16.5 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 6 سانتىمېتىر، تەبىئىي يۇمىلاق ياغاچتىن ياسالغان، ئېغىزى تۈز، ئوتتۇرىسى ئويۇۋېتىلگەن. يەنە ياغاچ پىچاق، ياغاچ تېشىدىغان مۈڭگۈز ئۆشكە، ياغاچ بويۇنتۇرۇق، ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان ئادەم قاتارلىقلار بار. ئۇلار كۆنچى دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

2) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان ئەسۋابلار بۇلارنىڭ ئاساسلىقى مۇنۇلار: ① ئېگىز پۇتلۇق ياغاچ كاسا، ئېگىزلىكى 13 سانتىمېتىر، ئېلىپسىمان ياغاچ كاسىنى تۆت پۇتى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، كاسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 39 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 24 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 3 سانتىمېتىر؛ ② پۈكلىمە يەلكىلىك ياغاچ جام، ئېگىزلىكى 14 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 11.5 سانتىمېتىر، تېگىنىڭ دىئامېتىرى 6 سانتىمېتىر، قوش قورساقلىق، ئېغىزى كەڭ، گىرۋىكى سىرتقا ئېگىلگەن، ئۈستۈنكى قورسىقى ئىچىگە يايسىمان كىرگۈزۈلۈپ ياسالغان، ئاستىنقى قورسىقى يانتۇ ھالدا كىچىكلىتىلىپ، كىچىك تەگلىك چىقىرىلغان، ئىككى قورساقنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ ئىچى تەرىپىگە چۆكىلىتىلىپ ئىككى قۇر سىزىقچە چىقىرىلغان، تەگلىكى كىچىك، تەكشى ياسالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى لوپنۇر كۆلىنىڭ تۆپىلىكلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

3) خەن، جىن سۇلالىلىرىدىن قالغان جابدۇقلار ئاساسلىقى تەشمە نەقىشلىك ياغاچ تاختا بولۇپ، ئېگىزلىكى 9 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5.3 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.5 سانتىمېتىر، سەل تۆت چاسا، بىر قىسقا تۇتقۇچى بار، تاختىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىككى ئۇزۇنچاق تۆشۈك ئېچىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، گۈل چېكىلگەن ياغاچ تاختا، ياغاچ قونچاق قاتارلىقلار بار. بۇلار كىرورران قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان، ياغاچ تاغاق مىرەن قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان، ھازىر شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## 4. سىرلانغان جابدۇقلار

خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان جابدۇقلار، ئاساسەن، سىرلانغان ھالقا، سىرلانغان تۇۋاق قاتارلىقلار بولۇپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ تۆپىلىكلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## 5. سۆڭەك جابدۇقلار

1) مىس ۋە ياغاچ قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە ئائىت جابدۇقلار بۇلار ئاساسەن، سۆڭەك يىڭنە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 10 سانتىمېتىر، سىپىگە گېئومېتىرىك شەكىلدە نەقىش ئويۇلغان، ئۇ كۆنچى دەرياسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر چىلغىسىدىن قېزىۋېلىنغان.

2) خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن قالغان جابدۇقلار ئاساسلىقى ياغاچ تاغاق، ھايۋان سۈرىتى ئويۇلغان سۆڭەك بۇيۇملار بولۇپ، قەدىمكى مىرەن شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان.

3) تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان جابدۇقلار ئاساسلىقى تۇبۇتچە خەت چۈشۈرۈلگەن پال دەستىكى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 17.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2.3 — 10.7 سانتىمېتىر، سۆڭەككە سىياھ بىلەن 4 قۇر تۇبۇتچە خەت يېزىلغان. ئۇ مىرەن قەلئەسىدىن قېزىۋېلىنغان.

يۇقىرىقى سۆڭەك جابدۇقلار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ۋە شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## 6. مىس جابدۇقلار

1) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان جابدۇقلار ئاساسلىقى مىس كۆزگۈ (پۈچۈق) بولۇپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ تۆپىلىكلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

2) خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگە ئائىت جابدۇقلار بۇنىڭ ئاساسلىقى مۇنۇلار: ① مىس قازان، ئېگىزلىكى 21 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 17 سانتىمېتىر، ئېغىزى تۈز، پۈكلىمە يەلكىلىك، يوغان قورساقلىق، يۇمىلاق تەگلىكلىك، قەغەزدەك نېپىز، بىر- بىرىگە ئۇدۇل ئىككى قۇلىقى بار. ② مىس موچەن، ئۇزۇنلۇقى 4.5 سانتىمېتىر، موچەن گەۋدىسىنىڭ كەڭلىكى 0.8 سانتىمېتىر، سېپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.1 سانتىمېتىر، سېپىنىڭ كەڭلىكى 0.2 سانتىمېتىر، برونزىدىن ياسالغان، ئامبۇر شەكلىدە، موچەن بېشى ئىچىگە ئېگىلىپ تۇرىدۇ، موچەن گەۋدىسىگە خىش شەكلىدە گۈل چېكىلگەن، موچەن تۇتقۇچى ئۇزۇن، ھەرىكەتچان چۈلۈكى بار، ئۇنى يۇقىرى - تۆۋەنگە سۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كىچىك مىس ئادەم، مىس يىڭنە، مىس ھالقا، قارلىغاچ قۇيرىقىغا ئوخشايدىغان مىس ئوقيا ئۇچى ۋە ھەر خىل مىس بېزەك قاتارلىقلار بار. بۇلار كىروران قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن مىس بۇغا، مىس چاچ قىسقۇچ قاتارلىقلار مىرەن قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

3) سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن قالغان جابدۇقلار ئاساسلىقى مىس نەيزە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 6.2 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2.5 سانتىمېتىر، نەيزە ئۇچى سۇنۇپ كەتكەن، ئوتتۇرىسى رومبا شەكلىدە كۆتۈرۈلگەن، ئىككى تەرىپىدىكى بىسى نېپىزلەپ ئىتتىك بولۇپ كەتكەن، سېپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 سانتىمېتىر، بۇنىڭدىن باشقا، مىس قوشۇق، مىستىن بېزەلگەن تاختا، مىس بېزەك قاتارلىقلارمۇ بار. بۇلار ۋاششەرى قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ۋە شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## 7. تۆمۈر جابدۇقلار

خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان جابدۇقلار ئاساسلىقى، تۆمۈر ئوقيا ئۇچى بولۇپ، جەمئىي 6 تال، ھەممىسى پىرامىدا شەكلىدىكى ئۇزۇنچاق تۆمۈر ئوقيا ئۇچى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 5 — 8.9 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2 سانتىمېتىر، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

## 8. قەدىمكى پۇللار

1) خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت يۈجيا ناملىق يېرىم سەرلىك داچەن پۇل يۇمىلاق ھەم تۆشۈكى بار. پۇلنىڭ دىئامېتىرى 0.9 سانتىمېتىر، تۆشۈك گىرۋىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.3 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتىر، ئىچى ۋە سىرتىدا بوش ئورۇن يوق، ئوڭ يۈزىدە «يېرىم سەر» دېگەن خەت بار، ئارقىسى تەكشى؛ ۋاڭ ماڭ «داچۈەن ئەللىك» پۇلى، شەكلى يۇمىلاق، تۆت چاسا تۆشۈكى بار، پۇلنىڭ دىئامېتىرى 2.5 سانتىمېتىر، تۆشۈكىنىڭ گىرۋىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.7 سانتىمېتىر، سىرتىدىكى بوش ئورۇن 0.1 سانتىمېتىر، يۈزىگە «داچۈەن ئەللىك» دېگەن خەت چېقىلغان؛ كۇشان پۇلى، شەكلى يۇمىلاق، تۆشۈكى يوق، دىئامېتىرى 2.7 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.3 سانتىمېتىر، پۇل يۈزىدە تۆگە مىنگەن يالغۇز كىشىگە ئوخشايدىغان سۈرەت بار. يۇقىرىقى قەدىمكى پۇللار كىروران خارابىسى رايونىدىن تېپىلغان، ھازىر شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

2) باشقا قەدىمكى پۇللار ئاساسلىقى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى 5 مىسقاللىق يارماق پۇل، ۋاڭ ماڭ دەۋرىدىكى خوچۈەن پۇلى، تاڭ دەۋرىدىكى كەيۈەن تومپۇرى قاتارلىقلار بار. بۇلار كىروران قەدىمكى شەھىرى، مىرەن قەدىمكى شەھىرى ۋە ۋاشەرى قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا.

## 9. ئەينەك ۋە ئەينەكتىن ياسالغان بۇيۇملار

1) خەن — جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن قالغان بۇيۇملار 3 پارچە ئەينەك پارچىسى بار، ئۇلار يېرىم سۈزۈك رەڭدە، سۇس قىزىل، ماش رەڭ، ئاقۇش كۆلرەڭ رەڭدە بولۇپ، كىروران قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

2) سۇڭ - يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن قالغان بۇيۇملار ئاساسلىقى ئۇزۇن بويۇنلۇق ئەينەك قوتا بولۇپ، ئېگىزلىكى 16.9 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 5 سانتىمېتىر، سۇس يېشىل رەڭدە، ئېغىزى كىچىك، بويىنى ئۇزۇن، تېگى ئويمان. ۋاشەرى قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

## 10. يۇڭ توقۇلمىلار

1) مىس قورال بىلەن تاش قورال تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە ئائىت بۇيۇملار يۇڭ پالاز، سېغىزرەڭ، يۇڭ يىپلارنىڭ ئىنچىكە - تومىلىقى تەكشى، پالاز يۈزى تۈز، گىرۋىكىدە چۇچىلىرى بار، چۇچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 — 2.5 سانتىمېتىر، تەكشى يوللۇق، ھەر كۋادرات سانتىمېتىردا 6 تال ئۆرۈش يىپ، 5 — 6 تال ئارقاق يىپ بار. كۆنچى دەرياسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر جىلغىسىدىن قېزىۋېلىنغان.

2) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان بۇيۇملار ئاساسلىقى يۇڭ پالاز، يۇڭ توقۇلما قاتارلىقلار بولۇپ، لوپنۇر كۆلى تۆپىلىكلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان.

3) خەن - ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىدىن قالغان بۇيۇملار يۇڭدىن توقۇلغان ئاياغ قاتارلىقلار بولۇپ، مىرەن قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان.

يۇقىرىقى يۈك توقۇلما بۇيۇملار ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ۋە شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## 11. يىپەك توقۇلمىلار

1) خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت يىپەك توقۇلمىلار بۇنىڭ ئاساسلىقى مۇنۇلار: ① «تۆت دېڭىزغا نەزەر سېلىپ، دۆلەت ئۈچۈن بەخت تىلەش» دېگەن سۆز چۈشۈرۈلگەن كىمخاب، كىمخابنىڭ ئۇزۇنلۇقى 34.4 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 22.8 سانتىمېتىر، كىمخاب يۈزىنىڭ تېگى كۆك بولۇپ، سېرىق، قوڭۇر، ماش رەڭ يىپلار بىلەن ئېنىق گۈل چىقىرىلغان، كىمخاب يۈزى گۈللۈك بولۇپ، چىرماش گۈل - يوپۇرماقلار ئارىسىغا خاسىيەتلىك ھايۋانلار سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئۇنىڭغا قوشۇپ خەنزۇچە «تۆت دېڭىزغا نەزەر سېلىپ، دۆلەت ئۈچۈن بەخت تىلەش» دېگەن قوتلۇق سۆز چۈشۈرۈلگەن، توقۇلۇش زىچلىقى جەھەتتە ھەر كۋادرات سانتىمېتىرغا 43 تال ئۆرۈش يىپ، 24 تال ئارقاق يىپ چۈشۈرۈلگەن؛ ② شايى چاپان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 15 سانتىمېتىر، چوڭلارنىڭ چاپىنىغا ئوخشىتىپ تىكىلگەن ئاخىرەتلىك كىيىم بولۇپ، ئۆزى كەڭرى، يېڭى ئۇزۇن، بېلى ئىككى تال بۇغقۇچ بىلەن چىگىلگەن. شايى سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك بولۇپ، كىيىمنىڭ ياقا، يەڭ ۋە ئاستى پېشىگە سېرىق شايى بىلەن جىيەك تۇتۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا، «يۇڭچاڭ» كىمخابى، بېلىق گۈللۈك كىمخاب، بۇغا گۈللۈك كىمخاب، «ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈپ، ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش» دېگەن سۆز چۈشۈرۈلگەن كىمخاب، «شۈشى» ناملىق كىمخاب قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى لوپنۇر كۆلى تۆپىلىكلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان.

يۇقىرىقى توقۇلمىلار ھازىر شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## 12. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى

1) مىس قورال بىلەن تاش قورال تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە ئائىت بۇغداي دانلىرى كۆنچى دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان.

2) خەن — جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگە ئائىت بۇغداي باشقى، تېرىق، شاپتۇل ئۇرۇقچىسى قاتارلىقلار كىروران قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## 13. تارشا پۈتۈك ۋە خەت - چەكلەر

1) خەنزۇچە تارشا پۈتۈكلەر، خەت - چەكلەر ۋە كارۋىشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەر، خەت - چەكلەر جەمئىي نەچچە 10 پارچە بولۇپ، خەن — جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن قالغان، كىروران قەدىمكى شەھىرى ۋە مىرەن قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان، ھازىر شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

2) تۈبۈتچە تارشا پۈتۈك ۋە خەت - چەكلەر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان بولۇپ، مىرەن قەدىمكى شەھىرىدىكى تۈبۈت قەلئەسىدىن قېزىۋېلىنغان. تارشا پۈتۈكنىڭ سانى نەچچە 10 بولۇپ، يۈزىگە ۋە كەينىگە تۈبۈتچە خەتلەر سىياھ بىلەن توغرىسىغا يېزىلغان؛ خەت-

چەكلەر قەغەز بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە تۈبۈتچە خەتلەر سىياھ بىلەن توغرىسىغا يېزىلغان. هازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

3) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت خەت - چەكلەر 2 پارچە بولۇپ، 1 - ۋە 2 - دەپ نومۇر قويۇلغان، 1979 - يىلى ۋاششەرى قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان. خەتلەر قەغەزگە سىياھ بىلەن خەنزۇچە شىكشۇ شەكلىدە يېزىلغان، قېلىپلاشمىغان خەتلەر، خاتا خەتلىرىمۇ بار. 1 - نومۇرلۇق خەت - چەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 19.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 17.5 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۈستىگە سىياھ بىلەن تۆت چاسا تامغا بېسىلغان، «... ئاينىڭ 25 - كۈنى قوشۇن باشقۇرغۇچى مۇئاۋىن سەركەردە ئېرخۇنسا» دېگەن بىر قۇر سۆز ساقلىنىپ قالغان. 2 - نومۇرلۇق خەت - چەكنىڭ ئوتتۇرىسى كۆيۈپ كەتكەن، ئاخىرى كەم بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 سانتىمېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 23 سانتىمېتىر، 128 خەت تولۇق ساقلىنىپ قالغان، بېشىدا «قوشۇننىڭ يۈز بېشى دوكلات قىلدۇلەركى، باشقۇرۇشىمىزدىكى چېرىك چىڭ رۇڭ لاۋقا - لۇقىلىرىنى، ھۆكۈمەت ئېشىكىدىن بىرنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى، مۇشۇ ئاينىڭ 3 - كۈنى ئەتتىگەنگىچە... لەرنى باشلاپ... ناۋادا ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ جاۋابىنى بەرمىسەم، سوراققا تارتىلىشىم ھەقلىق» دېگەن سۆزلەر بار. ئاخىرىدا «كوجۇ ئايمىقىدا....... جىنايەتكار چىڭ رۇڭ لى باۋ دېگەن بىرسىنى تۇتۇپ، بېشىنى...... بىر نەيزە، بىر دۇبۇلغا، بىر خەنجەر...» دېگەن سۆزلەر بار. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۇ خەت - چەكلەر هازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

## 14. تۈبۈتچە تاش ئابىدە ۋە تاشقا ئويۇلغان بۇددا نوملىرى

1) تۈبۈتچە خەت ئويۇلغان تاش ئابىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بولۇپ، ئالتۇنتاغدىن تېپىلغان، ئۇزۇنلۇقى 27.6 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20.4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.4 سانتىمېتىر، 4 قۇر تۈبۈتچە ئويما - قاپارتما خەت ئويۇلغان، هازىر شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

2) قەدىمكى تۈبۈت يېزىقىدا تاشقا ئويۇلغان بۇددا نوملىرى 1984 - يىلى ئالتۇنتاغ تەۋەسىدىكى مۇھاپىزەت رايونىدىكى قۇرۇق پىتلىق تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە چىمەنتاغنىڭ جەنۇبىدىكى 120 كىلومېتىرلىق كەڭ دائىرىدىن 5 جايدا قەدىمكى تۈبۈتچە يېزىقتا بۇددا نومى ئويۇلغان شىبەن تاشلاردىن جەمئىي 2000 دىن كۆپرەكى تېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ تېپىلغان بىر جايدىن 500 نەچچە پارچە تېپىلدى. نوم ئويۇلغان شىبەن تاشلارنىڭ كۆپچىلىكىگە ساغۇچ قورام تاشلار، گۈلدار تاشلار ۋە تاختا تاشلار تاللاپ ئىشلىتىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ بىر پارچە تاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 125 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 53 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 6 سانتىمېتىر بولۇپ، 11 قۇرغا مىڭدىن ئارتۇق خەت ئويۇلغان، تاختا تاشلارنىڭ تولىسىنىڭ ئىككى يۈزىگە خەت ئويۇلغان. ئويۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ئويما ۋە قاپارتما قىلىپ ئويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. تاختا تاشلاردىكى خەتلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى پەرقلىق، خەت ئۇسلۇبى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرى چىرايلىق، رەتلىك ئويۇلغان، بەزىلىرى ئەركىن - ئازادە شەكىلدە ئويۇلغان، بەزىلىرى چوڭ سۈپەت ۋە كۆركەم قىلىپ ئويۇلغان، يەنە كېلىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن تۈجۈپىلەپ ئويۇلغان، ئۇنىڭدىن ئۇستىلارنىڭ قابىلىيىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. باھالاپ بېكىتىلىشىچە، بۇددا نومى ئويۇلغان بۇ تاشلار VII، VIII ئەسىر مەدەنىيىتىگە ئائىت ئىكەن. نوم ئويۇلغان تاشلارنىڭ بىر قىسمى هازىر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلانماقتا.

### 15. قەدىمكى جەسەت

1980 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى لوپنۇر رايونى تېبەن دەرياسى بويىدىكى 1 - نومۇرلۇق قەبرە (LOTM1) دىن لوپنۇر قەدىمكى ئادەمنىڭ مۇكەممەل جەسىتىنى قېزىۋالدى. بۇ مۇكەممەل ساقلانغان ئايال جەسىتى بولۇپ، بويىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1.52 مېتىر كېلىدۇ، قەدىمىي جەسەتنىڭ چىراي شەكلى ئېنىق، يۈزى سەل ئورۇق، ئورا كۆز، قاڭشارلىق بولۇپ، تېرىسى، تىرناقلىرى ۋە چاچلىرى ناھايىتى ئوبدان ساقلانغان، تېرىسى قوڭۇر رەڭگە كىرىپ قالغان، چېچى سېرىق. بۇ قەدىمىي جەسەت قېزىۋېلىنغان چاغدا، بېلىنىڭ ئۈستى يالىڭاچ بولۇپ، قوپالراق توقۇلغان «يۇڭ رەخت» كە يۆگەلگەن، بېلىنىڭ ئاستى بىر پارچە تاقىر قوي تېرىسى بىلەن ئورالغان. بېشىغا يۇڭ بۆك كىيگۈزۈلگەن، بۆككە ئىككى تال پەي قىستۇرۇلغان، پۇتىغا بىر جۈپ كۆن ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن. يۈزىگە بىر پارچە قوي تېرىسى يېپىلغان، قوي تېرىسىنىڭ ئۈستىگە چىغ ۋە يېكەندىن توقۇلغان سوقىچاق سېۋەت قويۇلغان. ئۇنىڭ بېشىنىڭ يېنىدا يەنە بىر ئۆشنە سېۋىتى بار، ئۇمۇ يۇقىرىقى سېۋەتكە ئوخشاش ماتېرىيالدىن توقۇلغان. شاڭخەي 1 - تېببىي ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، بۇ ئايال ئۆلگەن چاغدا تەخمىنەن 40 — 50 ياشتا بولۇشى مۇمكىن، دەپ بېكىتىلدى. ئېلىمىزدىكى پالېئانتروپولوگىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار دەسلەپكى قەدەمدە باھالاپ بېكىتىپ، بۇ قەدىمكى جەسەتتە قەدىمكى ئارىيان ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرى بار، دەپ قارىدى. كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق بۇ جەسەت تەخمىنەن 3800 يىل بۇرۇنقى جەسەت دەپ بېكىتىلدى. بۇ قەدىمكى جەسەت ھازىر شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## 2 § . خارابىلەر

### 1. تۇگۇن خارابىسى

تۇگۇن خارابىسى لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى تېبەن دەرياسىنىڭ قولتۇقىدىكى يېرىم ئارال شەكىللىك تۆپىلىككە جايلاشقان، تۆپىلىكنىڭ ئۈچ تەرىپى سۇغا تۇتاشقان، پەقەت شىمال تەرىپى قۇرۇقلۇققا تۇتاشقان. ئىلگىرى كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيى دەريا قېنىدا لىپمۇ لىپ ئاقاتتى، لوپنۇر كۆلى يىراقتىن قارىغاندا پايانسىز ئوكياندەك كۆرۈنەتتى، خارابىلىكنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدا ئۆي تاملىرى، غەربىي تەرىپىدە قالدۇق سېپىل بار، ئوتتۇرىسىدا تۈر، تۈر ئۈستىدە 5 ياغاچ موما بار، مومىنىڭ ئۇچىدا چاسا تۆشۈك بار، يەر يۈزىگە ياغاچ، قومۇش ۋە بېدە قالايمىقان دۆۋىلەنگەن، ياغاچ قېشىدىكى گەمىگە قومۇش دۆۋىلەپ قويۇلغان، ئۇلار تۈردا ئوت ياققاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. تارىختا خاتىرىلىنىشىچە، بۇ يەر غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولغان، كىرورانىنىڭ بارا- بارا خارابىلىشىشىغا ئەگىشىپ تاشلىۋېتىلگەن.

### 2. مىرەن قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ خارابە ناھىيە بازىرىنىڭ 80 كىلومېتىر شەرقىدە بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت

قەدىمكى تۇبۇت قەلئەسى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋېي - جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئىمارەتلەر خارابىسى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن ۋاقىتتىكى سۇ قۇرۇلۇشلىرى ھەم مىرەن شەھىرى خارابىسىدىن تەركىب تاپقان. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، بۇ جاي غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى كىروران بەگلىكىنىڭ مىرەن شەھىرى ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ خانى جاۋ دى زامانىسىنىڭ يۈەنفېڭ 4 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 77 - يىلى) پىشامشان (قەدىمكى كىروران) نىڭ بېگى ۋىتوكىت خەن سۇلالىسىدىن سەركەردە ۋە لەشكەر ئەۋەتىپ، بۇ يەردە بوز يەر ئېچىپ ئاشلىق تېرىشنى ئىلتىجا قىلغان، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر ئەمىر لەشكەر ۋە 40 ئەمەلدارنى مىرەنگە ئەۋەتىپ بوز يەر ئاچقۇزغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەر تۇبۇتلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان، قەدىمكى قەلئە تۇبۇتلار ياسىغان ھەربىي قورغاندۇر.

XIX ئەسىردە ئەنگلىيىلىك ستەيىن بۇ يەردە قېزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، بۇت، تام رەسىملىرى قاتارلىق كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەتكەن. 50- يىللاردا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 2 - شىسىنىڭ چارلاش ئەترىتى بۇ يەردىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت مۇكەممەل ئۆستەڭ قاتارلىق سۇ قۇرۇلۇش سىستېمىسى ۋە قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان ئېتىزلارنى بايقىغان. 1973 - يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى قەدىمكى مىرەن دەرياسى يېنىدا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تۇبۇت قەلئەسىنىڭ خارابىسىنى قېزىپ چىقتى.

قەدىمكى قەلئە مىرەن قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىكى بىر قەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە قۇرۇلۇش بولۇپ، شىنجاڭ - گەنسۇ تاشيولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ جەنۇبتىن شىمالغىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 56 مېتىر، شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 70 مېتىر بولۇپ، ئۆلچەمسىز تۆت چاسا شەكىلدە ياسالغان. قەلئە تاملىرى توپا بىلەن قاتۇراپ سوقۇلغان، قاتۇرالغان توپا قاتلىمى ئارىسىغا يۇلغۇن چىۋىقلىرى قىستۇرۇلغان. قاتۇرالغان توپا قاتلىمىنىڭ ئۈستى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، غەربتىكى تامنىڭ ئىككى يېرىدە 5 — 6 مېتىر كېلىدىغان كەمتۈك جاي بار، بۇ قەلئە دەرۋازىسى بولۇشى مۇمكىن. شىمالدا پەلەمپەي شەكىللىك چوڭ توپا دۆمبەل بولۇپ، پەستىكى ئويمان جايدىن قەلئەنىڭ شىمالىي تېمىغىچە بولغان دۆمبەلگە ئۆي سېلىنغان، ئۆينىڭ ئۆگزىسى تۈز، ئىشىكى يوق، ئۇنىڭ قۇرۇلما شەكلى شىزاڭدىكى بۇدالا ئوردىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. قەلئەنىڭ شەرقىدە بىر چوڭ ئۆي بار، جەنۇبىدا ئېگىزلىكى 13 مېتىر كېلىدىغان توپا سۇپا بار، سۇپىغا موما تىكلەنگەن. بۇ تۇر بولۇشى مۇمكىن، قەدىمكى قەلئەنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرىپىدە قاتار - قاتار بۇددا مۇنارلىرى ۋە كۆلىمى چوڭ ئىبادەتخانىنىڭ خارابىسى بار. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندىكى مەشھۇر راھىبلىرىدىن فا شيەن قاتارلىقلار غەربتىكى ھىندىستانغا بېرىش ۋە شەرقتىكى يۇرتىغا قايتىش سەپىرىدە بۇ يەردە بۇددا تەلىملىرىنى سۆزلىگەن، بۇتقا چوقۇنغان.

شەرقىي چوڭ ئىبادەتخانا مىرەن قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە يەنە بىر قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 6 مېتىر كېلىدۇ، يۇقىرى - تۆۋەن ئىككى قەۋەتكە بۆلۈنگەن، ئۇنى سىرتتا خېلى ئېگىز تام ئوراپ تۇرىدۇ. ئىبادەتخانا ئىچىگە دائىرىسى $12\times0.6\times2.4$ مېتىر كېلىدىغان بۇت تەكچىسى ياسالغان، تەكچىدە بۇتساتۋا بىلەن ئاسمان ئىلاھىنىڭ يېرىم قاپارتما ھەيكىلى ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئاستىنىڭ تۆت ئەتراپىدا تۆۋرۈككە بۆلۈنۈپ يۆگىلىشىپ تۇرغان قاپارتما ھەيكەل ساقلىنىپ قالغان. بۇت سارىيى

خارابىسىنىڭ شەرقىدىكى ئىمارەتنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان بۇتساتۋانىڭ چوڭ ھەيكىلى ۋە يەردە تاشلىنىپ ياتقان بۇت بېشى ساقلىنىپ قالغان.

غەربىي چوڭ ئىبادەتخانا شەرقىي چوڭ ئىبادەتخانىغا ياندىشىپ سېلىنغان ئىبادەتخانا بولۇپ، ئۇ دائىرىسى 5.6×12.2 مېتىر بولغان ئۇزۇنچاق تۆت چاسا سۇمبىرۇ شەكلىدىكى ئۆلنى مەركەز قىلغان، ئۆل ئەتراپىغا كارىدور، ئۆل ئۈستىگە دىئامېتىرى 3 مېتىرچە كېلىدىغان يۇملاق ئىمارەت ياسالغان. بۇ ئىبادەتخانىدىكى بۇددا دىنى خارابىلىرى غەربىي يۇرتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تىپى. بۇتلار ھەيكىلىنىڭ قىياپىتى جانلىق، گۈل - نەقىشلىرى كۆركەم ۋە ئىخچام بولۇپ، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

## 3. ۋاششەرى قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

خارابە چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 80 نەچچە كىلومېتىر غەربىدىكى ۋاششەرى يېزىسى بوز يەر كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا جايلاشقان، «سەپەرنامە»دە نۇجى شەھىرى دەپ ئاتالغان، ئۇ كىروران بەگلىكىدىكى مۇھىم ئىقتىسادىي بازار ئىدى. ھازىرقى كۈندىن تەخمىنەن 2000 يىل ئىلگىرى بۇ جايدىكى قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى خېلى چوڭ كۆلەمگە ئىگە بولغان، ئۇ يەردە مېتال تاۋلىغان ۋە قورال - سايمان ياسىغان ئوچاقلارنىڭ قالدۇقلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. خارابىنىڭ ھەممىلا يېرىدە دۆۋە - دۆۋە داشقاللار، ساپال پارچىلىرى، خىش ۋە ئەينەك پارچىلىرى ئۇچرايدۇ.

ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بۇ يەردىن سۇي، تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە ئائىت پۇللار، يىپەك توقۇلمىلارنى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت خەنزۇچە خەت - چەكلەرنى قېزىۋالدى، بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇ جاينىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنى ھەم ئېلىمىزنىڭ ئەينەكچىلىك سانائىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشنى قىممەتلىك ئەمەلىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

## 4. دۇرال قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

خارابە ناھىيە تەۋەسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، كىروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ تەخمىنەن 50 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئۇ ۋېي - جىن سۇلالىلىرى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە لوپنۇر كۆلى رايونىدا كىروران شەھىرىدىنلا كېيىن تۇرىدىغان 2 - چوڭ شەھەر ئىدى. قەدىمكى شەھەر سېپىلىنىڭ شەرقىي شىمالى ۋە غەربىي جەنۇبىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 189.1 مېتىر، شەرقىي جەنۇبى ۋە غەربىي شىمالىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 106.5 مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 20 مىڭ 139 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 33 - يىلى (1907 - يىلى) ئەنگلىيىلىك ستەيىن ياللاپ ئىشلەتكەن ئۇيغۇر يول باشلىغۇچى توختى ئاخۇن بۇ شەھەرنى تۇنجى بولۇپ بايقىغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) ياپونىيىلىك ئوتانى كوئول ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى تاچىۋناسچو لوپنۇر كۆلى رايونىنى تەكشۈرگەندە، بۇ شەھەردە لى بەينىڭ خەت - چەكلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن. ئۇلار شۇ چاغدا بۇ شەھەرنى كىروران شەھىرى دەپ قارىغان. مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) 2 - ئايدا ستەيىن بۇ شەھەردىن 170 نەچچە مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قېزىۋالغان، ئۇنىڭ ئىچىدە سىپتا تاش قوراللار، ساپال جابدۇقلار ۋە

يۇل قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىدى. سىتەيىن بۇ شەھەرگە LK دەپ شەرتلىك بەلگە قويغان. شۇ يىلى ئېلىمىزنىڭ ئالىمى ۋاڭ گوۋېي تاڭچۇۋاسىچو قولغا چۈشۈرگەن لى بەيىنىڭ خەت - چەكلىرىنى تەتقىق قىلىش داۋامىدا، ئۇنىڭدىكى بىر پارچە خەتتە «دوتەيىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن غەربكە سەپەر قىلىپ، مۇشۇ ئاينىڭ 2 - كۈنى بۇ جايغا يېتىپ كەلدىم» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانلىقىنى، «بۇ جاي» دېگەن سۆز ئۆچۈرۈۋېتىلىپ، يېنىغا «دۇرال» دەپ يېزىپ قويۇلغانلىقىنى؛ يەنە بىر پارچە خەتتە توغرىدىن توغرا «مۇشۇ ئاينىڭ 2 - كۈنى دۇرالغا يېتىپ كەلدىم» دەپ يېزىلغانلىقىنى بايقىغان، ۋاڭ گوۋېي شۇنىڭغا ئاساسەن، «بۇ جاي ھەرگىز كىرۇران ئەمەس، بۇ جاينىڭ نامى ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقى دەۋرىدە دۇرال دەپ ئاتالغان» دەپ قەيت قىلغان (لو جېنيۇ، ۋاڭ گوۋېي يازغان «كۆچمە قۇملار خاتىرىسى» دىن) ، ۋاڭ گوۋېي بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، خەلقئارا ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدا كۈچلۈك مۇنازىرە قوزغالغان.

1959 - يىل 5 - ئايدا ياپونىيىلىك ئالىم مولىجىسا تاڭچۇۋاسىچو تەمىنلىگەن لى بەيىنىڭ خەت - چەكلىرى قىزىتىلغان جاينىڭ فوتو سۈرىتىگە ئاساسەن، ئەستايىدىل ۋە تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ، لى بەيىنىڭ خەت - چەكلىرى تېپىلغان جاي كىرۇران ئەمەس، بەلكى سىتەيىن 1914-يىل 2 - ئايدىكى ئېكسپېدىتسىيىدە نام بەرگەن LK شەھىرى، دەپ ھۆكۈم قىلغان، شۇنىڭ بىلەن لى بەيىنىڭ خەت - چەكلىرى قىزىتىلغان جاينىڭ توغرا ئورنى بېكىتىلگەن. ئېلىمىز ئالىمى خۇ سەن لى بەيىنىڭ خەت - چەكلىرى قىزىتىلغان جاينى تەتقىق قىلىپ، سىتەيىن LK شەھىرى دەپ ئاتىغان شەھەر دەل دۇرال شەھىرى خارابىسىنىڭ ئۆزى، مىلادى IV - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن كېيىن كىرۇران شەھىرى تەرك ئېتىلگەندە، غەربىي يۇرت دورغاپ مەھكىمىسى شۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن، دەپ قارىدى.

## 5. چارقۇدۇق قەدىمكى شەھىرى (يەنە بىر نامى ئاتا غوجىخان قەدىمكى شەھىرى) خارابىسى

خارابە چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىنىڭ سەل شەرقىدىكى چۆلگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرىغا 6.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. قەدىمكى شەھەر ئۇزۇنچاق تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئىچكى ۋە تاشقى شەھەرگە بۆلۈنگەن، تاشقى شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 720 مېتىر، سېپىلىنىڭ كەڭلىكى 1.5 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى بىر مېتىر بولۇپ، قۇرام تاش بىلەن قوپۇرۇلغان. ئىچكى شەھەر ئۇلىنىڭ ئايلانمىسى 220 مېتىر بولۇپ، سېپىلى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، كەڭلىكى 1.2 — 2 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى 0.5 مېتىر كېلىدۇ. ئىچكى شەھەرنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدە بىر توپا دۆڭ قالدۇقى بار، ئۇنىڭ ئۈستى بۇزۇلۇپ كەتكەن، ئاستى ساقلىنىپ قالغان، ئۇ قېلىن كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. توپا دۆڭنىڭ كۆلىمى 9×9 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى 3.15 مېتىر كېلىدۇ. بۇ توپا دۆڭ مۇنار قالدۇقى بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئالدىنى گۆھەر ئوغرىلىغۇچىلار كولاپ تېشىۋەتكەن. ئىچكى شەھەرنىڭ ئىككى تەرىپىدە بەزى ئۆيلەر بار، ئۇلى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. غەرب تەرىپىدە ئۈچ قاتار، جەمئىي 10 نەچچە ئېغىز ئۆي بار، ئۆيلەر يانداش سېلىنغان، ئىشىكلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، ئوتتۇرىسىدا بىر ھويلا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 9.2 مېتىر، كەڭلىكى 7.3 مېتىر كېلىدۇ، تۆت ئەتراپى سەل پەسرەك. شەرق تەرىپىمۇ 5 — 6 ئېغىز ئۆينىڭ ئۇلى بار، شىمالىي سېپىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەڭلىكى 2 مېتىر كېلىدىغان بىر ئوچۇق ئېغىز بار، ئۇ دەرۋازا بولۇشى مۇمكىن. ئىچكى شەھەر سېپىلى تاشقى شەھەرگە يېقىنلاشقان غەرب ۋە شىمال تەرەپلەردە تاشتىن قوپۇرۇلغان بىر نەچچە ئۇل بار، ئۇ

بۇ دائىرىنى ئۇزۇنچاق تۆت چاسا شەكىلدە توغرىسىغا ئايرىپ تۇرىدۇ ۋە ئېتىز قىرلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇ يەرنىڭ يۈزىگە بىر قەۋەت قارا تاش ياتقۇزۇلغان، ئۇ قەدىمكى دەۋردىكى مەھەللە ياكى كوچىنىڭ خارابىسى بولۇشى مۇمكىن. ئىچكى - تاشقى شەھەرنىڭ ياسىلىشى ئوخشاش ئەمەس، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ بىر - بىرىگە ماس كەلمەيدۇ، ئۇلار ئىككى دەۋردە ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى يادىكارلىقلارنى ئاسراش قارىشى يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، نوپۇسنىڭ تەدرىجىي كۆپىيىشى ۋە تېرىلغۇ يەرلەر كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، چار قۇدۇق قەدىمكى شەھىرى خارابىسى تۈزلىنىپ ئېتىزلارغا ئايلاندۇرۇلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەرىتىدىن غايىب بولغان.

## 6. كېسەك سۇپا خارابىسى

خارابە ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا تەخمىنەن 3 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان، سۇپىنىڭ ئايلانمىسى 180 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 مېتىر بولۇپ، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. سۇپىنىڭ ئۈستى تۈز، ئەمما قۇرۇلۇش ئىزلىرى يوق. كېسەك سۇپىنىڭ تۆت ئەتراپىدا خېلى چوڭ قۇرام تاشلار ۋە كۆيۈپ قىزارغان توپا، كۈل ۋە ساپال پارچىلىرى قاتارلىقلار بار. بۇ كېسەك سۇپا چوڭ تۇر بولۇشى مۇمكىن.

## 7. كۆڭلۈك ئاتا خارابىسى

خارابە ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىنىڭ تەخمىنەن 20 گرادۇس غەربىگە، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 10 كىلومېتىر كېلىدىغان ئانچە ئېگىز بولمىغان قىزىل توپىلىق دۆڭگە جايلاشقان. توپا دۆڭنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر كىچىك دەريا، 20 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قىيا قىرغاق بار، قالغان جايلىرى تۈز كەتكەن چۆل. خارابىنىڭ كۆلىمى چوڭ ئەمەس، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 84 مېتىر، شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى 26.4 مېتىر، ھازىر پەقەت بىر نەچچە قالدۇق تاملا ساقلىنىپ قالغان، كۆزگە چېلىققۇدەك مۇكەممەل ئىمارەت يوق. شەھەر ئىچىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ چوڭ قەسرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان خارابىلىقتا بىر قالدۇق تاملا ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر كېلىدۇ، تامدا تۆۋرۈكلەر بار. قەسرىنىڭ غەربىدە تۆت چاسا قالدۇق مۇنار بار، كۆلىمى 5.8×5.8 مېتىر كېلىدۇ، قالدۇق ئېگىزلىكى 1.8 مېتىرغا يېتىدۇ. مۇنار گەۋدىسى لاي بىلەن سۇۋالغان ھەم ئاقارتىلغان، سىرتىدا قورۇق تام بار. باشقا ئىمارەتلەر بۇزۇلۇپ كەتكەن، بىرىمۇ ساق قالمىغان. كۆڭلۈك ئاتا خارابىسىدىكى قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن كېسەكلەر چار قۇدۇق قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىكى كېسەكلەر بىلەن تامامەن ئوخشاش، بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇنى IV ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى مەزگىلگە ئائىت خارابە، دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن.

## 8. تاش قەلئە خارابىسى

خارابە چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 40 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان، دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 3000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى چوڭقۇر ھاڭنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ چوققىسىغا جايلاشقان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 500 مېتىر كېلىدىغان بىردىنبىر يالغۇز ئاياغ يول تاغ ئومۇرتقىسىنى بويلاپ تەبىئىي يۆنىلىش بويىچە قەلئەگە تۇتاشقان. تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يارنىڭ چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 100 مېتىر كېلىدۇ، ئىككى تەرەپتە بۇركۇت

تۇمشۇقى شەكلىدىكى تاشلارغا ئوخشاش تەبىئىي مەنزىرىلەر، گىرەلىشىپ كەتكەن غەلىتە تاشلار بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى ئىنتايىن خەتەرلىك، بىر ئادەم ساقلىسا، مىڭ ئادەممۇ ئالالمايدۇ دېگۈچىلىكى بار. تاغ ئۈستىنى كىشىلەر تۈزلەپ، تۆت ئەتراپقا تاش بىلەن قورۇق تام سالغان، قورۇق تامنىڭ ئايلانمىسى 300 مېتىر كېلىدۇ، شىمال تەرەپتىكى سېپىل دەرۋازىسى تاغ ئومۇرتقىسىدىكى يالغۇز ئاياغ يول بىلەن تۇتىشىدۇ. قەلئەنىڭ غەربىدە تاش بىلەن قوپۇرۇلغان يۇمىلاق تام بار، ئۇنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى تەخمىنەن 3 مېتىر، قېلىنلىقى تەخمىنەن 2 مېتىر كېلىدۇ. قەلئە ئىچىدە خىش ۋە تاشتىن ياسالغان ئۆي خارابىسى بار، قەلئە ئىچىدىكى يەر ئۈستىدە كۆپلىگەن تۆمۈر داشقاللىرى، قىسقۇچ، قازان پارچىلىرى ۋە تۆت چاسا بوز خىشلار چېچىلىپ ياتىدۇ، تۆت چاسا خىشنىڭ ساقلىرى 5 .6×23×44 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يەر ئۈستىنىڭ كېسىك يۈزىدە قېلىنلىقى تەخمىنەن 2 مېتىر كېلىدىغان ياغاچ كۆمۈر مەدەنىيىتىگە ئائىت توپا قاتلىمى بايقالدى. سىرتتىن قارىغاندا، پۈتكۈل قەلئە «⊥» شەكلىدە كۆرۈنىدۇ.

### 9. قازاقلار قەبرىسى خارابىسى

بۇ خارابە ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى ئېشەكپاتتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 25 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان، ئۇ كېسەك بىلەن ياسالغان 5 قەبرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، چۆللۈكتە قەدىمكى قەلئەدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قازاقلار قەبرىسىنىڭ قانچىلىك تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچ خىل قاراشلار بار، ھازىرغىچە ھۆكۈم چىقىرىلمىدى. لېكىن سىرتىنىڭ يېمىرىلىش دەرىجىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭغا ئۇزۇن يىللار بولغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. ئېشەكپاتتىدا تۇغۇلغان 70 نەچچە ياشلىق پېشقەدەم چارۋىچى توختى ئاخۇننىڭ 1984-يىل 6 - ئايدا سۆزلەپ بېرىشىچە، قازاقلار قەبرىسى ئۇ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا بار ئىكەن.

### 10. كىروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

مۇشۇ قىسىمنىڭ 3 - بابىغا قارالسۇن.

## Ⅱ باب

# مەشھۇر مەنزىرىلىك جايلار

### § 1. لوپنۇر كۆلىدىكى ئاجايىپ يارداڭ مەنزىرىسى

ئۇ ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى لوپنۇر كۆلى رايونىغا جايلاشقان، ئۇ يەردە شامالدا يېمىرىلگەن كەڭ كۆلەملىك يارداڭلىقلار شەكىللەنگەن. ئۇ، ئاساسەن، لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرق، غەرب، شىمال تەرەپلىرىگە تارقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىدىكى يارداڭلىق ئەڭ تىپىك. بۇ يېمىرىلگەن يەرنىڭ شەرقتىن غەربكىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 35 كىلومېتىر، جەنۇبتىن

شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىر، كۆلىمى 3500 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يىمىرىلگەن تۆپىلىكلەر خۇددى قۇملۇقتا كېزىۋاتقان ساناقسىز ئەجدىھالارغا ئوخشاش بىرى بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، چېتىگە كۆز يەتمەيدۇ. بۇ تۆپىلىكلەرنى ئاق شور تۇپا قاتلىمى قاپلىغان، بەزى جايلىرىنى قېلىن ئاق تۇز قاتلىمى ياپقان؛ تۆپىلىكلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى ئاق سېغىزدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئەتىگەنلىكى قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك يالتىراپ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. شۇڭا، بۇ تۆپىلىكلەر قەدىمكى كىتابلاردا «ئاق ئەجدىھا دۆڭلىكى» دەپ ئاتالغان. بۇ يەر ھەم كىرورانىنىڭ شەرقىدىكى تەبىئىي توساق، ھەم كىرورانغا بېرىشتا مۇقەررەر ئۆتىدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ.

لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىدىكى شامالدا يىمىرىلگەن تۇپا دۆڭلىرىدە يەنە بىر خىل ئاجايىپ مەنزىرە ھاسىل بولغان. يىمىرىلگەن بۇ يەرنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 2600 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ يىمىرىلگەن ئېگىز تۆپىلىكلەر بولۇپ، تۆپىلىكلەرنىڭ ئېگىزلىكى 10 مېتىردىن 20 مېتىرغىچە كېلىدۇ. لوپنۇر كۆلى رايونىدا ھەمىشە قاتتىق بوران چىقىپ تۇرغاچقا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەممىلا يەردە قاتار - قاتار تۆپىلىكلەر ۋە جىرالار پەيدا بولغان. كەچكى شەپەق نۇرىدا تۆپىلىكلەردە ھەر خىل كۆرۈنۈش ھاسىل بولىدۇ، بەزىدە ئۇزۇپ كېلىۋاتقان ھەيۋەتلىك يەلكەنلىك كېمىلەرگە ئوخشايدىغان، بەزىدە قۇم دېڭىزىدا قۇيرۇقلىرىنى ئويناقشىتىپ ئويناۋاتقان سانسىز كىتلارغا ئوخشايدىغان، بەزىدە ھۆسن تالىشىپ تۇرغان قاتار - قاتار شىپاڭ - راۋاقلارغا ئوخشايدىغان، بەزىدە بىر - بىرى بىلەن بوي تالىشىۋاتقان قەدىمكى شەھەر، قورغانلارغا ئوخشايدىغان كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولىدۇ. كىشىلەر بۇ تۆپىلىكلەر ئىچىدە تۇرغاندا، گويا ئاجايىپ خىلۋەت ھەم پىنھان كوچىغا، سىرلىق، ئۆزگىچە، گۈزەل «راۋاق - شىپاڭلار» ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ، چوڭقۇر ئويغا پاتىدۇ ۋە ئۇ يەردىن مېھرىنى ئۈزەلمەي قالىدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شىۋېتسىيىلىك سېۋېن ھېدىن ۋە ئەنگلىيىلىك ستەيىن لوپنۇر كۆلى رايونىنى تەكشۈرۈپ، بۇ جايدىكى يىمىرىلگەن يەر تۈزۈلۈشىنى «ياردالڭ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن. ھازىر «ياردالڭ» دېگەن سۆز مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە خەلقئارادىكى جۇغراپىيە ساھەسىدىكىلەر ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ قالدى.

## 2 § . ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى مەنزىرىلەر

### 1 . ئېگىزلىك قۇملۇقلىرىدىكى ئاجايىپ مەنزىرە

ناھىيە تەۋەسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى قۇملۇقلاردىكى ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى تەڭدىشى يوق مەنزىرە دېيىشكە بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە شەرقىي - شىمالىي قىسمىدىكى قۇمكۆل قۇملۇقى بىلەن كىت كۆلىنىڭ شەرقىدىكى جىساتەن قۇملۇقىدىكى ھىلال ئايغا ئوخشايدىغان قۇم بارخانلىرى ھەممىدىن داڭلىق. قۇمكۆل قۇملۇقىنىڭ كۆلىمى 2556 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ ئۆلچەمسىز ئۇزۇنچاق تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، چىمەنتاغنىڭ جەنۇبىي باغرىدا يېيىلىپ ياتىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 3916 — 4706 مېتىر ئېگىز. بۇ قۇملۇق، ئاساسەن، ئېگىز ئېھرام شەكىلدىكى قۇم بارخانلىرى بىلەن ھىلال ئايغا ئوخشايدىغان بىرىكمە قۇم بارخانلىرىدىن تەركىب تاپقان. قۇملۇقنىڭ قېلىنلىقى ئوتتۇرا ھېساب

بىلەن 300 مېتىر كېلىدۇ، ئەڭ قېلىن يېرى 500 مېتىردىن ئاشىدۇ. قۇملۇقنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇن سۇ مول، قۇم بارخانلىرىدىكى نەم قۇم قاتلىمى ناھايىتى قېلىن، شۇڭا ئۇنىڭ ئايرىم جايلىرىدا كىچىك بوستانلىقلار بار.

جىسانەن قۇملۇقىدىكى ھىلال ئايغا ئوخشايدىغان قۇم بارخانلىرى كىت كۆلىنىڭ شەرقىدە، ھەيۋەتلىك قارلىق تاغنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4800 — 5000 مېتىر، كۆلىمى 120 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئېگىزلىك قۇملۇقى دەپ ئاتالغان جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئاتاكاما قۇملۇقى (دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە) دىن تەخمىنەن 2000 مېتىر ئېگىز. شۈبھىسىزكى، ئۇ دۇنيا بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. بۇ قۇملۇق ئاستىغا يېقىنقى زاماندىكى دەريا قىنى ۋە مۇز تىنمىلار كۆمۈلۈپ قالغان، قۇمنىڭ ھەرىكىتى بىر قەدەر كۈچ، ئۇ ھازىرغىچە دۆۋلىنىپ ئېگىزلىمەكتە. قۇم بارخانلىرىنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇن سۇ ناھايىتى مول. بۇ سۇلار ھىلال ئايغا ئوخشايدىغان قۇم بارخانلىرىنىڭ تۆۋىنىگە يىغىلىپ، ھىلال ئاي شەكلىدە كۆلچەك ھاسىل قىلغان، ئۇ ھىلال بۇلاق دەپ ئاتىلىدۇ، ياز پەسلىدە كىچىك كۆللەر ھاسىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ سۈيى كۆپكۆك ھەم سۈزۈك كۆرۈنىدۇ، قىش پەسلىدە سۇ توڭلاپ مۇز تۇتىدۇ - دە، كۈمۈشتەك ئاق كۆرۈنىدۇ، ئۇ گۈزەللىكتە دۇنخۇاڭدىكى مىڭشاشەن تېغىغا جايلاشقان ھىلال بۇلاقتىن قېلىشمايدۇ.

## 2. ئاجايىپ بۇلاق مەنزىرىسى

ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى قۇمكۆل تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىز جايغا غايەت چوڭ 3 بۇلاق جايلاشقان بولۇپ، ئۇلار قۇم بۇلاق دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بۇلاقنىڭ دىئامېتىرى 200 مېتىر، كۆلىمى 31 مىڭ 416 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ؛ قالغان 2 بۇلاقنىڭ دىئامېتىرى 50 مېتىر كېلىدۇ. بىر لىنىيىگە جايلاشقان، ئېقىنى شىمالغا قاراپ تۇرىدىغان بۇ 3 بۇلاق ئومۇمىي كۆلىمى 35 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كىچىك ئويمانلىقنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلاق ئېقىنىنىڭ ئىچىدىن قۇمتاغ ئۈستىگىچە بولغان ئېگىزلىك 80 — 100 مېتىر، يانتۇلۇق 80 گرادۇسچە بولۇپ، خېلى تىك كۆرۈنىدۇ. بۇلاق سۇلىرىنىڭ ئومۇمىي سىرغىم مىقدارى 240 لىتىر/سېكۇنت، ئەڭ چوڭ بۇلاق سۈيىنىڭ سىرغىم مىقدارى 150 لىتىر/سېكۇنت كېلىدۇ. بۇ چوڭ 3 بۇلاق قاتار جايلاشقان بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ شەكلى ئۆزگىچە، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ، ئاخىرىدا بىر- بىرىگە قوشۇلۇپ، كەڭلىكى 1000 مېتىر كېلىدىغان چوڭ قۇم دەرياسى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ تەڭدىشى يوق ئاجايىپ مەنزىرە ھېسابلىنىدۇ.

## 3. كىت كۆلىنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىسى

ناھىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بىر سىرلىق كۆل جايلاشقان، ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 37 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 7.6 كىلومېتىر، كۆلىمى 260 كۋادرات كىلومېتىر، كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4708 مېتىر، كۆلنىڭ چوڭقۇرلۇقى 2 — 10 مېتىر كېلىدۇ. ئېگىز تاغدىكى بۇ كۆل سۈيىنى ھەمراھتا سۈرەت تارتقان ۋە گېئولوگىيە خادىملىرى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن بايقالغان، كۆل سۈيىدە قارلىق تاغ، مۇزلۇق چوققىلار ئەكس

ئېتىپ تۇرىدۇ. كۆلنىڭ شەكلى خۇددى توغرىسىغا ياتقان چولڭ كىتقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ شەرقى كىتىنىڭ بېشىدەك، غەربى كىتىنىڭ قۇيرىقىدەك كۆرۈنىدۇ، شۇڭا ئۇ «كىت كۆلى» دەپ ئاتالغان. كۆلنىڭ شەرقىي بۆلۈكىنىڭ يەتتىدىن بىرىگە تەڭ كېلىدىغان قىسمىدا ئۇزۇنلۇقى 7.5 كىلومېتىر كېلىدىغان تەبىئىي شېغىل توسما بولۇپ، كۆل سۈيىنى تەبىئىي ھالدا شەرقىي ۋە غەربىي بۆلەككە ئايرىۋەتكەن. شېغىل توسمىنىڭ تەبىئىي كەڭلىكى تەخمىنەن 200 مېتىر، كۆل يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2 — 4 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئېغىز بار، ئىككى تەرەپتىكى سۇ ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. شەرقىي يېرىم كۆلگە مۇزلۇقلاردىن ئېرىپ ئېقىپ كەلگەن سۇ يولاڭ دەرياسى ئارقىلىق قۇيۇلۇپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ سۈيى تاتلىق. ئۇنىڭدا سۇدا ياشىغۇچى جانلىقلار كۆپ. ھەر يىلى يازدا سان - ساناقسىز قوڭۇرباش بېلىقچى ۋە ھاڭگىرت قاتارلىق ئۇچار قۇشلار بۇ يەرگە كېلىپ ئۈزۈقلىنىدۇ، ئاۋۇيدۇ ۋە ئۇۋا سېلىپ يازلايدۇ؛ غەربىي يېرىم كۆل تاتلىق سۇ بىلەن تولۇقلىنىپ تۇرمىغاچقا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆپلەپ پارغا ئايلىنىپ، كۆل سۈيى تەركىبىدىكى تۇز مىقدارى تويۇنۇش ھالىتىگە يېتەي دەپ قالغان، بۇ كۆلدە جانلىقلار يوق. 2 كۆلدىكى سۇنىڭ سۈپىتى پەرقلىق بولغاچقا، تەبىئىي ھالدا شەرقىي كۆلدە «بېلىقچى قۇشلار ناخشا ئېيتىپ، ئۆردەكلەر ئۇسسۇل ئوينايدىغان»، غەربىي كۆلدە «ھاياتلىقتىن ئەسەر بولمىغان» روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل بولغان. شۇڭا، كىشىلەر كىت كۆلىنى «غەلىتە كۆل» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

كىت كۆلى قىرغىقىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان 12 قاتلىمى كۆل سۈيىنىڭ ئازىيىپ بارغان ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇ دۇنيادىكى ئېگىز تاغ كۆللىرى ئارىسىدا ئاز ئۇچرايدىغان كۆل تىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بۇ كۆل گويا ئېگىزلىكتىكى يېشىل مەرۋايىتقا ئوخشاش، بۇ يەرگە ئاجايىپ ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ.

## 4 . سىرلىق ئالۋاستى جىلغىسى

ئالۋاستى جىلغىسى ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ شەرقىي چېتىگە، چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن چىڭخەي ئۆلكىسى چېگرىلىنىدىغان كۇئېنلۇن تېغى رايونىغا جايلاشقان. ئۇ غەربتە قۇمكۆل قۇملۇقىدىن باشلىنىپ، شەرقتە بۇرۇنتايغا تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىر، كەڭلىكى 30 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 — 4000 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇبىدا كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ كۆككە تاقاشقان ئاساسىي ئومۇرتقىسى بار، شىمالدا سەيدام ئويمانلىقىنىڭ يازدىكى قۇرغاق ۋە ئىسسىق ھاۋاسىنى توسۇپ تۇرىدىغان چىمەنتاغ بار، بۇ جىلغا ئىككى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان، ھۆل - يېغىن مىقدارى يېتەرلىك، ھاۋاسى نەم، نارىنغول دەرياسى ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدۇ، چوڭ - كىچىك كۆللەر يۇلتۇزدەك تارقالغان. ئوت - چۆپى مول بولۇپ، خۇددى ئۇزۇن يېشىل گىلەمگە ئوخشايدۇ.

ئەمما، مەنزىرىسى كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان بۇ جىلغىنى كىشىلەر جىن - ئالۋاستىلار ياشايدىغان ۋەھىملىك جاي، دەپ قاراپ كەلگەن، ئۇ يەردە «جىن - ئالۋاستى» ھەققىدە: «جىلغىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چاققاندا، كۆپكۆك ئېزىتقۇ ئوت كۆرۈنىدۇ، ئوۋچىلارنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ ئاتقان ئوقلىرىنىڭ ئاۋازلىرى، چارۋىچىلار ۋە ئالتۇن كولىغۇچىلارنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قىلغان ئېچىنىشلىق دات -

پەرىياتلىرى ئاڭلىنىدۇ...» دېگەنگە ئوخشاش بىر مۇنچە سىرلىق رىۋايەتلەر تارقالغان. شۇڭا كىشىلەر بۇ گۈزەل يايلاقتا يولسىمايدىغان بولغان ۋە نارىنغول (قۇياش جىلغىسى) نى «ئالۋاستى جىلغىسى» دەپ ئاتايدىغان بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پەن - تېخنىكا خادىملىرى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئالۋاستى جىلغىسىنىڭ چاقماقلىق رايون ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردە كەڭ كۆلەملىك كۈچلۈك ماگنىتلىق بازالىتلار بارلىقىنى، 30 نەچچە جايدا چوڭ - كىچىك تۆمۈر كان تومۇرى ۋە كۋارتىس جىسىملار بارلىقىنى بايقىدى. نەم ھاۋانى كوئېنلۇن تېغىنىڭ ئاساسىي ئومۇرتقىسى بىلەن چىمەنتاغ تىزمىسى توسۇپ تۇرغاچقا، نەم ھاۋا جىلغىغا توپلىنىپ، چاقماقلىق يامغۇر بۇلۇتلىرىنى ھاسىل قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەر ئاستىدىكى ماگنىت مەيدانى تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغاچقا، ھەمىشە «گۈلدۈرمامىلىق چاقماق» ھادىسىسى پەيدا بولۇپ، يەر ئۈستىدىكى ئېگىز، ئوچۇق نىشانلارنى چاقماق ئۇرۇۋېتىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ھاۋا ئىسسىپ يەر يۈزىدىكى توڭ ئېرىگەندە، ئادەم ۋە چارۋا ماللار پەخەس بولمىسا، سۇ ۋە ئوت - چۆپ يېپىپ تۇرغان پاتقاققا پېتىپ قالىدىكەن ياكى يوشۇرۇن بولغان يوشۇرۇن ئېقىنغا چۈشۈپ كېتىدىكەن.

ئالۋاستى جىلغىسى كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك قىزىقىشىنى قوزغىدى، كىشىلەر ئۇنىڭ سىرىنى تېزرەك ئېچىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىزدەنمەكتە.

## 5. ئاجايىپ كارستلىق يەر تۈزۈلۈشى

ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى ئارقا تاغدا بىر پارچە كارستلىق قەدىمكى يەر تۈزۈلۈشى بار، ئۇ شەرقتە بۇقا داۋان چوققىسىدىن باشلىنىپ، غەربتە ئاچچىقكۆلگە تۇتىشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 350 كىلومېتىر، كەڭلىكى 20 — 30 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 4400 — 5000 مېتىر ئېگىز تاغ چوققىلىرىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان.

بۇ قەدىمكى ھاك تاشلىق تاغ مىڭلىغان يىللار داۋامىدىكى بوران - يامغۇردا ئېرىپ ۋە پارچىلىنىپ، ئاجايىپ - غارايىپ شەكىللەرگە كىرگەن. قاتار - قاتار تاش چوققىلارنىڭ بەزىلىرى يەردىن تىك كۆتۈرۈلۈپ كۆككە تاقىشىپ تۇرىدۇ، بەزىلىرى بەئەينى «تۆگە»، «پىل»، «ئەجدىھا»، «ياتقان يولۋاس»، «قەلەم تىرىگۈچ»، «ئاسما كۆۋرۈك»، «بۇتخانا»، «سەركەردىلەر سۇپىسى»، «ئالقانسىمان كاكتۇس»، «تاش بايراق مومىسى»، «ئات قوزۇقى» غا ئوخشايدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا، كارستلىق جىلغىلاردا ئۆچلۇق تاشلار، يول، كارىدورلار خىلمۇ خىل قىياپەتتە كۆرۈنىدۇ.

تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، ئارقا تاغدىكى كارستلىق يەر شەكلى بىر قىسىم جايلاردا تۆتلەمچى دەۋرگە مەنسۇپ مۇزلۇقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، «پارچە تاغلاردىن ئېشىپ قامەت تالاشقان، ئېگىز بويى چوقچىيىپ كۆككە تاقاشقان» چوققىلار ھاسىل بولغان، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى كارستلىق يەر تۈزۈلۈشى بىلەن مۇزلۇقلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەچكە، تىك يار، چوڭقۇر جىرا ۋە ئېسىلىپ تۇرغان مۇزلۇقلاردىن تەركىب تاپقان خىلمۇ خىل مەنزىرىلەر شەكىللەنگەن.

# III باب

# كىروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

كىروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تېپىلغاندىن بۇيان، جۇڭگودا ۋە چەت ئەللەردە ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان، ئارخېئولوگلار، ئېكسپېدىتسىيىچىلەر بۇ يەرگە ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىغان، شۇنىڭدىن كېيىن كىرورانىنى مەركەز قىلغان لوپنۇر كۆلى رايونىدىكى نۇرغۇن جايلاردىن تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئىزلار تېپىلغان: 1906 - يىلى ۋە 1907 - يىلى ئەنگلىيىلىك ستەيىن كىروراندىن نۇرغۇنلىغان تاش تىغ يادىكارلىقلىرىنى تاپقان، 1930 -، 1931 - يىللىرى شۋېتسىيىلىك فوك بېرگمان كۆنچى دەرياسى بويىدىكى يار بۇلاق ئەتراپىدىكى ئۈچ جايدىن تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت نۇقتىلىرىنى تاپقان، ئۇ يەردىن ئاساسلىقى چاقماق تاش ئۆزەك، تاغ تىغ پارچىسى، تاش پىچاق ۋە سۆكەت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان تاش ئوقيا ئۇچى قاتارلىق يادىكارلىقلار تېپىلغان، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە سېغىزغا قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان قوڭۇر ساپال پۇچۇقلىرى تېپىلغان؛ 1931 - يىلى جۇڭگو - شۋېتسىيە بىرلىكتە تەشكىللىگەن جۇڭگو غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىدىن شۋېتسىيىلىك خونال ۋە ئېلىمىزدىن چېن زۇڭچى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى دىلتىغا جايلاشقان كىروران خارابىسى ئەتراپىدىن تاش قورال دەۋرىگە ئائىت 5 مەدەنىيەت نۇقتىسىنى تاپقان؛ 1930 - يىلى ۋە 1934 - يىلى خۇاڭ ۋېنبى لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا 2 قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تۇگۇن خارابىسىنىڭ غەربىدىكى 5 جايدىن تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت نۇقتىسىنى تاپقان، ئۇنىڭدا ساقلىنىپ قالغان بۇيۇملاردىن چوقۇپ ياسالغان تاش تىغ ۋە چاقماق تاش ئۆزەك ئەڭ كۆپ تېپىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا، مىس ۋە ساپال بۇيۇملارمۇ ساقلىنىپ قالغان؛ 1979 — 1980 - يىللىرى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكىلەر كىروران خارابىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، سىپتا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت بۇيۇملاردىن نەچچە يۈزنى يىغىۋالدى. لوپنۇر كۆلى رايونىدا ساقلىنىپ قالغان تاش قوراللار ۋە قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سىپتا تاش قورال دەۋرىدىلا كىروانىنى مەركەز قىلغان لوپنۇر كۆلى رايونىدا ئىنسانلارنىڭ ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ كىروران مەدەنىيىتىنى يارىتالىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

## § 1 . كىروران ھەققىدە قىسقىچە بايان

### 1. كىرورانىنىڭ قەدىمكى يىپەك يولىدىكى ئورنى

كىروران ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي

قىرغىقىغا جايلاشقان، لوپنۇر كۆلى قەدىمكى ۋاقىتتا خەنزۇچە يۇزې، پۇچاڭخەي دەپمۇ ئاتالغان، ھازىرقى كۈندىن 2000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى لوپنۇر كۆلىنىڭ قىرغاقلىرىنى كەڭ كەتكەن بۈك - باراقسان توغراقلىقلار، سۇيى مول يۇرتقا خاس مەنزىرىلەر قاپلىغانىدى. تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسى تارىم قۇملۇقىنىڭ شىمالىدا غەربتىن شەرققە ئېقىپ، كىروراندىن ئۆتكەندىن كېيىن لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلاتتى، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئوت - چۆپ مول، سۇ ئەلۋەك، يەرلەر مۇنبەت بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئاساسلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

خەن ۋۇدى (خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇ دى) زامانىسىدا، جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ بېرىپ، يىپەك يولىنى ئاچقان. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، يىپەك يولى كىروراندىن ئۆتەتتى، ئۇنىڭ ئىككى لىنىيىسى بار ئىدى: بىرى ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن غەربكە سوزۇلۇپ، ئاق ئەجدىھا قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمال قىرغىقى ئارقىلىق كىرورانغا بېرىپ، جەنۇبقا قايرىلىپ، مىرەن (ھازىرقى چاقىلىق ئەتراپى) گە باراتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يىپەك يولىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى جەنۇبىي لىنىيىسى ئارقىلىق غەربكە كېتەتتى؛ يەنە بىرى كىروراندىن ئۆتۈپ، غەربتە كىنگىتقا باراتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يىپەك يولىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى شىمالىي لىنىيىسى بىلەن غەربكە كېتەتتى. يىپەك يولى كىروراندىن ئۆتكەندىن كېيىن، جەنۇبىي لىنىيە بىلەن مېڭىشقىمۇ، شىمالىي لىنىيە بىلەن مېڭىشقىمۇ بولاتتى، كىروران يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسى بىلەن شىمالىي لىنىيىسىنىڭ بوغۇزى ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، كىروران يىپەك يولىنىڭ قاتناش لىنىيىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقانىدى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كىروراندىن ئۆتۈپ شەرققە ۋە غەربكە بارىدىغان ئەلچىلەر، سودىگەرلەرنىڭ «ئايىغى ئۈزۈلمىگەن، يىلىغا كۆپ بولغاندا ئون نەچچە تۈركۈم ئۆتۈپ تۇرغان»، كىروران غەربىي يۇرتتا دەسلەپكى مەزگىلدىكى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسى بىلەن شىمالىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ۋە سودا بېكىتى ئىدى.

## 2. ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى كىروران

كىروران بەگلىكىنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىكى تارىخى ھازىر ئانچە ئېنىق ئەمەس. «كىروران» دېگەن نام ئەڭ دەسلەپ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە ئۇچرايدۇ، تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى III - ئەسىردە (ئېلىمىزدىكى چىن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ) كىروراندا بەگلىك قۇرۇلغان، ئۇ تۆۋەن سەۋىيىدىكى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ھەمدە توخرىلار خانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 177 - يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 176 - يىلغىچە ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت ئوڭ قول بىلىكخانىنى ئەۋەتىپ، توخرىلارغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان ۋە توخرىلارنىڭ قالدۇق ئادەملىرىنى تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان. ئىلگىرىكى توخرىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلارنى ھۇنلار ئىشغال قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ھۇن قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى ھەقىقىي تۈردە تىكلەنگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، خەن ۋېندى زامانىسىنىڭ 6 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 174- يىلى) ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت خەن ۋېندىغا مەكتۇپ يوللاپ: «تەڭرىنىڭ ياردىمى

بىلەن، كىروران، ئۇسۇن، ئوغۇزلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 بەگلىكنى تىنچىتتىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇنلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى» دېگەن. كىروران توخرىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا مەھكۇم بولغان. ھۇنلار غەربىي يۇرتقا چاكارلار كامىبېگى قويغان، كىروران ۋە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر ئۇنىڭغا باج - خىراج تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما ھۇنلار «ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلالمىغان».

## 3. خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ كىروراننى تالىشىشى

خەن ۋۇدى (خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇ دى) زامانىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىمالدىكى كۈچلۈك دۈشمىنى بولغان ھۇنلارنىڭ تەھدىتىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتتىكى توخرى، پەرغانە ۋە ئۇسۇن قاتارلىق بەگلىكلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ھۇنلارغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان. جاڭ چيەننىڭ ئەلچىلىككە بېرىشى كۆتكەن مەقسەتكە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان، شۇنىڭدىن كېيىن، خەن ۋۇدى غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ھالدا ئەلچى ئەۋەتكەن، خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى بېرىپ - كېلىشتە «يول ئۈستى» دىكى كىروران قاتارلىق بەگلىكلەردىن ئۆتكەندە، ھۇنلار ئارىغا بۇلگۇنچىلىك سالغان ھەمدە كىروران بىلەن بىرلىكتە، خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى كۆپ قېتىم بۇلىغان ۋە يىپەك يولىدىكى قاتناشنى ئۈزۈپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن كىروران غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرت يولىنى ئېچىپ، يىپەك يولىنى تىزگىنلەشتە مۇقەررەر تالىشىدىغان جاي بولۇپ قالغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتنى تالىشىشى كىروراننى چۆرىدىگەن ھالدا كۆپ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان.

خەن ۋۇدى زامانىسىنىڭ يۈەنفېڭ 3 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 108 - يىلى) خەن ۋۇدى يانداش چاپاۋۇل بەگ جاۋ پونۇنى لەشكەر تارتىپ قوشقا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ھەمدە ۋاڭ خۈيغا ئۇنىڭغا ياردەملىشىشنى تاپشۇرىدۇ، ۋاڭ خۈي ئىلگىرى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغاندا كىروران بېگىنىڭ كۆپ قېتىم بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، 700 چەۋەندازنى باشلاپ ئاۋۋال كىرورانغا ھۇجۇم قىلىپ، كىروران بېگىنى ئەسىر ئالىدۇ، شۇنىڭدىن تارتىپ كىروران خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولىدۇ.

ھۇنلار كىروراننىڭ خەن سۇلالىسىغا تەۋە بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، لەشكەر تارتىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئىلاجىسىز قالغان كىروران ھەر ئىككى تەرەپنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ھۇنلار بىلەن غەربىي خەن سۇلالىسىگە بىردىن ئوغلىنى تۇرغاق قىلىپ بېرىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا غەربىي خەن ھۆكۈمىتى سۇتراشىنا سانغۇنى لى گۇاڭلىنى لەشكەر تارتىپ پەرغانىگە جازا يۇرۇشى قىلىشقا ئەۋەتكەندە، ھۇنلار كىروران بېگىگە پۇرسەت تېپىپ خەن قوشۇنىنى توسۇش ۋە بۇلاش توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىدۇ. خەن سۇلالىسى قوشۇنى ئەسىرگە چۈشكەنلەردىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئوردىغا مەلۇم قىلىدۇ ۋە خەن ۋۇدىنىڭ يارلىقى بىلەن كىروران بېگىنى تۇتۇپ چاڭئەنگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كىروران بېگىدىن: نېمە ئۈچۈن ھۇنلار بىلەن تىل بىرىكتۈردۈڭ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: «چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدا قالغان كىچىك بەگلىك ئىككى تەرەپكە تەۋە بولمىسا ئەمىنلىك

تاپالمايدىكەن، مەن پۇقرالىرىمنى خەن سۇلالىسى زېمىنىغا كۆچۈرۈشنى خالايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. خەن ۋۇدى ئۇنىڭ راست گەپ قىلغانلىقىغا قايىل بولۇپ، كىچىك بەگلىكنىڭ دەرد-ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى ئۆز بەگلىكىگە ئاپىرىپ قويۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ ھەمدە كىروراندىن ھۇنلارنىڭ ھەرىكىتىنى پايلاپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

خەن سۇلالىسىنىڭ جىيەنخې 1 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 92 - يىلى) كىروران بېگى ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ بەگلىكتىكىلەر خەن سۇلالىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ، غەربىي خەن ھۆكۈمىتىدىن تۇرغاقنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ ۋە ئۇنى بەگ قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. لېكىن كىروران تۇرغاقى خەن سۇلالىسىدە ھەمىشە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغاچقا، ئۇنىڭغا ئاختا قىلىۋېتىش جازاسى بېرىلگەنىدى، غەربىي خەن ھۆكۈمىتى خانىمىز تۇرغاقنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ دېگەن باھانە بىلەن ئۇنى قايتۇرمايدۇ. كىرورانلىقلار باشقا بەگ تىكلەشكە مەجبۇر بولىدۇ، كېيىن بۇ بەگمۇ ئۆلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاۋۋال ئۇققان ھۇنلار كىرورانىنىڭ ھۇنلار ھوزۇرىدا تۇرۇۋاتقان تۇرغاقىنى دەرھال قايتۇرۇپ، بەگ قىلىپ تىكلەيدۇ. بۇ بەگ ھۇنلار ئارىسىدا كۆپ يىل ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ھۇنلار بىلەن يېقىن ئۆتۈپ، خەن سۇلالىسىدىن يىراقلىشىدۇ ھەمدە كۆپ قېتىم ھۇنلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى توسىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ.

خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنفېڭ 4 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 77 - يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پىڭلې بېگى فۇ جيېزىنى ئەۋەتىپ، ھۇنلارغا سادىق بولغان كىروران بېگىنى ئۆلتۈرگۈزۈپ، كىرورانىنىڭ خەن سۇلالىسىدىكى تۇرغاقى، ئالدىنقى بەگنىڭ ئىنىسى ۋىتوكىتىنى بەگ قىلىپ تىكلەيدۇ ھەمدە بەگلىك نامىنى پىشامشان دەپ ئۆزگەرتىدۇ. ۋىتوكىت چاڭئەندە ئۇزاق تۇرغاچقا، ئۆز بەگلىكىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئالدىنقى بەگنىڭ ئوغۇللىرى مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمىكىن دەپ قورقۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن پىشامشان بەگلىكىنىڭ مىرەن شەھىرى (ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسىدىكى مىرەن) گە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەمەلدار ۋە لەشكەر ئەۋەتىپ، ئارقا تىرەك بولۇشنى ئىلتىماس قىلىدۇ ھەمدە بەگلىكنىڭ پايتەختىنى مىرەن قەلئەسى (ھازىرقى چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ يېنىدا) گە كۆچۈرىدۇ.

## 4. شەرقىي خەن، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى كىروران

پىشامشان بەگلىكى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كىروران شەھىرى يىپەك يولىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى سۈپىتىدە 400 يىلچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. قەدىمكى كىروران شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەش ۋە قەدىمكى ئىمارەت خارابىلىرىنىڭ يىلىنى ئۆلچەپ بېكىتىشتىن قارىغاندا، كىروران غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە شەھەر بولۇپ قۇرۇلغان، شەرقىي خەن، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرى ئۇنىڭ گۈللەپ ئاۋاتلاشقان مەزگىلى بولغان.

كىروراندىن قېزىۋېلىنغان خەنزۇچە تارشا پۈتۈكلەر، قەغەز ھۆججەتلەر جەمئىي 576 پارچە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تارشا پۈتۈك 412 پارچە، قەغەز ھۆججەت 164 پارچە، مۇتلەق يىل نامى يېزىلغان تارشا پۈتۈك 40 پارچە، قەغەز ھۆججەت 8 پارچە، مۇتلەق يىلناملىرى ساۋساۋ قۇرغان ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ جياپىڭ 4 - يىلى (252 - يىلى) دىن ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ جيەنشىڭ 18 - يىلى (330 - يىلى) غىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان يىل نامى تەيشى، ئۇنىڭدىن قالسا شيەنشى، ئەڭ بۇرۇنقى يىل نامى ساۋساۋ قۇرغان

ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ جىياپىڭ 4 - يىلى (252 - يىلى)، ئەڭ ئاخىرقى يىل نامى ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ جيەنشىڭ 18 - يىلى (330 - يىلى) دىن ئىبارەت. كىروراندىن قېزىۋېلىنغان تارشا پۈتۈك ۋە قەغەز ھۆججەتلەر شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ساۋساۋ قۇرغان ۋېي پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى چې ۋاڭفاڭ زامانىسىنىڭ جىيا پىڭ 4 - يىلى (252 - يىلى) دىن ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ جيەنشىڭ 18 - يىلى (330 - يىلى) غىچە كىروران ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلار بىلەن يېقىن تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن. بۇ دەۋردە كىروران شەھىرى تەرەققىي قىلغان ۋە گۈللەنگەن.

پىشامشان بەگلىكى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كىروران پىشامشان بەگلىكىدىكى مۇھىم شەھەر بولۇپ قالغان، ئۇ جۇغراپىيە جەھەتتە يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، دۇنخۇاڭلىق سولى دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلارنىڭ 1000دىن ئارتۇق لەشكىرىنى باشلاپ كېلىپ، كىروراندا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پىشامشان، كىنگىت، كۇسەندىن ئىبارەت 3 بەگلىكتىن 1000دىن لەشكەر ئېلىپ، تارىم دەرياسىنى توغرىسىغا توسۇپ، سۇ قۇرۇلۇشى ياساپ، ئېتىزلارنى سۇغىرىپ، ئۇدا 3 يىل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىر مىليون دەن تېرىق ئالغان.

لوپنۇر كۆلى رايونىدىن تېپىلغان شەرقىي خەن ۋە ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگە ئائىت خەنزۇچە تارشا پۈتۈكلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنىڭ كۆپ قىسمىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە دائىر ئىشلار خاتىرىلەنگەن. بۇ يەرگە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگىلى كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى بىللە ئېلىپ يۈرۈشكە يول قويۇلغان. خەن سۇلالىسى يەنە بۇ يەرگە يېزا ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئەمەلدارى بولغان ئېكىندارلارنى قويغان. كىروران خەن سۇلالىسىنىڭ لوپنۇر رايونىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەركىزى سۈپىتىدە، بۇ قاتناش لىنىيىسىدىن ئۆتكەن ئەلچىلەر ۋە ئەمەلدارلارنى كۈتۈۋېلىش ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۈستىگە ئالغان، خەن سۇلالىسى يەنە بۇ يەردە پوچتا يوللانمىلىرىنى باشقۇرىدىغان ئاپپارات تەسىس قىلغان ۋە ئەمەلدارلارنى قويغان ھەمدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىلغار تۆمۈر دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە تېرىقچىلىق ئۇسۇلى — كالا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئۇسۇلىنى تارقاتقان.

تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىلەر ۋە تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، شەرقىي خەن، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى كىروراندا غەربىي يۇرت دورغاب مەھكىمىسى تەسىس قىلغان، ئۇنىڭ كۆلىمى ئايماق بىلەن ناھىيە ئارىلىقىدا بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان. «كېيىنكى خەننامە، بەن يۈڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا خاتىرىلىنىشىچە، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يەنگۇاڭ 2 - يىلى (123 - يىلى) يازدا بەن يۇڭ غەربىي يۇرت دورغابى بولۇپ، 500 لەشكەرنى باشلاپ لۇكچۈندە (ھازىرقى تۇرپان تەۋەسىدە) بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن، «كېيىنكى يىلى (124 - يىلى) 1 - ئايدا بەن يۇڭ كىرورانغا بېرىپ، پىشامشاننى بېقىندۇرغان». ۋېي، جىن سۇلالىلىرى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ كونا تۈزۈمىنى داۋاملىق قوللىنىپ، غەربىي يۇرتتا يەنىلا غەربىي يۇرت دورغاب مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. كىروراندىن قېزىۋېلىنغان تارشا پۈتۈك ۋە خەت - چەكلەر ئارىسىدا «كىروران» نىڭ ئورنى ئېنىق خاتىرىلەنگەن تارشا پۈتۈكتىن 8 پارچە، قەغەز ھۆججەتلەردىن 10 پارچە بار؛ غەربىي يۇرت دورغابى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئەمەللەر خاتىرىلەنگەن تارشا پۈتۈكتىن 7 پارچە بار. بۇ ساۋساۋ قۇرغان ۋېي سۇلالىسى ۋە غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت دورغاب مەھكىمىسىنىڭ ئورنى كىروراندا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە كىرىوران رايونىدا داۋاملىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن ھەمدە غەربىي يۇرت دورغاب مەھكىمىسىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار قويۇلغان. بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى چېرىكلەر قەدىمكى كىرىوران رايونىدا بوز يەر ئېچىپ، ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىپ، توغان ياساپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ۋە تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تارقىتىپ، كىرىوران رايونىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن كىرىوران ۋېي، جىن سۇلالىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى ئالدىنقى ئىستىھكامى بولۇپ قالغان.

لېكىن، ئومۇمىي تەرەققىيات ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن كېيىن، غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە يىپەك يولى يېڭى لىنىيىلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، يىپەك يولىنىڭ سودا ئىشلىرىدىكى ئارىلىق بېكەت بولغان كىرىوران ئىلگىرىكى مۇھىم ئورنىنى يوقىتىپ، بارا - بارا خارابلاشقان.

كىرىوراندىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارىسىدا يىل نامى ئەڭ كېيىنكى تارشا پۈتۈككە ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ جيەنشىڭ 18 - يىلى (330 - يىلى) دېگەن يىل نامى يېزىلغان. بۇ، جيەنشىڭ 18 - يىلى (330 - يىلى) دىن كېيىن، كۆنچى دەرياسى ئېقىنىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان كىرىوران رايونىنىڭ سۇ مەنبەسى قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، بوز يەر ئېچىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىن بولماي قالغانلىقىنى، غەربىي يۇرت دورغاب مەھكىمىسىنىڭ كۆچۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى، يىپەك يولىدا بىر مەزگىل ئاۋاتلىشىپ دەۋر سۈرگەن مۇھىم شەھەر كىرىوراننىڭ بارا - بارا تاشلىنىپ، تارىخ سەھنىسىدىن ئۈن - تىنسىز يوقالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 5. كارۇشتى يېزىقى

كارۇشتى يېزىقى — قەدىمكى كىرىوران — پىشامشان بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىدا، توختامنامە ۋە ھۆكۈمەت ھەم شەخسلەرنىڭ خەت - چەكلىرىدە قوللىنىلغان يېزىق. «كارۇشتى» دېگەن سۆز سانسكرىت تىلىدىكى «KHAROSTHI» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى، ئۇ ئەسلىدە KHARA (ئېشەك) دېگەن سۆز بىلەن OSTHA (تۇمشۇق) دېگەن سۆزگە « I » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان بىرىكمە سۆز بولۇپ، «ئېشەك تۇمشۇقى يېزىقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى، ئۇ، ھىندى - ياۋروپا تىلى سىستېمىسىدىكى ھىندى- ئارىيان تىلىنىڭ بىر خىل ئاۋام تىل شېۋىسى ئىدى. ئۇ ئەڭ دەسلەپ قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى رايونلارغا تارقالغان. شۇڭا «ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي - شىمالىي ھىندىستان شېۋىسى» دەپ ئاتالغان. كارۇشتى يېزىقى گاندارا رايونىدا بارلىققا كېلىپ، كېيىن گاندارا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان رايونلارغا كۆپرەك تارقالغان ھەمدە كۇسەن-كىنگىت تىلى، ئۇدۇن ساك تىلى، سوغدى تىلى، گىرېك تىلى ۋە خەنزۇ تىلى قاتارلىق غەيرىي ھىندى تىللىرىدىن سۆز قوبۇل قىلغان، ئۇ ھەرخىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن گاندارا مەدەنىيىتىگە ئوخشاپ كېتەتتى، شۇڭا ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەر ئۇنى «گاندارا تىلى» دەپمۇ ئاتىغان.

كارۇشتى يېزىقىدا 5 سوزۇق تاۋۇش، 30غا يېقىن ئۈزۈك تاۋۇش بار. ھازىر كارۇشتى يېزىقىدا سوزۇق تاۋۇش، ئۈزۈك تاۋۇش، بىرىكمە ئۈزۈك تاۋۇش ۋە سانلار بولۇپ جەمئىي 326

ھەرپ ۋە شەرتلىك بەلگە بارلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

مىلادى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، كارۇشتى يېزىقى ھىندىستاندا تەدرىجىي يوقىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېلىمىزدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان ئۇدۇن، پىشامشان ۋە كۇسەن قاتارلىق قەدىمكى بوستانلىق بەگلىكلىرىدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان. كارۇشتى يېزىقى تارىم ئويمانلىقىغا قانداق تارقالغان؟ بۇ ھەقتە ھازىر ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەر بىردەك پىكىرگە كەلمىدى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، شىۋېتسىيىلىك سېۋىن ھېدىن چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى كىرروران قەدىمكى شەھىرىدىن كارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكتىن بىرنى قېزىۋالغان، ئەنگلىيىلىك ستەيىن ناھىيە تەۋەسىدىكى كىرروران قەدىمكى شەھىرىدىن كارۇشتى يېزىقىدىكى خەت - چەكلەردىن 48نى قېزىۋالغان، ناھىيە تەۋەسىدىكى مىرەن قەدىمكى شەھىرىدە ئىبادەتخانا خارابىسىدىن كارۇشتى يېزىقىدىكى 2 بېغىشلىما ۋە كارۇشتى يېزىقى يېزىلغان 2 تۇغنى تاپقان. مىنگونىڭ 17 ـ، 18 ـ يىللىرى (1928 — 1929 ـ يىللار)، جۇڭگو بىلەن شىۋېتسىيە بىرلىكتە تەشكىللىگەن غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىۋېتسىيىلىك ئارخېئولوگ بېرىگمان كىرروران خارابىسىدىن كارۇشتى يېزىقى يېزىلغان بىر پارچە يىپەك توقۇلمىنى قېزىۋالغان. 1957 ـ، 1958 ـ يىللىرى ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى مىرەن قەدىمكى شەھىرىنىڭ مۇنارلىق بۇتخانا خارابىسىدىكى كۆل دۆۋىسىدىن كارۇشتى يېزىقى يېزىلغان بىر پارچە شايى رەخت تېپىۋالغان. 1980 ـ يىل 4 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تەشكىللىگەن ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى لوپنۇر كۆلى رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، كىرروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىكى كۆل دۆۋىسىدىن كارۇشتى يېزىقى يېزىلغان بىر تارشا پۈتۈكنى تاپقان ھەمدە كىرروران قەبرىستانلىقىدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بىر قەبرىدىن «ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرگەيلا، نەۋرە-چەرۋە كۆرگەيلا» دېگەن خەت يېزىلغان كىمخابنى تاپقان.

چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى خەت - چەكلەر دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەندى، ئۇنى ئومۇمەن مۇنداق بىر نەچچە تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

1) پادىشاھ يارلىقلىرى  ئۇ، ئادەتتە، شىنا شەكىللىك، لاي بىلەن پېچەتلەنگەن تارشا پۈتۈك ۋە تېرىگە يېزىلغان ھۆججەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە بولۇپ، شىنا شەكىللىك، لاي بىلەن پېچەتلەنگەن تارشا پۈتۈك كارۇشتى يېزىقىدا kllamudra دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭدا 2 پارچە ئوخشاش چوڭلۇقتىكى شىنا شەكىللىك تارشا بىر - بىرىگە جۈپلەپ ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭ لاي چاپلىنىدىغان ئوقۇرچە چىقىرىلغىنى ئۈستۈنكى پارچىسى، يەنە بىرى ئاستىنقى پارچىسى بولۇپ، ئۈستۈنكى پارچىسىنىڭ يۈزىگە يارلىقنىڭ كىمگە ئەۋەتىلگەنلىكى يېزىلغان. يارلىقنىڭ مەزمۇنى ئادەتتە ئاستىنقى تارشا يۈزىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى يۇقىرى بۇرجىكىگە ئوڭدىن سولغا قارىتىپ توغرىسىغا يېزىلغان، ئەگەر ئاستىنقى تارشىنىڭ يۈزىگە پاتمىسا، ئۈستۈنكى تارشانىڭ كەينىگە يېزىلغان، يەنە پاتمىسا، ئاستىنقى تارشىنىڭ كەينىگە يېزىلغان. ئاستىنقى تارشىنىڭ كەينىگە كۆپ ھاللاردا يارلىق مەزمۇنى بىر - ئىككى قۇر سۆز بىلەن قىسقىچە يېزىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۈستۈنكى تارشىنىڭ كەينى بىلەن ئاستىنقى تارشىنىڭ يۈزى جۈپلىنىپ، ھۆججەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئۇنىڭغا پېچەتلىۋېتىلگەن. لاي پېچەت 3 تال شوينا بىلەن پېچەت ئوقۇرچىسىغا مەھكەم چىگىۋېتىلگەن. لاي پېچەتكە ئادەتتە ئافىنا ياكى گرېك ئىلاھلىرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، بەزىدە خەنزۇچە جۇەنشۇ شەكلىدە يېزىلغان «پىشامشان كاھىبىگى (ياكى پىشامشان

نائىببىگى)» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. روشەنكى، بۇنداق تارشا پۈتۈك شەكلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، خەن، ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى «پېچەتلەنگەن تارشا پۈتۈك شەكلى»گە تەقلىد قىلىنغان.

2) ھېسابات دەپتىرى ئۇ قەغەز، يىپەك رەخت ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى تارشا، ياغاچ تاختىغا يېزىلغان. بۇنداق خەت - چەكلەرنىڭ كۆپ ھاللاردا ئىككى تەرەپكە يېزىلغان، بەزى تارشا ۋە ياغاچ تاختىلارغا تۆشۈك ئېچىلغان، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئىلگىرى تۈپلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق خەت - چەكلەردىكى سۆزلەرنى چۈشىنىش ئانچە تەس ئەمەس، ئەمما بىر مۇنچە خاس ئىسىملارنىڭ مەنبەسى خېلى مۇرەككەپ بولغاچقا، بىر مۇنچىسى ھازىرغىچە مەزمۇنەن تەرجىمە قىلىنماستىن، ئاھاڭى بويىچىلا تەرجىمە قىلىنىدى. بۇنداق خەت - چەكلەر كارۇشتى يېزىقىدا Ganana pravamnaga دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ «ھېسابات دەپتىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

3) خەت - ئالاقە بۇنىڭغا، ئادەتتە، لاي بىلەن پېچەتلەنگەن تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك تارشا پۈتۈك ئىشلىتىلگەن، ئۇنىڭ شەكلى لاي بىلەن پېچەتلەنگەن شىنا شەكىللىك تارشا پۈتۈككە ئوخشاپ كېتىدۇ، پەرقى شۇكى، بىرى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك، بىرى شىنا شەكىللىك. ئاز ساندىكى خەت - ئالاقە تاق تارشا ياكى قوي تېرىسى، يىپەك رەخت ۋە قەغەزگە پۈتۈلگەن. بۇنداق خەت - ئالاقە كارۇشتى يېزىقىدا Lekha دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ شەكىل جەھەتتە سانسكرىت تىلىدىكى شۇ سۆز بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇپ، «پۈتۈك، خەت - چەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

4) بېغىشلىما مىرەن قەدىمكى شەھىرىدىكى ئىبادەتخانا خارابىسىدىكى تام سۈرەتلىرى ئۈستىگە يېزىلغان بېغىشلىمىدىن 2سى تېپىلدى.

## 6. قەدىمكى كىروران مەدەنىيىتى

كىروران قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان كارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك ۋە خەت- ئالاقىلەردىن قەدىمكى كىروران مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرەلەيمىز.

قەدىمكى كىروران — پىشامشان بەگلىكىدە پادىشاھ ئالىي ھۆكۈمران ئىدى، ئېلىمىز ئالىمى لىن مېيسۇننىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، كارۇشتى يېزىقىدىكى خەت - چەكلەردە خاتىرىلەنگەن كىروران — پىشامشان بەگلىكىنىڭ 8 پادىشاھى بولغان، ئۇلار تۇڭگوروكا، شىگا، باپىيا، ئانجوْگا، ماشىرى، ۋاسمۇنا، سولىشى، شۇمىتولاردىن ئىبارەت. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن كىروران - پىشامشان بەگلىكىنىڭ پادىشاھلىرىدىن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاڭگۇي (يەنى ئانجوْگا)، ۋىتوكت، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەن، گۇاڭ، يۇخۇەن، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى يۈەنمېڭ (يەنى ۋاسىبمۇنا)، شۇمىتو، جېندالار بار. پادىشاھ ئاستىدا «ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدارلار» قويۇلۇپ، بەگلىكنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە جايلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ماجىرالارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل قىلىنغان. بەگلىكتە ئايماق، شەھەر تەسىس قىلىنغان، ئايماق، شەھەرلەردە يەرلىك ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدارلار قويۇلغان، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتتە يۈز بېشى، ئون بېشى تەسىس قىلىنغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بەگلىكتە يەنە باجگىرلار قويۇلغان، ئۇلار پادىشاھ جايلاردىن باج ئېلىشقا مەسئۇل قىلىپ بىۋاستە ئەۋەتكەن ئەمەلدارلار بولۇپ، بەگلىكتە

ئەمەلىي ھوقۇقنى ئىگىلەپ تۇراتتى، ئۇلار پادىشاھنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ جايلاردىكى ۋەكىللىرى ئىدى. ئۇلار باج ئېلىپلا قالماستىن، جايلاردىكى يەر ماجىرالىرى، زىرائەت تېرىلغۇسى، خەلق ئارىسىدىكى قەرز مۇئامىلىسى، ھەتتا ئاياللارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغىچە باشقۇراتتى.

قەدىمكى كىروران — پىشامشان بەگلىكىنىڭ ئۆز ئالدىغا قانۇنلىرى بار ئىدى، ئۇ باج، سۇ، يەر، ئۇۋچىلىق، دەل - دەرەخ، ئورمانلارنى قوغداش قاتارلىق ئىشلارغا دائىر نىزاملارنى ۋە جىنايى ئىشلار قانۇنى، مىراسنى بىر تەرەپ قىلىش قانۇنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مەسىلەن، جىنايى ئىشلار قانۇنىدا: «شۇ جايدا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر شۇ جايدا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. دەل - دەرەخ، ئورمانلارنى قوغداش قانۇنىدا: «دەل - دەرەخ كۆكىرىپ تۇرغان مەزگىلدە ئۇنى يىلتىزى بىلەن كەسكەنلەرگە بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ ئەگەر دەرەخ شېخىنى كەسسە، بىر ئىنەك جەرىمانە قويۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا، كىروران — پىشامشان خانلىقىدا قۇل سودىسىغا دائىر قانۇن - بەلگىلىمىلەرمۇ چىقىرىلغان.

قەدىمكى كىروران — پىشامشان خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. پادىشاھ پۈتۈن بەگلىكتىكى يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. بەگ جەمەتىنىڭ ئۆز ئېكىنزارلىقلىرى، تۆگە پادىلىرى، كالا پادىلىرى ۋە قوي پادىلىرى بار ئىدى، پۈتۈن بەگلىكتىكى پۇقرالار بەگ جەمەتى ئۈچۈن ئالۋاڭغا ئىشلەيتتى. قەدىمكى كىروران ئاھالىلىرىنىڭ بەزىلىرى شەھەردە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىقتىساد، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىدا يەنىلا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى، شەھەر ئەتراپىدا تۆۋەن سەۋىيىدىكى دېھقانچىلىق بار ئىدى. ئاساسىي چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئىرىمچىك، سېرىق ماي، گۆش ۋە ئارپا، بۇغداي قاتارلىقلار بار ئىدى. باغۋەنچىلىكتە ئۈزۈم ۋە ئانار ئاساس قىلىناتتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەش ئاساس قىلىناتتى، ئۈزۈم ھارىقى پادىشاھ باج ئالىدىغان ئاساسلىق مەھسۇلات ئىدى. شۇڭا، پادىشاھلىقتا ھاراق ساقلاشقا مەسئۇل ھاراق ئىدارىسى قۇرۇلغان. پادىشاھ ھاراقنى كېمەيتىۋەتكەن بەزى باج ئەمەلدارلىرىنى قاتتىق جازالاش يۈزىسىدىن، ھەتتا ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش تەدبىرلىرىنى قوللانغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، كىروران — پىشامشان بەگلىكىدە پالاز، ساپال قاچا ۋە ئوقيا قاتارلىقلارنى ياسايدىغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرى بار ئىدى.

قەدىمكى كىروران — پىشامشان بەگلىكىدە يەنە بىر مۇھىم ئالۋاڭ يەنى ئۆتكەن - كەچكەن ئەلچىلەر، سودىگەرلەرگە ۋە راھىبلارغا يول باشلىغۇچى بولۇش ھەم ئۇلارنى تۆگە، سۇ ۋە ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئالۋىڭى بار ئىدى. بەگلىكتە يول باشلىغۇچى بولۇش ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالاتتى، بەگلىكتىكى پۇقرالار ئارىسىدا يول باشلىغۇچى بولۇشتىن قاچىدىغان ئىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

قەدىمكى كىرورانىنىڭ تاۋار سودىسىدا ئىچكىرىنىڭ يىپەك ماللىرى ئاساس قىلىناتتى، بۇنىڭدىن باشقا، پەرغانىنىڭ ئەينەكلىرى، ئارساكنىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى قاتارلىق جۇڭگو ۋە غەربنىڭ تاۋارلىرىمۇ بار ئىدى، خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇجۇ پۇلى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ پۇللىرى كىروراندا ئۆتەتتى. يىپەك سودىسى كىرورانىنىڭ شەھەر ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈپ، ئۇنى قەدىمكى يىپەك يولىدىكى يىپەك سودىسىدا ئارىلىق بېكەتكە ئايلاندۇرغانىدى.

قەدىمكى كىروران — پىشامشان بەگلىكىدە دەسلەپتە ئىپتىدائىي شەكىلدىكى دىنىي ئېتىقاد

پائالىيەتلىرى بار ئىدى، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى بارا - بارا بۇددا دىنى ئىگىلىگەن. مىلادى Ⅱ — Ⅳ ئەسىردە، بۇددا دىنى ئەينى چاغدىكى كىروران — پىشامشان بەگلىكىدە ئاساسىي دىنغا ئايلىنىپ، بەگلىكنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان. بۇددا دىنىنىڭ راھىبلار توغرىسىدىكى مۇستەقىل نىزاملىرى بار ئىدى، راھىبلار ئىقتىسادىي ساھەدە نىسبىي مۇستەقىل ھوقۇققا ئىگە ئىدى، ئۇلارنىڭ يەرلىرى بار ئىدى، ئۇلار ئاشلىق قەرز بېرىش، باج ئېلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىلگىرىكى دىنىي زاتلار — ئاچاريا ۋە ئايال باخشىلارغا قارىتا يەكلەش پوزىتسىيىسى تۇتۇلاتتى، ھەتتا ئۇلار ئۆلۈمگە بۇيرۇلاتتى.

قەدىمكى كىروراندىن قېزىۋېلىنغان كارۋشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك ۋە خەت - چەكلەر ئەكس ئەتتۈرگەن ماتېرىياللار قەدىمكى كىروران مەدەنىيىتىنىڭ نۇرىنى جانلىق نامايان قىلىدۇ. قەدىمكى كىروران — پىشامشان بەگلىكىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە سۇ مەنبەسى قۇرۇپ كەتكەچكە، كىروران مەدەنىيىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، «پۇقرالار ۋەتىنىدىن تەزگەن» ئېچىنىشلىق ئەھۋال يۈز بەرگەن، يۇرتىدىن كەتكەن كىرورانلىقلار بارغانسېرى كۆپەيگەن. مىلادى Ⅳ ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا كىروران شەھىرى ئاخىر تاشلىنىپ قالغان.

## § 2 . كىروران قەدىمكى شەھىرى ۋە قەدىمكى قەبرىلەر

### 1. كىروران قەدىمكى شەھىرى

كىروران قەدىمكى شەھىرى ناھىيە تەۋەسىدىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى زىچ ياردائىڭلىققا جايلاشقان، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي مېرىدىئان 89°55′22″، شىمالىي پاراللېل 40°29′55″قا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى شەھەر خارابىسى ئۆلچەملىك بولمىغان تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، تۆت ئەتراپىدىكى سېپىلنىڭ قالدۇقلىرى ھېلىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شەھەر سېپىلىنىڭ شەرق تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 333.5 مېتىر، جەنۇب تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 329 مېتىر، غەرب تەرىپى ۋە شىمال تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 327 مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 108 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. شەھەر سېپىلى قاڭداپ قوپۇرۇلغان، 80 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى قاڭدالغان توپا ئارىسىغا قومۇش ۋە يۇلغۇن باستۇرۇلغان. جەنۇبىي، شىمالىي سېپىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بىردىن يوچۇق بار، ئۇ جەنۇبىي ۋە شىمالىي دەرۋازا بولۇشى مۇمكىن. غەربىي سېپىلنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ بىر يوچۇق بار، بۇ يوچۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدە كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئىككى تۆپىلىك بار، ئۇزۇن يىللار داۋامىدا شامال قاتتىق يالاپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتى ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان. شەرقىي سېپىلنىڭ ئازراق قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان، دەرۋازا بار - يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ.

قەدىمكى شەھەردىكى ئىمارەتلەرنىڭ جايلىشىشىدا مۇھىملىرى بىلەن مۇھىم بولمىغانلىرى ئېنىق پەرقلەندۈرۈلگەن. شەھەردىكى ئەڭ ئېگىز ئىمارەت شەھەر مەركىزىنىڭ سەل شەرقىگە جايلاشقان بۇددا مۇنارى بولۇپ، قېلىپ قالغان قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 10.4 مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ سىرتقى شەكلى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ بۇددا مۇنارلىرى «سۇتۇپا»غا ئوخشايدۇ. مۇنار ئۇلى تۆت چاسا بولۇپ، ھەربىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 19.5 مېتىر كېلىدۇ، مۇنار


گەۋدىسى يۇمىلاق تۇۋرۇك شەكلىدە بولۇپ، كېسەك ئارىسىغا ياغاچ قوشۇپ قوپۇرۇلغان، ئوتتۇرىسىغا توپا تىندۇرۇلغان. مۇنارنىڭ ئۈستى بۇزۇلۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

بۇددا مۇنارىنىڭ جەنۇب تەرىپى چوڭ ئىمارەتلەر خارابىسىگە تۇتىشىدۇ، ئۇ يەرگە نۇرغۇن توم ياغاچ قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەچچە 10 تال ياغاچنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 4.65 — 5.30 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 0.30 مېتىر، قېلىنلىقى 0.20 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ياغاچلار كۆڭۈل قويۇپ پىششىقلاپ ياسالغان، رەتلىك كۆز ئېچىلغان. سىزىن ھېدىن ۋە ستەيىن قاتارلىقلار ئىلگىرى بۇ يەردىن ھەر خىل نەپىس گۈللەر نەقىشلەنگەن ياغاچ، ياغاچ تاختايلارنى ۋە ياغاچتىن ئويۇلغان بۇتلارنى تاپقان. بۇ جاي بۇتخانا بولۇشى مۇمكىن.

شەھەر مەركىزىدە رەتلىك، كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان تۆت تام ساقلىنىپ قالغان، كىشىلەر ئۇنى «ئۈچ ئۆي» دەپ ئاتايدۇ، تامنىڭ قېلىنلىقى 1.1 مېتىر، كەمتۈك ئېگىزلىكى 2 مېتىر كېلىدۇ، ئۇ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ جەنۇبىي سېپىل دەرۋازىسىغا ئۇدۇل جايلاشقان، ئۇنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدە بىر ئېغىزدىن ئۆي بار، ئوتتۇرىدا بىر كىچىك مەيدان بار. «ئۈچ ئېغىز ئۆي» شەھەردىكى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان بىردىنبىر ئىمارەت. بۇ ئىمارەت رايونىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 12.5 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 8.5 مېتىر كېلىدۇ، شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى ئۆيلەر كېسەك ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ ياسالغان، يەردە ياغاچلار چېچىلىپ ياتىدۇ، ياغاچ تۇۋرۇككە كۆڭۈل قويۇپ نەقىش چىقىرىلغان، ئۇنىڭدا قىزىل سىرلارنىڭ ئىزى ساقلىنىپ قالغان. بۇ جاي ئەينى يىللاردىكى كىروران ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يامۇلى بولۇشى مۇمكىن.

شەھەرنىڭ غەربى ۋە جەنۇبى تۇتاش كەتكەن ئاھالە تۇرالغۇ رايونى خارابىسى بولۇپ، ئۆيلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قۇرغاق رايونلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان قۇرۇلما ئۇسۇلىدا ياسالغان، ئۆي تاملىرى قومۇش ۋە يۇلغۇن چىتلاقتا ئوخشاش كىرىشتۇرۇلۇپ ياسالغان، ئاندىن كېيىن تېرە ياكى ئوت ـ چۆپتىن ئېشىلگەن ئاغامچا بىلەن مەزمۇت چىگىلگەن. غەربتىكى ئۆيلەر بىلەن جەنۇبتىكى ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن جايلىشىشى جەھەتتە روشەن پەرقلىنىدۇ، غەربىدىكى ئىمارەتلەر قورۇلاردىن تەركىب تاپقان، قورۇ ئىچىدە ئايۋان، دالان، يان ئۆي، ئارقا سارايلار بار، بەزى تۇرالغۇ جايلارنىڭ ئارقا تەرىپىدە كىچىك گۈللۈك بار. جەنۇبىدىكى ئىمارەتلەر، ئاساسەن، تۇتاش تۇرالغۇ ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزلىق بولۇپ، گۈللۈك ۋە ھويلىسى يوق.

شەھەردە بىر قەدىمكى دەريا غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدۇ. شەھەرنىڭ جەنۇبىي ئەتراپىدا قۇرۇپ كەتكەن 3 دەريا بار، شىمال تەرىپىدە بىر دەريا بار. شەھەرنىڭ شىمالىي ئەتراپىدىكى شەھەرگە تەخمىنەن 4 ـ 5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا يەنە بىر بۇددا مۇنارى بار، ئۇنى شامال يالاپ كەتكەن، مۇنار گەۋدىسىنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 7 ـ 8 مېتىر كېلىدۇ، ئۇمۇ يۇمىلاق تۇۋرۇك شەكلىدە ياسالغان. مۇنار گەۋدىسىنىڭ ئاستىغا كۆك خىشتىن ئۇل سېلىنغان، مۇنارنىڭ تۆپىسى تۈز سۇپا، سۇپا ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر يۇمىلاق سۇپا ئۇلى بار، ئۇنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى بۇزۇلۇپ كەتكەن. ئاستىنقى قىسمىدىن رەڭدار تام سۈرەتلىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ، سۇپا ئۇلىنىڭ ئەتراپىدا ئايلانما كارىدور بار. بۇنىڭدىن باشقا، شەھەر ئەتراپىدا يەنە بەزى بۇتخانا، تۇر قاتارلىقلارنىڭ خارابىسى ۋە قەدىمكى




قەدىمكى كىروران (پىشامشان) يەگلىكىنىڭ خەرىتىسى

قەبرىلەر ھەم قۇرۇپ كەتكەن كەلگە توغراقلىق بار.

## 2. قەدىمكى قەبرىلەر

1) كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قەدىمكى قەبرە جىلغىسى بۇ جاي ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئۇرۇغ - جامەئە قەبرىستانلىقى بولۇپ، قەبرىلەرنى ئىككى تىپقا ئايرىش مۇمكىن: بىرىنچى خىلدىكىلىرىدە گۆرلۈك تىك كولىنىپ، جەسەت تېيىز كۆمۈلگەن. ياغاچتىن ياسالغان دەپنە سايمانلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى ئاددىي، جەسەت ۋە بىللە كۆمۈلگەن نەرسىلەر ئوبدان ساقلانغان، ئۇنىڭ يىلى ھازىرقى كۈندىن تەخمىنەن 3800 يىلچە ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ؛ يەنە بىر خىلدىكىلىرىدە گۆرلۈكنىڭ ئۈستىگە چەمبەر شەكلىدە يەتتە قۇر قوزۇق ئىچ تەرەپتىن سىرتقا قارىتىپ توم - ئىنچىكىلىك رېتى بويىچە قېقىلغان، چەمبەر سىرتىغا تۆت تەرەپكە يېيىلغان شادىلار رەتلىك ئورنىتىلغان. جەسەتلەرنىڭ ھەممىسى چوڭقۇر كۆمۈلگەن، دەپنە سايمانلىرى چىرىپ كەتكەن، ئۇنىڭ يىلى ئالدىنقى خىلدىكىلەردىن كېيىن تۇرىدۇ، سانى ئازراق.

2) كىروران قەبرىستانلىق رايونى ئۇ كىروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەرقىي ئەتراپىدىكى ئېگىز تۆپىلىكتىكى ئىككى يەرگە جايلاشقان، ھازىر ئۇلارغا MA ۋە MB قەبرىستانلىقى دەپ نومۇر قويۇلدى.

MA قەبرىستانلىقى قەدىمكى شەھەرنىڭ تەخمىنەن 5 كىلومېتىر شەرقىدە بولۇپ، ئۇنىڭدا 7 قەبرە بار، قەبرىلەر جايلاشقان تۆپىلىك يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 5 - 6 مېتىر ئېگىز، قەبرىستانلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 432 مېتىر، كەڭلىكى 24 مېتىر كېلىدۇ، قۇم، بوراننىڭ تەسىرى بىلەن تۆپىلىكنىڭ ياقىسىدىكى 2 قەبرىدىكى جەسەتنىڭ سۆڭەكلىرى ئېچىلىپ قالغان. بىر قەدەر تولۇق ساقلىنىپ قالغان 5 قەبرىنىڭ ھەممىسى تىك كولانغان بولۇپ، ئىككى جەسەت قويۇلغانلىرىمۇ، بىر جەسەت قويۇلغانلىرىمۇ بار، جەسەتنىڭ ھەممىسى ئوڭدىسىغا، پۇت-قوللىرى تۈز قىلىپ ياتقۇزۇلغان، بېشى شەرققە، پۇتى غەربكە قارىتىلغان. قېزىۋېلىنغان بۇيۇملاردىن مىس كۆزگۈ پارچىسى، تۆمۈر ھالقا، ياغاچ شىرە، قىزىل ساپال كومزەك، 5 مىسقاللىق يارماق قاتارلىقلار بار. كاربون 14 ئارقىلىق تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتىن قارىغاندا، بۇ جايدىكى قەبرىلەرگە $2040 \pm 90$ يىل بولغان، بۇ تەخمىنەن غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

MB قەبرىستانلىقى قەدىمكى شەھەرنىڭ تەخمىنەن 7 كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان، قەبرە جايلاشقان تۆپىلىك يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 8 - 9 مېتىر ئېگىز. بۇ قەبرىستانلىق رايونىنى ئىلگىرى ستەيىن قازغان، ئۇ بۇ قەبرىستانلىققا IC دەپ نومۇر قويغان. گۆرلۈك تىك كولانغان، ئۇنىڭغا 8 جەسەت گىرەلەشتۈرۈپ ياتقۇزۇلغان، جەسەتنىڭ ھەممىسى ئوڭدىسىغا، پۇت - قوللىرى تۈز قىلىپ ياتقۇزۇلغان، جەسەتلەر ياخشى ساقلانغان. قەبرىستانلىق رايونىدىن قېزىۋېلىنغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملاردىن كۆپلىگەن يىرتىق يۇڭ توقۇلمىلار، سىرلانغان جابدۇقلار، ياغاچ جابدۇقلار، مىس كۆزگۈ پارچىسى ۋە 5 مىسقاللىق يارماق قاتارلىقلار بار. بىر ياش ئەرنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىغا بىر ئوقيا قوشۇپ دەپنە قىلىنغان. قوشۇپ دەپنە قىلىنغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. كاربون 14 ئارقىلىق تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتىن قارىغاندا، بۇ قەبرىلەرگە $1880 \pm 85$ يىل بولغان، بۇ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

# 3 § . كىروراندىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر

## 1 . كىروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ تېپىلىشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 26 ـ يىلى (1900 ـ يىلى) ئەتىيازدا، شۋېتسىيىلىك سېۋېن ھېدىن لوپنۇر كۆلى رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ئۇنىڭ جۇڭگولۇق يول باشلىغۇچىسى ياش ئۇيغۇر دېھقان ئۆردەك كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ۋە ئادەمزاتسىز قۇملۇقتا 1000 يىل كۆمۈلۈپ ياتقان قەدىمكى شەھەر كىرورانىنى توساتتىن بايقىغان. ئۇ چاغدا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ تەمىناتى تۈگەپ قالغانلىقى ئۈچۈن، سېۋېن ھېدىن بۇ قەدىمكى شەھەردە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارمىغان. كېيىنكى يىلى 3 ـ ئايدا، سېۋېن ھېدىن تولۇق تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، يەنىلا ئۆردەكنىڭ يول باشلىشى بىلەن كىروران قەدىمكى شەھىرىنى تاپقان. ئۇ قەدىمكى شەھەردە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى بىر تۈركۈم تارشا پۈتۈك ۋە خەت ـ چەكلەرنى ھەم ساپال پارچىلىرى، جۇڭگونىڭ قەدىمكى پۇللىرى، يىپەك توقۇلما پارچىلىرى، يۇڭ توقۇلما پارچىلىرى، مىس بېزەك، ئەينەك جابدۇقلارنىڭ پارچىلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن. سېۋېن ھېدىن قەدىمكى شەھەردىن قېزىۋېلىنغان خەنزۇچە يېزىقتىكى ۋە كارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەرنى شۋېتسىيىگە ئېلىپ كېتىپ، ۋىسبادۇن دېگەن يەردىكى كارىل ھىملاي ئەپەندىگە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بەرگەن. ھىملاي ئەپەندى كارۇشتى يېزىقىنى تەتقىق قىلىۋېتىپ، پۈتۈكتىكى بىر نەچچە جايدا «KRORANLA» دېگەن جاي نامى تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بايقىغان ۋە بۇنى قەدىمكى كىرورانىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان. ئۇ تەتقىقات دوكلاتىدا قەدىمكى بۇ شەھەر دەل قەدىمكى كىروران شەھىرىنىڭ ئۆزى دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. قەدىمكى كىروران شەھىرىنىڭ تېپىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، غەرب ئارخېئولوگلىرى ۋە تارىخشۇناسلىرى بۇنى «قۇملۇقتىكى پومپېي شەھىرى»نىڭ قايتا نامايان بولۇشى دەپ تەرىپلىگەن.

## 2 . ستەيىن كىروراندا

مارك ئۇللىر ستەيىن ئەنگلىيىلىك، ئەسلى يۇرتى ۋېنگرىيە، ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 26 ـ يىلىدىن مىنگونىڭ 5 ـ يىلىغىچە (1900 ـ يىلدىن 1916 ـ يىلغىچە) ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ، گەنسۇ رايونىغا 3 قېتىم كىرىپ، ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتى ئۈچۈن قانۇنسىز تەكشۈرۈش ـ ئوغرىلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 32ـ يىلىدىن 33 ـ يىلىغىچە (1906 ـ يىلدىن 1907 ـ يىلغىچە) قەشقەردىن خوتەنگە بارغان، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ چەرچەن ئارقىلىق چاقىلىققا كەلگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ھابدالدىن شىمالغا مېڭىپ كىروران قەدىمكى شەھىرىگە بارغان. ئۇ كىروران قەدىمكى شەھىرىدىكى چوڭراق 2 خارابىدە كەڭ كۆلەملىك قېزىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، كۆپلىگەن نەپىس يىپەك توقۇلما، تاش قورال، ساپال پارچىلىرى ۋە تۇچتىن ياسالغان بۇيۇملارنى ھەم خەنزۇچە يېزىقتىكى، كارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك ۋە خەت ـ چەكلەرنى تاپقان. ستەيىن

مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) كىرورانغا ئىككىنچى قېتىم بېرىپ، ئۇ يەردە كەڭ كۆلەملىك قېزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، يەنە بىر مۇنچە يېڭى خارابە ۋە قەبرىلەرنى تاپقان. ئۇ بۇ خارابىلەرنىڭ ھەممىسىگە نومۇر قويغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى LA (كىروران) نى مەركەز قىلغان بىر گۇرۇپپا خارابىلىق ۋە LK (كىروران شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا 50 كىلومېتىر كېلىدىغان جاي) نى مەركەز قىلغان يەنە بىر گۇرۇپپا خارابىلىق ئاساسلىق خارابىلەر مەركەزلەشكەن رايوندۇر. ستەيىن بۇ قېتىم LA خارابىسىدىن نۇرغۇن تاش قورال، تۇچ جابدۇق ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت يىپەك توقۇلما، 5 مىسقاللىق پۇل ھەم ۋاڭ ماڭ دەۋرىدىكى خوچۇەن پۇلى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان.

## 3. تاچىۋوناسىچو كىروراندا

تاچىۋوناسىچو ياپونىيە ئىمپېرىيىسى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرى، ئۇ ياپونىيە بۇددا دىنى جىڭتۇ مەزھىپىنىڭ دارما سارىياسى ئوتانى كوئۇلىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 34 - يىلى (1908 - يىلى) ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) لوپنۇر كۆلى رايونىغا 2 قېتىم كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) تاچىۋوناسىچو لوپنۇر كۆلى كىروران رايونىغا ئىككىنچى قېتىم كەلگەندىن كېيىن، كىروران شەھىرى رايونىدا ۋە كىروران شەھىرىنىڭ 50 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى خارابىلىكتە (يەنى ستەيىن LK دەپ نومۇر قويغان جايدا) ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئىشىنى ئېلىپ بارغان. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ياپونىيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ كىروران شەھىرىدە لى بەيىنىڭ بىر پارچە خېتىنىڭ جەمئىي 4 بەت قالدۇقىنى تاپقانلىقىنى جاكارلىغان (كېيىنكى ۋاقىتتا ياپونىيە ئالىمى مولىجىسا لى بەيىنىڭ خېتى چىققان جاي كىروران بولماستىن، بەلكى دۇرال ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان).

## 4. 1979 — 1980 - يىللىرى كىروراندا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر

1979 — 1980 - يىللىرى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «قەدىمكى يىپەك يولى» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنى سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسى بىرلىكتە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، يىپەك يولى ۋە كىروران قەدىمكى شەھىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە كىروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ توغرا جۇغراپىيىلىك ئورنى قايتا ئۆلچەپ بېكىتىلدى، كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق جىلغىسى ۋە كىروران شەھىرى رايونى ھەم قەدىمكى قەبرىستانلىقتا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، ھەر خىل تاش قورال، خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت پۇل، مىس جابدۇق، يىپەك توقۇلما ۋە شەرقىي خەن، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگە ئائىت كارۋۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەر ھەمدە ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە باشقا نەرسىلەردىن ياسالغان ھەرخىل زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلدى.

# قوشۇمچە: كىروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنى تەكشۈرۈش ۋە سىناق تەرىقىسىدە قېزىش ھەققىدىكى قىسقىچە مەلۇمات

## 1. قەدىمكى شەھەر خارابىسى

### 1) ئورنى ۋە مۇھىتى

كىروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى دېلتىنىڭ جەنۇبىغا، لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي - شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي جەنۇبتا چاقىلىق ناھىيە بازىرىغا 220 كىلومېتىر، غەربىي شىمالدا كورلا شەھىرىگە 340 كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالدا كۆنچى دەرياسىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن قىنىغا ئەڭ يېقىن جايى 16 كىلومېتىر، شەرقتە لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا 28 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ قايتىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن كونكرېت ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89°55′22″، شىمالىي پاراللېل 40°29′55″قا توغرا كېلىدۇ①.

كۆنچى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىن تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىغا بارغىچە بولغان ئارىلىقتا قۇرۇپ كەتكەن تۆت دەريا قىنى ئۇچرايدۇ، دەريا قىنىنىڭ ئىككى ياقىسىدا قۇرۇپ كەتكەن نورغۇن ئېقىن ۋە كۆللەر بار. بۇ تەبىئىي خارابە ئىزلىرى قەدىمكى دەۋردە كىروراننىڭ سۇ بايلىقىنىڭ بىر قەدەر مول بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. كىروران شەھىرى خارابىسى تۆتىنچى دەريا قىنىنىڭ ئىككى تارمىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، بۇ ئىككى تارماق ئېقىن قەدىمكى شەھەرنىڭ 6 كىلومېتىر غەربىدىكى جايدا ئايرىلىپ، قەدىمكى شەھەرنىڭ 16 كىلومېتىر شەرقىدىكى جايدا يەنە قوشۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئويمان لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. بۇ يەرنىڭ غەربى ئېگىز، شەرقى پەس.

كىروران شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن غەربىي جەنۇبىغا 2 ـ 3 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا كەڭ كۆلەملىك قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىق بارلىقى، بەزى توغراقلارنىڭ قۇرۇپ كەتكەن غولىنىڭ توملۇقى 2 مېتىردىن ئاشىدىغانلىقى بايقالدى. شەھەر خارابىسىنىڭ شىمالىدىمۇ تۇتاش كەتكەن قۇرۇپ كەتكەن ئورمانلىق بار. بۇنىڭدىن قەدىمكى دەۋردە بۇ يەردە يېپيېشىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر قەدەر ئوبدان ئۆسكەنلىكىنى، بۇ دەل - دەرەخلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا شەھەر قۇرۇلۇشىدا ياخشى ماتېرىيال بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### 2) تارىختىن ئىلگىرىكى ئىنسانىيەت پائالىيەتلىرىدىن قېلىپ قالغان يادىكارلىقلار

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى شەھەر ئوتتۇرىسىدا ۋە شەھەر خارابىسى ئەتراپىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشتە، نورغۇن سىپتا تاش قورال ئەۋرىشكىسىنى بايقىدى ۋە يىغىۋالدى. ياساش تېخنىكىسى جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇلاردا چوقۇپ ياسالغانلىرىمۇ، تاراشلاپ ياسالغانلىرىمۇ، ھەم چوقۇپ، ھەم تاراشلاپ ياسالغانلىرىمۇ بار؛ شەكلى ۋە ئىشلىتىلىشى جەھەتتىن ئالغاندا،

تاش ئۈزەك، تاش ياپراق، تاش ئۈزەك شەكلىدىكى تاش قورال، پىچاق، قىرغۇچ، جوۋالدۇرۇز، تاش ئوقيا ئۇچى، تاش نەيزە قاتارلىقلار بار؛ رەڭگى ۋە سۈپىتى جەھەتتىن ئالغاندا، كۆلرەڭ، يېشىل، سېرىق - قوڭۇر، بېغىررەڭ قاتارلىق رەڭلەردىكى خالسېدون (چەش) لەر بار. چاقماق تېشىدىن ياسالغانلىرىمۇ بار، بۇلاردىن باشقا، يەنە سىلىقلاش ئارقىلىق ياسالغان تاش قوراللارمۇ تېپىلدى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، كىروران رايونىدا يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا، ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان، ئەگەر مۇشۇ تاش قوراللار ئەۋرىشكىسىنى ئازادلىقتىن ئىلگىرى ستەيىن، بېرگمان قاتارلىق كىشىلەر كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى دېلتىنىڭ باشقا جايلىرىدىن يىغقان تاش قورال ئەۋرىشكىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ يەردىكىلەر مەيلى سان، ياكى شەكىل ۋە سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، روشەنكى، گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇكى، بۇ يەر مۇشۇ جايدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مۇھىم جاي بولغان. ② ئۇلارنىڭ پائالىيىتى كېيىن مۇشۇ يەردىكى شەھەرنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن.

### 3) شەھەرنىڭ دائىرىسى ۋە قۇرۇلمىسى

مىڭ يىللاردىن بۇيان، ئاساسەن كۆچلۈك شەرقىي شىمال بورىنىدا يېمىرىلىش تۈپەيلىدىن قەدىمكى شەھەر ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتقا ئوخشاش ۋەيرانە، ئوي - دۆڭ يارداڭلىققا ئايلانغان ③. قەدىمكى شەھەر سېپىلى مۇشۇ يارداڭلىقلارنىڭ ئارىلىرىدا قالغان. قەدىمكى شەھەر، ئاساسەن، تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن لىنىيىسى بويىچە ھېسابلىغاندا، غەرب تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 333.5 مېتىر، جەنۇب تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 329 مېتىر، غەربىي شىمال تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 327 مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 108 مىڭ 240 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. شەھەرنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرىپىدىكى سېپىلى شەرقىي شىمال شامىلىنىڭ يۆنىلىشىگە بىر قەدەر مۇۋاپىق بولغاچقا، سېپىلنىڭ ساقلىنىپ قالغان يەرلىرى نىسبەتەن كۆپرەك. شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدىكى سېپىلنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىلا ئازراق قېلىپ قالغان، شەرق تەرىپىنىڭ قالدۇق ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 35 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 8.5 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 3.2 مېتىر، غەرب تەرىپىنىڭ قالدۇق ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 11 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 5.5 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 3.5 — 4 مېتىر كېلىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەڭلىكى تەخمىنەن 22 مېتىر كېلىدىغان شورا بار، شورانىڭ ئىككى تەرىپىدە قېلىنلىقى 0.8 مېتىردىن 1.2 مېتىرغىچە كېلىدىغان، تاختاي ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ خاڭدالغان تۆت قەۋەت توپا قاتلىمى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇ شورا شەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى بولۇشى مۇمكىن. شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى سېپىلنىڭ ئىككى پارچىسىلا قېپقالغان، ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ سەل جەنۇب تەرىپىدىكى بۆلۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 20 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 5 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى تەخمىنەن 3.3 مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ خاڭدالغان توپا قاتلىمى تۆت قەۋەت بولۇپ، قېلىنلىقى 0.7 مېتىردىن 0.95 مېتىرغىچە كېلىدۇ؛ شەرقىي جەنۇب بۆلۈكىدىكى بۆلۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1.5 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 2.5 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى تەخمىنەن 3 مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ خاڭدالغان توپا قاتلىمى يۇقىرىدىكىسىگە ئوخشاش. جەنۇب تەرەپتىكى سېپىلنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شەرق تەرىپىدە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 60.5 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 8 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 3.5 — 4 مېتىر كېلىدىغان بىر بۆلۈكى ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭ قېلىنلىقى 0.45 — 0.9 مېتىرغىچە كېلىدىغان

خاڭدالغان بەش قەۋەت توپا قاتلىمى بار؛ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بىر بۆلۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 9.5 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 5 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى تەخمىنەن 3 مېتىر كېلىدۇ؛ ئەڭ غەربتىكى بىر بۆلۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 4.5 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 6 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى تەخمىنەن 2.3 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ خاڭدالغان توپا قاتلىمى شەرق تەرىپىدىكىسىگە ئوخشايدۇ؛ ئوتتۇرا قىسمىدا، شەرق تەرەپ بىلەن غەرب تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەڭلىكى تەخمىنەن 13 مېتىر كېلىدىغان بىر شورا بار، ئۇ شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدىكى سېپىلنىڭ شوراسىغا ئاساسەن ئۇدۇل كېلىدۇ، ئۇ شەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى بولۇشى مۇمكىن. شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى سېپىلنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 13 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 5 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن بىر مېتىر كېلىدىغان بىر قالدۇق سېپىل بار. ئۇنىڭ خاڭدالغان توپا قاتلىمى ئۈچ قەۋەت بولۇپ، توپا قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 0.15 — 0.7 مېتىر كېلىدۇ؛ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شىمال تەرىپىدە شەرق ۋە غەربكە سوزۇلغان ئىككى توپادۆڭ بار، ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدىكىسى شامال يالاپ كەتكەن بىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 6 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 5 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى تەخمىنەن 2.4 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ خاڭدالغان توپا قاتلىمى ئالتە قەۋەت بولۇپ، قېلىنلىقى 0.4 — 0.48 مېتىر كېلىدۇ، غەرب تەرەپتىكى توپادۆڭ شەھەر سېپىلىنىڭ ئەسلى ئورنىغا 16.5 مېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان، ئۇنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 7.5 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 5.5 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى تەخمىنەن 5 مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ خاڭدالغان توپا قاتلىمى بەش قەۋەت بولۇپ، توپا قاتلاملىرىنىڭ قېلىنلىقى 0.6 مېتىردىن 1.2 مېتىرغىچە كېلىدۇ. شەرق ۋە غەربتىكى ئىككى دۆڭنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 4 مېتىر كېلىدۇ، ئۇ سېپىل سىرتىدىكى كىچىك شەھەر خارابىسى بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىقىلار بۇ شەھەر تازا گۈللەنگەن دەۋردىكى قورۇلۇشلارنىڭ قالدۇقلىرى بولسا كېرەك، ھەر قايسى تەرەپتىكى خاڭدالغان توپا قاتلاملىرىنىڭ نىيپىز - قېلىنلىقى ئوخشاش بولماسلىق ئەمۋالىدىن تەھلىل قىلغاندا، بۇ شەھەر كۆپ قېتىم ئايرىم - ئايرىم بىنا قىلىش ئارقىلىق قۇرۇلغان.

### 4) قەدىمكى سۇ يولى

قەدىمكى سۇ يولى شەھەرنىڭ غەربىي شىمال بۆلۈكىدىن ئەمەلدارلار تۇرغان ئۈچ ئۆي خارابىسىنىڭ كەينى ئارقىلىق شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇب بۆلۈكىگە سوزۇلۇپ، ئاساسەن دىئاگونال ھاسىل قىلىپ شەھەرنى كېسىپ ئۆتكەن. سۇ يولىنىڭ شىمالىي ئۇچى قەدىمكى شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىگە يېقىن جايدىن ئۆتكەن سۈيى تارتىلىپ كەتكەن دەريا قىنى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبىي ئۇچى قەدىمكى شەھەرنىڭ جەنۇبىغا يېقىن جايدىكى سۈيى تارتىلىپ كەتكەن دەرياغا تۇتىشىدۇ. سۇ يولىنىڭ بىر قەدەر تۈز ۋە تەكشى يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، ئۇ سۈنئىي يول ئارقىلىق بەرپا قىلىنغان بولسا كېرەك. سۇ يولىنىڭ يۈرۈلمە بەلۋېغى ئىنتايىن روشەن، ئۇزۇن يىللار سۇ ئاققانلىقتىن، يۈرۈلمە بەلۋاغدا يەنە نۇرغۇن كىچىك قۇلۇلە قاپلىرى قېلىپ قالغان. سۇ يولىنىڭ شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇب بۆلۈكىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان توغرا كەسمە يۈزىدىن سۇ يولى يۈزىنىڭ كەڭلىكىنىڭ 16.8 مېتىر، يۈزىدىن تېگىگىچە بولغان تىك چوڭقۇرلۇقىنىڭ 4.5 مېتىر، تېگىدىكى لاتقىدىن شەكىللەنگەن يۈرۈلمىنىڭ كەسمە يۈزىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنىڭ 1.9

مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆلچەپ چىقىلدى. ئۇ ھازىرقى غول ئۆستەڭلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا شەھەر ئاھالىسى مۇشۇ سۇ يولىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەنگەن بولسا كېرەك.

## 5) شەھەر ئىچىدىكى خارابىلەر

شەھەر ئىچىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇنداق: شەھەر قەدىمكى سۇ يولى ئوق سىزىق قىلىنغان ھالدا ئىككى رايونغا ئايرىلغان: بىرى شەرقىي ـ شىمالىي رايون بولۇپ، ئۇنىڭدا قېلىپ قالغان خارابىلەر ئازراق، ئۇ يەردە، ئاساسەن، بۇددا مۇنارى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قۇرۇلۇشلار بار؛ يەنە بىرى غەربىي ـ جەنۇبىي رايون بولۇپ، ئۇنىڭدا ساقلىنىپ قالغان خارابىلەر نىسبەتەن كۆپرەك، ئۇچ ئۆي خارابىسى رايوننى ھېسابقا ئالمىغاندا، غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدا يەنە چوڭ ـ كىچىك بەزى ھويلا ـ ئارامىلارمۇ بار.

شەرقىي ـ شىمالىي رايوننىڭ شىمالىي تەرىپىدە يادىكارلىق قالمىغان، شەرقىي تەرەپتە تۆت نۇقتا ئاز ـ تولا قېلىپ قالغان، بۇ تۆت نۇقتا ستەيىن ئەينى يىللاردا مۇشۇ يەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە تەسۋىرلىگەن ئەھۋالغا ئاساسەن ئوخشايدۇ. بۇ رايوندا ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى بۇددا مۇنارى بولۇپ، ستەيىن ئۇنىڭغا LA.X دەپ نومۇر قويغان، بۇددا مۇنارىنىڭ ھازىرقى قالدۇق ئېگىزلىكى 10.4 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان ھالىتىنى توققۇز قەۋەتكە بولۇشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ 1 — 3 قەۋەتلىرى توپىدا خاڭدالغان. تېگىدىكى بىر قەۋىتىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 19.5 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 18 مېتىر كېلىدۇ، مۇشۇ قەۋەتنىڭ ئاستىغا تەخمىنەن 10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا يۇلغۇن ياتقۇزۇلغان، 3 ـ قەۋىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ساپال پارچىلىرى چىققان. ستەيىن بۇ 3 قەۋەتنى مۇنارنىڭ ئۇل قىسمى دەپ قارىغان، ئۇ: ئۇل قىسمىنىڭ ئۈستىدە «ئەنئەنىگە ئۇيغۇن سەككىز گىرۋەكلىك بىنا بولغان» دېگەن. ھازىر ئۇنىڭ شەكلىنى پەرق ئېتىش ناھايىتى تەس. مۇنارنىڭ 4 ـ قەۋىتىدىكى خاڭدالغان توپا ئارىسىدىن كېسەكلەر بايقالدى. 5 ـ قەۋەتنىڭ ئۈستى پۈتۈنلەي كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، ھەربىر قەۋەت كېسەك ئارىسىغا يەنە 10 — 15 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا يۇلغۇن چىۋىقلىرى باستۇرۇلغان. 6 ـ قەۋەتتە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر مېتىر كېلىدىغان تۆشۈكى بار تۆت چاسا ياغاچ كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ، مۇنارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مۇنارغا يانداشتۇرۇپ كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان كىچىك سۇپا بار، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى مۇنارنىڭ 5 ـ قەۋىتىگە تەڭ كېلىدۇ، سۇپا بىلەن مۇنار ئوتتۇرىسىدا مۇنار ئۈستىگە چىققىلى بولىدىغان ياننتۇلۇق بار. سۇپا ئوتتۇرىسىغا دىئامېتىرى تەخمىنەن 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان يۇمىلاق ياغاچ ۋە بەزى ئۇزۇنچاق چاسا ياغاچلار توغرىسىغا قويۇلغان، ئۇلار بىنا قالدۇقى بولۇشى مۇمكىن.

مۇنارنىڭ تەخمىنەن 60 مېتىر جەنۇبىدىكى توپادۆڭدە نۇرغۇن چوڭ ـ چوڭ ياغاچلار بار، ستەيىن بۇ يەرگە LA.I دەپ نومۇر قويغان، ئۇ بۇ يەرنى قېزىپ، خەنزۇچە خەت يېزىلغان 3 پارچە ياغاچ تاختا، كارۇشتى يېزىقى يېزىلغان 2 پارچە ياغاچ تاختا، 3 ياغاچ تارشا، شۇنىڭدەك خەنزۇچە يېزىق ۋە كارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان 14 پارچە خەت ـ ئالاقىنى تاپقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 27 ـ يىلى (1901 ـ يىلى) سېۋېن ھېدىنمۇ بۇ يەرنى قېزىپ، كارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان خەت ـ ئالاقىلەرنى تاپقان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە يىپەك، يۇڭ توقۇلما ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمان قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ يىغىۋالغان. بىز بۇ يەردە يىپەك، يۇڭ توقۇلمىلارنى يىغىۋالغاندىن سىرت، يەنە 5 مىسقاللىق يارماقلارنى، خالسېدون، ئەينەكتىن ياسالغان ھەر خىل رەڭدىكى مارجان ۋە يات ئەللەرنىڭ دېڭىز بويلىرىدىن كەلگەن قۇلۇلە، مارجان

قاتارلىقلارغىمۇ ئىگە بولىدۇق. بۇ بۇيۇملار بۇرۇنقى ۋاقىتتىكى «يىپەك يولى»دىكى سودا ئۆتەڭگى بولغان شەھەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

مۇنارنىڭ جەنۇبىدىكى توپادۆڭنىڭ تەخمىنەن 80 مېتىر جەنۇبىدىكى دۆڭدە ئورۇلۇپ چۈشكەن ئۆيلەرنىڭ ئىزى بار، ئۆيلەرنىڭ تاملىرى بىر - بىرىگە چىگىلگەن قومۇش باغلاملىرى بىلەن ياسالغان، ستەيىن بۇ يەرگە LA. Ⅶ دەپ نومۇر قويغان، ئۇ بۇ يەردە ياغاچ تاغاق، چۆچەك، تۆمۈردىن ياسالغان ئوقيا ئۇچى ۋە ھەرخىل رەڭدىكى يىپەك، يۇڭ توقۇلمىلارنى يىغىۋالغان. بىز بۇ يەردە يىپەك، يۇڭ توقۇلمىلارنى يىغىۋالغاندىن سىرت، يەنە خالىسېدوندىن ياسالغان مارجان ۋە تۆمۈردىن ياسالغان ئوقيا ئۇچىغىمۇ ئىگە بولدۇق.

بۇ يەردە مۇنارنىڭ شەرقىي تەرىپىدە، مۇنارغا تەخمىنەن 30 نەچچە مېتىر كېلىدىغان جايدىمۇ بىر كىچىك دۆڭ بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغاچ ماتېرىياللىرى رەتسىز دۆۋىلەپ قويۇلغان. ستەيىن بۇ يەرگە LA. IX دەپ نومۇر قويغان، ئۇ بۇ يەردىن كارۋشتى يېزىقى يېزىلغان بىر ياغاچ تاشنى تېپىۋالغان، ياپونىيىلىك چاڭزېچىجۇن بۇ يەرنى راھىبلار ئۆيى دەپ ھۆكۈم قىلغان⑧. بىز ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ ئاستىنى سىناق تەرىقىسىدە قېزىپ، دۆۋىلەپ قويۇلغان ساپېرىق ئاشلىقنى بايقىدۇق. ئاشلىق دۆۋىسىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 70 سانتىمېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 100 سانتىمېتىر كېلىدۇ. سىچۈەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورلىرىدىن يەن چى، ياڭ جۇنلياڭلار ئاشلىقنىڭ ئەۋرىشكىسىنى باھالاپ، ئۇنىڭ تېرىق ۋە يالىڭاچ ئارپا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

غەربىي - جەنۇبىي رايوندا قېلىپ قالغان بىنالار خارابىسى ∩ شەكىللىك بولۇپ، ئۇنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ ئۆيگە ستەيىن LA. Ⅱ دەپ نومۇر قويغان. ئۈچ ئۆينىڭ ھول سىزىقىدىن ئۆلچىگەندە ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى 12.5 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە كەڭلىكى 8.5 مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 106.25 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. شەرق بىلەن غەرب تەرەپتىكى 2 ئېغىز ئۆي تار ۋە كىچىكرەك، ئوتتۇرىدىكى ئۆي كەڭ ۋە چوڭراق بولۇپ، چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، كېسەكنىڭ بىر خىلى 10×23×42 سانتىمېتىر، يەنە بىر خىلى 10×27×17 سانتىمېتىر كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 27 - يىلى (1901 - يىلى) سېۋىن ھېدىن كونا چىقىش تەرەپتىكى كىچىك بىر ئېغىز ئۆيدىن خەنزۇچە يېزىقتا قەغەزگە پۈتۈلگەن 36 پارچە ھۆججەت، 120 پارچە خەنزۇچە خەت يېزىلغان ياغاچ تاختا قېزىۋالغان⑨. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 32 - يىلى (1906 - يىلى) ستەيىن بۇ يەردىن يەنە خەنزۇچە خەت پۈتۈلگەن نۇرغۇن قەغەز ھۆججەت ۋە ياغاچ تاختىغا ئىگە بولغان. ⑩ بىز ئېنىقلىغاندا، كونا چىقىش تەرەپتىكى بۇ بىر ئېغىز ئۆيگە F1 دەپ نومۇر قويدۇق، قەغەزگە پۈتۈلگەن بىر پارچە ھۆججەت ۋە بەزى مەشۇت، يىپەك رەخت، پاختا رەخت ۋە دولقۇنسىمان يوللۇق كىمخاب ۋە كىچىك ساپال قاچا قاتارلىق نەرسىلەرنى بايقىدۇق.

ئۈچ ئۆينىڭ كونا چىقىش ۋە كونا پېتىش تەرەپتىكى ئىككى ئۆيى ياغاچ جازىلىق قىلىنىپ، ئارىسىغا يۇلغۇن چىۋىقلىرى ئېلىنىپ، ئۈستىگە سامانلىق لاي سۇۋۇلۇپ سېلىنغان، كونا پېتىش تەرەپتىكى ئۆينىڭ چوڭ ياغاچ جازىلىرى تاھازىرغىچە ساقلانماقتا. ستەيىن بۇ يەرگە LA. Ⅲ دەپ نومۇر قويغان، ئۇ بۇ يەردىن تەخمىنەن 37 پارچە خەنزۇچە خەت پۈتۈلگەن ياغاچ تاختا ۋە كارۋشتى يېزىقى پۈتۈلگەن ئىككى ياغاچ تاختا قاتارلىق نەرسىلەرگە ئىگە بولغان⑪. كونا چىقىش تەرەپتىكى ئۆيدىن چوڭ ياغاچ جازا، يېيىلىپ ياتقان ياغاچ ماتېرىياللار ۋە يۇلغۇن چىۋىقلىق تاملارنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىز چوڭ چاسا ياغاچلاردىكى قىزىل سىر قاسراقلىرىنى بايقىدۇق.

ئۈچ ئۆينىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە، ستەيىن LA. Ⅱ. Vi ۋە Vii دەپ نومۇر قويغان جايدا، شەرقتىن غەربكە قاتار سېلىنغان ئىككى ئېغىز ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭ ئارا تېمى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. ستەيىن مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى) بۇ ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئالدىدىن «خەنزۇ يېزىقىدا قەغەزگە پۈتۈلگەن قىممىتى بار نۇرغۇن ھۆججەتلەر ۋە ئىككى پارچە سوغدى يېزىقىدىكى ھۆججەت»نى قېزىۋالغان⑫. بىز بۇ يەرنى يېڭىۋاشتىن ئېنىقلاپ، ئۇنىڭغا F3 دەپ نومۇر قويدۇق، بىر پارچە ياغاچ تارشا ۋە ئۈستىخاندىن ياسالغان غىلاپ، رەڭدار نەقىشلىك ياغاچ پارچىسى، يۇڭ رەخت ۋە كىگىز پارچىسى، چورۇق، يۇڭدىن توقۇلغان يىرتىق خالتا، ئەسكى كىگىز پايپاق، يىپ رەخت، قېنىق يېشىل رەڭلىك شايى قاتارلىقلارنى بايقىدۇق.

ئۈچ ئۆينىڭ كۆن پېتىش تەرىپىدىكى يان ئۆينىڭ غەربىدە، ئۆيگە تۇتىشىپ كەتكەن بىر دۆڭدە قومۇش شاخلىرى ۋە ئېغىلدىن چىقىرىلغان قىغلار ئاساس قىلىنغان بىر ئەخلەت دۆۋىسى بار، بىز بۇ يەردە بىر چۆنەك ئاچتۇق ۋە ئۇنىڭغا T1 دەپ نومۇر قويدۇق، چۆنەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 مېتىر، كەڭلىكى 1.5 مېتىر، غەربتىن جەنۇبقا چوڭقۇرلۇقى 30 سانتىمېتىر، شەرقتىن شىمالغا چوڭقۇرلۇقى 80 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر ياغاچ تارشا ۋە كاتەكچە گۈللۈك يۇڭ رەخت، يىپ رەخت پارچىلىرى، يۇڭ ئارغامچا، يۇڭ پوتا، سۇنۇپ كەتكەن سىرلىق قاچا، ياغاچ تاغاق قاتارلىق نەرسىلەر چىقتى.

ئۈچ ئۆينىڭ 35 مېتىرچە كۆن پېتىش تەرىپىدە چوڭ بىر ئەخلەت دۆۋىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ توغرىسىغا كەڭلىكى تەخمىنەن 30 مېتىر، ئۇزۇنىغا كەڭلىكى تەخمىنەن 15 مېتىر، ئەڭ قېلىن يېرى تەخمىنەن 1 مېتىر كېلىدۇ، شەرقىي جەنۇب تەرىپى غەربىي يان ئۆي تەرەپتىكى ئەخلەت دۆۋىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ستەيىن بۇ يەرگە LA. VI. ii دەپ نومۇر قويغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 32 ـ يىلى (1906 ـ يىلى)، ئۇ بۇ يەرنى قېزىپ، ئەڭ مول، ئەڭ مۇھىم نەتىجىگە ئىگە بولغان، «ياغاچقا ۋە قەغەزگە خەنزۇچە پۈتۈلگەن ھۆججەتلەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ، مەن شۇ چاغدا ساناپ كۆرۈۋىدىم، تەخمىنەن 170چە چىقتى، بۇنىڭ 121 پارچىسى M . ساۋۋەننىڭ «ھۆججەتلەر»دە ئېلان قىلىندى، قالغانلىرى ئۇششاق پارچىلار ياكى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تونۇغىلى بولمايدىغان ھۆججەتلەر»⑬. بۇ يەردە ئۇ يەنە كارۇشتى يېزىقىدا خەت پۈتۈلگەن 4 ياغاچ تاختا، قەغەزگە يېزىلغان 4 ھۆججەتنى ۋە دەسلەپ مەزگىلدىكى سوغدى تىلىدا يېزىلغان بىر قەغەز پارچىسىنى تېپىۋالغان. مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى) ئۇ بۇ يەرگە قايتا كېلىپ، يەنە 40تىن ئارتۇق ياغاچ پارچىسى ۋە قەغەزگە خەنزۇچە پۈتۈلگەن ھۆججەت ۋە كارۇشتى يېزىقى يېزىلغان بىر ياغاچ تاختىغا ئىگە بولغان⑭. بىز بۇ يەرنى قايتا ئېنىقلاپ، ئۇنىڭغا T دەپ نومۇر قويدۇق، 60 ياغاچ تارشا ۋە قەغەزگە پۈتۈلگەن بىر ھۆججەتنى تاپتۇق.

ئۈچ ئۆي شەھەردىكى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان بىردىنبىر ئۆي بولۇپ ناھايىتى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بىز بۇنى بۇ يەردىن ۋە بۇ يەرگە يېقىن كېلىدىغان جايدىكى ئەخلەت دۆۋىسىدىن چىققان نۇرغۇن ياغاچ تارشا ۋە قەغەز ھۆججەتلەر بىلەن باغلاپ، بۇ يەرنى يامۇل مەھكىمىسىنىڭ خارابىسى دەپ ھۆكۈم چىقاردۇق.

چوڭ ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە بىر گۇرۇپپا چوڭ قورۇ بار، قورۇنىڭ شەكلىنى ھازىرمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدۇ، ستەيىن ئۇنىڭغا LA. IV دەپ نومۇر قويغان. بىز بۇ يەرنى ئۆلچىدۇق ۋە قىسمەن رەتلىدۇق. ئۇنىڭغا F4 دەپ نومۇر قويدۇق. قورۇ كۆن چىقىشقا قارىتىپ سېلىنغان، قورۇنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى تەخمىنەن 16 مېتىر، جەنۇبتىن

شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 22 مېتىر، ئۇنىڭ مەركىزىي قىسمىغا چۈشكەن بىر گورۇپپا ئۆي بىر قەدەر مەزمۇت سېلىنغان. ستەيىن بۇ يەرنى ئېنىقلاپ، LA. IV. i ۋە ii دەپ نومۇر قويغان، ii نومۇرلۇق يەردىن كارۇشتى يېزىقىدا خەت پۈتۈلگەن 3 پارچە ياغاچ تاختا چىققان، ئۇ بۇ يەرنى «يەرلىكلەر ھۆكۈمىتى» دەپ قارىغان⑮. بۇ بىر گورۇپپا ئۆينىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە چوڭ بىر دەرۋازا بوسۇغىسى بار بولۇپ، بىز دەرۋازا بوسۇغىسىنىڭ ئاستىدىكى چىرىگەن ياغاچنى يىغىۋالدۇق ھەم ئۇنىڭغا F4:2 دەپ نومۇر قويدۇق ۋە ئۇنى دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنىغا ئېنىقلاتتۇق، ئۇلار كاربون 14 ئارقىلىق ھېسابلاپ، دەرەخ يىل ھالقىسى بويىچە ئۇنىڭغا 80±1865 يىل (1950 - يىلدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا) بولغانلىقىنى بېكىتتى. بۇ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. دەرۋازا بوسۇغىسىدىن ئىچكىرىلەپ كىرىپ يەنە بىر ئىشىك بوسۇغىسىدىن ئۆتسەك چوڭ زالغا كىرىمىز، چوڭ زالنىڭ جەنۇبتىن شىمالغىچە كەڭلىكى 7 مېتىر، شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى 7.5 مېتىر. چوڭ زالنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرىپى قاتار چۈشكەن يان ئۆيلەر بولۇپ، جەنۇبتىكى يان ئۆي شەرقتىن غەربكە توغرىسىغا سېلىنغان 3 ئېغىز ئۆيدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ شەرقتىكى بىر ئېغىزىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە ھويلىدىن سىرتقا چىققىلى بولىدىغان بىر يان ئىشىك بار. خارابىدىن پەرق ئېتىلىشىچە، شىمالدىكى يان ئۆيمۇ توغرىسىغا قاتار چۈشكەن 3 ئېغىز ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭ غەربتىكى بىر ئېغىزىنىڭ شىمالىي تېمىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بىر ئىشىك بوسۇغىسى بار، ئىشىك بوسۇغىسىدىن چىقساقلا تامنىڭ دوقمۇشىغا توغرا كېلىمىز، بىز ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر دانە ئادەم شەكىللىك ياغاچنى ئېنىقلاپ چىقتۇق. بۇ دوقمۇشتىن ھويلا سىرتىغا چىققىلى بولىدۇ. پۈتكۈل ھويلا تاملىرىدىن ستەيىننىڭ ئېنىقلىشىدىن كېيىن ئەسلى قىياپىتىنى يوقاتقانلىرىدىن باشقىلىرى تىك تۇرغۇزۇلۇپ ياغاچ جازىغا تېگىشلىغان، ئارىسىغا قومۇش ئارىلاشتۇرۇلغان يۇلغۇن چىۋىق باغلاملىرىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە لاي سۇۋالغان. چوڭ قورۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قومۇشتىن ياسالغان چىتلاق بىلەن قورشالغان پاكار تام بولۇپ، ئۇ بىر چوڭ ھويلا بولسا كېرەك. شەھەر سېپىلىنىڭ ئەسلى ئورنىدىن قارىغاندا، ئۇ شەھەرنىڭ غەربىدىكى سېپىل بىلەن تۇتىشىدىكەن.

بۇ چوڭ قورۇنىڭ 9 مېتىرچە شەرقىدىمۇ بىر پارچە ئەخلەتلىك بار، بىز بۇ يەردە بىر چۆنەك قازدۇق ۋە ئۇنىڭغا F2 دەپ نومۇر قويدۇق، چۆنەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 مېتىر، كەڭلىكى 1.5 مېتىر، شەرقىي جەنۇبىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 0.3 مېتىر، غەربىي شىمالىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 0.5 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ يەردىن بالىلارنىڭ خۇرۇم ئايىغى، يۇڭ ئارغامچا، يۇڭ پوتا ۋە پاختا رەخت قاتارلىق نەرسىلەر چىقتى.

ئۈچ ئۆينىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە بەزى ئۆيلەر بولۇپ، ستەيىن ئۇنىڭغا LA. VII دەپ نومۇر قويغان. ساقلىنىپ قالغان خارابىلەردىن قارىغاندا، بۇ ئۆيلەر پاكار ئىكەن. بىز پۈتۈنرەك ساقلىنىپ قالغان بىر گورۇپپا ئۆينى تاللاپ ئۆلچىدۇق ۋە قېزىپ كۆردۇق ھەم ئۇنىڭغا F2 دەپ نومۇر قويدۇق. F2 نومۇرلۇق ئۆيلەر ئۈچ ئۆيگە تەخمىنەن 100 مېتىرچە كېلىدۇ، ئۇ جەنۇب ۋە شىمالدىكى 2 ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان، شىمالدىكىسى B ئۆي بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 4.6 مېتىر، كەڭلىكى 3.5 مېتىر كېلىدۇ، جەنۇبتىكىسى A ئۆي بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 4.8 مېتىر، كەڭلىكى 3.4 مېتىر كېلىدۇ. ئىككى ئۆينىڭ ھەممە تاملىرى يۇلغۇن چىۋىقلىرى بىلەن قومۇش ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان تاملار بولۇپ، قېلىنلىقى تەخمىنەن 20—25 سانتىمېتىر كېلىدۇ. B ئۆيدىن ياغاچ ئىشىك، ئۈستىخانىغا نەقىشلەنگەن ئىمزا، ئادەم شەكىللىك

ياغاچ، قوينىڭ ئىڭەك سۆڭىكى، پۆچۈق ئاياغ سوغا، شۇنىڭدەك مىس، تۆمۈر داشقاللىرى قاتارلىق نەرسىلەر ئېنىقلاپ چىقىلدى. A ئۆيدىن كەمتۈك ياغاچ ئوغۇز، ياغاچ كۈپ، ياغاچتىن ياسالغان يىپ ئېگىرىش چاقى، تۆمۈر پارچىسى شۇنىڭدەك كالا، قوي ئۇستىخىنى قاتارلىق نەرسىلەر ئېنىقلاپ چىقىلدى. بىز A ئۆينىڭ مەركىزي قىسمىدىن ئۇزۇنلۇقى 1.2 مېتىر، كەڭلىكى 1 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 0.95 مېتىر كېلىدىغان بىر ئورەك ئېچىپ، يەر قاتلىمىنىڭ ئىككى قەۋەتكە بۆلۈنىدىغانلىقىنى بايقىدۇق، ئۈستۈنكى قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى 30 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى تۇپا كۆيۈپ قىزارغان، يەردىن قوي، كالا ۋە ئات ئۇستىخانلىرى، ئېرىق قاسرىقى، ياغاچ كۆمۈرى قاتارلىقلار چىقتى؛ ئاستىنقى قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى 65 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى تۇپا كۈلرەڭ، ئۇ يەردىن كالا، قوي ئۇستىخانلىرى چىققاندىن سىرت، ئات تۈكى، يۇڭ ئارغامچا ۋە كۈلرەڭ ساپال پارچىسىمۇ چىقتى. F2 نومۇرلۇق ئۆيلەر بىلەن F4 نومۇرلۇق ئۆيلەرنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار جايلاشتۇرۇلۇشىدىن تارتىپ ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللىرىغىچە تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، دېمەك F4نىڭ ئەمەلدار ۋە چوڭ سودىگەرلەرنىڭ قورۇسى، F2نىڭ ئادەتتىكى نامرات پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى ئىكەنلىكى ئېنىق.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى شەھەردە ۋە شەھەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن ھەرخىل بۇيۇملارنىڭ نۇرغۇن ئەۋرىشكىسىنى يىغىۋالدى ھەم ئۇلارغا بىر تۇتاش C دەپ نومۇر قويدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدا دېيىلگەن تاش قوراللاردىن سىرت، قىزىل رەڭلىك ساپال قاچا، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، ياغاچ ئۇستىخان، مۇڭگۈز، ئەينەك سايمان ۋە پۇل قاتارلىقلارمۇ بار. ئۇلار يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە بولغان دەۋرگە مەنسۇپ.

## 2. شەھەر ئەتراپىدىكى يادىكارلىقلار

### 1. شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كىچىك بۇددا مۇنارى

كىچىك بۇددا مۇنارى قەدىمكى شەھەرنىڭ 4 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا F0 دەپ نومۇر قويدۇق. مۇنار قالدۇقىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 6.28 مېتىر بولۇپ، ئۈستۈنكى قىسمى ۋە ئاستىنقى قىسمىدىن ئىبارەت 2 قىسمىدىن تەركىب تاپقان، ئاستىنقى قىسمى مۇنارنىڭ تۇل قىسمى بولۇپ، شەكلى تۆت چاسا شەكىلگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ كەڭلىكى 7.1 مېتىر، ئېگىزلىكى 4.6 مېتىر كېلىدۇ. تۇل قىسمىنىڭ ئۈستى مۇنار بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزي قىسمىدا كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ھالقىسىمان ئىمارەت، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياغاچ تۈۋرۈك بار. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 32 - يىلى (1906 - يىلى) ستەيىن بۇ يەرگىمۇ كەلگەن، ئۇ «بۇ يەردە قازغۇدەك بىر نېمە يوق» دەپ قارىغان[16]. بىز ھالقىسىمان ئىمارەتنى ئېنىقلاۋېتىپ، ھالقىسىمان سۇپىنىڭ ئەتراپىدا بۇددا دىنىغا ئائىت رەڭگارەڭ تام رەسىملىرىنىڭ بارلىقىنى بايقىدۇق، بۇ رەسىملەردە قىزغۇچ تۇپا ئاساسىي رەڭ قىلىنغان، رەسىملەرنىڭ ئىزناسى قارا سىياھ بىلەن سىزىلغان، ئۇسلۇبى ساددا بولۇپ، ستەيىن مىرەندىن قېزىپ ئېلىپ كەتكەن ئادەم باشلىق قوش قاناتلىق ھايۋاننىڭ رەسىمىگە ئوخشاپ كېتىدۇ[17]. ھالقىسىمان سۇپىنىڭ كارىدورىدىن بىر يەنە بۇت ھەيكىلىنىڭ بىر كۆزى، 3 بارمىقى، يېرىم بىلىكى ۋە بۇت ھەيكىلى ياساشتا ئىشلىتىلگەن ياغاچ گۈللۈك بېزەك قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ ئېنىقلاپ چىقتۇق.

كىچىك بۇددا مۇنارىنىڭ 100 مېتىرچە غەربىي شىمالىدا قالايمىقان تاشلانغان بىر دۆۋە ياغاچ بار، ئۇ بۇ يەرنىڭ ئەسلىدە بىر ئىمارەت بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىز كىچىك بۇددا مۇنارى ۋە بۇ بىر دۆۋە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئەتراپىدىن نۇرغۇنلىغان سىپتا تاش قورال، مىستىن ياسالغان ئوقيا ئوقىنىڭ ئۇچى، ئىككى خىل دەۋرىدىكى 5 مىسقاللىق يارماق، ۋاڭ ماڭ دەۋرىدىكى پۇل، مىس ئەينەك پارچىسى، مىس ئويماق، تۆمۈر مىخ، قوغۇشۇندىن ياسالغان يىپ ئېگىرىش چاقى، ساپال پارچىسى، ئەينەك پارچىسى قاتارلىقلارنى يىغىۋالدۇق.

## 2. شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تۇر

تۇر قەدىمكى شەھەرنىڭ 5.6 كىلومېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 32 - يىلى (1906 - يىلى) ستەيىن خاتا ھالدا ئۇنى «تاشلىۋېتىلگەن بىر كىچىك بۇددا مۇنارى»[18] دەپ ھېسابلىغان. تۇر ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 18.7 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى 10.2 مېتىر، تىك كەسمە يۈزىدىن قارىغاندا، ئىچكى، تاشقى قۇرۇلمىسى ئوخشاش ئەمەس، ئىچكى قىسمى خاڭدالغان تۇپا بولۇپ، شەكلى سەل يۇمىلاقراق، چۆرىسى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، بەزى كېسەكلەرنىڭ ئارىسىغا ئۇششاق ياغاچ تاختا ياكى يۇلغۇن چىۋىقلىرى ئېلىنغان، كېسەكنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى شەھەردىكى ئەمەلدار مەھكىمىسى ئىمارىتىگە ئىشلىتىلگەن چوڭ كېسەكچە كېلىدۇ. بىز بۇنىڭغا قاراپ، بۇ كېسەك قۇرۇلمىنىڭ تۇرنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ياكى مۇستەھكەملەشكە ئىشلىتىلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇردۇق. ئۇ ياسالغان ۋاقىت ئەمەلدار مەھكىمىسى ئىمارىتى سېلىنغان ۋاقىت بىلەن ئوخشاش بولۇشى، تۇرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى تاشقى قۇرۇلمىسىدىن بالدۇر ياسالغان بولۇشى مۇمكىن.

## 3. شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئىمارەت خارابىسى

قەدىمكى شەھەرنىڭ شىمالىنىڭ سەل غەربىدە، شەھەرگە 5.2 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بىر كىچىك دۆڭ بار. ئۇ شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 6 مېتىر كېلىدۇ. بىز ئۇنىڭغا B دەپ نومۇر قويدۇق، دۆڭدە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن نۇرغۇن ياغاچ كېسەكلەر ۋە ئۇششاق ياغاچ بۇيۇملار بار. دۆڭنىڭ شىمالىي تەرىپىدە، دۆڭگە تەخمىنەن 30 مېتىر كېلىدىغان جايدىمۇ تاشلىۋېتىلگەن ئۆيلەرنىڭ ياغاچ ماتېرىياللىرى قالايمىقان دۆۋىلىنىپ تۇرىدۇ. بىز بۇ يەردىن سىپتا تاش قوراللار، ئەينەك مونچاق، قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان يىرىك ساپال پارچىسى ۋە مىستىن ياسالغان ئوقيا ئوقىنىڭ ئۇچى، يارماق، مىس تۈگمە، پۇچۇق مىس داڭقان قاتارلىقلارنى يىغىۋالدۇق.

بۇنىڭدىن سىرت، شەھەرنىڭ 14.5 كىلومېتىر غەربىي شىمال تەرىپىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىمۇ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق، ستەيىن بۇ خارابىگە LB دەپ نومۇر قويغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 27 - يىلى (1901 - يىلى) سېۋېن ھېدىنمۇ بۇ يەرنى قازغان. ئۇلار بۇ يەردىن بۇتخانا خارابىسى، بۇتنىڭ سۇنۇقلىرىنى قېزىپ چىققاندىن تاشقىرى، كاندىراچە ئويما نەقىشلىك بېزەك تاختا ۋە قاپارتما نەقىشلىك سەنئەت بۇيۇملىرىنى شۇنىڭدەك كارۋشتى يېزىقىدا ياغاچقا يېزىلغان خەت - ئالاقە، ياغاچتىن ياسالغان مۆھۈر قوتىسى قاتارلىقلارنىمۇ تاپقان. بىز بۇ يەرگە XB دەپ نومۇر قويدۇق ۋە بۇ يەردىن ئاساسەن ساپال قەدەھ، ساپال كوزا ۋە 5 مىسقاللىق يارماق قاتارلىق يادىكارلىقلارنى يىغىۋالدۇق.

## 3. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە 797 پارچە مەدەنىيەت يادىكارلىقى قېزىۋېلىندى، ئۇلار تاش، ساپال، ياغاچ، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، ئەينەك، ئۇستىخان، قۇلۇلىلەردىن ياسالغان بۇيۇملار ۋە توقۇلما، 5 مىسقاللىق يارماق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### 1) تاش قورال

تاش قورال جەمئىي 106 بولۇپ، ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن ئىبارەت.

سىپتا تاش قورال 82. بۇلار يونۇش ياكى تاراشلاش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدۇر، ئۇلارنىڭ تولىسى خالسېدون (چەش) ۋە چاقماق تېشىدىن ياسالغان.

تاش ئۈزەك 2.

ياپىلاق تاش 53. ئۇلار شەكلىگە قاراپ 5 خىلغا بۆلۈنىدۇ: تاق يۈزلۈك ياپىلاق تاش، ئۇنىڭ كەسمە يۈزى ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، ئۇنى تاراشلىمايلا ئىشلەتكىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ بىسىنىڭ بىر تەرىپى ياكى ئىككى تەرىپىدە ئىشلەتكەنلىكىنىڭ ئىزى بار؛ قوش يۈزلۈك ياپىلاق تاش، ئۇنىڭ كەسمە يۈزى شوتىسىمان بولۇپ، ئادەتتە بىرلا قېتىم تاراشلاپ ياسىلىدۇ، بىسىنىڭ بىر تەرىپى ياكى ئىككى تەرىپىدە ئىشلەتكەنلىكىنىڭ ئىزى بار؛ ئۈچى كېسىلگەن ياپىلاق تاش، ئۇنىڭ بىر ياكى ئىككى ئۈچى كېسىلگەن، ئېھتىمال ئۇستىخان ياكى ياغاچتىن ياسالغان دەستىگە بېكىتىپ ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن؛ چاچ قىسقۇچ شەكىللىك ياپىلاق تاش، كەينى يۈزى سەل ئىگىلگەن، توغرىسىغا قويۇپ قارىغاندا، چاچ قىسقۇچقا ئوخشاپ قالىدۇ، ئالدى يۈزى سىلىقراق. بىر ئۇچىنىڭ يۈزىدە قۇلۇلە شەكىللىك روشەن سۇنۇق بار، بىسىدە ئومۇمەن ئىشلەتكەنلىكىنىڭ ئىزى بار؛ قېلىپسىز ياپىلاق تاشلار، ئۇلارنىڭ پەقەت كەينى يۈزىلا بار، يۈزلىرى تاراشلانمىغان، كۆپىنچىسىنىڭ بىسىدە ئىشلەتكەنلىكىنىڭ ئىزى بار.

تاش ئۈزەك 3. بېسىش ئارقىلىق بىر بۆرجىكى ياكى بىر پارچىسى سۇندۇرۇۋېتىلىپ، سەل تاراشلاش ئارقىلىق ياسالغان.

يۇپقا تاش 16. ئۇ مۇنداق 3 خىلغا بۆلۈنىدۇ: قىرلىق كىچىك پىچاق، ئەسلىدىكى يۇپقا تاشنىڭ قېلىنراق كەلگەن يۈزى تەتۈر يۆنىلىش بويىچە ئىككى تەرەپكە تاراشلىنىپ قۇلۇلە شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ، تەكشى، ئۆتكۈر ئىككى بىسلىق قىلىپ ياسالغان، بەزىلىرىنىڭ بىسى تاراشلانغان؛ قىرغۇچنىڭ بىسى كۆپرەك، ئىككىنچى قېتىم ئىشلەنگەن، ئۇنىڭ تەخسە شەكىللىك، تىك بۇلۇڭ شەكىللىك ۋە ئەگرى بۇلۇڭ شەكىللىك 3 خىلى بار؛ بىگىز - ئۇشكە تۈۋى كەڭ ۋە قېلىنراق بولۇپ، ئۇچىغىچە بارا - بارا ئىنچىكىرەپ بارغان. ھەممە يېرى تۈزەشتۈرۈپ ياسالغان.

تاش ئوقيا ئۇچى 6. پۈتۈن يېرى تۇجۇپىلەپ تاراشلانغان. شەكلىگە قاراپ، دارچىن يوپۇرمىقى شەكىللىك تاش ئوقيا ئۇچى ۋە ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك تاش ئوقيا ئۇچى دېگەن 2 خىلغا بۆلۈنىدۇ.

تاش نەيزە 2.

سۈركەش ئارقىلىق ياسالغان تاش قورال 17. ئاساسلىقى مۇنۇلار: تاش يىگنە بىر؛ بىلەي 8، ئۇلارنىڭ باش قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆشۈك تېشىلگەن، كۆپ قېتىم ئىشلىتىلگەنلىكتىن

سۇنۇپ كەتكەن، يۇمىلاق باشلىق ۋە چاسا باشلىق دەپ 2 خىلغا بۆلۈنىدۇ. چاسا باشلىق بىلەي ئاساسەن ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە بولۇپ، تۆت تەرىپى سىلىقلانغان؛ تاش توقماق 4، شەكلى ئۆلچەمسىز بولۇپ، تىك تۆت بۇلۇڭلۇق شەكىلدىكىسى، پىرىزما شەكىلدىكىسى، كونۇس شەكىلدىكىسى ۋە تۈۋرۈك شەكىلدىكىسىمۇ بار؛ تاش يارغۇنچاق 4، ئومۇمەن ئىشلىتىلگەن، كەمتۈك، يېرىم چەمبەر شەكىللىك ۋە ئۇزۇنچاق شەكىللىك دەپ 2 خىلغا بۆلۈنگەن.

باشقا تاش قوراللار جەمئىي 5. ئاساسلىقى مۇنۇلار: تاش قوشۇق بىر، سىرپېنتىندىن ياسالغان، ئارازا تېشىنىڭ بىر تەرىپى كاۋاك قىلىپ ئويۇلۇپ قوشۇق ئورنىدا ئىشلىتىلگەندەك قىلىندۇ. ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە ئەگمە قۇلىقى بار؛ تاش مۆھۈر بىر، سىرپېنتىندىن ياسالغان، ئوق ۋە تەتۈر يۈزىگە رام شەكىللىك سىزىقچىلار چۈشۈرۈلگەن. بۇ ئىككى بۇيۇم خەن، ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىدىن كېيىنكى بۇيۇملار بولۇشى كېرەك.

## 2) ساپال قاچىلار

ساپال قاچا جەمئىي 129.

ئېگىرىش چاقى 29. مۇتلەق كۆپ قىسمى ساپال پارچىسىدىن ياسالغان. بۇنىڭ 8ى ساپال پارچىسىنى ئۇرۇپ سوقۇپ يۇمىلاق شەكىلگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، بەزىلىرى سىلىقلانغان، بەزىلىرى سىلىقلانمىغان. يېرىم تەييار بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ چوڭلىرىنىڭ دىئامېتىرى 7 سانتىمېتىر، ئەڭ كىچىكلىرىنىڭ 4.5 سانتىمېتىر، ئەڭ قېلىنلىرىنىڭ قېلىنلىقى 1.5 سانتىمېتىر، ئەڭ نېپىزلىرىنىڭ نېپىزلىكى 0.7 سانتىمېتىر. ئۇلارنىڭ 20سى يېرىم تەييار بۇيۇم ئاساسىدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن.

كوزا 29، ھەممىسى پۇچۇق. ئاساسلىقى مۇنۇلار: قىسقا بويۇنلۇق، كۆۋرۈكسىمان قۇلاقلىق كوزا. ئېغىزى چاسا شەكىللىك، سەل ئوچۇق، كۆۋرۈكسىمان قۇلىقى بار، مۈرىسى يايسىمان، سىدام؛ ئۇزۇن بويۇنلۇق، ئەگرى مۈرىلىك كوزا، ئېغىزى ئوچۇق، بويىنى قىيسىق؛ تۇتقۇچلۇق كوزا، ئېغىزى تۈز ھەم يۇمىلاق، بويىندا ياكى مۈرىسىدە تۇتقۇچى بار.

چەينەك 6، ھەممىسى پۇچۇق. ئاساسلىقى مۇنۇلار: ئۇزۇن بويۇنلۇق چەينەك، ئاغزى كانايسىمان، لېۋى ئۈچلۈق، بويىنى ئۇزۇن، مۈرىسىدە كۆۋرۈكسىمان قۇلىقى بار؛ قىسقا بويۇنلۇق چەينەك، ئاغزى ئوچۇق، گىرۋىكى تېشىغا قايرىلغان، بويىنى قىسقىراق، بويىنى بىلەن مۈرىسى ئارىسىدا كۆۋرۈكسىمان قۇلىقى بار.

ھېجىر 6، ھەممىسى پۇچۇق، كۆپرەك قوڭۇر ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپالدىن ياسالغان.

قاسقان 2، بۇنىڭ بىرى پۈتۈنرەك.

كۆپ بىر، قوڭۇر ئارىلاش يىرىك قىزىل ساپالدىن ياسالغان، گىرۋىكى تېشىغا قايرىلغان، قوش لېۋى بار، بويىنى ئۇزۇنچاق، مۈرىسى كەڭ ۋە ئەگرى، ئاستىنقى قىسمى كەمتۈك.

جام 19. ئاساسلىقى مۇنۇلار: تېگى تۈز جام، قوڭۇر ئارىلاش يىرىك قىزىل ساپالدىن ياسالغان، ئاغزى ئوچۇق، تېگى تۈز، قولدا ياسالغان؛ تېگى يۇمىلاق جام، قوڭۇر ئارىلاش يىرىك قىزىل ساپال ياكى يىرىك كۈلرەڭ ساپالدىن ياسالغان. يېرىم شار شەكلىدە، يۇمىلاق قورساقلىق، قولدا ياسالغان؛ جۈلالىق جام، قوڭۇر ئارىلاش يىرىك قىزىل ساپالدىن ياسالغان، يېرىم شار شەكلىدە، ئېغىزىدا جۈلاسى بار، قولدا ياسالغان. بۇلاردىن باشقا ئۈچبۇلۇڭ يوللۇق، چەمبەر يوللۇق، رومبا يوللۇق، تانا يوللۇق ۋە كۆك يوللۇق ساپال پارچىلىرىمۇ يىغىۋېلىندى.

### 3) ياغاچ سايمانلار

ياغاچ سايمان جەمئىي 55. بۇنىڭ ئىچىدە ياغاچ بىناكارلىق ماتېرىيالى 18، ئاساسلىقى مونۇلار: لىم سىبلىنچىسى 2. تەكشى يۈزى جەھەتتىن چاسا شەكىللىك ۋە يۇمىلاق شەكىللىككە بۆلۈنىدۇ. لىمنىڭ ئاستىغا قويۇلىدۇ؛ ئىشىك بىر، دەھلىز بىر؛ ياغاچ ئويما بىر، بىر يۇمىلاق ياغاچقا ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئارىلاش 9 دۇمباق شەكىللىك نەقىش ئويۇلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 90 سانتىمېتىر؛ ياغاچ زىننەت بۇيۇمى 8، تولىسى بىنالارنىڭ قوشۇمچە بېزەكلىرى.

ئىشلەپچىقىرىش سايمىنى 8. ئاساسلىقى مونۇلار: ئېگىرىش چاقى بىر؛ شەكىللىك پوگەت 5؛ قوزۇق بىر، ئۇۋەن تاغاق بىر.

تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار 20. ئاساسلىقى مونۇلار: ئوغۇر بىر، سوغا بىر، كۆپ بىر، تەخسە بىر، جاۋۇر بىر، قوشۇق بىر، تاغاق 2. بۇلاردىن باشقا چوكا، پىچاق، سىرلانغان قۇلاقلىق جام، سۈت ئارىلاشتۇرۇش سايمىنى قاتارلىقلارمۇ بار.

باشقا سايمان 9. ئاساسلىقى مونۇلار: ∧ شەكىللىك بۇيۇم 2، قارارەڭ بېرىلگەن موكا شەكىللىك ياغاچ بۇيۇم بىر.

### 4) مىس سايمانلار

مىس سايمان جەمئىي 121.

ئوقيا ئۇچى 15. ئاساسلىقى مونۇلار: ئىچى شىر ئۈچ قىرلىق ئوقيا ئۇچى؛ كەڭ قاناتلىق ئۈچ قىرلىق ئوقيا ئۇچى، قانىتى كەڭ ھەم نېپىز، ئوتتۇرىسى ئويمان، تۆشۈكى بار. قانىتى ئىنتايىن ئۆتكۈر، ئوتتۇرىسى نەيچىسىمان كاۋاك بولۇپ، ساپلىغىلى بولىدۇ؛ ياپىلاق ئوقيا ئۇچى، ياپىلاق، دۇمبىلىك، كەسمە يۈزى رومبا شەكىللىك، ئۇچى يۇمىلاق، ئۆتكۈر ئەمەس، ئوقيا ئۇچى ئېرىتىپ قويۇلمىغان، مىس بىلەن تۆتتىشىپ تۇرىدۇ، تۇتاشقان يەر سەل ئىچىگە كىرگەن؛ كىچىك ئوقيا ئۇچى قاتارلىقلار.

پالتا بىر، سىن ئەينەك 9، ھەممىسى كەمتۈك؛ موچىن بىر.

زىننەت بۇيۇمى 65. تۈرى ناھايىتى كۆپ، ئاساسلىقى ئۈزۈك، تۈگمە شەكلىدىكى بېزەك، ئويماق، چاچ قىسقۇچ، كىچىك قوڭغىراق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەڭ نەپىس ئىشلەنگىنى گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن ئۈزۈك بولۇپ، يۈزى ئېللىپس شەكىللىك، ئۈستىگە قۇش، گىيالارنىڭ سۈرىتى ئىنچىكىلىك بىلەن نەقىشلەنگەن.

### 5) تۆمۈر سايمانلار

تۆمۈر سايمان جەمئىي 48.

ئوقيا ئۇچى 12. ئاساسلىقى مونۇلار: ئۈچ قىرلىق ئوقيا ئۇچى، ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك بولۇپ، قىرلىرىنىڭ ئارىسى ئويمان، ئۇچى ئۇچلۇق، ئوق ئۆتكۈزىدىغان يېرى بىلەن ئۇچى تۇتىشىپ تۇرىدۇ، سىلىندىر شەكىللىك؛ تۆت قىرلىق ئوقيا ئۇچى، ئۇچى ئۇزۇنراق؛ ياپىلاق قاناتلىق ئوقيا ئۇچى، كەڭ، ياپىلاق، ئۇچى يۇمىلاق، ئىككى قانىتى كەينىگە يىغىلىپ تۇرىدۇ، ئوق ئۆتكۈزىدىغان يېرى سىلىندىر شەكىللىك؛ ئوتىغۇچ شەكىللىك ئوقيا ئۇچى، بىسى ياپىسمان، گەۋدىسى ياپىلاق، تۈز، ئوق ئۆتكۈزىدىغان يېرى چاسا شەكىللىك.

مىخ 23. ئاساسلىقى مونۇلار: كۆزلۈك مىخ، چاسا باشلىق مىخ، چاسا شەكىللىك، بىر

ئۈچى تۈز، بىر ئۇچى ئۈچلۈق، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 3.6~5.1 سانتىمېتىر كېلىدۇ، بەزىلىرىدە ئىككى تال چاسا باشلىق تۆمۈر مىخ تاسما شەكىللىك ياپىلاق تۆمۈرگە كۆزۈرۈك شەكلىدە ئۇلانغان؛ ئىلمەكلىك مىخ، مىخنىڭ بېشىدا ئىلمەك بار.

## 6) قوغۇشۇن سايمانلار

قوغۇشۇن سايمان جەمئىي 20. ئاساسلىقى مۇنۇلار: ئېگىرىش چاقى، ياپىلاق، يۇمىلاق شەكىلدىكىسى 13، ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق تۆشۈك بار، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 1~1.65 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ كېسىك كونۇس شەكىلدىكىسى 7، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈك بار، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 1.2~1.5 سانتىمېتىر

## 7) ئەينەك سايمانلار

ئەينەك سايمان جەمئىي 6، ھەممىسى سۇنۇق ئەينەك پارچىلىرى بولۇپ، يېرىم سۈزۈك كۆلرەڭ، قىزغۇچ، ماش رەڭ ۋە كۆك رەڭدىكىلىرى بار.

## 8) ئالتۇن، كۈمۈش، ئۇستىخاندىن ياسالغان جابدۇقلار ۋە باشقا بېزەكلەر

ئالتۇن، كۈمۈش، ئۇستىخاندىن ياسالغان جابدۇق ۋە باشقا بېزەك جەمئىي 23. ئاساسلىقى بىر ئالتۇن ئۈزۈك، بىر كۈمۈش ئۈزۈك، بىر ئۇستىخان تاغاق ۋە بىر ئۇستىخان غىلاپ، نەقىشلەنگەن بىر ئۇستىخان بېزەك، ئۈچ تىزىق مارجاندىن ئىبارەت. ئۇلار خالسېدون، ئۇستىخان ۋە ئەينەك قاتارلىقلاردىن ياسالغان. بۇ جابدۇق ۋە بېزەكلەردىن يۇمىلاق، ئېللىپس شەكىللىك، ياپىلاق، سىلىندىر شەكىللىك، رومبا شەكىللىك، سوقا چاسا شەكىللىرى، كۆك، سېرىق، يېشىل، قارا كۆك، كۈمۈشرەڭ، ئالتۇنرەڭ، كۆلرەڭ قاتارلىق رەڭدىكىلىرى بار. بۇلاردىن باشقا، شەھەردىن يەنە 4 دانە دېڭىز قۇلۇلىسى، 4 دانە قۇلۇلە بېزەك، 2 مارجان، شۇنىڭدەك بۇغداي سامىنى، بۇغداي دېنى، تېرىق، شاپتۇل ئۇرۇقچىسى ۋە ھايۋانات ئۇستىخىنى، مۈڭگۈزى قاتارلىق نەرسىلەرمۇ يىغىۋېلىندى.

## 9) توقۇلما بۇيۇملار

توقۇلما بۇيۇم جەمئىي 58. ئۇ يىپەك، يۇڭ، پاختا، كەندىر توقۇلمىدىن ئىبارەت چوڭ 4 تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە يىپەك توقۇلما 8 بولۇپ، ئاساسەن كىمخاب، شايى، يىرىك تاۋاردىن ئىبارەت؛ يۇڭ توقۇلما 39 بولۇپ، ئاساسەن يۇڭ رەخت، يۇڭ ئارغامچا، يۇڭ ئەديال، يۇڭ چاچ لېنتىسى ۋە كىگىزدىن ئىبارەت؛ پاختا توقۇلما 6 بولۇپ، شالاڭ ۋە زىچ توقۇلۇشىغا قاراپ پاختا رەخت ۋە داكا دەپ بۆلۈنىدۇ. قىزىل ۋە سىدام رەڭدىكىسى بار؛ كەندىر توقۇلما 5 بولۇپ، ئاساسەن چورۇق ۋە كەندىر ئارغامچىدىن ئىبارەت، ئۇلار شۇ يەردىن چىقىدىغان لوپنۇر كەندىرىدىن توقۇلغان.

## 10) پۇللار

پۇل جەمئىي 139، پۈتۈنى 134. بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ پۇللاردىن بىر دانە يېرىم سەرلىك يۇجا يارمىقى، 5 دانە 5 مىسقاللىق يارماق، بىر دانە كىچىك

5 مىسقاللىق يارماق، بىر دانە 5 مىسقاللىق جىيەنلۇن يارمىقى، ۋاڭ ماڭ دەۋرىگە مەنسۇپ پۇللاردىن 2 دانە داچەن ۋۇشى يارمىقى، 2 دانە شاۋچۇەن جىيى يارمىقى، 3 دانە خوچۇەن يارمىقى، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ پۇللاردىن 14 دانە 5 مىسقاللىق يارماق (پۈتۈنى 10)، 109 دانە 5 مىسقاللىق جىيەنلۇن يارمىقى، بىر دانە كۇشان يارمىقى بار.

## 4. خاتىمە

كىروران — خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى. «تارىخنامە. پەرغانە تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، جاڭ چيەن ئەلچى بولۇپ غەربىي يۇرتقا تۇنجى قېتىم كەلگەندىن كېيىن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 139 — 126 - يىللىرى)، خەن ۋۇدىغا يازغان مەكتۇپىدا: «كىروران، قاڭقىل شەھەرلىرىنىڭ سېپىلى بار ئىكەن، ئۇلار تۇز كۆل بويىغا جايلاشقانىكەن» دېگەن. تۇز كۆل دېگىنى بۈگۈنكى لوپنۇر كۆلىدۇر. كىروران قەدىمكى شەھىرى قەدىمكى كىروران بەگلىكىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى شۇنداقلا دەسلەپكى مەزگىلدىكى «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش ۋە گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان. ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىغىچە بولغان سۇلالىلەر بۇ يەرگە غەربىي يۇرت دورغابى قويغان. بىراق بۇ شەھەر بىر قانچە ئەسىر گۈللەنگەندىن كېيىن، لوپنۇر كۆلى تەبىئىي مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بارا - بارا يوقىلىپ كەتكەن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىكى لى داۋيۈەن يازغان «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى. دەريا ئېقىنلىرى»دە «بۇ شەھەر پۇقرالارغا تاشلاپ بېرىلگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋالغىلى بولىدۇكى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىلا كىروران قەدىمكى شەھىرى خارابىلاشقان، بىز بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە، بىر تۈركۈم ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇق. بۇ ماتېرىياللار كىروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ھالاك بولۇشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە.

1) قەدىمكى شەھەردىن ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن يىغىۋېلىنغان نۇرغۇن سىپتا تاش قورال مەدەنىيىتى ئەۋرىشكىلىرىنى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى دېلتىنىڭ باشقا جايلىرىدىن چىققان سىپتا تاش قورال مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ يەر تارىختىن ئىلگىرى ئىنسانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مۇھىم جاي بولۇشى مۇمكىن.

2) ھازىر ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى شەھەر خارابىسى تارىختىكى گۈللىنىش باسقۇچىدا سېلىنغان ئىمارەتلەر بولسا كېرەك. قەدىمكى شەھەردىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ تارشا پۈتۈكلەر، قەغەزگە پۈتۈلگەن ھۆججەتلەردىكى يىل ناملىرىنىڭ تولىسى ساۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ۋە غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ، شۇڭا قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىياپىتىنىمۇ مۇشۇ دەۋردە شەكىللەنگەن بولۇشى كېرەك دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. قەدىمكى شەھەردىكى چوڭ قورۇدىن قېزىۋېلىنغان دەرۋازىنىڭ چىرىپ كەتكەن ياغاچ بوسۇغىسىنىڭ كاربون 14 ئارقىلىق ئېنىقلانغان يىل - دەۋرىمۇ چوڭ قورۇنىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بىنا قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شەھەردىكى چوڭ بۇددا مۇنارىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە ئۇچرىغان ساپال پارچىلىرى ۋە ئۈچ ئۆي ھەم ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى چوڭ ئەخلەت دۆۋىسىدىن چىققان خېلى كۆپ ياغاچ تارشا پۈتۈكلەر، قەغەزگە يېزىلغان ھۆججەتلەر ئۈچ ئۆينىڭ

ئەمەلدارلار مەھكىمىسىنىڭ خارابىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

3) قەدىمكى شەھەردىن ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىدىن يىغىۋېلىنغان ۋە سىناق تەرىقىسىدە قېزىۋېلىنغان نۇرغۇن جابدۇق - سايمانلار ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلاردىن سىرت، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلتۈرۈلگەن يىپەك توقۇلما ۋە يارماقلار، غەربتىن كەلتۈرۈلگەن ئەينەك قاچا ۋە پۇللار شۇنىڭدەك يات يۇرتتىن كەلتۈرۈلگەن دېڭىز قۇلۇلىسى، مارجان ۋە قۇلۇلىدىن ياسالغان بېزەك قاتارلىقلارمۇ بار. بۇ بۇيۇملار بۇ يەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى «يىپەك يولى»دىكى مۇھىم ئۆتەڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

4) كىروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ خاراب بولۇشى بۇ يەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بەكمۇ مۇناسىۋەتلىك. شەھەردىن چىققان ياغاچ تارشا پۈتۈكلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىل - دەۋرى ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنشىڭ 18 - يىلى (330 - يىلى)غا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، كىروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ تەرك ئېتىلگەن ۋاقتى ئالدىنقى لياڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ، ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى دەۋرىگە توغرا كېلىشى ئېھتىمالغا تېخىمۇ يېقىنراق، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

**تەكشۈرگۈچىلەر:** خۇ سەن، تۇرسۇن، لۇ ئېنگو، شىن كەيدىڭ
**يازغۇچى:** خۇ سەن
**سايمان سۈرەتلىرىنى سىزغۇچىلار:** تۇرسۇن، خاسىيەت
**سايمانلارنى رەسىمگە ئالغۇچى:** ليۇ يۇشېڭ

**ئىزاھ:**

① كىروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ مېرىدىئان ۋە پاراللېل ئورنى توغرىسىدا ئىلگىرى ئاساسەن سېۋېن ھېدىننىڭ ماتېرىيالىلا بار ئىدى، خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى «لوپنۇرنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى»نىڭ كىرىش سۆزىدە ئۇنىڭدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، مېرىدىئان 89°40′، پاراللېل 40°30′ دەپ كۆرسەتكەن. ستەيننىڭ 1912 - يىلى نەشر قىلىنغان «قۇملۇقتىكى قەدىمكى جۇڭگو خارابىلىرى» دېگەن كىتابىغا قىستۇرۇلغان 1:300000 ماسشتابلىق (ئېنگلىزچە نەشرى، تۈۋەندىمۇ ئوخشاش) خەرىتىدە شەرقىي مېرىدىئان 89°55′، شىمالىي پاراللېل 40°31′ دەپ كۆرسىتىلگەن. ستەيننىڭ «ئاسىيانىڭ ئىچكى رايونى» دېگەن كىتابىغا قىستۇرۇلغان، 1906 — 1907 - يىللىرى ۋە 1914 - يىلدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسەن سىزىلغان 1:500000 ماسشتابلىق «لوپنۇر چۆلىنىڭ خەرىتىسى» (1918 .، 1926 - يىللىرىدىكى نەشرى)دە شەرقىي مېرىدىئان 89°45′، شىمالىي پاراللېل 40°30′22″ دەپ كۆرسىتىلگەن؛ ئەمما 1922 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى قەدىمكى زامان ئىزلىرى» (يەنى خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى «ستەيننىڭ غەربىي يۇرتنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى») دېگەن كىتابقا قىستۇرۇلغان 1:6000000 ماسشتابلىق خەرىتىدە يەنە شەرقىي مېرىدىئان 90°06′، شىمالىي پاراللېل 40°29′ دەپ بېكىتىلگەن. ياپونىيىلىك ئالىم چاڭزىنبجۇن «كىروران پادىشاھلىقى» (1976 - يىلى نەشر قىلىنغان)دا سىنلۇسەن ئەپەندىنىڭ شەرقىي مېرىدىئان 89°50′53″، شىمالىي پاراللېل 40°31′34″ دېگەن سانلىق مەلۇماتىنى نەقىل كەلتۈرگەن. بۇ قېتىمقى سانلىق مەلۇماتنى، ئاساسەن، لوپنۇر چۆلى ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ مەلۇم قىسمىدىكى كارتوگرافىيە ئىنژېنېرى يولداش جاڭ جيەنمىن بىلەن مەزكۇر ماقالىنى يازغۇچى تەكشۈرۈپ بېكىتتى.

② خۇ سەن: «كىروران شەھىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خاراب بولۇشى توغرىسىدا»، «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلىرى»نىڭ 1984 - يىل 2 - سانى.

③ «ياردالڭ» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، شامالدا يېمىرىلگەن يەر شەكلىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نام جۇغراپىيە

ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن قوللىنىلدى.

④ ستەيىن: «غەربىي يۇرت». ستەيىننىڭ ئۆلچىشىچە، بۇ مۇنارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 51 (15.55 مېتىر) ئىكەن، بۇ يۇلغۇن چىۋىقلىرىنىڭ دائىرىسى بويىچە ھېسابلانغان بولۇشى مۇمكىن.

⑤ چاڭزېخېجۇن: «كىروران پادىشاھلىقى»، ياپونىيە 3 ـ مەدەنىيەت نەشرىياتى 1976 ـ يىل نەشرى.

⑥ سىۋېن ھېدىن يازغان، سۇن جۇڭكۇەن تەرجىمە قىلغان «مېنىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىك ھاياتىم»، «غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى مەجمۇئەسى»، 1933 ـ يىل نەشرى.

⑦ شاۋەننىڭ «ستەيىن شەرقىي تۈركىستاندا تاپقان خەنزۇچە ھۆججەتلەر» دېگەن كىتابى. ئوكسفورد 1931 ـ يىل فرانسۇزچە نەشرى.

⑧⑩⑫⑬⑮ ستەيىن: «غەربىي يۇرت» (Serindia)، ئوكسفورد 1921 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى.

⑨⑪ ستەيىن: «ئاسىيانىڭ ئىچكى رايونى» (InnermostAsia)، ئوكسفورد 1928 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى.

⑭ ستەيىن يازغان، شاڭ دا تەرجىمە قىلغان «ستەيىننىڭ غەربىي يۇرتتى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دېگەن كىتاب، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1936 ـ يىل نەشرى.

---

**ئىزاھ:** 1. 1980 ـ يىل 3 ـ، 4 ـ ئايلاردا، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تەشكىللىگەن سابىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى كىروران شەھىرىدە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بارغان. بۇ «قىسقىچە مەلۇمات» شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئەھۋالىغا ئاساسەن يېزىلغان.

2. «قىسقىچە مەلۇمات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» نىڭ 1988 ـ يىل 7 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان، مەزكۇر تەزكىرىگە ئۇنى قىسقارتىپ كىرگۈزدۇق.

ئون يەتتىنچى قىسىم

# ئاھالە، خەلق تۇرمۇشى

## ئون يەتتىنچى قىسىم

# ئاھالە، خەلق تۇرمۇشى

## I باب

## ئاھالە

### 1 § . ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ نوپۇسىغا دائىر ئەڭ بۇرۇنقى ئەھۋال غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەيچۇ 3 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 102 ـ يىلى) خاتىرىلەنگەن، شۇ چاغدا ناھىيە تەۋەسىدىكى كىروران بەگلىكىدە 14 مىڭ 100 ئادەم بولغان.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 2 ـ يىلى (59 ـ يىلى) پىشامشان بەگلىكىدە 2670 ئائىلە، 7770 ئادەم، 4420 لەشكەر بولغان.

شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ شيەنكاڭ 5 ـ يىلى (339 ـ يىلى) پىشامشان بەگلىكىدە پەقەت راھىبلارلا 4000 دىن ئاشقان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجىڭ 1 ـ يىلى (1723 ـ يىلى) لوپنۇر رايونىدا 2000 دىن ئارتۇق ئائىلە بولغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 23 ـ يىلى (1758 ـ يىلى) لوپنۇر رايونىدا 600 دىن ئارتۇق ئادەم بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 26 ـ يىلى (1761 ـ يىلى) لوپنۇر رايونىدا 183 ئائىلە، 1071 ئادەم بولغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 47 ـ يىلى (1782 ـ يىلى) 208 ئائىلە، 1260 ئادەم بولغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 34 ـ يىلى (1908 ـ يىلى) چاقىلىقتا جەمئىي 496 ئائىلە، 3383 ئادەم بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 1740قا، ئايال 1643كە يەتكەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2 ـ يىلى (1910 ـ يىلى) پۈتۈن ناھىيىدە جەمئىي 712 ئائىلە، 1481 ئادەم بولغان.

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن ئازادلىق ھارپىسىغىچە چاقىلىق ناھىيىسىدە نوپۇسنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولغان. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە نوپۇس 5039غا

يېتىپ، شۇەنتۇڭ 2 ـ يىلى (1910 ـ يىلى) دىكى 4181 كىشىدىن 858 ئادەم كۆپەيگەن، كۆپىيىش نىسبىتى 205.01‰ بولغان. مۇشۇ ئارىلىقتا ئومۇمىي يۆنىلىش جەھەتتىن ئېيتقاندا نوپۇس كۆپىيىپ بارغان. مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1915 ـ يىلى) مىنگو بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن چاقىلىق ناھىيىسى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان، چەرچەن چەرچەن ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت جايلاشقان جاي ئايرىپ چىقىلغان، شۇ سەۋەبتىن چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ نوپۇسى تېز ئازىيىپ كەتكەن، شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 684 ئائىلە، 3078 ئادەم بولغان. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 5843 كە يەتكەن. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) ئومۇمىي نوپۇس 5694 بولغان، مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) ناھىيىدە 1635 ئائىلە، 5796 ئادەم بولغان. بۇ، مىنگو مەزگىلىدىكى نوپۇس تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) دىن كېيىن، نوپۇس ئازىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەن، شۇ يىلى پۈتۈن ناھىيىدە جەمئىي 1235 ئائىلە، 5683 ئادەم بولغان. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) غا كەلگەندە پۈتۈن ناھىيىدە 1228 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇس 5039 غا يەتكەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش تىنچ بولغانلىقى ۋە داۋالاش ئەھۋالى تەدرىجىي ياخشىلانغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر يەنىلا «پەرزەنت كۆپ بولسا، بەخت كۆپ بولۇر» دېگەن ئەنئەنىۋى فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، چاقىلىق ناھىيىسىدە نوپۇس ئىزچىل كۆپىيىپ باردى. 1984 ـ يىلى 1949 ـ يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، نوپۇس 11 مىڭ 239 غا يېتىپ، 2.31 ھەسسە ئاشتى. مۇشۇ مەزگىلدە 1949 — 1953 ـ يىللىرى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 70.05‰، 1953 — 1964 ـ يىللىرى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 336.24‰ بولدى؛ 1964 — 1982 ـ يىللىرى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش ئەڭ تېز بولۇپ، كۆپىيىشى نىسبىتى 1156.70‰ كە يەتتى، ئاساسەن، ئىچكى جايلاردىن ئېقىپ كەلگەن نوپۇس بىر قەدەر كۆپ بولدى؛ 1982 —1984 ـ يىللىرى پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلۇپ، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى تىزگىنلەنگەنلىكتىن، ناھىيە بويىچە نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 47.56‰ كە چۈشتى؛ 1985 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىگە تەۋە نوپۇس 16 مىڭ 955 كە يېتىپ، 1984 ـ يىلدىكىدىن 687 كىشى كۆپەيدى. نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 42.18‰ بولدى.

### چاقىلىق ناھىيىسىگە تەۋە نوپۇسنىڭ بىر قانچە يىللىق ستاتىستىكا ئەھۋالى

جەدۋەل: 17 — 1 بىرلىكى: ئادەم

| تۈرى | | 1949 ـ يىلدىكى نوپۇس سانى | 1953 ـ يىلى تۇنجى قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان نوپۇس | 1964 ـ يىلى 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان نوپۇس | 1982 ـ يىلى 3 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان نوپۇس | 1984 ـ يىلدىكى نوپۇس سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي ئائىلە سانى | | 1228 | 1467 | 2200 | 4050 | 4062 |
| ئومۇمىي نوپۇس | | 5039 | 5392 | 7205 | 15539 | 16278 |
| جىنسىي ئايرىمىسى | ئەر | 2761 | 2955 | 3827 | 3340 | 8819 |
| | ئايال | 2278 | 2437 | 3378 | 7199 | 7459 |
| رايون ئايرىمىسى | بازار | 778 | 868 | 2130 | 3339 | 3768 |
| | يېزا | 4261 | 4524 | 5075 | 12200 | 12500 |

## 2 § . ئاھالىنىڭ جايلىشىشى

چاقىلىق ناھىيىسى قەدىمدىن تارتىپلا يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ ناھىيە. 1982 - يىلى 3 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ناھىيە تەۋەسىدىكى دائىملىق نوپۇس 23 مىڭ 435 (مىرەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 36 - تۈەن - مەيدانىدىكى 7896 نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە زىچلىقى 0.12 ئادەم/كۋادرات كىلومېتىر بولدى. 1985 - يىلى ناھىيە تەۋەسىدىكى دائىملىق نوپۇس 26 مىڭ 852گە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە مىرەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 36 - تۈەن - مەيدانىدىكى 9897 كىشى بار، ئۇلار ناھىيە تەۋەسىدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 36.86% نى تەشكىل قىلىدۇ)، ناھىيە بويىچە نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە زىچلىقى ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىرغا 0.13 كىشىدىن توغرا كەلدى، بۇ مەملىكەت بويىچە ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىرغا 105 ئادەم توغرا كەلگەن زىچلىقتىن 87. 104 كىشى ئاز. دېمەك چاقىلىق ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە نوپۇسنىڭ زىچلىقى ئەڭ ئاز ناھىيە ھېسابلىنىدۇ. 1985 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىگە تەۋە نوپۇس 16 مىڭ 955 كە يەتتى. ناھىيىگە تەۋە نوپۇسنىڭ مەمۇرىي رايونلار بويىچە جايلىشىشى مۇنداق: چاقىلىق بازىرىدا 4113 كىشى بولۇپ، ناھىيىگە تەۋە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 24.26% نى، يېتىمبۇلاق بازىرىدا 1173 كىشى بولۇپ، 6.92%نى، تىكەنلىك يېزىسىدا 4066 كىشى بولۇپ، 23.98%نى، ئۇتام، يېزىسىدا 3366 كىشى بولۇپ، 19.85%نى، ۋاشەرى يېزىسىدا 4237 كىشى بولۇپ، 24.99%نى ئىگىلەيدۇ.

1949 - يىلى ناھىيىگە تەۋە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 4261 بولۇپ، ناھىيىگە تەۋە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 84.56% نى، بازار نوپۇسى 778 بولۇپ، ناھىيىگە تەۋە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 15.44% نى ئىگىلىگەنىدى. 1964 - يىلى ناھىيە بويىچە بازار نوپۇسى 2130غا يېتىپ، ناھىيىگە تەۋە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 29.56% نى ئىگىلىدى. 1982 - يىلى مەملىكەت بويىچە 3 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە بازار نوپۇسى ئازىيىپ 21.49%كە چۈشۈپ قالدى. 1984 - يىلى ناھىيىگە تەۋە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 12 مىڭ 500 گە يېتىپ، ناھىيىگە تەۋە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 76.85% نى، بازار نوپۇسى 3768 گە يېتىپ، ناھىيىگە تەۋە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 23.15% نى ئىگىلىدى؛ 1985 - يىلى ناھىيىگە تەۋە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 12 مىڭ 842 گە يېتىپ، شۇ يىلدىكى ناھىيىگە تەۋە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 74.74% نى ئىگىلىدى.

## 3 § . نوپۇس قۇرۇلمىسى

### 1. مىللەت قۇرۇلمىسى

1982 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى مەملىكەت بويىچە 3 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىن قارىغاندا، ناھىيە بويىچە (يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 36 - تۈەن - مەيدانىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، دۇڭشىياڭ، مانجۇ، موڭغۇل، زاڭزۇ، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، قازاق قاتارلىق 11 مىللەت، جەمئىي 23 مىڭ 435 ئادەم بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 13 مىڭ 228 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ

%56.45 نى، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 9701 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %41.4 نى، خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسى 389 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %1.66 نى، دۇڭشياڭلارنىڭ نوپۇسى 109 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %0.46 نى، باشقا مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 8 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %0.03 نى ئىگىلىگەن.

## 2. ياش قۇرۇلمىسى

1982 - يىل 7 - ئايدىكى مەملىكەت بويىچە 3 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، چاقىلىق ناھىيىسىدە (يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 36 - تۇەن - مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 23.9 ياش ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالا (0 ياشتىن 6 ياشقىچە) 4072 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %17.37 نى، ئوقۇش يېشىدىكى بالا (7 ياشتىن 12 ياشقىچە) 3926 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %16.76 نى، زاپاس ئەمگەك كۈرۈپپىسىدىكى نوپۇس (13 ياشتىن 15 ياشقىچە) 1737 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %7.41 نى، ئەمگەك يېشىدىكى نوپۇس (16 ياشتىن 55 ياشقىچە) 12 مىڭ 148 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %51.85 نى، 55 ياشتىن ئاشقانلار 1552 كىشى بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %6.61 نى ئىگىلىگەن.

## 3. جىنس قۇرۇلمىسى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 34 - يىلى (1908 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدىكى 3383 كىشى ئارىسىدا ئەر 1740، ئايال 1643 بولۇپ، جىنس ئايرىمىسىنىڭ نىسبىتى 106 (ئايال = 100) ئىدى، جىنس ئايرىمىسىنىڭ نىسبىتى بىرقەدەر نورمال ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) ناھىيە بويىچە جىنس ئايرىمىسىنىڭ نىسبىتى 121 بولۇپ، جىنس ئايرىمىسىنىڭ نىسبىتى بۇزۇلغانىدى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 5683، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 2998، ئايال 2385 بولۇپ، جىنس ئايرىمىسىنىڭ نىسبىتى 126 (ئايال = 100) بولدى، بۇ يىل چاقىلىق ناھىيىسىدە سان بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولىدىغان نوپۇسنىڭ جىنسىي نىسبىتى ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بىر يىل بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە نوپۇسنىڭ جىنس ئايرىمىسىنىڭ نىسبىتى ئىزچىل تۇردە 113 — 121 ئارىلىقىدا بولۇپ، جىنس ئايرىمىسىنىڭ نىسبىتى ماس كەلمەسلىكتەك ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، سىرتتىن كەلگەن ئاققۇنلار بىر قەدەر كۆپ بولدى، يەنە كېلىپ تولىسى ئەر ئىدى. 1982 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە نوپۇسنىڭ جىنس ئايرىمىسىنىڭ نىسبىتى 112.99 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە قاراشلىق چىمەن رايونى (تاشپاختا كېنى رايونى) دا جىنس ئايرىمىسىنىڭ نىسبىتى 190 گە (ئايال = 100) يەتتى.

## 4. مەلۇمات قۇرۇلمىسى

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدە 5330 ساۋاتسىز بولۇپ، ئۇلار ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %91 ىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان. ساۋاتسىزلىقنى

تۇگىتىش ئارقىلىق، مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىدە ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى %64كە چۈشكەن بولسىمۇ، يەنىلا 3225 ساۋاتسىز بولغان.

1982 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە، 6 ياش ۋە 6 ياشتىن ئاشقانلار 19 مىڭ 999 (يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى 36 ـ تۇەن ـ مەيدانىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتى بارلار جەمئىي 14 مىڭ 409، ئۇلار ناھىيە بويىچە 6 ياش ۋە 6 ياشتىن يۇقىرى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %72.05نى ئىگىلىدى. 1982 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 85كە، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ياكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 11گە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1762گە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4896غا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 7655كە يەتتى. ناھىيە بويىچە ھەر مىڭ كىشى ئارىسىدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 3.63 كىشى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ياكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىدىن 0.47 كىشى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتى بارلاردىن 75.19 كىشى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتى بارلاردىن 208.92 كىشى، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتى بارلاردىن 326.65 كىشى بار بولدى.

1982 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 12 ياش ۋە 12 ياشتىن ئاشقان ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلار (1500 گىچە خەنزۇچە خەت تونۇيدىغانلار) 4435 بولۇپ، 1949 ـ يىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى %64تىن %18.93كە چۈشتى.

ناھىيە بويىچە بازار نوپۇسىنىڭ مەلۇماتى يېزا نوپۇسىنىڭكىدىن زور دەرىجىدە يۇقىرى بولدى. 1982 ـ يىلى ھەر مىڭ كىشى ئارىسىدىكى ئالىي مەكتەپ مەلۇماتى بارلارنىڭ سانى چاقىلىق بازىرىدا 15.87 كىشىگە، 3 يېزا، بىر رايون ۋە يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى 36 ـ تۇەن ـ مەيدانى (تۆۋەندە بۇلار قىسقارتىپ يېزا دەپ ئاتالدى) دا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.14 كىشىگە يەتتى؛ ھەر مىڭ كىشى ئارىسىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتى بارلارنىڭ سانى چاقىلىق بازىرىدا 184.49 كىشىگە، يېزىدا 57.03 كىشىگە يەتتى؛ ھەر مىڭ كىشى ئارىسىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتى بارلارنىڭ سانى چاقىلىق بازىرىدا 292.90 كىشىگە، يېزىدا 194.96 كىشىگە يەتتى؛ ھەر مىڭ كىشى ئارىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتى بارلارنىڭ سانى چاقىلىق بازىرىدا 276.13 كىشىگە، يېزىدا 335.04 كىشىگە يەتتى؛ 12 ياش ۋە 12 ياشتىن ئاشقان ساۋاتسىز، چالا ساۋاتلار چاقىلىق بازىرىدا 359 بولۇپ، %14.03نى، يېزىدا 4076 بولۇپ، %30.29نى ئىگىلىدى.

## چاقىلىق ناھىيىسىدىكى نوپۇسنىڭ ياش ئەھۋالى

جەدۋەل: 17 — 2 (1982 ـ يىل 7 ـ ئاي)

| يېشى | نوپۇس سانى | | | نوپۇس ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى % | | | جىنىس ئايرىمىسىنىڭ نىسبىتى (ئايال=100) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | ئەر | ئايال | جەمئىي | ئەر | ئايال | |
| جەمئىي | 23435 | 12432 | 11003 | 100 | 53.05 | 46.95 | 112.99 |
| 0 — 4 ياش | 2839 | 1519 | 1320 | 12.11 | 6.48 | 5.63 | 115.08 |
| 5 — 9 ياش | 3351 | 1716 | 1635 | 14.30 | 7.32 | 6.98 | 104.95 |
| 10 — 14 ياش | 3005 | 1552 | 1453 | 12.82 | 6.62 | 6.20 | 106.81 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 15 — 19 ياش | 2598 | 1325 | 1273 | 11.09 | 5.65 | 5.43 | 104.08 |
| 20 — 24 ياش | 1703 | 888 | 815 | 7.27 | 3.79 | 3.48 | 108.96 |
| 25 — 29 ياش | 2046 | 1033 | 1013 | 8.73 | 4.41 | 4.32 | 101.97 |
| 30 — 34 ياش | 1673 | 855 | 818 | 7.14 | 3.65 | 3.49 | 104.52 |
| 35 — 39 ياش | 1567 | 788 | 779 | 6.69 | 3.36 | 3.32 | 101.16 |
| 40 — 44 ياش | 1420 | 842 | 578 | 6.06 | 3.59 | 2.47 | 145.67 |
| 45 — 49 ياش | 887 | 507 | 380 | 3.78 | 2.16 | 1.62 | 133.42 |
| 50 — 54 ياش | 639 | 394 | 245 | 2.73 | 1.68 | 1.05 | 160.82 |
| 55 — 59 ياش | 556 | 355 | 201 | 237 | 1.51 | 0.86 | 176.62 |
| 60 — 64 ياش | 425 | 253 | 172 | 1.81 | 1.08 | 0.73 | 147.09 |
| 65 — 69 ياش | 244 | 133 | 111 | 1.04 | 0.57 | 0.47 | 119.82 |
| 70 — 74 ياش | 183 | 94 | 89 | 0.78 | 0.40 | 0.38 | 105.62 |
| 75 — 79 ياش | 116 | 61 | 55 | 0.49 | 0.26 | 0.23 | 110.91 |
| 80 — 84 ياش | 59 | 30 | 29 | 0.25 | 0.13 | 0.12 | 103.45 |
| 85 — 89 ياش | 61 | 42 | 19 | 0.26 | 0.18 | 0.08 | 221.05 |
| 90 — 94 ياش | 35 | 23. | 12 | 0.15 | 0.10 | 0.05 | 191.67 |
| 95 — 99 ياش | 28 | 22 | 6 | 0.12 | 0.09 | 0.03 | 366.67 |

## 5. كەسىپ قۇرۇلمىسى

1982 - يىل 7 - ئايدا ناھىيە بويىچە ئىشتىكى نوپۇسنىڭ سانى 10 مىڭ 778 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 6356، ئايال 4422. ئىشتىكىلەر ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 8366 (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 4684، ئايال 3682) بولۇپ، ئىشتىكىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 77.62% نى، كانچىلىق ۋە ياغاچ ماتېرىياللىرىنى كېسىش، توشۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 451 (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 367، ئايال 84) بولۇپ، ئىشتىكىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 4.18% نى، توك چىقىرىش ۋە توك بىلەن تەمىنلەش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 43 (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 37، ئايال 6) بولۇپ، ئىشتىكىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 0.4% نى، بىناكارلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 72 (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 35، ئايال 37) بولۇپ، ئىشتىكىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 0.67% نى، ياسىمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 133 (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 104، ئايال 29) بولۇپ، ئىشتىكىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 1.23% نى، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى ۋە پوچتا - تېلېگراف - خەۋەرلىشىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 522 (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 376، ئايال 146) بولۇپ، ئىشتىكىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 4.84% نى، سودا ۋە يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 330 (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 211، ئايال 119) بولۇپ ئىشتىكىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 3.06% نى، مائارىپ، پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 325 (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 171، ئايال 154) بولۇپ، ئىشتىكىلەر ئومۇمىي

سانىنىڭ 3.02% نى، سەھىيە، تەنتەربىيە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 93 (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 35، ئايال 58) بولۇپ، ئىشتىكلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 0.86% نى، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 67 (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 41، ئايال 26) بولۇپ، ئىشتىكلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 0.62% نى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى خىزمەتچىلەر 354 (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 285، ئايال 69) بولۇپ، ئىشتىكلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 3.28% نى، باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 22 بولۇپ، ئىشتىكلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 0.21% نى ئىگىلىدى.

## § 4 . پىلانلىق تۇغۇت

### 1. رەھبەرلىك كۈچەيتىلىپ، قاتلامۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى

چاقىلىق ناھىيىسىدە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى 1979 - يىلى باشلاندى، شۇ چاغدا ناھىيىدە پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، گۇرۇپپىغا بىر كىشى باشلىق، 9 كىشى ئەزا بولدى، كونكرېت خىزمەتكە ئاساسەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت - سەھىيە بۆلۈمى مەسئۇل بولدى.

1980 - يىل 4 - ئايدا يېزا، رايون، بازارلاردا مەخسۇس پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان 5 كادىر رەسمىي سەپلىنىپ، پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتى كۈچەيتىلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا، ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا بىر مۇئاۋىن مۇدىر، بىر ئىش بېجىرگۈچى قويۇلدى. 1986 - يىل 9 - ئايدا، يەنە بىر مىللىي كادىرمۇ سەپلەندى. مۇشۇ ئارىلىقتا، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 2 قېتىم ھۆججەت چۈشۈرۈپ، ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى تەڭشىدى ۋە تولۇقلىدى.

1980 - يىلدىن باشلاپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت كۈنتەرتىپىگە قويۇلۇپ، ئاشلىق، پاختا، ياغ، چارۋا، پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت 5 چوڭ جەھەتتىكى كۆرسەتكۈچ قاتارىغا كىرگۈزۈلدى ھەمدە گۆشكىچى، بازار، ئەترەتلەرنى ئىلغار كوللېكتىپ قىلىپ باھالاش شەرتلىرىنىڭ بىرى قىلىندى. شۇ يىلى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تارقاتقان «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەققىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» دېگەن 41 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىكىدىن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنى بىرىنچى قول رەھبەر بىۋاستە تۇتۇش تەلەپ قىلىندى. 1981 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ناھىيىدە 2 قېتىم پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتچىلىرى كۇرسى ئېچىلىپ 22 كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلدى، ئۇلار پارتىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر سىياسەتلىرىنى ئۆگەنگەندىن سىرت، يەنە تۇغۇتنى تىزگىنلەش بىلىملىرى ۋە فىزىئولوگىيە بىلىملىرىنى ئۆگەندى. شۇ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېزا، بازار كادىرلىرى «ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭ تۇتۇش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى يېزا، كەنت كادىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يوليورۇق چىقىرىپ، ناھىيە

بويىچە پىلانلىق تۇغۇت توختامى تۈزۈشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى، ناھىيە گۇڭشېلار بىلەن توختام ئىمزالىدى، گۇڭشېلار بولسا نوپۇس پىلانىنى ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرىگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچى قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، پىلانلىق تۇغۇت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتلاممۇ قاتلام ئورنىتىلدى، ئاشلىق، پاختا، ياغ، چارۋا، پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت 5 چوڭ جەھەتتىكى كۆرسەتكۈچ بىر ۋاقىتتا چۈشۈرۈلۈپ، بىر ۋاقىتتا تەكشۈرۈلدى، پىلانلىق تۇغۇت ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغان گۇڭشې، ئەترەتلەر ئىلغارلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىدى ھەمدە مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمى تۈزۈلدى.

1982 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 6 - نومۇرلۇق ھۆججەت تارقىتىپ مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: يېزىلاردىكى گۇڭشېلاردىن ھۆكۈمەت چۈشۈرگەن پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچىگە يەتكەنلەر ھەمدە كۆپ بالىلىق بولۇشنى تۈگەتكەنلەر يىل ئاخىرىدا 200 يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ؛ ئومۇمەن پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچى 11%تىن، كۆپ بالىلىق بولۇش نىسبىتى 10%تىن ئېشىپ كەتكەن گۇڭشېلاردا مەزكۇر گۇڭشېدىكى پىلانلىق تۇغۇتقا مەسئۇل رەھبىرىي كادىرنىڭ 12 - ئايلىق مائاش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 10% ىنى تۇتۇپ قېلىنىدۇ. بازاردىكى ئورگان - ئورۇنلاردىكى پىلاندىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەرنىڭ مائاشى تۇتۇپ قېلىنغان ۋە ئۇلارغا مەمۇرىي جەھەتتىن چارە كۆرۈلگەندىن سىرت، مۇكاپاتى بار ئورۇنلارنىڭ بىر ئايلىق مۇكاپاتى تۇتۇپ قېلىنىدۇ، مۇكاپاتى يوق ئورۇنلاردا بولسا، ئاساسلىق رەھبەرنىڭ 12 - ئايلىق مائاشىنىڭ 10% ى تۇتۇپ قېلىنىدۇ.

**1980 — 1985 - يىللاردىكى تۇغۇت چەكلەش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 17 — 3

| يىل | | ئىكاملانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار سانى | ھەر خىل تۇغۇت چەكلەش تەدبىرىنى قوللانغان ئادەم سانى: جەمئىي | ئۇرۇق نەيچىسىنى بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغانلار | تۇخۇم نەيچىسىنى بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغانلار | قوزۇق سالدۇرغانلار | ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسى ئىچكەنلەر ۋە ئوكۇل سالدۇرغانلار | ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش خالتىسى ئىشلەتكەنلەر | سۈرتىلىدىغان دورا ئىشلەتكەنلەر | باشقىلار | تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | خەنزۇ | 882 | 417 | | | | | | | | |
| | ئاز سانلىق مىللەت | 1252 | 429 | | | | | | | | |
| | جەمئىي | 2134 | 846 | | | | | | | | |
| 1981 | خەنزۇ | 1004 | 707 | | | | | | | | |
| | ئاز سانلىق مىللەت | 1408 | 475 | | | | | | | | |
| | جەمئىي | 2412 | 1182 | 8 | 273 | 333 | 339 | 81 | 35 | 113 | 49 |
| 1982 | خەنزۇ | 1026 | 748 | 6 | 141 | 206 | 153 | 83 | 53 | 106 | 73 |
| | ئاز سانلىق مىللەت | 1478 | 515 | | | | | | | | 34.84 |
| | جەمئىي | 2504 | 1263 | 6 | | | | | | | 50.4 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1983 | خەنزۇ | 1083 | 905 | 11 | 287 | 238 | 179 | 71 | 47 | 72 | 83.56 |
| | ئاز سانلىق مىللەت | 1587 | 589 | | | | | • | | | 37.11 |
| | جەمئىي | 2670 | 1494 | 11 | | | | | | | 56 |
| 1984 | خەنزۇ | 1168 | 944 | 12 | 342 | 278 | 171 | 51 | 72 | 18 | 80.82 |
| | ئاز سانلىق مىللەت | 1724 | 489 | | 130 | 158 | 172 | 23 | 6 | | 28.36 |
| | جەمئىي | 2892 | 1433 | 12 | 472 | 436 | 343 | 74 | 78 | 18 | 49.55 |
| 1985 | خەنزۇ | 1232 | 993 | 16 | 336 | 288 | 194 | 52 | 37 | 70 | 80.60 |
| | ئاز سانلىق مىللەت | 1663 | 730 | | 130 | 241 | 182 | 58 | 37 | 82 | 43.9 |
| | جەمئىي | 2895 | 1723 | 16 | 466 | 529 | 376 | 110 | 74 | 152 | 59.52 |

كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەنە بىر قاتار مۇكاپاتلاش - جازالاش تەدبىرلىرىنى تۈزدى، مۇكاپاتلاش - جازالاش ئوبيېكتى ئىدارىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى، مەخسۇس پىلانلىق تۇغۇت ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان كادىر، پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتچىسى، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تېببىي خادىم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. مۇكاپاتلاش - جازالاش تەدبىرلىرى ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا ئەمەلدە كۆرسىتىلدى.

ناھىيە يەنە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، بۇ خىزمەتنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئوپېراتسىيە قىلىدىغان خادىملارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. 1980 - يىل 7 - ئايدا ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ باش سېستراسى جىي يىڭجۇنى خۇنەنىنىڭ چاڭشا شەھىرىدىكى ئىشچىلار دوختۇرخانىسىغا تۇخۇم نەيچىسىنى دورا بىلەن ئېتىپ تۇغماس قىلىش ئوپېراتسىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. 1983 - يىلى ناھىيە يەنە تىكەنلىك گۇڭشېسى بىلەن ۋاشەرى گۇڭشېسىدىكى 2 نەپەر يېزا - كەنت دوختۇرىنى ئوبلاستلىق دوختۇرخانىغا تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. بىر يىل تەربىيىلەش ئارقىلىق، ئۇلار ئۈزۈك سېلىش، ئۈزۈك ئېلىش، سۈنئىي ئۇسۇلدا بالا چۈشۈرۈش قاتارلىق ئوپېراتسىيىلەرنى مۇستەقىل قىلالايدىغان بولدى.

1980 - يىلى ئوبلاستلىق دوختۇرخانىنىڭ تېخنىكا شۆبە ئەترىتى چاقىلىق ناھىيىسىگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت بويىچە 4 تۈرلۈك ئوپېراتسىيىنى قىلىشقا ياردەملەشتى، ناھىيىلىك دوختۇرخانا 2 قېتىم تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى شۆبە ئەترىتى تەشكىللەپ يېزا، كەنتلەرگە ئەۋەتىپ 120 دىن ئارتۇق تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدى.

## 2. پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ئۈنۈمى

پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلمىغان 1979 - يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي تۇغۇلغان بالا 505 بولۇپ، تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰34.47كە، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰27.57كە يەتكەنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلاردىن تۇغۇلغان بالا 225 بولۇپ، تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰46، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰41.8 ئىدى.

1980 ـ يىلى ناھىيىدە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىپ، شۇ يىلى ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىدى، ناھىيە بويىچە خەنزۇلاردىن 133 بالا تۇغۇلدى، يەنى 1979 ـ يىلدىكىدىن 92 بالا ئاز تۇغۇلدى، تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰27 بولۇپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن ‰19 تۆۋەنلىدى؛ تەبىئىي كۆپەيگەن ئادەم سانى 121، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰24 بولۇپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن ‰38 .17 تۆۋەنلەپ، ئىلگىرىكى پىلانسىز تۇغۇش ھالىتى ئاساسەن ئۆزگەرتىلدى.

1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان 6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ناھىيە بويىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 139 بالا تۇغۇلدى، يىللىق ئوتتۇرىچە تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰5 .22 بولۇپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن ‰5 .23 تۆۋەنلىدى؛ يىللىق ئوتتۇرىچە تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰24 .19 بولۇپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن ‰5 .22 تۆۋەنلىدى.

**1979 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە ناھىيە بويىچە خەنزۇلار نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 17 — 4

| يىللار | يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (ئادەم) | يىللىق ئوتتۇرىچە نوپۇس (ئادەم) | تۇغۇش ئەھۋالى: تۇغۇلغان نوپۇس (ئادەم) | تۇغۇش ئەھۋالى: نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰ | تۇغۇش ئەھۋالى: پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى % | تۇغۇش ئەھۋالى: كۆپ بالىلار نىسبىتى % | ئۆلگەن ئادەم سانى | ئۆلۈش نىسبىتى % | تەبىئىي كۆپەيگەن ئادەم سانى | تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | 4915 | 4877 | 225 | 46.13 | | 51.1 | 23 | 4.72 | 202 | 41.42 |
| 1980 | 4944 | 4877 | 133 | 27.27 | 55.3 | 45.3 | 12 | 2.46 | 121 | 24.81 |
| 1981 | 5855 | 5735 | 144 | 25.1 | 50 | 32 | 18 | 3.14 | 126 | 21.97 |
| 1982 | 6205 | 6030 | 160 | 26.5 | 58 | 37 | 20 | 3.32 | 140 | 23.2 |
| 1983 | 6399 | 6302 | 138 | 21.9 | 72.4 | 5.07 | 19 | 3.01 | 119 | 18.85 |
| 1984 | 6444 | 6422 | 135 | 21.02 | 88.15 | 1.48 | 16 | 2.49 | 119 | 18.53 |
| 1985 | 6714 | 6440 | 119 | 18.48 | 86.55 | 2.52 | 24 | 2.73 | 95 | 14.75 |

## 3. كېچىكىپ نىكاھلىنىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش

چاقىلىق ناھىيىسى پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە، كېچىكىپ نىكاھلىنىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلدى. 1981 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «كېچىكىپ نىكاھلانغان، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرگەنلەرنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: ئوغۇللار 25 يېشىدا، قىزلار 23 يېشىدا نىكاھلانسا، كېچىكىپ نىكاھلانغان بولىدۇ، ئۇلارنىڭ توي قىلىشى ئۈچۈن بېرىلگەن دەم ئېلىش ۋاقتى ئەسلىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتى ئاساسىدا 5 كۈن ئۇزارتىپ بېرىلىدۇ. ئاياللار 24 يېشىدا پەرزەنت كۆرسە كېچىكىپ پەرزەنت كۆرگەن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇغۇتى ئۈچۈن بېرىلگەن دەم ئېلىش ۋاقتى ئەسلىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتى ئاساسىدا

15 كۈن ئۆزارتىپ بېرىلىدۇ. تۇغۇت مۇناسىۋىتى بىلەن دەم ئالغان مەزگىلىدە يالغۇز پەرزەنتلىك كېنىشكىسى ئالسا، دەم ئېلىش ۋاقتى يەنە 15 كۈن قوشۇپ بېرىلىدۇ. مائاشى، ئەمگەك نومۇرى باشتىكىدەك بېرىلىۋېرىدۇ، يىل ئاخىرىدىكى باھالىنىش، مۇكاپاتلىنىشقا تەسىر يەتمەيدۇ. 1983-يىل 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەنە كېچىكىپ نىكاھلانغان، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرگەنلەرنى مۇكاپاتلاش چارىسى توغرىسىدا بەزى قوشۇمچە بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى؛ كېچىكىپ نىكاھلانغان ئوغۇل، قىزلارغا مۇكاپات تەرىقىسىدە 10 كۈن دەم ئېلىش ۋاقتى بېرىلىدۇ. 24 يېشىدا تۇنجى پەرزەنت كۆرگەن ئاياللغا مۇكاپات تەرىقىسىدە بىر ئاي دەم ئېلىش ۋاقتى بېرىلىدۇ، يۇقىرىدىكى مۇكاپات تەرىقىسىدە بېرىلگەن دەم ئېلىش ۋاقتى يىل ئاخىرىدىكى باھالىنىش ۋە مۇكاپاتلىنىشقا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. 1983 - يىلىدىن بۇيان، چاقىلىق ناھىيىسىدە كېچىكىپ نىكاھلانغانلارنىڭ نىسبىتى يىلمۇ يىل ئېشىپ باردى، 1983 - يىلى كېچىكىپ نىكاھلانغانلارنىڭ نىسبىتى 40.49% بولدى، 1985 - يىلى 57.66% كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلارنىڭ كېچىكىپ نىكاھلىنىش نىسبىتى 61.97%، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كېچىكىپ نىكاھلىنىش نىسبىتى 42.5% بولدى.

# II باب

# خەلق تۇرمۇشى

## 1 § . دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى

### 1. دېھقانلار

چاقىلىق ناھىيىسى تارىختىن بۇيان نامرات، ئارقىدا قالغان، چەت ۋە كىچىك ناھىيە بولۇپ كەلگەن. 1911 - يىلدىكى «چاقىلىق ناھىيىسىدىكى يۇرتلار تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: چاقىلىقنىڭ «شۇخا - تىكەنلىك جاڭگاللىرى ئىنتايىن يامان، يەرلىرى ئالا، خەلقى شالاڭ»، «خەلقى تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ». دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىن بولۇپ، نورمال يىللاردىمۇ كۆپىنچە «ئوزۇقى يېرىم يىلغا يېتىدۇ، قالغان يېرىم يىلدا كۆكتات يەپ بىر يىلنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزىدۇ»، بىرەر ئاپەت بولۇپ قالسا، ياۋا كۆكتات ۋە ئۈجمە يەپ جان باقىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1956 - يىلى دېھقانلارنىڭ كۈنلۈك ئەمگىكىنىڭ قىممىتى 1.69 يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق كىرىمى 88.41 يۈەن بولدى. 1956 - يىلدىن كېيىن، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «مۇبالىغىچىلىك شامىلى» قاتارلىقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى

تۆپەيلىدىن، 1961 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئاشلىقنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى ئاران 74.2 جىڭ بولدى، كۈنلۈك ئەمگەك قىممىتى 0.74 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. 1963 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1959 - يىلدىكى 5 مىليون 127 مىڭ جىڭدىن بىراقلا 3 مىليون 614 مىڭ جىڭغا چۈشۈپ، %29.5 تۆۋەنلەپ كەتتى. كۈنلۈك ئەمگەك قىممىتى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق كىرىم ئايرىم - ئايرىم ھالدا 0.49 يۈەن ۋە 52.10 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. مەھسۇلات تۆۋەنلەپ، كىرىم ئازىيىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدا زور قىيىنچىلىق كېلىپ چىقتى.

1963 - يىلدىن كېيىن چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىر ئىزدا ئايلىنىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلدى، ئاشلىق مەھسۇلاتى تۆۋەن ھەم مۇقىمسىز بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، 10 يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، دېھقانلارنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسى ئوبدان ھەل بولماي كەلدى.

1978 - يىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىشقا دائىر بىر قاتار سىياسەتلىرىنى پائال تۈردە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزىلاردا ھەر خىل شەكىلدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ۋە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، 1982 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 10 مىليون 647 مىڭ جىڭغا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 685 جىڭغا يەتتى. بۇنىڭ بىلەن چاقىلىقتا دۆلەتنىڭ «قۇتقۇزۇش ئاشلىقى»نى يەيدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق كىرىمى 236 يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن 85 يۈەندىن 151 يۈەن ساپ كۆپەيدى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 941 مىڭ 300 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق كىرىمى 349 يۈەنگە يەتتى، بۇ ناھىيە مەملىكەت بويىچە قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرغان 112 ناھىيە قاتارىغا ئۆتتى.

1978 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئۇدا 8 يىل زور مول ھوسۇل ئېلىندى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي 13 مىليون 779 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 790 مىڭ جىڭ ياغلىق دان، 59 مىڭ جىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. 1949 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئاشلىق 8.82 ھەسسە، ياغلىق دان 41.57 ھەسسە، پاختا 14.75 ھەسسە ئاشتى. دېھقانلارنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «سىياسەت توغرا بولغاچقا، ھەر بىر قەدەمدە بىر نەتىجە يارىتىلدى، ھەر يىلى بىر چوڭ قەدەم تاشلاندى، ھەممەيلەن بىر نىيەتتە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن ئاتلاندى». بۇ ھەقتە يېزىلاردا: «ئىشنى ئالدۇق ھۆددىگە، بار مەسئۇلىيەت ئېتىمىزغا، ئىشلار چۈشتى تەرتىپكە، بار ھوقۇق ھەم ئەركىمىز، ئاشلىق ھەم پۇل تەق بولۇپ، ياىراپ كەتتى دىلىمىز» دېگەن يېڭى قوشاق تارقالدى. بۇ قوشاق دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئوبدان ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. 1985 - يىلغا كەلگەندە دېھقان ئائىلىلىرى ئارقا - ئارقىدىن تېلېۋىزور، ئۈن ئالغۇلارنى سېتىۋالدى.

بىر تۈركۈم كەسپىي ئائىلىلەر يېزىلاردىكى ئەڭ باي كىشىلەردىن بولۇپ قالدى.

1978 - يىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تىكەنلىك يېزىسىدىكى دېھقان گو كەي بوز يەر ئېچىپ ئورمان بىنا قىلىپ، چاقىلىق ناھىيىسىدە تۇنجى ئائىلە ئورمانچىلىق مەيدانى قۇردى، 1985 - يىلى ئۇنىڭ مۇقىم مۈلكى 400 مىڭ يۈەنگە يېقىنلاشتى؛ ۋاششەرىدىكى خۇيزۇ دېھقان ما جىنچېڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىپ، ھەر يىلى دۆلەتكە 40 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق تاپشۇردى؛ ئوتام يېزىسىدىكى دېھقان لى يالىن ئىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر يىلى 10 مىڭ يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلدى. بۇنداق كەسپىي ئائىلىلەر ناھىيە بويىچە خېلى كۆپ.

دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي شارائىتىمۇ مۇناسىپ تۈردە ياخشىلاندى، ئازادلىقتىن بۇرۇنقىدەك كونا، تار ھەم قاراڭغۇ لايتام ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى كەڭ، ئېگىز كېسەك ئۆيلەر ياكى يېپيېڭى خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر ئالدى. 1985 - يىلى ناھىيىدىكى دېھقانلار ئاساسىي جەھەتتىن يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ بولدى. ھەر بىر دېھقان ئائىلىسىگە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە قۇرۇلۇش كۆلىمى 133.6 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ۋاششەرى يېزىسىدا 10 يىلدا 720 يۈرۈش يېڭى ئۆي سېلىندى. 60% ئائىلە يەنە تۇرۇبا سۈيى ئىچىدىغان بولدى.

1984 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلاردا خۇسۇسىيلارنىڭ پۇل ئامانىتى 2 مىليون 228 مىڭ يۈەنگە يەتتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن پۇل سوممىسى 178.24 يۈەنگە يېتىپ، 1983 - يىلدىكىدىن 15.3% ئاشتى.

## 2. چارۋىچىلار

چارۋىچىلىق چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېرىك يېزا ئىگىلىكىدىكى ئەڭ ئاجىز ھالقا، چارۋىچىلىق تەرەققىياتى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈۋاتقان تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ماسلاشمىغان، ئۇ ھەر قايسى كەسپلەر ئارىسىدىكى «ئاقساق پۇت» ھېسابلىنىدۇ. چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىمۇ دېھقانلارنىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەن. 1982 - يىلى، ناھىيە بويىچە چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى دېھقانلارنىڭكىدىن 73 يۈەن ئاز بولدى. 1985 - يىلى كۆپىيىپ 422 يۈەنگە يەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا دېھقانلارنىڭكىدىن 2 يۈەن ئاز بولدى. چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى دېھقانلارنىڭكىدىن بىر قەدەر ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى. بولۇپمۇ 1980 - يىلدىن كېيىن، چارۋىچىلىق رايونىدىكى مەڭگۈلۈك ئاساسىي قۇرۇلۇشلار كۈچەيتىلىپ، چارۋىچىلارنىڭ چارۋا بېقىش مۇھىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتى يىلدىن - يىلغا خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە چارۋا بېقىش نۇقتىلىرىدا چارۋىچىلار 151 ئېغىز ئۆي سالدى. 21 كىگىز ئۆي تىكتى، ئۇزاق چىدايدىغان چارۋا قوتانلىرىدىن 121نى ياسىدى، 43 قۇدۇق قازدى، 23 توغان ياسىدى، 20 كىلومېتىرلىق ئۆستەڭ قازدى. 400 كىلومېتىردىن ئارتۇق چارۋا يولىنى راۋانلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكىدەك سۇ ۋە ئوت-چۆپ قوغلىشىپ ئولتۇراقلىشىدىغان قالاق ھالەت ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىلدى، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مەھسۇلاتنىڭ يىلمۇ يىل ئېشىشىغا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى تېز ئاشتى ھەمدە ئىشچانلىق بىلەن بېيىغان، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى بىلىدىغان بىر تۈركۈم 10 مىڭ يۈەنلىك چارۋىچى ئائىلىلىرى بارلىققا كەلدى.

**دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ بىر قانچە يىللىق كىرىم ئەھۋالى جەدۋىلى**

جەدۋەل: 17 — 5 بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى | چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى |
| --- | --- | --- |
| 1978 | 85 | |
| 1979 | 119 | |
| 1980 | 137 | |
| 1981 | 162 | 152.3 |
| 1982 | 236 | 163 |
| 1983 | 349 | 193 |
| 1984 | 400 | 234 |
| 1985 | 494 | 422 |

## 2 § . ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى

مىنگو مەزگىلىدە چاقىلىق ناھىيىسىدە بىرمۇ زامانىۋى سانائەت كارخانىسى بولمايلا قالماستىن، قول سانائىتىمۇ ئىپتىدائىي، قالاق ھالەتتە ئىدى، سودىگەرلەر بەك ئاز، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تۇرمۇشى جاپالىق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلارنى قوشقاندا، 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 1476 كىشىگە يەتتى.

1978 ـ يىلى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇرۇن، ناھىيىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى گەرچە دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭكىدىن سەل يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن چاقىلىق رايونى چەت، ئىقتىسادى تەرەققىي تاپمىغان رايون بولغانلىقى، يەرلىك مالىيىدە قىيىنچىلىق بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى بىر قەدەر تۆۋەن ئىدى، تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىدى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاق ئاشلىق بىلەن قارا ئاشلىقنى ئارىلاشتۇرۇپ يەيتتى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى يەرلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق مائاشى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى. 1978 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مائاشى 752 يۈەن ئىدى، 1985 ـ يىلغا كەلگەندە 1497 يۈەنگە يەتتى، 8 يىلدا 745 يۈەن ساپ كۆپىيىپ، بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشتى. خىزمەتتىكى ھەر بىر ئىشچى ـ خىزمەتچى 2 كىشىنىڭ ئىستېمال چىقىمىنى ئۈستىگە ئالىدۇ دەپ ھېسابلىغاندا (ئۆزىنى قوشقاندا 3 ئادەم بولىدۇ)، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆتكەن يىللاردىكى كىرىمىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

## چاقىلىق ناھىيە بازىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 1978 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان كىرىمى ۋە سىلىقىنى كۆرسىتىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 17 — 6 بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | ئوتتۇرىچە يىللىق پۇل مائاشى | ئائىلىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئايلىق كىرىمى (ھەربىر ئىشچى - خىزمەتچى يەنە 2 كىشىنى زىممىسىگە ئالىدۇ دەپ ھېسابلاندى) |
|---|---|---|
| 1978 | 752 | 20.89 |
| 1979 | 701 | 19.47 |
| 1980 | 914 | 25.39 |
| 1981 | 1026 | 28.5 |
| 1982 | 1133 | 31.47 |
| 1983 | 1187 | 32.97 |
| 1984 | 1315 | 36.53 |
| 1985 | 1497 | 41.58 |

چاقىلىق ناھىيىسى دۆلەتنىڭ 4 - خىل رايونىغا كىرىدۇ، دۆلەت بېرىدىغان قوشۇمچە ياردەملەر كۆپرەك، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش كىرىمى باشقا جايلارنىڭكىدىن يۇقىرىراق. 1984 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 1048.34 يۈەن بولدى، شۇ يىلى چاقىلىق رايونىدىكىلەرنىڭ 1315 يۈەن بولۇپ، ئوبلاست بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 266.66 يۈەن يۇقىرى بولدى. 1985 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 1200 يۈەندىن كۆپرەك بولدى. شۇ يىلى چاقىلىقتىكىلەرنىڭ 1497 يۈەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 297 يۈەن يۇقىرى بولدى.

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى بىر قەدەر يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن زۆرۈر چىقىم قىلىنىدىغان ئىستېمال پۇللىرىنىڭ تۈرى ئازراق. جۇغراپىيىلىك شارائىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە ئىچكىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا تاۋار ئېگىلىكى جانلانمىغان، ئەمما ھويلا - ئارام ئېگىلىكى خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئائىلىلەر كۆكتات بىلەن ئۆزىنى ئاساسەن قامدىيالايدۇ، كوچىغا چىقىپ كۆكتات سېتىۋالىدىغانلار ناھايىتى ئاز. ئارىلاپ كوچىغا چىقىپ كۆكتات، مېۋە - چېۋە سېتىۋالىدىغانلار بولسىمۇ، بۇ، ئائىلىنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكى تولۇقلاشنىلا مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئائىلىلەر بىر ئاز پۇل ئىقتىساد قىلالايدۇ. چاقىلىق ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىر قەدەر ئەرزان. بۇ ھال ئائىلىلەرنىڭ چىقىمىنى ئازايتىدۇ. 1984 - يىلى بازار ئائىلىلىرىنىڭ خۇسۇسىي پۇل ئامانىتى 2 مىليون 456 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ھەر بىر كىشى بانكىغا يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 650.
نەچچە يۈەن پۇل ئامانەت قويدى.

بازاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قولىغا پۇل كىرگەندىن كېيىن «گۆرۈچ بىلەن ئۇن بولسىلا بولدى» دەيدىغان تۇرمۇش شەكلىگە قانائەت ھاسىل قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. «قۇۋۋەتلىك يېمەكلىكلەرنى يېيىش، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىش، ئالىي دەرىجىلىك بۇيۇملارنى ئىشلىتىش» بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يېڭى ئارزۇسىغا ئايلاندى. 1982 - يىلى بازار ئائىلىلىرى ئىچىدە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن گۆش 10 كىلوگرامدىن كۆپرەككە، كىشى بېشىغا توغرا

كەلگەن يېڭى مېۋە - چېۋە 96 كىلوگرامغا يەتتى. كىشىلەر نەزىرىنى بۇرۇنقى ۋېلىسىپىت، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، ئون ئالغۇ قاتارلىق ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك تاۋارلاردىن پەيدىنپەي تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، موتسىكلىت ھەتتا سىن قويغۇ قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك تاۋارلارغا قارىتىشقا باشلىدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە بازاردىكى %80 تىن ئارتۇق ئائىلە تېلېۋىزور ئالغان ۋە بانكىغا پۇل ئامانەت قويغان.

## ئون سەككىزىنچى قىسىم

# مىللەت، دىن

# ئون سەككىزىنچى قىسىم

# مىللەت، دىن

## I باب

## مىللەتلەر

چاقىلىق ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىنىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە چاقىلىق تەۋەسىنىڭ شىمالىي قىسمى كىرروران، پىشامشان بەگلىكلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى يەرلىك لوپلۇقلار ئىدى؛ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايون قەدىمكى چاقىلىق بەگلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى چياڭلار ئىدى؛ بۇنىڭدىن سىرت، چاقىلىق تەۋەسىدە يەنە ساكلار، تۇخرىلار ۋە هونلارمۇ ياشايتتى. چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن ئىلگىرىلا، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرت ئالاقە قىلىشقان. خەن ۋۇدى (خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇدى) زامانىسىنىڭ جيەنيۇەن 3 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 138 - يىلى)، جاڭ چيەن پەرمان بويىچە غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغاندا چاقىلىقتىن ئۆتكەن. خەن جاۋدى زامانىسىنىڭ يۈەنفېڭ 4 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پىشامشان خانى ئوتارچىنىڭ ئىلتىجاسى بىلەن بىر ئەمىرلەشكەرنى ئەسكەر باشلاپ پىشامشان بەگلىكىنىڭ يىشۈن شەھىرىدە (بۈگۈنكى مىرەندە) بوز يەر ئېچىشقا ئەۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن خەنزۇلار چاقىلىققا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان. «يىپەك يولى» دىكى سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن چاقىلىققا كېلىپ سودا قىلىدىغان سوغدىيانلىق سودىگەرلەر، پارس سودىگەرلىرى دائىم بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بۇددا دىنى شەرققە تارقالغان چاغلاردا بەزى ھىندىستانلىق راھىبلارمۇ بۇ يەرگە كېلىپ دىن تارقاتقان. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، تۇيغۇنلار چاقىلىققا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ھەم يەرلىك ھۆكۈمرانلاردىن بولۇپ قالغان.

سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە، چاقىلىق تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەردىن يەرلىك لوپلۇقلاردىن سىرت، يەنە تۇبۇتلەر، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ۋە خەنزۇ قاتارلىقلار بار ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ خۇيچاڭ 1 - يىلى (841 - يىلى) ئۇيغۇرلار تەدرىجىي ھالدا چاقىلىقتىكى ئاساسلىق مىللەت بولۇپ قالغان، يەرلىك لوپلۇقلار ۋە تۇبۇت، تۈرك قاتارلىقلار تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، چىڭخەيدىكى موڭغۇللار چاقىلىقتا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى ھۆكۈمەتلىرى ئۇلارغا چاقىلىقتا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 22 ـ يىلى (1896 ـ يىلى) شىنىڭدىكى خۇيزۇلاردىن لىيۇ توڭچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئادەملىرى نائىلاج چاقىلىقتا كۆچۈپ كەلگەن. مىنگو دەۋرىدە، قازاقلار چاقىلىقنىڭ جەنۇبىي تېغىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، بۇنىڭدىن باشقا، ئاز ساندىكى ئۆزبېك سودىگەرلەرمۇ چاقىلىقتا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ سودا بىلەن شۇغۇللانغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا بىر تۈركۈم زاڭزۇ ئاھالىسى چاقىلىقتا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، بىر تۈركۈم دۇڭشياڭلار چاقىلىقتا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى.

چاقىلىقنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى تېز كۆپەيدى، ئىچكىرىدىن چاقىلىق ناھىيىسىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان خەنزۇلارنىڭ نوپۇسىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1985 ـ يىلىدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا، چاقىلىق ناھىيىسىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، دۇڭشياڭ، تاتار، قازاق، مانجۇ، زاڭزۇ، لىزۇ، مياۋزۇ، ياۋزۇ قاتارلىق 11 مىللەت بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇلار %37.72نى، خەنزۇلار %60.29نى (يېزا ئىگىلىك 2 ـ شى 36 ـ تۇەنىدىكىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، خۇيزۇلار %1.67نى، باشقا مىللەتلەر جەمئىي %0.3نى ئىگىلىگەن.

## § 1 . ئۇيغۇرلار

### 1. تەرەققىيات جەريانى

سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە چاقىلىقتا ئاز ساندا ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ خۇيچاڭ 1 ـ يىلى (841 ـ يىلى) ئۇيغۇرلار كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار چاقىلىق تەۋەسىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ تەۋەدىكى ئەسلىدىكى يەرلىك لوپلۇقلار ۋە باشقا مىللەتلەر تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چاقىلىقتىكى ئۇيغۇرلار سېرىقباش ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان ۋە ئۇدۇن بەگلىكىگە قارىغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە سېرىق ئۇيغۇرلار دەپ ئاتالغان. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كۇسەن تارىم ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغاندا، چاقىلىقتىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى قوشۇن باشقۇرغۇچى ئەمىرلەشكەر — موڭغۇللارنىڭ زالاتاي ئىسىملىك ئېرغۇنى بىر تۇتاش باشقۇرغان.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەسلىدىكى سېرىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدە ئەندىڭ، كۇسەن، ئۇدۇن قاتارلىق ياساۋۇلخانىلار تەسىس قىلىنغان ۋە بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان. مىڭ تەيزۇ (مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى تەيزۇ) زامانىسىنىڭ 7 ـ يىلى (1374 ـ يىلى) يۈەن سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن نىڭۋاڭ ـ بۇيان تۆمۈر ئۆزىنىڭ مەھكىمە بېگى مادار قاتارلىقلارنى مىڭ تەيزۇ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتكەن ھەمدە تارتۇق ـ سوۋغاتلارنى يوللىغان، تەيزۇ خان

بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولغان. 2 - يىلى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەندىڭ، ئۇدۇن ياساۋۇلخانىلىرىنى تەسىس قىلىپ، بۇيان تۆمۈرنى ئەندىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن، چاقىلىقتىكى ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل قەبىلىلىرى ئەندىڭ بېگىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدا بولغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې يىللىرى (1506 — 1521 - يىللىرى)، موڭغۇللارنىڭ چوڭ قەبىلىسى يىبىرال تۇسى چىڭخەينى بېسىۋېلىپ، ئەتراپتىكى جايلارنى ھەدەپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاندا، ئەندىڭ ياساۋۇلخانىسى پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغان، كېيىن ۋەيران بولغان. ئۇدۇن، كۈسەن ياساۋۇلخانىلىرىمۇ كۆپ قېتىم ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئادەملىرى تارقىلىپ كەتكەن، شۇ سەۋەبتىن چاقىلىقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى بىردىنلا ئازىيىپ كەتكەن.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا چاقىلىق جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاقىلىقتا ھاكىمبەگ تەسىس قىلىپ، يەرلىك ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. XVIII ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا خوتەن، كېرىيە ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر دېھقانلار ئارقا - ئارقىدىن چاقىلىققا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 2 - يىلى (1797 - يىلى) چاقىلىق تەۋەسىدىكى لوپنۇر رايونىدا ۋابا يۈز بېرىپ، نۇرغۇن لوپلۇقلار يۇقۇملىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن، قالغانلىرى باشقا يۇرتلارغا قېچىپ كەتكەن، شۇ سەۋەبتىن چاقىلىقنىڭ نوپۇسى ئازىيىپ كەتكەن. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەن رايونىدىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار ئارقا - ئارقىدىن چاقىلىققا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ توڭجى 10 - يىلى (1871 - يىلى) چاقىلىق تەۋەسىدىكى ۋاششەرى بوستانلىقىنى ئۇيغۇر دېھقانلار قايتا ئۆزلەشتۇرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى تەدرىجىي كۆپەيگەن. گۇاڭشۇ 16 - يىلى (1890 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاقىلىقتا خەيرىخاھلىق - دالالەت ئىدارىسى تەسىس قىلىپ، تۇرپان، كېرىيە قاتارلىق جايلاردىن 300 نەچچە ئۆيلۈك ئۇيغۇرنى چاقىلىققا كەلتۈرگەن، ئۇلار ئۆستەڭ چېپىپ، بوزيەر ئۆزلەشتۇرگەن. گۇاڭشۇ 27 - يىلى (1901 - يىلى) ئەتىيازدا بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار (تەخمىنەن 30 - 40 ئائىلە) چاقىلىقتىكى ۋاششەرى بوستانلىقىغا بېرىپ بوز يەر ئېچىپ ئولتۇراقلاشقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا چاقىلىقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى كۆپىيىپ تەخمىنەن 4000 كىشىگە يەتكەن. مىنگو مەزگىلىدە چاقىلىقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى بىر قەدەر ئاستا بولدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيە بويىچە نوپۇس ئاز كەم 5000گە يەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى تېز كۆپەيدى. 1985 - يىلىغا كەلگەندە ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس 10 مىڭ 469 غا، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە قارايدىغان نوپۇس 10 مىڭ 130غا يەتتى.

## 2. كىيىم - كېچەكلىرى

مىنگودىن بۇرۇن، چاقىلىقتىكى ئۇيغۇر ئەرلەرنىڭ كىيىنىشى باشقا جايدىكى ئۇيغۇرلارغا سەل ئوخشىمايتتى، ئۇلار ھەمىشە قارا ياكى ئاق ماتادىن پەرىجە كىيىپ يۈرەتتى. لوپلۇقلار كۆپىنچە قوي يۇڭىدىن يىپ ئېگىرىپ ئۆزلىرى توقۇۋالغان يەكتەكنى كىيىپ، بېلىگە پوتا باغلايتتى، تىزىنىڭ ئاستىنى بوياقسىز يۇڭ توقۇلمىلار بىلەن ئورىۋالاتتى، پۇتىغا كىگىز پايپاق ئوراپ چورۇق كىيىۋالاتتى. بېشىغا كىگىز قالپاق كىيەتتى، قىش پەسلىدە تاشلانمىغان جۇۋا،

ئېگىز قونچىلىق پىيما كىيەتتى. پىيمىنىڭ كۆرۈنۈشى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى.

ئازادلىق ھارپىسىدا، قىرانىغا يەتكەن ئەرلەر تۈگمىسى يوق، ياقىسىز، تىزدىن ئاشىدىغان ئۇزۇن يەكتەك كىيىشنى ياخشى كۆرەتتى، يەكتەك ئادەتتە ئاق ياكى قارا ماتادىن تىكىلەتتى. بېلىگە كۆپىنچە گۈللۈك پوتا باغلايتتى، پۇتىغا ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈك ياكى پىيما كىيەتتى، بېلىگە چىرايلىق پىچاق ئېسىۋالاتتى ياكى ئۇنى ئۆتۈك قونچىغا قىستۇرىۋالاتتى. بېشىغا دوپپا، ئۈچىسىغا كۆپىنچە ئاق ياكى يوللۇق يىپەك رەختتىن تىكىلگەن، بېشىدىن سېپسىپ كىيىدىغان كۆينەك كىيەتتى، بولۇپمۇ ياقىسىغا كانۋا ئىشلەنگەن كۆينەكلەرنى يىگىتلەر بەك ياخشى كۆرەتتى. قىزلار بولسا ئۇزۇن كۆينەك كىيىشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇنداق كۆينەكلەرنىڭ ئۈستىگە چەك ئېچىلاتتى، كەڭ، باشتىن سېپسىپ كىيىدىغان، تىزدىن ئېشىپ تۇرىدىغان قىلىپ تىكىلەتتى، ئەتلەستىن تىكىلگەن كۆينەكلەر ئەڭ ياخشى ھېسابلىناتتى. ئاياللار ھەمىشە بېشىغا گۈللۈك ياغلىق ياكى دوپپا كىيىپ يۈرەتتى. ئايالچە كۆينەك - چاپانلارنىڭ كۆپىنچىسى قايرىما ياقىلىق قىلىپ تىكىلەتتى، ياقىدىن ئاياللار ياخشى كۆرىدىغان ئىچ كۆينەك، پوپايكا ياكى مارجانلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇنداق پاسونلار ھازىرغا قەدەر ئۆزگەرمىدى. پەقەت رەختنىڭ سۈپىتى ۋە رەڭ تۈرلىرى بەكرەك تەكىتلىنىدىغان بولدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئەرلەرنىڭ كىيىم پاسونىدا ئۆزگىرىش بولدى. بولۇپمۇ بازار ئىچىدىكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى مودا كىيىم ئېقىمىغا ئەگىشىپ ئۆزگەردى، بىر مۇنچە كىشىلەر بېشىغا شەپكە، پۇتىغا بەتىنكە، ئۈچىسىغا ئوتتۇرا - ئالىي دەرىجىلىك كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيىدىغان بولدى. ئەتىياز، قىش پەسىللىرىدە ھەر خىل رەڭدىكى پىلاش ۋە قارا ياكى كۆلرەڭ سوكنا پالتوپكا كىيىدىغانلارمۇ كۆپەيدى.

ئاياللار ھالقا، بىلەزۈك، ئۈزۈك ۋە مارجانلارنى ياخشى كۆرىدۇ، بولۇپمۇ ھالقىغا بەك قىزىقىدۇ. قىزلار 6 — 7 يېشىدىن باشلاپلا قۇلىقىنى تەشتۈرۈپ، كۆپىنچە تۈچ ھالقا تاقايدۇ. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، ئىقتىسادىي شارائىتىغا قاراپ ئالتۇن ياكى كۈمۈش ھالقا سالىدۇ. بىلەزۈك، مارجان ۋە ئۈزۈك قاتارلىق زىبۇ زىننەتلەرنى تاقاش ئادىتىمۇ ھالقا تاقاشقا ئوخشايدۇ. ئاياللاردا قوشۇما قاش قىلىپ پەرداز قىلىش ئادىتى كۆپرەك ئومۇملاشقان. قىزلار كىچىك چېغىدىن باشلاپلا قاشلىق ئېتىدۇ.

ھېيت - ئايەملەردە ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممەيلەن يېڭى كىيىم تىكتۈرۈپ، ئۈستىبېشىنى بىرەر قۇر يېڭىلاپ، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلاپ ئۆزئارا پەتىلىشىدۇ.

## 3. يېمەك - ئىچمىكى

چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار يېمەك - ئىچمەكتە ئۇندىن قىلىنغان تائاملارنى ئاساس قىلىدۇ، گۈرۈچ تائامنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما شال تېرىلىدىغان يەر كۆلىمى بەك ئاز بولغاچقا، گۈرۈچ تائامنى ئانچە كۆپ يېمەيدۇ. قوشۇمچە يېمەكلىكلەردىن كالا، قوي گۆشىنى ئاساس قىلىدۇ. توخۇ، ئۆردەك ۋە بېلىق گۆشىنى ئازراق يەيدۇ. چوشقا، ئېشەك، ئىت ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ قانلىرىنى ۋە ئۆزى ئۆلگەن قوش، ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى يېمەيدۇ. تېتىتقۇلاردىن تۇز، ئاچچىقسۇ، ئارپىبەدىيان ۋە مۇچىنى ئاساس قىلىدۇ. ئىچىملىكلەردىن قاراچاينى ھەر كۈنى ئىچىدۇ. كالا سۈتى، ئۆچكە سۈتى

ئىچىشىنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. تەقۋادار كىشىلەر تاماقتىن كېيىن خۇدانىڭ ھەممىتىگە رەھمەت ئېيتىپ دۇئا قىلىدۇ.

1) ئاساسلىق تائام تۈرلىرىدىن نان، لەغمەن، ئۈزۈپ تاشلانغان ئاش، ئۈگرە، چۆچۈرە، يوتازا، سامسا ۋە پولو بار.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە بىر - بىرىنىڭكىنى ئۆرنەك قىلدى، ئۇيغۇرلار گۈرۈچ تامىقى، ھورنان قاتارلىقلارنىمۇ پات - پات يەيدىغان بولدى.

2) قورۇما تۈرلىرى قورداق ئەنئەنىۋى قورۇما ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تۇخۇم قورۇمىسى، گۆش - پىياز قورۇمىسى، جىگەر قورۇمىسى، زاسۇي قورۇمىسى قاتارلىق قورۇمىلارمۇ بار. قورۇمىلارنىڭ ھەممىسىگە پىياز سېلىنىدۇ.

3) ئاددىي يېمەكلىك تۈرلىرىدىن كاۋاپ (بىر خىلى تونۇر كاۋىپى، بىر خىلى زىخ كاۋاپ)، لەڭپۇڭ، قوي زاسۇيى، (بىر خىلى، قاينىتىپ پىشۇرۇلغاندىن كېيىن سوغۇق تەييارلىنىدۇ، يەنە بىر خىلى ئۆپكە - ھېسىپ قىلىپ قويۇپ پىشۇرۇلىدۇ) بار.

4) ئىچىملىكلەر سىنچاي (بۇ ئۇيغۇرلار دائىم ئىچىدىغان ئىچىملىك بولۇپ، بىر يىلنىڭ 4 پەسلىدە، بىر كۈندىكى 3 ۋاق تاماقنىڭ ھەممىسىدە ھازىرلىنىدۇ)، قېتىق، مارۇژنىلار بار.

## 4. تۇرالغۇ ئۆيلىرى

چاقىلىقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرى سوقما تاملىق ئۆي، ۋادەك تاملىق ئۆي، كېسەك ئۆي ۋە خىش ئۆي دەپ 4 خىلغا بۆلۈنىدۇ.

1) سوقما تاملىق ئۆي ئەتراپتىكى تۇپىدىن ئېتىلگەن لايدىن قوپۇرۇلىدۇ، تام ھۇلىنىڭ كەڭلىكى بىر مېتىر ئۆپچۆرىسىدە، ئۈستى تەخمىنەن يېرىم مېتىر كەڭلىكتە بولىدۇ. تام قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆگزىسى يېپىلىدۇ. لىم ياغاچلارنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت قومۇچ ۋە بورا يېپىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستى لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ. بۇ خىل ئۆيلەرنىڭ لەمپىسى، تۆت ئەتراپىدا دەرىزىسى بولمايدۇ. يورۇق بولسۇن ۋە شامال ئۆتۈشسۇن دەپ ئۆگزىسىگە تۈڭلۈك ئېچىلىدۇ.

2) ۋادەك تاملىق ئۆي دەرەخ شاخلىرىدىن توقۇلغان ۋادەك تام قىلىنىدۇ. ۋادەكنىڭ سىرتى لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ، تامنىڭ تۆت ئەتراپىغا لىمنى تىرەپ تۇرىدىغان تۈۋرۈك قويىلىدۇ، ئۆگزىسى لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ. بۇ بىر خىل قەدىمكى قۇرۇلۇش شەكلى بولۇپ، ھازىر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

3) كېسەك ئۆي تام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلىدۇ، ئىشىك - دېرىزە قويۇلىدۇ، تامنىڭ ئىچى - سىرتى لاي بىلەن سىلىق سۇۋىلىدۇ ۋە ھاكلاپ ئاقارتىلىدۇ؛ ئۆگزىسى تۈز بولۇپ، لەپمە چىقىرىلمايدۇ. ئۇنىڭ چوڭلىرىمۇ، كىچىكلىرىمۇ بار بولۇپ، ئازادە - يورۇق بولىدۇ، بۇ ھازىر كەڭ تارقالغان ئىمارەت شەكلىدۇر.

4) خىش ئۆي 80 - يىللاردا خىش بىلەن ئۆي سېلىنىدىغان بولدى. ئۆي سېلىش ئۇسۇلى كېسەك ئۆيىنىڭكىگە ئوخشايدۇ، پەقەت قۇرۇلمىسىلا ئوخشاش بولمايدۇ.

مىنگو ۋاقتىدا كۆپ ساندىكى ئۆيلەردە كۆپىنچە كالىڭ ياسىلىپ، ئۈستىگە كىگىز ياكى پالاز سېلىنىپ كۆرپە ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى، بىر سېلىپ قويغانچە كۆپ يىللارغىچە ئېلىۋېتىلمەيتتى.

ئۆي ئىچى ئىنتايىن ئاددىي، ئۆي جاھازلىرى بەك ئاز ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۆي ئىچىنى بېزەشتە چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. 70 - يىللاردىن بېرى، بولۇپمۇ 80 - يىللارغا كەلگەندە ئۆيلەرگە 5 تارتمىلىق ئىشكاپ، چوڭ كىيىم ئىشكاپى قويۇلىدىغان، تاملارغا يىپەك گىلەم ياكى زىلچا ئېسىلىدىغان، كىيىم - كېچەكلىرى كۆپرەك ئائىلىلەر كىيىمنى گۈللۈك ساندۇق قىلارغا قويىدىغان بولدى. ئىسسىنىش ئۈچۈن قەلەي مەشلەر ئىشلىتىلىدىغان بولدى. تېلېۋىزور، ئۈن ئالغۇ قاتارلىق ئېلېكتر سايمانلار ئارقا- ئارقىدىن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىن ئورۇن ئالدى.

1985 - يىلغا كەلگەندە ھەممە ئائىلىلەردە ھويلا تېمى قوپۇرۇلدى، ھويلا تېمى ئادەتتە كېسەك ۋە خىشتىن قوپۇرۇلىدۇ، ياكى ياغاچ رىشاتكىلاردىن ياسىلىدۇ. ھويلا ئىچىگە، ئۆيلەرنىڭ ئالدى - كەينىگە ئۈزۈم ۋە ھەرخىل مېۋىلىك كۆچەتلەر قويۇلىدۇ، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا سۇپا ياسىلىپ، ئۈستىگە پالاز سېلىنىپ قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدا ياز ۋاقىتلىرى ئۇخلىسىمۇ، مېھمان كۈتسىمۇ بولىدۇ، سۇپا ئەتراپىغا ياغاچتا رام ياسىلىپ گۈل تەشتەكلىرى قويۇلىدۇ.

## 5. يول يۈرۈش

60 - يىللاردىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلار ئۇرۇغ - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلاشتا ۋە بازارغا بېرىشتا ئات - ئېشەك مىنەتتى ياكى ھارۋا قوشۇپ باراتتى. كېيىن رەزىنكە چاقلىق ئېشەك ھارۋىلىرى تەدرىجىي ئومۇملاشتى ۋە ئاساسلىق قاتناش - ترانسپورت قورالى بولۇپ قالدى. ئېشەك ھارۋىلىرى ئۈستىگە كىشىلەرنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن ئەديال سېلىنىدىغان بولدى. 70 - يىللاردا يېزىلاردا ۋېلسىپىت ئومۇملاشتى. 80 - يىللاردا موتسىكلىت، تراكتور ۋە ماشىنىلار كۆپچىلىك ياخشى كۆرىدىغان قاتناش قوراللىرىدىن بولۇپ قالدى.

ياز پەسلى ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، ئۆيدە يالىڭاياغ يۈرىدىغان ئادەت بار، يېزىلاردا بەزى كىشىلەر يالىڭاياغ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.

## 6. توي، ئۆلۈم - يىتىم ۋە خەتنە توي

1) توي چاقىلىقتىكى ئۇيغۇرلار تويىنى ئۆمرىدىكى ئەڭ خوشاللىنارلىق ئىش دەپ قارايدۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇن، ئوغۇل - قىزلار 13 - 14 ياشقا كىرىپلا ئۆي - ئوچاقلىق بولاتتى. ھەرگىزمۇ يالغۇز يۈرۈۋەرمەيتتى، يېشى ئازراق چوڭىيىپ كېتىپ توي قىلمىغانلار سۆز - چۆچەككە قالاتتى. پەرزەنتلەرنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئاتا - ئانىلار چات كىرىپ، جۆرە تالالاپ بېرەتتى. نىكاھقا ئاخۇنلار ئىگە بولاتتى. ئەينى چاغدا «ئەرلەر ئېيزىز، ئاياللار خار» دەيدىغان فېئوداللىق ئەخلاق ئەۋج ئالغانلىقتىن، ئەرلەر خوتۇنلىرىنى خالىغانچە تاشلىۋېتەلەيتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى دۆلەت «نىكاھ قانۇنى»نى ئېلان قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ خىل نىكاھ ئادەتلىرى پەيدىنپەي بىكار قىلىنىپ، «ئەركىن مۇھەببەتلىشىش» ئومۇملىشىشقا باشلىدى، لېكىن نىكاھنىڭ ئاساسىي شەكلى ئۆرپ - ئادەت سۈپىتىدە يەنىلا ساقلاپ قېلىندى.

قۇدىلىشىشتا يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى تەشەببۇسكار بولىدۇ. ئادەتتە يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان كېلىن تاللايدۇ، ئاندىن قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەلچى قويىدۇ، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قوشۇلغاندىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆزلىرى بىلەن ئوبدان ئۆتىدىغان بىر قانچە ئايالنى تەكلىپ قىلىپ، 4 نان ۋە ئازراق زىبۇ - زىننەت، كىيىملىك رەخ

بىلەن قىزنىڭ ئۆيىگە قۇدا چۈشۈشكە ئەۋەتىدۇ. قىز تەرەپنىڭ ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ دېيىشىپ قويغان بىر كۈنى ئوغۇلنىڭ ئۆيىدىكىلەر يېقىن دوستلىرى بىلەن بىللە قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. ئىشىكتىن كىرىپلا ئوغۇل تەرەپنىڭ دوستلىرى ئىنتايىن خوشال سۆزلەر ئارقىلىق قىزنىڭ ھويلىسى ئىچىدىكى ئوتتۇرا ئۆيگە گەپ كىرگۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مېھمانغا كەلگەنلىكىنى قارشى ئالىدىغان - ئالمايدىغانلىقىنى سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىز تەرەپتىكىلەرمۇ خوشال سۆزلەر بىلەن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ. ئىككى تەرەپ مۇلايىم كەيپىيات ئىچىدە ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى قودىلىشىش توغرىسىدا بىۋاستە سۆز ئاچىدۇ، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى مېھمانلارنىڭ ئالدىدىلا جاۋاب بېرىدۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئاساسەن قوشۇلغانلىقى ھەققىدە جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ 2 - قېتىم تويلۇق ئاپىرىدۇ. ئاساسەن، سېمىز قوينىڭ قۇيرۇقىدىن بىر نەچچىنى ئاپىرىدۇ. ئاندىن يەنە 3 - قېتىم مەسلىھەت چېيى ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئوغۇل تەرەپ ئىمكانىقەدەر سەممىي، مەرت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

توي مۇراسىمى ئاۋۋال قىزنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن كېيىن يىگىتنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. قىز تەرەپ توي مۇراسىمىغا ئىشلىتىدىغان خىراجەتنى كۆپىنچە ئوغۇل تەرەپ بېرىدۇ. توي مۇراسىمىغا قاتناشقىلى كەلگەن مېھمانلار سوۋغا سۈپىتىدە بىر قانچە نان، كىيىملىك رەخت ياكى پۇل ئېلىپ كېلىپ قۇتلۇقلايدۇ. توي مۇراسىمىغا بىر ئاخۇن رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، توي مۇراسىمى باشلانغاندا، يىگىت قىزغا بورتۇمشال ياغلىق ياپىدۇ. ئاندىن يىگىت بىلەن قىز ئايرىم - ئايرىم ھالدا يىگىت قولدىشى بىلەن قىز قولدىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا توي بولۇۋاتقان ئورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىدۇ. توينى باشقۇرغۇچى بىر پىيالىدە تۇز سۇيى ۋە ئۇنىڭغا چىلانغان 2 پارچە ناننى يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئالدىغا قويۇپ نىكاھ ئوقۇپ بەخت تىلەيدۇ. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يىگىت بىلەن قىزدىن ئەر - خوتۇن بولۇشنى قوبۇل كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سورايدۇ، ئىككى تەرەپ قوبۇل كۆردۇق، دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، تۇز سۇيىگە چىلانغان ناننى يېيىشىپ جاپادىمۇ - ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئارقىدىن قىزنى زىلچا ياكى ئەدىيالغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئوغۇل تەرەپتىن 4 كىشى ئۇنى كۆتۈرۈپ ماشىنىغا (ياكى ئېشەك ھارۋىسى ۋە ئات ھارۋىسىغا) سېلىپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىدۇ. قىز يىگىت تەرەپنىڭ ھويلىسىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئىشىك ئالدىغا سېلىنغان گۈلخاننى ئايلىنىدۇ. قىز يېڭى ئۆيگە ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن، تېگىگە پاختا ۋە تاش باستۇرۇلغان كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ (ئېيتىلىشىچە، پاختا قىزنى مېھرىبان ھەم ئىشچان قىلارمىش، تاش ئېغىر بېسىق ۋە ئېھتىياتچان قىلارمىش). قىز قولدىشى قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ، يىگىت بىلەن قىز مېھمانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىدۇ.

تويدىن كېيىن، ئادەتتە قىز تەرەپنىڭ يەڭگىسى ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىدە 1 - 2 كۈن قونۇپ ئاندىن قايتىدۇ، كېتىدىغان ۋاقىتتا يىگىت بىرەر كىيىملىك رەخ ياكى باشقا سوۋغاتلارنى بېرىدۇ. توي بولغان قىز بىلەن يىگىت قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن بىرگە قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە سالامغا بارىدۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە يىگىت تەرەپنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە سالامغا بارىدۇ ۋە بەزى سوۋغاتلارنى بېرىپ رەھمەت ئېيتىدۇ. ئۇلار ئادەتتە قىز تەرەپنىڭ ئۆيىدە قونمايدۇ.

2. ئۆلۈم - يېتىم چاقىلىقتىكى ئۇيغۇرلار ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا مېيىتنى

كېپەنلەپ تېز ئۆزىتىدۇ. مېيىتنى ساقلاش ۋاقتىنى ئادەتتە 24 سائەتتىن ئاشۇرمايدۇ. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، تېزلا ئاخۇن چاقىرىپ خەتمە قۇرئان قىلدۇرىدۇ، مېيىتنى يۇيۇپ، كېپەنلەپ جىنازىغا سېلىپ نامىزىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن قەبرىستانلىققا ئاپىرىپ كۆمىدۇ. گۆرلۈكنى ئادەتتىن جەنۇبتىن شىمالغا تەخمىنەن 2 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولاپ، جەسەتنى ئۇنىڭغا تۈز قىلىپ، بېشىنى شىمالغا، يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ قويىدۇ. جەسەتنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن، گۆرلۈكنى كۆمۈپ، توپا دۆۋىلەپ قەبرە قىلىدۇ، بەزىلەر كېسەك بىلەن گۈمبەز شەكلىدە قەبرە قوپۇرۇپ لاي بىلەن سىلىق سۇۋۇۋېتىدۇ. قەبرە ئالدىغا ئابىدە تاختا ئورناتماي قەبرە بەلگىسى سۈپىتىدە خادا قاداپ، ئۇستىگە كالا قۇيرۇقى ياكى رەخت، قوي تېرىسىگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېسىپ قويىدۇ.

ئۆلگۈچىنىڭ ئەر تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى بېلىگە ئاق باغلايدۇ. ئاياللار مېيىت ئۈزاتقىلى چىقمايدۇ، مېيىتنى كۆمگەندە، تۇغقانلىرىنىڭ يىغا -زارە قىلىشىــــغا بولمايدۇ. ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلىپ بولۇپ 3 كۈن ئۆتكەندە بىر قېتىم، 7 كۈن ئۆتكەندە بىر قېتىم، قىرىق كۈن ئۆتكەندە بىر قېتىم ۋە يۈز كۈن بولغاندا بىر قېتىم نەزىر ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئادەم ئۆلۈپ بىر يىلغىچە، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھەر پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندە بىر قېتىم قەبرىنى يوقلاپ تۇرىدۇ، كېيىنچە ھەر يىلى روزى ھېيت نامىزى ۋە قۇربان ھېيت نامىزىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قەبرىنى يوقلاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ.

3) خەتنە توي ئوغۇل باللار 6 - 9 ياشلارغا كىرگەندە خەتنە قىلىنىپ، خەتنە تويى ئۆتكۈزۈلىدۇ. خەتنە تويى ئادەتتە ئەتىياز پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇ چاغدا، بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى خەتنە قىلىشقا مەخسۇس ئاخۇن چاقىرىپ دۇئا ئۆتكۈزۈپ، بالىسى ئۈچۈن بەخت تىلەيدۇ. خەتنە قىلغۇچى ئۇستىرا بىلەن بالىنىڭ زەكىرىنىڭ قاپلىما گۆشىدىن ئازراق كېسىۋېتىدۇ ھەمدە دەرھال پاختا كۆيدۇرۇپ، ئۇنىڭ كۈلىنى كېسىلگەن جايغا بېسىپ قاننى توختىتىدۇ (1980 - يىلىدىن كېيىن، بەزىلەر دوختۇر تەكلىپ قىلىپ خەتنە قىلدۇرىدىغان بولدى). ئۇيغۇرلار خەتنە تويىنى ئوغۇللارنىڭ ھاياتىدا نىكاھدىن قالسا بىر چوڭ خۇشاللىنارلىق ئىش دەپ قارايدۇ. خەتنە تويدا زىياپەت ھازىرلاپ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، تويىنى بىرلىكتە قۇتلۇقلايدۇ.

## 7. ھېيت - بايراملىرى

چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ھەر يىلى 2 قېتىم چوڭ ھېيت قىلىدۇ يەنى روزى ھېيت بىلەن قۇربان ھېيتنى ئۆتكۈزىدۇ. بولۇپمۇ قۇربان ھېيتنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزىدۇ. «زاراخەتمە»، «بارات» قاتارلىق كىچىك بايراملارنىمۇ ئۆتكۈزىدۇ.

1) روزى ھېيت ئىسلام دىنىنىڭ ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى روزى ھېيت بولىدۇ. 9 - ئاي رامىزان ئېيى دېيىلىدۇ. 10 - ئاينىڭ 1 - ياكى 2 - كۈنلىرى يېڭى ئاي كۆرۈنگەندە ھېيت قىلىنىدۇ، ئەتىسىگەندە مەسچىتكە بېرىپ ھېيت نامىزى ئوقۇلىدۇ، ئاندىن قەبرە يوقلاپ كېلىنىپ ئېغىز ئېچىلىدۇ. روزا ھېيتتا ھەممە ئائىلىلەر ھېيتلاپ كەلگۈچىلەرنى ساڭزا، پېچىنە - پىرەنىك ۋە كاكچىنان بىلەن كۈتۈۋالىدۇ.

2) قۇربان ھېيت روزى ھېيت بولۇپ 70 كۈن ئۆتكەندە، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قۇربان ھېيت بولىدۇ، بۇ، يىلدا بىر

ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ ھېيت ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ كۈنى ئەتىگەندە ھەممەيلەن تەرەت ئېلىپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، مەسچىتكە بېرىپ باماز ئۆتەيدۇ. ئاندىن ئۆيلىرىگە قايتىپ كالا، قوي قاتارلىق قۇربانلىق ماللىرىنى سويۇپ، پارچىلاپ پىشۇرۇپ، مۇبارەكلەپ كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەقلەپ قويىدۇ. 1 - كۈنى، ئاساسەن، ئۇرۇق - تۇغقانلار ھېيتلىشىدۇ؛ 2 - كۈنى دوست - بۇرادەر خىزمەتداشلار، قوشنا - قولۇملار بىر - بىرىنى ھېيتلىشىدۇ ھەمدە ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن، دەپ قۇتلۇقلىشىدۇ. ھېيت كۈنلىرى ئۆيگە ناتونۇش كىشىلەر ياكى ئىلگىرى تەگىشىپ قالغان كىشىلەر كەلسىمۇ ئوخشاشلا قارشى ئېلىنىدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا، بۇرۇنقى ئاداۋەتلەر ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. چاقىلىقتا قۇربان ھېيت مەزگىلىدە ئېشەك - دەرۋازىلار تاقىلىپ قالمايدۇ. 1980 - يىللاردىن باشلاپ، ھېيت كۈنلىرى قورۇما قورۇش تەدرىجىي ھالدا ئادەتكە ئايلاندى. ھېيت كۈنلىرى كىشىلەر يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ ئويناپ كۈلۈپ، شادىمان يۈرىدۇ، ھەممىلا جاي ئىناقلىق، دوستلۇق ۋە ئىتتىپاق كەيپىياتىغا تولىدۇ.

3) زارا خەتمە بۇ، بىر خىل دۇئا - تىلاۋەت پائالىيىتى، ھەر يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن بۇرۇن، چاقىلىقتىكى ئۇيغۇر ئاھالىلەر بىر قېتىم زاراخەتمە ئۆتكۈزىدۇ، بۇنى كۆپىنچە بىر نەچچە ئائىلە بىرلىشىپ ئۆتكۈزىدۇ، ھەر قايسى ئائىلىلەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن كالا، قوي تەقدىم قىلىدۇ، كۆپچىلىك خۇشال - خورام ھالدا جەم بولۇپ تاماق يەيدۇ. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، خەتمە قۇرئان قىلىپ بىر - بىرىگە خەيرلىك تىلەيدۇ. زارا خەتمىدە كىشىلەر ئاساسەن ئەل - يۇرتنىڭ تىنچ - ئامان بولۇشى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ۋە ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەكنىڭ مول بولۇشىنى تىلەيدۇ.

4) بارات روزى ھېيتتىن 15 كۈن بۇرۇنقى ئاخشىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەممە ئائىلىلەر بۇرۇن تەييارلاپ قويغان ياغلىق قاپاقلىرىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ئۇنى ئېگىز خادىغا ئېسىپ قويىدۇ، بۇ ياغلىق قاپاقلار مەشئەلدەك كۆيۈپ كۆزنى قاماشتۇرغىدەك يورۇپ كېتىدۇ. كىچىك بالىلار ياكى ياشلار كۆيۈۋاتقان ياغلىق قاپاقلارنى كۆتۈرۈپ توپ - توپ بولۇپ، پۈتۈن ئاۋازى بىلەن: «بارات بولدى، تويدۇڭلارمۇ، ياغلىق قاپاقنى كۆردۈڭلارمۇ......» دەپ تۈۋلىشىدۇ، ئوقۇمۇشلۇق چوڭ كىشىلەرمۇ قىز - قېنىغا پاتماي خۇشال يۈرگەن ياشلار ئارىسىغا بېرىپ، گاھىدا ئۇنلۇك ناخشا تۈۋلىسا، گاھىدا بېيىت - قوشاق ئېيتىپ جۆر بولىدۇ.

بارات، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاللانىڭ بەخت - سائادەت ئاتا قىلىشىنى تىلەش ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ياد ئېتىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بارات بولغان كۈنى ھەممە ئائىلىلەر پوشكال پىشۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ، خالىغانچە سەدىقە بېرىدۇ.

## 8. كۈندىلىك قائىدە - يوسۇنلىرى

چاقىلىقتىكى ئۇيغۇرلار قىزغىن مېھمان دوست، ساددا - ئاقكۆڭۈل بولۇپ، قائىدە يوسۇنغا بەك ئېتىبار بېرىدۇ. يۈز كۆرۈشكەندە سالام قىلىشىدۇ؛ ئادەتتىكى چاغلاردا كۆرۈشۈپ قالسىمۇ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ «تىنچلىقمۇ» دەپ ئەھۋال سورىشىدۇ.

ئۆيگە مېھمان كەلسە، ساھىبخان تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىزغىن ھال - ئەھۋال سورايدۇ ھەمدە كاڭغا ئەدىيال ياكى كۆرپە سېلىپ مېھماننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ (مېھمان يۈكۈنۈپ ياكى بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ)، ساھىبخان ئايال مېھماننىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ،

ئۈستىگە نان، يەل ـ يېمىش، قورۇما قاتارلىق نازۇ نېمەتلەرنى تىزىپ، چىنە ـ چوكا قويىدۇ، ئاندىن كېيىن، ساھىبخانناننى 4 پارچە قىلىپ سۇندۇرۇپ مەزىگە بېقىشقا تەكلىپ قىلىدۇ (نان سۇندۇرۇلماي تۇرۇپ مەزىگە بېقىش بىھۆرمەتلىك ھېسابلىنىدۇ). ئەگەر ئۇرۇق ـ تۇغقان يېقىن دوست ـ بۇرادەرلەر كەلسە ساھىبخان پولۇ ئېتىپ كۈتۈۋالىدۇ. تاماق يېيىشتىن بۇرۇن، ساھىبخان ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا ئېلىپ كېلىپ مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىدۇ، مېھمان قولىنى سۇنۇپ 3 قېتىم يۇيىدۇ. قولىغا سۇ بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، چوڭ لېگەندە تاماق كەلتۈرۈلىدۇ، ھەر 2 ـ 3 ئادەمنىڭ ئالدىغا بىر لېگەندىن تاماق قويۇلۇپ، مېھمان تاماققا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئەر ساھىبخان ئەر مېھمانلارنى، ئايال ساھىبخان ئايال مېھمانلارنى كۈتىدۇ، ئەر ـ ئاياللار بىر ئۆي ۋە بىر داستىخاندا مېھمان بولمايدۇ.

مول ھوسۇل ئېلىنغاندا، كەڭ ھويلىلاردا مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭغا كىشىلەر خالىغانچە قاتنىشىدۇ. چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن داپ، دۇتار، تەمبۇر ۋە راۋابلار چېلىنىدۇ. مۇزىكا ئەترىتىگە داپچى دېرىژور بولىدۇ. سورۇندىكىلەردىن ناخشا ئېيتقۇسى كەلگەنلەر ناخشا ئېيتىدۇ، ئۇسسۇل ئوينىغۇسى بارلار ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ناخشا ـ ئۇسسۇللار قىزىغاندا كەيپىيات ناھايىتى خۇشال ۋە قىزغىن بولىدۇ.

پەرزەنت تۇغۇلۇپ بىر ئاي بولغاندا ئات تويى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر سوۋغات ئېلىپ كېلىپ تەبرىكلەيدۇ، ساھىبخان ئۇلارنى پولۇ بىلەن كۈتۈۋالىدۇ.

يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندە، ساھىبخان مۇۋاپىق بىر پەيتتە ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ئوبداي چاي بېرىدۇ، ھەممەيلەن يېڭى ئۆيىنى تەبرىكلەيدۇ.

ئادەتتىكى چاغلاردا بىر ـ بىرىنىڭ ئىسمىنى قانداق ئاتاشقا بەك دىققەت قىلىدۇ ۋە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. ئوغۇل باللارنى چاقىرسا ئىسمىنىڭ كەينىگە «جان»نى قوشۇپ، قىز باللارنى چاقىرسا ئىسمىنىڭ كەينىگە «گۇل»نى قوشۇپ چاقىرىدۇ. بۇ، ئەركىلەتمە نامنى بىلدۈرىدۇ. ياش قۇرامىغا يەتكەن ئوغۇللارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «ئاخۇن»نى، قىزلارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «خان»نى قوشۇپ چاقىرىدۇ. بۇ، ھۆرمەت نامىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەتتە ئالاقە قىلىشقاندىمۇ ياش پەرقىگە بەك دىققەت قىلىدۇ، ئۆزىدىن چوڭ ئەرلەرنى چاقىرغاندا، ئىسمىنىڭ كەينىگە «ئاكا»نى، ئۆزىدىن چوڭ ئاياللارنى چاقىرغاندا ئىسمىنىڭ كەينىگە «ئاچا»نى قوشۇپ چاقىرىدۇ. ياشانغان ئەرلەرنى دادا ياكى بوۋا دەپ، ياشانغان ئاياللارنى ئانا ياكى موما دەپ چاقىرىدۇ. خىزمەتداشلار، دوستلار كۆرۈشكەندە، كۆپىنچە بىر ـ بىرىنى «سىز»، «سىلە» دېيىشىدۇ. «سەن» دېيىش ئادەتتە ھۆرمەتسىزلىك ھەتتا مۇغامبەرلىك ھېسابلىنىدۇ، بىۋاسىتە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ۋە ناھايىتى يېقىن دوستلارلا «سەن» دېيىشىدۇ.

ئۆي ئىچىگە ئادەمنىڭ سۈرىتىنى ئاسمايدۇ، رەسىم چاپلىمايدۇ، ئەمما ھازىر خېلى بىر قىسىم ئائىلىلەردە تامغا چولپانلارنىڭ سۈرىتىنى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ رەسىمىنى چاپلايدىغان ۋە ئاسىدىغان بولدى.

چاقىلىقتا ئىلگىرى كۆلدە قول ـ پۇت ۋە كىيىم ـ كېچەك يۇيۇش چەكلىنەتتى، چۈنكى كۆل سۈيىنى كىشىلەر ئىچەتتى. شۇڭا كۆل پاك جاي دەپ قارىلاتتى. 1985 ـ يىلىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە 80% ئائالە تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىدىغان بولدى.

ھەر يىلى بۇغداي پىشقاندا، دېھقانلار ئورمىدىن بۇرۇن ناخشا ئېيتىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، قورال ـ سايمانلىرىنى تەقلىگەچ، مول ھوسۇلنى كۈيلەپ ناخشا ئېيتىشىدۇ، بىر ئادەم ناخشا باشلىسا، قالغانلىرى جۆر بولىدۇ. ناخشا تېكىستلىرى خىلمۇ خىل بولىدۇ، ئۆتمۈشتىن

قالغانلىرىمۇ، ھاياجان ئىلكىدە، دەرھال توقۇلغانلىرىمۇ بولىدۇ، ناخشىلار ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك بولۇپ، جاراڭلىق، شوخ ناخشا سادالىرى كىشىگە مول ھوسۇل شاتلىقى تۇيغۇسىنى بېغىشلايدۇ.

كىشىلەر ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى ياكى كېسەل كىشىنى يوقلىغاندا، ئادەتتە سوۋغا ئېلىپ بارىدۇ، ھېچ بولمىغاندا نان بولسىمۇ ئېلىۋالىدۇ.

ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يىراق سەپەرگە چىقسا ئۇزىتىپ چىقىپ، خەيرلىك سۆزلەر بىلەن بەخت تىلەيدۇ ياكى كىيىم - كېچەك سوۋغا قىلىپ، كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدۇ.

قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەر يولدا تونۇشلىرىنى ئۇچرىتىپ قالسا، توختاپ سالاملىشىدۇ، چوڭلارنى ئۇچرىتىپ قالسا، مەيلى ئات - ئېشەك ياكى ۋېلسىپىت مىنىپ كېتىۋاتقان بولسۇن، پەسكە چۈشۈپ سالام قىلىپ، ئەھۋال سورايدۇ، چوڭلار كەتكەندىن كېيىن ئاندىن يولىغا راۋان بولىدۇ.

ئۆيىگە ناتونۇش كىشىلەر كىرسىمۇ ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئولتۇرغۇزۇپ چاي بېرىدۇ، سوغۇق مۇئامىلە قىلمايدۇ.

## § 2 . خەنزۇلار

### 1. تەرەققىيات جەريانى

خەنزۇلارنىڭ چاقىلىقتا ئولتۇراقلاشقان تارىخى ئۇزۇن، تارىخىي خاتىرىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، خەن سۇلالىسىنىڭ خانى جاۋدى زامانىسىنىڭ يۈەنفېڭ 4 - يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر ئەمىرلەشكەرنى 40 ئەمەلدار - لەشكەرگە باش قىلىپ، بۇ تەۋەلىكى يىشۇن شەھىرى (ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسىدىكى مىرەن) گە ئەۋەتىپ بوز يەر ئاچقۇزغان، كېيىن يەنە يىشۇن كامبېگى تەسىس قىلغان. شۇندىن ئېتىبارەن خەنزۇلار بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغان. شەرقىي خەن، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە، چاقىلىقتىكى لوپنۇر كۆلى رايونى غەربىي يۇرتتىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان مۇھىم جاي بولۇپ قالغان. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى كىرورواندا غەربىي يۇرت دورغاب مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بوز يەر ئاچقۇچى لەشكەرلەر ۋە دورغاب مەھكىمىسىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلار ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە ماكانلىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، لوپنۇر كۆلى بويىدىكى بوستانلىقلارنى بىرلىكتە ئاچقان. ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا، غەربىي يۇرت دورغابى لى بەي ئائىلىسىنى ئېلىپ لوپنۇر كۆلى رايونىدىكى دۆرال شەھىرىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلار ئىدى.

سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى ئىلگىرى چاقىلىقتا پىشامشان ۋىلايىتىنى تەسىس قىلغان، كېيىن ۋىلايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پىشامشان قورغىنىنى قۇرغان. ئۇ، شاجۇ ئايمىقىغا قارىغان، بۇ يەرلەردە خەنزۇ لەشكەرلەر تۇرغان. كېيىن، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ۋە تەبىئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، چاقىلىققا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان خەنزۇلار يوق دېيەرلىك بولۇپ قالغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 9 - يىلى (1870 - يىلى) 30 ئائىلىدىن ئارتۇق خەنزۇ چاقىلىققا

كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. كېيىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى تەدرىجىي ئازىيىپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، چاقىلىق ناھىيىسىدە 20 ئائىلىدىن ئارتۇق خەنزۇ ئولتۇراقلاشقان. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى)، گېلاۋخۇيچىلار چاقىلىقتا ناھىيە ئامبىلىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى گېلاۋخۇيچىلارنى قورشاپ يوقاتقاندا، خەنزۇ ئاھالىلاردىنمۇ خېلى كۆپ ئۆلۈپ كەتكەن، شۇ چاغدا ناھىيە مەھكىمىسى ۋە قىسىملاردىكى خەنزۇلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاران 5 ئائىلە خەنزۇ قالغان. مىنگو دەۋرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى ئاستا كۆپەيگەن. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ناھىيە بويىچە خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 72 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئاران 1% نى ئىگىلىگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىچكىرىدىن نۇرغۇن خەنزۇلار ئارقا - ئارقىدىن چاقىلىقنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە كەلدى. 50 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق قىسمىدىكى بىر بۆلۈك خادىملار مۇشۇ يەردە ھەربىي سەپتىن بوشىنىپ ۋە كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، چاقىلىقنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىن بىر تۈركۈم ياشلار چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن چاقىلىققا كەلدى. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا مىرەن بوستانلىقىدا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 36 - تۇەنى قۇرۇلدى. شاڭخەي، بېيجىڭ، خېنەن قاتارلىق ئۆلكە - شەھەرلەردىن چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى زور بىر تۈركۈم ياشلار ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ باشقا جايلىرىدىكى خەنزۇلار، ھەربىي سەپتىن بوشانغان ۋە كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر مىرەن بوستانلىقىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، بۇ يەرنى ئاچتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بويان، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چاقىلىقتا خىزمەت قىلىشقا تەقسىم قىلىنغان خەنزۇ كادىرلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ بولدى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئۆزلۈكىدىن چاقىلىققا كەلگەن خەنزۇلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولدى. ئۇلار بۇرۇنقى كونا خەنزۇ ئائىلىلەر بىلەن بىرلىكتە چاقىلىق ناھىيىسىدىكى خەنزۇلار نوپۇسىنىڭ مۇرەككەپ مەنبەئىنى شەكىللەندۈردى. 1985 - يىلدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 16 مىڭ 189 غا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە تەۋە نوپۇس 6714.

## 2. ئۆرپ - ئادەتلىرى

چاقىلىقتىكى خەنزۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر يەرلىرىدىن كەلگەن. خېنەن، سىچۈەن، شەنشى، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەنلەر كۆپرەك، خۇنەن، خۇبېي، گۇاڭشىدىن كەلگەنلەرمۇ خېلى بار، ئۇلارنى «ھەريەر - ھەريەردىن كەلگەن» دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردىكى خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدە ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ساقلىنىپ قالغان، يەرلىك شۇئىلەرمۇ كۆپ. ئەمما ھەر قايسى جايدىن كەلگەنلەرنىڭ چاقىلىقتا ئۇزاق مۇددەت بىرگە تۇرمۇش كۆچۈرۈشى داۋامىدا، ئۆرپ - ئادەت ۋە تىل جەھەتتىكى پەرقلەر كۆنسايىن ئازىيىپ، شماللىق خەنزۇلارنىڭ تىلى ۋە ئادەتلىرى ئاساسىدا نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار بارلىققا كەلدى. خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدۇ، بىر قىسىم كىشىلەر ئۇيغۇر تىلىنى تولۇق بىلىدۇ، ھەر مىللەت خەلقى ئىناق ئۆتىدۇ.

كىيىم - كېچەك جەھەتتە، چاقىلىقتىكى خەنزۇلار ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلى يۇرتىنىڭ

ئالامەتلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان، ياشانغانلار ئادەتتە قارا، كۆك رەڭلىك ئىشتان - چاپان كىيىدۇ، چاپىنى قوش پەشلىك، ياقىسىز 5 تۈگمىلىك بولىدۇ. كادىرلار ئارىسىدا يېشى 40تىن ئاشقانلار قولدا تىكىلگەن لاتا ئاياغ كىيىدۇ؛ ياشلارنىڭ كىيىنىشى چوڭلارغا ئوخشىمايدۇ، ياشلار، كۆپىنچە مودا قوغلىشىپ، پاسونى يېڭى، رەڭدار كىيىملەرنى كىيىدۇ. ياش ئوغۇللار كاستۇم - شىم، خورۇم ئاياغ كىيىدۇ، قىز - چوكانلار خىلمۇ خىل پاسوندا كىيىنىدۇ. كىيىملىك رەختە خىمىيىلىك توقۇلما ۋە يۇڭدىن توقۇلغان رەختلەرنى ئاساس قىلىدۇ.

خەنزۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆي - جايى بار بولۇپ، ھويلا - ئارام ئىگىلىكى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. قىش كۈنلىرى كۆپىنچە يولغۇن كۆتىكىنى قالاپ ئىسسىنىدۇ، ئۆي ئىچىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشى ۋە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى ئومۇمەن ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى يۇرتىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

خەنزۇلار باھار بايرىمىنى قەدىمكى ئادەت بويىچە ھەر قانداق بايرامدىن ئۈستۈن كۆرىدۇ. قەمەرىيە 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشىكلىرىگە بېغىشلىما چاپلايدۇ، ئاخشىمى تولىسى جۈۋاۋا يەيدۇ، يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىمايدۇ، باللار پوجاڭزا ئېتىپ يېڭى يىلنى قۇتلۇقلايدۇ. بايرامنىڭ 1 - كۈنى (قەمەرىيە 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) سەھەردە تۇنجى پوجاڭزىنىڭ ئاۋازىدىن كېيىن، خىلمۇ خىل پوجاڭزىلارنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئۈزۈلمەيدۇ، ئەتىگەندە ئومۇمەن جۈۋاۋا يەيدۇ، ئاندىن ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ ھېيتلايدۇ، ئادەت بويىچە ياشلار ئاۋۋال ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلايدۇ.

ھېيتلاش 3 كۈن داۋاملىشىدۇ، ھېيتلاپ كەلگەن مېھماننى ئومۇمەن ھەر خىل كەمپۈت، خۇاسىڭ، گازىر ۋە ساڭزىلار بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. بىر ئۈستەل مۇسۇلمانچە، بىر ئۈستەل خەنزۇچە يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ، ئۇيغۇر - خەنزۇلارنى ئايرىم - ئايرىم كۈتۈۋېلىش ئادەتكە ئايلانغان. ئۇيغۇرلار باھار بايرىمىدا خەنزۇلارنى ھېيتلاشنى دوستلۇقنى كۈچەيتىش، مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قاراپ، ياخشى كىيىنىپ، خەنزۇلارنى ھېيتلايدۇ. 1980 - يىلدىن كېيىن، رەھبىري كادىرلار باھار بايرىمى مەزگىلىدە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلاردىن ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن ھال سورايدۇ. ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە كۆڭۈل ئېچىش باھار بايرىمىنىڭ يېڭى ئادىتىگە ئايلاندى.

چوكانتال مەۋسۇمىدە ناھىيىدىكى ئورگان كادىرلىرى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا ئۆزلىرى ئىشلىگەن گۈل چەمبىرەكلەرنى تەقدىم قىلىپ، قەبرە سۈپۈرۈپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىدۇ. بەزى كىشىلەر شۇ كۈنى سەھەردە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قەبرىسىگە چىقىپ قەبرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ماتەم تۇتىدۇ.

تاۋۇز چاغىنى چاغاندىن ئىلگىرى ھەرخىل شەكىلدىكى ئايتوقاچ، پېچىنە - پىرەنىك سېتىۋېلىنىپ، دوست - بۇرادەرلىرىگە سوۋغا قىلىنىدۇ، شۇ كۈنى كېچىدە ئائىلىسىدىكىلەر جەم بولۇپ، ئايتوقاچ يەپ ھوزۇرلىنىدۇ.

## § 3 . خۇيزۇلار

### 1 . تەرەققىيات جەريانى

خۇيزۇلار چاقىلىق ناھىيىسىگە ئاساسەن گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكىلەردىن كۆچۈپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 23 - يىلى (1897 - يىلى) چىڭخەيدە پارتىلىغان خۇيزۇلار

قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سەركەردىسى ليۇ تۇڭچۇن قالدۇق قىسمىنى چاقىلىققا چېكىندۈرۈپ كەلگەن، شۇ چاغدا كەلگەن بىر قىسىم خۇيزۇلار بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن مىنگونىڭ باشلىرىغىچە، خۇيزۇلار ئارقا - ئارقىدىن گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىدىن چاقىلىققا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، لېكىن ئۇلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50 - يىللاردىن 60- يىللارغىچە، گەنسۇ، چىڭخەيلەردىن چاقىلىققا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان خۇيزۇلارنىڭ سانى تەدرىجىي كۆپەيدى، مۇشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە چاقىلىق ناھىيىسىدىكى خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشتى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسى 449 غا يېتىپ، ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 1.67% ىنى ئىگىلىدى.

چاقىلىق ناھىيىسىدىكى خۇيزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋاشەرى يېزىسىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئاساسەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

## 2. ئۆرپ - ئادىتى

1) كىيىم - كېچىكى خۇيزۇلارنىڭ كىيىم - كېچىكى خەنزۇلارنىڭ كىيىم - كېچىكىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇلار كۆپىنچە سىدام كىيىملەرنى كىيىدۇ. ئاياللار زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى كۆپ ئىشلەتمەيدۇ، ياش ئەر - ئاياللارمۇ ئادەتتە رەڭدار كىيىملەرنى، غەلىتە كىيىملەرنى كىيمەيدۇ، ئاددىي - ساددا كىيىنىدۇ. خۇيزۇلار، بولۇپمۇ ئاياللار يالاڭباش تالاغا چىقمايدۇ، ياشىنىپ قالغان ئەرلەر ئاق شاپاق بۆك كىيىدۇ، ياشلار كۆپىنچە شەپكە كىيىدۇ، ئۆي ئىچىدە بولسا ئەركىنرەك كىيىنىدۇ.

2) يېمەك - ئىچمىكى كۆپىنچە ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئادەتتە سۇيۇقئاش، ئۈگرە ئاش، قاتلىما ھورنان ۋە ھور ناننى ياخشى كۆرىدۇ. خۇيزۇلار ئۈزۈپ تاشلاپ ئېتىلىدىغان سۇيۇقئاشقا ماھىر كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ لەڭمەن ۋە سۇيۇقئاشلىرى ئۆزگىچىلىككە ئىگە. تاماققا ئاساسەن قوي - كالا گۆشى ئىشلىتىدۇ. ھەر كۈنى ئاساسەن قاراچاي ياكى گۈللۈك چاي ئىچىدۇ، مېھماننى چاي بىلەن كۈتۈشمۇ خۇيزۇلارنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى.

3) توي - تۆكۈن ئىشلىرى قىز - يىگىتكە لايىقنى ئادەتتە ئاتا - ئانىلار تاللايدۇ، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئارىغا ئەلچى قويىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى قوشۇلغاندا، چاي ئىچكۈزۈلۈپ، توي كۈنى بېكىتىلىدۇ. ئادەتتە، قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپتىن تويلۇق تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن بۇ تەلەپ ئوغۇل تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ، مۇۋاپىق بولىدۇ. چاي ئىچكۈزۈلگەندە ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە 4 خىل سوۋغا ئېلىپ بارىدۇ. چاي ئىچكۈزۈش خۇشاللىنارلىق ئىش بولغانلىقتىن، ئوغۇل تەرەپ مېھمان چاقىرىدۇ. توي بولۇشتىن 2 كۈن ئىلگىرى، ئورۇق - تۇغقان، ئەل ئاغىنىلارغا تەكلىپنامە ئەۋەتىلىدۇ. توي مۇراسىمىدا، تەكلىپ قىلىنغان ئاخۇن نىكاھ ئوقۇيدۇ، جامائەت ئالدىدا قىز - يىگىتتىن ئەر - خوتۇن بولۇشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سورايدۇ، قىز- يىگىت «خالايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، مېھمانلار قىزنى مۇبارەكلەشكە باشلايدۇ، مۇبارەكلەش ئەۋجىگە چىققاندا، ئوغۇلنىڭ ئاتىسىنىڭ تەڭتۇشلىرى چاقچاق قىلىشقا باشلايدۇ، تەييارلاپ قويۇلغان ھەر خىل رەڭلەرنى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈزىگە خالىغانچە سۈرۈپ، توي مۇراسىمىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرىدۇ، بۇنى ئۇلار «چوڭ خۇشاللىق» (يۈيۈش دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتايدۇ.

4) ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى  خويزۇلارنىڭ ئۆيىدە ئادەم ئۆلسە، ئۇلار بۇنى ئادەتتە «ۋۇچاڭ» (无常) (توگەپ كەتتى دېگەن مەنىدا) دەيدۇ. «ئۆلدى» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقارمايدۇ، ئۆلگۈچىنى مەرھۇم دەپ ئاتايدۇ. ئادەم توگەپ كەتسە، تېز دەپنە قىلىنىۋېتىش، جەسەتنى ساقلىماسلىق تەشەببۇس قىلىنىدۇ. جەسەت بىردەك تۇپراققا دەپنە قىلىنىدۇ، مېيىتنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە يەرلىككە قويۇش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

5) كۈندىلىك قائىدە - يوسۇنى  خويزۇلارنىڭ قائىدە - يوسۇنى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئادەتتە بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ كۆرۈشىدۇ. ياشلار ئادەتتە قول ئېلىشىپ «ياخشىمۇسىز» دەپ كۆرۈشىدۇ.

خويزۇلار يىلدا 2 ھېيتنى يەنى قۇربان ھېيت بىلەن روزى ھېيتنى ئۆتكۈزىدۇ، بىراق ئۇلار روزى ھېيتنى چوڭ ھېيت ھېسابلايدۇ. ئاساسەن ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ھېيت قىلىدۇ.

خويزۇلار چايغا ئېتىبار بېرىدۇ، «گەيۋەنچا» (چىنىگە دەملەنگەن چاي) ئۆزىنىڭ تەملىك ھەم پۇراقلىقى بىلەن داڭلىق. بۇ چاي ناۋات قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن دەملەنگەچكە ناھايىتى تەملىك ۋە خۇشپۇراق بولىدۇ، ئۇلار مېھمان، ئەل - ئاغىنە ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى مۇشۇنداق چاي بىلەن كۈتۈۋالىدۇ.

خويزۇلارنىڭ خەتنە تويى باشقا مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدىغان مەرىكىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

# II باب

# دىن

تارىختا چاقىلىقتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شامان، بۇددا، مانى، ئىسلام، خرىستىئان دىنلىرى، ئاساسەن، بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنى تارقالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چاقىلىقتىكى ھەر مىللەت خەلقى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمەن بولدى.

## §1. بۇددا دىنى

ئىسلام دىنى كىرىشتىن ئىلگىرى، چاقىلىق خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇددا دىنىنىڭ چاقىلىققا قاچان كىرگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق تارىخي ماتېرىيال يوق، لېكىن جىن سۇلالىسى دەۋرىدە، چاقىلىقتا بۇددا دىنىنىڭ ناھايىتى ئەۋجىگە چىققانلىقى مەلۇم. جىن سۇلالىسىنىڭ خانى ئەندى زامانىسىنىڭ لۇڭئەن 3 - يىلى (339 - يىلى) بۇددا راھىبى فاشيەن

ھىندىستانغا بېرىپ بۇددا قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يازغان «بۇددا ئېلى خاتىرىلىرى»دە: «راھىب فاشيەن دۇنخاڭدىن يولغا چىقىپ، 1500 چاقىرىملىق يولنى 17 كۈندە بېسىپ، پىشامشان دۆلىتىگە كەلدى. . . . بۇ ئەلنىڭ شاھى بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلىدىكەن، بۇ يەردە 4000دىن ئارتۇق راھىب بار ئىكەن، ئۇلار ھىنايانا تەلىمىنى پىششىق بىلىدىكەن. ھەر قايسى ئەللەردىكى دەھرىلەر ۋىسرامانالارنىڭ ھەممىسى ئەنەتكەك قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىدىكەن. ئەمما بىلىم دائىرىسىدە پەرق بار ئىكەن دەپ خاتىرىلەنگەن. ھىنايانا بۇددا دىنىنىڭ بىر مەزھىپى. ئېينى زاماندا پىشامشان بەگلىكىدە 8000 دىن ئارتۇق ئائىلە بولۇپ، ھىنايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان راھىبلار 4000 دىن ئاشقان. بۇ ئەلنىڭ شاھىمۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، بۇنىڭدىن بۇددا دىنىنىڭ بۇ يەردە قانچىلىك راۋاج تاپانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، بۇددا دىنى جۇڭگوغا غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرى كىرگەن. چاقىلىق يىپەك يولىدىكى مۇھىم جاي بولغان. «پىشامشان بولسا، غەربىي رايوننىڭ دەرۋازىسى، غەربتىن شەرققە، شەرقتىن غەربكە قاتناشتا ئۆتىدىغان ئۆتكەل ئىدى. «بۇددا دىنى ئاساسەن جەنۇبىي يول ئارقىلىق، يەنى قەشقەر يېڭىشەھەر، يەكەن، كېرىيەدىن چاقىلىق، دۇنخۇاڭغا تارقالغان. بۇنىڭدىن بۇددا دىنىنىڭ مىلادىيە I ئەسىردىلا چاقىلىققا تارقالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مىلادىيە IV ئەسىرگە كەلگەندە، فاشيەن «غەربكە نوم ئالغىلى بارغاندا»، بۇددا دىنى چاقىلىقتا خېلى دەرىجىدە ئەۋج ئالغان. «ۋېينامە. لاۋزى ھەققىدە مەلۇمات»تا: «لياڭجۇدا جاڭ گۈيدىن كېيىن كىشىلەر ئىزچىل تۈردە بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئېتىقاد قىلغان، دۇنخۇاڭ غەربىي يۇرتقا تۇتىشىدۇ. بۇ يەردىكى دىندارلار بىلەن دەھرىلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، يېزا - كەنتلەر بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ تولىسى بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. دۇنخۇاڭ چاقىلىقتىن 500 چاقىرىم يىراق، شۇڭا بۇددا دىنى بۇ يەرگە تېخىمۇ بالدۇرراق كىرگەن بولۇشى مۇمكىن.

مىلادىيە III ئەسىردىن IV ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىت بۇددا دىنى چاقىلىق رايونىدا گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ، بۇددىستلار چاقىلىق مىرەن (ھازىرقى مىرەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى)، كىروران قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇنلىغان ئىبادەتخانا، مۇنارلارنى ياسىغان. ھازىرقى كىروران خارابىسىنىڭ شەرقىدىكى بۇددا مۇنارىنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 10.4 مېتىر كېلىدۇ، مىرەندە 8 قالدۇق مۇنار، 3 بۇتخانا خارابىسى بار، بۇددا مۇنارلىرىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 3 مېتىردىن 6 مېتىرغىچە، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 4 مېتىردىن 10 مېتىرغىچە بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى خاڭداپ قويۇلغان، بەزىلىرى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، بۇتخانىلارنىڭ تۆت ئەتراپى ئايلانما كارىدورلۇق قىلىپ سېلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا پاكار مۇنار بار، ئايلانما كارىدورنىڭ تېشىدىكى تاملارغا رەسىملەر سىزىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 33 - يىلى (1907 - يىلى) ئەنگلىيىلىك سىتەيىن مىرەندىن مەشھۇر «قاناتلىق ئۇچار پەرىشتە سۈرىتى»نى ئېلىپ كەتكەندە، شۇنىڭدەك «مولاڭسى» ئىبادەتخانىسىدىن ئېگىزلىكى 0.9 مېتىر كېلىدىغان بىر بۇت بېشىنى بىللە ئوغرىلاپ كەتكەن.

XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنى چاقىلىققا كىرگەن، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنى چاقىلىقتا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. XIV ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسلام دىنى كۈندىن - كۈنگە گۈللەنگەچكە، بۇددا دىنى چاقىلىقتا تەدرىجىي يوقىلىشقا

باشلىغان.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، زو زوڭتاڭ چىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان خەنزۇلار ياڭگۇەن قوۋۇقىنىڭ غەربىگە چىقىشقا باشلىغان. شۇ چاغدا چاقىلىققا كەلگەن خەنزۇلار ناھىيە بازىرىدا چېڭجۇگوڭ سارىيى، شېجى ئىبادەتخانىسى، دىڭشىياڭۋاڭ بۇتخانىسى ۋە چېڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسىنى (بۇددا ئىبادەتخانىسى) نى سالغان. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، گېلاۋخۇيچىلار ناھىيە ئامبىلىنى ئۆلتۈرگەن ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، 40 نەچچە خەنزۇ قولغا ئېلىنغان، بۇتخانىلارمۇ تاشلىنىپ قالغان.

## 2 § . ئىسلام دىنى

### 1. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى

X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنى يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا كىرگەن، كېيىن يەنە تارىمنىڭ جەنۇبىي ئارقىلىق ئاستا - ئاستا شەرققە تارقالغان. XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئىسلام دىنى يەكەن، كېرىيە ئارقىلىق چاقىلىققا تارقالغان.

چاقىلىق ناھىيىسىدە ئۇيغۇر، خۇيزۇ، دۇڭشياڭ قاتارلىق مىللەتلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، قەدىم مەزھىپى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

### 2. دىنىي پائالىيەتلەر

مىڭگونىڭ باشلىرىدا چاقىلىقتا ئىسلام دىنى پائالىيەتلىرى ئىنتايىن ئومۇملاشقان، ناھىيە بازىرىدا دىنىي مەكتەپ بار ئىدى. ئىسلام دىنى سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشلىرىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخۇنلىرى «ئەمەلدارلاردىن ئۈستۈن تۇراتتى» جېدەل - ماجىرا يۈز بەرسە، ئاخۇنلار ئوتتۇرىغا چىقىپ دەۋا سورايتتى، «قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىش بىلەنلا ھەممە ئىش ھەل بولاتتى».

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چاقىلىقتا دىنىي پائالىيەتلەر سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان بولدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئىنتايىن سول پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە، دىنىي تارماقلار بىكار قىلىندى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر چەكلەندى، نۇرغۇنلىغان دىنىي زاتلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، بىر قىسىم دىنىي كىتابلار كۆيدۈرۈپ تاشلاندى، ناھىيىدىكى 48 دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «تۆت كونا» دېيىلىپ ئىگىلىۋېلىندى ياكى بۇزۇپ تاشلاندى.

1970 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئەسلىگە كېلىپلا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى تۈزىتىشكە تۇتۇش قىلدى، خاتا تەنقىد قىلىنغان دىنىي زاتلارغا ئەھۋال چۈشەندۈرۈلدى، ھەرىكەت داۋامىدا پەيدا بولغان ماتېرىياللار نەق مەيداندا كۆيدۈرۈلدى، ناھىيىدىكى نورمال دىنىي پائالىيەتلەر تەدرىجىي يوسۇندا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مۇسۇلمانلار ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم جۈمە نامىزى ئۆتەيدۇ. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ھەر قېتىملىق جۈمە نامىزىغا 500 دىن ئارتۇق ئادەم قاتنىشاتتى، جۈمە نامىزىغا ئېرىز ئاخۇنۇم ئىمامىلىق قىلاتتى. 1985 - يىلى جۈمە نامىزىغا 1000 دىن ئارتۇق كىشى قاتنىشىدىغان بولدى، روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيتلاردا ھېيت نامىزى ئۆتىلىدۇ. مىڭگو دەۋرىدە

ناھىيەدىكى چوڭ مەسچىتتە ھېيت نامىزىغا 670 ئادەم قاتناشقان. 80 ـ يىللاردا ناھىيەدىكى باش مەھەللە چوڭ مەسچىتىدە ھەر قېتىملىق ھېيت نامىزىغا 2000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى، ھېيت نامازلىرىغا ئەخمەت خەلپەت چوڭ ئاخۇنۇم رىياسەتچىلىك قىلدى.

ھىجرىيە 9 ـ ئايدا قۇرامىغا يەتكەن مۇسۇلمانلار روزا تۇتىدۇ، ھازىر چاقىلىقتا كۆپىنچە ياشانغان مۇسۇلمانلار روزا تۇتىدۇ، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلار كۆپىنچە روزا ھېيتتىن بۇرۇن 3 كۈنلا روزا تۇتىدۇ.

ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە، مۇسۇلمانلار ھوشۇر ـ زاكات بېرىدۇ، مال ـ مۈلكىنىڭ تۈتتىن بىرى ياكى ئوندىن بىرى بويىچە ھېسابلاپ، مەسچىتلەرگە ياكى يېتىم ـ يېسىرلارغا زاكات بېرىدۇ، بۇنى مۇتۇەللى باشقۇرىدۇ. بۇ بەلگىلىمە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى چاقىلىقتا بىر قەدەر قاتتىق ئىجرا قىلىنغان، نۇرغۇنلىغان ئاخۇنلار ھوشۇر ـ زاكاتقا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ چاقىلىق ناھىيىسىدە ھوشۇر ـ زاكات بېرىدىغانلار يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، لېكىن بۇنى مۇسۇلمانلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن بېرىدۇ، ئاخۇنلار ھوشۇر ـ زاكاتقا تايانمايدىغان بولدى.

مەككىگە بېرىپ ھەج ـ تاۋاپ قىلغانلار «ھاجى» دەپ ئاتىلىدۇ. 1953 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە 15 ھاجى بار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تا 1978 ـ يىلغىچە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، چاقىلىق ناھىيىسىدىن بىرەر كىشىمۇ ھەجگە بارمىدى. 1978 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە، ناھىيەدىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 4 كىشى ئۆز پۇلى بىلەن مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلدى، ئۇلار — تىكەنلىك يېزىسىدىكى ئېلى ھاجى، ۋاششەرى يېزىسىدىكى ئىمىنجان ھاجى ۋە ئىمىن ئىسكەندەر ھاجى، چاقىلىق بازىرىدىكى ئەمەت توختى ھاجىدىن ئىبارەت.

1954 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە بىر ئىشان بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئەكرەم داموللا، ئەسلى ئىسمى كېپەك قارى، يۇرتى كېرىيە بولۇپ، دىنىي مەكتەپتە 6 يىل ئوقۇغان. ئۇ ۋاششەرىدىن 31 مۇرت توپلاپ 13 قېتىم «سوپىلىق» پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرغان. سوپىلارنىڭ زىكرى قىلىش ۋاقتى ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقاچقا، سالامەتلىككە تەسىر يەتكۈزەتتى، ئىشلەپچىقىرىشقا پايدىسىز ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى چەكلەندى. 1957 ـ يىلى، دىنىي ئىشلار ئىسلاھ قىلىنغاندا، ئىشانلارنىڭ ئاشكارا ھەرىكىتى مەنئى قىلىندى. 1985 ـ يىلغا قەدەر چاقىلىقتىكى مۇسۇلمانلار مەزھەپكە ئايرىلمىدى، گەرچە بىر ئىشان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق ھەرىكىتى بولمىدى.

## 3 . دىنىي زاتلار

1954 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 62 دىنىي زات بولۇپ، ئۇلارنىڭ 30ى ئىمام، 28ى مەزىن، بىرى خاتىپ، 2 سى كلەم، بىرى قازى رەئىس ئىدى، بۇلاردىن 4 كىشى ئىشلەپچىقىرىشتىن تولۇق ئايرىلغان كەسپىي دىنىي زات ئىدى، ئېزىز ئاخۇنۇم پۈتۈن ناھىيىنىڭ نامازغا دائىر ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

1966 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 25 دىنىي زات بولۇپ، چوڭ ئاخۇنۇم ھوشۇر داموللا ناھىيىنىڭ نامازغا دائىر ئىشلىرىنى باشقۇردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، دىنىي پائالىيەتلەر خۇراپاتلىق دەپ قارالغاچقا، ناماز ئۆتەشكە رۇخسەت قىلىنمىدى، دىنىي زاتلار «ئىشسىز» بولۇپ قالدى.

1978 ـ يىلى، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن

پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، دىنىي زاتلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتى قوغدالدى، دىنىي زاتلارنىڭ سانىمۇ تەدرىجىي كۆپەيدى.

1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 66 دىنىي زات بولۇپ، بۇلارنىڭ 36 سى ئىمام، 25ى مەزىن، 5ى ئاخۇن ئىدى، ئۇلارنىڭ جايلارغا تارقىلىش ئەھۋالى مۇنداق: چاقىلىق بازىرىدا 4 كىشى بولۇپ، ئۇلارنى ئەخمەت خەلپەت چوڭ ئاخۇنۇم باشقۇردى؛ ۋاششەرىدە 8 كىشى بولۇپ، ئۇلارنى ئىمىن ئىسخان ئاخۇن باشقۇردى؛ تىكەنلىك يېزىسىدا 6 كىشى بولۇپ، ئۇلارنى سۇلايمان موللا باشقۇردى؛ يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى 36 ـ تۈەن ـ مەيدانى (مىرەن) دا 9 كىشى.

## 4. مەسچىتلەر

1954 ـ يىلى ناھىيە بويىچە چوڭ ـ كىچىك بولۇپ جەمئىي 76 مەسچىت بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چاقىلىق بازىرىدا 2 چوڭ مەسچىت بولۇپ، بىرىنىڭ ئورنى ھازىرقى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى بىناسىنىڭ قېشىدا (2000 ئادەم ناماز ئوقۇيالايتتى)، يەنە بىرىنىڭ ئورنى ھازىرقى كىرووران ماگىزىنىنىڭ قېشىدا ئىدى؛ ئوتتۇرا مەسچىتتىن 3ى، كىچىك مەسچىتتىن 71ى بار ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، 42 مەسچىت بولۇپ، بۇلارنىڭ 2 سى چوڭ مەسچىت، بىرى ئوتتۇرا مەسچىت، 39ى كىچىك مەسچىت ئىدى. 10 يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا، مەسچىتلەر «تۆت كونا» دەپ قارىلىپ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ناھىيىدىكى 42 مەسچىتنىڭ ھەممىسى بۇزۇپ تاشلاندى ياكى ئىگىلىۋېلىنىپ باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلدى.

1980 ـ يىلى ناھىيە مەسچىتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىگە تەييارلىق كۆرۈشكە كىرىشتى. شۇ يىلى ناھىيە بازىرىغا 2 مەسچىت سېلىندى، كېيىن يەنە ناھىيە بازىرىغا يىراقراق چوڭ ئەترەتلەرگە 6 مەسچىت سېلىندى.

1983 ـ يىلى يەنە ۋاششەرىگە بىر مەسچىت سېلىندى. 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 24 مەسچىت سېلىندى.

مىنگو دەۋرىدە، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى مەسچىتلەرنىڭ مۈلكى، ۋەخپە يېرى بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا ناھىيىدىكى مەسچىتلەرنىڭ 357.5 مو ۋەخپە يېرى بولۇپ، ھەممىسى يەرسىز ۋە يېرى ئاز دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىلەتتى، بىر قىسىم ئىجارە ھەققى مەسچىتلەرگە تاپشۇرۇلاتتى. 1952 ـ يىلى ۋەخپە يەرلەر دېھقانلارنىڭ ھەقسىز تېرىشىغا تەقسىم بېرىلىپ، بۇ يەرلەرنى مەسچىتلەر باشقۇرمايدىغان بولدى.

## 5. مازارلار

چاقىلىق ناھىيىسىدە 13 مازار بار، بۇنىڭ 2 سى چاقىلىق بازىرىدا، 3ى ئۇتام يېزىسىدا، 4ى تىكەنلىك يېزىسىدا، 4ى ۋاششەرى يېزىسىدا.

## § 3. باشقا دىنلار

كىرووراندىن تېپىلغان تارشا پۈتۈكلەردىن قارىغاندا، قەدىمكى كىرووران ۋە پىشامشان بەگلىكلىرى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، بۇ يەردە ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد پائالىيەتلىرى

بولغان. لوپلۇقلار بىر مەھەل شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدە چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئاز ساندىكى ئاھالە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، چاقىلىق تەۋەسىدىكى موڭغول، زاڭزۇلار لاما دىنى (بۇددا دىنىنىڭ بىر تارمىقى) غا ئېتىقاد قىلغان، بۇ دىنلار يۈەن، مىڭ دەۋرلىرىدە ئېخىمۇ ئەۋج ئالغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇەنتۇڭ 1 - يىلى (1908 - يىلى) چەت ئەل مۇھاجىرلىرىدىن 18 كىشى چاقىلىققا كېلىپ خرىستىئان دىنىنى تارقىتىشقا كىرىشكەن، لېكىن چاقىلىقلىقلار ئىسلام دىنىغا سادىق بولغاچقا خرىستىئان دىنىنى تارقىتالماي، بۇ يەردىن مەيۇس ھالدا كېتىپ قالغان.

# III باب

# دىئالېكت

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتى لوپنۇر دىئالېكتى بىلەن خوتەن دىئالېكتىدىن تەركىب تاپقان. ئۇ، ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر، تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ، كورلا قاتارلىق جايلارنى ۋەكىل قىلغان شىۋىلەردىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، بۇ پەرق ئاساسەن تىل جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ، باشقا جەھەتتىكى پەرقلەر ناھايىتى ئاز. لوپنۇر دىئالېكتى چاقىلىق رايونىغا خاس دىئالېكت، لوپنۇر دىئالېكتى، ئاساسەن، يېڭىسۇ، مىرەن رايونلىرىدا، شۇنىڭدەك تىكەنلىك يېزىسىنىڭ لوپ كەنتىدە كۆرۈلىدۇ. خوتەن دىئالېكتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرى خوتەندىن كۆپلەپ كۆچۈرۈپ كېلىنگەن كۆچمەنلەرنىڭ يەرلىك چاقىلىق خەلقىگە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن، بۇ دىئالېكت ئاساسەن چاقىلىقنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ۋاششەرى، ئۇتام يېزىلىرى ۋە ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا كۆرۈلىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىككە كېلىش، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى، قاتناش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى، مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش ئارقىسىدا، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە قويۇقلاشتى، شۇنىڭ بىلەن، مەركىزىي دىئالېكتنىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تىل - يېزىق، گېزىت - ژۇرناللار، ئەدەبىي ئەسەرلەر، رادىئو ۋە مەكتەپ تەربىيىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق چاقىلىق دىئالېكتىغا، بولۇپمۇ لوپنۇر دىئالېكتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. 1985 - يىلدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا بەزى ياشانغانلار يەرلىك شىۋىدە سۆزلىگەندىن باشقا، ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە بالىلار كۆپىنچە ئورتاق تىلدا سۆزلىشىدىغان بولغان، يەرلىك شىۋە 2 - ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ۋە تەدرىجىي يوقىلىش جەريانىغا كىرگەن.

تۆۋەندە چاقىلىقنىڭ لوپنۇر دىئالېكتى (چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېڭىسۇ رايونىنى ۋەكىل قىلىدۇ) بىلەن خوتەن دىئالېكتى (خوتەن ناھىيىسىدىن كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى ۋەكىل قىلىدۇ) نىڭ بەزى ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. شۇنىڭدەك ئۇلارنى مەركىزىي دىئالېكتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتى بىلەن مەركىزىي دىئالېكت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

# § 1 . لوپنۇر دىئالېكتى

## 1. فونېتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك

لوپنۇر دىئالېكتىنىڭ فونىما سىستېمىسى باشقا 2 دىئالېكتنىڭ فونېما سىستېمىسىغا ئوخشايدۇ. لېكىن فونېتىكا جەھەتتە چوڭراق پەرقلىنىدۇ ۋە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. تىل جەھەتتىكى بۇ پەرقلەرنىڭ تولىسى بىر خىل فونېمىنىڭ شەرتلىك ۋارىيانتى ياكى بەزى تىللارنىڭ ماسلىشىشىدىن كېلىپ چىققان.

1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى لوپنۇر دىئالېكتىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى قاتتىق بويسۇندۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە. لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش «ئو، ئۆ» لەر باشقا دىئالېكتلاردا ئادەتتە سۆزلەرنىڭ 1 ـ بوغۇمىدىن كېيىن كۆرۈلمەيدۇ. لوپنۇر دىئالېكتىدا بولسا، بەزى سۆزلەرنىڭ 2 ـ بوغۇمىدا «ئو، ئۆ» كۆرۈلىدۇ، باشقا دىئالېكتىلاردا (ناھايىتى ئاز ساندىكى سۆزلەر ياكى چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىن باشقا) «ئو» ياكى «ئە» كېلىدۇ. يەنى كۆپىنچىسىدە ئاھاڭداشلىق ساقلىنىدۇ. بۇلارنى تۆۋەندىكى مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرىمىز:

(1) تۈپ سۆزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
|---|---|
| پوسما | پوسمو |
| بوران | بورون |
| چۆنەك | چۆنۆك |
| ئۆدەك | ئۆردۆك |

(2) تۈپ سۆزلەر بىلەن قوشۇمچىلار ئوتتۇرىسىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
|---|---|
| ئوچاق ـ قا | ئوچوق ـ قو |
| قوتاز ـ دا | قوتوز- زو |
| توس ـ قاچقا | توس ـ قوچقو |
| كۆر-گەن | كۆر-گۆن |
| ئۆستەڭ ـ گە | ئۆسسۆڭ ـ ڭۆ |
| كۆت ـ كەچكە | كۆت ـ كۆچكۆ |

2) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

لوپنۇر دىئالېكتىدا بىر بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەردىكى «ئا» ياكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا»نىڭ كەينىگە قوشۇمچە قوشۇلسا، «ئا» تاۋۇشى ئاجىزلاشمايدۇ، باشقا دىئالېكتىلار بولسا، ئۇرغۇ كەينىگە يۆتكەلگەچكە، «ئا» «ئې»غا ياكى «ئى»غا ئاجىزلىشىدۇ.

(1) بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە:

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
|---|---|
| ئېتى | ئاتى |
| بېشىم | باشىم |
| ئېچىش | ئاچىش |
| قېلىپ | قالىپ |

(2) كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
|---|---|
| بالىلار | بالالار |
| ئايىلىم | ئايالىم |
| باشلىدى | باشتادىلۇ (ر) |

بۇنىڭدىن باشقا، تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، ئۇيغۇر يېزىقى ۋە باشقا دىئالېكتىلاردا، بىر قىسىم كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ 1 ـ بوغۇمىدىكى «ئې» سوزۇق تاۋۇشى «ئا» نىڭ ئاجىزلىشىشىدىن كەلگەن، لېكىن لوپنۇر دىئالېكتىدا «ئا» ئاجىزلاشماي، ئەسلىدىكى پېتىچە ساقلانغان.

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
|---|---|
| بېلىق | بالىق |
| ئېغىر | ئاغىر |
| ئېتىز | ئاتىز |
| سېرىق | سارىق |
| سېخىزخان | ساخىزخان |

3) ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىلىشىشى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىلىشىشى لوپنۇر دىئالېكتىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكىدۇر. تۆۋەندە، ئۇلى ئاسسىمىلاتسىيە بىلەن ئەتۇر ئاسسىمىلاتسىيىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

(1) ئۇل ئاسسىمىلاتسىيە: لوپنۇر دىئالېكتىدا، سۆزدىكى بوغۇملارنىڭ ئاخىرى ياكى تۈپ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار ئادەتتە قوشۇلغان بوغۇملاردىكى ياكى قوشۇلغۇچىلاردىكى تۇنجى ئۈزۈك تاۋۇشنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ، ئۈزىگە ئوخشاش ئۈزۈك تاۋۇشقا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇنجى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ كۆپلىگەن فونېتىكىلىق ۋارىيانتى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ھال باشقا دىئالېكتىلاردا ئاز كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

تۈپ سۆزدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاسسىمىلاتسىيە

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
|---|---|
| ياستۇق | ياسسۇق |
| ئاستا | ئاسسا |
| ئالدى | ئاللى |
| جاڭگال | جاڭڭال |
| قىڭغىر | قىڭڭىر |

تۆپ سۆز بىلەن قوشۇمچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىسى

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
| --- | --- |
| ياز - دا | ياز - زا |
| كۆل - نىڭ | كۆل - لۇ |
| تۆگ - نى | تۆگ - گۇ |
| قىز - لار | قىز - زار |

(2) تەتۈر ئاسسىمىلاتسىيە لوپنۇر دىئالېكتىدا ئۈزۈك تاۋۇش «ش، ت، ز»لار بىلەن ئاخىرلاشقان تۆپ سۆزلەرنىڭ كەينىگە «چ» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانسا، «چ» تۆپ سۆزنىڭ ئاخىرىقى ئۈزۈك تاۋۇشىنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغان ئۈزۈك تاۋۇشقا ئاسسىمىلاتسىيە قىلىۋېتىدۇ. بۇ خىل تەتۈر ئاسسىمىلاتسىيە ھادىسىسى باشقا دىئالېكتىلاردا كەم ئۇچرايدۇ.

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
| --- | --- |
| بەش - چە | بەچ - چە |
| ئىش - چان | ئىچ - چان |
| ئات - چى | ئاچ - چى |
| خىزمەت - چى | خىزمەچ -چى |
| كىگىز - چىلىك | كىگىچ - چىلىك |

4) بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى

(1) لوپنۇر تىلىدا سۆز بېشىدىكى ئىگىز سوزۇق تاۋۇش «ى، ۇ» لارنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان «ت» ئۈزۈك تاۋۇشى ھازىرمۇ بەزى سۆزلەردە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ مەركىزىي دىئالېكتتىكى تۇرپان، قۇمۇل شىۋىلىرىگە ئوخشايدۇ، لېكىن، مەركىزىي دىئالېكتتىكى باشقا شىۋىلەرگە ۋە خوتەن دىئالېكتىغا ئوخشىمايدۇ.

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
| --- | --- |
| چىش | تىش |
| چۈش | تۈش |
| چىشلە | تىشلە |

(2) لوپنۇر دىئالېكتىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدا «ب» ئوقۇلغانلىرى باشقا دىئالېكتىلاردا «م» ئوقۇلىدۇ، باشقا دىئالېكتىلاردا «ب» ئوقۇلغانلىرى لوپنۇر دىئالېكتىدا «م» ئوقۇلىدى.

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
| --- | --- |
| مۇسۇلمان | بۇسۇرمان |
| موزاي | بۇزۇ |
| بۇرۇن | مۇرۇن |
| بويان | مۇيۇن |

(3) مەركىزىي دىئالېكتىنىڭ باشقا شىۋىلىرى ۋە خوتەن دىئالېكتىدا «غ» بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بەزى سۆزلەر لوپنۇر دىئالېكتىدا تۇرپان ـ قۇمۇل شىۋىلىرىگە ئوخشاش «ق» بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
|---|---|
| تاغ | تاق |
| قىغ | قىق |
| چوغ | چوق |
| چاغ | چاق |

5) ئورۇن ئالمىشىش. باشقا دىئالېكتىلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى لوپنۇر دىئالېكتىدا بىر قەدەر گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ.

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
|---|---|
| ئوغلاق | ئولغوق |
| ئەۋرە | ئەرۋە |
| ئەسۋاب | ئاپساپ |
| ئاپقۇت | ئاقپۇت |
| تاتلىق | تالتىق |

## 2. گراممىتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك

لوپنۇر دىئالېكتىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ۋە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىلىشىشى ئېغىر دەرىجىدە ساقلانغاچقا، قوشۇمچىلاردا ناھايىتى كۆپ ۋارىيانتلار كۆرۈلىدۇ. بۇنداق روشەن ئالاھىدىلىك خوتەن دىئالېكتىدا ۋە مەركىزىي دىئالېكتتا كۆرۈلمەيدۇ، بۇنى تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈرىمىز:

1) كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى: ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ۋە باشقا دىئالېكتىلاردا كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار ـ لەر» دىنلا ئىبارەت، لوپنۇر دىئالېكتىدا بولسا، 4 سۆزدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن بۇنىڭ 16 خىل ۋارىيانتى كۆرۈلىدۇ. سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

| مەركىزىي دىئالېكت ۋە خوتەن دىئالېكتىدا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
|---|---|
| لار ـ لەر | لار ـ لەر ـ لور ـ لۆر |
| | تار ـ تەر ـ تور ـ تۆر |
| | زار ـ زەر ـ زور ـ زۆر |
| | سار ـ سەر ـ سور ـ سۆر |

2) كېلىش قوشۇمچىلىرى جەھەتتە.

(1) ئىگىلىك كېلىش ۋە چۈشۈم كېلىش. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئىگىلىك كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى «نىڭ»، چۈشۈم كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى «نى» خوتەن دىئالېكتى بىلەن مەركىزىي

دىئالېكتتا ئىگىلىك كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى «نىڭ - نۇڭ - نۈڭ»، چۈشۈم كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى «نى» بولىدۇ. لوپنۇر دىئالېكتىدا بولسا، ئىگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى ئوخشاش شەكىلدە بولۇپ، [- نى] ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى بىلەن 32 خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. (لوپنۇر دىئالېكتىدىكى ئىگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم كېلىشىنىڭ «كۇ» دېگەن ئىبارىسىمۇ بار)، بۇنى تۆۋەندە سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

| مەركىزىي دىئالېكتتا | خوتەن دىئالېكتىدا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
|---|---|---|
| ئىگىلىك كېلىش | - نىڭ - نۇڭ - نۈڭ | - نى - نۇ - نۈ |
| | | - تى - تۇ - تۈ |
| | | - زى - زۇ - زۈ |
| | | - سى - سۇ - سۈ |
| چۈشۈم كېلىش | - نى | - لى - لۇ - لۈ |
| | | - كى - كۇ - كۈ |
| | | - قى - قۇ |
| | | - ڭى - ڭۇ - ڭۈ |
| | | - پى - پۇ - پۈ |
| | | - مى - مۇ - مۈ |
| | | - چى - چۇ - چۈ |

لوپنۇر دىئالېكتىدىكى يۇقىرىقى 32 خىل شەكىلنى پەقەت كونتېكىستتىلا پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

مەسىلەن:

تۆردۈ - نۇقولۇ (تۆردە - نىڭ قولى)

تۆردۈ - نۇكۆردۇ (توردە - نى كۆردى)

لوپ - پۇھاۋاسى (لوپ - نىڭ ھاۋاسى)

لوپ - پۇ ئايلانىپ چىقتىم (لوپ - نى ئايلىنىپ چىقتىم)

(2) يۆنىلىش كېلىش. مەركىزىي دىئالېكت بىلەن خوتەن دىئالېكتىدا يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ 6 خىل شەكلى بار، لوپنۇر دىئالېكتىدا بولسا 15 خىل شەكلى بار، بۇنى تۆۋەندىكىچە سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

| مەركىزىي دىئالېكت بىلەن خوتەن دىئالېكتىدا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
|---|---|
| - غا - قا - گە - كە | غا - غە - غو |
| - غە - قە (ئايرىم سۆزلەرنىڭ كەينىگە ئۇلىنىدۇ). | قا - قە - قو |
| | كا - كە - كۆ |
| | گە - گۆ |
| | ڭا - ڭە - ڭو - ڭۆ |

(3) ئورۇن كېلىش. خوتەن دىئالېكتىدا ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ 4 خىل شەكلى

بار. لوپنۇر دىئالېكتىدا بولسا، 16 خىل شەكلى بار. بۇنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

| لوپنۇر دىئالېكتىدا | مەركىزىي دىئالېكت بىلەن خوتەن دىئالېكتىدا |
| --- | --- |
| — دا ـ دە ـ دو ـ دۆ | — دا ـ دە ـ تا ـ تە |
| — تا ـ تە ـ تو ـ تۆ | |
| — زا ـ زە ـ زو ـ زۆ | |
| — سا ـ سە ـ سو ـ سۆ | |

(4) چىقىش كېلىش. خوتەن دىئالېكتى بىلەن مەركىزىي دىئالېكتتا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ 6 خىل شەكلى بار، لوپنۇر دىئالېكتىدا بولسا 12 خىل شەكلى بار، بۇنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

| لوپنۇر دىئالېكتىدا | مەركىزىي دىئالېكت بىلەن خوتەن دىئالېكتىدا |
| --- | --- |
| — دىن ـ دۈن ـ دۇن | — دىن ـ دۈن ـ دۇن |
| — تىن ـ تۈن ـ تۇن | — تىن ـ تۈن ـ تۇن |
| — زىن ـ زۈن ـ زۇن | |
| — سىن ـ سۈن ـ سۇن | |

3) لوپنۇر دىئالېكتىدا پېئىللارنىڭ 3 ـ شەخس قوشۇمچىسىغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار» قوشۇلىدۇ، باشقا دىئالېكتلاردا بولسا، بىرلىك بىلەن كۆپلۈكنىڭ پەرقى بولمايدۇ. بۇنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

| لوپنۇر دىئالېكتىدا | خوتەن دىئالېكتىدا | مەركىزىي دىئالېكتتا |
| --- | --- | --- |
| ئو بارادۇ | ئۇ بارىدۇ | ئۇ بارىدۇ |
| ئولور بارادۇلار | ئۇلار بارىدۇ | ئۇلار بارىدۇ |
| ئولۇر باشتادىلار | ئۇلار باشلىدى | ئۇلار باشلىدى |

4) لوپنۇر دىئالېكتىدا، پېئىللارنىڭ 1 ـ شەخستە كېلىدىغان كەلگۈسى زامان قوشۇمچىسىنىڭ ئالدىغا «دى» قوشۇلۇپ كېلىدۇ، لېكىن بۇنى قىسقارتىپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ، باشقا دىئالېكتلاردا بولسا، بۇنداق شەكىل يوق. بۇنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

| لوپنۇر دىئالېكتىدا | مەركىزىي دىئالېكتتا |
| --- | --- |
| مەن ياتامەن<br>مەن ياتادىمەن | مەن ياتىمەن |
| سەن ياتاسەن | سەن ياتىسەن |
| بىز ياتاۋىز<br>بىز ياتادىۋىز | بىز ياتىمىز |

## 3. لېكسىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

لېكسىكا جەھەتتە لوپنۇر دىئالېكتى مەركىزىي دىئالېكت بىلەن خوتەن دىئالېكتىغا ئاساسەن ئوخشايدۇ. فونېتىكا ۋە مەنا جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان، باشقا دىئالېكتلار ياكى ئەدەبىي تىلغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بەزى سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن:

1) فونېتىكا جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان سۆزلەر

ئاغا (باشقا دىئالېكتلاردا «ئاكا»)

ئۆكۆ (باشقا دىئالېكتلاردا «ئۇكا»)

ئىنە (باشقا دىئالېكتلاردا «ئانا»)

تاقۇ (باشقا دىئالېكتلاردا «توخۇ» ياكى «توخا»)

ئولور (باشقا دىئالېكتلاردا «ئۇلار»)

چاڭقان (باشقا دىئالېكتلاردا «چاپسان، چاققان»)

بويۇچۇ (باشقا دىئالېكتلاردا «بويىچە»)

2) مەنا جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان سۆزلەر: «دادا» دېگەن سۆز لوپنۇر دىئالېكتىدا «بوۋا، چوڭ دادا» دېگەن مەنانى بېرىدۇ.

«چۈۋىن» دېگەن سۆز لوپنۇر دىئالېكتىدا «پاشا» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

«ئىندىن» دېگەن سۆز لوپنۇر دىئالېكتىدا «ئۆگۈن» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

«ئۆگۈن» دېگەن سۆز لوپنۇر دىئالېكتىدا «ئىندىن» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

«جۇلا» دېگەن سۆز لوپنۇر دىئالېكتىدا «كىنايە قىلىش، غىدىقلاندۇرۇش، تەسىر قىلىش» دېگەن مەنالارنى بىلدۈرىدۇ.

«مىياڭ» (مۈشۈكنىڭ ئاۋازى) دېگەن سۆز لوپنۇر دىئالېكتىدا «چالا ئۆلۈك، نىمجان» دېگەن مەنالارنى بېرىدۇ.

3) باشقا دىئالېكتلار ياكى ئەدەبىي تىلغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان سۆزلەر:

| لوپنۇر دىئالېكتىدا | باشقا دىئالېكتلاردا |
|---|---|
| قارا، سىڭەك | چۈۋىن |
| جارا | كىرپە |
| چاروشقۇ / چارشقۇ | بۆرە |
| كۆلمۆ | تور (بېلىق تورى) |
| ئۆسقاق | قوشۇق |
| سالا | بارماق |
| گۈن | چوڭقۇر |

خوتەن دىئالېكتى ۋە مەركىزىي دىئالېكتقا سېلىشتۇرغاندا، لوپنۇر دىئالېكتىدا ئەرەب - پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر كۆپ ئەمەس، رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر

تېخىمۇ ئاز، لېكىن خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر خېلى بار، لوپنۇر دىئالېكتىدىكى خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان بەزى سۆزلەر باشقا دىئالېكتىلاردا كەم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| بېندى ـ بېڭدى | ( 本地的 ) |
| كۇپاڭ ـ كۇفاڭ | ( 库房 ) |
| بۆگۈن | ( 保管员 ) |
| چىڭچى | ( 清 漆 ) |
| دۇڭشى | ( 东 西 ) |

## § 2 . خوتەن دىئالېكتى

خوتەن دىئالېكتى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتلەردە بەزى كۆزۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بەزى ئالاھىدىلىكلەر مەركىزىي دىئالېكتتىكى قەشقەر شۋىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن فونېتىكا، گراماتىكا جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. بولۇپمۇ مەركىزىي دىئالېكتىدىكى تۇرپان شىۋىسى ۋە لوپنۇر دىئالېكتىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرىمىز:

### 1 . فونېتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك

1) ئۈزۈك تاۋۇش «ي» خوتەن دىئالېكتىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇش «ى، ئۇ، ئۈ» لەرنىڭ ئالدىدا كەلسە، ئۇنىڭ ۋارىيانتى «ژ» بولمايدۇ، بۇ جەھەتتە لوپنۇر دىئالېكتىغا ئوخشايدۇ.

| مەركىزىي دىئالېكت | لوپنۇر دىئالېكتى | خوتەن دىئالېكتى |
|---|---|---|
| ژىل | يىل | يىل |
| ژۇت | يۇت | يۇت |
| ژۈرەك | ئۈرەك | يۈرەك |

2) تىترەڭگۈ تاۋۇش «ر» سۆزلەرنىڭ بېشى ۋە ئوتتۇرىسىدىكى بوغۇملارنىڭ بېشىدا ياكى بوغۇملارنىڭ ھەم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا كەلسە، كۆپىنچە «يى» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ لوپنۇر دىئالېكتىدىكى مىرەن شىۋىسىگە ئوخشايدۇ.

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا (مىرەن شىۋىسى) | خوتەن دىئالېكتىدا |
|---|---|---|
| رەق | يەق | يەق |
| بۇرۇت | مۇيۇت | بۇيۇت |
| قارا | قايا | قايا |
| قورداق | قويداق | قويداق |
| بىر | بىي | بىي |

3) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى  خوتەن دىئالېكتىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى بىر قەدەر بوش بولىدۇ. لوپنۇر دىئالېكتىدىكى ياكى مەركىزىي دىئالېكتنىڭ غۇلجا، تۇرپان شېۋىلىرىدىكى بەزى سۆزلەر لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى بويىچە ئىپادىلىنىدۇ. خوتەن دىئالېكتىدا بولسا، بۆلەكلەرنىڭ كۆچلۈك ماسلىشىشى بويىچە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ نۇقتا مەركىزىي دىئالېكتتىكى قەشقەر شېۋىسىغا ئوخشايدۇ.

(1) تۇپ سۆزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا | خوتەن دىئالېكتىدا |
|---|---|---|
| ئوغۇل | ئوغۇل | ئوغال |
| بويۇن | مويۇن | بويان |
| ئۆتۈك | ئۆتۈك | ئۆتۈك ـ ئۆتەك |
| كۆڭۈل | كۆڭۈل | كۆڭەل |

(2) تۇپ سۆزلەر بىلەن قوشۇمچىلار ئوتتۇرىسىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى

| مەركىزىي دىئالېكتتا | خوتەن دىئالېكتىدا |
|---|---|
| قولۇم | قولام |
| كۆزۈم | كۆزەم |
| بولۇپ | بولاپ (رەۋىشداش) |
| بۆلۈش | بۆلەش (ھەرىكەتنامى) |

4) ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

ئۈزۈك تاۋۇش «پ، ك، ق» لار بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلسا، «پ، ك، ق»لار 2 سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا جاراڭسىزلاشمايدۇ، مەركىزىي دىئالېكتتىكى تۇرپان شېۋىسى بىلەن لوپنۇر دىئالېكتىدا بولسا، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش «ۋ، گ، غ» لارغا ئۆزگىرىدۇ.

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا | خوتەن دىئالېكتىدا |
|---|---|---|
| كىتاۋى | كىتاۋى | كىتاپى |
| چىلىگى | چىلاگى | چىلىكى |
| قولۇغۇم | قولاغىم | قولۇقۇم |

5) بەزى سۆزلەردىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى

(1) خوتەن دىئالېكتىدىكى بەزى تۇپ سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇش «ئۇ» ياكى «ئو» مەركىزىي دىئالېكتتىكى تۇرپان شېۋىسى ۋە لوپنۇر دىئالېكتىدا «ئۇ» ياكى «ئۆ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا | خوتەن دىئالېكتىدا |
|---|---|---|
| كۈنجۈت | كۈنجۈت | كۈنجۈت |
| گۆل | گۆل | گۈل |

| | | |
|---|---|---|
| كۆچۈك | كۆچۈك | كۆچۈك |
| سۆك | سۆك | سوك |
| گۆش | گۆش | گوش |
| گۆھەر | گۆھەر | گوھار |

(2) خوتەن دىئالېكتىدا، قەدىمكى «گ، غ» جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا ھازىرغىچە ساقلانماقتا، بۇ تاۋۇشلار، لوپنۇر دىئالېكتىدا ۋە مەركىزىي دىئالېكتتىكى تۇرپان شىۋىسىدە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش «ك» ياكى «ق» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا | خوتەن دىئالېكتىدا |
|---|---|---|
| ئۆزبەك | ئۆزۈۋك | ئۆزبەگ |
| ئەللىك | ئەللىك | ئەللىگ |
| تىرىك | تىرىك | تىرىگ ـ تىيىگ |
| ئۇلاق | ئۇلاق | ئۇلاغ |
| قانداق | قانداق | قانداغ |
| بوياق | بوياق | بۇياغ |

## 2. گرامماتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك

1) خوتەن دىئالېكتىدا، سۈپەتلەرنىڭ ئەكىلەتمە قوشۇمچىسى «ـ غىنا ـ قىنا ـ گىنا ـ كىنا» لارنىڭ كەينىگە يەنە «ق ـ ك»لار قوشۇلىدۇ.

| مەركىزىي دىئالېكتتا | خوتەن دىئالېكتىدا |
|---|---|
| ئۇزۇن ـ غىنا | ئۇزۇن ـ غىناق |
| كىچىك ـ كىنە | كىچىك ـ كىناك |
| تاتلىق ـ قىنا | تاتلىق ـ قىناق |
| تۈز ـ گىنە ـ تۈز ـ گىنا | تۈز ـ گىناك |

2) مەركىزىي دىئالېكتتىكى پېئىللارنىڭ 1 ـ شەخستە كېلىدىغان زامان (بىرلىك ـ كۆپلۈك) قوشۇمچىسىنىڭ ئالدىغا خوتەن دىئالېكتىدا «ت» قوشۇلىدۇ.

| مەركىزىي دىئالېكتتا | خوتەن دىئالېكتىدا |
|---|---|
| ئۇر ـ ئۇرىمەن | ئۇرۇتمە (ن) |
| تەپ ـ تېپىمەن | تېپتىمە (ن) |
| كەل ـ كېلىمەن | كېلتمە (ن) |
| قىل ـ قىلىمىز | قىلتىمىز ـ قتىمىز |
| قوي ـ قويىمىز | قويتىمىز ـ قويتىمىز |

3) خوتەن دىئالېكتىدا، «پ» بىلەن ئاخىرلاشقان ھەرىكەت پېئىللىرىغا ياردەمچى پېئىل «ۋات» قوشۇلماي، «يات» قوشۇلۇپ، بىرەر ئىشنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ

جەھەتتە لوپنۇر دىئالېكتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ جەھەتتە مەركىزىي دىئالېكتىغا ئوخشىمايدۇ.

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا | خوتەن دىئالېكتىدا |
|---|---|---|
| ئىشلە - | | |
| ئىشلەۋاتىمەن | ئىشلەۋياتادىمەن | ئىشلەۋياتىمەن |
| ئىشلەۋاتاتتىم | ئىشلەۋياتاتتىم | ئىشلەۋياتتىم |
| ئىشلەۋاتقان | ئىشلەۋياتقان | ئىشلەۋياتقان |
| ئوقۇ- | | |
| ئوقۇۋاتىمەن | ئوقۇۋياتادىمەن | ئوقۇۋياتىمەن |
| ئوقۇۋاتاتتىم | ئوقۇۋياتاتتىم | ئوقۇۋياتتىم |
| ئوقۇۋاتقان | ئوقۇۋاتقان | ئوقۇۋياتقان |

4) خوتەن دىئالېكتىدا، پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى «دى - دۇ - دۈ، تى - تۇ، تۈ» لەر بىلەن بىللە «دا - تا - دە - تە» لەرمۇ تەڭ قوللىنىلىدۇ.

| مەركىزىي دىئالېكتتا | خوتەن دىئالېكتىدا |
|---|---|
| ئال - ئالدىم | ئالدىم - ئالدام |
| ئات - ئاتتىم | ئاتتىم - ئاتتام |
| سوي - سويدۇم | سويدۇم - سويدام |
| قوي - قويدۇم | قويدۇم - قويدام |
| كۆر - كۆردۈم | كۆردۈم - كۆردەم |
| ئۆت - ئۆتتۈم | ئۆتتۈم - ئۆتتەم |

## 3. لېكسىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك

خوتەن دىئالېكتىدىكى سۆزلەر مەركىزىي دىئالېكتتىكى ۋە لوپنۇر دىئالېكتىدىكى سۆزلەرگە ئاساسەن ئوخشايدۇ، بەزى سۆزلەر فونېتىكا جەھەتتە پەرقلىنىدۇ، بەزىلىرى مەنا جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ، يەنە بىر قىسىم سۆزلەر باشقا دىئالېكتلاردىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ (ئوخشىمىغان مەنبەلەردىن كەلگەن سۆزلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). بۇنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

1) مەنا جەھەتتە پەرقلىنىدىغان سۆزلەر

«مۆز» دېگەن سۆز خوتەن دىئالېكتىدا «مۆلدۈر» نى، «نوغۇچ» دېگەن سۆز «يىپ ئايرىغۇچ» نى، «پاچاق» دېگەن سۆز «گىلەم توقۇغاندا ئىشلىتىدىغان توۋرۇكنى»، «تانا» دېگەن سۆز «قايىسى» نى، «باقى» دېگەن سۆز «چوڭ قوزا» نى، «ئاما» دېگەن سۆز «ئالىيىش» نى بىلدۈرىدۇ.

2) باشقا دىئالېكتلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان سۆزلەر

دەلگە (قىش)

سىكىلەك (جۇۋان)

| | |
|---|---|
| تەيلەك | (كۆچلۈك) |
| مۈت | (ھەقسىز) |
| قوساق | (ياغاچ جاۋۇر) |
| بىجەك | (ئەمچەك) |
| كۆجۈم | (زىچ) |

لوپنۇر دىئالېكتى بىلەن خوتەن دىئالېكتىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەركىزىي دىئالېكتتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ 2 دىئالېكتىنىڭ مەركىزىي دىئالېكتتىكى باشقا شىۋىلەردىنمۇ پەرقلىنىدىغان، لېكىن ئۆز ئارا بىر قەدەر ئوخشاپ كېتىدىغان يەرلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن بۇنداق يەرلەر كۆپ ئەمەس. ۋاھالەنكى، بۇ دىئالېكتلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىر قەدەر چوڭايتىۋەتكەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار 2 مۇستەقىل دىئالېكتنى شەكىللەندۈرگەن.

ئون توققۇزىنچى قىسىم

# ئىجتىمائىي يېڭى كەيپىيات

## ئون توققۇزىنچى قىسىم

# ئىجتىمائىي يېڭى كەيپىيات

تارىختا چاقىلىق نامرات، قالاق جاي ئىدى، بۇ يەردە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، ۋابا ۋە تەبىئىي ئاپەت، سۇنئىي كۈلپەتلەر ئۈزۈلمىگەن، چوڭ كۆلەملىك سەرسانلىق ۋە كۆچۈش كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن. كونا جەمئىيەتتە سىنىپىي زىددىيەت ئۆتكۈر، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت جىددىي، ئىجتىمائىي كەيپىيات ئىنتايىن ناچار ئىدى، بىر - بىرىنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغان، توپىلاڭ كۆتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان ئىشلار پات - پات يۈز بېرىپ تۇراتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى تۈپتىن ئۆزگەردى، كونا جەمئىيەتتىن قېپقالغان ئىپلاسلىقلار تازىلىنىپ، يېپيېڭى ئىجتىمائىي كەيپىيات بارلىققا كەلدى. مىللەتلەر باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ-ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە سوتسىيالىستىك يېڭى چاقىلىق قۇرماقتا. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىگە ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق مىللەتلەر سىياسىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم ۋە كوممۇنىزم توغرىسىدا چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ باردى، كادىرلارنى نەزەرىيە ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈردى، تەشكىلىي ئىنتىزام قارىشىنى كۈچەيتتى، جان - دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئامما پۇل - مال ئىئانە قىلىپ، ئۇن تارتىپ، نان يېقىپ، قىسىمنىڭ باندىت تازىلىشىغا يول باشلاپ بەردى. باندىت تازىلىغۇچى قىسىملارنىڭ ئاممىنى قوغداپ باندىتلارنى يوقاتقانلىقى، پوستا تۇرغانلىقى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى پاراڭلارنى كىشىلەر بىر مەھەل زوق بىلەن سۆزلەشتى. 50 - يىللاردا چاقىلىقتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ خوجايىن بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولدى، ئۇلارنىڭ سىياسىي قىزغىنلىقى ئاشتى، روھىي قىياپىتى يېڭىلاندى، ھەر مىللەت ھەربىي ۋە خەلقى يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئىشلىدى، جەمئىيەت تەرتىپى ياخشىلاندى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشتى. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ناھىيە بويىچە لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ياشانغانلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان، كىچىكلەرنى ئاسرايدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، ئاددىي - ساددا ياشايدىغان، تىرىشىپ خىزمەت ئىشلەيدىغان كەيپىيات ئادەتكە ئايلاندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان مالىمانچىلىق مەزگىللىرىدە، لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تىن ئىبارەت ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ زىيانكەشلىكى ۋە قۇترىتقۇلۇقى ئاستىدا، چاقىلىق ناھىيىسىدىمۇ مەزھەپچىلىك، تەرەپبازلىق قىلىدىغان ۋە «ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش» بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىنتايىن يامان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنى ئاياغ

ئاستى قىلىندى، ئىجتىمائىي كەيپىيات بۇزۇلدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشالدى، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى يېڭىۋاشتىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ئىشلىرى كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىكنى تەڭ تۇتۇش تەكىتلەندى. 1982 - يىل 9 - ئايدا، ناھىيە بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى تەنتەنىلىك ئېچىلدى، يىغىندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 18 ئىلغار كوللېكتىپ، 100 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. بۇنىڭ كەينىدىنلا، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلار بىلەن چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىرلىكتە «ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىي كەنت»، «مەدەنىي ئورۇن» بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى، شۇنىڭدەك ناھىيە مىقياسىدا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «بەش بولۇش»، «تۆت گۈزەل» «ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» (مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئەدەبلىك بولۇش، پاكىز بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش، تەرتىپلىك بولۇش، مۇھىتى گۈزەل بولۇش، تىلى گۈزەل بولۇش، قەلبى گۈزەل بولۇش، ھەرىكىتى گۈزەل بولۇش، خەلقنى قىزغىن سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش، كومپارتىيىنى قىزغىن سۆيۈش) پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1985 - يىلى ھەر قايسى ئورۇنلاردا «ئۈچ ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» (ياخشى ئىستىل، سۈپەتلىك مۇلازىمەت، گۈزەل مۇھىت، لېي فېڭدىن ئۆگىنىش) پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى، ناھىيە بازىرى ۋە يېزا - كەنتلەرنىڭ ھەممە يېرىدە سوتسىيالىستىك يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلدى.

## I باب

# ئارمىيە - خەلق مۇناسىۋىتى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلق بىلەن ناھىيىدە تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - جۈنى 6 - شىنىڭ ئاتلىقلار تۈەنى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش، توپىلاڭنى تىنچىتىش، باندىت تازىلاش ۋە چېگرىنى قوغداپ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا بېلىق بىلەن سۇدەك چوڭقۇر مۇھەببەت ئورناتتى. ئەينى زاماندىكى ئاتلىقلار تۈەنى ئىنتايىن جاپالىق شارائىت ئاستىدا، چاقىلىقتا يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتىنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالدى، قىسىملار مۇھىم يول، ئېغىزلارنى كېچە - كۈندۈز نۆۋەت بىلەن چارلاپ تۇردى، ئامما ئۈچۈن پوستا تۇردى، نۆۋەتچىلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قېرىنداش قىسىملارغا ماسلىشىپ، جەنۇبىي تاغ رايونىنى ئۇزۇنغىچە بېسىپ ياتقان ئەكسىلئىنقىلابچى

قوراللىق باندىتلارغا قارشى باتۇرانە كۈرەش قىلدى، بىر مۇنچىلىغان كوماندىر - جەڭچىلەر ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى پەرزەنت قوشۇننى چەكسىز سۆيۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكنى ئېشىنىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باندىت تازىلىشىغا ياردەم بەردى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، چاقىلىقتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق قىسىمدىكى كەڭ كوماندىر - جەڭچىلەر «ئارمىيە خەلقنى سۆيۈش، خەلق ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش» تەك شەرەپلىك ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنلار بىلەن قىسىمنىڭ قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە غايەت زور تۆھپە ياراتتى.

## § 1 . ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش

60 - يىللار ۋە 70 - يىللاردا، ناھىيىدە تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئاتلىقلار لېنى ۋە كېيىن ناھىيىدە تۇرغان قىسىم بىلەن چاقىلىقتىكى ھەر مىللەت خەلق ئوتتۇرىسىدا قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئارمىيە بىلەن خەلق، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى ھەر دائىم چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتتى. ناھىيىدە تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ يەرگە ئېھتىياجى چۈشكەندە، چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دەرھال ئەڭ ياخشى يەرلەرنى ئاجرىتىپ، ناھىيىگە قاراشلىق ئۇلاغ ترانسپورت شىركىتى ۋە 40 نەچچە ئائىلىلىك ھەر مىللەت ئاممىسىنى كۆچۈشكە سەپەرۋەر قىلىپ، قىسىمنىڭ ۋاقتىدا قۇرۇلۇش قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭغا ئوخشاش، قىسىمدىكى كادىر - جەڭچىلەر پەرزەنت ئەسكەرلەرنىڭ خەلقنى سۆيۈشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى ھامان يادىدىن چىقارماي، ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يەرلىكنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. قىسىم كادىر - جەڭچىلەرنى مەملىكەت بويىچە ۋە شىنجاڭ بويىچە ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار بولغان كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، رادىئو، قاراتاختاي گېزىتى، مەخسۇس مۇزاكىرە يىغىنلىرى، نۇتۇق سۆزلەش يىغىنلىرى، دوستلۇق ئورنىتىش يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، تەشۋىقات ماشىنىلىرىنى ئىشقا سېلىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ۋە كانلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئارمىيىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەربىيىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇردى. چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن ناھىيىدە تۇرۇشلۇق قىسىم ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئىتتىپاقلىقى داۋامىدا بارلىققا كەلگەن ياخشى ئىش-ياخشى ئادەملەر ۋە تىپىك مىساللارنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقى ۋە ئارمىيە - ھۆكۈمەت ئىتتىپاقلىقى پائالىيىتىنى كەڭ دائىرىدە، ئۈزلۈكسىز، چوڭقۇر قانات يايدۇردى.

## 2 § . بىلىم بىلەن سۇدەك يېقىنلىق

چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق قىسىم پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى يېتىشتۈردى. مەلۇم قىسىم چاقىلىقتا تۇرغان 10 يىلدا، يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇشىغا 8500 ئادەم - قېتىمدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى، 500 قېتىمدىن ئارتۇق ماشىنا - ئاپتوموبىل قاتناشتۇردى. بازار يولى، 2 - دەرىجىلىك ئېلېكتىر ئىستانسىسى، ئوتتۇرا مەكتەپ كۆكۈل ئىچىش مەيدانى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارغا ھەقسىز ياردەم بەردى. 1985 - يىل 12 - ئايدا، ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى ناھىيىدە تۇرۇشلۇق قىسىمغا 700 كۇب مېتىرلىق تاشيول ئۆلىنى ياساش ۋەزىپىسىنى تەقسىم قىلدى، بۇ ۋاقىت قەھرىتان سوغۇق بولۇۋاتقان مەزگىل بولۇپ، ئەتراپتىن ئالىدىغان توپا يوق ئىدى، بۇنىڭ ئۈستىگە، قىسىمدا شتات قىسقارتىلغاچقا، ئادەم ئاز، ۋەزىپە ئېغىر، قىيىنچىلىق كۆپ ئىدى، بۇنداق ئەھۋالدا، 10 جەڭچى ئۆزىنىڭ تۇغقان يوقلاش ۋاقتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېيىنگە سۈرۈپ، قىسىم رەھبەرلىكىنىڭ باشلامچىلىقىدا، نۆلدىن تۆۋەن 20 نەچچە گرادۇس سوغۇقتا 10 نەچچە كۈن جاپالىق ئىشلەپ، ۋەزىپىنى سان - سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا ئورۇندىدى. قىسىم قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ھەر خىل چارىلەرنى قوللىنىپ، قىيىنچىلىقنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشىپ بەردى، چاقىلىق ناھىيىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كەسىپ ئالماشتۇرغان 13 جەڭچىنى چاقىلىقتا ئورۇنلاشتۇردى، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 18 كىشىگە ئەمگەك كۆرسەتكۈچى ھەل قىلىپ بەردى، قىسىمدىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ ئۇلارنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلدى.

قىسىم چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۆز قىيىنچىلىقىمىز دەپ بىلدى. 10 يىلدىن بۇيان قىسىم گازارما رايون ۋە ئىچى سىرتىغا 50 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكىپ، بازارنى كۆكەرتىش ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. ئۆستەڭ كەنتىدىكى نەچچە 10 ئائىلىلىك ئۇيغۇر ئامما ئۇزۇن مەزگىلدىن بۇيان ئۆستەڭ سۈيى ئىچىپ كەلگەنىدى. قىش، ئەتىياز پەسىللىرىدە سۇنى ئادەم بىلەن چارۋا ئورتاق ئىچەتتى، قىسىم بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىسىمنىڭ سۇ مۇنارىدىن تۇرۇبا ئۇلاپ بېرىپ، ئۇلارغا تاتلىق تۇرۇبا سۈيى يەتكۈزۈپ بەردى. قىسىم شىپاخانىسىنىڭ ئۇسكۇنىلىرى ئاددىي، شارائىتى ناچار، ئاران 2 دوختۇر، بىر ساقلىق ساقلىغۇچى بولسىمۇ 10 يىلدىن بۇيان، ئۇلار قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، 45 مىڭ ئادەم - قېتىمدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىدى، 100 نەچچە ئېغىر كېسەلنى قۇتقۇزدى. پالەچ بولۇپ قالغان 4 بىمارنى يېڭىۋاشتىن مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

1983 - يىلدىن بۇيان، چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق قىسىم ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ، باللار باغچىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، ئۆستەڭ ساناتورىيىسى بىلەن بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئۇزاققىچە قانات يايدۇردى، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ياشلارنى زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە ئۇيۇشتۇردى، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە كۆكۈل ئىچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، ئۆسمۈرلەرگە شەرەپلىك ئەنئەنە توغرىسىدا تەربىيە بەردى،

بالىلار باغچىسىنىڭ ئۇستەل، ئويۇنچۇقلىرىنى ياساپ بەردى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا كىتاب تەقدىم قىلدى، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئامبارلىرىنى تازىلاپ بەردى. چوڭ ھېيت - بايراملاردا، چاقىلىق ناھىيىسى قىسىمدىكى كوماندىر - جەڭچىلەردىن ھال سورىدى، ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلار جەڭچىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكنى ياماپ، يوتقان - كۆرپىلىرىنى يۇيۇپ بەردى. قىسىم بىلەن يەرلىكنىڭ بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق قىسىم خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلدى. ئۇلار گۈلئۆستەڭ كەنتىدىكى ئابلاخۇننىڭ ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتى ھەم نامرات ئائىلە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنى قىسىمنىڭ يۆلەش ئوبيېكتى قىلىپ، ئۇنىڭ ئېتىز ئىشلىرىغا دائىم ياردەم بېرىپ تۇردى. بۇلتۇر 7 - ئاينىڭ بىر كۈنى قىسىمدىكىلەر ئابلاخۇننىڭ بۇغدايلىرىنىڭ يامغۇردا قېلىش خەۋپىنى سەزگەندىن كېيىن دەرھال 20 نەچچە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بۇغدىيىغا بىرزېنت يېپىپ بەردى. ئۇلار يەنە 3000 دىن ئارتۇق كېسەك قويۇپ، ياغاچ، ئىشىك - دېرىزە ئېلىپ كېلىپ، ئابلاخۇنغا يېڭى ئۆي سېلىشىپ بەردى.

## 3 § . قۇملۇققا باغلانغان مۇھەببەت رىشتىسى

قەدىمكى يىپەك يولىدىكى چاقىلىقتا ناھىيىدە تۇرۇشلۇق قىسىم بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىناق ئۆتكەنلىكى، ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان تەسىرلىك ھېكايىلەر تارقالغان.

### جاڭ دوختۇر بەك ياخشى

قىسىم شىپاخانىسىنىڭ دوختۇرى جاڭ گويۈنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسىلا، بۇ جايدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى باش بارمىقىنى چىقىرىپ، جاڭ دوختۇر بەك ياخشى، دەپ ماختىشىدۇ. قىسىم تۇرۇشلۇق جايدا خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، دۇڭشياڭ قاتارلىق مىللەتلەر ياشايدۇ، بۇ يەردە قاتناش قولايسىز، دوختۇر - دورا قىس بولغاچقا، قىسىم شىپاخانىسىغا داۋالىنىشقا كېلىدىغان ئادەم ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. ھەربىي دوختۇر جاڭ گويۈ ئالدىغا كەلگەن ھەر قانداق كېسەلنى دائىم قىزغىن كۈتىۋالىدۇ، كۈندۈزى كەلسە، كۈندۈزى، كېچىسى كەلسە، كېچىسى كۆرۈپ قويىدۇ، ئۇ، مۇشۇنداق ئىشلەپ، 9 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزدى.

بىر كۈنى كېچىسى ئۇ تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا، جىددىي قېقىلغان ئىشىك ئاۋازى ئۇنى ئويغىتىۋېتىدۇ. قىسىمدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا ئولتۇرىدىغان يۇسۇپ بوۋاي ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئوغلى تۇرسۇن جاڭ دوختۇرنى بېرىپ كۆرۈپ قويۇشقا تەكلىپ قىلىپ كەلگەنىدى. جاڭ گويۈ لام - جىم دېمەي دورا ساندۇقىنى ئالىدۇ - دە، بوۋاينىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. بوۋاينىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ، قىزىتمىسىنىڭ 39.2 گرادۇستا چىققانلىقىنى بايقايدۇ - دە، دەرھال لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ بوۋاينىڭ پېشانىسىگە ياقىدۇ، ئاندىن كېيىن بوۋايغا

دورا ئىچكۈزىدۇ. ئۇ كېسەلدە كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بوۋايغا قارىغاچ تاڭ ئاتقۇزىدۇ.

لوپ كەنتىدىكى مەھەممەتنىڭ بالىسى جىددىي كېسەل بولۇپ قالغاندا، مەھەممەت ئايالى بىلەن بىرلىكتە بالىنى كۆتۈرۈپ جاڭ گويۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. دىئاگنوز قويۇش ئارقىلىق بالىنىڭ جىددىي خاراكتېرلىك ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. مەھەممەت ۋە ئۇنىڭ ئايالى بۇنى ئاڭلاپ جىددىيلىشىپ كېتىدۇ ۋە جاڭ گويۇغا: «بالىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالسىڭىز» دەپ يېلىنىدۇ، جاڭ گويۇ مەھەممەتكە: «خاتىرجەم بولۇڭ، بالىڭىزنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە داۋالايمەن» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، جاڭ گويۇ مەھەممەتنىڭ ئۆيىگە كۈندە 2 قېتىم بېرىپ، بالىنىڭ كېسىلىنى تەكشۈرۈپ، دورا بېرىپ تۇرىدۇ. جاڭ گويۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى ئارقىسىدا، 2 ھەپتىدىن كېيىن، بالىنىڭ كېسىلى سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ، بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇنىڭدىن چەكسىز مىننەتدار بولىدۇ. بىر كۈنى مەھەممەت بىر قوينى يېتىلەپ شىپاخانىغا كېلىپ، جاڭ گويۇغا: «جاڭ دوختۇر، بۇ، ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ كۆڭلى، قوبۇل قىلسىڭىز» دەپ تۇرىۋالىدۇ. جاڭ گويۇ: «كۆڭلىڭىزنى چۈشەندىم، لېكىن قوينى ئالمايمەن، مەن بىر ھەربىي ئادەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدىم» دەپ رەھمەت ئېيتىپ قوينى ئالمايدۇ، بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن: مەھەممەت: «جاڭ دوختۇر نېمە دېگەن ياخشى ھە!» دەيدۇ.

## نامرات ئائىلىنىڭ يېڭى ئۆيى

نېمە دېگەن كۆركەم ئۆيلەر بۇ!

1985 - يىلىنىڭ چوكانتال مەۋسۇمىدا مېھمان بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئەلىنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ يېڭى ئۆيىنى ماختىشىپ كەتتى. بىر يىل ئىلگىرى ئەلى بوران ئۆتنىشىپ تۇرىدىغان ئەسكى ئۆيدە ئولتۇراتتىغۇ؟ ئۇ قانداق قىلىپ مۇنداق چىرايلىق ئۆيگە ئىگە بولۇپ قالدى؟ بۇ نېمە دېگەن چوڭ ئۆزگىرىش!

«بۇ، سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ھىممىتى!» دەپ چۈشەندۈردى مېھمانلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەن ئەلى سۈتلۈك چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ، ئەسلىدە ئەلىنىڭ ئائىلىسى داڭقى چىققان نامرات ئائىلە ئىدى، ئۇنىڭ بالىسى كۆپ، ئەمگەك كۈچى ئاز بولغاچقا، بىر يىللىق تاپقان - تەرگىنى قورساققا كېتىپ، ئۆي سېلىشقا مادارى يەتمىگەنىدى.

ئازادلىق ئارمىيە ئۇنى نۇقتىلىق يۆلەش ئوبيېكتى قىلغاندىن كېيىن، قىسىم رەھبەرلىكى دائىم جەڭچىلەرنى باشلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ يەرلىرىنى تۈزلىشىپ، ئوغۇت يەتكۈزۈپ بەردى. جەڭچىلەر يازنىڭ تومۇز ئاپتىپىدا ئۇنىڭغا يەر ئوتىشىپ، ئورما ئورۇشۇپ بەرسە، قەھرىتان قىش كۈنلىرى ئۇنىڭغا ئوتۇن يېرىپ، ھويلا - ئاراملىرىنى رەتلەپ بەردى. 1984 - يىلى يازدا، ناھىيىدە تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ ۋېيخۇا ۋە مۇدىرى جاڭ يۈنفېڭ مەسلىھەتلىشىپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، كېسەك قۇيدۇرۇپ، ئۆي ئۇلىنى تۈزلىتىپ، ئىشىك - دېرىزە ياسىتىپ، ئەلىگە تېزلا 2 ئېغىز يېڭى ئۆي سالدۇرۇپ بېرىدۇ. ئەلى كۆپچىلىككە: «ھازىر تۇرمۇشۇم ياخشىلاندى، روھىممۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. مەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوبدان شۇغۇللىنىپ، سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز ئازادلىق ئارمىيىگە ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن رەھمەت ئېيتىمەن» دېدى.

## «خەلققە قۇلايلىق ھەربىي ئاپتوموبىل»

تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان چاقىلىق - كورلا تاشيولى لىنىيىسىدە ھەر مىللەت ئاممىسى چۈشكەن ئۈستى يېپىق چوڭ ھەربىي ئاپتوموبىلنى پات - پات ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بۇ چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىمنىڭ «خەلققە قۇلايلىق ھەربىي ئاپتوموبىلى» ئىدى.

چاقىلىق ناھىيىسى چوڭ قۇملۇقنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قاتناش بەكمۇ قۇلايسىز ئىدى، ھەر مىللەت ئاممىسى سىرتقا چىقماقچى بولسا، ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇشنىڭ قىيىنلىقىدىن بېشى قاتاتتى. 1979 - يىل 3 - ئايدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم قىسمى چاقىلىققا كېلىپ تۇرغاندىن كېيىن، قىسىمغا كېرەكلىك ماددىي بۇيۇملار كورلىدىن توشۇپ كېلىنىدىغان، ئاپتوموبىللار دائىم چاقىلىق - كورلا ئارىلىقىدا قاتناپ تۇرىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئامما بىرەر ئىشى چىقىپ قېلىپ سەپەرگە چىقماقچى بولسا، قىسىمنىڭ ئاپتوموبىلىغا چۈشۈۋالىدىغان بولدى، بەزىدە ئاپتوموبىلغا چىقىدىغان ئادەم كۆپىيىپ، كابىنكىغا پاتماي قالسا، شوپۇرلار ئاپتوموبىلنىڭ ئۈستىنى يوپۇق بىلەن يېپىپ، كوزۇپ ئىچىگە ئورۇندۇق تىزىپ، كۆپچىلىكنى ئولتۇرغۇزدى. شۇنىڭ بىلەن ئامما «خەلققە قۇلايلىق ئاپتوموبىل» قىزىقارلىق قىلىپ «ياغاچ ئورۇندۇقلۇق ھەربىي ئاپتوموبىل»، «چېدىرلىق ھەربىي ئاپتوموبىل» دەپ ئاتاشتى. چاقىلىق - كورلا ئارىلىقىدا يولۇچى ئاپتوموبىلى قاتنىغان بولسىمۇ، 1985 - يىلدىن بۇرۇن ھەر 10 كۈندە بىر قېتىم قاتنىغاچقا، ئاپتوموبىلغا چىقىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى يەنىلا ھەل بولمىدى، ھەر مىللەت ئاممىسى كورلىغا بارىدىغان چاغدا، قىسىمنىڭ «خەلققە قۇلايلىق ئاپتوموبىلى»نى ھامان ياد ئېتىدىغان بولدى.

بىر يىل ئۆتتى، 2 يىل ئۆتتى، 6 يىل ئۆتۈپ كەتتى، 6 يىلدىن بۇيان «خەلققە قۇلايلىق ئاپتوموبىل»غا قانچىلىك ئامما چۈشكەنلىكىنى ھېچكىم ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

# باب II

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

چاقىلىق رايونى ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ھەر مىللەت خەلقى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ گۆھەر بوستانلىقىنى ئورتاق گۈللەندۈردى، ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق مۇددەت بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈش داۋامىدا چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە دوستلۇق ئورناتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. 1952 - يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئۆگىنىش، ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى.

1957 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «كادىرلارنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا» يوليورۇق بەردى، ناھىيىدىكى ھەر قايسى ئورگان ـ ئورۇنلار ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئۆگىنىدىغان 4 باشلانغۇچ سىنىپ، بىر «قوش تىللىق» ئوتتۇرا سىنىپ قۇردى، شەھەر، بازاردا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى ۋە خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ئۆز ئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش دولقۇنى قوزغۇۋېتىلدى.

50 ـ يىللار ۋە 60 ـ يىللاردا چاقىلىق رايونىدا مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئىناق، يېقىن بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا، ئىنتايىن سول پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ناھايىتى زور زىيان يەتتى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مالىمانچىلىقلار ئوڭشالدى، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىنىڭ 1 ـ ئورنىغا قويدى.

1980 ـ يىلى ئورگان ئورۇنلاردا «پارتىيىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللىي سىياسىتىگە بىر نەچچە مەسىلە» ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

1981 ـ يىلى يېزىلاردا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى.

1982 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ۋە ماۋزېدۇڭلارنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى قىسمەن بايانلىرىنى ئۆگىنىش قانات يايدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناھىيە بازىرىدا «پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش» بويىچە سەپەرۋەرلىك دوكلات يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە بىر قاتار تەشۋىقات، تەربىيە پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى چاقىرىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى. يىغىندا «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» دەيدىغان «ئىككى ئايرىلالماسلىق» نىڭ مۇھىملىقى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكىتلەندى. 1983 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ (1983) 40 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى ئۆگىنىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ھەر يىلى 5 ـ ئايدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش قارار قىلىنىپ، .شۇ يىلى 5 ـ ئايدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتى داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلدى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 1285 قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەربىيە يىغىنى چاقىرىلدى، ئۇنىڭغا 28 مىڭ 750 ئادەم ـ قېتىم قاتناشتى؛ 21 پارچە تام گېزىتى، تاختاي گېزىتى چىقىرىلىپ، 473 پارچە ماقالە ئىشلىتىلدى؛ 10 قېتىم رادىئو لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 58 پارچە لېكسىيە ماقالىسى جەمئىي 185 قېتىم ئاڭلىتىلدى؛ 975 كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 2405 قېتىم ياخشى ئىش قىلدى؛ ناھىيە بويىچە 3 قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەزمۇن قىلىنغان چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭغا تەخمىنەن 2100 ئادەم ـ قېتىم قاتناشتى، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئۆزلىرى تەييارلىغان 28 سەنئەت نومۇرى كۆرسىتىلدى.

1984 ـ يىلى، 2 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى داۋامىدا، 98 قېتىم ھەر خىل سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىرىلدى، ئۇنىڭغا 12 مىڭ 170 ئادەم ـ قېتىم قاتناشتى؛ 93 قېتىم مىللەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش يىغىنى چاقىرىلدى،

ئۇنىڭغا 12 مىڭ 655 ئادەم ـ قېتىم قاتناشتى؛ 23 ھەر خىل تەشۋىقات گۇرۇپپىسى ۋە لېكسىيە سۆزلەش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 103 ئادەم قاتناشتى. 97 سان ھەر خىل قارا تاختاي گېزىتى، تام گېزىتى چىقىرىلىپ، 908 پارچە ماقالە ئىشلىتىلدى؛ ناھىيە بويىچە 7 ئورۇنغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مەخسۇس تېما بويىچە تەشۋىق قىلىدىغان رادىئو ئورنىتىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئالاقىدار 104 پارچە ماقالە ئاڭلىتىلدى؛ 128 پارچە لوزۇنكا، تەشۋىق رەسىمى چاپلاندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 2097 قېتىم ياخشى ئىش قىلىندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 232 قېتىم بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى، ئۇنىڭغا 5357 ئادەم ـ قېتىم قاتناشتى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئۆگىنىلدى.

1985 ـ يىلى، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئالدىنقى 2 يىلدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى رەھبەرلىكى بولغان ھالدا پىلانلىق، تەشكىللىك ئېلىپ باردى. ئۆگىنىش ۋە تەربىيە داۋامىدا، كادىرلار ۋە ئاممىنى ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل، سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇشتا، ھەر مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى، پارتىيە ـ ئىتتىپاق ئەزالىرىنى تەربىيىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشتا، تەربىيىنى ئادەمگە قاراپ ئېلىپ بېرىشتا، ئوخشىمىغان قاتلامدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئۆگىنىش مەزمۇنلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى پەرقلەندۈرۈشتە، يىلدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ، 5 ـ ئاي ئارقىلىق پۈتۈن يىللىق خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، تەربىيىنى مول، خىلمۇ ـ خىل پائالىيەتلەرگە سىڭدۈرۈپ، رادىئو، تېلېۋىزىيە، كىنو، تاختاي گېزىتى، تام گېزىتى، دوكلات يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى، تەقدىرلەش يىغىنى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىش، سەنئەت نومۇرلىرىنى قويۇش، شېئىر مۇسابىقىسى، بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش، رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئاڭلىقلىقىنى تۈپتىن ئۆستۈردى. 3 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىدە، ناھىيە بويىچە بازار ـ يېزىلاردا خەلققە قولايلىق تۇغدۇرۇپ مۇلازىمەت گۇرۇپپىسىدىن 7 سى تەشكىللىنىپ، جەمئىي 1460 قېتىم ياخشى ئىش قىلىپ بېرىلدى، خالىسانە مۇلازىمەت قىلىپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە قاتناشقانلار جەمئىي 1658 ئادەم ـ قېتىمغا يەتتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ناھىيە بويىچە بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر بارلىققا كەلدى.

ئۇتام يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى بارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسىي قىلىپ، تەربىيىنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرگە سىڭدۈردى، پۈتۈن يېزىدا ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرى بىرلىك قىلىنغان ھالدا 13 مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى پۇختا ئىشلەندى. 1983 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان 3 يىلدا بۇ يېزىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 33 ئىلغار كوللېكتىپ، 103 ئىلغار شەخس بارلىققا

كەلدى، ھەر مىللەت كەنت ئاھالىسى ئارىسىدا يەر ھەيدەش، دورا پۈركۈش، سۇلياۋ يوپۇق يېپىش، كېۋەز تېرىشتا ئۆز ئارا ياردەملىشىش، ئۇرۇق - پۇل، ئوزۇقلۇق ئاشلىق جەھەتتە بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش ۋە سۇ ئۆتۈنۈپ بېرىشتەك ياخشى ئىشلار ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. خۇجياسۇن كەنتىنىڭ ئاھالىسى لى يالىن كەنتكە يېڭىدىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان چېغىدا، تۇنۇشى بولمىغانلىقتىن، تۇرمۇشتا بەك قىيىنىلىپ قالغانىدى، ئۇيغۇر دېھقانلار ئۇنىڭ كىيىم-كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ھەل قىلىشىغا ئۆزلۈكىدىن ياردەم بەردى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، لى يالىن مېڭە ئىشلىتىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ناھايىتى تېز بېيىدى، ئەمما ئۇ بۇرۇن ئۆزىگە ياردەم بەرگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇمىدى. ئۇ كەنتكە خالىسانە ياردەم قىلىپ، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، كۆۋرۈك، توما، يول ياساپ، توك سىمى تارتىپ بېرىپ، نامرات ئائىلىلەرگە كۆكتات، تۇخۇم، دورا پۇلى، كۆچەت ئاپىرىپ بېرىپ، ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ بىردەك ماختىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ تولىسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، ئۆز ئارا تىل ئۆگىنىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەتنى قانات يايدۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىمۇ زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

ۋاشەرى يېزىلىق 2 - مەكتەپتىكى خەنزۇ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار يېڭى ئۆستەڭ كەنتىدىكى ئۇيغۇر كەنت ئاھالىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇزاق مۇددەت بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. دېھقانچىلىقنىڭ قاتلاڭ مەزگىللىرىدە، 2 - مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى كەنت ئاھالىسىنىڭ ئوت ئوتاش، يەر چاغلاش، بۇغداي ئورۇش، خامان تېپىش قاتارلىق ئىشلىرىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەملەشتى. 1984 - يىلدىن بۇيان، بۇ مەكتەپ يېڭى ئۆستەڭ كەنتىدىكى 8 ئائىلىنىڭ 42 مو يېرىگە يوپۇق يېپىپ، كېۋەز تېرىپ بەردى، 28 مو يېرىگە كۆچەت تىكىپ بەردى، ئېرىق ئۆستەڭلەردىن 220 كۇب مېتىر قۇم تازىلاپ چىقاردى. كەنت ئاھالىسىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن 2 - مەكتەپنىڭ سەيلىكىنى سۇغىرىپ ۋە سەيلىككە دورا پۈركۈپ بەردى. 1985 - يىل 5 - ئايدا، ئۇلار 2 قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە سۆھبەت يىغىنى چاقىردى، بىر قېتىم بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزدى، يەنە پۈتۈن يېزىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەققىدە 8 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش جەھەتتە ئېلىپ بارغان ئۈنۈملۈك پائالىيەتلىرى ناھىيە، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم رايوننىڭ كۆپ قېتىم تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ئۇزۇندىن بۇيان، چاقىلىق ناھىيىسى ناھىيە دائىرىسىدە تۇرۇۋاتقان يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 36 - تۇەنى بىلەن دائىم ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بىرى بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىپ، بىرلىكتە بېيىش يولىدا مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئالغا ئىلگىرىلەپ كەلدى.

چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى ۋە ئۆرپ - ئادىتىگە ئومۇميۈزلۈك ھۆرمەت قىلىنىپ كەلدى. پۈتۈن ناھىيىدە كادىرلاردىن ئامىمىغىچە ئۆز ئارا تىل-يېزىق ئۆگىنىش ئومۇمىي كەيپىيات بولۇپ شەكىللەندى. نۇرغۇن ئورۇنلار ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە «ھەپتىدە بىر جۈملە» سۆز ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ھەر قايسى ئورۇنلار تارقاتقان

ھۆججەتلىرىدە، تامغىلىرىدا بىردەك 2 خىل يېزىق قوللاندى. رادىئو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۆزلىرى تەييارلىغان پروگراممىلىرىنى 2 خىل تىلدا ئاڭلاتتى. «كۆزنەك» كەسپلەردىكى خادىملارنىڭ كۆپچىلىكى 2 خىل تىلدا سۆزلىيەلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، بەلكى بىر - بىرىنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىپ، دوستلۇقنى كۈچەيتتى.

چاقىلىق ناھىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدىكى تەشۋىقات - تەربىيىنى ئەستايىدىل ئېلىپ باردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى توغرىسىدا كىتابچە بېسىپ تارقاتتى. يىلدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەربىيە ئېيى پائالىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش بىر قەدەر ياخشى بولغان ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلمىغان سۆز - ھەرىكەتلەرنى تەنقىد قىلدى.

1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە، پۈتۈن ناھىيىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخسلەردىن 378 كىشى ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن يىل ئۇيغۇر بوۋاينىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان ھەمدە ئۇنىڭ 1000 يۈەندىن ئارتۇق داۋالىنىش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالغان جاڭ شېنلياڭ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى، خەنزۇ دېھقان ئائىلىسىگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىش تېخنىكىسىنى جان - دىل بىلەن يىللاپ ئۆگەتكەن ئىمىنجان بوۋاي، كەنتلەرنى ۋە ئائىلىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، كۆپ يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، ھەر مىللەت قېرىنداشلار ئۈچۈن كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالغان ۋە كېسەل داۋالىغان ھەربىي دوختۇر دىڭ خۇەنۋېن، ئۆز كەنتىدىكى ھەر مىللەت دېھقانلىرىنى جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، ئورتاق بېيىشقا يېتەكلىگەن كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى توختى پاسارلار بار. بۇ نەمۇنىچىلەرنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى چاقىلىق رايونىدا كەڭ تارقالدى.

## قوشۇمچە: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە يېڭى ئادەم - يېڭى ئىشلاردىن قىسقىچە خاتىرىلەر

### چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببەت

گوكەي 1969 - يىلى سىچۈەندىن چاقىلىققا يالغۇز كېلىپ، تونۇش - بىلىشلىرىنى تاپالماي قىيىنچىلىقتا قالغاندا، تېكەنلىك گۇڭشېسىدىكى ئۇيغۇر موماي تۇجانخان ئۇنى بېقىۋالىدۇ. مومايىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئېلىشى ۋە تەربىيىلىشى ئارقىسىدا، گوكەي ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، 1972 - يىلى ئۆي - ئوچاقلىق بولىدۇ ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ سايلىنىدۇ. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ تەدرىجىي بېيىپ، ناھىيە بويىچە داڭلىق ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ ئىلغار تىپى بولۇپ، شەرەپ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدۇ. شان - شۆھرەت ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن چاغلاردا، گوكەي ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر ئاممىنى ئۇنۇتمايدۇ، ئۆزىگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان تۇجانخان ئانىنى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىدۇ، ئۇ دائىم باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ۋە غەم - قايغۇسىنى تۈگىتىشكە ياردەملىشىدۇ،

ئۇ نامراتلىقتىن ئەمدى قۇتۇلۇپ بېيىغان 1984 - يىلى، خۇمدانچىلىقتىن قىلغان كىرىمىنىڭ بىرقىسمىنى ۋە 2000 نەچچە يۈز جىڭ ئاشلىقنى ئەترەتتىكى نامرات ئائىلىلەرنى قۇتقۇزۇشقا بېرىدۇ. ئۇ تۇجانخان چولڭ ئانىغا تېخىمۇ ئەتراپلىق غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالىدۇ. كىشىلەر ئۇلارنى «مېھرى - مۇھەببىتى چوڭقۇر» دېيىشىدۇ.

## چۆل - باياۋاندىكى بوستانلىق كۆيى

ۋاشەرى يېزىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاش يولىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بۈك - باراقسان ئۆسكەن 20 مو دەرەخلىك كىشىلەرنىڭ ئالقىشى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولماقتا. چۆل - جەزىرىدىكى بۇ ئورمانلىققا چوڭقۇر مىللىي مۇھەببەت سىڭگەن.

1975 - يىلى قەھرىتان قىش پەسلىدە، ناھىيىنىڭ ئورمانچىلىق تارمىقى خىزمەتچى لى شۋاڭچېڭنى ئائىلىسىنى ئېلىپ بۇ يەردە توغراقلىقنى باشقۇرۇش - قوغداش ئورنى قۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ خىزمەتچى بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئايالى بىلەن بىللە سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، بارلىق بوش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ قۇم دۆۋىلىرىنى تۈزلەيدۇ، بوز يەر ئاچىدۇ، ئىشتىن سىرتقى بارلىق ۋاقتىنى ئىشىك ئالدىدىكى بوز يەرنى كۆكەرتىشكە سەرپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش روھى ئۆزىگە قوشنا باغۋەنچىلىك مەيدانىدىكى بىر نەچچە ئۇيغۇر بوۋاينىڭ ماختىشىغا ئېرىشىدۇ، شاكىراخۇن بوۋاينىڭ تەشەببۇسى بىلەن باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ پېشقەدەم ئەترەت باشلىقى مەمتىمىن دەم ئېلىش كۈنلىرىدە بىر نەچچە كىشىنى باشلاپ كېلىپ، لى شۋاڭچېڭنىڭ يەر تۈزلەش، كۆچەت پەرۋىش قىلىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. 2 - يىلى ئەتىيازدا، لى شۋاڭچېڭ 2 مو جىگدە، 2 مو تېرەك، بىر مو قارىياغاچ كۆچىتىنى ئوڭۇشلۇق يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. 3 - يىلى ئەتىيازدا كۆكەرتىش ۋاقتى بولغاندا، باغۋەنچىلىك مەيدانىدىكى ئۇيغۇر ئامما تەشەببۇسكارلىق بىلەن 2800 تۈپ كۆچەت تەقدىم قىلىپ، لى شۋاڭچېڭنىڭ بۇ كۆچەتلەرنى ياخشى ئۆستۈرۈشىگە ياردەملىشىدۇ، لى شۋاڭچېڭ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالىدۇ. كېيىن باغۋەنچىلىك مەيدانىدىكى ئۇيغۇر ئامما لى شۋاڭچېڭ بىلەن بىرلىشىپ، يېقىن ئەتراپتىكى تەبىئىي توغراق كۆچەتلىرىنى قەرەللىك سۇغىرىپ، پۇتاپ تۇرىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇلار چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىپ، بۇ چۆل - جەزىرىنى بىرلىكتە كۆكەرتىدۇ.

## بىر دېھقاننىڭ قەلبى

1969 - يىلى ۋاشەرى گۇڭشېسى 1 - ئەترىتىدىكى مۇسا توختىنىڭ يالغۇز ئوغلى كېسەل تۈپەيلىدىن بەختكە قارشى ياش ئۆلۈپ كېتىدۇ. مۇسا توختى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە قاتتىق ئازابلىنىدۇ. كۆپچىلىك ئۇلارغا ياخشى سۆزلەر بىلەن تەسەللىي بەرگەندىن باشقا، ھېچقانداق ئامال قىلالمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ شۇ سورۇندا تۇرغان بوغالتىرى جاڭ شېڭلياڭ خېلى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، مۇسا توختى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىغا: «يىغلىماڭلار، مەن ئوغۇل تاپسام چوقۇم سىلەرگە بېرەي» دەيدۇ. مۇسا توختى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن تىكىلىپ قارايدۇ، ئۇ چاغدا جاڭ شېڭلياڭ تېخى توي قىلمىغان بويتاق ئىدى. ھەش - پەش دېگىچە بىر يىل ئۆتىدۇ، جاڭ شېڭلياڭ توي قىلغاندىن كېيىن بىر ئوغۇل تاپىدۇ، ئۇنىڭغا جاڭ جىنخۇي دەپ ئىسىم قويىدۇ. جاڭ شېڭلياڭ ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، بالىسى سەل

چوڭ بولغاندىلا ئۇنى مۇسا توختىملارغا بېرىدۇ. ئۇلار بالىغا «قاسىم» دەپ ئات قويىدۇ. مۇسا توختى ئەر - خوتۇن ئىككەيلەن بالىنى ئەتىۋارلاپ كۆڭ بويى ھاپاشلاپ يۈرىدۇ. قاسىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىنى سۇدەك سۆزلەيدىغان بولىدۇ ھەم ئۈرۈمچى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتىدۇ.

جاڭ شېڭلياڭ خوشال بولىدۇ، مۇسا توختى ئەر - خوتۇن ئىككەيلەن تېخىمۇ خوشال بولىدۇ.

كېيىن مۇسا توختى، بەختكە قارشى، كۆز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولىدۇ، جاڭ شېڭلياڭ 1000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلەپ، ئۇنى يىراقتىكى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىپ، چوڭ دوختۇرخانىلاردا داۋالىتىپ ساقايتىدۇ.

## III باب

# لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، يېڭى كەيپىيات يارىتىش

1963 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ «يولداش لېي فېڭدىن ئۆگىنىڭلار» دېگەن بېغىشلىمىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى ناھايىتى تېز ئەۋج ئالدى. ناھىيە بازىرىدىن يېزىلارغىچە، ھەممىلا يەردە ھەممەيلەن بەس - بەستە ياخشى ئىش قىلدى، «ئۆگىنەيلى لېي فېڭ ئۆلگىسىدىن» دېگەن ناخشا ساداسى كوچىلاردا ۋە ئېتىز بېشىدا ياڭراپ كەتتى. ناھىيە ئورگانلىرى ۋە ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ناھىيە بازىرىدا ۋە ئۆز ئورنىدا كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە يېزىلارغا بېرىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى زەربىدارلىق بىلەن ئىشلىشىگە، «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە» ۋە ھەربىيلەر - ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ غەم - ئەندىشىلىرىنى، قىيىنچىلىقلىرىنى تۈگىتىشىگە ياردەم بەردى، نامرات ئائىلىلەرگە پۇل ۋە نەرسە - كېرەك ئىئانە قىلدى. يېزىلاردىكى پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار ئوزۇن يىل ئىشلەپچىقىرىش بىرىنچى سېپىدە كوللېكتىپنىڭ جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە كۆكشىي ئەزالىرى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى.

70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ناھىيە بويىچە پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، 10 يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى مالىمانچىلىقتا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات ناھايىتى تېز ياخشىلاندى، لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى قايتىدىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى كەيپىيات چاقىلىق ناھىيىسىدە كەڭ جارى قىلدۇرۇلدى، بىر تۈركۈم سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلار بارلىققا كەلدى.

1981 - يىل 4 - ئايدا، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى

ئەبەيدۇللا ئىشتىن چۈشۈپ ناھىيىلىك مېھمانخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر ئۇيغۇر مومايىنىڭ تامغا يۆلىنىپ يىغلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇ دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورايدۇ. ئەسلىدە بۇ موماي چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئاتراك دېگەن جايىدىن كەلگەن دېھقان بولۇپ، ئىسمى ئەۋىخان ئىكەن. ئۇ يىل بېشىدا كېسەل كۆسەتكىلى سىرتقا چىقىپ، پۇلىنى خەجلەپ بولۇپ، بىرسىنىڭ ماشىنىسىدا ئاران چاقىلىقتا كېلىۋالغان، بىر نېمە يېمىگىنىگە بىر كۈندىن ئاشقان ئىكەن. ئەبەيدۇللا مومايىنى دەرھال ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا چەرچەنگە قايتىدىغان ماشىنىنى تېپىپ بېرىدۇ. يولغا چىقىش ئالدىدا، ئەبەيدۇللا مومايغا بىر مۇنچە نان ۋە 20 يۈەن پۇل بېرىدۇ ھەمدە ئۇنى ماشىنىغا چىقىرىپ قويىدۇ. شوپۇرغا يول ئۈستىدە مومايدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشنى قايتا - قايتا تاپىلايدۇ. موماي تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆز يېشى قىلىپ، ئېسەدەپ بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قالىدۇ

ۋاشەرىدىكى «شىنجيەن» 1 - ئەترىتىنىڭ دۇڭشياڭزۇ ئەترەت باشلىقى جۇباۋجۈن ئەترەتتىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئۈچۈن قېتىقىنىپ خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر تەرىپىدىن «ھايات لېي فېڭ» دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇيغۇر بوۋاي مۇسا توختىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس ئىدى. جۇباۋجۈن دائىم بوش ۋاقىتلىرىدا بوۋاينىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئوتۇن يېرىپ، سۇ تۇشۇپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدۇ. مۇسا توختىنىڭ كونىراپ كەتكەن ئۆيى ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغاندا، ئۇ بوۋايغا يېڭى ئۆي سېلىپ بېرىشكە تۇتۇش قىلىدۇ، ياغاچ ماتېرىيال تېپىپ، كېسەك قويۇپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئالدىراپ ئىشلەپ، چىلىق - چىلىق تەرلەپ كېتىدۇ، ئۆيىگە قايتىشقىمۇ چولىسى تەگمەيدۇ، تا يېڭى ئۆي پۈتۈپ، بوۋاي ئۇنىڭغا كۆچۈپ كىرىپ بولغاندىن كېيىن جۇباۋجۈن ئاندىن خاتىرجەم بولىدۇ. ئادەتتە ئەترەتتە كىمنىڭ قىيىنچىلىقى بولسا، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىدۇ. خەنزۇ گۇڭشى ئەزاسى لىيۇ بىچېڭنىڭ ئايالى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، جۇباۋجۈن لىيۇبىچېڭنىڭ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ يۇرتداشلىرىنى ۋە 2 خۇيزۇ گۇڭشى ئەزاسىنى چاقىرىپ كېلىپ، دەپنە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىپ بېرىدۇ. ئەتراپتىكى خەنزۇ گۇڭشى ئەزالىرى: «جۇباۋجۈن ھەممىلا يەردە باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ غەمگۈزارىمىز» دېيىشىدۇ.

1982 - يىل ئەتىيازدا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورنىدىكى كادىر - ساقچىلار، ناھىيىلىك جۇڭدۈيىنىڭ جەڭچىلىرى بولۇپ جەمئىي 90 نەچچە ئادەم ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى خالىسانە رېمونت قىلدى. 600 نەچچە مېتىر ئۆستەڭ چاپتى. 690 كۇب مېتىر توپا قازدى. ناھىيىلىك 1 - مەكتەپتىكى 14 نەپەر ئايال ئوقۇتقۇچى «8 - مارت» ئاياللار بايرىمىدا پۇل چىقىرىشىپ چاي، قەنت، سوپۇن پاراشوكى قاتارلىق كۈندىلىك كېرەكلىك بويۇملارنى ئېلىپ «دولقۇن» ياشانغانلار ساناتورىيىسىگە بېرىپ پاناھسىز قېرى، چۆرىلەرنى يوقلىدى، ئۇلارنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرىنى يۇيۇپ، ئۇتۇنلىرىنى يېرىپ، ھويلا - ئاراملىرىنى تازىلاپ بەردى. ۋاشەرى گۇڭشېسى «شىنجيەن» 4 - ئەترىتىدىكى ماۋ شاۋۋۇ ئەترەتتە مەبلەغ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يېنىدا ساقلاپ كەلگەن 300 يۈەن پۇلىنى كوللېكتىپقا دېھقانچىلىق سايمانلىرى سېتىۋېلىشقا ئىئانە قىلدى. ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئەنۋەر ئوسمان كوچىدا ئىمپورت قىلىنغان كالىندارلىق ئېسىل ئاپتوماتىك قول سائىتىنى تېپىۋېلىپ، دەرھال جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، 1982 - يىلدىن

1983 - يىلىغىچە ناھىيە بويىچە پۇل ۋە نەرسە - كېرەكلەرنى تېپىۋېلىپ تاپشۇرۇپ بەرگەن ياخشى ئادەم (ياخشى ئىش) 133 كە، تېپىۋېلىنغان پۇل ۋە نەرسە -كېرەكلەرنىڭ قىممىتى 17 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

1984 - يىلى ئوتام يېزىسىدىكى پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى، كادىرلار، خەلق ئەسكەرلىرى نامرات ئائىلىلەرنىڭ 250 مو يېرىنى خالىسانە ھەيدەپ، تۈزلەپ بەردى، ئۇلارنىڭ 340 مو يېرىگە ھەر خىل زىرائەتلەرنى تېرىپ بەردى، تىكەنلىك يېزىسىدىكى ئىتتىپاق ئەزاسى ۋە ياشلاردىن 45 كىشى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش داۋامىدا ئۇدا كېچە- كۈندۈز كۈرەش قىلىپ، كەلكۈن سۈيىدە 500 مودىن ئارتۇق يەرنى سۇغاردى، 3000 جىڭ ئوغۇتنى جىددىي توشۇدى ھەمدە 5 دېھقان ئائىلىسىنىڭ كەلكۈن سۈيىنى چىقىرىۋېتىشىگە، توپا ياتقۇزۇشىغا، قورۇق تامنى رېمونت قىلىشىغا ياردەملىشىدۇ. تىكەنلىك يېزىسى «قىزىل يۇلتۇز» چوڭ ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان 22 ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىشنى ھۆددىگە ئالدى، ئۇلار ھەربىر ئائىلىگە ئايدا 40 جىڭ ئاشلىق، بىر جىڭ ماي، بىر جىڭ گۆش ۋە 3 يۈەن پۇل ئاپىرىپ بەردى، ئۇلارنى يىلدا ھەقسىز 2 كىشىلىك يازلىق كىيىم، بىر كىشىلىك پاختىلىق كىيىم ۋە 20 هارۋا ئوتۇن بىلەن تەمىنلىدى. ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈم ئۆرگىنىدىكىلەر دېھقانچىلىق تازا ئالدىراش بولىدىغان ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن «غالىبىيەت» چوڭ ئەترىتىدىكى مېيىپلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەردى. «دولقۇن» چوڭ ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسىدىكى 16 نەپەر پارتىيە ئەزاسى ۋە 3 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى ئەمگەك كۈچى ئاز، قىيىنچىلىقى بار 9 ئائىلىنىڭ يېرىنى ئۇزۇن يىل تېرىپ بەردى. ئوتام يېزىسى تاشپاختا كېنىدىكى جيۇ جىڭچاڭ، ئەبەيدۇللا، گۇەن گورۇڭلار 3000 يۈەن پۇل توپلاپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ياردەم قىلىشىغا ئاپىرىپ بەردى. بىرلەشمە قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ تېخنىكى ياڭ شۈجۈڭ ۋاشەرى يېزىلىق 2- مەكتەپنىڭ مەبلەغ جەھەتتە قىينالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئامانەت قويغان 2000 يۈەن پۇلىنى مەكتەپكە ئىئانە قىلدى. ۋاشەرى يېزىسىدىكى 35 نەپەر پارتىيە ئەزاسى، ئورگان كادىرى ۋە ئامما قىيىنچىلىقى بار 301 ئائىلە بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان مۇناسىۋەت ئورناتتى. 1984 - يىلى جەمئىي 164 مو يەرنى تۈزلەپ، 45 مو يەرگە ئوغۇت توشۇپ، 184 مو يەرنى ھەيدەپ، 109 مو يەرنىڭ ئوتىنى ئوتاپ، 147 مو يەرنىڭ بوغدىيىنى ئورۇپ بەردى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ يېڭى كەيپىيات تۇرغۇزۇش پائالىيىتى يەنىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى، ئورگانلارنىڭ كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمدىكى ئوفىتسېر جەڭچىلەر ۋە كەڭ ئامما پائال ھەرىكەتكە كەلدى، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولدى، ئۇلار باشلامچىلىق بىلەن ياش خەلق ئەسكەرلىرى ئىچىدە «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى»، «ياشلار زەربىدار ئەترىتى» تەشكىللەپ، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەر، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر، ھەربىيلەر ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تەۋەلىكىنىڭ مەسئۇلىيەت ئېتىزلىرىنى تېرىشىپ بېرىپ ۋە ئۇلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە بازارلاردىن يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغىچە «لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، ياخشى ئىش قىلىش» دولقۇنى قوزغىلىپ، ھەممە يەردە «ھايات لېي فېڭ» لار بارلىققا كەلدى. ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى بۇخەلچەم بىر قىسىم ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى باشلاپ،

ئۇدا 2 يىل چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق قىسىمدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرىنى يۇيۇپ، مۇھەببەت تازىلىقىنى قىلىشىپ بەردى. ۋاششەرى يېزىسى «ئالغا» 1 - ئەترىتىدىكى پاناھسىز بوۋاي ئەمەت پالەچ بولۇپ قېلىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا، بۇ ئەترەتتىكى ھاۋاخان بوۋاينىڭ ھالىدىن ئۇزۇن يىل خەۋەر ئالدى. ۋاششەرى 2 - مەكتىپى لېي فېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدىكى خەنزۇ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار پاناھسىز قېرى - چۆرىلەرنىڭ پارچە - پۇرات ئىشلىرى ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەردى. تىكەنلىك يېزىسىدىكى 43 نەپەر پارتىيە ئەزاسى، 74 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى، 84 نەپەر خەلق ئەسكىرى ئۆزلۈكىدىن لېي فېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ھۆددىگە ئالدى، 1985 - يىلى ئەتىيازدىلا خالىسانە ھالدا ئۇلارنىڭ 274 مو يېرىنى ھەيدەپ، 350 مو يېرىنى تۈزلەپ، 156 مو يېرىنى تېرىپ بەردى؛ ئۇلارغا 10 مىڭ جىڭ تۇز توشۇپ، 3 ھارۋا ئوتۇن ئەكىلىپ بەردى. ئۆتام يېزىسى «ئۇچقۇن» چوڭ ئەترىتىدىكى خەنزۇ گۇڭشې ئەزاسى ۋاڭ شيەندې، رەن تىڭلياڭ قاتارلىق كىشىلەر بۇ ئەترەتكە كېلىپ ئورۇنلىشىپلا ئاغرىپ يېتىپ قالغاندى، بۇ ئەترەتتىكى ئۇيغۇر گۇڭشې ئەزالىرىدىن تۇردىخان، نىساخان، شېرىپ مۇسا قاتارلىق كىشىلەر ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن كېسىلى ساقايغىچە كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالدى. بۇ جايدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم ئورگىنى ئىتتىپاق ياچېيكىسى 1982 - يىلدىن باشلاپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن «دولقۇن» چوڭ ئەترىتىدىكى ياشانغانلار ساناتورىيەسىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ، ياشانغانلار ئۈچۈن قەرەللىك سۇ توشۇپ، ئوتۇن يېرىپ، تازىلىق قىلىپ بەردى، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاتتى ۋە ئۇلارغا پۇل نەرسە - كېرەك ئىئانە قىلدى. جەڭچى ۋەن جۈن چاقىلىقتا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن 2 يىل داۋامىدا، ھەر كۈنى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپلا ئەڭ ئاۋۋال ياشانغانلار ساناتورىيەسىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ، ياشانغانلارنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنى قىلىپ بەردى. ئۇ يەنە ئىقتىساد قىلغان پۇلىغا كۈندىلىك كېرەكلىك بۇيۇملارنى سېتىۋېلىپ، قېرى - چۆرىلەرگە تارقىتىپ بەردى. ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئابلىمىت ئوسمان 1000 يۈەن پۇل تېپىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردى. ناھىيىلىك 1 - مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئەيسا دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ چېچىنى خالىسانە ئېلىپ قويىدى، ئۇ چېچىنى ئالغانلار ھەر يىلى 100 نەچچە ئادەم - قېتىمغا يەتتى.

1985 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى خۇاڭ جاۋشېڭ يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، يېڭى تۇغۇلغان بىر ئۇيغۇر قىز بوۋاقنى يولۇقتۇرىدۇ، ئۇ دەرھال بوۋاقنى قۇچىقىغا ئېلىپ تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ ئىگىسىنى سۈرۈشتۈرىدۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇنى ئالغىلى كەلمەيدۇ. خۇاڭ جاۋشېڭ قورسىقى بىر ئاز كۆپۈپ قالغان بۇ تاشلاندى بوۋاقنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، ئايالى بىلەن بىللە ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى يۇيۇپ، ئۇنى ياخشى باقىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئاتا-ئانىلىرى ۋە بالا - چاقىلىرى بولۇپ 7 جان ئادەم بار ئىدى، ئۇلار ئۇنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 140 نەچچە يۈەنگە تايىنىپ جان باقاتتى. تۇرمۇشى قىيىن ئىدى. بۇنىڭدىن 15 يىل بۇرۇن، ئۇ تاشپاختا كېنىدا ئىشلەۋاتقان چېغىدا تاشلىۋېتىلگەن بىر خەنزۇ قىز بوۋاقنى بېقىۋالغانىدى. ئەمدى بۇ ئۇيغۇر قىز بوۋاقنى بېقىۋالسا، ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئېغىر كېلەتتى! بەزىلەر، سەن ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىغا دېگىن، دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ، ئۇ: «دۆلەتكە ئاۋارىچىلىق

تېپىپ بېرىشكە بولمايدۇ، بۇ مەجبۇرىيەتنى يەنىلا ئۆزەم ئۈستۈمگە ئالاي» دەيدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ، ئالتۇنتاغ كان رايونىغا بېرىپ رېمونتخانا ئاچىدۇ، رېمونتخانا تەرەققىي قىلىپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ شۆبىسىگە ئايلىنىدۇ، خۇاڭ جاۋشېڭ زاۋۇت باشلىقى بولىدۇ. ئۇ بېقىۋالغان ئۇيغۇر قىزىغا خۇاڭ لەنلەن دەپ ئات قويىدۇ، ئۇ قىز ناھايىتى ئەقىللىق، شوخ، ئوماق ئۆسىدۇ. خۇاڭ جاۋشېڭ ئەر - خوتۇن ئىككەيلەن ۋە پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بۇ قىزغا بەكمۇ كۆيۈنىدۇ.

## IV باب

# مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇش

1981 - يىل 2 - ئايدا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى قاتارلىق 9 ئورۇن بىرلىشىپ تەشەببۇسنامە ئېلان قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا مەدەنىي بولۇش، ئەدەپلىك بولۇش، پاكىز بولۇش، تەرتىپلىك بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش ۋە قەلبى گۈزەل، سۆزى گۈزەل، ھەرىكىتى گۈزەل، مۇھىتى گۈزەل بولۇش مەزمۇن قىلىنغان «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» بولۇش مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئېلىمىز شەھەر - يېزىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتى ۋە ئەخلاق قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ھەر يىلى 3 - ئاينى مەملىكەتلىك مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى قىلىشنى بەلگىلىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇردى.

1982 - يىل 3 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىدە 1 - قېتىملىق «ئومۇمىي خەلق مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ناھىيە بويىچە «ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتى» بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندىن كېيىن پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچار بولۇشنى تۈزەش مەركەز قىلىنغان مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى، ئورگانلارنىڭ كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى كوماندىر - جەڭچىلەر بولۇپ 10 مىڭغا يېقىن ئادەم چوڭ - كىچىك كوچىلارغا بېرىپ تازىلىق قىلدى، ئەخلەتلەرنى ئالدى، يوللارنى، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلدى، ئازگاللارنى تىندۇردى، گۈل تېرىدى، كۆچەت تىكتى. جەمئىي ئۇزۇنلۇقى 2800 مېتىر كېلىدىغان 2 كوچىنى رېمونت قىلدى. ئۇزۇنلۇقى 4000 مېتىر كېلىدىغان كوچا ئېرىقلىرىنى تازىلىدى، 700 نەچچە توننا ئەخلەتنى توشۇدى، 23 مىڭ 827 تۈپ كۆچەت تىكتى، 23 گۈللۈك ياسىدى، 3100 تەشتەك گۈل يېتىشتۈردى. ناھىيە بازىرىدا يەنە 7 مۇلازىمەت

گۇرۇپپىسى پائالىيەت ئېلىپ باردى، ئۇلار ھەق ئالماي، كىشىلەرنىڭ چېچىنى ئېلىپ قويدى، كىيىملىنى داۋالىدى، كىيىملىك رەختلىرىنى پىچىپ بەردى، ئېلېكتىر سايمانلىرى، ۋېلسىپىت ۋە سائەتلەرنى رېمونت قىلىپ بەردى، جامائەت ھاجەتخانىلىرىنى تازىلىدى.

1983 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، «خەلق گېزىتى» ئوبزورچى ماقالىسى ئېلان قىلىپ، «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» پائالىيىتىنى «ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى، كوممۇنىستىك پارتىيىنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى مەدەنىي بولۇش، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 2 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، مائارىپ مىنىستىرلىكى قاتارلىق 24 ئورۇن بىرلىشىپ ھۆججەت تارقىتىپ، «ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» مەزمۇنىنى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم پائالىيەتلەر قاتارىغا كىرگۈزدى. 3 ـ ئايدا، چاقىلىق ناھىيىسىدە 2 ـ قېتىملىق «ئومۇمىي خەلق مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يۈەن بىنيەن باشچىلىقىدا 9 كىشىلىك «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بازار- يېزىلاردىكى ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى ھەمدە ناھىيىنىڭ «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى 2 ـ قېتىملىق «مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتى» بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىرىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتى» 1 ـ، 2 ـ باسقۇچلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىش يىغىنى چاقىرىلىپ، تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى ھەمدە بىر قەدەر ناچار بولغان ئايرىم ئورۇنلار تەنقىد قىلىندى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە ناھىيە بويىچە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ـ قېتىم قاتناشتى، 98 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر يەر تازىلاندى، ئۇزۇنلۇقى 22 مىڭ مېتىر كېلىدىغان 14 ئېرىق ـ ئۆستەڭ راۋانلاشتۇرۇلدى، 37 مىڭ 642 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 34 گۈللۈك ياسالدى، 4150 نەچچە تەشتەك گۈل يېتىشتۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە 12 قارار ھەر خىل مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا 740 نەچچە ئادەم ـ قېتىم قاتناشتى. ئۆگىنىش ئارقىلىق تايانچىلار يېتىشتۈرۈلۈپ، مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يېزىلاردا كەنت قائىدىسى ـ ئاھالە ئەھدىنامىسى ئومۇمىيۈزلۈك تۈزۈلۈپ، «مەدەنىي كەنت» يارىتىش بويىچە مۇسابىقىلىشىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلىپ، 19 ئىلغار كوللېكتىپ، 84 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

1984 ـ يىلى 3 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىدە 3 ـ قېتىملىق مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، بۇ پائالىيەت 3 باسقۇچقا بولۇپ ئېلىپ بېرىلدى: بىرىنچى 10 كۈن تەشۋىق قىلىش، قوزغىتىش باسقۇچى بولدى، ئىككىنچى 10 كۈن پاسكىنىچىلىقنى تۈزەش باسقۇچى بولدى، ئۈچىنچى 10كۈن كۆكەرتىش باسقۇچى بولدى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 10 مىڭ 711 ئادەم ـ قېتىم ئىشقا سېلىنىپ، پاسكىنىچىلىقنى تۈزەش بويىچە 3 قېتىم زەربىدارلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ، 1000 تونندىن ئارتۇق ئەخلەت تازىلاندى، ئاسانلىقچە كۆزگە چېلىقمايدىغان پاسكىنا يەردىن 10 نەچچىسى تازىلاندى، ئۇزۇنلۇقى 4200 مېتىر كېلىدىغان 3 يول رېمونت قىلىندى، 42 مىڭ 953 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. ھەر قايسى ئورۇنلار ھويلىلىرىدا

39 گۈللۈك ياسىدى. ناھىيە بويىچە 5050 تەشتەك گۈل يېتىشتۈرۈلدى. مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى داۋامىدا، يەنە قانۇن - تۈزۈم جەھەتتە 18 قېتىم تەشۋىق- تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭدىن 11 مىڭ 217 ئادەم - قېتىم تەربىيە ئالدى. ناھىيىلىك پارتكوم سودا مىنىستىرلىكى، قاتناش مىنىستىرلىكى ۋە سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئۆز سىستېمىسىنىڭ مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىشقا قويغان كونكرېت تەلەپلىرىنى تارقاتتى ھەمدە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، مەدەنىي ئورۇن يارىتىشنىڭ كونكرېت، تەپسىلىي قائىدىسىنى ۋە پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، تۆۋەنگە تارقاتتى، يىل ئاخىرىدا دەرىجە بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، يۇقىرىغا يوللاش ئارقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، 1 - مەكتەپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، خەلق قوراللىق بۆلۈمى، ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى جوڭدۈيى، چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق قىسىملار قوماندانلىق شتابى، تىم كەنتى، تۆۋەن غولئېرىق كەنتى، غولئېرىق كەنتى، يېڭىئۆستەڭ كەنتى، ئۆتام كەنتى، خومدانچوڭقۇر كەنتى، لەڭگەر كەنتى، ۋاششەرى يېزىسى قاتارلىق 16 ئورۇن (كەنت)نى مەدەنىي ئورۇن (كەنت) دەپ تەستىقلىدى، بۇنىڭدىن باشقا، ناھىيە بويىچە مەدەنىي بولۇش جەھەتتە 119 ئىلغار كوللېكتىپ، 212 ئىلغار شەخس، 138 بەشتە ياخشى ئائىلە باھالاپ چىقىلدى.

1985 - يىلى، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھى بويىچە «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش»تىن ئىبارەت مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتىنى جانلىق، كۆپ شەكىللىك، ئەمەلىي بولۇش پرىنسىپى بويىچە ھەر يەرنىڭ ئەمەلىي شارائىتىغا قاراپ كۆڭۈل قويۇپ ئويۇشتۇرۇش، بوشاشتۇرماي دائىم تۇتۇش تەلەپ قىلىندى. بۇنى كۆزدە تۇتۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ «چىڭ ۋە ئەمەلىي تۇتۇپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك پىلانلاپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش» دېگەن ئومۇمىي تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى ناھىيىلىك «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتى كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتتى، كېيىن يەنە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتتى ھەمدە بىر قىسىم كومىتېت ئەزالىرىنى قايتىدىن تەڭشەپ تولۇقلىدى. كومىتېت ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مەھەممەت ئىسلام ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئابدۇل تۆمۈر قاتارلىق 13 كىشىدىن تەركىب تاپتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر قايسى يېزىلىق، بازارلىق، رايونلۇق، ناھىيىلىك ئورگانلارغا قاراشلىق ئورۇنلاردا مۇناسىپ ھالدا مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ، 8 قېتىم نۇقتىلىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىلدى، بۇ پائالىيەتلەر بىرى بىرىدىن ياخشى ئېلىپ بېرىلدى. ھەر قېتىمقى پائالىيەت ئاياغلاشقاندا، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، كۆچمە قىزىل بايراق تارقىتىلدى، ئىلغارلار تەقدىرلەندى، ئارقىدا قالغانلار تەنقىدلەندى. «قاتتىق تۇتۇش، ئەمەلىي تۇتۇش، كونكرېت تۇتۇش» پرىنسىپى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئىجرا قىلىندى. ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە پونكىتى، سودا- سانائەت بانكىسى، كىنو قويۇش ئەترىتى، مەكتەپ، سودا ئورۇنلىرى قاتارلىق ئورۇنلار ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەتنى چىڭ تۇتتى. ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى ۋە ناھىيىلىك سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ تىجارەت بۆلۈملىرى پاكىز، رەتلىك كۆركەم بېزەلدى ھەمدە ئۇ يەرلەردە ئورۇندۇق، قايناق سۇ تەييارلاپ قويۇلدى. ناھىيىلىك نېفىت شىركىتىنىڭ

17 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى خالىسانە 400 مېتىر ئۆستەڭ چاپتى، 4 مو كۆچەتزارلىق يېتىشتۈردى، 5000 تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكتى. ناھىيىلىك دوختۇرخانا، ناھىيىلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى 4 نەپەر تېببىي خادىم چىقىرىپ، پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە يالغۇز پەرزەنتلەرنىڭ سالامەتلىكىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇردى، ئۇلارنى ئالدىغا بېرىپ داۋالىدى ۋە ئۇلارغا دورا ئاپىرىپ بەردى. ناھىيىلىك دوختۇرخانا 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈستىخىنى سۇنۇپ كەتكەن 3 ياشلىق بىر بالىنى قوبۇل قىلدى، دېھقانچىلىقنىڭ تازا ئالدىراش پەسلى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دادىسى ئۇنى دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ بولۇپلا قايتىپ كەتتى، بۇ بالا كېسەلخانىدا يېتىۋاتقان مەزگىلدە، دوختۇر ۋە سېستىرالار ئۇنىڭغا نۆۋەتلىشىپ سۇ، تاماق ئەكىلىپ بەردى، ئۇنىڭ تەرىتىنى تۆكتى. ھەر كۈنى كەچتە بۇ بالا يىغلاپ خاپا قىلغاندا، دىژورنىلىق قىلغان كۈتكۈچى خادىملار ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن پېچىنە، پېرەنىك، كەنپىت ئەكىلىپ بېرىلىپ، خۇددى مېھرىبان ئانا ئۆز قىزىغا مۇئامىلە قىلغاندەك ئۇنى پەپىلەپ ئۇخلاتتى.

مۇشۇ يىلى چاقىلىق ناھىيىسى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياش - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇشتا قوللىنىلىدىغان 5 جۈملە سۆز (ياخشىمۇسىز، كەچۈرۈڭ، مەرھەممەت، خوش، رەھمەت) نى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، مەدەنىي، ئەدەپلىك سۆزلەرنى قوللىنىش جەھەتتە كەڭ مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلىپ، 15 نەپەر مەدەنىي، ئەدەپلىك سۆزلەرنى قوللىنىش ئۈلگىسىنى باھالاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 25 نەپەر كادىر ئاجرىتىپ، 5 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 5 نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك كادىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 3 يېزا، بىر بازارنى ۋە ناھىيە تەرىپىدىن مەدەنىي ئورۇن (كەنت) قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پىلانلانغان 53 ئورۇن (كەنت) نى تۈرلەر بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋاششەرى يېزىسىنىڭ ئاقتاش كەنتى، ئۇدۇل ئۆستەڭ كەنتى، يېزا ئورگىنى، 3 - مەكتەپ، تەمىنات - سودا كوپىراتىپى، ئۇتام يېزىسىنىڭ يولغۇنئېرىق كەنتى، غول ئۆستەڭ كەنتى، توغراقلىق مەكتىپى، تېكەنلىك مەكتىپى، يېزىلىق دوختۇرخانا، چاقىلىق بازىرىنىڭ تېكەنلىك كەنتى، «غالىبىيەت» ئاھالە كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى، ناھىيىلىك سودا - سانائەت بانكىسى، ناھىيىلىك سانائەت بۇيۇملىرىنى توپ سېتىش شىركىتىنىڭ قەنت - تاماكا - ھاراق ماگىزىنى، ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ، سىم يولى ئىشلىرى پونكىتى، مەدەنىيەت يۇرتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى قاتارلىق 25 ئورۇن (كەنت) تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولدى، ئۇلارغا ناھىيىلىك 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا «مەدەنىي ئورۇن» (كەنت) دەپ رەسمىي نام بېرىلدى ھەمدە تەقدىرنامە بىلەن تەقدىرلەندى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ناھىيە بويىچە يەنە 24 قارار قانۇن - تۈزۈم ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى، ئۇنىڭغا 1153 ئادەم - قېتىم قاتناشتى، دېلو سادىر بولۇش نىسبىتى ئۆتكەنكى يىللاردىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئازايدى.

# يىگىرمىنچى قىسىم

# شەخسلەر

# يىگىرمىنچى قىسىم

# شەخسلەر

## I باب

## شەخسلەر تەرجىمىھالى

### ئاڭقۇي

ئاڭقۇي (؟ - مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 77 - يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى كىروران ئېلىنىڭ پادىشاھى، ئۇ بۇرۇن ھونلارغا خاس مۇلازىم بولغان. كېيىنكى مەزگىلدە، ھونلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، ھونلارغا ساداقەت بىلدۈرۈپ، خەن سۇلالىسىدىن يىراقلاشقان، ھەمىشە دېگۈدەك «يىپەك يولى» بويلىرىغا لەشكەر مۇكتۇرۇپ يول توسۇپ، خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرگەن. خەن جاۋدى زامانىسىنىڭ يۈەنفېڭ 4 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 77 - يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى فۇجيېزىنى كىرورانغا ئەۋەتكەن، ئۇ خەن سۇلالىسى پادىشاھى ئىنئام قىلغان ئالتۇن - تىللا، تاۋار - دۇردۇنلارنى ئالغاچ كەلدىم دېگەن نام بىلەن ھىيلە ئىشلىتىپ، ئاڭقۇينى ئۆلتۈرگەن.

### ۋېتوگىت

ۋېتوگىت (تۇغۇلغان - ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس) — كىروران ئېلىنىڭ پادىشاھى ئاڭقۇينىڭ ئىنىسى، خەن سۇلالىسىغا خاس مۇلازىم بولغان. خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنفېڭ 4 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 77 - يىلى) ئاڭقۇي فۇجيېزى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنى پادىشاھلىق تەختىگە چىقىرىپ، كىروران بەگلىكىنىڭ نامىنى پىشامشانغا ئۆزگەرتكەن. ۋېتوگىت پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغاندا، غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا ئوردا كىنىزىكى ۋە نۇرغۇن مال - دۇنيا ئىلتىپات قىلغان ھەم ئۇنىڭ تەلىپىنى بىجا كەلتۈرۈپ، ئىرىقچىلىق قىلغاچ ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولۇش ئۈچۈن

مىرەن شەھىرى (ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مىرەن دېگەن يېرى) گە 40 نەپەر ئەمەلدار ۋە لەشكەر ئەۋەتكەن. ۋېتوگىت پادىشاھلىق پايتەختىنى كىرورانىدىن مىرەننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مىرەن قەلئەسى (ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسى بازىرى يېنىدا) گە كۆچۈرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پىشامشان بەگلىكى كىروران بەگلىكىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىي سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغان.

## تېرمىستان

تېرمىستان (تۈگۈلگەن - ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس) شەرقىي جىن، 16 پادىشاھلىق دەۋرىدە، قەدىمكى پىشامشان بەگلىكىنىڭ پادىشاھى بولغان. ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ خانى شاۋۋۇدى زامانىسىنىڭ تەييۈەن 6 - يىلى (مىلادىيە 381 - يىلى) 9 - ئايدا ئالدى قاڭقىل خانى مىتەن بىلەن بىللە ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىغا قارىغان ھەمدە ئالدىنقى چىن پادىشاھى فۇجيەندىن «خەن سۇلالىسىنىڭكىدەك قورۇقچىبەگ تەسىس قىلىش»نى تەلەپ قىلغان. ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىنىڭ جيەنيۈەن 18 - يىلى (مىلادىيە 382 - يىلى) ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىنىڭ لەشكەرلىرى غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلغاندا، تېرمىستانغا تەمتەكلىك چەۋەندازلار مەھرەم بېگى، غەربىي يۇرتنىڭ ھەربىي ئىشلار قوماندانى، غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن دېگەن ئۇنۋانلار بېرىلگەن، ئۇ ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

## چىنداخان

چىنداخان (تۇغۇلغان - ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس) قەدىمكى پىشامشان بەگلىكىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ تەيۋۇدى زامانىسىنىڭ تەييەن يىللىرىدا ئوردىغا سوغا تەقدىم قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. تەيۋۇدى زامانىسىنىڭ تەييەن 5 - يىلى (مىلادى 439 - يىلى) شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شىمالىي لياڭ پادىشاھلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندا، «پىشامشان بەگلىكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىزگە تەھدىت بولىدۇ دەپ قاراپ»، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن ھەم «يىپەك يولى» قاتنىشىنى توسقان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ جېنجۈن 9 - يىلى (مىلادىيە 448 - يىلى) شىمالىي ۋېي سۇلالىسى چەۋەندازلار مەھرەم بېگى، چېڭجۇ بېگى ۋەندۇگۇينى غەربكە لەشكەر تارتىپ پىشامشانغا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن، چىنداخان تەسلىم بولغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ۋېيتنام بېگى خەن بانى تەمتەكلىك غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن قىلىپ بەلگىلەپ ۋە غەربىي رۇڭلار چېرىكچى بېگى، پىشامشان پادىشاھى قىلىپ تەيىنلەپ، پىشامشان ئېلىدە تۇرغۇزغان، ئۇ «يۇقىرىلارغا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكىدەك ئالۋان - ياساق سالغان»، شۇنىڭ بىلەن پىشامشان ئېلى مۇنقەرز بولغان.

# ئۆمەرجان ئىسمائىل

ئۆمەرجان ئىسمائىل (1922 — 1951 ـ يىللار) ئۇيغۇر، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 4 ـ يېزىسىدىن، ئائىلە ئەھۋالى ھاللىق بولۇپ، 101 مو يېرى، 5 كالىسى، 3 ئېتى، 100 نەچچە تۇياق قويى بار ئىدى.
ئۇ مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) قاراشەھەر ئاددىي دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم بولغان. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى، مىنگونىڭ 32 ـ يىلى ( 1943 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى خوجىلىق ئىشلىرى بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، بۆلۈم ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مۇپەتتىشى بولغان. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) ناھىيىلىك مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغان. شۇ يىل 11 ـ ئايدا ئۆلكىلىك كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا گومىنداڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نەنجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇش مىللىي قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان، نەنجىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە ئالتاي نەشرىياتى «ئەرك گېزىتى»نىڭ ئىختىيارىي مۇخبىرى بولغان. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيىلىك دېموكراتىك سىياسەتكە نازارەتچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، چاقىلىق ناھىيىسى بويىچە بىر مەھەل داڭقى چىققان ئەرباب بولۇپ قالغان.
ئۆمەرجان ئىسمائىل شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا، زۇلمەتتىن قول ئۈزۈپ، كونا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى باشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ھۆكۈمىتى تەرەپكە ئۆتۈپ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇ 1950 ـ يىلى كۈزدە، قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسىدە ئېچىلغان يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسىدا ئۆگىنىۋاتقان چېغىدا، «پانتۈركىزم» ئەكسىلئىنقىلابىي دېلوسىغا چېتىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىپ قامالغان. 1951 ـ يىلى قاراشەھەر تۈرمىسىدە كېسەل بولۇپ ئۆلگەن.
1952 ـ يىل 12 ـ ئايدا، يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشى بىلەن «پانتۈركىزم» ئەكسىلئىنقىلابىي دېلوسى پۈتۈنلەي ناھەق دېلو دەپ بېكىتىلىپ ئۆمەرجان ئىسمائىل ئاقلانغان.

# مۆمەينۇس ئىسھاق ھاجى

مۆمەينۇس ئىسھاق ھاجى (1892.11.2 — 1961.10.7 ـ يىللار) ئۆزبېك، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەنجان شەھىرىدە تۇغۇلغان.
چار پادىشاھنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ئۇنىڭ ئاتىسى تىرىكچىلىك يولىنى ئىزلەپ، ئۆزى يالغۇز جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىگە كەلگەن. ئاۋۋال قەشقەر، خوتەن قاتارلىق

جايلاردا موزدوزلۇق قىلىپ جان باققان، كېيىن چەرچەن ناھىيىسىگە كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلىپ، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئېلىــــپ ساتقان. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي چەرچەن ناھىيىسىدە ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغان، ئاندىن كېيىن چاقىلىق ناھىيىسىگە كېلىپ ماكانلىشىپ، سودىگەرچىلىك قىلغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 20 ـ يىلى (1894 ـ يىلى) ئۇنىڭ ئاتىسى ئىسھاق ئاخۇن مۆمىنۇسنى ئېلىپ يۇرتى ئەنجانغا بېرىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئىسلام دىنى بويىچە مۇقەددەس جاي ـ مەككىگە بېرىپ ھەج ـ تاۋاب قىلغان. مۆمىنۇس چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 22 ـ يىلىدىن 29 ـ يىلىغىچە (1896 ـ يىلىدىن 1903 ـ يىلىغىچە) ئاتىسى بىلەن بىللە مىسىر، تۈركىيە، ئىراق، ئىران قاتارلىق ئەللەردە سودىگەرچىلىك قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 30 ـ يىلى ( 1904 ـ يىلى) ئەنجان شەھىرىگە قايتىپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 32 ـ يىلى (1906 ـ يىلى) شىنجاڭنىڭ چەرچەن ناھىيىسىگە كۆچۈپ كەلگەن. مىنگونىڭ 3ـ يىلى (1914 ـ يىلى) جاھان كېزىپ يەنە چاقىلىق ناھىيىسىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

مۆمىنۇس ئىسھاق ھاجى ئاتىسى بىلەن بىللە يۈرۈپ 9 يىل سودىگەرچىلىك قىلغاندىن كېيىن، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، چاقىلىق بىلەن گەنسۇ دۇنخۇاڭ ئارىلىقىدا خېلى يىللارغىچە ئاساسەن، ئاشلىق، گەزلىمە، چاي، قەنت ـ گېزەك، يۇڭ ـ تېرە، كۆن ـ خۇرۇم، قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن سودا نۇقتىلىرىنى لەنجۇ، چېڭدۇ، شىزاڭ قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيتكەن.

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) شىنجاڭنىڭ دۇبەنى شېڭ شىسەي چەرچەندىكى يەرلىك خاقانى مابۇفاڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ئالاقە قىلدى دېگەن بەتنام بىلەن مۆمىنۇس ئىسھاق ھاجى ۋە ئۇنىڭ قېيىن ئاتىسى ئىمىن ھاجى، قېيىن ئىنىلىرى سۇلايمان، زەيدۇن قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ، ئۈرۈمچى ئولانباي تۈرمىسىگە قامىغان، شۇ مەزگىلدە، ئۇنىڭ قېيىن ئاتىسى، 2 قېيىن ئىنىسى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) ھەر مىللەت خەلقى ۋە ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن قوللىشى ئارقىسىدا، مۆمىنۇس ئىسھاق ھاجى تۈرمىدىن چىقىپ چاقىلىققا قايتىپ كەلگەن، ئائىلە ئىگىلىكى ۋەيران بولغانلىقى ئۈچۈن، كەسپىنى ئۆزگەرتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇ شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، دېموكراتىك ئىسلاھات ھەرىكىتىگە پائال قاتناشقان. 1951 ـ 1952 ـ يىللىرى شىنجاڭ، چىڭخەي، گەنسۇ، شىزاڭ ئۆلكىلىرىنىڭ چېگرىلىرىغا ئورۇنلىشىۋالغان قوراللىق توپىلاڭچى باندىتلارنى تازىلاش ۋاقتىــــدا، ئۇ يول باشلىغۇچى بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باندىت تازىلاش قىسىملىرى بىلەن بىللە ئېگىز تاغ رايونىغا 3 قېتىم كىرىپ چىققان.

1956 ـ يىلى دۆلەت شىنجاڭ بىلەن چىڭخەينىڭ چېگرىلىنىدىغان جايلىرىدىكى يەر ئاستى قېزىلما بايلىقلىرىنى ئېچىشقا كىرىشكەندە، ئىسھاق ھاجىنى دۆلەتلىك «643» گېئولوگىيىلىك چارلاپ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ يولباشلىغۇچىلىقىغا يەنە تەكلىپ قىلدى، ئۇ گېئولوگىيىلىك چارلاش ئەترىتىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە قارلىق تاغلارغا چىقىپ، قۇملۇق ـ چۆللەرنى كېزىپ، ئوتلاقلاردىن ئۆتۈپ، مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، نۇرغۇن قىممەتچىلىقلارنى يېڭىپ، كۆپلىگەن «قاراماي بۇلاقلىرى»، «يۇمران تاش» (تاشپاختا) لارنى يەنە ئالتۇن، مىس، كۆمۈر،

چىرىمتال، خىرۇستال قاتارلىق قېزىلما بايلىقلارنى تېپىشىپ بېرىپ، ئۇنى ئېچىشتا مۇھىم تۆھپە قوشتى. شۇڭلاشقا، ئۇ دۆلەت گېئولوگىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ھەمدە ماڭلاي شەھەرلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ پەخرىي رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

1956 - يىلى، مۇئاۋىن زۇڭلى چېن يى سەيدام نېفىتلىكىنى كۆزدىن كەچۈرگىنىدە، مۇمەينۇس ئىسھاق ھاجىنى سەممىي قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ كان قۇرۇلۇشىغا قوشقان تۆھپىسىنى يۈكسەك دەرىجىدە ماختىدى ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇش، يېمەك - ئىچمەك ئەھۋالىنى ئىنتايىن كۆڭۈل قويۇپ سورۇشتۇردى، مۇئاۋىن زۇڭلى چېن يى ئۇنىڭ تالا - تۈزگە چىققىنىدا، ھەمىشە ئېشەك مىنىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا بىر دانە مەخسۇس پىكاپ ئاجرىتىپ بېرىشنى قارار قىلغاندا، مۇمەينۇس ئىسھاق ھاجى: پىكاپتا ئولتۇرۇش مېنىڭ ئېشەك مىنىپ يۈرگىنىمدەك ئەپلىك بولماسمىكىن، دەپ ئۆزرە ئېيتىپ پىكاپنى ئالغىلى ئۇنىمىدى.

1961 - يىلى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، مۇمەينۇس ئىسھاق ھاجى مېڭىسىگە قان چۈشۈش كېسىلى بىلەن ئۇشتۇمتۇت ھالدا 69 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەرھۇمنىڭ ھايات چېغىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، يۇشاشەن تېغى ئېتىكىگە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ شانلىق تۆھپىسىنى چوڭقۇر ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ماڭلاي شەھەرلىك خىزمەت كومىتېتى مەرھۇمغا ئاتاپ خاتىرە مۇنارى ياسىدى.

## قۇتلۇقمەت موللا

قۇتلۇقمەت موللا (1892 — 1961 - يىللار) ئۇيغۇر، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تىكەنلىك يېزىسىدىن، ئائىلە ئەھۋالى نامرات. ئۇ بىر ياشقا توشماي تۇرۇپلا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان، ئانىسى قۇتلۇقمەت موللىنى تاغىسى شاكىر ئاخۇنغا بېقىلىۋېلىشقا بېرىپ، ئۆزى جان بېقىش كويىدا باشقا كىشىگە ياتلىق بولغان. ئۇ 8 ياشقا كىرگەندە، تاغىسى ئۇنى چاقىلىقتىكى مەدرىستە 5 يىل ئوقۇتقان، ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تاغىسى ئۇنى يەنە خوتەنگە ئەۋەتىپ، چوڭ مەدرىستە 5 يىل ئوقۇتقان. ئۇ تاغىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە دىنى تەلىمات جەھەتتە ئەلا نەتىجە قازانغان، ياخشى خەتتات بولۇپ چىققان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) 19 ياشقا كىرگەن قۇتلۇقمەت موللا يۇرتى چاقىلىق ناھىيىسىگە قايتىپ كېلىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، 20 يېشىدا ئۆي - ئوچاقلىق بولغان.

قۇتلۇقمەت موللا بىلىمىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئىختىدارى جەھەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇراتتى، ئىسلام دىنىغا ئائىت كىتابلارنى مۇكەممەل بىلەتتى، ئادىل، ئاق كۆڭۈل ئىدى. ئۇ يۇرتداشلىرىنىڭ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراق ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى ياكى باشچىلىق قىلاتتى. شىنگو زامانىسىدىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتمۇ ئۇنى ئىنتايىن ئەتىۋارلاپ، كاتىپلىقتا ھەم يۇرت ئىچىدىكى ئەرز - دەۋا، ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە تەكلىپ قىلغانىدى. ئۇ خىزمەت داۋامىدا، نۇرغۇن بىچارە پۇقرالارنىڭ مەنسەپدارلار، پومىشچىك - زومىگەرلەرنىڭ زۇلۇم، زىيان - زەخمەتلىرىگە ئۇچرىغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە قاتتىق غەزەپلىنەتتى، بىچارىلەرگە خەيرىخاھلىق قىلاتتى. ھەمىشە كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، نامراتلار ئۈچۈن گەپ قىلاتتى، ھۆكۈمەتتىكى ئاقسۆڭەك، بەگ - خوجىلار بىلەن ئېلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئېغىز - بۇرۇن يالاشقان رەزىل قىلمىشلىرىنى پاش قىلاتتى.

ئۇ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ئاقسۆڭەك بەگ - خوجىلارنىڭ چىشىغا تەككەچكە، ئۇلار ئۇنى غەلىيانچى ھېسابلاپ، قامچىلاتقان ۋە تۈرمىگە تاشلىغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ كونا ھۆكۈمەتتە ئىشلىگىلى ئۇنىماي، ئۆيىگە قايتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى ھەم كىتاب يازدى، ئۇنىڭ يازغان ئىشلەپچىقىرىشقا ئائىت كىتابلىرى تا ھازىرغىچە كىشىلەر ئارىسىدا، قەدىرلىنىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

قۇتلۇقمەت موللا 1961 - يىلى 89 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## جالالىدىن ئىمىن

جالالىدىن ئىمىن (1850 — 1964.4 - يىللار) ئۇيغۇر، قەشقەرلىك. ئۇ بالا چېغىدا بېقىۋالغان ئانىسى بىلەن خوتەننىڭ گۈلباغ كەنتىگە كۆچۈپ بېرىپ، مەدرىستە ئوقۇغان، 20 ياش چېغىدا، دوپپىچىلىق قىلىپ جان باققان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 6 - يىلى (1880 - يىلى) ئانىسى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا، جالالىدىن ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن خوتەنگە ئېلىپ بارغان. داۋالىنىشنىڭ تەسلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، دوختۇر ۋە دورىنىڭ كەملىكىنىڭ دەردىنى تويغىچە تارتقان. جالالىدىن تېۋىپلىقنى ئۆگىنىش نىيىتىگە كەلگەن، ئاتا - ئانىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، پېشقەدەم ئۇيغۇر تېۋىپلىرىدىن قېتىرقىنىپ ماھارەت ئۆگەنگەن ۋە ھەمىشە ئەل ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ يەرلىك رېتسېپلارنى توپلاپ، دورىگەرلىك ئىلمىنى بېرىلىپ مۇھاكىمە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەرەبچىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تىبابەتچىلىككە دائىر ئەسەرلەرنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەن. 3 يىل تىرىشىپ، تېۋىپلىق ماھارىتى ۋە دورىگەرلىكنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە بىر قەدەر مۇكەممەل ماھارەتكە ئىگە بولغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ تېۋىپلىق ھاياتىنى باشلىغان. تېۋىپلىق قىلىش جەريانىدا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مول دورا ماتېرىياللىرىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقماي، خوتەندىن يولغا چىقىپ، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچار ۋە كورلا قاتارلىق جايلارغىچە بېرىپ، يول بويى كېسەل داۋالىغاچ دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يىغقان. مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ چاقىلىققا كېلىپ ماكانلىشىپ، تېۋىپلىق قىلغان.

ئۇ ئۇزاق مۇددەت تېۋىپلىق قىلىش ئەمەلىيىتىدە، تەبىئىي شارائىت ۋە ھاۋا كىلىماتىنىڭ كېسەللىككە تەسىر كۆرسىتىشىدىكى بەزى قانۇنىيەتلەرنى يەكۈنلەپ چىققى، ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئىلمىي تەجرىبىلىرى ۋە توپلىغان دورا ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، تىبابەتچىلىك توغرىسىدا بىر كىتاب يېزىپ، تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەلىيىتىدە كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇشنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى بايان قىلدى. ئۆز يېرىدىن چىقىدىغان 5 - 6 يۈز خىل دورا ماتېرىياللىرىنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ قالدۇردى.

جالالىدىننىڭ تېۋىپلىق بىلىمى چوڭقۇر، تېخنىكىسى يۇقىرى، بولۇپمۇ ئۆپكە تۇبېركۇليوزى، يۈرەك كېسىلى، باش تەمرەتكىسى ۋە تاناسىل كېسەللىكى قاتارلىق ئاسان ساقايمايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ماھارىتى ئۈستۈن ئىدى. ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، كورلا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، 6 ئاي بالنىستا يېتىپ داۋالىنىپمۇ ساقىيالمىغان ئۇتام يېزىسىدىكى بىر بىمارنى بىر ئاي داۋالاپلا ساقايتقان. يەنە بىر قېتىم، ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان لوپنۇرلۇق بىر كىشى ئۈرۈمچىدىكى دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغان

چېغىدا ئۆپكىسىنىڭ بىر قىسمى چىرىپ كەتكەن، قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغان، ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى تەلەي سىناپ، ئۇنى تېۋىپ جالالىدىنغا كۆرسەتكەن. جالالىدىن 2 ئايچە داۋالاپ، ئۇنىڭ ئۆپكە كېسىلىنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقايتقان. 50 - يىللاردا چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاشقازان يارىسى ئېغىرلىشىپ ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر بىمار كېسەل كۆرسىتىشكە كېلىدۇ، بۇ تېۋىپ دېئاگنوز قويۇپ، 3 كۈن داۋالىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كېسىلى خېلىلا ياخشىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېۋىپ جالالىدىن ئۇز يېرىدە داۋالاش ماھارىتى يۇقىرى داڭلىق تېۋىپ بولۇپ قالىدۇ.

جالالىدىننىڭ تېۋىپلىق ماھارىتى يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئېسىل پەزىلەتلىك تېۋىپ ئىدى. يەرلىك كىشىلەر: «جالالىدىندەك تېۋىپلار پۇل تېپىش كويىدا بولسا، ئاللىقاچان كاتتا باي بولۇپ كېتەتتى. بىراق بۇ تېۋىپ ئەزەلدىن پۇل - مالغا كۆز قىرىنى سالغان ئەمەس» دېيىشەتتى. جالالىدىن ھەمىشە: «كېسەل بولغان كىشىلەر قاتتىق ئازاب چېكىدۇ. مېنىڭ تېۋىپ بولۇشتىكى مەقسىتىم ئەنە شۇنداق بىمارلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش» دەيتتى. داۋالىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا ھەر كۈنى بارىدىغان كىشىلەرنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەيتتى. ئاز بولغاندا بىر نەچچە، كۆپ بولغاندا بىر قانچە 10 ئادەم كەلسىمۇ، ئۇ ھەممىيلەننى قىزغىن كۈتۈۋالاتتى. داۋالاش ھەققى ۋە دورا پۇلى بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيتتى. داۋالىناي دېسە پۇل تاپالماي، خىجىل بولۇپ كېلەلمىگەن بىمارلارنى بىلىپ قالسىلا، ئاتايىن ئۆزى بېرىپ داۋالاپ، دورا بېرەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ تۈرلۈك ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە پائال قاتناشتى. ناھىيىلىك دوختۇرخانا كېسەللىككە دېئاگنوز قويۇشقا تەكلىپ قىلسىلا، دائىم بېرىپ مەسلىھەت بېرىپ ئاما ئارىسىدا، ناھايىتى يۇقىرى ئابروي تاپتى، ئۇ 1963 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

1964 - يىل 4 - ئايدا جالالىدىن ئىمىن 114 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ مېيىت نامىزىغا ھەر مىللەت خەلقىدىن 2000 دىن ئارتۇق كىشى داخىل بولدى.

## يۈجيې

يۈ جيې (1920 — 1968 - يىللار)، ئەسلى ئىسمى يۈ يۈڭفۇ، باشقىچە ئىسىملىرى يۈ شاۋدەن، يۈ كېچىڭ، ئەر، خەنزۇ، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ سياڭ ناھىيىسى يۈڭيىڭ يېزىسىنىڭ ۋاڭجاڭ كەنتىدىن.

ئۇ كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1941 - يىل 7 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1942 - يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتنىشىپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدە دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، 1946 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، بەنجاڭ، پەيجاڭ، ليەنجاڭ، مۇئاۋىن يىڭجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، خۇەيخەي ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1948 - يىل 4 - ئايدا سياڭ ۋىلايىتىنىڭ قوراللىق خىزمەت ئەترىتىگە، كېيىن شەندۇڭ ئۆلكىسى يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتىگە ۋە شەرقىي جۇڭگو تەلىم - تەربىيە باش ئەترىتىنىڭ 2 - ئوتتۇرا ئەترىتىگە يۆتكىلىپ، ئىش بېجىرگۈچى، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ۋە مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 1951 - يىل 6- ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - دالا ئارمىيىسى 7 - بىڭتۇەن 1 - چوڭ ئەترەت

2 - ئوتتۇرا ئەترىتى قوغداش بۆلۈمىنىڭ تەربىيىلەش چوڭ ئەترىتىگە يۆتكىلىپ، شەرەپ بىلەن 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، 2 - جۇن 6 - شى 18 - تۇەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىگە يۆتكىلىپ، سىياسىي يېتەكچى بولغان. شۇ يىلى 7 - ئايدا بۇيرۇقتا بىنائەن، قاراشەھەر ناھىيىسىگە جىنايەتچىلەرنى يالاپ ئېلىپ كېلىپ، قاراشەھەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىدا قېلىپ، يىغىلغان دېلولارنى رەتلەش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1962- يىلغىچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، خوشۇت، چەرچەن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىدا مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ئىدارە باشلىقى ۋە كورلا ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قاراقۇم دېھقانچىلىق مەيدانى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1963 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ تەلىم - تەربىيە يېتەكچىسى بولغان، كېيىن مۇئاۋىن ھاكىم، ناھىيىلىك پارتكوم كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، چاقىلىق ناھىيىلىك سوچىلىق چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

يۈجيې «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، خاتا ھالدا تەنقىد قىلىندى. شۇ چاغدا ئۇ ئېغىر جىگەر راكى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئورنىدىن تۇرالمايۋاتقان بولسىمۇ «مەسىلە تاپشۇرۇش»قا مەجبۇر قىلىنىپ، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېغىر دەرىجىدە ئازاپ چەكتى، 1968 - يىل 10 - ئايدا كېسىلى يامانلىشىپ، 48 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۇنىڭغا زورمۇ زور چاپلانغان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بەدناملارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنى ئاقلاپ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

## دىلى شاڭباۋ

دىلى شاڭباۋ (1931 — 1969 - يىللار) ئەر، خەنزۇ، گەنسۇ ئۆلكىسى گاۋتەي ناھىيىسىنىڭ شىنبا گۇڭشېسىدىن. بالا چېغىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، تاغىسى دىڭ خۇڭيىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. ئۆسمۈر چېغىدا، پومېشچىكلارغا يىللىقچى بولۇپ ئىشلىگەن. 18 يېشىدا گومىنداڭ قوشۇنىغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، گەنسۇ يېڭى تۈزۈلگەن ئاتلىق قىسىملار 1- لۈيىدە ئەسكەر بولغان. 1949 - يىل 8 - ئايدا خېجۇ ئۇرۇشىدا ئازادلىققا ئېرىشىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، 2 -جۇن 6 - شى 18 - تۇەندە جەڭچى بولغان. كېيىن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان ئارمىيە بىلەن بىرلىكتە، بۇگۇرگە ئورۇنلاشقان. قىسىملارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرىنى قوغداشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى داۋامىدا، جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ، بېرىلىپ ئەمەلىي ئىشلەپ، كادىرلار ۋە جەڭچىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

1953 - يىلى ئۇ قىسىمدىن يەرلىكنىڭ خىزمىتىگە ئالمىشىپ، چاقىلىق ناھىيىلىك مەخپىي خەت - ئالاقە توشۇش قاتناش پونكىتىنىڭ خادىمى بولدى. 1956 - يىل 2 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. 1957 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ مەخپىي خەت - ئالاقە تارقىتىش خىزمىتىگە يۆتكەلدى. 1960 - يىلىدىن كېيىن،

ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى سانائەت - قاتناش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

ئۇ مەخپىي خەت - ئالاقە قاتناش پونكىتىنىڭ خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلدە، پوچتا يوللانمىلىرىنى ئاتلىق توشۇپ، 1956 - يىلى كۈزدىن 1957 - يىل يازغىچە بولغان بىر يىل ئىچىدە، چاقىلىق - چەرچەن ئارىلىقىدا، 13 قېتىم قاتناپ، بىرەر قېتىممۇ سەۋەنلىك سادىر قىلماي، 9282 كىلومېتىر مۇساپىنى بىخەتەر باستى.

1958 - يىلى تەشكىل ئۇنى ناھىيىدىن 137 كىلومېتىر يىراق جايدىكى ئارغان ئورمانچىلىق رايونىغا سىمتاناپ تۇۋرۇكى قىلىش ئۈچۈن ئايدا 2000 تال ياغاچ كېسىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ئەۋەتتى. كېيىن ياغاچ كېسىش ۋەزىپىسى 2800 تالغا كۆپەيتىلدى. ۋاقىت قىس، ۋەزىپە ئېغىر، شارائىت جاپالىق ئىدى. ئۇ زارلانماي، ئۆزى باشلامچى بولۇپ، ھەر قايسى گۇڭشېلاردىن بارغان خەلق ئىشچىلىرىنى قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە يېتەكلەپ، چەت- ياقا ئورمانچىلىق رايونىدا، 29 كۈن جاپالىق جەڭ قىلىپ جەمئىي 3300 تال سىمتاناپ تۇۋرۇكى كېسىپ، ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

ئۇ 1957 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە ئۇدا 3 يىل ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف سىستېمىسى ۋە سانائەت قاتناش، مالىيە - سودا سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى بولۇپ باھالاندى.

دېڭ شاۋباۋ 1962 - يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن مەزگىلدە، ئاشلىق ئىدارىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيلىرىنىڭ ئىدارىدىن خېلى يىراق ھەم تارقاق ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ خىزمەتكە بېرىپ - كېلىشىگە قولايسىز بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئىشچى- خىزمەتچىلىرىنى قول سېلىپ ئىشلەپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتاق ئۆيى سېلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنى كېسەك قويۇش، تاش توشۇشقا ئۇيۇشتۇردى. ئۆزى پاسكىنا، ئېغىر ئىشلارنى تالىشىپ ئىشلەپ، دۆلەتتىن مەبلەغ تەلەپ قىلماي، بىر يىل ئىچىدىلا ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 2 كورپۇس تۇرالغۇ ئۆي سالدۇرۇپ بەردى.

ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، خاتا تەنقىد قىلىنىپ، «چەتكە چىقىرىپ» قويۇلغان بولسىمۇ يەنىلا خىزمەت ئۈچۈن باش قاتۇردى. 1969 - يىلى يازدا تەشكىل ئۇنى ئارغانغا بېرىپ، ئاشلىق يۆتكەشكە بۇيرىدى. شۇ پەيت دەل تومۇز ۋاقتى ئىدى. ئۇ قاتتىق ئاپتاپقا پىسەنت قىلماي، تاغار يۈدۈپ، ئاشلىق توشۇدى. بىر كۈنى ئۇ تراكتور - ماشىنىلارنى ئاشلىق قاچىلاپ ماڭغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن يۇيۇنۇۋېلىش ئۈچۈن، دەريا بويىغا بېرىپ سۇغا چۆمۈلگىنىدە، بىخەستىلىكتىن چوڭقۇر كۆلگە چۈشۈپ كېتىپ، 38 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## ھۈسىيىن ئەخمەت

ھۈسىيىن ئەخمەت (1924 — 1970 - يىللار)، لەقىمــــى بارەك، ئۇيغۇر، بۈگۈر ناھىيىسىدىن، دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 11 ياشقا كىرگەن چېغىدا، ئاتىسى ئەخمەت ئاخۇن ئۇنى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جاي دېگەن يېرىدىكى مەدرىسكە ئوقۇشقا بەرگەن. ھۈسىيىن ئەخمەت

3 يىل ئوقۇپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ دېھقانچىلىق قىلغان. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940. يىلى) ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ۋاشىشەرى يېزىسىدا ساقچى پونكىتىدا ساقچى بولغان. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە يۆتكەلگەن. ئۇ كونا جەمئىيەتتە ئۇزاق ۋاقىت ساقچى بولغان بولسىمۇ، ھېچقانداق كىشىگە ئەسكىلىك قىلمىغان.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىنقىلابىي سەپكە پائال ئاتلىنىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋاشىشەرى گۇڭشېسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. 1957 - يىلى چاقىلىق، چەرچەن تاشيولىنى ياساشقا قاتناشقاندا، خەلق ئىشچىلىرىغا باشلامچىلىق قىلىپ، قەھرىتان سوغۇققا پىسەنت قىلماي، بىر قىش جاپالىق جەڭ قىلىپ، ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1958 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يەنە كۆپ قېتىم ناھىيىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 1962 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى.

ھۈسىيىن ئەخمەت ئۇزاق مۇددەت ئاساسىي قاتلامدا ئىشلىگەن مەزگىلدە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ 1 - سېپىگە بېرىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىپ، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ھۈسىيىن ئەخمەت گومىنداڭ دەۋرىدە ساقچى بولغانلىقى سەۋەبىدىن تەنقىد قىلىنىپ، كۈرەشكە تارتىلىپ، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە قاتتىق ئازابلاندى. 1970 - يىلى سوقۇرئۈچەي ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتا بولغان ھۈسىيىن ئەخمەت ئوپېراتسىيە قىلىنىپ، تېخى ساقايمىغان بولسىمۇ يەنە كۈرەشكە تارتىلغانلىقى ئۈچۈن، كېسىلى ياماقلىشىپ كېتىپ 46 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## ياۋ ۋېنخۇا

ياۋ ۋېنخۇا (1936 — 1972 - يىللار) ئەر، خەنزۇ، شەنشى ئۆلكىسى چاڭئەن ناھىيىسىنىڭ دۇڭجياڭپو كەنتىدىن، كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1949 - يىلى يۇرتىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىڭپىڭ ناھىيىسى ۋە شىئەن شەھىرىدە ساتىراشخانىدا شاگىرت ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1951 - يىلى ئىمتىھان بېرىپ، غەربىي شىمال سەھىيە - كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋېينەن ۋىلايەتلىك كالا ئازار كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىغا تەقسىم قىلىنىپ پىراكتىكا قىلغان. 1953 - يىل 3 - ئايدا شىنجاڭ مىللىي سەھىيە خىزمىتى ئەترىتىگە قاتنىشىپ شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تەتقىقات ئورنى، كورلا ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تەتقىقات ئورنىدا ئىشلىگەن. 1963. يىلى، تەشكىل ئۇنى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىدا رېنتىگېنگە ئېلىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇردى. 1964 - يىلى ئۆگىنىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ رېنتىگېن دوختۇرلۇقىغا تەقسىم قىلىندى.

ئۇ بۇ خىزمەتكە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، چاقىلىقتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن چىن

ئىخلاسى بىلەن ئىشلىدى، مەيلى خىزمەت ۋاقتى ياكى دەم ئېلىش ۋاقتى بولسۇن، كېسەل كۆرسىتىدىغان، رېتسېپىنى چۈشىدىغان بىمارلار بولسىلا، خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئۇ 1969 ـ يىلى، ئامما تەرىپىدىن ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغاندىن كېيىن، خىزمەتنى تېخىمۇ ئاكتىپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلىدى، مەسىلە ۋە زىددىيەتكە دۇچ كەلسە، يېنىكلىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇرماي، ئىلاجى قىلىپ ھەل قىلدى. خىزمەت ئۈستىدە ئىشنىڭ ئېغىر، جاپا ـ مۇشەققەتلىكلىرىنى تالىشىپ ئىشلىدى. 1972 ـ يىل 10 ـ ئايدا، ناھىيىلىك دوختۇرخانا قۇدۇق كولاپ، قۇدۇق ئىچىگە سېمونت تۇرۇبا ئورنىتىۋاتقاندا، ئارغامچا ئۈشتۈمتۇت ئۈزۈلۈپ كېتىپ، قۇدۇق بېشىدا سېمونت تۇرۇبا سىلىش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ياۋ ۋېنخۋانى تۇرۇبا قۇدۇق ئىچىگە سۆرەپ كېتىپ، بەختكە قارشى 36 يېشىدا ۋاپات بولدى.

ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى مەرھۇمنىڭ ھايات چېغىدىكى كۆپ قېتىملىق تەلىپى ۋە ئىزچىل ئىپادىسىگە قاراپ، ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى دەپ ئېتىراپ قىلدى.

## ۋېن چاڭشۇ

ۋېن چاڭشۇ (1917 — 1976 ـ يىللار) ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاڭخې ناھىيىسىدىن. ئۇ ياش ۋاقتىدا فۇشۇن، تيەنجىن قاتارلىق جايلاردا ئىشچى بولغان، كېيىن يۇرتىغا قايتىپ دېھقانچىلىق قىلغان. 1938 ـ يىلى شۇ يەردىكى پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشقان. 1947 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقان. 1948 ـ يىل 11 ـ ئايدا، پارتىيىگە كىرگەن، خوجىلىق ئىشلىرى باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ئەندىڭ، يۈڭفېڭ، ۋازىجيې، خۇتىشەن، جىنچۈجېن ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1949 ـ يىلى ئارمىيە بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلگەندىن بۇيان، 2 ـ جۇن 6 ـ شىنىڭ 18 ـ تۇەنىدە ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ 6 ـ تۇەنىدە ئىشلىگەن، رايونلۇق ئەترەت باشلىقى، خوجىلىق ئىشلىرى باشلىقى، پەيجاڭ، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1951 ـ ۋە 1952 ـ يىللىرى 2 قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1955 ـ يىلى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، يەرلىكنىڭ خىزمىتىگە يۆتكەلگەندىن بۇيان، كورلا پۇخۇيي دېھقانچىلىق مەيدانى، باينغولىن ئوبلاستلىق تاشپاختا كېنى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانى، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانى ۋە چاقىلىق ناھىيىلىك كادىرلار مېھمانخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت ئىشلەپ سىياسىي يېتەكچى، مەيدان باشلىقى، پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ۋە باشقا ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئۇ ئۇزاق مۇددەت ئاساسىي قاتلامدا خىزمەت ئىشلەش جەريانىدا، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلدى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئىشلىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، خاتا ھالدا تەنقىد قىلىنىپ، ئارغان ئورمانچىلىق مەيدانىغا ياغاچ كېسىشكە چۈشۈرۈلگەندە، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرىدىن بىرەيلەن ئېھتىياتسىزلىقتىن زەخىملىنىپ قالىدۇ، ۋېن چاڭشۇ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە تېنىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي، 10 نەچچە كىلومېتىر پىيادە يول يۈرۈپ، شۇ يەردىكى يول ياسىغۇچىلار تۈرۈشلۈق جايدىن دوختۇر چاقىرىپ كېلىش

ئۇچۇن كېتىۋېتىپ، تارىم دەرياسىدىن ئۆتكەندە، ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇغا چۆكۈپ كېتىپ، ھاياتىدىن ئايرىلىشقا تاس قالىدۇ، ھەر مىللەت ئىشچىلىرى بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ.
ۋېن چاڭشۇ 1976 - يىل 10 - ئايدا كېسەل سەۋەبىدىن 59 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## خې دىڭئەن

خې دىڭئەن (1922 — 1976 - يىللار) ئەر، خەنزۇ، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ داشيەن ناھىيىسىدىن. ياللانما دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈر چېغىدىلا پومېشچىكلارغا ئىشلىگەن. 1945 - يىلى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان. 1949 - يىل 7 - ئايدا، گەنسۇنىڭ تيەنشۈي دېگەن يېرىدە ئازاد بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، قىسىم بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. خىزمەت داۋامىدا بەنجاڭ، پەيجاڭ، ليەنجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىپ، شەرەپ ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان. 1950 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1956 - يىلى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىگە قاراشلىق قاراشەھەر ترانسپورت باش بېكىتىدە ئىشلىگەن.

ئۇ 1957 - يىلى لوپنۇرنىڭ چارا يېزىسىغا يولۇچى توشۇش پونكىتى قۇرۇشقا بېرىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلدى. ئەينى چاغدا، ئۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. بارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى 100 كىلومېتىر يىراقتىكى لوپنۇر ناھىيە بازىرىدىن ئېلىپ كېلىنەتتى. چارىدا خې دىڭئەن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىدىن باشقا بىر نەچچە ئائىلىلىك ئۇيغۇر چارۋىچىلار بولۇپ، مۇھىت ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. خې دىڭئەن خوتۇنى بىلەن بىللە قول سېلىپ ئىشلەپ ئۆي سېلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كورلا - چاقىلىق غول لىنىيىسى بويىچە ئاددىي بولسىمۇ تۇنجى كۈتۈۋېلىش پونكىتى بەرپا قىلىپ، يولۇچىلارغا يېمەك - ئىچمەك ۋە قونالغۇ شارائىتى يارىتىپ بەردى.

1959 - يىلى تەشكىل خې دىڭئەننى تۇرمۇش شارائىتى ياخشىراق توقسۇن ترانسپورت بېكىتىگە يۆتكىدى، ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتمەي، ئۇ رەھبەرلىككە چەت - ياقا چاقىلىق - چەرچەن ناھىيىلىرىگە بېرىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ: «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، يول مۇساپىسى ئۇزۇن، كىشىلەر سەپەرگە چىققاندا خورجۇنلاپ ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ، تالا - تۈزدە قونۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، مەن ترانسپورت سېپىدىكى كونىلارنىڭ بىرى، مەن بۇ يەردە خاتىرجەم تۇرالمايدىكەنمەن، رۇخسەت قىلسىڭلار، چۆل - جەزىرىلەرگە بېرىپ يەنە بىرەر قونالغۇ پونكىتى قۇرسام دېدى. ئۇنىڭ بۇ سەمىمىي تەلىپى تەستىقلانغاندىن كېيىن، ئۇ ئائىلىسىنى ئېلىپ قۇملۇق چۆلدىكى ئارغان قاتناش بېكىتىگە كەلدى.

ئارغاننىڭ تەبىئىي شارائىتى چارىدىنمۇ ناچار ئىدى، بوران چىققاندا يەر - جاھان قاراڭغۇلۇققا چۆمەتتى. سۇ ئىنتايىن كەمچىل ئىدى، ياز پەسلىدە يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ 40 نەچچە گرادۇسقا يېتەتتى، بۇنداق جاپالىق شارائىت ئۇنى تېز پۈكتۈرەلمىدى، ئۆي بولمىسا، ئۇ ئىشچىلارغا باشلامچىلىق قىلىپ ئۆي سالدى؛ مەبلەغ يېتىشمىسە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئېلىپ چىقىپ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى كولاپ، شاخار (توغرىغا) يىغىپ سېتىپ لازىمەتلىك نەرسىلەر ۋە ئۈسكۈنە - جابدۇق سېتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن چۆل - باياۋاندا يەنە بىر «يولۇچىلار ئائىلىسى» بەرپا قىلدى.

ئۇ يولۇچىلارغا تولىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىۋېلىشىغا سەممىمىي ياردەم بېرەتتى. 1968 - يىل 1 - ئايدا، ئىچكىرىدىن كەلگەن بىر يولۇچى كىيىم - كېچىكى يالاڭ بولغاچقا، ئاپتوموبىلدا توڭلاپ ھوشىدىن كېتىدۇ. ئۇ بېكەتكە كەلگەن ھامان خې دىڭئەن ئۇنى يۇدۇپ، ئۆز ئۆيىگە ئاپىرىپ ئىسسىندۇرۇپ، يۈز كۆزلىرىنى يۇيۇپ، چاي بېرىپ، ئىسسىق ئاش ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ، ئەتىسى يولغا چىقىش ۋاقتىدا بۇ ناتونۇش كىشىگە ئۆزىنىڭ جۇۋىسىنى كىيگۈزۈپ قويىدۇ. يەنە بىر قېتىم چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ «غالىبىيەت» گۇڭشېسىدىكى بىر چارۋىچىنىڭ كورلىغا داۋالىنىش ئۈچۈن كېتىۋاتقىنىدا، دىققەتسىزلىكتىن پۇلىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويۇپ، تاماقمۇ يېيەلمەي تۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ، خې دىڭئەن بۇ كىشىنى ئۆيىگە باشلاپ تاماق ئېتىپ بېرىپ، قوندۇرۇپ قالىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ تېجەپ قويغان پۇلىدىن 100 يۈەننى ئۇنىڭغا بېرىدۇ. بۇ چارۋىچى ھاياجانلىنىپ، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ.

ئۇ تۇرمۇشتا نامرات ئۆتسىمۇ، ھەمىشە دۆلەتنى قەلبىگە پۈكۈپ كەلدى. ئائىلىسىدىكى 8 جاندىن ئاتىسى پالەچ، خوتۇنىنىڭ كۆزى ئاغرىق، چوڭ قىزى نېرۋا كېسەل ئىدى. بۇلارنى داۋالىتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر ئىقتىسادىي سىيلىق بولسىمۇ ئۇ ئەزەلدىن تەشكىلگە ياردەم ياكى قۇتقۇزۇش بېرىش تەلىپىنى قويمىدى. ئۇنىڭ قىسىمدىن كەسىپ ئالماشقان چاغدىكى مائاشى 90 نەچچە يۈەن ئىدى، ئۇ يەرلىككە كەلگەندىن كېيىن، ئىدارىنىڭ ئىقتىسادىي سىيلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مائاشىنى 80 نەچچە يۈەنگە چۈشۈرۈشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلدى. كېيىنكى مەزگىلدىكى مائاش تەڭشەش ۋاقتىدا بېرىلگەن كۆرسەتكۈچنى پونكىتتىكى باشقا ئىشچىلارغا ئۆتۈنۈپ بەردى.

ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق خىزمەت خې دىڭئەننى چارچىتىپ ئاغرىقچان قىلىپ قويدى. تەشكىل ئۇنى كۆپ قېتىم چوڭ دوختۇرخانىلارغا بېرىپ، داۋالىنىشقا ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، كورلا ئاران 2 قېتىم باردى، ئۇنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغان ۋاقتى بىر ئايغىمۇ يەتمىدى. قاتناش مەركىزىي بېكىتىدىكىلەر ئۇنىڭ تەن سالامەتلىكىنىڭ ئىنتايىن ناچارلىشىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شارائىتى ياخشىراق جايغا يۆتكەپ قويماقچى بولغاندا، ئۇ بارغىلى ئۇنىماي ئائىلىسىدىكىلەرگە: ناۋادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم، مېنى ئارغانغا ياكى چاقىلىققا دەپنە قىلىڭلار، سىلەرمۇ چاقىلىققا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇرۇڭلار! دەپ ۋەسىيەت قىلغان.

خې دىڭئەن مېڭىسىگە قان چۈشۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، 1976 - يىل 10 - ئايدا 54 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## ئەخمەت ئىمىن

ئەخمەت ئىمىن (1935.8 — 1976.10 - يىللار) ئۇيغۇر، لوپنۇر ناھىيىسىدىن. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە تۇرپاندىن چاقىلىق ناھىيىسى ئۇتام يېزىسىنىڭ ئېگىز ئۆستەڭ كەنتىگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلىشىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ساغلام، قابىل، مول تەجرىبىلىك بولۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا پۇختا يىگىت ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەركىتىگە پائال قاتنىشىپ، ئۇتام يېزىلىق يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىنىڭ باشلىقى، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1954 - يىلى ناھىيىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ

باھالانغان. 1955 - يىلى 11 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1959 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە «ئىتتىپاق» گۇڭشېسى (ئۇتام يېزىسىغا) پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئۇ ئۇزاق ۋاقىت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، مول ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئىگە ئىدى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپىگە بېرىپ، دېھقانلارغا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا يولۇققان بەزى ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

1965 - يىلى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن ئۇنى ئاقسۇنىڭ بەش تۇگمەن گۇڭشېسىغا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتكەندە، ئۇ ئۆزى تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى كادىرلىرى ۋە ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە، تەبىئىي شارائىتى ناچار، شورلۇق يەرلەرنى ياخشىلاپ، ئەترەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن «بەشتە ياخشى كادىر» دەپ باھالاندى.

ئەخمەت ئىمىن 1976 - يىلى 10 - ئايدا كېسەل سەۋەبىدىن 41 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## قاسىم بارات

قاسىم بارات (1949 — 1981 - يىللار) ئۇيغۇر، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ۋاشەرى يېزىسىدىن، كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1963 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 1966 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتناشقان. ئاكتىپ ئەمگەك قىلىپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. 1968 - يىلى گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن چاقىلىق ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن، كېيىنكى مەزگىللەردە، كىچىك ئەترەتنىڭ بوغالتىرى، چوڭ ئەترەتنىڭ ئامبارچىسى بولغان. 1970 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىنى ئۆتىگەن. 1975 - يىلى 5 - ئايدا، دۆلەتنىڭ رەسمىي كادىرلىقىغا قوبۇل قىلىنغان ھەم ۋاشەرى گۇڭشېسى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. 1979 - يىلى 8 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا يۆتكەلگەن.

ئۇ گۇڭشې ۋە ناھىيە ئىنقىلابىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە، ھەمىشە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پائال چارە تېپىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى ئابروي قازانغان. 1980 - يىلى 3 - ئايدا، ئۇ خىزمەت ئەترىتىنى باشلاپ چىمەنتاغ رايونىدىكى تۆمۈرلۈك چارۋىچىلىق رايونىغا قۇتقۇزۇش ئاشلىقى ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، مۇز - قارلار ئېرىپ، دەرياغا سەل

كېلىپ يول توسۇلۇپ قالىدۇ، قاسىم بارات ئۆزىنىڭ خېيىم - خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، سوغۇق سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ يول ئاچىدۇ، ئۇنىڭ باشلامچىلىقى ئارقىسىدا، خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ بەس - بەس بىلەن دەريانى كېچىپ ئۆتۈپ، قۇتقۇزۇش ئاشلىقىنى ئۆز ۋاقتىدا، چارۋىچىلارنىڭ قولىغا يەتكۈزىدۇ.

قاسىم بارات 1981 - يىل 2 - ئايدا ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا سايلاندى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، تەشكىل ئۇنى بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئۇ ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، خوشۇت ناھىيىسىنىڭ ئۇششاقتال يېزىسىغا يېقىن جايدا ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ، بەختكە قارشى 32 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## ئابدۇراخمان قۇربانوف

ئابدۇراخمان قۇربانوف (1918 — 1982- يىللار)، ئۇيغۇر، ئونسۇ ناھىيىسىدىن، ئۇ بالا ۋاقتىدىلا، ئاتا - ئانىسى ۋە ئائىلىسىدىكى باشقا تۇغقانلىرى ئۇرۇش يېغىلىقىدا كەينى - كەينىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) شىنجاڭ ئىنستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) گە ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا كىرگەن. تىرىشىپ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، كەينى چاغدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ماۋدۇن ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، ئىلمىي مۇدىر لىن جىلۇلارنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئېتىبارىغا ئېرىشىپ، پەيدىنپەي ئىلغار ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلغان. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، چاقىلىق ناھىيىلىك 1 - مەكتەپ يۇقىرى سىنىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەقسىم قىلىنغان؛ ئۇ ھەمىشە ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەتتە ناھايىتى زور تەسىر قوزغىغان.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت «ئۈچ ۋىلايەت» ۋەكىللىرى بىلەن تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىغاندىن كېيىن، ئۇ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشقان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ چاقىلىق ناھىيىلىك كېڭەش پالاتاسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 2 - ئايدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىتىمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ چاقىلىقتا بىر قىسىم ئىلغار ياشلارنى تەشكىللەپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى مەخپىي تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ بارغان.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا، ئۇ پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىللە ئازادلىقنى كۈتۈۋالغان. 1951 - يىلى ئاتالمىش «پانتۈركىزم ئەكسىلئىنقىلابىي دېلوسى»غا چېتىلىپ قېلىپ، خاتا ھالدا قامالغان. 1952 - يىل 10 - ئايدا ئاقلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇراخمان قۇربانوف چاقىلىق ناھىيىلىك 1 - مەكتەپنىڭ مۇدىرى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مىللىي مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇپ، پۈتۈن ناھىيە خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. چاقىلىق

ناھىيىسىدە ھازىر ئىشلەۋاتقان نۇرغۇن مىللىي كادىرلار بۇرۇن ئۇنىڭ قولىدا ئوقۇغان. ئۇ چاقىلىق ناھىيىسى بويىچە ئازادلىقنىڭ ئالدىدا ياكى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدە يېتىشتۈرۈپ چىقىلغان بىردىنبىر ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغان زىيالىي ئىدى.

ئۇ 1956 - يىل 7 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مائارىپ سېپىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سانائەت - قاتناش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، يېزا ئىگىلىك بۆلۈمى (ئىدارىسى)نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دېھقان - چارۋىچىلىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، 1 - قول ماتېرىياللارنى ئىگىلەپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا زور تۆھپە قوشقان.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئۇ ئىنتايىن «سول» لۇشيەننىڭ تەسىرى ئارقىسىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، يېزىغا چۈشۈرۈۋېتىلگەن، لېكىن ئۇ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۆزىگە ئادىل باھا بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. 1972 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى، 1978 - يىلى تەشكىل ئۇنىڭ پېنسىيىگە چىقىشىنى تەستىقلىدى. ئۇ 1982 - يىلى كېسەل بىلەن 62 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## ھەبىبۇللا

ھەبىبۇللا (1935 — 1983 - يىللار) ئۇيغۇر، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1951 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا قاراشەھەر تېپىش مەھكىمىسىدە ئىشلىگەن. 1953 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 1954 - يىل 4 - ئايدا تېپىش مەھكىمىسى ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىنىڭ تېپىش كادىرلىرى كۇرسىغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. 1955 - يىلى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىلىك تېپىش مەھكىمىسىگە يۆتكەلگەن.

ئۇ 1958 - يىلدىكى ئوڭچىلارغا قارشى كۆرەش داۋامىدا، خاتا ھالدا يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر قىلىپ ئايرىلغان. 1959 - يىل 12 - ئايدا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىگە يۆتكىۋېتىلگەن. 1961 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تېغىدا باندىت تازىلاش ھەرىكىتى بولغاندا، قىسىملارغا ئاكتىپ يول باشلاپ، تەرجىمانلىق قىلىپ، باندىت تازىلاش قىسىملىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولغان.

ئۇ 1962 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ باجگىرلىق خىزمىتىگە يۆتكەلگەن، كېيىن باج پونكىتىنىڭ باشلىقى بولغان، باج يىغىش خىزمىتىدە ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەپ، يۈز - خاتىرە قىلماي، قەتئىي تۈردە باج ئېلىش تۈزۈمى بويىچە ئىش قىلىپ، كۆپ قېتىم ناھىيە بويىچە «بەشتە ياخشى» خىزمەتچى، ئىلغار خىزمەتچى، ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 1975 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «ئىتتىپاق» گۈڭشېسىنىڭ «بەخت» چوڭ ئەترىتى (ئۆتام يېزىسىنىڭ ئېگىزئۆستەڭ كەنتى) دە تۇرغان مەزگىلدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزىلارغا ئائىت

ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئاكتىپ يولغا قويۇپ، دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەملىشىپ، ئۆزى تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى 1979 - يىلدىكىدىن %32 ئاشۇرۇپ، ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولدى.

ئۇ 1981 - يىلدىن كېيىن، ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، «ئىتتىپاق» گۇڭشېسى (ھازىرقى ئۇتام يېزىسى) پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدى. ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي خىزمەت داۋامىدا، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، كىمنىڭ قىيىنچىلىقى بولسا كۆچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا خېلى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولدى. 1982 - يىلى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ناھىيە، ئوبلاست دەرىجىلىك نەمۇنىچى بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

ھەبىبۇللا 1983 - يىلى كېسەل بىلەن 48 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## ۋاڭ زىفۇ

ۋاڭ زىفۇ (8 . 1917 — 2 . 1984 - يىللار) ئەر، خەنزۇ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ جۇجى ناھىيىسىدىن، مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرىدە شەخسلەر ئاچقان «مىنشىڭ» ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ باشلانغۇچ دەرىجىلىك يەرلىك مەمۇرىي خادىملارنى تەربىيىلەش ئورنىدا (باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۆلچەش - سىزىش سىنىپىدا) 6 ئاي ئوقۇغان، ئوقۇشنى تاماملاپ، ئۆلكىلىك يەرلىك مەمۇرىيەت ئىدارىسىنىڭ تەقسىماتى بويىچە ۋۇگوڭ، فۇفېڭ، شيەنياڭ، فۇپىڭ، چاڭئەن، ۋېينەن قاتارلىق ناھىيىلەردە ھېسابلىغۇچى، ئۆلچىگۈچى، مۇلازىم، تەكشۈرگۈچى ۋە بۆلۈم ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن، غەربىي شىمال خەلق ئىنقىلابىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا 10 ئاي ئوقۇغاندىن كېيىن، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىچۈەن، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىلىرىنىڭ يەر ئىسلاھاتى ئەترىتى خىزمىتىگە تەقسىم قىلىنغان. 1952 - يىل 7 - ئايدا غەربىي شىمال يەر ئىسلاھات خىزمەت ئەترىتى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، بۈگۈر ناھىيىسىدىكى يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتىدە مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولغان. 1953 - يىل 4 - ئايدا كورلا ۋىلايەتلىك يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتى بىلەن چاقىلىققا كېلىپ ئىشلىگەن. چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئاشلىق بۆلۈمى (ئىدارىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كورلا ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق يۆتكەش بۆلۈمچىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، چاقىلىق ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ناھىيىلىك ئورمانچىلىق خىزمىتى پونكىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1959 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك توغراق ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغاندا، ئۇ مەيداننىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا يۆتكەلدى. ئەينى چاغدا، بۇ مەيداننىڭ ئورنى ناھىيىدىن 6 كىلومېتىر يىراق جايدىكى قاقاس لەڭگەر كەنتىدە بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى ناچار، ئىقتىسادىي ئەھۋالى قىيىن ئىدى. ئۇ ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، ئىگىلىك يارىتىپ، شورلۇق يەردە بىنەم ئۆزلەشتۈرۈپ، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، 200 مو تېرىلغۇ يەر بىنا قىلىپ،

پۈتۈن مەيداندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى ھەل قىلىپ ئازراق ئېشىندى.

ئۇ 1961 - يىلى يازدا يەنە بىر ئۇيغۇر خىزمەتچى بىلەن بىر ئاتقا مىنىپ ۋاششەرى يېزىسىغا بېرىپ قايتقاندا، كۈن دەل چۈش ۋاقتى بولغانىدى. ئۇ ھېلىقى ھەمرىيىغا ئاتلىق تاتلىقبۇلاقتا بېرىپ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرۇشنى تاپىلاپ، ئۆزى يالغۇز ۋاششەرى يېزىسىنىڭ ئورمانچىلىق رايونىدىكى توغراقلارنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى ئارىلاپ كۆرۈش ئۈچۈن كېتىدۇ. ئۇ ئورمان ئىچىگە يېتىپ بارغان چاغدا، ئۇسساپ كەتكەنلىكى ۋە ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بېشى قېيىپ ئادىشىپ قېلىپ، كەچ كىرگەندە ھەمرىيىنى ئاران تاپىدۇ. كىشىلەر: «تازىمۇ تەۋەككۇلچىلىك قىلىپسىز» دېسە، ئۇ: «ياق، دەرەخنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئورمانچىلىق مەيدانىغا قانداقمۇ باشلىق بولغىلى بولىدۇ؟» دەيدۇ.

ئۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، كۆكەرتىش ئىشىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ، يېزا - كەنتلەرگە پات - پات بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، تېخنىكا خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە مېۋىلىك باغ - كۆچەتزارلىقلارنى ئەستايىدىل پىلانلاپ، تۈرلۈك كۆچەتلەرنى يېتىشتۈرۈپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خېلى زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئۇ 1984 - يىل 2 - ئايدا مېڭىسىگە قان چۈشۈپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 67 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تەلىپى ۋە ئىپادىسىگە ئاساسەن، ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى دەپ ئېتىراپ قىلىشنى قارار قىلدى.

## ئىمىن يارقۇلى

ئىمىن يارقۇلى (1924 — 1985 - يىللار) ئۇيغۇر، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تىكەنلىك يېزىسىدىن. ئوتتۇرا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىلىك مەدرىس ۋە ناھىيىلىك خەلق باشلانغۇچ مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت باج ئىدارىسىدا باجگىر بولغان. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) جۇڭگو گومىنداڭغا ئەزا بولغان. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) گومىنداڭ پىرقىسى چاقىلىق ناھىيىلىك داڭبۇسىنىڭ تەشكىلات - تەلىم - تەربىيە گەنسىسى بولغان. 150 كىشىنى گومىنداڭغا تونۇشتۇرغان. 1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا، ئۇ زۇلمەتتىن قول ئۈزۈپ، گومىنداڭدىن ئالاقىسىنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىغان. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى تارىخىنى تاپشۇرۇپ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

ئۇ 1950 - يىلى، ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، چاقىلىق ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئامبارچىسى، مۇدىرى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئاشلىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئۇ خىزمەتتە ئاكتىپ ئىدى، جاپا چېكىپ ئىشلەيتتى ھەم كەسپكە خېلى پىششىق ئىدى. ئامبارچى ۋە ئامبارنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقتىدا، ئاشلىق سېتىۋېلىش، غەللە - پاراق يىغىش ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا ئورۇنداش ئۈچۈن ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئىشلەيتتى ھەتتا بەزىدە تاماق يېيىشكىمۇ چولىسى تەگمەيتتى.

50 - يىللاردا، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېمەكلىك ئۇنلىرى پۈتۈنلەي بىر نەچچە تۈگمەندە تارتىلاتتى. تۈگمەنلەر ناھىيە بازىرىدىن خېلى يىراق ئىدى. ئۇ بۆلۈم (ئىدارە) خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ھەمىشە دېگۈدەك نان - پان ئېلىۋېلىپ، تۈگمەن بېشىغا بېرىپ، يولۇققان مەسىلىلەرنى نەق مەيداندا ھەل قىلىپ، ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۇن بىلەن تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئۇ ئىنتايىن سول لۇشيەننىڭ تەسىرىدە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان ھەم خاتا ھالدا تەنقىد قىلىنغان بولسىمۇ، قىلچە زارلانماي، خىزمەتنى داۋاملىق ئىشلەۋەردى.

1979 - يىل 5 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى ئىمىن يارقۇلىنىڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. 1980 - يىلى ئۇ «ئىتتىپاق» گۇڭشېسىنىڭ «ئۇچقۇن» چوڭ ئەترىتى (ئۇتام يېزىسى غولئېرىق كەنتى) دە نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلىگەندە، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا ئاممىنى پائال سەپەرۋەر قىلىپ، «ئۇچقۇن» چوڭ ئەترىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاشلىق، پاختا ۋە ياغلىقدان مەھسۇلاتىنى ئومۇميۈزلۈك ئاشۇرۇپ، ئەترەتتىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئىگە بولدى.

ئۇ 1984 - يىل 9 - ئايدا پېنسىيىگە چىقتى. 1985 - يىلى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە 71 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## جاۋ شيۇجاڭ

جاۋشيۇجاڭ (1927 — 1986 - يىللار) ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ نىڭجىن ناھىيىسىدىن. بۇرۇن ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق قىلغان. 1945 - يىلى شۇ يەردىكى «ياشلار قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسى»غا، «خەلق ئەسكەرلىرى تايانچ ئەترىتى»گە قاتنىشىپ، يۇرتنى قوغدىغاچ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پائال ئىشلىگەن. 1946 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1947 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، ئاۋۋال شەندۇڭ تەلىم - تەربىيە لۈيىگە، كېيىن تەرتىپكە سېلىنىپ تۈزۈلگەن 2 - جۈن 6 - شى 17 - تۈەنگە قاتنىشىپ، بەنجاڭ، پەيجاڭ، مۇئاۋىن ليەنجاڭ، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى، مۇئاۋىن ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، مەشھۇر «يۈڭچېڭ»، «ۋازىجيې» ئۇرۇشلىرىغا ۋە «شىفۇ ھەرىكىتى»گە قاتناشقان. 1949 - يىلى قىسىم بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. 1953 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ساقچى ئەترىتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىلىكىگە يۆتكەلگەن. 1960 - يىلى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، چاقىلىق ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيە «غالىبىيەت» گۇڭشېسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، «ئىتتىپاق» گۇڭشېسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، سىياسىي كېڭەش ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئۇ 1965 ـ يىلدىن 1971 ـ يىلغىچە گوڭشېنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىللەردە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە بېرىپ، ھەر مىللەت گوڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئامما بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ، ئاممىنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى، گوڭشې ئەزالىرى ئىشى چىقسىلا، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، «ئاۋانگارت» ئەترىتىدىكى گوڭشې ئەزالىرىدىن ئائىلە تەركىبى يۇقىرى بىر كىشى ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا، ئۇنىڭ ھالىغا يېتىدىغان بىرەرمۇ كىشىنىڭ چىقمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان جاۋ شيۇجاڭ ئۆزىنىڭ تارتىپ چىقىرىلىپ، تەنقىد ـ كۈرەش قىلىنىۋاتقانلىقىغا قارىماي، بىسىمغا بوي بەرمەي، ھېلىقى كېسەل كىشىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ داۋالاتتى.

ئۇ 1973 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ 3 قىزى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى، ئەسلىدە قىزلىرىنىڭ بىرسىنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالسىمۇ بولاتتى، بىراق ئۇ قىزلىرىنىڭ 3 لىسىنى يېزىغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا ئەۋەتتى، 1982 ـ يىلى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئائىلىسىدە 4 يىلغىچە ئىش كۈتۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ خىزمىتى توغرىلىق ھېچقانداق «ئارقا ئىشىك»تىن ماڭمىدى.

ئۇ 1981 ـ يىلى سىياسىي كېڭەش ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى. 1984 ـ يىلى چېگرىدىن شىنجاڭغا قايتقان قازاق چارۋىچىلارنىڭ چارۋا ماللىرىنى شىنجاڭغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە قان بېسىمىنىڭ يۇقىرىلىقىغا قارىماي، تاغقا چىقىپ چارۋا ماللارنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ـ ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ، دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىز ـ سوغۇق تاغلىق رايوندا، چارۋىچىلار بىلەن بىللە ئۇزۇق ـ تۈلۈكنى ئۆزلىرى كۆتۈرۈپ، پىيادە يۈرۈپ، يېرىم يىلدەك ئىشلەپ، ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇندىدى.

ئۇ 1986 ـ يىل 3 ـ ئايدا مېڭىسىگە قان چۈشۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، بەختكە قارشى 59 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## گاۋ لەنتىڭ

گاۋ لەنتىڭ (5 ـ 1931 — 10 ـ 1987 ـ يىللار) ئەر، خەنزۇ، ئەسلى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ يەنشى ناھىيىسىدىن. باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) ئاتىسى بىلەن بىللە قەھەتچىلىك دەستىدىن يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ، ساۋەن ناھىيىسىگە كەلگەن. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. كېيىنكى يىلى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تاشيول ئوچاستكىسىغا قوبۇل قىلىنىپ قارا خىزمەتچى، كېيىن ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشچىسى بولغان. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا، 1950 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ 2 ـ جۈن 6 ـ شى تەلىم ـ تەربىيە چوڭ ئەترىتىدە ئوقۇغان، كېيىن بەنجاڭ بولغان. شۇ يىلى يەنە قىسىمنىڭ چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىدە 2 ـ دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالىنىپ، شى بويىچە چاقىرىلغان

ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنىغا قاتناشقان. ئۇ 1951 - يىلى 6 - ئايدا قىسمىدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، خوشۇت ناھىيىسىدە ئىشلىگەن. خوشۇت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1971 - يىلى 11 - ئايدا خوشۇن ناھىيىسى تېۋۇلغا دېھقانچىلىق مەيدانى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ھەم خوشۇت ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا يۆتكەلگەن. 1979 - يىلى 2 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ 30 نەچچە يىل جاپالىق كۈرەش قىلىپ، كىشىلەر تەرىپىدىن خىزمەت ئىستىلى دۇرۇس، تەلەپچان رەھبىرىي كادىر دەپ تەرىپلەنگەن. 1979 - يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغاندىن كېيىن، بۇ ناھىيىنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش يولىدا، ئەتىگەندىن كەچكىچە يېزا - كەنتلەردە يۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن پۈتۈن ناھىيىدىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر جاپالىق كۈرەش قىلىپ، 1982 - يىلغىچە بولغان قىسقىغىنە 4 يىل ئىچىدە، بۇ ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى ۋە ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان مەھسۇلاتى، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان دارامىتى، ئاشلىقى قاتارلىق ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرىنى 1978 - يىلدىكى ئاساستا بىر قاتلاپ، چاقىلىقنىڭ مەملىكەت بويىچە بىردىن كۆپرەك قاتلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان 112 ئىلغار ناھىيە قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى ھەمدە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ سىرتتىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىپ تەمىنلىنىدىغان تارىخىغا خاتىمە بەردى.

ئۇ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك شارائىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئورمانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر يىلى ئەتىيازدا ناھىيىدىكى كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خالىسانە كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشىغا بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلدى. 1985 - يىلى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنە ئەتىيازدىكى قۇم - بورانغا بوي بەرمەي، ناھىيىدىكى ئورگان كادىرلىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، ناھىيە بازىرىدىن سۇ بېشىدىكى ئېلېكتر ئىستانسىسىغا بارىدىغان 10 نەچچە كىلومېتىرلىق يولنى ياساش - كۆكەرتىش ئىشىغا قاتناشتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆكەرتىش سېپىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. 1986 - يىلى ئەتىيازدا ئۆسمىسى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، تەن سالامەتلىكى ئازراق ياخشىلىنىشى بىلەنلا، تېنىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي، قاتتىق ئاغرىققا چىداپ، قەيسەرلىك كۆرسىتىپ، ئىدارە كادىرلىرى ناھىيىلىك كۆچەتزارلىقتا چىلان كۆچىتى تىكىۋاتقان يەرگە بېرىپ ئەمگەككە قاتنىشىپ، شۇ مەيداندا ئىشلەۋاتقان كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئۇنىڭ باشلامچىلىقى ۋە تۈرتكىسى بىلەن، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ كۆكەرتىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، 1987 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئورمان تورى شەكىللەندۈرۈلدى.

1986 - يىلى 3 - ئايدا گاۋ لەنتىڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ يۆتكەلدى. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ راك كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقتىن، يېڭى خىزمەت ئورنىغا بارماي تۇرۇپلا، 1987 - يىلى 10 - ئايدا، كېسەل سەۋەبىدىن 56 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## غازى نىياز

غازى نىياز (1892 — 1937 ـ يىللار) ئەر، ئۇيغۇر، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تىكەنلىك يېزىسىدىن. بالا چېغىدىلا، ئاتىسى بىلەن ئانىسى ئاجرىشىپ كېتىپ، تالادا قالغاچقا، يېزىدا ۋە ناھىيە بازىرىدا لاغايلاپ يۈرۈپ، جاپادىن قاچىدىغان تەييارتاپ بولۇپ قالغان ۋە لۈكچەكلىك ئادەتلىرىنى يۇقتۇرۇۋالغان. قۇرامىغا يەتكەن چېغىدا، كەمبەغەللەرنىڭ قان ـ تەرىنى شورايدىغان جازانىخورغا ئايلانغان.

ئۇ ئۆمۈر بويى تۇغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماي، تەييارغا ھەييار بولۇپ، بەگ ـ بوجاڭلار، ياموۇلنىڭ دورغىلىرى بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇشۇپ، پۇقرالارنىڭ پۇل ـ مېلىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ كۈن ئۆتكۈزگەن. يامولدىن نەق پۇل قەرز ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى پۇلغا تەڭلىك بولغان نامرات دېھقانلارغا يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز بېرىپ جازانىخورلۇق قىلغان. ئۇ مۇشۇنداق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش يولى بىلەن بېيىغان. ئۇنىڭ پۇقرالارنى شىلىۋالىدىغان ۋاستىسى ئىنتايىن قەبىھ ئىدى، ئۇ پايدا ئىچىدىن پايدا ئۇندۇرۇپ، يىللاپ، ئايلاپ ھەتتا ھەپتىلەپ ئۆسۈم قوشۇپ، كۆپلىگەن كىشىلەرنى زىيانغا ئۇچراتقان، بەزىلەرنى تاپقان ـ تەرگىنىدىن، خوتۇن ـ بالىلىرىدىن ئايرىپ، خانىۋەيران قىلىۋەتكەن. شۇڭا يېزىدىكى پۇقرالار ئۇنىڭغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى.

ئۇ پۇلنىڭ كۈچى بىلەن يېزىدا ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىپ، چاقىلىق ناھىيىسى بويىچە ئاتىقى چىققان زومىگەر بولۇپ قالغان. ئۇ باشقىلارنىڭ ئېتىزىغا ئېقىۋاتقان سۇنى ئېتىۋېتىپ، خالىغان چاغدا ئۆز يېرىگە باشلىۋالاتتى. ھېچكىم قارشىلىق قىلالمايتتى، ھەتتا مىراب ـ كۆكبېشىلارمۇ غىڭ قىلالمايتتى. بىر قېتىم ئۇنىڭ قوشنىسى ماموت ئاخۇن يەر سۇغىرىپ يۈرگىنىدە، غازى نىياز ئۇنىڭ سۈيىنى ئۆزىنىڭ ئېتىزىغا باشلىۋالدى. ماموت ئاخۇن يالۋۇرۇپ: «بېگىم مەن يېرىمگە تېخى بىر قېتىممۇ سۇ قويمىدىم، بىز ئىككىمىز سۇنى تەڭ قويساق بولمامدۇ؟» دېسە، ئۇ تىللاپ دۈشكەلەپ، كەتمەن بىلەن چاپاپ، ماموت ئاخۇننى زەخىملەندۈرىدۇ.

غازى نىياز تۈرلۈك رەزىل ۋاستىلەر بىلەن يۈرتىدىكىلەرگە زۇلۇم سالاتتى، ئۇنىڭ 5 مو يېرىنى تېرىشتىن تارتىپ ھوسۇلىنى يىغقىچە ھەممە ئىشنى باشقىلار ھەقسىز ئىشلەپ بېرەتتى. ھەر يىلى بۇغدىيى ئورۇۋېلىنغان ئېتىزغا ئەتەي كېچىكتۈرۈپ قوناق تېرىپ، كۆپ سۇغىرىپ، كېيىن پىشۇراتتى. كۈزدە دېھقانلار ئات ـ ئۇلاغلىرىنى سەمرىتىش ئۈچۈن ئېتىزلىققا قويۇۋېتىپ باقاتتى. ئۇنىڭ ۋاقتىدا يىغىۋالمىغان كەنجە قوناقلىقىغا ئات ـ ئۇلاغ كىرىپ كەتسىلا، ئۇنىڭ پايلاقچىسى ئات ـ ئۇلاغلارنى تۇتۇۋېلىپ، ئېغىلغا سولىۋالاتتى ـ دە، ياموۇلغا ئەرز قىلىپ، تۆلىتىۋېلىش باھانىسى بىلەن خەقتىن پۇل ـ مال شىلىۋالاتتى.

مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان بۇ زومىگەرنىڭ جىنايەتلىك ھاياتى ئاخىرلاشتى.

## قۇسەيىن

قۇسەيىن (تۇغۇلغان، ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس)، ئەر، قازاق، شىنجاڭنىڭ مورى

ناھىيىسىدىن. (ھازىرقى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىن). ئۇنىڭ چوڭ دادىسى تۆلەۋباي قازاقلار ئارىسىدىن چىققان فېئودال تۆرىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئۆلگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئوغلى كابىن ئەمدىلا 5 ياشقا كىرگەن بولغاچقا، تۆرىلىك مەرتىۋىسىگە قوسەيىن ۋارىسلىق قىلغان، كابىن چوڭ بولغاندىن كېيىن، قوسەيىن بىلەن تۆرىلىك تالىشىپ، ھەمىشە ئىچكى جاڭجال پەيدا قىلىپ تۇرغان. مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) ئوسمان ئالتايدا توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، بارىكۆلدە تۇرۇۋاتقان قوسەيىن ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشقان. ئالتايدىكى توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي قوغلاپ يوقىتىش ھەرىكىتى قوزغىغاندا، قوسەيىن ئادەملىرىنى باشلاپ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى، دۇنخۇاڭ ناھىيىلىرىنىڭ چېگرىسىدىكى سولېخې ۋە تۇزكۆل (بۇلۇڭكۆل) تەرەپلەرگە قېچىپ كەتكەن. بەزىدە ئەنشى ناھىيىسى ۋە چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ دولان ناھىيىسى ئەتراپلىرىغىچە بېرىپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغان. ئۇ مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) مابۇفاڭنىڭ 200 ساندۇق گرانات ۋە باشقا ھەربىي قورال - ياراغلىرىنى بۇلىغان. بۇنىڭغا مابۇفاڭ قاتتىق غەزەپلىنىپ، دۇنخۇاڭ، ئەنشى ۋە چىڭخەيلەردىن ئەسكەر چىقىرىپ، قوسەيىننى مۇھاسىرىگە ئېلىپ يوقاتماقچى بولغاندا، ئۇ پاتپاراق بولۇپ، گەنسۇ ئارقىلىق چاقىلىقنىڭ تۆمۈرلۈك رايونىغا قېچىپ كېلىپ ئورۇنلىشىۋالغان. كابىن قوسەيىن بىلەن كېلىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خانئامبال دېگەن يېرىدە قېلىپ قالغان، قوسەيىن 17 قەبىلىنى ئەگەشتۈرۈپ تۆمۈرلۈك رايونىغا كەلگەن.

قوسەيىن تۆمۈرلۈككە قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردە چارۋا مال بېقىپ كەلگەن موڭغۇللارنىڭ ئاگايەن، تاڭگاتۇلبي قەبىلىلىرىدىن تەخمىنەن 4000 نەچچە يۈز چارۋىچىنى قىرىپ تاشلىدى ۋە قوغلاپ چىقاردى.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئوسمان، يولۋاس ۋە جانىمقان قاتارلىق كىشىلەر شەرقىي شىنجاڭدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، قوسەيىن چاقىلىقنىڭ تۆمۈرلۈك رايونىدا تۇرۇپ ئۇلارغا ماسلاشتى، بىر تەرەپتىن، ساختىپەزلىك قىلىپ ۋەكىل چىقىرىپ، چىڭخەي، گەنسۇ ۋە شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇدۇل كەلگەن يەردە پاراكەندىچىلىك، بۇلاڭچىلىق قىلدى. ھەمدە شىنجاڭغا كېلىۋاتقان قىسىملارغا ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىپ، ئارقىدىن كېلىۋاتقان قىسىملاردىكى يارىدار كېسەل خادىملارنى ئۆلتۈردى.

1950 - يىل 8 - ئايدا، ئوسمان، قالىبېك قاتارلىق توپىلاڭچى باندىتلار باشلىقلىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قوغلاپ يوقىتىشى ئارقىسىدا، جەنۇبقا قېچىپ، تۆمۈرلۈكتىكى قوسەيىن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلەشتى. شۇ يىلى 9 - ئايدا، قوسەيىن قاتارلىق باندىتلار تەيجىنۇر، غاز كۆلى بويىغا كۆچۈپ بېرىپ، جەمئىي 800 نەچچە چېدىر تىكىپ ئولتۇراقلاشتى.

1950 - يىل 12 - ئايدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بۇيرۇققا بىنائەن، شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىنىڭ چېگرا رايونىدا باندىت تازىلاشقا ئاتلاندى، ئۇلار بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، 1951 - يىل 9 - ئايغىچە، شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىنىڭ چېگرا رايونىنى ئىگىلەپ ياتقان باندىتلارنىڭ كۆپ قىسمىنى يوقاتتى. قوسەيىن قاتارلىق ئاز سانلىق باندىتلار باشلىقلىرى ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى.

# II باب

# قەھرىمان، نەمۇنىچىلار ئىسىملىكى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا، چاقىلىق ناھىيىسىدە نۇرغۇن ئىلغار، نەمۇنىچى شەخسلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىلىرى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار تەرىپىدىن تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

## چاقىلىق ناھىيىسىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ھەر قايسى سىستېمىلار بويىچە تەقدىرلەنگەن ئىلغار شەخسلەر

جەدۋەل: 20 — 1

| ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | خىزمەت ئورنى | مۇكاپات نامى | مۇكاپاتلانغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىبراھىم ئەمەت | ئەر | ئۇيغۇر | ئېلېكتر ئىستانسىسى | ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى | 1959 - يىلى |
| ئورالباي | ئەر | قازاق | ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى | ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى | 1959 - يىلى |
| ئابدۇراخمان نىياز | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەرزىيەت ئىشخانىسى | ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى | 1959 - يىلى |
| ئەيسا سەيپۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | تىكەنلىك يېزا غول ئۆستەڭ كەنتى | ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ئاكتىپى | 1959 - يىلى |
| يۈسۈپ تۇردى | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى | ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە - سودا سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى | 1959 - يىلى |
| مۇھەممەت توختى سىزار | ئەر | ئۇيغۇر | ئوتام يېزا ئېگىز ئۆستەڭ كەنتى | ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ئاكتىپى | 1980 - يىلى |
| پىڭ خۇيلىن | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى | ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي - قانۇن سېپى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى | 1982 - يىلى<br>1984 - يىلى |
| شۇ سىڭجۇن | ئەر | خەنزۇ | ۋاششەرى يېزا يېڭى قۇرۇلۇش ئەترىتى | ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى | 1982 - يىلى |
| دۆلەتخان رەخىم | ئايال | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك 1 - مەكتەپ | ئاپتونوم رايونلۇق «8 - مارت» قىزىلبايراقدارى | 1982 - يىلى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| شۈيپېيلەڭ | ئايال | خەنزۇ | ناھىيىلىك سانائەت بۇيۇملىرى توپ تارقىتىش شىركىتى | ئاپتونوم رايونلۇق «8 - مارت» قىزىل بايراقدارى | 1982 - يىلى |
| ھەنىپخان | ئايال | دۇڭشياڭ | ۋاششەرى يېزا يېڭى ئۈستەڭ كەنتى | ئاپتونوم رايونلۇق «بەشتە ياخشى ئائىلە» | 1982 - يىلى |
| جۇ يەنفاڭ | ئايال | خەنزۇ | ناھىيىلىك 2 - مەكتەپ | ئاپتونوم رايونلۇق «بەشتە ياخشى ئائىلە» | 1982 - يىلى |
| ۋاڭ شىنجۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى | ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي - قانۇن سېپى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى | 1984 - يىلى |
| خوجائابدۇللا توختى | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى | ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن سېپى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى | 1984 - يىلى |
| روزى راخمان | ئەر | ئۇيغۇر | تىكەنلىك يېزا | ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ سىستېمىسى بويىچە نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچى | 1983 - يىلى |
| ئوسمان يۈسۈپ | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك دوختۇرخانا | ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى | 1984 - يىلى |
| مۇھەممەت ھېبىت | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك دوختۇرخانا | ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا سېپى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى | 1985 - يىلى |
| گاۋ لەنشاڭ | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى | ئاپتونوم رايونلۇق كۆكەرتىش سېپى بويىچە ئىلغار شەخس | 1985 - يىلى |
| لى شۇاڭچياڭ | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى | ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش بويىچە ئىلغار خىزمەتچى | 1985 - يىلى |
| يۈ ۋېنلىن | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك دوختۇرخانا | ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى | 1986 - يىلى |

## چاقىلىق ناھىيىسىدىن مەركەز ۋە ھەر قايسى سىستېمىلار بويىچە مۇكاپاتلانغان ئىلغار شەخسلەر

جەدۋەل: 20 — 2

| ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | خىزمەت ئورنى | مۇكاپات نامى | مۇكاپاتلانغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|
| ۋېي جەنيىڭ | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك كومىتېتى | مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى | 1958 - يىلى |
| مۇھەممەت توختى سىزار | ئەر | ئۇيغۇر | ئۆتام يېزا ئېگىز ئۈستەڭ كەنتى | مەملىكەتلىك جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش خىزمىتى ئاكتىپى | 1958 - يىلى |
| دۆلەتخان رەخىم | ئايال | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك 1 - مەكتەپ | مەملىكەتلىك «8 - مارت» قىزىل بايراقدارى | 1982 - يىلى |
| ھەنىپخان | ئايال | دۇڭشياڭ | ۋاششەرى يېزا يېڭى ئۈستەڭ كەنتى | مەملىكەتلىك «بەشتە ياخشى ئائىلە» | 1982 - يىلى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ژۇ دافۇ | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى يېزا ئىگىلىك بۆلۈمى | مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى | 1983 - يىلى |
| روزى راخمان | ئەر | ئۇيغۇر | تىكەنلىك يېزا | مەملىكەتلىك ماائارىپ سىستېمىسىدىكى «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» پائالىيىتى بويىچە نەمۇنىچى | 1983 - يىلى |
| يالڭ زېمىن | ئەر | خەنزۇ | ژاشەرى يېزا | مەملىكەتلىك ماائارىپ سىستېمىسى بويىچە نەمۇنىچى سىنىپ مۇدىرى | 1985 - يىلى |
| ئەمەت ھاشىم | ئەر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى | مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى | 1986 - يىلى |

## يىگىرمە بىرىنچى قىسىم

# قوشۇمچە

# يىگىرمە بىرىنچى قىسىم

# قوشۇمچە

## 1. چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 1986 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

1986 — 1990 ـ يىللار دۆلەتنىڭ 7 ـ بەشيىللىق پىلانى ئىجرا قىلىنغان مەزگىل بولۇپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1986 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان 5 يىل ئىچىدە، چاقىلىق ناھىيىسىدە ئىشلەنگەن بىر نەچچە ئىشنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ: (1) 1987 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئورمانلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بازار ۋە يېزىلاردا كۆكەرتىلگەن يەر كۆلىمى ئايرىم ھالدا %19.6 ۋە %23.9كە يەتتى. (2) 1988 ـ يىل 10 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايون بويىچە 16 نۇقتىلىق قۇرۇلۇشنىڭ بىرى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بويىچە 4 نۇقتىلىق قۇرۇلۇشنىڭ بىرى بولغان چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 10 مىڭ توننىلىق زامانىۋى تاشپاختا تاللاش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، ئومۇمىي قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈپ چىقىش باھاسى 14 مىليون 400 نەچچە مىڭ يۈەن بولۇپ، 1991 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى مۆلچەرلەندى. (3) 1990 ـ يىلى ناھىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئۆزۈن شور رايونىدا ئىنتايىن زور دائىرىدە تازىلانغان شور، تاشتۇز كېنى بارلىقى بايقالدى، دەسلەپكى چارلاپ تەكشۈرۈلۈشىچە، تازىلانغان شورنىڭ زاپاس مىقدارى 116 مىليون توننا، تاشتۇزنىڭ زاپاس مىقدارى 300 مىليون توننا

بولۇپ، سۈپىتى يۇقىرى، ئارىلاشما نەرسىلەرنىڭ مىقدارى ئاز، ئېچىش ئاسان بولغاچقا، سىرتتىكىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئوبلاست ۋە ناھىيە دەرھال يۇقىرىغا ئىلتىماس قىلىپ، ئىمكانقەدەر تېز پىلانلاپ ۋە لايىھەلەپ ئېچىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. (4) چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئىنتايىن زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. سۇچىلىق مىنىستىرلىكى 1989 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىگە «مەملىكەتلىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بويىچە نەمۇنە ناھىيە» دەپ شەرەپلىك نام بەردى. (5) سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ناھىيىگە ئاپتونوم ئوبلاست تەرىپىدىن: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى، ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە قوش نەمۇنە ناھىيە» دەپ نام بېرىلدى.

## 1986 ـ يىلى

ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 498 مىڭ 600 يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 977 مىڭ 900 يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 520 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. يېزا، بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 8 مىليون 690 نەچچە مىڭ يۈەنگە، مالىيە كىرىمى 1 مىليون 504 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 7175 توننىغا، ياغلىق داننىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 7 .476 توننىغا، ساپ پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 317 توننىغا، تۈرلۈك چارۋا ـ مالنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 107 مىڭ 500 تۇياققا يەتتى. شۇ يىلى 867 مو يەرگە كۆچەت تىكىلدى.

ناھىيە بويىچە يىلىغا 10 مىڭ توننىغا يېقىن تاشپاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. گېنېراتورلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 1130 كىلوۋاتقا يېتىدىغان، يىل بويى 947 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلىدىغان 3 سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

ناھىيە بويىچە تۈرلۈك تاۋارلارنىڭ ساپ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 2 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، ساپ سېتىلىش سوممىسى 2 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 7 مىليون 329 مىڭ يۈەنگە، تاشقى سودىنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى 140 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار ـ يېزىلاردا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق سوممىسى 5 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە، يېزا ـ كەنتلەردە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 544 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ 20گە، بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 4145گە، بالىلار باغچىسى بىرگە، باغچىغا قوبۇل قىلىنغان بالا 522گە يەتتى، ناھىيىدە جەمئىي 350 ئوقۇتقۇچى بار. ناھىيە بويىچە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن زىيالىيلار 496 كىشىگە يېتىپ، ناھىيىدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ %4 .55نى ئىگىلىدى.

پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى:

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن يۈنشۈەن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ليۇشىرۇڭ، مۇھەممەت ئىسلام، تيەن شيۈەن؛ ئىنتىزام

تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى زېشيۇ (ئايال) ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇھەممەت توختى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ باڭشياڭ، لى شۇشەن، گايىت گەخمەت.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى: مامۇت ئىسمائىل، مۇئاۋىن ھاكىملىرى: فاڭ جۇڭگوي، سىدىق قادىر، ئابدۇل تۇمۇر.

سىياسىي كېڭەش ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: يۈەن بىگيەن، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جاۋشيۇجاڭ، ئابلا مەخسۇم.

ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: سادىق قۇربان.

ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: سۇلايمان روزى.

## 1987 - يىلى

ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 535 مىڭ 300 يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 741 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 794 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى، مالىيە كىرىمى 1 مىليون 728 مىڭ يۈەنگە، چىقىمى 6 مىليون 508 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلغان يەر 43 مىڭ 500 موغا (ئېگىزغا تېرىلغان 11 مىڭ 500 مو يەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 7482 توننىغا، ياغلىق دانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 391 توننىغا، ساپ پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 56.3 توننىغا، مېۋىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 750 توننىغا، يىل ئاخىرىدىكى چارۋا - مالنىڭ سانى 100 مىڭ 400 تۇياقتا يەتتى. بىر يىلدا 1124.4 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىپ، 390 مىڭ تۇپ كۆچەت تىكىلدى. 222.3 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 13.7%كە يەتكۈزۈلۈپ، ئېتىز - ئېرىق بويىنى ئورمانلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 6 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى. 16 جايدا يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن تۇرلۇك سۇ ئىنشائاتى ياسالدى. بىر جايدا ئادەم - چارۋا - مال سۇ ئىچىدىغان يېڭى قۇدۇق قېزىلدى، چاقىلىق دەرياسىنىڭ باش سۇ ئېغىزلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى ئورۇندالدى.

ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرى 224كە، ئۇلاردا ئىشلىگۈچىلەر 2572 كىشىگە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 28مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 9 مىليون 447 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 500 توننا تاشپاختا ئىشلەپچىقىرىلدى، 1 مىليون 176 مىڭ 600 كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلىندى، 2500 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى، 350 كۇب مېتىر ياغاچ كېسىلدى. تاشيول ترانسپورتىدا بىر يىلدا 869.7 توننا يۈك توشۇلۇپ، يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 660 مىڭ 700 توننا - كىلومېتىرغا يەتتى.

پۈتۈن يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليون 426 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 1 مىليون 104 مىڭ يۈەن، ناھىيىنىڭ ئۆزى تەييارلاپ سالغان مەبلىغى 252 مىڭ يۈەن، قەرز ئېلىنغىنى 70 مىڭ يۈەن. 10 مىڭ 346.2 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش قىلىنىپ، 2209.3 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش پۈتتۈرۈلدى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ ساپ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 5 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 10 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، يىللىق تاشقى سودىنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پۈتۈن يىلدا 7 .63 توننا قوي يۇڭى، 2.2 توننا چۈپۈر، 1.85 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 3732 دانە قوي تېرىسى، 1817 دانە ئۆچكە تېرىسى سېتىۋېلىندى. يېزىلاردا كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 565 يۈەندىن دارامەت تەگدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1846 يۈەندىن توغرا كەلدى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - يېزىلاردا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 6 مىليون 592 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ 20گە، مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 4080 نەپەرگە يەتتى؛ بالىلار باغچىسىدىن بىرى بولۇپ، 418 بالا قوبۇل قىلىندى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 383 ئوقۇتقۇچى بار. 1987 - يىلى 2 ئوقۇتۇش بىناسى يېڭىدىن سېلىندى، شۇ يىلى 1521.1 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش پۈتتۈرۈلدى. ناھىيىدە 506 پەن - تېخنىكا خادىمى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 35 كىشى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئىگە. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 7 تۈرلۈك پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرى، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن پەن -تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى:

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۈن يۈنشۈەن، مۇئاۋىن شۇجىلىرى: مۇھەممەت ئىسلام، تيەن شيۈەن؛ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: مۇھەممەت ئىسلام.

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گايىت ئەخمەت، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خۇاڭ چاڭلىن، مەمتىلى، ئابلىز ئابدۇراخمان، لىن گويىڭ.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى: سىدىق قادىر، مۇئاۋىن ھاكىملىرى: فاڭ جۇڭگۇي، ئابدۇل تۆمۈر، ۋۇدافۇ.

سىياسىي كېڭەش ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: يۈەن بىگيەن، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: تۇردى ئادىل، ئابلا مەخسۇم.

ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: سادىق قۇربان.

ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: سۇلايمان روزى.

## 1988 - يىلى

ناھىيە بويىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 36 مىليون 367 مىڭ 900 يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 55 مىليون 257 مىڭ 300 يۈەنگە، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليون 73 مىڭ 400 يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 177 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 896 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. مالىيە كىرىمى 2 مىليون 16 مىڭ يۈەنگە، چىقىمى 6 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 44 مىڭ 500 موغا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغان يەر 35 مىڭ 700 موغا (ئېگىزغا تېرىلغان 8600 مو يەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، تۈرلۈك ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىلغان يەر 8800 موغا، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 8024 توننىغا، ساپ پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 199.3 توننىغا، ياغلىق دانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 395.65 توننىغا، چارۋا مالنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 102 مىڭ 300 تۇياققا يەتتى. شۇ يىلى 270 مو يەرگە كۆچەت تىكىلدى، 89 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى ۋە يېڭىلاندى. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 185 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 100 تونىنا تاشپاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. 1 مىليون 206 مىڭ 200 كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلىندى، 3500 تونىنا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى. تاشيول ترانسپورتىدا بىر يىلدا 6.2573 تونىنا يۈك توشۇلۇپ، يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 279 مىڭ 400 تونىنا كىلومېتىرغا يەتتى. يىللىق پوچتا - تېلېگراف تىجارەت سوممىسى 20 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، كەسپىي كىرىم 42 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ ساپ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 11 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بازارلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە دارامىتى 2100 يۈەندىن توغرا كەلدى. يېزىلاردا كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 599 يۈەندىن دارامەت تەگدى، شۇ يىلى 63 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بازار، يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 9 مىليون 756 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، بۇ مەكتەپلەردە 4101 ئوقۇغۇچى ئوقۇدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى 361گە يەتتى. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان پەن - تېخنىكا خادىمى 74 نەپەرگە يەتتى. شۇ يىلى ئوبلاست دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 2سى ئورۇندالدى. سەھىيە كەسپىي - تېخنىكا خادىمى 78گە، كېسەل كارىۋىتى 70گە يەتتى.

پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى:

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى سۇن يۈنشۈەن، مۇئاۋىن شۇجىلىرى: مۇھەممەت ئىسلام، تيەن شيۈەن؛ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جۇدېيى.

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گايىت ئەخمەت، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خۇاڭ چاۋلىن، مەمتىلى، لىن گويىڭ، ئابلىز راخمان.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى: سىدىق قادىر، مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ۋۇدافۇ، ئابدۇل تۆمۈر، لى يۈمىڭ.

سىياسىي كېڭەش ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: يۈەن بىگيەن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: تۇردى ئادىل، ئابلا مەخسۇم.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: سادىق قۇربان.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: سۇلايمان روزى.

# 1989 - يىلى

ناھىيە بويىچە ئىلمىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 44 مىليون 354 مىڭ 500 يۈەنگە (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 36 - تۇەن - مەيدانىنىڭ 15 مىليون 598 مىڭ 900 يۈەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، يىللىق ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 80 مىليون 446 مىڭ 100 يۈەنگە (36 - تۇەن - مەيدانىنىڭ 32 مىليون 12 مىڭ 600 يۈەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليون 931 مىڭ 900 يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون 37 مىڭ 700 يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 894 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 829 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 18 مىليون 396 مىڭ 600 يۈەنگە، پۈتۈن ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمى 2 مىليون 556 مىڭ يۈەنگە، چىقىمى 7 مىليون 947 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 9020 توننا ئاشلىق، 415 توننا پاختا، 420 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا - مال 105 مىڭ 500 تۇياقتا يەتتى. بىر يىلدا 1004 مو ئورمان بەرپا قىلىندى. ناھىيىنىڭ ئېتىز -ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. پۈتۈن يىلدا جەمئىي 26.6 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى، 74.4 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ راۋانلاشتۇرۇلدى ۋە رېمونت قىلىندى. سۇچىلىق مۇئەسسەسىلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىدىن 173ى يېڭىدىن ياسالدى، 156 سى رېمونت قىلىندى، 1862 مو بىنەم يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى، 3110 مو ئوتتۇرا - تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىز ئۆزگەرتىلىپ ياخشىلاندى. شۇ يىلى چاقىلىق ناھىيىسى مەملىكەتلىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

ناھىيە بويىچە 22 مىڭ 100 توننا تاشپاختا ئىشلەپچىقىرىلدى، 1 مىليون 456 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلىندى، 3004.5 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى، 3187 توننا يۈك توشۇلۇپ، يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 843 مىڭ توننا كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا-تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 294 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 4 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 13 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 2208 يۈەنگە يەتتى. يېزا ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 681 يۈەندىن دارامەت توغرا كەلدى، شۇ يىلى 40 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 12 مىليون 145 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 20 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، بۇ مەكتەپلەردە 4088 ئوقۇغۇچى ئوقۇدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى 361 نەپەرگە يەتتى. يىللىق مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن پەن-تېخنىكا خادىمى 69 غا يەتتى، شۇ يىلى 24 تۈرلۈك پەن تەتقىقات تۈرى ئورۇندالدى. ناھىيە بويىچە تېببىي داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى 6 گە، سەھىيە كەسپىي - تېخنىكا خادىمى 90 گە، كېسەل كارىۋىتى 60 قا يەتتى.

پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى:

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن يۇنشۇەن، مۇئاۋىن شۇجىسى: مۇھەممەت ئىسلام؛ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جۇدېبېي.

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گايىت ئەخمەت، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خۇاڭ چاڭلىن، مەمتىلى، لىن گويىڭ، ئابلىز راخمان.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى: سىدىق قادىر، مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ۋۇ دافۇ، ئابدۇل تۆمۈر، لى يۇمىڭ.

سىياسىي كېڭەش ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: يۈەن بىگيەن، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: تۇردى ئادىل، ئابلا مەخسۇم.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: سادىق قۇربان.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: سۇلايمان روزى.

## 1990 ـ يىلى

ناھىيە بويىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 54 مىليون 443 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 1985 ـ يىلدىكى 23 مىليون 937 مىڭ 200 يۈەندىن %127.44 ئاشتى؛ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 91 مىليون 663 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 1985 ـ يىلدىكى 45 مىليون 567 مىڭ 500 يۈەندىن %101.15 ئاشتى؛ مىللىي دارامەت 38 مىليون 730 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 1985 ـ يىلدىكى 20 مىليون 650 مىڭ 100 يۈەندىن %87.55 ئاشتى؛ مىللىي دارامەت كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2022.37 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1985 ـ يىلدىكى 794.23 يۈەندىن 154.63 يۈەن ئاشتى؛ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 70 مىليون 908 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 1985 ـ يىلدىكى 39 مىليون 43 مىڭ 100 يۈەندىن %81.61 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 55 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1985 ـ يىلدىكى 30 مىليون 801 مىڭ 200 يۈەندىن %81.48 ئاشتى، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 8600 يۈەنگە يېتىپ، 1985 ـ يىلدىكى 8 مىليون 241 مىڭ 900 يۈەندىن %82.10 ئاشتى. (يۇقىرىدىكى سانلار 1980 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى. مىرەن يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىركىتىنىڭ 36 ـ تۈەن ـ مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ناھىيە بويىچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 34 مىڭ 400 موغا يەتتى، (ئېكىنزىغا تېرىلغان 8500 مو يەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئومۇمىي مەھسۇلات 9390 توننىغا يېتىپ، 1985 ـ يىلدىكىدىن %36.3 ئاشتى، شۇ يىلى ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 4323.9 توننا ئورۇندالدى؛ تۈرلۈك ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىلغان يەر 11 مىڭ 300 موغا يەتتى (ئېكىنزىغا تېرىلغان 3800 مو يەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەز تېرىلغان يەر 7000 موغا، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 686.1 توننىغا يېتىپ، 1985 ـ يىلدىكىدىن 22.25 ھەسسە ئاشتى، شۇ يىلى پاختا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 686.1 توننا ئورۇندالدى؛ ياغلىق دان تېرىلغان يەر 4300 موغا يەتتى (ئېكىنزىغا تېرىلغان 3800 مو يەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، ئومۇمىي مەھسۇلات 430 توننىغا يېتىپ، 1985 ـ يىلدىكىدىن %86.8 ئاشتى، شۇ يىلى ياغلىق دان

سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 150 توننا ئورۇندالدى؛ يىل ئاخىرىدىكى چارۋا مالنىڭ سانى 107 مىڭ 800 تۇياققا يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن 14.25% ئاشتى. شۇ يىلى 18 مىڭ 300 تۇياق تاۋار چارۋا مال سېتىپ بېرىلدى. 1986 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە بولغان 5 يىل ئىچىدە ناھىيە بويىچە جەمئىي 3940 مو يەرگە كۆچەت تىكىلدى، بۇ كۆچەتلەر تۇتتى.

ناھىيە بويىچە 24 مىڭ 300 توننا تاشپاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. 1 مىليون 788 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلىندى. 6500 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى. تاشيول ترانسپورتىدا، 3259 توننا يۈك توشۇلۇپ، يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 90 مىڭ توننا كىلومېتىرغا يەتتى، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت مىقدارى 455 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى (1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 308 مىڭ 600 يۈەن بولىدۇ).

ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرى 216غا، كەسىپكار 1857گە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليون 248 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 25 مىليون 263 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك تاۋارلارنىڭ ساپ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 10 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، ساپ سېتىلىش سوممىسى 16 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 13 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، تاشقى سودىدا چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ناھىيىنىڭ ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 3 مىليون 399 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكى 2 مىليون 402 مىڭ 900 يۈەندىن 41.45% ئاشتى؛ ئومۇمىي چىقىم 10 مىليون 729 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكى 5 مىليون 689 مىڭ يۈەندىن 88.59% ئېشىپ كەتتى.

1990 - يىلى بازار - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 16 مىليون 603 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بازاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 2322 يۈەندىن، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە دارامىتى 826 يۈەندىن توغرا كەلدى. 1986 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، زور كۆپ ساندىكى نامرات ئائىلىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى 92%كە يەتتى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە يار - يۆلەك بولىدىغان 146 نامرات ئائىلىدىن شۇ يىلى 40 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ناھىيە بويىچە تۈرلۈك پەن - تېخنىكا خادىملىرىدىن 613 كىشى (ئاز سانلىق مىللەت پەن-تېخنىكا خادىملىرى 351 كىشى) بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئىگە بولغانلار 414 (ئالىي دەرىجىلىكى 3، ئوتتۇرا دەرىجىلىكى 52، باشلانغۇچ دەرىجىلىكى 359). يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتىدىن 5ى بار، پەن -تېخنىكا خىزمىتىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلىنىش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش يۆنىلىشى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ئەسقاتىدىغان پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۇرسلىرىنى ئېچىش، تېخنىكا تايانچلىرىنى تەربىيىلەش، قىسقا مۇددەتلىك، ئاددىي، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنى يولغا قويۇش جەھەتتە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. يۇگوسلاۋىيىدىن ئەلا سورتلۇق كۆممىقوناق ئۇرۇقى — «SC—704»نى كىرگۈزۈش ۋە كۆممىقوناق، كېۋەز ئېتىزلىرىغا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ مايسا ئۆستۈرۈش يېڭى تېخنىكىسى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرۈلگەن كۆممىقوناقنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 789.5 كىلوگرامغا يېتىپ، ئادەتتىكى قائىدە بويىچە تېرىلغان كۆممىقوناق

مەھسۇلاتىدىن 2 ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ كەتتى. 1987 ـ يىل ئەتىيازدا، تۇنجى قېتىم تۇركۇملەپ كەلتۈرۈلۈپ، تىكىلگەن چىلان كۆچىتى ياخشى كۆكلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ «يېقىنقى مەزگىلدە ئاشلىق بىلەن پاختىنى ئاساسىي ھۇجۇم نىشانى قىلىش، يىراق مەزگىلدە ئاشلىق بىلەن چىلاننى يۈرۈشلەشتۈرۈش»تىن ئىبارەت يەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس يارىتىپ بەردى.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە بالىلار باغچىسى 21گە، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى-خىزمەتچى 384كە، مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 4584كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 137، ئوقۇغۇچى 1577؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 16 (قوشۇمچە ئېچىلغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 151، ئوقۇغۇچىسى 2511؛ بالىلار باغچىسى بىر، تەربىيىچىسى 9، باغچا بالىلىرى 396 (222 تەييارلىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن باغچا تەربىيىچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى%58.7كە يەتتى. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 4 نىسبەت (بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش، مۇستەھكەملىنىش، مەكتەپ پۈتتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش نىسبەتلىرى) مىنىستىرلىك ئېلان قىلغان تەلەپتىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %99.6كە، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى %99.4كە، ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى %96.8كە، ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتى %97كە يەتتى. مائارىپنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ يىلمۇ يىل ئېشىپ باردى. 1990 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مەكتەپ ئۆيلىرى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن جەمئىي 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ تەييارلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەردىن توپلانغان مەبلەغ 729 مىڭ يۈەن بولۇپ، %45.56نى ئىگىلىدى، ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 84.86 يۈەندىن ئىئانە توپلاندى. 5626.3 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى رېمونت قىلىندى ياكى يېڭىلاندى. 4 ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىسسىنىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى؛ 300 يۈرۈش پارتا ـ ئورۇندۇق ياسىتىلدى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، مەكتەپلەردىكى خەتەرلىك ئۆيلەر ئاساسىي جەھەتتىن يېڭىلىنىپ، مەكتەپلەردە خەتەرلىك ئۆيلەر بولماسلىق، ھەممە سىنىپلار ئۈچۈن دەرسخانا، ھەممە ئوقۇغۇچىدا پارتا ـ ئورۇندۇق بولۇش، مەكتەپ ئىچى گۈزەل، كۆكەرتىلگەن، پاكىز بولۇش نىشانىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۆستى، ئوقۇتۇش شارائىتى ۋە مۇھىتى مۇناسىپ ھالدا ياخشىلاندى.

ناھىيە بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، 2 كۇتۇپخانا، 2 كىنو ـ تىياتىرخانا، 4 يېزا مەدەنىيەت پونكىتى، 25 كەنت مەدەنىيەت ئۆيى، 2 يەر يۈزى سۈنئىي ھەمراھ قوبۇل قىلىش پونكىتى، بىر تېلېۋىزىيە سىن ئالغۇ سۈرەتلىرىنى ئۇلاپ كۆرسىتىش ئىستانسىسى، بىر كۈچەيتىش ئىستانسىسى، بىر ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى، بىر سىملىق رادىئو ئۈزىلى، 3 يېزىلىق كۈچەيتىش پونكىتى بارلىققا كەلدى، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %75تىن ئېشىپ كەتتى، رادىئو كانىيىنىڭ ئائىلىلەرگە ئورنىتىلىش نىسبىتى %53كە يەتتى. 1989-يىلى ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئۇلاپ كۆرسىتىش ئىستانسىسىدا يېڭىدىن يەنە بىر قانال (جەمئىي 2 قانال) كۆپەيتىلىپ، ئۆزى باشقۇرغان پروگراممىلارنى كۆرسىتىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى،

ناھىيە دائىرىسىدە كۆپ قېتىم خەتتاتلىق، رەسساملىق كۆرگەزمىلىرى ئېچىلدى، ئاممىۋى خاراكتېرلىق ئېشتىن سىرتقى ناخشا - ئۇسسۇل، ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش، خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، تارىخىي ماتېرىياللارنى تۈزۈپ بېسىش، سۈرەتلەر كۆرگەزمىسى ئېچىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى بېيىتىلدى.

ناھىيە بويىچە سەھىيە ئاپپاراتى 29غا يەتتى، بىر ناھىيىلىك دوختۇرخانا، بىر ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش - ئاياللار ۋە بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، 4 يېزا- بازار دوختۇرخانىسى، 23 ئاساسىي قاتلام يېزا - كەنت تېببىي داۋالاش - ساقلىق ساقلاش تور- نۇقتىسى بولۇپ، ئۇلاردىكى سەھىيە، ساقلىق ساقلاش - تېخنىكا خادىمى 109غا، كېسەل كارىۋىتى 60قا يەتتى، كېسەل كارىۋىتى ھەر 1000 كىشىگە 3.44 تىن توغرا كەلدى. ئىسلاھات ئارقىلىق، يېزا - قىشلاق ئاساسىي قاتلام سەھىيە تەشكىلاتلىرى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى، ناھىيە بويىچە تېببىي داۋالاش جەھەتتىكى مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى، تېببىي داۋالاش - سەھىيە شارائىتى، تېببىي داۋالاش سەۋىيىسى ياخشىلاندى ۋە يۇقىرى كۆتىرىلدى.

بازار - يېزىلاردىكى ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى كۈندىن كۈنگە جانلاندى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تەنتەربىيە جەھەتتە ئۆلچەمگە يەتكەنلەر ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. ئۇلار 1990- يىل 6 - ئايدا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ياش - ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا بىر قەدەر ياخشى دەرىجىگە ئېرىشتى. چاقىلىق ناھىيىسىدىكى مەكتەپلەرنىڭ كوماندىسى 3 - دەرىجىلىكلەر بويىچە يېراققا سەكرەشتە 1- لىككە، 100 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە 2 - لىككە، دىسكا ئېتىشتا 2 - لىككە ئېرىشتى. ئىدارە، زاۋۇت - كانلار ۋە يېزا- قىشلاقلار ئۆز يېرىنىڭ ئەمۋالىغا قاراپ، ھەمىشە يېنىك ئاتلېتىكا، ۋېلىسىپىت مىنىپ ئاستا مېڭىش، ئارغامچا تارتىشىش، توپ ئويناش، يەل گۈمپىسى كۆرسىتىش قاتارلىق كۆپ شەكىللىك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇردى.

پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 26 مىڭ 600 نەپەر (ناھىيىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق ئاھالە 18 مىڭ 853 نەپەر، يېزا ئىگىلىك بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچى 36 - تۇەن - مەيدانىنىڭ ئاھالىسى 7747 نەپەر) گە يەتتى. ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.09 بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن ‰2.39 تۆۋەنلىدى؛ ئاھالىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.45 بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن ‰4.30 تۆۋەنلىدى. پىلانلىق تۇغۇتتا: بوغۇش، سۈنئىي يول بىلەن بالا چۈشۈرۈش، ئۈزۈك سېلىش - ئېلىۋېتىش، تۇغۇتنى تېزلىتىش قاتارلىق 4 خىل ئوپېراتسىيىدىن شۇ يىلى 774ى ئىشلەندى. خەنزۇلاردىن تۇغۇت يېشىغا يېتىپ توي قىلغان ئاياللاردىن تۇغۇتنى تېزگىنلىگەنلەرنىڭ نىسبىتى %89.62كە، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تۇغۇت يېشىغا يېتىپ توي قىلغان ئاياللاردىن تۇغۇتنى تېزگىنلىگەنلەرنىڭ نىسبىتى %72.99كە يەتتى.

پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى:

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن يۈنشۈەن، مۇئاۋىن شۇجىلىرى: مۇھەممەت ئىسلام، ۋۇدافۇ، پەن جىنزو (ۋەزىپىلىك چېنىقىشقا چۈشكەن)؛ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جۇدېبېي.

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى؛ گايىت ئەخمەت، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خۇاڭ چاڭلىن، لىن گويىڭ، تۇرسۇن كېرىم، مەلىكەم جۇمە.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى: سىدىق قادىر، مۇئاۋىن ھاكىملىرى: لى يۈيمىڭ، ئابدۇل تۆمۈر، مەمتىلى، گۇجىڭدا.

سىياسىي كېڭەش ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋۇدافۇ (قوشۇمچە)، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لۇ سېنخې، سادىق قۇربان، ئابلا مەخسۇم، ئابدۇۋېلى مامۇت.

ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ھەسەن يۈسۈپ.

ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: مىڭ جاۋجيا.

# 2. توپلام قىلىپ ساقلاپ قويۇلغان يەرلىك ھۆججەتلەر

## 1. «چاقىلىق ناھىيىسىدىكى يۇرتلار تەزكىرىسى خەرىتىسى»

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى رۇي شەن تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. بۇ تەزكىرىلىك خەرىتە تارىخ، سىياسىي نەتىجىلەر، ھەربىي ئىشلار، پېشقەدەملەر، ئادەملەر، نوپۇس، ئورۇغ - قەبىلە، دىن، سودا - سانائەت، جۇغراپىيە، تاغلار، دەريالار، يوللار، قېزىلما بايلىقلار، سودا ئىشلىرى قاتارلىق 16 تارماققا بۆلۈنگەن. ئەسلى قولىيازمىسى ناھىيىلىك ئارخىپخانىدا ساقلانماقتا. ئۇ شىنجاڭدىكى 29 خىل يۇرت تەزكىرىسىنىڭ بىرى.

## 2. «چاقىلىق ناھىيىسىدىكى يۇرتلار تەزكىرىسى»

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى تاڭ گۇاڭ تۈزگەن. بۇ تەزكىرىنىڭ مۇندەرىجىسى «چاقىلىق ناھىيىسىدىكى يۇرتلار تەزكىرىسى خەرىتىسى» بىلەن ئوخشاش. ئەمما مەزمۇنىدا ئانچە - مۇنچە قوشۇلغان جايلار بار. ئەسلى نۇسخىسى ناھىيىلىك ئارخىپخانىدا ساقلانماقتا.

## 3. «لوپنۇردىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى»

بۇنى مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) داڭلىق ئارخېئولوگ، پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى يازغان. ئۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 — 40 - يىللىرى لوپنۇر كۆلى بويىدا 2 قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرگەندە ماتېرىياللىرى، ئالدىنقىلارنىڭ مەزكۇر رايون ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە ئالاقىدار تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، لوپنۇر كۆلى رايونىنىڭ ئېتنوگرافىك تارىخى، تەبىئىي جۇغراپىيىسى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ئەھۋالى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزكۇر «لوپنۇردىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

## 4. «چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ماتېرىيالى» (شاپىگراف نۇسخىسى)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 1950 - يىل 7 - 8 - ئايلاردا ناھىيە بويىچە نوپۇس،

مىللەت، مەكتەپ، يەر - زېمىن، سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە، فېئودالىلىق ئىمتىياز، ئۆرپ - ئادەت، سۇچىلىق، تەبىئىي ئوتلاق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، ئەكسىيەتچىل تەشكىلات قاتارلىق 20 تۈرلۈك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىلىك ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ ماتېرىيالنى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەينى ۋاقىتتا ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېرىشكەن 1 - قول ماتېرىيالغا ئاساسەن يېزىپ چىققان. ئەسلى نۇسخىسى ھازىر بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئارخىپخانىدا ساقلانماقتا.

## 5. «چاقىلىق پەن - تېخنىكىسى»

بۇ 1979 - يىل 10 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى تۈزۈپ، مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان ماتېرىيال. بۇنىڭغا چاقىلىق رايونىنىڭ ھاۋارايى ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتتىكى پەن -تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 12 پارچە مەخسۇس ماقالە كىرگۈزۈلگەن.

## 6. «چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تۇپرىقى»

چاقىلىق ناھىيىلىك ئومۇميۈزلۈك تۇپراق تەكشۈرۈش ئىشخانىسى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئومۇميۈزلۈك تۇپراق تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، 1981 - يىل 9 - ئايدىن 1982 - يىل 7- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تېرىلغۇ يېرى، بىنەم يېرى، ئورمانلىقى ۋە بىر قىسىم ئوتلاقلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقتى. شورلۇق سايلار، چۆل - جەزىرە ۋە جاڭگاللارنى لىنىيە، نۇقتا بەلگىلەپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈردى. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش دائىرىسى شەرقتىكى مىرەندىن غەربتىكى تاشسايغىچە، شىمالدىكى يېڭىسۇدىن جەنۇبتىكى ئالتۇن تاغ ئېتىكىگىچە بولغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. تەكشۈرۈش، ئانالىز قىلىش ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال ۋە سانلىق مەلۇماتلار قولغا كەلتۈرۈلدى، ئاندىن تەكشۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئاساسەن «چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تۇپرىقى» دېگەن بۇ ماتېرىيال يېزىپ چىقىلدى. ئۇ تۇپراق ھاسىل بولۇش شارائىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان، تۇپراقنىڭ شەكىللىنىشى، تۈرگە ئايرىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى، تۇپراق ھەققىدە مۇھاكىمە، تۇپراق بايلىقىغا باھا، تۇپراقنى ئۆزگەرتىش ۋەئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن كىتاب 5 بابقا بۆلۈنگەن.

## 7. «چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 3 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى توپلىمى»

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 3 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشكە دائىر قول ئەمگىكى بىلەن توپلانغان ماتېرىياللار 1982 - يىل 12 - ئايدا پۈتتى. ئۇ ناھىيىنىڭ مەمۇرىي رايونلار سانى، ئومۇمىي ئائىلە سانى، ئومۇمىي نوپۇس ۋە جىنس نىسبىتى، ئائىلە نوپۇسى ۋە كوللېكتىپ نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي سانى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانى؛ ھەر قايسى پەنلەر بويىچە مەلۇماتقا ئىگە بوپۇس سانى، ھەر 1000 كىشى ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ سانى، شۇنىڭدەك 1981 - يىلدىكى نوپۇسنىڭ

تەبىئىي ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا دائىر سان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزكۇر ماتېرىيال 1983 - يىل 1 - ئايدا مىخ مەتبەئەدە بېسىلىپ قوللانما قىلىپ ئىشلەپ چىقىلدى، بۇنىڭغا يەنە 1964 - يىلى ئىشلەنگەن 2 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتىكى تۈرلەر ۋە نوپۇس سانىمۇ كىرگۈزۈلدى.

## 8. «چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ھاۋا كىلىماتى قوللانمىسى»

بۇ 1983 - يىل 9 - ئايدىن 1984 - يىل 8 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، چاقىلىق ناھىيىلىك ھاۋارايى پونكىتى بىلەن چاقىلىق ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكنى رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى ھەمكارلىشىپ يېزىپ چىققان ماتېرىيال. پۈتۈن كىتاب ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، يېزا ئىگىلىك ھاۋا كىلىماتى بايلىقى، يېزا ئىگىلىكىدە ھاۋارايى كەلتۈرىدىغان ئاپەتلەر، زىرائەت بىلەن ھاۋارايى، چارۋىچىلىق بىلەن ھاۋارايى، يېزا ئىگىلىك ھاۋا كىلىماتىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى قاتارلىق 6 بابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

## 9. «چاقىلىق ناھىيىسى يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى»

چاقىلىق ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكنى رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى 1982 - يىل 8 - ئايدا كۈچ تەشكىللەپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەبىئىي بايلىقىنى رايونلارغا ئايرىش بويىچە دالىدا يۈرۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 1983 - يىل 3 - ئايدا دالىدىكى خىزمەتنى تاماملاپ، ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرۇش، تۈرلەر بويىچە يېزىشنى باشلاپ، 1984 - يىل 10 - ئايدا ئورىگىنالنى پۈتتۈردى. ئورىگىنال ناھىيە ۋە ئوبلاستىكى مەسئۇل تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكنى رايونلارغا ئايرىش چوڭ يىغىنىدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن كىتاب قىلىپ تۈزۈلۈپ، 1985 - يىل 4 - ئايدا، مىخ مەتبەئەدە نەشر قىلىندى. پۈتۈن كىتاب خەنزۇچە خەت سانى بويىچە 200 مىڭ خەتتىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال رايونلارغا ئايرىلىشى؛ يېزا ئىگىلىك ھاۋا كىلىماتى، سۇ ئىنشائاتى، تېرىقچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، گۆشچى، ئەترەت كارخانىلىرى، كەنت - بازارلارنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى، يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ۋە ئېنىېرگىيە مەنبەسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 10. «چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»

بۇنى 1984 - يىل 11 - ئايدىن 1985 - يىل 5 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا لى شۈاڭچېڭ يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئومۇمىي بايان، جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، مەمۇرىي رايونلارنىڭ ئايرىلىشى، نوپۇس - مىللەت، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، تەبىئىي شارائىتى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مەدەنىي يادىكارلىقلار - ئاسار ئەتىقىلەر، مەشھۇر مەنزىرىلىك جايلار، مەشھۇر شەخسلەر، مۇھىم ۋەقەلەر، كەلگۈسىگە نەزەر قاتارلىق 15 تۈرگە بۆلۈنگەن. تەخمىنەن 39 مىڭ خەتتىن ئاشىدۇ. 1985 - يىل 9 - ئايدا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئەھۋالى» دېگەن كىتابنى تۈزگەندە، ئۇنىڭغا مەزكۇر كىتابنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرىنى كىرگۈزدى.

# 3. قەدىمكى شېئىرلاردىن تاللانما

## لەشكەرلىكتە (7 كۆيلىتتىن 2سى تاللاندى)

(تاڭ سۇلالىسى) ۋاڭ چاڭلىڭ

كۆكنۇر بويىدا تاغنى تۇمان قاپلىغان قات - قات،
باقمىز يىراقلاردىن قاش قوۋۇق تامان پات -پات.
جەڭ قىلىپ باياۋاندا جۇل - جۇل بولدى ساۋۇتلار،
يانمايمىز ھەرگىز جەڭدىن كىروران بولمىسا بەربات.

ئارتتۇق تورۇق ئاتلارغا غۇزلارنىڭ تۇلۇمىنى،
كۆرۈندى ھەم تۇلۇن ئاي سۇياب شەھرى غەربىدە.
خان يارلىقى چۈشكەچكە، ئاتلاندۇق تېز سەپەرگە،
كىروراننى ئېلىشقا بەل باغلاپ بىر كېچىدە.

## چېگرا ناخشىسى (6 كۆيلىتتىن بىرى تاللاندى)

(تاڭ سۇلالىسى) لى بەي

قاپلانغان تۇمۇزدىمۇ تىيانشان قار بىلەن ئاپئاق،
كۆرۈنمەس گۈل - چېچەك بۇندا، قاتتىق سوغۇق ھەممە ياق.
ئەسلىتەر نەي ئاۋازىلا مەجنۇن تال جىلۋىسىنى،
كۆرگىلى بولماس پەقەت باھارنىڭ پەيزىنى ھەر ۋاق.
ئاتلىنار لەشكەر سەھەردە ياڭرىسا جەڭ دۇمبىقى،
تەق بولۇپ تۇرار ئېلىنماي كەچتە ئاتنىڭ ئىگىرى.
چاپماق ئۈچۈن ئۇدۇل بېرىپ كىروراننىڭ خانىنى،
قولغا ئېلىپ ئوينىتار مەرتلەر قىلىچ - شەمشەرىنى.

## غۇز نەينىڭ ساداسى ئىچىدە يەن جېنچېڭنى خېلۇڭغا ئۇزىتىش (قىسقارتىپ ئېلىندى)

(تاڭ سۇلالىسى) سېن شېن

ئاڭلىغانمۇ زەپ مۇڭلۇق غۇز نەينىڭ ئۈنىنى،
قوڭۇر چاچلىق، كۆك كۆزلۈك غۇزلار چالىدۇ ئۈنى.

تۇگىمەستىن بىر نەغمە موڭلاندۇردى ناۋاسى،
ئاتلاندى مەرتلەر چىپپشقا كىرورانىنىڭ خانىنى.

## ۋۋۋبىدا سوراقچى بەگ ليۇدەننى ئەنشى بارگاھىغا ئۇزىتىش، قوشۇمچە گاۋكەي مەھكىمىسىگە بېغىشلىما (قىسقارتىپ ئېلىندى)

(تاڭ سۇلالىسى) سېن شېن

ۋال - ۋۇل قىلىپ چاقىندى قاماشتۇرۇپ كۆزلەرنى،
ئىككى مىليون لەشكەرنىڭ قالقانۇ ساۋۇتلىرى.
لەپىلدىدى تۇغ - ئەلەم كۆتېرىلۇن ئېتىكىدە،
پىشامشانىنى لەرزىگە سالدى دۇمباق ساداسى.

### بېشبالىقتا يېزىلغان شېئىر

(تاڭ سۇلالىسى) سېن شېن

تۇتىشار يەنمىن قورۇلى تۇزلۇق كۆلگە،
ئۇلىنات «ئەجدىھارسىمان دۆڭ» سۇگۇ جىلغىسىغا.
يالغۇن قەلئە جايلاشقان ئالەمنىڭ شىمالىغا،
بىپايان كەڭ زېمىنى كەتكەن كۆلنىڭ غەربىگە.
كۆزدە ياغقان قار توختىماي ياغار ئەتىيازغىچە،
ئەتىگەندە چىققان شامال چىقار تا كېچىگىچە.

## فېڭ چاڭچىڭ بېگىمنىڭ چەرچەننى ئىشغال قىلغانلىقىغا بېغىشلانغان مەدھىيە (6 كۇبلىتتىن بىرى تاللانغان)

(تاڭ سۇلالىسى) سېن شېن

ئاتلىنىپ غەربكە ئۆتتى كىروراندىن خان لەشكىرى،
قۇرۇپ بارگاھ جاي ئالدى كەچتە زىمىستان جەزىرىدە.
تاڭ سەھەر لوپنۇردا باستى قىرو ئات قۇيرۇقىنى،
كەچتە قار پامىردا سوقتى تۇغ - ئەلەم دەستىسىگە.

## چېگرا ناخشىسى

## (5 كۇپلېتتىن تاللاپ ئېلىندى)

(تاڭ سۇلالىسى) جاڭ جوڭسۇ

قار لەپىلدەپ ئاچتى يەنىمىن قۇۋۇقىنى شىۋىرغان،
گىياھلارنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ ئۇچتى بوران.
ھىيلە بىلەن تۇتماس ئەسىر نام قوغلىشىپ قەھرىمان،
قايتۇرار ئەلگە جاۋاپ كىرورانى ئېلىپ ھامان.

## كاڭ ھەزرىتىنى بۇگۇرگە ئۇزىتىش

(تاڭ سۇلالىسى) ساۋ تاڭ

تەۋرەپ كەلدى ئېگىز تاغدەك قۇم - توپا ھەم ئىس - تۇتەك.
ياڭرىدى بارگاھتا دۇمباق گوٸيا گۇلدۇرماممىدەك.
ئايان سىزگە جياڭجۇننىڭ مۇددىئاسى - مەقسىدى،
ئالمىغۇچە قايتمىغايسىز كىروران خاننىڭ بېشىنى

## چېن بېگىمنى غەربىي يۇرتقا ئۇزىتىش

(مىڭ سۇلالىسى) ۋاڭ شىڭەن

بۇگۇردە قار قېلىن، يولدا ئادەم ئاز،
قىرولۇق لوپنۇردا كەمدۇر تورنا - غاز.
كۇرۇنمەس قۇملۇقتا ۋاسساللار قويى،
شالاڭدۇر چۆللەردە چياڭلارنىڭ ئۆيى.
ساخاۋەت يولىدا سەپەر قىلدىڭىز،
كۆزلىمەي ئۇزۇم ۋە بېدىنى ھەرگىز.

## 6 كۇپلېت چېگرا ناخشىسى
## (بىرى تاللاندى)

(چىڭ سۇلالىسى) لى لۇەنشۇەن

قاتتىق بوران ھەم يامغۇر زېرىكتۈرەر كىشىنى،
كۆزدىكىدەك سولغان ئوت چەكسىز تومان ئېلىكىدە.

قاش قۇۋۇقنىڭ سىرتىدا ئاقار كۈرمىڭ ئېقىن ـ سۇ،
قۇيۇلاركەن ھەممىسى تىنماي لوپنۇر كۆلىگە.

## قوشتۇر چوققىسىغا چىققاندا يېزىلغان
## نەزم (قىسقارتىپ ئېلىندى)

(چىڭ سۇلالىسى) لى لۈەنشۈەن

قارلىق تاغلار ھەيۋەتلىك، قاشتاش تېغى يالتىرار،
قۇملۇق تاغلار تاقىردۇر، مۇزلۇق تاغلار پارقىرار.
لوپنۇر بىلەن باركۆل قارىغاندا ئېگىزدىن،
پەستە گويا قۇلۇلە، قىچا، قەدەھتەك تۇرار.

## تودۇق يولىدا توغراقتا ئاتاپ يېزىلغان ھەزىل
## (قىسقارتىپ ئېلىندى)

(چىڭ سۇلالىسى) سۇڭ بولۇ

ئاڭلىسام لوپنۇر كۆلى بەك چوڭ ئىكەن،
ئۇندا قېيىق ـ كېمىلەر ئۈزۈپ يۈرەركەن.
چۈشۈپ ئاڭا جاڭ بېگىم كۆزەتسە يۇلتۇز،
چۈپان يىگىت، توقۇمىچى قىز قاراپ قالاركەن.

## شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي يولى ھەققىدە تەسىرات (قىسقارتىپ ئېلىندى)

(چىڭ سۇلالىسى) شۇسۇڭ

كىروران خانى ئۆلتۈرۈلۈپ، ئىنتىقام ئېلىندى، مىرەندە بوز يەر ئېچىلىپ كۆچ ـ قۇدرەت ئاشۇرۇلدى. شاۋۇۋخان لەشكەر قويۇپ بۇ ماكاننى باشقۇردى، مۇشۇ ئارىلىقتا توپ ـ توغرا 32 يىل ئۆتتى.

باغراش سۈيى دېڭىزدەك چايقىلىپ تۇرىدىكەن، قەلئەلەر بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ، ئېتىزلار بىپايان كەتكەن ئىكەن، شور كېسەك بىلەن ياسالغان تۇرلار ئەجدىھاردەك كۆرۈنىدىكەن، بۇ يەردە ئۇچار قۇشلار ئاز، جىن ـ شەيتانلار كۆپ بولۇپ، بۆلۈت ـ تۇمانلار لەرزان ئۈزۈپ يۈرىدىكەن، قۇياش ـ يۇلتۇزلار خىرەلىشىپ نۇرسىز كۆرۈنىدىكەن، قىش بىلەن يازنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىغىلى بولمايدىكەن، ھاۋا كۈن بويى تۇتۇلۇپ گىرىمسەن بولۇپ تۇرىدىكەن. لوپنۇر كۆلىنىڭ سۈيى يەر ئاستىدىن ئېقىپ شىچۈەن كۆلىگە بارىدىكەن، بۇ يەردىن يۇزلىگەن ئېقىندىن شەكىللەنگەن شىنسۇخەي كۆلىگە قوشۇلىدىكەن، يەنە بۇ يەردىن شەرققە ئېقىپ، توختىماي مەڭگۈ ئاقىدىغان خۇڭخې دەرياسىنى ھاسىل قىلىدىكەن. بۇ ماكاندىكى خەلق توپلىشىپ كۆچۈم

ئۆلتۈراقلاشقان بولۇپ، ئۇزۇمە ياغىچىنى تۈۋرۈك قىلىپ، تال - چىۋىق بىلەن چىتلاپ، تۆگىلىكى ۋە ئەگمە ئىشىكى بولغان ئۈستى دۈگىلەك كەپىلەرنى ياساپ ئولتۇرىدىكەن.

. تىيانشان ھەققىدە تەسىرات (قىسقارتىپ ئېلىندى)

(چىڭ سۇلالىسى) ۋاڭ داشۇ

لۈكچۈن، چەرچەن، پىچان، دۇنخۇاڭ ۋە ئەنشىلەرگە قارىغىنىمدا جۇڭگىيادىكى قىيادىن شەرققە، كۆز ئالدىمغا كەلدى كەنتىم دېگىسۇن گويا. ئىككى تاغ ئارىسىدىن دولقۇنلاپ ئېقىپ چىققان ئېقىنلار، قوشۇلۇپ قويۇلىدىكەن لوپنۇر كۆلىگە.

بۇ يەرنىڭ ئايالىرى چۈمبەل ئارتىپ نىمچە كىيىدىكەن، يېڭىسار تۇتىشىدىكەن چاقىلىقتا، ئوخشايدىكەن بۇ يەر قۇتۇپ يۇلتۇزىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان، يۇلتۇز نۇرى چۈشمەيدىغان ماكانغا.

# 4. «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ تۈزۈلۈش جەريانى

«چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»ى تۈزۈش خىزمىتى گوۋۇيۈەن بېنگۇڭتىڭى تارقاتقان [1985] 33 - نومۇرلۇق ھۆججەت يەنى «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ‹پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جايلار تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى، تارقىتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش»، جۇڭگو تەزكىرە خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ «يېڭىچە جايلار تەزكىرىسى تۈزۈش خىزمىتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»سى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە تۈزۈشكە ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئىشلەندى. ناھىيىمىزنىڭ تەزكىرىسى 1985 - يىلى يازدا يېزىلىشقا باشلاپ، 1990- يىل 6 - ئايدا تەكشۈرۈشكە يوللىنىدىغان ئورگىنال پۈتتۈرۈلدى، بۇنىڭغا توپتوغرا 5 يىل ۋاقىت كەتتى.

پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە بازار - يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى يولداشلار سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا، چاقىلىقنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ۋە ئىلمىي يوسۇندا بىلىش ھەم ئىگىلەشكە جىددىي مۇھتاج بولدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدە، كۆپچىلىك «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ساھەلىرىدىكى تارىخىي ۋە رېئال ماتېرىياللارنى ئىلمىي يوسۇندا توپلاپ، چاقىلىقنى گۈللەندۈرۈش ئىشىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى قۇرۇلۇشنى ئىشەنچلىك ئاساسلار ۋە مۇھىم

ئۆرنەكلەر بىلەن تەمىنلەشنىڭ ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھېس قىلىشتى. چاقىلىق ناھىيىسىدە، ئەزەلدىن بىرەر ناھىيە تەزكىرىسى يېزىلمىغانىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا 2 يۈرت تەزكىرىسى يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇ بىر نەچچە بەتلىك نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن ماتېرىيال ناھايىتى ئاز بولغاچقا، ئېھتىياجنى ھېچقانچە قاندۇرالمايتتى. شۇڭا سوتسىيالىستىك يېڭى ناھىيە تەزكىرىسى تۈزۈش - نۆۋەتتىكى جىددىي خىزمەت بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق قىلىش ھازىرقىلار ئۈچۈنمۇ، كېيىنكىلەر ئۈچۈنمۇ مۇھىم رول ئوينايتتى، بىر نەچچە قېتىم غۇلغۇلا قىلىش ئارقىلىق، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتى 1985 - يىل 4 - ئايدا «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش كومىتېتى قۇرۇش (ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىش)نى، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھازىرقىسى تەپسىلىي، قەدىمكىسى قىسقىچە بايان قىلىنغان «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈشنى قارار قىلدى ھەمدە بىر نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك كادىرنى بۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلدى. شۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، مەخسۇس ئادەم سەپلىنىپ، تەزكىرە تۈزۈش پىلانىنى تۈزۈش، مۇندەرىجە تەييارلاش، ماتېرىيال توپلاش، تەزكىرە ئورگىنالىنى يېزىش ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامما تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەشكە، ماقالە يېزىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلار، ھەر قايسى تارماق ۋە ئورۇنلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەزكىرە يېزىش ئىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى، مەخسۇس تېمىدا تارىخىي ماتېرىياللارنى يېزىشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلىدى، ناھىيە بويىچە 50 نەچچە ئادەم ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش ۋە تەزكىرە ماقالىلىرىنى تەھرىرلەش خىزمىتىگە قاتناشتى.

1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىملىق ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىنغا ھەرقايسى ئورۇن ۋە تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە قىسمەن تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملار قاتناشتى. ھاكىم مامۇت ئىسمائىل يىغىندا ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەر قىلدى. يىغىندىن كېيىن تەزكىرە يېزىش خىزمىتى تېز قانات يېيىپ كەتتى. ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى بىلەن ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملار ئۆزئارا ھەمكارلاشتى ۋە ماسلاشتى، ئۇلار ناھىيىلىك ئارخىپخانا، كۇتۇپخانا ۋە ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارغا بېرىپ ماتېرىيال توپلىدى، ئارخىپ، قەدىمكى كىتابلار، گېزىت - ژۇرناللارنى كۆردى، ئەھۋال ئۇقىدىغان كىشىلەرنى زىيارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى مامۇت ئىسمائىلنىڭ نامىدا تەزكىرە يېزىشقا ئائىت ھۆججەت - ماتېرىياللارنى يىغىش ھەققىدە ئېلان چىقىرىلدى. تەزكىرە يېزىش جەريانىدا 4000 دىن ئارتۇق ھەرخىل ئارخىپ، 28 مىڭ پارچە (ۋاراق) گېزىت - ژۇرنال ۋە قەدىمكى ئەسەر ئوقۇپ چىقىلدى، 2 خىل كونا يۇرت تەزكىرىسى كۆپەيتىپ بېسىلدى، 100 نەچچە مىڭ خەتلىك ئاغزاكى ماتېرىيال، 68 پارچە ماقالە، 250 نەچچە پارچە سۈرەت ۋە رەسىم توپلاندى، جەمئىي 6 مىليون نەچچە يۈز مىڭ خەتلىك يازما ماتېرىيال يىغىلدى.

1986 - يىل 9 - ئايدا، ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى ئوبلاست بويىچە 8 ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ تارىخ - تەزكىرە خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئىشىنى ئويۇشتۇرۇپ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە زور دەرىجىدە تۈرتكە بولدى. تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىش ئارقىلىق، ناھىيىنىڭ تەزكىرە

تۈزۈش خىزمىتى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. 1987 - يىل 3 - ئايدا، يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇن يۇنشۇەن 2 - قېتىملىق ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتى يىغىنىغا بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلىپ، 2 يىلدىن بۇيانقى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل يەكۈنلىدى ھەمدە بۇندىن كېيىنكى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى. تەزكىرە تۈزۈش خادىملارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، 10- ئايغىچە بىر قىسىم دەسلەپكى ئورىگىناللار يېزىپ چىقىلدى. كېيىن تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى خادىملىرىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقى ئۈچۈن تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى بىر مەھەل توختاپ قالدى. 1988 - يىل 10 - ئايدا، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا تارىخ- تەزكىرە ئىشخانىسى خادىملىرى قايتىدىن تەڭشەلدى ھەمدە ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ ھەر قايسى قىسىم، بابلىرىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىناللىنى يېزىپ چىققان 56 نەپەر خادىمغا مۇكاپات سوممىسى تارقىتىپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتى يېڭىۋاشتىن نورمال قانات يايدى. 1989 - يىل 3 - ئايدا، ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتى جەددىي ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزۈش باسقۇچىغا قەدەم قويدى، باش مۇھەررىرلەر لى شۋاڭچېڭ ۋە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر سۇڭ جيەنۋېي مۇندەرىجىلەرنى قايتا - قايتا تۈزەتتى. ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىناللىرىنى كېچە - كۈندۈزلەپ تۈزەتتى ۋە تۈزدى، 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، 90 كۈن ئىچىدە ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ 600 نەچچە مىڭ خەتلىك دەسلەپكى ئورىگىنالىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى ئورۇندىلىپ بولدى. 6 - ئايدا ناھىيىنىڭ 5 بەنزىسىنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار كەسپىي تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى تەزكىرە ئورىگىنالىنى بۆلۈنۈپ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ باھالىدى، تەكشۈرۈپ باھالاش ئالتە گۇرۇپپىغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى: 1 - گۇرۇپپىغا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇن يۇنشۇەن رىياسەتچىلىك قىلدى، ئۇلار ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ تۈزۈلۈشى، ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، جۇغراپىيە، پارتىيە - ھۆكۈمەت - ئاممىۋى تەشكىلاتلار، خەلق ئىشلىرى، كادىرلار ئىشلىرى، ھەربىي ئىشلار، نوپۇس، خەلق تۇرمۇشى، يېڭى ئىجتىمائىي كەيپىيات، شەخسلەر قاتارلىق قىسىملارنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە تەكشۈردى؛ 2 - گۇرۇپپىغا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش مەمەت ئىسلام رىياسەتچىلىك قىلدى، ئۇلار جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت، ئەدلىيە قاتارلىق قىسىملارنى تەكشۈردى؛ 3 - گۇرۇپپىغا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى يولداش ۋۇدافۇ رىياسەتچىلىك قىلدى، ئۇلار دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتىرى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قاتارلىق قىسىملارنى تەكشۈردى؛ 4 - گۇرۇپپىغا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى يولداش لى يۈمىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى، ئۇلار سانائەت، قاتناش، پوچتا - تېلېگراف، شەھەر قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش، سودا، ئاشلىق - ياغ، ئىگىلىك باشقۇرۇش، مالىيە - باج، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق قىسىملارنى تەكشۈردى؛ 5 - گۇرۇپپىغا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش تيەن شيۇەن رىياسەتچىلىك قىلدى، ئۇلار مائارىپ، پەن- تېخنىكا، سەھىيە، تەنتەربىيە، مەدەنىيەت - سەنئەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئاسار - ئەتىقىلەر قاتارلىق قىسىملارنى تەكشۈردى؛ 6 - گۇرۇپپىغا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش ئابلىز راخمان رىياسەتچىلىك قىلدى، ئۇلار مىللەت، دىن قاتارلىق قىسىملارنى تەكشۈردى. ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ باھالاش پىكىرىگە ئاساسەن، تەزكىرىنىڭ ئورىگىنالىنى ئۆزگەرتىپ بېكىتتى. 1989 - يىل 11 - ئايدا چاقىلىق

ناھىيىسىدە، ئاپتونوم ئوبلاستىكى 8 ناھىيە، بىر شەھەر ۋە ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق ئالاقىدار كەسىپىي تارماقلاردىكى يولداشلار قاتناشقان باھالاش يىغىنى چاقىرىلىپ، «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئورگىنالى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ باھالاندى. يىغىندىن كېيىن، ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەزكىرە ئورگىنالىغا يەنە بىر قېتىم چوڭراق تۈزىتىش كىرگۈزدى ھەمدە تەكشۈرۈشكە يوللىنىدىغان ئورگىنالنى تەييارلاپ چىقىپ، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا يوللىدى. تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش داۋامىدا، ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى نۇرغۇن ياخشى پىكىرلەرنى بەردى. ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەزكىرە ئورگىنالىغا يەنە بىر قېتىم ئەستايىدىل تۈزىتىش كىرگۈزدى. 1992 - يىل 4 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئۇنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ نەشر قىلىشىغا بەردى.

# ئاخىرقى سۆز

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تارىخىدىكى تۇنجى ناھىيە تەزكىرىسى 5 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاخىر دۇنياغا كەلدى.

بىز تەزكىرە تۈزۈش بىلەن شۇغۇللانغان 5 يىلنى ئەسلىگىنىمىزدە، تەزكىرە تۈزۈشنىڭ بىر مۇرەككەپ سىستىما قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق، «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش خىزمىتىدە قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولساقمۇ، لېكىن يېڭى دەۋردە سىياسەتنىڭ توغرا، كىشىلەرنىڭ ئىناق بولغانلىقى ۋە ھەممە ئىشلارنىڭ يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقى تەزكىرە يېزىش خىزمىتىگە ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ئەھمىيەت بېرىشى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلدى؛ ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە ھەر قايسى يېزا، بازارلارنىڭ بىردەك ھەمكارلىشىشى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۆلەكلەر بويىچە تۈزگۈچى، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزگۈچى خادىملار ھەم كەسىپلەر تەزكىرىسىنى تۈزگۈچى خادىملارنىڭ پىداكارلىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ۋەزىپىسى ئاخىرى خېلى ياخشى ئورۇندالدى.

«چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ ھەر قايسى قىسىم، باب ۋە پاراگرافلىرىنى كونكرېت يېزىش، تۈزۈش ئىشىغا تۆۋەندىكى خادىملار قاتناشتى: لى شۋاڭچېڭ ناھىيە تەزكىرىسى مۇندەرىجىسىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسى، كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى، ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، جۇغراپىيە، كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، ئورمان باشقۇرۇش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، تاشپاختا كېپنى، قەدىمكى يىپەك يولى ۋە قاتناش باشقۇرۇش، بازار ۋە يېزا قۇرۇلۇشى، يېڭى ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە قوشۇمچە قاتارلىق قىسىملارنى، سۇن شۆدۇڭ ناھىيىلىك پارتكوم قىسمىنى، جاڭ يۇنچۈەن ھاكىمىيەت قىسمىنى، جياڭ شياڭ بىرلىك سەپ قىسمىنى، لى يىشۇن ئىنتىزام تەكشۈرۈش قىسمىنى، ليۇ يەنجيې پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار قىسمىنى، لى شۇمىڭ ئەمگەك - كادىرلار ئىشلىرى قىسمىنى، چيۇجىمىڭ، سۇڭ جيەنۋېيلار خەلق ئىشلىرى قىسمىنى، جاۋخەيجۇن، جاڭ گوشەنلەر جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسمىنى، مىڭ جاۋجيا، جاڭ گوشەنلەر تەپتىش قىسمىنى، پەن جۇچىڭ سوت قىسمىنى، ماچيەنلى ئەدلىيە مەمۇرىيىتى قىسمىنى، شى جېنيۇڭ ھەربىي ئىشلار قىسمىنى، ۋاڭ جىڭ، لى شۋاڭچېڭلار دېھقانچىلىق قىسمىنى، گۇجىڭدا چارۋىچىلىق قىسمىنى، چېن يىجۇاڭ ئورمان بايلىقى ۋە ئورمان كېسىش قىسمىنى، ساۋپىڭ باغۋەنچىلىك قىسمىنى، فەن جۇڭجيې دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ۋە سۇ ئېلېكتر قىسمىنى، ياۋجىڭشېڭ سۇچىلىق، شياۋ خۇەنگۇاڭ يېزا، پەن - تېخنىكا قىسمىنى، بازار كارخانىلىرى قىسمىنى، تاڭ جيې، لى شۋاڭچېڭلار سانائەت قىسمىنى، چېن جيۈەن، لى شۋاڭچېڭلار قاتناش قىسمىنى، ماخەيتاڭ، لى شۋاڭچېڭلار پوچتا - تېلېگراف قىسمىنى، ياڭ چاڭبىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش قىسمىنى، جاڭ فاچىڭ، لى شۋاڭچېڭلار ئالتۇنتاغ

تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قىسمىنى، مۇفىبىچى، سۇلۇڭ جيەنۇيىلار سودا قىسمىنى، فىلىڭ زۇيۇ تاشقى سودا قىسمىنى، دىلىڭ بىگجۇن ئاشلىق، ياغ قىسمىنى، جۇيىيلىن، فەن جۇگجىيلار پىلان باشقۇرۇش، ستاتىستىكا باشقۇرۇش قىسمىنى، لىيۇكۇنيى باھا باشقۇرۇش قىسمىنى، لى خۇايىلىڭ، لى شۇاڭچىڭلار سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش قىسمىنى؛ دۇيۇلەن مالىيە قىسمىنى، بى يۇنجىن مۇپەتتىشلىك قىسمىنى، لوجىنلەي، ياڭ زىمىنلار باج قىسمىنى، چېن ۋېنجىلىڭ پۇل مۇئامىلە قىسمىنى، يىن لىمىن، ياڭ زىمىنلار مائارىپ قىسمىنى، شياۋ شياۋيەن سەھىيە قىسمىنى، ۋاڭ پىنشەن تەنتەربىيە قىسمىنى، ۋاڭ پىنشەن، لى شۇاڭچىڭلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت قىسمىنى، ۋاڭ تىيىچىڭ رادىئو، تېلېۋىزىيە قىسمىنى، سۇلۇڭ جيەنۇيى كۇتۇپخانا، ئارخىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مىللەت قىسمىنى، شۆرىنيۇەن ماقال ـ تەمسىل ـ ئۆرپ ـ ئادەت قىسمىنى، ليۇ زىيجى لوپ غەزلى قىسمىنى، سۇن جىگرۇ، چاڭ يى مەلىكە دەرياسى قىسمىنى، شيې لەنخۇا پىلانلىق تۇغۇت قىسمىنى، نىڭ جىنخې خەلق تۇرمۇشى، دىن قىسمىنى، جاۋ شاگرۇ، جۇ جىنىڭلار يەرلىك شىۋىلەر قىسمىنى، سۇن يۇنشۇەن، سۇلۇڭ جيەنۇيىلار شەخسلەر قىسمىنى يېزىپ چىقتى.

بۇنىڭدىن باشقا، خې جىنلىن، لوشيەنفېڭ، جۇسجۇڭ، دۇگوفەن، لوشۇفاڭ، ۋاڭ شۇفېن ۋە جيايۇگاڭ قاتارلىق يولداشلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم مەخسۇس تېمىدىكى يازما ماتېرىياللارنى يىغىپ بەردى. ھەر قايسى تارماقلارنىڭ تەزكىرە ئورگىناللىرى پۈتكەندىن كېيىن، ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى ئاگرونوم فەن جۇگجيې، ئىنژېنېر جاڭ گوشەن، 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى نىڭ جىنخې، ياڭ زىمىن قاتارلىق يولداشلارنى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ بىر قىسىم باب، پاراگرافلارنى تۈزۈش خىزمىتىگە تەكلىپ قىلدى. ئاخىرىدا باش مۇھەررىر لى شۇاڭچىڭ بىلەن مۇئاۋىن باش مۇھەررىر سۇلۇڭ جيەنۇيى پۈتۈن كىتابنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزۈپ چىقتى.

«چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش جەريانىدا جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ نۇرغۇن ياردىمىگە ئېگە بولدۇق. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن ئىبارەت 5 بەنزىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەر ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ھەر قايسى ئورۇن، تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، شۇنىڭدەك كەڭ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ ئورگىنالىنى باھالاش، تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، نۇرغۇنلىغان ياخشى تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەردى، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى قېرىنداش ناھىيە، شەھەرلەر ۋە ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى، كەسپىي خادىملىرى تەزكىرە ئورگىنالىنى تەكشۈرۈپ چىقتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مازىجيەن، ۋىلايەت ـ ناھىيە ـ شەھەر تەزكىرىسى خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى گودېڭۇ، «شىنجاڭ ئىلنامىسى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ساۋ مىڭچىن ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن ليەنخې قاتارلىق يولداشلار ناھىيىمىزگە كېلىپ ئورگىنالنى باھالاش يىغىنىغا قاتنىشىپ يېتەكچىلىك قىلدى. مانا بۇلار ناھىيە تەزكىرىسىنى ياخشى تۈزۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. تەزكىرە ئورگىنالى ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆزگەرتىشىگە يوللانغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ نۇرغۇن ياخشى پىكىرلەرنى بەردى. بۇنىڭدىن باشقا، مەملىكەت بويىچە داڭلىق خەتتات سامەنۇيىلڭ ئەپەندى

«چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ نامىنى يېزىپ بەردى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى سۇ بېيخەي تەزكىرە كىتابىغا كىرىش سۆز يېزىپ بەردى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى ۋېي چاڭخۇڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى جيا يىڭيى تارىخ، تەشكىلىي تۈزۈلۈش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخىي پاكىتلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى پى شىمىڭ ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ناملىرىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بېكىتتى ۋە تۈزەتتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى يۈەن جىڭۋاڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ئائىت مەزمۇنلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى ۋاڭ بىڭخۇا تەزكىرە كىتابىنى كىرروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنىڭ ۋە كىرروران قەدىمكى شەھىرىدىكى قالدۇق تام رەسىملىرىنىڭ فوتو سۈرەتلىرى بىلەن تەمىنلىدى. «شىنجاڭ رەسىملىك» ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ مۇدىر مۇخبىرى، فوتوگراف ۋاڭ دېجۇن قىممەتلىك سۈرەتلەرنى ھەقسىز تەقدىم قىلدى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى سابىق «يېشىل دالا» گېزىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ۋاڭ يېپىڭ قەدىمكى زاماندىكى چوڭ ئىشلارغا ئائىت مەزمۇنلارغا قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ كىتاب بولۇپ چىقىشىغا تۆھپە قوشتى.

«چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن، بىز «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن ئورۇن ۋە شەخسلەرگە، «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللىغان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە، «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزىتىپ بېكىتىشكە يېتەكچىلىك قىلغان، ياردەم بەرگەن رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمىز ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

سوتسىيالىستىك يېڭى ناھىيە تەزكىرىسىنى يېزىپ چىقىش بىر يېڭى خىزمەت، سەۋىيىمىز چەكلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تارىخىي ماتېرىياللار ئىنتايىن كەمچىل بولغاچقا، چۈشۈپ قالغان، خاتا بولۇپ قالغان جايلارنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ، كىتابقا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە، خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، كەم يەرلەرنى تولۇقلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىد ۋە تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بېرىشىنى سورايمىز.

چاقىلىق ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

1991 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

# «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزۈش - تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ۋە تۈزگۈچى خادىملار

## چاقىلىق ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى

مۇدىرى: سۈن يۈنشۈەن

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: سىدىق قادىر، يۈەن بىڭيەن

ئەزالىرى: مەھەممەت ئىسلام، خۇاڭ چاڭلىن، شى جىنيۇڭ، سۈن شۆدۇڭ، لى شۇاڭچېڭ (مەخسۇس)

## چاقىلىق ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

مۇدىرى: لى شۇاڭچېڭ (1985 ـ يىلدىن 1991 ـ يىلغىچە)

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لىۋيەنجيې (1985 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە)، جۇسجۇڭ (1988 ـ يىلى)

## «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزگۈچى خادىملار

باش مۇھەررىر: لى شۇاڭچېڭ

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: سۇڭ جيەنۋېي

مۇھەررىرلەر: لى شۋاڭچېڭ، سۇڭ جيەنۋېي، فەن جۇڭجيې، جاڭ گوشەن، نىڭ جېنخې، ياڭ زېمىن

خىزمەتچى خادىملار: ئابدۇللا قۇتلۇق، فۇجېندو، سۇن جىڭۋېن

فوتوگرافلار: ۋاڭ دېجۇن، لى شۋاڭچېڭ، سۇڭ بېڭشيۇەن، چېن يۈن

خەرىتە سىزغۇچىلار: لى شۋاڭچېڭ، ياڭ چاڭبىڭ

خەرىتە ئىشلىگۈچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كارتوگرافىيە ئىدارىسى

## تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچى ئورۇنلار

ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى
چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى
سىياسىي كېڭەش چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تەزكىرە كومىتېتى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

تەكشۈرگۈچىلەر: جۇڭ يىڭ، گودېفۇ، ۋۇيې

مەسئۇل مۇھەررىرلەر: گودېفۇ، ۋۇيې

# ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز

سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردىن «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ خەنزۇچىسى 1992 - يىل 7 - ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغانىدى. مەزكۇر كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئىشى، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن 1996 - يىلى تاماملاندى. مەزكۇر تەزكىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەرجىمە باشقارمىسى تەرجىمە قىلدى. بىراق خىراجەت ئەمەلىيلەشمىگەچكە، تەرجىمە ئورىگىنالى ئۇزۇن مۇددەت بېسىلىپ قالدى. 2002 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خىراجەت ئەمەلىيلىشىپ، مەزكۇر تەزكىرىنى نەشر قىلىش ئىشى قايتىدىن قولغا ئېلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر - تەرجىمە باشقارمىسىدىكى مۇھەررىرلەرنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى نەتىجىسىدە مەزكۇر تەزكىرە 2003 - يىل 1 - ئايدا نەشردىن چىقىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى خۇشاللىنارلىق ئىش.

«چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى تەزكىرە كومىتېتىنىڭ سابىق مەخسۇس ئەزاسى، ئالىي مۇھەررىر قادىر ھاپىز، تەھرىر - تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ئابدۇرۇپ ئېلى، مەسئۇل مۇھەررىرلىكنى بېلىقىز مۇھەممەت ئۈستىگە ئالدى.

بىز «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن ھەم مەدەتكار بولغان ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە، تەرجىمە - تەھرىرلىك، نەشر قىلىش خىزمىتى ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن مۇھەررىرلەرگە، تەرجىمانلارغا ۋە بۇ خىزمەتنى قوللىغان ئالاقىدار خادىملارغا چىن دىلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

تەھرىر - تەرجىمە ئىشىدا مەلۇم سەۋەنلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، كۆپچىلىكنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

**چاقىلىق ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى**

2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

# «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى

باش مۇھەررىرلەر: قادىر ھاپىز، ئابدۇرۇپ ئېلى
مەسئۇل مۇھەررىر: بىلىقىز مۇھەممەت

تەھرىر - تەرجىمىگە قاتناشقۇچىلار: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرېھىم ياقۇپ، ئەخمەت روزى توغرۇل، ئەخمەت ئىمىنھاجى جۇبەيرى، ئەمەت توختى، ئەنۋەر غۇلام، بىلىقىز مۇھەممەت، تاھىر مامۇت، جاۋ زىخۇ، جەمىلە ئابلا، غەيرەت ئىمىن، قاۋۇل توختى، مەرھابا شاۋۇدۇن، مويىدىن زەيدىن، مۇخپۇل ئابلىمىت، ياڭ چۇنفۇ

تەكشۈرۈپ ئۇتكۇزۇۋالغۇچى: سابىر ئەلى

كوررېكتورلار: بىلىقىز مۇھەممەت، جەمىلە ئابلا، مەرھابا شاۋۇدۇن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇرادىل ئابىت

# 《若羌县志》维吾尔文版

## 编译人员

**主　　审**:哈德尔·阿皮子,阿不都肉甫·艾力

**责任编辑**:比丽克孜·穆罕默德

**编译人员**:(姓氏以维吾尔文字母为序)

阿不都热依木·亚库甫,

艾合买提·肉孜·托格如力,

艾合买提·依明,阿吉·菊拜日,

艾买提·托合提,艾尼瓦尔·吾拉木,

比丽克孜·穆罕默德,塔依尔·马木提,

赵志虎,加米拉·阿不拉,

海热提·依明,卡吾力·托合提,

玛尔哈巴·夏吾东,穆依丁·再依丁,

穆合甫力·阿不力米提,杨春福

**验　　收**:沙比尔·艾力

**校　　对**:比丽克孜·穆罕默德,加米拉·阿不拉,玛尔哈巴·夏吾东

**封面设计**:穆拉丁·阿比提

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 1992 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى، 1992 - يىل 7 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据新疆大学出版社 1992 年 7 月第一版 1992 年 7 月第一次印刷版本翻译出版。

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»

چاقىلىق ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزدى

---

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى №348)
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى
شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
2003 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى: 50.5 قىستۇرما ۋارىقى 10
تىراژى: 1 — 1000
ISBN7 — 228 — 07863 — 2
باھاسى: 120.00 يۈەن   چەت ئەلگە سېتىلىش باھاسى: 60 دوللار